غالىب بارات ئەرك



# كروران

# تارىخ - مەدەنىيىتى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى



غالىب بارات ئەرك

# كروران
# تارىخ - مەدەنىيىتى



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

楼兰历史文化：维吾尔文 / 阿力甫·巴拉提著 . --乌鲁木齐：新疆科学技术出版社, 2015.12

ISBN 978-7-5466-3441-8

Ⅰ. ①楼… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①楼兰-文化史-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ① K928.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 304480 号

نەشر قىلغۇچىلار: تاڭ خۇي
ئادىل مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئادىل مۇھەممەت
ئەمەتجان سايىت سەرقۇت

تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابلەت نۇردۇن

مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم

بەت ياسىغۇچى: قەدىرىيە مىجىت

## كروران تارىخ - مەدەنىيىتى

ئاپتورى: غالىب بارات ئەرك

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787mm × 1092mm 1/16 باسما تاۋىقى: 33.25 قىستۇرما ۋاراق: 6
2016 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى
2016 - يىلى 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 3441 - 8
باھاسى: 88.00 يۈەن

چاقىلىق ناھىيەسىدىكى ھەر خىل پائالىيەتلەردىن كۆرۈنۈشلەر














## ئاپتور ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە
## ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرگە













## قەد كۆتۈرۈۋاتقان، خەلقى بەختىيار چاقىلىق









# كونسېرى گۈللىنىۋاتقان چاقىلىق









کىروران مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى







# چاقىلىق ناھىيەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلار (1)









## چاقىلىق ناھىيەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلار (2)














# قۇم دەريا قەبرىستانلىقى











قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان باش كىيىملەر
ۋە قەدىمكى جەسەت









ئاپتورنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى، تۇغقانلىرى ۋە ئىلمىي
پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر










غالىب بارات ئەرك 1968 - يىلى 8 - ئايدا چاقىلىق ناھىيە ئۆتام يېزا تۆرپان مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1984 - يىلى ئۆتام يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ، شۇ يىلى 9 - ئايدىن 1989 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف مەكتىپىدە يۈكلىمە دولقۇن كەسپىدە، 2001 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر ئۇچۇر باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغان. 1985 - يىلدىن بۇيان يۇرتىمىزنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، يەرناملىرىغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشكە، ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشكەن ھەمدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ بەلگىلىك ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيەسىدە ئوينىغان رولى» ناملىق تۇنجى ماقالىسى «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 150 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. «كىروراننىڭ سىرى» (2004 - يىلى)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى — لوپنور قىسمى» (2011 - يىلى)، «چەرچەننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» (2014 - يىلى)، «مەھمۇد كاشغەريي ئىزىدىن» (2014 - يىلى) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى چاقىلىق ناھىيەلىك كومىتېتى تۈزۈپ باستۇرغان «چاقىلىق تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 3 -، 4 -، 5 -، 6 - توپلاملىرىدا بىر قىسىم ماقالىلىرى توپلىنىپ ئېلان قىلىنغان. ئۇ، «تەكلىماكاننىڭ سىرى»، «تارىمنىڭ سىرى»، «لوپنورنىڭ سىرى»، «سۆيگۈ ئابىدىسى: تاھىر - زۆھرە»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى — چاقىلىق قىسمى»، «تۆھپە ئابىدىسى»، «بايىنغولىن يەر ناملىرى»، «قەدىمىي يۇرتتا قەدىمىي مەدەنىيەت» قاتارلىق كىتابلىرىنى نەشرگە تاپشۇرغان.

غالىب بارات ئەرك 1989 - يىلى 8 - ئايدىن ھازىرغىچە جۇڭگو تېلېگراف چەكلىك شىركىتى چاقىلىق شۆبە شىركىتىدە خىزمەت قىلماقتا.

# «كىروران تارىخ ـ مەدەنىيىتى» تۈزۈش ھەيئىتى

پىلانلىغۇچى: داڭ فېڭ (چاقىلىق ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى)

مۇدىر: كۈرەش يۈسۈپ (چاقىلىق ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم)

مۇئاۋىن مۇدىر: جيەن شياۋدۇڭ (چاقىلىق ناھىيەلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)

ھەيئەتلەر: شازادەم زايىت (چاقىلىق ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس)

ھەبىبەم تۇردى (چاقىلىق ناھىيەلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)

ئوسمان ھوشۇر (چاقىلىق ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

ئەركىن دامان (چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى)

مېڭ خەنگاۋ (چاقىلىق ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

مەسلىھەتچى: ئادىل مۇھەممەت (شىنجاڭ يەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى باش مۇھەررىرى، ئالىي مۇھەررىر)

# 《楼兰历史文化》编委会

策　　　划：党峰（若羌县县委书记）

主　　　任：库来西·玉素甫（若羌县县委副书记，县长）

副　主　任：简小东（若羌县县委常委，宣传部部长）

编　　　委：

夏扎旦木·扎依提（若羌县政协党组书记，副主席）
艾比班·吐尔地（若羌县县委常委，统战部部长）
吾斯曼·吾守（若羌县人大常委会副主任）
艾尔肯·达曼（若羌县副县长）
孟捍高（若羌县文化体育广播影视局局长）

顾　　　问：阿迪力·穆罕默德　（新疆科学技术出版社总编辑，编审）

# مۇندەرىجە

كىروراننىڭ سېھرى، چاقىلىقنىڭ مېھرى........................ 1

## بىرىنچى باب جۇغراپىيەلىك تەپسىرات

1. كىروران رايونىدىكى دەريا ـ ئېقىنلار........................ 5
2. لوپ رايونىدىكى كۆللەر........................ 16
3. كىروران رايونىنىڭ ئېكولوگىيە ئۆزگىرىشىدىن خۇلاسە........................ 28

## ئىككىنچى باب كىروران دىيارىدىكى تارىخىي ئىزلار

1. چاقىلىق دەرياسى بويىدىكى ئىزلار........................ 31
2. مۇران دەرياسى بويىدىكى تارىخىي ئىزلار........................ 41
3. ۋاشىشەھىرى دەرياسى بويىدىكى تارىخىي ئىزلار........................ 48
4. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى تارىخىي ئىزلار (1)........................ 57
5. تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قىسمىدىكى تارىخىي ئىزلار........................ 72
6. ئالتۇنتاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تارىخىي ئىزلار........................ 75
7. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى تارىخىي ئىزلار تېپىلمىلىرى........................ 77
8. قۇم دەريا بويىدىكى تارىخىي ئىزلار........................ 94
9. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى تارىخىي ئىزلار (2)........................ 116
10. قاقشاللىقتىكى تارىخىي ئىز........................ 121

## ئۈچىنچى باب تارىختىن ئاۋۋالقى مەدەنىيەت

1. تاش قوراللار دەۋرى........................ 131
2. بىرونزا قوراللار دەۋرى........................ 134

## تۆتىنچى باب كىروران ئېلىنىڭ تارىخى

1. يازمىلاردىن كىروران ئېلىنىڭ تارىخىغا نەزەر........................ 142
2. VII ئەسىردىكى قايتا گۈللىنىش........................ 169
3. چاقىلىقتىكى شەھەر، بوستانلىقلارنىڭ ۋەيران بولۇشى........................ 182

## بەشىنچى باب كىروران ئېلىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسىگە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا


1. كىروران ئېلىدە ئىجتىمائىي ھايات........................188
2. كىروران ئېلىدە قانۇن..............................195
3. كىروران كۇلتۇرىدىن بەزى مەسىلىلەر....................231
4. كىروران تارىخىدىن خۇلاسە بايان........................239


## ئالتىنچى باب لوپلۇقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا


1. لوپلۇقلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش......................246
2. لوپلۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدا..........301


## يەتتىنچى باب قايتا گۈللەنگەن قەدىمىي ماكان


1. كىروران رايونىدىكى يېڭى گۈللىنىش — چاقىلىق.................341
2. چاقىلىقتا قايتا يۇرت بەرپا بولۇشى..........................348
3. چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ 100 يىل بۇرۇنقى تەزكىرىسى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن...381
4. كىروران رايونىنىڭ تارىختىكى نوپۇسى توغرىسىدا بايان..........413
5. چاقىلىقنىڭ تارىختىكى مەمۇرىيەت ئۆزگىرىشى توغرىسىدا بايان.......427
6. چاقىلىقنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى زېمىن دائىرىسى توغرىسىدا...438
7. ئېكسپېدىتسىيەچىلەر دىيارىمىزدا............................459


قوشۇمچە:


چاقىلىق ھەققىدىكى ئەسەرلەر ۋە ئاپتورلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى..........467
چاقىلىق تارىخىنىڭ يىلنامىسى..............................508
پايدىلانمىلار.......................................522

# كىروراننىڭ سېھرى، چاقىلىقنىڭ مېھرى

تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى چېتىگە جايلاشقان ئاجايىپ سىرلىق ھەم سېھىرلىك بىر يۇرت بار. بۇ يۇرت ھەم كىچىك ھەم چوڭ، كىچىك دېگىنىمىزدە بۇ چەت جاينىڭ نامىنى كىشىلەر تاكى يېقىنغىچە ئانچە ئاڭلىمىغان، ئۆزىنى كۆرمىگەنىدى. چوڭ دېگىنىمىز يەر كۆلىمى ئاجايىپ چوڭ، جۈملىدىن تۆت بازار، تۆت يېزىسى بار بۇ ناھىيەنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 202298 كۋادرات كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە ئارىلىقى 570 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە ئارىلىقى 580 كىلومېتىر كېلىدۇ، يەر كۆلىمى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يەر كۆلىمىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە، تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ بەش ھەسسىسىگە، ھەتتا ۋېنگرىيەنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە، گوللاندىيەنىڭ بەش ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. بۇ يۇرتنىڭ زېمىنى شۇنچە چوڭ بولغىنى بىلەن ئاھالە ئاز، يەنى دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇس 30 ~ 40 مىڭ ئەتراپىدا. بۇ ماكاننىڭ سىرلىق ھەم سېھىرلىكلىكى بولا ئەمەس، تارىختا شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت ۋە سودا ئالاقە لىنىيەسى بولغان «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان، مەدەنىيەت (كۇلتۇر)لەرنى بىر - بىرگە ئۇچراشتۇرغان «يىپەك يولى»نىڭ راۋانلىقى، راۋاجى، شەۋكىتى ئۈچۈن مۇشۇ يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار كۆپ رىيازەت چەككەن. دۇنياغا مەشھۇر بولغان كىروران بۇ يۇرتنىڭ سېھرىنى نامايان قىلغان يەنە بىر مەدەنىيەت پىرامىداسى. ھازىرقى ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 7 ~ 8 مىڭ يىللار بۇرۇنقى سىپتا تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ بۇ يەردە ئاھالىلەر ياشىغان، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، كۆچمەنلىشىپ، كىروران، مىران، كىتىك، لوپ، قاغانبالىق قاتارلىق شەھەرلەرنى بەرپا قىلغان. تارىخنىڭ شەپقەتسىز بورانلىرى گۇللەنگەن بۇ شەھەرلەرنى 14 - ئەسىردە ۋەيران قىلىپ تۈگەتكەن، شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى شەھەرلەر ھۇۋقۇشمۇ ياشىمايدىغان ماكانغا ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى پىنھان يەر بولۇپ قالغان. بۇ شەھەرلەرنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى تەبىئەت ئامىلىدىن ئالغاندا، دەريا - ئېقىنلارغا باغلىق ئىدى، چۈنكى تارىم ئويمانلىقىدىكى دەريالار مۇشۇ ئويمانلىقتىكى پەس جاي لوپ كۆلىگە قاراپ ئاقاتتى، مانا بۇ چوڭ دەريالار ئىچىدە تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋە چەرچەن دەرياسى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئىنسانلار پائالىيىتى ئامىلىدىن ئالساق، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ئىنتايىن زور تالاپەتلەرنى كەلتۈرگەنىدى. مەيلى قانداق بولمىسۇن، بۇ يۇرتتىكى قەدىمكى شەھەرلەردىن كىروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى (كېچىككەندىمۇ 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرى)، مىران ۋە قاغانبالىق (چاقىلىق بازىرى 11 - ئەسىردىن بۇرۇنراق)؛ لوپ، كىتىك ۋە مەردەك (14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى)لەر ۋەيران

بولغاندىن كېيىن، پەقەت تارىم دەرياسىنىڭ ئايىغىدا، دەريا ۋە كۆل بويلىرىدا مەلۇم ساندىكى ئاھالىلەر ياشاپ قالغان، مانا بۇ بۈگۈنكى كۈندە زور قىزىقىش قوزغاۋاتقان «لوپلۇق ~ لوپنورلۇق»لارنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى. لوپلۇقلار شەھەرلەر ۋەيران بولغان 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بەش ئەسىر ئەنە شۇ دەريا ـ كۆل بويلىرىدا بېلىق تۇتۇش، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن بېكىنمە ياشىغان، ناتۇرال ئىگىلىك باسقۇچىدا تارقاق مەھەللىلەردە ئولتۇراقلاشقانىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ خوتەن (كېرىيە)، تۇرپان ـ پىچان تەرەپلەردىن كەلگەن ئاھالىلەرنىڭ تەسىرىدە ۋە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىشى بىلەن تاشقى دۇنيا ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشكەن، بۇلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارمۇ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ بۇ قەدىمىي ماكاندا يۇرتلار بەرپا بولۇشقا باشلىغان، هازىرقى چاقىلىق بازىرى، ۋاششەھىرى بازىرى ۋە مۇران بازىرى قايتىدىن گۈللەندۇرۇلگەن، تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرى ئېقىنىنىڭ يۆتكىلىشى، قىسقىرىشى، يۇقۇملۇق كېسەللىك قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن لوپلۇقلارمۇ ئەنئەنىۋى هايات ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئاۋۋال چاقىلىق، مىرەن، يېڭىسۇ، تىكەنلىك (دۇرال) بوستانلىقلىرىغا جۇغلاشقان، كېيىن يەنە هازىرقى بوستانلىقلارغا، يەنى چاقىلىق بوستانلىقى هەم لوپنور ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولغان تارىم قاتارلىق يېزىلارغا كۆچۈپ تېخىمۇ كۆچۈملەشكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياستىنىڭ تۇرتكىسىدە، يېڭىدىن گۈللىنىپ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋاتقان قەدىمكى كىرىوران، هازىرقى چاقىلىق 21 ـ ئەسىردىن بۇيان تولىمۇ جەلپكار بىر يۇرتقا ئايلاندى، جۇملىدىن چىلانچىلىقنىڭ زور كۆچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 24 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتۈشى بىلەن داڭق چىقاردى. مانا ئەمدى، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكى بىلەن «يىپەك يولى ئىقتىسادىي بەلبېغى»دىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى (دۆلەت 218 ـ، 315 ـ تاشيوللىرى مۇشۇ يەردە كېسىشىدۇ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە تۇتىشىدىغان 2 ـ ئېغىزمۇ مۇشۇ يەردە. ئۆلكە 325 ـ تاشيولىمۇ مۇشۇ جايدا دۆلەت 315 ـ تاشيولىغا تۇتىشىدۇ) بولۇش ئەۋزەللىكى هەم كان بايلىقى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، باينغولىندىكى «قوشۇمچە مەركىزىي شەھەر» قىلىپ قۇرۇپ چىقىش قەدىمىنى تېزلەتمەكتە. پىلان بويىچە قۇرۇلماقچى بولغان كورلا ـ گولمۇد تۆمۈر يولى ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى هەم كىرىوران ئايرودۇرۇمىنىڭ قۇرۇلۇشى بۇ قەدىمىي ماكاننىڭ سېھرىي كۈچىنى، جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغۇسى. بۇرۇن «چەرچەن ـ چاقىلىق» دېمىسە كىشىلەر بىلمەيدىغان، هەتتا ئىككىسىنى بىر يۇرت دەپ قارايدىغان بۇ جاي مانا ئەمدىلىكتە ھەممىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان، جۇلالانغان بىر سېھىرلىك ماكانغا ئايلاندى.

1968 ـ يىلى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئىكەنمەن. 1984 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ شىنجاڭ پوچتا ـ تېلېگراف مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردىم. 1985 ـ يىلى بولسا كېرەك، تۇيۇقسىزلا مەندە بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى، يەنى دۇنيادا ھەممە دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ، يۇرتنىڭ تارىخى بولىدىكەن، ئەجەبا بىزنىڭچۇ؟ يۇرتۇمنىڭچۇ؟ مانا بۇنى بىلىش ئىستىكى بىلەن ماتېرىيال ئىزدەشكە، ئىزدىنىشكە باشلىدىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدىن ئىزدەشكە باشلىدىم. ئالىي مەكتەپ، كۇتۇپخانا، ئاكادېمىيە، كىتابخانىلارنى قېزىۋەتتىم. ئەپسۇس يۇرتۇم چاقىلىق توغرىسىدا ئەمەس، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللارمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ توغرىدا ماتېرىيال توپلاپ ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ كېلىۋاتقىنىمغا 30 يىل بوپتۇ. بۇ جەرياندا ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ھەر خىل تېمىدىكى 150 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدىم. چاقىلىقتا ئىزچىل ياشىغان 40 يىلىم (ئارىدا ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان بەش يىل بۇنىڭ سىرتىدا) ماڭا كۆپ مېھىر ـ مۇھەببەت، مەدەت ئاتا قىلدى، شۇڭمۇ يۇرت ئالدىدىكى قەرزىمنى، پەرزىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ بارلىق پاراغىتىدىن كېچىپ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆگەندىم، ئۆگەنگەنلىرىم كۆپەيگەنسېرى بىلگەنلىرىمنى يېزىپ خەلقىمگە تەقدىم قىلدىم. 2000 ـ يىلى پۈتكۈزگەن «كىروران ئېلىدە ئىجتىمائىي ھايات» ناملىق كىتابىم داڭلىق ئەدەبىي ئوبزورچى، مائارىپشۇناس يالقۇن روزىنىڭ مەدىتى ۋە مەردانىلىكى بىلەن، 2004 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «كىرورانىنىڭ سىرى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىپ ھەر ساھەنىڭ قارشى ئېلىشىغا، ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. شۇندىن كېيىن ئىلھاملىنىپ تېخىمۇ تىرىشتىم، بۇگۈنكى يازىدىغان تېمام ئەتىگە قالسا بولمايدىغاندەك، ئەتىسى يازالماي قالىدىغاندەك تىرىشتىم، نەتىجىدە مانا بۇ «كىروران تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ناملىق زور ھەجىملىك كىتابىم پۈتتى، ئەمما نەشر تەكلىپى بىرلە كىتابىنىڭ ئۈچتىن بىر ئۈلۈشىنى قىسقارتتىم. مانا مۇشۇ كىتابنىڭ قوشماق تومى «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى ـــ لوپنور قىسمى» (پېشقەدەم شائىر، ژۇرنالىست مۆيدىن سايىت بىلەن ھەمكارلىقتا تۈزۈلگەن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2011 ـ يىلى نەشر قىلغان)، «چەرچەننىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» (قەلەمدىشىم تۇرسۇن مەھمۇد بىلەن ھەمكارلىشىپ يېزىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى نەشر قىلىنىدى) نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ كىتابنىڭ تولۇقلىغۇچى توملىرى ـــ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى ـــ چاقىلىق قىسمى»، «لوپنورنىڭ سىرى»، «تارىمنىڭ سىرى»، «تەكلىماكاننىڭ سىرى»... قاتارلىقلارنىمۇ پۈتكۈزۈپ نەشرگە تاپشۇردۇم. ئاتا ـ ئانام ۋە خوتۇن ـ بالىلىرىمنىڭ مەدىتى بولمىغىنىدا ئىدى، بۇنداق كۆپ ئىشلارنى قىلالمىغان بولاتتىم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ئۇستاز، دوستلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم، مۇشۇ پۇرسەتتە «كىرورانىنىڭ سىرى» ناملىق كىتابىمنىڭ نەشر قىلىنىشىدا

مەردانىلىك كۆرسەتكەن ئوبزورچى يالقۇن روزى ئەپەندىگە، كىتابنىڭ تارقىتىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىنىش ئىشلىرىدا مەدەت كۆرسەتكەن ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران، ئەسقەر ياسىن، يۇنۇس ھاجى (قەشقەر)، تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم (نىيە)، نۇر تۇرسۇن (چەرچەن)، چاقىلىقلىق تۇرسۇن مامۇت، ئەنۋەر ھوشۇر ۋە مەرھۇم ئەخمەتجان ئېزىزلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. مانا بۇ قولىڭىزدىكى «كىروران تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابىمنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەت بەرگەن ناھىيە رەھبەرلىرىدىن چاقىلىق ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى داڭ فېڭ ئەپەندىگە، چاقىلىق ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم كۈرەش يۇسۇپ ئەپەندىگە، چاقىلىق ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئوسمان ھوشۇر ئەپەندىگە، چاقىلىق ناھىيەلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن نۇردۇن ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. كىتابىمنىڭ نەشر قىلىنىشىدا ئالاھىدە قوللىغان شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى ئادىل مۇھەممەت ئەپەندىگە ھەمدە مېنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىمنى يېقىندىن قوللىغان، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن، مەدەت بەرگەن غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر، يالقۇن روزى، ئەخمەت ھېمىت... قاتارلىق ئۇستازلارغا، دوستلارغا ھەم ئېھتىرام بىلدۈرىمەن، رەھمەت ئېيتىمەن. كىتابىمغا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم سۈرەتلەرنى تەمىنلىگەن ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، تۇردى غوجىئەھمەت، يۇسۇپ يۇسەنلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن.

مانا بۇ يۇرتۇمنىڭ مېھرىگە قايتۇرغان سوۋغام، 30 يىللىق ئۆگىنىش ھەم ئىزدىنىشىمنىڭ دوكلاتى، شۇنداقلا سېھىرلىك كىروران، جەلپكار چاقىلىق توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىمنىڭ تۇگەللىمىسىدۇر. مېنى قوللىغان بارلىق قېرىنداشلىرىمغا مۇشۇ سوۋغام ئارقىلىق رەھمەت ئېيتىمەن.

شىمالغىچە ئارىلىقى 580 كىلومېتىر كېلىدۇ. چاقىلىق ناھىيەسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ھازىرقى ئومۇمىي يەر مەيدانى 202298 (بەزى ماتېرىياللاردا 198318) كىۋادرات كىلومېتىر دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ[①]، تاغ ـ ئېدىرلىق كۆلىمى 59 مىڭ 180 كىۋادرات كىلومېتىر، شېغىللىق دەشت كۆلىمى 60 مىڭ 236 كىۋادرات كىلومېتىر، چۆللۈك كۆلىمى 25 مىڭ 508 كىۋادرات كىلومېتىر، قۇملۇق كۆلىمى 56 مىڭ 231 كىۋادرات كىلومېتىر، كۆللەر كۆلىمى 1093 كىۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ كۆلىمى 48 كىۋادرات كىلومېتىر (بۇلار 1985 ـ يىللاردىكى سانلىق مەلۇمات) بولۇپ، ناھىيە مەمۇرىيىتىنىڭ يەر كۆلىمى بەش گوللاندىيەگە ياكى ئىككى ۋېنگىرىيەگە، جىجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە، تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ بەش ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. چاقىلىق ناھىيەسى شىمالدا لوپنور ناھىيەسى، تۇرپان ۋە قومۇل ۋىلايەتلىرى بىلەن، شەرقتە گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئۆلكىلىرى بىلەن، جەنۇبتا قۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربتە چەرچەن ناھىيەسى بىلەن باسىللىنىدۇ. ئالتۇنتاغ بۇ ناھىيەنى ئىككى خىل تەبىئىي ئىقلىمغا بۆلگەن، جەنۇبىي قىسمى تاغلىق رايون، شىمالى تۇزلەڭلىك بولغاچقا، كىلىماتىنىڭ پەرقى ئىنتايىن چوڭ. چاقىلىقنىڭ شىمالىي قىسمى تارىم ئويمانلىقى، شەرقىي قىسمى لوپ قۇملۇقى. تارىم ئويمانلىقىدىكى تۇزلەڭلىكلەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنى سېلىشتۇرغاندا، ئەڭ پەس جاي لوپ كۆلى بولۇپ، 780 مېتىر، شۇڭا تارىم ئويمانلىقىدىكى نۇرغۇن دەريالار لوپ كۆلىگە قاراپ ئاقىدۇ. ناھىيەنىڭ جەنۇبىي تاغلىق رايون، يەنى ئالتۇنتاغ ۋە قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىدۇر (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 ~ 5000 مېتىر). ئەڭ ئېگىز جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7723 مېتىر بولۇپ، شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدا، ئالتۇنتاغ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون مۇشۇ جايدا.

تارىم ئويمانلىقى ئوتتۇرا كەڭلىكتىكى ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، چاقىلىق ناھىيەسى بۇ ئويمانلىقنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. تارىم ئويمانلىقى يېپىق ھالەتتە، يەنى تۆت تەرىپى تاغلار بىلەن ئورالغانلىقى، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ نەم ھاۋاسى بۇ يەرگە كېلەلمىگەنلىكتىن، كىلىماتى قۇرغاق بولۇپ قالغان. چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 29 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2882.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7 سېلسىيە گىرادۇس (2000 ـ يىللىرىدىكى سانلىق مەلۇمات). يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سەككىز بالدىن يۇقىرى شامال 36.9 كۈن چىقىدۇ، ئەڭ تېز بوران سۈرئىتى سېكۇنتىغا 40 مېتىرغا يېتىدۇ. ئەڭ يۇقىرى

① چاقىلىق ناھىيە تەزكىرە كومىتېتى: «چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق ماتېرىياللاردا 202 مىڭ 298 كىۋادرات كىلومېتىر دېيىلگەن، بېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان قوشنا ئۆلكە، ناھىيەلەر بىلەن بولغان پاسىلىنى بېكىتىش داۋامىدا كۆلىمى كىچىكلىگەن، بۇ يەردە ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇمات «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلىرى توپلىمى» (جۇڭگو خەرىتە نەشرىياتى، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى)دىن ئېلىندى.

تېمپېراتۇرىسى 43.6 گىرادۇس، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 27.2 گىرادۇس. چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلباغ، ئىنتايىن قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە.

چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئېگىز، شىمالىي قىسمى پەس. غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قىڭغايغان، شىمالىي قىسمى قۇملۇق تۈزلەڭلىك، جەنۇبىي قىسمى تاغلىق رايوندۇر.

ناھىيە بازىرىدىن ۋاششەھىرى بوستانلىقىغا 75 كىلومېتىر، مۇران بوستانلىقىغا 80 كىلومېتىر، يېتىمبۇلاق بازىرىغا 280 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇرۇمچى بىلەن بولغان تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى 536 كىلومېتىر. كىروران تارىخىدا گەرچە پۈتكۈل چاقىلىقنىڭ ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، تاغلىق رايون، يەنى جەنۇبىي قىسمىنىڭ تارىختا ئېكولوگىيەسى ئانچە ئۆزگەرمىگەن، ئەمما شىمالىي قىسمىدا، يەنى تۈزلەڭلىكنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئۆزگىرىشى چوڭ بولغانلىقتىن، ئالدى بىلەن مۇشۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاساسىي ئامىلى بولغان تارىم، كۆنچى، چەرچەن دەريالىرىنىڭ ۋادىسى ھەمدە ئېقىن ئۆزگەرتىش مەسىلىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

**تارىم**[1] **دەرياسى** تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسى شىنجاڭنى ئىككىگە بۆلىدۇ. جەنۇبىي قىسمىدا دۇنيا بويىچە 2 ـ چوڭ قۇملۇق، شۇنداقلا ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان ھەمدە دۇنيا بويىچە 5 ـ، ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى ـــ تارىم دەرياسى بار. يەرلىكلەر ئانا تۇپرىقىنىڭ ئاقىۋاش تاغلىرىدىن باشلىنىپ ئاخىرى مۇشۇ ماكانغا سىڭىپ كېتىدىغان بۇ دەريانى «ئانا دەريا» دەپ ئاتىغان، چۈنكى بۇ دەريا ئەسىرلەردىن بۇيان تەكلىماكان قۇملۇقىنى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا ھىلال ئاي شەكلىدە ئوراپ ئېقىپ، مۇشۇ زېمىندا ياشاپ ۋە مۇشۇ زېمىننى گۈللەندۈرۈپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنى ھاياتلىق مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتكەن. تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىن مەنبەلىرىدىن ئالغاندا، بۇ دەريا تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھاياتلىق دەرياسىدۇر.

تارىم دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى توغرۇلۇق ماتېرىياللاردا تۈرلۈك سانلىق مەلۇمات بار. تارىم دەرياسىنىڭ ئاساسلىق مەنبە ئېقىنلىرىدىن ئاقسۇ دەرياسى، خوتەن دەرياسى، يەكەن دەرياسى، كاشغەر دەرياسى بار. بۇ دەريالار ئاقسۇ شەھىرىنىڭ 150 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا ئۆزئارا قوشۇلۇپ، تارىم دەرياسىنى شەكىللەندۈرگەن. دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تەزكىرىسى» خەنزۇچە نەشرى 106 ـ بېتىدە 2179 كىلومېتىر، «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» خەنزۇچە نەشرى 488 ـ بېتىدە 2750 كىلومېتىر، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سانىدا 2486 كىلومېتىر، دېيىلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى تارىم دەرياسىنىڭ قايسى مەنبەدىن باشلانغانلىقى ھەمدە ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنىنىڭ قەيەر

[1] تارىم دېگەن نام «تارام» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانلىقى ھەمدە «دەريا» دېگەن مەنىدە بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، شۇڭا بەزى دەريالار «مۇران تارىم»، «ئەندىر تارىم»، «توققۇز تارام»، «كۆنچىقىش تارىم» دېگەندەك ئاتالغان.

ئىكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تارىم دەرياسى يۇقىرى ئېقىنىدىكى شورچاقتىن تارتما كۆلىگىچە 1321 كىلومېتىر. شورچاقتىن يېڭىبازارغىچە بولغان 495 كىلومېتىرلىق بۆلەك يۇقىرى ئېقىن، يېڭىبازاردىن چاراغىچە بولغان 398 كىلومېتىر بۆلەك ئوتتۇرا ئېقىن، چارادىن تارتما كۆلىگىچە بولغان 428 كىلومېتىر بۆلەك تۆۋەن ئېقىن دەپ قارىلىدۇ. يەكەن دەرياسىنىڭ لاسكۇيدىن تارتما كۆلىگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 2437 كىلومېتىر. ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن دەريالىرى قوشۇلغان شورچاقتىن تارتما كۆلىگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 1321 كىلومېتىر. ئەمەلىيەتتە بۇ دەريا ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردىلا «تارىم دەرياسى» دەپ ئاتالغان. «تارىم» نامىنىڭ قانداق لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلىتىشىدىن قەتئىينەزەر، مۇشۇ دەريانىڭ ئاياغ ئېقىنىغا جايلاشقان شەھەر ۋە بوستانلىقلار مۇشۇ دەريانىڭ سۈيىنى ھاياتلىق مەنبەسى قىلغانلىقتىن، بۇ يۇرتلارنىڭ گۈللىنىش ياكى خارابلىشىشى مۇشۇ دەريا ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىشى، قىسقىرىشى، يۆتكىلىشى سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان ياكى گۈللەنگەن.

تارىم دەرياسى تەكلىماكان قۇملۇقىنى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا ياي شەكلىدە ئوراپ، قۇملۇقنىڭ كېڭىيىپ بوستانلىقنى يۇتۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ كەلگەن، تارىم دەرياسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ قۇملۇق ئۆز نامىدىمۇ ئۆتكەن تارىخنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. «تەكلىماكان» قۇملۇقى بۇرۇنقى خەنزۇچە يازمىلاردا «ئاقار قۇم» (流沙)، «قۇم ئېقىن» (沙河) دېگەندەك ناملاردا خاتىرىلەنگەن، بۇنىڭ سەۋەبى قۇملۇقنىڭ كۆچۈپ تۇرۇشى، جۇملىدىن ئىزغىرىن شامالدىمۇ سۇدەك ئېقىشىنى كۆرسىتىدۇ. رۇسىيەلىك تاتار تىلشۇناس تېنىشېف بۇ نامنى تىل نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ «تەرك - لى - ماكان» دىن كەلگەن دېگەن يەكۈنگە ئېرىشكەن. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىز موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇيغۇرچە ئەسەر «تەۋارىخىي مۇسقىييۇن»نىڭ قول يازمىسىدا «تەرك مەكان» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى پاكىت قىلىپ، ئوخشاش يەكۈنگە، يەنى «تەرك»كە «لى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ «تەركلى» مەكان ~ تەركلىماكان ~ تەكلىماكان بولغانلىقىدەك يەكۈنگە ئېرىشكەن. تەكلىماكان نامىنىڭ تەرك ماكاندىن ئۆزگىرىشى يازما ئىسپاتى ھەم تىلشۇناسلىق تەھلىلى، تارىخىي دەۋر تەھلىلى بولغان پاكىتلىق قاراشتۇر. تارىختا قۇم تېگىدە قالغان يۇرت - ماكانلىرىنى ئەسلەپ ھېكايە - رىۋايەت قىلىشقان تارىملىقلار، يۇقىرىقى سەۋەبلەر بىرلە قۇم تەكتىدە قالغان ماكانلىرىنى ئەسلىشىپ، «تەرك ماكان» دەپ نام بەرگەن، بۇ ئىسىم تەدرىجىي سىلىقلىنىپ تەكلىماكانغا ئۆزگەرگەن. بۇ قۇملۇق تەرك ماكان دېيىلگىنىدەك، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى ۋە دەريا - ئېقىنلارنىڭ يۆتكىلىشى، قىسقىرىشى سەۋەبلىك ئاھالىلەرنى يۇرت - ماكانلىرىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر قىلغان. ئارخېئولوگىيەدە بايقالغان قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىشى، بوران چىققاندا ئېچىلىپ قالىدىغانلىقى، يەنە كۆمۈلۈپ كېتىشى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئارخېئولوگىيەدە بايقالغان كونا شەھەرلەر ھازىرقى

بوستانلىقلاردىن 50 ~ 200 كىلومېتىر ئىچكىرىسىدە، جۇملىدىن قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە بولۇشى، نۇرغۇن يۇرتلارنىڭ قۇم تەكتىدە قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مانا شۇ تارىخىي ساۋاق، «يېشىل كارىدور» دېگەن نامىلا قالغان تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى ئاپىرىدە قىلدى، ئۇنداق بولمايدىكەن، شىنجاڭدىكى چوڭ قۇملۇقلار ـــ تەكلىماكان بىلەن قۇمتاغ قۇملۇقلىرى قوشۇلۇپ كېتەتتى ھەمدە چەرچەن، چاقىلىق ناھىيەلىرى ۋە ئاياغ ئېقىندىكى 31 ـ، 32 ـ، 33 ـ، 34 ـ، 35 ـ، 36 ـ ئىشلەپچىقىرىش تۇەنلىرى ئۇزۇنغا قالماي قۇم ئاستىدا قېلىپ تەرك ئېتىلەتتى، تارىم دەرياسىغا سۇ يەتكۈزۈش ئەنە شۇ كەلگۈسىدىكى قىيامەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنى مەقسەت قىلغان.

بىر قىسىم ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ قۇرغاق مۇھىتى بۇنىڭدىن ئىككى مىليون يىللار ئىلگىرى شەكىللەنگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇھىتتا بولغان قاراشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبلىك، ئېكولوگىيە زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، نەتىجىدە تارىم ئويمانلىقىدا قۇم ـ بورانلىق كۈنلەردىلا ئەمەس، تىنىق كۈنلەردىمۇ قۇم ياغىدىغان ھاۋارايىنىڭ كۆرۈلۈشى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. ھاۋا رايى تارماقلىرىنىڭ مەلۇماتىچە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىدە قۇم ـ بورانلىق كۈن يىلىغا 65 كۈنگە، قۇم ـ توپا ياغىدىغان ۋاقىت 60 كۈنگە يەتكەن. نىيە ناھىيەسى ۋە لوپنور ناھىيەسىنىڭ تىكەنلىك ئەتراپلىرىدا قۇم ياغىدىغان ۋاقىت 73 كۈنگە يەتكەن. خوتەننىڭ چاڭ ـ توزانلىق ھاۋا رايى 200 كۈندىن ئاشقان.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلارنىڭ يېقىنقى 2000 يىللىق تارىخىدا تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە ئەتراپىدىكى قۇملىشىش كۆلىمى 28266 كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. 20 ـ ئەسىردىكى 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا كېڭەيگەن قۇملۇق كۆلىمى 8564 كىۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، كېڭەيگەن قۇملۇقنىڭ %30.3نى ئىگىلىگەن. مۇشۇ كېڭەيگەن يېڭى قۇملۇقتىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق قۇملىشىپ كەتكىنى %44.82نى، سۇدىن مۇۋاپىق پايدىلانماسلىقتىن كېلىپ چىققان قۇملىشىش %40.05نى، شامالنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگىنى %15.13نى ئىگىلەيدىكەن. تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى ئارغان رايونىدا 1950 ـ يىللاردا قۇملاشقان تۇپراق تۇزلەڭلىك كۆلىمىنىڭ %53.6نى ئىگىلىگەن بولسا، 1996 ـ يىلىغا كەلگەندە %94.7كە يەتكەن.

لوپنور ناھىيەسىدە 1970 ـ يىللاردا چاڭ ـ توزانلىق كۈن ۋە شامال چىقىدىغان ۋاقىت 108 كۈنگە يېتىپ، 1960 ـ يىللاردىكىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن جايلاردا چاڭ ـ توزانلىق كۈن 130 كۈنگە، قۇم ـ توپا ياغىدىغان كۈن 180 كۈنگە يەتكەن.

ئارخېئولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مىلادىيەنىڭ بېشىدىن مىلادىيە 1000 ـ يىللارغىچە تارىم ئويمانلىقى پايانسىز توغراقلىق ئىكەن. 1958 ـ يىلى تەكشۈرگەندە تارىم

ئويمانلىقىدىكى توغراقلىق 7 مىليون 800 مىڭ مو، زاپاس مىقدارى 5 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. 1979 - يىلى كۆلىمى 4 مىليون 200 مىڭ موغا، زاپىسى 2 مىليون 180 مىڭ كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئېنىقلانغان. يېشىل كارىدوردا 1950 - يىللاردا 810 مىڭ مو توغراقلىق بولغان، 1990 - يىللىرىغا كەلگەندە 110 مىڭ مو توغراقلىق قالغان، 78% توغراق قۇرۇپ كەتكەن. 1990 - يىللاردا بىر قېتىملىق بوز يەر ئېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن، بۇ دولقۇندا جەنۇبىي شىنجاڭدا 80 مىڭ گېكتار (1 مىليون 200 مىڭ مو) يەر ئېچىلىپ، نۇرغۇن توغراق، چۆل چاتقاللىرى ۋە چۆل ئۆسۈملۈكلىرى نابۇت قىلىنغان، شۇنداقلا دەريا - ئېقىنلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كېلىدىغان سۈيى ئازىيىپ كەتكەن.

لوپنور ناھىيەسىنىڭ قۇملىشىپ كەتكەن تۇپرىقى 1980 - يىللاردا 700 مىڭ مو ئىدى، 1990 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 2 مىليون 270 مىڭ موغا يەتكەن. 1980 - يىللاردا توغراقنىڭ چېكىنىش كۆلىمى 52 مىڭ مو بولغان، كېيىن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ 655 مىڭ موغا يەتكەن.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىچە، تارىم ئويمانلىقى بۇرۇن نۇرغۇن دەريا - ئېقىنلار بىلەن ئورالغان بولغاچقا، مۇھىتنىڭ ياخشى بولۇشىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان، ھازىرقى كۆندە بۇ قۇملۇققا ئېقىپ كىرىدىغان دەريا - ئېقىنلاردىن 42سى قالغان بولۇپ، ئومۇمىي سۇ مىقدارى 39 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدىكەن. تەكلىماكان قۇملۇقى يەنە مول سۇ ئاستى زاپىسىغا ئىگە بولۇپ، 8 تىرىليون 157 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدىكەن، قۇملۇقنى 3 ~ 5 مېتىر كولىسا سۇ چىقىدىكەن (تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ يەر ئاستى سۇ زاپىسى 8 تىرىليون كۇب مېتىرغا يېتىدىكەن، سۇنىڭ ھۆل - يېغىن ۋە باشقا ئامىللار بىلەن تولۇقلىنىش مىقدارى 647 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدىكەن) ۋە يەر ئاستى سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدىكەن.

تارىختا تەكلىماكان قۇملۇقى ياۋايى ھايۋاناتنىڭ جەننىتى بولۇپ، يولۋاس، ياۋا تۆگىدىن تارتىپ جانلىقلار تۇرىدىن 277دىن كۆپرەك، بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق تۇرىدىكىلەر 38 خىلدىن، قوش ماكانلىقلار ئۈچ خىلدىن، قۇشلار 189 تۇردىن ئاشاتتى.

تارىم دەرياسىنىڭ ئەسلىدە كۆنچى دەرياسى، دىنار دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، كۇچا دەرياسى، كاشغەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، چەرچەن دەرياسى قاتارلىق توققۇز دەريا - ئېقىن مەنبە سىستېمىسى بولسىمۇ، ھازىر خوتەن دەرياسى، يەكەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسىنىڭلا سۈيى تارىمغا قۇيۇلغان، لېكىن ئېقىن مىقدارى يىلسېرى ئازلاپ بەزى دەريالار پەقەت كەلكۈن مەزگىلىدىلا قۇيۇلىدىغان بولغان، كۈنىمىزدە تارىم دەرياسى يوقىلىپ ئاقسۇ دەرياسى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى كېلىپ چىققان. بۇ ئۈچ دەريانىڭ سۇغىرىش رايونى 1949 - يىلى 351 مىڭ 200 گېكتار (5 مىليون 268 مىڭ مو) بولغان. 1993 - يىلىغا كەلگەندە 776 مىڭ 600 گېكتار (11 مىليون 649 مىڭ مو) يەتكەن. تارىم دەرياسى ھەۋزىسىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى

1998 ـ يىلىغا كەلگەندە 1 مىليون 292 مىڭ 200 گېكتارغا يېتىپ، 1949 ـ يىلىدىكى كۆلەمگە قارىغاندا بىر ھەسسە كۆپەيگەن. 2012 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە تارىم دەرياسى ھەۋزىسىدا، يەنى خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، كۆنچى ۋە تارىم دەرياسى غول ئېقىنى بويىدىكى يېزا ئىگىلىك سۇغىرىش كۆلىمى 23 مىليون 500 مىڭ موغا، سۇغىرىلىدىغان ئومۇمىي كۆلەم 100 مىليون 890 مىڭ مو/قېتىمغا يەتكەن[①].

1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىن مىقدارى مۇنداق بولغان: ئارال پونكىتىدا 5 مىليارد 620 مىليون كۇب مېتىر، چارادا 1 مىليارد 560 مىليون كۇب مېتىر ئىدى، 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئارالدىن ئېقىپ ئۆتكەن سۇ 3 مىليارد 940 مىليون كۇب مېتىرغا، چارادىن ئېقىپ ئۆتكەن سۇ 310 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالغان. تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا، كۆنىمىزدە سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان جايلارنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنى 1950 ـ يىللاردا 3 ~ 5 مېتىر بولغان. 1990 ـ يىللىرى 8 ~ 13 مېتىرغا، ھەتتا بەزى جايلاردا 16 مېتىردىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەن. تارىم دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىر بولسىمۇ، دەريانىڭ ئاياغ ئېقىنىغا كېلىدىغان سۇ 200 مىليون كۇب مېتىرلا قالغان، ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىنىڭ 96%ى ئوتتۇرا ئېقىندا خوراپ تۈگىگەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، تارىم دەرياسىنى تۈزەش خىزمىتى يەنە ئېلىپ بېرىلمىسا، ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بولغان يېڭىبازار ~ چارا ئەتراپىدا 2000 ـ يىلىدىن 2040 ـ يىلىغىچە، يۇقىرى ئېقىنىنىڭ تۆۋەن قىسمى بولغان يېڭىچىمەندىن ~ يېڭىبازارغىچە 2040 ـ يىلىدىن 2070 ـ يىلىغىچە، يۇقىرى ئېقىنىنىڭ يۇقىرى قىسمى بولغان ئارالدىن يېڭى چىمەنگىچە بولغان ئارىلىقتا 2070 ـ يىلىدىن 2120 ـ يىلىغىچە يەسىل خاراكتېرلىك سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش كۆرۈلىدىكەن. تارىم دەرياسى ۋادىسى تۈزەلمەي مۇشۇ بويىچە ماڭسا دۇنيا بويىچە 5 ـ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولغان بۇ دەريا كېيىن دېگەندىمۇ 100 يىل ئىچىدە يەر شارىدىن يوقىلىدىكەن.

تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نورمال كۆكلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن 304 مىليون كۇب مېتىر سۇ كېتىدۇ. تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ كۆپىيىشى ئىنتايىن تېز بولۇپ، يىلىغا 400 كۋادرات كىلومېتىر تېزلىك بىلەن كېڭىيمەكتە. ئاياغ ئېقىنىدىكى قۇملىشىش 0.24% سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ، 1959 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە 123.1 كۋادرات كىلومېتىر كېڭەيگەن.

تارىم دەرياسىدىن تارتما كۆلگە سۇ يەتكۈزۈپ تۇرۇش ئۈچۈن 5 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىر سۇ كېرەك. تارىم دەرياسى 1921 ـ يىلى بىر قېتىم ئېقىن ئۆزگەرتىپ كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ، تارىختىكى كىروران لوپ كۆلگە قۇيۇلغان، شۇنىڭ بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبقا ئاققان لىنىيەسىدىكى ئېقىنىغا قۇيۇلىدىغان سۇ ئازلاپ، يېڭىسۇدىن تارتىپ ئاياغ قىسمىدا سۇ كەمچىل بولغان، نەتىجىدە قارابوران كۆلى،

① «شىنجاڭ گېزىتى» 2012 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر سانى (ئۇيغۇرچە)، 1 ـ بەت.

قاراقوشۇن كۆللىرىنىڭ سۈيى تەدرىجىي ئازلاپ قۇرۇپ كەتكەن ھەم بۇ ئەتراپتا ياشىغان ئاھالىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە كۆچۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

1952 ـ يىلى لايلىق دەرياسىدا توسما توسۇپ، تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ ئەركىن ئېقىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلىپ، بۇ ئىككى دەريانىڭ ئىنسانلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئېقىش تارىخى باشلانغان، شۇنىڭ بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبقا ئاققان ئېقىنى قايتىدىن سۇغا تولۇپ يېڭىسۇ، ئارغان، قارابوران كۆلى ئەتراپلىرى يەنە يېشىللىققا پۈركەنگەن. 1972 ـ يىلىدىن باشلاپ تارىم دەرياسى چارادىن تارتما كۆلىگىچە بولغان 266 كىلومېتىر مۇساپىسىدە سۇ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، بۇ ئەتراپتىكى 4240 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بوستانلىق ـــ «يېشىل كارىدور» يوقىلىپ، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن قۇمتاغ قۇملۇقى قوشۇلۇپ كېتىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن.

تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى ئارغان رايونىدا 1950 ـ يىللاردىكى قۇملاشقان تۇپراق 1371.22 كىۋادرات كىلومېتىر بولغان. 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا 1487.26 كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن، قىسقىغىنا 30 يىلدا قۇملىشىپ كەتكەن تۇپراق 116.04 كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. 1950 ـ يىللاردا بۇ رايوندا 460 مىڭ گېكتار (6 مىليون 900 مىڭ مو) توغراق بولسا، 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە 175 مىڭ گېكتار (1 مىليون 625 مىڭ مو) قالغان. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشچە، 1958 ـ يىلىدىن بۇرۇن تارىم دەرياسى تاتلىق سۇ دەرياسى بولۇپ، باشتىن ـ ئاياغىچە دەريا سۈيىنىڭ مىنېراللىق دەرىجىسى بىر گىرامدىن ئاشمىغان، 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ مىنېراللىشىشقا، ئاچچىق بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھەر يىلى شايارنىڭ يۇقىرى قىسمىدا دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدىن چىقىرىۋېتىلىپ دەرياغا قويۇلغان سۇ 700 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكەن، مىنېراللىق دەرىجىسى 2 ~ 10 گىرامغىچە بولغان.

تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ ئەتراپىدا 1958 ـ يىلى 460 مىڭ گېكتار (6 مىليون 900 مىڭ مو) توغراقلىق بار ئىدى، 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۈچ ھەسسىدەك ئازلاپ، 175 مىڭ گېكتار (2 مىليون 625 مىڭ مو) غا چۈشۈپ قالغان. 1950 ـ يىللاردا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، 1960 ـ يىللاردا يەر سۇغىرىش، 1970 ـ يىللاردا سۇ تېجەش، 1980 ـ يىللاردا قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش، 1990 ـ يىللاردا ئېقىن ئۈزۈلۈپ قېلىش (ۋاقىتلىق)... بۇ دۇنيا بويىچە 5 ـ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىنىڭ 50 يىللىق مۇھىت ئۆزگىرىش ئەمەلىيىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى»دە، «1956 ـ يىلىدىن بۇرۇن تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقى بىپايان تەبىئىي توغراقلىق ئىدى... ئومۇمىي كۆلىمى 951 مىڭ مو بولۇپ تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقى، يەنى ھازىرقى دېھقانچىلىق 1 ـ شىسى 9ـ تۈەن 10 ـ لىيەن (روتا)دىن كونا كۆككۆل، 10 ـ تۈەن بىلەن شايار پاسىللىنىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي توغراقلىق ئىدى. تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا ئاقسۇ دەرياسى

بىلەن يەكەن دەرياسى قوشۇلىدىغان يەردىن ئۇلۇغنور كۆلى، خوتەن دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن دانىش غالىبىيەت سۇ ئامبىرىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە تەبىئىي توغراقلار ئۆسكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ تۇەن ـ مەيدانلار تۇرۇشلۇق يەرلەر ئەسلىدە قويۇق ئۆسكەن تەبىئىي توغراقلىق ئىدى. شەھەر رايونىنىڭ غەربىمۇ ئەسلىدە توغراق، يۇلغۇن ۋە تىكەن ئۆسكەن يەرلەر ئىدى (1 ـ ۋە 2 ـ تۇەننىڭ بىر قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)... 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئېتىزغا ئايلاندۇرۇشتا بۇ جايلاردا ئەسلىدە بار بولغان توغراقلىقنىڭ كۆلىمى 500 مىڭ مو ئازلاپ كەتتى»[①] دەپ يېزىلغان. «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»دە «1956 ـ يىلى دېھقانچىلىق 2 ـ شى (دىۋىزىيە)سى كۆنچى ۋە تارىم دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا ئورمانىنى كېسىپ ئېتىزغا ئايلاندۇرۇشتا تەخمىنەن 280 مىڭ مو تەبىئىي توغراقلىق ئېتىزغا ئايلىنىپ كەتتى... 1950 ـ، 1960 ـ يىللاردا دېھقانچىلىق 2 ـ شى (دىۋىزىيە)سى 28 ـ، 29 ـ، 30 ـ، 31 ـ، 32 ـ، 33 ـ، 34 ـ، 35 ـ تۇەن ـ مەيدان ۋە كورلا ناھىيەسى، لوپنور ناھىيەلىرىدە تۇەن ـ مەيدان قۇرۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەندە نابۇت قىلىنغان توغراق ۋە يۇلغۇنلۇق 280 مىڭ مو»[②] دېيىلگەن.

خۇلاسىلىگەندە، 20 ـ ئەسىردىن بۇرۇن تارىم ۋادىسىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئاز بولغانلىقتىن، تارىم دەرياسى مەنبە ئېقىنلىرىنىڭ سۇ مىقدارى كۆپ بولغان ۋە ئاياغ ئېقىنغا كېلىدىغان سۇ مىقدارى كۆپ بولغان، شۇڭىمۇ تارىم دەرياسى ئۆز ئېقىنى بىلەن ئاققاندا، چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قارابوران، قاراقوشۇن كۆللىرىنى ھاسىل قىلغان، ھەتتا لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان. كۆنچى دەرياسى ئېقىنى بىلەن ئاققاندا لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان. تارىم دەرياسىنىڭ مەنبە ئېقىنلىرىدا تارىختا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرغان، جۈملىدىن بۇنىڭدىن 500 ~ 1000 يىللار بۇرۇن كېرىيە دەرياسى قاتارلىق بەزى دەريالار تارىمنىڭ غول ئېقىنىغا قۇيۇلمايدىغان بولغان. 1900 ـ يىللار ئەتراپىدا قەشقەر ۋە ئۆگەن دەريالىرى تارىم دەرياسىغا قۇيۇلمايدىغان بولغان. پىروفېسسور چېڭ چىچوۋ «تارىم دەرياسى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا خوتەن دەرياسىنىڭ ئۆزگىرىش خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان، بۇ خەرىتىدە بۇنىڭدىن 300 ~ 350 يىللار بۇرۇن خوتەن دەرياسى جەنۇبقا قاراپ ئاقماستىن، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ شايار ياكى بۈگۈر ناھىيەسى تەۋەسىدە ئاندىن تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ ئېقىپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان. بۇنىڭدىن 250 يىللار ئىلگىرى خوتەن دەرياسى جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، ئاندىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئاققان ھەمدە يېڭىچىمەننىڭ شەرقىدە، ئالدىنقى كونا ئېقىن بىلەن پاراللېل ئېقىپ مەلۇم مۇساپىدىن كېيىن تارىم دەرياسىغا قوشۇلغان. بۇنىڭدىن 100 يىللار

① ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى: «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 194 ـ، 195 ـ بەتلەر.

② بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرە كومىتېتى: «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، زامانىمىزدىكى جۇڭگو نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 397 ـ، 398 ـ، 399 ـ بەتلەر.

بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا خوتەن دەرياسى ئارالنىڭ شەرقىدىرەك ئاندىن تارىم دەرياسىغا قۇيۇلغان[①].

**كۆنچى دەرياسى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن باشلانغان قايدۇ دەرياسى باغراش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. كۆنچى دەرياسى باغراش كۆلىدىن باشلىنىپ خىجىڭ (خوتونسۇمۇل)، قاراشەھەر، باغراش، كورلا، لوپنور ناھىيەلىرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، چاقىلىق ناھىيەسىدىكى لوپ كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 730 كىلومېتىر، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 38.3 كۇب مېتىر / سېكۇنت، ئوتتۇرىچە يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 210 مىليون كۇب مېتىر. كۆنچى دەرياسىنىڭ باش قىسمى قايدۇ دەرياسى دەپ ئاتالغان. كۆنچى دەرياسى نامى مۇشۇ دەريانىڭ كورلا شەھىرى تەۋەسىدىن باشلاپ تۆۋەنكى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ قىسمى قۇرۇپ كەتكەن ۋاقىتلاردا، سۇ بار قىسمىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «قۇرۇق دەريا»، «قۇم دەريا» دېگەندەك ناملاردىمۇ ئاتالغان. كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسى كۆپىنچە دەۋرلەردە ھەمنەپەس بولۇپ، شەرققە قاراپ ئېقىپ، كىروران لوپ كۆلىگە ياكى جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ يېڭىسۇ ~ ئارغان ~ لوپ لەڭگەر ~ قارابوران ~ قاراقوشۇن كۆللىرىنى ۋە ئەتراپلىرىنى سۇغا تولدۇرغان. كۆنچى دەرياسىنىڭ بېشى بولغان باغراش كۆلى ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇ كۆلى بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 55 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى 20 كىلومېتىر، سۇ ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1048.5 مېتىرغا يەتكەن ۋاقىتتىكى سۇ كۆلىمى 1210.5 كۋادرات كىلومېتىر، سىغىمى 9 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، كۆل سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 7.5 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 16 مېتىر. باغراش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان دەريالار قايدۇ دەرياسى (قاراشەھەر دەرياسى) قاتارلىق ئۈچ ئېقىن. بۇ ئېقىنلار تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قار - مۇزلۇق تاغلارنى مەنبە قىلغان. قايدۇ دەرياسىنىڭ 2000 - يىللاردىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 560 كىلومېتىر، ھەۋزە كۆلىمى 22000 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 412 مىليون كۇب مېتىر ئىدى. دېمەك، قاراشەھەر دەرياسى، ئۇلاستاي دەرياسى ۋە ئۈست دەرياسى باغراش كۆلىنىڭ سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. باغراش كۆلىدىن ئېقىپ چىققان كۆنچى دەرياسى سۇلىرىنىڭ 2000 - يىللىرىدىكى سۇغىرىش كۆلىمى 66 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. باغراش كۆلىنىڭ سۈيىنىڭ مىنېراللىق دەرىجىسى 1958 - يىلى ھەر لىتىر سۇدا 0.386 گىرام ئىدى، 1960 - يىلىدىن باشلاپ مىنېراللىشىپ ھەر لىتىر سۇدا بىر گىرامدىن ئېشىپ كەتكەن. 1990 - يىللىرى ئەتراپىدا 1.85 گىرامغا يەتكەن.كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنى 1970 - يىللاردىلا ئۈزۈلۈپ قالغان. 2000 - يىلى 5 - ئايدىن 2002 - يىلى 10 - ئايغىچە باغراش كۆلىدىن تارىم دەرياسىغا تۆت قېتىم سۇ يەتكۈزۈلۈپ، 2 مىليارد

① چېڭ چىچوۋ: «تارىم دەرياسى ئۈستىدە تەتقىقات»، خېخەي ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 4 - بەت.

25 مىليون كۇب مېتىر سۇ قويۇپ بېرىلگەن. كىروران رايونىغا ئېقىپ كېلىدىغان ئەڭ مۇھىم دەريا ــ كۆنچى دەرياسىنىڭ بۇ جايدىكى ھاياتلىقتا تۇتىدىغان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. بەزى ئالىملارنىڭ لوپ كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كۆللەردىن بايقىغان سۇ جانلىقلىرىدىن قارىغاندا، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ چوڭلۇقى نامايان بولغان.

كۆنچى دەرياسىنىڭ باغراش كۆلىدىن باشلىنىپ تاشدەنگچە بولغان 65 كىلومېتىر دائىرىدىكى ئېقىنى يۇقىرى ئېقىن، خورا تېغىدىن باشئەگمگچە بولغان بۆلىكى ئوتتۇرا ئېقىن، ئۇنىڭ تۆۋەن قىسمى ئاياغ ئېقىن دەپ ئاتالغان. بۇ دەريا تارىختا لوپ كۆلگە قۇيۇلغان، قىسمەن تارىخىي دەۋرلەردە تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ، جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ قاراقوشۇن كۆلگە قۇيۇلغان (سۇ ئۇلغايغان ۋاقىتلاردا قاراقوشۇن كۆلىدىن ئېقىپ چىققان سۇ مۇشۇ كۆلدىن 10 مېتىردەك پەس بولغان لوپ كۆلگىمۇ قۇيۇلغان). 1990 ـ يىللاردىكى سۇغىرىش كۆلىمى 44 مىڭ 600 كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. 1952 ـ يىلى لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى لايلىق دەرياسىدا دامبا قۇرۇلۇپ تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرى ئۆز ئېقىنلىرىغا باشلاندى، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ تەدرىجىي زورىيىشى بىلەن ئىشلىتىلگەن سۇ سەرپىياتى ئېشىپ، 1972 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاقسۇپۇدىن تۆۋەن قىسمىدىكى 520 كىلومېتىر ئېقىندا سۇ توختاپ، ئېقىن پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەن.

**چەرچەن دەرياسى** قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ مۇزتاغ چوققىسىدىن باشلانغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 813 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 784 مىليون كۇب مېتىر. كەلكۈن ئەڭ كۆپ مەزگىلدىكى ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 406 كۇب مېتىر. بۇ دەريا ئەينى تارىخىي دەۋرلەردە چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىگە ئېقىپ كىرىپ، تارىم دەرياسى بىلەن تارتما كۆلىنى ھاسىل قىلغان، بۇ دەريالارنىڭ سۈيى ئۇلغايغان يىللاردا تارتما كۆلىدىن ئېقىپ چىقىپ، ئېقىن تارتىپ قارابوران كۆلگە، ئۇنىدىن كېيىن قاراقوشۇن كۆلگە قۇيۇلغان. سۇ يەنىمۇ كۆپ بولغان يىللىرى قاراقوشۇن كۆلىدىن ئېقىن تارتىپ چىقىپ لوپ كۆلگە قۇيۇلغان. 1949 ـ يىلى چەرچەن دەرياسى ۋادىسىدا 3000 دەك ئۆيلۈك 10 مىڭدەك ئاھالە بار ئىدى. 1900 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 27 مىڭ 300 مو ئىدى. 1950 ـ، 1960 ـ يىللىرى ئاھالىسى 20 مىڭغا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 80 مىڭ موغا يەتكەن. 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاھالە 38800 گە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 170700 موغا يەتكەن. دېمەك، چەرچەن دەرياسى بويلىرىدىكى ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ زورىيىشى سەۋەبىدىن بۇ دەريانىڭ چاقىلىق رايونىغا كېلىدىغان سۈيى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئازايغان، ھەتتا ئۈزۈلۈپ قېلىپ، زور كەلكۈن يۈز بەرگەن يىللىرىلا ئېقىپ كېلىدىغان بولغان.

**چاقىلىق دەرياسى** ئالتۇنتاغ تىزمىسىنىڭ ئاستىنتاغدىن باشلانغان، ئۇزۇنلۇقى 96 كىلومېتىر، سۇ يىغىلىش كۆلىمى 2775 كىۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 88 مىليون كۇب مېتىر، كەلكۈن ئەڭ كۆپ مەزگىلدىكى سېكۇنتلۇق ئېقىن مىقدارى 245 كۇب مېتىر. چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە ئىككى يېزا بوستانلىقى مۇشۇ

دەريانىڭ سۈيىگە تايىنىپ جان ساقلايدۇ.

**ۋاشىشەھىرى دەرياسى** ئالتۇنتاغ تىزمىسىنىڭ سۇلام تېغىدىن باشلىنىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 86 كىلومېتىر، سۇ يىغىلىش كۆلىمى 2287 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 68 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر. قارا كەلكۈن مەزگىلىدىكى سېكۇنتلۇق ئېقىن سۈرئىتى 153 كۇب مېتىر. بۇ دەريا ۋاشىشەھىرى بوستانلىقى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

**مۇران دەرياسى** ئالتۇنتاغ تىزمىسىنىڭ ئاستىنتاغدىن باشلانغان، ئۇزۇنلۇقى 137 كىلومېتىر، سۇ يىغىلىش كۆلىمى 4108 كۋادرات كىلومېتىر. يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 390 مىليون كۇب مېتىر، كەلكۈن ئەڭ كۆپ مەزگىلدە سېكۇنتىغا 863 كۇب مېتىر سۇ ئاققان. مۇران بوستانلىقىنىڭ (36 ـ تۇەن تۇرۇشلۇق بوستانلىق) ھاياتلىق مەنبەسى، يۇقىرى ئېقىنى «جاھانساي دەرياسى» دەپمۇ ئاتالغان.

## 2. لوپ رايونىدىكى كۆللەر

**لوپ (لوپنور) كۆلى** شەرقى تەرىپىدە تاغ بار، غەرب تەرىپى تارىم ئويمانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمال تەرىپى چۆللاغقا، جەنۇب تەرىپى ئالتۇنتاغقا تۇتىشىدۇ، لوپ رايونىنىڭ كۆلىمى 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. لوپ كۆلىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 780 مېتىر، 780 مېتىردىن پەس قىسمىنىڭ كۆلىمى 5350 كۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇرىسىنى ئېگىزلىك بۆلگەنلىكتىن، بۇ كۆل شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، شەرقىي كۆلنىڭ كۆلىمى 4900 كۋادرات كىلومېتىر، غەربىي كۆلنىڭ كۆلىمى 450 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ كۆلنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان ۋاقىتلاردا 9250 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. يېقىنقى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، لوپ كۆلى 1962 ـ يىلى ئەتراپىدا قۇرۇپ كەتكەن، قۇرۇغان ۋاقىتتىكى كۆلىمى 5400 كۋادرات مېتىر دائىرىدە ئىدى. چاقىلىق ناھىيەسى بۇ يەردە 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى لوپ كۆلى بازىرىنى تەسىس قىلدى. لوپ كۆلى رايونىغا قومۇل ۋە چاقىلىق ئارقىلىق يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. چاقىلىقتىن چىقىپ دۆلەت 315 ـ تاشيولىنى بويلاپ شەرققە 90 كىلومېتىردەك يۈرسە بەلگە تاختا قادالغان ئاچا يولغا كېلىدۇ، مۇشۇ ئاچا يولدىن شىمالغا بۇرۇلۇپ 203 كىلومېتىر يۈرسە يېڭىدىن قەد كۆتۈرۈۋاتقان شەھەرگە يېتىپ كېلىدۇ. مانا بۇ يېڭىدىن بەرپا بولۇۋاتقان شەھەر، دۆلەت مەبلەغ سالغان لوپ كۆلى كالىيلىق تۇز شىركىتى تۇرۇشلۇق جاي، شۇنداقلا لوپ كۆلى بازىرى تۇرۇشلۇق جايدۇر. لوپ كۆلى بىلەن چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ تۇز سىزىقلىق ئارىلىقى 240 كىلومېتىر ئەتراپىدا. بۇ كۆل توغرۇلۇق خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خېلى كۆپ مەلۇماتلار يېزىلغان، «تاغ ـ دەريالار تەپسىراتى»دا 泑泽 دەپ يېزىلغان. پىروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى 泑 خېتىنىڭ 黝 بىلەن ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى، «قارا» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ناۋادا بۇ قاراش قوبۇل قىلىنسا، مىلادىيەنىڭ

باشلىرىدا بۇ نام «قاراكۆل» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە سۇنىڭ رەڭگىنىڭ قارا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىكەن. «تارىخىي خاتىرىلەر»دە «تۇزكۆل» (盐泽)، «خەننامە»دە «پىچانكۆل» (蒲昌海) دەپ، يېزىلغان. «دەريا ـ ئېقىنلار تەپسىراتى»دا «牢兰海»، بەزى ماتېرىياللاردا 辅日海 دېگەندەك ناملاردىمۇ خاتىرىلەنگەن[1].

**تارىختا لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان دەريالار** تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي چېتىگە جايلاشقان بۇ كۆلنىڭ شەكىللىنىشىدە قايسى ئېقىنلار رول ئوينىغان؟ ئىلىم ساھەسىدە «تارىم دەريا ۋادىسى» دېيىلگەن ئاتالغۇ بار، بۇ ئاتالغۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، قايدۇ ـ كۆنچى، دىنار، ئۆگەن بىلەن كۇچا، كېرىيە ۋە چەرچەن دەريالىرىدىن ئىبارەت توققۇز چوڭ سۇ سىستېمىسىدىكى 144 دەريا ـ ئېقىننىڭ ئومۇمىي نامىدىن ئىبارەت، شۇڭىمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە يازمىلاردا كۆلنىڭ نامىغا تەبىر بېرىپ، ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن سۆز، «سۇنىڭ يىغىلىدىغان جايى» دەپ شەرھىي بېرىلگەندى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا يۇقىرىقى دەريالار تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى لوپ رايونىغا ئېقىپ كېلىپ نۇرغۇن كۆللەرنى ھاسىل قىلغان. بۇ دەريالاردىن چەرچەن دەرياسى تارىم دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ قارا بوران كۆلىگە قۇيۇلغاندىن باشقا، باشقا دەريا ـ ئېقىنلار ئاساسەن تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىغا قوشۇلۇپ ئاققان. تارىم ۋە كۆنچى دەرياسى بەزى مەزگىللەردە قوشۇلۇپ تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى بويىچە جەنۇبقا ئېقىپ، چەرچەن دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ قارا بوران كۆلىگە، ئۇنىڭدىن ئېقىپ چىقىپ قارا قوشۇن كۆلىگە قۇيۇلغان، سۇ تازا كۆپەيگەن ۋاقىتلاردا قاراقوشۇن كۆلىدىن ئېقىن تارتىپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان دەۋرلەرمۇ بولغان. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ دەريالار قوشۇلۇپ كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنى بويىچە ئېقىپ لوپنور كۆلىگە قۇيۇلغان. بەزى دەۋرلەردە تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرى ئۆز ئېقىنلىرى بىلەنمۇ ئاققان. تارىم دەرياسى 1960 ـ يىلىدىن بۇرۇن جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ تىكەنلىك ← يېڭىسۇ ← ئارغان ← توقۇم ← يىكەنبۇلجامال ← قورغان ← لوپ لەڭگەر ← تارتما كۆلى ← قارابوران كۆلى ← قاراقوشۇن كۆلى ← لوپ كۆلى (سۇنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرەتتىن قارىغاندا، قارا قوشۇن كۆلىدىن لوپ كۆلىگىچە بولغان ئارىلىق 40 كىلومېتىر كېلىدىغان، كەڭلىكى 500 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بىر ئېقىن بار). سۇ تازا كۆپەيگەن ۋاقىتلاردىلا ئاندىن تارىم دەرياسى ئېقىنى بويىچە ئاققان سۇ لوپ كۆلىگە قۇيۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لوپ كۆلىنىڭ مەركىزىي قىسمى دېڭىز يۈزىدىن 780 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، كۆلىمى 5350 كۋادرات كىلومېتىر، قالغان قىسمىلىرى 800 مېتىر ئەتراپىدا، قاراقوشۇن كۆلى دېڭىز يۈزىدىن 810 مېتىر ئېگىز. لوپ كۆلىدە مىلادىيە 300 ـ يىللاردىن بۇرۇن 8426 كۋادرات كىلومېتىر، 400 ـ

[1] خۇاڭ ۋېنبى: «لوپنور ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە»، بېيجىڭ، 1948 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ، 2 ـ بەتلەر.

يىلىدىن 1200ـ يىلىغىچە 4183 كۋادرات كىلومېتىر، 1200 ـ يىلىدىن 1600 ـ يىلىغىچە 2341 كۋادرات كىلومېتىر، 1600 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىلىغىچە 1708 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدە سۇ بارلىقى كۆرسىتىلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ زورىيىشى، سۇ ئامبارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى سەۋەبىدىن، تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىدىن لوپ رايونىغا كېلىدىغان سۇ ئازلىغان. چارا، داشكۆل، تارىم سۇ ئامبارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، 1960 ـ يىلىدىن كېيىن ئاز مىقداردىكى سۇ تارىم دەرياسى ئېقىنىدا ئاقىدىغان بولغان. 1972 ـ يىلىدىن باشلاپ داشكۆل سۇ ئامبىرىدىن تۆۋەنكە — تارىم دەرياسىنىڭ ئەسلىي ئېقىنىغا سۇ ئاقمىغان. كۆنچى دەرياسىنىڭ باغراش كۆلىدىن لوپ كۆلىگىچە بولغان مۇساپىسى 785 كىلومېتىر. 1952 ـ يىلى تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى توسۇلۇپ ئەسلىي ئېقىنىدا ئاقتۇرۇلغاندىن كېيىن كۆنچى دەرياسى داۋاملىق ئەسلىي ئېقىنى بويىچە ئېقىپ، 1960 ـ يىلىغىچە لوپ كۆلىگە قۇيۇلۇپ تۇرغان. كۆنچى دەرياسى باشئەگمەدىن چىققاندىن كېيىن ئاساسلىقى كورلا شەھىرى ۋە لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. 1958 ـ يىلى پوخوي توغىنى سېلىنىپ، پوخوي دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان، شۇنىڭ بىلەن لوپنور ناھىيەسىنىڭ ئاقسۇپۇغا كېلىدىغان سۇيى ئازلاپ كەتكەن، شۇندىن كېيىن ئاقسۇپۇدا توغان سېلىنىپ، ئېقىن توسۇلۇپ يايلاق بەرپا قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنى ئاقسۇپۇدا ئۈزۈلۈپ ئاياغ ئېقىنىدا سۇ قالمىغان. 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ دەريا ئېقىنى لوپنور ناھىيەسىنىڭ ئاقسۇپۇدا ئۈزۈلۈپ قالغان، 1970 ـ يىللىرىدىن باشلاپ كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاقسۇپۇغىچە بولغان 298 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدىلا سۇ ئاققان، شۇ سەۋەبتىن، ئاقسۇپۇدىن لوپ كۆلىگىچە بولغان 423 كىلومېتىرلىق ئېقىن قۇرۇپ كەتكەن، نەتىجىدە سىرلىق لوپ كۆلىمۇ 1972 ـ يىلىدىن بۇرۇن تامامەن قۇرۇپ كەتكەنلىكى سۈرەتتىن بىلىنگەن، قۇرۇغاندىكى ئاخىرقى كۆلەم 450 كۋادرات كىلومېتىر. لوپ كۆلىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغاندا 5000 كۋادرات كىلومېتىردىن چوڭراق بولغان. 1930 ـ ~ 1931 ـ يىلىدىكى ئۆلچەنگەن ئەمەلىي كۆلىمى 1900 كۋادرات كىلومېتىر، 1942 ـ يىلى 3006 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. 1958 ـ يىلى شىنجاڭدا ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولغانلىقتىن، كۆلگە قۇيۇلىدىغان سۇ كۆپىيىپ، كۆلنىڭ كۆلىمى 5738 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي كۆل رايونىنىڭ كۆلىمىلا 4900 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. ئالىملارنىڭ 1958 ـ يىلىدىكى سۇ مىقدارىنى ھېسابلىشىچە، كۆلدە 153 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىر سۇ بار ئىدى. 1959 ـ يىلى تەكشۈرۈشتە بايقىلىشىچە، كۆل ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 50 ~ 100 مېتىر تارايغان. 1962 ـ يىلى ئالەم ئايروپىلانىدا (corona) تارتىلغان سۈرەتتىكى كۆلىمى 660 كۋادرات كىلومېتىر بولغان. 1972 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ يەر شارى بايلىق زاپىسى 1 ـ سۈنئىي ھەمراھى تارتقان سۈرەتتىن كۆلنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولغان.

لوپ كۆلى بىلەن قاراقوشۇن كۆلىنىڭ ئارىسى 40 كىلومېتىر، بەزى ئۆچۈرلارغا قارىغاندا دەريانىڭ كۆلدىن چىقىش ئېغىزى 800 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا ئىدى. لوپ كۆلىگە قۇيۇلۇش ئېغىزى يېيىلىپ ئاقىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 30 ~ 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، قاراقوشۇن كۆلىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى لوپ كۆلىدىن 10 مېتىر ئېگىز.

**دۇنياۋى ئىلىم مۇنازىرىسىگە ئوت ياققان لوپ كۆلى** 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەرب دۇنياسىغا «قاراڭغۇ ماكان» بولۇپ تۇرۇۋاتقان تارىم ئويمانلىقىغا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى كېلىپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى، جۈملىدىن لوپ رايونىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىمۇ ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزلىرى چۈشتى. شۇ تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىدىن بالدۇرراق كەلگەنلەردىن رۇسىيەلىك مىخائىل نىكويىلوۋىچ پىرژېۋالسكى 1876 ـ، 1885 ـ يىللىرى لوپ رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىن كېيىن، خەنزۇچە كىلاسسىك يازمىلاردا تىلغا ئېلىنغان تۇزلۇق كۆل ــ لوپ كۆلىنىڭ ئورنىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى، كۆلنىڭ تۇزلۇق بولماستىن تاتلىق سۇلۇق كۆل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى بولۇپ ئىلىم ساھەسىدە قوللانغان ئاتاقلىق شەرقشۇناس، گېرمانىيەلىك ئالىم رىچخوفېن گەرچە ئەمەلىي تەكشۈرۈش پۇرسىتىگە نائىل بولمىغان بولسىمۇ، كىلاسسىك يازمىلارغا ئاساسلىنىپ پىرژېۋالسكى ئېيتقان «لوپ كۆلى»نىڭ تارىختىكى لوپ كۆلى ئەمەسلىكى، تارىختىكى لوپ كۆلىنىڭ «تۇزلۇق كۆل» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. رىچخوفېننىڭ شۋېتسىيەلىك شاگىرتى دوكتور سېۋېن ھېدىن ئۇستازىنىڭ نەزەرىيەسىنى ئىسپاتلاش ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۈچۈن تارىم ۋادىسىغا كېلىپ، تارىم ۋە كۆنچى دەريا بويلىرىنى تەكشۈرگەن. 1900 ـ يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئېقىنىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا كۆنىمەزدە لوپ كۆلى دېيىلىۋاتقان كۆلنى بايقىغان ھەمدە كۆپ تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 1905 ـ يىلى ماقالە ئېلان قىلىپ «كۆچمە كۆل نەزەرىيەسى»نى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇ نەزەرىيە بويىچە بولغاندا، لوپ كۆلىنىڭ ئورنى «جەنۇبىي كۆل» (پىرژېۋالسكى بايقىغان كۆل، يەنى «قاراقوشۇن كۆلى») ۋە «شىمالىي كۆل» (كۆنىمەزدە دېيىلىۋاتقان لوپ كۆلى) بولۇپ، دەريانىڭ ئېقىن يۆتكىشى بىلەن ئىككى ئارىلىقتا كۆچىدۇ، كۆچۈش دەۋرىيلىكى 1500 يىل، ئۇزۇنغا قالماي شىمالدىكى لوپ كۆلىگە سۇ قۇيۇلىدۇ، دەپ قارىغان. پىرژېۋالسكى 1888 ـ يىلى ئىسسىق كۆل بويىدا قازا قىلغانلىقتىن، شاگىرتى كوزلوف ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ رايوندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، لېكىن ئۇستازىدىن ھالقىغان بىرەر بايقاشقا ئېرىشەلمىگەن. شۇندىن باشلاپ ئىلىم ساھەسىدىكى مۇنازىرە داۋام قىلماقتا ئىدى. جۇڭگو بىلەن شۋېتسىيە غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، 1927 ـ يىلدىن 1935 ـ يىلىغىچە سەككىز يىل ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1927 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شۇ ئۆمەك تورپاندا تۇرغان ۋاقىتتا، ساراي غوجايىنىدىن قاقشاللىق (يىگپەن) ئەتراپىدىكى دەريادا ئاققان سۇ توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى ئاڭلىغان دوكتور سېۋېن ھېدىن 1900 ـ، 1901 ـ

يىلىدىكى خەرىتىسىگە سىزىلىشتۇرۇپ، «شىمالىي كۆل» — لوپ كۆلىگە سۇ قۇيۇلغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن. 1934 - يىلى ما جوڭيىڭنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنى بېسىقتۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىششقا ئەۋەتكەن قوماندانى بېكتوف، شېڭ شىسەينىڭ ئۇلارنى شەرقىقە يۈزلىنىپ لوپ رايونىدا ئېكسپېدىتسىيە قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۆنچى دەرياسى بىلەن تۆۋەن ئېقىنغا قاراپ يۈرۈپ، لوپ كۆلىدە كېمە تاياپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، سېۋېن ھېدىننىڭ «كۆچمە كۆل نەزەرىيەسى» شۇنىڭدىن بېرى كۆپىنچە ھاللاردا ئىلىم ساھەسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان نەزەرىيەگە ئايلانغان. شۇنداقتىمۇ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار توختاپ قالمىدى، بۇ نەزەرىيە ئەمەلىيەتتە تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىتىلغان. سېۋېن ھېدىن 1905 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى 1500 يىلنى دەۋر قىلىپ كۆچىدۇ، يات ئارىدا تارىختىكى لوپ كۆلىگە سۇ قۇيۇلىدۇ، دېگەن قارىشى 1921 - يىلى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىلەر تېخىچە توختىغىنى يوق. شۇنىڭدىن بېرى لوپ كۆلى توغرۇلۇق تۈرغۈن كۆل، كۆچمە كۆل، ئورنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان كۆل دېگەندەك ھەر خىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئېلىمىز ئالىملىرى ئاساسەن كۆچمەيدىغان كۆل نەزەرىيەسىنى كۆپرەك ياقلىدى، تەكشۈرۈش داۋامىدا سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىنىڭ ياردىمىدە قاراقوشۇن كۆلى بىلەن لوپ كۆلىنى تۇتاشتۇرىدىغان 40 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئېقىنمۇ بايقالغان. ئېلىمىز ئالىملىرىدىن شى گوجىن مۇشۇ ھەقتە كۆپرەك تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنى تارىخىي دەۋرلەردە بىرقانچە ئورۇندا بولغان. (1) كىروران لوپ كۆلى، بۇ دەۋر مىلادىيە 600 - يىلىدىن بۇرۇنقى دەۋر بولۇپ، ھازىر ئېيتىلىۋاتقان لوپ كۆلىدىن ئىبارەت. (2) مۇران لوپ كۆلى، بۇ دەۋر 600 - يىلىدىن 1000 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتتا ۋە 18 -، 19 - ئەسىردە كۆرۈلگەن قاراقوشۇن كۆلى ياكى ئەتراپلىرى ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى بولغان. (3) يېڭىسۇ - ئارغان لوپ كۆلى، بۇ كۆل 1000 - يىلىدىن 1700 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتتىكى قۇيۇلۇش ئورنى بولغان. (4) قاراقوشۇن لوپ كۆلى، بۇ 1720 - يىلىدىن 1921 - يىلىغىچە بولغان دەۋردىكى قۇيۇلۇش ئورنى بولغان. (5) كىروران لوپ كۆلى، بۇ دەۋر ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئۇزۇن داۋاملاشماستىن ئاخىرلاشقان، يەنى 1921 - يىلىدىن باشلاپ سۇ قۇيۇلۇپ، قۇيۇلىدىغان سۇ ئۇزۇلگەنلىكتىن 1972 - يىلى ئەتراپىدا قۇرۇپ كەتكەن. جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىدىن ئالغاندا، لوپ رايونىنىڭ يەر قاتلاملىرىنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق تارىخىي دەۋرلەردىكى سۇ مىقدارى، ئورنى ۋە شۇ ۋاقىتلاردىكى كىلىمات مەسىلىلىرى تەدرىجىي ئېنىقلانغۇسى.

**تارىختىكى لوپ كۆلى** لوپ كۆلى (لوپنور كۆلى) رايونى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى

مۇشۇ ئەتراپتىن خېلى كۆپ مىقداردا تاش قوراللار بايقالغان. ئۇندىن باشقا ئانچە يىراق بولمىغان قەبرەغول (گۇموگو)دىن تېپىلغان جەسەتلەر (جۇملىدىن كىروران گۈزىلىنىڭ جەسىتى)نىڭ بۇندىن 3800 يىللار بۇرۇن ياشىغانلىقىنى ئارخېئولوگىيە ئىسپاتلاپ بەردى. بەزى ئالىملار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللار ئەتراپىغا تەۋە يادىكارلىقلارنىڭ جۇملىدىن ئىزلارنىڭ بايقالمىغانلىقىغا قاراپ، كۆل مۇشۇ دەۋردە قۇرۇپ كەتكەن، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىللاردىن بۇرۇنقى زامانلاردىلا كىروران شەھىرىنىڭ ۋە بەگلىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدەك يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقى قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش زۆرۈرىيىتى بارلىقى ئاشكارىلانماقتا. بۇندىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ «تاغ ـ دەريالار شەرھىيسى» ناملىق كىتابتا لوپ كۆلى 泑泽 (قاراكۆل)، مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا 蒲昌海 (پىچان كۆلى) ياكى 盐泽 (تۇزلۇق كۆل دېگەن مەنىدە) دەپ خاتىرىلەنگەن. 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردىكى يازمىلاردا 牢兰海 دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇ ئەمەلىيەتتە كىروران نامىنىڭ خەنزۇچە يازمىلاردىكى تەلەپپۇز خاتىرىسى 楼兰نىڭ باشقىچە يېزىلىشىدىن ئىبارەت. مەھمۇد كاشغەريي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن يۇملاق خەرىتىدە كۆلنىڭ ئورنى سىزىلغان، لېكىن نامى يېزىلماستىن «قۇملۇق ۋە سۇ سىڭىپ كېتىدىغان جايلار» دېگەن ئىزاھات بېرىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانى گەرچە لوپ كۆلىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتالمىساقمۇ، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى ھەققىدە بولۇۋاتقان بايان ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. 13 ـ ئەسىردە لوپ نامىنىڭ مۇشۇ رايوننىڭ ئومۇمىي نامى ئىكەنلىكى، شۇ نامدا شەھەر بولغانلىقى ئايدىڭ، يەنە يۈەن سۇلالىسىنىڭ 1276 ـ يىلى لوپ (罗卜) دېگەن جايدا رابات تەسىس قىلغانلىقى مەلۇم. «ماركوپولونىڭ ساياھەتنامىسى»دە، چەرچەندىن چىقىپ بەش كۈن يۈرگەندە Lop شەھىرىگە يېتىپ بارىدىغانلىقى يېزىلغان. 1561 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ياكوپ جاستالدىنىڭ خەرىتىسىدە لوپ قۇملۇقى DISERTODE LOP دەپ يېزىلغان. دوكتور سېۋېن ھېدىننىڭ «كۆچمە كۆل» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن، 1733 ـ يىلى رېنارت سىزغان خەرىتىگە قارىغاندا، شۇ دەۋردە قارابوران كۆلى (تارىم ۋە چەرچەن دەرياسى قوشۇلغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان كۆل، كۈنىمىزدە تارتما كۆلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) لەپ (Läp) دەپ يېزىلغان. رېنارت سىزغان خەرىتىدىكى لوپ نامىنىڭ جۇڭغار خانلىقىدا سىزىلغان خەرىتىدىن كەلگەنلىكى مەلۇم. 1875 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ستىلېر ئاددىي ئاتلىسى»دا لوپنور كۆلى (Lobnoor)، دەپ يېزىلغان. 1725 ـ يىلىدىن كېيىنكى خەنزۇچە يازمىلاردا 罗布诺尔 ~ 罗布脑儿 ~ 罗布淖尔 دەپ يېزىلغان. 1920 ـ يىللىرى قەشقەردىكى شۋېت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار سىزغان خەرىتىدە «لوبنۇر» دەپ يېزىلغان، بۇ كۆل ئەمەلىيەتتە كۈنىمىزدىكى لوپ كۆلىدۇر. 1908 ـ يىلى يېزىلغان «چاقىلىقنىڭ خەرىتىلىك يۇرت تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن، شۇ زاماندا سىزىلغان خەرىتىدە تارىم دەرياسى بىلەن چەرچەن دەرياسى قوشۇلغان يەردىكى كۆل «لوپنور»،

قاراقوشۇن كۆلى بولسا «ئابدال كۆلى»، لوپ كۆلى «يۇلتۇز كۆل»، ئارغاننىڭ شەرقىدىكى كۆل (ئەينى زاماندا «ساداق كۆل» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك) «كۆنچى كۆلى» دەپ كۆرسىتىلگەن. 1909 ـ يىلى سىزىلغان «قاراشەھەر مەھكىمىسىنىڭ ئومۇمىي خەرىتىسى»دە لوپ كۆلى كۆنچى كۆلى (孔雀海)، «قارابوران كۆلى»، «لوپ كۆلى»، قاراقوشۇن كۆلى «شوركۆل (硕洛浣)»، دەپ يېزىلغان. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇندىن ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇنقى زاماندىن باشلاپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي تەرىپى، يەنى تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ تۆۋەن قىسمى لوپ دەپ ئاتالغان، شۇ سەۋەبتىن مۇشۇ رايوندىكى كۆللەر توغرىراقى چوڭراق كۆللەر دائىم لوپ كۆلى دەپ ئاتالغان، تاكى يېقىنغىچە لوپ رايونىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولمىش لوپلۇقلار چوڭ كۆللەرنى «لوپ كۆلى» دەپ ئاتىغان. لوپ كۆلى دېگەن نام تاكى 1725 ـ يىللىرىغىچە ئەينەن قوللىنىلغان. 1723 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ رايونغا كەلگەن ئەلەمدار، قەلەمدار مانجۇ، موڭغۇللار لوپتىكى كۆل دېگەن مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆز تىلىدا كۆل مەنىسىنى بېرىدىغان «نور» (noor)نى قوشۇپ «لوپنور» دەپ ئاتاپ، خانغا يوللىغان مەلۇماتنامىلىرى ۋە كىتابلىرىدا 罗卜脑儿 دەپ يازغان. غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش بىلەن بىرگە كىلاسسىك ئەسەرلەرنىمۇ تەتقىق قىلغان بولغاچقا، ئۇلار ئەسەرلىرىدە يەرلىكلەرنىڭ تىلى بويىچە لوپ نامىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە، خەنزۇچە يازمىلاردىكى لوپنور نامىنىمۇ قوشۇپ قوللانغان، ئەمما يەرلىك ئاھالىلەر تاكى 1960 ـ يىللىرىغىچە لوپ دېگەن نامنى قوللانغان، شۇڭا چاقىلىقتا لوپنىڭ قىبقىرى، لوپلۇقلار، لوپ لەڭگەر، لوپ مەھەللىسى دېگەن ناملار تېخىچە قوللىنىلماقتا. كۈنىمىزدە كۆلنىڭ نامى خەنزۇچىدا 罗布泊 دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ، بۇنى تىلىمىزغا بىۋاسىتە «لوپ كۆلى» (بۇرۇنقى يازمىلاردىكى لوپنور نامىمۇ لوپ كۆلى دېگەنلىكتىن ئىبارەت) دەپ ئالساق، تارىختىكى نامغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، لوپنور ناھىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋالىدىغان سېزىملەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ①.

لوپ كۆلى ئېلىمىزنىڭ مۇھىم كالىيلىق تۇز زاپىسى كانى، ھازىرقى مۆلچەردىن قارىغاندا زاپىسى 500 مىليون توننىدىن، ئىقتىسادىي قىممىتى 500 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ. 2002 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بۇ يەردە لوپ كۆلى بازىرى تەسىس قىلىنغان ۋە 4 ـ ئايدا رەسمىي قۇرۇلغان. 2009 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 4200 كىشىگە يەتكەن. يېقىن كەلگۈسىدە لوپ كۆلىدە يېڭىدىن بىر سانائەت شەھىرى قەد كۆتۈرگۈسى.

**تارتما كۆلى** چەرچەن دەرياسى چاقىلىق ناھىيەسىگە ئېقىپ كىرگەندىن كېيىن، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى بىلەن قوشۇلۇشتىن بۇرۇن شەكىللەندۈرگەن، لوپ لەڭگەرنىڭ ئەتراپىدىكى كۆلنىڭ نامى. غەربتىن سۇ ئېقىپ كىرسە شەرق تەرەپتىن ئېقىپ چىقىپ، قارابوران كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. تارىم ۋە چەرچەن دەريالىرىنىڭ سۈيى كۆپەيگەن

① مەتبۇئات خەۋەرلىرىدە لوپنور كۆلى دېگەن نام بىلەن لوپنور ناھىيەسىنى بىرلەشتۈرۈۋالىدىغان ئەھۋال كۆپ كۆرۈلگەنلىكتىن، چاقىلىق ئاھالىلىرى ئىچىدە مۇشۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىنماقتا. ئەمەلىيەتتە، كۆل نامىنى ئەسلىي ھالىتى بىلەن «لوپ كۆلى» دەپ ئاتىساق، لوپنور ناھىيەسى بىلەن باغلىۋالىدىغان ئەھۋاللاردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ.

مەزگىللەردە، قارابوران كۆلى بىلەن تارتما كۆلى قوشۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان، شۇڭا بەزى ماتېرىياللاردا بۇ ئىككى كۆلنى بىرلەشتۈرۈپ چوڭكۆل ياكى قارابوران كۆلى دەپ ئاتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بەزى ماتېرىياللاردا، بۇ نام خەنزۇچە تەيتېماخۇ (台特玛湖) دەپ يېزىلغىنىغا قاراپ، تەيتېما كۆلى ياكى تېتىما كۆلى دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ توغرىسى تارتما كۆلىدۇر، بۇ كۆل 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇپ كەتكەن. سىتەيىن 1906 ـ يىلى ئىشلىگەن خەرىتىدە بۇ كۆلنىڭ taitma كۆلى دەپ يېزىلغانلىقىدىن بۇ نامنىڭ تايتما ~ تارتما ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىشقا بولىدۇ. 2003 ـ يىلى چەرچەن دەرياسىدىن خېلى مىقداردا سۇ ئېقىپ كەلگەنلىكتىن قايتىدىن كۆل ھاسىل بولدى ۋە تارىم دەرياسىغا باغراش كۆلىدىن باشلاپ كەلگەن سۇ بىلەن قوشۇلۇپ، 2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كۆلىمى 100 كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. شۇندىن بۇيان تارىم دەرياسى ئېقىنى بويىچە قويۇپ بېرىلىۋاتقان سۇ مانا مۇشۇ لوپ لەڭگەر ئەتراپلىرىدا خېلى چوڭ كۆلەمدە كۆل ھاسىل قىلدى ۋە چاقىلىقنىڭ كىلىماتىغا مەلۇم ئۆزگىرىش يەنى يېغىن كەلتۈردى.

**قارابوران كۆلى** قارابوران كۆلى تارىم ۋە چەرچەن دەريالىرى قۇيۇلىدىغان كۆللەرنىڭ بىرى، تارىم دەرياسى بىلەن تارتما كۆلىدىن ئېقىپ چىققان سۇ قۇيۇلۇپ قارابوران كۆلىنى ھاسىل قىلغان. تارىم دەرياسى ئارغان كېچىكى ئەتراپىدا كۆيۈك ئارا دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، جەنۇبقا 70 نەچچە كىلومېتىر ئاققاندىن كېيىن، قارابوران كۆلىگە قۇيۇلغان. بۇ كۆلنىڭ ئورنى لوپ لەڭگەرنىڭ شەرقىدە، كۆلىمى 83 كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ (1876 ـ يىلى پىرژىۋالسكى قارابوران كۆلى بويىغا كەلگەندە، بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 نەچچە كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 نەچچە كىلومېتىر ئىدى.) بۇ كۆلدىن ئېقىپ چىققان سۇ شەرققە داۋاملىق ئېقىپ قاراقوشۇن كۆلىگە قۇيۇلغان. قارابوران كۆلى ئادەتتە «چوڭ كۆل» دەپمۇ ئاتالغان، بەزى مەنبەلەردە يەنە «بوزكۆل» دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن، بۇ ئەتراپتا قارا بوران كۆپ چىققانلىقى ئۈچۈن «قارابوران كۆلى» دەپ ئاتالغان. ھازىرقى كۈندە بۇ كۆل كۆپىنچە «تارتما كۆلى» دەپ ئاتالماقتا، ئەمەلىيەتتە بۇ نام خاتا بولمىسىمۇ بۇ كۆلنىڭ ئۆز نامىنى قوللانغان ياخشى بولۇشى مۇمكىن. ھۆل ـ يېغىن كۆپەيگەن يىللىرى قارابوران كۆلى بىلەن تارتما كۆلى قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ كۆلگە كېلىدىغان سۇ مىقدارى ئازىيىپ ئاخىرى ئېقىن ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، 1974 ـ يىلى تەلتۆكۈس قۇرۇپ كەتكەن. 1958 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئۆمىكى بۇ كۆلنى تەكشۈرگەن، بۇ ۋاقىتتا بەش پارچە كۆلدىن تەركىب تاپقانىدى، كۆلىمى 250 كىۋادرات كىلومېتىرغا، سۈيىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىمۇ ئىككى مېتىرغا چۈشۈپ قالغان. مۇشۇ كۆل بويىدا بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بىر قانچە مەھەللە بولغانلىقىدىن ئۇچۇر بولسىمۇ ئىسمى نامەلۇم، شۇلارنىڭ ئىچىدىن چاينۇت، چار، لوپ مەھەللىلىرىنىڭ ناملىرى مەلۇم.

**قاراقوشۇن كۆلى** 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ھاسىل بولغان بۇ كۆل شۇندىن باشلاپ تاكى 1921 ـ يىلىغىچە لوپلۇقلارنىڭ مۇھىم بىر پائالىيەت سورۇنى بولغان. 1876 ـ يىلى

بۇ يەرگە كەلگەن پىرژېۋالسكى مۇشۇ كۆلنى خاتا ھالدا لوپ كۆلى دەپ قارىغان (بۇ ۋاقىتتا كۆلنىڭ غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىردىن ئاشقان، كۆلنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئەڭ كەڭ يەرى 20 كىلومېتىر كەلگەن.) تارىم، كۆنچى ۋە چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئېقىنىنىڭ ئۆزۈلۈپ قېلىشى قارابوران كۆلى، قاراقوشۇن كۆلى ۋە تارتما كۆللىرىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ كۆل 1920 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى قۇرۇپ كەتكەنچە قايتا شەكىللىنەلمىدى، چۈنكى 1921 - يىلى ئېقىن ئۆزگەرتكەن تارىم ۋە كۆنچى دەرياسى 1950 - يىللارنىڭ بېشىدا كونا ئېقىنغا باشلىنىپ بىر تارام سۇ قارابوران كۆلىگىچە كەلگەن بولسىمۇ تارىم، كۆنچى دەريا ۋادىلىرىدىكى تېرىلغۇنىڭ كۆپىيىشى بىلەن دەريا سۈيى ئازلاپ كەتكەنلىكتىن، قاراقوشۇن كۆلىگە يېتىپ كېلەلمىگەن، شۇندىن باشلاپ بۇ كۆل قايتا سۇغا تولۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى.

**جۇغراپىيەلىك ئۆزگىرىشلەر** 1876 - يىلى پىرژېۋالسكى لوپ رايونىغا كېلىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلدى ھەمدە قاراقوشۇن كۆلىنى تارىختىكى لوپ كۆلى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ يەنە بۇ كۆلنىڭ تۇزلۇق كۆل بولماستىن تاتلىق سۇلۇق كۆل ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو خەرىتىلىرىدىكى لوپ كۆلىنىڭ ھازىرقى كۆلنىڭ بىر گىرادۇس شىمالىدا ئىكەنلىكى، جۇڭگو خەرىتىلىرىنىڭ ئانچە توغرا بولمىغانلىقى قاتارلىق قاراشلىرىنى ئېلان قىلغان. مانا بۇ ۋاقىتتا گېرمانىيەلىك ئالىم رىچخوفېن پىرژېۋالسكى بايقىغان كۆلنىڭ تارىختىكى لوپ كۆلى ئەمەسلىكى، لوپ كۆلىنىڭ تۇزلۇق كۆل ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ پىرژېۋالسكى ئېيتقان كۆلنىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. رىچخوفېن بىلەن پىرژېۋالسكىينىڭ نەزەرىيەۋى بايانى بىلەن ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر قاتار ئىلمىي مۇنازىرىلەر ھەمدە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققان. پىرژېۋالسكى 1885 - يىلى يەنە بىر قېتىم كېلىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلغان بولسىمۇ يېڭى بايقاشقا ئېرىشەلمىگەن، ئۇ يەنە بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشكە ئاتلانغىنىدا، 1888 - يىلى ئىسسىقكۆل بويىدا ۋاپات بولغان. پىرژېۋالسكى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتى كوزلوف يەنە بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشنى تاماملىغان، ئەمما ئۇنىڭ ئېرىشكىنىمۇ ئۇستازىنىڭ تۇنجى بايقىشىدىن بەك ھالقىيالمىغان. پىرژېۋالسكى ئۆزىنىڭ بەزى جايلارنى تەكشۈرۈيەلمىگەنلىكىدىن ئارماندا كەتكەن. رىچخوفېننىڭ نەزەرىيەسىنى ئىسپاتلاش ئىشىنى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى، دوكتور سېۋېن ھېدىن ئۈستىگە ئالغان ھەمدە 1898 - يىلىدىن 1901 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا لوپ رايونىدا ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە مەشھۇر لوپ كۆلىنى، سىرلىق كىروران شەھىرىنى بايقاپ دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرغان. سېۋېن ھېدىننىڭ لوپ كۆلىنىڭ تارىخىي ئورنىنى بايقىشى بىلەن خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغان لوپ كۆلىنىڭ ئورنى مەسىلىسىدىكى مۇنازىرە يەنى سېۋېن ھېدىن بىلەن كوزلوف ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە تەدرىجىي بېسىققان. 1905 - يىلى سېۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشلىرى، ئۆلچىگەن سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن، لوپ كۆلىنى

«كۆچمە كۆل» دەپ ئېلان قىلغان ھەمدە «كۆچمە كۆل» نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ نەزەرىيەسىدە لوپ كۆلى كىروران شەھىرى يېنىدىكى لوپ كۆلى بىلەن قاراقوشۇن كۆلى ئارىسىدا كۆچۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ دەۋرىيلىكى 1500 يىل بولىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قۇيۇلۇش ئورنى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ دېگەنلىكتىن ئىبارەت. سېۋېن ھېدىننىڭ بايانىدىن كېيىنكى بىر ئەسىردىن بۇيان، بۇ نەزەرىيە نۇرغۇن ئىلىم مۇنازىرىلىرىگە سەۋەب بولدى، مۇنازىرە ھازىرغىچە توختىغىنى يوق. بۇ نەزەرىيەگە قارشى كۆچمەيدىغان كۆل قارىشى ۋە يۆتكىلىپ تۇرىدىغان كۆل دېگەندەك نۇرغۇن قاراشلار ئوتتۇرىغا چۈشتى. مەيلى قانداق بولمىسۇن، 1921 ـ يىلى سۇنئىي سەۋەب ۋە ياكى تەبىئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولسۇن، تارىختىكى لوپ كۆلى يەنى كىروران لوپ كۆلى ئاخىرقى قېتىم سۇغا تولدى. 1934 ـ يىلى سېۋېن ھېدىن كۆنچى دەرياسى ئېقىنىدا كېمە تاياپ تارىختىكى لوپ كۆلىگە بارغان ھەمدە تەكشۈرگەن. ئالىم شۇندىن كېيىن لوپ رايونىغا قايتا كېلەلمىدى، لېكىن مۇشۇ ئىككى كۆلنىڭ ئارىلىقىدا يەنە بىر ئارىلىق كۆل بولۇشى كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلسىمۇ بۇنى ئىسپاتلىيالماي ئارماندا كەتتى. كىروران لوپ كۆلىنىڭ قايتىدىن سۇغا تولۇشى بىلەن سېۋېن ھېدىننىڭ «كۆچمە كۆل» نەزەرىيەسى زور كۆپچىلىك ئالىملار ئارىسىدا ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشتى، ئەمما ئىلمىزدە بۇنىڭغا قارشى پىكىر ئېقىمى ئىزچىل ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ تاكى 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلدى. ئېلىمىزدىمۇ ئىككى قېتىملىق زور تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان، بىر قېتىمى 1956 ـ ~ 1959 ـ يىلىغىچە بولغان، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىمۇ ئىشتىراك قىلغان. يەنە بىرى 1980 ـ ~1981 ـ يىللىرى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان كۆپ پەنلەرگە چېتىلغان ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش بولدى ۋە تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسىي نەتىجىسى يەنىلا لوپ كۆلى كۆچمەيدىغان كۆل بولدى. 1992 ـ يىلىغا كەلگەندە، ياش تەبىئىي جۇغراپىيە ئالىمى شى گوجىن «لوپ كۆلىنىڭ كۆچۈشىنىڭ تارىخىي جەريانى ۋە يېڭى بايقاش» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇدى. ئالىمنىڭ بۇ ماقالىسى بىلەن كېيىن نەشر قىلىنغان «لوپ كۆلىنىڭ سىرى» ناملىق كىتابى شۇ ۋاقىتلاردىكى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ياخشى مەلۇماتقا ئىگە قىلالايدۇ.

**لوپ كۆلى كۆچكەنمۇ؟** شى گوجىن ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدە لوپ كۆلىنىڭ كۆچۈش جەريانىنى بىرقانچە دەۋرى، ئورنى بىلەن خۇلاسىلىگەن. كىروران لوپ كۆلى دەۋرى ناھايىتى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن باشلانغان، لوپ كۆلىگە جۇغلانغان كالىيلىق تۇز زاپىسى بۇنىڭ دەلىلى ھېسابلىنىدۇ. لوپ كۆلىگە جۇغلانغان بۇ تۇز زاپىسى ئۇزۇن يىللىق سۇ ئېقىنىنىڭ جۇغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان، ئالىملار ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ كۆلنىڭ 20 ~ 30 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. كىروران لوپ كۆلى سۇغا تولغان يىللاردا كۆنچى ۋە تارىم دەريالىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىنلىرى قوشۇلۇپ، مانا مۇشۇ كۆلگە ئېقىپ كەلگەن، مۇشۇ ۋاقىتلاردا تارىم دەرياسى پۈتۈنلەي كۆنچى دەريا ئېقىنىغا قوشۇلۇپ كەتكەنمۇ ياكى ئېقىن يېرىپ بىر قىسمى داۋاملىق

جەنۇبقا ئېقىپ يېڭى كارىدورنى سۇغارغانمۇ؟ ئىزدىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلىدۇر. لوپ كۆلى كىروران قەدىمكى شەھىرىگە يېقىن بولغانلىقتىن كىروران لوپ كۆلى دەپ ئاتىلاتتى، بۇ كۆل مىلادىيە 6 - ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى7 - ئەسىرنىڭ باشلىرى قۇرۇپ كەتكەن بولىدۇ. كىروران لوپ كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى يەنىلا ئەنە شۇ، تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئېقىن يۆتكىشىدىن دەپ قارايمىز، لېكىن مىلادىيە 6 -، 7 - ئەسىرلەردىن باشلاپ بۇ ئىككى دەريانىڭ سۈيى جەنۇبقا ئېقىپ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپلىرىدا بولسا كېرەك، بىر كۆل شەكىللەندۈرگەن. ئالىمنىڭ بايانىغا قارىغاندا، مىلادىيە 10 -، 11 - ئەسىرلەرگىچە مۇشۇ كۆل تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى بولغان، بۇ كۆلنىڭ كونكرېت ئورنى مۇران بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ كۆل شۇ ۋاقىتلاردىكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا پىچان كۆلى (蒲昌海) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ۋاقىتلاردا تارىم دەرياسى جەنۇبقا ئېقىپ يېڭى كارىدور ئارقىلىق قاراقوشۇن كۆلىگە قۇيۇلغان. دوكتور بېرگمان ئۆردەكنىڭ يول باشلىشىدا، 1934 - يىلى كۆنچى دەرياسى بويىدا بايقىغان قۇم دەريا قەبرىستانلىقى جايلاشقان قۇم دەريا ئارقىلىق تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ ئېقىپ، ئاندىن قاراقوشۇن كۆلىگە قۇيۇلغان. بۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت نۇقتىلىرى تارىم دەريا بويلىرى ۋە كۆللەر بولۇش بىلەن بىرگە قۇم دەريا ئېقىنى بويلىرى بولغان. قۇم دەريا قەبرىستانلىقى قۇم دەريا دەپنە قىلىنغان ئاھالىلەرنىڭ تۇزالغۇلىرىدىن بىر قىسمى، 2008 - يىلى 12 - ئايدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش داۋامىدا سۈنئىي ھەمراھ يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىنىڭ ياردىمىدە بايقالغان. قۇم دەريا قەبرىستانلىقى ۋە باشقا تارىخىي ئىزلار توغرىسىدا ئايرىم توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە تەكرارلانمىدى. تەخمىنەن 11 - ئەسىرگە كەلگەندە تەبىئىي جۇغراپىيەدە يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ھازىرقى يېڭىسۇ - ئارغان ئەتراپلىرى تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى سۇ قۇيۇلۇش ئورنى بولغان[①]. بۇ كۆل تەخمىنەن 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى بولغان. مۇشۇ دەۋردە لوپلۇقلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ مۇشۇ كۆلنى مەركەز قىلىپ ياشىغانلىقىنى بىلىمىز. ئالىملار، يەر تۈزۈلۈشى، جۇغلانغان تۇز زاپىسى ۋە يازما خاتىرىلەرگە ئاساسەن يېڭىسۇ ئەتراپلىرىدىن تاكى ئارغان ئەتراپلىرىغىچە بولغان دائىرىدە، مۇشۇ كۆلنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. لوپلۇقلار سېۋىن ھېدىنغا، ئەجدادلىرىنىڭ شىمالدىكى بىر كۆل بويىدا ياشىغانلىقىنى ئېيتىشقان. دېمەك ئۇلار ئېيتقان شىمالدىكى كۆل، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان يېڭىسۇدىن ئارغانغىچە بولغان دائىرىدىكى كۆللەرنى (كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى قاراكۆل ۋە ساداقكۆل دائىرىسى بولسا كېرەك) كۆرسىتىپ بېرىدۇ. رىچخوفېن بىلەن سېۋىن

① شى گوجىن بۇ توغرىسىدا يەر ئۈستىدىكى ئالامەتلەرگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلغان. 2012 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پىروفېسسور شيا شۈنچېڭ چاقىلىق ناھىيەلىك ھۆكۈمەت زالىدا دوكلات بەرگەندىن كېيىن، مۇشۇ مەسىلىنى سورىغان بولسامۇ ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم. پىروفېسسور شى گوجىننىڭ شۇ ماقالىسىنى ئوقۇغانلىقىنى، شۇنداق بولۇش مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. بۇ مەسىلىدە يەر قاتلاملىرىنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەكۈن چىقىرىش زۆرۈرىيىتى بار.

ھېدىننىڭ ھېسابلاپ چىققان كۆچۈش يىل دەۋرىمۇ مانا مۇشۇ دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. تەخمىنەن 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرى جەنۇبقا ئېقىن ئۆزگەرتىپ، قارابوران كۆلى ۋە قاراقوشۇن كۆلىنى ھاسىل قىلغان. 1921 ـ يىلى تارىم دەرياسى لوپنور ناھىيەسىنىڭ دۆڭقوتان ئەتراپلىرىدىن كۆنچى دەرياسىغا قۇيۇلۇپ ئېقىپ، تارىختىكى كىروران لوپ كۆلىگە قۇيۇلغانلىقتىن، لوپ كۆلى قايتىدىن سۇغا تولغان. بۇ قېتىم دەريا ئېقىمى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، تىكەنلىك ۋە ئاياغ تەرىپىدە سۇ قىسلىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن 1931 ـ يىلى تىكەنلىك ۋە چاقىلىق خەلقىگە ھاشار سېلىنىپ، دەريانى تۇمەنپۇدىن (تۇمەنپۇ ــ تارىم دەرياسىنىڭ لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى تىكەنلىك ئەتراپىغا يېقىن جايدىكى بىر تارامىنىڭ نامى. ھازىرقى دېھقانچىلىق 2 ـ شىسى 33 ـ تۇەن تەۋەسىدىكى كۇزلەك مەھەللىسىنىڭ غەربىگە قىيپاش شىمالىدا) جەنۇبىي ئېقىنغا ماڭغۇزماق بولغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولغان. 1958 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ يېغىن مىقدارى زور دەرىجىدە كۆپەيگەنلىكتىن، لوپ كۆلىگە ئېقىپ كېلىدىغان سۇ كۆپىيىپ ئەڭ چوڭ كۆلەمدىكى لوپ كۆلىنى ھاسىل قىلغان. تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ كۆپىيىشى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش تۇەنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە سۇ ئامبارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا كېلىدىغان سۇ پۈتۈنلەي توختىتىۋېتىلدى، پەقەت كەلكۈن مەزگىلىدىلا سۇ قويۇپ بېرىلدى. تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ سۈيىنىڭ توختىشى بىلەن لوپ، قاراقوشۇن، قارابوران، تارتما، قاراكۆل، ساداقكۆل، تايەك كۆل، سۇسىرىقتىكى كۆل... كەبى كۆللەر ھەم دەريا ئېقىنلىرى قۇرۇپ كەتتى، ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر قېتىملىق كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

جۇغراپىيەلىك ئۆزگىرىشلەر مۇشۇ رايوننىڭ تەرەققىيات تارىخىنى چۈشىنىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم. پىروفېسسور ياڭ لىيەن بىر ماقالىسىدە لوپ كۆلى ئورنىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئاساسلىق رول ئوينىغۇچى تارىم دەرياسىمۇ ياكى كۆنچى دەرياسى دېگەن سوئالغا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا، تارىم دەرياسىدىن كۆرە كۆنچى دەرياسىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان دېگەن يەكۈننى چىقارغان. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، باغراش كۆلى ۋە كۆنچى دەرياسىدىكى سۇ جانلىقلىرى تارىم دەرياسىدا مەۋجۇت ئەمەسكەن، لېكىن لوپ كۆلىدە مەۋجۇت ئىكەن، يەنە بىر جەھەتتىن كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىن مىقدارى تارىم دەرياسىنىڭكىگە تەڭلىشىدۇ، دەپ قارىغان. ناۋادا تەتقىقاتچى ياڭ لىيەننىڭ قارىشىنى قوللايدىغان بولساق، لوپ كۆلىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئاساسلىق سۇ مەنبەسىنىڭ كۆنچى دەرياسى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ كىروران لوپ كۆلىگە قۇيۇلىدىغان سۇ ئېقىمى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىمىدىن ئىبارەت، شۇڭا كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىن ئۆزگەرتىشى مۇشۇ رايوننىڭ جۇغراپىيەسىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. 1964 ـ يىلدىن بۇرۇن ئىگىلەنگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن تۇزۇلگەن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ

خەرىتىلىرى توپلىمى»دىكى شىنجاڭنىڭ ئۆسۈملۈكلىرى قىسمىدىكى خەرىتىدىن، تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئۆز ئېقىنلىرىدا يېشىل بەلباغ ھاسىل قىلغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ھالدا كۆرۈۋالالايمىز. كىروران رايونىنىڭ تارىخىي جۇغراپىيەسىدىن قارىغاندا تارىم، كۆنچى دەريالىرى مۇشۇ رايوندىكى ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان. ھاياتلىقنىڭ جايلاشقان ئورنى مۇشۇ دەريا ـ ئېقىنلارغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارغان. چاقىلىق بازىرى، مۇران بوستانلىقى، ۋاششەھىرى بوستانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ئايرىم سۇ مەنبەسى بولغانلىقى، ئۇ دەريالارنىڭ ئېقىنىنىڭ مۇقىم ھەم قىسقا بولغانلىقى بۇ رايوننىڭ خىلى مەزگىل مۇقىم ئۆزگەرمەي تۇرۇشىغا سەۋەب بولغان. لېكىن بۇ ئۈچ بوستانلىقنىڭ گۈللىنىشى لوپ كۆلى بويىدىكى قەدىم ماكانلاردىن كېيىن، كۆلىمىمۇ كىچىك بولغان، كىروران شەھىرى بوستانلىقلىرى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ ئەتراپلاردىكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

## 3. كىروران رايونىنىڭ ئېكولوگىيە ئۆزگىرىشىدىن خۇلاسە

**قۇمتاغ قۇملۇقى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ كەڭ يېرى 120 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە ئەڭ ئۇزۇن يېرى 350 كىلومېتىر، كۆلىمى 21970 كىۋادرات كىلومېتىر. قۇمتاغ قۇملۇقى شىنجاڭدىكى 3 ـ، مەملىكەت بويىچە 8 ـ چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. بۇندىن 4600 يىللار بۇرۇن شەكىللەنگەن، قۇملۇق ئادەتتە 70 ~ 80 مېتىر ئېگىزلىكتە، شىمال تەرىپى بىر قەدەر نېپىزرەك بولۇپ 10 مېتىر ئەتراپىدا.

**تەكلىماكان قۇملۇقى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان، دۇنيا بويىچە 2 ـ، مەملىكىتىمىز بويىچە 1 ـ چوڭ كۆچمە قۇملۇق. قۇملۇقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 337 مىڭ 600 كىۋادرات كىلومېتىر. ياز كۈنلىرى چۈش ۋاقىتلىرىدا قۇم يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 80 ~ 60 سېلسىيە گرادۇسقا يېتىدۇ. قۇملۇقنىڭ %85ى كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ، نەچچە بال شامال چىقسىلا قۇم كۆچۈشكە باشلايدۇ، چاقىلىقنىڭ لوپلەڭگەر ئەتراپىدا قۇم سۈدەك ئاقىدۇ.

**جۇغراپىيەلىك تەپسىراتتىن قىسقىچە خۇلاسە**

لوپ كۆلى تارىم ئويمانلىقىنىڭ قۇلىقى، ئۇ تارىم ئويمانلىقىدا يۈز بەرگەن ھەر بىر ئۆزگىرىش ۋە تەۋشىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، بۇ ئۆزگىرىشلەر بىۋاسىتە لوپ كۆلى رايونىدا ئەكس ئېتىدۇ. تارىم، كۆنچى ۋە چەرچەن دەرياسى ئۇنىڭغا تۇتىشىدىغان مۇھىم قان تومۇرلىرى ئىدى. كاشغەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، ئۆگەن دەرياسىغا ئوخشاش يۈزدىن ئارتۇق دەريا ئۇنىڭ قىلدام تومۇرلىرى ئىدى. ھەرقانداق بىر قىلدام تومۇردىكى توسۇلۇش بىۋاسىتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نەتىجىسى ئەڭ ئالدى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش

ئورنى — لوپ كۆلى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنى — قاراقوشۇن كۆلىدە ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنگە سۇنۇۋاتقان ئۇشبۇ كىتابىمىز، گەرچە كىروران ۋە ئۇنى مەركەز قىلغان شەھەر بوستانلىقلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىگە ئائالغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ رايوننىڭ جۇغراپىيەسىنى، ئېكولوگىيەسىنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان. چۈنكى كىرورانلىقلارنىڭ ھاياتى - ماماتى ئەنە شۇ جۇغراپىيەلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولغان. مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا، قۇرغاق رايوننىڭ ئاھالىلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن دۇچ كېلىدىغىنى تەبىئەتكە بويسۇنۇش ياكى بويسۇندۇرۇش، تەبىئەتنى سۆيۈش ياكى ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت. ئىنسانلار تەبىئەتكە رەھىمسىزلىك قىلسا، بۇ ئۇلارنىڭ بىلىمسىزلىكى ۋە بولۇمسىزلىقى، ئاقىۋەتتە تەبىئەت ئۇلاردىن ئېخىمۇ دەھشەتلىك ئۆچ ئالىدۇ. كىروراننىڭ تارىخى ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش ئۇچۇن كۆپ ھەرىكەتلەرنى قىلغانلىقىنى، تەبىئەتنى سۆيۈشنى چۈشەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئەمما ئومۇمىي ئېكولوگىيەنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالالمىدى.

تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇب - شىمال ئارىسىدىكى يۆتكىلىش ئارىلىقى 80 ~ 120 كىلومېتىرغا يېتىدۇ①. تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدا كۆلىمى 1 كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، (1970 -، 1980 - يىللاردا قۇرۇپ كەتكەن كۆللەرنى ھېسابلىمىغاندا) كۆلدىن 71 بولۇپ ئومۇمىي كۆلىمى 1389 كىۋادرات كىلومېتىر، شىنجاڭدىكى ئوخشاش كۆللەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 51.4%نى ئىگىلىگەن. 1998 - يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، تارىم دەرياسىنىڭ تۆت مەنبە ۋە بىر غول ئېقىنىدا 76دىن ئارتۇق سۇ ئامبىرى قۇرۇلغان، سۇ ئامبارلىرىنىڭ ئومۇمىي سۇ سىغىمى 2 مىليارد 547 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكەن②.

شىنجاڭدا 1949 - يىلىدىن 1979 - يىلىغىچە بولغان 30 يىلدا ئېچىلغان بوز يەر 51 مىليون مو، بۇنىڭدىن 20 مىليون مو يەر قايتىدىن قۇملاشقان ياكى شورلاشقان. ئالەم ئايروپىلانى ۋە سۈنئىي ھەمراھ تارتقان سۈرەتلەردىن ئانالىز قىلىنىشىچە، مىلادىيەنىڭ بېشىدىن تارتىپ تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قۇملۇقلار دەريا ۋادىلىرىدا جەنۇبقا قاراپ 80 ~ 100 كىلومېتىرغىچە سۈرۈلگەن. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدا بوستانلىقلار شىمالغا سۈرۈلگەن، ئومۇمەن قۇملۇق ئىلگىرىلەپ ئىنسانلار چېكىنگەن③. مۇشۇلاردىن قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى تەبىئەت قانۇنىيىتىگە مۇخالىپ بولماسلىقى كېرەك. كىتابىمىزدا خارابىلەرنى دەريا - ئېقىنلارنى مەركەز قىلىپ تونۇشتۇرۇشىمىز، ئۇنىڭ دەريا بويىغا جايلاشقانلىقىنى كۆرسىتىشلا ئەمەس، بەلكى قۇرغاق رايوندىكى بوستانلىقلارنىڭ سۇدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى، سۇدىن ئايرىلسا مەۋجۇت بولۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىشتىن

---

① ② خۇ چۈنخۇڭ قاتارلىقلار يازغان: «تارىم دەرياسىنىڭ ئاساسىي ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۈزەش»، پەن نەشرىياتى، 2005 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 23 -، 45 - بەتلەر.

③ شياۋ شياۋيۇڭ: «تارىم ئويمانلىقىدىكى بايقاش ۋە ئېكولوگىيەلىك ئۆزگىرىش توغرۇلۇق تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ تاش قورال دەۋرى ۋە بىرونزا دەۋرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 2008 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 409 - بەت.

ئىبارەت. تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىنسانىيەت ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ تەبىئەتكە بولغان تەسىرىنى بىلمەكچى بولغانلار، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى يېشىل كارىدورنىڭ 1960 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە بولغان 40 يىللىق ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆزەتسىلا ھەممىنى چۈشىنەلەيدۇ. تارىم دەرياسىدا سۇ ئېقىۋاتقان مەزگىللەردە «يېشىل كارىدور»نىڭ توغراقلىق كۆلىمىدىكى كەڭلىكى 10 ~ 15 كىلومېتىرغا، ئەڭ تار جايلىرىمۇ بەش كىلومېتىرغا يېتەتتى، ئەمما ئاياغ ئېقىنىدا سۇ 40 يىلدەك ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن نۇرغۇن توغراقلار قۇرۇپ كەتتى[①].

① جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى لوپنور ناھىيەلىك كومىتېتى: «لوپنور ناھىيە تارىخ ماتېرىياللىرى (4)»، 1998 - يىلى خەنزۇچە، 91 - بەت.

# ئىككىنچى باب كىروران دىيارىدىكى تارىخىي ئىزلار

چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى كۆنچى، تارىم، چەرچەن، چاقىلىق، مۇران ۋە ۋاششەھىرى دەريالىرى بويلىرىدا نۇرغۇن بوستانلىقلار پەيدا بولغان. زېمىنى كەڭرى، سۈيى كۆپ بۇ ماكان ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن مۇنبەت تۇپراق ئىدى. ئارخېئولوگىيە ئۈچۈرلىرىغا قارىغاندا، چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە، ئىنسانلار سىپتا تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ ياشىغان، مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە كۆپلىگەن شەھەر - بازارلارنى بەرپا بولغان، بۇ شەھەرلەر 15 - ئەسىردىن بۇرۇن تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ۋەيران بولۇپ كەتكەچكە، 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلانغان قايتا گۈللەندۇرۇش داۋامىدا ھازىرقى چاقىلىق بەرپا بولغان. چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە كىروران شەھىرى ۋە شەھەر رايونى ئىزلىرى، مۇران كونا شەھىرى ئىزلىرى، ۋاششەھىرى (لوپ شەھىرى) ئىزلىرى، شەھىرى كىتىك، شەھىرى مەردەك، قۇم دەريا ئىزلىرى ۋە لوپلۇقلارنىڭ دەريا - كۆل بويلىرىدىكى ئىزلىرى بار.

## 1. چاقىلىق دەرياسى بويىدىكى ئىزلار

چاقىلىق ناھىيەسىدىكى كىروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا ئوخشاش قەدىمىي، تەرەققىي تاپقان مەدەنىيەتلەر شانلىق تارىخىمىزنىڭ سەمەرىسىنى تەشكىل قىلغان. كىروران قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىزلاردىن باشقا قۇم دەريا ئىزلىرى، مۇران قەدىمكى شەھىرى خارابىلىرى، كىتىك ۋە مەردەك ئىزلىرى، ۋاششەھىرى كونا شەھىرى قاتارلىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە تارىخىي ئىزلار بولغاندىن سىرت، چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىمۇ قەدىمكى شەھەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇچۇرلار بار. ھازىر چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە ئەتراپلىرىدا قەدىمكى خارابە ئىزلىرىنىڭ بولماسلىقى كىشىلەردە شۈبھە پەيدا قىلماي قالمايدۇ، ئەمما تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىدىغان بولساق، چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە ئەتراپلىرىدا ناھايىتى قەدىمىي ئىزلارنىڭ جۈملىدىن قەدىمدە شەھەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

چاقىلىق قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىزلار ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ. چاقىلىق ناھىيەسى بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن ھازىرقى ناھىيە بازىرى قەدىمكى شەھىرى، ئوتۇغۇچخان قەدىمكى

شەھىرى، تاغ ئۈستىدىكى قەلئە، تاشبالىق ۋە بىرقانچە تۇر، تىملار بار.

**چاقىلىق دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى**

چارروسىيەلىك سولدات پىرژىۋالسكى 1876 ـ يىلى چاقىلىققا كەلگەندە، ھازىرقى چاقىلىق بازىرىدىكى قەدىمكى شەھەر ھەققىدە: «ھازىرقى چاقىلىق مەھەللىسىنىڭ ئەتراپىدا ئوتۇغۇچخان شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر خارابىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ شەھەر سېپىلى ھازىرمۇ ساقلىنىپ قاپتۇ، شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سېپىلىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن تەرىپىدە بىر قەدىمكى تۇر بار»[①] دەپ يازغان.

ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگرىيەلىك ئارخېئولوگ، دوكتور ستەيىن 1906 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، چەرچەندىكى ۋاقتىدىلا چاقىلىقتا «سېپىل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ۋە چاقىلىققا كېلىپلا بۇ خارابىنى ئىزدىگەن، بۇ خارابىنىڭ ئىزنالىرى شۇ ۋاقىتتىمۇ بار ئىدى، ئەمما كۆپ قىسىم جايلىرى دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇنىڭ يېزىشىچە، سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى ئىككى كىلومېتىر، غەربىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدە سېپىل قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۇ كىتابىدا: «چاقىلىق بوستانلىقىنىڭ ھازىرقى تېرىقچىلىق دائىرىسىنىڭ مەركىزىدە، يەر ئۈستىدىنلا قەدىمكى ئۆيلەرنىڭ ئىزنالىرىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ... ئۇ يەردە سېپىل بىلەن قورشالغان شەھەر خارابىسى بار، شەكلى تۆت چاسا، كىشىلەر ئۇنى سېپىل دەپ ئاتايدۇ. سېپىلنى شامال يالاپ ۋەيران قىلغان، يەنە كېلىپ ئىچى ـ سىرتىدا تېرىقچىلىق قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن بەزى جايلىرى بۇزۇلغان، شىمالدىن جەنۇبقا يېرىم ئىنگلىز مىلىدەك ئارىلىقنى ناھايىتى ئاسانلا تاپقىلى بولىدۇ. كەڭلىكى $\frac{1}{3}$ مىل[②]، بۇ ئارىلىقتىكى سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 12 ~ 20 فۇت[③]. سېپىلنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرەپلىرى ئىنتايىن ئېنىق، جەنۇب تەرىپى تۈزلەپ ئېتىزلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەردىن ناھايىتى ئېزلىكتە چوڭ كېسەكلەر بىلەن قۇرۇلغان قەدىمكى شەھەر سېپىلىنى تاپالىدىم. بۇ سېپىللار ھازىرقى ئاھالىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. مەن يەنە بۇ سېپىلنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى تۇرنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 13 فۇت كېلىدۇ، بىر دېھقان ئائىلىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، تۇرنىڭ بىر قىسمى بۇ دېھقان ئۆيىنىڭ بىر قىسمى بولغان. تۇرنىڭ ئۈستىدە كەم دېگەندىمۇ بىر يۇمىلاق قۇرۇلۇش بولغان بولۇپ تۆت فۇت ئېگىزلىكتە، يۇمىلاق قۇرۇلۇشنىڭ دىيامېتىرى 12 فۇت

① پىرژىۋالسكى: «لوپ كۆلىگە سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 268 ـ بەت.

② 1 مىل ئارىلىق 1609.31 مېتىرغا تەڭ.

③ 1 فۇت 30.5 سانتىمېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

كېلىدۇ. ئىشلىتىلگەن كېسەكلەر ئىنتايىن مەزمۇت، 14 × 10 × 5.4 دىيۇم[1] كېلىدۇ. شەرقىدىكى يانتۇلۇقتا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، بۇ بىر تۈز قۇرۇلۇشنىڭ چېتى بولۇپ تام ئۇلىنىڭ ئىزناسى بولۇشى مۇمكىن. يەر يۈزىدىن 5 ~ 6 فۇت ئېگىز تۇرىدۇ. پۈتۈنلەي خارابىلىك...»[2] دەپ يازغان. 1917 ـ يىلى چاقىلىققا كەلگەن گومىنداڭنىڭ باج ئەمەلدارى شيې بىن «شىنجاڭغا ساياھەت» ناملىق كىتابىدا: «چاقىلىق ئامبال مەھكىمىسىنىڭ سول يېقىدا كونا شەھەر خارابىسى بار، ئايلانمىسى 10 نەچچە يول[3]، شەھەر سېپىلى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك... ئېتىزلىققا ئايلىنىپ كەتكەن»[4] دەپ يازغان.

شيې بىننىڭ يېزىشىچە، 1916 ـ يىلى ناھىيە يامۇلىنىڭ سول تەرىپىدە بىر شەھەر خارابىسى بار بولۇپ ئايلانمىسى 10 نەچچە يول كېلىدىكەن، شەھەر خارابىسى بۇرۇنلا تېرىقچىلىق ئېتىزلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. 2 يول غەربىي جەنۇبىدا يىڭىپەننىڭ ئارقىسىدا شەھەر سېپىلىنىڭ ئۇلى بار ئىكەن. مانا بۇلاردىن تاكى 1920 ـ يىللارغىچە ھازىرقى ناھىيە بازىرىدا سېپىللىق شەھەر خارابىسىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. چاقىلىق قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىيان ″48′10°88قا، شىمالىي پاراللېل ″10–″9′56°38قا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 889 مېتىر.

خۇاڭ ۋېنبىنىڭ تەكشۈرگىنى بىلەن پىرژېۋالىسكىنىڭ يازغانلىرىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار، شۇنىڭغا قارىغاندا پىرژېۋالىسكىنىڭ ئېيتقىنى ھازىرقى چاقىلىق بازىرىدىكى سېپىل (دەريا بويىغا جايلاشقان)، خۇاڭ ۋېنبى تەكشۈرگىنى ئۇنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان يەنە بىر شەھەر خارابىسى ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. جەنۇبىي شەھەر خارابىسىدىن بىراھمى يېزىقىدىكى پۈتۈك ۋە يوپۇرماق ئۈستىگە پۈتۈلگەن نوم، چۈجگۈن قوناق قاتارلىق ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى تېپىلغان. بۇ ئوخشاشماسلىق ھەمدە ئارخېئولوگلارنىڭ ھازىرقى چاقىلىق بازىرى ئەتراپىدىن بايقىغانلىرىغا ئاساسەن، ھازىرقى ناھىيە بازىرىدىمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بىر شەھەر بولغان دەپ ئوتتۇرىغا قويىمىز، لېكىن بۇ خارابە چاقىلىق قايتا گۈللەندۈرۈلگەندە تېرىم قىلىنغانلىقتىن، خارابە ئىزى ناھايىتى تېزلا يوقالغان، شۇنداقتىمۇ ھازىرقى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئالدىدىكى كىروران مەيدانى ئورنىدا (ئەسلىدىكى ناھىيەلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئىچىدە)، بەگ مەھەللىسىدە (تىم مەھەللىسى)، 1 ـ باللار باغچىسى ئەتراپى، سايباغ مەھەللىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە (كىروران ئارامگاھىنىڭ جەنۇبىدا)، ئۇتام ئۆستەڭگى يېنى قاتارلىق جايلاردا تىم ۋە

---

① 1 دىيۇم 2.54 سانتىمېتىرغا تەڭ.

② ستەيىن: «نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈش»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 267 ـ بەت. ستەيىن: «جۇڭگو ئېكسپېدىتسىيەسىدىن خاتىرە»، باھار شامىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 340 ـ بەت.

③ 20 ـ ئەسىردىكى ئارىلىق ئۆلچىمىدىن ئالغاندا، بىر يول 500 مېتىرغا تەڭ، بۇرۇن كۆپىنچە ھالدا چاقىرىم دەپ قوللىنىلغان.

④ شيې بىن: «شىنجاڭغا ساياھەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 191 ـ بەت.

تۇرلارنىڭ بولۇشى، بازار ئەتراپىدا قەدىمدە شەھەر بولغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك، ئارخېئولوگلارنىڭ ھازىرقى كىروران ئولتۇراق رايونى يەنى 1 - رايوننىڭ ئورنىدا قەدىمدە شەھەر بولغان دېگەن يەكۈنىمۇ بىزنىڭ قارىشىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە چاقىلىق بازىرىدا سېپىل بولغان. پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە، سېپىل تىكەنلىك ئۆستەڭنىڭ غەربىي تەرىپى (چىلانلىق يولنىڭ غەربى)، ئىتتىپاق يولىنىڭ شەرقىي تەرىپى، مەدەنىيەت يولىنىڭ شىمالىي تەرىپى، مۇران يولىنىڭ جەنۇبى (بۇرۇنقى تىكەنلىك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ جەنۇبى) قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يۇقىرىدا پىرژىۋالسكى ۋە سىتەيىنلەرنىڭ يازغانلىرىدەك ئايلانمىسى 2 ~ 3 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئارخېئولوگ خۇاڭ شياۋجياڭ چاقىلىق بازىرىدىكى قەدىمكى شەھەر توغرىسىدا (1979 - يىلى تەكشۈرگەن)، «ناھىيە بازىرىدا بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى بار، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. شەھەرنىڭ تۇپىدىن ياسالغان سېپىلىدىن كىچىككىنىلا ساقلىنىپ قالغان، سېپىلنىڭ تۇپىسىغا قىزىل ساپال ئارىلاشتۇرۇلغان. قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىچىدە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان تۆت مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى بىر تۇر بار، بۇ ئەسلىدە شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئىكەن، سېپىلنىڭ سىرتىدا كېسەكتىن قوپۇرۇلغان چوڭ بىر قورۇلۇش بولۇپ ھازىر قالمىغان، ئېھتىمال تۇر بولسا كېرەك. چارقىلىقلارنىڭ ئېيتىشىچە، چەرچەنگە بارىدىغان كونا تاشيولنىڭ بويىدا ئېگىزلىكى 10 مېتىر كېلىدىغان تىم خارابىسى بار ئىكەنتۇق»[①] دەپ يازغان. بۇ يەرگە 1876 - يىلى كەلگەن پىرژىۋالسكى، 1906 - يىلى كەلگەن ستەيىندىن تارتىپ 1979 - يىلى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان خۇاڭ شياۋجياڭلارغىچە، چاقىلىق ناھىيە بازىرىدا بىر شەھەر خارابىسىنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان. مۇشۇلارغا ئاساسەن، ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرىدا مىلادىيەنىڭ بېشىدىلا بىر شەھەرنىڭ بولغانلىقىدىن گۇماندا بولۇشىمىزغا ئورۇن قالمايدۇ. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ناھىيە بازىرىدا سېپىللىق شەھەر بولغاندىن سىرت، ئۇنىڭ جەنۇبىدا دەريا بويىدا يەنە بىر شەھەرچە بولغان. جەنۇبىدىكى شەھەرچىنى كىشىلەر ئۇتۇغۇچخان (ئاتاغوجىخان) شەھىرى دەپ ئاتاشقان.

**ئوتۇغۇچخان خارابىسى** بۇ شەھەرنىڭ ئىزناسى تاكى 1990 - يىللىرىغىچە ساقلانغان، لېكىن ھازىر ئاران ئىلغا قىلغۇدەك ئازىراق ئىزناسى قالغان. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە، ئۇتۇغۇچخان خارابىسىنىڭ مىلادىيەنىڭ بېشىدىن 11 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى شەھەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. ئوتۇغۇچخان شەھىرى دېيىلگەن بۇ شەھەر خارابىسى چاقىلىق بازىرىنىڭ ئالتە كىلومېتىردەك جەنۇبىدا بولۇپ خۇاڭ ۋېنبى

① خۇاڭ شياۋجياڭ: «چاقىلىق ناھىيەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇمات»، «كىروران كۇلتۇرى تەتقىقاتى ماقالىلىرىدىن توپلام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 218 - بەت.

تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ شەھەر خارابىسى دەريانىڭ غەربىي قىشىدا بولغانلىقتىن، كەلكۈن تەسىرىدە دەريا قىنىنىڭ گۇمۇرۇلۇشى بىلەن يوقالغان. تەتقىقاتچىلار (مەسىلەن: مېڭ فەنرېن)دىن بىر قىسمى بۇ شەھەر خارابىسىنى بىر مەزگىل چەرچەن بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولغان دەپ قارىغان. ئومۇمەن، ئوتۇغۇچخان شەھىرى مىلادىيەنىڭ بېشىدىن 11 - ئەسىرلەرگىچە گۈللىنىپ تۇرغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. بۇ شەھەر خارابىسى يەرلىكلەر تەرىپىدىن «ئاتاغوجىخان» شەھىرى دەپ ئاتالغان، چاغداشلىرىمىزنىڭ بەزى يازمىلىرىدا «چارقۇدۇق شەھىرى» دەپمۇ يېزىلغان. شەھەر خارابىسى شەرقىي مېرىدىيان 88°10′5.5″ قا، شىمالىي پاراللېل 38°59′0.1″ قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 918.9 مېتىر، ناھىيە بازىرى بىلەن ئارىلىقى تۆت كىلومېتىر، دۆلەت 315 - تاشيولىغا ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ. شەھەر خارابىسى چاقىلىق دەرياسى ساھىلىغا جايلاشقان، خارابىنىڭ بىر كىلومېتىر شەرقىدە ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا چىقىدىغان تاشيول، 150 مېتىر غەربىدە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ بار، يېقىنقى زاماندا قېزىلغان كەڭلىكى 15 مېتىر كېلىدىغان ئۆستەڭ (ھازىر تاشلىنىپ قالغان) شەھەر خارابىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدۇ. خارابىنىڭ ھازىرقى پەرق ئېتىلگەن ھالىتىدىن قارىغاندا، تۆت چاسا، شىمالدىن غەربكە 16° قىيسايغان. 2009 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، شەھەر تېمىنىڭ ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى 3.5 ~ 4 مېتىرغىچە، قالدۇق ئېگىزلىكى 0.4 ~ 1 مېتىرغىچە بولۇپ شىمالىي تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، شىمال تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپۇغى بولۇشى ئېھتىماللىقى بار 2.5 مېتىر كەڭلىكتە بىر ئېغىز بار. شەھەر تېمىنىڭ شەرقىي تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 243 مېتىر، جەنۇب تەرىپى 193 مېتىر، غەرب تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 233 مېتىر، ئايلانمىسى 869 مېتىر. ستەيىن كىتابىدا پىرژېۋالسكىنىڭ كىتابىدىن نەقىل كەلتۈرۈشىچە، چاقىلىق بازىرىدىكى لاي تاملىق شەھەر خارابىسى 1876 - يىلى خېلى ياخشى ساقلانغان بولۇپ ottugush shari دەپ ئاتالغان، خارابىنىڭ ئايلانمىسى ئىككى مىل، دېيىلگەن[1]. 1978 - يىلى 7 - ئايدا ئارخېئولوگ جاڭ پىڭ تەكشۈرگەن ۋاقىتتىكى ئەھۋال مۇنداق: شەھەر خارابىسىنىڭ مەركىزىدە قالدۇق ئۇزۇنلۇقى 14.5 مېتىر، قالدۇق كەڭلىكى 3.3 مېتىر، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر كېلىدىغان توپىدىن قوپۇرۇلغان قورۇلۇش ئۇلى قالغان. مۇشۇ قورۇلۇشنىڭ 10 مېتىر غەربىدە 4×3.3 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى 1.1 مېتىر كېلىدىغان كېسەكتىن (كېسەكنىڭ چوڭلۇقى 40×30×10 سانتىمېتىر) قوپۇرۇلغان بۇددا مۇنارى بار. قەلئەنىڭ سىرتىدا غەربىي شىمالى بۇرجىكىگە توغرا كېلىدىغان يەردە ئۇلاش كەلگەن كىچىك ئۆيلەر بولۇپ راھىبخانىلار بولسا كېرەك. بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىي شىمالىدا ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر كېلىدىغان پاكار تام بار، ئىچىدە بىر قانچە ئۆي بار، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا. خەندەكنىڭ

① ستەيىن: «چەرچەندىن چاقىلىققىچە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق خەنزۇچە 4 - سانى، 91 - بەت.

ئىچىدە بەش ئېغىز بىر - بىرىگە تۇتاشمايدىغان ئۆي خارابىسى بار. خەندەكنىڭ غەربىي شىمالىغا 30 مېتىر كېلىدىغان يەردە بىر گۇرۇپپا ئىككى يۇرۇش ئۆي بار، ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنلۇقى سەككىز مېتىر، كەڭلىكى 1.2 مېتىر كېلىدىغان كارىدور بار، كارىدورنىڭ ھەر بىر تەرىپىدە ئۈچ ئېغىزدىن ئۆي بار، ئىشىكىنىڭ كەڭلىكى 0.8 مېتىر. يۇقىرىقى ئۆيلەرنىڭ چوڭى $9.5\times3.5$ مېتىر، كىچىكى $2.5\times3.5$ مېتىر بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ كىچىكلىرى بار. بۇ ئۆيلەر يېرىم گەمە شەكىللىك، تاملىرى سامانلىق لايدا سۇۋالغان، ھاك بىلەن ئاقارتىلغان، ئوچاق ۋە كۆيۈك ئىزنالىرى بار. شەھەر قەلئەسىنىڭ سىرتىدا جەنۇب - شىمال ئۇزۇنلۇقى 85 مېتىر، شەرق - غەرب كەڭلىكى 4.5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 0.7 مېتىر كېلىدىغان خەندەك بار. شۇ ۋاقىتلاردا شەرقىي يېرىمى بۇرۇنلا دەريا تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان. قەلئەنىڭ ئىچى - سىرتىدا نەچچە ئون ئۆينىڭ ئىزناسى قالغان. بۇ قەلئەنىڭ تاملىرى پۈتۈنلەي لاي تامدىن ئىبارەت. بۇ قەلئەدىن قۇم ئارىلاش ساپال پارچىسى، كىگىز پارچىسى، توقۇلما پارچىسى، ئوتۇن كۆمۈرى قاتارلىقلار بايقالغان. 1950 - يىللىرى بايلىق ئىزدىگۈچىلەر بەزى يادىكارلىقلارنى ۋەيران قىلغان. ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى 1930 -، 1957 - يىلى چاقىلىققا كەلگەن ۋە تارىخىي ئىزلارنى قىدىرىپ تەكشۈرگەن. ئۇنىڭ تەكشۈرۈشىچە، چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا، سەل شەرقىگىرەك 4.6 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بىر شەھەر خارابىسى بار ئىدى، شەھەر ئىككى قات چاسا سېپىل بىلەن ئورالغان. تاشقى قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 720 مېتىر، سېپىل تېمىنىڭ قېلىنلىقى 5.1 مېتىر، سېپىل قالدۇق تېمىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدۇ. ئىچكى سېپىلنىڭ ئايلانمىسى 220 مېتىر، سېپىل تېمىنىڭ قېلىنلىقى 1.6 مېتىردىن ئىككى مېتىرغىچە، قالدۇق تام ئېگىزلىكى يېرىم مېتىر. ئىچكى سېپىلنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە توپا دۆڭ بار، لېكىن ئۇلىلا ساقلىنىپ قالغان، كۆلىمى $9\times9$ كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ، قالدۇق ئېگىزلىكى 3.15 مېتىر، بايلىق ئىزدىگۈچىلەر بۇ دۆڭنىمۇ قازغان. ئىچكى شەھەرنىڭ ئىچىدە، ئىككى تەرىپىدە ئۆي بولغانلىقى ئېنىق كۆرۈلگەن. غەربىي قاسىنىقىدا ئۈچ قۇر 10دىن ئارتۇق ئۆي بولۇپ ئوتتۇرىسىدا زال بار، زالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9.2 مېتىر، كەڭلىكى 7.3 مېتىر. شەرق تەرىپىدە 5~6 ئېغىز ئۆينىڭ ئۇلى ساقلىنىپ قالغان. شىمال تەرەپ سېپىلدا ئىككى مېتىر كەڭلىكتە يول بولۇپ دەرۋازىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغان. سىرتقى شەھەرنىڭ غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە تاش ئۇل بولۇپ كوچا ياكى ئۆينىڭ ئۇلى بولۇشى مۇمكىن. ئىچكى ۋە تاشقى شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدىن قارىغاندا، ئىككى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. خۇاڭ ۋېنبى ئىككى جاينى قازغان، ئۇنىڭ بىرىنى بۇتخانا بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان، كۆلىمى $3.2\times9.8$ مېتىر كەلگەن. بۇ جاينى قازغاندا قەغەزگە يېزىلغان ئەنەتكەك يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر، لاي قورچاق، تام رەسىمىنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان. يەنە بىرقانچە ئۆي قېزىلغاندا قىزىل، قارا، كۈل رەڭ ساپال پارچىلىرى تېپىلغان. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، تېپىلمىلار بىراھمى يېزىقىدىكى

«ئابدارما سۇترىسى»نىڭ پارچىسى ۋە «150 مەدھىيەنامە»نىڭ ئاپتورى موتورجىتنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاش بۇددا كىتابلىرى ئىكەن. خۇاڭ ۋېنبى بۇ شەھەر خارابىسىنى «چارقۇدۇق شەھەر خارابىسى»① دەپ ئاتىغان. ئارخېئولوگلار تېپىلمىلارغا ئاساسەن، بۇ خارابىنى مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن 11 - ئەسىرگىچە گۈللەنگەن دەپ ھۆكۈم قىلغان. 1978 - يىلى تەكشۈرۈش داۋامىدا قەلئەدىكى ئۆينىڭ ئىشىك ياغىچى ئەۋرىشكىسىنى كاربون 14 تەجرىبىسى ئارقىلىق يىل دەۋرىنى تەكشۈرگەندە 75 ± 1915 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە، يەنى مىلادىيە 100 - يىللارغا توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلانغان. شەھەر خارابىسىنىڭ تېمىنىڭ ئۇلىدىكى ئۆسۈملۈك (مەڭگەن، سامان)نىڭ يىل دەۋرى كاربون 14 تەجرىبىسى بىلەن بېكىتىلىشىچە، مىلادىيە 60 ± 203 - يىللىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلانغان، بۇ خارابە مۇشۇ يىل دەۋرىدىن قارىغاندا كىروران، LE خارابىلىرى بىر دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

1957 - يىلى بۇ خارابىنى تەكشۈرگەن خۇاڭ ۋېنبى «孔路克阿坦遗址» دەپ خاتىرىلىگەن، 2009 - يىلى 4 - ئايدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش داۋامىدا بىر قېتىم تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، «ئاتاغوجا خارابىسى» دەپ خاتىرىلىگەن ۋە بۇ خارابىنىڭ ئورنىنى شەرقىي مېرىدىيان 88°10′4.1″ قا، شىمالىي پاراللېل 38°57′10.6″ قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 959.9 مېتىر ئىكەنلىكى تىزىمغا ئېلىنغان. ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا، چاقىلىق دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالىدىكى ناھىيە بازىرىغا 7.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەرقىدىكى چاقىلىق ئۆستىڭى بىلەن ئارىلىقى 1.6 كىلومېتىر، شەرقىدىكى كونا سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا ئىككى كىلومېتىر، جەنۇبىدىكى سۇ بۆلگۈسىگە 25 كىلومېتىر كېلىدۇ، ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمى يېرىم چەمبەرگە ئوخشايدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ 20 گىرادۇس غەربىگە قىيپاش توغرا كېلىدۇ، خارابىنىڭ غەربىدە ئۆتامدىن چاقىلىق دەرياسى ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان بىر يول بار. ئانچە ئېگىز بولمىغان قىزىل توپىلىق بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. توپىلىق ئېگىزلىكنىڭ شەرقىدە دەريا بولۇپ دەريا قېشىنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىر كېلىدۇ. بۇ خارابە ئانچە چوڭ بولماستىن جەنۇبتىن شىمالغا 84 مېتىر، شەرقتىن غەربكە 26.4 مېتىر كېلىدۇ. بىر نەچچە جايدا تامنىڭ ئىزى بار. ئۇنىڭ غەربىي بۇرجىكىدە 5.8 × 5.8 مېتىر كۆلەمدە، 8.1 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنار خارابىسى بار. بۇ خارابىنىڭ يەر يۈزىدىن ياغاچ تارىشىلار، تام رەسىمىنىڭ قالدۇقى، كۆچاردىن تېپىلغان يارماقلارغا ئوخشايدىغان يېزىقسىز يارماق ۋە ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. بۇ خارابىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، خارابە

① بۇ نام تارىخي ئاتالغۇ بولماستىن يەرلىكلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە باغلانغان، شۇ ۋاقىتتا كىشىلەر خارابىنى بۇرۇنقى چارقۇدۇق دېيىش بىلەن بىرگە چاقىلىق نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى «چاھارقۇدۇق ~ چارقۇدۇق ~ چاقىلىق» دەپ چۈشەندۈرگەن بولۇشى، شۇ سەۋەبلىك خۇاڭ ۋېنبى بۇ خارابىنى «چاھارقۇدۇق شەھەر خارابىسى» دەپ يازغان بولۇشى مۇمكىن.

ئالدىنقى شەھەر بىلەن ئوخشاش بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان. يۇقىرىقىلار ئەمەلىيەتتە «ئۇتۇغۇچخان خارابىسى»نىڭ ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈشتە كېلىپ چىققان پەرقىدىن ئىبارەت.

چاقىلىق ناھىيە بازىرىدا بۇرۇن بىرقانچە يەردە تىم قاتارلىق تارىخىي ئىزلار بار ئىدى، بۇلاردىن بىرى هازىرقى 1 - يەسلىگە يېقىن جايدا بىر تۇر (شەرقىي مېرىدىيان 88°9′55″–56″قا، شىمالىي پاراللېل 39°1′15″قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 892 مېتىر) بار ئىدى، بۇ تۇر 1978 - يىلىدىن بۇرۇنلا تۈزلەپ يەر قىلىنغان.

**بەگ مەھەللىسىدىكى تىم** تىم مەھەللىسى ئەسلىدە قۇربانبەگنىڭ مەھەللىسى دەپ ئاتىلاتتى، كېيىنچە مۇشۇ مەھەللىدىكى تىمنى بەلگە قىلىپ تىم مەھەللىسى دەپ ئاتالغان. 1906 - يىلى ستەيىن «تورا (مۇنار مەنىسىدە)» دەپ يازغان ھەمدە تېرىلغۇ يەر يۈزىدىن 50 فۇت ئېگىزلىكىنى، دەريا قىنىدىن 300 يارت① يىراقلىقىنى، ئۈستى تەرىپىدە ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ دىيامېتىرىنىڭ 16 فۇت، شىمالىي تەرىپىنىڭ ئېگىزلىكى 12 فۇت ئىكەنلىكى، يانتۇلۇقىدا قورام تاش ۋە ئەخلەتلەرنىڭ بارلىقىنى، سۇنئىي ياسالغانلىقىنى كۆرسەتكەن. تىم مەھەللىسىدىكى تىم (شەرقىي مېرىدىيان 88°9′10″–11″قا، شىمالىي پاراللېل 39°1′43″–44″قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 884.8 مېتىر)نىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 20 مېتىردەك، هازىرمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا، ئۇنىڭ ئايلانمىسى 87 مېتىر. تىمدا ئىشلىتىلگەن كېسەكنىڭ چوڭلۇقى 40 × 20 × 10 سانتىمېتىر، تىمنىڭ تۇپا قاتلاملىرىدىن ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ خادىملىرى 1978 - يىلى تەكشۈرگەندە، تىمدىن ساپال چارق ۋە كىچىك مىس بۇيۇملار تېپىلغان. تىمنىڭ ئەتراپىدىن يەنە بۇرۇنقى زاماندىكى ئۆيلەرنىڭ ئىزنالىرىمۇ بايقالغان.

**ئۇتامدىكى تۇر** چاقىلىق بازىرىنىڭ تۆت كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا، ئۇتام كونا ئۆستىڭىنىڭ يېنىدا، شەرقتىن غەربكە 10 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا يەتتە مېتىر كېلىدىغان بىر تۇرنىڭ ئۇلى بار. تۇرنىڭ تەكتىگە دىيامېتىرى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان تاش ياتقۇزۇلغان. تاشنىڭ ئۈستى تەرىپى ھەجمى 47 × 28 × 11 سانتىمېتىر كېلىدىغان كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. تۇرنىڭ ئۈستى يامغۇر ۋە شامالنىڭ تەسىرىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ ئېگىزلىكى تۆت مېتىر كېلىدۇ. تۇرنىڭ ئەتراپىدىن ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىدىن سېرىق تۇپا دۆۋىسى بايقالغان، بۇمۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىزى بولسا كېرەك، تۇرنىڭ يەتتە مېتىر شەرقىدىن 2.5 × 5.2 مېتىر كېلىدىغان تۆت چاسا گەمە شەكلىدىكى ئۆي تېپىلغان. بۇ تۇرنىڭ كونكرېت ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 88°9′10″–11″قا، شىمالىي پاراللېل 39°1′43″–44″قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 مېتىر.

① 1 يارت ئارىلىق 0.914 مېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

**چاقىلىق 1 - باشلانغۇچتىكى تۇر** چاقىلىق بازىرىدا، سابىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە (هازىرقى خەلق هۆكۈمىتى خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدى تەرىپىدە) بىر تۇر بار ئىدى، ئورنى شەرقىي مېرىدىيان ″56–″55′9°88 قا، شىمالىي پاراللېل ″15′1°39 قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 892 مېتىر. بۇ تۇرنىڭ ئەتراپىدىن هېچقانداق يادىكارلىق تېپىلمىغان.

**سايباغدىكى تۇر** تىكەنلىك يېزا سايباغ مەهەللىسىدە بىر تۇر بولغان، ئورنى شۇ مەهەللىدىكى مازارنىڭ غەربىدە، مەهەللىنىڭ سەل قىيپاش شىمالىدا، هازىرقى غوجىروسۇلنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا، كىرىوران ئارامگاهىنىڭ جەنۇبىي يېقىندا، بۇرۇنلا تۈزلىنىپ يەرگە ئايلاندۇرۇلغان، تېرىم يەر بولۇپ كەتكەچكە هېچقانداق ئىزناسى قالمىغان. بۇرۇن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن هېچقانداق مەلۇمات يوق.

**تاغ ئۇستى خارابىسى** بۇ خارابە تاغ ئېغىزى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى لايىهەلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە بايقالغان ۋە 1988 - يىلى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈلگەن. بۇ خارابە خەتەرلىك تاغ چوققىسىدا (تاغنىڭ ئېگىزلىكى 150 مېتىر)، ⊤ شەكلىگە ئوخشايدۇ. ناهىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى 32 كىلومېتىر، كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس. خارابە تاش ۋە خىشتىن قوپۇرۇلغان. شەرقىي قىسمىدا بىرقانچە ئۆينىڭ ئىزناسى ساقلىنىپ قالغان، غەربىي بۆلۈكى بىلەن جەنۇبىي بۆلۈكى ئارىسىدا تاش ۋە خىشتىن قوپۇرۇلغان يۇمىلاق قۇرۇلۇش بار، ئوتتۇرىسى ئورەك، بۇرۇن باشقىلار قېزىپ كۆرگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئورنى شەرقىي مېرىدىيان ″36′11°88، شىمالىي پاراللېل ″45′43°38 قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1538 مېتىر. بۇ خارابە 1988 - يىلى 6 - ئايدا خۇاڭ شياۋجياڭ تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن ۋە يىل دەۋرىنى مىلادىيە 7 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، دەپ بېكىتكەن. بۇ تاش قەلئەنىڭ قۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، غەربىي جەنۇبى ئۈچىدا دىيامېتىرى 12.5 ~ 14 مېتىر كېلىدىغان ئانچە يۇمىلاق بولمىغان ئورەك بار، چوڭقۇرلۇقى 8.1 مېتىر. ئورەكنىڭ ئىچىدىن خىش پارچىلىرى، تۆمۈر ئۇۋاقلىرى تېپىلغان، يەنە بىر مېتىر كولىغاندىن كېيىن يەنە پىششىق توپا بايقالغان بولۇپ قىزىل خىش، كۆمۈر داشقىلى، خىش ۋە قۇمتاش قاتارلىقلار چىققان. بۇندىن باشقا يەنە تۆت بۇلۇڭدىن تۆشۈك ئېچىپ ياسالغان تۆت چاسا شەكىلدىكى كۋارتس تاش پارچىسىدىن تۆت دانە؛ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 ~ 24 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 6 ~ 7 سانتىمېتىر كېلىدىغان كۆك رەڭلىك خىشتىن خېلى كۆپ تېپىلغان، خارابىنىڭ جەنۇبىي تېمى ساقلىنىپ قالغان. بۇ خارابىدە ساقلىنىپ قالغان ئۈچ ئېغىز ئۆي تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بۇلاردىن بىر ئېغىز ئۆي كىۋادرات شەكىلدە، تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 2.7 ~ 7 مېتىر كېلىدۇ، ئىشىكى جەنۇبقا قارىتىپ ئېچىلغان، هازىر ئۆينىڭ پەقەت ئۇلىلا قالغان، ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر. خارابىنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ سەل شەرقىي شىمالى بۇلۇڭىغا جايلاشقان ئىككى ئېغىز ئۆي

كىچىكرەك، ئىككىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشاش، چوڭ ئۆي بىلەن بولغان ئارىلىقى 5.9 مېتىر. بۇ ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ كۆلىمى 3.5×4 مېتىر ئەتراپىدا، بۇ ئۆيلەردىن ھېچقانداق بۇيۇم تېپىلمىغان.

ئارخېئولوگ ستەيىن: «مەن 1914 - يىلى 1 - ئايدا ئېكسپېدىتسىيە قىلغان، koyumal بىلەن baxroyumal قەدىمكى خارابىلىرى ھازىرقى بوستانلىقنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ مەلۇم ئارىلىق بار. ئۇلاردا تات (تۇر) يوق. يەنە ئۇلار دەريا ئېقىنىنىڭ سول تەرىپىگە يېقىن، ئەزەلدىن تېرىلىپ باقمىغان جايغا جايلاشقان. بۇ ئىككى خارابىنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 7- ~ 11 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى مەن تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە يەنى 1906 - ~ 1907 - يىللىرى بۇ خارابىلەر ھەققىدە خەۋەر ئاڭلىمىغانىدىم»[①] دەپ يازغان. Koyumal ۋە royumal ناملىرى ئەمەلىيەتتە «قورمال» دېگەن نامنىڭ تەلەپپۇزىدىكىدىن ئېلىنغان خاتا خاتىرە بولسا كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە چاقىلىق ناھىيەسىدە «باشقورمال» دېگەن نام بار، دەريا سۈيىنىڭ باش قىسمىدىكى يىغىلىپ ئېقىن شەكىللەندۈرگەن يېرىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسەن، چاقىلىق بازىرىدا مىلادىيەنىڭ بېشىدىلا ئىككى شەھەر خارابىسى بولغان، بۇنىڭ بىرى ھازىرقى بازار ئىچىدىكى خارابە، يەنە بىرى ناھىيە بازىرىنىڭ ئالتە كىلومېتىر جەنۇبىدىكى ئوتۇغۇچخان خارابىسى (بۇ نامنىڭ توغرىسى ئاتاغوجخان دېگۈچىلەرمۇ بار، قىسمەن ماتېرىياللاردا چارقۇدۇق شەھىرى دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ.) كىچىككىنە بىر دەريا سۈيى مۇشۇنچىلىك چوڭ خارابىلىكلەرنى بېقىپ كەتكەنمۇ؟ بۇ ئىككى شەھەرنىڭ قانداق باغلىنىشى بار؟ بۇلار ئېھتىمال ئەسلىدىن بىر شەھەر ۋە ئۇنىڭ شەھەر رايونىدىن تەركىب تاپقان بولۇشى مۇمكىن. ئوتۇغۇچخان خارابىسى بىلەن كۆڭلەك ئاتام خارابىسى ئەسلىدىن ئۇلاش رايون بولۇشى، ئەسلىدە خارابىنىڭ شەرقىدىن ئېقىۋاتقان دەريا ئېقىنى ئېقىن ئۆزگەرتىپ، ھازىرقى ئېقىن بويىچە ئېقىپ، بىر قىسىم شەھەر خارابىلىرىنى ئېقىتىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. گەرچە ھازىر چاقىلىق دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى ئاز بولسىمۇ، بۇ ھەرگىزمۇ تارىختىن بۇيان شۇنداق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، دەريا ئېقىنىنىڭ چوڭلۇقى ئۇنىڭ ئەسلىدە بىر ئەزىم دەريا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە، بەزى تەتقىقاتچىلار مۇشۇ خارابىلىكنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى چەرچەن بەگلىكى قۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ پايتەختى بولغان، دەپ قارىماقتا. چاقىلىق بازىرىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قايتا گۈللىنىشى، يەنە كېلىپ بۇرۇنقى شەھەر خارابىلىرى ئۈستىگە قايتا قۇرۇلۇشى بىلەن چوڭ بىر شەھەر خارابىسى ۋەيران بولۇپ كەتكەن. ئارخېئولوگلار بۇ شەھەر خارابىسىگە كەلگىنىدە، بازاردىكى شەھەر خارابىسى تېرىمغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ يەرنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈلۈش ئىمكانىيىتى قالمىغان، نەتىجىدە كېرەكلىك

---

① ستەيىن: «چەرچەندىن چاقىلىققىچە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق خەنزۇچە 4 - سانى، 92 - بەت.

ئۆچۈرلاردىنمۇ مەھرۇم قالغانمىز. چاقىلىق ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە كېرىيە تەرەپتىن كەلگەن ئوۋچىلار بۇ خارابىدە يىپ ئېگىرىدىغان چاقلارنى ئۇچراتقانلىقى ئۈچۈن «چارقلىق ~ چاقىلىق»، دەپ ئاتالغان. دېمەك، چاقىلىق ناھىيە بازىرى ئەتراپلىرىدىمۇ ناھايىتى قەدىمدىنلا شەھەر مەۋجۇت ئىدى، مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا بىر قېتىملىق زور گۈللىنىش بولغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تۇبۇتلەر ئىشغال قىلغان دەۋرلەردىن باشلاپ مىلادىيە 11 ـ ئەسىرلەرگىچە قايتا گۈللىنىپ، خارابىلىشىپ تۇرۇشتەك تارىخىي قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن.

**تاش قەلئە** بۇ خارابە ئىزى چاقىلىق تاغ ئېغىزى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى لايىھەلەش داۋامىدا 1970 ـ يىللىرى بايقالغان، 1988 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن. كونكرېت ئورنى شەرقىي مېرىدىيان ′12°88، شىمالىي پاراللېل ′43°38 قا جايلاشقان، ناھىيە بازىرىغا تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى 33 كىلومېتىر. بۇ خارابىلىك يەر تۈزلىنىپ، ئۇندىن كېيىن يەر شەكلىگە ئاساسەن قۇرۇلغان، ھازىر بايقالغان ئايلانمىسى 30 مېتىر. شىمالىي تەرىپىدە بىر ئىشىك بار، تامنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 ~ 3 مېتىر، تامنىڭ ئۇل كەڭلىكى 2 مېتىر ئەتراپىدا. بۇ تاش قەلئەنىڭ ئىچىدە 10 نەچچە ئېغىز ئۆي ھەمدە تاۋلاش ئىزناسى بار. تاش قەلئەنىڭ ئەتراپىدىن خىش، ئوتۇن كۆمۈرى، ساپال، تۆمۈر پارچىسى... قاتارلىق بىر قىسىم نەرسىلەر بايقالغان. ئارخېئولوگ جاڭ پىڭ تەكشۈرگەن ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن، بۇ تاش قەلئەنى مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلىتىلگەن، دەپ قارىغان.

## 2. مىران دەرياسى بويىدىكى تارىخىي ئىزلار

مىران بوستانلىقى چاقىلىق بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى 45 كىلومېتىر. ئەسلىدە چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ بىر يېزىسى ئىدى، 1965 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دېھقانچىلىق 2 ـ شىسى مىران دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان، بۇ مەيدان كېيىن 36 ـ تۇەن دەپ ئاتالغان. مىران بوستانلىقىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئالتە مەدەنىيەت ئىزى بار. بۇلار تۇبۇت قەلئەسى، تۇبۇت قەبرىستانلىقى، بۇددا ئىبادەتخانىسى، سۇ قۇرۇلۇش ئىنشائاتى، مىران خارابىسى، مىران كونا دەريا خارابىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇرۇنقى ۋاقىتتىكى مۇرەننىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولغان مىران دەرياسى ھازىرقى مىران دەرياسىنىڭ شەرقىدە. ياپونىيەلىك ئالىم ناگاساۋانىڭ مەلۇتىغا ئاساسلانغاندا، مىران خارابىسىنىڭ 14 جايىدا بۇددا ئىبادەتخانىسى بايقالغان، بۇ ئىزلار ئىچىدە 3 ـ، 5 ـ نومۇرلۇق ئىزلار ئىنتايىن مۇھىم. ھازىر ئۇنىڭ دائىرىسىدە بىر قەلئە، سەككىز ئورۇندا بۇددا مۇنارى، ئۈچ ئورۇندا ئىبادەتخانا، ئىككى ئورۇندا قاراغۇ ۋە سۇغىرىش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 15 ئورۇندا تارىخىي ئىز ساقلانغان. مىران خارابىلىقى 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق

ئورنى دەپ، 2001 ـ يىلى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلىنغان، قوغدىلىش دائىرىسى 44.49 كىۋادرات كىلومېتىر.

**مۇران خارابىلىكى** مۇران بوستانلىقىنىڭ يەتتە كىلومېتىر شەرقىدە، تۇبۇت قەلئەسىنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي شىمالى تەرەپلىرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرلەردىن (يەر يۈزىدىن) كۆپ مىقداردا ساپال پارچىسى، تۆمۈر پارچىسى، تاۋلاش چىقىرىندىسى، يارغۇنچاق تېشى، مىس بىزەك تېپىلغان. بۇلاردىن باشقا ئوچاق، سۇپا، ئۆي خارابىسى، تۇر (ئىككى ئورۇندا)، بۇددا ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار بايقالغان.

**تۇبۇت قەلئەسى** مۇران بوستانلىقى تۆەن ئېقىنىدىكى تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئۈچ كىلومېتىر شەرق تەرىپىدە، دۇنخۇاڭغا تۇتىشىدىغان يولنىڭ بويىدا. تەرەپلىرى تەڭ بولمىغان تۆت تەرەپلىككە ئوخشايدۇ. شەھەرنىڭ سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 308 مېتىر. بۇ قەلئەنىڭ سېپىلى بىر ئېگىز توپىلىققا سېلىنغان، قەلئە تېمى سىرتتىن بەش مېتىر، ئىچىدىن 5.2 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ. قەلئە شەرقتىن غەربكە 70 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 65 مېتىر كېلىدۇ. قەلئەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا 2 ~3 رەت چاسا ئۆيلەر بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 5.2 مېتىر، كەڭلىكى 5.1 مېتىر كېلىدۇ. سېپىل تېمى شاخ ـ شۇمبا ۋە ئوت ـ چۆپ بىلەن قاتۇرۇپ ياسالغان. سېپىلنىڭ غەربىي تەرىپىدە شىمالىغىراق توغرا كېلىدىغان كەڭلىكى 3.3 مېتىرلىق بىر ئېغىز بولغان، دەرۋازىسى بولۇشى مۇمكىن. جەنۇبىي تەرىپىنىڭ غەربىگىرەك جايلاشقان غەربىي ئىشىكتىن كىچىكرەك يەنە بىر ئېغىز بار، بۇ جەنۇبىي دەرۋازا بولۇشى مۇمكىن. قەلئە خارابىسىنىڭ 500 مېتىر غەربىدە دۇنخۇاڭغا تۇتىشىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بىرقانچە خارابە بار. ئايلانمىسى 45.5 مېتىر كېلىدىغان يۇملاق بىر مۇنار بار. ئۇنىڭ 40 مېتىر شەرقىدە ئايلانمىسى 40 مېتىر كېلىدىغان يەنە بىر مۇنار بار. بۇ خارابىلەر ئارىسىنى قۇم بېسىپ كەتكەنلىكتىن، باشقا ئىزلارنىڭ بار ـ يوقلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، مۇنارنىڭ جەنۇبىدا ئايلانمىسى 73.2 مېتىر كېلىدىغان ئۆي، مۇشۇ خارابىنىڭ جەنۇبىدا ئايلانمىسى 33.6 مېتىر كېلىدىغان يۇملاق دۆڭدىن بىرى بار. ستەيىن ئېلىپ كەتكەن «قاناتلىق پەرى»نىڭ يەتتە پارچە رەسىمى مۇشۇ دۆڭدىن بايقالغان (1989 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم ئەسكىرى ۋاڭ جىجۇن بۇنىڭدىن يەنە ئىككىنى بايقىغان)، قاناتلىق پەرى رەسىمىنىڭ ئېگىزلىكى 28cm، كەڭلىكى 43cm كېلىدۇ، بۇ يەردىن يەنە يىپەك پارچىسى، قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر تېپىلغان. يولنىڭ جەنۇبىدا ئىككى يەردە قورۇلۇش خارابىسى بار، ئايلانمىسى 144 مېتىر كېلىدۇ. يۇقىرىقى ئىزلار مۇران خارابىسىنىڭ غەربىدە. 1907 ـ يىلى ستەيىن مۇران قەلئەسىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا بىر بۇتخانىنى قازغان، قېزىش داۋامىدا نۇرغۇنلىغان سېپتا بۇت، ھەيكەللەرنى، بىراھمى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنى تاپقان. يۇقىرىقىلارغا قارىغاندا شەھەرنىڭ دائىرىسى شەرقتىن غەربكە تۆت كىلومېتىردىن ئېشىشى مۇمكىن. «تۇبۇت قەلئەسى» دەپ ئاتالغان خارابىنى كۆرسەك،

ئىككى خىل قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىنى بايقايمىز، بۇ مەسىلە شەكسىزكى تۇبۇتلەر ئىشغالىيىتى دەۋرىدە قايتا رېمونت قىلىنىپ پايدىلىنىلغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەسلىدىلا مەۋجۇت بىر قەلئە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شيې بىن «شىنجاڭغا ساياھەت» ناملىق كىتابىدا: «مۇران ...(密阮) ئايلانمىسى ئۈچ يول كېلىدىغان كونا شەھەر بار»[①] دەپ يازغان. بۇ قەلئەنى 1973 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ خادىملىرى قېزىپ، كۆپ مىقداردا تۇبۇتچە تارىشا پۈتۈكلەرنى تاپقان. مانا بۇلاردىن قارىغاندا، بۇ قەلئە تۇبۇتلەر چاقىلىقنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان يىللاردا قايتا ئىشلىتىلگەن. بۇ قەلئەدىن تۇبۇتچە، خەنزۇچە يازما پۈتۈكلەر تېپىلغاندىن سىرت، ياغاچتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى (ياغاچ ئاياغ، ياغاچ تەخسە...)، تۆگمەن تېشى، ساپال بۇيۇملار (كوزا، چۆگۈن، چاق...)، يۇڭ بەلباغ، گىلەم، گۈللۈك كىگىز پارچىسى ۋە قورال - ياراغدىن يا، غىلاپ، تۆمۈر ئوق بېشى ۋە قوي ئۇستىخىنى (پال سېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ) قاتارلىقلار بايقالغان. يادىكارلىقلار بۇ قەلئەنىڭ چاقىلىق رايونىنى تۇبۇتلەر ئىشغال قىلغان يىللاردىكى مۇھىم ھەربىي قەلئە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كونكرېت ئورنى شەرقىي مېرىدىيان "88°58′14 قا، شىمالىي پاراللېل "39°39′13 قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 939 مېتىر. تۇبۇت قەلئەسىنىڭ غەربىي قوۋۇقىنىڭ شىمالىي تېمىدىن ئېلىنغان ئەۋرىشكىنىڭ يىل دەۋرى ئەڭ كېيىن بولۇپ مىلادىيە 65 ± 777 - يىللارغا توغرا كەلگەن. 1959 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، كورلا ۋىلايىتىدىكى جايلارنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرگەندە، تۇبۇت قەلئەسىدە 10 كۈن ئىشلەپ توققۇز ئۆينى قېزىپ چىققان. 1 - ۋە 2 - نومۇرلۇق ئۆيلەر بۇرۇنلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا ھېچنەرسە تېپىلمىغان. 3 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى 370 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 290 سانتىمېتىر بولۇپ 31 دانە يادىكارلىق تېپىلغان، تۇبۇتچە تارىشا پۈتۈكتىن 12 دانە پۈتۈك تېپىلغان. ساپال چاق، ئۇندىن باشقا تىلىنغان تېرە تاسما، پۇچۇق تارىشا قاتارلىقلار تېپىلغان. تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ چوڭلۇقى ئىككى خىل. بىر خىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10.6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6.1 سانتىمېتىر. يەنە بىر خىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14.4 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3.2 سانتىمېتىر، بىر تەرىپىدە كىچىك تۆشۈك بار. 5 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى 270cm، كەڭلىكى 240cm، سۆڭەك پىچاق، ياغاچ ئاياغ ۋە تۇبۇتچە پۈتۈلگەن 14 دانە تارىشا پۈتۈك قاتارلىق 32 يادىكارلىق تېپىلغان. تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 19.9cm، كەڭلىكى 3cm بولۇپ بىر تەرىپىدە تۆشۈك بار.

6 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى 360cm، كەڭلىكى 290cm بولۇپ 82 دانە يادىكارلىق تېپىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە تۇبۇتچە پۈتۈك 59 دانە، قەغەز پارچىسىدىن 18 پارچە، يۇڭ كىگىز ۋە كۆك رەڭلىك يىپەك قاتارلىقلار چىققان. يەنە ئۈچ پارچە يېزىق يېزىلغان ئۆسۈملۈك قوۋزىقى تېپىلغان.

① شيې بىن: «شىنجاڭغا ساياھەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىلى خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

7 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى 450cm، كەڭلىكى 340cm، تېپىلمىلار ئىچىدە تۇبۇتچە يېزىلغان تارىشا، ياغاچ پارچىسى ۋە قەغەز پارچىسى 106 دانە. ئۇندىن باشقا يەنە بېلىق قاسىرىقىدىن ياسالغان قىزىل شاپتۇل سۈرىتى نەقىشلەنگەن ساۋۇت، تۆمۈر بۇيۇم پارچىسى، يىپەك قاتارلىقلار تېپىلغان.

8 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى 235cm، كەڭلىكى 110cm بولۇپ 31 دانە يادىكارلىق تېپىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە تۇبۇتچە تارىشا پۈتۈك ۋە قەغەز پارچىسى 13 دانە، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر ئورەك بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدىن بۇغداي، گۈرۈچ قاتارلىقلار تېپىلغان.

9 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى 340cm، كەڭلىكى 270cm بولۇپ 31 دانە يادىكارلىق تېپىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە تۇبۇتچە تارىشا پۈتۈك ۋە قەغەز پارچىسىدىن 19 دانە ۋە ياغاچ ئاياغ تېپىلغان. بىر پارچە مۇكەممەل ساقلانغان قەغەز تېپىلغان، ئۇزۇنلۇقى 27cm، كەڭلىكى 21cm، يېزىق ناھايىتى ئېنىق ۋە رەتلىك يېزىلغان، تۆت بارماق بېسىلغان قىزىل ئىز ناھايىتى ئوچۇق. مۇشۇ ئۆيلەردىن تېپىلغان، يۇقىرىدا ئېيتقان يېزىق تۇبۇتلەر ئىشغالىيىتى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى يەنى تۇبۇت يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردىن ئىبارەت. بۇ ۋەسىقىلەردىن ستەيىن ۋە باشقا چەت ئەل ئارخېئولوگلارنىڭ تاپقانلىرىنى ئەنگلىيەلىك ئالىم تومسۇن يېشىپ تەرجىمە قىلغان ھەم تەتقىق قىلغان. ئىلمىي ئارخېئولوگلىرى بايقىغانلىرىنى ۋاڭ ياۋ قاتارلىقلار تەتقىق قىلىپ «تۇبۇتچە يازمىلاردىن ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلغان.

2012 - يىلى يازدا شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئەترىتى مىران خارابىلىقىنى بىر قېتىم 2000 كىۋادرات مېتىر دائىرىنى تازىلاپ تەكشۈردى، تەكشۈرگەن نۇقتىلار قەلئەنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى تۆت بۇددا قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ياغاچ، ساپال، سۆڭەك، تۆمۈر، تاش، توقۇلما ۋە تام رەسىمى قاتارلىق بۇيۇملاردىن 260 پارچىدىن ئارتۇق تېپىلغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئىلمىزدىكى مۇھىم ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ھېسابلىنىدۇ.

**ئۈچ بۇددا مۇنارى خارابىسى** بۇ بۇددا خارابىسى ئۈستىدە كۆپ قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. مىراندىكى تارىخىي ئىزلارنى 1906 - يىلى 12 - ئايدىن 1907 - يىلى 1 - ئايغىچە ستەيىن، 1958 - يىلى خۇاڭ ۋېنبى، 1978 - ~ 1979 - يىللىرى خۇاڭ شياۋجياڭ ۋە جاڭ پىڭلار، 1989 - يىلى تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسى قېزىپ تەكشۈرگەن. 2012 - يىلى 8 - ئايدا مىران كونا شەھىرى خارابىسى يەنە بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلدى. بۇ خارابىلەر 36 - تۇەن ئىشتابىنىڭ 2 ~ 3 كىلومېتىر شەرقىدە، ئۇ يەردە بىر بۇددا مۇنارى بار، مۇشۇ مۇنارنىڭ غەربىي جەنۇبىدا شەرقتىن غەربكە 5.11 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا سەككىز مېتىر كېلىدىغان بىر ئېغىز ئۆي بار، بۇ ئۆينىڭ تېمىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 6.3 مېتىر، تامنىڭ قېلىنلىقى 2.1 مېتىر بولۇپ

چاسا شەكىلدە. ئۆينىڭ شەرقىي تېمى ساقلىنىپ قالمىغان، ئىچكى قۇرۇلمىسىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. يەر شەكلىدىن قارىغاندا جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، پەرقى 0.5 ~ 1.5 مېتىر ئەتراپىدا. ئۆينىڭ شەرقىي تەرىپىدە كىچىك بىر ھۇجرا بولۇپ جەنۇب ۋە شەرقىي تېمىغا ئەسلىدىكى ئۆينىڭ تېمى ئىشلىتىلگەن. ھۇجرىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 2.2 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 5.2 مېتىر، غەربىي شىمالى بۇرجەكتىن كەڭلىكى يېرىم مېتىرلىق ئىشىك ئېچىلغان، تامنىڭ قېلىنلىقى 0.7 مېتىر. مۇشۇ ئۆينىڭ شەرقى ۋە شەرقىي شىمالىدا 100 مېتىر كېلىدىغان جايدا ئۈچ بۇددا مۇنارى بار، ئۆينىڭ 30 مېتىر شەرقىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ تېگى كىۋادرات شەكلىدە بولۇپ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3.4 مېتىر. مۇنارنىڭ ئۈستى يۇمىلاق، ئايلانمىسى 7.7 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.3 مېتىر. مۇنارنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى 0.8 مېتىر كېلىدىغان كاتاك ئىشىكلىك رولىنى ئوينىغان بولسا كېرەك. مۇنارنىڭ ئۇلىدا دىيامېتىرى مۇنارنىڭ ئۇلىدىن چوڭراق بولغان ئۇل بار، ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇلغۇن چىۋىقلىرى ياتقۇزۇلغان. مۇنار 80 سانتىمېتىر ئېگىزلىككىچە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەش سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يۇلغۇن بېسىلغان، پۈتۈنلەي كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ سىرتى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. يۇقىرىقى بۇددا مۇنارىنىڭ 50 مېتىر شىمالىدا يەرگىلا قوپۇرۇلغان يۇمىلاق بىر بۇددا مۇنارى بار، بۇ مۇنار تېگىنىڭ ئايلانمىسى 36.5 مېتىر، ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، مۇنارنىڭ شىمالىدا تۆت چاسا ئىككى باسقۇچلۇق پەلەمپەي بار ئىشىك بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر، كەڭلىكى 0.8 مېتىر، ئىشىك ياخشى ساقلانغان. مۇنارنىڭ ئىچىدە، ئىشىكنىڭ بەش مېتىر ئۇدۇلىدا ئېگىزلىكى بىر مېتىر، كەڭلىكى 2.1 ~ 5 مېتىر كېلىدىغان بىر بۇت تەكچىسى بار، ئۇنىڭ ئۈستى قىسمىدا ئوتتا كۆيگەن، ئىسلانغان ئىز كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇ مۇنارنىڭ 50 مېتىر غەربىي شىمالىدا كېسەكتىن قوپۇرۇلغان مۇناردىن يەنە بىرى بولۇپ شەكىل جەھەتتىن ئالدىنقىسىغا ئوخشىشىدۇ، ئايلانمىسى 38 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.9 مېتىر، مۇنارنىڭ ئىچى قۇرۇق ۋە بۇت تەكچىسى يوق، بۇ مۇناردىنمۇ ئاز مىقداردا ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. ئارخېئولوگلار تېپىلغان ئاسار ـ ئەتىقىلەر ئاساسىدا يىل دەۋرىنى مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە دەپ ھۆكۈم قىلغان. مىران بۇددا خارابىلىرى شەرقىي مېرىدىيان "54'57°88قا، شىمالىي پاراللېل "39'13°39قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 939.1 مېتىر.

1957 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى مىران شەھەر خارابىسىدىن ئۈچ بۆلۈك شەكلىدىكى ئىككى پارچە يېپەك تاپقان، بىر پارچىسىدا بىر قۇردىن نامەلۇم يېزىق بار، چوڭلۇقى 13.7×15.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يېزىق يوق يەنە بىر پارچىسى 11×7.10 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا. ستەيىن 1907 ـ يىلى قارۇشتىچە خەت پۈتۈلگەن بايراقتىن بىرنى تاپقان، چوڭلۇقى 22×6 ~ 8 دىيۇم. بۇ شەھەر خارابىسىدىن 12×1 سانتىمېتىر كېلىدىغان چاچ

قىسىدىغان مىس چاچ قاماقتىن بىرى، 32 چىشى بار ياغاچ تارغاقتىن بىرى تېپىلغان (بۇ خىل تارغاق قۇم دەريا قەبرىستانلىقى، كىروران شەھىرى ۋە لوپ كۆلى بويىدىنمۇ تېپىلغان). بۇ خارابىدىن يەنە يۇڭ يىپتىن توقۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، تاپىنىنىڭ كەڭلىكى توققۇز سانتىمېتىر، ئاياغ ئېغىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 سانتىمېتىرلىق ئاياغدىن بىرى ۋە يېزىق بار ساپال پارچىسى تېپىلغان.

**سەككىز بۇددا مۇنارى خارابىسى** بۇددا خارابىلىرى ئۈچ مۇنار خارابىسىدىن باشقىلىرى ئاساسەن ۋەيران بولۇپ كەتكەن، ئادەتتە ئېگىزلىكى 3 ~ 6 مېتىر، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 4 ~ 10 مېتىر كېلىدۇ، توپا ۋە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، بەزىلىرىنىڭ ئۈستى يۇمىلاق ھەم قۇرۇق، مۇنارنىڭ ئۈچى بۇزۇلۇپ كەتكەن. بەزى مۇنارنىڭ تېگى بۇرۇنلا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىزدىگۈچىلەر تەرىپىدىن كولانغان.

**مۇران بۇددا خارابىلىكىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار** 1989 - يىلىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش داۋامىدا تۇبۇت قەلئەسىنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي شىمالىدىكى بۇتخانىنىڭ يەر ئۈستىدىن ساپال، تۆمۈر، مېتال (تاۋلىغاندىكى) چىقىرىندى، يارغۇنچاق تېشى، مىس بېزەك قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلغان. بۇ يەردە يەنە ئۆي، تۈر، كۈل ئورىكى، ئوچاق قاتارلىقلار بايقالغان. بۇ بۇتخانىلار يېقىن ئەتراپتىكى ئولتۇراق نۇقتىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، تېپىلمىلار ساپال ھەمدە تۆمۈر بۇيۇملارنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە ئاز مىقداردا مىس بۇيۇملارمۇ بار. ساپال بۇيۇملار قۇم ئارىلاش پىشۇرۇلغان قىزىل ۋە كۈل رەڭ ساپاللاردۇر، ئاساسلىقى كوزا قاتارلىق بۇيۇملاردىن ئىبارەت. داتلىشىپ چىرىغان تۆمۈر بۇيۇمدىن بەش دانە تېپىلغان، بۇلار بىر ئورغاق، بىر تۆمۈر كالتەك، نامەلۇم بىر تۆمۈر بۇيۇم، تۆمۈر ساۋۇت پارچىسى، مىس بېزەك پارچىسىدىن ئىبارەت.

**كونا مۇران دەرياسى بويىدىكى خارابە** 1989 - يىلىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بايقالغان. تۇبۇت قەلئەسىنىڭ شەرقىدە 5° جەنۇبىغىراق توغرا كېلىدۇ، ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىر، مۇران دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنىنىڭ بويىغا جايلاشقان، بۇ دائىرىنى پۈتۈنلەي قۇم بېسىپ كەتكەن. بۇ جايدىنمۇ كۆپ مىقداردا يادىكارلىق تېپىلغان بولۇپ ساپال بۇيۇملار، تۆمۈر بۇيۇملار (ئوق بېشى، ساۋۇت...)، تاۋلاش چىقىرىندىسى، مىس بۇيۇم پارچىسى، يارماق، يارغۇنچاق تېشى، قاشتېشى بۇيۇم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى يادىكارلىقلارنىڭ بايقالغان دائىرىسى شەرقتىن غەربكە 500 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 200 مېتىر. بۇ خارابىلىقتا دىيامېتىرى 53 ~ 58 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 40 سانتىمېتىرلىق ئورەك تېپىلغان، ئورەكنىڭ تېمىدىن 4.1 سانتىمېتىر كۆيگەن يۇمىلاق ئورەك تېپىلغان، ئورەكنىڭ كۆيگەن تېمى قىزىل قەۋەتكە ئايلانغان. ئورەكنىڭ ئىچىگە پاكىز قۇم تولدۇرۇلغان بولۇپ كۈل ۋە ياغاچ كۆمۈرى قالدۇقى بار، بەلكىم بىر ئوچاق ياكى كىچىك تىپتىكى تاۋلاش ئورنى بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خارابىلىكتىن تېپىلغان بۇيۇملار ساپال، تۆمۈر، مىس، تاش ۋە يارماقلاردۇر، ساپال بۇيۇملار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ساپال بۇيۇمدىن 26 دانە تېپىلغان، بۇلار كوزا، چارا، يىپ

ئېگىرىدىغان چاق (بىر دانە)، تۆشۈك تېشىلگەن ساپال پارچىسى (ئىككى دانە)، شەكىل چىقىرىلغان ساپال پارچىلىرى، ئەمما كوزا (16 دانە) ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. تۆت دانە تاش بۇيۇمنىڭ ئىككىسى سىلىقلاش تېشى، ئىككىسى تاش ئۇشكە. تۆمۈر بۇيۇم ئىككى دانە (ئوق بېشى ۋە بېلىق قاسرىقىسىمان ساۋۇت پارچىسى بىر دانىدىن)، بۇزۇلۇپ كەتكىنى ئۈچۈن نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن بولمىغان مىس بۇيۇم بىر دانە. بۇ خارابە مىلادىيەنىڭ بېشىغا يەنى كىروران - چەرچەن بەگلىكى دەۋرىگە مەنسۇپ.

**سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى سىستېمىسى** تۇبۇت قەلئەسىنىڭ جەنۇبىدا بىر غول ئۆستەڭ بولۇپ يەتتە تارماق ئۆستەڭ ۋە باشقا ئېرىقلاردىن تەركىب تاپقان. سۇغىرىش كۆلىمى شەرقتىن غەربكە ئالتە كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا بەش كىلومېتىر دائىرىگە سوزۇلغان. غول ئۆستەڭ سەككىز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا، ئېگىز ۋە چوڭ، تۈز، ئىككى قېشى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا كەڭلىكى 10 ~ 20 مېتىر كېلىدۇ. ئۆستەڭ ئېغىزى كونا مۇران دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئېقىنىدىن باشلانغان، ئاياغ تەرىپى تارماق ئۆستەڭلەرگە تۇتاشقان، بۇ تارماق ئۆستەڭلەرنىڭ كەڭلىكى 3 ~ 5 مېتىر، قاش ئېگىزلىكى 2 ~ 4 مېتىر، تارماق ئۆستەڭلەرنى غەربتىن شەرققە قاراپ سانىغاندا، ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3، 4، 4.5، 4.5، 5، 5، 4.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەڭ غەربىدىكى بىر تارماقتىن باشقا ئالتە تارماق غول ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدىن ئېرىق ئېلىپ سۇ باشلانغان. بۇ ئۆستەڭلەر مۇران بوستانلىقىنىڭ قەدىمدە قوللانغان سۇغىرىش سىستېمىسىدىن ئىبارەت، يىل دەۋرى جەھەتتىن مىلادىيەنىڭ بېشىدىن 11 - ئەسىرلەرگىچە بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقىلار مۇران بوستانلىقىنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى كۆلىمىنىڭ 10 كىۋادرات كىلومېتىردىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، مانا بۇلاردىن «ئەينى تارىخىي دەۋردە ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ چوڭ كۆلەم ھاسىل قىلغانلىقىنى، ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىسپاتلاشلارغا قارىغاندا، مۇرەننىڭ سۇغىرىش رايونىنىڭ كۆلىمى 45 مىڭ موغا، تېرىلغۇ كۆلىمى 17 مىڭ موغا يەتكەن»①، دېگەن ھۆكۈمنىڭ ناھايىتى توغرا بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

**تۇبۇت قەبرىستانلىقى** تۇبۇت قەلئەسىنىڭ 800 مېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان. قەبرىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.6 ~ 3.1 مېتىر، كەڭلىكى 0.3 ~ 0.4 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 0.7 ~ 0.9 مېتىر، كىرىش ئېغىزى كولىنىپ، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا ئۇزۇنلۇقى 1.1 ~ 1.25 مېتىر، كەڭلىكى 0.4 ~ 0.6 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 0.8 مېتىر كېلىدىغان يۇملاق لەھەت كولىنىپ مېيىت يەرلىككە قويۇلغان.

بۇتخانا خارابىلىرى ۋە ئەتراپىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنى 1989 - يىلى تەكلىماكاننى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسى تەكشۈرگەندە

---

① بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرە كومىتېتى: «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، زامانىمىزدىكى جۇڭگو نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 811 - بەت.

قېزىپ چىقارغان. بۇتخانا ئۆيىدىن توققۇز دانە، ئەتراپىدىن تۆت دانە بۇيۇم تېپىلغان (نومۇرى 14 ~ 89RMM11). تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ توققۇز دانىسى ساپال، ئاساسەن قىزىل، كۈل رەڭ، توپا رەڭ، كۆكۈچ سېرىق رەڭدىكى كوزا پارچىلىرىدۇر. بۇ ساپال بۇيۇملاردىن بەزىلىرىگە گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەر چىقىرىلغان. تۆمۈر بۇيۇملاردىن لېگەن (بىر دانە)، تەلەڭگە قاتارلىق تۆت نەرسە تېپىلغان، بۇلار چىرىپ بۇزۇلغان. مۇران خارابىلىرىدىن ساپال، تۆمۈر، تۈگمەن تېشى، مىس زىننەت بۇيۇمى، مېتال ئېشىندىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم يادىكارلىقلار تېپىلغان.

1906 - يىلى 12 - ئايدا ستەيىن مۇشۇ شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرگەن ھەمدە «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىن سۇرەتلىك خاتىرە» ناملىق كىتابىدا مۇناسىۋەتلىك قېزىش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەرگەن. 1928 - يىلى 9 - ئايدا شۋېتسىيە ئارخېئولوگى بېرگمان مۇران خارابىلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، كۆنچىققانبەگنىڭ ئوغلى توختى ئاخۇن بېرگمانغا ياردەم قىلغان. ئۇ، بېرگمانغا بىر دانە ئەينەك مارجان ۋە تۇبۇتچە خەت پۈتۈلگەن تارىشا پۈتۈكتىن بىرقانچىنى بەرگەن. بېرگمان ستەيىننىڭ بۇ يەرنى قېزىپ بولغانلىقىنى بىلىپ، قېزىش نىيىتىدىن يالتىيىۋاتقاندا، توختى ئاخۇن بېرگماننى مۇران قەلئەسىنىڭ 2.5 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى قەبرە بار جايغا باشلاپ بارغان. بۇ قەبرە ئېگىز يۇلغۇنلۇق دۆڭنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، قەدىمكى تۇرغا يېقىن كېلىدۇ. ئۇلار بۇ يەردىكى تۆت قەبرىنى قېزىپ كۆرگەن. 1 - قەبرە يەر يۈزىدىن 0.7 مېتىر تۆۋەندە، تېرەك ياغىچىنى ئويۇپ ياسالغان جەسەت ساندۇقىغا دەپنە قىلىنغان، پالتا بىلەن قالايمىقان چانالغان ئىزلار ساقلانغان. مېيىت ياخشى ساقلانغان، سول قۇلىقىنىڭ تۆۋىدە بېزەكسىز بىرونزا جامدىن بىرى قويۇلغان، جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە قوڭۇر رەڭلىك ناھايىتى توم چاچ ۋە ياغاچ تارغاق قويۇلغان. 2 - قەبرىدىكى جەسەت خېلى ياخشى ساقلانغان بولۇپ جەسەت ساندۇقى يوق، بىر تال ياغاچ ۋە قىيپاش قويۇلغان تاختاي بار، جەسەتنىڭ باش، كۆكسى ۋە بېلىكى ئەتراپىدا قىزىل، يېشىل، سېرىق يىپەك رەختنىڭ پارچىلىرى چېچىلىپ تۇرغان ھالەتتە بولۇپ، بېرگمان بۇ قەبرىنىڭ بۇرۇنلا بىراۋ تەرىپىدىن قېزىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. 3 - قەبرىدىكى مېيىت دەرەخ كاۋىكىنىڭ ئىچىگە قويۇلغان، جەسەت بۇرۇنلا باشقىلار تەرىپىدىن مىدىرلىتىلغان. 4 - قەبرە 1 - قەبرە بىلەن ئوخشىشىدۇ، بۇ قەبرىمۇ بۇرۇنلا ئوغرىلانغان. ئارخېئولوگ بېرگمان بۇ قەبرىلەرنى كىروران ئېلى دەۋرىدىكى ئاھالىلەرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان.

## 3. ۋاششەھىرى دەرياسى بويىدىكى تارىخىي ئىزلار

**ۋاششەھىرى كونا شەھەر خارابىسى** ۋاششەھىرى دەرياسى كونا ئېقىنىنىڭ ئىككى كىلومېتىر دەك غەربىدىكى قاقاسلىقتا جايلاشقان، ھازىرقى ۋاششەھىرى بوستانلىقىنىڭ

ئالتە كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا، جۇملىدىن ۋاششەھىرى يېزىسى[1] كونا شەھەر مەھەللىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. يەر ئۈستىدە مەدەنىيەت ئىزنالىرى، ساپال بۇيۇملار بار، بىر يەردە بۇغداي سامىنىمۇ دۆۋىلەپ قويۇلغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ خادىملىرى 1978 ـ يىلى بىرقانچە جايدىكى كۆجۈم ئۆيلەرنى، تاۋلاش ئوچىقى، زەرەتكالىق قاتارلىقلارنى تاپقان ۋە بەزى ئۆيلەرنى قېزىپ تەكشۈرگەن. تۈگمەن تېشى، ئەينەك بۇيۇملار، ساپال پارچىسى، يارماق، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تېپىلغان. تېپىندىلارنى كاربون 14 ئانالىزى بىلەن تەكشۈرگەندە يىل دەۋرى بۇندىن 1120 ـ، 1035 ـ يىللار ئىلگىرىكى نەرسىلەر بولۇپ چىققان. شەھەر خارابىسى شەرقىي مېرىدىيان 19″–87°17′18″قا، شىمالىي پاراللېل ″15′40°38قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 مېتىر. خارابىلىكنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى كۆلىمى شەرقتىن غەربكە بىر كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئىككى كىلومېتىر ئىدى، شەھەر سېپىلى بايقالمىغان. بۇ شەھەر خارابىسىدا 30 نەچچە ئورۇندا كۆجۈم ئۆيلەر، ئىككى جايدا زاراتكالىق، بىر جايدا تۆمۈر تاۋلاش خارابىسى، ئۈچ جايدا خۇمدان بايقالغان. 1917 ـ يىلى بۇ يەرگە كەلگەن شيې بىن «شىنجاڭغا ساياھەت» ناملىق كىتابىدا، چاقىلىقتىن 200 يول غەربكە يۇرسە ۋاششەھىرى (凹石峡)گە بارىدىغانلىقى، بۇ يەردە ئايلانمىسى ئۈچ يول (1.5 كىلومېتىر) كېلىدىغان كونا شەھەر بارلىقىنى يازغان.

ئارخېئولوگ بېرگمان 1928 ـ يىلى ۋاششەھىرى كونا شەھىرىدە بىر كۈن تۇرۇپ قېزىش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ خاتىرىلىشىچە، شۇ ۋاقىتلاردا بەزى جايلاردا خىش قۇرۇلمىلىق خارابە ئىزلىرىنى بايقىغان. سىتەيىن بۇ جايدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيۈەن يارمىقىدىن ئۈچ دانە (618 ـ ~ 627 ـ يىللار)، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يارمىقىدىن بەشنى (1107 ـ ~ 1023 ـ يىللار)، مىڭ سۇلالىسىگە مەنسۇپ يارماقتىن بىر دانە (1378 ـ ~ 1388 ـ يىللار) تېپىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. سىتەيىنىنىڭ يېزىشىچە، سېۋېن ھېدىن 1898 ـ يىلى بۇ شەھەر خارابىسىدىن بىر دانە قۇلاقلىق مىس سۇدانىنى تاپقان، بۇ مىس سۇدانىنىڭ ئېگىزلىكى 14 سانتىمېتىر، ئەڭ چوڭ يېرىنىڭ دىيامېتىرى 7.10 سانتىمېتىر بولۇپ ھازىر شۋېتسىيەنىڭ ستوكھولىم ئىرق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ مىس سۇدانىنىڭ شەكلى شارسىمان، ناھايىتى چىرايلىق، بويۇن قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قۇر كۆپۈنگۈ بېزەك نۇسخىسى بار. قۇلىقى ئېغىزىنىڭ گىرۋىكىدىن تارتىپ قاچىنىڭ ئەڭ توم يېرىگىچە تۇتىشىپ تۇرىدۇ، قۇلاق ئۈستىدە بىرقانچە قۇر ئانچە ئېنىق بولمىغان v شەكىللىك ئويما بېزەك بار، يوللىرى قىسقا ھەم توم، كەسمە يۈزى سەككىز تەرەپلىك، ئېغىز گىرۋىكى ئۆپرىغان. بېرگمان بۇ سۇدانى

[1] ۋاششەھىرى ئەسلىدە يېزا ئىدى، 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بازار قىلىپ تەسىس قىلىندى.

مىلادىيە 600 ـ ~ 1000 ـ يىللار ئارىلىقىدا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان [1].

1928 ـ يىلى بېرگمان بىر تۇركۇم يادىكارلىقلارنى تاپقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاسما بېزەك، ئەينەك، مارجان، ھېقىق ئاسما بېزەك، قۇلۇلە ھالقا، كۆك چىنە، سىرلىق ساپال ۋە باشقا بىر قىسىم زىننەت بېزەكلىرى بار، يەنە قوش چىشلىق تارغاق (بۇ بەلكىم ئىككى تەرىپىدە چىشى بارلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك، ستەيىن بىرنى، بېرگمان ئۈچىنى تاپقان، ئىككى يېنى پېتىنغۇ) قاتارلىقلارمۇ بار. بېرگمان بۇ شەھەر خارابىسىدىن تۇبۇتلەر ئىشغالىيىتى دەۋرىدىمۇ گۈللىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان تۇبۇتچە خەت بار ساپال پارچىلىرىنى ئۈچراتقان. بېرگمان بۇ يەردىن يەنە ئاق ساپال پارچىسىنى بايقىغان، ئۇنىڭدا چىمدىپ چىقىرىلغان كۆپۈنگۈ قىر بار. بۇ يەردىن خېلى كۆپ ساندا ساپال بۇيۇملار جۈملىدىن قاچىلارنىڭ پارچىسى تېپىلغان، كۆپىنچە قاچىلارغا ھەر خىل ئامالار بىلەن بېزەك گۈللەر چىقىرىلغان. بۇ يەردىن «كۆپ مىقداردا ساپال ئۇرچۇقلار تېپىلغان، بۇلار يىپ ئېگىرىشنىڭ بۇ جايدىكى ئائىلىۋى پائالىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ»، «بۇ يەردە بايقالغان مېتال تاۋلاشتىن قالغان تاشلاندۇق بۇيۇملار ئەينى زاماندا بۇ يەردە مەدەن (مېتال) تاۋلاش ئىشلىرىنىڭ بارلىقىنى دەلىللەيدۇ.» [2]

بېرگمان «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» ناملىق كىتابىدا، تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىزىمىنى نومۇرى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلغان. (چۈشەنچىمىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر قىسىم يادىكارلىقلارنىڭ نومۇرىنى ئالماي كىرگۈزدۇم، تېخىمۇ تەپسىلىي بىلگۈسى بارلار شۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە ياكى خەنزۇچە نەشرىگە مۇراجىئەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.) بۇ خارابىنى تەكشۈرگەن ۋاقتى: 1928 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.

جۇڭگو پۇلى: خۇڭۋۇ تومپۇرى (1378 ـ ~ 1388 ـ يىللاردا تارقىتىلغان)، 995 ~ 998 ـ يىللاردا تارقىتىلغان جىداۋيۈەن يارمىقى تېپىلغان (جۇڭگو پۇلى بولۇپ ئۈستىدە خەت بار، يۇقىرىقى پۇللاردىن باشقا ئىچكىرىدىكى سۇلالىلەرنىڭ پۇللىرىدىن بەش دانە تېپىلغان).

ئېللىپىس شەكىللىك كىچىك بىرونزا كەمەر ئىلمىكى؛ بىر بېشىدا تۆشۈكى بار كىچىك بىر بىرونزا (تۇچ) جىسىمنىڭ پارچىسى، دىيامېتىرى 22 مىللىمېتىر كېلىدىغان قىيپاش بىرونزا ھالقا، بەش دانە بىرونزا مېتال پارچىسى؛ يەتتە تال بىرونزا سىم، شارچە ياكى مارجاننىڭ پارچىسى؛ مېتال تاۋلاشتىن قالغان قالدۇق نەرسىلەر؛ 15 × 18

---

① فولك بېرگمان (ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 500 ـ بەت.

② فولك بېرگمان: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 318 ـ بەت.

مىللىمېتىر چوڭلۇقتىكى تۆت چاسا قوغۇشۇن ئاسما بېزەك؛ تۆمۈر پىچاقنىڭ سۇنۇقى، سۇس كۆكۈچ، يېشىل ۋە قېنىق ئىككى خىل رەڭلىك قوغۇشۇندىن ياسالغان قۇشقاچ؛ دىيامېتىرى توققۇز مىللىمېتىر كېلىدىغان شارسىمان ئاق مارجان ئەينەك؛ دىيامېتىرى 2 ~ 7 مىللىمېتىر كېلىدىغان تۆت دانە كۆك رەڭلىك ئۇششاق ئەينەك مارجان؛ دىيامېتىرى بەش مىللىمېتىر كېلىدىغان قارا رەڭگە مايىل ئۇششاق ئەينەك مارجان؛ ھەسەل رەڭگىدىكى سۇنۇق ئەينەك مارجان، يالقۇن شەكلى چىقىرىلغان شارسىمان ئاق تاش مارجان (قاشتېشى)؛ ئۇزۇنلۇقى 12 سانتىمېتىر كېلىدىغان يۇمىلاق تۇۋرۇكسىمان ئاق تاش مارجان، بىر دانە كىچىك ئەينەك شارچە ۋە كۆكۈچ ئەينەك مارجاننىڭ پارچىسى؛ قېلىن قولۇلىدىن ياسالغان ياپىلاق ھالقا؛ قۇلۇلىنىڭ ئۈچ پارچە سۇنۇقى؛ ئۇزۇنلۇقى 118 مىللىمېتىر، دىيامېتىرى سەككىز مىللىمېتىر كېلىدىغان ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق، ئوتتۇرىسىدا قاپارتما شەكىللىك بېزەك بار قوزۇق؛ سىرلانغان چىنىدىن ئىككى پارچە؛ زەيتۇن (يېشىل) رەڭلىك فارفۇر پارچىسى؛ ئاچ يېشىل، زەڭگەر فارفۇر جامنىڭ سۇنۇقى؛ ئاقۇچ زەڭگەر فارفۇر جامنىڭ تەكتى، كۆكۈچ ماش رەڭدە سىرلانغان فارفۇر (سىر بېرىشتىن بۇرۇن، فارفۇرنىڭ ئاق لېيى ئۈستىگە ئەگرى سىزىقلىق نۇسخىلار بىلەن بېزەلگەن)؛ سىرلانغان شورپا قوشۇقنىڭ سۇنۇقى؛ 26 دانە ساپال ئۇرچۇق؛ سۇس يېشىل قىسمەن سىلىقلانغان قاشتېشىنىڭ ئىككى دانە سۇنۇقى؛ 13 دانە چاقماق تېشى؛ قوشۇقنىڭ سىپىغا ئوخشايدىغان بىرونزا تاياقچە؛ ھەر خىل تىپتىكى بىرونزا سۇنۇقلىرى؛ ھېقىقتىن ياسالغان ئۈچ بۇرجەك شىنا شەكىللىك ئاسما بېزەك ۋە باشقا نۇرغۇن ساپال بۇيۇم ۋە ئۇنىڭ پارچىلىرى.

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار تەرىپىدىن 1978 -، 1980 - يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە سەككىز ئۆي، بىر خومدان ۋە يەتتە قەبرىنى قېزىپ تەكشۈرگەن. تېپىندىلارغا ئاساسەن، مىلادىيەنىڭ بېشىدىن يەنى چەرچەن بەگلىكى دەۋرىدىن موڭغۇللار دەۋرلىرىگىچە گۈللەنگەن، موڭغۇللار يوەن سۇلالىسىنى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئىنتايىن گۈللەنگەن دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان، (بۇلار ھەققىدە ئايرىم مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئارتۇقچە توختالمايمەن.) ئەمدى مۇشۇ قېتىمقى قېزىش ئەھۋالىدىن قىسقىچە تونۇشتۇپ ئۆتىمەن. 1 - ۋە 2 - نومۇرلۇق ئۆي ئىككى قاتار ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا، 3 - نومۇرلۇق ئۆي باشقا قاتاردا. 3 - نومۇرلۇق ئۆيدىن شىمالىي سۇڭ (960 - 1127) دەۋرىدىكى پۇل، ساپال، بېزەك قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلغان. بۇ بۇيۇملار تەگ قەۋەتتە بولۇپ قۇم كۆمۈۋەتكەن (قېلىنلىقى 2 ~ 5 سانتىمېتىر.) ئۇنىڭ ئۈستىدە 30 ~ 50 سانتىمېتىرغىچە بىر قەۋەت قىغ بار. بۇلار كالا، قوي، ئات، ئۆشكە قىغلىرى ۋە بوغۇزلىرىدۇر. ئۆرۈلگەن، كۆيدۈرۈلگەن ياغاچ، دەرەخ شېخى، قومۇش ۋە ئاز مىقداردا ساپال، تېرە، كىگىز، يىپەك، پاختا رەخت قاتارلىقلار تېپىلغان. 3 - قەۋەتتى

10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى كۆل رەڭ توپا بولۇپ كۆل ئورىكى، كاڭ، ئوچاق ۋە ساپال تېپىلغان. 4 ـ قەۋەتى 40 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى كاڭ يۈزى. 5 ـ قەۋەت ئاچ كۆل رەڭ تۇپراق بولۇپ بەش سانتىمېتىر قېلىنلىقتا، ياغاچ كۆمۈرنىڭ كۆيۈندىسى ۋە پىشۇرۇلغان كېسەكتىن باشقا نەرسە تېپىلمىغان. 6 ـ قەۋەت سېرىق توپا قاتلىمىدۇر. 1 ـ نومۇرلۇق ئۆي 5×7.4 مېتىر بولۇپ شىمالىي تېمى ساقلىنىپ قالمىغان، جەنۇبىي تېمىنىڭ بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. شەرقىي ۋە غەربىي تېمىنىڭ قېلىنلىقى 0.56 ~ 0.54 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى 0.2 ~ 0.46 مېتىر. 0.8 مېتىر كەڭلىكتىكى ئىشىكى شەرقىي جەنۇبقا قارىتىپ ئېچىلغان. ئۆينىڭ ئىچىدە 25 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە كاڭ بار، كاڭنىڭ ئۈستى رېمونت قىلىنغان ۋە ھاكلانغان. ئۆينىڭ ئىچىدىن ياغاچ تەلەڭگە، ياغاچ لېگەن، قىزىل ساپال ۋە ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. 1 ـ ۋە 2 ـ نومۇرلۇق ئۆيلەرنىڭ ئالتە مېتىر شەرقىي شىمالىدا 5.5×6.5 مېتىر چوڭلۇقتا بىر ئۆي بار، ئۇنىڭ غەربىي تامدىن باشقا تاملىرى ساقلىنىپ قالغان، تامنىڭ قېلىنلىقى 60 سانتىمېتىر، ئۆينىڭ ئىچىدە ئېگىزلىكى 15 ~ 20 سانتىمېتىر كېلىدىغان پاكار كاڭ بار. كاڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە چالا كۆيگەن قوزۇق بار. بۇ ئۆيدىكى كاڭنىڭ ئۈستىدىن ياغاچ قوزۇق، مىس پارچىسى، تۆگمەننىڭ پوچۇق تېشى، ئېگەر، ساپال پارچىسى، تېرە، توقۇلما، پاختا رەخت پارچىسى قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلغان. بۇ جايدىن تېپىلغان ياغاچنىڭ يىل دەۋرىنى كاربون 14 ئانالىزىدا تەكشۈرگەندە، بۇندىن 1180 يىللار بۇرۇن ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. 1 ـ ۋە 3 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ تەخمىنەن 300 مېتىر جەنۇبىدىكى قۇمنىڭ تېگىدىن يادىكارلىقلار تېپىلغان، بۇ ئىزنى 1928 ـ يىلى بېرگمان تەكشۈرگەن بولۇپ كۆلىمى 5.5×4.5 مېتىرلىق ئۆي، ئىشىكى جەنۇبقا قارىتىپ ئېچىلغان، بۇ ئۆيدىن يۈەن سۇلالىسى (1206 ~ 1368) دەۋرىگە مەنسۇپ ئىككى پارچە خەنزۇچە پۈتۈك، زور مىقداردىكى ساپال بۇيۇم، ئەينەك شارچە، گېئومېتىرىك شەكىللەر چېقىرىلغان ساپال بۇيۇم... تېپىلغان. 1 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىن تېپىلغان ياغاچ ئەۋرىشكىسىنى كاربون 14 تەجرىبىسىدە تەكشۈرگەندە، يىل دەۋرى بۇندىن 1090 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان، ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى دەرەخ ھالقىسى توغرىلاش ئارقىلىق بۇندىن 1035 يىللار بۇرۇن دەپ ھۆكۈم قىلىنغان. تەكشۈرگەن ئۆيلەرنىڭ كۆپىدە كۆيگەنلىك ئىزناسى بار. مۇشۇ قېتىمقى ئۆيلەرنى تەكشۈرۈشتە بايقالغان خەنزۇ يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ ئىندېكسىسى 2 ~ 79RWF 3:1، تەتقىقاتچىلار بۇ پۈتۈكلەرنى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا مەنسۇپ دەپ قارىغان. چۈنكى بۇ پۈتۈكتە موڭغۇل سانغۇنى ئوغۇنچا تىلغا ئېلىنغان، بۇ سانغۇن 1293 ـ يىلى ئۆلگەن. ۋاششەھىرى كونا شەھىرىنىڭ قورۇلۇشى ئالاھىدە بولۇپلا قالماستىن، بۇ خارابىدىن تېپىلغان ئەينەك بۇيۇملارمۇ ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر. چۈنكى دىيارىمىزدا ئەينەك بۇيۇملار ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ مەركىزىي رايونى ۋە

غەربىي شىمال قىسمىدا ئەينەك پارچىسى كۆپرەك تېپىلغان. بۇ ئەينەك پارچىلىرى ئاچ يېشىل، رەڭسىز، بوز رەڭدە. يېشىل ۋە بوز رەڭدىكىلىرىنىڭ ئارىلاشمىسى كۆپرەك، نۇر ئۆتكۈزۈشى ناچارراق. ياسىلىش ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا پۈۋلەپ ياسالغان، ياسىلىش سەنئىتى ئاددىي، بەزىلىرى قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئەينەكلەردۇر. ۋاششەھىرى كونا شەھەر خارابىسىدە ئولتۇراق رايون، تاۋلاش رايونى، خۇمدان قاتارلىقلار ئايرىپ جايلاشتۇرۇلغاندىن سىرت، تېرىم ۋە زاراتكالىقمۇ ئايرىپ جايلاشتۇرۇلغان. ۋاششەھىرى خارابىلىقىدىن ناھايىتى كۆپ مىقداردا ئەينەك بۇيۇملار، ئەينەك پارچىلىرى، ئەينەك تاشلاندىلىرى بايقالغان. مۇشۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارنىڭ ئىشتىراكچىسى ئارخېئولوگ جاڭ پىڭ «رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە ئەينەك بۇيۇملار ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. بۇلار ئېلىمىزنىڭ ئەينەك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتىن شەرق، غەرب ئالاقىسى ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم»[1] دەپ يازغان. ئارخېئولوگلار بىر ئەينەكچىلىك ئىشخانىسىنى تاپقان، دائىرىسى 200 كىۋادرات مېتىر چىقىدۇ. بۇ يەردىن يەنە كۆپ مىقداردا قىزىل خىش ۋە ياغاچ كۆمۈرى بايقالغان. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، «يۇقىرىقى خارابە ئىزى بۇ جاينىڭ بىر ئىشخانا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇلارنىڭ ئىش تەقسىماتى ئىنچىكە بولۇپ كۆپ خىل ئەينەك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىشخانىدۇر»[2] دەپ ھۆكۈم قىلىنغان. بۇ يەردىن بايقالغان تېپىلمىلار ئاساسەن قۇتا شەكىللىك ۋە كوزا شەكىللىك ئەينەك بۇيۇملاردۇر. ئالىملار ۋاششەھىرى خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئەينەك بۇيۇملارنىڭ ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرۈپ مۇنداق يەكۈن چىقارغان: بۇ يەردىكى ئەينەكلەر گەرچە غەرب ئەينەكلىرىگە ئوخشاشسىمۇ پەرقى بار، بۇ ئەينەكلەر مۇشۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان، تاۋلاشتا ياغاچ كۆمۈرى ئىشلىتىپ قىزدۇرغىنى ئۈچۈن نۇر ئۆتكۈزۈشى تازا ياخشى ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا ئەينەك ئىشلەپچىقىرىپلا قالماستىن يەنە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەشتەك تېخنىكىلارغىمۇ ئىگە بولغان ھەم خېلى كۆلەم ھاسىل قىلغان. شۇ ۋاقىتتا ئەينەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولغان خىمىيەلىك تەركىبلىرى ھەمدە قىزدۇرۇش گىرادۇسلىرىغىچە توغرا ئىگىلىگەن. ۋاششەھىرىدىن تېپىلغان بۇ ئەينەكلەر خىمىيەلىك تەركىبى جەھەتتىن ناترىي كالتسىيلىق ئەينەك، خىمىيەلىك تەركىبى جەھەتتىن ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەينەكچىلىكىدىن پەرقلىنىدۇ، تاۋلانغان ئەينەك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئارخېئولوگ جاڭ پىڭ مۇنداق يەكۈن چىقارغان: «ئەينى دەۋردە ھەر خىل ئەينەك شارچە، ئەينەك نوكەش قاتارلىق بېزەكسىمان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپلا قالماستىن، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كېرەك بولىدىغان ئەينەك قۇتا، ئەينەك كوزا قاتارلىقلارنىمۇ ئىشلەپچىقارغان. بۇ خىل ئەينەك بۇيۇملار، بىر خىل شەكىلدىكى

① ② جاڭ پىڭ: «چاقىلىق ناھىيەسى ۋاششەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئەينەك بۇيۇملار»، «كىرورلان كۈلتۈرى تەتقىقاتى ماقالىلىرىدىن توپلام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 290 ـ بەت.

كۆپ مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى تەھلىل قىلساق، بازار ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈندۇر. تاۋارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش مۇئەييەن سەۋىيەگە يەتكەن.»①

1989 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشتىمۇ ناھايىتى كۆپ يادىكارلىق تېپىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە ساپال، تۇگمەن تېشى، ئەينەك پارچىسى، كاھىش، خاقانىيە پۇلى (12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەر)، يىپ ئېگىرىدىغان ساپال چاق (13 دانە، 11 دانىسى ساق)، يىپەك، ياغاچ تارغاق، تەخسە، گىر قاتارلىق نەرسىلەر بار. ھازىر بۇ خارابىنىڭ بىر قىسمى قۇمنىڭ ئېگىدە قالغان بولسا يەنە بىر قىسمى ئېتىزلىققا ئايلىنىپ كەتكەن، شەھەر خارابىسىنى تونۇش مۇمكىن ئەمەس. 1979 ـ يىلى سەككىز ئېغىز ئۆي، يەتتە قەبرە قېزىپ تەكشۈرۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدىن ئەينەك بۇيۇم، موڭغۇللار دەۋرىدىكى خەنزۇچە پۇتۇك، ساپال ۋە ياغاچ بۇيۇملار تېپىلغان. ساپال بۇيۇملار ئاساسلىقى قىزىل ساپالنى ئاساس قىلغان يەنى ساپال چاق، كوزا، كومزەك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1989 ـ يىلى تەكشۈرۈلگەندە 30 دانە ساپال بۇيۇم، ئىككى دانە تاش بۇيۇم تېپىلغان. ئارخېئولوگلار بۇ شەھەرنى مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە گۈللەنگەن، دەپ بېكىتكەن.

1906 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ستەيىن مۇشۇ شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرگەن. ئۇ، «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىن سۈرەتلىك خاتىرە» ناملىق كىتابىدا مۇناسىۋەتلىك قېزىش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەرگەن. تۆۋەندە ئالىمنىڭ شۇ كىتابىنىڭ گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلغان نۇسخىسى بىلەن «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)دا ئېلان قىلغان پارچىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىمىز.

ستەيىن 1906 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەسىدە بايقالغان ئاسار ـ ئەتىقىدىن 61 خىلىنى تىزىملاپ ئېلان قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە 18 خىل ساپال بۇيۇم، 8 خىل ئەينەك بۇيۇم، 15 خىل مىس بۇيۇم ۋە باشقا نەرسىلەر. ساپال بۇيۇملار ئىچىدە يۇملاق ئېغىز، ئۇستىگە نەقىش چىقىرىلغان قىزىل، قارا ساپال؛ تۆشۈك ئېچىلمىغان يىپ ئېگىرىش چاقى؛ ساپال قاچا، ساپال قۇتا، ساپال تەخسە قاتارلىقلار بار. ئەينەك بۇيۇملار ئىچىدە ئەينەك شارچە، ئاچ يېشىل ئەينەك پارچىلىرى، ئەينەك چۆگۈننىڭ تۇتقۇچى قاتارلىقلار بار. مىس بۇيۇملاردىن مىس شارچە، مىس بولقا، ئەينەك پوقى، ھالقا، قىسقۇچ، ئىلمەك قاتارلىقلار بار. ياغاچ بۇيۇملاردىن تەخسە، ئىككى تەرىپىدە چىشى بار تاغاق (بىر تەرىپىدە 25 چىشى، يەنە بىر تەرىپىدە يەتتە چىشى قالغان) ۋە ئېلىپىس شەكلىدىكى قاشتېشى بېزەك قاتارلىقلار بار. كۈمۈشتىن ياسالغان بىر دانە بۇيۇم، بىر تەرىپى كۆپتۈرۈپ ياسالغان بېزەك ۋە باشقا تاش بۇيۇملار تېپىلغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «ۋاششەھىرى خارابىسىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە مۇنداق

① جاڭ پىڭ: «چاقىلىق ناھىيەسى ۋاششەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئەينەك بۇيۇملار»، «كىروران كۇلتۇرى تەتقىقاتى ماقالىلىرىدىن توپلام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 290 ـ، 291 ـ بەتلەر.

بىر ئەھۋالنى بايقىدىم. قەدىمكى ئاھالىلەر جايلاشقان تار جايلاردىلا ئەمەس، يەنە شەرققە سوزۇلغان سايلىقتىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرلەردىمۇ يېرىلىپ كەتكەن بىر مۇنچە مېۋىلىك دەرەخ ياغاچلىرى، سۆگەت ۋە تېرەك بار ئىكەن. بۇ يەرنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىنى شامال پۈتۈنلەي ئۇچۇرتۇپ كەتكەن. بۇ سايىنى كېسىپ ئۆتكەن، كۆرۈپ بىلگىلى بولىدىغان ئۆستەڭنىڭ يەر يۈزىدە بولۇشىلا بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. غەلىتە يېرى شۇكى، ۋاشىشەھىرى دەرياسىنىڭ سۈيى ياز پەسلىدە بۇ يەرگە ئېقىپ كېلەلەيدۇ. ئۇنداقتا بۇ خارابىگە سۇ ئېقىن قىسقارغاندىن كېيىن ئاندىن ئېقىپ كېلەلىگەنمۇ؟»[1] ۋاشىشەھىرىلىك كىشىلەرمۇ ۋاشىشەھىرى خارابىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئارخېئولوگلار كۆرگەن ئىككى كىۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىن خېلىلا چوڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. لوپلۇقلار بولسا ئابادلىنىڭ جەنۇبىنى كۆرسىتىپ، ئۇ يەردە بىر شەھەر خارابىسى بارلىقى، ئەمما ئاساسى جەھەتتىن قۇم تېگىدە قالغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. قۇم دەريا قەبرىستانلىقى 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا تېپىلغان، 1934 ـ يىلى تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ شۇندىن كېيىن بايقالمىغان، لېكىن 2001 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ قەبرىستانلىق ئىنسانىيەت ئالىمىگە قايتىدىن نامايان بولغان. بىز رىۋايەتلەردىكى، شامالدا شەھەرلەر بەزىدە ئېچىلىپ بەزىدە كۆمۈلۈپ قالىدۇ دېگەن بايانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، دىيارىمىزدىكى شەھەر خارابىلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. چاقىلىق دىيارى جۇملىدىن لوپ كۆلى رايونى ئىنتايىن كۆچلۈك بوران چىقىدىغان رايون ئىكەنلىكى ھەممىيلەنگە ئايان. ھازىر كۆپ ھاللاردا شەھەر قەلئەلىرىنى شۇ شەھەرنىڭ دائىرىسى سۈپىتىدە تونۇۋاتىمىز، بۇنداق قاراش مۇۋاپىق ئەمەس، شەكسىزكى شەھەرنىڭ ئاھالىلەر تېرىقچىلىق قىلىدىغان ھەم ئولتۇراقلاشقان شەھەر رايونلىرى بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى ھازىرقى بىلگەنلىرىمىزدىن چوڭ بولۇپ چىقىدۇ. لوپ رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بايقىلىشى، بۇ ئويىمىزنىڭ توغرىلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە. يارداڭلىق يەر شەكلىمۇ شامالنىڭ ياساپ چىققان ئىجادىيىتى، يۇمشاق توپىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ھاسىل بولغان. كىروران خارابىلىكلىرىدىن ھازىر بايقالغانلىرى ئاساسەن دۆڭ ئۈستىدە، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەجەبا، شامال شەھەر رايونىنىڭ توپىلىرىنى ئۇچۇرتۇشقا قادىر بولالماسمۇ؟ مۇران شەھەر خارابىلىرىنى، ۋاشىشەھىرى خارابىسىنى بېسىپ كەتكەن قۇم باشقا شەھەر ـ بازارلارنى يۇتۇپ كەتمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ھازىر بىز بىلىۋاتقان خارابىلەرنىڭ دائىرىسى قەدىمدە ھازىرقىدىن خېلىلا چوڭ بولغان. ئالىملار تەكشۈرۈش داۋامىدا شۇنى بايقىغانكى، كىروران رايونىدىكى تۇپراقنى شامال ئۇچۇرتۇپ 6 ~ 7 مېتىر پەسلىتىۋەتكەن، شۇڭا يارداڭلىق پەيدا بولغىنىدەك، ھازىر بايقالغان شەھەر خارابىلىرىمۇ دۆڭلۈكلەردە قالغان. شامال يۇمران توپىنى ئۇچۇرغان بولسا، قاتتىقراق تۇپراقنى يېمىرگەن. مانا مۇشۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا، شامالنىڭ

---

① ستەيىن: «نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈش»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 258 ـ بەت.

بۇزغۇنچىلىقى نۇرغۇن تارىخىي ئىزلارنى يوق قىلىۋەتكەن. بۇ ھەقتە پىروفېسسور خۇاڭ شېڭجاڭنىڭ «كۆچلۈك شەرقىي شىمال بورىنى شەھەر ئىچىدىكى يەر يۈزىنى يالاپ ئەڭ چوڭقۇر يېرىنى 6.08 مېتىرغىچە ئويۇۋەتكەن، ئەڭ تېيىز ئويۇۋەتكەن يېرىمۇ 3.7 مېتىر بولۇپ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.21 مېتىر بولغان، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.3 سانتىمېتىر ئويۇۋەتكەن. ئەينى زاماندا كىرورەن قەلئەسى ئىچىدىكى ئۆي، دەرەخ ۋە چۆپلەرنىڭ توسالغۇسى قاتارلىقلارنى ھېسابقا ئېلىپ %10 بويىچە ھېسابلىساق، 2000 يىلدا ئالتە مېتىر ئويۇۋەتكەن بولىدۇ. سىتەيىن LE شەھىرىنى شامال يالاپ 20 فۇتتىن ئارتۇق ئويۇۋەتكەن، دەپ كۆرسەتكەن. يۇقىرىقىدەك كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق سانلىق مەلۇمات يەنى شامالنىڭ يەر يۈزىنى ئويۇۋېتىشىدىن شەھەرنىڭ ئىچىدىكى ۋېي ـ جىن سۇلالىلىرىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ سانى ئاز بولغان ئىزنالارنىڭ كۆنىمىزگىچە ساقلىنىپ قېلىشى تەس، بەلكى شامال ئۇچۇرتۇپ كەتكەن...»[1] دېگەن بايانلىرى قاراشلىرىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. دېمەكچىمىزكى، لوپ كۆلى بويىدىكى شەرقىي شىمال بورىنى نۇرغۇنلىغان تارىخىي ئىزلارنى يوق قىلىۋەتكەن.

**قۇرۇقتوقايدىكى تۇر** ۋاشەھەرى يېزىسى ياقاتوغراق چارۋىچىلار مەھەللىسىنىڭ غەربىدە سەل شىمالغا قىيپاش كېلىدۇ، كونكرېت ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 86°47′59.8″ قا، شىمالىي پاراللېل 38°48′53.8″ قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 973.5 مېتىر، شىمالىدىكى چەرچەن دەرياسى بىلەن ئارىلىقى 700 مېتىر (دەريا بويىدا نۇرغۇن توغراق ئۆسكەن)، يېقىندىن ياسالغان دۆلەت 315 ـ تاشيولى بىلەن ئارىلىقى 12.5 كىلومېتىر، شەرقىي جەنۇبىدىكى ۋاششەھەرگە 51 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ چاسا تۇر ياقاتوغراق چارۋىچىلار مەھەللىسىنىڭ 19.5 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا، ئايلانمىسى توققۇز مېتىردەك، ھازىرقى قالدۇق ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، لاي ۋە شاخ، قومۇش بېسىپ چىڭداپ ياسالغان.

**كالائۆلگەندىكى تۇر** ۋاششەھەرى يېزا ئوتتۇرئۆستەڭ مەھەللىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ كونكرېت ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 87°39′52.1″ قا، شىمالىي پاراللېل 38°52′44.3″ قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 882.9 مېتىر، غەربىي شىمالىدىكى ۋاششەھەرى دەرياسى بىلەن ئارىلىقى 14 كىلومېتىر، چەرچەن دەرياسى بىلەن ئارىلىقى 41.5 كىلومېتىر. غەربىي شىمالىدىكى ۋاششەھەرى بىلەن ئارىلىقى 29.5 كىلومېتىر، 8.5 كىلومېتىر جەنۇبىدا دۆلەت 315 ـ تاشيولى بار. تۇر چاسا شەكىلدە بولۇپ جەنۇب ـ شىمال ئۇزۇنلۇقى 2.7 مېتىر، غەرب ـ شەرق ئۇزۇنلۇقى 2.2 مېتىر، ھازىرقى قالدۇق ئېگىزلىكى 2.3 مېتىر، لاي ۋە شاخ ـ شۇمبا بىلەن چىڭداپ ياسالغان.

[1] خۇاڭ شېڭجاڭ: «كىرورەن پايتەختى مۇنازىرىسىنىڭ قىيىن نۇقتىسىنى يېشىش ۋە LA شەھىرىنىڭ غەربىي خەن دەۋرىدىكى كىرورەن شەھىرى ئىكەنلىكىگە يېڭى ئىسپات»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سانى، 79 ـ بەت.

## 4. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى تارىخىي ئىزلار (1)

لوپ كۆلىنى مەركەز قىلغان تارىخىي ئىزلار ئىنتايىن كەڭ دائىرىگە جايلاشقان، ئاساسلىقى ئۈچ رايونغا مەركەزلەشتۈرۈپ بايان قىلىمىز. بۇلاردىن بىرىنچى رايون كىروران قەلئەسى يەنى LA نى مەركەز قىلغان ھالدا LB، LC، MA، FO، LD، LE، LG، LF، LI، LJ، LQ ۋە توپىلىق خارابىسىنى؛ 2 - رايون 1 - رايوننىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇبى قىسمىدا بولۇپ LKنى مەركەز قىلغان ھالدا L، LM، LR لارنى؛ 3 - رايون 1 - رايوننىڭ قىيپاش غەربىدە بولۇپ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا شۇ ئەتراپتىكى قەبرىلەر ۋە ئىزلارنى، قەبرەغول قەبرىستانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لوپ رايونىدا تارىخىي ئىزلار ناھايىتى كۆپ، 1900 - يىلى 3 - ئايدا لوپلۇق ئۇيغۇر يىگىتى ئۆردەكنىڭ تاسادىپىي پۇرسەتتە كىروران شەھەر رايونىنى بايقاپ قالغىنىدىن ھېسابلىغاندا، مانا بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتا، نۇرغۇن قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر بولدى. مانا شۇ تەكشۈرۈشلەر بۇ شانلىق تارىخ، ئېسىل مەدەنىيەت بىلەن تونۇشىدىغان پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەردى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى سېۋېن ھېدىن، ستەيىن، خۇاڭ ۋېنبى قاتارلىقلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى ئالاھىدە خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ، 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرىمۇ كۆپ ئەمگەك سىڭدۇردى. تۆۋەندە ئەنە شۇ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، بۇ پارلاق مەدەنىيەت بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

**كىروراننىڭ بايقىلىشى** 1900 - يىلى ئەتىياز پەسلىدىكى ئىش بولۇپ تارىختا پۈتۈنلەي تېگىشلىك بىر تارىخىي ۋەقەدۇر. بۇ ۋەقەدە ئىككى ئاساسىي تارىخىي شەخس بار، ئۇنىڭ بىرى شىۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى، جۇغراپىيە ئالىمى، دوكتور سېۋېن ھېدىن؛ يەنە بىرى لوپلۇق ئاددىي ئۇيغۇر يىگىتى ئۆردەك. كىروراننىڭ بايقىلىشى توغرىسىدا سېۋېن ھېدىن «ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم» ناملىق كىتابىنىڭ «لوپتىكى قەدىمكى شەھەر» دېگەن بابىدا توختالغان. بۇ ۋەقە 1900 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلىنىدۇ. مۇشۇ بابتا يېزىلىشىچە لوپلۇقلاردىن ئۆردەك، قۇداي قۇلۇ، مۇسا، ئوۋچى ئابدۇرېھىم ئاخۇن، مالىك ئاخۇن ۋە يەنە بىر لوپلۇق قاتارلىقلار سېۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيەسىگە قاتناشقان. سېۋېن ھېدىننىڭ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ مەقسىتى، رۇسىيەلىك كوزلوف بايقاپ ئورنىنى كۆرسەتكەن، ئەمما خەرىتىسىنى سىزىشقا ئۈلگۈرمىگەن كۆنچى دەرياسىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىش ئىدى. ئۇلار قاقشاللىق (يىڭپەن) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ لوپ كۆلىگە قاراپ تەكشۈرۈپ ماڭغان. 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۇلار غەربىي جەنۇبقا يەنى قاراقوشۇن كۆلىگە قاراپ ماڭغان. كازاك چېرنىپ ۋە ئۆردەك يارداملىقتىن تۆگە ئۆتىدىغان يول ئىزدەپ، غەربىي جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپلەرنى چارلىغان، شۇ

جەرياندا كىچىك بىر قوۋم دۆڭنىڭ ئۈستىدىن بىرقانچە ياغاچ ئۆينى بايقىغان. بۇ ئۆيلەردىن يارماق، تۆمۈر بۇيۇم ۋە نەيزە تۇتقان بىر ئادەم، بىر قولىدا چەمبىرەك تۇتقان، يەنە بىر قولىدا گۈل تۇتقان ئادەم نەقىشلىك ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۇچراتقان. ئۇ يەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا خېلى يىراق جايدا بىر توپا تۆر تۇراتتى، سېۋېن ھېدىن چېرنىف بىلەن ئابدۇرېھىم قاتارلىقلارنى شۇ تۇرنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن. ئۇلار يەنە شۇ تۇرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يەنە ئۈچ تۇرنى بايقىغان، لېكىن ئۇلار ۋاقىت ۋە ئوزۇقلىرىنىڭ قىستىشى سەۋەبلىك، قاراقوشۇن كۆلىگە قاراپ مېڭىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلار جەنۇبقا 12 يول يۈرگەندىن كېيىن، تېرەك كۆكلەپ تۇرغان بىر ئويمانلىققا كەلگەن. سېۋېن ھېدىن بۇ جايدا سۇ بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپ قۇدۇق قازماقچى بولغان، ئەمما گۇرجەك ئالدىنقى قېتىم قازغان خارابىدە ئۇنتۇلغانلىقى بىلىنگەن. گۇرجەك بولمىسا بېشىغا كېلىشى مۇمكىن بولغان بەختسىزلىكلەرنى ئويلاپ، ئۆردەك ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، ئازراق شامال چىقمىۋاتىسمۇ، بېرىپ گۇرجەكنى تېپىپ ئەكەلمەكچى بولغان. سېۋېن ھېدىن ئۆردەككە ناۋادا ئۇچرىشالمىسا جەنۇبقا قاراپ مېڭىشىنى، شۇنداق بولغاندا قاراقوشۇن كۆلىگە يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. سېۋېن ھېدىننىڭ ئېتىنى مىنگەن ئۆردەك يېرىم كېچىدە يولغا چىققان، ئۇ يولغا چىقىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن قاتتىق بوران چىقىپ كەتكەن. ئۇ، تاڭ يورۇغاندىن كېيىنمۇ قايتىپ كەلمىگەنلىكتىن، سېۋېن ھېدىنلار قاراقوشۇن كۆلى تەرەپكە قاراپ قوزغالغان. ئۇلار بىرقانچە قۇم دۆڭلىرىدىن ئۆتۈپ بىر تۈزلەڭگە كەلگەندە، ئۆردەك يىتكەن گۇرجەكنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەن. ئۇ بوران تەسىرىدە ئەسلىدىكى ئىزىنى يوقىتىپ، ئېزىپ قالغانلىقىنى، ئېزىپ بىر مۇنارنىڭ يېنىغا بېرىپ قالغانلىقىنى، ئۇ مۇنارغا يېقىن جايدا بىر خارابىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان. ئۇ بايقىغان شۇ خارابىدىن نەپىس ياغاچ ئويمىلارنىڭ ئەۋرىشكىسىدىن بىرقانچىنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇ تاپقان يارماق ۋە ئويما نەقىش بار ياغاچنى ئاتقا ئارتىپ گۇرجەك يىتكەن خارابىنى ئىزدىگەن، گۇرجەكنى تاپقاندىن كېيىن قايتقان، ئات ھېرىپ بولالمىغاندا نەرسىلەرنى ئۆزى يۈدۈپ قايتىپ كەلگەن، بۇ 1900 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئىدى. ئۇ يەنە سېۋېن ھېدىنلار قوزغىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن شۇ خارابىگە بېرىپ بەزى يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇ ئېلىپ كەلگەن نەپىس ياغاچ ئويمىلار بۇ ئەجەنبىي ئالىمنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قايتىشىغا ئىككى كۈن يەتكۈدەكلا سۇ قالغاچقا، خارابىگە بېرىپ تەكشۈرۈشكە شۇنچە ئىنتىلسىمۇ، ئامالسىز بويىنىدىن باغلاپ تارتقاندەك بولۇپ، كېيىنكى يىلى كېلىپ تەكشۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ قايتىشقان. ئۇلار جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ، 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاندىن تاتلىق سۇلۇق كۆل ــ قاراقوشۇنغا يېتىپ كەلگەن.

1901 ـ يىلى سېۋېن ھېدىن ئەتراپلىق پىلان تۈزۈپ لوپ كۆلى بويىدىكى، ئۆردەك ئالدىنقى يىلى بايقىغان شەھەر خارابىسىنى كۆزلەپ ماڭغان. ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئىسلامباي 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن باشلاپ قاراقوشۇن كۆلى بويىدا، ھەر

كېچىسى ئوت يېقىپ نىشان كۆرسىتىدىغان بولغان. 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۇلار قونالغۇ قىلغان ئەتراپتىن 19 دانە ئۆينىڭ خارابىسىنى تاپقان ھەمدە ئۇلارنى قازغان، تەكشىلىك خەرىتىسىنى سىزغان. ئۇ يەردىن كىگىز پارچىسى، ساپال پارچىسى، چاچ، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ سۆڭىكى، قىزىل رەخت، زىرە، جۇڭگو يارمىقى قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلغان. سېۋىن ھېدىن يالىلىغان ئادەملىرىگە «كىمكى يېزىق بار نەرسە تاپسا مۇكاپاتلىنىدۇ» دەپ جاكارلىغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن قوپۇرۇلغان، تېمى يۇلغۇنلارنى قوشاداپ ياكى ئۇنى سۇۋاپ ياسالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ يەردە يەنە ئىشىك تىكلەكلىك تۇرغان بولۇپ، ئىشىكتىن بىرى خېلىلا چوڭ. سادىر ئىسىملىك كىشى ئۆردەك ئالدىنقى يىلى ئۇچراتقان خارابىنى ئىزدىگەن، ئۇلار شۇ ئەتراپتا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىنى بايقىغان. بۇ بۇتخانا بەلكىم ئەينى ۋاقىتتا بىر گۈلباغنىڭ ئىچىدە بولسا كېرەك، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە چوڭ بىر دەريا ئېقىنى بار، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئەتراپتا ئۆيلەر، شەھەر قەلئەسى، سېپىل، باغچە، يول، پىيادە يۇرگۈچىلەر بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى يازغان دوكتور سېۋىن ھېدىن ۋە ئۇنىڭ قازغۇچىلىرى 5.3 فۇت ئېگىزلىكتىكى تىك تۇرغان بۇت ھەيكىلىنى قېزىپ چىقارغان. مۇشۇ بۇتنىڭ ئەتراپىدىن قارۇشتى يېزىقىدىكى پۇتۇكلەر تېپىلىشقا باشلىغان، ئۇلار بىرقانچە كۈن قېزىپ، نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى تاپقان. شۇ يەردە بىر ئاتخانىغا ئوخشايدىغان بىر ئۆينىڭ ئات ئوقۇرى ئىچىدىن 36 پارچە خەنزۇچە پۇتۇك تېپىلغان. ئۇلار يەنە 120 دانە يېزىق بار تارىشا تاپقان، يۇقىرىقى يېزىق بار تارىشىلاردىن باشقا كىيىم، بېلىق قاسرىقى، كىرپىست بەلگىسى بار كىگىز، بىرقانچە تال تېرىق، موي قەلەم، يارماق، كوزا قاتارلىق نەرسىلەرنى تاپقان. سېۋىن ھېدىن تاپقان يادىكارلىقلارنى ۋىسبادېن ۋە ھېركارېل ھىمىلىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىغا تاپشۇرغان. ئۇلار دوكلاتىدا، بۇ يادىكارلىقلار بايقالغان شەھەرنىڭ ئەينى چاغدىكى كىروران (kroraina) ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ تېپىلغان يازمىلارنى ھىمىلىي ۋاپات بولغاندىن كېيىن پىروفېسسور كونراد تەتقىق قىلىپ، بارلىق يازما يادىكارلىقلارنى گېرمانچىغا تەرجىمە قىلىپ، «سېۋىن ھېدىن كىروراندا ئېرىشكەن جۇڭگوچە پۇتۇكلەر ۋە باشقا بايقاشلار» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. شۇندىن باشلاپ كىروران پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم بولغان ۋە دۇنيا بويىچە كىروران قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن. نۆۋەتتە شۇنىمۇ ئېيتىش مۇمكىنكى، بەزى ئالىملار كىرورانىنى ئۆردەكنىڭ بايقىغانلىقىنى رەت قىلىدۇ ۋە ئۆردەك شەھەر رايونىدىكى بىر خارابىنىلا بايقىغان، دەپ بايان قىلىشىدۇ. بۇ تارىخىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلمىغانلىقتۇر. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئۆردەك كىروراننىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈلۈشىگە تۆھپىكار بولغان. ئۆردەكنى ھەرقاچان كىرورانىنى بايقىغان تارىخىي شەخس سۈپىتىدە خاتىرىلەيمىز.

**تارىخىي ئىزلار ۋە تېپىلغان يادىكارلىقلار** سىتەيىن 1906 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە لوپلۇقلاردىن توختاخۇننىڭ يول باشلىشى بىلەن، چاقىلىقتىن 50 نەچچە

ئىشلەمچى يالالاپ، كىروران رايونىغا كىرگەن. 1914 - يىلى يەنە بىر قېتىم كىروران رايونىغا كىرىپ تەكشۈرگەن ۋە قازغان، شۇ ئىككى قېتىمدا كىرورانىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، 20دىن ئارتۇق نۇقتىنى تەكشۈرگەن ھەمدە ئۇلارغا ئىنگلىز ھەرپلىرىدە نام بېرىپ خاتىرىلىگەن. شۇندىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردە، خارابىلەر ئەنە شۇ شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق ئاتىلىپ كەلمەكتە، ئەسلىدىكى جاي نامىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنىلا ئاشۇ شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن ئاتاشقا مەجبۇرمىز. بۇ خارابە ئىزلار نامىدا كۆرۈلىدىغان L لوپ كۆلى رايونىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى، كەينىدىكى ئىنگلىزچە ھەرپلەر قېزىلغان تەرتىپى بولۇپ سانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**كىروران شەھىرى قەلئەسى**[1] (LA) ھازىر كىروران شەھىرى دېيىلىۋاتقان قەلئە چاقىلىق ناھىيە بازىرىغا 240 كىلومېتىر (تۈز سىزىق بويىچە)، كورلا شەھىرىگە 340 كىلومېتىر كېلىدۇ. لوپ كۆلىنىڭ لېۋىگە 28 كىلومېتىر، كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇرۇق غول ئېقىنىنىڭ ئەڭ يېقىن يېرىگە 16 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، ياردائىلىق رايونغا جايلاشقان. كىروران شەھىرى خېلى چوڭ كۆلەمدە بولۇپ نۇرغۇنلىغان شەھەرچىلەردىن تۈزۈلگەن، ھازىر كىروران دەۋاتقان خارابە ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى، شۇنداقلا شۇ شەھەردىكى بىر قەلئەدىن ئىبارەت. بۇ تەرىپىنى ئارخېئولوگىيە خەرىتىسى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ، پەقەت ئارىلىقتىكى بەزى ئورۇنلار كۈچلۈك شامالنىڭ يېمىرىشى بىلەن يوقالغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى «يىپەك يولى» مەخسۇس فىلىمىنى ئىشلەش داۋامىدا، 1980 - يىلىنىڭ بېشىدا كىروران شەھىرى قەلئەسىنىڭ جەنۇبىدىن دەريانىڭ قۇرۇق ئېقىنىدىن ئۈچنى، شىمال تەرىپىدە قۇرۇق ئېقىنىدىن بىرنى بايقىغان. دەريا ئەتراپلىرىدا 5 ~ 6 كىلومېتىر دائىرىدە قۇرۇپ كەتكەن توغراقلار بولۇپ ئەينى دەۋردىكى كىروراننىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سىرلىق قەدىمكى شەھەر كىروران مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا گۈللەنگەن، پارلاق مەدەنىيەتلەر بەرپا قىلىنغان، كىروران ئېلىنىڭ پايتەختى بولغان. كىروران شەھىرى سىرلىقلىقى، پارلاق مەدەنىيەتنىڭ ئۈچىقى بولغانلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇ شەھەر مىلادىيە 330 - يىللىرى ئەتراپىدا ۋەيران بولغان. يەنە بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، راھىب فا شيەن 399 - يىلى مۇشۇ كىروران شەھىرىدىن ئۆتكەن. ناۋادا كېيىنكى قاراشنى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولسا، كىروران شەھىرى 6 - ئەسىرلەردە ۋەيران بولغان، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. ئەسكەرتىش زۆرۈر بولغان بىر مەسىلە، كىروران شەھىرىنىڭ كۆلىمىدىن ئىبارەت. ماتېرىياللاردا

① كۆپىنچە ماتېرىياللاردا LA خارابىسى كىروران شەھىرى دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ، قارىشىمچە، بۇ خارابە ئەنە شۇ كىروران شەھىرىدىكى بىر مۇھىم قەلئە ياكى شەھەرنىڭ مەركىزى، ئۇ شەھەرنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت، شۇ ۋەجىدىن ئۇنى كىروران شەھەر قەلئەسى دەپ ئاتىدىم.

كىرورانىنىڭ كۆلىمى ئەنە شۇ شەھەر قەلئەسى بىلەن ھېسابلىنىۋاتىدۇ، بۇنداق ھېسابلاش تۇپتىن خاتا، چۈنكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر كىروران شەھىرىنىڭ كۆلىمىنى 100 مىڭ كىۋادرات مېتىر كۆلەمدە دېگەن ھۆكۈمنىڭ نەقەدەر خاتا بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان خەرىتىگە قارايدىغان بولساق، كىروران شەھىرىنىڭ كۆلىمىنىڭ 100 كىۋادرات كىلومېتىردىن كىچىك ئەمەسلىكىنى بايقايمىز[①]. پىروفېسسور خۇاڭ شېڭجاڭنىڭ «كىروران ئىزنالىرى جايلاشقان دائىرىنىڭ ئايلانمىسى 40 ~ 50 كىلومېتىر كېلىدۇ، مانا بۇ ئۆز دەۋرىدىكى كىروران بوستانلىقىنىڭ تەخمىنىي دائىرىسىدۇر، تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق بەگلىكلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ»[②] دېگەن بايانلىرىمۇ يۇقىرىقى قاراشلىرىمىز بىلەن ياندىشىدۇ.

LA بەلگىسى قويۇلغان خارابە كىروران شەھىرىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان بىر قەلئەسىدۇر، ئەمەلىيەتتە شۇ شەھەرنىڭ مەركىزىي قەلئەسىدىن ئىبارەت، بۇنىڭدا Aھەرپىنىڭ بولۇشى، ستەيىننىڭ تۇنجى بولۇپ مۇشۇ شەھەر خارابىسىنى قازغانلىقىدىن، شەھەرلەرنىڭ تۇنجىسى دەپ قارىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ خارابىنىڭ كونكرېت ئورنى شەرقىي مېرىدىيان ″22′55°89، شىمالىي پاراللېل ″55′29°40 قا جايلاشقان. شەھەرنىڭ غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىگە 2 ~ 3 كىلومېتىر كېلىدىغان جايلاردا توغراقلىق بولۇپ، بەزى توغراقلارنىڭ ئايلانمىسى ئىككى مېتىرغا يېتىدۇ، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىمۇ ئورمانلىق بولۇپ، بەزى ئالىملارنىڭ كىروران شەھىرى ۋە شەھەر رايونىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 40%تىن ئاشىدىكەن دېگەن ئىلمىي پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. كىروران شەھىرىدىكى بۇ قەلئەنىڭ ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 330 مېتىر ئەتراپىدا. LA بەلگىسى بىلەن خاتىرىلەنگەن بۇ قەلئەنىڭ كىۋادرات شەكىللىك سېپىلى كۆپىنچە كىشىلەر تەرىپىدىن كىروران شەھىرى دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ. قەلئە سېپىلىنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلىرى شامالنىڭ تەسىرىدە تۈزلىنىپ، قۇم بېسىپ كەتكەن. بىر قەدەر ياخشىراق ساقلانغان جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدىن قارىغاندا، سېپىلنىڭ قېلىنلىقى 5.5 ~ 9 مېتىرغىچە، ھازىرقى قالدۇق ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا. سېپىل توپا، شاخ ۋە يۇلغۇن قاتارلىق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ قاتلاپ ياسالغان. قەلئە خارابىسىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە ئۇزۇنلۇقى 12 ~ 22 مېتىرغىچە بولغان بىردىن ئېغىز بار، بۇ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئىزى بولۇشى مۇمكىن. قەلئەدە بىر سۇ يولى بولۇپ، غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ سۇ يولىنىڭ كەڭلىكى 8.16 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 5.4 مېتىر،

① «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ خەنزۇچە 2003 - يىللىق 14 - فېۋرال سانىغا قاراڭ.

② خۇاڭ شېڭجاڭ: «قەدىمكى كىروران بوستانلىقىنىڭ ئېكولوگىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇندىن كېيىنكى قۇرۇلۇش توغرىسىدا تەكلىپ»، يىن چىڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 333 - بەت.

سۇ يولى غەربىي تەرىپىدىن قەلئە سىرتىدىكى قۇرۇق ئېقىنغا تۇتىشىدۇ. بۇ قەلئەنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۈچ رايونغا بۆلۈشكە بولىدۇ، بۇنىڭ بىر قىسمى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان قۇرۇلۇش، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئولتۇراق رايونى بولۇشى مۇمكىن. شەرقىي شىمال قىسمى دىنىي پائالىيەت رايونى بولۇشى مۇمكىن، بۇ جايدا بەزى سۇپا ۋە راھىبخانىلارنىڭ ئىزنالىرى بايقالغان، بۇ يەردىن بايقالغان بۇددا دىنى سۇپىسىنىڭ ئۇل چوڭلۇقى 18×5.19 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى 10.4 مېتىر. غەربىي جەنۇب رايونىدا ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئىزنالىرى خېلى كۆپ بايقالغان. مانا مۇشۇ كىروران قەلئەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1962 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنى 1988 ـ يىلى 3 ـ تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى قاتارىدا، كىروران خارابىلىكىنىمۇ دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلغان.

**كىروران قەلئەسىدىكى 1 ـ نومۇرلۇق ئۆي خارابىسى** بۇلار شەرقىي شىمال تەرىپىدە، يۇقىرىقى بۇددا سۇپىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 8.54 مېتىر، بۇ قۇرۇلۇشتا توغراق جاھاز قىلىنىپ ئارىسى يۇلغۇن بىلەن قوشاھدىلىپ سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاپ تام قىلىنغان. بۇ ئۆينىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپ ھۇجرىلارنىڭ ئىزناسى ساقلىنىپ قالغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭىنىڭ كۆلىمى 9.35 ×3.96 مېتىر. ستەيىن بۇ يەردە بەش جاينى قېزىپ، توققۇز دانە خەنزۇچە تارىشا پۈتۈك ۋە قەغەز پارچىسى تاپقان. بۇ پۈتۈكلەرنىڭ بىرىدىكى يېزىلغان يىلنامە مىلادىيە 330 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. ستەيىن بۇ يەردىن يەنە يۇڭ توقۇلما، يىپەك توقۇلمىسى پارچىسى، بىرقانچە پارچە قارۇشتى پۈتۈكى بايقىغان.

**كىروران قەلئەسىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق خارابە** بۇ ئىز ھۆكۈمەت ئورگىنى خارابىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنغان، ئورنى قەلئە مەركىزىدىكى 4.88 مېتىر كېلىدىغان بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. بۇ ئىمارەتنىڭ تېمى لايدىن قوپۇرۇلغان. ھازىر ياخشىراق ساقلىنىپ قالغىنى غەرب تەرىپىدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆي بولۇپ، كۆپىنچە ماتېرىياللاردا رەسىمىنى كۆرۈۋاتىمىز، ئۇنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، تامنىڭ قېلىنلىقى 1.31 مېتىر. 1901 ـ يىلى سېۋېن ھېدىن كەڭلىكى ئىككى مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان مۇشۇ ئۆيدىن ھەر خىل تارىشا پۈتۈكتىن 120نى، پارچە خەنزۇچە تارىشا پۈتۈكتىن157 (يىل دەۋرى 314 ـ يىلى ئەتراپى)نى تاپقان، ئۇندىن باشقا يۇڭ توقۇلما، يىپەك پارچىسى، ئوق، يارماق ۋە ئىككى دانە قارۇشتى پۈتۈكى تېپىلغان. ستەيىن بۇ خارابە ئىزىغا 1 ~ 7 دەپ نومۇر قويۇپ يەتتە يەرنى قېزىپ تەكشۈرگەن، خارابىدىن نەچچە ئون پارچە خەنزۇچە پۈتۈك ۋە بىر پارچە قارۇشتىچە پۈتۈك تېپىلغان. سېۋېن ھېدىن 2 ~ 3 پارچە قەغەز تاپقان مۇشۇ خارابىنىڭ كۆل دۆۋىسىنى قېزىپ، 10 نەچچە پارچە پۈتۈك تاپقان. ستەيىن

3 ـ ۋە 4 ـ نومۇرلۇق ئۆيلەرنى قازغان بولسىمۇ ھېچنەرسە چىقمىغان، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.8 مېتىر، كەڭلىكى 2.95، 1.22 مېتىر كېلىدۇ. ھۆكۈمەت ئورگىنى خارابىسى دېيىلىۋاتقان مۇشۇ خارابىنىڭ شىمالىدا كۆلىمى 15.9×66.3 مېتىر كېلىدىغان چاسا ئۆيدىن تۆت پارچە خەنزۇچە، بىر دانە قارۇشتىچە پۈتۈك تېپىلغان، خەنزۇچە پۈتۈك 260 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. 1914 ـ يىلى ستەيىن مۇشۇ خارابىلىكتىكى 2 ـ ۋە 7 ـ نومۇرلۇق ئۆيلەرنى قازغاندا، كۆل دۆۋىسىدىن 17 پارچە خەنزۇچە پۈتۈك، ئىككى پارچە سوغدىچە پۈتۈك تاپقان. يەنە مۇشۇ خارابىنىڭ غەربىي بۇلۇڭىدىكى كۆل دۆۋىسىنى تەكشۈرگەندە (كىروران 2 ـ نومۇرلۇق خارابە 10 ـ نومۇرلۇق ئىز دەپ نومۇر قويۇلغان) ئىككى پارچە خەنزۇچە پۈتۈك، بىر پارچە قارۇشتىچە پۈتۈك تېپىلغان.

**كىروران قەلئەسىدىكى 3 ـ نومۇرلۇق خارابە** ھۆكۈمەت ئورگىنى دەپ قارىلىۋاتقان خارابىنىڭ غەربىي ئۇچىغا توغرا كېلىدۇ. ھازىر پەقەت ئۈچ ئېغىزلا ئۆي ساقلىنىپ قالغان بولۇپ ئەڭ چوڭىنىڭ كۆلىمى 10.68×8.54 مېتىر كېلىدۇ. بۇ خارابىنىڭ 2 ـ نومۇرلۇق ئۆيىدىن ئىككى دانە خەنزۇچە پۈتۈك تېپىلغان، ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى كۆل دۆۋىسىدىن 37 دانە خەنزۇچە پۈتۈك، ئىككى دانە قارۇشتىچە پۈتۈك تېپىلغان.

**كىروران قەلئەسىدىكى 4 ـ نومۇرلۇق خارابە** 3 ـ نومۇرلۇق خارابىنىڭ 14.9 مېتىر غەربىي جەنۇبىدا، ئاساسەن توغراق ياغىچىدا جاھازلاپ يۇلغۇن بىلەن قوشامداپ، ئاندىن سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاپ سېلىنغان. ئوتتۇرىدىكى چوڭ ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى كۆل دۆۋىسىدىن بىر پارچە خەنزۇچە قەغەز پۈتۈك، بىر دانە قارۇشتىچە تارىشا پۈتۈك تېپىلغان. 1914 ـ يىلى ستەيىن كىرورانىنى 2 ـ قېتىم تەكشۈرگەندە، مۇشۇ خارابە بىلەن 6 ـ خارابە ئارىسىدىكى كۆللۈكتىن 25 پارچە خەنزۇچە پۈتۈك تېپىلغان.

**كىروران قەلئەسىدىكى 5 ـ نومۇرلۇق خارابە** بۇ خارابە 3 ـ نومۇرلۇق خارابىنىڭ 1.6 مېتىر شىمالىدا، بۇ ئۆيلەرمۇ باشقا ئۆيلەرگە ئوخشاش توغراق، يۇلغۇن، لاي بىلەن قوپۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىن قارۇشتىچە، خەنزۇچە پۈتۈكلەردىن ئىككى دانىدىن؛ بۇ خارابە يېنىدىكى كۆل ئارىسىدىن بىر دانە خەنزۇچە، ئىككى دانە قارۇشتىچە پۈتۈك تېپىلغان، 4 ـ ۋە 5 ـ نومۇرلۇق خارابە ئارىسىدىكى كۆللۈكتىن 1914 ـ يىلى ستەيىن بەش دانە خەنزۇچە، بىر دانە سوغدىچە پۈتۈك ۋە يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلارنى تاپقان.

**كىروران قەلئەسىدىكى 6 ـ نومۇرلۇق خارابە** 5 ـ نومۇرلۇق خارابىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، قۇرۇلۇشى باشقا قۇرۇلۇشلارغا ئوخشىشىدۇ. بۇ خارابىنىڭ غەربىدىكى بىر ئۆيدىن تۆت دانە خەنزۇچە پۈتۈك، مۇشۇ خارابە بىلەن 5 ـ نومۇرلۇق خارابە ئارىسىدىكى كۆللۈكتىن (كۆلىمى 5.30×25.15 مېتىر) بىر پارچە سوغدىچە قەغەز پۈتۈك، بىر نەچچە دانە قارۇشتى پۈتۈكى ۋە 200 نەچچە دانە خەنزۇچە پۈتۈك تېپىلغان، خەنزۇچە پۈتۈكلەرنىڭ يىل دەۋرى 260 ـ ~ 312 ـ يىلىغىچە توغرا كېلىدۇ.

1999 - يىلى ئېلان قىلىنغان، 1980 - يىللىرىدىكى بىر ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشتا، كىروران شەھىرى قەلئەسى LAنىڭ 32 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا، شامال يالاپ كەتكەن بىر قەبرىستانلىقتىن 10دەك قەبرە بايقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر بوۋاينىڭ قەبرىسى قېزىلغان، بۇ بوۋاي بىر گۇللۇك ياغاچ لەھەت ساندۇقىدا دەپنە قىلىنغان، بۇندىن 2000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ. بۇ گۇللۇك قابىرچاق (ياغاچ ساندۇق) رەڭلىك بولۇپ گۇللەر، ئىككى كېسىشكەن يول ھەمدە بىر قۇش سىزىلغان، بۇ ساندۇققا يۇڭلۇق شىرنىڭ رەسمى چىقىرىلغان گىلەم يېپىلغان، جەسەتنىڭ ئۇستىدە ئىچى تۇرقۇدىن ئەستەرلەنگەن پاختا رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن چاپان كىيدۇرۇلگەن، يەنە سىرلىق قاچىلارمۇ بار. كىروران شەھىرى دائىرىسىدىن تېپىلغان تاش قوراللارغا ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋرىنى ۋە بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىش دەۋرىنى سىپتا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ.

LB **بۇددا خارابىسى** 1900 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۆردەك تاپقان شەھەر خارابىسى مۇشۇ بولۇپ كىروران قەلئەسىنىڭ 5.8 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، بۇ يەرگە كۆپلىگەن بۇددا سۇپىسى، ئىبادەتخانا، ئولتۇراق ئۆيلەر جايلاشقان. ستەيىن بۇ يەردىن بۇددا دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلاردىن خېلى كۆپ تاپقان. 2 - نومۇرلۇق بۇتخانا LB بۇددا خارابىسىنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى كۆلىمى 95.5×64.5 مېتىر كېلىدىغان بىر تۆپىلىككە جايلاشقان، بۇ يەردىن بىر تۈركۈم بۇددا يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. 4 - نومۇرلۇق خارابە ئىبادەتخانا بولۇپ 2 - نومۇرلۇق خارابىنىڭ 6.1 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، بىرقانچە زال بار، بۇلارنىڭ مەركىزىدىكى بىرىنىڭ كۆلىمى 6.7×5.8 مېتىر. ستەيىن LB بۇددا خارابىسىدىن ئىككى دانە قارۇشتىچە پۈتۈك ۋە بىر دانە خەنزۇچە پۈتۈك تاپقان. 1931 - يىلى بېرگمان توق كۆك ھاك تېشى ئۇرچۇق، ئۇستىدە ئىككى تۆشۈكى بار نېپىز بىرونزا بېزەك، ئۈچ پارچە سۇنۇق بىرونزا قاتارلىقلارنى تاپقان.

LC **قەبرىستانلىق** كىروران قەلئەسىنىڭ يەتتە كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى ئۇزۇنلۇقى 49.5 مېتىر، كەڭلىكى 21 مېتىر كېلىدىغان بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. ستەيىن بۇ يەردىن 10 قەبرىنى قازغان، قەبرىلەردىن نۇرغۇن ھەمدەپنە بۇيۇملار تېپىلغان. تېپىلمىلار ئىچىدە يۇڭ توقۇلما، مىس كۈزگۈ، ياغاچ بۇيۇم، ئۇجۇ يارمىقى، مىستىن ياسالغان ئۇزۇك ۋە تاسما توقىسى قاتارلىق بۇيۇملار بار، بۇلارنىڭ يىل دەۋرى 2 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 3 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە توغرا كېلىدۇ. 1980 - يىلى شىنجاڭ كىروران ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بۇ قەبرىستانلىقنى «يالغۇز ئېگىزلىك قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتاپ، MB دېگەن شەرتلىك بەلگىدە خاتىرىلىگەن ھەمدە ئىككى قەبرىنى قازغان.

LE **شەھەر خارابىسى** كىروران قەلئەسىنىڭ 24 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا، قەلئە ئورنى شەرقىي مېرىدىيان ″3.3′7°90قا، شىمالىي پاراللېل ″41.6′38°40قا جايلاشقان،

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 794 مېتىر، مۇران خارابىسىنىڭ 185 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا، لوپ كۆلى بازىرىنىڭ 67 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا، كىروران قەلئەسىنىڭ 22 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا، خارابىنىڭ 4.3 كىلومېتىر شىمالىدا شىمال ـ جەنۇب يۆنىلىشىدە بىر ئېقىن بار. سېپىلى شەرقتىن غەربكە 122 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 137 مېتىر كېلىدۇ. سېپىل ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 3.66 مېتىر، ئۈستىنىڭ قېلىنلىقى 1.68 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىردىن ئارتۇق. سېپىلنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ئوتتۇرىسىغىراق جايلاشقان دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدۇ. شىمال تەرەپتىكى دەرۋازىسى سەل تارراق. سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدە، غەرب تەرەپكە 32.7 مېتىر كېلىدىغان يەردە كۆلىمى 7.10 × 3.21 مېتىر كېلىدىغان بىر توپا قورۇلۇش ئۇلىنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. بۇ شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىنى سۇ ئوراپ تۇرغان، سۇنئىي قانالدىن بىرى كىروران خارابىسى بىلەن تۇتاشقان بولغاچقا سۇ قاتنىشى بولغان دەپ قارالماقتا①. ستەيىن شىمالىي قوۋۇقتا يېقىن جايدىكى بىر كۆللۈكتىن ئالتە پارچە خەنزۇچە خەت بار يادىكارلىق ھەم ئۈجۈ يارمىقى قاتارلىق نەرسىلەرنى تاپقان. 1980 ـ يىللىرى LE خارابىسىنىڭ 4.8 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىن يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان بىر بوۋاقنىڭ قەبرىسى تېپىلغان، بۇ ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش 1999 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان. بۇ بوۋاقنىڭ چاچلىرى سارغۇچ، ئورا كۆزلىرى سەل ـ پەل يۇمۇلغان، ئېگىز بۇرۇن، تەخمىنەن ئالتە ئايلىق بولغان، يۇڭ توقۇلما بىلەن ئورالغان، بېشىدا ئۇچلۇق كىگىز قالپاق، پۇتىغا ئاشلانمىغان تېرىدىن تىكىلگەن ئاياغ كىيدۈرۈلگەن. كىروران قەلئەسىنىڭ 23 كىلومېتىر نېرىسىدىكى قەبرىستاندىن تېپىلغان چوڭ ئادەمنىڭ ئەھۋالى بىلەن بوۋاقنىڭ ئەھۋالىغا قارىغاندا، بۇ ئىككى قەبرىنىڭ ئەھۋاللىرى كىروران رايونىدىن تېپىلغان ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ھالىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تەخمىنەن 3000 يىللار بۇرۇنقى كىروران رايونىدا بىر بۆلەك چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئېپتىدائىي ياۋروپا ئىرقىدىكى ئاھالە ياشىغان. مىلادىيەنىڭ بېشىغا مەنسۇپ بولغان دەۋرىدە شەھەرلەر ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان شەھەر، يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىگە تەرەققىي قىلغان، شۇنداقلا يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئورنىدىن ئېيتقاندا، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى تارقىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. مۇشۇ خارابىنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى نەچچە كىلومېتىر دائىرىدە 10 نەچچە ئورۇندا باشقا خارابە ئىزلىرى بار. LE خارابىسىدىن تېپىلغان ئەۋرىشكە بىلەن كىروران قەلئەسىدىن تېپىلغان ئەۋرىشكىنىڭ دەۋرى ئوخشاش، يەنى مىلادىيە 230 ـ يىلىدىن 300 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىككى شەھەر خارابىسى بىر دەۋرگە مەنسۇپ.

LF **قەلئەسى** لوپ كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تۆپىلىكنىڭ شەرقىي شىمالى

① كىروراندا قانال قېزىلغان، قانال ئارقىلىق سۇ قاتنىشى بولغان دېگەن مەسىلە توغرىسىدا داۋاملىق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۆچىغا جايلاشقان. LE شەھەر خارابىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 8.4 كىلومېتىر، تۆپىلىكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا يەنە بىر خارابىلىكنىڭ ئۇلى بار. شەھەر خارابىسى تۆپىلىكنىڭ تەبىئىي ھالىتىگە ئاساسەن چاسا شەكىلدە قۇرۇلغان. سېپىلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 61 مېتىر، سېپىل ئۇلىنىڭ ئەڭ كەڭ جايى 4.24 مېتىر. سېپىلنىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىدە قوۋۇقى بار، بۇ قوۋۇقنىڭ ئىككى يېقىدا ئۆي بار. ستەيىن بۇ يەردىن قارۇشتىچە بىر دانە، خەنزۇچە ئىككى دانە پۇتۇك تاپقان، باشقا تۇرلۇك يادىكارلىقمۇ تېپىلغان.

LK شەھەر قەلئەسى خارابىسى لوپ كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، شەرقىي شىمالىدىكى كىروران قەلئەسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 48.3 كىلومېتىر، غەربىي جەنۇبىدىكى مۇران كونا شەھىرى بىلەن ئارىسى 100 كىلومېتىر. قەلئەنىڭ كۆلىمى 100×170 كۋادرات مېتىر (چاسا شەكىلدە.) شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە شەرقىي بۇلۇڭىغا 30 مېتىر كېلىدىغان يەردە قوۋۇق بار، قەلئە ئىچىدە بىرقانچە ئۆي قۇرۇلۇشى خارابىسى بار. بۇ قەلئە خارابىسىدىن تۆمۈر، مىس قورالالار، ياغاچ بۇيۇم، يىپەك، يۇڭ بۇيۇم، ساپال ۋە ئەينەكتىن ياسالغان نۇرغۇن بۇيۇملار تېپىلغان. بىرگىمان قاتارلىقلار 1931 - يىلى بۇ خارابىدىن سىلىقلانغان چاقماق تېشىدا ياسالغان كىچىككىنە پالتا ياكى ئىسكىنە تاپقان. بەزى ماتېرىياللاردا، بۇ خارابىنى خەنزۇچە يازما ماتېرىياللاردا كۆرۈلىدىغان 海头 خارابىسى دەپ قارىماقتا، ئەمەلىيەتتە 海头 بۇ خارابىنىڭ نامى بولماستىن مۇران كونا شەھىرىنىڭ نامى بولۇشى مۇمكىن.LK خارابىسى كۆنچى دەرياسىنىڭ قەبرەغول ئەتراپىدىن ئاققان تارامىنى سۇ مەنبەسى قىلغان.

LM ئۆي خارابىسى LE شەھەر قەلئەسى خارابىسىنىڭ 8 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا، دەريا شاخاپچىلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. بۇ يەردىكى 1 - نومۇرلۇق ئۆي خارابىلىرى دەريا ئېقىنىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئۆيلەرنىڭ تاملىرى جاھازلانغان، ئارىسى يۇلغۇن بىلەن قوشامدىلىپ سۇۋالغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ مەركىزىدە 15.9×63.6 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چوڭ بىر زال بار. زالنىڭ غەربىي شىمال بۇلۇڭىنىڭ سىرتىدىن بىراھمى يېزىقىدىكى پۇتۇكتىن ئىككى دانە، قارۇشتى يېزىقىدىكى پۇتۇك بىر دانە تېپىلغان. 2 - نومۇرلۇق ئۆي خارابىسى 1 - نومۇرلۇق خارابىنىڭ 603 مېتىر شەرقىي جەنۇبىغا، ئىككى ئېقىنىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. بۇ يەردە ئۈچ ئېغىز ئۆي ساقلىنىپ قالغان، ئەڭ چوڭىنىڭ كۆلىمى 10.67×7.93 كۋادرات مېتىر. بۇ يەردىكى ئىككى خارابىدىن بىراھمى، سوغد ۋە قارۇشتى يېزىقىدىكى پۇتۇكلەر تېپىلغان. 3 - نومۇرلۇق ئۆي خارابىسى 2 - نومۇرلۇق خارابىنىڭ 86.39 مېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، خەنزۇچە (ئارقا يۈزىدە قارۇشتىچە خەت بار) خەت يېزىلغان قەغەز پۇتۇك تېپىلغان. ستەيىن بۇ يەردىن خەنزۇ، قارۇشتى، بىراھمى، سوغد يېزىقلىرىدىكى پۇتۇكلەرنى تاپقان.

**دۆڭلۈك تۇر خارابىسى** مۇران كونا شەھىرىنىڭ 35 كىلومېتىر شەرقىدىكى تۈز ئەتراپى يۇلغۇنلۇق بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. بۇ تۇر تۈز چاسا، ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى بەش مېتىر. ئۇلى جەنۇبتىن شىمالغا بەش مېتىر، شەرقتىن غەربكە 5.4 مېتىر، توپىدىن قوپۇرۇلغان بولۇپ ئارىسىغا يۇلغۇن، توغراق چاتقى قاتارلىقلار بېسىلغان. چىڭدالغان توپا سەككىز قەۋەت، قەۋەت قېلىنلىقى 47×36 سانتىمېتىر، يۇلغۇن ۋە توغراق يەتتە قەۋەت، قەۋەت قېلىنلىقى 15 ~ 38 سانتىمېتىر. تۇرنىڭ يېنىدا تۈز ئېغىز ئۆي، ئىككى ئېغىز ئۆي بىر مېتىرچە كولاپ گەمە قىلىنغان، تۈز تېمى قومۇش قاتارلىقلار بىلەن مۇستەھكەملەنگەن. بۇ تۇر مۇراندىن دۆڭخۇاڭغا تۇتىشىدىغان يولنىڭ ئىككى كىلومېتىر شىمالىدا، كىروراندىكى باشقا تۇرلار بىلەن ئوخشىشىدۇ.

LL**خارابىسى** LK شەھەر قەلئەسىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، بۇ خارابىنىڭ 40 مېتىر غەربىي جەنۇبىدا، LK خارابىسىدىكى ئېقىن بىلەن تۇتىشىدىغان بىر كونا ئېقىن بار. بۇ خارابىنىڭ شەرقىي شىمالى قۇملۇق، غەربىي جەنۇبى قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىق ۋە يۇلغۇنلۇق. بۇ شەھەر قەلئە خارابىسى تۈز چاسا شەكىلدە، شەرقىي تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 71.5 مېتىر، جەنۇبىي تەرىپى 61 مېتىر، غەربىي تەرىپى 76 مېتىر، شىمال تەرىپى 49 مېتىر. قەلئە سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 3 ~ 4 مېتىر، ئۈستى تەرىپىنىڭ قېلىنلىقى 2.1 ~ 5 مېتىر، ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى سەككىز مېتىر ئەتراپىدا. قەلئە سېپىلىنىڭ قۇرۇلۇشى LK خارابىسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش، يۇلغۇن چىۋىقلىرى توغراق بادىرلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ توپا بىلەن چىڭداپ ياسالغان. سېپىلنىڭ شەرقىي تەرىپىنى مىسالغا ئالساق، يۇلغۇن تۈز قەۋەت (قېلىنلىقى 20 ~ 50 سانتىمېتىرغىچە)، چىڭدالغان توپا تۈز قەۋەت (20 ~ 70 سانتىمېتىرغىچە)، سېپىلنىڭ ئۈستىگە دىيامېتىرى 10 ~ 20 سانتىمېتىرغىچە بولغان توغراق بادىرلىرى تىكلەنگەن، بادىرالارنىڭ ئارىلىقى 7.2 مېتىردىن ئىككى قاتار تىكلەنگەن. شەھەرنىڭ سىرتىدا ئىككى تۆپىلىق ئېگىزلىك بولۇپ، بىرى 25 مېتىر شەرقىدە، يەنە بىرى 50 مېتىر شىمالىدا، ئىككى جايدا قۇرۇلۇشنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. بۇ شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە قىزىل ساپال بۇيۇملار ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا كۈل رەڭ ساپال تۇرىدۇ. مىس بۇيۇم، مارجان، هايۋانلارنىڭ ئۇستىخانلىرى تېپىلغان، يەنە تۆمۈر تاۋلاش چىقىرىندىلىرى بايقالغان.

LR **خارابىسى** بۇ ئولتۇراق ئۆي خارابىسى LL خارابىسىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا.

**كىروران قەلئەسى رايونى ئىزلىرى** كىروران شەھىرى قەلئەسىنىڭ تۈز كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا بىر بۇددا مۇنارى بار، قالدۇق ئېگىزلىكى 6.28 مېتىر، ئۇنىڭ ئۇل قىسمى كىۋادرات شەكلىدە، ئېگىزلىكى 6.4 مېتىر، تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 1.7 مېتىر. مۇنارنىڭ ئۈستى كېسەكتىن يۇمىلاق قىلىپ ياسالغان، ئىچىدە مەركىزىي تىرەك ياغاچ

بار. 1980 ـ يىلى كىروران ئارخېئولوگىيە گورۇپپىسى بۇ جايدىن مۇراندىن تېپىلغان قاناتلىق پەرىنىڭ رەسىمىگە ئوخشايدىغان رەسىمنى تاپقان، ئۇلار بۇ يەردىن يەنە بىر كۆزلۈك بۇت قاپارتمىسى، ئۈچ ئۈزۈك ۋە باشقا يادىكارلىقلارنى تاپقان. مۇشۇ مۇنارنىڭ 100 مېتىر غەربىي شىمالىدا بىر قۇرۇلۇش خارابىسى بار، بۇ يەردىن تاش قورال، مىس ئوق ئۇچى، ئۆجۈ يارمىقى، مىس كۆرگۈ پارچىسى، مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان مىخ، يىپ ئېگىرىدىغان قوغۇشۇن چاق، ئەينەك پارچىسى، ساپال پارچىسى قاتارلىقلار تېپىلغان. كىروران شەھىرى قەلئەسىنىڭ 6.5 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا يۇمىلاقراق بىر تۇر بولۇپ دىيامېتىرى 7.18 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى 2.10 مېتىر، بۇ تۇرنىڭ سىرتى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئىچى توپا بىلەن چىڭدالغان. ئارخېئولوگلار بۇنى ئالدى بىلەن ئىچى قوپۇرۇلغان، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تېشىنى چۆرىدەپ كېسەك بىلەن ئورىغان، دەپ قارىغان. شەھەر قەلئەسىنىڭ 2.5 كىلومېتىر شىمالىدا بىر قۇرۇلۇش ئىزى بار، بۇ يەردىن تاش قوراللار، ئەينەك شارچە، ساپال پارچىسى، مىس ئوق ئۇچى، ئۆجۈ يارمىقى، مىس توگمە قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلغان.

**كىروران MA قەبرىستانلىقى** 1980 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ ئايلاردا، شىنجاڭ كىروران ئارخېئولوگىيە ئەترىتى كىروران قەلئەسى بىلەن تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى 8.4 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ قەبرىستانلىقتىكى يەتتە قەبرىنى قازغان، قەبرىستانلىقنى «MA قەبرىستانلىق» دەپ ئاتىغان. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئۈستى تەكشى، ئۇزۇنلۇقى 43 مېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر، تەكشى يەر يۈزىدىن ئالتە مېتىر كېلىدىغان ئېگىزلىكتە جايلاشقان.

**توپىلىق (تۇيىن) خارابىسى** ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى تەرىپىدىن 1930 ـ يىلى بايقالغان، 1934 ـ يىلى قايتا تەكشۈرۈلگەن، بۇ ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈش دوكلاتى خۇاڭ ۋېنبىنىڭ 1948 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «لوپنور ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان. بىرگمان قاتارلىقلار 1931 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشىدە تۆچ نوننىڭ سۇنۇقى، تۆمۈر پىچاقنىڭ سۇنۇقى قاتارلىقلارنى تاپقان. بۇ خارابىنىڭ كىروران قەلئەسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 40 كىلومېتىر. كونكرېت ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 90°12′30″ قا، شىمالىي پاراللېل 40°46′30″ قا جايلاشقان.

**22 ـ، 25 ـ، 28 ـ تارىخىي ئىز نۇقتىلىرى** بىرگمان 1930 ـ، 1931 ـ يىللىرى لوپ رايونىدا ئېكسپېدىتسىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا بايقىغان تاش قورال نۇقتىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ نۇقتىدىن تاش قوراللار تېپىلىش بىلەن بىرگە يەنە كۆل رەڭ ساپال بۇيۇملارمۇ تېپىلغان.

**375 ـ، 395 ـ، 359 ـ، 363 ـ، 431 ـ نومۇرلۇق تارىخىي ئىزلار** 1931 ـ يىلى جۇڭگو ـ شىۋېتسىيە بىرلىكتە ئېلىپ بارغان غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىدىن ھورنېر، چېن زۇڭچىلار كىروراننى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىدە بايقىغان بۇ نۇقتىلاردىن تاش قوراللار تېپىلغان. 375 ـ نومۇرلۇق ئىز

كىروران قەلئەسىنىڭ 14 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى شامال يالاپ پەيدا قىلغان قۇملۇق ئويمانلىقنىڭ ئىچىدىن تېپىلغان، ئاساسلىقى تاش قوراللاردىن تاش ياپراق، تاش پىچاق، تاش ئۇشكە قاتارلىقلار تېپىلغان. 359 ـ نومۇرلۇق نۇقتا كىروراننىڭ قەلئەسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ لوپ كۆلىنىڭ تۇزلۇق قېشىغا يېقىن، شامال يالاپ پەيدا قىلغان بىر ئېگىزلىكنىڭ ئويمىنىدىن تېپىلغان. 359 ـ، 363 ـ نۇقتىلارنىڭ كىروران قەلئەسىنىڭ شىمالىنىڭ سەل شەرقىدە بولۇپ نۇرغۇن تاش قوراللار ۋە بىر پارچە ساپال تېپىلغان. 431 ـ نۇقتا لوپ كۆلىنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ تاتلىق سۇلۇق كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقى يەنى توپىلىق خارابىلىقى (تۇيىن)نىڭ سەل جەنۇبىدا، بۇ يەردىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ ئىككىلا يۈزى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، تۇخۇم شەكىللىك پىچاق، تەشكۈ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**22 ـ، 25 ـ، 28 ـ، 30 ـ نومۇرلۇق نۇقتا** كۆنچى دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى ياردائىبۇلاق دېگەن يەردىن بېرگمان 1930 ـ، 1931 ـ يىللىرى بايقىغان. بۇ يەردىن تېپىلغان تاش قوراللارنىڭ ئارىسىدا يەنە ساپال بۇيۇملارمۇ بار. بېرگمان، «بۇ يەردىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملار كىروراندىن تېپىلغان ساپاللاردىن دەۋرىي جەھەتتە بالدۇر»[①] دەپ قارىغان. 30 ـ نومۇرلۇق نۇقتا كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن بايقالغان، بېرگمان بۇ يەردىن تېپىلغان تاش قوراللار توغرىسىدا توختىلىپ، «مەيلى خام ماتېرىيال، ياسىلىش جەھەتتىن بولسۇن ياكى شەكلىدىن بولسۇن لوپ كۆلىگە يېقىن بولغان جايلاردىن بايقالغان تاش قوراللار بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىدۇ» دەيدۇ.

**33 ـ نومۇرلۇق ئىز** 1934 ـ يىلى 5 ـ مايدا سېۋىن ھېدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۆنچى دەرياسى دېلتىسىنىڭ باشلىنىدىغان جايىغا يېقىن يەردىكى بۇ ئۆي خارابىسىنى بايقىغان ۋە ئۇنىڭغا 33 ـ نومۇر دەپ رەقەم بىلەن خاتىرىلىگەن.

L ㄎ، L ㄉ، L ㄊ، L ㄐ، L ㄕ **تاش قورال نۇقتىلىرى** خۇاڭ ۋېنبى 1930 ـ، 1934 ـ يىللىرى پىچان ناھىيە لۇكچۈن بازىرىغا تەۋە دىغاردىن يولغا چىقىپ، قۇرۇقتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ، لوپ كۆلى رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ تەكشۈرۈش داۋامىدا بەش نۇقتىدىن تاش قورال تاپقان. L ㄎ ۋە L ㄕ[②] نۇقتىلىرى قۇرۇقتاغ باغرىغا جايلاشقان، بۇ ئىككى نۇقتىدىن چوقۇپ ياسالغان تاش پىچاق، چاقماق تاش قاتارلىقلار كۆپ بايقالغان. L ㄉ، L ㄊ، L ㄐ قاتارلىق نۇقتىلار كۆنچى دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا، بۇ يەردىن تېپىلغانلىرى ئۇرۇپ، چوقۇپ ۋە سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قوراللاردىن ئىبارەت. L ㄊ نۇقتىسىدا تاش قوراللار بىلەن ساپال بۇيۇملار تەڭ بايقالغان. بۇ نۇقتىلار ھەققىدە ئىزدەنگەندە، قۇرۇقتاغنىڭ ھىندىقۇش جەنۇبىي ئېغىزى ئەتراپىدىن يېڭى تاش قورال ئىزى بايقالغان، تېپىلمىلار چوقۇپ ياسالغان پىچاق، پالتا، ئۇچكە، پاقا تېرىسىمان

① فولك بېرگمان (ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرىگە قاراڭ.

② ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئۆزى تەكشۈرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى مۇشۇنداق شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن كۆرسەتكەن.

بېزەك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. خۇاڭ ۋېنبى بۇ يەرنى تاش قورال ياساش ئورنى دەپ ھۆكۈم قىلغان. ستەيىن 1906 ـ يىلى ۋە 1914 ـ يىلى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا LE، LF، LI قاتارلىق خارابىلەردىنمۇ تاش قوراللارنى تاپقان، كىروران قەلئەسىدىن تېپىلغان تاش قوراللارمۇ خېلى كۆپ. مۇشۇلاردىن قارىغاندا، بۇ خارابىدە ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتىنى تاش قوراللار دەۋرىگە سۈرۈشكە بولىدۇ. خۇاڭ ۋېنبىنىڭ تەكشۈرۈشلىرىدە بايقالغان تاش قوراللار توغرىسىدا، 1948 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «لوپنور ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە» ناملىق كىتابنىڭ 91 ـ ~ 96 ـ بەتلىرىدە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. «لوپنور ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە» ناملىق كىتابتا، شۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، تېپىلمىلار ۋە تەتقىقاتلار يۈرگۈزۈلۈش بىلەن بىرگە تىزىملىكى بېرىلىپ تېپىلغان جايى، بۇيۇم، سانى، تۈرى، سۈرەت نومۇرى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن، شۇ تىزىمدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھىندىقۇشتىن 35 دانە، ㄅ Lدىن ھەر تۈرلۈك بۇيۇمدىن 178 دانە (مىس، توقۇلما، ياغاچ بۇيۇملار)، ㄆ Lدىن يەتتە دانە، ㄇ Lدىن تۆت دانە، ㄈ Lدىن 42 دانە، ㄉ Lدىن 12 دانە تاش بۇيۇم، ㄊ Lدىن 15 دانە بۇيۇم (بەش دانە تاش بۇيۇم، ساپال ۋە باشقا بۇيۇملار)، ㄋ Lدىن تۆت دانە بۇيۇم (ياغاچ ۋە مىس)، ㄌ Lدىن تۆت بۇيۇم (مىس ۋە تۆمۈر)، 《 Lدىن ئىككى دانە بۇيۇم، ㄫ Lدىن بىر دانە (ياغاچ بۇيۇم)، ㄐ Lدىن سەككىز دانە (تاش، قاشتاش، ساپال) بۇيۇم، ㄒ Lدىن 11 دانە بۇيۇم... بايقالغان (تەپسىلىي مەزمۇنى ئۈچۈن يۇقىرىقى كىتابنىڭ 221 ـ ~ 235 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن).

**قەبرەغول قەبرىستانلىقى** شەرقىي مېرىدىيان ″21′55°88قا، شىمالىي پاراللېل ″35′40°40قا، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى 2 ـ ئېگىزلىككە يەنى قۇم دۆۋىسىگە جايلاشقان، لوپ كۆلىگە 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ ئىككى كىلومېتىر جەنۇبىدا دەريانىڭ قۇرۇق ئېقىنى بار. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى شەرقتىن غەربكە 35 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 45 مېتىر كېلىدۇ. بۇ قەبرىستانلىق 1979 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن كېيىنكى ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە قېزىلغان، شۇ قېتىم جەمئىي 42 قەبرە قېزىلغان بولۇپ قەدىمكى كۇلتۇرىمىزنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

**401 ـ نومۇرلۇق ئىز** چېن زۇڭچى (1931 ـ يىلى) كۆنچى دەرياسى دېلتىسى باشلىنىدىغان جايغا يېقىن كېلىدىغان جاينىڭ شىمالىي تەرەپ چەت ياقىسىدا ئىككى ئۆي ئىزىنى تاپقان، بۇ ئۆي خارابىسىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە شىشىخالغا ئوخشايدىغان نەرسە، بىر پارچە بېلىق تورى (تورنىڭ يىپلىرى ئىنتايىن ئىنچىكە)، ھايۋان يۇڭىدا ئىشلەنگەن بىر پاي يىرتىق كەشنىڭ چەمى، بىر تۇتام قارا پەي قاتارلىقلار تېپىلغان.

**404 ـ نومۇرلۇق ئىز** سېلىنىۋاتقان ئۆي بولۇشى مۇمكىن، ئۇ يەردە تەخمىنەن 10 تالچە ياغاچ چېچىلىپ ياتىدۇ. قۇيغان چاغدىكى چاكلىرى يوقالمىغان قوپال تۈچ ئىلغۇچ تېپىلغان.

**384 ـ نومۇرلۇق ئىز** كىروران قەلئەسىنىڭ سەككىز كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى بىر تاتلىق سۇ كۆلىنىڭ بويىدا. ھورنېر بۇ يەردىن ساپال خۇمدىنى تاپقان، بۇ يەردىكى ساپال سۇنۇقلىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان. ھورنېر كىروران قەلئەسىنىڭ 13 كىلومېتىر شەرقىدىكى چوڭ تۈزلۈقنىڭ قېشىدىكى چۆللۈكتىن ئىنسانلار ئىشلەتكەن ياغاچلاردىن بىر قانچىنى بايقىغان، بۇ جايدا بەلكىم ئۆز دەۋرىدە ئۆي بولسا كېرەك.

**390 ـ نومۇرلۇق ئىز** ھورنېر ۋە ستەيىن بايقىغان LE خارابىسىنىڭ ئىككى كىلومېتىر غەربىدىن بىر ئۆچكۈر ئىزى بايقالغان، ئۇنىڭ يېنىدا بىر قەبرە بار. ئۆچكۈرنىڭ ئىچ تېمى سېغىز لايدىن ياسالغان، تاشقى تېمى شورلۇق سېغىز توپىدا ياسالغان، ئۆچكۈرنىڭ ئىچى گۈمبەز شەكلىدە، سامان ئارىلاشتۇرۇلغان لايدا سۇۋالغان. ئۆچكۈرنىڭ كەڭلىكى 5.1 مېتىر، ئېگىزلىكى 3.1 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، بۇ يەردىن غاجىلىغۇچى ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكى بايقالغان. ھورنېر بۇ ئۆچكۈرنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئاشلىق ئامبىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان. چۈنكى توشقانلاردىن ئاشقان بىرمۇنچە يېمەكلىكلەر تېپىلغان. 1934 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى بۇ يەردىن ئىككى دانە تارىشا پۇتۇك تاپقان. تارىشا پۇتۇكتە جۇيوز ۋە يارغولدىكى ئاشلىق ئامبارلىرى تىلغا ئېلىنغان. ستەيىن جۇيوزنى بەشتوغراق دېگەن جاي بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان.

**ئىككى بېلىقچىلىق كەنتى** مۇران بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا تەخمىنەن 80 كىلومېتىر ۋە 120 كىلومېتىر كېلىدىغان جايلاردا بىردىن بېلىقچىلىق كەنتى ۋە مازارلىق بايقالغان. بۇ يەردە بايقالغان ئۆيلەر 30 ئېغىزدىن ئاشىدۇ. بۇ ئۆيلەر قومۇش ۋە يۇلغۇن بىلەن قوشامدىلىپ ياسالغان، كىۋادرات شەكلىدە، ئىشىكى جەنۇبقا قارىتىپ ئېچىلغان. ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا بېلىق ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ ئۇستىخانلىرى خېلى كۆپ. بۇ جايدا 10دىن ئارتۇق قەبرە ساقلىنىپ قالغان.

مۇران بوستانلىقىنىڭ 120 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بۇ بېلىقچىلار كەنتىنى 1998 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى كىروران مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى بايقىغان، بۇ مەھەللىدە 30 نەچچە ئائىلىلىكنىڭ خارابىسى بايقالغان، بۇ مەھەللىدىكى ئۆيلەر پۇتۇنلەي قومۇش ئارىسىغا يۇلغۇن ئېلىنىپ تىكلەپ ياسالغان ساتمىلاردىن ئىبارەت. ساتمىلار كىۋادرات شەكلىدە، ئىشىكى جەنۇبقا قارىتىپ ئېچىلغان، يېقىن ئەتراپتىن بېلىق قىلتىرىقلىرى ھەم ھايۋانات ئۇستىخانلىرى بايقالغان. يېقىن ئەتراپتىكى مازاردا 10 نەچچە قەبرە بار، شامالنىڭ تەسىرىدە بەزىلىرى ئېچىلىپ قالغان. قەبرىلەر قومۇش، يۇلغۇن ۋە توغراق بادرىلىرىدىن پايدىلىنىپ يېپىلغان.

لوپلۇقلارنىڭ يەنە بىر بېلىقچىلار كەنتى مۇراننىڭ 80 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ 1998 ـ يىلى يۇقىرىقى ئورگان بايقىغان، ئەھۋالى ئالدىنقى مەھەللە بىلەن ئوخشاش. بۇ يەردىن قۇمغا يېرىم كۆمۈلۈپ تۇرغان بىر ئۆلاق تېپىلغان، ئازراق تازىلانغاندىن كېيىن، ئىچىدىن بوي ئېگىزلىكى 1.80 مېتىر كېلىدىغان بىر ئەرنىڭ

مېيىتى چىققان، ساقلىنىشى ياخشى، تۈز ياتقۇزۇلغان. ئۆلاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.7 مېتىر، كەڭلىكى 0.4 مېتىر بولۇپ ھەمدەپنە بۇيۇمى يوق.

## 5. تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قىسمىدىكى تارىخىي ئىزلار

تارىم دەرياسىنىڭ چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى بۆلىكىدە كەم دېگەندە ئىككى شەھەر ۋە نۇرغۇنلىغان كەنتلەر بولغان. مەھەللە - كەنتلەر لوپلۇقلار تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن بولۇپ، تارىم دەرياسى بويلىرى ۋە ئۇ شەكىللەندۈرگەن كۆل بويلىرىدا خۇددى يۇلتۇزلاردەك تارقالغان. مىلادىيەنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان ئىككى شەھەر — كىتىك ۋە مەردەك بىلەن تونۇشۇش، كىروراننىڭ پۈتكۈل تارىخىي مۇساپىسىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم بولغانلىقتىن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

**مەردەك شەھىرى توغرىسىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايانلار** مەردەك شەھىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ستەيىن قاتارلىق ئەجنەبىي ئالىملار تەرىپىدىن قېزىپ تەكشۈرۈلگەن، ھازىرچە كۆرەلىگىنىمىز ستەيىننىڭ 1907 - يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشى بىلەن يەرلىك چارۋىچىلارنىڭ شەھەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرىدىن ئىبارەت. بۇ شەھەر خارابىسى ھازىرقى دۆلەت 218 - تاشيولى (چاقىلىق - كورلا بۆلىكى)نى بويلاپ كورلا تەرەپكە تەخمىنەن 110 كىلومېتىردەك يۇرسە توقۇم دېگەن جايغا بارغىلى بولىدۇ. مۇشۇ جايدىن شەرققە ئېشەكلىك يېرىم كۈن يۇرسە مەردەك شەھىرىگە، غەربكە يېرىم كۈن يۇرسە شەھىرى كىتىككە بارغىلى بولىدۇ. شەھىرى مەردەك ئويمانلىقتىكى بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. شەھەر خارابىسى يۇمىلاق، ئانچە چوڭ ئەمەس، شەھەر سېپىلى توپىدىن قوپۇرۇلغان، شەھەر رايونىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى ھازىرچە قىياس قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شەھەر خارابىسىنىڭ جەنۇبىدا بىر قۇرۇق ئېقىن بار. ستەيىننىڭ چارۋىچىلاردىن ئاڭلىشىچە، 1904 - يىللىرى بۇ دەريادا سۇ بار ئىدى. خارابىنىڭ غەربىي شىمالىدا مەردەككۆل دەپ ئاتىلىدىغان تېيىز كۆل بار، بۇ كۆلگە كېلىدىغان سۇ بايىر كۆلىدىن ئېقىپ ئىلەك ئارقىلىق بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەر بەك زەيكەش بولغانلىقتىن، زەيلىشىپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن، شۇنداقتىمۇ سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 10 فۇت چىقىدۇ. قۇرۇلۇش ئىنتايىن ئالاھىدە بولۇپ بەك قەدىمىيدۇر. شەھەر سېپىلىنى قۇرۇشتا ھەر بىر فۇت ئېگىزلىككە يۇلغۇن بېسىلغان، بۇ سېپىل ئادەتتىكى يەردىن بەش فۇت كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. سېپىل ئۈلىنىڭ ئۈستى كېسەك بولۇپ ئىككى فۇتتىن ئېگىز، ئاندىن بۇلارنىڭ ئارىسىغا توغراقتىن جاھازلىنىپ يۇلغۇن قويۇلۇپ مۇستەھكەم قوپۇرۇلغان. يەنە ئارىسىغا توغراقتىن جاھازلىنىپ يۇلغۇنى قويۇلۇپ مۇستەھكەم قوپۇرۇلغان ئۈچ فۇتتەك لاي تام بار، لاي سېپىلنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 14 فۇت، سېپىلنىڭ ئۈلىنى ئاساسەن قۇم بېسىپ كەتكەن. خارابىنىڭ دەرۋازىسىغا ئىككى قاتار (بىر قاتاردا تۆت تالدىن) توغراق ياغاچ تىكلەپ تۇۋرۇك قويۇلغان. ئۈستى تەرىپىدە كۆيگەنلىك ئىزناسى بار، ئاستى تەرىپى

زەيلەشكەن. دەرۋازىنىڭ كەڭلىكى كەم دېگەندىمۇ 23 فۇتتىن كەم ئەمەس، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىدە قۇم يوق. ستەيىن شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ كىروران بىلەن ئوخشىشىدىغانلىقى ۋە باشقا ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بۇ شەھەرنىڭ ناھايىتى قەدىمىي بىر خارابە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان. شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئىككى خىل چوڭ كېسەكتىن قۇرۇلغان، بىر خىلى 18×11×4 دىيۇم ، يەنە بىر خىلى 14×10×5.3 دىيۇم چوڭلۇقتا. ستەيىن بۇ شەھەر خارابىسىدىن مىلادىيەنىڭ بېشىدىكى ۋاڭ ماڭ (مىلادىيە 9 ـ ~ 22 ـ يىللىرى) دەۋرىدىكى يارماقنى ئۇچراتقان. مانا مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەرنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنلا گۈللىنىپ تۇرغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. بۇ شەھەر خارابىسى مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئاندىن ۋەيران بولغان، بۇ شەھەرنىڭ ۋەيران بولغان دەۋرى بىلەن شەھىرى كىتىكنىڭ دەۋرى يېقىن كېلىدۇ. چاقىلىقتىن مەرھۇم ئالىي موللام بۇ شەھەرنى كۆرگەن ۋە مۇشۇ ئەتراپتا قوي باققان، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە يېقىن ئەتراپتا «موڭغۇل ئۆلگەن» دېگەن جاي بار، بۇ جايدا يەنە نۇرغۇن ئۇستىخانلار بار بولۇپ بىر ياكى بىرقانچە قېتىملىق قانلىق سوقۇشنىڭ ئىزناسى بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ شەھەر كېيىن دېگەندىمۇ موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك ۋەيران بولغان. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، شەھەرنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھازىر بايقالغىنى پەقەت شەھەر قەلئەسىدىن ئىبارەت، سېپىلىنىڭ ئەتراپى قۇملاشقانلىقى، كۆللەرنىڭ زەيلەشتۈرۈشى سەۋەبلىك بەزى خارابىلەر ۋەيران بولۇپ تۈگىگەن بولۇشى ئېھتىمال. پىروفېسسور لىن مېيسۇن «زامانىمىزدىكى لوپلۇقلارنىڭ بۇ شەھەر خارابىسىنى مەردەك دەپ ئاتىشى، ئۇدۇن يادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلىدىغان چەرچەن ئېلىدىكى قەدىمكى شەھەر pädäka بىلەن ماس كېلىدۇ، بۇ ئىككى شەھەرنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشىمۇ ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە، بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش ئەمەس. شۇڭا، ئۇدۇن يېزىقىدىكى pädäka شەھىرىنى چەرچەن ئېلىدىكى مەردەك شەھىرى دەپ قارايمىز»① دەپ يازغان. ستەيىننىڭ يېزىشىچە، شەھىرى مەردەكنىڭ قەلئەسى تۇخۇم شەكلىدە، دىيامېتىرى 40 مېتىر ئەتراپىدا، سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 6 ـ 7 مېتىر بولۇپ ئاساسەن قۇم يۇتۇپ كەتكەن، قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى كىرورانىنىڭ قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە ئوخشايدۇ.

**شەھىرى كىتىكتىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش** شەھىرى كىتىك ۋە ئۇنىڭ ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا كىتابتا مەخسۇس توختىلىمەن، بۇ يەردە گەپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ھەققىدە بولىدۇ. شەھەرنى روبىروۋىسكىي ۋە ستەيىننىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرگەنلىكىدىن خەۋىرىمىز بولسىمۇ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن خەۋەرسىزمىز. ستەيىن تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى «ساياھەت خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابىدا

① لىن مېيسۇن: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خولېستىن قول يازمىسىدا تىلغا ئېلىنغان pädäka شەھىرى توغرىسىدا»، «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 1997 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 129 ـ بەت.

باىيان قىلىغانلىقىنى يازغان، ئەمما ھازىرغىچە ستەيىننىڭ يۇقىرىقى كىتابىنى ۋە روبرووۋىسكىينىڭ مۇناسىۋەتلىك باياىنلىرىنى تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ ھەقتە پەقەت كىتابلاردىكى ئۇچۇرلار ئاساسىدىكى مۇلاھىزىلىرىمنىلا باىيان قىلدىم. ستەيىن «جۇڭگو ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە» ناملىق كىتابىدا، «روبرووۋىسكىي تەكشۈرگەن قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى زىيارەت قىلىشنى قارار قىلدىم، رۇسىيەدە سىزىلغان خەرىتىدە بۇ قەدىمكى شەھەر kötek shahri دەپ، چەرچەن دەرياسىنىڭ ئاياغ ئۇچىغا يېقىن قىلىپ كۆرسىتىلگەن»[①] دەپ يازغان. يۇقىرىقى ئىككىيلەندىن باشقىلارنىڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. بۇ شەھەر خارابىسىنى بىلىدىغانلار 2000 ـ يىلىغىچە ھايات ئىدى، كونكرېت ئورنى چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە، ناھىيە بازىرىنىڭ 110 كىلومېتىر دەك شىمالىدا، دۆلەت 218 ـ تاشيولىنىڭ توقۇم دېگەن جايدىن غەربكە 20 ~ 30 كىلومېتىردەك يىراقلىقتىكى «ئېتەك تېرىم» دېيىلگەن جايدا[②].

**ئارغاندىكى تەكشۈرۈشلەر ۋە تېپىندىلار** ئارغاندىن يېڭىسۇغىچە بولغان دائىرىدىن مەدەنىيەت نۇقتىلىرىنىڭ تېپىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز بار، ئەمما ھازىرغىچە بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز. ئۇ يەردىكى ئىزلار ھەققىدە ئۇچۇر بولمىسىمۇ، «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 30 يىلى» ناملىق كىتابتا ئارغان ئەتراپىدىن تېپىلغان، مىلادىيەنىڭ بېشىغا مەنسۇپ بىر مىس رەندىنىڭ سۈرىتى بېرىلگەن. بۇنىڭ ئۆزى كەلگۈسىدىكى بايقاشنىڭ باشلانمىسى بولۇشى مۇمكىن.

كىروران ئارخېئولوگىيەسى ۋە تارىخىي ئىزلار توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىمىزدا ئىككى چوڭ تۈر بويىچە ئىش كۆردۇق، يەنى ھازىرقى چاقىلىق ۋاششەھىرى، مۇران بوستانلىقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن لوپ كۆلىنى مەركەز قىلغان جايلار بىلەن كىروران ئارخېئولوگىيەسى سۈپىتىدە تونۇشتۇق. يۇقىرىدىكى تونۇشتۇرۇشلارنى قايسى ئەسەردىن پايدىلىنىپ يازغانلىقىمنى ئىزاھلىماستىن قىسمەن جايلاردىلا ئارخېئولوگلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدىم. بۇ جەھەتتىكى مەلۇماتلار مۇنۇ مەنبەلەردىن كەلگەن: ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبىنىڭ 1957 ـ ~ 1958 ـ يىللاردىكى ئارخېئولوگىيەسىنىڭ دوكلاتى ــ «جۇڭگو دالا ئارخېئولوگىيەسى توپلىمىنىڭ ئارخېئولوگىيە مەجمۇئەسى 3 ـ خىلى 25 ـ نومۇرلۇق. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، «خۇاڭ ۋېنبىنىڭ تارىخ، ئارخېئولوگىيەگە ئائىت ماقالىلىرىدىن توپلام» ۋە «لوپنور ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە»؛ ستەيىننىڭ 1907 ـ يىلىدىكى ئارخېئولوگىيەسىنىڭ

---

① ستەيىن: «جۇڭگو ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە»، باھار شامىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 420 ـ بەت.

② بۇ توغرىدا مەرھۇم يازغۇچى، تارىخچى سۇلايمان ئابدۇرەھىم ھايات ۋاقتىدا تىكەنلىك يېزىسىنىڭ توغراقلىق مەھەللىسىدىكى چارۋىچى ئالىي موللامنى بىرگە زىيارەت قىلغان ئىدۇق، بۇ كىشى مەردەك ئەتراپىدا بىر مەزگىل چارۋىچىلىق قىلغان ئىكەن، شارائىت بولسا شەھىرى كىتىككە باشلاپ ئاپىرالايمەن دېگەن ۋە ئورنىنى يۇقىرىقىدەك باىيان قىلغان ئىدى. شەھىرى مەردەكنىڭ سېپىل قۇرۇلۇشى توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزگەنىدى، ئىككى مەرھۇمنى ۋە باياىنلىرىنى دائىم ئەسلەيمەن.

خاتىرىسى — «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىن سۈرەتلىك خاتىرە»نىڭ تارماق كىتابلىرى «نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈش» ۋە «كىروراندىن ئۆتۈش» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى ئېلان قىلغان مۇشۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىدىن پارچىلاردىنمۇ پايدىلاندىم)؛ 1989 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەكلىماكاننى ئۆتمۈشېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتى («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانى)؛ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي خادىملىرىنىڭ 1979 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 1 ـ سانى)، «كىروران كۇلتۇرى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن توپلام» ۋە 1989 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشنىڭ دوكلاتى (يۇقىرىقى ژۇرنالنىڭ 1993 ـ يىللىق 1 ـ سانى) قاتارلىقلاردىن ئۈزۈپ ئېلىپ تونۇشتۇردۇم، چاقىلىق ئارخېئولوگىيەسى ئۈچۈن مېھنەت قىلغان ئارخېئولوگلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى مەڭگۈ خاتىرىلەنگۈسى.

## 6. ئالتۇنتاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تارىخىي ئىزلار

**ئالتۇنتاغ تاش قورال ئىزلىرى** 1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تەكلىماكاننى ئۆتمۈشېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسى چاقىلىق رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئالتۇنتاغ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايوندىن، شۇ ئورۇننىڭ خادىملىرى يىغىپ كەلگەن تاش قوراللار ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن.

**ئالتۇنتاغ باغرىدىكى تاش قوراللار** ئاساسلىقى ئىككى نۇقتىدىن تېپىلغان، بۇ جايلار قارادۆڭ ۋە قوتازبۇلاق ئەتراپى بولۇپ چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ چىمەنتاغ يېزىسى تەۋەسىدە. قوتازبۇلاق ئىزى شەرقىي مېرىدىيان ″54′30°87قا، شىمالىي پاراللېل ″45′53°36قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4530 مېتىر، كۆلىمى 12000 كىۋادرات مېتىر. بۇ ئىزنىڭ غەربىي جەنۇبىدا مۇزتاغ چوققىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قارادۆڭ خارابىسى قوتازبۇلاقنىڭ 200 كىلومېتىر شەرقىدە. بۇ ئىزلاردىن يىغىۋېلىنغان تاش قوراللار ئۆلچەمسىز تاش ياپراق، يەنە ئاز مىقداردا تاش ئۆزەك بايقالغان. تاش قوراللار ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە ئۇرۇپ ياسالغان، بېسىپ ياسالغانلىرىمۇ بار. ئادەتتە بىر يۈزى چوقۇپ ياسالغان، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆز بىلەنمۇ كۆرۈپ بىلگىلى بولىدۇ. تاش قوراللارنىڭ ياسىلىشىنىڭ قوپاللىقىدىن تولىمۇ ئىپتىدائىيلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، تاش ئۆزەك ئۈزۈنچاق بولغاندىن باشقىلىرى ئۆلچەمسىز.

قارادۆڭ ئىزىدىن تېپىلغان تاش ئۆزەك ئۈچ دانە، ئۇنىڭ ئۈستىدە يالپاق تاشلارنى يونۇشتىن قالغان ئىزلار بار. تۇزەشتۇرۇلگەن ئۇششاق تاشنىڭ يېرىلغان يۈزىدىن

ئارقىسىغا قارىتىپ تۈزەشتۈرۈلگەنلىك ئىزى بار. ئۇششاق تاش ياپراق خىرۇستالدىن ياسالغان بولۇپ ئۇزۇنچاق، يالاڭ قىرلىق، توغرا كەسمىسى ئۈچ بۇرجەك ۋە تىراپېتسىيە شەكىللىك، تۈزەشتۈرۈلگەنلىك ياكى ئىشلىتىلگەنلىك ئىزى ئانچە روشەن ئەمەس.

يۇمىلاق باشلىق قىرغۇ قورالى: ئادەتتە چاقماق تېشى، خىرۇستال قاتارلىقلاردىن ياسالغان، يېرىم يۇمىلاق ۋە شەكىلسىز، ھەممىسى يېرىلغان يۈزىدىن ئارقىسىغا قارىتىپ تۈزەشتۈرۈلگەن.

ئۆگزىسىمان تاش ياپراق: كۆل رەڭ سىلىكاتلىق تاغ جىنسىدىن ياسالغان بولۇپ يالاڭ قىرلىق، توغرا كەسمە يۈزى ئۈچ بۇرجەك، شەكلى خورازنىڭ تاجىسىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ياپىلاق تاش ئۆزەكلىرىدىن پارچىلاپ ئېلىنغان تۇنجى ئۇششاق تاش ياپراق، نەرسىلەرنى تېشىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

تاش قوراللار توغرىسىدا كۆپ ئىزدەنگەن ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل بۇ تاش قورال نۇقتىلىرى توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يازغان: «بۇرۇنمۇ، بۇ رايوندىكى ئۇششاق تاش قورال ئەۋرىشكىلىرىدىن تاش ئۆزەكلىرى، ئۇششاق تاش ئوقيا ئۇچى، كىچىك تاش ياپراق قاتارلىقلار يىغىۋېلىنغان، بىراق ئېلان قىلىنمىغان. بۇ يەردىكى تاش قورال ئەۋرىشكىلىرىگە ئومۇمىي جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا، بىر قەدەر ئاددىي، يىرىك (قوپال)، پىششىقلاپ ئىشلەشتە ئاساسلىقى يېرىلغان يۈزىدىن ئارقىسىغا قارىتىپ ئىشلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. تاش ئۆزەكلىرىدىن ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئالامەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شىنا شەكىللىك تاش ئۆزەكلىرى بار، ئۇششاق ياپراقلار بىرىكمە قورال ۋە قىرىش، كېسىش، تۆشۈك تېشىشتە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى يەر ئۈستىدىن يىغىۋېلىنغان بولسىمۇ، بۇيۇمىنىڭ ئۆزىدىن قارىغاندا، مەيلى شەكلى ياكى ياساش ئۇسۇلى جەھەتلەردە بولسۇن، ئىپتىدائىيلىق خاراكتېرى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىسپىي ھالدا ئېيتقاندا، دەۋرى تېخىمۇ بۇرۇن بولۇشى كېرەك. ئۇنى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرى، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن قالغان خارابە ئىزى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بۇ ئىككى خارابە ئىزىنىڭ ئورنى دېڭىز يۈزىدىن خېلىلا ئېگىز. بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نۆۋەتتە بايقالغان دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز بولغان تاش قورال خارابە ئىزى ھېسابلىنىدۇ. يەنە كېلىپ تاش قوراللارنىڭ تۈرى، ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغىنى ئوۋچىلىق ئاساس قىلىنغان تۇرمۇش شەكلىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى خارابە ئىزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇششاق تاش قوراللار ئەنئەنىسىنىڭ كېلىپچىقىش مەنبەسى، تارقىلىشى ھەم ئۇنىڭ باشقا مەدەنىيەت سىستېمىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ ئىككى ئورۇننىڭ بىرسىمۇ قېزىپ

تەكشۈرۈلمىدى، شۇڭا ئېنىق يەر قاتلىمى مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى مۇھىتقا دائىر ماتېرىياللارنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ خارابە ئىزىغا قارىتا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.»[①]

## 7. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى تارىخىي ئىزلار تېپىلمىلىرى

**لوپ كۆلى رايونىدىكى تاش قورال ئىزلىرى ھىندىقۇش خارابە ئىزى** لوپ كۆلى رايونىدا بولۇپ قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، سەگىر[②] بىلەن لوپ كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، تۇرپاندىن لوپ كۆلىگە بېرىشتا ئۆتمىسە بولمايدىغان يول، شۇنداقلا شۇ ئارىلىقتىكى بىردىنبىر ئوت ـ چۆپ، سۇ بار جاي. خۇاڭ ۋېنبى يېقىن ئەتراپتىكى قۇم بارخانلىرىدىن تاش ئۆزەك، ئۇششاق تاش ياپراقلىرىدىن 100 نەچچىنى يىغقۇالغان، بۇلارغا ئاساسلىقى كىۋارتس تېشى ئىشلىتىلگەن. يەنە ئۇرۇش، سوقۇش ئارقىلىق ياسالغان يوغان تاش پالتىدىن ئىككىنى تاپقان. ئۇندىن باشقا يېرىم چەمبەر شەكىللىك، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بار سەدەپ بېزەك قاتارلىقلارمۇ بار، ساپال پارچىسى كۆرۈنمەيدۇ.

**سەگىر خارابە ئىزى** قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى سەگىر قۇملۇقىنىڭ غەربىدىكى قۇملۇقتا. بېرگمان بۇ يەردىن 300 نەچچە دانە تاش قورال بىلەن ساپال پارچىسىنى، شۇنداقلا ئوچاق ئىزىنى بايقىغان. بۇ يەردىن تېپىلغان تاش قوراللار ئىچىدە بىگىزسىمان تاش ئۆزەكلەر بار. تېپىلغان تاش قوراللار يالپاق تاشتىن ياسالغانلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. يەنە قىرغۇ قورالى، تاش پىچاق، بىگىز، ئىسكىنە قاتارلىقلارمۇ بار. شۇنداقلا ئاز مىقداردىكى يارغۇنچاق ۋە ھاۋانچا تېشىنىڭ پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغىنى ناھايىتى نەپىس قىلىپ ئىشلەنگەن دارچىن يوپۇرمىقىسىمان ۋە يوپۇرماقسىمان تاش ئوقيا ئۇچىدىن ئىبارەت. قۇم ئارىلاش، قىزىل قوڭۇر ساپال پارچىلىرىمۇ ئۇچرايدۇ، بۇلار ناھايىتى قوپال ياسالغان.

1900 ـ يىلى سېۋېن ھېدىن بۇ رايونغا كەلگەندىن بۇيان، نۇرغۇنلىغان ئېكسپېدىتسىيەچىلەر كېلىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلغان. كىروران قەلئەسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىن L L، LK قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ھەم لوپ كۆلى قىنىدىن تاش قوراللار تېپىلغان. ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدا يىغىۋېلىنغان ئۇششاق تاش قوراللارنى كۆزىتىش

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە، 1995 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىكى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ «شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇششاق تاش قوراللار خارابىلىرى» ناملىق ماقالىسىدىن ئۇزۇندى شەكلىدە ئېلىپ تونۇشتۇرۇلدى، بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچە ئەسلىي نۇسخىسىدىنمۇ پايدىلىنىلدى.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 958 ـ بەت)تە: «سەگىر. تاغ تۈمشۇقى، تاغ قاڭشىرى. ھەرقانداق تام قىرىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» دەپ يازغان. قومۇل شېۋىسىدە «بۇرجەك، دوقمۇش، تۆت كوچا ئېغىزى» مەنىلىرىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ جاي نامى كۆپىنچە ماتېرىياللاردا «شىنگىر، سىگىر» دېگەندەك ئېلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇندىن كېيىنكى ماتېرىياللاردا «سەگىر» دەپ ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ ئاتالغۇ يەنە 13 ـ ئەسىردە يېزىلغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ناملىق كىتابتىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ تاغ ئالدى، بۆرتۈپ چىققان بۇلۇڭى، ئېدىر، دۆڭلۈك، تۆپىلىك، تاغ قىرى، قۇم دۆۋە... دېگەندەك مەنىلەردە قوللىنىلغان.

ئارقىلىق ياساش تېخنىكىسى جەھەتتىن ئايرىغاندا، بۇ قوراللار ئارىسىدا ئۇرۇپ، سوقۇپ ياسالغىنىمۇ، بېسىپ ياسالغانلىرىمۇ بار. شەكلى ۋە ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ ئايرىغاندا، ئاساسلىقى يۇمىلاق بىگىز شەكىللىك تاش ئۆزەكلەر، ئۇششاق تاش ياپراق، يالپاق تاشتىن ياسالغان تاش قورال، قىرىش، كېسىش قورالى، ئۇچلۇق قورال، بىگىز، تاش ئوقيا ئۇچى قاتارلىقلار بار. لوپ رايونىنىڭ ھەممە يېرىدىن دېگۈدەك تېپىلىدىغان، ئوبدان پىششىقلاپ ئىشلەنگەن دارچىن يوپۇرمىقسىمان تاش ئوقيا ئۇچى، نەيزە ئۇچى قاتارلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. يالپاق تاشتىن ياسالغان تاش قوراللارنىڭ تولىسى 2 ـ قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. چوڭ تىپتىكى ئۇرۇپ، سوقۇپ ياسالغان تاش قوراللار ئازراق، ئۇلارنىڭ ياسىلىشىمۇ بىر قەدەر قوپال، بۇلار ئاساسلىقى تاش پالتا، تاش پىچاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، بۇ يەردىن يەنە مۇئەييەن ساندىكى سۈركەپ، سىلىقلاپ ياسالغان تاش قوراللار تېپىلغان. مەسىلەن: تاش، قاشتېشى پالتا، يارغۇنچاق تېشى، ھاۋانچا تېشى، بىلەي قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا سۈركەپ، سىلىقلاپ ياسالغان. بەزى تاش قوراللار نۇقتىلىرىدا ئاندا ـ ساندا قوڭۇر ئاربلاش قىزىل، قوڭۇر ساپال پارچىلىرىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. بۇلارمۇ قولدا ئىشلەنگەن بولۇپ ئومۇمەن سىيدام كېلىدۇ.

لوپ كۆلى رايونىدىكى ئۇششاق تاش قوراللارنىڭ تارقالغان دائىرىسى خېلىلا كەڭ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، لوپ رايونىدىكى كىروران قەلئەسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن باشلاپ، لوپ كۆلى رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى LK خارابىسى ئارىلىقىدىكى دائىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئۇششاق تاش قوراللار يىغىۋېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە تاش ئۆزەكلىرى، قىرغۇ قورالى، ئۇچلۇق قورال، دارچىن يوپۇرمىقسىمان، سۆگەت يوپۇرمىقسىمان نەيزە ئۇچى ھەم تاش ئوقيا ئۇچلىرى بار. ئۇششاق تاش قوراللار ۋە بىسى ياكى ھەممە يېرى سۈركەپ، سىلىقلاپ ئىشلەنگەن قاشتېشى پالتا قاتارلىقلار بار. بەزى جايلاردا تېخى قوڭۇر ئارىلاش يىرىك، قوڭۇر ساپال پارچىلىرىمۇ بار. لوپ كۆلى رايونىدىن يىغىۋېلىنغان ئۇششاق تاش قوراللار ئىچىدە ئەڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇيۇم يەنىلا دارچىن يوپۇرمىقسىمان قورالدىن ئىبارەت. بۇ جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدا ئاز ئۇچرايدۇ، يەنى پەقەت ئىچكى موڭغۇل ۋە شەرقىي شىمال رايونىدىلا ئۇچرايدۇ. مىسالەن، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى ئاڭشى خارابە ئىزىدىمۇ لوپ كۆلى رايونىدىن تېپىلغاندەك ئۈچ بۇرجەكلىك، تېگى ئويمان تاش، ئويمان ئوقيا ئۇچى، سۆگەت يوپۇرمىقسىمان تاش ئوقيا ئۇچى بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان. لوپ كۆلى رايونىدىن تېپىلغان ئۇششاق تاش قوراللار يەنى سۈركەپ، سىلىقلاپ ياسالغان تاش قوراللاردىن قارىغاندا، لوپ كۆلى رايونىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن ئوۋچىلىق ۋە يىغىمچىلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، بېلىق تۇتۇشمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە يېزا ئىگىلىكى بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىلىمىزدىن بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى بوغداي ئەۋرىشكىسى لوپ كۆلى رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەبرەغولدىكى قەبرىلەردىن قېزىپ ئېلىنغان، ئۇنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن دەۋرى

3800 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ قەبرىلەر ئادەتتە مىس قوراللار بىلەن تاش قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە مەنسۇپ دەپ قارالماقتا. لوپ كۆلى رايونىدىن يىغىۋېلىنغان ئۇششاق تاش قوراللارنى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمىز. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرقى دەۋر چېكى ئەڭ كېچىككەندىمۇ بۇنىڭدىن 4000 يىللاردىن ئىلگىرى بولماسلىقى مۇمكىن، لوپ كۆلى رايونىدىكى ئىنسانلار ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلنى بېشىدىن كەچۈرگەن[1].

كىروران قەلئەسى ۋە باشقا خارابىلەردىن زور تۈركۈمدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىدىن ئىنتايىن قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتتى. شەھەر خارابىلىرىدىن بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلىش بىلەن بىرگە، مۇشۇ رايوندىكى قەبرىستانلىقلاردىنمۇ ئاز بولمىغان يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى. 1980 - يىلى شىنجاڭ كىروران ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بەزى قەبرىستانلىقلارنى قازدى، بۇلارغا تەكشى يەر قەبرىستانلىقى يەنى MA، يالغۇز ئېگىزلىك قەبرىستانلىقى يەنى MB، كىروران قەبرىستانلىقى، قەبرەغول قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

**كىروران قەلئەسىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار** 1979 - يىلى 6 - ئاي ۋە 11 - ئايدا، 1980 - يىلى 3 - ۋە 4 - ئايلاردا كىروران قەلئەسى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلەر، قەبرىستانلىق، ئىزنالار ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈلدى، مۇشۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە 797 دانە مەدەنىيەت يادىكارلىقى قېزىپ چىقىرىلغان. بۇلار تاش، ساپال، ياغاچ، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، ئەينەك، سۆڭەك، توقۇلما، يارماق ۋە قولۇلە بۇيۇملاردىن ئىبارەت.

تاش قورال بۇيۇملاردىن جەمئىي 106 دانە بولۇپ ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدۇر، بۇلارنىڭ ئىچىدە 82 دانىسى سىپتا تاش قورال، چوقۇپ ياكى سۈركەپ ياسالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاش ئۆزەك ئىككى دانە، تاش ياپراق 53 دانە، ئۆزەكسىمان تاش قورال ئۈچ دانە، ياپراقسىمان تاش قورال 16 دانە، تاش ئوق ئۇچى ئالتە دانە، تاش نەيزە ئىككى دانە، سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قورال 19 دانە، تاش يىڭنە بىر دانە، بىلەي تاش سەككىز دانە، تاش كالتەك تۆت دانە. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تاش ئىلغا، تاش تامغا قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بار، لېكىن ئارخېئولوگلار كېيىنكى ئىككى بۇيۇمنى مىلادىيەدىن كېيىنكى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ قارىغان.

ساپال بۇيۇملار 129 دانە، بۇلارنىڭ ئىچىدە يىپ ئېگىرىدىغان چاق 29 دانە، كوزا 30 دانە، چۆگۈن ئالتە دانە، چۆچەك ئالتە دانە، ئاياغ (قاچا) ئىككى دانە، ئىستاكان شەكىللىك قاچا 19 دانە.

ياغاچ بۇيۇملار 55 دانە بولۇپ ئاساسلىقى ياغاچ ئويما بىر دانە، ياغاچ بىزەك سەككىز

---

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 3 - سانىدىكى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ «شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇششاق تاش قورال خارابىلىرى» ناملىق ماقالىسىدىن ئۇزۇندى شەكلىدە ئېلىپ تونۇشتۇرۇلدى، ماقالىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

دانە، قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىشىك قاتارلىق نەرسىلەر 18 دانە. يىپ ئېگىرىدىغان چاق بىر دانە، ئۈيۈقچىسى بار ياغاچ بۇيۇم بەش دانە، قوزۇق بىر دانە، تاغاق بىر دانە (هايۋانغا ئىشلىتىدىغان)، ئۇلاق بىر دانە، چېلەك بىر دانە، كوزا بىر دانە، لېگەن بىر دانە، تەڭنە بىر دانە، ئىلغا بىر دانە، تاغاق ئىككى دانە. بۇلار كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت، بۇلاردىن باشقا يەنە ياغاچتىن ياسالغان چوكا، قوشۇق، قۇلاقلىق جام، سۇت ئارىلاشتۇرغۇچ قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملاردىن 20 دانە تېپىلغان.

مىس بۇيۇملار 121 دانە. ئوق ئۇچى 15 دانە، كۆرگۈ توققۇز دانە، قازان بىر دانە، بېزەك 65 دانە، كىچىك قىسقۇچ بىر دانە.

تۆمۈر بۇيۇملار: ئوق ئۇچى 12 دانە، مىخ 23 دانە (ئۇچى چاسا مىخ، ئىلغا مىخ) قاتارلىقلار.

قوغۇشۇن بۇيۇملار: 20 دانە بولۇپ ئاساسلىقى يىپ ئېگىرىدىغان چاقلار.

ئەينەك بۇيۇم: ئالتە دانە بولۇپ قىزغۇچ، كۆك، يېشىل رەڭلىك ئەينەك پارچىلىرىدۇر.

ئالتۇن، كۈمۈش، سۆڭەك بۇيۇملار: ئالتۇن ئۈزۈك بىر دانە، كۈمۈش ئۈزۈك بىر دانە، سۆڭەك تارغاق بىر دانە، سۆڭەك ئويما بېزەك بىر دانە، مارجان ئۈچ دانە تېپىلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تۆت دانە قۇلۇلە قېپى ۋە بۇغداي، تېرىق، ياڭاق، هايۋان سۆڭەكلىرى تېپىلغان.

توقۇلما بۇيۇملار 58 دانە: بۇلار يىپەك، يۇڭ، پاختا، چىگە توقۇلمىلىرىدۇر. يىپەك توقۇلمىسى سەككىز پارچە، يۇڭ توقۇلمىسى 39 پارچە (يۇڭ رەخت، زىلچا، ئارغامچا، چاچ بېغى، كىگىز قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، پاختا توقۇلمىسى ئالتە پارچە، چىگە توقۇلمىسى بەش پارچە (ئاياغ، ئارغامچا قاتارلىقلار).

پۇللار: خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇجۇ يارمىقى، كىچىك ئۇجۇ يارمىقى، هەرە چىشسىمان ئۇجۇ يارمىقى ۋە كۇشان سۇلالىسىنىڭ تۆگە مىنگەن ئادەم كۆرۈنۈشى بار مىس پۇلى (بىر دانە) قاتارلىقلار تېپىلغان.

كىروران شەھىرىدىن تېپىلغان يۇقىرىقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بۇ شەھەر خارابىسى بايقىلىپ ئاز كەم بىر ئەسىردىن كېيىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ شەھەرنى 1901 - يىلىدىن هېسابلىغاندا، سېۋېن هېدىن باشچىلىقىدا تاكى 1935 - يىلىغىچە بىرقانچە قېتىم، ئەنگلىيەلىك ستەيىن ئىككى قېتىم، ياپونلار بىرقانچە قېتىم، ئامېرىكىلىق خانتىڭتون بىر قېتىم قېزىپ تەكشۈرگەن، بۇلاردىن باشقا ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىلىرىمۇ، كېيىن ئوغرىلىرىمۇ كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن، بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەدە تېپىلغانلىرى شۇلاردىن ئېشىپ قالغانلىرىدىن بىر قىسمى، گەرچە بۇلارنىڭ سانى ۋە تۈرى چەكلىك بولسىمۇ، مىلادىيە 6 - ئەسىردىن بۇرۇنقى كىروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى، قول هۈنەرۋەنچىلىك، سودا، كۇلتۇر جەھەتلەردىن چۈشىنىشىمىزگە زور ياردەم بېرىدۇ.

**كىروران قەلئەسى رايونى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار** 1980 - يىلى 3 - ~ 4 - ئايلاردا كىروران ئارخېئولوگىيە ئەترىتى كىروران قەلئەسىنىڭ تۈز سىزىق

بويىچە ھېسابلىغاندا 8.4 كىلومېتىر كېلىدىغان يېرىدە بىر قەبرىستانلىقنى تېپىپ قېزىپ تەكشۈردى، بۇ قەبرىستانلىق بىر تەكشى ئېگىزلىككە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تەكشى ئېگىزلىك قەبرىستانلىقى دەپ ئاتالدى ھەمدە 1 ـ قەبرىستانلىق مەنىسىدە MA شەرتلىك بەلگىسىدە ئىپادىلەنگەن. ئارخېئولوگلار شۇ قېتىمدا يەتتە قەبرىنى قېزىپ تەكشۈرگەن، قەبرىستانلىقنىڭ ئەھۋالى مۇنداق:

بۇ قەبرىستانلىق جايلاشقان ئېگىزلىك ئەتراپىدىكى شامال يالاپ كەتكەن يەردىن ئېگىز كۆرۈنىدۇ، ئۈستى تەكشى، ئۇزۇنلۇقى 43 مېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر، ھازىرقى يەر يۈزىدىن ئالتە مېتىر ئېگىز. شەرقىي شىمال بورىنى كۆپ چىقىپ، نۇرغۇن جايلىرىنى يالاپ ئۈچۈرۈپ كەتكەچكىمۇ، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان[1].

بۇ قېتىم قېزىلغان قەبرىلەردىن بەشى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان توپا گۆرلەردۇر، قەبرىلەرنىڭ لەھەت يولى يوق، تۆت چاسا شەكىلدىكى ئىچ يەرلىكنىڭ ئېغىزى چوڭ بولۇپ ئۆلىغا يېتىدۇ. قەبرىنىڭ ئىچىدە ھەمدەپنە بۇيۇمى يوق. 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بىر قاتار ياغاچ تىكلەنگەن. ياغاچلارنىڭ ئارىسى قومۇش بىلەن تام قىلىنغان، يەرلىككە قويىدىغان ۋاقىتتا توپا توسقۇچ ياكى ئاخىرەتلىك قويغۇچ قىلىنغان بولسا كېرەك. 1 ـ، 2 ـ، 6 ـ نومۇرلۇق قەبرىلەرگە بىردىن مېيىت قويۇلغان، تۈز ياتقۇزۇلغان، بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە توغرىلانغان. 7 ـ قەبرىگە يەتتە ئادەم بىرلىكتە دەپنە قىلىنغان، بېشى شەرقىي شىمالغا توغرىلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە بەش جەسەت تۈز ياتقۇزۇلغان. بۇ قەبرە ئىچىدىكى 1 ـ جەسەت 7 ~ 8 ياشلاردىكى ئوغۇل بالا بولۇپ ئىنسانشۇناس خەن كاڭشىن ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ، ئېھتىمال ئوتتۇرا دېڭىز تىپىدىن ئۆزگەرگەن دەپ قارىغان. قالغانلىرىدىن ئىككى ئايال، ئىككى بالا، يەنە بىر ئوتتۇرا ياش ئەر، بۇلارنىڭ ھەمدەپنە بۇيۇملىرىدىن كۆل رەڭ ساپال جام، ياغاچ تاختا، مىس كۆرگۈ پارچىسى، تورقۇ، تۆمۈر ئوق ئۇچى، تۆمۈر پارچىسى، قىزىل ساپال جام، ساپال كوزا پۇچۇقى، قولاققا ئاسىدىغان تۆمۈر ھالقا، تاش جام، مىس كۆرگۈ، ئۈجمە يارمىقى، قولاققا ئاسىدىغان سۆڭەك بېزەك... تېپىلغان. بۇ يەتتە قەبرىدىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ 10ى ساپالدىن، بىرى ياغاچتىن، تۆتى مىستىن، سەككىز دانىسى تۆمۈردىن ياسالغان.

**يالغۇز تۆپىلىكتىكى قەبرىستانلىق** يۇقىرىقى قەبرىستانلىقنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا، كىروران قەلئەسىگە 9.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ستەيىن قازغان LC ئىزى بولۇپ ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى MB بەلگىسى ئارقىلىق خاتىرىلىگەن. بۇ قەبرىستانلىقمۇ شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 43.4 مېتىر، كەڭلىكى 15.7 مېتىر، تەكشى يەر يۈزىدىن 8 ~ 9 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر تۆپىلىككە جايلاشقان[2]. كەم دېگەندىمۇ 14 قەبرە جايلاشقان،

---

① چاقىلىق رايونىدا شەرقىي شىمال بورىنى كۆپ ھەم كۈچلۈك چىققاچقا بىر قەبرىستانلىقنىڭ بىر قىسمىنى شامال ئۈچۈرۈپ كەتكەنمىكىن، دەپ قارايمەن.

② ئەينى ۋاقىتتىكى قەبرىستانلىقلارغا ئېگىزلىكلەر تاللانغان، ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەر يۈزىنى شامال يالاپ پەسلىتىۋەتكەنلىكتىن، ھازىرقى يەر يۈزىدىن ئەنە شۇنداق ئېگىز بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ستەيىنىنىڭ خەرىتىسىدە 10 قەبرە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. 1980 - يىلى، ئىلمىز ئارخېئولوگلىرى ستەيىن قازغان قەبرىدىن بىرنى رەتلىگەن، يەنە بىر قەبرىنى قازغان. تۆۋەندە ماتېرىياللارغا ئاساسەن، قىزىلغان ئاشۇ بىر قەبرە بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىمىز. بۇ قەبرىنىڭ يەرلىكى ئۇزۇن تۆت تەرەپلىك، ئۇزۇنلۇقى 2.39 مېتىر، كەڭلىكى 1.4 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.88 مېتىر، قەبرىنىڭ ئۈستىگە دىيامېتىرى 8 ~ 14 سانتىمېتىر كېلىدىغان 160 ~ 250 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچتىن 26 دانە تىكلەنگەن، بۇ ياغاچلارنىڭ ئەۋرىشكىسىنى كاربون 14 تەجرىبىسى ۋە دەرەخ يىل ھالقىسى ئارقىلىق بېكىتكەندە، 1950 - يىلىدىن 85 ± 1880 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇ قەبرىگە ئۈچ قەۋەت، سەككىز جەسەت قويۇلغان. 1 - قەۋەتتە بىر ئوتتۇرا ياش ئەر ۋە ياش ئايالنىڭ مېيىتى قويۇلغان، بەدىنىگە يىپەك كىيىم كىيدۈرۈلگەن. 2 - قەۋەتكە ئۈچ مېيىت قويۇلغان، سېرىق تورقۇدىن تىكىلگەن پاختىلىق چاپان كىيدۈرۈلگەن قاۋۇل ئەردىن بىرى، شايى كىيىم كىيدۈرۈلگەن ئوتتۇرا ياش ئەر ۋە يىپەك كىيىم كىيدۈرۈلگەن ئوتتۇرا ياش بىر ئايال دەپنە قىلىنغان. 3 - قەۋەتتىدە ئۈچ مېيىت بولۇپ بىر ئوتتۇرا ياش ئايال، بىر ياش ئايال ھەم ئوتتۇرا ياش بىر ئەرنىڭ مېيىتى قويۇلغان، ئەرنىڭ بەدىنىدە يىپەكنىڭ ئىزناسى بار. خەن كاڭشىن بۇ قەبرىستانلىقتىكى جەسەتلەرنىڭ باش سۆڭىكىنى تەتقىق قىلىپ، بىرىنى موڭغۇل ئىرقىدىكى، قالغانلىرىنى بولسا ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز تىپىغا يېقىن كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئىككى قەبرىدىن 170تەك ھەمدەپنە بۇيۇمى تېپىلغان، ستەيىن قازغان قەبرىدىن ئاساسلىقى يىپەك، يۇڭ، پاختا توقۇلمىسى قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلغان.

بۇ قەبرىستانلىقتىن قىزىل ساپالدىن ياسالغان جامدىن ئىككىسى قېزىۋېلىنغان. ياغاچ ئەسۋابتىن 40 دانە تېپىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە تۇخۇم شەكىللىك لېگەندىن ئالتىسى، يۇملاق لېگەندىن ئۈچى، جامدىن يەتتىسى، تاغاقتىن بىرى، ئوق ۋە يا 11 دانە تېپىلغان. سىرلانغان بۇيۇم يەتتە دانە بولۇپ ئىككىسى جام، سىرلىق رەسىم سىزىلغان تۇۋاق بىر دانە، سىرلىق تاۋاق بىر دانە، دىيامېتىرى تۆت سانتىمېتىرلىق بىر دانە تۆمۈر چەمبىرەك تېپىلغان. سۆڭەك بۇيۇم ئۈچ دانە بولۇپ ئىككىسى پىچاقتا ئوخشايدۇ، يا شەكلىدىكى ھايۋان سۆڭىكىدىن ياسالغان ئەسۋاب بىر دانە. كۆن بۇيۇملاردىن يەتتىسى تېپىلغان بولۇپ، بۇلاردىن تېگىگە كالا تېرىسى، ئۈستىگە قوي تېرىسى ئىشلىتىلىپ قېتىغا كىگىز قويۇلغان ئاياغدىن بىرى، ئات ئېگەرنىڭ تاسمىسىدىن بىرى، كالا ياكى قوي تېرىسىدىن تىلىنىپ ئاندىن توقۇلغان تاسمىدىن بەش دانە چىققان. ئىككى چەمبىرەك چاپلاپ ياسالغان ئالتۇن ھالقىدىن بىرى تېپىلغان، چوڭ چەمبىرەكنىڭ دىيامېتىرى 2.1 سانتىمېتىر، كىچىكىنىڭ يېرىم سانتىمېتىر، كەسمە يۈزىنىڭ دىيامېتىرى 0.8 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 0.2 گىرام. ئۇجۇ يارماقتىن تۆت دانە تېپىلغان، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىرگە تەئەللۇق. يىپەك بۇيۇمدىن 75 پارچە تېپىلغان بولۇپ كۆپى ستەيىن

قازغان قەبرىدىن چىققان، بۇلار شايى، كىمخاب، گۈللۈك يىپەك پارچىلىرىدىن ئىبارەت. تېپىلمىلار ئىچىدە يۇڭ بۇيۇم 22 پارچە، رەڭلىك يۇڭ رەخت توقۇلۇز پارچە، كىگىز ئۈچ پارچە، زىلچا سەككىز پارچە، پىيما ئىككى دانە، پاختا توقۇلمىسى بەش پارچە.

**كىروران قەبرىستانلىقى توپىلىق** (تۆيىن) ئىزىنىڭ ئىككى كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، بۇ قەبرە ئارال شەكىللىك تۆپىلىكتە. 1980 ـ يىلى ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى بۇ جايدىن ئىككى قەبرىستانلىق بايقىغان ۋە 1 ـ نومۇرلۇق ۋە 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق، دەپ ئايرىغان. بۇ ئېگىزلىك هازىرقى تەكشى يەر يۈزىدىن 4 ~ 7 مېتىرغىچە ئېگىز، ئارخېئولوگلار ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن ئىككى قەبرىنى قازغان، بۇ قەبرىلەردىن بىرىنى شامال بۇزۇۋەتكەن، ھەتتا جەسەتنىمۇ ئۇچۇرۇپ كەتكەن. 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن قېزىلغان 1 ـ نومۇرلۇق قەبرە ئېگىزلىكنىڭ جەنۇبىي قىيشىغا جايلاشقان، سىرتقى كۆرۈنۈشى تۆت چاسا، قۇدۇقتا ئوخشاش يەرلىككە قويۇلغان، شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1.47 مېتىر، كەڭلىكى 0.7 مېتىر. جەسەت كۆمۈلگەندە ئۇنىڭ يۈزى ۋە مەيدىسىگە ئوت ـ چۆپتىن توقۇلغان سېۋەت قويۇلغان، جەسەت يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا دەرەخ شاخلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 10 سانتىمېتىردەك قېلىنلىقتا قۇمۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 10 سانتىمېتىردەك دەرەخ شېخى ئاندىن توپا بىلەن كۆمۈلگەن. گۆرنىڭ ئىككى تەرىپىگە خادا ياغاچ تىكلەنگەن. بۇ قەبرىدىن قاۋۇل بىر ئايالنىڭ جەسىتى بايقالغان بولۇپ ساقلىنىشى ئىنتايىن ياخشى، يۈزى سوزۇق، بۇرنى ئېگىز، ئورا كۆز، چاچ، تېرە، تىرناقلىرىنىڭ ساقلىنىشى ئىنتايىن ياخشى. ئۇزۇن قاش ـ كىرپىكلىرىنى قېزىۋېلىنغاندىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولغان، سارغۇچ چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان، ئەتلىرى مىس رەڭ. جەسەت قېزىۋېلىنغاندا، بەدىنى قوپال راق توقۇلغان يۇڭ رەخت بىلەن ئورالغان، يۇڭ رەخت مەيدىسىدە بىر قانچە يەردىن ياغاچ يىڭنە بىلەن تۆنەپ قويۇلغان، بەدىنىنىڭ ئاستىن قىسمىغا ئاشلاپ پارقىرىتىلغان تېرە يېپىلغان، بېشىدا ئۈچلۈق قالپاق، قالپاقتا يەنە ئىككى دانە تۇرنا پېيى سانجىلغان ، پۇتىدا بىر جۈپ كۆن ئاياغ بار. جەسەتنىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا دەريا بويىدا ئۆسىدىغان خوش پۇراق ئۆسۈملۈك يېكەن، جەسەتنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئاستىغا بىر ياغاچ تارغاق قويۇلغان. يەنە بىر قەبرىدىكى مېيىتنى شامال ئۇچۇرتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەمدەپنە بۇيۇملىرىدىن 11 دانە ساقلىنىپ قالغان. ئارخېئولوگلارنىڭ قارىشىچە، بۇ قەبرىستانلىق يىل دەۋرى جەھەتتىن كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەبرىلەر بىلەن بىر دەۋرگە مەنسۇپ، تېپىلغان ئاشلانغان تېرە ۋە يۇڭ رەختنى كاربون 14 تەجرىبىسى بىلەن تەجرىبە قىلىپ، بۇندىن 95 ± 3880 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ، دەپ ھۆكۈم قىلىنغان.

**قۇم دەرياسى بويىدىكى قەبرىلەر** قۇم دەرياسى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنى بولۇپ قۇرۇق دەريا دەپمۇ ئاتالغان، يۇقىرىدا بۇ دەريا بويلىرىدىكى قەبرىلەر ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلەرگە ئېرىشكەندۇق. تۆۋەندە بىرگىماننىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» ناملىق

كىتابىدا ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىدىن بىر قىسمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. بۇ قەبرىستانلىق كۆپ ئادەم دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىق بولۇپ گۆر تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە، تاختاي بىلەن يېپىلغان، چۆرىسىگە بىرقانچە ياغاچ تىكلەنگەن. لەھەت ئىچىدە ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىدىن 15 دانە بايقالغان، يەنە ئادەم سۆڭەكلىرى قالايمىقان چېچىلىپ ياتىدۇ. بۇ قەبرىستانلىقتىن سۇس كۆل رەڭ، سۇپەتلىك ساپال كومزەك تېپىلغان بولۇپ چەرچەندىن تېپىلغان ساپال كومزەككە ئوخشىشىدۇ. بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە ياغاچ بۇيۇملار ئەڭ كۆپ، جۈملىدىن ئۇششاق قاچىلار، چۆمۈچكە ئوخشاش نەرسىلەر بايقالغان، بۇلاردا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىلگەنلىك ئىزى بار. ھۈنەر - سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەن جام تىپىدىكى قاچا ياپىلاق قورساقلىق، ئۈچ پۇتلۇق، قارا، قىزىل، سېرىق رەڭلەردە بويالغان. چۆرىسىدىكى ئىككى جايىنى تۈچ مىخ بىلەن يامىغان، مىخ ئېغىز دەرىجىدە داتلىشىپ كەتكەن. ھالقىسىمان تۇتقۇچىنىڭ تۆپىسى تۈز، قاچىغا ئەينى چاغدا مەلۇم بىر خىل سۇيۇق جىسىم قۇيۇلغان، ھازىر ئازراق قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان. قېزىۋېلىنغان ئىچى دۈڭ چۆچەكنىڭ سىرلانغانلىق ئىزى بار، ئېغىزىنىڭ گىرۋىكىگە بەلكىم باشقا بىر خىل ماتېرىيال (كۈمۈش بولۇشى مۇمكىن) ھەل بېرىلگەن، قاچا قەدىمكى زاماندا رېمونت قىلىنغان، يەنى بۇزۇلغان جايىنى ئىككى پارچە تۆمۈر بىلەن ناھايىتى قوپال ياماپ قويغان، يەنە ئىككى پارچە سىرلانمىغان قاچىنىڭ سۇنۇقى بار. ئېللىپىس شەكىللىك بىر كىچىك قۇتا بار، ئېھتىمال ئەينى ۋاقىتتا گىرىم بۇيۇمى سېلىنغان بولسا كېرەك. قوش تەگلىك سىرلانغان قاچا. ئۇنىڭ بىر قەۋىتى ئۈچكە بۆلۈنگەن، قۇتىنىڭ ئېغىزىغا نېپىز تۈچتىن بېزەك قىلىنغان. بۇ قەبرىستانلىقتىن ئاز دېگەندىمۇ ئالتە دانە ياغاچ پەتنۇس تېپىلغان، شەكلى تىك تۆت بۇلۇڭغا ئوخشايدۇ. بەزى پەتنۇسلارنىڭ پۇتى بار، بىر پەتنۇسنىڭ تەگلىكىدىكى بىر بۇرجىكىگە يۈرەك شەكلىدىكى قوپال نەقىش ئويۇلغان. لوپ كۆلى رايونىدىن بىرونزا شىرەدىن بىرى تېپىلغان، چوڭلۇقى $1.21\times1.25$ مېتىر، ئۇنىڭ چۆرىسىنى بويلاپ 30 دانە قاناتلىق، تۆت پۇتلۇق ھايۋاننى يۈملاق شەكلىدە ئويۇپ چىققان. لوپ رايونىدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ پەتنۇسلاردا پىچاق ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغانلىقى ئىشلىتىلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرماقتا، ئۇنىڭ يۈزىدە بىر قەۋەت سىلىق پارقىراق نەرسە بار، ئۆز دەۋرىدە سىرلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قەبرىستانلىقتىن ئىككى دانە يا تېپىلغان، بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 سانتىمېتىر بولۇپ يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان، يەنە بىرى قوش قاناتلىق يا، ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. بۇ قەبرىستانلىقتىن ئۈچ دانە تارغاق تېپىلغان، ئۇ تارغاقلارنىڭ غولى ئېگىز ھەم يۈملاق، چىشى ئىنتايىن ئىنچىكە ئىشلەنگەن. قارا سىر بېرىلگەن بامبۇكتا ياسالغان ئىككى دانە چاچ قىسقۇچ، ئۈچ دانە ياغاچ ئۇرچۇق، بىر جۈپ باسما كەش قاتارلىقلار بار. ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ بۇزۇلغان، رەڭدار، تىۋىتلىق گىلەمنىڭ پارچىسى تېپىلغان، بۇ گىلەم تارىم ۋادىسى گىلەمچىلىكىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، توقۇلمىسى ئىچكىرىنىڭ توقۇلمىلىرىغا ئوخشاشمايدۇ. مۇشۇ قەبرىستانلىقتىن

تېپىلغان بىر يىپەك پارچىسىدىكى قاراۋشتىچە ۋە خەنزۇچە يېزىققا ئاساسەن، قەبرىنىڭ مىلادىيە 2 ـ ئەسىرلەرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنغان. 35 ـ نومۇرلۇق قەبرە مۇشۇ قەبرىستانلىقتا جايلاشقان يالغۇز كىشىلىك قەبرىدۇر. بۇ قەبرىگە بويى 1.6 مېتىر كېلىدىغان ياش ئايال دەپنە قىلىنغان، بېشىدا چاسا ياغلىق بار. ئۇچىسىدىكى چاپان، كۆڭلەك قاتارلىقلار يىپەك رەخت ۋە كاناپلاردا تىكىلگەن. مېيىتنىڭ پۇتىدىكى كەشىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ، ئىشلىنىشى سىلىق.

36 ـ نومۇرلۇق يالغۇز كىشىلىك A قەبرىدىن سېرىق كىمخاب كىيىمنىڭ يىرتىق پارچىسى، كەندىر تالالىق كىيىمنىڭ ئارقا پېشى، چوڭ بىر پارچە بويالمىغان كەندىر تالاسى توقۇلمىسى، ئىككى تال كەندىر تالا توقۇلمىدا ئىشلەنگەن بەلباغ، تاۋار بىلەن قاتلاپ تىكىلگەن بوغچا، قوش ئۆرۈشلۈك تۈز يوللۇق توقۇلغان، ئىككى خىل گۈل نۇسخىلىق يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كىچىك خالتا، ياغاچ جام، پەتنۇس، قوي سۆڭەكلىرى ۋە چاكاندا قاتارلىق بىر قىسىم تېپىلمىلار بايقالغان.

يالغۇز كىشى دەپنە قىلىنغان 36 ـ نومۇرلۇق B قەبرىنىڭ جەسەت ساندۇقى ئاساسەن باشقىلىرىغا ئوخشاش، ئوخشاشمايدىغىنى ئۇنىڭ ئۈستى تاختاي بىلەن ئەمەس بەلكى كالا تېرىسى بىلەن يېپىلغان، كالا تېرىسىنىڭ ئۈستىدە كىچىك سېۋەتتىن بىرى بار، جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.7 مېتىر، كەڭلىكى 0.35 ~ 0.41 مېتىر. بۇنىڭغا كۆل رەڭ ئۇزۇن چېچى ئوتتۇرىدىن ئايرىلغان ياشانغان ئايال دەپنە قىلىنغان، بوي ئېگىزلىكى 1.52 مېتىر، يۇمشاق ۋە سىپتا ئىشلەنگەن توق قوڭۇر رەڭلىك يۇڭ پالاس بىلەن كېپەنلەنگەن. پالاس سېرىق ۋە قىزىل رەڭلىك جۇلا يوللۇق، بەدەننىڭ ئوڭ يېنىنى بويلاپ پالاسنىڭ ئۇچ يېرىگە بوغچا باغلانغان. بوغچىلارغا چاكاندا شېخى سېلىنغان. مېيىتنىڭ بېلىگە قىزىل ۋە يۇڭ يىپتىن توقۇلغان چۇچىسى بار ئىنچىكە بىر تال بەلباغ باغلانغان. مېيىتنىڭ پۇتىغا تېرىدىن ئىشلەنگەن كەش كىيدۈرۈلگەن، كەشنىڭ بارماق تۇرىدىغان يېرىگە قىزىل رەڭ يىپ شوينا بىلەن پەيلەر بېزەك قىلىنغان. كەشنىڭ چەمىدىن باشقا جايلىرىنىڭ يۈكى ئىچىگە قارىتىلغان. باش كىيىمى توق قوڭۇر رەڭلىك كىگىز قالپاق (ئىچىدە) ۋە نېپىز ئىشلەنگەن سېرىق رەڭ كىگىز قالپاق (ئۈستىگە)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۈستىدىكى قالپاقنىڭ تۆپىلىكىگە قىزىل يىپ شوينا بىلەن بېزەك قىلىنغان. يىپ شويننىڭ ئوتتۇرىسىغا، توغرىسىغا قارىتىپ يىلپىز تېرىسى تىكىلگەن، يىلپىزنىڭ بېشى قالپاقنىڭ ئالدىغا ساڭگىلىتىلغان، قالپاقنىڭ سول يېنىدا ئىككى تال پەي ھايۋان سىڭىرى ۋە قىزىل يۇڭ يىپ بىلەن يۆگەلگەن، قالپاقنىڭ ئۇچلۇق تۆپىسىدە روشەن ھالدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە بىر دانە قېنىق قوڭۇر رەڭ چاچ بىلەن تۈگۈلگەن چەمبەرسىمان زەنجىر بار، ئۇنى بىر تال ئىنچىكە شوينا بىلەن چېتىپ قويغان. ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ سەردارى ئاتىللا ۋاپات بولغان چاغدا، ھۇنلار بەس ـ بەس بىلەن ئۆزلىرىنىڭ چېچىنى كېسىشكەن. بۇ قەبرىنىڭ مەدەنىيەت تېپىنى بىرگەمان LT، LS، LQ، LF ۋە قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا، كىروران ئېلىنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرىگە

ئوخشاش، دېگەن يەكۈنگە كەلگەن. كېيىنكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلار بېرگماننىڭ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى لوپ كۆلى رايونىدىكى باشقا قەبرىلەردىن تېخىمۇ قەدىمىيرەك بولسا كېرەك، دېگەن يەكۈنىنىڭ ناھايىتى توغرا بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

38 - قەبرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.9 مېتىر، كەڭلىكى 0.41 ~ 0.86 مېتىر، قەبرىدىن سەككىز جەسەت ۋە ئادەمنىڭ بىر قىسىم سۆڭىكى تېپىلغان. بۇ قەبرىدىن قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك تۈز يوللۇق تاۋار بۆك؛ قوپال ياسالغان بىر قۇلاقلىق ساپال جام؛ ئىككى ياغاچ پەتنۇس ياكى تەڭنە (بىرىنىڭ ئىچىدە قېتىق چاپلىشىپ قالغان)؛ قارا رەڭلىك چاچ، سۈت رەڭ قوي يۇڭى بىلەن ئۆرۈم چاچ شەكىللىك نەرسە، گىلەمنىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسى، سىرلانغان قاچا سۇنۇقلىرى، ئىككى تال ياغاچ تارغاق ۋە باشقا بۇيۇملار تېپىلغان.

بېرگماننىڭ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈش خۇلاسىسىدىن ئۇزۇندى: «خۇددى ئۆردەك تاپقان قەدىمىي قەبرىستانلىق دەپ ئاتىلىدىغان خارابە ئىزىنىڭ تاشقى مۇھىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىم ۋە ھەرقايسى يەككە قەبرىلەر ئۈستىدىكى مۇھاكىمىلىرىمدە كۆرسەتكىنىمدەك، جەسەت ساندۇقلىرىدا ناھايىتى ئاز ئۆزگىرىشلەر بولغاندىن تاشقىرى، ھەممىسىلا ئوخشاش بىر تىپقا مەنسۇپ ئىكەن، بۇ نۇقتىدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بولۇپمۇ تا بۈگۈنگىچە چۈشىنىپ بولغان لوپ كۆلى رايونىدىكى ئەڭ چوڭ قەبرىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا ئوخشاشلىق ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى، ھېچ بولمىغاندا ئادەملەر بىلەن تەبىئەتنىڭ قىسمىتى، مۇتلەق كۆپ سانلىق جەسەت ساندۇقلىرىنى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ھالدا ۋەيران قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئېنىق تەكشۈرەلىگۈدەك دائىرە ئىچىدە شۇنداق. بۇ پاكىتلار ئىسپاتلايدۇكى، ئۇ قەبرىلەردە تامامەن ئوخشاش مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بار، بەلكى تامامەن ئوخشاش مىللەتكە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن... ستەيىن لوپ چۆللۈكىنىڭ تېخىمۇ شەرقىدىكى رايونىدا بايقىغان قەبرىلەر، قۇم دەرياسى دېلتىسى ئىچىدىكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىكى قەبرىلەرنى بىر قۇر سېلىشتۇرۇپ باقساق شۇنى بايقايمىزكى، 5 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىمىز (بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى قۇم دەريا قەبرىستانلىقى — نەقىلچى) ستەيىن كىروران يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ دېگەن گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى تېخىمۇ ئېنىق... ستەيىن لوپ كۆلى بويىدىن تېپىلغان مۇمىيالارنىڭ غەيرىي موڭغۇل ئىرقىدىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدى، بۇ پىكىرنى ئومۇمەن ئىسپاتلىيالايمەن. ۋاھالەنكى 5 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىمۇ زاڭاق سۆڭىكى كەڭ مۇمىيادىن بىر - ئىككىسى بار، ئۇلار قارىماققا موڭغۇللارغا ئوخشايدىغاندەك قىلىدۇ، لېكىن بۇ تامامەن ئايرىم ھالدىكى يەككە تۈر بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق ۋارىيانتلار ھەربىر ئىرق تۈپىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ مۇمىيالارنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىمۇ غەيرىي موڭغۇل ئىرقىدىكىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ... ئۆردەك تاپقان قەدىمىي

قەبرىلەردىكىلەر ئىلگىرى بەلكىم دۇنيادىن بىخەۋەر مۇھىتتا ياشىغان، بىلىشىمچە، لوپ كۆلى رايونىنىڭ سىرتىدا، تىپىك يەرلىك ئاھالىلەر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قەبرىلەر بايقالمىغان... لوپ رايونىدا قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتى ئوخشاش بىر جايدىن تېپىلغان كىگىزنىڭ ياسىلىشىدىن خېلىلا يۇقىرى، كىرورانلىقلار ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى جەھەتتە ماھارەتلىك، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي بايلىقىدىن پايدىلىنىشقا ناھايىتى ئۇستا. بىز تېخىچە ھەرقانداق بىرىنىڭ ئېنىق قىلىپ ھۈنەرغا مەنسۇپ توقۇلما بۇيۇم دېگەن سۆزنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق، بىراق ھۈنەردا ناھايىتى ياخشى ياساش تېخنىكىسىنىڭ بارلىقىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشىنىمىز.»①

خۇلاسە قىلغاندا، لوپ رايونىدا ياشىغان ئاشۇ ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن بىر مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئالىملار بايان قىلىپ ئۆتكەن، قوشۇمچە ئېيتىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئەينى تارىخىي دەۋردە ھېچ بولمىغاندىمۇ مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا، بۇ رايونغا مەلۇم ساندا ھىندى ئىرقىغا مەنسۇپ ئاھالىلەرنىڭ مەيلى سودا مۇناسىۋىتى بىلەن بولسۇن ياكى دىن تارقىتىش، مەدەنىيەت ئالاقىسى ئۈچۈن كەلگەن بولسۇن، بۇ رايونغا كەلگەنلىكىنى، قىسمەن كۆچمەنلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىپ قېلىش ياكى مۇشۇ تۇپراقتا دەپنە قىلىنىش مۇمكىنچىلىكىنى ئەسكە ئالىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەننىڭ غەربكە دىپلوماتىيە ئىشلىرى بىلەن قىلغان سەپىرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ بۇ تۇپراقتا قەدەم بېسىپ ئىزلار قالدۇرغانلىقلىرى ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارمۇ كېيىن بايان قىلىنىدۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن، كىرورانلىقلار بۇندىن 4000 يىل ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا خېلى يۇكسەك دەرىجىدىكى يەرلىك مەدەنىيىتىنى ياراتقان، ئۇلار لوپ چۆللۈكلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ شانلىق ئىزلىرىنى قالدۇرغان، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر بۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

**قەبرەغول (گۇموگو)** 1979 ـ يىلى ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى لوپ كۆلى رايونىدا، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا ئېپتىدائىي جەمئىيەتكە تەۋە، (古墓沟)نى بايقىغان ۋە 42 قەبرىنى قازغان، قەبرەغول شەرقىي مېرىدىيان ″21′55°88قا، شىمالىي پاراللېل ″35′40°40قا جايلاشقان، لوپ كۆلىگە 70 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئېقىنىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شىمالىدا. بۇ جايدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش 1979 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە جەمئىي 27 كۈن داۋام قىلغان. كۆلىمى شەرقتىن غەربكە 35 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 45 مېتىر كېلىدۇ. بۇ قەبرىلەر ئىككى خىل، بىر خىلى گۆرنىڭ ئۈستىدە شەرق ـ غەرب تەرىپىگە بىردىن خادا تىكلەنگەن ۋە يەر يۈزىگە چەنبەر تۈرىدۇ (بۇلارنى تۆۋەندە A تۈرىدىكى قەبرىلەر دەپ ئاتايمىز). كۆمگەندە ئىشلىتىلگەن نەرسىلەر تولىمۇ ئاددىي، ياغاچ تاختاي، تېرە قاتارلىق نەرسىلەر ئىشلىتىلگەن. قىسمەن گۆرلەرگە 2 ~ 3تىن ئەر دەپنە

① فولك بېرگمان (ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 314 ـ، 316 ـ بەتلەر.

قىلىنغاندىن سىرت، كۆپىنچىسىدە بىردىن ئادەم دەپنە قىلىنغان. دەپنە قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدە قېرى - ياش، ئەر - ئاياللار بار، ھەممە مېيىتنىڭ بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە قارىتىلىپ تۈز ياتقۇزۇلۇپ، يۇڭ توقۇلمىغا ئوراپ قۇم ئۈستىگە دەپنە قىلىنغان. بۇ خىل قەبرىدىن 36سى بولۇپ، زىننەت بۇيۇملىرى، ئاخىرەتلىك كىيىملىرى چىققان. يەنە بىر خىل قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە يەتتە قاتار، ئىچىدىن سىرتىغا قارىتىپ ياغاچ قادالغان (بىر قەبرىگە ئىشلىتىلگەن ياغاچ 690 دانىدىن ئارتۇق). ئىنچىكە - تومۇلۇق تەرتىپىدە رەتلىك بولۇپ يۇمىلاق شەكىل چىقىرىلغان، نۇر چېچىۋاتقان كۈنگە ئوخشايدۇ. دەپنىدە ئىشلىتىلگەن ياغاچ بۇيۇملار چىرىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن، دەپنە قىلىنغانلار تۈز ياتقۇزۇلۇپ بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە قارىتىپ قويۇلغان ئەرلەردۇر، بۇ خىلدىكى قەبرىلەردىن ئالتىسى قېزىلغان (B تۈردىكى قەبرىلەر دەپ ئاتايمىز). ئارخېئولوگلار يەنە بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى جەھەتتىن ئىككى دەۋرگە مەنسۇپلىقىنى يەنى B تۈردىكى قەبرىلەر A تۈردىكى قەبرىلەردىن يىل دەۋرى جەھەتتىن كېيىنرەك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

A تۈردىكى قەبرىلەردە قويۇلغان جەسەتلەر يۇڭ گىلەمگە ئورالغان، ئۇنى ئاچقاندىن كېيىن ئاندىن بېشىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۇچلۇق كىگىز قالپاق ياكى كىگىز قالپاق كىيدۈرۈلگەن، قالپاقتا قۇش پېيى چوقۇلغان. پۇتىغا كۆن ئاياغ كىيدۈرۈلگەن، جەسەتنىڭ كۆكرىكىگە ئىچىدە چاكاندا، بۇغداي دانىسى (10 نەچچىدىن 100 نەچچىگىچە) قاتارلىقلار بار كىچىك خالتا قويۇلغان. ھەمدەپنىلەردىن يەنە قاشتېشى، سۆڭەك ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملار بار، بۇندىن باشقا يەنە بەزى قەبرىلەرنىڭ شەرق تەرىپىدە ياغاچ ياكى تاشتىن ياسالغان ئادەم سۈرىتى چىقىرىلغان بۇيۇم، تەڭنە، ئاياق (قاچا)، جامغا ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، مۈڭگۈز جام، مۈڭگۈز، ھەرە چىشسىمان ئويۇلغان ياغاچ قاتارلىقلار تېپىلىدۇ. بىر دانە كىچىك تېپتىكى مىس زىننەت بۇيۇممۇ بايقالغان.

B تۈردىكى قەبرىلەردە بايقالغان بۇيۇملار بىر قەدەر ئاز بولۇپ ھەرە چىشسىمان ئويۇلغان ياغاچ، سۆڭەك مارجان، ياغاچ ئويما ئادەم، سۆڭەك بىگىز قاتارلىقلار تېپىلغان. ئالتە قەبرىنىڭ ئىچىدە ئىككىسىدىن مىس بېزەك تېپىلغان. ئىككى تۈردىكى قەبرىلەر ئاساسەن ئوخشىشىدۇ.

تېپىلمىلار ئىچىدە يۇڭ توقۇلمىلار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇڭ رەخت، يۇڭ ئەدىيال (گىلەم) بولۇپ قوينىڭ يۇڭى ياكى تۆگىنى خام ماتېرىيال قىلىنغان. يىپ ئېگىرىلىشىدىن تاكى توقۇلمىسىغىچە قوپال ياكى سىپتا بولۇشىدىن پەرقلىنىدۇ. ئەڭ چوڭ يۇڭ ئەدىيالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.8 مېتىرغا يېتىدۇ، ساقلىنىپ قالغانلىرىنىڭ پارچىسىمۇ 1 مېتىر ئەتراپىدا، سىپتىلىرىنىڭ يىپلىرىمۇ، ئەدىيال يۈزىمۇ ناھايىتى تەكشى، مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، ئىپتىدائىي توقۇمىچىلىق ماشىنىسىدا توقۇلغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا «بۇنىڭ ئىبلىمىزدە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ بۇرۇنقى گىلەم ئەۋرىشكىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئۇ قەدىمكى

ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەينى زاماندا خېلى يۇقىرى تېخنىكا سەۋىيەسىگە يەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ»[①] دەپ باھا يازغان. ئۇچلۇق قالپاق شۇ قەبرىدىكى جەسەتلەرنىڭ ئادىتىنى چۈشىنىشىمىزدە ئەھمىيەتلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە شۇ دەۋردىكى كىگىز ئېتىش تېخنىكىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەنبەدۇر، كىگىزنىڭ رەڭگى بىر خىل، سۈپىتى ياخشى ھەم قېلىن. ئۇنىڭ ئەۋرىشكىسى شىنجاڭدىلا ئەمەس ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ئەڭ بالدۇرقى كىگىز ئەۋرىشكىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئالىملارنىڭ كىگىز ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىدىن قارىغاندا، باشقا جايلارنىڭ كىگىز بۇيۇملىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ، بىز يۇقىرىدا كۆرگەن كىگىز ئەۋرىشكىلىرى ئۇنىڭدىن خېلىلا بالدۇر، كىگىزنىڭ كەشپىيات ھوقۇقىنىڭ تارىم ۋادىسىغا ياكى تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا كىروران رايونىغا مەنسۇپلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مېيىتلارغا كىيدۈرۈلگەن ئاشلانمىغان كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاياغ قوپال راق. «خۇاڭخې، ئىككى دەريا، ھىندىستان، نىل دەريا بويلىرىدا كۆن ـ تېرىدىن تىكىلگەن ئاياغلار كۆرۈلمىگەن، شۇڭا لوپ كۆلى رايونىدىن بايقالغان كۆن كەش ھەم چورۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، مۇشۇ شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتىدۇر.»[②] بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ياغاچقا ياكى تاشقا ئويۇلغان ئادەم ھەيكىلى ئايال بولۇپ يېرىم بەدەندۇر، بېشىغا ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن، يۈزى ئورۇق ھەم ئۇزۇن، قىسقا چېچى تارالغان ھەمدە ئارقىسىغا تاشلانغان، باش ئەزالىرى ئويۇلمىغان ياكى قىزىل، قارا رەڭدىكى سىزىقلار ئارقىلىق ۋەكىل خاراكتېرىدە كۆز، بۇرۇن، ئېغىز قىسمىلا سىزىلغان، كۆكسى ۋە ئىككى مۈرىسىنى كەڭ قىلىپ گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ قەبرىستانلىقتىن ئۈچ دانە كىچىك قىزىل مىس بۇيۇم تېپىلغان، شىنجاڭ مېتال تاۋلاش ئىدارىسى مېتالچىلىق تەتقىقات ئورنى بۇ مىس بۇيۇملارنىڭ ساپلىقىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى، ئارىلاشمىلارنىڭ مىقدارى تۆت نىسبەتنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ، 3 ـ ~ 4 ـ دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكەن، دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان. بۇ قەبرىستانلىقتىن يەنە ياغاچ، ئۇستىخان، مۈڭگۈز، قاشتېشى قاتارلىقلاردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلغان، بۇلار شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ قەبرىستانلىقتىن بىرەرمۇ ساپال بۇيۇم تېپىلمىغان[③].

① «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلىرىدىن توپلام، 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 682 ـ بەت.

② ۋاڭ بىڭخۇا: «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسى ۋە تارىخىغا ئائىت ماقالىلەردىن توپلام»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 278 ـ بەت.

③ ۋاڭ بىڭخۇا دىيارىمىز ئارخېئولوگىيەسىدە 40 يىلدەك خىزمەت قىلغان مۇتەخەسسىس، ئۇ، مۇشۇ قەبرىستانلىقنى قېزىشقا قاتناشقان ۋە بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ «كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەبرىغولنى قېزىش ۋە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسى مۇشۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىمىزنىڭ ئاساسىدۇر، تونۇشتۇرمىمىز ئەنە شۇ ئەسەردىن ئۆزگەرتىپ ھەم قىسقارتىپ ئېلىندى.

ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا: «قەبرەغولدىكى قېزىش ماتېرىياللىرى لوپ كۆلى رايونىغا خاس ئالاھىدىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. يەرلىك مىللەتنىڭ بۇ ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت ئىزىنى، قەبرەغول ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. قەبرەغول نۇرغۇن جەھەتتىن بىزگە ئىنتايىن مۇھىم بولغان، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان تېمىنى كۆرسىتىپ بەردى. لوپ كۆلى رايونىنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى، لوپ كۆلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تارىم ۋادىسىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى ۋە باشقىلارنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن چوڭ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. قەبرەغول مەدەنىيىتى بىزگە: شىنجاڭ رايونىدا قەدىمىي بىر مەدەنىيەتنىڭ بولغانلىقىنى، يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى»[①] دەپ يازغان. قېزىش ماتېرىياللىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئەينى ۋاقىتتا شۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەر چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، قوي، كالا، ئۆچكە قاتارلىقلارنى باققان. بىر قەبرىنىڭ ئىچىدىن قوي، كالا مۈڭگۈزلىرىدىنلا 26 دانە تېپىلغانلىقى، چارۋىچىلىقنىڭ مۇئەييەن كۆلەم ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قەبرىلەردىن تېپىلغان كىگىز، يۇڭ، تېرە، تىۋىت قاتارلىقلاردىن ياسالغان بۇيۇملارمۇ چارۋىچىلىقنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە ياردەم بېرىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتلاردا بۇ رايوندا يەنە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىمۇ مەۋجۇت ئىدى، قەبرىدىن بايقالغان بۇغداي دانلىرى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان بۇغداي ئەۋرىشكىسىنى سىچۈەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى يەن جى تەتقىق قىلىپ «شەكىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ھازىرقى بۇغدايدىن پەرقلەنمەيدۇ... بۇ بۇغداينىڭ چېچىكى ھازىرغىچە دۇنيادىكى ئەڭ بالدۇرقى بۇغداي چېچىكى»[②] دەپ ھۆكۈم قىلغان. بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان بۇغداي ئەۋرىشكىلىرى ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى بۇغداي ئەۋرىشكىسى بولۇپ قەدىمكى تارىم خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىدۇر. بۇ يەردە يەنە بېلىق تۇتۇشمۇ ئىگىلىكنىڭ بىر قىسمى بولۇپ تۇرمۇش كاپالىتىنىڭ تولۇقلىغۇچىلىق رولىنى ئوينىغان. شۇ چاغلاردا يەنە ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. يۇقىرىدا كۆرگەن ياغاچ، مۈڭگۈز قاتارلىقلاردىن ياسالغان تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئۇلارنىڭ

---

① «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلىرىدىن توپلام، 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 690 ـ بەت.

② خۇ سەن: «قوچۇ، كىرورانغا ئائىت ماقالىلەردىن توپلام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 278 ـ بەت.

ماھىرانە قول ھۈنىرىنىڭ ئىسپاتىدۇر. يۇڭ توقۇلمىچىلىقى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن، يۇڭ ئەديياللىرىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى شىنجاڭ قوي يۇڭى تەتقىقات ئورنى ئانالىز قىلىپ، سۈپىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، قوي يۇڭى بىلەن تىۋىتنى ئايرىپ ئىشلىتىشنى بىلگەن، سۈپىتى ياخشىلىرىدىن رەخت توقۇلغان، ناچارلىرىدىن يۇڭ ئارغامچا ئەشكەن. يۇڭ توقۇلمىلىرى كىروران يۇڭ توقۇمىچىلىقىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ۋاڭ بىڭخۇا بۇ قەبرىستانلىق ھەققىدە يەكۈن چىقىرىپ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «قەبرەغولنى قېزىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى، تارىخى تەتقىقاتىغا بولغان زور تەسىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىگە قارىتا بۇرۇنقى تەتقىقاتلىرىمىزدا، شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە بولغان خاتا چۈشەنچىلەردە ۋە بىرتەرەپلىمە قاراشلاردا بولغانلىقىمىزغا دىققەت قىلماي بولمايدۇ، بۇ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا سادىر بولغان سەۋەنلىكتۇر. ئىلگىرىكى قاراشلاردا تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى مىللەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك يوق، قەدىمدە مەدەنىيەتتە تەرەققىياتى ئىنتايىن تۆۋەن دەپ قاراپ كېلىنگەن ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتە جۇڭگو، پارس ۋە ھىندى ئۈچ مەدەنىيەت ئامىلىنىڭ بىرىكىشىنىڭ مەھسۇلى دېيىلگەن ئىدى، سىتەيىن مۇشۇ قاراشنىڭ ئىسكەنجىسىدىكىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر. ھالبۇكى، كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان جەسەتلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار بۇ خىل قاراشلارنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىنى ئىسپاتلىدى.» ①

بۇ قەبرىستانلىقتىن ئېلىنغان باشقا ئەۋرىشكىلەرنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تېخنىكا بۆلۈمى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى ئارخېئولوگىيە كەسپى كاربون 14 تەجرىبىخانىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تېخنىكىسى تەتقىقات ئورنى كاربون 14 تەجرىبىخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار يىل دەۋرىنى بېكىتىش خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلغان ھەمدە يىل دەۋرى 60 ± 3650، 60 ± 3545، يۇڭ رەختىنىڭ يىل دەۋرى بۇندىن 2185 يىل مۇقەددەم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان. 38 ـ قەبرىدىكى ياغاچنىڭ يىل دەۋرى بۇندىن 80 ± 3660 يىل بۇرۇن، جەسەت ئورالغان يۇڭ ئەدىيال 100 ± 3480 يىل بۇرۇن، جەسەت ساندۇقىنى قاپلىغان قوي تېرىسى 170 ± 3615 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. 4 ـ قەبرىدىكى ياغاچ ئەۋرىشكىسى بۇندىن 70 ± 3525 يىل بۇرۇن

① ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 418 ـ ~ 424 ـ بەتلەر.

ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇندىن باشقا يەنە 12 - قەبرىدىن تېپىلغان جەسەت ساندۇقىنىڭ ياغاچ ئەۋرىشكىسى كاربون 14 تەجرىبىسىدە 4260 ± 80 يىل بولۇپ چىققان. كۆنچى دەرياسىنىڭ لوپ كۆلىگە قۇيۇلىدىغان جايىدىن بىر قەبرە بايقالغان بولۇپ، جەسەت ئۈستىگە يېپىلغان ئۆچكە تېرىسىنىڭ كاربون 14 تەجرىبىسىدە ئېنىقلانغان يىل دەۋرى بۇندىن 3580 ± 70 يىل بۇرۇن بولۇپ چىققان، ياغاچ ئەۋرىشكىسىنىڭ دەرەخنىڭ يىل ھالقىسى بىلەن ئېنىقلانغان يىلى 3880 ± 95 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. مانا مۇشۇ تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرىنى بۇندىن 3800، 3900 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ، دەپ ھۆكۈم قىلىنغان.

قەبرەغول ئارخېئولوگىيەسى مۇنۇ بىر قانچە مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى:

(1) **بۇغداي** لوپ كۆلى رايونىدىن تېپىلغان بۇغداي ئەۋرىشكىسى ئېلىمىز بويىچە ئەڭ بالدۇرقى بۇغداي ئەۋرىشكىسى، بۇندىن تەخمىنەن 4000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ. تارىخشۇناس لى يۇڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، تارىم ۋادىسىنىڭ ئېلىمىزدە ئەڭ بالدۇر بۇغداي ئۆستۈرۈلگەن رايونلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. مانا بۇ بۇغداي ئەۋرىشكىسىنىڭ تېپىلىشى مەسىلىنى تېخىمۇ پاكىتلىق ھالدا چۈشەندۈردى. سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى يەن جىنىڭ تەتقىقاتى شۇ ۋاقىتتا بۇغداي سورتىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

(2) **كىگىزچىلىك** لوپ كۆلى رايونىدىكىلەرنىڭ يەنە بىر كەسپىياتى بولۇپ ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن سۈپەتلىك ئۇچلۇق قالپاقلار بۇندىن 4000 يىللار ئىلگىرىلا كىرورانلىقلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى كىگىزچىلىك تېخنىكىلىرىغا تايىنىپ پىيما، قالپاق قاتارلىقلارنى ئىشلەپ كىيگەن. ۋاڭ بىڭخۇا مۇنداق دەپ يازغان: «قەبرەغولدىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلىرى شەكسىزكى، ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بالدۇرقى يۇڭ توقۇلما ئەۋرىشكىسىدۇر، ئۇ قەدىمىي ئەنئەنىۋى سانائەتنى ۋە مۇئەييەن تەرەققىياتقا ئېرىشكەن تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئىپادىلەپ بەردى. قەبرەغول ئاھالىلىرىنىڭ يۇڭ توقۇمچىلىقىنىڭ مۇنۇ ئىككى ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ. بىرى ئۆلچەش ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئۇلار يېتىشتۈرگەن قويلارنىڭ يۇڭىنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكى بايقالدى. بۇ يۇڭلاردىن ھازىرقى ئۇقۇم بويىچە 70 تال تالانى ئېگىرگىلى بولىدۇ، سۈپىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئانالىز شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قەدىمكى كىرورانلىقلار يۇڭلارنى دەرىجىگە، قاتلامغا ئايرىپ ئىشلىتىشنى بىلگەن. غولراق يۇڭلاردىن ئارغامچا تالىسا، ئىنچىكە، تالالىق يۇڭلاردىن يىپ ئېگىرىپ

رەخت توقۇغان. بۇ خىل بىلىملەر چوقۇم ئۇزۇن مەزگىللىك يۇڭ توقۇمىچىلىق ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەپ چىقىرىلغان.»[1] شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يۇڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ئۇقۇمى، بىلىمى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، باسقان ئۇچلۇق يۇڭ قالپاقلىرى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. ۋاڭ بىڭخۇا: «يۇڭ قالپاقلارنىڭ رەڭگى بىر خىل (ساپ)، كىگىزى تەكشى ۋە قېلىن، كىگىز قالپاقنىڭ ئۈستى ئۇچلۇق بولۇشى كىگىزچىلىك سەۋىيەسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دەپ يازغان. بېرگمان بۇ ھەقتە: «بولۇپمۇ قىزىل بويالغان توقۇلمىلارنىڭ سۈپىتىنىڭ ئېسىللىقى، رەڭدارلىقى ۋە نەقىش نۇسخىلىرى دۇنيادىكى توقۇلمىلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە جۇڭگوغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىزىقىدىغان، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى»[2] دەپ يازغان.

**(3) مېتالچىلىق** (مەدەنچىلىك) بۇنىڭدىن 4000 يىللار بۇرۇن لوپ كۆلى رايونىدىكى ئاھالىلەر مېتال قوراللارنى يەنى بىرونزا قوراللارنى ئىشلىتىدىغان بولغان، گەرچە بۇ قەبرىلەردىن بىرونزا يەنى كۆك مىس قوراللار ناھايىتى ئاز بايقالغان بولسىمۇ، ياغاچ بۇيۇملارنى ئىشلەشتە ئىشلەتكەن قوراللارنىڭ بىرونزا قورال ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. مەسىلەن، ياغاچ تاۋۇت، ياغاچ قورچاق ۋە باشقا ياغاچتىن ياسالغان كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا مېتال قوراللارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىك ئىزناسىنى بايقاش مۇمكىن. ئىشلىتىلگەن ياغاچلارنىڭ قاتتىق بولۇشى، ئىشلىتىلگەن قوراللارنىڭ قىزىل مىستىن ياسالغان ياكى ساپالدىن ياسالغان قوراللار ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئارخېئولوگلار بەزى ياغاچلارنىڭ چېپىلغان ئىزلىرىدا، بىر چېپىشتا 5 ~ 4 سانتىمېترغا يەتكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن قەبرىلەردىن مىس قوراللار ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا مىس قوراللارنىڭ بىر قەدەر قىممەت ۋە ئازراق بولغانلىق سەۋەبىدىن ھەمدەپنە بۇيۇمى سۈپىتىدە كۆمۈلمىگەن بولۇشى، تەخمىنەن 3000 يىللار بۇرۇن بۇ خىل قوراللار كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان بولغاچقا، ئۇندىن كېيىنكى قەبرىلەردە كۆپرەك بايقالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ۋاڭ بىڭخۇا: «ھازىر بار بولغان ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، مىلادىيەدىن 2000 يىللار بۇرۇنقى دەۋردىن تارتىپ شىنجاڭ رايونى تۇچ قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويىدى. مىلادىيەدىن 1000 يىل بۇرۇنقى دەۋرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىرونزا قوراللار ئاجايىپ گۈللىنىش

① ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 424 ـ، 147 ـ، 160 ـ بەتلەر.

② فولك بېرگمان (ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 97 ـ بەت.

دەۋرىگە كىرىپ مىس قوراللار كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتى»[①] دېگەن ۋە ئاخىرىدا مۇنداق قاراشقا كەلگەن: «مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىلدىن بۇرۇن، شىنجاڭ رايونى تۇچ قورال دەۋرىگە قەدەم قويدى، ئەلۋەتتە بۇ بىر يېڭى نەزەرىيە. ئۇ ئاز بولمىغان يولداشلارنىڭ ئەنئەنىۋى، ھېسسىي قارىشى — ‹شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى بىر قەدەر تۆۋەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئارقىدا›دىن پەرقلىنىدۇ، بۇنداق ئەنئەنىۋى، تەسىرى بار نەزەرىيەدىن پەرقلىنىدۇ، تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ.»[②]

(4) **كۆنچىلىك** بۇندىن 4000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋردىكى لوپ كۆلى رايونىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان، ئۇلار شۇ ۋاقىتلاردىلا كۆندىن يەنى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن كەش قىلىپ كىيىشنى بىلگەن، ئۇلار يەنە ياغاچ تاۋۇتنىمۇ ھايۋان تېرىسىدە قاپلىغان. كۆنچىلىك تېخنىكىسى لوپلۇق قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن، كۆنچىلىك تېخنىكىسىمۇ دۇنيا بويىچە قەدىمكى تېخنىكىلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

**309 - نومۇرلۇق ئىز** ھورنېر كىروران شەھىرى قەلئەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 29 كىلومېتىر، LEنىڭ غەربىي شىمالىنىڭ غەربىدىن توققۇز كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بىر قەبرە تاپقان، ئۇنىڭدىن ئۈچ پۇتلۇق ساپال داڭقاننىڭ بىر پۇتى بايقالغان. LE خارابىسىنىڭ ئىككى كىلومېتىر غەربىدىن يەنە بىر قەبرە بايقالغان بولۇپ ئۇ يەردە ئۈچ ئازگال بار، بۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ ئۆلچىمى 2×2.8، 2.5×3 مېتىر. ئوچۇق تۇرغان جەسەت ساندۇقىنىڭ چوڭلۇقى 0.5×2 مېتىر. بۇ قەبرىستانلىقتا 309 - دەپ نومۇر قويۇلغان، بۇ يەرنىڭ يەر يۈزىدىن بىر قىسىم قىزىل رەڭلىك ساپال قاچىسى سۇنۇقلىرى تېپىلغان.

## 8. قۇم دەريا بويىدىكى تارىخىي ئىزلار

قۇم دەريا ئەمەلىيەتتە نامى ئېنىقلانمىغان بىر ئېقىن، كۆنچى دەرياسىنىڭ ياپچانلىق كۆل بويىدىن غەربىي جەنۇبقا ئاققان بىر تارامىدىن ئىبارەت. ئۆردەك بۇ قەبرىستانلىقنى بايقىغاندا بۇ جاينىڭ نامى ئېنىق بولمىغان. فولك بېرگماننىڭ خەرىتىسىگە قارىغاندا، مۇشۇ رايون بىلەن مۇناسىۋەتلىك جاي ناملىرىدىن پەقەت قۇمكۆل، ياقىنلىقكۆل[③]، پاتالىقكۆل، قوشيالاق دېگەن بىرقانچىلا نام بولغان. شۇ ۋاقىتتا كۆنچى دەرياسىدىن ئارغانغا قاراپ ئاققان بۇ تارامنىڭ نامىنى ئۇلار بىلەن بىرگە بارغانلار ئۇقمىغانلىقتىن «كىچىك دەريا» (小河) دەپ ئېلىنغان، قەبرە ئىزنالارنىڭ تېپىلىش تەرتىپى بويىچە «5 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق» دەپ ئاتىلىش بىلەن بىرگە «ئۆردەك قەبرىستانلىقى» دەپمۇ

①② ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 424 -، 147 -، 160 - بەتلەر.

③ ئەسلىي ماتېرىيالدا شۇنداق ئېلىنغان، ياپچانلىق كۆل بولۇشى مۇمكىن، تۆۋەندە ياپچانلىق كۆل دەپ ئېلىندى.

ئاتالغان. مەرھۇم ياسىن ئەيسا فولك بېرگماننىڭ كىتابىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، بۇ ئېقىننى «ئۆستەڭ» دەپ تەرجىمە قىلغان. ئەمما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ ئېقىن ئۆستەڭ (ئۇيغۇر تىلىدا ئۆستەڭ ئىنسانلارنىڭ قېزىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ) بولماستىن دەريا تارامى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆستەڭ دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم. 2000 ـ يىلى بۇ قەبرىستانلىق قايتا تېپىلغاندىن كېيىن ئاخبارات ساھەسى بۇ ھەقتە كۆپ خەۋەر بەردى، قەبرىستانلىق خەنزۇچە مەنبەلەردە 小河墓地 دېگەن نامدا مەشھۇر بولدى. شۇ ۋاقىتتا «شىنجاڭ گېزىتى»دە مۇشۇ نام «كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقى» دەپ تەرجىمە قىلىندى. بۇ ئاتالغۇدا قوللىنىلغان «مۇرەن، مۇران» سۆزلىمى تۈركىي ۋە موڭغۇل خەلقلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان لېكسىكا بولۇپ «دەريا» دېگەن مەنىدە ئىدى. بۇ قەبرىستانلىق جايلاشقان جۇغراپىيەلىك ئورۇننىڭ نامى ۋە بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىر بىرلىكى بىلەن بۇ قەبرىستانلىقنى «قۇم دەريا قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق دەپ قارالغان، شۇ بويىچە قوللىنىلدى.

**1. قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ ئورنى**

قۇم دەريا قەبرىستانلىقى چاقىلىق ناھىيەسىگە تەۋە ئارغان رايونىغا جايلاشقان، كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇمكۆل بىلەن ياپچانلىق كۆل ئارىسىدىن غەربىي جەنۇبقا يەنى ئارغان تەرەپكە ئاققان بىر ئېقىنى بويىدا يەنى ئېقىن قېشىنىڭ تۆت كىلومېتىر دەك شەرقىدە. بۇ قەبرىستانلىق بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ ئارىلىقى 60 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ دەريانىڭ غەربىي شىمالىدا. كىروران شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 175 كىلومېتىر، ئارغاننىڭ 36 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا، قۇم دەريا قەبرىستانلىقى بىلەن قۇم دەريا (ئېقىنى)نىڭ ئارىلىقى تۆت كىلومېتىر.

**2. قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ بايقىلىش، قېزىلىش جەريانى**

قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى بايقىغۇچى ئۆردەك 1901 ـ يىلى سېۋېن ھېدىننى قەشقەردىن ۋەتىنىگە يولغا سېلىۋېتىپ قايتىپ كەلگەن ۋە بوش ۋاقىتلىرىدا قۇم ـ باياۋانلارنى كېزىپ، قەدىمكى ئىزنالارنى ئىزدەيدىغان بولغان. 1915 ـ يىلىدىن بۇرۇن، تەخمىنەن 1910 ـ ~ 1911 ـ يىللىرىدىكى بىر قېتىملىق قۇملۇق سەپىرىدە، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى بايقىغان. ئۆردەك بۇ خارابىنى بايقىغاندىن كېيىن، داۋاملىق يېڭىسۇ ۋە چارا ئەتراپلىرىدا ھايات كەچۈرگەن. ئۇ، ئېكسپېدىتسىيەچىلەر دائىم بارىدىغان چاقىلىق بوستانلىقىدىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، سىتەيىن قاتارلىق بەزى ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنى باشلاپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن. سىتەيىن 1934 ـ يىلى چاقىلىقتىن كورلىغا ماڭغان سەپىرىدە ئۆردەك بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتكەن. ئۇنداقتا بۇ قەبرىستانلىق قانداق بولۇپ جاھانغا ئاشكارا بولغان؟ 1928 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن شىۋېتسىيە بىرلىكتە غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللىگەن، بۇ گورۇپپا شۇنىڭدىن باشلاپ 1934 ـ يىلغىچە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1928 ـ يىلى تۇرپانغا كەلگەن سېۋېن ھېدىن كىشىلەردىن ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىغا

ئاساسەن، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىن ئۆزگەرتىپ كىروران شەھىرى خارابىسىغا يېقىن بولغان لوپ كۆلىگە قويۇلۇپ، ئۇنىڭ «كۆچمە كۆل» نەزەرىيەسىنى ئىسپاتلىغانلىقىنى، شۇنداقلا 1905 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان يېقىن كەلگۈسىدە تارىم دەرياسى ئېقىن ئۆزگەرتىپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، دېگەن قارىشىنىڭ ئىسپاتلانغانلىقىنى بىلگەن. سېۋېن ھېدىن بۇ ئۆزگىرىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن، 1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كورلىدىن يولغا چىققان، چارا ئەتراپىدا ئوغلى سادىقنى باشلاپ كەلگەن ئۆردەك بىلەن كۆرۈشۈپ ھال ـ مۇڭ بولغان. ئۆردەك شۇ قېتىمدا، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئېكسپېدىتسىيەسى داۋامىدا بايقىغان قەبرىستانلىق ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۆردەك 72 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۈمىدىدىكىلەر ئارىسالدى بولۇپ قالغان. ئەمما، سېۋېن ھېدىن شىۋېتسىيەلىك ئارخېئولوگ، دوكتور فولك بېرگمان باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا ئادەمنى ئاشۇ قەبرىستانلىقنى ئىزدەشكە قالدۇرۇپ، ئۆزى كۆنچى دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنىغا قۇيۇلغان تارىم دەرياسىدا كېمە بىلەن لوپ كۆلىگە قاراپ يۈرۈپ كەتكەن.

ئۆردەك يول باشلىغان بۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەينى ۋاقىتتا قۇم دەريا[①] دىن ئېقىن ئايرىلغان ئېقىننى بويلاپ ئىزدەشكە كىرىشكەن. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتكەنلىكى، بوران تەسىرىدە قۇم دۆۋىلىرىنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشى سەۋەبلىك قەبرىستانلىقنى تېپىش ناھايىتى قىيىنغا توختىغان. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكىلەرلا ئەمەس، ھەتتا يول باشلاۋاتقان ئۆردەكنىڭ ئۆزىمۇ ئىككىلىنىپ قالغان، لېكىن فولك بېرگمان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىگە ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، قەبرىستانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنگەن ھەمدە داۋاملىق ئىزدەشنى قارار قىلغان، ئۇلار شۇ ئەتراپتىكى چارۋىچىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، بۇ بىپايان قۇملۇقتا بىر ئايدىن ئارتۇق ئىزدەش ئارقىلىق ئاخىرى قەبرىستانلىقنى تاپقان. بۇ جەرياندا ئۇلار قۇم دەريا بويىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان ھەمدە ئاگاي (قەبرە)دىن بىرقانچىنى تاپقان. تېپىلغان بۇ ئىزنالار ئىچىدە ئۆردەك 1910 ـ، 1911 ـ يىللىرى بايقىغان ھەمدە 1934 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قايتىدىن تاپقان بۇ قەبرىستانلىق (ماقاتلىق) ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، شۇندىن كېيىن «ئۆردەك قەبرىستانلىقى»، «5 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق (五号墓地)»، «قۇم دەريا قەبرىستانلىقى (小河墓地)» دېگەندەكناملاردا ئاتالغان.

قۇم دەريا قەبرىستانلىقى تېپىلغاندىن كېيىن فولك بېرگمان تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن ۋە ئازراق قېزىلغان. ئۇ قېزىش دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازغان: «دۆڭنىڭ يەر يۈزىدە، بولۇپمۇ دۆڭنىڭ يانباغىرلىرىدا بىز بۇرۇن كۆرمىگەن، ئەگرى ـ بۈگرى قىلىنغان تاختايلار

① كۆنچى دەرياسىنىڭ ئەسلىي ئېقىنى بولۇپ قۇرۇق قۇرۇق دەريا دەپمۇ ئاتالغان، 1921 ـ يىلى تارىم دەرياسى ئېقىن ئۆزگەرتىپ مۇشۇ ئېقىن بويىچە ئاققاندىن كېيىن ياپچانلىق كۆلدىن ئارغان تەرەپكە ئاققان بىر ئېقىن، ئۇزۇنلۇقى 120 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بار ئىكەن. مەيلى نەگە بارمايلى، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۆۋلىنىپ ياتقان ئادەم ئۇستىخانلىرى، پارچىلىنىپ كەتكەن مۇمىيالار ۋە قېلىن يولڭ توقۇلمىلارنىڭ پارچە پۇرۇچلىرى ھەممىلا يەردە پۇتىمىزغا پۇتلىشىپ تۇرىدۇ...»[①]

فولك بېرگمان شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشىدىن مۇنداق خاتىرە يازغان: «دۆڭنىڭ پەس يېرىنىڭ كۆلىمى 35×70 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئوقى شىمالنى بويلاپ 60 گىرادۇسلۇق شەرق، جەنۇب 60 گىرادۇس يۆنىلىشىدە، كىچىك شامالنىڭ يۆنىلىشى بىلەن پاراللېل. دۆڭنىڭ غەربىي چېتىدە ئەگرى سىزىق بويىچە تىزىلغان بىر قۇر قاشا بار، قاشانىڭ تۇۋرۇكلىرى بىر قەدەر ئىنچىكە ھەمدە ئانچە تۈزمۇ ئەمەس. دۆڭنىڭ ئۈستى تەرىپىدە سەل شەرققە يېقىن جايدا يەنە بىر قۇر قاشا بار، بۇ قاشانىڭ تۇۋرۇكلىرى بىر قەدەر توم، ئۇلارنىڭ ئۈستى تەرىپى بىردەك، بىر خىل ئېگىزلىكتە تۇرىدۇ. قاشانىڭ ئوتتۇرىسى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن... تۇۋرۇكنىڭ ئاستى تەرىپىدە تۇۋرۇكلەرنى ئۆسۈملۈكنىڭ پىششىق ئەۋرىشىم پوستى بىلەن پاراللېل قىلىپ پۇختا باغلاپ تىك تۇرغۇزۇپ چىتىۋەتكەن. غەرب تەرەپتىكى پاكار قاشالار ــ روشەنكى قەبرىستانلىقنىڭ پاسىل چىتلىقى ئىكەن، لېكىن دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىدىن كېسىپ ئۆتكەن چوڭ قاشالارنىڭ رولىنىڭ قانداقلىقى ئانچە ئېنىق ئەمەس. بەلكىم، ئۇلار ئوخشاشمايدىغان قەبرىستانلىقلارنى ئايرىپ تۇرۇش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان بولۇشى مۇمكىن. چوڭ قاشانىڭ ئۇدۇل شەرقىي تەرىپىدىكى ئىختىيارىيلا تۇرغۇزۇپ قويۇلغان خادا ياغاچلار بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرىدۇ، ھەممىسى دېگۈدەك ئىنتايىن ئېگىز بولۇپ، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4.25 مېتىر كېلىدۇ. تۇۋرۇكلەرنىڭ دىيامېتىرى ئومۇمەن ئوخشاش بولۇپ، تەخمىنەن 25 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇلار بىردەك كۆپ قىرلىق، 7 ~ 13 يۈزلۈك ئىكەن، تۇۋرۇكلەرنىڭ يېنىدىكى قۇملارنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېشىنىڭ قىزىل قىلىپ بويىۋېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ تۇۋرۇكلەرنىڭ بوشلۇقتا تۇرغان قىسمىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىپتۇ... ئەينى زاماندا كۆزنى چاقناتقۇدەك قىزىل رەڭگە چۆمگەندەك قىلىدۇ. كىشىلەر ياغاچتىن ياسالغان بۇ خاتىرە بۇيۇملارنى قىزىل رەڭدە بويىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ سېھىرگەرلىككە بولغان ئەيمىنىشى ئېستېتىكىغا بولغان ئىنتىلىشىگە قارىغاندا چوقۇم كۈچلۈك بولغان، قىزىل قاننىڭ رەڭگى، يەنى ھاياتلىقنىڭ رەڭگى. بوياق ياساشقا ئىشلەتكەن خام ئەشيا ــ قىزىل ئوخرا (红赫石) ئىكەن[②].»

فولك بېرگماننىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشى تۇنجى قېتىملىق تەكشۈرۈش ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەبرىستانلىق 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئۆردەك تەرىپىدىن بايقالغاندىن كېيىن جامائەتچىلىككە ئاشكارا بولغان. شۇ زاماندىكى چاقىلىقنىڭ ئامبىلى خەلققە سېلىق سېلىپ، ئاسارئەتىقە يىغدۇرغان، كىشىلەر سېلىق ئورۇنداش ئۈچۈن قەدىمكى

① ② فولك بېرگمان (ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 114 ـ، 116 ـ بەتلەر.

شەھەرلەر ۋە قەبرىلەرنى قېزىپ، تېپىلغان نەرسىلەرنى تاپشۇرغان. ئالىملارنىڭ پەرەز قىلىشىچە، 1910 - يىلىدىن 1930 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇم دەريا قەبرىستانلىقى شۇ زاماندىكى قازغۇچىلار تەرىپىدىن قېزىپ بىر قېتىم ۋەيران قىلىۋېتىلگەن.

فولك بېرگماننىڭ بۇ خارابىنى قايتىدىن تېپىش، قېزىش جەريانى شۋېتسىيەنىڭ ستوكھولم شەھىرىدە 1939 - يىلى نەشر قىلىنغان « Researches in Sinkiang Archaeological » ناملىق كىتابىدا ناھايىتى تەپسىلىي يېزىلغان، تېپىلمىلارنىڭ تىزىملىكى ۋە مۇلاھىزىسى بېرىلگەن. بۇ كىتاب شۋېتسىيە سېۋىن ھېدىن فوندى جەمئىيىتىنىڭ ھوقۇق بېرىشى بىلەن، ۋاڭ ئەنخۇڭنىڭ تەرجىمىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 - يىلى خەنزۇچە «新疆考古记» دېگەن نامدا نەشر قىلىندى. خەنزۇچە نەشرىدىن ياسىن ئەيسانىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» دېگەن نامدا 2000 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىندى، تېخىمۇ تەپسىلىي بىلمەكچى بولغانلارنىڭ شۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«قەبرىستانلىقتىكى كىشىلەر بۇ قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنىشتىن بۇرۇن، قەيەردە ئولتۇراقلاشقان؟ قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئەتراپىدا بۇرۇنقى زامانلاردا يېزا - بازارلار بولغان بولۇشى، بەلكى ئۇلارنىڭ بىردىنبىر سۇ مەنبەسى قۇم دەريا بويىدا بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلدۇرىدۇ. بىراق ئۇ يەردە ھېچقانداق ئۆينىڭ ئىزى ئۇچرىمىدى. ئەلۋەتتە قۇملۇقنىڭ بۇ قىسمىدا، بارخانلار زور كۆلەملىك يەرلەرنى بېسىپ كەتكەن، شۇنىڭدەك بىر مۇنچە يەرلەردە قۇم دەريا بويىغىچە يېتىپ بارغان، دېمەك بىرەر يېزا - كەنت ئەمەس، بەلكى بىرقانچە يېزا، شەھەرلەرمۇ قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ۋاھالەنكى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بايقالغان بارلىق كىروران خارابىلىرى بىردەك ئاقما قۇملار ئاستىدا قالمىغان جايلاردىن تېپىلدى. بۇ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم بولۇشى بەك تەس. ئۇلار ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرار جايغا ئېرىشىشى قىيىن بولسا كېرەك. كەپە ئۆيلەر بولسا تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆرۈلۈشكە باشلايدۇ ھەمدە ناھايىتى تېزلا ئاقما قۇملار تەرىپىدىن كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ جەنۇب - شىمال ئىككى تەرىپىدىكى بارخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەر يۈزىدە نۇرغۇنلىغان ساپال قاچا سۇنۇقلىرى ۋە باشقا قاچا - قۇچىلارنىڭ سۇنۇقلىرى بار، خۇددى كىروران ئەتراپلىرىدا ھەممە يەردە كۆرۈلگەنگە ئوخشاش ئومۇمىي ھادىسىدۇر. بۇرۇنقى كىشىلەر بۇگۈنكى لوپلۇقلارغا ئوخشاش مۇھىتتا ياشىغان. بىر قىسىم كىشىلەر دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان ياكى ھېچ بولمىغاندا مەلۇم دەرىجىدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان. كۆپچىلىكنىڭ بولۇپمۇ بايراقلىرىنىڭ قوي، كالا، ئات ياكى ئېشەك دېگەندەك چارۋىلىرى بولغان ھەمدە ھەممىيلەن

دەريا ـ كۆللەردە بېلىق تۇتقان، قومۇشلۇقلار ۋە دالالاردا ئوۋچىلىق قىلغان.»①

قۇم دەريا قەبرىستانلىقى 1934 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فولك بېرگمان ئەترىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن (شەرقىي قاشا ئەتراپىدىن 12 قەبرىنى قېزىپ تەكشۈرگەن)، ئىلىم دۇنياسى گەرچە فولك بېرگماننىڭ كىتابىدىن بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قايتىدىن تېپىلىشى بېرگماننىڭ يۇقىرىقى كىتابىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشىدىن كېيىن بولغان. 1979 ـ يىلى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ياپونىيە NHK تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە سۈرەتكە ئالغان «يىپەك يولى» پىروگراممىسى گۇرۇپپىسى، مۇشۇ گۇرۇپپىدىكى شىنجاڭ ئارخېئولوگلىرى ۋاڭ بىڭخۇا ۋە مۇ شۇنىيىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىزدىگەن بولسىمۇ، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى تاپالمىغان. 1980 ـ يىلى ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى لوپ قۇملۇقىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىمۇ بۇ قەبرىستانلىقنى تاپالمىغان. 2000 ـ يىلى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن ۋاڭ بىڭخۇا قاتارلىق ئارخېئولوگلار ۋە سىن ئالغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن 10 كىشىلىك گۇرۇپپا (شېنجېن داتاڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە شىركىتى ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگو غەربىي يۇرتتىكى قۇملۇقتا سەپەر» سىن ئېلىش گۇرۇپپىسى) فولك بېرگماننىڭ كىتابىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، سۇنئىي ھەمراھ ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى (GPS)نىڭ ياردىمىدە ئىزدەپ 5 ـ كۈنى بايقىغان.

2002 ـ يىلى دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەشكىللىگەن گۇرۇپپا ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ باشچىلىقىدا قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا كىرىپ تەكشۈرۈپ (شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تىكەنلىكتىن يولغا چىققان، ئارغاندا تارىم دەرياسى ئېقىنىدىن ئۆتۈپ شىمالغا قاراپ ماڭغان، ماشىنا بىلەن يۈرۈشكە ئىمكان بولمىغانلىقتىن بىر قىسىم كىشىلەر 15.6 كىلومېتىر يولنى پىيادە مېڭىپ 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا يېتىپ بارغان. 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى پۈتۈن ئەترەت قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا يىغىلىپ تەكشۈرۈش، قېزىش ئىشىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىۋەتكەن) قېزىش ئېلىپ بېرىلغان، بۇ قېتىمدا غەربىي قاشاغا يېقىن تۆت قەبرە قېزىلغان (بۇ قېتىمقى قېزىش دوكلاتى ئېلان قىلىنىدى). بۇ قېتىم ئارخېئولوگلار تەكشۈرۈشكە كەلگەندە، بۇ قەبرىستانلىقتا 140 خادا تىكلەكلىك تۇرغان، خادىلارنىڭ كۆپ قىسمى قەبرە يۈزىدىن 2 ~ 4 مېتىرغىچە ئېگىز ئىدى. بۇ قېتىم ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسى قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا بارغاندا، قەبرىستانلىقنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى يۈزدىن ئارتۇق قەبرە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ئىلىم ساھەسىنىلا ئەمەس كەڭ خەلقنىمۇ ئېچىندۇرغان.

① فولك بېرگمان (ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 163 ـ بەت.

دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ 2003 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى تەستىقى بىلەن، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ باشچىلىقىدا، شۇ يىلى 12 ـ ئايدىن باشلاپ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش تۈرىنى يولغا قويغان ۋە 2004 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە جەمئىي 33 قەبرىنى قازغان، قۇم دەريا بويىدىن 22 ئىزنى تەكشۈرگەن. بۇ قېتىم ئۈچ ئاي قازغاندىن كېيىن ئەتىياز پەسلى كېلىپ قالغانلىقتىن (بۇ مەۋسۇمدا شامال كۆپ چىقىدۇ)، قەبرىستانلىقنى ساقلاشقا ئادەم قويۇپ قايتىپ چىققان. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى چېگرا رايون ئارخېئولوگىيە تەتقىقات مەركىزى ھەمكارلىشىپ قېزىش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە بۇ تۈرنى غەلىبىلىك تاماملىغان، بۇ قېتىم 130 قەبرىنى قازغان. جەمئىي تۆت يىل قېزىش جەريانىدا ئارخېئولوگلارنىڭ قەبرىستانلىقتا خىزمەت قىلغان ۋاقتى 10 ئايغا يېقىنلاشقان، بۇ جەرياندا جەمئىي 167 قەبرە قېزىلغان، تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى مىڭ داندىن ئاشىدۇ. 2005 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان، دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى باش بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان، جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» گېزىتى ھەمكارلىشىپ باشقۇرغان، 2004 ـ يىللىق «جۇڭگودىكى ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك يېڭى بايقاش»تا، قۇم دەريا قەبرىستانلىقى شۇ يىللىق يېڭى بايقاشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان.

2008 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئېلىمىزنىڭ 29 ئاكادېمىك، ئالىملىرىدىن تەشكىللەنگەن لوپ كۆلىنى ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 6.65 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىن قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئىزىنى بايقىغان. بۇ خارابىگە ئالدى بىلەن سۈنئىي ھەمراھ يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ دەسلەپكى قەدەمدە ھۆكۈم قىلىنغان (قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 10 كىلومېتىر غەربىدە L شەكىللىك خارابە ئىزى پەرق ئېتىلگەن) ھەمدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، قىسقا تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 180 مېتىر كېلىدىغان سېپىل ئىزى تېپىلغان. ئالىملار بۇ ئىزغا «4 ـ نومۇرلۇق خارابە» دەپ نام بەردى ۋە يىل دەۋرىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرگىچە دەپ بېكىتتى. بۇ خارابىنىڭ كۆلىمى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىر بۆلەك تام ئۇلى ساقلىنىپ قالغان، بىر بۆلەك جايلىرى قۇم تېگىدە قالغان. بۇ خارابىدىن تۈگمەن تېشى، ۋۇجۇ يارمىقى، ئۇرچۇق (纺锤)، ساپال پارچىسى... قاتارلىقلار تېپىلغان. بۇ خارابە مۇشۇ رايوندىكى يەر يۈزىدىن تېپىلغان بىردىنبىر خارابە بولۇپ خۇددى فولك بېرگمان ئېيتقاندەك، بەزى خارابىلەر قۇم تېگىدە قالغان بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ خارابە قۇم دەريا

قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپىدا ئەسلىدىنلا ئولتۇراق ئاھالىلەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ قالماي، كىروران شەھىرى بىلەن ئوخشاش دەۋردە گۈللىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، قۇم دەريا قەبرىستانلىقى بەش قەۋەت قەبرىلەردىن تۈزۈلگەن، قەبرىستانلىق جايلاشقان قۇم دۆۋىسى سىرتتىن قارىماققا ئېللىپىس شەكلىدە، قۇم دۆۋىسى يەر يۈزىدىن 7.75 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ، كۆلىمى 2500 كىۋادرات مېتىر (35×74 مېتىر). قېزىشتىن بۇرۇن قۇم دۆۋىسىدە ھەر خىل ئۆلچەمدىكى خادا ياغاچتىن 140 نەچچىسى تىكلەكلىك تۇرغان. قەبرىستانلىق شەرقىي ۋە غەربىي چەتلىرىدىن قاشالىنىش بىلەن بىرگە، ئوتتۇرىسىدىن ياغاچ بىلەن شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىم قىلىپ ئىككى رايونغا ئايرىلغان. بۇ قەبرىستانلىقتا تىكلەنگەن خادىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 ~ 4 مېتىر، خادىلارنىڭ دىيامېتىرى 20 سانتىمېتىردىن تۆت بولۇپ ئالتە قىرلىقتىن 20 قىرلىققىچە. قەبرىستانلىقتىكى خادىلار يۇمىلاق، قىرلىق، پالاقسىمان بولۇپ 140 تىن ئارتۇق، ياغاچلارنىڭ قىرلىقلىرىنىڭ توققۇز قىرلىقى بىر قەدەر كۆپرەك. ئۆلگۈچىنىڭ باش ۋە ئاياغ تەرىپىگە بىردىن خادا قادالغان. ئەر جەسەتنىڭ بېشىغا پالاقسىمان، ئايال جەسەتلەرنىڭ بېشىغا زەكەرسىمان خادا تىكلەنگەن. بەزىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ خادىلار جىنسقا تېۋىنىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ئەرلەرنىڭ بېشىغا تىكلەنگەن پالاقسىمان خادا تىلاق (ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى، پالاقسىمان بېشى قارا رەڭدە، دەستىسى قىزىل رەڭدە بويالغان)قا، ئايال جەسەتلەرنىڭ باش تەرىپىگە قادالغىنى زەكەر (ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى، قىزىل رەڭدە بويالغان ۋە يۇڭ يىپتىن ئازراق ئورالغان)گە تەقلىد قىلىنغان. جىنسقا تېۋىنىش مەسىلىسىدە قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ كاڭجيازى دېگەن يېرىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. فولك بېرگمان ئاياللارنىڭ باش تەرىپىگە قادالغان خادىلارغا دىققەت قىلمىدىمۇ ياكى ئادەتتىكى ياغاچ سۈپىتىدە قارىدىمۇ، پالاقسىمان خادىلارنى ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەتكەن پالاقتا تەقلىد قىلىنغان، دەپ قارىغان. جەسەتلەر توغراقتىن ئويۇلغان ئۇلاققا [( ) شەكلىدە] دەپنە قىلىنغان ۋە كالا تېرىسى بىلەن قاپلانغان. قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي تەرىپى دىيامېتىرى 25 سانتىمېتىر توملۇقتىكى 67 تال بادرا بىلەن، غەربىي قاشاسى 62 تال 8 ~ 20 سانتىمېتىرغىچە توملۇقتىكى بادرا بىلەن قاشالانغان.

ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، قۇم دەريا قەبرىستانلىقى تۇخۇمسىمان قۇم دۆۋىسىگە جايلاشقان، باشتا تۆۋەن قەۋەتتىكى قەبرىلەر ئەسلىدىكى قۇم دۆۋىسىگە دەپنە قىلىنغان. كېيىنكى قەبرىلەر سۈنئىي دۆۋە ياساش ئارقىلىق دەپنە قىلىنغان، كېيىنچە شامالنىڭ قۇم دۆۋىلىشى بىلەن تېخىمۇ ئېگىزلەپ كەتكەن. قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان. تەكشۈرۈلۈشىچە، قەبرىلەر بەش قەۋەت. بەشىنچى قەۋەت (ئەڭ تەكتى) مازارلىق ھاسىل بولغاندىن كېيىن، جەنۇب ـ شىمال ئىككى تەرىپىگە بىر قۇردىن رەتلىك ياغاچ قاشا تىكلەنگەن. جەنۇبىي

تەرەپتىكى قاتار ياغاچ جەنۇبىي رايوننىڭ قاشاسى، شىمالىي تەرەپتىكى قاتار ياغاچ شىمالىي رايوننىڭ قاشاسى بولغان. ياغاچ قاشالار تىكلەنگەندىن كېيىن قەبرىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قەبرىستانلىق جەنۇب ۋە شىمال ئىككى رايونغا ئايرىلغان. جەنۇبىي رايوندا جەمئىي 139 قەبرە بار، ئەڭ تەكتىدىكى قەۋەتتىن باشقىلىرى (قالغان تۆت قەۋەت)، سۇنئىي قۇم دۆۋىسى ئارقىلىق كۆمۈلگەن. ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ سانىغاندا 1 ـ قەۋەتتىن 3 ـ قەۋەتكىچە بولغان قەبرىلەرنىڭ ئارىلىقلىرى تار. تېپىلمىلارغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا 1 ـ قەۋەت (ئۈستىدىن ئاستىغا)تىن 3 ـ قەۋەتكىچە بولغان قەبرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى يېقىنلىشىدۇ. ئەڭ تەكتىدىكى ئىككى قەۋەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بىردەك، يۇقىرىقى ئىككى گۇرۇپپا قەبرىلەر ئارىسىدىكى ئالاھىدىلىكلەردە روشەن پەرقلەر بار. شىمالىي رايوندىكى قەبرىلەر شەرقىي شىمال بۇرنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتى ئاساسەن ساقلىنىپ قالمىغان. شىمالىي رايوندا پەقەت 28 قەبرە ساقلىنىپ قالغان، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن جەنۇبىي رايوننىڭ ئەڭ تەكتىدىكى ئىككى قەۋەتتىگە يېقىنلىشىدۇ. بۇ قېتىم تەكشۈرۈلگەن 167 قەبرىدىن 20چىسى ئۆسمۈرلەرنىڭ قەبرىلىرىدۇر. جەسەتلەرنىڭ بېشى شەرققە قارىتىلىپ بەدىنى رۇس دەپنە قىلىنغان. جەسەتنىڭ بېشىدا يۇڭ قالپاق، قالپاقلارنىڭ كۆپىگە قىزىل يۇڭ يىپ يۆگەلگەن، پەي قادالغان، پۇتىدا قىسقا ئۆتۈك، بېلىدە بەلباغ، بەدىنى يۇڭ پالاستا ئورالغان.

**3. قۇم دەريا قەبرىستانلىقى ۋە ئۇنىڭ يىل دەۋرى**

قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدا جەمئىي 330 نەچچە قەبرە بولۇپ ئىلمىز ئارخېئولوگلىرى 167 قەبرىگە نومۇر قويۇپ رەتلىگەن، بۇلاردىن 163 قەبرىنى قېزىپ تەكشۈرگەن. بۇنىڭدىن سىرت 160چە قەبرە كېيەن ئوغرىلىرى تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن.

ئارخېئولوگلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ قەبرىستانلىقتىكى ئەڭ بۇرۇنقى قەبرىلەرنى مىلادىيەدىن 2000 يىللار ئىلگىرى يەنى ھازىرقى دەۋردىن 4000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرنىڭ ئىزناسى، بىرونزا قوراللار دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرى دەپ ھۆكۈم چىقارغان. قەبرىستانلىقنى قېزىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان ھەمدە كىروران ۋە باشقا رايونلارنىڭ ئارخېئولوگىيەسىدە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈشتە بولغان ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل 2004 ـ يىلى كۈزدە چاقىلىقتا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، يىل دەۋرى «كىروران گۈزىلى»نىڭ دەۋرىدىن بالدۇر دېگەنىدى[1]. ئىلمىز ئارخېئولوگلىرى «كىروران گۈزىلى»نى بۇندىن 3800 يىللار بۇرۇنقى جەسەت دەپ بېكىتكەن. مانا مۇشۇ ئۆچۈرلارغا قارىغاندا، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا كۆمۈلگەن ئەڭ بۇرۇنقى جەسەتلەر بۇندىن 4000 يىللار بۇرۇنقى تارىخنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. مۇشۇ ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان «لوپ كۆلى قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن

① 2004 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، «سۇلايمان ئابدۇرەھىم ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» داۋامىدا كۆرۈشكەندە سورىغانىدىم.

مۇھىم ھاسىلاتلار» دېگەن ماقالىدە، «كاربون 14 تەجرىبىسىدىن بېكىتىلىشىچە، قەبرەغولىنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللارنىڭ بېشىغا توغرا كېلىدۇ، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ يۇقىرى چېكى قەبرەغولىنىڭ دەۋرىدىن بۇرۇن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، ئۇنىڭ ئاخىرقى چېكى قەبرەغول بىلەن بىر دەۋرگە توغرا كېلىدۇ...»[①] دەپ يازغان. بۇ قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنى ئىنسانشۇناسلىق بويىچە تەكشۈرۈش، جۈملىدىن زامانىۋى تېخنىكا DNA بىلەن ئىرسىي تېپى، كەلگەن يېرى ۋە ھازىرقى ئاھالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كەلگۈسىدە ئېنىقلىنىدىغان مۇھىم خىزمەتلەردۇر. ھازىرقى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇندىن 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋردە كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنىدا سۇ كۆپىيىپ قۇم دەريا تارامىدا زور مىقداردا سۇ ئاققان، جۈملىدىن قۇم دەريا قەبرىستانلىقى ئەتراپىدا 1000 كىۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدىغان كۆل بولغان. كېيىنچە سۇ ئازلاپ كۆل قۇرۇپ كەتكەن، ئەمما كۆنچى دەرياسىنىڭ كىچىك تاراملىرى تور تارتقان ھالدا ئىدى. بۇندىن 3000 يىللار بۇرۇن سۇ رايىدا مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇندىن 2000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردە بۇ يەرنىڭ سۇ رايىدا ياخشىلىنىش بولۇپ ئاھالىلەر بۇ يەرگە قايتىدىن جۇغلىنىپ ئۆز شەھەر، مەھەللىلىرىنى بەرپا قىلىپ ياشىغان. مىلادىيە 4 - ئەسىرلەردە ئېكولوگىيە يامانلىشىشقا باشلىغان، توغرىراقىنى ئېيتقاندا قۇم دەريا ئېقىنىدىكى سۇ خېلىلا ئازلىغان، ئاھالىلەر تەدرىجىي باشقا بوستانلىقلارغا جۈملىدىن سۇيى مول بولغان يەرلەرگە سۈرۈلگەن. «كاربون 14 يىل دەۋرى سانلىق مەلۇماتلىرى كۆرسەتتىكى، قۇم دەريا كۇلتۇرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە بارلىققا كەلگەن ۋە 500 ~ 600 يىلدەك داۋام قىلىپ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى2000 - يىللاردا چېكىنىشكە باشلىغان.»[②]

**قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ تېپىلمىلىرى** قەبرىستانلىقتىن پالاق شەكىللىك خادا ياغاچ، 3 دانە ئادەم شەكىللىك ياغاچ ھەيكەل ۋە نېمىلىكى نامەلۇم بىر ياغاچ ئويما بار. ئادەم شەكىللىك ئويمىنىڭ ئىككىسىدە قىزىل رەڭنىڭ ئىزلىرى بار، بۇ ياغاچ ھەيكەللەر ئەرگە تەقلىد قىلىنغان. قەبرىستانلىقتا 100 مېتىر كەلمەيدىغان يەردىن ئېگىزلىكى 134 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئايالغا تەقلىد قىلىنغان ھەيكەلدىن بىرى تېپىلغان، ھەيكەلنىڭ يۈزى ئېللىپىس شەكلىدە، ئۆز دەۋرىدە بەش ئەزاسى سىزىلغان بولۇشى مۇمكىن، بىلەكلىرى بەك ئىنچىكە، نىسبەتسىز دېگۈدەك بولۇپ قالغان، پۇت قىسمى تولۇق ئويۇلغان، پاقالچىقى ئىنتايىن توم، شار شەكىللىك تىزىنى پەرق ئېتىشكە بولىدۇ. قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ئايالغا تەقلىد قىلىنغان ھەيكەل ئوچۇقچىلىقتا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان، ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى

---

① «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ، 2005 - يىللىق خەنزۇچە 1 - سانى.

② شيا شۇنچېڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭگو لوپ كۆلى»، پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 2007 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 406 - بەت.

1.58 مېتىر، پۇت قىسمى يوق. بېرگمان بۇ ھەيكەللەرگە مۇنداق باھا بەرگەن: «بۇ ئۈچ ھەيكەلنىڭ ياسىلىشى ناھايىتى قوپال، لېكىن ماتېرىيالنىڭ ئۆزىنىڭ چەكلىمىسىنى ئويلىشىپ قويۇش كېرەك، ئۇلار ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە ناتۇرالىزملىق ئۇسلۇبنى نامايان قىلغان.» ستەيىن كىروران رايونىدىكى تەكشۈرۈشلىرىدە بۇنداق ھەيكەللەردىن يەنە تاپقان بولسىمۇ، بۇلاردىن خېلىلا كىچىك.

بېرگمان تەكشۈرگەن قەبرىلەردىن بۇزۇۋېتىلمىگىنى A قەبرىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئورنى چوڭ قاشانىڭ شەرقىدە، جەسەت ساندۇقىنىڭ شەرقىي بېشى يەر يۈزىگە خېلىلا يېقىن، يەنە بىر بېشىنىڭ ئۈستى چوڭ قاشانىڭ توسۇۋېلىشى بىلەن بىر مېتىر قېلىنلىقتا ئاقما قۇملار يىغىلىپ قالغان. ئۇنىڭ ئىككى بېشىغا بىردىن قوزۇق قېقىپ بەلگە قىلىنغان، مېيىت ساندۇقىنىڭ قاپقىقىغا بىر نەچچە پارچە تۈكلۈك كالا تېرىسى يېپىلغان، مېيىت ساندۇقىنىڭ قاپقىقى توغرىسىغا قويۇلغان 10 نەچچە پارچە قىسقا تاختايدىن ياسالغان، تاختاينىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ساندۇقنىڭ كەڭلىكىگە قاراپ كېسىلگەن، شۇنداقلا كالا تېرىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان ھالدا بېكىتىلگەنتەكەن. كالا تېرىسى ھۆل ۋاقتىدا يېپىلغان، كالا تېرىسى ئېلىۋېتىلسە تاختايمۇ ئاجراپ كېتىدۇ. ساندۇقنىڭ ئىچى پېتىنغۇ كۆرۈنىدۇ، ساندۇقنىڭ تېگى يوق، يان تاختىيى يوغان ئىككى تاختايدىن قۇراشتۇرۇلغان. دەرەخ غولىدىن ياسالغان، دەرەخ غولىنىڭ ئىككى بېشىدىكى تەبىئىي شەكىللەنگەن ئەگرىلىك ساقلاپ قېلىنغان، پۈتۈن قۇرۇلمىغا مىخ ئىشلىتىلمىگەن. قەبرىگە ياش ئەر دەپنە قىلىنغان، جەسىتى قۇرۇپ مۇمىياغا ئايلانغان، پۇت - قوللىرىنى سۇنغان ھالدا ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە قارىتىلغان، جەسەت ساندۇقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى دەل ئاشۇ مېيىت پاتقۇدەكلا، باش ۋە پۇتىدىن باشقا پۈتۈن ئەزاسىنى يۇڭدا توقۇلغان ئاپئاق پىلاش بىلەن يۆگىۋەتكەن. پىلاشنىڭ ئۆلچىمى 155 × 210 سانتىمېتىر. تەگلىك قىسمىدا ئۆرۈلگەن يىپتا ئېشىپ چىققان پۆپۈكلۈك شوينا بىلەن بېزەك بار. بېشىغا يېقىن جايدا، پىلاشنىڭ ئوڭ يېنىغا بىر كىچىك خالتا ئېسىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي دېنى بار. ئۆلگۈچىنىڭ بېشىغا ئاق كىگىز قالپاق كىيدۈرۈلگەن، قالپىقىنىڭ ئوڭ يېنىغا پەي سانجىپ بېزەلگەن، ئۇ بەش تال پەي كىچىك ياغاچنىڭ تۆۋەن قىسمىدا بولۇپ ھايۋاننىڭ سىڭىرى بىلەن توغرىسىغا بوغۇلغان ياغاچ بىلەن بىر گەۋدە قىلىۋېتىلگەن، قالپاقنىڭ قىرى قۇلاق تۈۋىگىچە چۈشكەن، بىر تال شوينا بىلەن ئېڭىكىدىن باغلانغان. مېيىتنىڭ يەنە بىر ئاخىرەتلىك بۆيۈمى — ساغرىسىدىكى كەڭلىكى ئاران 5 سانتىمېتىر كېلىدىغان بەلباغ بولۇپ، ئىشلەتكەن ماتېرىيالى پىلاشنىڭكى بىلەن ئوخشاش، ئىككى ئۇچىغا پۆپۈك چىقىرىلغان. بەلباغنىڭ ئىككى بېشىدا بىردىن قىزىل يىپ بار. پىلاش ئۈستىدىن ئارقاق يىپىنى بويلاپ ئىككى تالدىن قىسقا قىزىل يول چىقىرىلغان. مېيىتنىڭ پۇتىدىكى كەش (ئۆتۈك) كالا تېرىسىدە ناھايىتى قوپال تىكىلگەن، كالا تېرىسىنىڭ تۈكلىرى ھېلىمۇ ساقلىنىپ قالغان، ئۇنى توم شوينا بىلەن پۇتىنىڭ ئوشۇقىغىچە بوغۇپ شوينا ئىچىگە يۇمران پەي

باغلىغان. يۇقىرىدا كۆرگەن قالپاق بىلەن كەش ئەسلىدە كىيىلمىگەن. مېيىتنىڭ يەنە بىر بېزەك بۇيۇمى تاش مارجاندۇر، مارجان رەڭلىك توم يىپ ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان، يىپ قولىنىڭ بېغىشىغىچە ئىككى يۆگىلىپ ئاندىن ئوڭ قولىغا چىگىلگەن، مارجان (بۇ قەبرىستانلىقتىن 500 دەك تېپىلغان) قولىنىڭ بېغىشىنىڭ ئىچى تەرىپىدە. پىلاشنىڭ سىرتىغا، يوتىسىنىڭ يېنىغا كىچىككىنە سېۋەت قويۇلغان. سېۋەتنىڭ تېگى ھالقىسىمان، جۇپ پەللىلىك بولۇپ ئوتىنىڭ غولى، ئۆسۈملۈك تالالىرىدىن توقۇلغان. توقۇش، بوغۇش ئۇسۇلى ئاددىي، يېرىلغان ئوت غولىنىڭ سىرتىدىكى پارقىراق تەرىپىدىن پايدىلىنىپ گورىزونتال ۋە ئەگرى سىزىقچە شەكىلدىكى نۇسخىلارنى توقۇپ چىققان. سېۋەتنىڭ ئېغىزى بىر قەۋەت ئاق كىگىز بىلەن ئېتىلگەن، ئاندىن يۇڭ يىپ بىلەن بوغۇپ قويۇلغان، سېۋەتنىڭ ئېغىزىدا شويىندا توقۇلغان تۇتقۇچ بار، سېۋەت ئىچىدە ئازراق كۆيگەن ماددا بار. بىر ئالىمنىڭ باھالىشىچە، بۇ كۆيگەن ماددا سۆك بوتقىسى ئىكەن. مېيىتنىڭ ئۈچىسىدىكى پىلاشنىڭ ئىچى تەرىپىدە تۆت تال يا ئوقى بار، ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر، ھەربىر ئوقنىڭ ئۇستىدە ئىككى تالدىن پەي بولسىمۇ ئوقنىڭ ئۇچى يوق، بۇ بەلكىم سىمۋول خاراكتېرىدىكى ئوق بولۇشى مۇمكىن. مۇمىيانىڭ ئوڭ قولىغا 52 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يۇلغۇن تۇتقۇزۇلغان. مېيىتنىڭ كېكىردەك قىسمىغا موزاينىڭ قولىقىنىڭ پارچىلىرى قويۇلغان، كۆكرەك ۋە قورساق قىسىملىرىغا بۇغداي دېنى ۋە چاكاندا چېچىلغان، مېيىتنىڭ كۆكرىكى ئېچىلغان ھالەتتە، يۇقىرىقى بۇيۇملار ئېچىلغان كۆكرەككە چېچىلغان، مېيىتنىڭ بەدەن ئەزالىرى ساق. مېيىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 170 سانتىمېتىر، چىشلىرى ئانچە ئۇپرىمىغىنىغا قارىغاندا ناھايىتى ياش بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ تېرىسى قوڭۇر رەڭدە، كىرپىك ۋە قاشلىرى ئۇزۇن، قوڭۇر چېچى بىر تال قىزىل يىپ بىلەن بېشىنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ قويۇلغان. مېيىتنىڭ بېشىدا چوڭ يېرىق بار بولۇپ مۇشۇ يارا ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ چىرايىدىكى دەھشەتلىك تۇرقى ئۇنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا ناھايىتى ئازابلانغانلىقىنىڭ ئالامىتى بەلكىم. بۇ قەبرە ئاشۇ قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەرگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، بۇ قەبرە يەنە سېۋىن ھېدىن ۋە ستەيىن بايقىغان قەبرىلەرگە ئوخشايدۇ. تۆۋەندە قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان قىسمەن بۇيۇملار بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى: قالپاقلار يۇمىلاق، ئومۇمەن ساق ئەمەس، بەزىلىرىنىڭ تۆپىسى ئۇچلۇق، خام ئەشياسى قېلىن كىگىز، ئۇلاردىن يەتتىسى توق قوڭۇر، بىرى سېرىق، بىرى بويالمىغان. قالپاقتا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بېزەك — قىزىل، سېرىق يىپلار تارتىلغان. يەنە بىر خىلىدا پەقەت 2 ~ 3 تاللا يىپ تارتىلغان، بەزى قالپاقلارنىڭ چۆرىسىدە يىڭنە ئىشلىتىلگەن ئىزلار بار. قالپاقلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۆز ۋاقتىدا ئاق ئاغمىخان تېرىسىنى توغرىسىغا كەسمە ھالدا ئايلاندۇرۇپ تىكىلگەن، ئاغمىخاننىڭ بېشى قالپاقنىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويغان. ئاغمىخان تېرىسى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئوخشاشلا ئىشلىتىلگەن. قالپاقنىڭ سول يېنىغا پەي قادالغانلىقى مۇشۇ يەرلىكلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. كۆپىنچە پەي

بېزەكلىرى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ ئېھتىمال lamaduckنىڭ پېيى بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇنى قارا رەڭدە. بەلباغ ئەر ـ ئاياللارغا ئوخشاش ئىشلىتىلگەن بولۇپ بىر خىلى ناھايىتى تار، ئىككى ئۇچىدا پوپۇكى بار. يەنە بىر خىلى ئىنتايىن كەڭ، پوپۇكى تۆۋەن گىرۋىكىدە. بېرگمان، ئەرلىرى تار بەلباغ باغلىغان، ئاياللىرى كەڭ بەلباغ باغلىغان بولۇشى، مۇمكىن دەپ قارىغان ھەمدە ياشانغان بىر ئايالغىمۇ تار بەلباغ باغلانغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن. P 1.21:1 نومۇرلۇق ئىشلەنگەن يۇڭ يىپ بىلەن توقۇلغان بەلباغ ئالدىنقى بەلباغلاردىن كۆپ نەپىس، نېپىز ھەم سىلىق. ئۇنىڭ پوپۇكى ئالدىنقىسىدەك ئۆرۈلگەن يىپتىن چىقىرىلغان بولماستىن، بەلكى ئارقىسىدىن قىستۇرۇپ كىرگۈزۈلگەن ئىككى خىل رەڭلىك يىپتا توقۇلغان. بەلباغنىڭ ئىككى ئۇچى يىرتىلىپ كەتكەن. H. j يالمپرليۇڭ، بۇ يۇڭ يىپنى مىكروسكوپتا كۆزىتىپ ناھايىتى سوپەتلىك قوي يۇڭىدىن توقۇلغانلىقىدەك ئاجايىپ پاكىتنى بايقىغان. كەش ۋە ئۆتۈك كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن، پوسۇنى ناھايىتى ئىپتىدائىي، كەشنىڭ چەمدىن باشقا يېرىنىڭ ھەممىسىدە تېرىسىنىڭ يۇڭى ئىچىگە ئۆرۈپ تىكىلگەن، پۇتنىڭ بارمىقى ۋە دومبىسى كېلىدىغان جايىدا ئۇششاق پەي بېزەك ۋە قىزىل يۇڭ يىپتا بېزەلگەنلىك ئىزلىرى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

بېرگمان «قەبرىلەردىكى جەسەتلەرنىڭ ئۇچىسىدىكى ئوچۇق رەڭلىك كىيىملەر، شامالدا لەپىلدەپ تۇرىدىغان قوي يۇڭىدا توقۇلغان ئۇزۇن پوپۇكلەر ۋە قالپاقلاردىكى پەي بېزەكلەر، كىشىدە ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىرات قالدۇرىدۇ، يەنى ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى زىننەتلەش ـ بېزەشنى ئۇمىد قىلغان»① دەپ باھا يازغان. بۇ قەبرىستانلىقتىن كەسمە يۈزى يۇمىلاق، ئىككى ئۇچىدا بىر ئاز قوپال تۈچ سىم بار، باللارنىڭ تۈچ بىلەزۈكىدىن بىرى تېپىلغان. يەنە بىر قەبرىدىن تېپىلغان چىرايىدىن تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئايال مۇمىيانىڭ كىچىككىنە تاش مارجاننى تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان پەي بويۇن چەمبىرىكى بار. قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدا بىر سىلىندىرسىمان جىسىم بىلەن ئىنچىكە ياغاچ سانجىغۇچتىن ياسالغان ئىلغۇچ كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ ئىلغۇچنىڭ سىلىندىرسىمان يۈزىگە ئۈچ بۇلۇڭ نۇسخىلىق بېزەك سىزىقلىرى چېكىلگەن. بۇ ئىلغۇچ پىلاش قاتارلىق كىيىملەرنى ئىلىشتە ئىشلىتىلگەن. قەبرىستانلىقتىن يەنە تارغاق بايقالغان، ئۇلار جەسەت ساندۇقىغا سېلىنىپ دەپنە بۇيۇمى قىلىنغان. جەسەت ساندۇقلىرىغا ياغاچتىن ياسالغان ئوقيا ئوقىدىن بىر تال ياكى كۆپساندا سېلىنغان. قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدىن 60 تال ئوقيا ئوقى تېپىلغان، ئۇزۇنلۇقى 77 ~ 78 سانتىمېتىر، ھەممىسىدە ئىككى بوغۇم پەي بار، بىر بوغۇمى قۇيرۇق قىسمىدا، بىر بوغۇمى ئۇچىغىراق كېلىدىغان جايىدا، قىسقا پەيلەر قىزىل ياكى قوڭۇر يۇڭ يىپ بىلەن ئاق نو ياغاچقا مەھكەم باغلىنىۋېتىلگەن. بۇ ئوقلار سىمۋول خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەيلەرنىڭ باغلىنىشىدىن كۆرۈۋېلىش

① فولك بېرگمان (ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

مۇمكىن. بۇ قەبرىستانلىقتا سىمۋول خاراكتېرىدىكى ئوقتىن باشقا يەنە راست ئوقلارمۇ يولۇقمىدۇ. دۆڭلۈكنىڭ شەرقىي قاپتىلىدىكى كىچىككىنە بىر ئويمان يەردىن ياسىلىشى ئىنتايىن قوپال، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن بولغان تۆت دانە تاش ئوق ئۇچى تېپىلغان. لوپ كۆلى رايونىنىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان تاش ئوق بۇنىڭدىن سىپتا، سىلىق ئىشلەنگەن، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغانلىرى ئۇنىڭدىن بالدۇرقى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. بۇ قەبرىستانلىقتىن مېتالدىن ياسالغان ئۇچلۇق بۇيۇم تېپىلمىغان، بالىلارنىڭ تۈچ بىلەزۈكىدىن بىر نەچچە دانە ۋە تۈچ پارچىلىرى بايقالغان. مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىكتىن قارىغاندا، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ناھايىتى قەدىمىي بىر دەۋرگە مەنسۇپلۇقى كۆرۈلمەكتە. قەبرىلەردە كۆرۈلگەن كىچىك سېۋەتلەرگە بېرگمان مۇنداق باھا بەرگەن: «بۇنداق كىچىك سېۋەتلەرنى توقۇش ئۇچۇن خېلىلا ماھارەت كېتىدۇ، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، كىرورانلىقلار بۇ تېخنىكىنى ناھايىتى ياخشى ئىگىلىگەن، ئۇلارنىڭ شەكىل بىلەن سېلىشتۇرمىدا ئىگىلىگەن ماھارىتى ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلارنى مۇشۇ يەردىن تېپىلغان بارلىق ياغاچ قوزۇق، تۈۋرۈكلەرگە ئويۇلغان نەقىش نۇسخىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. ساپ تېخنىكا جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ كىچىك سېۋەتلەرنىڭ توقۇلۇش سەۋىيەسى شىمالىي ئامېرىكىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر توقۇغان كىچىك سېۋەتنىڭ سەۋىيەسىدىن قېلىشمايدۇ.»[1]

**قۇم دەريا بويىدىكى قەدىمكى تۇرلار** ئۆردەك قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 30 يول شەرقىدە يەنە بىر قەبرىستانلىق بارلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، بېرگمان باشلىغان ئەترەت پېتزغىرىم ئىسسىق سەۋەبىدىن ئامالسىز جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ئۆردەك ئېيتقان تۇرنى ئىزدىگەن. ئۆردەك قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 20 يول غەربىي شىمالىدا بىر مۇنار بارلىقىنى ئېيتقان، بۇ تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر ئۆردەك ئېيتقان بىر يول ئۇزۇنلۇقنىڭ 500 مېتىر بولۇشىنىڭ ناتايىنلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ تەرەپكىمۇ ماڭمىغان. ئۇلار جەنۇبقا يۈرۈپ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 18 يولدەك يىراقتىكى بارخان ئىچىدىكى تۇرنى تاپقان، بۇ تۇر سېغىز توپىدىن چىڭداپ ياسالغان، يۈزىنى بوران ئۇچۇرتۇپ كەتكەچكە كونۇس شەكلىگە كېلىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۇلى 16×19 مېتىر، ئېگىزلىكى يەتتە مېتىرچە كېلىدۇ، تۇرنىڭ ئەتراپىدا پاكار قورۇق تام بار، ئۇنىڭ بىر قىسىم يەرلىرى قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان. قورۇق تامنىڭ ئۈستىدىن قىزىل رەڭلىك چوڭ ساپال چاقتىن بىر مۇنچە تېپىلغان. تېپىلغان ساپال بۇيۇملارنىڭ تولىسى سىيدام ساپال قاچىلار بولۇپ كۆكۈچ كۈل رەڭ، كۈل رەڭ ۋە سېرىق رەڭلىك ساپال پارچىلىرىمۇ بار. ساپال قاچىلارنى پىشۇرغان ئوتنىڭ ھارارىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان، كىرورانىنىڭ ساپال قاچىلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردىن يەنە تۇرلۇك تۆمۈر پارچىلىرى ۋە ئىككى تال تۆمۈر ئوق ئۇچى بايقالغان، ئوق ئۇچى ئۈچ بۇلۇڭلۇق، بىگىز شەكلىدە. بۇ تۇر مەردەك شەھىرى

---

① فولك بېرگمان (ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 154 ـ بەت.

سىرتىدىكى بىر قاراۋۇلخانا ياكى دەريا بويىغا سېلىنغان ئۆتەڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ خارابىدىن بايقالغان بۇيۇملار ئىچىدە يوغان كوزىنىڭ قۇلىقى، لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۆكۈچ كۇل رەڭلىك ساپال قاچا قۇلىقى، مىلادىيەنىڭ بېشىغا مەنسۇپ خەت چېكىلمىگەن يارماق، تۆمۈر ئوق ئۇچى قاتارلىق نەرسىلەر بايقالغان.

**7 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق** يۇقىرىقى تۇر خارابىسىدىن شىمالغا 11 كىلومېتىردەك يۇرسە بارخان ئىچىدىكى قەبرىستانلىققا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، بۇ قەبرىستانلىق قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 5.7 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا. 6 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق بۇ قەبرىستانلىقنىڭ 1800 مېتىر شەرقىي شىمالىدا. 7 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق تۆت قەبرىدىن تۈزۈلگەن. بۇ قەبرىستانلىق 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدىلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، جەسەت ساندۇقى دەرەخ غولىنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان، ئوتتۇرىسىدىن ئېچىگە بىر ئېچىق قويۇلغان، جەسەت ساندۇقىنى ئىچ تەرىپىدىن چەمبەر شەكىللىك بىر تاختاي توسۇپ تۇرىدۇ. دەرەخ ياغىچىنىڭ ئۇچى كەڭ بۇلۇڭ شەكلىدە، بۇ يەردە ھەرىدەپ چىقىرىلغان ئىككى ئويۇق بار. جەسەت ساندۇقىنىڭ ياپقۇچى ئىككى تال ئۇزۇن تاختايدىن ياسالغان. جەسەت ساندۇقىنىڭ ئىچىگە ئۆز ۋاقتىدا نېپىز كىگىز يېپىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ، جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت شاخ - شۇمبا يېپىلغان، بۇ شاخلار ئوخشاش سۈپەتلىك ماتېرىيالدىن ئېشىلگەن ئارغامچا بىلەن بوغۇپ قويۇلغان. شاخ - شۇمبا ئىچىدىن قوينىڭ بويۇن سۆڭىكىدىن بىرى تېپىلغان. جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاستىدا تۆت پۇتى بار. ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر ياغاچ قەبرە بېشىغا قاداپ قويۇلغان، يۇقىرىقى قەبرىدىكى جەسەت گەرچە ساندۇقنىڭ سىرتىدا بولسىمۇ ناھايىتى بېجىرىم ساقلانغان. بۇ، بىر بوۋاينىڭ جەستى بولۇپ ئاق بۆرۆتى قىسقا قىلىپ ياسالغان، بومبا ساقىلى ۋە ئاق چېچى شالاڭ، يۈزى سوزۇنچاق، تۆۋەنكى ئېڭىكى تولىمۇ چىرايلىق، چىشى يوغان ھەم ئوبدان ئاسرالغان، بۇرنى قاڭشارلىق، بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىگە قىزىل تاۋار يۆگەلگەن ياغاچ تىقىپ قويۇلغان. بۇ بوۋاينىڭ تېرىسى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولۇپ پۇتىغا قىزىل كەش كىيدۈرۈلگەن. كىيىمىنىڭ ئازراق يىرتىقلا قالغان، ناھايىتى نېپىز ئەمما بويالمىغان تۈز يوللۇق يىپەك رەختتىن تىكىلگەن تونغا 5 ~ 6 سانتىمېتىر كەڭلىكتە بۆلجۈرگەن رەڭلىك جىيەك تۇتۇلغان، بۇ يىپەك رەختلەرنىڭ يىرتىق پارچىلىرىدىن قارىغاندا، بىر خىل نېپىز شايى تىپىغا مەنسۇپ بولسا كېرەك. مېيىتنىڭ بېلىگە پاختا رەختتىن تەييارلانغان بەلباغ باغلانغان. كىيىمىنىڭ ياقىسى ئۆزگىچە بولۇپ ئوخشاشمايدىغان تۆت خىل قاپارتما گۈللۈك يەتتە پارچە يىپەك رەختتىن تىكىلگەن، نەقىش نۇسخىسى دادىللىق بىلەن لايىھەلەنگەن، ئىنتايىن كۆركەم، ئوچۇق، رەڭدار.

**6 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىق** بۇ قەبرىستانلىق قۇم دەريانىڭ غەربىي ياقىسىدا، جەسەت ساندۇقى ۋە كۆمۈلۈشى 7 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى قەبرە بىلەن ئوخشىشىدۇ. A قەبرە B ۋە C قەبرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، جەسەت ساندۇقى ئېچىلىپ قالغان،

ئۇنىڭ كىيىمى ۋە ھەمدەپنە بۇيۇملىرىغا قاراپ، ئايال كىشى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنغان. مېيىتنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە ئېسىل يىپەك رەختتىن كىيىم كىيدۈرۈلگەن، كىيىمى ئىچىدە ئەڭ مۇرەككەپ ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى بىر كىشىلىك كالتە پىلاش بولۇپ ئۇنىڭ ئۈچ پارچىسى ساقلىنىپ قالغان. ئىككى پارچىسى ئالدى پېشى، بىر پارچىسى ئارقا پېشى بولۇپ قېزىۋېلىنغان چاغدا رەختلەر باش تەرىپىدىن چېتىقلىق ئىكەن. ئىككى يېنى ۋە ئالدى تەرىپى ئوخشاش ئىكەن، ئالدى پېشى بىلىكىگە بارىدۇ. ئالدى ۋە كەينى پەشلىرىدە يېشىل، قىزىل، سۆسۈن، قوڭۇر رەڭلىك رومبا نۇسخىلىق تاۋاردىن قوراپ چىققان كەڭ جىيەك بار، مۇشۇ جىيەكنىڭ تۆپىسىنى بويلاپ توم ئۆرۈش بىلەن تەكرار تۈز يوللۇق توقۇلغان يىپەك لېنتا تۇتۇلغان. پىلاشنىڭ ئالدى پەشلىرىنىڭ ئىككى يېرىدە ئۈچ بۆلۈڭ شەكىللىك پۇرۇچلار ساڭگىلىتىلغان، كىيىمنىڭ سول مۇرىسىدە پىلاشنى مۇقىملاشتۇرىدىغان بىر يىپەك لېنتا بار. پىلاشنىڭ ئىككى يېنىدىكى توق بىنەپشە رەڭ كەڭ جىيەكنىڭ بىلەككە يېقىن كېلىدىغان جايى ئۈچلۈق شەكىلدە كۆرۈنىدۇ. پىلاش ئىچىدە بويالمىغان تاۋاردىن تىكىلگەن باغىرداق پوسۇندىكى بىر كۆڭلەك بار، يېڭى ناھايىتى ئۇزۇن، ئىككى قولىنى يېپىپ تۇرىدۇ. يەڭنىڭ تۆۋەن قىسمى قىزىل رەڭلىك نېپىز كىمخاب بىلەن بېزەلگەن تۈز يوللۇق توقۇلما بولۇپ قىيپاش يولىدىن گۈل چىقىرىلغان، نەقىش نۇسخىسىدا بىر نەچچە قۇر Z نۇسخا بىلەن قىرلىق نۇسخىلار بار، قىرلىق نۇسخىلار ئارىلىقىدا رومبا شەكلى بىلەن زور دەرىجىدە گېئومېترىيەلەشتۈرگەن ئادەم ئوبرازى بار. ئىچ كىيىمگە باغىرداقنىڭ ئالدىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ قىزىل تاۋاردىن جىيەك تۇتۇلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە تۆت سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى يىپەك لېنتا بار، ئۆرۈشىدىن تەكرار تۈز يوللۇق توقۇلغان. ئۇزۇنلۇق يۆنىلىشىنى بويلاپ رەڭگىنىڭ ئاچ ـ توقلۇقى ئوخشاشمايدىغان ئۈچ قۇرغا بۆلۈنگەن ئاچ سېرىق تۈز يوللۇق لېنتا بار. ھەربىر تۈز يوللۇق لېنتىدا تىك تۆت بۇلۇڭلۇق چاقماق شەكلى چىقىرىلغان. چاقماق ئىچىدە بىر شىرنىڭ سىيماسى بار، شىر نۇسخىسى ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ئۆزئارا رەڭ ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، لېنتىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى تۈز يوللۇق لېنتا ئەڭ سۈزۈك.

مېيىتنىڭ ئوڭ بىلەك قىسمىدا شالاڭ تۇقۇلغان يىپەك رەختتىن ئىشلەنگەن لېنتا بىلەن ئورىۋېتىلگەن تۆمۈر قايچا بار. مېيىتنىڭ بەلدىن تۆۋەن قىسمىغا يىپەك رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىرچە كېلىدىغان يوپكا كىيدۈرۈلگەن، يوپكىنىڭ ئېتىكى كۆلۈچ رەختتىن تىكىلگەن. جەسەت دەپنە قىلىنىشتىن ئىلگىرى يوپكىسىنى كېسىپ پارچىلىۋەتكەن، يوپكىنىڭ ئېتىكىدە 12 ~ 14 سانتىمېتىر كەڭلىكتە يېشىل، قىزىل، قوڭۇر ۋە بىنەپشە رەڭلەردىكى تاۋار لېنتىسىدىن قوراق قىلىپ تىكىلگەن جىيەك بار. جىيەكنىڭ تۆپى تەرىپىدە چىرايلىق قاتلاق پۇرمىلەر بار، بۇ پۇرمىلەرگە قوراق قىلىپ جىيەك تۇتۇلغان. يوپكا ئىچىگە بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىشتان كىيدۈرۈلگەن، ناھايىتى كەڭ بولۇپ ئوشۇقىغىچە پۇرۇپ تىكىلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە بويالمىغان تۈز

يوللۇق يىپەك رەختتىن تىكىلگەن ئىچ كىيىمنىڭ ئىككى يېڭى بايقالغان، باشقا بۆلەكلىرى پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەن. بېرگمان بۇ كىيىملەرگە باھا بېرىپ، «بۇ كىيىملەر تاكى بۈگۈنگىچە پەقەت شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جۇڭگو بويىچە بايقالغان بىردىنبىر كىروران دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل كىيىمى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ۋە پىچىلىشى بىردىنبىر ئىكەنلىكىگە ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق»[1] دەپ يازغان. مېيىتنىڭ بېلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كىچىككىنە يۇمىلاق خالتا ئېسىلغان، بۇ خالتا بويالمىغان تاۋاردىن تەييارلانغان، لېنتا چىگىش رولىنى ئەمەس بېزەك رولىنى ئوينىغان. بەل قىسمىنىڭ قېشىدا بىر دانە داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر كۆرگۈ بولۇپ ئۈستىگە قىزىل تاۋار يېپىلغان. ئۇ تاۋارغا چاقماق نۇسخىلىق ئاچ سېرىق يىپەك لېنتا بىلەن جىيەك تۇتۇلغان، يىپەك لېنتىدا بۇرۇن بىر قۇر ئۇششاق چېكىت شەكلىدىكى ئالتۇن قەغەز بولغان. كالتە پىلاشنىڭ ئۈستىدىكى بېزەك بولۇشى مۇمكىن بولغان قاپارتما نەقىشى بار كىچىككىنە تۈچ پارچىسىمۇ بار. بۇ قەبرىدىن يەنە يىپ ئېگىرىدىغان ئۇرچۇق ۋە ئۇنىڭ چوكىسى تېپىلغان، چوكىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدە بىر تۆشۈك بار. مېيىتنىڭ بوينىدا ئادەتتىكىنى بىر مارجان بولۇپ پاختا يىپ بىلەن بىر نەچچە تال ئاق تاش مارجان ياكى سەدەپلەرنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ياسالغان. مارجاننىڭ ئالدىدىكىسى ئازراق ئالتۇن رەڭگى بار ئەينەك مارجان. پىلاشنىڭ كەينى تەرىپىدە بىرقانچە كىشىلىك باللار كىيىمى بار، ئۇنىڭ بىرى چاپان، ئىككىسى كالتە كۆڭلەك، بىر دانە كالتە ئىشتان، لېكىن كىچىك بالىنىڭ ئۈستىخىنى تېپىلمىغان. بۇ قەبرىستانلىقتا كەم دېگەندىمۇ تۆت قەبرە بار.

**4 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق** قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىنىڭ غەربىدىن سەككىز كىلومېتىر كېلىدۇ، 6 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىنىڭ غەربىدىن يەتتە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە. بۇ قەبرىستانلىق ۋەيران قىلىۋېتىلگەن، يەر يۈزىدە 4 ~ 6 جەسەت ساندۇقى چېچىلىپ ياتىدۇ. بۇ قەبرىستانلىقتىن بىر بوغۇم ناھايىتى تومۇ قوڭۇر رەڭلىك ئادەم چېچى؛ سىلىق ۋە زىچ توقۇلغان قىزىل رەڭلىك تۈز يوللۇق يۇڭ توقۇلمىنىڭ بىر نەچچە پارچىسى؛ رەڭگى سېرىق كاللەك قىلىپ ئوراپ قويۇلغان تاۋار پارچىسى؛ قوڭۇر رەڭگە ئايلىنىپ كەتكەن ئاق پاختا رەختنىڭ پارچىسى؛ قىزغۇچ رەڭگە ئايلىنىپ كەتكەن سېرىق رەڭلىك تاۋار پارچىسى قاتارلىقلار تېپىلغان.

بېرگمان يۇقىرىقى كىچىك قەبرىستانلىقلار توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ مۇنداق دەپ يازغان: «قۇم دەريا ياقىسىدىكى بۇ كىچىك قەبرىستانلىقلار (داۋاملىق ھالدا ئىزدىسە، مۇشۇنداق قەبرىلەردىن تېخىمۇ كۆپ بايقىلىشى چوقۇم)نىڭ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا ئوخشاشمايدىغانلىقى ئېنىق. قەبرىستانلىقتا بىر نەچچە خىل ئوخشاشمايدىغان جەسەت ساندۇقلىرى بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدىكىگە ئوخشىمايدۇ.

---

① فولك بېرگمان (ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 223 ـ بەت.

بۇ رايوندا كۆرۈنەرلىك ياغاچ خاتىرە بۇيۇمى كۆرۈلمەيدۇ، قىزىتۇپلىنىغان بۇيۇملار مەيلى كېپەنلىك بۇيۇملىرى بولسۇن، بىردەكلا قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.»[1] بېرگمان بۇ قەبرىستانلىقتىكى تېپىندىلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ قەبرىستانلىقنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرگىچە، دەپ ھۆكۈم قىلغان.

**10 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق** كۆنچى دەرياسى قۇرۇق ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا، ياردائىڭ بۇلاقنىڭ 20 كىلومېتىر غەربىدە، يارلىق كۆل دېيىلىدىغان بىر كۆلگە يېقىن يەردە. ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تېرەك ياغىچىدىن ياسالغان ئىپتىدائىي جەسەت ساندۇقىنىڭ ئىچىگە قېلىن كىگىز سېلىنغان، ئەھۋالغا قاراپ ئارخېئولوگلار كىگىزنىڭ جەسەت كېپەنلەشكە ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى بايقىغان، ياشانغان ئەرنىڭ بويى 1.48 مېتىر، قۇلىقىنىڭ كەينىدە بىر تۇتام كۆل رەڭ چېچى كاللەك بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۇچىسىغا يىپەك رەختتىن تون كىيدۈرۈلگەن، بويالمىغان بۇ يىپەك رەخت ساغۇچ قوڭۇر رەڭدە كۆرۈنىدۇ، رەختى سىيدام قىيپاش يوللۇق نۇسخىدا توقۇلغان، ئىچىگە تۈز يوللۇق پاختا رەختتىن ئەستەر تىكىلگەن. ئوڭ پېشى سول پېشىنى باسقان، ئوڭ يېڭىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە مەشۇت لېنتا باغلانغان. يەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى قولىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئېشىپ كەتكەن. كىيىمنىڭ سول يېنىدىن چەك ئېچىلغان، چەك تۆۋەنكى بەل قىسمىغىچە يېتىدۇ، تونىنىڭ ئىچىدە كالتە كۆڭلەك يوق. شىمى يۇڭ ئىچىگە قىلىنغان قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن، ئىشتانباغ ئۆتكۈزۈلگەن شىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تىزىدىن ئاشىدۇ. مېيىتنىڭ پۇتىدا ئىككى پۇتىنىڭ شەكلىگە ماسلاشقان ئېگىز قونچلۇق پاشنىسىز، تۇمشۇقى ئۇچلۇق ئۆتۈك ۋە كىگىز پايپاق بار، ئۆتۈكنىڭ قونچىنىڭ ئالدى ئۇزۇن، كەينى قىسقا، بىر تال تاسما بىلەن تىزىغا چېتىپ قويۇلغان. ئۆتۈك قونچىنىڭ ئىككى چېتىدە باشتىن بويىغا تىك چەك چىقىرىپ تىكىلگەن (بۇ خىل ئۆتۈك بېزەكلىك مىڭئۆيدىكى تام رەسىملىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ). ئۆلگۈچىنىڭ سول تىزىغا يېقىن يەردىن بىر پارچە ئۇچ بۇلۇڭ شەكىللىك قوڭۇر كىگىز چىگىلگەن، كىگىز پارچىسىنىڭ بىر تەرىپىگە قويىنىڭ قولىنىڭ سۆڭىكى تېڭىلغان. مېيىتنىڭ ئوڭ بىلىكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، كىيىمنىڭ سىرتىدا كىگىزدىن ياسالغان قورچاق بار، قورچاق ئىنچىكە يىپ بىلەن جەسەتنىڭ بىلىكىگە باغلانغان. قورچاق بېشىنىڭ ئالدى تەرىپى سۇر رەڭ پاختا رەخت بىلەن تىكىلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە تەقلىد قىلغان، ئۆز ۋاقتىدا بەلكىم ئۇنىڭ يۈزىگە بەش ئەزاسىنىمۇ سىزغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ قورچاق ــ ئايال كىشىنىڭ ئوبرازى بولۇپ ئۆلگۈچىنىڭ ئايال ھەمراھى قىلىنغان. بېرگمان تېپىلغان يىپەك رەخت قاتارلىقلارغا ئاساسەن، بۇ قەبرىنى كىروران دەۋرىدىن كېيىن ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇن، يەنى 10 ـ ئەسىردىن بۇرۇن، دەپ يەكۈن چىقارغان.

---

[1] فولك بېرگمان (ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 243 ـ بەت.

**ياپچانلىق كۆل ئەتراپىدىكى قەبرىلەر** 10 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ 10 كىلومېتىر غەربىدە، ياپچانلىق كۆل بىلەن قۇم دەرياسى ئوتتۇرىسىدا، دەريانىڭ قىشىدىن نەچچە كىلومېتىر نېرىدا بىر يارداڭلىقنىڭ تۆپىسىدە، تىك تۆت بۇلۇڭلۇق 3.2×6.1 مېتىر كۆلەمدىكى قۇرۇلمىنىڭ قالدۇقلىرى بار بولۇپ تۆت تېمىنى شەكىللەندۇرەلىگۇدەك گورىزونتال چەمبەر تۈۋرۈكلەر تۆت پىرىزما ئارىلىقىغا دۆۋىلەنگەن. ئىككى تۈۋرۈك تىكلەنگەن، ھەربىر تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە بىردىن بۆكەنىنىڭ بېشى قويۇلغان، مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغان، تۈۋرۈكلەر ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ كەتكەنلىكى قەبرىنىڭ دەۋرىنىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بېرگمان قاتارلىقلار قەبرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ بۇ قەبرىنى قازمىغان. ئۇلار دەرياني بويلاپ ئۇزۇن ماڭماي يۇقىرىقى قەبرە بىلەن ئارىلىقى 8 ~ 9 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە چىن زۇڭچى بايقىغان بىر قەبرىنى كۆرگەن، بۇ قەبرىستانلىق بىر تۈزلەڭدە بولۇپ جەسەت ساندۇقىنىڭ كۆپ قىسمى ئېچىلىپ قالغان، ئەتراپىغا چەمبەر شەكلىدە ياغاچ تىكلەنگەن. ئارخېئولوگ 10 - نومۇرلۇق قەبرە بىلەن بۇ قەبرىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ كىروران دەۋرىدىن كېيىنرەك ئىكەنلىكىنى جۇملىدىن مىلادىيە 600 ~ 1000 يىللارغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۇرگەن.

**قۇم دەريا شەھىرى** قۇم دەريا قەبرىستانلىقى 1934 - يىلى قېزىلغاندىن كېيىن ئىلىم ساھەسىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان ئىش، مۇشۇ قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغانلارنىڭ تۇرالغۇلىرىنىڭ تېپىلماسلىقى ئىدى. چۈنكى بۇ قەبرىستانلىق بىلەن كىروران شەھىرىنىڭ ئارىسى تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ 102 كىلومېتىر كېلەتتى. شەھىرى مەردەك بىلەن ئارىلىقىمۇ نەچچە ئون كىلومېتىر كېلەتتى. مۇشۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ يىراق كىروران ياكى شەھىرى مەردەكتىن مېيىتنى ئېلىپ كېلىپ بۇ يەرگە دەپنە قىلىش ئىمكانىيەتلىرى يوق ئىدى. ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ياشىغان يەرلىرى قەيەردە؟ گەرچە بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن بولسىمۇ، پاكىت بولمىسا تەسەۋۋۇر پەقەت خىيالدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالاتتى. قۇم دەريا بويىدىكىلەر ئولتۇراقلاشقان جايلار پەقەت سۇنئىي ھەمراھ يىراقتىن سىزىش تېخنىكىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا تېپىلدى. ئارخېئولوگلار سۇنئىي ھەمراھ خەرىتىسىدىن قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى مەركەز قىلىپ، رادىئۇسى 20 ~ 30 كىلومېتىر دائىرىدىن بىر نەچچە ئىزنا بايقىغان. 2008 - يىلى 12 - ئايدا (ئارخېئولوگلار 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كورلىدىن يولغا چىققان، بۇلار 20 نەچچە تۈرلۈك كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك 92 نەپەر مۇتەخەسسىس ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر نەپەر ئاكادېمىك، 14 نەپەر تەتقىقاتچى ۋە پروفېسسور بار، بۇلارنىڭ ئۈچتىن بىرى دېگۇدەك 70 ياشلار ئەتراپىدىكى پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر ئىدى) 24 كۈنگە سوزۇلغان ئېكسپېدىتسىيە، تەكشۈرۈش داۋامىدا بەزى ئىزلارنى بايقىغان. مۇشۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش داۋامىدا قۇم

دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 6.3 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىن، بىر قەدىمكى دەريا ئېقىنى بويىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى بۆلىكىنىڭ غەربىي قىرغىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىدا بىر تارىخىي ئىزنى بايقىغان، بۇ ئىزنىڭ ساقلىنىپ قالغان شەكلى Lغا ئوخشايدۇ. سۇئىي ھەمراھ سۈرىتىدىن قارىغاندا، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 180 مېتىر ئەتراپىدا، تېمىنىڭ قېلىنلىقى 6 ~ 10 مېتىرغىچە. بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ جەنۇبىي سېپىلىنىڭ غەربىي ئۇچىدا كۆيۈك قىزغۇچ توپا بار، شەھەر ئىچىدە جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئەتراپىدىن دۆۋىلەپ قويۇلغان تاش ياكى تاش قوراللار، سېپىلنىڭ سىرتىدىن ساپال پارچىلىرى ھەم ھايۋانات ئۇستىخانلىرى بايقالغان. شەھەرنىڭ جەنۇبىي سېپىلى يۇلغۇن ۋە لاي بىلەن قوپۇرۇلغان. بۇ ئىلمىي تەكشۈرگۈچىلەر شەھەر سېپىلىنى ئىزدەش داۋامىدا يەر يۈزىدىن ساپال پارچىلىرى، ھايۋان ئۇستىخىنى ۋە ئۇجۇ يارمىقى قاتارلىقلارنى بايقىغان. ئۇلار سېپىلنى تاپقاندا، شەھەر سېپىلىنىڭ پەقەت شەرق ۋە جەنۇب سېپىلىلا قالغان ئىدى، ئالىملار سېپىلنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقىنىڭ 220 مېتىر، ئۇستىنىڭ كەڭلىكىنىڭ ئالتە مېتىر، ئۇلىنىڭ 8 ~ 10 مېتىر ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىققان. شەھەر سېپىلى ئىچىدىن كۆيدۈرۈلگەن قىزىل توپا، ئوتۇن كۆمۈرى، ساپال پارچىلىرى، يىپ ئېگىرىدىغان چاق قاتارلىقلار بايقالغان. قەلئەنىڭ ئىچىنىڭ كۆپ قىسمىنى، غەربىي قىسمىنى قۇم بېسىپ كەتكەنلىكتىن قەلئەنىڭ چاسا ياكى كىۋادرات شەكلىدە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا ئىمكان بولمىغان. قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا 6.3 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ مىلادىيەنىڭ ھارپىسىدىن 5 ـ ئەسىرلەرگىچە ئىشلىتىلگەنلىكى بېكىتىلگەن. قىسمەن تېپىلمىلارنىڭ كاربون 14 تەجرىبىسى ئارقىلىق بېكىتىلگەن يىل دەۋرى 440 ~ 500 ـ يىللار ئارىسىدا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ①. بۇ شەھەر سېپىلىدىن تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 477 ـ يىلى ئەتراپىغا توغرا كەلگەن بولۇپ كىروران قەلئەسى ۋە LE خارابىلىرىدىن كېيىن تۇرىدۇ. خارابىنىڭ كونكرېت ئورنى شەرقىي مېرىدىيان ″88°36′58.3قا، شىمالىي پاراللېل ″40°22′23قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 810 مېتىر، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ 29 كىلومېتىر غەربىدە دۆلەت 218 ـ تاشيولى، 34 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا ئارغان بار. يېڭىسۇ مەھەللىسىنىڭ 75 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى قۇملۇق ئىچىدە بولۇپ ئەتراپىدىكى 20 كىۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە 30دەك ئورۇندا قەبرىستانلىق، خارابە ئىزى ۋە چارۋىچىلارنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى تۇرالغۇلىرى بار.

**قۇم دەريا بويىدىكى باشقا تارىخىي ئىزلار** 2002 ـ يىلىدىن 2007 ـ يىلىغىچە ئىلمىي ئارخېئولوگلىرى قۇم دەريا بويىدىكى رايوندا يەنە شەرقىي مېرىدىيان 88 گرادۇس 25 مىنۇتتىن 45 مىنۇتقىچە، شىمالىي پاراللېل 40 گرادۇس 10 مىنۇتتىن

① خۇ ۋېنكاڭ: «لوپ كۆلى ـــ ئېچىلىۋاتقان سىر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ۋە جۇغراپىيەسى» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سانى، 37 ـ بەت.

25 مىنۇتقىچە بولغان دائىرىدىن 19 ئورۇندا تارىخىي ئىزنا، يەتتە ئورۇندا مازارلىق، بەش ئورۇندا خارابە بايقىغان. بۇ تارىخىي ئىزنالارنىڭ بۇرۇنقىلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە، كېيىنكىلىرى مىلادىيەنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ، جۈملىدىن كىروران شەھىرى بىلەن دەۋرداش كېلىدۇ. بالدۇرقىلىرى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ، ئاندا - ساندا تۇچ بۇيۇملارمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ ئىزنالارنىڭ بالدۇرقىلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللار ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

XHM Ⅰ بۇ قەبرىستانلىق قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 3.5 كىلومېتىر غەربىدە شىمالغا قىيپاشراق كېلىدىغان يەردىن بايقالغان، قۇم دەريا ئېقىنىنىڭ شەرقىي يېقىدا، شەرقىي مېرىدىيان ″88°37′50.16، شىمالىي پاراللېل ″40°20′12.9 قا جايلاشقان، بۇ يەردىن 2002 - يىلى ئىككى قەبرە، 2003 - يىلى ئۈچ قەبرە بايقالغان. يۇلغۇنلۇق قۇم بارخاننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قەبرىنىڭ بىر يەردە يېتىلگەن ئەر تۈز ياتقۇزۇلغان، بېشى شەرقىي شىمالغا قارىتىلىپ ئۆلاققا دەپنە قىلىنغان. بۇ قەبرىدىن ئازراق هايۋان تېرىسىدىن باشقا دەپنىلىك تېپىلمىغان، قەبرە ئەتراپىدا توم ئۈچى ئۇستىگە قىلىنغان، چىپىلغانلىق ئىزناسى بار تۆت دانە ئىككى مېتىرلىق توغراق ياغىچى تىكلەنگەن. باشقا ئىككى قەبرىدىكى مېيىت يەر ئۈستىگە چىقىپ قالغان، ھەمدەپنىلىك تېپىلمىغان.

XHM Ⅱ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ غەربىدە، شىمالغا قىيپاش 4.4 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىن بايقالغان. ئورنى شەرقىي مېرىدىيان ″88°37′26.76، شىمالىي پاراللېل ″40°21′0.198 قا جايلاشقان، قۇم دەريانىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ يۇقىرىقى قەبرىستانلىق بىلەن ئارىلىقى بىر كىلومېتىر. يارداڭلىققا جايلاشقان بۇ قەبرىستاندىن مىستىن ياسالغان هالقا (تۆت دانە)، قوڭغۇراق (ئىككى دانە)، مىخ (ئىككى دانە)، كۆرگۈ (ئىككى دانە)، مارجان (ئۈچ دانە)، توقۇلما پارچىسى، مىس بۇيۇم پارچىسى (ئىككى دانە) قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلغان[①].

XHM Ⅲ بۇ بىر تۈزلەڭلىكتە بولۇپ، مېيىت تۈز ياتقۇزۇلۇپ بېشى شىمالغا قارىتىپ سەل شەرققە قىيپاش قويۇلغان. مېيىتنىڭ ئۈستىخانلىرىدىن بىلىنىشىچە، بىرى ئەر، بىرى ئايال، هېچقانداق هەمدەپنە بۇيۇمى كۆرۈلمىگەن. ئۇزۇنلۇقى 2.05 مېتىر كېلىدىغان بىر ئۆلاق تېپىلغان، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى جەسەت ساندۇقى بولسا كېرەك. يۇقىرىقىنىڭ شىمالىدىن ئۈچ قەبرە بايقالغان، شامالنىڭ تەسىرىدە ۋەيران بولۇپ كەتكەن، ئۆلگۈچىنىڭ بېشى ۋە هايۋاننىڭ چىشى تېپىلغان. مۇشۇ قەبرىلەر ئەتراپىدىن ساپال چاق، بەلباغنىڭ مىس ئىلمىكى، تۆمۈر پارچىسى قاتارلىقلار بىردىن تېپىلغان.

XHM Ⅳ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ غەربىدە، شىمالغا قىيپاش 7.3 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە، 3 - قەبرە بىلەن ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىر ئەتراپىدا. ئورنى شەرقىي

① «شىنجاڭ تۈنجى نۆۋەتلىك لوپنورلۇقلار ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى، ماقالىلەر توپلىمى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)، 2012 - يىلى 10 - ئاي، خەنزۇچە باسمىسىغا كىرگۈزۈلگەن «لوپ كۆلى رايونىدىكى قۇم دەريا بويلىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش» ناملىق ماقالىدىن پايدىلىنىلدى.

مېرىديان ″24.59´35°88، شىمالىي پاراللېل ″24.54´21°40 قا جايلاشقان، جايلاشقان ئورنى ۋە قەبرىلەردىن قارىغاندا بىرگەمان تەكشۈرگەن 4 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق بولۇشى مۇمكىن.

HMX V قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 4.4 كىلومېتىر غەربىنىڭ سەل شىمالىدا. ئورنى شەرقىي مېرىديان ″24.59´35°88، شىمالىي پاراللېل ″24.54´21°40 قا جايلاشقان، 1 ـ نومۇرلۇق يۇقىرىقى قەبرىستانلىق بىلەن ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس.

XHM VI قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ ئالتە كىلومېتىر غەربىنىڭ سەل شىمالىدا، شەرقىي مېرىديان ″8.94´37°88، شىمالىي پاراللېل ″5.88´18°40 قا جايلاشقان، بۇ قەبرىستاننى بىرگمان 6 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق دەپ ئاتىغان.

XHM VII قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 7.5 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا، شەرقىي مېرىديان ″27.43´36°88، شىمالىي پاراللېل ″17.29´17°40 قا جايلاشقان. 6 ـ نومۇرلۇق قەبرىستان بىلەن ئارىلىقى 1.7 كىلومېتىر، بىرگمان 7 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق دەپ ئاتىغان.

XHY1 بۇ خارابىلىك قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ جەنۇبىدىن سەل غەربكىرەك، تۆت كىلومېتىردەك كېلىدىغان يەردە بولۇپ 6 ـ ۋە 7 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق بىلەن ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىردەك كېلىدۇ. شەرقىي مېرىديان ″10.10´39°88، شىمالىي پاراللېل ″38.32´17°40 قا جايلاشقان، بۇ خارابىلىكنىڭ 100 مېتىردەك غەربىدە يېقىنقى زامان مالچىلىرىنىڭ ساتمىسى، ساتما ئىچىدە تور بايقالغان. بۇ جايدا ئۇچرىغان بۇيۇملار ساپال، مىس، تۆمۈر ۋە تاشتىن ياسالغان، مۇشۇ ئىزنادىن ئانچە يىراق بولمىغان قۇم دۆۋىسى ئارىسىدىن ئىككى يەردە ساپال دۆۋىسى بايقالغان، ساپال بۇيۇملار كوزا بولۇشى مۇمكىن. بىر قەدەر جۇغلانغان ھالدا بايقالغان تېپىلمىلاردىن قارىغاندا، خارابىلىكنىڭ دائىرىسى ئىككى كىلومېتىرغا سوزۇلغان.

HYX2 بۇ خارابە قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ غەربىدىن شىمالغا قىيپاش 11 كىلومېتىردەك كېلىدىغان يەردە، شەرقىي جەنۇبىدىكى 4 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي مېرىديان ″38.16´33°88، شىمالىي پاراللېل ″57.29´22°40 قا جايلاشقان، خارابىلىكنىڭ دائىرىسى ئىككى كىلومېتىرغا سوزۇلغان. خارابىلىك ۋە ئەتراپلىرىدىن جوغلىق ساپال پارچىلىرى، تۆمۈر، مىس، تاش بۇيۇملار تېپىلغان.

XHY3 قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ سەككىز كىلومېتىردەك غەربىنىڭ سەل جەنۇبىدا، 5 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق بىلەن ئارىسى تۆت كىلومېتىر، شەرقىي مېرىديان ″33.72´34°88، شىمالىي پاراللېل ″0.425´19°40 قا جايلاشقان، خارابىلىكنىڭ دائىرىسى 1.5 كىلومېتىرغا سوزۇلغان. خارابىلىكتىن ساپال، تۆمۈر، مىس، تاش بۇيۇملار تېپىلغان.

XHY 4 قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ غەربىدىن سەل شىمالغا يەتتە كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە، قۇم دەريا قەبرىستان بىلەن ئارىسى 500 مېتىردىن ئارتۇقراق، شەرقىي مېرىدىيان ″27.8′35°88، شىمالىي پاراللېل ″31.5′21°40 قا جايلاشقان.

XHY 5 بۇ خارابە قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ تۆت كىلومېتىر غەربىدە، 1 ـ ۋە 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق بىلەن يېقىن، شەرقىي مېرىدىيان ″14.31′37°88، شىمالىي پاراللېل ″48.85′20°40 قا جايلاشقان.

يۇقىرىقى قەبرىستانلىقلار ۋە خارابىلىكلەردىن باشقا يەنە قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 20 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىن، 1.6 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىن، 3.5 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىن، 2.6 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىن ۋە 4.5 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىن بەزى بۇيۇملار بايقالغان. ئارخېئولوگىيەلىك باياناردىن قارىغاندا، يۇقىرىدا كۆرگەن يەتتە جايدىكى قەبرىستانلىق مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە تەئەللۇق. يۇقىرىدا كۆرگەن خارابىلىك ۋە باشقا بۇيۇملار تېپىلغان جايلاردىكى بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمى بۇرۇن ۋە كېيىن دەپ ئىككى دەۋرگە بۆلۈنىدۇ ، بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپلىرى يېزىق تارىخىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە، كېيىنكىلىرى بولسا مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ.

## 9. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى تارىخىي ئىزلار (2)

**كۆنچى دەرياسى بويى قەبرىستانلىقى** 1979 ـ، 1980 ـ يىلى كىروران ئارخېئولوگىيەسىگە ئىشتىراك قىلغان، بەزى قەبرىستانلىقلارنى باش بولۇپ قازغان مەرھۇم ئارخېئولوگ تۇرسۇن ئەيسا 1979 ـ يىلى بىر قەبرە، 1980 ـ يىلى سەككىز قەبرە قازغان. ئۇنىڭ بۇ توغرىدىكى بايانلىرى كىروران توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ بۇ ئىككى قەبرىستانلىقنى A قەبرىستانلىق ۋە B قەبرىستانلىق دەپ ئاتىغان ھەمدە 79LQM1 ۋە M7 — LBMLAM1 دېگەن شەرتلىك بەلگىدە پەرقلەندۇرگەن. بۇ ئىككى قەبرىستان ئېگىزلىككە جايلاشقان، A ئېگىزلىك كىروران قەلئەسىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئۇزۇنلۇقى 43 مېتىر، كەڭلىكى 24 مېتىر، ئادەتتىكى يەر يۈزىدىن 5 ~ 6 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ. B ئېگىزلىك كىروران قەلئەسىدىن يەتتە كىلومېتىر يىراقتا بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 4.43 مېتىر، كەڭلىكى 7.15 مېتىر، ئادەتتىكى يەر يۈزىدىن 5.8 مېتىر ئېگىز. A ئېگىزلىكتە بىر قەبرە، B ئېگىزلىكتە يەتتە قەبرە بار.

A قەبرىستانلىقتىكى قەبرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان قەبرىگە كىرىش يولى بولۇپ، قەبرە جەنۇبتىن شىمالغا 240 سانتىمېتىر، شەرق ـ غەرب

ئارىلىقى 180 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 74 سانتىمېتىر، قەبرە سىرىق توپا ۋە قۇم بىلەن كۆمۈلگەن، پاخال تاشلانغان ۋە تۆپىسى تاش بىلەن باستۇرۇپ قويۇلغان.

B قەبرىستانلىقتىكى 80LBM1 قەبرىسىنى مىسال قىلساق، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇن، جەنۇبتىن شىمالغا تارراق، كۆلىمى 239×143 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 174 ~ 188 سانتىمېتىرغىچە، قەبرە يولى غەربكە قارىغان بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر.

قەبرىدىكى جەسەتلەرنىڭ تېگىدە ياغاچ جاھاز بولۇپ جەسەت پاخال ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان، پاخالنىڭ قېلىنلىقى ئالتە سانتىمېتىر، قەبرە ئېغىزىدا دىيامېتىرى 10 ~ 14 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچتىن 27سى بار، بۇ ياغاچلار توغراق، جىگدە، قارىياغاچ ياغاچلىرىدۇر، پاخال بىلەن ئېچىگە توپا كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

بۇ قەبرىستانلىقتىن ياغاچ ئەسۋاب، پاختا رەخت، كىگىز، گىلەم، ئوقيا، كىمخاب، شايى، مەشۇت، مىس كۆرگۈ، سىرلانغان تاۋاق، ۋۇجۇ يارمىقى قاتارلىقلار تېپىلغان، كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىچىدە ياغاچ ئەسۋابلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان جۈملىدىن ياغاچ تاۋاق، چۆچەك، جام، قوشۇق، كۆكە قاتارلىقلار بار. A قەبرىستانلىقتىن ساپال بۇيۇملار چىقمىغان بولسىمۇ، B قەبرىستانلىقتىن ساپال بۇيۇملار چىققان. دەپىنىلىك كىيىملەرگە كۆپىنچە شايى، كىمخاب قاتارلىق رەختلەر ئىشلىتىلگەن. مەرھۇم تۇرسۇن ئەيسا مۇنداق دەيدۇ: «پەتنۇس ياغاچ ئەسۋابلار ئىچىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنداق يادىكارلىقلار خېلى كۆپ تېپىلدى. بۇلار ئاساسەن بىر پارچە توغراق ياغىچىدىن يونۇپ ياسالغان. ئۇنى مېتال ئەسۋاب بىلەن يونۇغان ياكى قىرغان. پەتنۇسنىڭ شەكلى ئۈچ خىل — بەزىلىرى سوقىچاق، بەزىلىرى يۇمىلاق، بەزىلىرى تۆت چاسا. بۇنداق شەكىللەردە بولۇشى، ئەسلىي ئىشلەتكەن ياغاچنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. پەتنۇسلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تۆت پۇتى بار، بەزىلىرىنىڭ پۇتى يوق، بەزىلىرىنىڭ پۇتى تۆشۈك تېشىپ ئورنىتىلغان، بەزىلىرىنىڭ پۇتى ئويۇپ چىقىرىلغان. بىر پەتنۇسنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۆمۈر ھالقىدىن تۇتقۇچ بېكىتىلگەن. بەزى پەتنۇسلارنىڭ گىرۋىكى چىقىرىلغان، بەزىلىرىنىڭ يوق. دىيامېتىرى ياكى ئۇزۇنلۇقى 30 ~ 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇلار يېمەكلىك قويۇپ كۆمۈلگەن قاچىلاردۇر. كىروران قەلئەسىنىڭ يېنىدىكى B ئېگىزلىكتىن تېپىلغان ياغاچ پەتنۇسلاردا قوينىڭ باش سۆڭىكى ۋە باشقا سۆڭەكلەر بار ئىدى. A قەبرىستاندىكى قەبرىلەردىنمۇ قوي سۆڭەكلىرى چىقتى. بۇ خىل پەتنۇسلارنىڭ مەخسۇس گۆشلۈك تائاملارنى ئالىدىغان قاچىلار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ياغاچ خۇمرا: بىر قۇلاقلىق، ئاغزى كىچىك، قورسىقى يوغان، تېگى تۈز، سىلىق قىرىلغان، شەكلى كۆركەم. ئۆرە ياغاچ چۆچەك: ئاغزى يوغان، قورساقلىق، تېگىدە دۈگىلەك تۈۋلۈكى بار، ئۈستى تەرىپى نېپىزرەك، تۆۋەنگە چۈشكەنچە قېلىن. ياغاچ ئاياق: ئاغزى يوغان، ئىچى تېيىز، كەمتۈك. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلگەن قاچا ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ»[①].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تارغاق، يىپ ئېگىرىدىغان چاق قاتارلىقلارمۇ بار. قەبرىستانلىقتىن يەنە يۇڭ ۋە پاختا توقۇلمىلارمۇ تېپىلغان. يۇڭ رەختلەر ئاساسەن تۈز ۋە قىيپاش يوللۇق ئىككى خىل توقۇلغان، قىيپاش يوللۇق يۇڭ رەختلەردە گېئومېتىرىك گۈل نۇسخىلىرى بار. كىگىزلەر ئاق يۇڭنىڭ ئۆز رەڭگىدە سىلىق ئېتىلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە يوتقان ـ كۆرپە ياكى چاپان ئۈچۈن تىتىپ تەكشىلەنگەن پاختىلار بار. پاختا رەختلەر سىيدام توقۇلغان، بويالمىغان. «بۇرۇن نىيە ناھىيەسى تەۋەسىدە شەرقىي خەن دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن پاختا تېپىلغان، لېكىن يوتقان ئۈچۈن تىتىپ تەييارلانغان پاختا ئۇچرىمىغان. لوپ كۆلى رايونىدىن تىتىپ تەييارلانغان پاختا چىقتى. بۇنىڭغا ئاساسەن تەھلىل قىلغاندا، شىنجاڭدا شەرقىي خەن دەۋرىدىلا (25 ـ ~ 220 ـ يىللار) كېۋەز تېرىلغانلىقىنى، جۈملىدىن شىنجاڭدا كېۋەز تېرىش، پاختا رەخت توقۇش تارىخى ئوتتۇرا جۇڭگودىن ئىلگىرى بولغانلىقى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم. بۇلار ئېتىبار بىلەن قاراشقا ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ماتېرىياللاردۇر.»[2]

قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدە شايى، كىمخابلار كۆپ، ئۇلار مۇشۇ قەبرىستانلىقتىكى مېيىتلارنىڭ ئۈستىدە چىرىمەي ساقلىنىپ قالغان يىپەك رەختلەردۇر.

بۇ قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان ئەۋرىشكىلەرنى كاربون 14 تەجرىبىسى ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، بۇندىن 80 ± 1920 يىل بۇرۇن بولۇپ چىققان، ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى ئارقىلىق بېكىتىلگەن يىلى 85 ± 1880 يىل بۇرۇن. مانا مۇشۇ يىل دەۋرىگە ئاساسەن، بۇ قەبرىلەر كىروران ئېلى دەۋرىنىڭ يالدامىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش تامامەن مۇمكىن.

بىرگەماننىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» ناملىق كىتابىدا شۇ ۋاقىتتىكى تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇمات بېرىلگەن، بۇ كىتابتا تەكشۈرۈش ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، قىسقىچىلا بايان قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئەمما چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ بۇ ھەقتە بايانلاردىن خەۋەر تاپماي مۇمكىن ئەمەس. بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارنىڭ شۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلىپ ياپچانلىق كۆل ئەتراپىدىكى قەبرىلەر، 4 ـ نومۇرلۇق، 6 ـ نومۇرلۇق، 7 ـ نومۇرلۇق، 10 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقلار، قۇم دەريا ئېقىنى بويىدىكى تۇرلار ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلسا، ئۇ ھالدا كىروراننىڭ تارىخي ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغۇسى.

**لوپ كۆلى رايونىدىكى باشقا ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار**

بىرگەمان سېۋېن ھېدىن، چېن زۇڭچى، خۇاڭ ۋېنبى، هورنېر قاتارلىقلارنىڭ مۇشۇ

① مۇ شۇنىڭ، جاڭ پىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «كىروران كۇلتۇرى تەتقىقاتى ماقالىلىرىدىن توپلام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 150 ـ بەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 736 ـ بەت.

② تۇرسۇن ئەيسا: «لوپنۇر رايونىدىكى شەرقىي خەن دەۋرىگە مەنسۇپ قەبرىلەرنى قېزىش ۋە تەتقىقات»، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 738 ـ بەت.

رايوندىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلىرىدە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنىمۇ تونۇشتۇرغان، بۇلار مۇشۇ رايون ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. سېۋىن ھېدىن 1900 ـ ۋە 1901 ـ يىلى ئېكسپېدىتسىيە قىلغاندىن باشقا، يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ 1927 ـ يىلدىن 1935 ـ يىلغىچە سەككىز يىل داۋاملاشقان جۇڭگو ـ شىۋېتسىيە غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش بىرلەشمە ئەترىتى تەركىبىدە مول نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

ھورنېر بىلەن چېن زۇڭچى 1931 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى بايقىغان توپىلىق (تۈيىن) خارابىسىنى تەكشۈرگەن ۋە بۇ جايدىن بىر ئېغىز چوڭ ئۆينى بايقىغان، بۇ ئۆينىڭ تاملىرىدا بىر مۇنچە ياغاچ تىكىلەنگەن. ئۇندىن باشقا يەنە كىچىكرەك ئۆيدىن بىرنى بايقىغان، قۇرۇلمىسى چوڭ ئۆيىنىڭكىدىن مۇستەھكەم. ئارخېئولوگلار بۇ جايدا بۇرۇن تېخىمۇ كۆپ ئۆيلەر بولغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان. چېن زۇڭچى بىلەن ھورنېر بۇ يەردىن بىر دانە تۆمۈر پىچاقنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى ۋە ئىلگۈچى بار تۇچ تۇرۇبىدىن بىرنى تاپقان. ئۇلار بايقىغان يادىكارلىقلار ئېچىدە مىلادىيەنىڭ بېشىغا مەنسۇپ خەن سۇلالىسىنىڭ يارماقلىرى، قەيەرنىڭ پۇلى ئىكەنلىكى نامەلۇم پۇلدىن بىرى، ئىككى دانە ئۈچ قىرلىق تۇچ ئوق ئۇچى، ئىككى دانە مىس كۆرگۈنىڭ گىرۋىكى قاتارلىق مېتال بۇيۇملارنى تاپقان. سىپتا ئىشلەنگەن تۇچ ئۈزۈككە قويۇلغان ئېللىپىس شەكلىدىكى بىر دانە قىزىل ياقۇت، بىر دانە تۇچ ئويماق ۋە (كىرورلان قەلئەسىدىن بايقالغان) 17 دانە ئەينەك مارجان، يەتتە دانە تاش مارجان، ئىككى دانە قۇلۇلە مارجان قاتارلىقلارمۇ تېپىلغان. ئەينەك قاچا پارچىلىرى، تۇچ ھالقىدىن بىرقانچە تال، قوش ئىلغىلىق تۇگمە، كىچىك قوڭغۇراق، چاتما بەلباغنىڭ يۇرەك شەكىللىك بۇيۇمى، ئۈچ دانە تاسما ئىلمىكى؛ قوغۇشۇندىن ياسالغان تارازىنىڭ ئىلمىكى (ئېھتىمال)، قوغۇشۇندىن ياسالغان يۇمىلاق تەخسە، تۆمۈر قاچىلارنىڭ سۇنۇقى، تارغاق قاتارلىق ياغاچ بۇيۇملار بار. كىرورلان قەلئەسى خارابىسىدىن ساپال قاچىلار ناھايىتى ئاز تېپىلغان، يەتتە دانە ساپال ئۇرچۇق، يەتتە دانە كۆكۈچ كۆل رەڭ ھاك تاشتا ياسالغان چاق شەكىللىك بۇيۇم، تۆت دانە بىلەي تاش، مەرمەر تاشتىن ياسالغان زاكون تايىقىنىڭ بېشى، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈك بار يۇمىلاق تاش قاتارلىقلار بار. «ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم كىروران قەدىمىي شەھىرىگە ساياھەتكە كەلگەن چاغدا، چېن زۇڭچى بىر نەچچە پارچە ئۇششاق ھاك تاش ۋە مەرمەر تاش شېغىللىرىنى تېرىۋالغان، ئۇلار چوقۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئاشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن، چۈنكى كىرورلاننىڭ ئەتراپىدىكى سېغىز توپىلىق چۆللۈكتە تاش يوق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسمى كىشىلەر تەرىپىدىن سىلىقلانغان، بەلكىم بۇ شېغىل تاشلار ئوۋ ئوۋلاشتا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.»①

**ھورنېر بىلەن چېن زۇڭچى كىرورلان قەدىمكى شەھىرىدىن يىغىۋالغان بۇيۇملار** (1931 ـ يىلى يىغىۋېلىنغان، بىر قىسمىلا تونۇشتۇرۇلدى.)

چىراغ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن قىزىل رەڭلىك ساپال قاچا، ئۈچ دانە كۆل رەڭ

① فولك بېرگمان (ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 333 ـ بەت.

ساپال ئۇرچۇق (دىيامېتىرى 26 ~ 40 مىللىمېتىر)؛ دىيامېتىرى 26 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 51 مىللىمېتىر كېلىدىغان بىرىم كۆكۈچ كۆل رەڭ ھاك تاشتىن ياسالغان چوڭ ئۇرچۇق، كۆكۈچ كۆل رەڭ ھاك تاشتا ياسالغان چۆكتۈرگۈچ، كۆك رەڭلىك ئەينەك كۆز مونچاق، ئۈچ دانە پارقىراق قاشتېشىدىن ياسالغان سۇنۇق مارجان، بىر دانە كىچىك بىريۇزا، يوپۇرماقسىمان تۇچ تاختا، بىرىم شار شەكىللىك كىچىك تۇچ بېزەك، تىلسىمان تۇچ چىۋىق، تۇچ مىخنىڭ پارچىسى، قۇيمىچىلىقتىن قالغان 12 پارچە تۇچ تاشلاندۇقى، كىچىك تۆمۈر ئوق ئۇچى، گۆڭگۈرت پارچىسى قاتارلىقلار بار. 1934 - يىلى چېن زۇڭچى يىغقان بۇيۇملار ئىچىدە جۇڭگو يارماقلىرى، داتلاشقان باشقا تۇردىكى يارماق (دىيامېتىرى 61 مىللىمېتىر)، ئۈچ بۇرجەكلىك تۇچ ئوق ئۇچى، چوڭ تۇچ كۆرگۈنىڭ بۇرجىكى، تۇچ كۆرگۈنىڭ گىرۋىكىنىڭ سۇنۇقى، تۇچ ئۇزۇكنىڭ سۇنۇقى، تۇچ ئويماقنىڭ سۇنۇقى، چاسا تۇچ ھالقا، ئۈچ دانە تۇچ تومپۇر، تۇچ تۈگمە، ئۈچ دانە كىچىك تۇچ پەرچىن مىخ، كىچىك تۇچ ئاسما بېزەك، شار شەكىللىك كىچىك تۇچ قوڭغۇراق، بىرىم يۇرەك شەكىللىك تۇچ بېزەك، باغ ئىلگىكىنىڭ تۇچ سۇنۇقى، تۇچ بەلباغنىڭ ساق ئىلگىكى، كۆپ قىرلىق خىرۇستال مارجان سۇنۇقى، سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك ئەينەك مارجان، سۇزۇك ئاچ يېشىل قاشتېشى، قوڭۇر رەڭلىك كىچىك زۇمرەت، بىر قىسىم ئۇششاق داشقال... قاتارلىقلار بار.

**بىرگىمانىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش مۇھاكىمىسىدىن پارچە**

«ئۆي خارابىلىرى، قەبرىستانلىقلار ۋە باشقا پارچە - پۇرات بايقالغان بۇيۇملار قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرار جايلىرى، قۇرۇق تاغ تىزمىسىنىڭ قىيالىق جايلىرى بىلەن قاراقوشۇننىڭ سازلىق يەرلىرى ئارىلىقىدىكى، چوڭ تۈز پوستىنىڭ غەربىدە بولۇش بىلەنلا چەكلەنگەنلىكىنى روشەن نامايان قىلىدۇ. دېمەك بىزگە ئۇچرىغان جاي دېلتا تۇرار جاي رايونىدىن ئىبارەت. مۇبادا ئىمارەتلەر بىلەن قەبرىلەرنىڭ ئىزىنىلا ئويلىشىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بۇ بايقىشىمىزنى ئۈچ گورۇپپىغا بۆلۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى گورۇپپا، كۆز ئالدىمىزدىكى مۇرەككەپ قۇم دەرياسى دېلتىسىنى مەركەز قىلغان، شەك - شۈبھىسىزكى بۇ ئەڭ مۇھىم بىر گورۇپپا بولۇپ، نۇرغۇنلىغان خارابىلەر ۋە ئاساسلىق قەبرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى گورۇپپا ستەيىننىڭ LR ، LK ، LL ، LM خارابىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار تېخىمۇ جەنۇبقا تۇتىشىدىغان جايدا بولۇپ، قاراقوشۇن كۆلىنىڭ شىمالىي ياقىسىغا جايلاشقان. بۇ تۇرار جايلار بەلكىم ئوخشاش بىر دەريا شاخاپچىسىدىن سۇغا ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن، روشەنكى بۇ دەريا شاخاپچىسى كىروران زامانىسىدىكى دېلتا شاخاپچىلىرىنىڭ ئەڭ جەنۇبىتىكى بىرى بولسا كېرەك، تاكى بوگۈنگىچە 2 - گورۇپپىدىن قەبرە بايقالمىدى. 3 - گورۇپپا لوپ كۆلى چۆللۈكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قۇم دەريا بويلىرىدىكى قەبرىلەردىن ھاسىل بولغان. كەلگۈسىدىكى ئىزدەشلەر قەدىمىي ئىزلارنىڭ سانىنى چوقۇم ئاشۇرغۇسى، يېڭى ئىزلار ھەتتا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ گورۇپپىنىڭ ئارىلىقىدىكى رايونلاردىنمۇ تېپىلىشى مۇمكىن، يېڭى - يېڭى مەركەزلەر بەلكىم كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولار. ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى ئومۇمەن ئېيتقاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەرقلەر ئۆزگەرمەيدۇ.

1 - گورۇپپا ئىزلار پۈتۈن كىروران ئاھالىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنىڭ مەركىزىنى شەكىللەندۈرگەن، مۇشۇ پاكىتنىڭ ئۆزىلا، ئەينى زامانلاردىكى دېلتا چوقۇم مۇشۇ رايوننىڭ سۇ مەركىزى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ۋاھالەنكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، كىروران قەدىمكى شەھىرى (ھېچ بولمىغاندا ئىشغال قىلىنىشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، شۇ رايوننىڭ مەركىزى بولغان) مۇشۇ گورۇپپىدىكى ئىزلارنىڭ ئەڭ جەنۇبىدا بولغان. كىروران قەدىمكى شەھىرى بىلەن جەنۇب تەرەپتىكى گورۇپپا خارابىلەر ئوتتۇرىسىدا، قۇرۇلمىلارنىڭ مۇتلەق كەمچىل بولۇشىدەك ھادىسە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدۇ. كىروران قەدىمكى شەھىرى بىلەن LK قەلئەسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى 45 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دائىرە ئىچىدە مەلۇم بىر خىل تۇرلار مەۋجۇت بولۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى مۇرانغا بارىدىغان مۇھىم چوڭ يول چوقۇم شۇ يەردىن ئۆتكەن. بوش قېلىۋاتقان بۇ رايونغا تارىختا ئىنسانلار كېلىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ يەردە دائىم پارچە - پۇرات تاش قوراللار ۋە مېتال بۇيۇملار ئۇچراپ تۇرىدۇ، سۇ يېتىشمەسلىك بەلكىم بۇ رايوندا دائىملىق ئاھالىلەرنىڭ بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياكى ھېچقانداق تۇرلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئىمكان بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن... مەلۇم بولغان خارابىلەرنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلساق، كىروران دەۋرىدىكى تارىم دەرياسى دېلتىسىنىڭ قۇرۇلما خۇسۇسىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. ستەيىن ۋە ھورنېرنىڭ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىگە ھەشقاللا، ئۇلار قەدىمكى دەريا قىنىدىكى بىر قىسىم ئەھۋاللارنى تىزىملاپ دەپتەرگە چۈشۈرگەن. كۆپ ھاللاردا، قەدىمىي دەريا قىنىنىڭ ئورنى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ، چۈنكى بۇ يەرنىڭ يەر يۈزى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۈچلۈك شامالنىڭ يېمىرىشىگە ئۇچراپ كەلگەن. ئىنتايىن ئاز مىقداردىكى ھەقىقىي كىروران دەۋرىنىڭ يەر يۈزىلا ساقلىنىپ قالغان، قالغان كەڭ كۆلەملىك يەرلەر قاتتىق شەرقىي شىمال شامىلىنىڭ يېمىرىشىگە ئۇچرىغان.»[1]

## 10. قاقشاللىقتىكى تارىخىي ئىز

**يىڭپەن (قاقشاللىق)[2]دىكى قەدىمكى شەھەر ۋە تارىخىي ئىزلار**

يىڭپەن ھازىر لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدە، لوپنور ناھىيەسىنىڭ 150 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، كىروران شەھىرى قەلئەسى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 200 كىلومېتىر. قۇرۇقتاغنىڭ شىمالىدا، شىڭدى تاغ ئېغىزىغا يەتتە كىلومېتىر، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنىغا بەش كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي مېرىدىيان

① فولك بېرگمان (ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 352 - بەت.

② بۇ كونا شەھەر خارابىسى ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ كىتابلىرىدا empen دېگەندەك يېزىلغان، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 营盘 دەپ يېزىلغان. لوپنورشۇناس مۆيدىن سايىت «قاقشاللىق» دەپ ئالغان ئىكەن، ھازىرچە مۇشۇ نامنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىپ تۇردۇق. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ جاينى تارىخىي يازمىلاردىكى 注滨 شەھىرى دەپمۇ قارايدۇ، بۇ داۋاملىق ئىزدىنىشكە، پاكىتلارنى ئىزدەشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىدۇر.

"87°47'40قا، شىمالىي پاراللېل "40°56'34قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 848 مېتىر. بۇ خارابە 1893 - يىلى رۇسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى كوزلوف تەرىپىدىن بايقالغان، 1900 - يىلى سېۋېن ھېدىن بۇ خارابىغا كەلگەن. بۇ خارابىنى ستەيىن 1914 - يىلى، بېرگمان 1928 - يىلى تەكشۈرگەن. بۇ خارابىنىڭ ئوغرىلىقچە قېزىلىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئوغرىلانغانلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، 1989 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى باشچىلىقىدىكى يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئوغرىلانغان توققۇز قەبرىنى رەتلەپ تەكشۈردى ۋە 68 دانە يادىكارلىقنى تاپتى. دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1995 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە ئوغرىلانغان 120 دىن ئارتۇق قەبرىنى رەتلىدى ھەمدە 32 قەبرىنى قازدى، بۇ قېتىم يىغىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنىڭ سانى 400 دىن ئاشتى. بۇ خارابە شەھەر خارابىسى، قەبرىستانلىق، تۇر، بۇددا مۇنارى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ خارابىلەر ئەينى تارىخىي دەۋردە نېمە دەپ ئاتالغانلىقى تېخىچە ئېنىقلانغىنى يوق، بەزىلەر بۇنى ماتېرىياللاردا كۆرۈلگەن جۇبىن شەھىرى دەپ قارىغانىدى، بۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارمۇ بولدى. بۇ خارابە ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ كىتابلىرىدا ئىمپېن، يەنپېڭ، ئەنپېڭ، يىنبەن دېگەندەك ناملاردا خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەتراپتا ياشىغۇچى لوپلۇق ئۇيغۇرلار بۇ جاينى «چۇشكۈن» ياكى «قاقشاللىق» دەپمۇ ئاتىغان، سەۋەبى تارىختا بۇ يەر كىروراندىن كورلىغا، تۇرپاندىن چاقىلىققا بارىدىغان يوللاردىكى مۇھىم بىر ئۆتكەل بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا كۆرۈلىدىغان 营盘 مانا مۇشۇ خارابىلىكنى كۆرسىتىدۇ.

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ سېپىلى يۇمىلاق شەكىلدە، دىيامېتىرى 180 مېتىر. شەھەر قەلئەسى سېپىلىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 3 ~ 7 مېتىر، سېپىلنىڭ تېمىغا توغراق ياغاچلىرى بېسىلغان، بەزى يەرلىرى كېسەك بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلغان. شەھەر قەلئەسىنىڭ 40 نەچچە مېتىر غەربىدە قالدۇق ئېگىزلىكى 10 نەچچە مېتىر كېلىدىغان تۇردىن بىرى بار. شەھەر قەلئەسىنىڭ ئىچى - تېشىدىن ساپال بۇيۇملار ۋە تۆمۈر تاۋلاش جەريانىدا قالغان قالدۇقلار تېپىلغان، شەھەر سېپىلىنىڭ جەنۇبىدا ئېتىزلىقلارنىڭ ئىزلىرى بار. شەھەر قەلئەسىنىڭ 800 مېتىردەك شەرقىي شىمالىدا كۆلىمى 6000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان تۆت چاسا بۇددا مۇنارى بار. شەھەر قەلئەسىنىڭ 900 نەچچە مېتىر شىمالىدىكى بىر ئېگىزلىكتىن قەبرىستانلىق بايقالغان، بۇ ئېگىزلىك قۇرۇقتاغ ئېتىكىدە، تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر جەنۇبىدا كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئېقىنى بار. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىيان

″40′47°87قا، شىمالىي پاراللېل ″34′56°40قا جايلاشقان. بۇ قەبرىستانلىقتا كۆپ قەبرىگە بىردىن ئادەم دەپنە قىلىنغان، ئاز ساندىكىلىرىگە ئىككىدىن (بۇلارنىڭ ئىچىدە ئانا ـ بالا، ئەر ـ خوتۇن دەپنە قىلىنغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ) ئادەم دەپنە قىلىنغان. جەسەتلەر ئاساسەن تۈز دەپنە قىلىنغان، بېشى شەرققە ياكى شەرقىي شىمالغا قارىتىلغان، قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە ئازلىرىغا 2 ~ 3 تالدىن، كۆپلىرىگە 7 ~ 8 تالدىن توغراق ياغىچىدىن خادا تىكلەنگەن. جەسەتلەر ئاساسەن ياغاچنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ ياسالغان مېيىت ساندۇقىغا دەپنە قىلىنغان، بەزىلىرى يېرىمى ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ يېپىلغان، بەزىلىرىنىڭ ئۈستى ياغاچ تاختا بىلەن يېپىلغان، بىر قىسمىنىڭ ئېغىزى تېرە بىلەن قاپلانغان. جەسەتلەر ئاساسەن كىگىز، يۇڭ ئەديال ياكى يىپەك توقۇلمىلارغا يۆگەپ دەپنە قىلىنغان. دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە يۈزى يېپىپ قويۇلغان بىر ياش ئەر، پۇتى يۇلغۇن چىۋىقى بىلەن باغلاپ قويۇلغان بىر ياش ئايالنىڭ مېيىتىمۇ بايقالغان. قۇرامىغا يەتكەن ئىككى ئايالنىڭ قول بارماقلىرى قىزىل بويالغان. قۇرامىغا يەتكەن يەنە بىر ئايالنىڭ پۇت بارماقلىرى قىزىل بويالغان. ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ئىچىدە ياغاچتىن ياسالغان تەخسە، جام، ئاياق (قاچا)، تارغاق، يىپ ئېگىرىش چاقى، تۆمۈر پىچاق ۋە توقۇلما بۇيۇم، شىرە چورۇق قاتارلىقلار بار. بۇ يەردىن بايقالغان بۇيۇملار ئىچىدە ئاساسلىقى مىس بېزەكلەر يەنى كۆرگۈ، قۇلاق ھالقىسى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بېيجىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مېتالچىلىق تارىخى تەتقىقاتخانىسى مىس بېزەكلەردىن ئۈچ ئەۋرىشكىنى ئانالىز قىلىشچە، ھەممىسىلا سېرىق مىس ئىكەن، ئارىلاشما ماددا ئىچىدە سىنكنىڭ مىقدارى 20% ئەتراپىدا بولۇپ ئارىلاشما كۆپ ئەمەس.

قاقشاللىق خارابىسى رايونىنىڭ تارىخىي دەۋرلەردىكى ئېكولوگىيەسى بىر قەدەر ياخشى، ئۇششاق تاش قوراللار دەۋرلىرىدىن تارتىپ بۇ دائىرىدە ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. تارىم دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە خارابىلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

قاشاللىق قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن بايقالغان ئارخېئولوگىيەلىك كۇلتۇر ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ كىروران كۇلتۇرىنىڭ بىر قىسمىدۇر، مۇشۇ دەۋر تارىخىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يەرنىڭ كۇلتۇرى كىروران بىلەن بىر دەۋرداش. بۇ رايوننىڭ ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرناللىرىدا مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ئېلان قىلىنغان، ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار يىگپەن خارابىسى بىلەن كىروران خارابىسىنىڭ بىر كۇلتۇر چەمبىرىكىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ يازما ماتېرىياللاردا، كىروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار بولسىمۇ

ماتېرىياللارنىڭ ئازلىقى سەۋەبلىك ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ئارقىلىق چۈشەنچىلىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. يازما ماتېرىياللار بىلەن ئارخېئولوگىيەلىك بايانلارنى ئاساس قىلىپ كىروران ئېلىنىڭ تارىخىنى يورۇتۇشىمىزدا مۇھىم پاكىتلىق رول ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە بىر ئىشنى قوشۇمچە قىلىش زۆرۈر، بۇنىڭ بىرى دەل يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرىنىڭ بېكىتىلمەسلىكى ياكى دەۋرىنى بېكىتىشتە تولىراق كونا ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ئاساس قىلىش؛ يەنە بىر مەسىلە، بۇ رايوندا شەرقىي شىمال بورىنى كۆپ چىقىدۇ، دەريالارنىڭ ئېقىن يۆتكىشى ۋە ئېقىنلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە تۇپراق قۇرغاقلىشىپ نەملىكىنى يوقىتىپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇشىنى ۋە تۇپراقنىڭ يېپىشقاقلىقىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، قاتتىق شامالنىڭ يېمىرىشى تەسىرىدە بىر قىسىم خارابە ئىزلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى سەۋەبىدىن بىر بۆلەك تارىخىي ئىزلارنى بىلىشتىن مەھرۇم قالدۇق. بىر قىسىم جايلاردا قۇملىشىش سەۋەبىدىن خارابىلەرنى قۇم بېسىپ كېتىپ، بىزنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇردى، شۇنداقتىمۇ بىر ئەسىردىن بۇيانقى تەكشۈرۈش ھەم تەتقىقاتلار بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى مول پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، شۇ دەۋر ئىجتىمائىيىتى بىلەن يېقىنلاشتۇردى. بۇ ھەقتىكى يازما ماتېرىياللار ھەمدە تارىخىي ئىزلارنىڭ داۋاملىق تېپىلىشى، ماددىي پاكىتلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىپ بارىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل. كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنىڭ بايقالغىنىغا 1900 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن ھېسابلىغاندا بىر ئەسىردىن ئاشتى، بۇ جەرياندا كۆپ قېتىملىق قېزىشلار بولدى، 1995 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ جايغا كىرىپ چىقىدىغانلار كۆپەيدى، ئېكسپېدىتسىيە ئۆمەكلىرى كۆپ قېتىم كىرىپ چىقتى. بۇ قەدىم ماكانىمىزغا كىرىپ چىققۇچىلاردىن قانۇنسىز كىرىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاپ سېتىپ پۇل قىلىش ئۈچۈن بارغانلارمۇ، ئوغرىلىقچە قازغانلىرىمۇ بولدى، ھەتتا قانۇنلۇق كىرگەن ئېكسپېدىتسىيە ئۆمەكلىرى ئىچىدىمۇ مۇشۇ خىل قىلمىشلار سادىر بولدى. مىسال قىلىدىغان بولساق، 2003 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يۈز بەرگەن كىروران خارابىسىنى ئوغرىلىقچە قېزىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاش ۋەقەسىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، بۇ قېتىم بىر بۇددا مۇنارى تۆۋىدىن بىر قەبرىستانلىق قېزىلغان، بەزىلەر بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان بويۇملاردىن ئېشىپ قالغان قالدۇقلىرىغا ئاساسەن كىروران بەگلىرىنىڭ قەبرىسى دېگەن قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما ئۇنىڭ بەگ قەبرىلىرى بولۇش ـ بولماسلىقى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغىنى ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي ۋە كۇلتۇرى ئىدى، لېكىن ئوغرىلىقچە قېزىش داۋامىدا يوق بولدى. ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئوغرىلانغان لەھەتتىن تۆت مېيىت ساندۇقى بايقالغان. مەيلى كۆلىمى، ياسىلىشى، رەڭگى قاتارلىق جەھەتلەردىن بولسۇن بۇرۇن

تېپىلغانلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىكەن. لەھەت ئىچىدىكى تام رەسىمىدە بىر تۈركۈم دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ئولتۇرغانلىقى سىزىلغان، تاشقى لەھەتنىڭ تېمىدا ئالتۇن رەڭلىك تۆگە بىلەن كۈمۈش رەڭلىك تۆگىنىڭ چېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشى سىزىلغان (بەزىلەر بۇنى كىروراندىكى ئالىي ھوقۇقنىڭ سىمۋولى دەپ تەبىر بېرىشمەكتە)، ئارخېئولوگلار بۇ قەبرىلەرنىڭ بەگلەرنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە ھۆكۈم چىقارمىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئادەتتىكى قەبرە ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان. مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرماي قالمايدۇ.

قەدىمكى كىروران رايونىنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرىنى بۇندىن 10 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلاشقا ھەمدە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە تاماملاشقا بولىدۇ. چۈنكى ھازىرغىچە بايقالغان تاش قوراللار گەرچە ئۇششاق تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت ئىزلارنى تاپالماسلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. لوپ رايونى قۇملۇق بولۇش بىلەن بىرگە شەرقىي شىمال بورىنى كۆپ چىقىدىغان رايون. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ جايدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تېخى يېتەرلىك ئەمەس، 1980 ـ يىللىرى بىر قەدەر سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغىنىدىن باشقا تەكشۈرۈشلەر چەكلىك بولدى. ھازىر بايقالغان تاش قوراللار ئاساسەن يەر يۈزىدىن يىغىۋېلىنغان بولۇپ قېزىۋېلىنغانلىرى يوق، ئەمەلىيەتتە كونا تاش قوراللار ئىزلىرى تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھازىرغىچە شىنجاڭنىڭ كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت ئىزلار پەقەت تاشقورغان، ئاتۇش ۋە تۇرپان قاتارلىق قىسمەن جايلاردا بايقالدى. تۇرپان رايونى بىلەن لوپ رايونى يېقىن، يەنە كېلىپ ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىكى لوپ رايونىنىڭ كىلىماتى تۇرپان رايونىدىن ياخشى ئىدى، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ كۆپ بولۇشى، بۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، مۇنداق مۇھىت شۇ دەۋرلەردىكى ئوۋچىلىق ئىگىلىكىگە ماس كېلەتتى. ئۇششاق تاش قوراللارنىڭ ئالتۇنتاغ باغرىدا تېپىلغاندىن باشقا، لوپ كۆلى رايونىدىنمۇ خېلى كۆپ بايقىلىشى، بىزنى بۇ ھەقتە مول تەسەۋۋۇرغا باشلايدۇ، ئەمما تەسەۋۋۇر دېگەن يەنىلا تەسەۋۋۇر، ئۇنىڭغا پاكىت لازىم. شۇڭا، ئۇششاق تاش قوراللار دەۋرلىرىدە ئاندىن بۇ زېمىندا ئىنسانلارنىڭ ياشاشقا باشلىغان دېمەي چارە يوق. ئۇششاق تاش قوراللار دەۋرىدە ئالتۇنتاغ باغرىدەك ئەنە شۇنداق ئېگىزلىكتە، ھاۋا كىلىماتى ناچار بىر رايوندا بەلكىم ئوۋچىلىق تۇرمۇشى بىلەن ھايات كەچۈرگەن. بەزى ئالىملارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك، بەلكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقىدىن ئاشقان نەرسىلەرگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە، بىر تۈركۈم ئاجىز ـ ئورۇق ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ئوزۇقلۇق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسا كېرەك. ئالتۇنتاغ باغرىدا ئاشۇ تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن ئاھالىلەرنىڭ كېيىنكى ھايات پائالىيەتلىرىنى ئىسپاتلىغۇدەك

ماتېرىيال يوق، ئۇلارنىڭ نەسلى شۇ يەردە ئۇزۇلگەنمۇ ياكى باشقا ياقلارغا، جۈملىدىن لوپ رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ يېڭى ھاياتلىقنى باشلاشقا قادىر بولالىغانمۇ ـ يوق؟ بۇ تەرىپى قاراڭغۇ.

لوپ كۆلى رايونى مول سۇ زاپىسىغا ئىگە، بۇ يەر سۇ ۋە قۇرۇقلۇق جانلىقلىرىنىڭ جەننىتى بولغان، گەرچە بۇ يەردە شامال كۆپ بولسىمۇ، كۆنچى ۋە تارىم دەريالىرىنىڭ پەيدا قىلغان كۆللىرى، دەريا ۋادىلىرىدىكى بوستانلىق بۇ يەردىكى ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان. بۇ يەردە بۆرە، يولۋاس قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار بولۇش بىلەن بىرگە قۇلان، جەرەن، توشقان، كېيىك... كەبى نۇرغۇن جانلىقلار، يەنە ئۆردەك، غاز، تۇرنا ۋە باشقا نۇرغۇن سۇ قۇشلىرى، بېلىق تۈرىدىكى سۇ جانلىقلىرىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولغان.

لوپ كۆلى رايونى شۇ ۋاقىتتىكى ئىنسانلارنىڭ مۇھىم پائالىيەت مەركىزى بولۇپ خېلى كۆپ ساندىكى ئاھالە مۇشۇ جايلاردا ياشىغان، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى خېلىلا كەڭرى. كىروران شەھەر قەلئەسىنى مەركەز قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئەتراپىدا نەچچە يۈز كىلومېتىر رايون ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. يۇقىرىدا تاش قورال نۇقتىلىرىنى تونۇشتۇرغاندا، بۇلارنى مەخسۇس تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ جايدا ئارتۇقچە سۆز ھاجەت ئەمەس. يۇقىرىقى بايان ۋە پاكىتلىرىمىزغا ئاساسەن بۇندىن 10 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردىن تارتىپ ھازىرقى چاقىلىق ناھىيەسى چىمەنتاغ يېزىسى تەۋەسىدىكى قارادۆڭ ئەتراپلىرى، قوتازبۇلاق ئېگىز تاغ باغىرلىرىدا ئاھالە بولغاندىن سىرت، لوپ كۆلىنى مەركەز قىلغان ھالدا ۋە لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قاقشاللىق خارابىسى ئەتراپلىرىدا يەنە بىر تۈركۈم ئاھالىنىڭ ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىشكە يېتەرلىك. بۇلار ئىزچىل تۈردە مۇشۇ زېمىنلاردا ياشىغان (ئالتۇنتاغ باغرىدا ياشىغانلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى نامەلۇم)، كېيىنكى دەۋرلەردە كىروران شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنى بەرپا قىلغۇچى كىرورانلىقلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر.

بۇندىن 4000 يىللار بۇرۇنقى قەدىمكى كىروران رايونىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇشقا ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ياردەم قىلىدۇ، بىزنى بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن قىلغىنى قۇم دەريا قەبرىستانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىلىدىن باشلاپ)، قەبرەغول (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1800 ـ يىللىرى) ۋە ئۇنىڭغا ئانداشما بەزى قەدىمكى ئىز ـ خارابىلەردۇر. مانا مۇشۇ ئىككى قەبرىستانلىقنىڭ جايلىشىشىدىن قارىغاندا، بۇندىن 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋردىن بۇندىن 3000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگىچە كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنلىرى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇھىم زېمىنلار ھېسابلىنىدۇ، بۇ قەبرىستانلىقلارنىڭ بايقىلىشى، شۇ ۋاقىتتا كۆنچى دەرياسىنىڭ لوپ كۆلىگە قۇيۇلغانلىقى ھەمدە بىر تارامىنىڭ تارىم دەرياسى تەرەپكە ئېقىپ ئارغان ئەتراپلىرىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ قەبرىستانلىقلاردىن

بايقالغان تېپىلمىلاردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ خېلى زامانلار بۇرۇن مۇشۇ ئەتراپتا ياشىغانلىقىنى، ئۆزلىرىگە خاس تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئالاق كۇلتۇرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مۇشۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردىن ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا چارۋىچىلىقنى ئاساسىي ئىگىلىك قىلىپ ياشىغانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى قەبرىلەردە قوي، كالا مۈڭگۈزلىرى بولغاندىن سىرت، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىچىدە مۈڭگۈزدىن ياسالغانلىرىمۇ بار. بۇ ۋاقىتتىكى چارۋا ماللاردىن قوي، كالا، ئۆچكە قاتارلىقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، قەبرىلەردە كالا تېرىسىدىن ئاياغ تىكىپ كىيىلگەنلىكى، قوي يۇڭى بىلەن تىۋىتنىڭ ئايرىلغانلىقى، قوي يۇڭىدىن سۇپەتلىك رەختلەرنىڭ توقۇلغانلىقى (بۇ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بولۇپ ئۇزۇن ۋاقىت تەرەققىي قىلىپ شۇ زامانغا كەلگەندە ئەنە شۇنداق يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكى ئىسپاتلانغان)، مەلۇم كۆلەمدە بۇغداي يېغىمچىلىقى بولغانلىقى بىلىنىدۇ (قەبرەغولدىكى 3800 يىل بۇرۇنقى بۇغداي ئەۋرىشكىسى بۇنى ئىسپاتلايدۇ)، ئوۋچىلىق ۋە بېلىق تۇتۇپ ئىستېمال قىلىشمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈشتە مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينىغان. ئۇلار يەنە ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ئوزۇق قىلىش بىلەن بىرگە يۇڭىدىن كىيىم كىيگەنلىكىنى، تېرىسىدىن پايدىلىنىپ ئاياغ تىكىشنى بىلگەنلىكىنى تېپىلمىلاردىن كۆرەلەيمىز. كىرورانلىقلار مۇشۇ مەزگىللەردە يەنە مېتال قوراللارنى يەنى بىرونزا — كۆك مىستىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئىشلىتىشنى بىلگەن، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئۆتكۈر مېتال قوراللىرى بار بولۇپ، ياسىغان ياغاچ بۇيۇملار جۇملىدىن ياغاچ تاۋۇت، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىكى ئۆتكۈر تىغ ئىزلىرى بۇنى روشەن ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن. ۋاڭ بىڭخۇا بۇندىن 4000 يىللار بۇرۇنقى ئاشۇ قەبرىلەردىن تېپىلغان ياغاچ مەبۇدلەر ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغان: «قەبرەغولدىن ئالتە دانە ئويما مەبۇد تېپىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بەشىنىڭ ئاياللىق ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن، ئۇنىڭ گەۋدىسى ۋە كۆكسى ئالاھىدە ئاشۇرۇپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئالتە دانە ياغاچ ئويما مەبۇد، بىرى تاش مەبۇد بولۇپ ئويمىنىڭ نىسبەتلىرى توغرا، ئاياللىق ئالاھىدىلىكى روشەن. سەنئەت تارىخى جەھەتتىن قارىغاندا بۇ ئويمىلارنى ئېلىمىزنىڭ سەنئەت تارىخىنىڭ بىرىنچى بابىنى تەشكىل قىلىشقا ئەرزىيدىغان نادىر ئەسەر بولۇشى شەكسىز، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خەزىنىسىدە قەدىرلەپ ساقلىنىدىغان مۇھىم يادىكارلىق بولغۇسى.»[①] ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن قەبرىلەردە مۇنداق ئاياللار شەكلى ئويۇلغان ياغاچ قورچاق بايقىلىدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن شۇ جەمئىيەتتە كۈنسېرى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەۋاتقان

① ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 206 ـ بەت.

يىغىمچىلىق بىلەن يەنى بىز كۆرۈۋاتقان بوغداي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، بۇ ۋاقىتلاردا ئاياللارنىڭ ئورنى بەلكىم كۇنسېرى يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان، ئاياللارنىڭ رولى چوڭ بولغان بولۇشى ئېھتىمال. چۈنكى بوغداي ساقلاشقا ئەپلىك بولۇپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولغان بولسا كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاياللار شۇ ۋاقىتلاردا چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا بۇ ياغاچ قورچاقنى ئايال قورچاق دەپ ئاتىدىم. بۇلار ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ يالدامىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

يۇقىرىدا مۇشۇ دەۋردە قىرورانلىقلارنىڭ كىگىزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتالىغىنىنى كۆرگەن ئىدۇق، ئۇلارنىڭ يۇڭ توقۇلمىلىرى بولغاندىن سىرت يەنە ئۇچلۇق كىگىز قالپاقلىرى كىگىزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىلگىرىلىگەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇندىن 4000 يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ دەۋردە ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىك مەيدانغا كەلگەن، ھەمدەپىلەرنىڭ ئىچىدىن چاكاندا چىققان، ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىچە چاكاندىنىڭ قىزىتمىنى قايتۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، زۇكام، كاناي ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىقلارغا شىپالىق رولى بار ئىكەن. ئۇنى خام يېيىشكىمۇ، پىششىق يېيىشكىمۇ بولىدىكەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايلارنىڭ ئېكولوگىيەسىدە خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش بوران قاتتىق چىققاچقا، ئاھالىلەرنىڭ نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغىنى كۆپ بولغان، ئۇندىن باشقا ياز پەسىللىرىدە چىۋىن قاتارلىقلارنىڭ ھەزىم ئەزالىرىدا كېسەل پەيدا قىلىشىمۇ بىر ئاۋارىچىلىك بولغان بولۇشى مۇمكىن، خۇددى يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەنگە ئوخشاش، چېچەك كەبى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يۈز بېرىپ تۇرغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. شۇڭىمۇ قەبرەغولدىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنىڭ %25نى بالاغەتكە يەتمىگەنلەر تەشكىل قىلغان، بۇلار ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

بۇندىن 3800 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى بەزى ئۇچۇرلارنى، يەنىلا ئەنە شۇ قەبرەغولغا دەپنە قىلىنغانلارنىڭ B تىپتىكى قەبرىلىرى تەمىن ئېتىدۇ، بۇ قەبرىستانلىقتىن قېزىلغان مۇشۇ تۇردىكى قەبرە ئالتە بولۇپ، A تۇردىكى قەبرىلەرگە قارىغاندا يىل دەۋرى كېيىنرەك، ئۇنىڭدا ئەڭ جەلپ قىلارلىق ئۆزگىرىش دىنىي ئېتىقادنىڭ روشەن ئىپادىسىدىن ئىبارەت. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە ياغاچ قېقىش ئۇسۇلىدا نۇر چېچىۋاتقان كۈننىڭ شەكلى چىقىرىلغان، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ياغاچلارنىڭ ئىنچىكە - توملۇقىدىن تارتىپ تاللانغان ۋە يەتتە قات قىلىپ قېقىلغان. مانا مۇشۇلارغا ئاساسلانغاندا، بۇندىن 3000 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتتىن بۇرۇنلا قىرورانلىقلاردا تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئىپتىدائىي دىن ھالىتىدە خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان، شۇ ۋاقىتتا

كىرورانلىقلار ئۆزىنىڭ قوياشقا بولغان چوقۇنۇشىنى ئۆلگەندىمۇ قەبرىلىرىگە نۇر چېچىۋاتقان كۈننىڭ شەكلىنى چىقىرىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەجدادلىرىمىزدا تەبىئەتنى سۆيىدىغان ئېسىل ئەنئەنىنى شەكىللەندۇرگەن، بۇلارنىڭ ساقىندىلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. مەسىلەن: دەريا، ئېرىق، كۆل بويلىرىدا كىر يۇيماسلىق، سۇغا چوڭ - كىچىك تەرەت قىلماسلىق، يۇندى تۆكمەسلىك، بوغاز جاندارلارنى ئۆلتۈرمەسلىك ھەمدە كىرپىنىڭ تىكىنى كىرىپ كەتسە ئالتۇن يىگىنە بولمىسا ئالغىلى بولمايدۇ، تورغاي تۇخۇمىنى تۇتسا يۈزى چارچۇق (سەپكۈن) بولۇپ قالىدۇ... قاتارلىق ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ بولۇشى، شۇ دەۋرنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ زامانىمىزدىكى يالدامىلىرىدۇر. قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ سۇنى ۋە ئوتنى ئۇلۇغلاش ئالاھىدە ئورۇندا تۇرغان. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك سۇنى بۇلغىماسلىق پەرزلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. بۇندىن باشقا كۈنگە ۋە ئايغا ئېتىقاد قىلىش، ئۇلۇغلاشمۇ ئەنە شۇ يىراق قەدىمكى زاماندىن قالغان ئۇدۇم، شۇنداقلا قەدىمكى ئېتىقادنىڭ ساقىندىلىرىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتلىرىدىن ئالساق، يۈزىنى يۇماي تۇرۇپ كۈنگە قاراشقا يول قويۇلماسلىق، كۈن قىزىلىدا ياتماسلىق، زاۋالدا كۆل - سۇ‌پۇندە ئالماسلىق (يېقىنغىچە كۆل ۋە سۇپۇندىنى ئارىلاشتۇرۇشۇپ بىر جايغا تۆكۈشكە يول قويۇلمىغان)، ئايغا قاراپ قول چىنىمەسلىك، ئايغا قاراپ ھاجەت قىلماسلىق كەبى نۇرغۇن ئادەت ۋە پەرھىزلەر، ئەنە شۇ يىراق قەدىمدىن ئۇدۇم قالغان. ئەنە شۇ قەدىمكى دەۋرلەردىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان مىيىت بىلەن ئەينەك (بۇرۇنقى چاغلاردا كۆرگۈ)، تارغاق، قايچا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ دەپنە قىلىنىشى، مۇشۇ ئەنئەنىنىڭ ھازىرغىچە داۋام قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇندىن 3000 يىللار بۇرۇنقى دىيارىمىز ھەققىدە ئىزدىنىدىغان بولساق، كىرورانلىقلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى 4000 يىللار بۇرۇنقى ئاشۇ دەۋر بىلەن ئوخشىشىدۇ، لېكىن مەلۇم تەرەققىياتلار بولغان، بۇلارغا مىتال قوراللارنىڭ كۆپىيىپ بارغانلىقىنى، توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئېشىپ بارغانلىقىنى، ئىگىلىكىدە ئۆزگىرىش بولۇپ بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنىڭ سالمىقىنىڭ زورىيىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. 4000 يىللار بۇرۇنقى قەبرىلەردىن ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى كۆرەلەيمىز، مېۋە يىغىش، زىرائەت ھوسۇلىنى يىغىش ئەمگەكلىرى بىلەن ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ بالا تۇغۇشى، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇندىن 3000 يىللار بۇرۇن مىتال بۇيۇملىرى ھەم قورال سايمانلارنىڭ ئىلغارلىشىشى تۇپەيلىدىن ئوۋچىلىقنىڭ ئىگىلەيدىغان سالمىقى زورايغان،

ئايالالارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتىدىغان ئورنى تەدرىجىي تۆۋەنلىگەن، بۇ ۋاقىتتا بېلىقچىلىق ئىگىلىكى كېلىپ چىقىپ، شۇ چاغدىكى ئېھتىياجنى زور دەرىجىدە قامدىغان، زىرائەتلەرنى يىغىشتىكى ئېھتىياج ئازىيىپ بارغان، ئەمما ئۈزۈلۈپ قالمىغان. شۇنداق بولغاندا، بۇندىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋردە ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، تېرىقچىلىق، ساپالچىلىق، توقۇمىچىلىق، كىگىزچىلىك، ياغاچچىلىق قاتارلىق ئىشلار مۇھىم ئىگىلىككە ئايلانغان. چارۋا ماللىرى ئىچىدە قوي، كالا، تۆگە، ئېشەك قاتارلىقلار بولغان. بۇغداي، ئارپا ئاساسلىق زىرائەتلەردىن بولغان، مۇشۇ ۋاقىتلاردىمۇ يىپەك يولى سودىسىنىڭ بولغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ.

# ئۈچىنچى باب تارىختىن ئاۋۋالقى مەدەنىيەت

يېزىق قوللىنىشتىن بۇرۇنقى تارىخ ئادەتتە تارىختىن بۇرۇنقى تارىخ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ، ھەرقانداق بىر رايوننىڭ يېزىق قوللىنىلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ. كىرىوران رايونىنىڭ يېزىقتىن بۇرۇنقى تارىخى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ.

## 1. تاش قوراللار دەۋرى

تاش قوراللار دەۋرى كونا تاش قوراللار دەۋرى، ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرى دەپ ئايرىلىدۇ. كونا تاش قوراللار دەۋرى دېيىلگىنى تەبىئىي تاشلاردىن پايدىلىنىش، چوقۇپ قورال قىلىپ پايدىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ دەۋر دەسلەپكى، ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى دەپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى كونا ۋە يېڭى تاش قوراللار ئارىسىدا تۇرىدىغان ئۆتۈشمە دەۋر ھېسابلىنىدۇ، بۇندىن 10 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ، بۇ دەۋردە يەنىلا چوقۇپ ياسالغان تاش قوراللارنى ئىشلىتىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى، بۇ دەۋردە سۈركەپ ياسالغان تاش قوراللاردىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە ساپال بۇيۇملار، توقۇلمىلار بارلىققا كەلگەن. يېڭى تاش قوراللار دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8000 ـ يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللارغىچە بولغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن بۇيانقى ۋاقىتنىڭ 99%تىن كۆپ ۋاقىت كونا تاش قوراللار دەۋرىگە تەۋەدۇر. بۇندىن 2 مىليون 500 مىڭ يىللار مۇقەددەم ئەڭ بالدۇرقى تاش قورال بارلىققا كەلگەن. مانا مۇشۇنىڭدىن تاش قوراللارنىڭ نەقەدەر ئۇزۇن زامان قوللىنىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. مۇشۇ دەۋردە ئىنسانلار ئوتتىن، غار، ئۆڭكۈرلەردىن پايدىلىنىشنى بىلگەن، تەدرىجىي ھايۋانات تېرىلىرى ھەم يۇڭلىرىدىن پايدىلىنىشنى ھەمدە تاش قوراللاردىن پايدىلىنىپ ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى كۆپەيتىشنى ئۆگەنگەن. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن تاش قوراللار بىر قەدەر سىپتا ياسالغان، ئىشلىتىشتە كۆپ قولايلاشقان، سۆڭەك ۋە سېغىزدىن پايدىلىنىش كۆپەيگەن. كونا تاش قوراللار دەۋرىدە ئوۋچىلىق (قوغلاپ تۇتۇش) ۋە يىغىمچىلىق (ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى، يوپۇرمىقى، مېۋىسىنى يىغىش) بىلەن ھايات كەچۈرگەن ئاھالىلەر ئاساسەن ياۋايى ھايۋانلار بار جايلارغا، دەريا ـ كۆل بويلىرىغا توپلىشىپ، قانداشلىق ۋە ئۇرۇقنى بىرلىك

قىلىپ هايات كەچۈرگەن هەم ئەمگەك قىلغان (هازىرغىچە شىنجاڭدا تۇرپان، ئاتۇش ۋە تاشقورغان قاتارلىق جايلاردىن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا مەنسۇپ ئىز تېپىلدى). ئۇزۇن زامانلاردىن كېيىن ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەتكە ماسلىشىش، هايات كەچۈرۈش داۋامىدا قوپال تاش قوراللارنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئۆگەنگەن. يېڭى تاش قوراللار (يېڭى تاش قوراللار بۇندىن 10 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋردىن باشلىنىدۇ) دەۋرى سىپتا تاش قوراللار كۇلتۇرىنىڭ ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاساسىي ئالاھىدىلىك هېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە يىغمىچىلىقتىن ئىپتىدائىي دېھقانچىلىققا، ئوۋچىلىقتىن هايۋانلارنى كۆندۈرۈپ بېقىشقا ئۆتتى. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە ئىش تەقسىماتى بولۇپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول هۈنەرۋەنچىلىك ئايرىلىپ چىققاندىن باشقا سودا ـ تىجارەت بارلىققا كەلگەن. بۇ دەۋردە ئائىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، بۇ دەۋردە ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەشكىلىي بىرلىك بولغان، بارلىق مەهسۇلاتلار ئۇرۇقنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان. هازىرقى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە هازىرقى چاقىلىق ناهىيەسى تەۋەسىدە ئىنسانلار ياشىغانلىقىنى كۆرىمىز. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە دائىر سىپتا تاش قوراللارنى چاقىلىق تەۋەسىدىن دەسلەپ سېۋېن هېدىن، بېرگمان ئېكسپېدىتسىيەسىدە بايقىغان. ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا ۋە تاش قوراللار بويىچە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل چاقىلىق ناهىيەسىدە بايقالغان سىپتا تاش ياپراق، تاش ئۆزەك، قىرغۇ قاتارلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە سىيدام ساپال بۇيۇملار بىلەن بىرگە تېپىلغانلىقىدەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، سىپتا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ، دەپ قارىغان. ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن تېپىلغان سىپتا تاش قوراللار بۇندىن 7000 يىللار بۇرۇنقى دەۋردىن بۇندىن 5000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ. شۇنداق بولغاندا، چاقىلىق ناهىيەسى تەۋەسىدە مۇشۇ دەۋردە مەلۇم ساندىكى ئاهالىلەر ياشىغان هەمدە سىپتا تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. چاقىلىق تەۋەسىدىن تېپىلغان تاش قورال نۇقتىلىرىدىن قوتازبۇلاق خارابىسى (شەرقىي مېرىدىيان ″30′54°87، شىمالىي پاراللېل ″45′53°36)دىكى تاش قوراللارنىڭ تارالغان دائىرىسى 12000 كىۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. قارادۆڭ خارابىلىكى يۇقىرىقى خارابىنىڭ 200 كىلومېتىر شەرقىدە. يۇقىرىقى ئىككى خارابىلىكتىكى يەر يۈزىدىن تېپىلغان تاش قوراللارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلچەمسىز تاش ياپراق، ئاز مىقداردىكى تاش ئۆزەكلەردىن ئىبارەت. بۇ يەردىن تېپىلغان تاش قوراللارنىڭ كۆپ قىسمى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئۇرۇش، سوقۇش، بېسىش ئۇسۇلىدا ياسالغان. قوتازبۇلاق (89YA) ۋە قارادۆڭ (89RK) دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىردەك ئېگىز تاغلىققا جايلاشقان بولۇپ شىنجاڭ دائىرىسىدىن تېپىلغان، ئەڭ ئېگىز جايغا جايلاشقان تاش قورال نۇقتىسى

ھېسابلىنىدۇ. ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ قارىشىچە، «تاش قوراللارنىڭ تۈرى، ئىشلىتىلىشىدىن پەرەز قىلغاندا، ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلغان تۇرمۇش شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.»[①] قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي قانىتىدا، سەگىز بىلەن لوپ كۆلى ئارىلىقىدا، لوپ كۆلىدىن تۇرپانغا ئۆتۈشتىكى چوقۇم ئۆتىدىغان يولدا، خۇاڭ ۋېنبى قۇم ئۈستىدىن 100 داندىن ئارتۇق سېپتا تاش ئۆزەك، سېپتا تاش ياپراق ئۇچراتقان، بۇ تاش قوراللارنىڭ خام ئەشياسى كىۋارتس تاشلاردىن ئىبارەت. بۇ تاش قورال ئىزناسىدىن ساپال بۇيۇملار بايقالمىغان. قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي قانىتى سەگىز مەھەللىسىنىڭ غەربىدىكى قۇملۇقتىن بىرگەمان 300 داندىن ئارتۇق تاش قورال ھەم ساپال بۇيۇم، ئوچاق ئىزىنى ئۇچراتقان. بۇ يەردىن تېپىلغان تاش قوراللار تاش ياپراقنى ئاساس قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە قىرغۇچ، پىچاق، ئۇشكە، يەنە ئاز مىقداردا يارغۇنچاق تېشىنىڭ پارچىسى، تاش توقماق بار. بۇ يەردىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملار قوپال ياسالغان، لېيىغا قۇم ئارىلاشقان قىزىل ساپاللاردۇر. ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «بۇ رايونغا سەككىز قېتىم كىرىپ ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولدۇم، بۇ جەرياندا بايقىغان تاش قورال ئىزنالىرىنىڭ تارقالغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئاساسلىقى كۆنچى دەرياسىنىڭ لوپ كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئۈچ بۇلۇڭلۇق دېلتىسى، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى قۇمدەريا، كىروران شەھىرى ئەتراپى ھەم كىروران شەھىرىنىڭ 50 كىلومېتىر دەك غەربىي جەنۇبىدىكى LK شەھەر خارابىسى، LL ئەتراپلىرىدىن دېگۈدەك بايقالدى. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇپ كەتكەن لوپ كۆلىنىڭ غەربىي شىمالى قىرغاقلىرىدىنمۇ بىر مۇنچە تاش قوراللار جۇغلانغان جايلار تېپىلدى»[②] دەيدۇ. مانا مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى كەڭ دائىرىگە تارقالغان، شۇنداقلا قەدىمكى دەۋرگە باغلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بايقالغان تاش قوراللار پەقەت يەر يۈزىدىكى تەكشىلىكتىن بايقالغان سېپتا تاش قوراللاردىن ئىبارەت، يەر قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈش، تېخىمۇ قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ تاش قوراللارنى ئىزدەش ئۈچۈن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ بولمىغانلىقى، بۇ خىل ئىمكانىيەتلەرنىڭ ئاز بولۇشى بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ. مانا مۇشۇ چەكلىك ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقى سېپتا تاش قوراللار بايقالغان دائىرىدىن بۇندىن 7 ~ 8 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋردىن باشلاپ ئاھالىلەر ياشىغان. سېپتا تاش قوراللار بايقالغان يۇقىرىقى نۇقتىلار ئالتۇنتاغ ئېتەكلىرىدىكى ئاھالىلەردىن دەۋرى جەھەتتىن كېيىنرەك دەۋرگە توغرا كېلىپ قالماستىن، يىغىمچىلىق دەۋرگە قەدەم قويغان. خۇ سەن قاتارلىق بەزى ئارخېئولوگلار

---

① جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى چېگرا رايون ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ تاش قورال دەۋرى ۋە بىرونزا دەۋرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ «شىنجاڭنىڭ سېپتا تاش قورال ئىزنالىرى» ناملىق ماقالىسى، 124 ـ بەت.

② جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى چېگرا رايون ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ تاش قورال دەۋرى ۋە بىرونزا دەۋرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ «شىنجاڭنىڭ سېپتا تاش قورال ئىزنالىرى» ناملىق ماقالىسى، 125 ـ بەت.

كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى ئۈچ بۇرجەك دېلتىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلىرى ئاساسىدا، «بۇ جاي مۇشۇ رايوندىكى يىراق قەدىمكى دەۋر ئاھالىلىرىنىڭ مۇھىم، كۆچۈملەشكەن يېرىدۇر، شۇندىن كېيىن مۇشۇ يەر شەھەرلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇل سالدى.»[①] دەپ يەكۈن چىقارغان. تۆۋەندە ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبىنىڭ تەكشۈرۈشىدە بايقالغان تاش قورال نۇقتىلىرى ھەم تاش قوراللار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىمىز:

**ھىندىقۇش[②] تاش قورال ئىزلىرى** بۇ جاي قۇرۇقتاغ ئىچىدە بولۇپ پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار بىلەن ئارىلىقى 100 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق، جەنۇبىدىكى ئاتمىشبۇلاققا 130 كىلومېتىردەك كېلىدۇ، دىغار بىلەن لوپ كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئىككى ئارىدا ئۆتمىسە بولمايدىغان يەر. بۇ يەردىن تاش پىچاقتىن 10 دانە، تاش ئۇشكىدىن نەچچە دانە تېپىلغان، ماتېرىيالى يېقىن ئەتراپتىكى قىياتاش (كىۋارتس) تاشلىرىدۇر. خۇاڭ ۋېنبى ئىككى قېتىملىق سەپىرىدە بۇ يەردىن 120 نەچچە دانە تاش پىچاق ئۇچراتقان. قۇملۇق بويىدىن تاش پالتىدىن بىر دانە، يەنە باشقا تاش قوراللارمۇ بايقالغان.

**لوپ كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقى** خۇاڭ ۋېنبى ئاتمىشبۇلاقتىن لوپ كۆلى تامان يۈرگەندە، قاشتاش پالتىدىن بىرنى، قاشتاش پىچاقتىن بىرنى ئۇچراتقان، بۇلار ئاق قاشتېشىدىن ياسالغان ھەمدە پارقىرىتىلغان.

## 2. بىرونزا قوراللار دەۋرى

بىرونزا دېگەن بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 青铜 دېيىلگەن. «تۈركچە - خەنزۇچە لۇغەت»تە tunÇ دېگەن سۆز 青铜، 铜锡合金 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»تە «تۇچ 青铜» دەپ تەڭداشلىق بېرىلگەن. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «تۇچ. ئىسىم. مىس بىلەن قەلەينىڭ ئارىلاشمىسى. سارغۇچ ياكى كۆكۈچ سارغۇچ بولىدۇ. سۈركىلىشكە، چىرىشكە چىداملىق، قاتتىق كېلىدۇ؛ دېتاللارنى قۇيۇش، پىرىسلاشتا ئىشلىتىلىدۇ»[③] دېيىلگەن. مانا مۇشۇ ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، بىرونزا قوراللارنى تۇچ قوراللار دەپ ئاتاشقا بولىدۇ (تۇچ ئاتالغۇسى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن خېلى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغانلىقتىن بىرونزا دېگەن ئاتالمىغا قارىغاندا چۈشىنىشلىك). بۇ نام ئىلىم ساھەسىدىمۇ بىرونزا دەپ قوللىنىلغان، ئىلىم ساھەسىدە قوللىنىۋاتقان ئاتالغۇ بىرونزا تىلىمىزدا قوللىنىۋاتقان تۇچتىن ئىبارەت. تۇچ يەنى بىرونزىدىن ھەربىي

① شىنجاڭ كىروران ئارخېئولوگىيە ئەترىتى: «كىروران قەدىمكى شەھىرىنى تەكشۈرۈش ۋە سىناق تەرىقىسىدە قېزىش»، جاڭ يىڭ، مۇ شۇنيىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «كىروران كۇلتۇرى تەتقىقاتى ماقالىلىرىدىن توپلام»غا كىرگۈزۈلگەن ماقالە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 85 - بەت.

② تاۋباۋلىيەن كىتابىدا بۇ نامنى 英都尔哥其 دەپ يازغان. يەرلىكلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، 英都尔غا 银银珀石 دەپ، 哥其غا نور دەپ ئىزاھات بەرگەن.

③ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىقى كومىتېتى لۇغەتلەر بۆلۈمى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى (2)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 313 - بەت.

قورال (ياراغ)، قازان ـ قومۇچ ۋە بېزەكلەر ياسالغان، بۇ دەۋردە تاش قوراللار يەنىلا ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولغان. مىس قوراللار ئىچىدە تۇچ (بىرونزا) ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، يەنە ئارسېن ۋە قەلەي ئارىلاش بىرونزا، ئارسېن ئارىلاش بىرونزا، ئالىيۇمىن ئارسېن ئارىلاش بىرونزا قاتارلىق كۆپ خىل مەدەنلەر ئارىلاشقان مېتاللار بار. ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئارسېن ئارىلاشقان بىرونزا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4000 ـ يىللاردا، دەسلەپ غەربىي ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن، بەزى ئالىملار غەربىي شىمالنى ئىلمىزدىكى مىس تاۋلاشنىڭ باشلانغان مۇھىم رايونى ھەمدە شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە خېشى رايونى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، دەپ قارىغان[1].

بىرونزا قوراللار تاش قوراللار دەۋرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يەنە بىر مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ، بۇ دەۋردە ساپال بۇيۇملار كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان. بىرونزا قوراللار دەۋرىنىڭ باشلىرىدا يەنىلا تاش قوراللار ئىشلىتىلگەن. شىنجاڭنىڭ مىس ۋە بىرونزىدىن قورال ـ سايمان ياساپ ئىشلىتىشى بۇندىن 4000 يىل بۇرۇنقى دەۋردىن باشلانغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللارغا كەلگەندە تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. يىن چىڭ: «يېقىندا بايقالغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، شىنجاڭدا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 10 ـ ئەسىردە ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىن تۆمۈر قوراللارنى ئىشلەتكەن بولۇپ دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كىرگەن. بۇ رايون تۆمۈر قوراللارنى ئىشلەتكەن مۇتلەق يىل دەۋرى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان خۇاڭخې ۋادىسىدىن سەل بالدۇر»[2] دەپ يازغان. ۋاڭ بىڭخۇا: «قارىشىمچە، شىنجاڭ رايونى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىن باشلاپلا بىرونزا قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىرونزا قوراللار كۇلتۇرى گۈللەنگەن، شۇنداقلا تۆمۈر قوراللار ئومۇميۈزلۈك ئوموملاشقان. مىس كانلارنى ئېچىش خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن»[3] دەپ يازغان. قۇمدەريا قەبرىستانلىقى ۋە قەبرەغولغا كۆمۈلگەن ئاھالىلەر ئەنە شۇ بىرونزا قوراللار دەۋرىنىڭ كىشىلىرىدۇر. ئارخېئولوگلار گەرچە بۇ ئىككى قەبرىستانلىقنىڭ بۇندىن 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ قىسمىدىن چوڭ تىپتىكى بىرونزا قوراللارنى بايقىمىغان بولسىمۇ، قەبرىستاندىكى ياغاچ بۇيۇملارنىڭ ياسىلىش داۋامىدا ناھايىتى ئۆتكۈر مېتال قوراللارنى ئىشلەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنغان. قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدىن سەل كېيىنرەك دەۋرگە مەنسۇپ بولغان قەبرەغول (گۈموگۇ) قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار دەۋرىنىڭ بۇندىن 3800 يىللار بۇرۇن ئىكەنلىكى، مۇشۇ دەۋردە بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ بىرونزا قوراللار دەۋرىگە

---

[1] [2] يىن چىڭ: «يىپەك يولى ۋە غەربىي يۇرت ئىقتىسادى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 26 ـ، 27 ـ بەتلەر.

[3] ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭنىڭ بىرونزا دەۋرى ئارخېئولوگىيەلىك كۇلتۇرى ئۈستىدە تەھلىل»، «شىنجاڭنىڭ تاش قوراللار ۋە بىرونزا دەۋرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 39 ـ بەت.

كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئارخېئولوگلار قۇم دەريا قەبرىستانلىقى ھەم قەبرەغول قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان تېپىلمىلارنىڭ كۇلتۇر خاسلىقىغا ئاساسەن، قەبرەغول ياكى قۇم دەريا ـ قەبرەغول كۇلتۇرى دەپ ئاتىغان①. بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان تېپىلمىلاردىن ياغاچ ھەيكەل، بېزەكلەر، يۇڭ ئەديال، يۇڭ توقۇلما، ئۈچلۈق كىگىز قالپاق، كۆن ئاياغ، چىغ سېۋەت، چاكاندا سومكىسى، قاشتېشى، سۆڭەك بېزەك، ئاياق (قاچا)، ياغاچ جام، مۈڭگۈز جام، تۈچ ئويماق، ئوق، يا، ئىلگەك، ھەرە چىشسىمان ياغاچ ئويما، تارغاق، چارا، تۈچ ياپراق قاتارلىقلار بار.

لوپنور رايونىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى تارىخىنى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاشقا ھەمدە مىلادىيەنىڭ ھارپىسىدا تاماملاشقا بولىدۇ. ھازىرغىچە بايقالغان تاش قوراللار گەرچە ئۇششاق تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت ئىزلارنى تاپالماسلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. لوپ رايونى قۇملۇق بولۇش بىلەن بىرگە، شەرقىي شىمال بورىنى كۆپ چىقىدىغان رايون بولغاچقا، بەزى تارىخىي ئىزلار جۈملىدىن كونا تاش قوراللار ئىزلىرى كۆمۈلۈپ كەتكەن بولۇشى ياكى شامال يىمىرىپ يوق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لوپ رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تېخى يېتەرلىك ئەمەس، 1980 ـ يىللىرى بىر قەدەر سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغىنىدىن باشقا تەكشۈرۈشلەر چەكلىك بولدى. 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان بەزى تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلار، بۇ رايونىنىڭ ئارخېئولوگىيەسى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىزنى كۆپەيتتى، بۇ تەكشۈرۈش ۋە قېزىش نەتىجىلىرىنىڭ بىر قىسمىلىرى گەرچە ھازىرغىچە تولۇق ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، 21 ـ ئەسىردىن بۇيان بايقالغان تارىخىي ئىزنالار يۈزدىن ئاشتى. ھازىر بايقالغان تاش قوراللار ئاساسەن يەر يۈزىدىن يىغىۋېلىنغان بولۇپ، يەر قاتلىمىدا قېزىش ئېلىپ بېرىلغىنى يوق، ئەمەلىيەتتە كونا تاش قوراللار ئىزلىرى تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇششاق تاش قوراللار دەۋرىدە ئالتۇنتاغ باغرىدەك ئەنە شۇنداق ئېگىزلىككە، ھاۋا كىلىماتى ناچار بىر رايوندا بەلكىم ئوۋچىلىق تۇرمۇشى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، بەزى ئالىملارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك بەلكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقىدىن ئاشقان نەرسىلەرگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە، بىر تۇركۇم ئاجىز ـ ئورۇق ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ئوزۇقلۇق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسا كېرەك. بۇ يەردە يەنى ئالتۇنتاغ باغرىدا ئاشۇ تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن ئاھالىلەرنىڭ كېيىنكى ھايات پائالىيەتلىرىنى ئىسپاتلىغۇدەك ماتېرىيال يوق، ئۇلارنىڭ نەسلى شۇ يەردە ئۈزۈلگەنمۇ ياكى باشقا ياقلارغا، جۈملىدىن لوپ رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ يېڭى ھاياتلىقنى باشلاشقا قادىر بولالىغانمۇ؟ بۇ تەرىپى قاراڭغۇ.

لوپ كۆلى رايونى مول سۇ زاپىسىغا ئىگە بولۇپ بۇ يەردە نۇرغۇن سۇ ۋە قۇرۇقلۇق جانلىقلىرىنىڭ جەننىتى بولغان، گەرچە بۇ يەردە شامال كۆپ چىقسىمۇ، كۆنچى ۋە تارىم

① خەن جيەنيې: «شىنجاڭنىڭ بىرونزا دەۋرى بىلەن بۇرۇنقى تۆمۈر قوراللار دەۋرى كۇلتۇرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 43 ـ بەت.

دەريالىرىنىڭ پەيدا قىلغان كۆللىرى، دەريا ۋادىلىرىدىكى بوستانلىق بۇ يەردىكى هاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان. دېمەك، بۇ يەردە بۆرە، يولۋاس قاتارلىق يىرتقۇچ هايۋانلار بولۇش بىلەن بىرگە قۇلان، جەرەن، توشقان، كېيىك... كەبى نۇرغۇن جانلىقلار، يەنە ئۆردەك، غاز، تۇرنا ۋە باشقا نۇرغۇن سۇ قۇشلىرى، بېلىق تۈرىدىكى سۇ جانلىقلىرى ئۇلارنىڭ هاياتلىق مەنبەسى بولغان.

لوپ كۆلى رايونى شۇ ۋاقىتتىكى ئاهالىلەرنىڭ مۇهىم پائالىيەت مەركىزى بولۇپ خېلى كۆپ ساندىكى ئاهالە مۇشۇ جايلاردا ياشىغان، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى خېلىلا كەڭرى بولۇپ كىروران شەهەر قەلئەسىنى مەركەز قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئەتراپىدا نەچچە يۈز كىلومېتىر دائىرە ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. يۇقىرىدا تاش قورال ئۇقتىلىرىنى مەخسۇس تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. يۇقىرىقى بايان ۋە پاكىتلىرىمىزغا ئاساسەن، بۇندىن 10 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردىن تارتىپ هازىرقى چاقىلىق ناهىيەسى چىمەنتاغ يېزىسى تەۋەسىدىكى قارادۆڭ ئەتراپلىرى، قوتازبۇلاق ئېگىز تاغ باغرىلىرىدا بولغاندىن سىرت يەنە لوپ كۆلىنى مەركەز قىلغان هالدا يەنە بىر تۈركۈم ئاهالىنىڭ ياشىغانلىقىنى كۆرستىشكە بېتەرلىك. بۇلار ئىزچىل هالدا مۇشۇ زېمىنلاردا ياشىغان بولۇپ (ئالتۇنتاغ باغرىدا ياشىغانلارنىڭ تەقدىرى نامەلۇم)، كېيىنكى دەۋرلەردە كىروران شەهىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەهەرلەرنى بەرپا قىلغۇچى كىرورانلىقلارنىڭ ئەجدادى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ تارىخى ئەمەلىيەتتە بۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيە تارىخىدىن ئىبارەت، ئېكولوگىيە ئۇقتىسىدىن ئالغاندا تارىم، كۆنچى ۋە چەرچەن دەريالىرىنىڭ تارىخىدىن ئىبارەت. چۈنكى يۇقىرىقى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئۆزگىرىشى مۇشۇ رايوننىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. هازىرغىچە مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارنىڭ ماتېرىياللىرىغا قارايدىغان بولساق، تارىخىي ئىزنالارنى دەريا ـ ئېقىنلار بويلىرى بويىچە تونۇشتۇرغان ئەهۋالدىن كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەدىمكى ئىزلار جايلاشقان ئورنىدىنلا بۇ هالەتنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. لوپ رايونىدىكى تارىخىي ئىزلارنى مۇنۇ بەش رايونغا جايلاشقان هالەتتە چۈشىنىش مۇمكىن. 1 ـ رايون: كىروران شەهەر قەلئەسى يەنى LAنى مەركەز قىلغان هالدا جايلاشقان خارابىلىكلەر، بۇلار خېلىلا كۆپ يەنى LB، LC، MA، FO، LD، LE، LG، LI، LJ، LL، LF، LQ ۋە توپىلىق خارابىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ خارابىلەر ئاساسەن لوپ كۆلى بويىغا جايلاشقان. يۇقىرىقى خارابىلەر كۆنچى دەرياسىنىڭ بۇ يەرگە ئېقىپ كېلىپ، لوپ كۆلىگە قۇيۇلۇش ئېغىزىدا شەكىللەندۈرگەن ئۈچ بۇلۇڭلۇق رايونغا جايلاشقان. 2 ـ رايون يۇقىرىقى خارابىلەرنىڭ غەربىي شىمال ۋە شەرقىي تەرەپلىرىگە جايلاشقان. بۇ رايوندىكى خارابىلەر LK نى مەركەز قىلغان هالدا LL، LM، LN، LR قاتارلىق خارابىلەرنى كۆرستىدۇ. بۇ خارابىلىكمۇ كۆنچى دەرياسىنىڭ قەبرەغول ئەتراپىدىكى يارداڭبۇلاقتىن

غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئاققان تارامنى بويلاپ جايلاشقان. 3 ـ رايون كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەبرەغولنى مەركەز قىلغان هالدا LS، LT ئىزنالىرىنى كۆرستىش مۇمكىن. 4 ـ رايون كۆنچى دەرياسىنىڭ ياپچانلىق كۆلى بويىدىن جەنۇبقا ئاققان قۇم دەريا ناملانغان ئېقىن بويىدىكى قەبرىستانلىقنى مەركەز قىلغان هالدا بايقالغان 20دەك ئىزنانى كۆرستىدۇ. 5 ـ رايون كۆنچى دەرياسى بويىدىكى يىگىپەن خارابىلىكىنى مەركەز قىلغان هالدا جايلاشقان شەهەر، قەبرىستان ۋە ئىزنالارنى كۆرستىدۇ. يۇقىرىقى بەش رايوننىڭ گۆللىنىش ۋە خارابىلىشىشىنى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىن مىقدارى، ئېقىنىنىڭ يۆتكىلىشى بەلگىلىگەن. يېزىق تارىخىدىن بۇرۇنقى دەۋردىن ئالغاندا، ئارخېئولوگىيەلىك بايقالما ئىزلىرى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى يەنىلا كۆنچى دەرياسى ئەتراپىدا بولغانلىقىنى كۆرستىپ بەردى. هازىرغىچە بايقالغان تارىخىي ئىزلاردىن قارىغاندا، ئەڭ بۇرۇنقى تارىخىي ئىزلار كۆنچى دەرياسى بويىدا، مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان، ئىزچىل داۋاملاشقان تارىخ تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىغا باغلىنىدۇ.

قۇم دەريا قەبرىستانلىقى ۋە قەبرەغولدىن بىر تۈركۈم مۇمىيا (مېيىت)لار تېپىلدى، ئانتروپولوگلار مۇمىيالار ئۈستىدە تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، بۇ ئاهالىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ ئىرقىي جەهەتتىن ياۋروپا ئىرقىغا تەۋەلىكى مەلۇم بولدى. بەزى كىشىلەر مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئۇلارنى بۇندىن 3 ~ 4 مىڭ يىللار مۇقەددەم غەربتىن شەرققە كۆچۈپ كەلگەن ياۋروپالىقلار دەپ بايان قىلىشتى، ناۋادا ئۇلار ياۋروپالىق يەنە كېلىپ بۇندىن 3 ~ 4 مىڭ يىللار بۇرۇن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن بولسا، بۇندىن 7 ~ 8 مىڭ يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە مۇشۇ يەردە ياشىغان ئاهالىلەر كىم؟ دېگەن سوئالنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي.

ئانتروپورولوگىيە ئىلمىنىڭ نامى anthropos ۋە logos سۆزلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان، (خەنزۇچە 人类学 ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى) دېيىلىدۇ. بۇ ئىلىم ئادەم بەدىنىنى فىزىيولوگىيە ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىدۇ. ئانتروپولوگىيەنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناهايىتى كەڭرى، بۇ يەردە ئېيتماقچى بولغىنىمىز، قەدىمكى قەبرىلەردە ياتقان ئاشۇ مۇمىيالارنىڭ تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق هازىرقى كىملەرگە يېقىن كېلىدىغانلىقى ياكى بۇ ئىنسانلارنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئېنىقلىماق بولىدۇ، بەزى كىشىلەر ئىرق بىلەن مىللەتنى تەڭلەشتۈرۈۋالغانلىقتىن، قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ مىللەت تەركىبىگە هۆكۈم قىلماق بولىدۇ. ئىرق شۇ ئىنسانلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك هالىتىگە باغلىق بولسا، مىللەت تارىخ كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ ئۇقۇمدۇر. بىر مىللەتكە تەۋە بولغان كىشىلەر ئىچىدە بىر ياكى بىرقانچە ئىرقىي ئالاھىدىلىك بار ئىنسان توپلىرى بولۇشى مۇمكىن. مىسالەن: شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى ئالساق، هازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە قىسقا باشلىق ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، كونىمىزدىكى

ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە ئىككى دەريا ۋادىسى تىپى (بەزى ئالىملار پامىر ـ پەرغانە تىپى دەپ ئاتايدۇ)غا يېقىن كېلىدۇ[1]. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىقى ئىرقىي ئالاھىدىلىكتىن باشقا يەنە جەنۇبىي سىبىرىيە تىپىغا يەنى موڭغۇل ئىرقى بىلەن ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئارىسىدا تۇرىدىغان ئىرقىي ئالاھىدىلىكمۇ بولغان. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىچە، خوتەن، كېرىيە ۋە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇب تەرەپلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئىرقىي جەھەتتىن ئىككى دەريا تىپىغا يېقىن كېلىدۇ. يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى، كەلپىن، ئاقسۇ، پەيزىۋاتتىكى ئۇيغۇرلاردا جەنۇبىي سىبىرىيە تىپى ئالاھىدىلىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى قومۇل، تۇرپان، كورلا رايونلىرىدىكىلەرمۇ جەنۇبىي سىبىرىيە تىپىغا يېقىنلىشىدۇ. لوپلۇقلار (تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا) ئارىسىدا شىمالىي جۇڭگو رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئارىلاشقان[2]. ئانتروپولوگىيە ئىلمىدە ئىرقىي ئالاھىدىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، جۈملىدىن ئادەملەرنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى، چېچى، بۇرنى، ساقال ـ بۇرۇت تۈكلىرىنىڭ قويۇق ـ شالاڭلىقى، ئۇچلەمچى تۈك قاتلىمى قاتارلىقلارغا قاراپ ئايرىلىدۇ. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئىرقىي جەھەتتىن كۆپ خىل بولۇش بىلەن بىرگە ياۋروپا ئىرقى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، شۇنداقلا موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشقان.

تىلىمىزدىكى گېن سۆزى ئىنگلىز تىلىدىكى gene سۆزىدىن قوبۇل قىلىنغان، بۇ سۆز خەنزۇچىغا 基因 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ھاياتلىقتىكى ئىرسىي ماددا گېن خىروموسوما ئىچىدىكى ناھايىتى كىچىك شارچە، شۇنداقلا ئىرسىي ئۇچۇرنى ئېلىپ يۈرگۈچىدۇر. گېن ئادەتتە ئۆزگەرمەستىن بىر ئەۋلادتىن يەنە بىر ئەۋلادقا كۆچىدۇ. ئادەم تېنىدە 10 مىڭدىن 80 مىڭغىچە گېن بولىدۇ، بۇلاردىن 90% پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق، پەقەت 10%لا خاسلىققا ئىگە بولغاچقا پەرقلىنىدۇ. مانا شۇ ئازغىنە ئىرسىي پەرق — گېن كۈنىمىزدىكى ئىنسانلارنى نەچچە مىڭ يىللىق مۇمىيالار بىلەن بېقىنلاشتۇردى، مۇشۇ تېخنىكا كىشىلەرگە ئۆز ئەجدادىنى تېپىپ بەرمەكتە. ئالىملار مۇمىيالارنىڭ DNAسىدىكى ئىرسىيەت ماددىسى بولغان گېننى ئايرىۋېلىپ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىنى كۈنىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ DNA تۈزۈلۈشىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەجداد ـ ئەۋلاد ۋارىسچانلىقىنى بېكىتىدۇ. ناۋادا مۇشۇ مۇمىيالارنىڭمۇ DNA سى تەكشۈرۈلۈپ تەتقىق قىلىنسا، ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى تېخىمۇ ئېنىق بولغان بولاتتى. ئىلىم ساھەسىدە كۆپىنچە بۇندىن 4000 يىللار بۇرۇن بىر قىسىم ياۋروپا ئىرقىدىكى ئاھالىنىڭ تارىم ۋادىسىغا كىرگەنلىكى ھەققىدە نەزەرىيە ئۈستۈنلۈك ئىگىلەپ تۇرماقتا، لېكىن ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋردە يەنى تاش قوراللار

①② خەن كاڭشىن: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى توغرۇلۇق ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سانى، 9 ـ، 10 ـ بەتلەر.

زاماندا بۇ يەردە بىر تۇركۇم ئاھالىنىڭ ياشىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، ئۇنداقتا مۇشۇ يەردە ئەسلىدىن تاش قوراللارنى ياساپ ھايات كەچۈرگەن ئاشۇ كىشىلەر قايسى ئىرققا تەۋە ئىدى؟ كېيىنچۇ؟ دېگەن مەسىلە تېخى جاۋابسىز تۇرماقتا. بەزى ئالىملار ياۋروپا ئىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋروپاغا كۆچكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، دېگەن پەرەزلەردىمۇ بولماقتا. ئىلىم ـ پەننىڭ يەنىمۇ يۈكسىلىشى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىمۇ ھازىرلانغۇسى. ئومۇمەن ئالغاندا، ئىرق ۋە مىللەتتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر. ھازىرقى تارىخ تەتقىقاتى ۋە ئىرقىي جەھەتلەردىكى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلىنىدىغان بولساق، ئىرقىي جەھەتتىن ساپ مىللەت بولمايدۇ. بىر مىللەتكە تەۋە ئىنسان تۇركۇمى ئىچىدە بىرقانچە ئىرققا تەۋە كىشىلەرنىڭ بولۇشى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسىدۇر. خەن كاڭشىن «ئانتروپولوگىيە جەھەتتىن ئۇيغۇرلار بىر خىل ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىراخېكىفاللىق پامىر ـ پەرغانە ياۋروپا ئىرقى تىپى ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ تىپقا موڭغۇلوئىد ئامىللىرىمۇ ئارىلاشقان»[1] دەپ يازغان. مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىدىكى نوپۇزلۇق ئالىم، تارىخشۇناس لىن گەن ئارخېئولوگىيە ۋە يازما ئۇچۇرلارغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشىچە، تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئورا كۆز، قاڭشارلىق ئىكەن، ئۇلار ياۋروپا ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقى مەۋجۇت مۇھىتتا بارلىققا كەلگەن، دەپ قارىغان[2].

زامانىۋى تېخنىكا DNA ئارقىلىق قەدىمكى جەسەتلەر ۋە ھازىرقى ئىنسان تۈركۈملىرىنى تەتقىق قىلىش 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى ئىلىمدۇر. DNA تېخنىكىسى قەدىمكى جانلىقلارنىڭ جەسەتلىرىدىن DNA مولېكۇلالىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ گېن تەرتىپىنى ئېنىقلاپ چىقىدىغان ھەمدە ھازىرقى جانلىقلارنىڭ DNAسى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئارىدىكى گېن ۋە قان ۋارىسچانلىقىنى ئېنىقلىغىلى بولىدىغان زامانىۋى ھەم ياش ئىلىم. بۇ تېخنىكىلارنى قوللىنىش ئارقىلىق ھازىرقى ئىنسانلار ئىچىدە قايسى توپنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى قايسى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا، ئۇزۇنغا قالماي تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بۇ مەدەنىيەت بەلبېغىغا جايلاشقان ئاھالىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ كىملىكى، بۇ DNA تېخنىكىسى ئارقىلىق ئېنىقلانغۇسى.

ئارخېئولوگىيە بۇندىن 3000 يىللار بۇرۇن كىروران كۇلتۇرىنىڭ خېلى يۇقىرى تەرەققىيات سەۋىيەسىدە تۇرغانلىقى، ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت ياراتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇندىن 2500 يىللار بۇرۇن بۇ رايوندا شەھەر قەلئەلىرىنى سېلىپ

① ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك تىپى مەسىلىسى»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، 1998 ـ يىللىق 1 ـ توپلام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 145 ـ بەت.

② لىن گەن: «قەدىمكى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە يېڭى بايان»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 146 ـ بەت.

شەھەر بەرپا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئارخېئولوگىيەلىك يىل دەۋرى بېكىتمىسى ئېلان قىلىنمىدى، ئەمما «تارىخىي خاتىرىلەر»دە كۆرۈلىدىغان، مىلادىيەدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بايانلاردىن شەھەرلەرنىڭ مۇشۇ دەۋردىن خېلى بۇرۇنلا بەرپا قىلىنغانلىقىنى بىلەلەيمىز، شەھەر قەلئەسىنى ئەسلىدىكى سېپىلنىڭ ئۈستىگە سېلىش ياكى قايتا سېلىش ئېھتىماللىقىنى رېئاللىقتىن يىراق دېيەلمەيمىز. ھازىر كۆرگەن سېپىل قۇرۇلمىسىغا قاراپلا شەھەر سېپىلىنى مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە بەرپا قىلىنغان دەپ ھۆكۈم قىلىۋاتىمىز، ئەمەلىيەتتە «تارىخىي خاتىرىلەر»دىكى يازما مەلۇمات، كىروران شەھىرىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە مەۋجۇتلۇقىنى ئىزگە يەتكۈزۈپ بەردى، پاكىت بولمىغان ئەھۋالدا بۇنى «ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ» دېگەن شەرت بىلەن قارايمىز. ئەمدى بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۈرۈپ، ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كىروران ئېلىنىڭ تارىخى نامىدا بايان قىلىمىز، چۈنكى يازما ماتېرىياللار كىروران شەھىرى ۋە كىروران ئېلىنىڭ مىلادىيەدىن نەچچە ئەسىرلەر بۇرۇن مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

# تۆتىنچى باب كىروران ئېلىنىڭ تارىخى

كىروران ئېلى ئۇزاق تارىخى ۋە كۇلتۇرى بىلەن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇ يوقالغىنىغا ئۇزۇن زامانلار بولسىمۇ، تارىم ۋادىسى ھەم يىپەك يولىغا ئائىت ھەربىر تارىخنامىدە زىكىر قىلىنىپ تۇردى. 1900 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كىروران خارابىسىنىڭ تېپىلىشى ھەمدە 1901 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قېزىپ تەكشۈرۈلۈشى بىلەن، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ تارىخي مەنبەلەردە يېزىلغان كىروران شەھىرى ئىكەنلىكى جاھانغا نامايان بولدى. شۇندىن بېرى كىروران رايونىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە بۇ توغرۇلۇق تەتقىقات توختاپ قالغىنى يوق. كىرورانلىقلارنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئورنى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى، تارىخى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش، ساۋاق ۋە ئىلھام ئېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلماقتا. ھازىرغىچە شۇ خۇسۇستا ئۇيغۇرچە تىل ـ يېزىقتا ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، مەخسۇس ۋە سىستېمىلىق تەتقىقات ئەسىرى ۋۇجۇدقا كەلمىدى. بىر ئەسىرلىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، كىروران ئېلى قاچان قۇرۇلغان؟ ئۇنىڭ پايتەختى قەيەر؟ قانداق ۋەيران بولغان؟ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى قانداقلارچە شۇ دەۋرنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن؟ ئۇلار قانداقلارچە مۇكەممەل قانۇنلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان جەمئىيەتكە قەدەم قويغان؟... دېگەندەك نۇرغۇن سىرلار تېخى تىلسىم پېتى تۇرماقتا، بۇ مەسىلىلەردە ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن پايدىلانغان ھالدا، قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە پىكىر بايان قىلىشقا تىرىشىمەن.

## 1. يازمىلاردىن كىروران ئېلىنىڭ تارىخىغا نەزەر

كىروران ھەققىدىكى يازما ئۇچۇرلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن باشلىنىدۇ، بۇ ھەقتە ئەڭ دەسلەپ ئۇچۇر بەرگۈچى سىما چيەن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 145 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 86 ـ يىللار ئەتراپىدا ۋاپات بولغان) بولۇپ، ئۇ «تارىخىي خاتىرىلەر» (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 104 ـ يىلى يېزىشقا باشلىغان، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 91 ـ يىلى تاماملىغان)دە كىروران ھەققىدىكى تۇنجى يازما ئۇچۇر بەرگەن: «... روران، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنچىتىلدى. ھەممىسى ھۇنلارغا تەۋە بولدى. بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى.» بۇ پارچە ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر (مەتە)نىڭ خەن سۇلالىسى پادىشاھىغا يازغان مەكتۇپىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت. بۇ مەكتۇپتا يېزىلغان روران خەنزۇچە مەتىندە 楼兰 دەپ يېزىلغان، دەل كىروران ئېلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جۈملىلەردىن كىروران ئېلىنىڭ مىلادىيەدىن 176 يىل بۇرۇن ھۇن

تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىروران ئېلىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 176 - يىلىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىلا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيىتى بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز، ئەمما ئۇنىڭ زادى قاچان قۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولمىغاچقا، قاچاندىن باشلاپ كىروران ئېلىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمىز. ۋاڭ بىڭخۇا «كىروران بەگلىكى دېگەندە، بۇ ئۇقۇم تەبىئىي يوسۇندا خەن دەۋرى بىلەن باغلىنىدۇ، بۇ تەھلىلگە قوشۇلمايمىز. قۇملۇقتىكى قەبرىستانلىقنى قېزىش ئارقىلىق رەتلەپ چىقىلغان 1980 - يىلى 4 - ئايدا كىروران قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىكى خەن دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن چىققان ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بىزنىڭ بۇ ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەتنىڭ چوقۇم خەن دەۋرىدىن بۇرۇن ئىكەنلىكىگە بولغان چۈشەنچىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى»① دەپ يازغان. بەزى تەتقىقاتچىلار يۇقىرىقى يازما ئۇچۇرغا ئاساسەن، كىروران بەگلىكىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردە قۇرۇلغان دەپ قاراۋاتىدۇ، بۇ بىرتەرەپلىمە قاراش بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە كىروران بەگلىكىنىڭ ھۇنلارغا قارام بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، خالاس. يۇقىرىدا كۆرگەندەك كىروران ئېلى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 176 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ھۇنلارغا ئولپان تۆلەيدىغان قارام بەگلىككە ئايلانغان.

ھۇن ئىمپېرىيەسىنى باتۇر (مەتە) تەڭرىقۇت مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى قۇرغان. بۇ ئىمپېرىيە شۇندىن باشلاپ مىلادىيە 216 - يىلى يىمىرىلگۈچە، يالغۇز غەربىي يۇرت تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جۇڭگونىڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار خەنزۇچە كىلاسسىك مەنبەلەردە كەڭ دائىرىدە خاتىرىلەنگەن. ئۇ كۈچەيگەن ۋاقىتلاردا تېررىتورىيەسى جەنۇبتا سەددىچىنىنى پاسىل قىلىپ شەرقتە لياۋخېغىچە، غەربتە پامىرغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە سوزۇلغان. كۈچەيگەن چاغدىكى ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئەڭ كەم دېگەندىمۇ 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنىڭ بولغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتلار بار. ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئەينى دەۋردە شەرقىي ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ھاكىمىيەتلەردىن ھېسابلىناتتى، ئۇنداقتا ھۇنلار خەن سۇلالىسىگە تەھدىت سالغىنىدا نېمە ئۈچۈن كىرورانىنى ئۆز ئىشغالىيىتىگە ئالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؟ بۇنىڭدا بىرقانچە مەسىلە بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى، كىرورانىنىڭ غەربىي يۇرتقا بېرىشتا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن بولغانلىقىدىن ئىبارەت، ئەمما بۇ خەن سۇلالىسى ئۈچۈنلا شۇنداق. ئىككىنچىدىن غەربىي يۇرتتا كۈچلۈك ھاكىمىيەتتىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.

«تارىخىي خاتىرىلەر» 123 - جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى»دە: «شەرقىدىكى رايونلاردا سۇ شەرققە ئېقىپ، لوپ كۆلى (盐泽)گە قۇيۇلىدىكەن. لوپ كۆلىنىڭ سۇيى يەر تېگىدە يوشۇرۇن ئاقىدىكەن... روران ۋە قۇسنىڭ بەزى شەھەر ۋە قورغانلىرى لوپ كۆلىگە

① ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1982 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 706 - بەت.

يۇزلىنىپ تۇرىدىكەن. لوپ بىلەن چاڭئەننىڭ ئارىلىقى 5000 يول[1] كېلىدىكەن. هۇنلارنىڭ غەربىدىكى قەبىلىلىرى لوپ كۆلىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، لوڭشى سەددىچىنىگە يېتىپ بارىدىكەن. جەنۇبىي چياڭلار ئېلىگە تۇتىشىپ خەن سۇلالىسىنىڭ پەرغانە ۋە توخرىغا بارىدىغان يولىنى توسۇپ تۇرىدىكەن... روران، قۇس قاتارلىق قاتناش يولىنىڭ ئاغزىدىكى كىچىك بەلگىلىكلەر خەن ئەلچىسى ۋاڭ خۇي قاتارلىقلارغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ»[2] دېيىلگەن. بۇ ئۇچۇرلار كىروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا جۇملىدىن لوپ كۆلىگە يېقىن رايوندا ئۇنىڭ شەھەرلىرى بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ ئۇچۇر يەنە كىروران شەھىرىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ بىرقانچە شەھەردىن تۈزۈلگەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىلگىرى بەزى تەتقىقاتچىلار كىروران شەھىرى قەلئەسىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلمىدى ياكى ئاز دەپ، كىرورانىنى مىلادىيەنىڭ بېشىدا ئاندىن شەھەر بولغان دەپ قارىغاندى. ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدا كۆرگەن تارىخىي يازما پاكىت ۋە ئارخېئولوگىيەدە بايقالغان ئىزلار، كىروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمدىنلا كىرورانلىقلارنىڭ پائالىيەت ئورنى بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە، يەنە بىر نۇقتىنى ئېيتساق سېپىلى ياكى قورغىنى بار شەھەر ئىكەنلىكى 城郭 سۆزلىمىدىن مەلۇم بولىدۇ. تارىخىي ئىزلاردىن چىققان تېپىلمىلار، كىروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى جايلاردا ياشىغان ئىنسان تۈركۈمىنىڭ مۇشۇ رايوندا ياشاش جەريانىدا تەدرىجىي كۆچۈم ئولتۇراقلىشىپ شەھەرلەرنى بەرپا قىلغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئەلۋەتتە، شەھەرنىڭ بەرپا بولۇش ياكى بولماسلىقىنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سېپىل - قورغانلىرىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى بىلەن ئۆلچەش مۇۋاپىق بولمايدۇ. كىروران شەھىرى دەپ قارىلىۋاتقان قەلئەنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىلمىي يەكۈن يوق، يازما خاتىرىگە ئاساسلانغاندا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن بۇرۇن قۇرۇلغان بولۇپ چىقىدۇ. مۇشۇنداق ئىكەن، كىرورانىنى مىلادىيەنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان شەھەر دېيىشكە ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. ھازىرقى بايقالغان تارىخىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ دائىرىسىدىن قارىغاندا، كىروران شەھىرى خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تارىخىي ئىزلارنىڭ دائىرىسى 100 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. يازما ماتېرىياللارنىڭ بولماسلىقى سەۋەبلىك، كىرورانىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن بۇرۇنقى تارىخىي ۋەقەلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز يوق. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 176 - يىلى ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، خېلى مەزگىلگىچە ھۇنلار ئېۋەتكەن نازارەتچىنىڭ

① شۇ ۋاقىتتىكى 1 يول مۇساپە ھازىرقى 417.53 مېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

② سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ 24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 490 - بەت.

نازارىتىدە، ھۇنلارغا باج ـ خىراج تۆلەپ، ھۇنلار مەنپەئەتىگە زىيان سالمىغان ھالدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى يەنىلا كىرورانلىقلار ئىدارە قىلغان. كىروران ئېلى ھۇنلارغا تەۋەلىك بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ئولپان تۆلەپ، ئۆزىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقىنى، جۈملىدىن ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان.

كىروران ئەينى ۋاقىتتا شەرق ۋە غەربنىڭ سودا، مەدەنىيەت ئالاقە لىنىيەسى بولغان يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇش بىلەن بىرگە، نىسبەتەن كۈچلۈك ھاكىمىيەت بولغاچقا، شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى كۈچلۈك ھاكىمىيەت خەن سۇلالىسى ۋە ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ ئىشلىرىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەچكە، ئۇلار ھەر ئاماللار بىلەن كىرورانىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىنتىلىپ كەلگەن، بۇنىڭغا «تارىخىي خاتىرىلەر»دىكى «جاۋپونۇ 700 نەچچە چەۋەنداز بىلەن ئالدىنئالا كېلىپ، كىروران بېگىنى ئەسىر ئالدۇ ۋە ئارقىدىنلا قۇسنى ئالدۇ»[①] دېگەن بايانى ۋە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى فۇ جيېزى باشچىلىقىدىكى خەن سۇلالىسى خەنجەرۋازلىرىنىڭ كىروران بېگى ئامگوكانى خەنجەرلەپ ئۆلتۈرگەنلىكى دەلىل بولالايدۇ. جاڭ چيەن باكتىرىيە بىلەن بولغان ئالاقىنى راۋانلاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ يولدا غەربتىكى ئەل ـ يۇرتلارغا بارىدىغان ئەلچىلەرنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، غەربىي يۇرتتىكىلەرنىڭ ئېرىشىدىغىنى كۆپىيىپ، خەن سۇلالىسىدىن كېلىدىغان سوۋغىغا ئانچە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغان. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، خەن سۇلالىسىنىڭ كۆرەڭ ئەلچىلىرى ھە دېگەندە كىرورانلىقلارنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ زىيان سالغان. بۇ ھەقتە يەنە يۇقىرىقى ئەسەردە مۇنداق بايانلار بار: «... شىمالدىن جيۈچۈەن ئارقىلىق باكتىرىيەگە بارىدىغان يول راۋانلىشىپ، ئەلچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. نەتىجىدە چەت ئەللىكلەر خەن سۇلالىسى سوۋغىلىرىغا، پۇل ـ ماللىرىغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بىلگە تۆرە چەت ئەلگە بارىدىغان يولنى ئېچىپ، ھۆرمەتلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان كىچىك ئەمەلدارلار چەت ئەلدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىزگە بولغان پايدىسى توغرىسىدا يۇقىرىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئەلچى بولۇشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. خەن ۋۇدى بۇ ئەللەرنىڭ ئىنتايىن يىراقلىقى، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ماقۇل بولىدۇ ۋە ئەلچىلىك گۇۋاھنامىسى بېرىدۇ. ئادەتتە ئەمەلدارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلماستىنلا ئۇلارغا ئادەم قوشۇپ چەت ئەلگە ئەۋەتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئالاقە باغلاش دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى بولىدۇ، بۇ ئەلچىلەر بېرىش ـ كېلىش جەريانىدا دۆلەتنىڭ پۇل ـ ماللىرىغا خىيانەت قىلىپ، ئوردىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىدۇ. خەن ۋۇدى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان مۇنداق ئەلچىلەرنى جازالىغان بولسىمۇ، يەنىلا پۇل تۆلەپ جىنايىتىنى يۇيۇشقا

---

① سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ 24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 504 ـ بەت.

بۇيرۇپ، ئۇلارنى يەنە ئەلچى بولۇشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئەلچى بولۇش پۇرسىتى كۆپ بولغانلىقتىن جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن قورقمايتتى. يەنە باشقا ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرمۇ چەت ئەللىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلىرىنى مۇبالىغە قىلىپ، كۆككە كۆتۈرەتتى. ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ مۇبالىغىچىلەرگە رەسمىي ئەلچىلىك گۇۋاھنامىسى، كىچىكرەك مۇبالىغىچىلەرگە نائىب ئەلچىلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى قۇرۇق گەپ ساتىدىغان پەزىلەتسىز كىشىلەر بەس ـ بەستە ئۇلارنى دوراشقا باشلايدۇ. چەت ئەللىكلەر ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەر خىل گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ، ئارىلىق يىراق، خەن لەشكەرلىرى بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ دەپ قاراپ، خەن ئەلچىلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمەي قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى. خەن ئەلچىلىرى ئاشلىقتىن ئۈزۈلۈپ، ئاچ قېلىپ ئۇلاردىن نارازى بولىدۇ، ھەتتا ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدۇ. كىروران، قۇس قاتارلىق قاتناش يولىنىڭ ئېغىزىدىكى كىچىك بەگلىكلەر خەن ئەلچىسى ۋاڭ خۇي قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدۇ.»① مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى كىروران قاتارلىق ئەللەرنىڭ شەھەرلىرىنىڭ كىچىك، ئاھالىسىنىڭ ئاز، ھەربىي كۈچىنىڭ ئاجىز، ئاسانلا يەڭگىلى بولىدىغان ئوبيېكتىپ ئاخباراتقا ئېرىشكەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 108 ـ يىلى خەن ۋۇدى ئەگەشكۈچى بەگ جاۋ پونۇنى لەشكەر بېشى قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرگە ھۇجۇم قىلغان. جاۋ پونۇ 700 نەچچە چەۋەنداز بىلەن كىروران ۋە قۇس قاتارلىق ئەللەرگە ئالدىن يۈرەر قىسىم بولۇپ ھۇجۇم قىلغان ھەمدە كىروران بېگىنى ئەسىر ئالغان. ۋاڭ خۇي خەن خاقانىغا ئەرز ـ داد ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇمۇ ھوقۇققا ئېرىشىپ كىرورانغا ئەسكەر باشلاپ ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقان. ئۇلار غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جاۋ پونۇ ۋە ۋاڭ خۇيلارنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن. ئەلچى، سۇخەنچىلەرنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن پەرغانىنىڭ تۇلپارلىرىغا كۆزى قىزارغان خەن خاقانى پەرغانىگە قوشۇن ئەۋەتكەن، پەرغانىگە ھۇجۇمغا ماڭغان خەن قوشۇنى كىروراندىن ئۆتكەن، بۇ ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر شەھەرلەرنىڭ قورغانلىرىنى مەھكەم ساقلاپ، ئۇلارغا ئاشلىق بېرىشنى رەت قىلغان، شەھەرلەرنى ئالالىغانلارلا ئاشلىققا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئالالمىغانلىرى ئاشلىققا ئېرىشەلمىگەن، بىرقانچە كۈن ئۇرۇشۇپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇشقا مەجبۇر بولغان. پەرغانىگە قىلغان بۇ يۈرۈشتە ئارقا سەپتىن ئايرىلىپ قالغان خەن قوشۇنلىرى زور تالاپەت بىلەن مەغلۇپ بولۇپ قايتقان. بۇ ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن خەن خاقانى «دۇنخۇاڭدا جيۇچۇەن تۇتۇق بېگى تەسىس قىلىپ، غەربتە لوپ كۆلىگىچە مەنزىل ـ ئۆتەڭلەرنى قۇردى. بۇگۇردە بىر نەچچە يۈز چېرىك تۇرغۇزۇپ، تېرىقچىلىق قىلىپ، تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا

① سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ 24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 502 ـ، 503 ـ بەتلەر.

ئەمەلدارلارنى بېكىتىپ، چەت ئەللەرگە بارىدىغان خەن ئەلچىلىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئاشلىق توپلىدى.»[①] يۇقىرىقىلارغا قارىغاندا، كىروران ئېلى گەرچە ھۇنلارغا قارام بولغان بولسىمۇ، ھەممىشە ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى ۋە خەن سۇلالىسى ئارىسىدا بېسىمغا ئۇچرىغان، جۈملىدىن ئىككى تاش ئارىسىدىكى ياڭاقتا ئايلىنىپ قالغان. خەن سۇلالىسى ھۇنلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن غەربتىكى ئەللەردىن ئىتتىپاقداش ئىزدەپ زور تۈركۈمدە ئەلچىلەرنى يولغا سالغان، ئەپسۇسلىنارلىقى كىروران قاتارلىق بۇ كىچىك ئەللەرگە كېلىدىغان بېسىم كۆچىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئىككى ئارىدا زىددىيەت پەيدا بولغان، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىدىن بەزىلەر ھەتتا ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغان كىرورانلىقلارنى بۇلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشكەن، نەتىجىدە كىرورانلىقلار ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى توختاتقان، شۇڭلاشقا خەن خاقانى لەشكەر ئېۋەتىپ بۇ ئەللەرگە ھۇجۇم قىلغان ھەمدە يوللارغا ئۆتەڭ، قورۇقچى مەھكىمىلەرنى تەسىس قىلىپ، تېرىقچى ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىپ ئاشلىق جۇغلاپ، ئەلچىلىرىنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشكە مەجبۇر بولغان.

«تارىخىي خاتىرىلەر»دىن كېيىن يەنە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان ئەسەر «خەننامە»دىن ئىبارەت. «خەننامە» مىلادىيە 32 - يىلىدىن 92 - يىلىغىچە ياشىغان بەن گۇ تەرىپىدىن يېزىلغان، خەن سۇلالىسىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 - يىلىدىن مىلادىيە 23 - يىلىغىچە بولغان دەۋرىنىڭ تارىخىدۇر. زور ھەجىملىك بۇ تارىخ كىتابىدا كىرورانغا ئائىت قىممەتلىك ئۇچۇرلار يىغىلغان، «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ داۋامى بولغان بۇ ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن ئۇچۇرلار، ئۇوردا خاتىرىلىرىنى پايدىلانما قىلغاندىن سىرت، يەنە خەن سۇلالىسى ئادەملىرىنىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدە يەتكۈزگەن مەلۇماتلىرىدىن كەلگەن.

«خەننامە» 96 - جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى (1)»دە مۇنداق ئۇچۇرلار بار: «... شەرققە ئېقىپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. لوپ كۆلى ‹شورلۇق كۆل› دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لوپ كۆلىدىن يۇمېن ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 300 يول كېلىدۇ. كۆلنىڭ سۈيى تۇراقلىق بولۇپ يازدا كۆپەيمەيدۇ، قىشتا ئازايمايدۇ... يۇمېن ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقلىرىدىن چىقىپ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان ئىككى يول بار: چەرچەن (鄯善)دىن قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالى بىلەن تارىم، يەكەن دەريالىرىنى ياقىلاپ، غەرب تەرەپكە مېڭىپ يەكەنگە بارىدىغان يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ... غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەرگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۆرپ - ئادەتلىرى ھۇنلار ۋە ئۇيسۇنلارغا ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن ھۇنلارغا قارام بولۇپ كەلگەن. ھۇنلار ئۆزلىرىنىڭ باتىسقانى چاكارلار كاھېبېگى ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى

① سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ 24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 517 - بەت.

ئىدارە قىلاتتى. چاكارلار كاھبېگى دائىم ئاگنى[1]، چۇقۇ (باغراش) ۋە كۆنچى بەگلىرىنىڭ ئاربلىقىدا تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى بەگلىكلەردىن باج ئالاتتى»[2] دېيىلگەن.

«خەننامە»دە يەنە «ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن چىقىپ، ئالدى بىلەن بارىدىغان يېقىن جاي لوپ[3] — نوپ (婼羌)، نوپ بەگلىكىنىڭ بېگى ھۇنلاردىن يۈز ئۆرىگەن ئىدى. بۇ يەردىن ياڭگۇەن قوۋۇقىغا 1800 يول، چاڭئەنگە 6300 يول كېلىدۇ. نوپ يولىنىڭ ئۈستىدە بولماستىن، چەتتە غەربىي جەنۇبقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاھالىسى 450 تۈتۈن، 1750 كىشى، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 500 نەپەر. نوپنىڭ غەرب تەرىپى سارمادان[4] (且末)غا تۇتاشقان، ئاھالىسى ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، دېھقانچىلىق قىلمايدۇ. ئاشلىقنى چەرچەن[5] (鄯善) بىلەن سارمادانىدىن ئالىدۇ. تاغلىرىدىن تۆمۈر چىقىدۇ، ئالىدۇ. قوشۇنلىرى ئوقيا، نەيزە، قىلىچ، خەنجەر تۇتۇپ، ئېشەك قاۋۇت كىيىدۇ. غەربىي شىمالدا چەرچەن بىلەن تۇتىشىدۇ. چەرچەن چوڭ يولنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان.

چەرچەن (鄯善) بەگلىكىنىڭ ئەسلىي نامى كىروران، بېگى قاغان شەھىرىدە[6] تۇراتتى. بۇ يەردىن ياڭگۇەنگە 1600 يول، چاڭئەنگە 6100 يول كېلىدۇ. ئاھالىسى 1570 تۈتۈن، 14100 كىشى، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 2912 نەپەر. بىر نەپەر نائىببەگ، ھۇنلاردىن قوغدانغۇچى بەگ، چەرچەن كاھبېگى، قۇس بەگلىككە زەربە بەرگۈچى كاھبەگ، سول قول قۇتقۇ، ئوڭ قول قۇتقۇ، قۇس بەگلىككە زەربە بەرگۈچى ئىنانچى قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار، تىلماچ بەگلىككە ئىككى كىشى قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدىن قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە 1365 يول، يەنە غەربىي شىمالىدىن قۇس بەگلىكىگە 1890 يول كېلىدۇ. يېرى قۇم ۋە شورلۇق، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز بولغاچقا، قوشنا ئەللەرنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئاشلىق تېرىيدۇ ھەم باشقىلاردىن ئاشلىق ئالىدۇ، بەگلىكتىن قاشتاش چىقىدۇ. يېكەن، قومۇش، يۇلغۇن، توغراق، چىغ قاتارلىق ئۈسۈملۈكلەر كۆپ ئۆسىدۇ. ئاھالىسى كۆچمەن بولۇپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئات، ئېشەك، تۆگە كۆپ. ھەربىي قوراللارنى ياساش جەھەتتىن نوپقا ئوخشايدۇ.

باشتا خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ مەلۇماتىدىن تەسىرلىنىپ، پەرغانە قاتارلىق ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاشقا بەل باغلىغان. شۇڭا غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. بىر يىل ئىچىدە غەربىي يۇرتقا ئون نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىلىپ تۇرغان.

---

① ھازىرقى قاراشەھەر ناھىيەسىنى كۆرسىتىدۇ.

② بەن گۇ: «خەننامە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 848 - ، 849 - بەتلەر.

③ چاقىلىق ناھىيەسىدىكى ۋاششەھىرى كونا شەھىرى خارابىسىنى كۆرسىتىدۇ.

④ ھازىرقى چەرچەن ناھىيەسى تەۋەسىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە مىران كونا شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑥ بۇ شەھەر تارىخىي كىتابلاردا 扜泥، 扜泥، 欢泥 دەپ خاتىرىلەنگەن، قارۇشتى پۈتۈكلىرىدىكى khani شەھىرىدۇر.

كىروران ۋە قۇس بەگلىكلىرى يول ئۈستىدە بولغانلىقتىن يولدىن ئۆتكەن ئەلچىلەرنى تەمىنلەشتە كۆپ چىقىم تارتقاچقا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ خۇي قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ بەگلىكلەر ھۇنلارغا كۆپ ئايغاقچىلىق قىلىپ، ھۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن قوشۇن چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى: بۇ شەھەر بەگلىكلەرنىڭ شەھەر قورغانلىرى بولسىمۇ، لېكىن قوشۇنلىرى ئاجىز، ئۇلارنى تارمار قىلىش ئاسان، دەپ مەلۇمات بېرىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن خەن ۋۇدى يانداش چاپاۋۇل جاۋ پونۇنى بېقىندى ئەللەرنىڭ چەۋەندازلىرى ۋە ۋىلايەت قوشۇنلىرىدىن بولۇپ بىر نەچچە تۈمەن ئەسكەر بىلەن قۇس بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ۋاڭ خۇي كىروران بەگلىكىدىن بىر نەچچە قېتىم ئازار يېگەنلىكى ئۈچۈن، جاۋ پونۇ ئالدى بىلەن يېنىك قوراللانغان 700 چەۋەنداز بىلەن كىرورانغا بېرىپ، ئۇنىڭ بېگىنى ئەسىر ئالغان. ئارقىدىنلا قۇس بەگلىكىنى تارمار قىلغان... قايتقاندىن كېيىن جاۋ پونۇغا جويى بېگى مەنسىپى بېرىلگەن. ۋاڭ خۇيغا سەلتەنەتلىك تۆرە ئۇنۋانى بېرىلگەن. شۇنداق قىلىپ خەن سۇلالىسىنىڭ يول بويلاپ سالغان قونالغۇلىرى يۈمېنگچە يېتىپ كەلگەن.

كىروران خەن سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ تارتۇق يوللاپ تۇرغان، بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان ھۇنلار قوشۇن ئەۋەتىپ ھۇجۇم قىلغان. كىروران بېگى بىر ئوغلىنى ھۇنلارغا، يەنە بىر ئوغلىنى خەن سۇلالىسىگە تۇرغاقلىققا ئەۋەتتى... ھۇنلار كىرورانغا چەۋەندازلارنى ئەۋەتىپ، ئارقىدىن كېلىدىغان خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ يولىنى ئۈزۈپ قويماقچى بولدى. بۇ چاغدا خەن سۇلالىسى قوشۇنىدىكى ھەربىي ھەكەم رېن ۋېن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوشۇنلار يۈمېندا سۇترىشىنا سانغۇنى لى گۇاڭلى قوشۇنلىرى ئۈچۈن ئارقا قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتاتتى. ئۇلار قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر ئارقىلىق كىرورانىڭ ھۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، دەرھال خاقانغا مەلۇم قىلدى. خەن ۋۇدى رېن ۋېنغا يېقىن ئۇدۇل يول بىلەن قوشۇن باشلاپ بېرىپ، كىروران بېگىنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. قولغا چۈشكەن كىروران بېگى ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى سۈرۈشتۈرۈلگەندە، ئۇ جاۋاب بېرىپ: ‹كىچىك ئەللەر چوڭ ئەللەرنىڭ ئارىسىدا قالغانلىقتىن، ئىككى تەرەپكە تەڭ بويسۇنمىسا ھېچبىر ئامال تاپالمايدىكەن. پۇقرالىرىمنى خەن سۇلالىسى زېمىنىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇشنى خالايمەن› دەيدۇ. خەن ۋۇدى كىروران بېگىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان سۆزىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئۆز ئېلىگە قايتۇردى ھەمدە ئۇنىڭغا ھۇنلارنىڭ ھەرىكىتىنى چارلىغاچ مېڭىشنى تاپشۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇنلار كىرورانغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 92 ـ يىلى كىروران بېگى ئاغرىپ ئۆلدى. كىرورانلىقلار خەن سۇلالىسىدە تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان كىروران بەگزادىسىنى بەگ قىلىش ئۈچۈن قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن تۇرغاقتىكى كىروران بەگزادىسى خەن

سۇلالىسىنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاختىلاش جازاسىغا تارتىلغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ كىروراننىقلارغا قايتۇرۇپ بېرىلمىدى. ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋابتا: «تۇرغاق ئوغۇلنى خان ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، كىرورانغا قايتۇرۇلمايدۇ. باشقا بەگزادىلەردىن بىرىنى بەگ قىلىۋېلىڭلار» دېيىلگەنىدى. شۇڭا كىروراننىقلار باشقا بىر بەگزادىنى بەگلىككە ئولتۇرغۇزدى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇلار خەن سۇلالىسىگە يەنە بىر تۇرغاق ئوغۇل، شۇنىڭ بىلەن ھۇنلارغىمۇ بىر تۇرغاق ئوغۇل ئەۋەتتى. كىروراننىڭ كېيىنكى بېگىمۇ ئۆلدى. بۇ ئىشتىن ئاۋۋال خەۋەردار بولغان ھۇنلار كىروراننىڭ ئۆزلىرىدىكى تۇرغاق بەگزادىسىنى قايتۇرۇپ بەگلىككە ئولتۇرغۇزدى. خەن سۇلالىسى ئەلچى ئارقىلىق كىروراننىڭ يېڭى بېگىنى چاقىرتتى ھەمدە ناھايىتى نۇرغۇن ئىنئام بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇ چاغدا كىروران بېگىنىڭ كىچىك خوتۇنى (ئەسلىي ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئانىسى) بەگكە: «مەرھۇم بېگىمىز ۋاقتىدا خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىككى بەگزادىمىز تېخى قايتىپ كەلمىسە، نېمە ئۈچۈن سىلى يەنە ئۇ يەرگە بارىدىلا؟» دېدى. بەگ ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە خەن سۇلالىسى ئەلچىسىگە ئۆزرە ئېيتىپ: «مەن يېڭىدىن بەگ بولدۇم، ئەل ئىچى تېخى تىنچلانمىدى. شۇڭا يەنە بىر يىلى بېرىپ خاقانغا كۆرۈنۈش قىلارمەن» دېدى. كىروران بەگلىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئەڭ شەرقىگە جايلاشقان، خەن سۇلالىسىگە يېقىن ئىدى. قۇم تاغ دېگەن جايدا سۇ، ئوت ـ چۆپ قىس بولغانلىقتىن، كىروراننىقلار دائىم ئۆتكۈنچىلەرگە يول باشلىغۇچى بولاتتى. ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى سۇ ۋە ئاشلىق ئاپىرىپ قارشى ئالاتتى ۋە ئۇزىتىپ قوياتتى. لېكىن كۆپ قېتىم خەن سىپاھ بەگلىرى تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغاچقا، خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ پايدىسى يوق ئىكەن دەپ قارىغانىدى. كېيىن يەنە ھۇنلارغا پايلاقچىلىق قىلىپ، بىرقانچە قېتىم خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى توسۇپ ئۆلتۈرۈشتى. كىروران بېگىنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان ئىنىسى ئۇتۇش يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى خەن سۇلالىسىگە مەلۇم قىلدى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى ئۇلۇغ سانغۇن خۇگۇاڭ پېڭلى قەسىرى نازارەتچى بېگى فۇ جيېزىنى كىروران بېگىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىش توغرىسىدا مەلۇمات سۇندى. شۇنىڭ بىلەن فۇ جيېزى يەڭگىل قوراللىق باتۇر جەڭچىلەرنى باشلاپ، چەت ئەلگە ئىنئام قىلىش نامىدا كۆپلىگەن پۇل ـ ماللارنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ كىرورانغا يېتىپ كەلگەندە كىروران بېگىنى ئالداپ، ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كىروران بېگى خۇشاللىقىدا فۇ جيېزى بىلەن شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ قالدى. فۇ جيېزى ئۇنى يۆلەپ خالىي يەرگە ئېلىپ باردى. شۇ چاغدا ئىككى پالۋان ئارقا تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى خەنجەرلەپ ئۆلتۈردى. بۇنى كۆرگەن كىروران ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى پىتىراپ كەتتى. فۇ جيېزى: «كىروران بېگى خەن خاقانىغا ئاسىيلىق قىلىپ چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەچكە، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن خاقان مېنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا خەن

سۇلالىسى ئوردىسىدا تۇرۇۋاتقان ئىنىسى ئۇتۇش كىرورانغا بەگ بولىدۇ. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. قىمىر قىلماڭلار، بولمىسا پۈتۈن ئېلىڭلار هالاك بولىدۇ، دەپ جار سالدى ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئەنقۇي (ئامگوكا، 安归)نىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ چاپئەنگە تېز قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنىڭ ئۆتمۈشىنى مەلۇم قىلدى. ئەنقۇينىڭ كاللىسى ۋېياڭ ئوردىسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇلدى. خەن جاۋدى فۇ جيېزىغا يىياڭ بېگىلىك مەرتىۋىسىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇتۇش كىرورانغا بەگ بولدى. بەگلىكنىڭ نامى چەرچەن (鄯善)گە ئۆزگەرتىلىپ، تامغا ئويدۇرۇپ بېرىلدى. ئوردا ئايىملىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىندى. بەگنىڭ يولغا چىقىشى ئۈچۈن ئات هارۋا، يۈك ـ تاق تەييارلاندى. باش ۋەزىر (سانغۇن) باشچىلىقىدا نۇرغۇن ئەمەلدارلار بەگنى پايتەختتىكى گۇاڭمېن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ۋە ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ يولغا سېلىپ قويدى. بەگ خاقانغا: «مەن خەن سۇلالىسىدە ئۇزۇن تۇردۇم، مانا ئەمدى قايتىپ كېتىۋاتىمەن. ئۆزۈم يالغۇز هەم ئاجىز، ئۇ يەردە سابىق بەگنىڭ ئوغلى بار، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. بەگلىكتە[①] 伊循 شەھىرى بار، ئۇنىڭ يەرلىرى مۇنبەت. مەن خەن سۇلالىسىنىڭ شۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، ئاشلىق جۇغلاتقۇزۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. پېقىر شۇلارغا يۆلىنىپ بىخەتەرلىكىمنى ساقلىسام» دەپ ئىلتىماس سۇنغاچقا، خەن خاقانى بىر ئەمىر لەشكەر، سىپاھ بەگلەردىن 40 ئادەم ئەۋەتىپ، 伊循 شەھىرى ئەتراپىدا تېرىقچىلىق قىلدۇرۇپ، يەرلىك خەلقنى خاتىرجەم قىلدى. كېيىن ئۇ يەرگە كاھىبەگ قويدى. 伊循 ئەمەلدارلىقى مانا شۇنداق باشلاندى.

چەرچەن دەل خەن سۇلالىسى يولىنىڭ ئۈستىدە، ئۇنىڭ غەربىدىن سارمادانغا 720 يول كېلىدۇ. سارمادانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇ يېقىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاشلىق تېرىلىدۇ. يەر ۋە ئوت ـ چۆپ، دەرەخلىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ھەربىي ياراغ ئىشلەپچىقىرىشى خەن سۇلالىسىگە سەل ئوخشاپ كېتىدۇ.[②]» دېيىلگەن.

«خەننامە»دە يېزىلىشىچە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 108 ـ يىلى جاۋ پونۇ ھۇن دەرياسى (匈河) سانغۇنلىقىغا تەيىنلەنگەن. كىروران بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن جويى بېگىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن، ئۇ ئەسلىدە خەن ۋۇدى دەۋرىدە قىران چەۋەنداز سانغۇن، لەشكەر بېشى بولۇپ، كىروران بەگلىكىنى ئىشغال قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەندى، كېيىن پىرىخونلۇق قىلغانلىقتىن پۈتۈن جەمەتى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. فۇ جيېزىنى كىروران بېگىنى ئۆلتۈرۈپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى يىياڭ بېگىلىك مەرتىۋىسى بېرىلىپ،

① مۇران كونا شەھىرى خارابىسىنى كۆرسىتىدىغان بۇ شەھەرنىڭ نامىنى مەرھۇم ئىمىن تۇرسۇن هاجىم شەھىرى ئىشەم دەپ ئالغان، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا essidon شەھىرى دەپ قاراش تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ، بۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

② بەن گۇ: «خەننامە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 852 ـ ~ 856 ـ بەتلەر.

739 ئۆيلۈك ۋە يەر سۈيۈرغال قىلىنغانلىقى يېزىلغان. فۇ جېيىزى 31 يىل بەگلىك قىلىپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 ـ يىلى ئۆلگەن. ئەسەردە يېزىلىشىچە، مىلادىيە 9 ـ يىلىدىن 23 ـ يىلىغىچە دەۋر سۈرگەن شىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋاڭ ماڭ شۇ چاغدىكى نوپ بېگى تاڭدۇرنى ئۆلتۈرۈپ، غەربىي يۇرتتىكىلەرگە ھەيۋە كۆرسەتكەن.

«تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە»دىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن كىروران ئېلىنىڭ تارىخىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەر تاپالايمىز. مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىنىنى ئۆز تېررىتورىيەسى قىلغان كىروران ئېلى بار ئىدى، مۇشۇ دەۋردە چاقىلىق ناھىيەسى دائىرىسىدە يەنە نوپ ئېلى (婼羌)مۇ بار ئىدى. بۇ ئەللەردىن نوپ ئېلىنىڭ نوپۇسى ئاز يەنە كېلىپ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىدى. نوپ ئېلىنىڭ نوپۇسى 450 تۈتۈن 1750 نوپۇس، ئۇنىڭ يىپەك يولىنىڭ ئۈستىدە بولماسلىقى بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ كۆرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. نوپ ئېلىنىڭ ئورنىنى ھازىرقى كۆپىنچە ماتېرىياللاردا چاقىلىق بازىرى ئەتراپلىرىدا دەپ قارىلىۋاتىدۇ، قارىشىمچە بولغاندا ۋاششەھەرى كونا شەھىرى بولۇشى كېرەك. كىروران ئېلى چوڭراق بولۇپ ئاھالىسى 10 مىڭدىن ئاشقان، شۇ ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى كۈچلۈك ئەللەردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغانلىقى، نوپۇسىنىڭ خېلىلا كۆپلۈكى، بۇ زېمىننىڭ ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي يۇرتلىرىدىن بولغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ شەھەر ـ بازارلارنى بەرپا قىلغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئەينى ۋاقىتتا شەرقتە كۈچلۈك ئىككى ھاكىمىيەت — بىرى خەن سۇلالىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 207 ـ يىلىدىن مىلادىيە 8 ـ يىلىغىچە)، يەنە بىرى ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى بار ئىدى. ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى ئاساس قىلغان دۆلەت ئىدى، ئۇلار جەڭگىۋار چارۋىچى خەلقلەرنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ كېڭەيمىچىلىك قىلغان ۋە خەن سۇلالىسى زېمىنلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان، ئاسايىشلىق ئىزدىسىمۇ ئىمكانىيەتلەر ئاز بولغان. خەن سۇلالىسى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاپەت بولۇۋاتقان ھۇنلارنى تامامەن يوقىتىش ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر ئىزدىگەن. خەن سۇلالىسى ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىن كۆچۈپ كەتكەن ياۋچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ھۇنلارغا زەربە بەرمەكچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۇنلارنى پارچىلاش تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان. ئاكتىپ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويغان خەن سۇلالىسى بەزى ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. كىروران ۋە قۇسقا ئوخشاش ئىستراتېگىيەلىك جايلار ھە دېگەندىلا ھەر ئىككى تەرەپ كۆز تىكىدىغان مۇھىم ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغان. يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان كىروران مانا مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 176 ـ يىلى ھۇنلارغا قارام بولغان، شۇنداقتىمۇ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىدىغان، بەگلىرىنى ساقلاپ قالىدىغان، ئولپان تۆلەيدىغان نىسپىي مۇستەقىل ھاكىمىيەتكە ئايلانغان. بۇ ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر، بولۇپمۇ تارىم ۋادىسىدىكى بۇ شەھەر بەگلىكلىرى مۇستەقىل ھاكىمىيەتلەر ئىدى، نوپۇسى كۆپلىرىنىڭمۇ ئونمىڭ ياكى

نەچچە ئونمىڭلا ئاھالىسى ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى خەن ۋە ھۇن سۇلالىلىرىنىڭ كۈچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. مىلادىيەدىن 100 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، ھۇنلار پارچىلىنىپ كۆپ ئاجىزلاشتى، بۇ ۋاقىتتا خەن ۋە ھۇن سۇلالىلىرىنىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقلىرى كۆرۈلگەچكە، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا كۈچ سىڭدۈرۈشكە ئۆتتى، بۇ سىڭدۈرۈشلار كىروران ئارقىلىق ئىپادىسىنى تاپتى. كىروران دەسلەپتە ھۇنلارغا قارام بولۇپ تېكىنىنى ھۇنلارغا تۇرغاقلىقتا ئەۋەتكەن ئىدى، كىروران بېگى قازا قىلغاندا ھۇن ئېلىدىكى تېكىنى قايتىپ كېلىپ تەختكە چىققانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى قان قېرىنداشلىقتىنمۇ، ئۇلار دائىم ھۇنلار تەرەپتە تۇرغان، خەن سۇلالىسى غەربكە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەنپەئەت زىددىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇ ھەقتە سىما چيەن ۋە بەن گۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، زىددىيەت دەسلەپ ئۆزئارا بۇلاڭچىلىقتا، كېيىنچە قانلىق پاجىئەلەرگە ئېلىپ بارغان. كىروران ئېلى بۇ ئىككى كۈچلۈك ھاكىمىيەت ئالدىدا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئامالسىز ئىككى ئەلگە بىردىن تېكىن ئەۋەتىپ تۇرغاق قىلىپ بىتەرەپ تۇرماقچى بولغان، لېكىن ئارىدىكى زىددىيەت بۇ بىتەرەپلىكنى ساقلاشقىمۇ ئىمكان بەرمىگەن، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بەگلىرىدە ھۇنلارغا يان بېسىش ھەرىكەتلىرى كۆرۈلگەن. ئاقىۋەت خەن سۇلالىسى دەسلەپ كىروران بېگىنى تۇتقۇن قىلىپ ئەكەلگەن ۋە سوراق قىلغان، ئەمما كېيىنكى ۋەزىيەت ئۇلارنىڭ كۆزلىگەن يېرىدىن چىقمىغان. بۇ ۋاقىتتا يالغۇز كىروران بېگىلا ئەمەس كۇسەن، قۇس ۋە باشقىلارمۇ خەن ئەلچىلىرىنى قارشى ئالمايدىغان، ئوزۇقلۇق ۋە باشقا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىمەيدىغان بولۇۋالغان. مۇشۇ خىل ئەھۋاللارغا قارىغاندا، خەن سۇلالىسى بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ ھەقسىز مۇلازىمەت تەلەپ قىلغان بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە «خەننامە»دە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «كىروران ۋە قۇس بەگلىكلىرى يول ئۈستىدە بولغانلىقتىن، يولدىن ئۆتكەن ئەلچىلەرنى تەمىنلەشتە كۆپ چىقىم تارتقاچقا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ خۇي قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى... ئۇلار خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى سۇ ۋە ئاشلىق ئاپىرىپ قارشى ئالاتتى ۋە ئۇزىتىپ قوياتتى. لېكىن كۆپ قېتىم خەن سىپاھ بەگلىرى تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغاچقا، خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ پايدىسى يوق ئىكەن دەپ قارىغاندى»[①] دەپ يېزىلغان. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كىروران قاتارلىق ئەللەرنىڭ چىقىملىرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، ھۇن تەرەپدارلىرى كۆپەيگەن. خەن سۇلالىسى ئۆزلىرىنى كۆزگە ئىلمايۋاتقان، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى تونۇمايۋاتقان بۇ كىچىككىنە شەھەر - بەگلىكلەرنى چۆچۈتۈش، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، دەسلەپ كىروران بېگىنى تۇتقۇن قىلغان، كېيىن يوشۇرۇن قەستلەپ

① بەن گۇ: «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 854 - بەت.

ئۆلتۈرۈشنى، يەنى كىروران ۋە كۇسەن قاتارلىق ئەللەرنىڭ بەگلىرىنى ئۆلتۈرۈپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلماقچى بولغان. مۇكەممەل پىلان تۈزگەن خەن سۇلالىسى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى فۇ جيېزى باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم ئادەمنى ئېۋەتىپ ئالدى بىلەن كىروران بېگى ئامگوكانى ئۆلتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. پىلان بويىچە فۇ جيېزى قاتارلىقلار مال - دۇنيا تەقدىم قىلىمىز دەپ كىروران بېگىنى ئالداپ، بىرگە شاراب ئىچىپ، ئاندىن خەنجەرۋازلار ئۇنى خەنجەرلەپ ئۆلتۈرگەن. كىروران كىشىلىرى ئۇلارغا زەربە بەرمەكچى بولغاندا، فۇ جيېزى خەن سۇلالىسىنىڭ زور قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، ناۋادا بويسۇنمىسا پۈتۈن ئەل بويىچە قىرغىن قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ هەيۋە قىلغان، ئاقىۋەتتە كىرورانلىقلار «جان بولسا جاهان» دەپ ئەلنى ساقلاپ قېلىش نىيىتىگە كېلىشكەن. خەن سۇلالىسى كىرورانغا توغرىراقىنى ئېيتقاندا، يىپەك يولىغا بولغان كونتروللۇق هوقۇقىنى ساقلاش نىيىتىدە، ئۆزىدە تۇرغاق بولغاندا تەربىيەلەنگەن ئۇتۇش (كىروران بېگى ئامگوكانىڭ ئىنىسى)نى بەگلىككە يۆلەپ چىقارغان، خەن ئوردىسىدىكىلەردىن بىرىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ نازارەتنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. ئۇتۇش تەختكە چىققىنىدا بەگلىك نامىنى كىروراندىن چەرچەن (鄯善)گە ئۆزگەرتكەن. ئۇ گەرچە تەختكە چىققان بولسىمۇ، ئۆز قىلمىشلىرى هېسابىغا خەۋپسىرەپ كىرورانغا كىرىشكە پېتىنالماي، هازىرقى چاقىلىق بازىرى ئەتراپىنى پايتەخت قىلغان. شۇنىڭدىمۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن خەۋپ هېس قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ هازىرقى مىران ئەتراپىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ مۇهاپىزەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. شۇنداق قىلىپ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان هۆكۈم سۈرۈۋاتقان كىروران ئېلى پارچىلىنىپ كەتكەن. ئۇتۇشنىڭ كىرورانغا كىرەلمىگەنلىكىگە ئاساسەن، كىرورانىنىڭ مەلۇم ۋاقىت يەنىلا ئامگوكا ئەۋلادلىرىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. خەن سۇلالىسى بەزى جايلاردا مەهكىمىلەرنى قۇرۇپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئېرىقچىلىق قىلىپ ئۆز ئەلچىلىرىنى تەمىنلەشكە مەجبۇر بولغان. مىلادىيە 2 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى كىروران بەگلىكى چەرچەن بەگلىكىنىڭ پۈتۈنلەي تىزگىنلىشىگە ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن، خەنزۇچە مەنبەلەردە چەرچەن بەگلىكىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن چەرچەن بەگلىكىگە ئائىت ئىشلارنىلا خاتىرىلىگەن، كىروران بەگلىكى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى خاتىرىلىمىگەن. خەنزۇچە مەنبەلەردە بەگلىكنىڭ نامىنى «چەرچەن» دەپ قوللانسىمۇ، ئۇنىڭغا «ئەسلىدىكى كىروران ئېلىدۇر» دېگەن ئىلاۋە بىلەن ئېنىقلىما بېرىلگەن، مانا بۇنىڭدىن قارىغاندا كىرورانىنىڭ شان - شۆهرىتىنىڭ ئەينى زاماندىمۇ چەرچەندىن ئىبارەت بۇ بەگلىك نامىغا قارىغاندا كۆپ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. شۇ چاغدىكى بەگلىكنىڭ هاكىمىيەت يېزىقى بولغان قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە «چەرچەن» دېگەن نامنىڭ تىلغا ئېلىنماسلىقى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك، ئۇنىڭ ئەكسىچە كىروران نامى تىلغا ئېلىنغان. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، كىروران جاي نامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالماستىن چەرچەن نامى ئەينى ۋاقىتتىكى سارمادان يەنى هازىرقى چەرچەن ناهىيەسىگە

نام بولۇپ ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلىنى ئىزاھلاپ قويۇش زۆرۈركى، كىتابىمىزنىڭ قەدىمكى زامانغا بېغىشلانغان بايانلارنى ئۇچرايدىغان چەرچەن ھازىرقى چەرچەننى ئەمەس بەلكى چاقىلىقنى، چاقىلىقتا قۇرۇلغان بىر بەگلىكنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئىلگىرى كىتابلاردا كۆرۈلگەن پىشامشان يەنى 鄯善 نىڭ تەڭدىشىدۇر، ھازىرقى چەرچەننىڭ ئەينى ۋاقىتتا چالمادانا ـــ سارمادان دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى ئاساس قىلىپ، سارمادان دەپ ئالدۇق. ئەمدى ئەسلىي مەسىلىگە قايتىدىغان بولساق، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان كونتروللۇقى مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا سەل بوشاپ قالغان، چۈنكى ئىچكى ئىشلىرى ئۇلارنىڭ بۇ تەرەپلەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىغا يېتىشەلمەيدىغان قىلىپ قويغان، بۇ ۋاقىتلاردا كىروران ۋە چەرچەن بەگلىرىنىڭ كۈچلىنىشىگە پۇرسەت يارالغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى فەن يې ۋە سىما بياۋلار يازغان «كېيىنكى خەننامە» يەتكۈزگەن. فەن يې (398 ـ 446)، سىما بياۋ (؟ ـ 306) شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ 195 يىللىق تارىخىنى يېزىپ چىققان، كىروران ۋە تارىم ۋادىسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارمۇ مۇناسىپ خاتىرىلەنگەن. كىتابتىكى غەربىي يۇرت توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى يېزىشتا بەن چاۋ ۋە بەن يۇڭ قاتارلىقلار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلانغان دېيىشكە بولىدۇ. بەن گۇ بىلەن بەن چاۋ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەن يۇڭلار بىر جەمەتتىن، ئۇلار غەربىي يۇرتتا پائالىيەت قىلغان مەزگىللەردە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىگە ئاساسەن كىتاب يازغان، ئەنە شۇ ماتېرىياللار بەن گۇنىڭ ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن، ماتېرىياللىق قىممىتى خېلىلا يۇقىرى بولغان. بەن چاۋدىن كېيىن غەربىي يۇرتنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور تۆھپە كۆرسەتكەن تارىخىي شەخس بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى غەربىي يۇرتتا ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭ ئىزلىرى غەربىي يۇرتنىڭ ھەممە يېرىگە چۈشكەن. «غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» ئۇنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشى ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى ئاساسىدا يېزىلغان. فەن يې ئۇنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى «كېيىنكى خەننامە»گە كىرگۈزگەن، بۇگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«كېيىنكى خەننامە» 47 ـ جىلدتا ئەينى ۋاقىتتىكى تارىم ۋادىسىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتتىكى چەرچەن بەگلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ھايات كارتىنىلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. بەن چاۋنىڭ يەنە بىر ئىسمى بەن جۇڭشېڭ، فۇفېڭ ۋىلايىتى پىڭلىڭ ناھىيەسىدىن. سۆزمەن، زاكۇنچى كىشى ئىدى، كىتابنى ناھايىتى كۆپ ئوقۇيتتى. مىلادىيە 62 ـ يىلى ئۇنىڭ ئاكىسى بەن گۇ («خەننامە»نىڭ ئاپتورى) ئوردىغا چاقىرتىلىپ مۇھەررىر بەگلىككە تەيىنلەندى. بەن چاۋ ئانىسى بىلەن بىللە لوياڭغا كەلدى. ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، بەن چاۋ دائىم ياملىنىپ خەت ـ ئالاقىلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىپ تۇرمۇشىنى قامدىدى. ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلىگەچكە،

ئۇ قەلىمىنى تاشلىۋېتىپ ئاھ ئۇرۇپ تۇرۇپ: «قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر ئادەمنىڭ باشقا ئىنتىلىشى ۋە پاراستى بولمىغان تەقدىردىمۇ فۇ جيېزى، جاڭ چيەنلەردەك يات ئەللەردە خىزمەت كۆرسىتىپ تۆرە بولۇشى مۇمكىنغۇ، قانداقمۇ بىر ئۆمۈر يېزىش - كۆچۈرۈش بىلەن ئۆتكىلى بولسۇن» دېگەنىدى... خەن مىڭدى بەن گۇدىن: «ئىنىڭىز نەدە تۇرۇۋاتىدۇ؟» دەپ سورىدى، بەن گۇ: «يامۇلنىڭ خەت - ئالاقىلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىپ، تاپقان پۇلى بىلەن قېرى ئانىمىزنى بېقىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. خەن مىڭدى بەن چاۋنى مىرزا بەگ قىلىپ تەيىنلىدى... مىلادىيە 73 - يىلى مىراقۇلبېگى دۇ گۇ لەشكەر چىقىرىپ ھۇنلارغا تېگىش قىلغاندا، بەن چاۋ پەخرىي ئەمىر لەشكەر بولدى ۋە بىر تۈركۈم لەشكەرنى باشلاپ ئېۋىرغولغا ھۇجۇم قىلىپ، بارىكۆل ئەتراپلىرىدا ھۇنلار بىلەن جەڭ قىلدى، نۇرغۇن دۈشمەننىڭ كاللىسىنى ئالدى. دۇ گۇ ئۇنى ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئىكەن دەپ بىلىپ، گۇ شۈن بىلەن بىللە غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.» بەن چاۋنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھاياتى شۇنىڭ بىلەن باشلىنىدۇ. «كېيىنكى خەننامە»دە يەنە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بەن چاۋ چەرچەنگە يېتىپ كەلگەندە چەرچەن بېگى گۇاڭ دەسلەپتە ئۇنى ناھايىتى قائىدە - يوسۇنلۇق كۈتۈۋالدى. ئەمما كېيىن تۇيۇقسىز سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. بەن چاۋ قول ئاستىدىكىلەرگە، ‹سىلەر گۇاڭنىڭ بىزگە بولغان ئەدەپ ۋە ھۆرمىتىنىڭ سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمىدىڭلارمۇ؟ بۇ چوقۇم شىمالىي ھۇنلاردىنمۇ ئەلچى كەلگەنلىكىنىڭ، شۇنىڭ بىلەن چەرچەن خانىنىڭ ئىككىلىنىپ، قايسى تەرەپكە بويسۇنۇشنى بىلمەي قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئەقىللىق ئادەم ۋەقە تۇغۇلماستىنلا ئالدىن سېزىۋالالايدۇ. ھالبۇكى ھازىر ئەھۋال ئىنتايىن روشەن تۇرۇپتۇ› دېدى. ئارقىدىن ئۆزلىرىنى كۈتۈۋاتقان چەرچەنلىكلەرنى چاقىرىپ ھىيلە ئىشلىتىپ: ‹ھۇن ئەلچىسىنىڭ كەلگىنىگە بىر نەچچە كۈن بولدى. ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىدۇ؟› دەپ سورىدى، كۈتۈۋاتقانلار ھودۇقۇپ كېتىپ راستىنى دەۋەتتى. بەن چاۋ بۇ چەرچەنلىكلەرنى سولاپ قويۇپ، ئۆزى باشلاپ كەلگەن 36 ئەمەلدار ۋە لەشكەرنى يىغىپ بىرلىكتە شاراب ئىچىشتى، شاراب ئىچىلىپ خېلى بىر يەرگە بارغاندا، بەن چاۋ ئۇلارنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىش ئۈچۈن: ‹كۆپچىلىك مېنىڭ بىلەن بىللە يىراق ئەلگە كېلىپ، چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، دۆلەتمەن بولۇشنى ئارزۇ قىلغانتىڭلار، بىراق بۈگۈنكى كۈندە شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئەلچىسى كېلىپ، نەچچە كۈن بولمايلا، چەرچەن بېگى گۇاڭنىڭ بىزگە بولغان ئەدەپ - ھۆرمىتى سۇسلاپ كەتتى. مۇبادا چەرچەنلىكلەر بىزنى ھۇنلارغا تۇتۇپ بېرىدىغان بولسا، ئۆلۈكىمىز چىلبۆرىلەرگە يەم بولىدۇ. سىلەرچە ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟› دېدى. كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن: ‹ھازىر ھايات - ماماتلىق گىردابىدا تۇرۇپتۇق، مەيلى ھايات قالايلى ياكى ئۆلەيلى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىمىز› دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن بەن چاۋ: ‹يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ، يولۋاس بالىسىنى تۇتقىلى بولمايدۇ. ھازىرقى بىردىنبىر چارە قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ شىمالىي ھۇن ئەلچىسىگە ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلىش، شۇنداق قىلساق ئۇلار بىزنىڭ قانچىلىك ئادىمىمىز بارلىقىنى

بىلەلمەي ئالاقىزادە بولۇپ كېتىشىدۇ - دە، بىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى تولۇق يوقىتالايمىز. ھۇن ئەلچىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن چەرچەنلىكلەر قورقۇپ كېتىپ ياۋاشلىق بىلەن خەن سۇلالىسىگە بېقىنىدۇ. بىزمۇ غەلىبە قازىنىپ خىزمەت كۆرسىتىمىز› دېدى. كۆپچىلىك يەنە مۇلازىم گو شۈن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشنى ئېيتىشىدى، بەن چاۋ ئاچچىقى بىلەن: ‹بىزنىڭ ئۆلۈم - كۆرۈمىمىز بۈگۈن بەلگىلىنىدۇ. مۇلازىم گو شۈن بىر چاكىنا تالىپ ئەمەلدار، بۇ پىلاننى ئاڭلىسا قورقۇپ كېتىپ، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. بۇ ھالدا قەھرىمان بولماقتا يوق، قەدىرسىز ئۆلىمىز - دە، نامىمىزمۇ چىقمايدۇ› دېدى. كۆپچىلىك ‹دۇرۇس› دېيىشتى. كەچ بولغاندا، بەن چاۋ ئەمەلدار ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ ھۇنلارنىڭ بارگاھىغا باردى، بۇ چاغدا قاتتىق بوران چىقتى. بەن چاۋ ئون ئادەمنى دۇمباقلارنى ئېلىپ ھۇنلار قارارگاھىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇدى ۋە ئوت تۇتاشقان ھامان دۇمباق چېلىپ چۇقان سېلىشقا كېلىشىۋالدى. قالغانلار قولىغا قورال - ياراغ ئېلىپ قارارگاھ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىغا مۆكۈندى. بەن چاۋ دەرھال شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئوت ياقتى، قارارگاھنىڭ ئالدى - كەينىدىكىلەر دۇمباق چېلىپ، قىيقاس كۆتۈردى. ھۇنلار ساراسىمىگە چۈشتى. بەن چاۋ ئۆز قولى بىلەن ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈردى، ئەمەلدار ۋە لەشكەرلىرى ھۇن ئەلچىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن 30 نەپچىسىنىڭ كاللىسىنى ئالدى، قالغان 100 نەپچە ھۇن ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى. ئۇلار ئەتىسى قايتىپ كېلىپ ئاندىن بۇ ئىشنى گو شۈنگە دېدى. ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتتى، ئەمما بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن چىرايىنى ئۆزگەرتتى. بەن چاۋ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ، دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ: ‹ئۆزلىرى گەرچە بۇ ئىشقا قاتناشمىغان بولسىلىمۇ، يېقىر ھەرگىز بۇ تۆھپىنى يالغۇز ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالماقچى ئەمەس› دېدى. گو شۈن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى. بەن چاۋ چەرچەن بېگى گۋاڭنى چاقىرىپ كېلىپ، ھۇن ئەلچىسىنىڭ كاللىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىۋىدى، پۈتۈن ئەل چۆچۈپ ۋەھىمىگە چۈشتى. بەن چاۋ چەرچەن بېگىگە چۈشەنچە بېرىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلدى. چەرچەن بېگى ئوغلىنى بەن چاۋغا تۇرغاق قىلىپ بەردى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى دۇ گۇغا مەلۇم قىلدى، دۇ گۇ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، بەن چاۋنىڭ تۆھپىلىرىنى تەپسىلىي پۈتۈپ ئوردىغا مەلۇماتنامە سۇندى ھەم غەربىي يۇرتقا يېڭىباشتىن ئەلچى تەيىنلەپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. خەن مىڭدى بەن چاۋنى قالتىس قەھرىمان ئىكەن دەپ قاراپ، دۇ گۇغا: ‹بەن چاۋدەك ئەمەلدارىمىز تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن باشقىدىن ئادەم تاللاپ ئەۋەتتۇق، بەن چاۋنى دالا لەشكەر بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىغا بۇيرۇق بېرىلسۇن› دەپ يارلىق چۈشۈردى. دۇ گۇ ئۇنىڭغا لەشكەر كۆپەيتىپ بەرمەكچى بولغاندا، بەن چاۋ: ‹ئەسلىدىكى 30 نەپچە ئادىمىم بولسىلا كۇپايە، ئەگەر بىرەر خېيىمخەتەر تۇغۇلۇپ قالسا، كۆپ ئادەم ئوشۇقچە يۈك بولىدۇ› دېدى.

بۇ چاغدا ئۇدۇن بېگى گۋاڭدى ساكارائۇل (يەكەن) بەگلىكىنى يېڭىپ، جەنۇبىي يولدا

زومىگەر بولۇۋالغان ئىدى. ھۇنلارمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بەگلىكىنى نازارەت قىلىۋاتاتتى ۋە قوغداۋاتاتتى. بەن چاۋ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە چىقىپ، ئالدى بىلەن ئۇدۇنغا كەلدى. گۇاڭدى ئۇنىڭغا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇدۇنلۇقلار خۇراپىي بولۇپ داخان ـ باخشىلارغا ئىشىنەتتى. داخان: ‹ئىلاھنىڭ غەزىپى تېشىۋاتىدۇ، نېمە ئۈچۈن خەن سۇلالىسىگە مايىل بولىسىلەر؟ خەن ئەلچىسىدە بىر قارا تۇمشۇقلۇق قۇلان ئات بار، شۇنى ئەكېلىپ، نەزىر قىلىپ ماڭا بېرىڭلار› دېدى. گۇاڭدى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بەن چاۋنىڭ ئېتىنى سورىدى، بەن چاۋ بۇ ئىشلارنى ئاستىرتىن بىلىپ بولغانىدى، شۇڭا ئاتنى بېرىشكە قوشۇلدى، بىراق داخاننىڭ ئۆزى كېلىپ ئەكېتىشىنى ئېيتتى. بىر دەمدىن كېيىن داخان كەلدى، بەن چاۋ داخاننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ گۇاڭدىغا تاپشۇرۇپ بەردى ھەم ئۇنىڭغا قاتتىق كايىدى. گۇاڭدى بۇرۇنلا بەن چاۋنىڭ چەرچەندە ھۇن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى، شۇڭا قاتتىق قورقۇپ دەرھال ھۇن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ بەن چاۋغا ئەل بولغانىدى. بەن چاۋ نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ئېلىپ ئۇدۇن بېگى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنى تارتۇقلىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇدۇن بەگلىكىنى خاتىرجەم قىلدى.

شۇ چاغدا ھۇنلار جيەننى كۇسەن (كۇچا) بېگى قىلغانىدى، ئۇ ھۇنلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ شىمالىي يولنى تىزگىنلىۋالغان ھەمدە سۇلېنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ ئۇنىڭ بېگىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، كۇسەنلىك دۇتىنى سۇلېغا بەگ قىلىپ تىكلىگەنىدى. كېيىنكى يىلى (مىلادىيە 74 ـ يىلى) باھاردا بەن چاۋ خىلۋەت، يېقىن يول بىلەن سۇلېغا كېلىپ، دۇتى تۇرۇۋاتقان پەنتۇ شەھىرىگە 90 يول كېلىدىغان جايدا توختىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئەمەلدارلىرىدىن تيەن لۈنى دۇتىنى ئەل بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئەۋەتتى ۋە تيەن لۈغا: ‹دۇتىنىڭ ئەسلىي زاتى سۇلېلىق ئەمەس... سۇلېلىقلار ئۇنىڭغا چوقۇم ئىتائەت قىلمايدۇ، ئەگەر دۇتى تەسلىم بولۇشقا ئۈنىمىسا، ئۇنى دەرھال تۇتۇۋالسىلا› دەپ جېكىلىدى. تيەن لۈ پەنتۇغا يېتىپ كەلگەندە، دۇتى ئۇنىڭ ئەملىنىڭ كىچىك، تېنىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەسلىم بولغۇسى كەلمىدى. تيەن لۈ دۇتىنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى دەرھال تۇتۇپ باغلىۋالدى. دۇتىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بۇنداق بولۇشنى ئويلاپ باقمىغاچقا، قورقۇپ پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. تيەن لۈ قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى بەن چاۋغا مەلۇم قىلدى، بەن چاۋ پەنتۇ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ سۇلې بەگلىكىنىڭ بارلىق سەركەردە ـ ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، كۇسەن بېگىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى سۆكتى ھەمدە ئالدىنقى سۇلې بېگىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جوڭنى بەگ قىلىپ تىكلىدى، سۇلېلىقلار خۇشاللىققا چۆمدى. جوڭ ۋە باشقا ئەمەلدارلار دۇتىنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشۋىدى، بەن چاۋ قوشۇلمىدى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ئاتاق ـ ئابرۇيىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى كۇسەنگە كەتكۈزۈۋەتتى. سۇلې شۇنىڭدىن باشلاپ كۇسەن بىلەن ئۆچمەنلىشىپ قالدى.

مىلادىيە 75 ـ يىلى خەن مىڭدى ئاغرىق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى. كىنگىت (قاراشەھەر) بېگى خەن سۇلالىسى مۇسىبەتلىك بولدى، شۇڭا غەربىي يۇرت ئىشلىرى

بىلەن ھەپىلىشىشكە چولىسى تەگمەيدۇ دەپ قاراپ، لەشكەر چىقىرىپ قوروۇقچى بەگ چىن مونى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بەن چاۋ تەنھا، يار ـ يۆلەكسىز ئەھۋالدا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۇسەن بىلەن قۇم (ئاقسۇ) كۆپ قېتىم لەشكەر چىقىرىپ سۇلېغا تېگىش قىلدى. بەن چاۋ كاۋانتا شەھىرىدە جوڭ بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ جەڭ قىلدى. بىراق سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئاز، كۈچى ئاجىز بولغاچقا، بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت مۇداپىئەلىنىپلا ئۆتتى. بۇ چاغدا خەن جاڭدى يېڭىلا تەختكە چىققان بولۇپ، چېن مو ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بەن چاۋنىڭ مۇشكۇل شارائىتتا قېلىپ، ئۇ يەردە داۋاملىق پۇت دەسسەپ تۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، بەن چاۋنىڭ قايتىپ كېلىشىگە يارلىق چۈشۈردى. بەن چاۋ يارلىققا بىنائەن قايتماقچى بولغاندا، پۈتۈن سۇلې بەگلىكىدىكى ھەممەيلەن قايغۇ ـ ھەسرەتتە، ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. لى يەن ئىسىملىك بىر كاھبەگ: ‹خەن سۇلالىسى ئەلچىسى بىزنى تاشلاپ كەتسە، چوقۇم كۇسەنلىكلەرگە مۇنقەرز بولىمىز، خەن ئەلچىسىنىڭ كېتىشىگە كۆڭلۈم قىيمايدۇ› دېدى ـ دە، شەمشىرى بىلەن ئۆزىنى بوغۇزلاپ ئۆلۈۋالدى. بەن چاۋ ئۇدۇنغا قايتىپ بارغاندا، بەگ ـ تۆرىلەردىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە ھەممەيلەن يىغا ـ زار قىلىشىپ: ‹خەن سۇلالىسى ئەلچىسىگە خۇددى ئاتا ـ ئانىمىزغا تايانغاندەك تايىنىپ كېتىۋاتاتتۇق، ئۆزلىرى قايتىپ كەتمىسىلە› دەپ بەن چاۋنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنى ماڭغۇزمىدى. بەن چاۋ ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى شەرققە قايتۇرمايدىغانلىقىنى پەملىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلىدى ـ دە، ئېتىنى ئارقىغا ياندۇرۇپ سۇلېغا قايتىپ كەلدى. سۇلې بەگلىكىنىڭ ئىككى شەھىرى (سۇلې ۋە كاۋانتا) بەن چاۋ كەتكەندىن كېيىن، يەنە كۇسەنگە ئەل بولۇپ كەتكەن ھەمدە سەپەرباي بەگلىكى بىلەن بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللىگەنىدى. بەن چاۋ كېلىپ ئىسيانكارلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى ۋە سەپەرباي بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلىپ، 600 نەچچە ئادەمنى چېپىپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلېدا تىنچ ـ خاتىرجەملىك ئەسلىگە كەلدى.

مىلادىيە 78 ـ يىلى بەن چاۋ سۇلې، كانگىيە، ئۇدۇن، ئۇزۇنتاتلارنىڭ 10 مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ قۇمنىڭ تاش قەلئەسىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، 700 دۈشمەننى ئۆلتۈردى. بەن چاۋ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي يۇرتتىكى بارلىق بەگلىكلەرنى تىنچىتماقچى بولۇپ، يۇقىرىغا لەشكەر كۆپەيتىپ بېرىش توغرۇلۇق ئىلتىماس سۇندى: ‹كەمىنىلىرى مەرھۇم خانىمىزنىڭ غەربىي يۇرتنى ئېچىش ئارزۇسىدا بولغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن شىمالدا ھۇنلارغا زەربە بېرىپ، غەربتىكى ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ چەرچەن، ئۇدۇنلارنى بېقىندۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بۈگۈنكى كۈندە ئۇزۇنتات، ساكارائول، سۇلې، توخرى، ئاسىيۇ، كانگىيەلەرمۇ بىزگە بېقىنىپ، بىرلىشىپ كۇسەننى يوق قىلىپ، خەن سۇلالىسىگە تۇتىشىدىغان يولنى راۋان قىلىشنى خالايدۇ. ئەگەر كۇسەننى قولغا چۈشۈرۈۋالساق، غەربىي يۇرتتىكى بويسۇندۇرۇلمىغان بەگلىك ئاران يۈزدە بىر ئۆلۈشنىلا ئىگىلىگەن بولاتتى. كەمىنىلىرى بىر كىچىك ھەربىي ئەمەلدار بولساممۇ، گۇ جىغا ئوخشاش يىراق ئەللەرگە بېرىپ ئوردا ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا، جاڭ چيەنگە

ئوخشاش چۆل - جەزىرىلەرگە ئاتلىنىشقا رازىمەن... ئەجدادلىرىمىز غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنى بويسۇندۇرۇش، هۇنلارنىڭ ئوڭ قولىنى ئۈزۈۋېتىكەنگە باراۋەر دېيىشكەنىكەن، هازىر غەربىي يۇرتتىكى كۈن پاتقان يەرگىچە بولغان ئەللەرنىڭ بېقىنمىغىنى يوق، چوڭ - كىچىك هەممە ئەل خانلىقىمىزغا خۇشاللىق بىلەن ئۆزلۈمەي تارتۇق سۇنۇۋاتىدۇ، پەقەت كۇسەن بىلەن كىنگىتلا بويسۇنمايۋاتىدۇ. كەمىنىلىرى ئىلگىرى يارلىققا بىنائەن قول ئاستىمدىكى 36 ئادىمىم بىلەن يىراق ئەللەرگە ئەلچىلىككە كېلىپ كۆپ ئازاب چەكتىم، سۇلېنى يالغۇز ساقلاۋاتقىنىمغا مانا بەش يىل بولدى، يات قوۋملارنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىمەن. چوڭ - كىچىك هۆكۈمرانلارنىڭ هەممىسى خەن سۇلالىسىگە تايىنىش تەڭرىگە تايانغانغا ئوخشاش دېيىشىدۇ...»

«كېيىنكى خەننامە»دە يېزىلىشىچە، خەن خاقانى بەن چاۋنىڭ مەلۇماتنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەدبىرلىرىگە قوشۇلۇپ، مىلادىيە 80 - يىلى «خەن جاڭدى شۇ گەننى پەخرىي ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى كىشەنلىرى ئېلىپ تاشلانغان جىنايەتچىلەر ۋە پىدائىيلاردىن مىڭنى باشلاپ، بەن چاۋنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئەۋەتتى.» مىلادىيە 84 - يىلى خەن جاڭدى يەنە «پەخرىي ئەمىر لەشكەر خې گۇڭ قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 800 لەشكەرنى بەن چاۋنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى.» «كېيىنكى خەننامە»نىڭ 47 - جىلد «بەن چاۋ، لياڭ چىنلارنىڭ تەرجىمىھالى»دا يۇقىرىقىدەك تەپسىلاتلار بولغاندىن سىرت، يەنە بەن چاۋنىڭ ئەنە شۇ مىڭ نەچچە يۈز كىشىلىك قوشۇنغا تايىنىپ پاراسەت، تەدبىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزى بويسۇندۇرغان بەگلىكلەردىن ئەسكەر ئېلىپ، باشقا بەگلىكلەرنى يوقىتىش (ياتلارنىڭ قولى ئارقىلىق ياتلارنى يوقىتىش تەدبىرىنى ئىشلىتىپ) ئۇسۇلى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇن ئەللەرنى خەن سۇلالىسى تېررىتورىيەسىگە ئالدى، ئۇ ناھايىتى تەدبىرلىك كىشى بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆتكەن جۇگې لياڭغا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن، ئۇنىڭ تەدبىرلىرى ئەسلىدىن هۇنلارنىڭ هىماتىدا خەن سۇلالىسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان تارىملىقلار ئارىسىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى، ئۇنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىنى جۇملىدىن ئازغىنە ئەسكىرى بىلەن تارىم ۋادىسىنى ئىستېلا قىلىش جەريانى كىلاسسىك تارىخ كىتابلىرىدا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئۇ بارلىقى بىلەن خەن سۇلالىسى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۆزىگە غايە قىلغان تارىخىي شەخس بولۇپ، ئېلىمىز تارىخىدا مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇردى. يېزىلىشىچە، «مىلادىيە 94 - يىلى كۈزدە بەن چاۋ كۇسەن، چەرچەن قاتارلىق سەككىز ئەلنىڭ لەشكىرىدىن جەمئىي 70 مىڭ ئادەمنى ۋە ئۆز قارىمىقىدىكى سىپاھ - بەگ، سودىگەر قاتارلىقلاردىن 1400 ئادەمنى يۆتكەپ، كىنگىتكە جازا يۈرۈشى قىلدى.» بەن چاۋ خەن سۇلالىسى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن «يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ» (بۇ 70 مىڭ كىشىلىك ئارمىيەنى تارىم ۋادىسىدىن تەشكىل قىلغان دەپ يېزىلغىنىدىن قارىغاندا، مىلادىيە 1 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تارىم ۋادىسىنىڭ ئاھالىسىنىڭ 700 مىڭدىن تۆۋەن ئەمەسلىكىنى، كەم دېگەندىمۇ 4 - 5 يۈز مىڭ ئاھالە بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىت بولۇشى مۇمكىن) دېگەن ئۇنۋاننى بېرىش بىلەن بىرگە، 1000

تۇتۇنلۇك سۇيۇرغال يەر بېرىلدى.» ئۇ، مىلادىيە 100 ـ يىلى خانغا مەلۇماتنامە يوللاپ، ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، «جيۇ چۈەن ۋىلايىتىگە بېرىشنى ئارزۇ قىلىشقا پېتىنالمايمەن، پەقەت يۇمېن (قاشقۇۋۇقتىن) هايات چېغىمدا كىرەلىسەملا بولاتتى، دەپ ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازغان. بەن چاۋ شۇنداق قىلىپ، مىلادىيە 102 ـ يىلى ئۆزى 31 يىل تۇرۇپ، خەن سۇلالىسى ئۈچۈن تېررىتورىيە كۆپەيتىپ تۆھپە ياراتقان غەربىي يۇرتتىن قايتىپ كەتكەن. بەن چاۋ كېتىپ رېن شاڭ مەنسەپكە تەيىنلەنگەن، لېكىن غەربىي يۇرتتا كەڭ كۆلەمدە ئىسيانلار بولغان، رېن شاڭمۇ گۇناھكار بولۇپ قايتۇرۇلغان. مىلادىيە 107 ـ يىلى غەربىي يۇرتتىكىلەر ئىسيان قىلغانلىقتىن خەن سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. مىلادىيە 119 ـ يىلى چەرچەن بېگى هۇنلاردىن ئەنسىرەپ دۇنخۇاڭ ۋالىيسىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان، مۇشۇ ۋاقىتتا خەن ئوردىسىدا غەربىي يۇرتنى قايتا ئىشغال قىلىش ـ قىلماسلىق مەسىلىسىدە مۇنازىرە بولغان، بەزىلەر يۇمېن قوۋۇقىنى تاقاپ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈشنى تەكلىپ قىلىشقان. ئوردا كېڭىشىدە بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن قايتىدىن غەربىي يۇرتنى تىزگىنلىمەكچى بولغان. مىلادىيە 110 ـ يىلى ئەتراپىدا چەرچەن بەگلىكىنىڭ بېگى يۇخۇەن ئىدى، ئۇنىڭ ئانىسى خەن سۇلالىسىدىن بولغاچقا هۇنلارنىڭ ئىدارە قىلىشىغا چۈشۈپ قالسا ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيمەن دەپ ئويلاپ، خەن سۇلالىسىدىن ياردەم سورىغان. مىلادىيە 123 ـ يىلى بەن يۇڭ 500 لەشكەر بىلەن لۈكچۈندە تۇرۇش ئۈچۈن مېڭىپ كىرورانغا كەلگەندە، چەرچەن بېگى يۇخۇەن ئۇنىڭغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ بەيئەت قىلغان، خەن خانى ئۇنىڭغا مۆهۈر ۋە مۆهۈر بېغى تەقدىم قىلغان. مىلادىيە 125 ـ يىلى بەن يۇڭ 6000 لەشكەر يۆتكەپ كېلىپ چەرچەن، سۇلې، ئالدى قۇس بەگلىكىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئارقا قۇس بەگلىكىگە هۇجۇم قىلغان ۋە ئۇلارنى يېڭىپ 8000دىن جىقراق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. بەن چاۋ ۋە بەن يۇڭلار خەن سۇلالىسى ئۈچۈن زور تۆهپە قوشقان تارىخي شەخسلەردۇر.

«كېيىنكى خەننامە» 88 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە مۇنداق بايانلار بار: «... ئەندىر (且末国)، نىيە (精绝国)، يول ئارىش بەگلىكى (戎卢国)، سارمادان (小宛国) لار چەرچەن بەگلىكى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى.» مانا مۇشۇ ۋاقىتلاردا تارىم ۋادىسىدا ئەڭ كۈچلۈك ئەللەردىن ئىككىسى بولۇپ، ئۇلار چەرچەن بەگلىكى ۋە ئۇدۇن بەگلىكىدىن ئىبارەت ئىدى.

مىلادىيە 38 ـ يىلى چەرچەن بەگلىكىنىڭ بېگى ئەن ئىدى. ئۇ مىلادىيە 46 ـ يىلىمۇ چەرچەن بەگلىكىگە بەگ ئىدى. يەكەن بېگى ئەلچى ئېۋەتىپ خەن سۇلالىسىدىن كېلىدىغان يولنى توسۇشنى تەلەپ قىلغاندا كىروران بېگى توسۇمىغانلىقتىن، يەكەن بېگى لەشكەر باشلاپ كېلىپ چەرچەن بەگلىكىگە هۇجۇم قىلغان، چەرچەن بېگى ئەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي تاغ ئىچىگە قېچىپ كەتكەن، يەكەن بېگى شىيەن كىروران رايونىدا مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قايتىپ كەتكەن.

«خەننامە» ۋە «كېيىنكى خەننامە» قاتارلىق ئەسەرلەردىن، دىيارىمىزنىڭ مىلادىيەدىن

بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەر تېپىشقا مۇۋەپپەق بولىمىز. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى كىروران بېگى ئامگوكا خەن سۇلالىسىنىڭ خەنجەرۋازلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن كىروران ئېلى پارچىلانغان. ئامگوكانىڭ ئىنىسى ئۇتۇش خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇلۇپ قورچاق بەگ بولغان. ئەمما ئۇ كىرورانغا كىرىشكە پېتىنالماي، هازىرقى چاقىلىق ۋە مۇران تەرەپلەرنى مەركەز قىلغان بولسىمۇ، خەۋپسىرەپ خەن سۇلالىسىنىڭ مۇرەندە لەشكەر تۇرغۇزۇپ مۇھاپىزەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. خەن سۇلالىسى ئوردا ئايىملىرىدىن بىرىنى ئۇتۇشقا خوتۇن قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، هازىرقى مۇران ئەتراپلىرىدا لەشكەر تۇرغۇزۇپ ئۇنى قوغدىغان. بۇ ۋاقىتلاردا كىروران ۋە چەرچەن دېگەن ئىككى بەگلىك تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، مۇشۇ چاغدا ۋاششەھىرى كونا شەھىرى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىنراق بولغان نوپ ـــ لوپ ئېلىنىڭ تەقدىرىگە كەلسەك، چەرچەن بەگلىكىگە قارام بولغان بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقى ئىككى هاكىمىيەت كىروران خارابىسىنى ۋە چاقىلىق بازىرى ئەتراپىدىكى قاغان (خان) شەھىرىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. بۇ دەۋرلەردە ئۇتۇش، ئەن، يۇخۇەن قاتارلىق بەگلەر ئۆتكەن. ئۇتۇش مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى بەگ بولغان ۋە چەرچەن بەگلىكىنىڭ قورغۇچىسى بولۇپ قالغان. بەگ ئەن ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيە 38 ـ يىلىدىن 46 ـ يىلىغىچە بەگ بولغان. يەكەن بېگى چەرچەن ئېلىنى بۇلاپ قايتقاندىن كېيىن، ئەن داۋاملىق بەگ بولغان. مىلادىيە 110 ـ يىلى ئەتراپىدا چەرچەنگە بەگ بولغىنى يۇخۇەن ئىدى، ئۇنىڭ قانچە ئۇزۇن بەگ بولغىنى نامەلۇم، ئۇنىڭ ئانىسى خەن سۇلالىسىنىڭ قىزلىرىدىن بولغىنىغا قارىغاندا، ئاتىسىنىڭ بەگ بولغانلىقى جۇملىدىن ئۇنىڭ ئۇتۇشقا ئوخشاش خەن سۇلالىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى، بەگ ئەننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن. مۇشۇنداق بولغاندا، چەرچەن بەگلىكىنىڭ بەگلىرىنىڭ ئۇتۇش ـــ ئەن ـــ يۇخۇەننىڭ ئاتىسى ـــ يۇخۇەن ئىكەنلىكىنى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلىدىن مىلادىيە 110 ـ يىلىغىچە كەم دېگەندىمۇ تۆت ئەۋلاد بەگنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ دەۋرلەردە چەرچەن بەگلىكى زور داۋالغۇشلارنى باشتىن كەچۈردى، دەسلەپ فۇ جيېزى قاتارلىقلارنىڭ قانلىق ۋەقە پەيدا قىلىپ بەگ ئامگوكانى ئۆلتۈرگەندىن باشلاپ كۆپ قېتىملىق سوقۇشلار بولدى، ئۇلار بىر بولسا ئۆز ئېلىدە ياكى باشقا ئەللەردە ئۇرۇش قىلىپ كۆپ قۇربانلارنى بەردى. بەن چاۋنىڭ باشچىلىقىدا قوشنا شەھەر بەگلىكلىرىنى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىش بىلەن بىرگە، يەكەن بېگى بىلەنمۇ ئۇرۇشۇپ ئۇرغۇن تالاپەتكە دۇچار بولغان. مىلادىيە 46 ـ يىلىدىن كېيىن چەرچەن بەگلىكى كۈچىيىش باسقۇچىغا كىرگەن، بۇ يىللاردىن باشلاپ تارىم ۋادىسىدىكى بەگلىكلەردە كۈچلۈك هاكىمىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىققان، مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 2 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئۇلار كۈچىيىپ قوشنىلىرىدىن بىرقانچىنى قوشۇۋالغان ۋە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىدارە قىلغان.

«ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى»نىڭ 30 ـ جىلدىدا يېزىلىشىچە، «جەنۇبىي

يولدىكى سارمادان ئېلى، ئەندىر ئېلى، كادوتا (نىيە) ئېلى، كىروران ئېلى قاتارلىقلارنى چەرچەن ئېلى ئۆز ئىدارىسىغا ئالغان.»[①]

«... قۇملۇقنىڭ غەربىي قۇدۇقتىن غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ قۇمتاغدىن ئۆتۈپ، بۇرۇنقى كىروران بەگلىكىگە بارغاندىن كېيىن، يەنە غەربكە بۇرۇلۇپ كۇسەنگە بارغىلى... جەنۇبىي يول بىلەن غەربكە قاراپ ماڭغاندا جەزمەن[②] (且志) بەگلىكى، ئەندىر بەگلىكى، نىيە بەگلىكى، كىروران بەگلىكىنىڭ ھەممىسى چەرچەن بەگلىكىگە تەۋە ئىكەن.»[③] «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»دىكى يۇقىرىقى بايانلاردىن كونكرېت يىل دەۋرىنى ئېنىقلاشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم، ئەمما بۇ ئەسەرنىڭ غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان چېن شۇ (233 ـ 297) تەرىپىدىن يېزىلغىنىغا قارىغاندا، بۇ ۋەقەلەرنىڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولغانلىقىنى، مۇشۇ دەۋردە چەرچەن بەگلىكىنىڭ يۇقىرىقى بەگلىكلەرنى ئۆز ئىدارىسىغا ئېلىپ بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەمما مۇشۇ دەۋردىكى يۇقىرىقى شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئۇچۇرلارغا ئىگە بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بەن گۇ يازغان «خەننامە»دىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن پايدىلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بەن گۇ بۇ شەھەر بەگلىكلىرى ھەققىدە مۇنداق بايانلارنى بېرىدۇ:

«ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن چىقىپ، ئالدى بىلەن بارىدىغان يېقىن جاي لوپ ـــ نوپ (婼羌国)، نوپ بەگلىكىنىڭ بېگى ھۇنلاردىن يۇز ئۆرگەن بەگ ئىدى... نوپ يولىنىڭ ئۈستىدە بولماستىن چەتتە، غەربىي جەنۇبقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاھالىسى 450 تۈتۈن، 1750 كىشى، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 500 نەپەر. نوپىنىڭ غەرب تەرىپى سارمادان (且末)غا تۇتاش، ئاھالىسى ئوت ـ چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، دېھقانچىلىق قىلمايدۇ. ئاشلىقنى چەرچەن (鄯善) بىلەن سارمادانىدىن ئالىدۇ. تاغلىرىدىن تۆمۈر چىققاچقا، ھەربىي قورالالارنى ئۆزلىرى ياسايدۇ. قوشۇنلىرى ئوقيا، نەيزە، قىلىچ، خەنجەر تۇتۇپ، ئىشمەك ساۋۇت كىيىدۇ. غەربىي شىمالدا چەرچەن بىلەن تۇتىشىدۇ. چەرچەن چوڭ يولنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان.

چەرچەن (鄯善国) بەگلىكىنىڭ ئەسلىي نامى كىروران، بېگى قاغان شەھىرىدە تۇراتتى. بۇ يەردىن ياڭگۇەنگە 1600 يول، چاڭئەنگە 6100 يول كېلىدۇ. ئاھالىسى 1570 تۈتۈن، 14100 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 2912 نەپەر... يېرى قۇم ۋە شورلۇق، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز بولغاچقا، قوشنا ئەللەرنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ

---

① «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى جىننامە سۇڭنامە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 147 ـ بەت.

② بۇ بەگلىك ھازىرقى چەرچەن ناھىيەسى تەۋەسىدە ئىدى، توغرىسى سارمادان بولۇشى كېرەك، ئەسلىي مەتىندە 且志国 دېيىلگەن.

③ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى جىننامە سۇڭنامە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 146 ـ بەت.

ئاشلىق تېرىيدۇ ھەم باشقىلاردىن ئاشلىق ئالىدۇ، بەگلىكتىن قاشتاش چىقىدۇ. يېكەن، قومۇش، يۇلغۇن، توغراق، چىغ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر كۆپ ئۆسىدۇ. ئاھالىسى كۆچمەن بولۇپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئات، ئېشەك، تۆگە كۆپ، ھەربىي قورال-لارنى ياساش جەھەتتىن نوپقا ئوخشايدۇ.

سارمادان (且末国) بەگلىكىنىڭ مەركىزى سارمادان (چالمادانا)[1] شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 6820 يول كېلىدۇ، ئاھالىسى 230 تۈتۈن، 1610 كىشى، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 320 نەپەر... شىمال تەرىپى كۈنچى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى ئەندىرگە ئۈچ كۈنلۈك يول. ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر چىقىدۇ. غەربىدىن نىيەگە 2000 يول[2] كېلىدۇ.

ئەندىر (小宛国) بەگلىكى، مەركىزى 扜零城 شەھىرىدۇر. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 7210 يول كېلىدۇ. ئاھالىسى 150 تۈتۈن، 1050 كىشى بولۇپ ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 200 نەپەر... شەرق تەرىپى نوپ بىلەن تۇتىشىدۇ، ئورنى جەنۇبتىراق بولۇپ، يولدىن چەتتە قالىدۇ[3].

نىيە بەگلىكى (精绝国)، مەركىزى نىيە شەھىرىدۇر. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8820 يول كېلىدۇ. ئاھالىسى 480 تۈتۈن، 3360 كىشى، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 500 نەپەر...

---

① سارمادان بەگلىكى بۈگۈنكى چەرچەن ناھىيەسى تەۋەسىدە، خەنزۇچە كىلاسسىك مەنبەلەردە 且末، قارۇشتىچە پۈتۈكلەردە Calmadana ، calmatana دېگەندەك يېزىلغان، بۇ نام موللا مۇسا سايرامىي «تارىخى ھەمىدىيە» دېگەن كىتابىدا يازغان شەھىرى چەمەن دېگەن نامغا يېقىن كېلىدۇ. پارسچە ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم» دە J .R·MANGAN دېگەن جاي نامى بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىنلىشىدۇ. تاڭ راھىبى شۈەنزاڭ غەربكە نوم ئالغىلى ماڭغىنىدا غەربىي يۇرتتىكى جاي نامىلىرىنى سانسكرىتچىلاشقان شەكلى بويىچە تەلەپپۇز تەرجىمىسى قىلىپ خاتىرىلىگەن بولغاچقا 折摩驮那 دەپ يازغان. 10 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئالىمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، بۇ ئاتالغۇنى سارمادانبالىق دەپ ئالغان، كېيىنكى خەنزۇچە مەنبەلەردە 策尔满 دېگەن نام ئۇچرايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مەنبەدىن يەنى «چەمەن» دىن كېلىپ چىققان بولۇشى، 且末 مۇ شۇنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى بولۇشى، قالغان خاتىرىلەردىكى يېزىلىشى ئېھتىمال بۇددىزمنىڭ تەسىرىدە سانسكرىتچىلاشقان شەكلى بولسا كېرەك. ئەمدى چەرچەن نامىغا كەلسەك بۇ نام مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان بەگلىكنىڭ نامىدىن كەلگەن، 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان چەرچەن بەگلىكىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى چوڭ چەرچەن، كىچىك چەرچەنلەردىكى 4000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ بەگلىك تەۋەسىدىكى چالمادانغا كۆچۈشى بىلەن تەدرىجىي چالمادانا ــــ سارمادان دېگەن ناملارنى سىقىپ چىقىرىپ، شۇ جاينىڭ نامىغا ئايلانغان. بۇ نام 10 ـ ئەسىرلەرگە بارغاندا تامامەن ئومۇملىشىپ بولغان، ئەسلىدىكى چالمادانا دېگەن نامىمۇ ئۇنتۇلغان. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە «چۇرچان» دەپ خاتىرىلىگەن، 1276 ـ يىلى بۇ يەردىن ئۆتكەن ماركوپولو CHARCHAN ئۆلكىسى دەپ يازغان. تۈبۈتچە مەنبەلەردىمۇ carcan ـ cercen دەپ خاتىرىلەنگەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىتابلاردا 车尔臣 دەپ ناھايىتى توغرا تەلەپپۇز تەرجىمىسى قوللىنىلغان.

② چىن شىلياڭ بۇ ئارىلىقنى 600 يول دەپ ھېسابلاپ كۆرسەتكەن، بۇ خاتالىق ئەمەلىيەتتە ئىككى يول يۆنىلىشىدىكى مۇساپىلەرنى ئايرىماي ھېسابلاشتىن كېلىپ چىققان خاتا مەلۇمات. چىن شىلياڭ بۇ خاتالىقنى ئېنىقلاپ چىققان.

③ 小宛 دېگەن بۇ قەدىمىي ئەلنىڭ ھازىرقى نىيە ناھىيە ئەندىر چارۋىچىلىق رايونىغا توغرا كېلىدىغانلىقى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلگەن. بەزى مەنبەلەردە ئۇچرايدىغان saca ۋە خەنزۇچە كىتابلاردىكى 凯舍 نىڭ مۇشۇ خارابىلىقنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئىسپاتلانماقتا. ھازىرقى نامى ئەندىر كېيىن ئومۇملاشقان بولۇپ تىلىمىزدىكى ئەن+ دىر سۆزىدىن ياسالغان. ئەن ــــ سۇ تېز ئاقىدىغان يەرنى كۆرسەتسە، دىر ــــ بىر خىل جۇغراپىيەلىك ھالەتنى، بەلكىم ئېغىزنى كۆرسىتىدۇ، دېمەك بۇ نام كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ رايونغا چارۋىچىلىق قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ دەريانىڭ ئېقىش ھالىتى ۋە جۇغراپىيەلىك شەكلىگە ئاساسەن قويغان نامى، ئەن ئاقىدىغان ئېغىز مەنىسىدە. بۇ جايلار مىلادىيە 1ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە چەرچەن بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. بۇ خارابىلىك قايتا بايقالغاندىن كېيىن ستەيندىن باشلاپ ھازىرغىچە نۇرغۇن قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈلۈپ دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇردى.

جەنۇبىدىن روۋىلۇ بەگلىكىگە تۆت كۈنلۈك يول، مەيدانى تار، ئۇنىڭ غەربىدىن ئۈزۈن تېتىر بەگلىكىگە 460 يول كېلىدۇ[①].

روۋىلۇ（戎卢国）، مەركىزى بىيپىن（卑品城）شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8300 يول. ئاھالىسى 240 تۈتۈن، 1610 كىشى، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 300 نەپەر. شەرق تەرىپى ئەندىر، جەنۇب تەرىپى نوپ بىلەن پاسىللىنىدۇ. غەربىي تەرىپى چىرا بىلەن تۇتىشىدۇ. ئورنى جەنۇبتىراق بولۇپ يولدىن چەتتە قالىدۇ[②].

بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىمىزكى، يۇقىرىقى مەلۇماتلار مىلادىيەنىڭ ھارپىسىغا ياكى مىلادىيەنىڭ بېشىغا مەنسۇپ، شەھەر دۆلەتلىرى شۇ دەۋردىن تەخمىنەن 150 يىلدەك ئۆتكەندە، چەرچەن بەگلىكىنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرگەن. يۇقىرىقى مەلۇماتلارنى يىغىنچاقلىساق، چەرچەن بەگلىكىدە مىلادىيەنىڭ بېشىدا 3120 تۈتۈن، 23481 نوپۇس، 4732 نەپەر ئەسكەرلىككە يارامىلىق ئادەم ياكى لەشكىرى بار ئىدى. بۇ سانلىق مەلۇماتلار كىروران نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن، چۈنكى كىروران بەگلىكى مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاندىن چەرچەن بەگلىكىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكەن. لىن مېيسۈن «چەرچەن بەگلىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە، بۇ ئەلنىڭ نوپۇسى 84579 غا يەتكەن»[③] دەپ يازغان. كىروراننىڭ ئەينى ۋاقىتتا خېلى چوڭ ئەل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ كەڭلىكىنى ھېسابقا ئالساق، ئۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ چەرچەن بەگلىكىنىڭ نوپۇسىدىن كەم ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، چۈنكى مۇشۇ قىسىمنىڭ بېشىدا كۆرگەن ئارخېئولوگىيەلىك ئۇچۇرلار مۇشۇنداق يەكۈنگە كېلىشكە دەۋەت قىلىدۇ. چەرچەن بەگلىكى مىلادىيەنىڭ بېشىدىكى ئاھالىسىنى 15 ـ 20 مىڭغىچە دەپ قارايمەن، بۇ ۋاقىتتا كىروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا بىرقانچە شەھەر بولغان، قۇم دەريا بويلىرىدىمۇ مەلۇم ساندا ئاھالىنىڭ ياشىغانلىقىنى، جۈملىدىن كىروراننىڭ دائىرىسىدە بولغانلىقىنى پەرەز قىلىمىز. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، مىلادىيەنىڭ ھارپىسى ياكى بېشىدا بۇ دائىرىدە 5 ـ 6 مىڭ تۈتۈن، 40 مىڭ ئەتراپىدا نوپۇس، 10 مىڭغا يېقىن

① بۇ مىلادىيەنىڭ بېشىدىكى شەھەر بەگلىكى بولۇپ 精绝国 دەپ ئاتالغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە 尼壤城 دەپ يېزىلغان. تۆز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندا قەدىمكى نىيە خارابىسى ھازىرقى نىيە بازىرىنىڭ 120 كىلومېتىر شىمالىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىغا جايلاشقان. مىلادىيەدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردىن تارتىپلا تۆپىرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، ئوت ـ چۆپلىرى بولۇق ئۆسىدىغان، باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغان بوستان بىر شەھەر. بۇ شەھەر خارابىسى جەنۇبتىن شىمالغا 25 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە يەتتە كىلومېتىر دائىرىگە سوزۇلغان. خارابىنى قۇم بارخانلىرى ھىلال ئاي شەكلىدە ئوراپ تۇرىدۇ. شەھەرنىڭ نامى قارۇشتى يېزىقىدىكى 14 ـ، 188 ـ، 436 ـ، 500 ـ، 518 ـ، 685 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكلەردە nina دەپ يېزىلغان، بۇ نام ئەمەلىيەتتە نىيە نامىنىڭ مەنبەسىدۇر. مۇشۇلارغا قارىغاندا، نىيە نامى كېيىن دىگەندىمۇ مىلادىيەنىڭ بېشىدىلا مەۋجۇت ئىدى. نىيە خارابىسى ئۈستىدە كۆپ قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنىڭ پارلاق ئىزلىرى خەلقئالەمگە نامايان بولدى.

② بۇ كىچىك ئەل يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيەسىگە جايلاشقان، كونكرېت ئورنى نامەلۇم. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، چەرچەن ناھىيەسى بىلەن نىيە ناھىيەسى ئارىسىدىكى تاغلىقتا جايلاشقان، دەپ قارالماقتا.

③ لىن مېيسۈن: «كىروران — ئەسىرلىك سىرنىڭ يېشىلىشى»، مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 83 ـ بەت.

ئەسكەرلىككە يارامىلىق ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتۈپ، چەرچەن بەگلىكى بۇ تېررىتورىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، بىر قاتلانمىغان تەقدىردىمۇ ئائىلە سانىنىڭ 10 مىڭغا، نوپۇسىنىڭ 80 ـ 70 مىڭغا يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك پاكىتلار يول بېرىدۇ، بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئىسپاتلانغۇسى. بۇ ۋاقىتتا چەرچەن بەگلىكىنىڭ تېررىتورىيەسى ھازىرقى چاقىلىق، چەرچەن، نىيە ناھىيەلىرىنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى، لوپنور ناھىيەسىنىڭ قىسمەن زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. چەرچەن بەگلىكىنىڭ كېيىنكى سىياسىي تارىخى ھەققىدە ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمىز كەمچىل، ئەمما بۇ جەرياندىكى ئىجتىمائىي ھايات توغرۇلۇق قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كەڭ ئۇچۇر بېرىشى چۈشەنچىمىزنى مۇكەممەللەشتۇرىدۇ.

400 ـ يىلى ئەتراپىدىكى دىيارىمىز توغرىسىدا يەنە بىر قىممەتلىك ماتېرىيال بار، ئۇ بولسىمۇ فاشيەن ئاپتورلۇقىدىكى «فاشيەن تەزكىرىسى» ياكى «بۇددا ئەللىرى تەزكىرىسى» ناملانغان ئەسەردۇر. ئەسەر ماتېرىياللىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇنداق: 399 ـ يىلى چاڭئەندىن يولغا چىققان راھىبلار فاشيەن (337 ـ 422) ۋە خۇيجىڭلارنىڭ ئەنەتكەك ئېلىگە بۇددا نومى ئالغىلى ماڭغاندا كۆرگەنلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئەسەر گەرچە 414 ـ يىلى يېزىلغان بولسىمۇ، دىيارىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار 400 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى 401 ـ يىلىنىڭ بېشىغا مەنسۇپ دېيىشكە بولىدۇ. ئەسەردە: «17 كۈندە 1500 يول مۇساپىنى بېسىپ چەرچەن ئېلىگە باردۇق... بېگى بۇدداغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، 4000دىن ئارتۇق راھىب بار بولۇپ كىچىك كۆلۈڭگۈ مەزھىپىدە ئىكەن. بۇ ئەلدىكى ئاۋام ۋە راھىبلار ئەنەتكەكچە ئۆگىنىدۇ، ئەمما پەرق بار. بۇ يەرنىڭ غەربىدىكى ئەللەرمۇ ئاساسەن ئوخشاش، بۇ ئەللەرنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاشمايدۇ (唯国国胡语不同). بۇ ئەلدىكىلەر ئەنەتكەك يېزىقى ۋە ئەنەتكەك تىلى ئۆگىنىدۇ. بۇ يەردە بىر ئاي تۇردۇم»[①] دېيىلگەن. بۇ مەلۇماتلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم ئۇچۇر شۇكى، يەرلىك خەلقنىڭ تىلى ھەرگىزمۇ ئەنەتكەك تىلى ئەمەس، بۇ تىل ئەينى زاماندا خور ~ غۇر ~ غۇز (胡语) تىلى دەپ ئاتالغان، يەرلىك خەلق دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلى ئەنەتكەك تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەنگەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ خارابىلىكلەردە بايقالغان قارۇشتى يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار، بۇ بايانلارنىڭ ناھايىتى توغرا بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. يەرلىك ئاھالە بۇددا دىنىنىڭ كىچىك كۆلۈڭگۈ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان. بۇ يەردە 4000 دىن ئارتۇق راھىبنىڭ بارلىقى، مۇشۇ ۋاقىتتا چەرچەن ئېلىنىڭ پايتەختىدە قانچىلىك ئاھالىنىڭ بارلىقىنى بىلىشىمىزدە قىممەتلىك ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا ھەر 10 ئادەمنىڭ بىرى راھىب دېسەك، ئومۇمىي ئاھالىسى 40 مىڭغا بارىدۇ دېيەلەيمىز، ئەمەلىيەتتە نوپۇس بۇنىڭدىن كۆپ بولۇشى مۇمكىنكى ھەرگىزمۇ كەم ئەمەس، چۈنكى 4000دىن ئارتۇق راھىب، ھۆكۈمران سىنىپ ۋە ئۇز ئەمگىكى بىلەن

① ياڭ جيەنشىن تۈزۈپ شەرھلىگەن: «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرىدىن تاللانما ۋە شەرھە»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 32 ـ بەت.

ئۆزىنى باقالمايدىغانلارنى بېقىش ئۇچۇن خېلى ساندا ئاھالە بولۇشى كېرەك. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر مۇران خارابىسىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭلا 17 مىڭ مودىن ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇلارنى كېيىنكى مەنبەلەردىكى، يەنى 442 ـ يىلى چەرچەن بېگى بەگرۇڭنىڭ 4000 ئائىلە يەنى پۈتۈن پايتەخت ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى باشلاپ سارمادانغا كۆچكەنلىكىنى ئويلىشىپ كۆرىدىغان بولساق، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 8000دىن ئاشىدىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن، ئەگەر ھەر ئائىلىدە بەشتىن نوپۇس بار دېسەك 40 مىڭ نوپۇس بار بولىدۇ. يازغۇچى ياڭ ليەن مۇشۇ ۋاقىتتىكى نوپۇسنىڭ 80 مىڭغا بارىدىغانلىقىنى يازغان. ھازىرچە ئۆزىمىزنىڭ 40 مىڭ دېگەن نوپۇسنى توغرا تېپىپ تۇرساق، ھەمدە بۇنى مىلادىيەنىڭ بېشىدىكى چەرچەن ئېلىنىڭ نوپۇسى بىلەن نىسبەتلەشتۇرىدىغان بولساق، 400 يىلدا نوپۇس 3 ھەسسىگە يېقىن كۆپەيگەن، بىز مانا مۇشۇ نىسبەت بويىچە مىلادىيە 440 ـ يىلى ئەتراپىدا پۈتۈن چەرچەن بەگلىكى نوپۇسىنى 120 مىڭدىن 150 مىڭغىچە يەتكەن، دەپ قارايمىز. بۇ سانلىق مەلۇمات بۈگۈنكى كۈندىكى مۇشۇ دائىرىنىڭ نوپۇسى بىلەن يېقىنلىشىدۇ، كىشىلەرنىڭ بۇ نوپۇسقا شۇبھىدە بولىدىغانلىقى شەكسىز، ئەمما ئەينى ۋاقىتتىكى بوستانلىقلاردىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ئىشەنچ تۇرغۇزىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندە چەرچەن بەگلىكىنىڭ تېررىتورىيەسى ھەققىدىكى بايانىمىزدا چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرالايمىز.

تۇيغۇنلار مۇرۇڭ سىيانپىلىرىنىڭ 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى غەربكە كۆچكەن بىر تارمىقى. ئەسلىدە لياۋدۇڭنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، 313 ـ يىلى قۇرۇلغان خانلىقى 663 ـ يىلى تۇبۇتلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. تۇيغۇنلارنىڭ ئالتاي تىللىرىغا مەنسۇپ ئاھالە ئىكەنلىكىدە پىكىر بىرلىكى بولسىمۇ موڭغۇل تىللىرى ئائىلىسى، تۇڭغۇس تىللىرى ئائىلىسى ياكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋەلىكى ھەققىدە مۇنازىرە بار. بارتولد قاتارلىق ئالىملاردىن بىر قىسمى سۆزلەملىرىدە ساقلىنىپ قالغان تۈركىي ئىبارىلەرگە ئاساسەن تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە، دەپ قارىغان. تۇيغۇنلار چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدىغان مىللەت. 452 ـ يىلىدىن 635 ـ يىللىرىغىچە چاقىلىق رايونىنى ئىشغال قىلىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. تۇبۇتلەرنىڭ كۈچىيىشى بىلەن تۇيغۇن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، تۇبۇتلەر ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.

رورانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت، ئۇلارنى ئاۋارلار بىلەن بىر مىللەت دېگۈچىلەرمۇ بار. ئۇلار چوڭ ھىنگان تاغلىرىدىن بايقال ئەتراپلىرىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيەدە پائالىيەت قىلغان. رورانلار كۆچەيگەن چاغلاردا ئۇنىڭ تەركىبىدە 60تىن ئارتۇق ئۇرۇق ۋە قەبىلە بولۇپ ئاساسلىقى سىيانپىي، تېلې (چىلى) ۋە ھۇنلار ئىدى. بەزى پىكىرلەرگە قارىغاندا، روران ئاقسۆڭەكلىرى سىيانپىي تۇباللىرىدىن ئايرىلىپ چىققان. رورانلار ئەسلىدە ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ ئاساسەن ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېتاۋ رايونىنىڭ چوغاي تاغلىرى ۋە ئىچىنا ئەتراپلىرىدا

چارۋىچىلىق قىلغان. كېيىن چىقىشى مەسىلىسىدە توخغۇسلارنىڭ ئەۋلادى، ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى، ئارىلاشما غۇزلاردىن، ھۇنلارنىڭ باشقا ئۇرۇقىدىن دېگەندەك قاراشلار بار. 470 - يىلى چاقىلىق دىيارى رورانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن ۋە 20 يىلدەك شۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. رورانلار 4 -، 5 - ئەسىرلەردە موڭغۇل يايلىقىدا باش كۆتۈرگەن قوۋم، ئۆزلىرىنى 柔然 دەپ ئاتىغان، بۇ قوۋم ھازىر ئۇيغۇر، ئۆزبېك يېزىقلىرىدىكى كۆپىنچە تارىخ كىتابلىرىدا جورجان دەپ ئېلىنماقتا. رورانلار 402 - يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھاكىمىيەت تىكلىگەن. كۆچىيىپ كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقان بۇ ھاكىمىيەت، 487 - يىلى ئېگىز قاڭقىللارنىڭ (高车)نىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى بىلەن ئاجىزلىغان ھەمدە ئىچكى نىزاھلارغا پاتقان.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تۇبالار تەرىپىدىن 315 - يىلى قۇرۇلۇپ، 534 - يىلى يىمىرىلگەن. جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى لياڭ خانلىقىدىن شېن يۈې (441 - 315) يازغان «سۇڭنامە»نىڭ 98 - جىلد «دى غۇزلىرى ھەققىدە قىسسە»دىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلار چەرچەن بەگلىكىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرى ھەققىدە ئازراق بولسىمۇ مەلۇمات بېرىشىمىزگە ئىمكان بېرىدۇ. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، مىلادىيە 441 - يىلى «10 - ئايدا، شەھەردە ئوزۇق - تۈلۈك ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاچارچىلىقتا ئۆلۈپ كەتتى. جۇرچى تارگو ئۆز خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈپ لەشكەرلىرىگە ئوزۇق قىلىپ بەردى. گۆش يېيىلىپ بولغاندا، شەھەر ئىشغال قىلىندى. توغبات تاۋ جۇرچى تارگونى تىرىك تۇتۇپ، پىڭچېڭ قەلئەسىگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا چېچىنى ئۆرۈگەن ياتلارنىڭ خورىكى بەكمۇ ئۆسۈپ كەتكەندى. جۇرچى ئۇرغۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاچارچىلىقتا قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت تۇتالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، كۆپچىلىكنى باشلاپ كۇنپىتىشقا كەتمەكچى بولدى. 11 - ئايدا، جۇرچى ئۇرغۇ ئىنىسى جۇرچى ئارگۇنى 5000 لەشكەر بىلەن چەرچەنگە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەرنى ئىگىلىيەلمىدى. مىلادىيە 442 - يىلى 4 - ئايدا جۇرچى ئۇرغۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ كۇنپىتىشقا يۈرۈش قىلىپ جۇرچى ئارگۇنىڭ قېشىغا كەتمەكچى بولدى. ئۇلار چەرچەنگە يېتىپ كەلگۈچە، چەرچەن بېگى بەگرۇڭ 4000دىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇرچى ئۇرغۇ چەرچەننى ئىگىلىۋالدى... 8 - ئايدا جۇرچى ئۇرغۇ جىيەنى جۇرچى پورگۇنى چەرچەننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ لەشكەرلىرى بىلەن قوچۇغا ياردەمگە ماڭدى.»[①] يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن چەرچەن بەگلىكىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا مىلادىيە 5 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى كۆرەلەيمىز، مەيلى قانداق بولمىسۇن بۇ ئەلنىڭ يىمىرىلىشى ھەرگىزمۇ ئىچكى نىزا ياكى باشقا سەۋەبتىن بولماستىن، بەلكى كۈچلۈك ياۋ ئالدىدا ئاجىز كەلگەنلىكىدىن بولغان.

① «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى جىننامە سۇڭنامە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 712 - بەت.

## 2. Ⅶ ئەسىردىكى قايتا گۈللىنىش

«جەنۇبىي چى سۇلالىسى تارىخى»غا ئاساسلانغاندا، چەرچەن، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى دىڭلىڭ (丁零)لار تەرىپىدىن ئۇرۇشتا ۋەيران قىلىنغان، خەلقىمۇ تارقاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ قېتىمقى ۋەيرانچىلىقنى ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان. 452 ـ يىلى تۇيغۇنلار چەرچەنگە بېسىپ كىرگەن. 460 ـ يىللىرى رورانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان، روراننلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۇرۇش دىڭلىڭلار باشچىلىقىدا بولغان. ئۇرۇش ئوتى چاقىلىق دىيارىغىچە سوزۇلۇپ ئاخىرى دەھشەتلىك ئۇرۇش يۇرتنىڭ ۋەيران بولۇشىنى، خەلقنىڭ يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ھەقتە تارىخشۇناس دۇەن ليەنچىن: «چەرچەن ‹دىڭلىڭلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، خەلقى پۈتۈنلەي تارقىلىپ كەتكەن›. بۇنىڭدىن قاڭقىللارنىڭ كىنگىتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ جەنۇبقا بېسىپ بېرىپ، چەرچەننىمۇ ئىشغال قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ»[①] دەپ يازغان. دۇەن ليەنچىن قاڭقىللارنىڭ چەرچەننى ئىشغال قىلغان ۋاقتىنى مىلادىيە 492 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 493 ـ يىلىغىچە بولغان ۋاقىتتا دېگەن يەكۈننى چىقارغان. قاڭقىل ئېلى بۇ يەرگە 497 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، مىلادىيە 500 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇيغۇنلار چەرچەننى ئىشغال قىلىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن. بۇ قېتىمقى ۋەيرانچىلىق چەكلىك ۋاقىت بولغان، بىر قىسىم ئاھالىنىڭ يۇرتىدا ياشاپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتلار بار. مىلادىيە 519 ـ يىلى ئەتراپىدا بۇ يەردىن ئۆتكەن بۇددا راھىبى سۇڭ يۈن يازغان «سۇڭ يۈننىڭ سەپەر خاتىرىلىرى»دە «تۇيغۇندىن 3500 يول غەربكە يۈرسە چەرچەن شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ ئۆزلىرى تەختكە چىقارغان خاننى تۇيغۇنلار بېقىندۇرغان. ھازىر شەھەردە تۇيغۇنلارنىڭ غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇنى تۇرىدۇ. ئومۇمىي قەبىلىسى 3000 بولۇپ غەربىي غۇزلار (西胡)دۇر... چەرچەندىن غەربكە 1640 يول يۈرسە سارمادان شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ. شەھەردە 100 تۈتۈن بار»[②]، دېيىلگەن. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن 6 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا تۇيغۇنلارنىڭ چەرچەن ئېلىنى مۇنقەرز قىلىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ بولغانلىقىنى كۆرىمىز. مانا مۇشۇلارغا ئاساسەن، كىروران بەگلىكى جۈملىدىن چەرچەن بەگلىكىنىڭ 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تارىخ سەھنىسىدىن چۈشكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. تۇيغۇنلارنىڭ چەرچەن

---

① دۇەن ليەنچىن (يۇنۇسجان ئېلى، ھەنىپە ئابدۇللا تەرجىمىسى): «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 475 ـ بەت.

② ياڭ جيەنشىن تۈزۈپ شەرھلىگەن: «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرىدىن تاللانما ۋە شەرھ»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 46 ـ بەت.

رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقى 635 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.

سۈلۈك يۇندىن كېيىن يەنە بىر بۇددا راھىبى شۈەنزاڭ چەرچەن ئېلى، كىروران ھەققىدە ئۇچۇر قالدۇرغان. شۈەنزاڭ (مىلادى 600 ـ 664 ـ يىللار) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بۇددا راھىبى، ئۇ غەربكە يەنى ھىندىستانغا نوم ئالغىلى ماڭغىنىدا، 629 ـ ياكى 630 ـ يىلى كىروران دىيارىدىن ئۆتكەن. ئۇ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە (بۇ ئەسەر شۈەنزاڭنىڭ ئېغىز بايانىغا ئاساسەن 646 ـ يىلى يېزىلىپ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى لى شىمىنغا تەقدىم قىلىنغان) «400 يولدىن ئارتۇق يۈرسە ئەسكى توخرى بالىقىغا بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئەل ۋەيران بولۇپ شەھەرلىرى چۆلگە ئايلانغان. بۇ يەردىن شەرققە 600 يولدىن ئارتۇق يۈرسە قەدىمكى چالمادانا (سارمادان)غا بارىدۇ، بۇ يەردە ئادەمزات قالمىغان. يەنە شەرقىي شىمالغا مىڭ يولدىن ئارتۇق يۈرسە نوپ (纳缚波故国) يەنى كىرورانغا بارىدۇ»[①] دېيىلگەن. بۇ يەردە 故国 خېتى قوللىنىلغان، بۇ ئەلنىڭ بۇرۇنلا ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ھازىرقى نىيە، چەرچەنلەردىن تارتىپ تاكى دۇنخۇاڭغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شەھەرلەر ۋەيران بولغان. ئىزاھلاش ھاجەتكى، شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى چاقىلىق دىيارىدا ئاھالە قالمىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، بۇ ۋاقىتلاردا دەريا، كۆل بويلىرىدا بىر تۈركۈم ئاھالە ياشاۋاتقانىدى.

«جۇنامە»دە، «چەرچەن ـــ قەدىمكى كىروران ئېلىدۇر، شەرقتىكى چاڭئەنگە 5000 يول. پايتەختىنىڭ تەرەپلىرى بىر يولدىن. يېرى قۇملۇق، سۇ، ئوتلاقلىرى ئاز. شىمالىدا بەيلوڭدۇي يولى بار. ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيۈۋ يىللىرى جۇرچى (قۇتقۇ) ئەنجۇ ھوجۇم قىلغان، بېگى غەربتىكى سارمادانغا قاچقان. غەربىي شىمالىدا نەچچە يۈز يول ئاقار قۇم بولۇپ ياز كۈنلىرى ئىسسىق شامال چىقىپ يولۇچىلارنى كېسەلگە دۇچار قىلىدۇ... داتۇڭنىڭ 8 ـ يىلى بەگ ئىنىسى شەنمى ئاھالىنى باشلاپ تەۋەلىك بىلدۈرگەن»[②] دەپ يېزىلغان. «سۈينامە»نىڭ 15 ـ جىلدىدا «دايېنىڭ 5 ـ يىلى تۇيغۇنلار چەرچەن شەھىرىنى تەسىس قىلغان، بۇ قەدىمكى كىروراندۇر... پىچان دېڭىزى، چەرچەن دەرياسى بار»[③] دەپ يېزىلغان. «يېڭى تاڭنامە»نىڭ 43 ـ جىلدىدا «... پىچان (蒲昌海) كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى بىلەن غەربكە يۈرسە قۇتۇم (七屯) شەھىرى يەنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىشەم (伊修) شەھىرىدۇر. يەنە غەربكە 80 يول يۈرسە تاشبالىق (石城镇) يەنى خەن دەۋرىدىكى كىرورانغا بارغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى نامى چەرچەن بولۇپ پىچان كۆلىنىڭ 300 يول جەنۇبىدا. يەنە غەربكە 200 يول يۈرسە ياڭىبالىق (新城)، بۇرۇن

① شۈەنزاڭ (جو گولىن ئىزاھلاپ تەرجىمە قىلغان): «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، يېڭلو نەشرىياتى 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 702 ـ بەت.

②③ چيۇ لىڭ تۈزگەن: «لوپنورغا ئائىت ماتېرىياللاردىن توپلام»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق خەنزۇچە سانى، 11 ـ بەت.

ئاتالغان نوپ (弩支城) بولۇپ كاڭ يەندەن قۇرغان»[①] دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە»دە «ناپچۇق (纳职) جېنگۈەننىڭ 4 ـ يىلى (630 ـ يىلى) چەرچەن ئۇيغۇرلىرى (鄯善胡) قۇرغان شەھەر بولۇپ ناپچۇق ناھىيەسى دەپ ئاتالغان»[②] دەپ يېزىلغان. «سۇ ئىشلىرى تەپسىراتى»نىڭ 2 ـ جىلدىدا: «(سارمادانىدىن) شەرققە 720 يول يۈرسە چەرچەنگە بارىدۇ... جۇبىن (注滨) دەرياسى شەرققە ئېقىپ چەرچەن ئېلىنىڭ شىمالىدا پايتەخت ئىشەم يەنى قەدىمكى كىروراندىن ئۆتىدۇ... دەريا شەرققە ئېقىپ كۆلگە قۇيۇلىدۇ، كۆل كىروران دەرياسىنىڭ شىمالىدا. خان شەھرىنى ئاۋام شەرقىي كونا شەھەر دەپ ئاتايدۇ. جەنۇبىي دەريا ئۇدۇندىن 3000 يول شەرققە ئېقىپ شىمالدىكى چەرچەنگە كەلگەندە روران (牢兰海) كۆلگە قۇيۇلىدۇ. شىمالىي دەريا قۇملۇقنىڭ شەرقىدە جەنۇبىي دەريا بىلەن ئايرىلىپ... چەرچەن (禅善) ئارقىلىق روران كۆلگە قۇيۇلىدۇ»[③] دېيىلگەن.

«يۈەنخې ۋىلايىتىنىڭ ناھىيەلىرى تەزكىرىسى»دە: «ئىۋىرغول... ئەتراپىدا چەرچەندىن كەلگەنلەر بار... ناپچۇق ناھىيەسى جېڭگۈەننىڭ 4 ـ يىلى (630 ـ يىلى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ چەرچەنلىكلەر قۇرغان، غۇرلار (胡) چەرچەننى ناپ (纳职) دەپ ئاتىغاچقا شۇنداق ئاتالغان»[④] دېيىلگەن.

«شۇچاڭ ناھىيەسىنىڭ پاسىللىرى» ناملىق ئەسەردە «... تاشبالىق، خەن دەۋرىدىكى كىروران ئېلىدۇر. ‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى›دە ‹چاڭئەنگە 6100 يول. يېرى كۆپ ئەمما قۇملۇق، تېرىلغۇسى ئاز، ئەمما قاشتېشى چىقىدۇ. فۇ جيېزى بەگنى ئۆلتۈرۈپ خەن سۇلالىسى ئۇنىڭ ئىنىسىنى بەگلىككە ئولتۇرغۇزغان، بەگلىك نامى چەرچەنگە ئۆزگەرتىلگەن. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە چەرچەن بازىرى تەسىس قىلىنغان. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە يېغىلىق بولغاندا شەھەر ۋەيران بولغان. جېنگۈەن يىللىرى سەمەرقەنتلىك سەردار كاڭ يەندەن شەرققە كەلگەندە غۇرلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، شەھەر شىڭگۇ شەھىرى ئاتالغان. تۆت تەرىپى قۇملۇق بولۇپ شاڭيۈەننىڭ 2 ـ يىلى (675 ـ يىلى) نامى تاشبالىققا ئۆزگەرتىلگەن ۋە شاجۇغا تەۋە بولغان، شەرقتىكى شاجۇغا 1580 يول كېلىدۇ[⑤].

**قۇتۇم شەھرى** (屯城)، غەربتىكى تاشبالىققا 180 يول، چەرچەن بېگىنىڭ تۇرغاقى ئۇتۇش تەۋەلىك بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئاجىز بولغاچقا خەن خاقانىغا: ئېلىمىدە ئىشەم شەھرى بار، يەرلىرى مۇنبەت، لەشكەر ئەۋەرتىپ تېرىقچىلىق قىلدۇرغاچ ئېلىمنى قوغدىسا، دەپ تەلەپ قىلىدۇ. خەن سۇلالىسى سىما باشچىلىقىدا لەشكەر ئەۋەرتىپ ئىشەمدە تېرىقچىلىق قىلغان. چوڭ چەرچەن نامىغا تەقلىد قىلىپ كىچىك چەرچەن دەپ

① ② ③ ④ چيۇ لىڭ تۈزگەن: «لوپنورغا ئائىت ماتېرىياللاردىن توپلام»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق خەنزۇچە سانى، 11 ـ، 12 ـ، 12 ـ، 13 ـ بەتلەر.

⑤ چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى شەھەر خارابىسىنى كۆرسىتىدۇ، ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ ئورنىدا ئەسلىدە 2 ـ 3 شەھەر بولغانلىقىنى يازما ئۇچۇرلار ھەم ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن بىلىش مۇمكىن.

ئاتالدى، بۇ بۈگۈنكى قۇتۇم شەھىرىدۇر[①].

**ياغىبالىق** كاڭ يەندەن چەرچەندە تۇرۇپ ئاۋۋال مۇشۇ شەھەرنى گۈللەندۇرگەن، خەن دەۋرىدە ناپ (弩支城) دەپ ئاتالغان. شەرقتىكى چەرچەنگە 330 يول كېلىدۇ[②].

**بورىبالىق** (葡萄城)، كاڭ يەندەن قۇرغان. تاشبالىقنىڭ تۆت يول شىمالىدا، ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ تولىمۇ گۈزەل ئىدى، ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن بوربالىق دەپ ئاتالغان.

**شەھىرى سابىز** شەھەرنىڭ 480 يول شەرقىي جەنۇبىدا، كاڭ يەندەن قۇرغان، سابىز شەھىرى كۆلگە يېقىن، تۈيغۇنلار كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ[③].

**چەرچەن شەھىرى** شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 1630 چامدام. خەن دەۋرىدىكى چەرچەن شەھىرى بۇزۇلغان، تاشبالىقنىڭ 20 چامدام شەرقىدە[④].

**قۇتۇم** (故屯) **شەھىرى** تاشبالىقنىڭ غەربىي شىمالىدا» دېيىلگەن[⑤]. مانا مۇشۇ يازمىلاردىن كىروران رايونىنىڭ 7 - ئەسىردىكى ئەھۋالىنى ئازراق بولسىمۇ ئىگىلىيەلەيمىز.

«شاجۇ ۋە ئىۋىرغولنىڭ جۇغراپىيەلىك تەزكىرىسى» (ستەيىن دۇنخۇاڭدىن تاپقان 367 - ئىندىكىستىكى مەنبە)دىكى بايانلارمۇ يۇقىرىقىلار بىلەن ئوخشاش، بۇ مەزمۇنلاردا ئەكس ئەتكىنى 630 - يىللىرى ئەتراپىدىكى يۇرتىمىزنىڭ قايتىدىن گۈللىنىش ئەھۋالىدۇر. بۇ ۋاقىتتا سەمەرقەنتلىك سەردار دېيىلگەن كاڭ يەندەن يەرلىكلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك بوستانلىقلارنى قايتىدىن گۈللەندۇرگەن. مۇشۇ دەۋردە گۈللىنىپ تۇرغان چاقىلىقنى پۇتۇنلەي ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرمەكچى بولساق يەنە شەھىرى كىتىك، مەردەك ۋە قۇم دەريا بويىدىكى گۈللىنىشنى ئىزاھلىشىمىز لازىم، ئۇنداق بولمايدىكەن شۇ دەۋر ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ قېتىمقى گۈللىنىش چاقىلىق تارىخىدىكى بىر قېتىملىق كۆلىمى چوڭ، ئەمما ۋاقتى قىسقا بولغان گۈللىنىش ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە لوپ كۆلى بويىدىكى كىروران قاتارلىق شەھەرلەر ۋەيران بولغان. دىققەتكە سازاۋەر بىر نۇقتا شۇكى، قۇم دەريا بويىدا يەنىلا خېلى تۈركۈمدىكى كىشىلەر ھايات كەچۈرگەن.

① بۇ شەھەر ھازىرقى مۇران كونا شەھىرى خارابىسىنى كۆرسىتىدۇ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى شەھىرى ئىشەم (伊循) دېيىلگەن. 7- ~ 10 - ئەسىرلەرگىچە 屯七، 古屯 دېگەندەكناملاردا ئاتالغان. خوتەن ساك يېزىقىدىكى يازمىلاردا «ھوتۇم» ياكى «قېتىم» دەپ يېزىلغان. 10 - ئەسىردىكى گاۋ جۇخۇينىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە 七屯 دەپ يېزىلغان. بۇ ناملار 982 - يىلى پارسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى KHATUM دېگەن نام بىلەن تەلەپپۇز جەھەتتىن يېقىن كېلىدۇ.

② بۇ جاي ھازىرقى ۋاششەھىرى بازىرىنىڭ غەربىدىكى كونا شەھەر خارابىسى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

③ ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىچە بولغاندا، ھازىرقى ئاياغقۇم كۆلى ئەتراپىدا بولغان.

④ چەرچەن بەگلىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى قۇرۇلغاندا ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنى، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ئوتۇغۇچخان شەھىرىنى ئاستانە قىلغانىدى. شۇ ۋەجىدىنمۇ قانداق، چاقىلىق ناھىيە بازىرى چوڭ چەرچەن (鄯善)، مۇران كونا شەھىرى كىچىك چەرچەن دەپ ئاتالغان.

⑤ چيۇ لىڭ تۈزگەن: «لوپنورغا ئائىت ماتېرىياللاردىن توپلام»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق سانى، 18 - بەت. توغرىسى، شەرقىي شىمالىدا بولۇشى كېرەك.

مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن باشلاپ كىروران دىيارى چاقىلىقنىڭ تارىخىي تەقدىرى ئەۋۋەل تۇبۇتلەر قولىغا ئۆتتى، ئۇلار 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلغان، 8 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا تامامەن ئىستېلا قىلىپ بولدى، شۇندىن باشلاپ 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

تۇبۇتلەر 633 ـ يىلى لىخاسانى پايتەخت قىلىپ تۇبۇت خانلىقىنى قۇرغان، تۇبۇتلەر تۇبۇتلەرنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۇچۇن زور تۆھپە قوشقان، تۇبۇت خانلىقىنى قۇرغان چىسوڭزەننى مەدھىيەلەپ، «سوڭزەن گەنبۇ» دەپ ئاتىغان. سوڭزەن گەنبۇ تۇبۇتلەرنى بىرلىككە كەلتۇرۇپ دۆلەت ئىچىنى تىنچلاندۇرغانلىقتىن، خانلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئاشقان. 634 ـ يىلى ئۇ تاڭ سۇلالىسى مەلىكىلىرىدىن خوتۇنلۇققا بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكەن، ئەمما تاڭ سۇلالىسى قوشۇلمىغان. شۇ يىلى تۇبۇتلەر ئىككى سۇلالە ئارىسىدىكى تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. 640 ـ يىلى شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ئالدىدا تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى مەلىكە ۋېنچېڭنى سوڭزەن گەنبۇغا ياتلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇندىن كېيىن تۇبۇتلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ياخشىلانغانلىقتىن، تۇبۇتلەرنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە شارائىت ھازىرلانغان. تۇبۇتلەر تۇيغۇنلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تۇيغۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىلىق ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچى ئېشىپ، نەزىرىنى تارىم ۋادىسىغا قاراتتى. ئۇلار 663 ـ يىلى چەرچەننى يەنى ھازىرقى چاقىلىق دائىرىسىنى ئىشغال قىلغان، تۇبۇت قوشۇنلىرى ئالتۇنتاغدىن ھالقىپ ئۆتكەن، ئۇلار ئالدى بىلەن چاقىلىق ناھىيەسىدىكى ئاياغقۇم كۆلى بويىغا جايلاشقان شەھىرى سابىرنى ئىگىلىگەن ۋە ئۇنى ھەربىي مەركەز قىلغان ھالدا بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋام قىلغان. تۇبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى خېلى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلغانلىقتىن، مۇران كونا شەھەر خارابىسىدىكى تۇبۇت قەلئەسىدىن شۇ چاغدىكى ئىستېلانىڭ ئىزنالىرى قالغان.

تۇبۇتلەر ھازىرقى تىبەت (藏族)لەرنىڭ ئەجدادى، يېقىنقى ۋاقىتلاردا چاقىلىق ئۇيغۇرلىرى ئۇلارنى «شىرپۇك» دەپ ئاتايتتى. ھازىرچە «شىرپۇك» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئېنىق بولمىسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ مەلۇم بىر تارىخىي بايانى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى چاقىلىق جەنۇب تەرەپتە شىزاڭ بىلەن تۇتاشقاچقا تارىختىن بۇيان ئۆزئارا ئالاقىدە بولۇپ، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. تۇبۇت قەدىمكى خەنزۇچە يازمىلاردا 吐蕃 دەپ يېزىلغان. بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە تۇبۇتلەر ھەققىدە «تۇبۇت. تۈرك ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر قوۋم... تۇبۇتلەر ئابىت ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئەۋلادىدۇر. بۇ يەمەنلىك ئادەم بولۇپ، ئۇ يەردە (يەمەندە) بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، جىنايىتىدىن قورقۇپ، كېمە بىلەن چىنغا كەلگەن. بۇ يەر ئۇنىڭغا ياراپ قېلىپ، شۇ يەرگە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى كۆپىيىپ، تۈركلەر زېمىنىدىن مىڭ بەش يۈز پەرسەخ يەر ئالغان.

بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپى چىنغا، غەرب تەرىپى كەشمىرگە، شىمال تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا، جەنۇب تەرىپى ھىندى دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئەرەبچىنىڭ تەسىرى بار، ‹ئانا›نى ‹ئۇما›، ‹ئاتا›نى ‹ئابا› دەيدۇ... تۇبۇت بولۇۋالدى. ئەر تۇبۇتلەندى - ئادەم تۇبۇت بولۇۋالدى، تۇبۇت قىياپىتىگە كىردى. تۇبۇتلەر تۈرك ئېلىگە باشقا جايدىن كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان كىشىلەردۇر»[①] دەپ يازغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانى ناھايىتى قەدىمىي دەۋردىن بېشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. مەھمۇد كاشغەرىيدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەردە ئۇلار Tüpüt دەپ يېزىلغان. مەيلى قانداق بولمىسۇن، قوشنا ئىككى يۇرتتا ياشاپ كەلگەن بۇ خەلقلەر ناھايىتى قەدىمدىن بېرى ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. يېقىنراق دەۋرلەردىن ئالغاندا، كىروران بەگلىكىگە تەھدىت سېلىپ تۇرغان سۇپىسلارنىڭ تۇبۇتلەر ئەجدادى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. يىراقنى قويۇپ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىلغا ئالىدىغان بولساق، تۇبۇتلەر كىروران رايونىغا بىر يېرىم ئەسىردەك ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

تۇبۇتلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار، مەيلى قانداق ئېتىنىك كېلىپ چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، مىلادىيە 633 - يىلى تۇبۇت خانلىقى قۇرۇلغان. سوڭزەن گەنبۇ 617 - يىلى تۇغۇلغان، 629 - يىلى زەنپۇ بولۇپ تەختكە چىققان. ئۇ ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى بېسىقتۇرۇپ، تۇبۇتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، لىخاسانى پايتەخت قىلغان تۇبۇت خانلىقىنى قۇرغان. تۇبۇت خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكى جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، تاشقى سىياسەتلىرىنى تەڭشەپ ۋە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خانلىقىنى قۇدرەت تاپقۇزغان. سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي جەھەتلەردىن قۇدرەت تاپقان تۇبۇت خانلىقى مىلادىيە 641 - يىلى تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلاشقان، سوڭزەن گەنبۇ تاڭ مەلىكىسى ۋېنچىڭنى ئەمرىگە ئېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە كۈيئوغۇل بولغان. تۇبۇتلەر كۈچەيگەندىن كېيىن كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغان، 662 - يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇدۇن (خوتەن) رايونىغا باستۇرۇپ كىرگەن. 663 - يىلى داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ ھازىرقى چەرچەن ۋە چاقىلىق ناھىيەلىرىنىڭ دائىرىسىدىكى تۇيغۇنلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، بۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلغان. تۇبۇتلەرنىڭ ھەربىي كۈچلىرى شەھىرى سابىزنى تايانچ قىلىپ ئالتۇنتاغدىن ھالقىپ تارىم ۋادىسىغا باستۇرۇپ كىرگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئۇدۇن بەگلىكى تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا كىرىشىنى توسۇغان، ئەمما 760 - يىلىغا كەلگەندە ئۇدۇنلۇقلار تۇبۇتلەرگە تەسلىم بولۇپ، كۇسەنگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغان. تاڭ سۇلالىسى شۇندىن باشلاپ غەربىي يۇرتتىكى كۇسەن، ئاگنى (قاراشەھەر)، ئۇدۇن ۋە سوللاغ (كاشغەر)دىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان. شۇندىن كېيىن تاڭ

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم 460 - بەت، 2 - توم، 385 - بەت.

سۇلالىسىنىڭ تۈبۈتلەرنى غەربىي يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. تارىخىي ئۈچۇرلارغا قارىغاندا، تۈبۈتلەر مىلادىيە 680 ـ يىلىدىن مىلادىيە 709 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، چاقىلىقتىكى تۇيغۇن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، مىلادىيە 709 ـ يىلى setong (مۇران، قۇتۇم 七屯)دا يازلىق ئوردا تەسىس قىلغان. ئۇلار ئالدى بىلەن چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى شەھىرى سابىزنى، ئۇندىن كېيىن چاقىلىق ناھىيەسىدىكى باشقا شەھەر، بازارلارنى ئىگىلىگەن، شۇندىن باشلاپ چاقىلىق غەربىي يۇرتنى كونترول قىلىدىغان مەركەزگە ئايلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار مىلادىيە 792 ـ يىلى تۇرپان، بەشبالىق ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىن تۈبۈتلەرنى تامامەن قوغلاپ چىقارغان. تۈبۈتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇندىن باشلاپ مىلادىيە 850 ـ يىلىغىچە، ھازىرقى چاقىلىق ناھىيەسىدىن باشلاپ خوتەنگىچە بولغان رايونغا قاپسىلىپ، شۇ رايوندا داۋام قىلغان. مىلادىيە 850 ـ يىلى ئەتراپىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىدىكىلەر تەرىپىدىن تۈبۈت ئىشغالىيەتچىلىرى بۇ رايوندىنمۇ قوغلاپ چىقىرىلغان.

**تۈبۈتچە يازمىلاردىكى چاقىلىققا مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى**

**لوپ ــ نوپ** تۈبۈتچە يازمىلاردا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان يەر نامى، يازمىلارغا ئىشلەنگەن ترانسكرىپسىيەلەردە Nob دەپ يېزىلغان. توماسنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ بىر رايوننىڭ نامى بولۇپ تارىم ئويمانلىقىدا قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىن سوزۇلۇپ شاجۇنىڭ غەربىگىچە، خوتەن رايونىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى چەت جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. لوپ رايونى يۇقىرىقى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە Calmadana = Cercen، چاقىلىق (Nob = Charklik) ۋە قەدىمكى كىروران shanshan (鄯善) بەگلىكىنىڭ دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئالىم كىتابىدا يۇقىرىقى رايونلارغا لوپ نامىنى ۋەكىل قىلىپ ئالغان ھەمدە مۇران قەلئەسىدىن تېپىلغان تۈبۈتچە يازمىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ 8 ـ ئەسىرگە مەنسۇپلۇقىدا شۈبھە يوق، دەپ قارىغان.

لوپ نامى چاقىلىقتا مىلادىيەنىڭ بېشىدىن تارتىپ ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلگەن ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە سۆز بولۇپ «تۇزلەڭلىك، تۈزلەڭلىكتىكى يۇمىلاق، يوپۇرماق» دېگەندەك كۆپ مەنىلەرگە ئىگە. مەرھۇم ئېتنوگراف ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللاغا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ماموت قۇربانغا ئېيتقاندەك «جاڭگال، جاڭگاللىق» دېگەن مەنىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. تۈبۈتچە يازمىلارنى 8 ـ ئەسىرگە تەۋە دەپ قارىغاندىمۇ، ئارىدىن 1200 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىكى چاقىلىقتا لوپلۇقلار، لوپ لەڭگەر، لوپنىڭ قېقىرى، لوپ كۆلى دېگەن جاي ناملىرى ساقلىنىپ قالغان. ئوتتۇرا ئەسىردە ۋاششەھىرى كونا شەھىرى لوپ شەھىرى دەپ ئاتالغانلىقىنى يازمىلار كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. لوپ (تۈبۈتچە Nob) نامى ئەمەلىيەتتە تۈبۈتلەر بۇ زېمىنغا قەدەم بېسىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. مىلادىيەنىڭ باشلىرىغا مەنسۇپ ۋەقەلەردە كۆرۈلىدىغان 婼羌، «يېڭى تاڭنامە»دىكى 弩支 (ئەينى چاغدىكى ئوقۇلۇشى NopÇik، ۋاششەھىرى كونا

شەھىرى)، «كونا تاڭنامە»دىكى 纳职 (قومۇلدىكى لاپچۇقنىڭ شۇ زاماندىكى نامى، چاقىلىقنى مەركەز قىلغان چەرچەن بەگلىكى ئاھالىلىرى ئۇ يەرگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن يۇرتىنىڭ نامىنى قوللىنىپ شۇنداق ئاتىغان)، «يۈەنخې ئايمىقىنىڭ ناھىيەلەر تەزكىرىسى»دىكى 纳职، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دىكى纳缚波故国 (10- ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلشۇناس، تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ «نوب» دەپ تەرجىمە قىلغان) قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. پاكىتلاردىن قارىغاندا، تۇبۇتلەر چاقىلىق رايونىغا كېلىشتىن بۇرۇنلا چاقىلىق رايونى ياكى مۇشۇ رايوندىكى مەلۇم جاي لوپ ~ لاپ ياكى Nob دەپ ئاتالغان. بەزى ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، «خەننامە» قاتارلىق كىلاسسىك يازمىلاردا كۆرۈلىدىغان 婼羌نى شۇ نامنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى، دەپ قارىغان. ئومۇمەن ئالغاندا، لوپ ~ نوب سۆزلىمىنىڭ چاقىلىقتا جاي نامى بولۇشى ئىككى مىڭ يىلدەك تارىختا ئىگە.

تۇبۇتچە يازمىلاردا لوپ نامى بىلەن باغلىنىدىغان ئىككى جاي بار، بۇلار چوڭ ۋە كىچىك لوپتىن ئىبارەت. تۇبۇتچە يازمىلاردا كۆرۈلگەن Nob – chen، Nob – chen شۇنىڭ تىرانسكرىپسىيەسى ھېسابلىنىدۇ. مۇران تۇبۇت قەلئەسى 2 - نومۇرلۇق ئۆيدىن تېپىلغان 5 - نومۇرلۇق ۋەسىقە (W 36)دە كۆرۈلگەن nobchungurنى 婼羌 دەپ تەرجىمە قىلغان. كىتابنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار nobchungنى 婼羌نىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى، Nob – chedنى 纳职 ئەينى چاغدىكى ئوقۇلۇشى napcikنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى دەپ ئىزاھلىغان. ئۇلارنىڭ ئىزاھلىشىچە، تۇبۇتچىدە ched چوڭ دېگەن مەنىدە، chung كىچىك دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، چوڭ لوپ ۋە كىچىك لوپ دېگەن بۇناملار بەزى خەنزۇچە ئەسەرلەردە كۆرۈلىدىغان 大鄯善، 小鄯善 بىلەن ماس كېلىدىكەن. ستەيىننىڭ يازغىنىغا قارىغاندا، ئۇ تاپقان تۇبۇتچە پۈتۈكلەردىن ئۈچ پارچىسىدا Nob نامى، 30 نەچچە پارچىسىدا nobchung، 14 پارچىسىدا Nob – chen دېگەن يەر نامى ئۇچرايدۇ. M .0092.A.3 قاتارلىق 2 - 3 پارچە ۋەسىقىدە لوپ نامى nag دەپ يېزىلغان، شۇ ۋاقىتلاردىكى ئۇدۇن يېزىقىدىكى يازمىلاردا naki، nahi دەپ يېزىلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بەش پارچىسىدا چوڭ ۋە كىچىك لوپ دېگەن نام كۆرۈلىدۇ. ستەيىننىڭ قارىشىچە بولغاندا، چوڭ لوپ ھازىرقى چاقىلىقنى، كىچىك لوپ مۇران كونا شەھىرىنى كۆرسەتكەن. ستەيىننىڭ بايانىچە لوپ رايونىدا يۇقىرىقى ئىككى شەھەردىن باشقا يەنە تۆۋەنكى لوپ Nob – chen دېيىلىدىغان شەھەرمۇ بولغان. يادىكارلىقلارنى نەشرگە تەييارلىغان ۋاڭ ياۋ، چېن جيەنلەر Nob سۆزى 11 -، 12 - ئەسىرلەردە Lob بولۇپ ئۆزگەرگەن دەپ قارىغان. ئۇلار تۈزگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ۋەسىقىلەردە Nob ched po دېگەن يەر نامى سەككىز قېتىم، nobchung نامى 18 قېتىم كۆرۈلىدۇ.

«ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»دە ۋاششەھىرى كونا شەھىرىنىڭ LOP دەپ يېزىلىشى، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا 罗卜 دەپ يېزىلىشى، يېقىنقى زاماندىكى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازمىلاردا «لوف» دەپ يېزىلغانلىقى، زامانىمىزدىكى چاقىلىق

ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھېلىھەم لوپ دەپ قوللىنىشى، شۇ دەۋردىكى ئاھالىلەرنىڭ لوپ دەپ قوللىنىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. ستەيىن «نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈش» ناملىق كىتابىدا، «كۆپلىگەن ھىندى ئارىيان دىيالېكتلىرىدا، سانسكرىت ۋە براھمى يېزىقلىرىدا تۈنجى ھەرپ l دائىم n غا ئۆزگەرتىپ يېزىلغان. ئەكسىچە ئايلاندۇرۇپ قارىساق تۈنجى ھەرپ n نى l غا ئۆزگەرتكەن، مەن كەم دېگەندىمۇ جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ تىلىدىنمۇ دائىم ئاڭلىدىم» دەپ يازغىنىدەك، قەدىمكى ۋاقىتلاردا لوپ ~ نوپ ناملىرى ئالماشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنغان بولۇشى ياكى لوپ نامى يازمىلاردا نوپ بولۇپ خاتىرىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

**شەھىرى كىتىك** تۇبۇتچە يازمىلاردىن مۇران خارابىسىدىن تېپىلغان Mi·vi·101، Mi·xix001، Mi·x·7، Mi·xlii، Mi·xiv·32، Mi ·ii·005 نومۇرلۇق ۋە يەنە باشقا ئالتە پارچە ۋەسىقىدە ak ـ gad دېگەن جاي نامى كۆرۈلىدۇ. ۋاڭ ياۋلارنىڭ كىتابىدىكى 168 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقە، توماسنىڭ يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 2 ـ تومىدىن ئېلىنغان بولۇپ 2khad.032 ـ 373 Ⅱ دەپ نومۇر قويۇلغان. بۇ ۋەسىقىدە مۇنداق دېيىلگەن: «چوڭ لوپتا تۇرۇش مۇنازىرىسى... چاقىرىلغانلار بىلەن ak ـ gad تىن كەلگەن زاپاس توپ... چوڭ ۋە كىچىك لوپقا يەتكۈزۈلدى» دېيىلگەن. بۇ شەھەر ھەققىدە Mliu101 نومۇرلۇق تۇبۇتچە پۈتۈكتە «چوڭ لوپتا تۇرغان... بىلەن kadag تىكى زاپاس ئەسكەرلەر يىغىلىپ... چوڭ ۋە كىچىك لوپقا راباتلار ئارقىلىق يەتكۈزۈلدى» دېيىلگەن. 982 ـ يىلى پارسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم»دە « KADHAKH چىنىستان چېگراسى ئىچىدە، ھۆكۈمدارى تۇبۇتكە قارايدۇ» دېيىلگەن بايانلارمۇ ئىسپاتلايدۇ. 13 ـ ئەسىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 怯台 شەھىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان يازغان «تارىخى رەشىدىي»دە Lob . katak دەپ تىلغا ئېلىنىپ، بىر رايوننىڭ نامى بولۇپ كېلىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا katak نامى مۇستەقىل شەھەر نامى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. «تارىخى رەشىدىي»دىن كېيىن، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا شەھىرى كىتىك كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىرگە، چاقىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەكلىماكان بويلىرىغا جايلاشقان يۇرتلاردا تەكلىماكان رىۋايىتى سۈپىتىدە ئېيتىلىدۇ، بۇ رىۋايەتنىڭ مەنبەسى شەھىرى كىتىكنىڭ رىۋايىتى بولۇپ ئېغىز ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، يازما ئەسەرلەردىمۇ كۆپ كۆرۈلگەن. كىتىك شەھىرىنىڭ نامى خەلق ئېغىز تىلىدا «كېتېك ~كۆتۈك»كە مايىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازمىلاردا «كتك» دەپ يېزىلغان. بۇ شەھەرنىڭ ئورنى چاقىلىق ناھىيەسىگە جايلاشقان، يەنى تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى ئېتەك تېرىم (دۆلەت 218 ـ تاشيولىنى بويلاپ چاقىلىقتىن كورلا تەرەپكە 110 كىلومېتىردەك يۇرسە توقۇم دېگەن يەرگە بارىدۇ، مۇشۇ يەردىن كۈنپېتىشقا 25 ~ 20 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە) دېگەن يەردە. توماسنىڭ تۇبۇتچە يازمىلارغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشىچە، kadag چوڭ ۋە كىچىك لوپ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ قوشنا بولۇشى شۈبھىسىز، بۇ ھۆكۈم بىلەن مەن ئوتتۇرىغا قويغان

كىتىكنىڭ ئورنى ھەققىدىكى يۇقىرىقى قارىشىم جىپسىلىشىدۇ.

**شەھىرى سابىز** تۇبۇتچە يازمىلاردا كۆرۈلىدىغان Tshal - byi شەھىرى، ئالىملار خەنزۇچىغا 萨毗 دەپ تەرجىمە قىلغان. خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، كاڭ يەندەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قايتىدىن گۈللەندۈرگەن شەھەرلەر ئىچىدە مۇشۇ شەھەر بار. بۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ شەھەر مىلادىيەنىڭ بېشىدىلا مەۋجۇت بولغان بولسا كېرەك. توماسنىڭ بايانىغا قارىغاندا، كۆل بويىغا جايلاشقان بۇ شەھەرنىڭ چاقىلىق بىلەن ئارىلىقى 430 يول (100 مىل) كېلىدىكەن. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ئاياغقۇم كۆلى بويىغا جايلاشقان، تۇبۇتلەر دەۋرىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇنلاردىن بىرى بولغان. تۇبۇتلەرنىڭ تەڭرىتاغدىن ھالقىپ تارىم ۋادىسىغا كىرىشتە مۇھىم ئۆتكەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى مۇھىم جاي ھېسابلانغان. بۇ جاينىڭ نامى كەم دېگەندىمۇ Mi.xix.001، Mi.3، Mi. 23، M.i.19، M.i.49، M.xli.0013، M .ix.10 نومۇرلۇق ۋەسىقىلەردە كۆرۈلىدۇ. تۇبۇتشۇناس ياڭ مىڭنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، شەھىرى سابىز نامى جەمئىي 13 ۋەسىقىدە كۆرۈلگەن. بۇ شەھەر تۇبۇتلەر تارىم ۋادىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن قايتا روناق تاپمىغان بولۇشى مۇمكىن، كېيىنكى ماتېرىياللاردا كۆرۈلمەيدۇ.

**چەرچەن** ئالىملار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى كىروران بەگلىكىدىن پارچىلىنىپ چىققان بەگلىك 鄯善نى چەرچەن نامىنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى دەپ قارىغان، بۇ قاراشنى قوللىغۇچىلاردىن خۇدابەردى سېلىم، ئىبراھىم مۇتىئىي، خۇاڭ شېڭجاڭ، ياڭ مىڭ، خاملتون، پۇلىي بىلەنك... قاتارلىق ئالىملارنى كۆرستىش مۇمكىن. ئەگەر مۇشۇ قاراش توغرا بولسا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 - يىلىدىن باشلاپ قوللىنىلغان نام دېيىشكە بولىدۇ. مۇران قەلئەسىدىن تېپىلغان تۇبۇتچە يازمىلاردا Cerchen ، Cercen دېگەن يەر نامىلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ نام مەھمۇد كاشغەريي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بايان قىلىنغان «qurqan» ۋە «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»دە يېزىلغان «CHARCHAN»؛ خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى 卡墙، 车尔臣، ئۇيغۇرچە جاي نامى «چەرچەن» بىلەن تامامەن ئوخشاش. مۇران قەلئەسىدىن تېپىلغان ML. xxviii.2نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە Cercen گە بارىدىغانلىقى يېزىلغان.

**Nob chel po** بۇ نام چوڭ لوپ دېگەنلىك، بۇ نام ئىچىدە Nob تىلىمىزدا ھازىرمۇ قوللىنىۋاتقان لوپ نامىنىڭ دەل ئۆزى، بۇ ئاتالغۇنى تۇبۇتلەر يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلغان، ھازىرقى چاقىلىق بازىرىنى كۆرستىدۇ.

**Nob ched po** بۇ نام كىچىك لوپ دېگەنلىك، مۇران كونا شەھەر خارابىسىنى كۆرستىدۇ. نوپ — لوپ نامىنىڭ مۇشۇ يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىن كەلگەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ تۇبۇتلەرنىڭ تىلىدىن كەلمىگەنلىكىنى «يۈەنخې ئايمىقىنىڭ ناھىيەلەر تەزكىرىسى»، «كونا تاڭنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى «ئۇيغۇرلار چەرچەننى ناپ (纳职) دەيدۇ» دېيىلگەنلىكى ھەمدە چەرچەن ئۇيغۇرلىرى ئىئۇرغولدا بەرپا قىلغان يېڭى يۇرتىنى

ئەسلىدىكى يۇرتىنىڭ نامىدا ناپچۇق ـ لاپچۇق (بۇ كىچىك لوپ دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك) دەپ ئاتىغانلىقى، بۇ نامنىڭ تۇبۇتلار بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

**Rtse vton** بۇ جاي نامى تۇبۇتچە يازمىلاردا يەنە se tong ، rtse mton ، rtse thon شەكلىدىمۇ كۆرىلىدۇ، بۇ جاي نامى خاتىرىلەنگەن تۇبۇتچە يازمىلارنىڭ ھەممىسى مۇران قەلئەسىدىن تېپىلغان. تەتقىقاتچىلار ئىزدىنىش ئارقىلىق، «شاجۇ ۋە ئۇيغۇر تەزكىرىسى» قاتارلىق خەنزۇچە يازمىلاردا كۆرۈلىدىغان 七屯 نامى بىلەن تەڭداشلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. باشقا خەنزۇچە ماتېرىياللاردا يەنە 屯城، 海头، 古屯 دېگەن يەر ناملىرى كۆرۈلىدۇ. پارسچە «ھۇدۇدۇلئالەم»دە khatum دېگەن نام چېلىقىدۇ. مېنىڭچە، يۇقىرىقى ناملارنىڭ ھەممىسى بىر جاي نامىنىڭ بىرقانچە خىل تەلەپپۇز تەرجىمىسى بولۇپ، مۇران كونا شەھىرى خارابىسىنىڭ كۆرسىتىدۇ. ئاتاقلىق تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتئىي بۇ جاي نامىنى «قېتىم» دەپ تەلەپپۇز قىلغان، بەزى ماتېرىياللاردا «ھوتىم» دەپ ئېلىنغان. يەنە بەزى ئالىملار خەنزۇچە ماتېرىياللاردا كۆرۈلىدىغان 伊循 نامىنىمۇ مۇشۇ خارابىنىڭ نامى بولۇپ، غەرب مەنبەلىرىدە كۆرۈلىدىغان issedon دەپ قارىسا؛ بەزىلەر issedon بىلەن يۇقىرىقى تۇبۇتچە نامنى مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىغان. بۇ نامنىڭ مۇران خارابىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقىدا كۆپ ئىختىلاپ يوق. تۇبۇتچە يازمىلارغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، كىچىك لوپ يەنى مۇران تۇبۇتلار زامانىدا، مۇشۇ رايوننىڭ سىياسىي مەركىزى بولغان. بۇ جاي تۇبۇتلار قوغلاپ چىقىرىلىپ بىر ـ ئىككى ئەسىردىن كېيىن ۋەيران بولغان.

**Klurtse** ۋاششەھىرى تۇبۇتچە يازمىلاردا كۆرۈلىدىغان بۇ نامنى ئالىملار ئۇدۇن يېزىقىدىكى dūrtci ۋە خەنزۇچە يازمىلاردىكى 弩支 (ئەينى چاغدىكى ئوقۇلۇشى — nuci) دەپ قارىغان. ۋاششەھىرى كونا شەھىرى مىلادىيەنىڭ بېشىدىلا 弩支 دەپ خاتىرىلەنگەن. بىر قېتىم ۋەيران بولغاندىن كېيىن 7 ـ ئەسىردە قايتا گۈللەندۈرۈلگەن ھەمدە «ياڭىبالىق» (新城) دەپ ئاتالغان. تۇبۇتلار دەۋرىدىن كېيىن ناھايىتى گۈللەنگەن بۇ شەھەردە 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى كېيىنرەك خاقانىيە دائىرىسىدە بولغان ھەمدە ئىسلام دىنى ئومۇملاشقان. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋەيران بولغانغا قەدەر لوپ دەپ ئاتالغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قايتا گۈللەندۈرۈلگەندە ئاندىن ۋاششەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. تۇبۇتچە پۈتۈكلەردە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە rgodtsang ۋە Udzom دېگەن جاي ناملىرى كۆرۈلىدۇ. ئەمما كونكرېت ئېيتقاندا، بۇ ناملارنىڭ قەيەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھازىرچە نامەلۇم. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئىزاھلاش مۇمكىنكى، تۇبۇتلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاشۇ دەۋردە يەنە مەردەك دەيدىغان بىر شەھەرمۇ بولغان، لېكىن تۇبۇتچە يازمىلاردا كۆرۈلمەيدۇ. شۇ دەۋرگە ئائىت ئۇدۇن يازمىسىدا pādāka دەپ يېزىلغان. ئورنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان توقۇم دېگەن يەرنىڭ 15 ـ 20 كىلومېتىر شەرقىدە بولۇپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈلگەن.

**مۇران كونا شەھىرىدىن تېپىلغان تۈبۈتلەر ھۆكۈمرانلىقىدىن بۇرۇنقى دەۋرنىڭ يادىكارلىقى**

مۇران كونا شەھىرى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، كېيىن دىگەندىمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردە شەھەر بولۇپ قۇرۇلغان. بۇ شەھەر ئەينى ۋاقىتتا كىرورەن ۋە چەرچەن بەگلىكىنىڭ ئىقتىساد، كۇلتۇر ۋە دىنىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. بىرقانچە قېتىملىق گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش تارىخىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 10 ـ ئەسىرلەردە ۋەيران بولغانچە قايتا گۈللەنمىگەن. بۇ شەھەر خارابىسىنى 1907 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لوپلۇقلارنىڭ بېگى كۆنچىقان بەگنىڭ 3 ـ ئوغلى توختاخۇننىڭ يول باشلىشىدا شەھەر خارابىسىگە كەلگەن ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى يەھۇدىي ئارخېئولوگ، دوكتور مارك ئاۋرېل ستەيىن قېزىپ تەكشۈرگەن. ستەيىن قېزىش داۋامىدا ھازىرقى كۆنده تۈبۈت قەلئەسى دەپ ئاتالغان قەلئەدىن نۇرغۇن تۈبۈتچە تارىشا ياكى قەغەز پۈتۈكلەرنى تاپقان، شۇ قېتىمقى قېزىش داۋامىدا تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈچ پارچە قەغەز پۈتۈكمۇ قېزىۋېلىنغان.

ستەيىن مۇران خارابىسىدىن قەغەزگە پۈتۈلگەن ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك يازما، دۇنخۇاڭدىن «ئىرق بىتىگ» (104 بەتلىك) ۋە بىرقانچە پارچە ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈك تاپقان، بۇلارنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە. بۇ يادىكارلىقلار تۈبۈتلەر چاقىلىق رايونىنى ئىدارە قىلىشتىن بۇرۇن، يەنى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن يېزىلغانلىقى ئېنىق، بىز تونۇشماقچى بولغان بۇ يازمىنى ستەيىن يالىلىغان كىشىلەر 1907 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مۇران كونا شەھىرى خارابىسىدىكى M.I.xxxiiنومۇرلۇق كىچىك ئۆيدىن قېزىپ چىقارغان، ئۇزۇن يىللاردىكى شامالنىڭ يېمىرىشى بىلەن ئۆي ئىچىدە پەقەت ئىككى فۇت ئېگىزلىكتىكى ئەخلەت ساقلىنىپ قالغان. مۇشۇ ئەخلەتلەر ئارىسىدا ياخشى ساقلىنىپ قالغان چوڭ بىر پارچە قەغەز ھەم پۇچۇلۇپ كەتكەن ئىككى پارچە قەغەزمۇ بايقالغان، بۇ قەغەز يازمىلار دەل بىز تونۇشماقچى بولغان تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا، مىلادىيە 750 ـ يىلىدىن بۇرۇنراق يەنى بۇندىن 1260 يىللار مۇقەددەم يېزىلغان يادىكارلىقتۇر. بۇ يادىكارلىقنى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىنىڭ سىرىنى ئاچقان دانىيەلىك ئاتاقلىق ئالىم ۋىلىيام تومسېن، ستەيىننىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن تەتقىق قىلغان ھەمدە 1912 ـ يىلى ترانسكرىپسىيەسى، تەرجىمىسى ۋە ئەسلىسىنى فوتو كوپىيەسى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلغان. تۈركىيەلىك ئالىم ھۈسەيىن نامىق ئورقۇننىڭ «ئەسكى تۈرك يازىتلارى» (قەدىمكى تۈرك يازمىلىرى) ناملىق 1938 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىدىكى ترانسكرىپسىيەگە ئاساسەن ئىشلەپ چىقتىم. تومسېننىڭ يېزىشىچە، 1 ـ پارچە يازمىنىڭ چوڭلۇقى 26 × 23 سانتىمېتىر، بىر يۈزىگىلا يېزىلغان. ئىككىنچى پارچە قەغەزنىڭ ئىككى يۈزىگە يېزىلغان، ئەمما كەينى يۈزىدىكىسى مۇستەقىل مەزمۇندىكى يازمىدىن ئىبارەت.

(A)

تۆتىنچى ئاي توقۇز ئوتۇزقا ئۇناغان چۇر يارىقى ئۈرۈنۈ تۇدۇن چىغشىگە يارلىغ بولتى. ئالانى ئىچرەكى يارىقى چىق بىلگە چىغشىكە يارلىغ بولتى. ئوتكا كۆنمىش قىلىچ ئۆزىكە يارلىغ بولتى. كۈلۈگ ئۈرۈنۈكە بىر يارلىغ بولتى. كۆپە يارىق ئۈچۈن بىر يارىق يارلىغ بولتى. ئالانى ئىچرەكى سۈدە كەلۈرمىش، ئۈچ يارىقدا ئۈگەكە بىر يارلىغ بولتى. قەدىم ئۈرۈنۈقا بىر ئەدچۈ ساڭۇنتىرەكە بىر سۈگچۈ بالىق دا كىرمىش. يارىقدا بايىرقۇلارقا ئالتى يارىق تىگىنكە بىر بارس قان ساڭۇنقا بىر قۇتۇز ئۈرۈنۈقا بىر كۈل چىغشى كۈچۈك نىسىنە بىر سارىغ چىرقا بىر كەنشىغە بۆيلەدىر. بىر تەڭلىغ ئاپايا بىر قۇتلۇغقا بىر سۈچۈركە ئۈرۈنۈ ساڭۇنقا بىر بەچە ئاپا ئىچرەك ئىكە بىر يارىق يوشۇق بىلە.

[يەشمىسى] تۆتىنچى ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۇناغان چۇرغا يارىق، ئۈرۈنۈ تۇدۇن چىغسىگە يارلىق كەلدى. ئالانى ئىچرەكى يارىقى چىق بىلگە چىغشىگە يارلىق كەلدى. ئوتقا كۆنمىش قىلىچ ئۆزۈگە يارلىق كەلدى. كۈلۈگ ئورۆڭۈغا بىر يارلىق كەلدى. كۆپە يارىق ئۈچۈن بىر يارىق يارلىق كەلدى. ئالانى ئىچرەكىگە ئوردىدىن كەلتۈرۈلگەن ئۈچ يارىقتىن ئۈگەكە بىر يارلىق بولدى. قەدىم ئۈرۈڭۈقا بىر ئەدچۈ ساڭۇن تىرەيەگە سۈكچۈ شەھىرىدىن كەلگەن بىر يارلىقتا بايىرقۇلارغا، ئالتە يارىق تىگىنگە بىر، بارس خان ساڭۇنغا بىر، قۇتۇز ئۈرۈڭۈغا بىر، كۈل چىغشى كۈچۈكنىڭ قىرىندىشىغا بىر، سارىغ چىرا كەنشىگە بىر، تەڭلىغ ئاپاغا بىر، قۇتلۇقىا بىر، سۈچۈرگە بىر، ئۈرۈڭۈ ساڭۇنغا بىر بەچە، ئاپا ئىچرەككە بىر، يارىق يوشۇقا باراۋەر.

(B) ئالدى يۈزى

ئىنال ئۈرۈنۈ يارىقى ماسقا يارلىغ بولتى. يۈرتا ئات ئۈچۈن كەلمىش يارىق ياغمىش تۈتۈق قا يارلىغ بولتى. بىندىر كە يارىق ۋە يارلىغ بولتى. يولتا ئات كۆگۈرمىش ئەركە بىر يارىق يارلىغ بولتى. كۈلۈگ ساڭۇن قا يوشۇق يارلىغ بولتى كۈرەبىر ئۈرۈڭۈ ساڭۇنقا بىر قىلىچ بىر بەردۈق يارلىغ بولتى. قۇچۇ بالىقدا كەلمىش قىلىچ كۈچ قارلا قا يارلىغ بولتى.

[يەشمىسى] ئىنال ئۈرۈڭۈ يارىقى ماسقا يارلىق بولدى. يۈرتتىن ئات ئۈچۈن كەلگەن يارىق ياغمىش تۈتۈققا يارلىق بولدى. بىندىرگە يارىق ۋە يارلىق كەلدى. يولدا ئات ساھىبى بولغان ئادەمگە بىر ئارىق يارلىق كەلدى. كۈلۈگ ساڭۇنغا بىر يوشۇق يارلىق كەلدى. كۈرەبىر ئۈرۈنۈ ساڭۇنغا بىر قىلىچ بېرىش يارلىقى كەلدى. قۇچۇ شەھىرىدىن كەلگەن قىلىچ كۈچ قاراغا يارلىق كەلدى.

(B) ئارقا يۈزى

بىر كى يۈلۈق ئا ئۈرۈڭۈ يار... يىرۈ... كە ئۈرۈنۈ قا يارلىغ بولتى. لاچىن بايلۇق چىك ئاس يارىقى بارس ئۈرۈنۈ قا يارلىغ بولتى...رىكىن ساڭۇن تىر يارىقىن ئىنال ئۈرۈنۈقا يارلىغ بولتى. ئۆت ساڭۇن يارىقىن كىيگەن ئۈرۈنۈقا بېردى.

[يەشمىسى] ئۇرۇنۇغا يارلىق... ئۇرۇنۇقا يارلىق كەلدى. لاچىن بايلۇق يارىقى بارس ئۇرۇنۇقا يارلىق كەلدى.... سانغۇن يارىقى ئىنال ئۇرۇنۇقا يارلىق كەلدى. ئۇت سانغۇن يارىقىنى كىيەگەن ئۇرۇنۇقا بەردى.

(C)

بۇچۇرقا يارىق بىر ئۇگەكە بىر يارىق بەردى. تۇزمىشكە بىر يارىق كىيگەنكە بىر يارىق قۇلاپا ئۇرۇنۇقا بىر يارىق قويچى لەرگە بۆيلەدىر ئىكى ياراق تاي ئۇگەكە بىر كۆكۈزمەك يارىق يارلىغ بولتى. ئەلەكۇل... يارىق ئىنانچۇ... ئۇر

[يەشمىسى] بۇچۇرغا يارىق بىر، ئۇگەكە بىر يارىق بەردى. تۇزمىشكە بىر يارىق، قىياغانغا بىر يارىق، قۇل ئاپا ئۇرۇنۇقاغا بىر يارىق، قويچىلارغا ئىككى يارىق، تاي ئۇگەگە بىر كۆزمەك يارىق يارلىغ كەلدى. ئەلەكۇل يارىق... ئىنانچۇ...

[چۈشىنىكلەر] بۇ بۆلەكتىكى يارىق سۆزلىمىنىڭ مەنىسى تېخى ئېنىقلانغىنى يوق. ساڭۇن سۆزى خەنزۇ تىلىدىكى جياڭجۇن سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدىن ئىبارەت. سۇكچۇ شەھىرى گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى سۇجۇ (肃州) شەھىرىنى، قوچۇ بالىق تۇرپان شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. بايىرقۇ ۋە كۇرەبىر ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىسىنىڭ نامىدىن ئىبارەت. مۇشۇ يازمىدىكى خان، تىگىن، ساڭۇن (سانغۇن)، چىغشى، ئۆزۈ، كۆلۈگ، ئىنال، تۇتۇق، ئۇگە... قاتارلىقلار شۇ ۋاقىتتىكى لەشكىرىي ياكى مەمۇرىي ۋەزىپىلەردىكى كىشىلەرنىڭ دەرىجىسى ياكى ئۇنۋانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە، بىر تىزىملىك بولۇشى مۇمكىن. ھازىرچە بۇ يازمىلارنى راۋان ھەم ئېنىق چۈشىنىش ئەمەلگە ئاشمايۋاتقان بولسىمۇ، مۇران كونا شەھىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى مۇھىم بىر ھەربىي قورغان ئىكەنلىكى، بۇ يەرنى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي قوۋمنىڭ ئىگىلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىقى يازمىدىكى تىزىملىك شۇ ۋاقىتتىكى ھەربىي دەرىجىلەرنى، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنى، كىشى ئىسىملىرىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ماتېرىياللارنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش چاقىلىقنىڭ تۇبۇتلەر ئىشغالىيىتىدىن بۇرۇنقى تارىخىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئەتكۈسى.

### 3. چاقىلىقتىكى شەھەر، بوستانلىقلارنىڭ ۋەيران بولۇشى

چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە مىلادىيەدىن بۇرۇنلا كۆپلىگەن شەھەر، بازارلارنىڭ بولغانلىقىنى تارىخىي ئىزلارنى تونۇشتۇرغاندا كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇلاردىن كىروران شەھىرىنىڭ نامى ئېنىقلانغاندىن باشقا كۆپ قىسمىنىڭ نامى ئېنىقلانمىغاچقا لاتىن ئېلىپبەسى، سان، خەنزۇچە خەتلەر ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن، قىسمەنلىرىگە ئىسىم قويۇلغان. ھازىرغىچە كۆپلىگەن شەھەر - بازارلارنىڭ نامى ئېنىقلانمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يەرنىڭ جاي ناملىرىنىڭ بىر قەدەر كۆپ بولۇشى مەسىلىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇردى، شۇنداقتىمۇ ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىكى شەھەر،

بازارلارنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلاشقان ئاساسەن بىرقانچە رايونغا ئايرىش مۇمكىن، جۈملىدىن كىروران — لوپ رايونىنى مەركەز قىلغان شەھەر، بازارلار (بۇلار كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى ھاياتلىق مەنبەسى قىلغان، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنىمۇ مۇشۇ ئېقىن بىلەن ئاققان)، قۇم دەريا خارابىلىرى، مىران - چاقىلىق دەريالىرى بويلىرىدىكى ئىزلار، ۋاششەھىرى دەرياسى بويىدىكى خارابە، كىتىك - مەردەك (تارىم دەرياسى جەنۇبقا ئاققان تارامنى ھاياتلىق مەنبەسى قىلغان) ئەتراپلىرىدىكى شەھەر - بازارلاردۇر. بۇلاردىن بىرىنچى تىپقا كىروران ۋە ئەتراپلىرى (كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا، لوپ كۆلىگە نەچچە ئون كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىدىكى كۆنچى دەرياسى سۈيىگە تايىنىپ ياشايدىغان شەھەر، بازارلار) خارابىلىرىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ، بۇ شەھەر خارابىلىرى كۆنچى دەرياسىنى ئۆزىگە ھاياتلىق مەنبەسى قىلغان، ئوخشاش بىر دەۋردە سەلتەنىتىنى يوقىتىپ تەدرىجىي ۋەيران بولغان. كىروران شەھىرى ۋە ئەتراپلىرى كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ تەسىرىدە ئاھالىلىرى ئازلاپ كەتكەن، ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (4000 ئائىلىدىن ئاشىدىغان ئاھالىنىڭ) چەرچەن بېگى بەگروۋىنىڭ باشچىلىقىدا ئەينى چاغدىكى چالمادانا يەنى ھازىرقى چەرچەنگە كۆچكەنلىكى تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن. يەنە بىر قىسمىنىڭ 7 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قومۇل رايونىغا كۆچۈپ كىچىك لوپ يەنى ناپچۇق (لاپچۇق) نامىلانغان يۇرتنى بەرپا قىلىپ ياشىغانلىقى مەلۇم. يەنە بىر قىسمى خەنزۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئۆتكەن، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى چەرچەن بەگلىكىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى 鄯善 نىڭ تۇنجى خېتىنى ئېلىپ خەنزۇلارغا ئوخشاش فامىلە قوللانغان. مەسىلەن 鄯米، لوياڭدىن قەبرە تېشى تېپىلغان 鄯干 (512 - يىلى قازا قىلغان)، 鄯月光 (505 - يىلى قازا قىلغان) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. كىروران شەھەرلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئاخىرقى ھېسابتا روران، تۇيغۇن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمى تېزلىتىپ ئاخىرى تەلتۆكۈس ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇرۇش بۇ شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى تېزلەتكەن بولسىمۇ، شەھەرلەرنىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى بولالمايدۇ. ئارقا - ئارقىدىن بولغان ئۇرۇشلار ئاخىرقى ھېسابتا بۇ ئەتراپتىكى شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇپ، قايتىدىن گۈللىنەلمەسلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبىدىن بىرىگە ئايلانغان بولسىمۇ نېگىزلىك سەۋەب ئەمەس. ئەمەلىيەتتە شەھەر، بازارلارنىڭ ۋەيران بولۇشىنى يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، شەھەرلەرگە كېلىدىغان سۇنىڭ ئازلىشى ياكى ئۈزۈلۈپ قېلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. كونا شەھەر خارابىلەرنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ دەريا بويىدا ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈشىمىزدىكى مۇددىئايىمىز، قۇرغاق رايون تارىم ۋادىسىدا ئىنسانلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ سۇ بويلاپ بولىدىغانلىقىنى، شەھەر ۋە بوستانلىقلارنىڭ ئېقىنلارغا باغلىق ھالدا گۈللىنىدىغان ياكى خارابىلىشىدىغانلىقىنى، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئەمەس، سۆيۈپ ۋە قوغداپ، تەڭ مەۋجۇت بولۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. ناۋادا ئەنە شۇ سۇدىن باشقا بىرەر ئامىل سەۋەبچى بولغىنىدا ئىدى، كىروران ۋە ئۇنىڭ

ئەتراپلىرىنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن ئىدى. شەھەر، بوستانلىقلارنىڭ ئوخشىمىدىغان دەۋردە ۋەيران بولۇشلىرى، خارابلىشىشقا ئوخشاش بىر ئامىلنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇلار يۇرتىمىز تارىخىدىكى بىر قېتىملىق زور خارابلىشىشنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قالدى.

ئىككىنچى قېتىملىق شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى ھازىرقى مۇران بوستانلىقىغا يېقىن جايلاشقان ئىزلار يەنى مۇران دەرياسى بويىدىكى تارىخىي ئىزلار ۋە ھازىرقى چاقىلىق بازىرى ئەتراپلىرىدىكى ئىزلارنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن ئىبارەت. بۇ ئىزلار ئارخېئولوگلارنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 11 - ئەسىردىن بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا، جۈملىدىن 10 - ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككى بوستانلىقنىڭ ۋەيران بولۇشىدىكى تارىخىي سەۋەب ھازىرچە قاراڭغۇ، بۇ بوستانلىقلارنىڭ تەبىئەت سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ ئىككى بوستانلىق ئايرىم سۇ سىستېمىسىغا تەۋە، يەنە كېلىپ تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوق. ئۇلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى چاقىلىق ۋە مۇران دەريالىرىدىن ئىبارەت. بۇ دەريالارنىڭ سۈيى پەۋقۇلئاددە ئېكولوگىيە ئۆزگىرىشى بولمىسا سۈيىنىڭ ئۆزگىرىشى كۆرۈلمەيدۇ، گەرچە سۇ مىقدارى ئاز بولسىمۇ مۇئەييەن مىقداردىكى ئاھالىنى بېقىپ كېتىدىغانلىقى چوقۇم.

3 - قېتىملىق ۋەيرانچىلىق 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان، ئالدى بىلەن كىتىك ۋە مەردەك شەھەرلىرى ئاخىرىدا لوپ شەھىرى ۋەيران بولغان. كىتىك ۋە مەردەك شەھەرلىرىنىڭ تەبىئىي ئاپەت سەۋەبىدىن ۋەيران بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. تارىخ كىتابلىرى ۋە تەزكىرىلەردە يېزىلىشىچە، شۇنداقلا چوڭلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئاڭلىشىمىزچە، ئاسماندىن قۇم يېغىپ شەھەرنى قۇم بېسىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە قۇملىشىشنىڭ بۇ شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشىدا مۇھىم ئامىل بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ ئىككى شەھەر تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنى بويىغا جايلاشقانلىقتىن، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى قىلغان، گەرچە بەزى ماتېرىياللاردا چەرچەن دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى زامانلاردا ئېتەك تېرىمغا ئېقىپ بارغانلىقى پەرەز قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئېقىنىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ رولى چوڭ بولغان دېيەلمەيمىز. تارىم دەرياسىنى كىتىك ۋە مەردەك جايلاشقان مۇشۇ رايوننىڭ گۈللىنىشى ۋە ۋەيران بولۇشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز. مۇشۇلارغا ئاساسلانغان، مىلادىيە 1339 - يىلىدىن 1345 - يىلىغىچە تارىم دەرياسىنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغان ئېقىنىنىڭ ئۈزۈلۈشى ياكى سۇنىڭ بەك ئازلاپ كېتىشى سەۋەبلىك جۇغراپىيەلىك مۇھىتتا زور ئۆزگىرىش كېلىپ چىققان، جۈملىدىن تۇپراقنىڭ نەملىكىنى يوقىتىشى شەكسىزكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېكىنىشىنى، تۇپراقنىڭ قۇملىشىشىنى، ئاقىۋەتتە ئاھالىنىڭ كۆچۈپ چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تەزكىرىلەردە يېزىلىشىچە، جەلالۇددىن كىتىكي باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمان ئاھالە تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى بويلاپ

دەريانىڭ يۇقىرى قىسمىغا قاراپ كۆچكەن. جۈملىدىن كۆچۈپ ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق جايلارغا كەتكەن. ھازىرقى چەكلىك بىلىكلىرىمىزگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا، شەھىرى كىتىكنى بەلگە قىلغان ئاھالىلەردىن مۇسۇلمانلار جەلالۇددىن كىتىكىي باشچىلىقىدا كۆچكەن. تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى بويلاپ كۆچكەن بۇ توپتىن بىر بۆلىكى تارىم دەرياسى بويىدىكى ئاقتارما مەھەللىسى (لوپنور ناھىيەسى تەۋەسى، 31 ـ تۇەن ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ)گە يېقىن بولغان جايدا قالغان. قالغان قىسمى داۋاملىق كۆچۈپ كورلا شەھىرىنىڭ ئايرودۇرۇم ئەتراپىدا قېلىپ مەھەللە بەرپا قىلغان، مەھەللىنىڭ نامى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ھازىرغىچە ساقلانغان. ئاھالىدىن بىر قىسمى داۋاملىق كۆچۈپ بۈگۈر ناھىيەسىنىڭ چېدىر ئەتراپلىرىدا قالغان، بۈگۈرلۈكلەر شەھىرى كىتىكنى ئۆز ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قۇملۇق ئىچىدە دەپ قارىشى شۇنىڭدىن كەلگەن. ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئاھالە داۋاملىق كۆچۈپ جەلالۇددىن كىتىكىي بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىتىكلەر كەنتىنى بەرپا قىلىپ ياشىغان. جەلالۇددىن كىتىكىي باشلىغان ئاھالىنىڭ ئاقسۇغا بارغان ۋاقتى تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ ئاقسۇدىكى ۋاقتىغا ياكى ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ، ئەمما تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالمالىققا بېرىپ خانلىق تەختتە ئولتۇرمىغان دەۋر ئىدى. پىچان ناھىيەسىدە بايقالغان ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، بىر توپنىڭ پىچان ناھىيەسىدىكى ئامانشاھ دېگەن يەرگە كۆچۈپ چىققانلىقى مەلۇم. ئۇنداقتا، بۇ شەھەرلەردىكى مۇشرىك ئاھالىلەر نەگە كەتتى؟ رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك قۇم تېگىدە قېلىپ ھالاك بولدىمۇ؟ تارىخ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، مۇشرىك ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا «سېرىق ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتالغان، ئۇلار شەھەرلەرنى قۇم باسقاندا، شەرقىي جەنۇبقا كۆچكەن. سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن توپلانغان «يۇغۇرلار كەلگەن شىجىنەك خاجىتەن» دېگەن داستاندا بايان قىلىنىشىچە، ئۇلارنىڭ تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىن كۆچۈپ دۇنخۇاڭغا يەتكەن ۋاقتى 1368 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىقى داستاندا بايان قىلىنىشىچە، ئەسلىي يۇرتىدا قاتتىق قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن، قاتتىق بوران چىقىپ يۇرتىنى قۇم باسقان، مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا قالغان چاغدا باشقىلار ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن كېلىپ سوقۇشقان، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار شەرققە قاراپ كۆچكەن. سېرىق ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئېيتىلىپ كەلگەن بۇ داستانغا بەزى تارىخىي بايانلار كېيىنچە قوشۇلۇش سەۋەبىدىن بىر دەۋردە يۈز بەرگەندەك ئەھۋال كېلىپ چىققان. قارىشىمچە، شەھەرلىرىنى قۇم باسقان ۋاقىتتا ياتلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىنىنى يوقاتماق بولغانلىقى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى (1514 ـ 1680) زامانىدا سۇلتان سەئىدخان ئېۋەتكەن قوشۇن ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق يەنى 1400 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. مەردەك شەھىرىمۇ شەھىرى كىتىك بىلەن قوشماق، قوشنا شەھەرلىكىگە قارىغاندا، ئوخشاش بىر دەۋردە، ئوخشاش بىر سەۋەب بىلەن ۋەيران بولغان بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن شەھىرى كىتىك ۋە شەھىرى مەردەكنىڭ ۋەيران

بولغان ۋاقىتنى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى كېيىنكى يېرىمى دەپ ھۆكۈم قىلساق خاتالاشمايمىز. يۇقىرىقى ئىككى شەھەر ۋەيران بولغاندىن كېيىن، لوپ شەھىرى 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ياكى 15 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ۋەيران بولغان. بۇ شەھەرنىڭ قانداق سەۋەب بىلەن ۋەيران بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق بىر يازما ئۇچۇر يوق. پىروفېسسور ۋاڭ شۇچۈن «تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى خارابىلەر ۋە كەلكۈن» ناملىق ماقالىسىدە، «ئارخېئولوگ جاڭ پىڭنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشنى ئانالىز قىلغاندا، بۇ شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشى ئاساسلىقى تەبىئەتنىڭ كۈچىدىن بولغان. بۇ نۇقتىنى ئەينى يىللىرى ۋاششەھەرى خارابىسىنى تەكشۈرگەن ستەيىن ۋە بېرگمان قاتارلىقلارمۇ، ۋاششەھەرى دەرياسىنىڭ تاغ ئېغىزىدىلا ئېقىن ئۆزگەرتىشى سەۋەب بولغان دەپ قارىغان. مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يادىكارلىقلاردا ۋاششەھەرى دەرياسىنىڭ ئىككى ئېقىنى بار، بىرى ۋاششەھەرى يېڭى دەرياسى، يەنە بىرى ۋاششەھەرى دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئېقىنى دەپ يېزىلغان... 1981 ـ يىلى بۇ خارابىگە باردىم، تۆمۈر تاۋلاش خارابىسى ئەتراپىدىكى يۇلغۇن دۆڭنىڭ تەكتى تەرەپلىرىدە كەلكۈننىڭ ئىزنالىرى كۆرۈنەرلىك. تۇپا قاتلاملىرىدا ساپال پارچىلىرى، كۆمۈر داشقىلى قاتارلىق ئىنسان مەدەنىيىتى ئىزنالىرى بار. بۇ ئەھۋال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كونا شەھەر كەلكۈن سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. بۇ شەھەر خارابىسى سۈي سۇلالىسى[①] دەۋرىدىن 14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە نۇرغۇن ئۆرۈش ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى يەنى تۇبۇتلەرنىڭ كىرىشى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئىستىلاسى قاتارلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ ۋەيران بولمىغان. قارىشىمچە بۇ شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشىدىكى ئالاھىدە ئامىل تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن تەبىئەتنىڭ كۈچىدىن كەلگەن، بۇ تەبىئەتنىڭ كۈچى دەل كەلكۈندۇر، تۇيۇقسىز كەلگەن كەلكۈن ئولتۇراق جايلارنى بېسىپ كەتكەن ۋە ئېقىن ئۆزگەرتكەن» دەپ يازغان.[②] 1950 ـ يىللىرى چاقىلىقتا ھاكىم بولغان پېشقەدەم زىيالىي ئىمىن غازى كونىلاردىن ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلىشىچە، شەھەر كەلكۈن ئاپىتىدە ۋەيران بولغان ئىكەن. ھازىرچە شەھەرنىڭ نېمە سەۋەبتىن ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قانائەتلىنەرلىك جاۋاب يوق شارائىتتا، ۋاڭ شۇچۈننىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلماي چارىمىز يوق، لېكىن بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىش زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارايمەن. چۈنكى كەلكۈن ۋاقىتلىق ئاپەت ھېسابلىنىدۇ، ئاھالىنىڭ كۆچۈپ بېرىپ باشقا يۇرتتا يۇرت بەرپا قىلغىنىدىن كۆرە، كەلكۈندىن كېيىن ئۆز يۇرتىنى بەرپا قىلىشى كۆپ قولاي ھەم ئېھتىمالغا يېقىن بولاتتى. شۇ تارىخىي دەۋردە لوپ شەھىرى ئاتالغان ۋاششەھەرى كونا شەھىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان ھازىرقى چەرچەن بوستانلىقىمۇ 200 كىلومېتىر كېلەتتى.

---

① سۈي سۇلالىسى 581 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، 618 ـ يىلى مۇنقەرز بولغان.

② ۋاڭ شۇچۈن: «تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر ۋە كەلكۈن»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سانى، 6 ـ بەت.

ئومۇمەن ئالغاندا، قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇش سەۋەبلىرى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز تولىمۇ ئاز، بۇ توغرىدىكى ئىزدىنىشلەردە ھەممىنى قايىل قىلارلىق پاكىتلار ئوتتۇرىغا چۈشمىدى، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى يازما ئۇچۇرلارنىڭ بولماسلىقى ياكى كەمچىل بولۇشىدىن ئىبارەت. ئەڭ مۇھىم ئامىل يەنىلا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ كەمچىل بولۇشى، ئەينى تارىخىي دەۋردىكى كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدا. ئاخىرىدا ئېيتساق، خۇلاسىمىز شۇكى، چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىگە جايلاشقان شەھەرلەر كېچىككەندىمۇ 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى پۈتۈنلەي خارابىلىشىپ كەتكەن، خارابلاشقان ئاخىرقى شەھەرلەر كىتىك، مەردەك ۋە لوپتىن ئىبارەت. يۇقىرىقى ئاخىرقى شەھەرلەر ۋەيران بولغاندا، ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئاز بىر قىسمى جاھىللىق بىلەن يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلماي نەدە سۇ بولسا شۇ يەردە كۆچۈپ يۈرۈپ ياشاپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى چاغداش لوپلۇقلاردۇر.

# بەشىنچى باب كىروران ئېلىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسىگە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا

## 1. كىروران ئېلىدە ئىجتىمائىي ھايات

كىرورانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا ئائىت بايانلار بۇندىن بۇرۇنقى تەتقىقات كىتابلىرىدا ناھايىتى ئاز بولدى، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارمۇ ئاساسەن خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى چەكلىك بايانلار ئاساسىدا، قىسمەن ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارنى ئاساس قىلىپ يۈرگۈزۈلدى، بۇلار يېتەرسىز، شۇڭا ئىمكان بار خەنزۇچە، قارۇشتىچە يازما پاكىتلار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ئاساسىدا، مۇشۇ ھەقتە كەڭرەك مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىشنى ئىستەيمىز. كىروران ۋە چەرچەن بەگلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مەنبە قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردۇر، قارۇشتىچە ۋەسىقىلەرنى ئەينى ۋاقىتتىكى كىروران ئېلىنىڭ ئاھالىلىرى قالدۇرغان، بۇلار ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى، شەخسىي ئالاقە ھۆججەتلەر بولۇپ كىروران بەگلىكىنىڭ ئىجتىمائىيىتىنى چۈشىنىشتە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىممەتكە ئىگە. قارۇشتىچە پۈتۈكلەر كىروران (چەرچەن) بەگلىكىدە مىلادىيە 112 - يىلىدىن 264 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھاكىمىيەت يېزىقى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان بولغاچقا، شۇ دەۋر ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا زور ئەھمىيىتى بار. ھازىرغىچە بايقالغان قارۇشتىچە پۈتۈكلەردىكى بەگلەر سەلتەنەت يىل دەۋرىنى قوشسا كۆپ بولغاندا 96 يىل چىقىدۇ، مانا بۇ قارۇشتىچە يېزىقنىڭ ئىشلىتىلگەن مۇتلەق يىل دەۋرىنى ۋاستىلىك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قارۇشتى يېزىقىدىكى 666 — 701 -، 754 — 756 - نومۇردىكى 36 پارچىسى كىروران قەلئەسىدىن، 702 — 707 - نومۇردىكى ئالتە پارچىسى LB شەھەر خارابىسىدىن، 752 — 753 - نومۇردىكى ئىككى پارچىسى LMدىن، 757 - نومۇردىكىسى LF خارابىسىدىن تېپىلغان.

**كىروران - چەرچەن بەگلىكىنىڭ بەگلىرى** كىروران ۋە چەرچەن بەگلىكلىرى ئەسلىدە بىر بەگلىك بولۇپ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى پارچىلىنىپ ئىككى بەگلىككە ئايلىنىپ كەتكەن. مىلادىيە 3 - ئەسىرگە كەلگەندە، چەرچەن بەگلىكى كىروران بەگلىكىنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە ئالدى ۋە پايتەختىنىمۇ ھازىرقى چاقىلىق بازىرى ئەتراپلىرىدىن كىرورانغا كۆچۈردى. خەنزۇچە كىلاسسىك تارىخ ئەسەرلىرىدە، خەن سۇلالىسى ئۆزى يۆلەپ تۇرغۇزغان چەرچەن بەگلىكى ھەققىدە كۆپ توختالغان بولسىمۇ، كىروران ھەققىدە توختالغانلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. چەرچەن بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمەت

يېزىقلىق رولىنى ئۆتىگەن قارۇشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان يازمىلاردا يەنىلا كىروران نامى قوللىنىلغان، ئەمما چەرچەن نامى تىلغا ئېلىنمىغان. خەنزۇچە پۈتۈكلەردە گەرچە كۆپىنچە چەرچەن نامىنى قوللانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەسلىدىكى كىروران ئېلىدۇر دەپ شەرھ بېرىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىنى ئوچۇقلاشتۇرماقچى بولغان، مانا بۇلارنىڭ ئۆزىلا كىرورانىنىڭ شۆھرىتىنىڭ خېلى يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى كىروران بەگلىكىنىڭ هاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ۋە باشقا تەرەپلىرى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز ناهايىتى ئاز، لېكىن چەرچەن بەگلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن ۋە هاكىمىيەتچىلىك ئەندىزىسىگە ۋارىسلىق قىلىشلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇلارنىڭ بىر خىل هاكىمىيەت ئەندىزىسىدە بەگلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلى بۇ ئىككى بەگلىك هەققىدە ئومۇملاشتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزىمىز.

خەنزۇچە ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى كىروران ئېلىگە ئامگوكا هۆكۈمرانلىق قىلغان، هۇنلارغا مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن خەن سۇلالىسىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقان، شۇنىڭ ئۈچۈن خەن سۇلالىسى فۇ جيېزى قاتارلىق خەنجەرۋازلارنى ئېۋەرتىپ، ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇتۇش (尉屠耆)نى بەگ قىلغان. بەگلىك نامىنى چەرچەن دەپ ئۆزگەرتكەن، هازىرقى چاقىلىق بازىرى ئەتراپلىرىنى پايتەخت قىلغان. خەن سۇلالىسى ئوردا قىزلىرىدىن بىرىنى ياتلىق قىلىپ، ئۇتۇشنى كىچە - كۈندۈز كونترول قىلغان. خەنزۇچە ماتېرىياللارغا قارىغاندا، يەنە چەرچەن بەگلىكىدە ئەن (安) ئىسىملىك بىر بەگمۇ ئۆتكەن، بەگ ئەن ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيە 38 - يىلىدىن 64 - يىلىغىچە بەگ بولغان، ساكارائۇل (ياركەنت) بېگى چەرچەن ئېلىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئەن داۋاملىق بەگلىك قىلغان. مىلادىيە 110 - يىلى ئەتراپىدا چەرچەنگە بەگ بولغىنى يۇخۇەن (尤还) بولۇپ ئۇنىڭ قانچە ئۇزۇن بەگ بولغانلىقى نامەلۇم، ئۇنىڭ ئانىسى خەن سۇلالىسىنىڭ قىزلىرىدىن بولغىنىغا قارىغاندا، دادىسىنىڭ بەگ بولغانلىقى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئۇتۇشقا ئوخشاش خەن سۇلالىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەگ ئەننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن. مۇشۇنداق بولغاندا چەرچەن بەگلىكىنىڭ بەگلىرى ئۇتۇش — ئەن — يۇخۇەننىڭ ئاتىسى - يۇخۇەن ئىكەنلىكىنى، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 - يىلىدىن مىلادىيە 110 - يىلىغىچە كەم دېگەندىمۇ تۆت ئەۋلاد بەگنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ دەۋرلەردە چەرچەن بەگلىكى زور داۋالغۇشلارنى باشتىن كەچۈردى.

قارۇشتىچە هۆججەتلەردە كۆرۈلىدىغان چەرچەن بەگلىكىنىڭ بەگلىرى هەققىدىكى بايانلارنى ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، سەككىز بەگ هاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى مەلۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە قارۇشتى يېزىقىدا كۆرۈلگەن بەگلەرنىڭ هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تەرتىپى ۋە بەگلىك قىلغان يىلى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئەۋلاد بەگ: تومگاراكا (tomgraka)، مۇشۇ بەگ دەۋرىدە قارۇشتى يېزىقى كىروران ئېلىگە تارقالغان، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىنى ئالىملار ھازىرچە 22 يىل دەپ بېكىتكەن، بۇ ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە ئاساسەن چىقىرىلغان ھۆكۈم.

2 ـ ئەۋلاد بەگ: تاجاكا (tajaka)، بۇ بەگنىڭ پۈتۈكلەردە كۆرۈلىدىغان سەلتەنەت يىلىنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى ئۈچ يىل، ئالىملار بۇنىڭ يىل دەۋرىنىمۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22 يىل، دەپ قارىغان. يۇقىرىقى ئىككى بەگنىڭ ياشىغان ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى مىلادىيە 175 ـ يىلىدىن كېيىن 230 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ قەرىرىم بۇ بەگنى مىلادىيە ؟- يىلىدىن 242 ـ ـــ 245 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان، دەپ قارىغان.

3 ـ ئەۋلاد بەگ: پېپىيا (pepiya)، پۈتۈكلەردە كۆرىلىدىغان سەلتەنەتى سەككىز يىل، تەخمىنەن 230 ـ يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مېنىڭ قەرىرىم مىلادىيە 245 ـ ~ 246 ـ يىللىرىدىن مىلادىيە 252 ـ، 253 ـ يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان، دەپ قارىغان.

4 ـ ئەۋلاد بەگ: ئامگوكا (Amgoka)، ئۇنىڭ سەلتەنەتى پۈتۈكلەردە 38 يىلغا بارغان، ئەسلىي پۈتۈكتىكى يىل دەۋرىنىڭ 36 ياكى 46 ئىكەنلىكى تازا ئېنىق بولمىغاچقا ئالىملار 36 يىلنى مۇۋاپىق دەپ قاراپ 38 يىل ھۆكۈم سۈرگەن، دەپ قارىغان. مېنىڭ قەرىرىم مىلادىيە 253 ـ، 254 ـ يىللىرىدىن مىلادىيە 288 ـ ~ 291 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تەختتە ئولتۇرغان، دەپ قارىغان.

5 ـ ئەۋلاد بەگ: ماھىرى (Mahiri)، پۈتۈكلەردىن مەلۇم بولغان سەلتەنەتى 28 يىل، ئالىملار سەلتەنەت يىلى خاتىرىلەنمىگەن بەزى پۈتۈكلەرنىمۇ ھېسابقا ئېلىپ كەم دېگەندىمۇ 30 يىل ھۆكۈم سۈرگەن، دەپ قارىغان. مېنىڭ قەرىرىم مىلادىيە 288 ـ ~ 291 ـ يىللىرىدىن مىلادىيە 318 ـ ~ 321 ـ يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان، دەپ قارىغان.

6 ـ ئەۋلاد بەگ: ۋاسمانا (Vasmana)، قارۇشتى پۈتۈكلەردە كۆرۈلىدىغان ئەڭ ئۇزۇن سەلتەنەتى 11 يىل. ئالىملار ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان. ما يۇڭ تەتقىقاتلار ئارقىلىق، بۇ بەگنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلىدىغان 元孟 ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىققان. شۇنداق بولغاندا، ۋاسمانانىڭ بەگلىك تەختىدە ئولتۇرغان دەۋرى 335 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ قەرىرىم ئۇنى مىلادىيە 319 ـ ~ 322 ـ يىللىرىدىن مىلادىيە 329 ـ ~ 332 ـ يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان، دەپ قارىغان.

7 ـ ئەۋلاد بەگ: سۇلىكا (sulica)، ئالىملارنىڭ يازما پۈتۈكلەردە بايقىغان سەلتەنەتى بەش يىل، ئوتتۇرىچە ھۆكۈمرانلىققا ئاساسەن 23 يىل دەپ بېكىتكەن. ئالىملارنىڭ، بۇ بەگ سۇمىتادىن بۇرۇن، دەپ بېكىتىلگەن.

8 ـ ئەۋلاد بەگ: سۇمىتا (休密驮)، خەنزۇچە يازمىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ مىلادىيە 382 ـ يىلى گۇساڭ دېگەن جايدا قازا قىلغان. شۇنداق بولغاندا، سۇلىكا ۋە سۇمىتانىڭ ھۆكۈمرانلىقى 336 ـ يىلىدىن 382 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ.

هازىرچە بۇلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تەپسىلىي ماتېرىيال بولمىغانلىقتىن، لىن مېيسۇن بۇ يىل دەۋرىنى تەڭ ئىككىگە بۆلۈش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

قارۇشتى پۈتۈكلىرىدە كۆرۈلگەن يۇقىرىقى چەرچەن بەگلىرىدىن باشقا يەنە بەگروڭ (龙) ئىسىملىك بىر بەگمۇ ئۆتكەن، ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى مىلادىيە 440 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ مىلادىيە 442 - يىلى هۇنلاردىن قۇتقۇ جۈرچى قاتارلىقلار گەنسۇدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ كېلىپ تاجاۋۇز قىلغاندا، 4000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ چالماداناغا كۆچكەن، ئۇنىڭ تەختىگە ئوغلى ۋارىسلىق قىلغان. بەگروڭنىڭ هاكىمىيەت تەختىدە ئولتۇرغان ۋاقتى 20 يىلدىن كەم بولمىسا كېرەك، مەنبەلەردە يېزىلىشىچە 422 - يىلى چەرچەن ئېلىنىڭ بېگى ئىدى. 442 - يىلى ئۇ چالماداناغا قاچقاندىن كېيىن ئوغلى جىندا بەگ بولغان.

بەگ جىندا (真达): بۇ بەگ 445 - يىلىغىچە چەرچەن بەگلىكىنىڭ تەختىدە تۇرغان، بۇ بەگلىك ئېغىر كۆلەمدە دۇچار بولغان يىللار ئىدى، ئۇ پىكچىڭغىچە بېرىپ يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان. 445 - يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا خانبەگ (韩拔) ئىسىملىك كىشى هۆكۈمران بولغان.

بەگ شەنمى (鄯米) بەگنىڭ قېرىندىشى، 245 - يىللىرى ئەتراپىدا هۆكۈمرانلىق قىلغان.

يۇقىرىقى كىروران - چەرچەن بەگلىرىنى بىلگەندىن سىرت يەنە خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسەن، مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە نوپ ئېلى (婼羌国)نىڭ چوقۇراي (去胡来) ئىسىملىك بېگى بارلىقى يېزىلغان.

قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە كىروران - چەرچەن بەگلىكى بەگلىرىنىڭ سەلتەنەتناملىرى تۆۋەندىكىدەك:

dhar miyasa sacadharmasthidasa mahanu ava maha raya amgoka devaputra ...
Maharaya raljatirayasa mahamtasa jahamtasa

ئۇلۇغ خاقان، خانلارنىڭ خانى، غالىب، ئادىل، توغرا قانۇننىڭ ئىجراچىسى، خاقان ئالىيلىرى، تەڭرىنىڭ ئوغلى ئامگوكا... [بۇ بەگ ئامگوكا سەلتەنىتىنىڭ 19 - يىلىدىكى پۈتۈكتە كۆرۈلگەن سەلتەنەت نامى، بۇلاردىن يېقىن ئەتراپتىكى خان - پادىشاهلارنىڭ سەلتەنەت ناملىرىنى قوشۇپ قوللانغانلىقى مەلۇم بولىدۇ].

**چەرچەن بەگلىكىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرى** چەرچەن بەگلىكىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىدا يەنىلا قارۇشتى يېزىقى ۋە مۇشۇ يېزىقتا ئىپادىلەنگەن تىلنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان. بۇ هەقتىكى چۈشەنچىلىرىمىزمۇ مۇشۇ يېزىقتا ئىپادىلەنگەن هاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرى هەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن ئىبارەت. تۆۋەندە بۇ بەگلىكنىڭ مەمۇرىي بىرلىكلىرى ۋە مەنسەپلىرىگە ئائىت سۆزلەملىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

**مەنسەپ ناملىرى** raja (خان، پادىشاه)، ari (بەگ)، rajaputra (شاهزادە)، Ageta، Apsu (دەۋا - دەستۇر بېگى)، Ekhara (ئېقارا)، Ogu (ئوغۇ)، ghit agita (باجگىر)،

k hara(قارا)، Kitsaitsa (مەرتىۋىلىك ئەكابىر)، Kori (چارۋا بېگى)، Gusura (جۇسىرا)، caraga (ئايغاقچى)، Cojhbo (ئايماق بېگى)، Tasuca (نەزىر - چىراغ بېگى)، tomgha (ھەربىي - مەمۇرىي بەگ)، Divira (كاتىپ)، Vasu (جاكارچى)، Sadavida (يۈز بېشى)، Sothamga (باج نازارەتچىسى)، Dasavita (ئونبېشى)، Yatma (باج باشقۇرغۇچى)، Camkura (قۇتقۇ، قەلەمدار)، aco (قاراۋۇلخانا باشلىقى)، aivaga (يول باشلىغۇچى)، koyimam (تېرىقچىلىق بېگى)، gamnavara (خەزىنىچى)، gothadara (قورۇق ئىگىسى)، gusura (لەشكىرىي باشلىق)، deviya (خاتۇن)، dramgadharanam (مەدىكار...) قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمدار raja ياكى raya دەپ ئاتالغان، بۇ نام خان، پادىشاھ دېگەن سۆزگە تەڭ كېلىدۇ. ۋەسىقىلەردە ئادەتتە ئۇلۇغ پادىشاھ مەنىسىدە maharaya دەپ تىلغا ئېلىنغان. ئۇ ئادالەتلىك، قانۇننى توغرا ئىجرا قىلغۇچى، تەڭرىنىڭ ئوغلى دېگەندەك ناملاردا سۈپەتلەنگەن. كىروران بەگلىرى تۇرغان شەھىرى ئادەتتە «ئۇلۇغ بالىق» (كىروران شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ)، خانبالىق دەپ ئاتالغان، ئىككىسى بىر جاينى كۆرسەتمەيدۇ.

**كىروران ئېلىدىكى مەمۇرىي بىرلىكلەر** ئايماق بەگلىك ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ مەمۇرىي بىرلىك بولۇپ پۈتۈكتە raya دېيىلگەن، مەمۇرىي ئەمەلدارى Cojhbo، ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىي ئەمەلدار، tomgha ۋە باج نازارەتچىسى بار. ئايماق ھۆكۈمىتى تەركىبىدە توققۇز سىستېمىلىق مەمۇرلىرى بولغان، يۇقىرىدا كۆرگەن ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بار. (1) ئايماقنىڭ ئالىي بېگى، ئايماق بېگى، ئايماقنىڭ ئالىي مەمۇرى. (2) ھەربىي ئەمەلدار، ئايغاقچىلار باشلىقى، چەۋەنداز، چېگرا باشقۇرغۇچى ئەمەلدار، قاراۋۇلخانا باشلىقى، لەشكىرىي ئەمەلدارلاردىن ئىبارەت. (3) باج نازارەتچىسى، باج ئەمەلدارى، باجگىر، تېرىقچىلىق ئەمەلدارى، مالىيە ئەمەلدارى. بۇلار باج ۋە مالىيە سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. maravara مالىيە ئىشلىرىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدار، باج ئەمەلدارى (aghita)، باجگىر باج سىستېمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى. (4) ئاپسۇ (apsu) مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا يەر ھۆددىگىرى، يۈزبېشى، ئەللىكبېشى، ئونبېشى، ئۆيلۈك بولغان. (5) يەر باشقۇرغۇچى دېھقانچىلىق، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. (6) نەزىر - چىراغ ئەمەلدارى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرغان. (7) سوتچى ئاساسلىقى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلغان، تەپتىش تەپتىشلىك قىلغان. (8) قوتان بېگى ئاساسلىقى بەگ جەمەتى چارۋىلىرى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغان، باشقۇرۇشىدا مالچىلار بولغان. (9) پۈتۈكچى بەگلىكنىڭ مەركىزى ۋە ئايماقلاردا پۈتۈكچىلەر بولۇپ يېزىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغان، ھۆكۈمنامە ۋە توختامنى يېزىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان[①]. كىروران ئېلىدە ئايماق (ayar)، ناھىيە (avana)، مەھەللە (grama)، يۈزلۈك (sadavita)، ئونلۇق (sasavitad) دېگەندەك ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت مەمۇرىي

① ليۇ ۋېنسو: «تەكلىماكاندىكى قەدىمكى پۈتۈكلەرگە شەرھىي ئارگىنال»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2007 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 147 - بەت.

بىرلىكلىرى بولغان. يەرلىك ھاكىمىيەتلەردىن يەنە شەھەر (nagara)، قەبىلە (pradeja)، سۈيۇرغال (kilme)، رايون (vimlsa)، قورۇق (gotha)لار بولغان. قارۇشتى پۈتۈكلىرىدىن قارىغاندا، ئايماق بېگىدىن 72 كىشى كۆرۈلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە كادوتا (Cadota) بېگى 46 نەپەر، ساكا (Saca) بېگى 15 نەپەر، نىيە (Nina) بېگى ئىككى نەپەر، سارمادان (Calmadana) بېگى ئىككى نەپەر، ئاستانىنىڭ ئايمىقى ئىككى نەپەر، نامەلۇم جاينىڭ بېگى تۆت نەپەر ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، كىروران ئېلى كەم دېگەندىمۇ بەش ئايماق (raya)غا بۆلۈنگەن، نىيە (Nina) بىلەن كادوتا (Cadota)نىڭ تەڭ دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

كىروران ـ چەرچەن بەگلىكىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بەگلىك تېررىتورىيەسى مەمۇرىي بىرلىكلەر بويىچە ئايرىپ ئىدارە قىلىنغان، بۇلار شەھەر (ئاستانە)، ئايماق، ناھىيە، مەھەللە، يۈزلۈك، ئونلۇق، قورۇق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئاستانە بەگلىك مەركىزى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مەمۇرىي بىرلىك بولۇشى مۇمكىن. ئايماق بەگلىكتىكى يەنە بىر چوڭ مەمۇرىي بىرلىك، باشلىقى ئايماق بېگى دەپ ئاتالغان. بۇ مەمۇرىي بىرلىكتىن ھازىرقى نىيە ناھىيەسى Raya دەپ، ئۇنىڭ بېگى Cojhbo دەپ ئاتالغان، Cojhbo ئاتالغۇسى پۈتۈكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

كىروران ئېلىدە بەگ ئالىي ھۆكۈمدار بولۇپ پايتەختتە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. ياپونىيەلىك ئالىم ناكازاۋا كازوتوشىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بەگدىن تۆۋەن تۇرىدىغان kitsaitsa دەرىجىسىدە ئەمەلدار بولغان. ئۇندىن كېيىن قارا، ئوغۇ، گۇسرا (ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار)، كورى مەنسەپلىرى تەسىس قىلىنغان. قارا مەنسىپىگە تېكىنلەر تەيىنلەنگەن، ئوغۇ قارادىن تۆۋەن مەنسەپ بولۇپ، گۇسرادىن يۇقىرى تۇرغان. گۇسرادىن كېيىن سۇۋالىينا، ئاندىن كورى تۇرغان.

كىروران ئېلى ئۈچ رايونغا يەنى چالمادانا (ھازىرقى چەرچەن)، ساكا (saca، ھازىرقى نىيە ناھىيەسىنىڭ ئەندىر) ۋە كادوتا (精绝 cadota، ھازىرقى نىيە ناھىيە بازىرىنىڭ 120 كىلومېتىر شىمالىدىكى خارابە)غا بۆلۈپ ئىدارە قىلىنغان ۋە raya (خەنزۇچىغا 州 دەپ تەرجىمە قىلىنغان، بۇ يەردە ئايماق دەپ ئالدۇق) دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ باشلىقى cozhbo بۇ يەردە ئايماق بېگى نامى بىلەن تەخلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىندى.

ئەل يەنە كوچا (agalan) ۋە مەھەللە (ranaa)گە بۆلۈنگەن، بۇلار يەنە sata دەپ رايونغا ئايرىلغان. sata بولسا ئەڭ كىچىك باج رايونى، 100 ئائىلە يەنى يۈزلۈككە باراۋەر. Avanaنى باشقۇرۇشتا بەگ تەيىنلىگەن vasu، ogu، camkura ناملىرىدىكى مەنسەپدارلار خىزمەت قىلغان. باج يىغىشمۇ مۇشۇ ئەمەلدارلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ، باجغا پۇل ئېلىنماستىن، ماددىي بۇيۇم يىغىلغان. باج يىغىشقا sothamga ئاتالغان باجگىر مەسئۇل بولغان. زىرائەت يىغىشقا tsamghina yatma، ageta لار مەسئۇل بولغان. sadavida ناملانغان مەنسەپدار يىغىلغان باجلارنى كىرورانغا يوللاشقا مەسئۇل بولغان. ئەمەلدارلاردىن samarena، karsenara، klasemci قاتارلىقلارمۇ مەلۇم دەرىجىدىكى باج مەسئۇلىيىتىنى

ئۇستىگە ئالغان. چەرچەن athore bgGlhkhdg ئاتىلىدىغان قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر تەسىس قىلىنغان. بەگلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ مائاش تەمىناتى بەگنىڭ يەرلىرىدىن ئالىدىغان پايدىسى ۋە باج بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان، مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ شەخسىي يەرلىرى Kilme دەپ ئاتالغان. Kilmeنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىگۈچىلەر kilmeciyanaدەپ ئاتالغان. Kilmeciye چوقۇم تەۋە بولغان avanaلىق كىشى بولۇشى كېرەك، Kilmeciye ئىجارىكەش بولغانلىقتىن ئىجارە ھەققى تۆلىگەن، ئۇلارنىڭ ئىشلەمچىلىرى بولغان، ئەمما Kilmeciye ھەرگىزمۇ قۇل ئەمەس. ئەلدىكى بەگ يەرلىرى ۋە Kilme يەرلىرىدىن باشقا يەرلەر بودۇن يەنى ئادەتتىكى ئاۋامنىڭ يەرلىرىدىن ئىبارەت. بودۇن يەرلىرىنى ئەركىن ئېلىپ ـ سېتىش ۋە ئىجارىگە بېرىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغان. بودۇنلار يەنە سەيلە ـ ساياھەتكە چىقىشقا، پۈتۈن ئائىلە بويىچە ياكى قىسمەن ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئەلدىكى باشقا بوستانلىققا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا ھوقۇقلۇق بولغان. dasa ياكى dajha ئاتالغان قۇللارنىڭ مال ـ مۈلكى بولۇپلا قالماستىن يەر ئېلىپ ـ سېتىش ھوقۇقى بولغان. قۇلدارلار قۇللىرىنى ياكى يېرىنى باشقىلارغا ھەدىيە قىلىشقا، سېتىشقا ھوقۇقلۇق بولۇپ، قۇللارنىڭ باھاسى ئوخشاش بولمىغان. بەزى قۇللارنىڭ باھاسى بىر تۆگە بىلەن بەش مىلىما ئاشلىق بولغان، بەزىلىرىنىڭ 12 قوي، بەش ياشلىق تۆگە بىلەن بەش ياشلىق ئات ۋە otga غا باراۋەر بولغان. بەزىسىنىڭ باھاسى 41 توپ تاۋار، بەزىسىنىڭ يەتتە ياشلىق تۆگە بولغان. قۇللارنىڭ باھاسى ئۇلارنىڭ ياش قۇرامى، بەدەن قۇرۇلۇشى، جىنسى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. ھۈنەر ـ كەسپلەردىن ئەسكەر (eniyes)، يول باشلىغۇچى (rivagaa)، پۈتۈكچى (divira)، پاسىل كۆزەتچىسى (spsavamna)، تېرىقچى (kilmeciyana)، سودىگەر (vaniye)، راھىب (bhichu)، كۆۋرۈك ساقلىغۇچى (cpirova)، ئايغاقچى (caraparusa)لار بولغان، ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىمۇ بولغان. كىروران ئېلىدىكى مەنسەپدارلارنىڭ مەنسەپ دەرىجىلىرىدىن ئالغاندا kitsaitsa ئەڭ يۇقىرى مەنسەپدار بولۇپ ھەر خىل ئىشلار ۋە ئەرزلەرگە ھۆكۈم چىقىرىشقا مەسئۇل بولغان. kala مەنسىپىگە ئاساسەن تېكىنلەر تەيىنلەنگەن. Ogu ۋە gusura يۇقىرىقى مەنسەپلەردىن تۆۋەن تۇرىدىغان مەنسەپلەردىن بولۇپ cuvalayinaدىن يۇقىرى. cuvalayina ئايماق بېگى cozboدىن يۇقىرى مەنسۇپتۇر. Kori بەگلىكنىڭ مال ـ چارۋىسىغا مەسئۇل ئەمەلدار. كىروران ئېلىدە يەنە مىڭبېشى، يۈز بېشى، ئونبېشى قاتارلىق مەنسەپلەرمۇ تەسىس قىلىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە ئىجابىي روللارنى ئوينىغان.

قارۇشتى پۈتۈكلىرىدىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، چەرچەن بەگلىكى پۈتۈن ئەلنى بەش ئايماققا يەنى قاغانبالىق ئايمىقى، كادوتا ئايمىقى، ساكا ئايمىقى، چالمادانا ئايمىقى، كىروران ئۇلۇغ ئاستانە ھەم قۇرۇم تېغى باغرىدىكى تاغلىق قەبىلىلەر (parvata)گە ئايرىپ ئىدارە قىلغان. لىن مېيسۇن «كىروران» ناملىق كىتابىدا «ئەمما، چەرچەن بەگلىكى مۇشۇ بەش ئايماقىلا بۆلۈنمەيدۇ. خەنزۇچە، تۇبۇتچە، ئۇدۇنچە يازما مەنبەلەردىن

بىلەلەيمىزكى، چەرچەن ئېلىدە يەنە ئىشەم، ئەندىر (小宛)، روڭلۇ، مەردەك، كىتىك قاتارلىق ئايماق ياكى ئايماق بىلەن تەڭ دەرىجىلىك شەھەرلەر بولغان»[①] دەپ يازغان. «كىروران» ناملىق يۇقىرىقى كىتابتا، ئايماقتىن كىچىك مەمۇرىي بىرلىك avana غا تەبىر بېرىپ، ئەمەلىي مەنە جەھەتتىن بازار مەنىسىدە بولسىمۇ، ئەمما مەھەللە، كەنتلەرنى كۆرسەتكەن دەيدۇ ۋە كادوتا ئايمىقىنىڭ دائىرىسىدە ئاچىيامو، بىتو، تومگاراكا، تېروشا، نىران، ناپ، پىقسىيا، ئوغۇ ئەننوكايا ئايال ئىلاھى، فەنتۇ، يۇپۇ، يىرۇمتىنا، جېدىشا ئايال ئىلاھى قاتارلىق 12 مەھەللىنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان. كىروران ئېلىنىڭ دۆلەت مەمۇرلىرىنى كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار باشقۇرۇش ئىشلىرىدا قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان. 3 ـ پۈتۈك بىر ئايالنىڭ سېتىلىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭدا بۇ ئايالنى راستتىنلا سېتىۋالغان ياكى سېتىۋالمىغانلىقىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش، دۆلەت مەمۇرىنىڭ بۇ ئايالنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشىغا بولمايدىغانلىقى، ئېنىقلانمىسا خانسارايغا قاماللاپ ئاپىرىپ هۆكۈم چىقىرىدىغانلىقى يېزىلغان. 105 ـ پۈتۈكتە tomga مەنسىپىگە يىلدا بىر قېتىم تەيىنلىنىدىغانلىقى يېزىلغان. 243 ـ پۈتۈكتە دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ بەگكە تەئەللۇق نەرسىنى باشقىلارغا سوۋغا قىلىپ بەرگەنلىكىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئىشى خاتىرىلەنگەن. 439 ـ پۈتۈكتە بىر كىشىنىڭ 5 ـ 6 مەمۇرىي ۋەزىپىدە بولغانلىقى، بۇنداق بولسا قانۇنغا خىلاپ بولىدىغانلىقى يېزىلغان. 520 ـ پۈتۈكتە بىرەيلەننىڭ ئىككى مەمۇرىي ۋەزىپىدە بولغانلىقى، يەنە چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسى باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن قارار چىقىرىش كېرەكلىكى يېزىلغان. 562 ـ پۈتۈكتە ئىككى كىشىنىڭ 4 ـ قوشۇننىڭ klasimcisلىرى ئىكەنلىكى، يەنە بەگلىك تۆگىلىرىنىڭ قارىغۇچىسى بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ دۆلەت مەمۇرى تۇرۇقلۇق، يەنە قوشۇندا خىزمەت قىلىشى بەگ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىغا خىلاپ ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى klasimcis ۋەزىپىسىدە بولۇپ تۆگىلەرنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ باشقا مەمۇرىي ۋەزىپىلەردە بولۇشىغا بولمايدىغانلىقى يېزىلغان.

## 2. كىروران ئېلىدە قانۇن

كىروران بەگلىكى ئۆزىنىڭ سىياسىي مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش، هۆكۈمرانلىقىنى شەرتسىز يۈرگۈزۈش، جەمئىيەت تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر قاتار قانۇنلارنى تۈزۈپ ۋە يۈرگۈزۈپ، شۇ دەۋردىكى هۆكۈمران سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى قوغدىغان. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بولۇپمۇ قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ يازما هالەتتە تۈزۈپ ئىجرا قىلىنىشى، ئەدلىيە تەرتىپلىرىنىڭ

① لىن مېيسۇن: «كىروران ــ ئەسىرلىك سىرنىڭ يېشىلىشى»، مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 84 ـ بەت.

بولۇشى، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلۈشى، كونكرېت ئېتىقاتدا بىر قانۇنلۇق جەمئىيەتكە قەدەم بېسىشى زور ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ.

كىروران بەگلىكى زېمىنىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنى ئەنگلىيەلىك بۇرروۋ ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ، «شىنجاڭدىن تېپىلغان قارۇشتى پۈتۈكلىرىنىڭ تەرجىمىسى» دېگەن نامدا نەشر قىلدۇرغان، مۇشۇ نۇسخىدىن مەرھۇم ۋاڭ گۇاڭجى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىدىن باشقا پىروفېسسور لىن مېيسۇن قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنى تەتقىق قىلغان ۋە يۇقىرىقىلاردىن پايدىلىنىپ، قارۇشتى پۈتۈكلىرىنى تەرجىمە قىلىپ «تەكلىماكاندىكى قەدىمكى ۋەسىقىلەر» (沙海古卷) دېگەن نامدا نەشر قىلدۇرغان. مانا مۇشۇ خەنزۇچە تەرجىمە مەنبەلەردىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، كىروران ئېلىدە كەم دېگەندىمۇ «ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى»، «سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى»، «نىكاھ قانۇنى»، «مىراس قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى»، «بالا بېقىۋېلىش قانۇنى»، «باللارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قوغداش قانۇنى»، «كارۋانچىلىق قانۇنى»... قاتارلىق قانۇنلار بولغان. گەرچە ھازىرغىچە يۇقىرىقى قانۇنلارنىڭ كۆنمىزدىكىدەك يازما قانۇنلىرى بايقالمىغان بولسىمۇ، بەگلەرنىڭ يارلىقلىرى، دېلو مىساللىرى كەبى پۈتۈكلەردە بايان قىلىنغانلىرىدىن، يۇقىرىقىدەك قانۇن بەلگىلىمىلەرنىڭ بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

بەگ ئالىي ھۆكۈمرانلا ئەمەس بەلكى ئالىي باش سوتچىمۇ بولغان. سوت ئىشلىرى ئادەتتە ئىككى ياكى ئۈچ دەرىجىلىك سوت تۈزۈمى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان. ئالدى بىلەن يەرلىك سوت، يەنى شۇ يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدار قانۇن بويىچە ھەربىر دېلو، دەۋا ئىشلىرىدا پاكىتنى ئېنىقلاپ ھۆكۈم چىقارغان. جاۋابكار ياكى دەۋاگەر ھۆكۈمگە رازى بولمىسا بىر دەرىجە يۇقىرى سوتقا (ئاستانىدىكى بەگلىك سوت بولۇشىمۇ ياكى ئارىلىقتا 2 ـ سوت يەنى ئايماق سوتى بولۇشىمۇ مۇمكىن) يوللانغان ياكى دەرىجە ئاتلاپ دەۋا قىلىش ھوقۇقى بولغان. ئاستانىدىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ھۆكۈم چىقارغان ياكى تۆۋەندىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا كۆرسەتمە بەرگەن. كېسىم تۆۋەندىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا يازما يارلىق شەكلىدە يەتكۈزۈلگەن، بەزى مۇرەككەپ ياكى چوڭ دېلولار بىۋاسىتە بەگ تەرىپىدىن سوتلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىلغان. جايلاردىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلار قانۇن ئىجراچىلىرى بولغان، ئاستانىدىكى ئەمەلدارلار نازارەتچى ۋە تەپتىشلىك فۇنكسىيەسىنىمۇ ئارتقۇزغان. سوتخانىلار ئادەتتە كېلىشىم ئىمزالاشقا رىياسەتچىلىك قىلىش، تانۇق بولۇش، ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇش، ئەلچىلىك، باج نازارەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلغان. ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا ئوغو، قۇتقۇ، گۇسرا قاتارلىقلار يەرلىك سوتچىلاردۇر، سوتچىلارنىڭ ئاساسىي قىسمى يەنىلا ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى بولغان. ۋەسىقىلەردە كۆرۈلىدىغان «قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىنسۇن» دېگەن ئەسكەرتمىلەر، شۇ دەۋردە قانۇننىڭ ئاجايىپ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئورنى كىشىنىڭ

دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش مۇمكىنكى، ئەينى دەۋردە بەگ ئوردىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغان دېلولارغىمۇ نارازىلىق ئەرز بېرىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. 312 - نومۇرلۇق پۈتۈكتىكى دېلو ئىش ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بەگ ئوردىسىدىن بۇرۇن ھۆكۈم چىقىرىلغان بولسا شۇ ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلىشنى، ئۇنىڭغا خىلاپ ھۆكۈم چىقىرىلماسلىقى يارلىق قىلىنغان. 386 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە كادوتا (cadota) لىقلارنىڭ تاغلىقلارغا قىلغان قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا قەتئىي يول قويۇلمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى يارلىقتىن، شۇ ۋاقىتتا ھەرقايسى جايدىكى كىروران ئاھالىلىرىنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكىنى، قانۇنسىز قىلمىشلىرىنى قانۇن ئارقىلىق چەكلىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. 439 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە، بىرەيلەننىڭ بەش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكى يېزىلغان.

كىروران ئېلىدە ئايغاقچىلار دېلولارنى پاش قىلىپ، گۇماندارلارنى قولغا ئالغان. سوت داۋامىدا تانۇقلار گۇۋاھلىق قەسىمى بەرگەن، يالغان گۇۋاھلىق بەرسە جاۋابكارلىققا تارتىلغان.

جازا تۈرلىرىدە جەرىمانە قويۇش، تۆلەم تۆلەش، ساقال - بۇرۇتىنى چۈشۈرۈۋېتىش، پۇت - قوللىرىنى چەمبەرچاس باغلاش، قاماققا ئېلىش، نازارەت قىلىپ ئەمگەككە سېلىش، دەررىلەش جازالىرى قوللىنىلغان.

تېپىلغان قارۇشتى پۈتۈكلىرىدە قانۇنغا مۇناسىۋەتلىكلىرى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ھەر بىر ئايماقتا سوتخانا تەسىس قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئاستانىدە ئالىي سوت تەسىس قىلىنغان. بەگلىك سوتى يەنى ئاستانە سوتخانىسى تۆۋەندىكى ئايماقلارنىڭ سوتخانىلىرىغا «دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇنى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلسۇن، بۇ دېلو سىلەرنىڭ ئۇ يەردە ئېنىقلانمىسا، قولغا ئېلىنىپ ئاستانە سوتىغا يوللانغىلار، ئالىيلىرى شەخسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.» دېگەندەك بايانلار بار. بۇلاردىن ھەربىر ئىشتا قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغانلىقى، ئايماقلاردا ھەل بولمىغانلىرىنى بەگ ئۆزى سوتلاپ ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى، بۇ ئەلنىڭ بىر يۈرۈش ئەنئەنىۋى قانۇنلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە قوللىنىلغان قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق نۇقتىلار بار: قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىنسۇن، قانۇنغا ئاساسەن، قانۇن پەرمان بويىچە، قانۇنغا قارشىلىق قىلىشقا بولمايدۇ، ئەل قانۇنى، ئەل قانۇنى بويىچە، ئەلنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىنسۇن، ئەسلىدىن بار بولغان ئەل قانۇنى بويىچە، بۇرۇن تۈزۈلگەن ئەل قانۇنى بويىچە، ئەسلىدىكى قانۇن بەلگىلىمىلىرى بويىچە، بۇ بەلگىلىمە ئەسلىدىكى قانۇن بويىچە ئەمەس، ئەنئەنىۋى قانۇن بويىچە، سىلەرنىڭ ئايماقنىڭ بۇرۇن تۈزۈلگەن قانۇنى بويىچە، جىنايەت بېكىتىش قانۇنى بويىچە، سۈيۈرغال قانۇنى بويىچە، چارۋا بېقىشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىسى بويىچە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئەل ئىشىنى بېجىرىشكە بولمايدۇ، ئەل قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلىمە يوق، ئادەت قانۇنى بويىچە... مۇشۇ

ئاتالغۇلاردىن ئەينى دەۋردىكى كىروران جەمئىيىتى ھەرقانداق بىر ئىشتا قانۇننى ئۆلچەم قىلىدىغان مۇكەممەل بىر قانۇن تۈزۈملۈك جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەينى دەۋردىن ئالغاندا ئەلنىڭ قانۇنى بولغاندىن سىرت ئايماقلارنىڭمۇ قانۇنى بولغان. بەگنىڭ يارلىقلىرى قانۇن خاراكتېرىنى ئالغان. مەخسۇس قانۇنلار بولغانلىقىنى دەۋا، سۈيۈرغال، جىنايى ئىشلار، ئائىلە توغرىسىدىكى قانۇنلىرى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەنئەنىۋى قانۇن ۋە ئادەت قانۇنلىرى بولغان، ئەنئەنىۋى قانۇن بەلكىم ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى قوللىنىلىپ كەلگەن كىروران بەگلىكىنىڭ قانۇنى، ئادەت قانۇنى بولسا شۇ ۋاقىتتىكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئوخشاش ئەل ئارىسىدا قانۇن تۈسىنى ئالغان بەلگىلىمىلەر، جۈملىدىن ئاۋامنىڭ پىكرى بىلەن ئىجرا بولىدىغان، ئاۋام نازارەت قىلىدىغان قانۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان يوسۇنلاردىن ئىبارەت بولسا كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا ئەل ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنغانلىقىنى 638 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىكى «دۆلەت ئالدىدا ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيەتنى قانۇنسىز ھالدا ئۆستىگە ئېلىشقا بولمايدۇ» دېيىلگىنىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. 729 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە: «ئەگەر يېزىلغان ھۆججەت بولسا قانۇن بويىچە قارار چىقىرىلسۇن. ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇنسىز ۋاستىلەر ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشىگە بولمايدۇ. ناۋادا بۇ ئىش ئۇنداق بولمىسا قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئېنىقلىغىلى بولمىسا، ئۇلارنى قاماللاپ بەگ ئوردىسىغا يوللاڭ، بەگ ئالىيلىرى شەخسەن سوراق قىلىپ كېسىم چىقىرىدۇ» دېيىلگەن. مانا مۇشۇلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، بەگلىك ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ئادا قىلىنغاندا بولسۇن، ئىش بېجىرگەندە بولسۇن، قانۇن بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلغان.

**ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى** دۇنيا بويىچە تۇنجى ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى دىيارىمىزدا تۈزۈلۈپ قاتتىق ئىجرا قىلىنغان. نېمىشقا ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى تۈزۈلۈپ قاتتىق ئىجرا قىلىنىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى مۇشۇ تۇپراقتا ياشاپ، گۈللەندۈرگەن خەلق بۇنىڭدىن 2000 يىللار بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇر ئورماننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتىكى رولى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىن بولغان. كىروران ۋە ئەتراپلىرىنىڭ مۇھىتى ئەينى يىللاردىمۇ ئوخشاشلا قۇرغاق بولۇپ كىروران شەھىرى بوستانلىرىنى ئالىدىغان بولساق، تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ سۈيىگە تايىنىپ ياشايتتى. مۇشۇ ئىككى دەريا زور كۆلەمدىكى تەبىئىي توغراقلىق، يۇلغۇنلۇقنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ كىروران بوستانلىقلىرىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنى تەڭشەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. بۇنىدىن 4000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كىرورانلىقلار تەبىئەت ئېنېرگىيەسى ـ ئىقتىسادچىلىق باسقۇچىدا بولۇپ كۆن، ئاي، يۇلتۇز، دېڭىز، تاغ... قاتارلىق تەبىئىي ئىلاھلىرى بار ئىدى، كۈننىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى رولى ئىنتايىن چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقاد ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى. يەرلىكتىكى كىشىلەرنىڭ كۈنگە بولغان ئېتىقادىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن قەبرىلەرگىمۇ ھەر خىل

ئۆلچەمدىكى ياغاچلارنى يەتتە قاتار تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، نۇر چېچىۋاتقان كۈننىڭ شەكلىنى چىقىرىپ كۆڭگە بولغان سېغىنىشى ئىپادىلىگەن، بۇ خىل قەبرىلەر چاقىلىق ۋە چەرچەن ناھىيەلىرىدىن بايقالدى. ئۇندىن باشقا قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا گەرچە كۈننىڭ نۇر چېچىۋاتقان شەكلى چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، نۇرغۇن ياغاچلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بايقايمىز. بۇندىن ئۆزگە يەنە جەسەتلەرنىڭ كېسىلگەن توغراقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ كېمە شەكلىدە ساندۇق ياساپ دەپنە قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. كۇندىلىك تۇرمۇشتا ئوت يېقىشتىن تارتىپ ئۆي سېلىشقىچە ياغاچنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، ئۆيلەرنىمۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ سالغانلىقىنى بايقايمىز. مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش ئېھتىياجى ئەينى تارىخىي دەۋردە ياغاچ ماتېرىياللىرىغا بولغان زور ئېھتىياجنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغىنى چوقۇم، بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تەبىئىي ئىماھە ئورمانلارنى كېسىپ ئىشلىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئورمانلارنىڭ نابۇت قىلىنىشى تەبىئىي قۇرغاق مۇھىت ۋە قاتتىق شەرقىي شىمال بورىنى ئورمان ئېكولوگىيەسى بىلەن ھاياتلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تونۇتقان. كىرورانلىقلار شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنىنى تۈزۈپ چىققان. ئەمەلىيەتتە ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنى ئەڭ ئالدى بىلەن مىلادىيەدىن بۇرۇنلا تۈزۈلۈپ ئادەت قانۇنىغا ئايلانغان، كېيىنچە يەنى قارۇشتى يېزىقىنى ھاكىمىيەت يېزىقى سۈپىتىدە قوللانغاندىن كېيىن، بۇ قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ‍ۈرلار خاتىرىلەنگەن. قارۇشتىچە 482 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن:

بەگ ئالىيلىرى قاتارلىقلاردىن:

ساكىنىڭ ئەرز قىلىشىچە، مۇرىنا ئۇنىڭ مۈلكى بولغان يېرىنى قوبۇل قىلغان. لېكىن sadavida بىلەن karsinavas بۇ يەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان ھەمدە تېرىغىلىمىغان قويمىغان. ئۇلار يەردىكى دەرەخلەرنى كېسىپ ساتقان. بىراۋنىڭ باشقىلارنىڭ مۈلكىنى كېسىشى قانۇنغا خىلاپ. سىز ئۇشبۇ مۆھۈرلۈك پۈتۈكنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان، ئۇلارنىڭ قەسەملىرى ۋە تانۇقلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈڭ، ئىش راستتىنلا شۇنداق بولغانمۇ؟ sadavida بىلەن karsinavasنىڭ قىلمىشىنى چەكلەش كېرەك، ئۇلار ساكىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزسە بولمايدۇ. بۇرۇنقى قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە، دەرەخ يەنىلا كۆكىرىپ تۇرغان بولسا ھەرقانداق ئادەمنىڭ دەرەخنى كېسىشىنى توسۇش لازىم، دەرەخنى يىلتىزى بىلەن كەسكەنلەرگە بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ. دەرەخنىڭ چاتىقىنى كەسكەنلەرگە بىر ئىنەك جەرىمانە قويۇلىدۇ. ھۆكۈم قانۇن بويىچە چىقىرىلىدۇ...

مانا بۇ قانۇننىڭ بولغانلىقىنىڭ ھەم قاتتىق ئىجرا قىلىنغانلىقىنىڭ ئىنكاسى، بۇ يەردە يەنە بۇرۇنقى قانۇننىڭ دېيىلگىنى يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ يەنى بۇ قانۇن قارۇشتى يېزىقىنى قوللىنىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى، دېگەنلىكىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مانا مۇشۇ قانۇن بەلگىلىمىسىگە قارىغاندا، كۆكلەپ تۇرغان ئورماننى ھەرقانداق

ئادەمنىڭ كېسىشىگە يول قويۇلمىغان. چاتىقىنى كەسكەنلەرگە بىر ئىنەك، يىلتىزى بىلەن كەسكەنلەرگە بىر ئات جەرىمانە قويۇلغان. قانۇننىڭ مۇشۇنداق قاتتىق ئىجرا قىلىنىشى قانداق ئۈنۈمگە ئېرىشتى؟ بۇنىڭغا زامانىمىز ئارخېئولوگلىرىنىڭ بايانلىرى مۇناسىپ جاۋاب بولسا كېرەك. چېن رۇگو «كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسىگە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىدە: «كەمىنە مۇئەللىپنىڭ مۆلچەرلىشىچە، كىروران تازا گۈللەنگەن ۋاقىتتا كىروران رايونىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ 40% ئەتراپىدا بولغان... كىروران شەھەر رايونىدا چوڭ كۆلەملىك قۇرۇپ كەتكەن توغراق ئورمىنى مەنزىرىسىنى هازىرمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ، دىيامېتىرى يېرىم مېتىردىن ئاشىدىغانلىرى كۆپ. 2 ـ 3 ئادەمنىڭ غولىچى ئاران يېتىدىغانلىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ... ياغاچ ماتېرىياللىرى كىروران رايونىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بولغاچقا، كىروران خارابىلىكىدە نەگىلا بارسا دۆۋىلىنىپ قالغان ياغاچلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىردىن ئۇزۇن بولۇپ بالا ياغاچ قىلىنغان، ئۇلارغا زامانىسىنىڭ نەققاشلىرى نەپىس ئويمىلارنى ئويغان، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئورنىدا ناھايىتى مۇستەھكەم تۇرماقتا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردىن ئېلىنغان توغراق ياغاچلىرى...»[①] دەيدۇ. كىروران رايونىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنىڭ 40%كە يېتىشى ئەينى ۋاقىتتا كىروران ئېلىدە يۇرگۈزۈلگەن ئورمان مۇھاپىزەت قانۇنىنىڭ ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، كىرورانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيە ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى** يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، كىروران بوستانلىقلىرى قۇرغاق مۇھىتتا ئۆز ئېكولوگىيەسىنى ساقلاپ قالالىسا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلالايتتى. كىرورانلىقلارنىڭ ھاياتلىق كاپالىتى تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىدىن كېلىدىغان سۇغىلا باغلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىدە بېلىقچىلىق، قۇشچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنلىك مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى، سۇنىڭ ھاياتلىقتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ بىرەر جاينىڭ گۈللىنىشى ياكى ۋەيران بولۇشى كۆپىنچە ھاللاردا سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى ئەڭ پەس بولغان بۇ جايدا دەريا ئېقىنلىرى ئۆز ئارامگاھىنى بەرپا قىلغان، چوڭقۇرلۇقى 4 ـ 5 مېتىردىن ئاشمايدىغان كۆللەر ھاسىل بولغان ئىدى. لوپ كۆلى ئەينى ۋاقىتتا تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاخىرقى قويۇلۇش ئورنى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىروران بوستانلىقلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابىلىشىشى شەكسىزكى، مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ كېلىدىغان ئېقىنىنىڭ مىقدارى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئېكولوگىيە ۋە تەبىئەتنىڭ چەكلىمىسى ئاخىرقى ھېسابتا

① چېن رۇگو: «كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسىگە ئائىت بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «كىروران كۇلتۇرى تەتقىقاتى ماقالىلىرىدىن توپلام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 74 ـ بەت.

كىرورانلىقلارغا يۇرتىنىڭ ھايات - ماماتىنىڭ سۇ بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى تونۇتقان، نەتىجىدە كىرورانلىقلار يۇرتىنىڭ گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، خەلقنىڭ تىنچ، ئاسايىشلىق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىسىنى جۈملىدىن سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى تۈزۈپ چىقىپ، سۇ ئىشلىرى ۋە سۇغىرىشنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇپ، يۇرتىنىڭ گۈللىنىشىدە زور تارىخىي تۆھپىسىنى قوشقان. كىرورانلىقلار سۇ ئىشلىرىنى قانۇن تەرتىپىگە سېلىشتا، قانۇن تۈزۈپلا قالماستىن يەنە سۇ قۇرۇلۇشى قىلغان ھەمدە سۇ قاتنىشىنى يولغا قويغان. كىروران شەھەر قەلئەسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان سۈنئىي قانال بەزى شەھەر خارابىلىرى بىلەن تۇتاشقان. ئالىملارنىڭ پەرىزىچە، بۇ قانال ئارقىلىق توشۇش خىزمىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، بۇنى ئارخېئولوگ ستەيىن بايقىغان يازما پۈتۈكتىكى «كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتتۇق، ئېقىن ئوتتۇرىسىدا كېمە بۇزۇلدى» دېگەن جۈملىلەر كۈچلۈك ئىسپات بولالايدۇ.

ئارخېئولوگلار مۇران كونا شەھىرى خارابىسىدىن قەدىمكى سۇ قۇرۇلۇش ئىنشائاتىنى بايقىغان، «مۇران قەدىمكى سۇغىرىش سىستېمىسى بىر غول ئۆستەڭ، يەتتە تارماق ئۆستەڭ ۋە نۇرغۇن ئېرىقلاردىن تۈزۈلگەن، يەلپۈگۈچ شەكلىدە جەنۇبتىن شىمالغا يېيىلغان. سۇغىرىش رايونى شەرقتىن غەربكە ئالتە كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا بەش كىلومېتىر كېلىدۇ. غول ئۆستەڭ ئېگىز، تۈز، رەتلىك بولۇپ ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتىرغا يېتىدۇ، كەڭلىكى 10 - 20 مېتىر (قېشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئېگىزلىكى 10 مېتىر ئەتراپىدا. باش تەرەپتىن قەدىمكى مۇران دەرياسىنىڭ قەدىمكى شەرقىي تارمىقىغا تۇتىشىدۇ... يەتتە تارماق ئۆستەڭ ئەگرى - بۈگرى جايلاشقان بولۇپ كەڭلىكى 3 - 5 مېتىر، ئېگىزلىكى 2 - 4 مېتىر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۆلچىگەندە ئايرىم-ئايرىم ھالدا 3، 4، 4.5، 5، 5، 4.45 كىلومېتىر...»① ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىچە، مۇران بوستانلىقىنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى 45 مىڭ موغا، تېرىلغۇ كۆلىمى 17 مىڭ موغا يەتكەن②.

كىروران رايونىدىن تېپىلغان خەنزۇچە يېزىقتىكى پۈتۈكلەرمۇ بۇ يەردە سۇنىڭ بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە ئازىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مىسالەن:

史顺留矣□□为大涿池深大又来水少计月未左右已到达楼兰

يۇقىرىقى ئىككى پارچە خەنزۇچە پۈتۈكنى سېۋېن ھېدىنلەر تاپقان، كىروران رايونىدا سۇ رايىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق رېئاللىق كىرورانلىقلارغا ئۆز يۇرتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتا سۇغا ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇتقان، نەتىجىدە ئۇلار مەخسۇس قانۇن چىقىرىپ سۇ ئىشلىرىنى

① چېن گې: «مۇراندىكى سۇغىرىش ئۆستەڭلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر»، «كىروران تەتقىقاتى ماقالىلىرىدىن توپلام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 253 - بەت.

② بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرە كومىتېتى: «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، زامانىمىزدىكى جۇڭگو نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 811 - بەت.

تەرتىپلىك، ئەتراپلىق باشقۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان، بۇلارنى قارۇشتى يېزىقىدىكى پۇتۇكلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. 47 ـ نومۇرلۇق پۇتۇكتە مۇنداق بايانلار بار: «Vasu رابىيانىڭ ئەرزىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ بېغى ۋە تۇرالغۇسىنى ئابۇجا سۇغا باستۇرۇۋەتكەن. سىز بۇ پېچەتلىك پۇتۇكنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن...» دېيىلگەن، 72 ـ نومۇرلۇق پۇتۇكتە «بۇغدايغا ئىككى، ئۇچ قېتىم سۇ قويۇلدى. بۇ سۇ تۇتۇش پۇتۇكى (ئاخىرىدا تىزىملاش جەدۋىلى)» دېيىلگەن. قارۇشتى يېزىقىدىكى بىر پۇتۇكتە، بۇ يەرنى ئادىنا قورۇتۇۋەتتى، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن جانابلىرى ئادىناغا ئېتىبار بېرىپ سۇ بېرىشلىرى زۆرۈر، دېيىلگەن. يەنە بىر پارچە پۇتۇكتە: هازىر سۇ يوق، سىز ئۇشبۇ پېچەتلىك پۇتۇكنى تاپشۇرۇپ ئالغان هامان دەرهال تەپسىلاتىنى سۈرۈشتۈرۈڭ، شۇنداق بولغانمۇ ـ يوق، ئېنىقلاڭ. هازىر... دوكلاتىدا دېيىلىشىچە... تېرىلغۇ يەردە سۇ يوق ئىكەن، ئەمەلىيەتتىمۇ سۇ يوقكەن، هازىر سۇنى سىلەرنىڭ ئايماقتا باشلىيالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس... دېيىلگەن. يەنە بىر پارچە پۇتۇكتە: غوجايىنغا، سىشى ۋە سۇدارىيام باشلىقتا مۇنداق ئەرزىم بار... مەن ئاشلىق ئالالمايۋاتىمەن، هازىر ئۆستەڭدە سۇ بار، ئۆستەڭنىڭ ئېچىقى ئېتىۋېتىلدى، سۇ ئاقالمىدى، ئىلتىماسىم شۇكى هازىر ئېرىقىمغا ئېچىقنى ئېچىپ سۇ باشلىساق بولارمۇ، دېيىلگەن. مانا بۇلاردىن كىروران ئېلىدىكىلەرنىڭ سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۇچۇن مەخسۇس قانۇن تۇزۇپ ۋە سۇ ئىشلىرىنى تەرتىپلىك باشقۇرغانلىقىنى، جۇملىدىن سۇ ئىشلىرىدىن مەخسۇس ئارخىپ قالدۇرغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

**نىكاھ قانۇنى** هەرقانداق بىر جەمئىيەتتە جەمئىيەتنىڭ كىچىككىنە هۇجەيرىسى بولغان ئائىلە نۇرغۇن ئىشلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، جۇملىدىن ئائىلىنى كىچىك بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە ئوخشىتىش مۇمكىن. ئەينى تارىخىي دەۋردە كىروران ئېلىدە چوڭ ئائىلە ئادىتى ساقلانغان، بۇنى خەنزۇچە پۇتۇكلەردىكى نوپۇس بىلەن ئائىلە سانىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ كىچىككىنە بۇ هۇجەيرىسىنى ياخشى باشقۇرۇش هەمدە بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ تىنچ، ئاسايىشلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇچۇن، كىروران ئېلى مەخسۇس قانۇن تۇزۇپ ئىجرا قىلغان. بۇنى قارۇشتى يېزىقىدىكى پۇتۇكلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇ هەقتىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، قارۇشتىچە پۇتۇكلەر ئىنتايىن زور ئەهمىيەتكە ئىگە. 474 ـ نومۇرلۇق پۇتۇكتە مۇنداق دېيىلگەن:

بەگ ئالىيلىرى قاتارلىقلاردىن:

Suvetha بىموشىنا قاتارلىقلارنىڭ مەلۇمات يوللىشىچە، يېغىپي مەهەللىسىدىكى ئىجارىكەش يېبوجىنىڭ قىز قېرىندىشى كەتسونى دېپ مەهەللىسىدىكى ئىجارىكەش sramamna سانغابورو خوتۇنلۇققا ئالغان بولسىمۇ، mukesi ياكى lote ئالمىغان. ئۇشبۇ مۆهۈرلۈك پۇتۇكنى تاپشۇرۇپ ئالغان هامان تەپسىلىي تەكشۈرۈڭ. ئەگەر ئۇ قانۇنلۇق هالدا نىكاهلىنىپ ئەرگە تەگكەن بولسا مىراس ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە تەڭ بۆلۈپ بېرىلىدۇ. ناۋادا mukesi بىلەن loteنى ئالمىغان بولسا مۇشۇ جايدا هۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

481 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق بايانلار بار:
بەگ ئالىيلىرى قاتارلىقلاردىن:
يېبوجى قاتارلىقلارنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، سۈكانىم ئاچا ـ سىڭىللىرىدىن تامابور ۋە سۇمتوتىنىڭ ئانىسى، mukesi بىلەن lote نى تېخىچە بەرمىگەن ئىكەن. بۇ مۆھۈرلەنگەن پۈتۈكنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان دەرھال تەپسىلىي تەكشۈرۈڭ. سۈكانىمنىڭ vega kilme مەجبۇرىيىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ باجنى سۈكانىمنىڭ پەرزەنتلىرى دېپ مەھەللىسىدە تاپشۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ئىختىلاپ بولسا...

730 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلار زىنا قىپتۇ. ھۆكۈم قانۇن بويىچە چىقىرىلسۇن.

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان نىيە ناھىيەسىدىن تېپىلغان كىروران ئېلى دەۋرىنىڭ، لىن مېيسۇن ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان بىر پارچە قارۇشتىچە پۈتۈكدە مۇنداق دېيىلگەن:
بۇ تامغا باج نازارەتچىسى ئالياكېماسانىڭ
كۇچ ـ قۇدرەتلىك ئۇلۇغ بەگ، تەڭرى ئوغلى سۇلېكا سەلتەنىتىنىڭ 5 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى. بۇ يەردە چامپىرا ئىسىملىك بىر كىشى بار. ئۇ كىشى پامچىناسىنىڭ قىزى ئۇمايىنى خوتۇنلۇققا ئالغان ئىدى. دەريا سۇيى ئۈزۈلۈپ قالغان ۋاقىتتا خوتۇنى ئۇمايىنى تاشلىۋەتكەن. بۇ ئەر ـ خوتۇنلار شۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كېتىشكەن. ھازىر بەگ ئوردىسىدىن چامپىراغا بىر يارلىق كەلدى، ئۇنىڭ مەزمۇنى چامپىرا بىلەن ئۇمايغا يەتكۈزۈلدى. شۇندىن باشلاپ ئۇماي خاتۇن بىلەن چامپىرا ئارىسىدا جېدەل بولمىدى. مۇبارەك يارلىققا بويسۇنۇپ چامپىرا بىلەن ئۇماي ياخشىلىشىپ قالدى. كېڭىشىش ئارقىلىق چامپىرا ئۇماي بىلەن ئاجرىشىشنى خالىدى، نىكاھ توختامى بىكار قىلىنىپ ھەممە ئىش ياخشىلىق بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇشۇ توختام بويىچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلدى: بۈگۈندىن باشلاپ ئۇماي بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ ھېساب ـ كىتابى تۈگىدى. چامپىرا ياكى بالىلىرى بىلەن باگاسالىقلارنىڭمۇ ھېساب ـ كىتابى تۈگىدى. ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتى دەخلىگە ئۇچرىسا بولمايدۇ. بۇ ئىككىيلەننىڭ كېلىشىمىگە ئاساسلانغاندا، توختاملاشقاندا ئوغۇ ئاركام تانۇق بولغان. ئەگەر بۇندىن كېيىن ئۇلار توختامدىن نارازى بولۇپ ئۆرۈشسا دەررىلىنىدۇ، جەرىمانە قويۇلىدۇ، يەنى تۆت ياشلىق بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ ۋە 110 دەررە ئۇرۇلىدۇ، مۇشۇ جازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىنمۇ توختام كۈچكە ئىگە بولىدۇ. يۇقىرىدا يېزىلغاندەك، تانۇقلار گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. ئاركامدىن باشقا يەنە جىلاكامنا بىلەن جىشۇخۇلارمۇ گۇۋاھ. ئۇشبۇ توختامنامە پۈتۈكچى شامىن تەرىپىدىن يېزىلدى، ھەرقانداق يەردە ئىناۋەتلىك. باجنى تۆلەپ بولالمىغان كىشى سوكويا، تاسۈكا پىگانا بىلەن پىيداناسا.

مانا بۇ پۈتۈكلەر كىروران ئېلىدە نىكاھ ئىشلىرىنى مەخسۇس قانۇن ـ تۈزۈم بىلەن باشقۇرغانلىقىنى، جۈملىدىن ئائىلە ئىشلىرىغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەت ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە زىناغا قانۇن بەلگىلىمىسى ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىلغانلىقى، ئەينى تارىخىي دەۋردە مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە ھاكىمىيەتنىڭ قانۇن ۋاستىسى بىلەن مۇنداق ئىشلارنى چەكلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەينى تارىخىي دەۋردىمۇ نىكاھ ئىشلىرىدا خۇددى ھازىرقىدەك نىكاھ تىزىملاش، توي خېتى بېرىش ئارقىلىق نىكاھنى قانۇنلاشتۇرغانلىقى، قانۇنلۇق نىكاھنىڭ قانۇن ئارقىلىق قوغدالغانلىقى، نىكاھلانغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ قوغدالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يۇقىرىقى پۈتۈكتىكى mukesi ۋە lote سۆزلىرىنىڭ تەگداش مەنىسىنى ھازىرغىچە ئېنىقلاش مۇمكىن بولمايۋاتقان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ نىكاھ گۇۋاھنامىسى ۋە تىزىملاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى گۇمانسىز. شۇ ۋاقىتتىكى نىكاھ ئىشلىرىدىن قارىغاندا، تويلۇق بېرىش (قالىن مال) بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇشى، ھەر قېتىملىق نىكاھ ئىشلىرىدا ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا رەسمىيەت بېجىرىپ، خىراجەت تۆلىگەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن.

«خەننامە»دىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، كىروران ئېلىدە ۋارىس نىكاھ ئەنئەنىسى ساقلىنىپ قالغان، كونكرېتراق ئېيتقاندا، بۇ خىل نىكاھ جەمەتنىڭ مال - مۈلكىنى ساقلاپ قېلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. مەسىلەن، ئاكىسى ياكى ئۇكىسى ئۆلسە، بىرى يەنە بىرىنىڭ خوتۇنىنى نىكاھىغا ئالغان، جەمەت كىشىلىرىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت يەنە مال - مۈلۈكنىڭ چېچىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. بۇ خىل ۋارىس نىكاھ بەگلىك يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىدىمۇ ساقلانغان. مەسىلەن، بەگ ئۆلۈپ ۋەلىئەھدى (ئورۇنباسار) تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆگەي ئانىلىرى جۈملىدىن ئاتىسىنىڭ ئوردا ھەرەمدىكى قۇنچۇيلىرىنى ئۆز نىكاھىدا ساقلىغان. كىرورانلىقلار شۇ ۋاقىتلاردىن بۇرۇنلا يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلسا ئەۋلادىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن. mukesi ۋە lote رەسمىيەت ھەققىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، نىكاھى قانۇنلۇق نىكاھ دەپ قارالغان ۋە قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەن، رەسمىيەت بېجىرگۈچىلەر ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا قانۇن تەرىپىدىن قوغدالغان. ئۇنداق بولمايدىكەن نىكاھ قانۇنسىز نىكاھ دەپ قارالغان ۋە قانۇن قوغدىشىغا ئېرىشەلمىگەن. قانۇنلۇق نىكاھتا دۇنياغا كەلگەن پەرزەنتلەرلا قانۇنلۇق مىراسخور بولالىغان.

**دىنىي ئىشلار ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش** كىروران ئېلى دەۋرىدە يەنى مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ بۇددا دىنى راۋاجلانغان. بەگلىك زېمىنى كېڭەيگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دىنىي ئىشلارنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭەيگەن. دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن بىرقانچە دىنىي رايونغا (samga)غا بۆلۈپ، كىروران دىنىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. كىروران ئېلىدە

راھىبلارنىڭ يېرى، خوتۇنى ۋە مال ـ مۈلكى بولۇپ راھەت ـ پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۇلار يەنە قوشۇمچە مەمۇرىي مەنسەپلەرنىمۇ تۇتقان. كىروران ئېلىدىكىلەر بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا (كىچىك كۆلۈڭگۈ) مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان. كىروران ئېلى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيەسىدىلا ئەمەس، شىمالىي لىنىيە يەنى كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ كەتكەن لىنىيەسىدىمۇ مۇھىم بولغاچقا، دىنىي ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشمۇ ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئەلدىكى دىنىي ئىشلارنى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دىنىي ئىشلارغا بولغان تەسىرىنى ئەتراپلىق باشقۇرۇش ئۈچۈن، مەخسۇس قانۇن تۈزۈپ ئىجرا قىلغان. 489 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىن بۇ نىزامنىڭ ئېنىق مەزمۇنىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

راھىبلارنىڭ نىزامى. ئوبدان ساقلانسۇن.

بۇ.... تامغىسى

ئۇلۇغ بەگ، كۆك تەڭرىنىڭ ئوغلى ئېدوكا ماھىرى سەلتەنىتىنىڭ 10 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى... ئۇلۇغ ئاستانىدىكى راھىبلارنىڭ كادوتادىكى راھىبلار ئۈچۈن تۈزگەن نىزامى. ئاگىلاشلارغا قارىغاندا، شامى ئۇلۇغ راھىبقا سەممىمىي، سادىق ئەمەسكەن، بويسۇنمايدىكەن. بۇ ئىش توغرۇلۇق بەگ ئالىيلىرى ھەر دەرىجىلىك راھىبلار ئۈچۈن بۇ قائىدە ـ نىزامنى، تۈزۈمنى بەلگىلىدى. ئۇلۇغ راھىب شىروبوروپو بىلەن بۇمناشنا ئىككىيلەن ئىبادەتخانىنى باشقۇرىدۇ. ئۇلار راھىبلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇشى كېرەك. ئىختىلاپ يۈز بەرسە قانۇن بويىچە سوتلىنىدۇ. راھىبلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئۇلار باشقۇرىدۇ... شۇڭا، راھىبلار كۆڭۈللىرىدە رازى بولۇشىدۇ. بۇندىن كېيىن قايسىبىر راھىب راھىبلارنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشمىسا، بىر توپ يىپەك جەرىمانە قويۇلىدۇ. Posatha مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىنغان ھەرقانداق بىر راھىب راھىبلىق تونىنى كىيمەي، ئاۋام كىيىمىدە كەلسە، بىر توپ يىپەك جەرىمانە قويۇلىدۇ. ھەرقانداق بىر راھىب باشقا بىر راھىبنى ئۇرسا، يېنىك بولسا بەش توپ يىپەك، ئېغىرراقلىرىغا 10 توپ يىپەك، تېخىمۇ ئېغىرلىرىغا 15 توپ يىپەك جەرىمانە قويۇلىدۇ. ھەرقانداق بىر ئۆي ئىگىسى راھىبقا...

بۇ نىزام كەمتۈك بولۇپ قالغانلىقتىن، تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنلاردىن ۋاقىپ بولۇشتىن مەھرۇم قالغان بولساقمۇ، ئەينى ۋاقىتتا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ۋە راھىبلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس قانۇن ـ تۈزۈم تۈزۈپ ئىجرا قىلغانلىقىنى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ سوتلاش، جەرىمانە قويۇش ئۇسۇللىرى بىلەن جازالانغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مۇشۇ قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى ئەينى ۋاقىتتا ئەنە شۇنداق بىر قانۇننى تۈزۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغانلىقىنى، جۈملىدىن راھىبنىڭ راھىبنى ئۇرۇشى، دىنىي پائالىيەت ۋاقتىدا دىنىي مۇراسىم كىيىمى جۈملىدىن راھىبلىق كىيىمى كىيمەسلىكتەك ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كىروران دائىرىسىگە بۇددا دىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىرلەردە تارقالغان

بولسىمۇ مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگە كەلگەندە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈ مەزھىپى تارقالغان، كېيىنچە يەنى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ كىچىك كۆلۈڭگۈ مەزھىپى تارقالغان ۋە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن . كىروران ئېلىدە ھەر ئىككى ئائىلىدىن بىردىن بۇددا راھىبى بولۇشى جۇملىدىن راھىبلارنىڭ سانىنىڭ 4000دىن ئېشىشى بۇددىزمنىڭ روناق تاپقانلىقىنىڭ ئىسپاتى، مۇران كونا شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان بۇددا دىنى مەزمۇن قىلىنغان تام رەسىملىرى، بۇدداغا ئائىت ھەيكەللەر، ئەينى دەۋردىكى كىروران بۇددىزمى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى كىروران بۇددىزمىنى چۈشىنىشتە، قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ، بولۇپمۇ كىروران بۇددا راھىبلىرىنىڭ شەخسىي مال ـ مۈلكى بولۇشى، راھىبلارنىڭ توي قىلىپ ئەۋلاد قالدۇرۇشى، بالا بېقىۋېلىشى، بۇتخانىلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنىڭ بولۇشى ۋە ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئىجارىگە بېرىلىشى، راھىبلارنىڭ قوشۇمچە دۆلەت مەمۇرى بولۇشى، سودا تىجارەت قىلىش، مەي ئىچىشى قاتارلىق مەسىلىلەر بۇددا دىنىنىڭ كىروران رايونىغا تارالغاندىن كېيىن، شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بەزى بەلگىلىمىلەردە بوشاشتۇرۇش بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كىروراندىكى راھىبلارنىڭ خوتۇن ئېلىشى بۇ رايوندا ئائىلىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېلەن قارايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە، راھىبلارنىڭ دۆلەت مەمۇرى بولۇشى شۇ دەۋردە ئاھالىنىڭ ئازلىقىدىن كۆرە راھىبلارنىڭ تىل ۋە دىنىي جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئەينى دەۋردە ئەنەتكەكتىن تارقالغان بۇددا دىنىنى ئۆگىنىش سەۋەبىدىن راھىبلارنىڭ ئەنەتكەك تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەنگەنلىكى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن، شۇ سەۋەبتىن ئەنەتكەك (ھىندىستان) تىلى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىلىكلەرنى ئىگىلىگەن راھىبلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا جەلپ قىلىنغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە راھىبلارنىڭ مۇسەللەس قاتارلىق شارابلارنى ئىچىشكە يول قويۇلغانلىقى، كىروران لىقلاردا شارابخورلۇقنىڭ ئەنئەنە بولۇپ كەتكەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن راھىبلارغا يول قويۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كىروران رايونىدىكى بۇددا دىنى توغرىسىدا بۇ يەردە بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرغان بۇددا راھىبى فاشيەننىڭ يازمىلىرى ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇر بولۇپ 399 ـ يىلى 4000دىن ئارتۇق راھىب بارلىقىنى كۆرسەتكەن.

**بالىلارنى قوغداش قانۇنى** بەلگىلىك ئەينى ۋاقىتتىكى يۇز بەرگەن ئۆسمۈرلەرنى خورلاش، ئۇرۇش ھادىسىلىرىگە قارىتا چەكلەش تەدبىرى قوللىنىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەن ھەم مەخسۇس قانۇن تۈزۈپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھېچ بولمىغاندىمۇ جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان. 29 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن:

بەگ ئالىيلىرى قاتارلىقلاردىن:

لىپېيا ۋە كولىيىشالارنىڭ ئەرزىگە قارىغاندا، شىما ئىسمىلىك ئايالنىڭ بېشى

باشقىلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ يىرىۋېتىلگەن. لىيپىيانىڭ يەنە بىر قىزى كولىشا قېرىندىشى ئوجىلانا تەرىپىدىن ئۇرۇپ ياردار قىلىنغان. ھازىرچە بۇ ئىشنى نەق مەيداندا كۆرگەن ئادەم يوق، شۇڭا ھۆكۈم چىقىرىش مۇۋاپىق ئەمەس...

(بۇ پۈتۈك ئەينى ۋاقىتتا قانۇنىي ھۆكۈملەرنىڭ پاكىتلار ئاساسىدا چىقىرىلغانلىقىنى، پاكىتقا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ)

331 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: بورىيابوتنىڭ قىزىغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈك، جاكىنا ساقلايدۇ.

بۇ تامغا kala بۇمىينابرونىڭ.

ئۇلۇغ بەگ، تەڭرىنىڭ ئوغلى يىتوكا ماھىرى ئالىيلىرى سەلتەنىتىنىڭ 11 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇلۇغ تېكىن بۇمىينابرونىڭ تەۋەلىكىدىكى بورىيابوت ئىسىملىك بىر ئەر بار ئىدى. ئۇنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ قىزىنى بىر يەردە يىتتۈرۈپ قويغان. جاكىنا ئۇ قىزنى تېپىۋېلىپ باققان ھەمدە «سۈت ھەققى»نى بورىسبوتقا بەرگەن. بۇ ئىش مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق سۈت ھەققىنى بىر ئات قىلىشقان. بۇ قىزنى جاكىنا ساتسا ياكى گۆرۈگە قويسا ۋە ياكى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارسا بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆيدە خورلىماسلىقى، ئۆز قىزىدەك مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بۇندىن كېيىن بۇ قىز توغرۇلۇق بورىيابوت ياكى خاتۇنى باشقىچە ئىختىلاپ قىلسا بولمايدۇ. بۇ پۈتۈكنى sramana ئۇلۇغ تېكىن kala بۇمىينابرونىڭ يارلىقى بىلەن پۈتۈپ چىقتىم. بۇ پۈتۈك ھەرقانداق يەردە ئىناۋەتلىك.

187 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلۇغ بەگ ئامگوكا... guŞura بىكاروفارو، tuguja جابىمكاي، tusuoa روگرودۇكا بىلەن Kitsa‹i›tsa جىت... جىپيا، موكادو، كىمرو بىلەن رەيمبىنا قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان بىر باغلىق يېرى... ئۈزۈملۈك بېغى ۋە تېرىلغۇ يەرلىرى بار. ھازىر ئۇلارنىڭ بارلىق مىراسلىرى (بارلىق يوتقان ـ كۆرپە ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەڭ تەقسىم قىلىنىدى. قارارمۇ يەتكۈزۈلدى. شۇ ۋاقىتتا كەنجى ئىنىسى كىمرو جىپيا تەرىپىدىن ئۇرۇپ بىر ئۇستىخىنى سۇندۇرۇۋېتىلگەن. ھازىر جىپيا جازاغا تارتىلىپ 70 دەررە ئۇرۇلۇپ گۆشلىرى تىتىلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەش distis ئېگىزلىكتىكى ئەردىن بىر نەپەر تۆلەپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بوگۇندىن باشلاپ قېرىندىشى كىچىك ئىنىسىنى ئۇرسا، ئاتا ئوغلىنى ئۇرسا مۇشۇ دېلو مىسالى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق بۇ مەكتۇپ Kitsa‹i›tsa بىدىياغا يېزىلدى. بۇندىن كېيىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرىنى زەخىملەندۈرۈشى چەكلىنىدۇ. بىر تۆگە توغرۇلۇق، ھازىر maravara رىبويا بىلەن جىپيا ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلدى. جىپيا بۇ يەرگە كەلسۇن.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن كىروران ئېلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا باللارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشتا، مەخسۇس قانۇن چىقىرىپ

باللارنىڭ مەنپەئەتى ۋە جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى قوغدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. بېقىۋېلىش ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك 11 ـ، 31 ـ، 764 ـ، 39 ـ، 45 ـ، 334 ـ، 415 ـ، 418 ـ، 434 ـ، 528 ـ، 538 ـ، 542 ـ، 551 ـ، 553 ـ، 555 ـ، 564 ـ، 569 ـ، 741 ـ، 769 ـ، 771 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكلەر بار. بەزى كىشىلەر باللارنى بېقىۋېلىش مەسىلىسىدە سۈت ھەققىنى سېتىۋېلىش ھەققى دەپ قارىغان، بۇ تۈپتىن خاتا، چۈنكى بېقىۋېلىش توغرىسىدىكى توختامدا ناھايىتى ئېنىق ھالدا، بېقىۋېلىنغان باللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى بايان قىلىنغان، جۈملىدىن ئۆز پەرزەنتىدەك قارىشى، سېتىشقا، خورلاشقا بولمايدىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار پىكرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**باج ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن** كىروران ھاكىمىيىتى ھەممە ئىشلىرىنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشقا تىرىشقاندەك، باج ئىشلىرىنىمۇ قانۇن يولىغا سېلىپ، باجنى قانۇن ئارقىلىق كونترول قىلغان. باج تاپشۇرۇش، باج يىغىش ۋە باشقا ئىشلارنى قانۇن بەلگىلىمىلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرگە ئاساسلانغاندا، بەگلىكنىڭ ئەركىن ئاھالىلىرى 10 خىلدىن ئارتۇق باج تۆلىگەن، بۇلار: نوپۇس بېجى، يەر بېجى، سۇ بېجى، چارۋا بېجى، مېۋە بېجى، پەك بېجى، كېلىگىس بېجى، سامالانا بېجى، چاجىنا بېجى، كۇجىنا بېجى، مۇسەللەس بېجى، سۇكا بېجى، ماكا بېجى، قۇگىنا بېجى، كۇلېما بېجى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى باج تۈرلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش مۇمكىن بولمىغاچقا چۈشىنىش قىيىن. باج باج رايونلىرىنى بىرلىك قىلىپ قانۇن بەلگىلىمىلىرى بويىچە يىغىلغان.

باج تاپشۇرۇشتا ئاساسەن ماددىي نەرسىلەرنى تاپشۇرۇش ئاساس قىلىنغان، باجغا تاپشۇرۇلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە سېرىق ماي، قوي، زىلچا، كىگىز، زىرائەت، رەخت، كىيىم، تاغار، سېۋەت، تۆگە، كالا، ئانار، مۇسەللەس ۋە مەنىسى ئېنىقلانمىغان نەرسىلەردىن kosaraarnarnii، vaji، camdvi، kammama، maka، ogana، cvoma قاتارلىقلار بار.

ئۈزۈم ھارىقى (مۇسەللەس) بېجىنى ئۈزۈم ھارىقى مەھكىمىسى يىغقان، باشقا باجلارنى شۇ يەرلىك ھاكىمىيەت يىغىشقا مەسئۇل بولغان، يىغىلغان باجلار ۋاقتىدا بەگلىك خەزىنىگە تاپشۇرۇلغان. باجگىرلار ۋە مالىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىدا مەخسۇس، تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن باج تاپشۇرۇش خاتىرىسى بولغان. بەگلىك خالىغان ۋاقىتتا نازارەت قىلىپ تۇرغان ۋە ئەنە شۇ تەپسىلىي ھېساب دەپتىرىگە ئاساسەن باج يىغقان. باجگىر باج يىغىشقا سۇسلۇق قىلسا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. باجگىر باجنى كەم يىغسا، ئارقىغا تارتسا، يوقاتسا سانى بويىچە تۆلىگەن. ئاتا ـ ئانىسى تۆلىيەلمىگەن ياكى ئارقىغا تارتقان باجلارنى بالىلىرى تۆلىگەن، بۇ ھەقتە پۈتۈكلەردە كۆرۈلىدىغان مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بار. تۆۋەندە مۇشۇ ھەقتىكى پۈتۈكلەردىن مىسال كۆرۈپ باقايلى: نىيە ناھىيەسىدىن تېپىلغان 91NA20 پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن:

هۆرمەتلىك، قۇدرەتلىك ئايماق بېگى ساماسانا، بۇغۇ باج نازارەتچىسى ۋاگاكا ئوپگېيا ئالىيلىرىدىن، قۇتقۇ ۋە ئارجۇنادىن ئامان ـ ئېسەنلىك سوراپ ئېھتىرام بىلەن سالام. يېقىندا تومغا بېگى ۋە قول ئاستىدىكىلەردىن ئاشلىق ۋە ئۈزۈم ھارىقى يىغىش ئالاقىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. شۇڭا مەن چاپسان ھەرىكەت قىلىپ، ئاشلىق ۋە ئۈزۈم ھارىقىدىن باج يىغدىم. سىلەر مەندە قانداق ئالاھىدە بۇيۇم باركىن دەپ ئويلىماڭلار. بۇ يەردە felt نى ئۈزۈم ھارىقىدىن ئىككى مىلىما 15 قىغا ئالماشتۇردۇم. سىلەر دەرھال samigana ، pongonaنىڭ ئۈزۈم ھارىقى بىلەن تەمىنلىشىڭلار كېرەك، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋشكە بولمايدۇ. قازناقتا ساقلىنىۋاتقان ئۈزۈم ھارىقىدىن 15 تۆگىگە يۈكلىگۈدەك مىقداردا تەمىنلىشىڭلار كېرەك. ئاپتا 15 تۆگىگە يۈكلىگۈدەك ئۈزۈم ھارىقىنى توشۇپ بېرەلەيدۇ. ئاپتا توشۇپ كەلمىدى، تەمىنلىگەن بولغىيدىڭلار؟

قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ياكى باجغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈكلەر بولۇپ چەرچەن بەگلىكىنىڭ باجغا تايىنىپ ھاكىمىيەت خىراجەتلىرىنى ھەل قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىر پارچە قارۇشتى پۈتۈكىدە:

«ئۇلۇغ بەگ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى، ئايماق بېگى بىموپا ۋە باج نازارەتچىسى رابىياغا يارلىق: بۇرۇنقىغا ئوخشاش سىلەرنىڭ ئۇ يەردىكى موبويا يەنە تۆت يىللىق باجنى تاپشۇرماي ئىگىلىۋالدى. فاگازامۇ يەنە تۆت تۆگىگە خىيانەت قىلدى. سىلەر بۇ يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان دەرھال ئاشۇ باجلارنى تاجاياغا تاپشۇرۇپ ئاستانىگە يوللاڭلار» دېيىلگەن. يەنە بىر پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلۇغ بەگ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى، ئايماق بېگى سوجىكاغا يارلىق: بۇرۇنقى يىللارغا ئوخشاش ئاجىيام يېزىسىنىڭ يىللىق بېجىنى سىلەر يىغىسىلەر. 20 يىلدىن بۇيان بۇ باجنى سەن تاپشۇرماي ئىگىلىۋالدىڭ، بۇ يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان بۇ باجنى تىزىملاپ باجنى ھەم تىزىملىكىنى رېپارت ئارقىلىق باجگىرلارغا تاپشۇر، ئۇلار تېزلىكتە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، يوشۇرۇشقا، ئازلىتىشقا بولمايدۇ.» يۇقىرىقى پۈتۈكلەردىن بەگلىكنىڭ مۇكەممەل باج يىغىش فۇنكسىيەسىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەلۋەتتە، شۇ ۋاقىتتا يەنە باجغا خىيانەت قىلىش، ئارقىغا سۆرەش ھادىسىلىرىنىڭمۇ كۆرۈلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بەگلىكنىڭ باج مۇپەتتىشلىك، نازارەت سىستېمىسىنىڭ 20 يىلدىن بۇيان بەگلىك خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلمىغان باجنى ئېنىقلاپ چىققانلىقى، ئۇلارنىڭ باجنى باشقۇرۇشنىڭ خېلىلا مۇكەممەللىكىنى، ئەمما ئايماق بېگىگە بەگنىڭ بۇ ئىشتا خېلىلا يۈز ـ خاتىر قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئادەتتە باشقا مەنبەلەردە باج ئوغرىلاش ۋە باشقا ئىشلاردا قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن، لېكىن بۇنىڭدا ئۇنداق جۈملىلەر يوق. يەنە بىر پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن:

بەگ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى. ئايماق بېگى سۇجېكاغا تۆۋەندىكىچە يارلىق: سوجېتو ئوردىمىزغا مۇنداق ئەرز قىلدى، ئۇ باج نازارەتچىسى، يەنە ئايماقنىڭ پۈتۈكچىسى بولغان.

ئۇ ئۇندىن باشقا يەنە سارۋىيا بىلەن چېرىك بولغان. سارۋىيا باشقا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىمىگەن. سىز بۇ يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان بۇ ئىشنى تەپسىلىي تەكشۈرۈڭ، ئۇ ھەقىقەتەن ئىككى خىل ۋەزىپىنى ئىشلىگەنمۇ - يوق؟ قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىڭ.

**باجغا ئائىت دېلو مىسالى** (70 - نومۇرلۇق پۈتۈك) سەلتەنەت ئىگىسى، ئۇلۇغ بەگ ئالىيلىرىدىن ئايماق بېگى بىمايا بىلەن باج نازارەتچىسى لىپېشاغا يارلىق: بۇرۇنقىغا ئوخشاش سىلەرنىڭ ئۇ يەردىكى مالھاياشا تۆت يىللىق باجغا خىيانەت قىلغان، ۋاجا تۆت تۆگە خىيانەت قىلغان. ئۇشبۇ يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان تېزلىك بىلەن خىيانەت قىلىنغان باجلارنى داسىياغا تاپشۇرۇپ ئوردىغا يەتكۈزۈڭلار.

مانا بۇ يارلىقتىن بىر ئادەمنىڭ ئىككى خىل ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يارلىق قىلىنغان. بىر ئادەمنىڭ باج نازارەتچىسى ھەم ئايماق پۈتۈكچىسى بولسا بولمايدىغانلىقى، جۈملىدىن بىر ئىشنى ئورۇنلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە بەگنىڭ يارلىقى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**مىراسخورلۇق قانۇنى** قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر ئەينى دەۋردىكى ئەركىن پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن ۋاستىسى تەرىپىدىن قوغدالغان بولۇپ مىراسخورلۇق قانۇنى ئەنە شۇ قانۇنىي مەنپەئەتنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈپ، ئىجرا قىلىنغان. كىروران ئېلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت قانۇنىدىن دۆلەتنىڭ قانۇنى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئاشۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بولۇشى مۇمكىن. پۈتۈكلەردىن قارىغاندا، مىراس ئادەتتە مال - مۈلۈك (يوتقان - كۆرپە قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) تەڭ تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. شۇنىمۇ تەكىتلەش مۇمكىنكى ئوغۇل، قىز پەرزەنتلەر مىراس ئالدىدا باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، تەڭ تەقسىم قىلىنغان. 474 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە خاتىرىلەنگەن ئۈچۈرلار بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزدا ياردەمدە بولىدۇ.

بەگ ئالىيلىرى قاتارلىقلاردىن:

Suwetha بىموچىنانىڭ ئىلتىماس قىلىشىچە، ھازىرقى يافۇ كەنتىدىكى kilmeqi يابوجىنىڭ سىڭلىسى بار ئىدى، ئىسمى كەتبو. دېكون مەھەللىسىدىكى kilmeqi، sramamna سېڭگابورو خوتۇنلۇققا ئالغان. ئەمما mukesi ئالمىغان، loteمۇ ئالمىغان. بۇ ئالاقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان تەپسىلىي تەكشۈرۈڭ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەرگە تېگىشى قانۇنلۇق بولۇپ، قانۇنىي رەسمىيەت بېجىرىلىپ، باشقىلار خوتۇنلۇققا ئالغان بولسا، مىراس ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە تەڭ بۆلۈپ بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر mukesi، lote رەسمىيەتلىرىنى بېجىرمىگەن بولسا بۇ يەردە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

**جىنايى ئىشلار قانۇنى** پۈتۈكلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، ئالدامچىلىق، ئوغرى - بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، سوقۇشۇش... كەبى قىلمىشلار جىنايەت دەپ تونۇلۇپ جازا بېرىلگەن. 9 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە ئوپگېيا ئىسىملىك بىرەيلەن پارسۇ، ئالىيا قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ خوتۇنىنى بۇلاپ

كەتكەنلىكىنى، ئۇرۇپ بويىدىن ئاجرىتىۋەتكەنلىكىنى، 3 ـ كۈنى ئاندىن قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئەرز قىلغان. 20 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە لىپپىيا خوتۇنىنىڭ بېشىنى كولىپىسپىنا ئۇرۇپ يېرىۋەتكەنلىكى قاتارلىق ئىشلارنى ئەرز قىلغانلىقى، ئايىماق بېگى سومىياكاساننىڭ تەكشۈرۈپ، تەھقىقلەپ قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشى يارلىق قىلىنغان. يۇقىرىقى دېلو مىساللىرىدىن قارىغاندا، زىيانلانغۇچى بىۋاستە بەگكە ئەرز قىلغان، بەگ ئايماق بېگىگە دېلونى ئېنىقلاپ قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشنى يارلىق قىلغان. 187 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە ئائىلە ئىچىدىكى ماجىرا جۈملىدىن مىراس بۆلۈشۈشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ ئىنىسى قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇلغان. يۇقىرىقى ۋەقەگە نىسبەتەن، 70 دەررە ئۇرۇش جازاسى بېرىلگەندىن سىرت بىر نەپەر قۇل تۆلەش بۇيرۇلغان. مۇشۇ دېلوغا ئاساسەن يارلىق چىقىرىلىپ، قېرىنداشلارنىڭ كىچىك قېرىنداشلىرىنى ئۇرسا، مۇشۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى، قېرىنداشلاردىن قايسىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قايسىبىرى يەنە بىرىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇشنى چەكلەش يارلىق قىلىنغان. 339 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە، سوتتا مەغلۇپ بولغان بىر تەرەپنىڭ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلماي دەۋاگەرنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئۇرغانلىقى بايان قىلىنغان. 364 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مىراس دەۋاسىدىن كېلىپ چىققان ئۆلۈم ۋەقەسى بايان قىلىنغان. 719 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىكىسى باسقۇنچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېلو. 676 ـ نومۇرلۇق پۈتۈك ئوغرىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېلو بولۇپ 50 دەررە ئۇرۇش، مالنىڭ ئەسلى باھاسىنىڭ ئۈچ ھەسسىسى بويىچە تۆلەم تۆلەش يارلىق قىلىنغان. 730 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە زىناغا قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىش يارلىق قىلىنغان.

**دېلو مىسالى** 9 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: سەلتەنەت ئىگىسى، ئۇلۇغ بەگ ئالىيلىرىدىن ئايماق بېگى سومىياكاساغا يارلىق: بوگۇن ئوپگېپيا ئوردىمىزغا ئەرز قىلدى، ئۇنىڭ خوتۇنىنى سادى، پارسۇ، ئالىيايا ۋە راشۋاراسا قاتارلىقلار بۇلاپ كەتكەن ھەم ئۇرۇپ بويىدىن ئاجرىتىۋەتكەن، 3 ـ كۈنى ئۇنى قويۇپ بەرگەن. بۇ دېلودىكى قەسەم ۋە تانۇقلار بىلەن بىرگە تەپسىلىي تەرگەۋ قىلىڭ، قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىڭ. ناۋادا ئۇ يەردە ئېنىقلانمىسا گۇماندارلارنى تېزلىك بىلەن قامالاپ ئوردىمىزغا يوللاڭ. 17 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە چېرىكلەرنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئالسا جاۋابكارلىققا تارتىلمايدىغانلىقى، باشقا ۋاقىتلاردا نەرسە ـ كېرەك ئالسا جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلىقى يارلىق قىلىنغانلىقى يېزىلغان.

**دېلو مىسالى** (63 ـ نومۇرلۇق پۈتۈك) سەلتەنەت ئىگىسى، ئۇلۇغ بەگ ئالىيلىرىدىن ئايماق بېگى سومىياكاساغا يارلىق: بوگۇن لىيىپپىنىڭ ئوردىغا ئەرز قىلىشىچە، پىرىخون (قامان) ئايالدىن ئۈچنى ئېلىپ كېتىپ بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قالغىنىنى قويۇپ بەرگەن. بۇ ئىش توغرۇلۇق ئاپچېپيادىن پەرمانى ئالغان ھامان لىيىپپىغا تەۋە پىرىخونلارنىڭ باھاسى بويىچە تۆلەپ بەرسۇن. سىز ئۇشبۇ يارلىقنى ئالغان ھامان قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېزلىكتە بۇ دېلونى تەھقىقلەڭ. سىز ئايماق بېگى ئوردىنىڭ پەرمانىغا

بويسۇنۇڭ، پەرمان بويىچە لىيىپىغا تەۋە ئايالنى باھاسى بويىچە تۆلەپ بەرسۇن، شۇنداقلا ئۇلار قاماللىنىپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىنسۇن.

**ھەق - تەلەپ قانۇنى** قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر ئىچىدە مىراس، يوشۇرۇپ قويۇلغان بايلىقنىڭ توغرىلىنىشى، نىكاھ ماجىراسى ، بېقىۋېلىش، چارۋىچىلارنى زەخىملەندۈرۈش ، تۆلەم، قەرز، ئۆتنە، ئىجارە، گۆرۈ قويۇش، ياللىنىپ ئىشلەش، ھەدىيە، سودا، ئالماشتۇرۇش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ۋاكالەتچىلىك، سېتىلىش، ئورمان كېسىشنى چەكلەش، ئىگىلىك ھوقۇق مەسىلىسى قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. مۇشۇ ساھەدىكى دېلولار ناھايىتى كۆپ بولۇپ كەڭ دائىرىگە چېتىلغان، بۇلار يەنە باشقا قانۇنلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. 1- نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: ئايماق بېگى تامىياكاشاغا: سەلتەنەتلىك، ئۇلۇغ خاقاندىن ئايماق بېگى تامىياكاشاغا يارلىق: بۈگۈن لىيىپىيا ئوردىمىزغا دەۋا قىلدى، ئۇنىڭ ئىككى كالىسى بولۇپ ساكا چېرىكلىرى بۇلاپ كەتكەن، بىرىنى قايتۇرۇپ بەرگەن، يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈپ يەۋەتكەن. بۇ ئىشنى شەخسەن ئۆزىڭىز تەكشۈرۈپ تەھقىقلەڭ، قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلسۇن، ئەگەر ئۇ يەردە مەزكۇر دېلونى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىسا، گۇماندارلارنى قامىلاپ ئوردىمىزغا يوللاڭ.

كىروران ئېلىدىن قالغان يازما پۈتۈكلەر ئىچىدە قانۇنىي ۋەسىقىلەر زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. 1، 6، 17، 24، 29، 164، 31، 49، 53، 63، 68، 90، 124، 128، 134، 144، 186، 187، 204، 209، 216، 243، 271، 297، 308، 312، 322، 325، 326، 331، 339، 345، 352، 356، 358، 386، 400، 420، 423، 436، 462، 471، 480، 481، 506، 507، 517، 518، 520، 524، 532، 540، 545، 548، 554، 568، 570، 636، 638، 643، 676، 709، 719، 729 - نومۇرلۇق ۋەسىقىلەر ئەينى دەۋر قانۇن - تۈزۈملىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. كىروران ئېلىدە دۆلەت ئۇچۈن ئىشلىتىلگەن لازىمەتلىكلەرگىمۇ ھەق بېرىلگەن، مەمۇرلار سىرتقا خىزمەتكە چىققاندا خىراجەتلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چىقىم قىلىنغان. 22 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: سەلتەنەت ئىگىسى، ئۇلۇغ بەگ ئالىيلىرىدىن ئايماق بېگى كىرانايا، كۇنالا ۋە باج نازارەتچىسى لىيىپىياساغا يارلىق: بۈگۈن لىيىمسۇ... دۇتا بىلەن كىمخۇلار قوتان ( khotanami، خوتەن)غا ئەلچىلىككە بارىدۇ. يول باشلىغۇچى رۇتراياشا ئۆزى يول باشلاپ بارسۇن، لىيىمسۇئاشادا ئىككى تۆگە بار. بۇنىڭ ئىچىدە كىمخۇ بىلەن رۇتراياشا... بېرىشى زۆرۈر ئەمەس. كېيىنكە سۈرۈلمىسۇن. يوسۇن بويىچە ئاشلىق ۋە ئىش ھەققى ئايماقلاردىن تۆلەنسۇن. بۇ ئىشلار مۇشۇ ئۇسۇلدا...

**توختام ۋە توختام قانۇنى** قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر ئىچىدە خېلى كۆپ ۋەسىقىلەر توختام بىلەن مۇناسىۋەتلىك، جۈملىدىن توختام بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقىلەر 40 پارچىدىن ئاشىدۇ. توختامنىڭ مۇقىم فورمۇلاسى بولۇپ، ئالدى بىلەن كېلىشىم مەزمۇنى بايان قىلىنىدۇ. توختام قانۇنى تۈزۈلگەن توختامنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش رولىنى ئوينىغان. توختام قانۇنىغا ئاساسەن، توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچى

دەررىلەنگەن، جەرىمانە قويۇلغان ۋە توختام داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولغان. توختامنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بولغان: (1) توختام كېلىشىمى يەنى ئىككى تەرەپنىڭ مۇددىئاسى بويىچە كېڭىشىپ كېلىشىم قىلىنغان. (2) سودىلاشقان ئىككى تەرەپنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى يەنى پۈتۈلۈش سوممىسى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. (3) شۇ يەرنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى ۋە باشقىلار تونۇق بولغان، تونۇقلار سالاھىيىتى بىلەن گۇۋاھچى بولىدۇ. (4) يەرلىك ئەمەلدارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن توختام پۈتۈلگەن. (5) بىراۋ «يىپ ئۈزىدۇ»، «يىپ ئۈزىدۇ» ئەمەلىيەتتە توختامنىڭ پۈتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى. (6) توختام پۈتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن يىپ بىلەن باغلىنىپ، لاي بىلەن پېچەتلىنىپ، يەرلىك ئەمەلدارنىڭ تامغىسى بېسىلغان. توختامدا سېتىۋالغۇچىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. توختامغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جازا بېرىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، بەزى دېلولاردا توختامغا خىلاپلىق قىلىنسا 50 ياكى 70 دەررە ئۇرۇلىدىغانلىقى تەكىتلىنىش ئارقىلىق توختامغا خىلاپلىق قىلماسلىقنى ئۇندىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توختامغا مۇنداق شەرتلەر پۈتۈلىدۇ: «بۇندىن كېيىن مەيلى كىم بولسۇن بۇ ئىشتا دەۋا قىلىپ، تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلسا ياكى باشقىچە پىكىردە بولسا، بەگلىك سوتخانىدا دېلو ئاغدۇرۇش ھوقۇقى يوق.»

**كىروران ئېلىنىڭ بەگلىك بايرىقى** كىروران ئېلىنىڭ بايرىقى ـ تۇغى بولغان، بۇ ھەقتە 376 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، بايراقنىڭ شەكلى ھەققىدە بىرەر يازما ئۇچۇر ياكى ماددىي پاكىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كىروران ئېلىدە بەگلىك بايرىقى ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلسەكمۇ ئۇنىڭ شەكلى، رەڭگى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز.

**كىروران ئېلىدە ئىگىلىك** كىروران ئېلىنىڭ ئىگىلىكى ھەققىدە سۆز بولغاندا كۆپىنچە ھازىرقى چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىنى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغانلىقى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. خۇددى خەنزۇچە كىلاسسىك مەنبەلەردە دېيىلگىنىدەك، كىروران ئېلىنىڭ ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق مۇھىم ئورۇندا تۇرۇش بىلەن بىرگە، ئېكىنچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر كۆرسىتىپ بەردى.

كىروران ئېلىدىكىلەرنىڭ ئىگىلىكىدە ئۈزۈم ۋە ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن. ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن مەيزاپنىڭ مىقدارىنىڭ خېلى كۆپ بولۇشى، ئەينى ۋاقىتتا ئۈزۈملۈك باغلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شۇڭىمۇ ئەينى ۋاقىتتا بور (مۇسەللەس، مەيزاپ، ئۈزۈم شارابى)دىن باج ئېلىنغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە بور بېجى بولۇش بىلەن بىرگە، نىيە ناھىيەسى 94.A 4 نومۇرلۇق تۇرالغۇدىن نەچچە يۈز مېتىر كېلىدىغان يەردە تاللىق (تەكلىك) بايقالغان. بۇ ئۈزۈملۈك شاخلار بىلەن چىتلانغان، ئومۇمىي كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ھازىرقى ئەمەلىي كۆلىمى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى كۆلىمىنىڭ

بۇنىڭدىن چوڭ بولۇشى مۇقەررەر. شامالنىڭ يالىشى، سۇنىڭ ئېقىتىپ كېتىشى ھازىرقى شەكىلگە كەلتۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئۈزۈملۈكنىڭ غەربىدىكى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان 60 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چىتلاقنىڭ ئېشىپ قالغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئەسلىدە تۆت چاسا (ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە) باراقسان باغ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىمىز. ھازىر توققۇز قۇر تال ساقلىنىپ قالغان، شەرقتىن غەربكە قارىتىپ تىكىلگەن، ھەر بىر قۇر ئۈزۈم تالىنىڭ ئارىلىقى ئىككى مېتىر بولۇپ ھەر بىر تۈپىنىڭ ئالدىغا ياغاچ قادىلىپ بىدىشقا ئېلىنغىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئارخېئولوگ سابىت ئەھمەت «ئۈزۈملۈك، مېۋىلىك باغلارنىڭ قالدۇقلىرىنى پۈتۈن نىيە خارابىسىدا تارقاق ئۇچراتقىلى بولىدۇ... A 27 ـ نومۇرلۇق ئۆي جايلاشقان تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. خارابىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا دۆڭلۈكلەر ئارىسىدىكى تەكشىلىككە جايلاشقان چوڭ باغ ئورنى بار، ئەتراپىدىكى چىتلاقلىرى ھازىرغىچە ياخشى ساقلانغان. باغ ئىچىدە كۆپلىگەن مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى نىيە خارابىسىدە ئۈزۈم ئۆستۇرۇش ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ»[①] دەپ يازغان.

قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە ئەينى دەۋر كىروران جەمئىيىتىدە ئۈزۈملۈك باغلارنىڭ بولغانلىقىنى، ئۈزۈمدىن مەيزاپ قاتارلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇچۇرلار ساقلىنىپ قالغان. 581 ـ، 90 ـ پۈتۈكتە بىر ئۈزۈملۈك باغ تىلغا ئېلىنغان. 586 ـ پۈتۈكتە بىر ئۈزۈملۈك باغنىڭ سېتىلغانلىقى، سېتىۋالغۇچىنىڭ تەكلەرنىڭ سىنچەكلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقى، سىنچەكلەرنى چۇۋۇۋېتىش، ئۈزۈملەرنى كېسىش، مەيزاپ چىقىرىش، تەكلىكنى سېتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. كىروران ئېلىنىڭ باغلىرىدا تەك كۆپلەپ ئۆستۈرۈلگەندىن باشقا يەنە ئانار، rotam قاتارلىقلارمۇ ئۆستۈرۈلگەن. 295 ـ پۈتۈكتە بىرەيلەنگە بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىر قى مىقداردىكى ئانار باج تاپشۇرۇشى خاتىرىلەنگەن.

سابىت ئەھمەت: «تەكشۈرۈش ئەترىتىمىز نىيە خارابىسىدىكى 150كە يېقىن تارقاق جايلاشقان تۇرالغۇ ئۆي خارابىسى ئەتراپىدىن مېۋىلىك دەرەخلەردىن شاپتۇل، ئۆرۈك، جىگدە ۋە ياڭاق قاتارلىقلارنى كۆپلەپ ئۇچراتتى. يۇقىرىدىكى پاكىتلار ۋە قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بۇ قەدىمكى ئۈزۈملۈك ۋە باغلارنىڭ ئەينى زامانلاردا يېشىللىققا چۆمگەن، مېۋىلىرى مول، بوستانلىق جاي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ»[②] دەپ يازغان. بۇ يەردە 7 ـ ئەسىردە كاڭ يەندەن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىق قىلىشى بىلەن چاقىلىق رايونىدا قايتا گۈللىنىش بولغاندا، بوربالىق (蒲桃城) ناملىق بىر بوستانلىقنىڭ ھازىرقى چاقىلىق بوستانلىقىنىڭ تۆت يول شىمالىدا قەد كۆتۈرگىنىگە ئوخشاش، مۇشۇ رايوندىمۇ خۇددى نىيە ناھىيەسىدىكىدەك ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۈزۈم يېتىشتۈرۈش

---

① ② سابىت ئەھمەت: «نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىكى ئۈزۈملۈك توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 3 ـ 4 سانلىرى، 31 ـ، 32 ـ بەتلەر.

ئەنئەنىسىنىڭ بولغانلىقىنى، ئەمما خارابىلەرنى قۇم بېسىپ كېتىش، شامال ئۇچۇرتۇپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن پاكىتلار قالمىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. پىروفېسسور ۋاڭ شوچۇن كىروران ئېلىنىڭ جۇملىدىن كىروران شەھىرىنىڭ دېھقانچىلىق، ئېكىنچىلىك ئىگىلىكى ھەققىدە توختالغان. خۇاڭ ۋېنبى 1934 ـ يىلى توپىلىق خارابىسى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى چوڭ يولنىڭ غەرب تەرەپلىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، قەدىمكى ئۆستەڭنىڭ قېشى ۋە ئېتىزلارنى بايقىغان، كىروران شەھىرىگىچە بولغان تېرىمىنىڭ مەركىزىي قىسمى دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا سوزۇلىدۇ. «سۇ ئىشلىرى تەپسىراتى. دەريا ـ ئېقىنلار»دا «دەريا يەنە شەرققە ئېقىپ جۈبىن شەھىرىنىڭ جەنۇبى بىلەن، يەنە كىروران شەھىرىنىڭ شەرقى بىلەن ئېقىپ شەرققە قۇيۇلىدۇ. ئېتىز بەرپا قىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىنغان بولۇپ قەدىمكى چەرچەن ئېلى (故城禅国) دەپ ئاتالغان» دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن. 1980 ـ يىلى كىروران شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالى بۇرجىكى ۋە غەربىي جەنۇبى بۇرجىكىدىن تېرىقچىلىق قىلغان يەرلەرنىڭ ئىزلىرى بايقالغان. بوستانلىقنىڭ ئېچىلىشى ۋە دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى كىروران ئېلىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى. «خەننامە»دە كىروران ئېلى ھەققىدە «1570 ئائىلە، 14100 نوپۇس، 2912 ئەسكەر بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. مىلادىيە 400 ـ يىلى راھىب فاشيەن غەربكە نوم ئالغىلى ماڭغاندا بۇ جايدىن ئۆتكەندە 4000دىن ئارتۇق راھىب بار ئىدى. شىمالىي ۋېي زامانىدا چەرچەن ئېلىدە 8000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالە بار بولۇپ يېقىن ئەتراپلىرىدىكى كىچىك بەگلىكلەر ئەندىر، چالمادانا، روڭلۇ، كادوتا (نىيە) قاتارلىقلارنى بويسۇندۇرغان. يۇقىرىقى نوپۇسلار كىروران بوستانلىقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىسىمۇ، كىروران ئېلىدە كىروران ۋە ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار نوپۇسى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. مانا بۇ كىروران بوستانلىقى يېزا ئىگىلىكى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن بۇنچە كۆپ ئاھالە بولمايدۇ. ئارخېئولوگلار كىروران ئېلىدە دېھقانچىلىقنىڭ راۋاج تاپقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماددىي پاكىتلارنى تاپقان، 1980 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى كىروران شەھىرى خارابىلىرىنى تەكشۈرگەندە تاپقان بۇغداي ۋە تېرىق ئەۋرىشكىسى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ زىرائەت ئەۋرىشكىسىنى سىچۈەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىكى پىروفېسسور يەن جى ۋە دوتسېنت ياڭ جۇنلياڭلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان ھەمدە دۇنيا بويىچە ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ ياخشى ساقلانغان، ئەڭ بالدۇرقى بۇغداي، دەپ باھا بەرگەن. ئالىملار مۇشۇ قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە تېرىق ۋە بۇغداي دۆۋىسىنى ھەمدە تام سۇۋىقىدىن بىر نەچچە تال بۇغداي دانىسىنى تاپقان. تېرىقنىڭ تېرىلغانلىقى ھەققىدە كىرورانىدىن تېپىلغان خەنزۇچە يازما پۇتۇكلەردە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ساقلانغان بولۇپ 90 مو تېرىقتىن 70 موسىنى سۇغارغانلىقى خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىقى بۇغداي ئەۋرىشكىلىرىنىڭ يىل دەۋرى بۇندىن 2100 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ. يەنە بەزى

ئالىملارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، يۇقىرىقى بۇغداي ئەۋرىشكىلىرى هازىرقى بۇغدايدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، كىروران رايونىدا ئارپا، بۇغداي، سۆك قاتارلىقلار ئاساسلىق زىرائەت بولغان. ئاگرانوملارنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئادەتتىكى بۇغداي ئەۋرىشكىسى كىروران زېمىنىدىن تېپىلغان، ئۇلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم دانلىق زىرائەتلەرنىڭمۇ تېرىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ماتېرىياللار بار. تېپىلمىلارغا قارىغاندا كۆكتات، قوغۇن قاتارلىقلارمۇ تېرىلغان. ئارخېئولوگلار LE خارابىسىدىن تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تاپقانلىقى ۋە يازما پۈتۈكلەردە كۆرۈلگەن 4326 تۈپ يىپەكنىڭ كىرورانلىقلارغا سېتىپ بېرىلىشى بۇ يەرنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنىڭ بىر ئىسپاتىدۇر. پىروفېسسور لىن مېيسۇن «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسى لوپ كۆلىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسە چىقاردىكى: كىروران روناق تاپقان چاغلاردا (غەربىي خەندىن ۋېي - جىن سۇلالىلىرى)، لوپ كۆلى رايونىدا دەريا ـ ئېقىنلىرى تور تارتقان، يەر ئۈستى سۈيى مول بولۇپ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق راۋاجلانغان بەگلىك ئىدى. ئورمان بىلەن قاپلىنىشى 40%كە يەتكەن»[①] دېگەن باهانى يازغان. ئۇ يەنە «دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى قەبرەغولدىن جۇڭگودىكى ئەڭ بالدۇرقى بۇغداي ئەۋرىشكىسى بايقالغان. هەممە بىلىدۇكى، بۇغداي يىراق شەرقتە كېلىپ چىققان، ئۇندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا تارالغان. قەبرەغولدىن بايقالغان بۇغداي ئىنتايىن مۇهىم، بۇ بۇغداينى ئەڭ بالدۇر جۇڭگوغا كىرورانلىقلارنىڭ تارقاتقان بولۇش ئېهتىماللىقىنى چۈشەندۈرىدۇ»[②] دەپ قارىغان.

كىروران ئېلىنىڭ ئىگىلىكى مەسىلىسىدە كۆپىنچە ماتېرىياللاردا، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا كۆرۈلىدىغان يېرى قۇملۇق، ئاشلىقنى قوشنا ئەللەردىن كىرگۈزىدۇ، چارۋىچىلىق قىلىپ سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، دېگەن بايانلارنى ئاساس قىلىۋاتىمىز، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇ شەهەرلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپ بولۇشى، مول سۇ زاپىسى بولۇشى، مۇراندا سۇغىرىش سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە باشقا نۇقتىلارغا ئاساسلىنىدىغان بولساق، كىروران ئېلىدىكىلەرنىڭ دېھقانچىلىق (باغۋەنچىلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بېلىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ مۇهىم سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. دېھقانچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىكتە ئىگىلىگەن نىسبىتى چارۋىچىلىقتىن هەرگىزمۇ كەم بولمىغان، توغرىراقى دېھقانچىلىق چوڭ سالماقنى تەشكىل قىلغان. قارۇشتىچە پۈتۈكلەردە يېزىلىشىچە، kuvana، tsamghina، koyimamdhina قاتارلىق زىرائەتلەردىن باج ئېلىنغان، يەنە ئارخېئولوگلارنىڭ

① ② لىن مېيسۇن: «كىروران ــ ئەسىرلىك سىرنىڭ يېشىلىشى»، مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 188 ـ، 72 ـ بەتلەر.

ئېتىزلىقلارنى بايقىشى، بۇ يەردە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ سالمىقىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. koyimamdhina ، tsamghina ، kuvana لارنىڭ قايسى زىرائەت تۈرلىرىنى كۆرسەتكەنلىكى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى. 272 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: قۇدرەتلىك ئۇلۇغ بەگ ئالىيلىرىنىڭ ئايماق بېگى سۇجاكاغا يارلىقى. سىز ئالىيلىرىنىڭ ئۇشبۇ يارلىقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان... باج ئەمەلدارى پارغۇتنى ئىبەرتىپ kuvana ، tsamghina ۋە koyimamdhina ئۈچ خىل زىرائەتتىن يىغدۇرۇڭ... دېيىلگەن. 291 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە kuvana بېجىدىن 350 مىلىما يىغىلغانلىقى، 309 ـ پۈتۈكتە koyimamdhina بېجىدىن 150 مىلىما يىغىلغانلىقى يېزىلغان. ئەينى ۋاقىتتا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن juthi ، sahini ۋە sikh قاتارلىقلار بولغان. پۈتۈكلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن باج يىغىلغاندىن كېيىن دۆلەت مەمۇرلىرىغا ئىش ھەققى سۈپىتىدە ئاشلىق تارقىتىلغانلىقى، ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىگە پۇل ھېسابىدا ئاشلىق بېرىلگەنلىكلىرى ھەققىدىمۇ ئۇچۇرلار بار. ئەينى ۋاقىتتا زىرائەتنىڭ ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزۈن ساقلاش ئىمكانىيىتى بولغانلىقىدىن ئەمەس، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم نىسبەتنى ئىگىلىگەنلىكىدىن بولغان، ناۋادا ئۇ بىر خىل مىقدارى ئاز بۇيۇم بولغىنىدا ئىدى، باھاسى مۇقىم بولماي، ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا مۇقىمسىزلىق كەلتۈرگەن بولاتتى، چۈنكى ھازىرقى كۈندىكى ئالتۇنغا ئوخشاشمايدىغان يېرى ئاشلىقنىڭ ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقىدا. ئەگەر ئاشلىق كەمچىل بولۇپ قوشنا يۇرتلاردىن توشۇپ كېلىنسە، قاتناش ۋە باشقا سەۋەبلەر (قوشنا يۇرتلاردا ئاشلىق باھاسىنىڭ مۇقىم بولماسلىقى...) بىر قاتار مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولاتتى. كىرىوران ئېلىدە خۇددى يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، چارۋىچىلىقمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم ئورنىنى نامايان قىلغان، بۇنىڭغا ئاساسلىقى تەبىئىي شارائىت سەۋەب بولغان. چۈنكى تارىم، كۆنچى، چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىنلىرى بۇ يەردە چوڭ تەبىئىي يايلاقلارنى شەكىللەندۈرگەن، دەريا ۋە كۆل بويلىرى توغراق ۋە باشقا چۆل ئۆسۈملۈكلىرى چارۋىچىلىققا شارائىت ھازىرلىغان. كىرىوران زېمىنىنىڭ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇشى، بۇ جايدا كارۋانچىلىققا لازىم بولىدىغان قاتناش ۋاسىتىلىرى تۆگە، ئات، ئېشەكنىڭ بېقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كالا قاتارلىق دېھقانچىلىق ھايۋانلىرىنىڭ كۆپلەپ بېقىلىشىغا سەۋەب بولغان. ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ ۋە يەرلىك ئاھالىنىڭ گۆش ۋە سۈتكە بولغان ئېھتىياجى قوي، ئۆچكە، كالا، ئات قاتارلىقلارنىڭ سانىنىڭ ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، يەنە كېلىپ كالا تېرىسى، قوي يۇڭىغا بولغان ئېھتىياج ئىنتايىن چوڭ بولغان. ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭدىن تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى كىگىز ئەۋرىشكىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيانىڭ كەڭ رايونىدا ئەڭ بالدۇر بولۇپ، ئەڭ بۇرۇنقى كىگىز مەھسۇلاتلىرىدۇر» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «بۇ يەردىن بايقالغان گىلەم ئېلىمىزدە، شۇنداقلا شىنجاڭ رايونىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى يۇڭ توقۇلما ئەۋرىشكىسى

ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قەدىمكى ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەينى زاماندا خېلى يۇقىرى تېخنىكا سەۋىيەسىگە يەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ»[1] دەپ يازغان. ئەينى ۋاقىتتا كىروران جەمئىيىتىدە خۇددى يىپەكنىڭكى يىللاردىكىدەك تۇماق (ئۇ چاغلاردا ئۇچلۇق قىلىپ ياسالغان)، پالاس، پىيما، كىگىز پايپاق قاتارلىقلارنى تەييارلىغان. «شىنجاڭنىڭ ئاممىباب تارىخى» ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە، ئەينى تارىخىي دەۋردە كىروران پالاسچىلىقى (زىلچا - گىلەم دېيىشكە بولامدۇ - يوق، ئەينى ۋاقىتتا 罽 دەپ يېزىلغان) خۇددى خوتەن گىلىمىگە ئوخشاش ناھايىتى ئەتىۋار ھەم قىممەت بولغان. بەن گۇنىڭ بەن چاۋغا خەت يېزىشىغا قارىغاندا، دۇگۇ ئىسىملىك بىرى 80 تۈمەن يارماقىا 10 پارچە گىلەم سېتىۋالغان، ئەينى ۋاقىتتا بىرقانچە قۇلنىڭ باھاسىغا باراۋەر كەلگەن. كىروراندىن تېپىلغان يۇڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى شاڭخەي توقۇمىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئانالىز قىلىشىچە، كۆپىنچە قوي يۇڭى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، يۇڭ تالاسى سۈپىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. ئىشلىتىلگەن يۇڭ يىپ 70 تالدەك يۇڭ تالاسىدىن تۈزۈلگەن. ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنتايىن سۈپەتلىك يۇڭ توقۇلمىلىرىنى توقۇپ چىققانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

كىروران ئېلىدە بېلىقچىلىق مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بولۇپ سۇ مەھسۇلاتلىرى خەلقىنىڭ يېمەكلىكىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتقان. تارىم، كۆنچى، چەرچەن دەريالىرى كىروران ئېلى زېمىنىدا ناھايىتى كۆپ كۆللەرنى ھاسىل قىلغان، بۈنى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردە ھاسىل بولغان قاراقوشۇن، قارابوران، تارتما، تېيىز كۆل، چىۋىنكۆل، ياڭكۆل، چوڭكۆل... قاتارلىق نۇرغۇن كۆللەرنىڭ بولۇشى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. مانا بۇلار ئەينى زاماندا لوپ كۆلىگە ئوخشاش نۇرغۇن كۆللەرنىڭ بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ، مانا مۇشۇنداق تەبىئىي شارائىت ئەينى ۋاقىتتا تارىم، كۆنچى، چەرچەن دەريالىرىنىڭ مول سۇ مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى بىلىمىز. ئارخېئولوگلار قەبرەغولدىن يۇڭدىن ياسالغان بېلىق تۇتىدىغان تورلارنى بايقىغان.

كىروران ئېلىنىڭ ئىگىلىكى ھەققىدە بەن گۇ «خەننامە»دە: «... نوپ ...(婼羌) ئاھالىسى ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. دېھقانچىلىق قىلمايدۇ. ئاشلىقنى چەرچەن ۋە چالمادانادىن ئالىدۇ. تاغلىرىدىن تۆمۈر چىققاچقا، ھەربىي قوراللارنى ياسايدۇ. قوشۇنلىرى ئوقيا، نەيزە، قىلىچ، خەنجەر تۇتۇپ ئىشمەك ساۋۇت كىيىدۇ،» دەپ يازغان. چەرچەن (鄯善) خانلىقى ھەققىدە «يېرى قۇم ۋە شورلۇق بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز بولغاچقا، قوشنا ئەللەرنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئاشلىق تېرىيدۇ. بەگلىكتىن قاشتېشى چىقىدۇ. يېكەن، قومۇش، يۇلغۇن، توغراق، چىغ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر كۆپ

① ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى قەبرەغول قەبرىلىرىنى قېزىش ۋە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1982 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 682 - بەت.

ئۆسىدۇ. ئاھالىسى كۆچمەن بولۇپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئات، ئېشەك، تۆگە كۆپ بولۇپ ھەربىي قوراللارنى ياساش جەھەتتە نوپقا ئوخشايدۇ... چالمادانا (且末)دىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇ يېقىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاشلىق تېرىلىدۇ. يەر ۋە ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ھەربىي قورال ـ ياراغ ئىشلەپچىقىرىشى خەن سۇلالىسىگە سەل ئوخشاپ كېتىدۇ. (چالمادانا)دىن ئۇزۇم قاتارلىق مېۋىلەر چىقىدۇ. غەربىدىن نىيەگە 2000 يول كېلىدۇ.» دەپ يازغان. بۇلاردىن ئەينى ۋاقىتتىكى كىروران ئېلىنىڭ ئىگىلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق، چەرچەن بەگلىكى نوپ ئېلىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ ـ يۇ، يەنە ئۆزىگە ئاشلىق يېتىشمەي قوشنىلىرىدىن كىرگۈزىدۇ ياكى يەر ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدۇ. يۇقىرىقى مەلۇماتنى ئاساس قىلىدىغان بولساق، ئىجارىگە ئېلىپ تېرىلىدىغان يەر كىروران قەلئەسىنى مەركەز قىلساق چاقىلىقتا 500 يول، چالمادانادا 720 يول، چالمادانادىن نىرانغا 600 يول ھېسابلىساق، 1820 يولدەك مۇساپە بولۇپ 800 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، تېرىقچىلىق قىلىشقا شۇنچە يىراققا ئادەم بۇيرۇلسا، يەنە ئىجارىگە ئېلىپ تېرىلغان ئاشۇ يەردىن مىڭ جاپالار بىلەن 800 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بىر ئايدەك يۈرۈپ توشۇپ كەلسە، ئاشلىق بىلەن نوپ ئېلىنى تەمىنلىيەلەمدۇ؟ ئۇلار تېرىقچىلىقنى قومۇل ياكى تۇرپاندا قىلغانمۇ؟ بۇ ئاتەش ماكان تېخىمۇ قۇرغاق ۋە نوپۇسى كۆپ بولغاچقا بۇ ئېھتىماللىقمۇ يوق دېيەرلىك، شۇنداق دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتناش قاتارلىق سەۋەبلەر ئۇلارنى چەكلەپ تۇراتتى. مەسىلە شۇ يەردىكى، ئۆزىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىيەلمىسە يەنە بىر ئەلنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى ئۈستىگە ئېلىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. 442 ـ يىلى بەگ بەگروڭنىڭ 4000 ئائىلە يەنى ئاھالىنىڭ يېرىمىنى باشلاپ چالمادانىغا كۆچكەنلىكى بىلەن 400 ـ يىلى بۇ يەردە 4000دىن ئارتۇق كىچىك كۆلۈڭگۈ راھىبىنىڭ بولۇشى، مۇشۇ زېمىندىن تېپىلغان Cha . No 805 نومۇرلۇق پۈتۈكتىكى «319 توپ كىرگۈزدۈم، بۈگۈن ئۆي ئىگىسى ئۈچۈن 4326 توپ رەڭلىك يىپەك سېتىۋالدىم» دېگەن بايانلار بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، شۇ ۋاقىتتا بۇ رايوننىڭ نوپۇسىنىڭ 100 مىڭغا يېقىنلاپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز، ئۇنداقتا زور كۆلەمدە يېزا ئىگىلىكى بولمىسا، ھەرگىزمۇ شۇنچە كۆپ ئاھالىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئارخېئولوگلارنىڭ «تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇراندىكى سۇغىرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى 45 مىڭ موغا، بۇنىڭ ئىچىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمىنىڭ 17 مىڭ مو»[1] دېگەن ھۆكۈمىگە ئاساس بولغان سۇغىرىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق پاكىتلار، كىروران قەدىمكى شەھىرى بويىدىن بايقالغان تېرىلغۇ يەرلەر ئەينى ۋاقىتتا كىروران ئېلىنىڭ لوپ كۆلى بويلىرىدىن ۋاششەھىرى خارابىسىگىچە بولغان زېمىنلىرىدە دېھقانچىلىقنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى

① بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرە كومىتېتى: «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، زامانىمىزدىكى جۇڭگو نەشرىياتى 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 811 ـ بەت.

كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «خەننامە»دە يېزىلغان قاشتېشى ۋە تۆمۈر چىقىدۇ، دېگەن بايانلار بىلەن نەيزە، قىلىچ، خەنجەر تۇتۇپ، ئىشمەك ساۋۇت ئىشلىتىدۇ، دېگەن بايانلار ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارنىڭ ماددىي پاكىتلىرى بولۇشىغا ئاساسەن ئەينى ۋاقىتتا مىس، تۆمۈر، ئالتۇن، قاشتېشى قاتارلىقلاردىن ياسالغان كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ بولۇشى، كىروران دەۋرىدە مېتاللچىلىق، قاشتېشى قېزىش، ياغاچ ئويمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھۈنەر - كەسپلەرنىڭ بولغانلىقىدىن خەۋەردار قىلىدى. ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى ھازىرچە مۇشۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان دېيىشكە بالدۇرلۇق قىلسىمۇ ھامان ئىسپاتلىنىشى مۇمكىن.

كىروران ئىگىلىكىدە كۇلالچىلىق ۋە ياغاچچىلىق ھۈنەرلىرىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. مىلادىيەنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن مىسكەرلىك ئىشلىرىمۇ خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، كۇلالچىلار ياساپ چىققان ساپال بۇيۇملار ئىستېمالدىن چېكىنمىگەنىدى. نەپىس ھەم پۇختا ساپال بۇيۇملار خەلقنىڭ مۇھىم تۇرمۇش بۇيۇمى بولغانلىقتىن ساپال بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان بىر قىسىم كۇلالچىلارنىڭ ئىشخانىلىرى ۋە مەلىكىلىك ئەمگەكلىرى داۋاملىق يۈرۈشۈپ تۇرغان. ياغاچچىلىق ھۈنىرىمۇ تەرەققىي تاپقان بولۇپ تۇرلۇك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن ئاياق، چارا، جام، لېگەن، تاۋاق قاتارلىقلار ياسىلىشتىن باشقا يەنە ئۆيلەرنىڭ ياغاچلىرىدىن تارتىپ تۇرلۇك نەقىشلەرنى ئىشلەش قاتارلىق سىپتا ھۈنەرلەر ئەينى زاماندا ئەتىۋار ھۈنەرلەرگە ئايلانغان.

كىروراننىڭ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇشى، بۇ يەرنىڭ سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشىنىڭ بىر سەۋەبى بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكى سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولغان. كىرورانىدىن تېپىلغان پۈتۈكلەر بۇ يەرنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭمۇ راسا گۈللەنگەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلى بولالايدۇ. Cha . No 805 نومۇرلۇق پۈتۈكتە «319 توپ كىرگۈزدۈم، بۈگۈن ئۈچ ئىگىسى ئۈچۈن 4326 توپ رەڭلىك يىپەك سېتىۋالدىم» دېيىلگەن بولسا، C . W . No 76 پۈتۈكتە «... رەخت 84 توپ» دېيىلگەن. مانا بۇ مەلۇماتلار كىروران ئاھالىسىنىڭ سانى ۋە مۇشۇ ئاھالىنى مەركەز قىلغان ھالدا راۋاجلانغان سودىنى تونۇشىمىزغا يېتەرلىك ئاساس بېرىدۇ.

**كىروران جەمئىيىتى** قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردىن قارىغاندا، مۇشۇ پۈتۈكلەر يېزىلغان 3 - ۋە 4 - ئەسىرلەردە كىروران جەمئىيىتىدە ئىككى توپ سىنىپىي ئاھالە بولغان، بۇلارنى ئەركىن ئاھالە ۋە ئەركىسىز (بىئەرك) ئاھالىلەر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، كىروران جەمئىيىتى تەرەققىي قىلغان سىنىپىي جەمئىيەت بولۇپ، سىنىپىي زىددىيەت ئەزگۈچىلەر ۋە ئېزىلگۈچىلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت بولغان. رۇسىيە ئالىمى م. ۋوروبيېۋا جېشتوۋېسكايا مۇشۇ پۈتۈكلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئېزىلگۈچىلەر ۋە ئەزگۈچىلەر سىنىپى دەپ ئايرىش بىلەن بىرگە، ئېزىلگۈچىلەرنى يەنە

ئەركىن ئادەملەر ۋە ئەركسىز ئادەملەر دەپ ئايرىغان. بۇ خىل ئايرىش گەرچە جەمئىيەتنى سىنىپىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلىشقا نىسبەتەن توغرىدەك قىلىسىمۇ، پۇتۇكلەردە ئەكس ئەتكەن جەمئىيەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، قارىماققا بەگ ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر ئەزگۈچىلەر سۈپىتىدە باج - سېلىق يىغقانلىقى ھەقىقەت بولسىمۇ، ئۇلار بىر ھاكىمىيەت ئورگىنى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇلار يىغقان باج - سېلىقلار بىلەن قوشۇننى بېقىپ بەگلىكنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، پۇقرالارنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئىشلەتسە ھەقلىق ئىشلەتكەن. مىسالەن، پۇتۇكلەردە پۇقرالار ھۆكۈمەتنىڭ نەرسىلىرىنى توشۇغاندا ئۇلاغلىرى ئۆلسە قانۇن بويىچە تۆلەمگە ئېرىشكەن ۋە باشقىلار. بەگ بىر سىياسىي ھۆكۈمدار سۈپىتىدىلا ئەمەس، يەنە بىر باش سوتچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، قانۇننىڭ ئادىل يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلغان، دۆلەتنىڭ مەمۇرلىرىمۇ قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتى قوغدالغان.

قارۇشتى يېزىقىدىكى پۇتۇكلەردە manusa ، purasa ئىبارىلىرى ئادەتتىكى ئادەملەرنى كۆرسەتسە، dajha كۆڭ يەنى قۇلنى كۆرسەتكەن. bhamtaraqa ، ajhada ئىبارىلىرى ھۆرمەتلىك، ئىززەتلىك مەنىلىرىدە پۇتۇكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتلاردىكى كىروران جەمئىيىتى ھىندىستاندىكىدەك كىشىلەرنى كەسپى بويىچە دەرىجىلەپ كۆرسەتمىگەن، مۇشۇ زېمىننىڭ ئۆز ئەنئەنىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. پۇتۇكلەردە ئەكس ئەتكەن مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، شۇ جەمئىيەتتە قۇللار مەۋجۇت بولسىمۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرالمىغان، چۈنكى قۇللارنىڭ مەنبەسى ئۇرۇش ھەم قۇللارنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشىدىن ئىبارەت. قۇللار ئاساسەن مۇلازىمەت قىلغان، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئۆيىدە قۇل - دېدەك بولۇپ ئائىلە ئىشلىرى، قول ھۈنىرى ۋە تېرىقچىلىق، مالچىلىق قىلغان. ئەركىن ئادەملەر بولۇپمۇ ئەركىن ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مەجبۇرىيىتى بولغان: ئەسكەر بولۇش، ئوخشاشمىغان ياشتىكىلەر قىسىملارغا ئايرىلىپ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا يۈزلۈكلەرگە ئايرىلىپ يۈز بېشىنىڭ قوماندانلىقىدا سوقۇشقا قاتنىشىش، لېكىن ھەر يۈزلۈكتە قانچىلىك چېرىك بارلىقى تېخى نامەلۇم. تىنچلىق يىللىرىدا قوشۇن پاسىلنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان، پۇتۇكلەرنىڭ ھېچقانداق بىرىدە ئەركىسىز ئاھالىنىڭ جەڭگە قاتناشقانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر يوق، ئەمما بەزىلىرىنىڭ ئۆز غوجايىنلىرى بىلەن بىرگە سوقۇشقا كىرگەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئۇرۇش ۋاقتىدا زېمىننى قوغداش ئۈچۈن ئەسكەرلەر ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغان، جۈملىدىن ئۇرۇش ئۈچۈن پۇقرالاردىن ئالغان نەرسىلەر (ئاشلىق ۋە مال - چارۋا)نىڭ سورىقى بولمىغان، لېكىن تىنچلىق يىللىرىدا پۇقرالارنىڭ نەرسىلىرىنى ئالغۇچىلار قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلغان. بۇ يەردە شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، يات ئەللەردىن كەلگەن مۇساپىرلار ۋە قۇللارنىڭ مال - مۈلكىمۇ قانۇن ئاساسىدا قوغدالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يازما پاكىتلار ساقلىنىپ قالغان. يازما پۇتۇكلەردىن كۆرۈۋشىمىزچە، يەنە ئەركىن ئاھالىلەر بەزى مەجبۇرىيەت ئەمگەكلىرىنى

جۈملىدىن كۆۋرۈك، كۆللەرنى رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا يارلىق بويىچە قاتناشقان. ئەركىن كىشىلەرنىڭ يەنە باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بولغان، بۇ ھەقتىكى يازما ماتېرىياللار بىر قەدەر كۆپرەك. باج ئاساسەن ئايماق، ناھىيە، يۈزلۈكلەر بويىچە ئەركىن ئادەملەردىنلا يىغىلغان. قۇل - دېدەكلەرنىڭ ئەركىن ئادەملەردىن ئەڭ زور پەرقى شۇكى، ئۇلار مال - مۈلۈك تەرىقىسىدە قارالغان بولۇپ ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىشمۇ جاۋابكارلىقى بولمىغان، پۈتۈكلەردە ئۇلار ئائىلىدە كىچىك بالىلارنىڭ ئارقىسىغا تىزىلغان بولۇپ ئېلىپ سېتىشقا، ئىش - ئەمگەككە سېلىشقا، ئۇرۇپ - تىللاشقا، باشقىلارغا ھەدىيە قىلىشقا، گۆرۈگە قويۇشقا، ئالماشتۇرۇشقا، ئۇلارغا ۋارىس غوجايىنلىق قىلىشقا بولاتتى. قۇل - دېدەكلەرنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ غوجايىنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، خوجايىنلىرىنىڭ تەستىقىسىز باراۋەر ئىقتىسادىي بىرىشكىمۇ بولمىغان. نۆۋىتىدە شۇنى قوشۇمچە قىلىش زۆرۈركى، قۇل - دېدەكلەر مال - مۈلۈك سۈپىتىدە غوجايىنىغا تەۋە بولغان. قۇل دېدەكلەرنىڭ خۇددى مال - چارۋا ياكى نەرسە - كېرەككە ئوخشاش باھا قويۇلۇپ سېتىلغانلىقى پۈتۈكلەردە ئېنىق خاتىرىلەنگەن. قۇل - دېدەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ قۇللارنىڭ غوجايىنىنىڭ مال - مۈلكى ھېسابلانغان، ئاتا - ئانىسى بىلەن بالىلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ساتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يازما ئۇچۇرلار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. كىروران ئېلىدە قۇل - دېدەكلەرنىڭ ئىشلەش دائىرىسى تەدرىجىي تارىيىپ بارغان، تېرىقچىلىق قىلىش، مال بېقىش قاتارلىق ئەمگەكلەر بولغان، مانا بۇلار ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئازىيىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى بولسا كېرەك. رۇسىيەلىك م. ۋوروبيېۋا جېشتوۋېسكايا قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قۇللارنىڭ كىروران ئىگىلىكىدىكى رولى ھەققىدە «پۈتۈكلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قۇللارنىڭ ئەمگىكى كىروران ئېلىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسى ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى، قۇللارنىڭ ئەمگىكى ئاساسلىقى مۇلازىمەت دائىرىسى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئەركىن دېھقانلار ماددىي بايلىقنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى» دەپ يازغان. مانا مۇشۇ يەكۈنگە ئاساسلانغاندا، قۇللارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقارغۇچى بولماسلىقى، بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇللۇق جەمئىيەتتىن ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردىن قۇل سودىسىغا ۋە قۇللارغا ئائىت ئۇچۇرلار ئاز ئەمەس، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ جەمئىيەت قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ، ئەينى تارىخىي دەۋردە قۇللارنىڭ ئەمگىكى مەلۇم سالماقنى ئىگىلىسىمۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرمىغان، ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا ئەركىن بودۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن ئىبارەت. ئەينى تارىخىي دەۋردە قۇل سودىسى قانۇنلۇق بولۇپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بۇ خىل سودىنىڭ قانۇنىيلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. 589 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە سېمىيسو ئىسىملىك بىر قىزنى رومىيسۇسو دېگەن كىشىگە باھاسى 40 مۇلى كېلىدىغان بىر تۆگىگە ساتقان ۋە تۆگىنى تاپشۇرۇپ ئالغان، ئۇندىن باشقا تۆت ياشلىق قويدىن بىرنى بەرگەن بولۇپ بۇ

سودا ھۆكۈمەت ئەربابلىرىدىن ئاقساقال بىتىيا بىلەن قارا جارامىيىسۇنىڭ ئالدىدا كېڭىشىپ پۈتۈشۈلگەن. تانۇقلاردىن قادىيە، ھەربىي تۇتۇق زىڭقا، باج نازارەتچىسى جىروجىيا، كابكا، موجادو، مىڭجىيا، رابدو، راھىب تاماتورو ۋە باج ئەمەلدارى كەيتو قاتارلىقلار گۇۋاھلىق بەرگەن. توختامنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتى ئادەم ئۆمرىدەك ئۇزۇن بولۇپ 100 يىلدىن ئارتۇق بولىدۇ دېيىلگەن (مەڭگۈلۈك دېيىلمەكچى بولسا كېرەك).

590 - نومۇرلۇق پۈتۈكمۇ قۇل سودىسىغا ئائىت بولۇپ، بەگ ئامگوكانىڭ سەلتەنەت ۋاقتىغا مەنسۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

بۇ رەيبو ئىسىملىك ئايالغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈك، رومىرىسۇسو ساقلايدۇ.

ئۇلۇغ بەگ كۆك تەڭرىنىڭ ئوغلى جىتخۇھا ئامگوكا ئالىيلىرى سەلتەنىتىنىڭ 17 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، سىڭكەي ئىسىملىك بىر ئەر كىشى بار ئىدى، ئۇ رەيبو ئىسىملىك ئايالنى رومىيىسۇسوغا سېتىشنى خالايدۇ. سىڭكەي رومىيىسۇسودىن مۇشۇ ئايالنىڭ باھاسىدىكى يەنى 40 مۇلىغا يارايدىغان viyala تۆگىدىن بىرنى، 12 بىلەك ئۇزۇنلۇقتىكى زىلچىدىن بىرنى، يەنە 8 مۇلى جەمئىي 98 مۇلى باھانى تاپشۇرۇپ ئالغان. ئىككى تەرەپ بۇ سودىدا باراۋەر تۇرۇپ كېڭەشكەن. بۇندىن كېيىن رومىيىسۇسو بۇ ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئۇرسىمۇ، كۆزىنى قويۇۋەتسىمۇ، ساتسىمۇ، سوۋغا قىلىپ باشقىلارغا تەقدىم قىلىۋەتسىمۇ، ئالماشتۇرسىمۇ بولىدۇ. گۆرۈگە قويۇشقىمۇ ھوقۇقلۇق. بۇ ئىشقا تانۇق بولغۇچىلار ئاقساقال فابو، قارا جارومىيسو، ھەربىي تۇتۇق جىبويا بىلەن كەبكا، ئەمەلدار بىدوكا، فابىكا، باجگىر جۇنا، باج ئەمەلدارى كەتو بىلەن شىبكا، بۇجىنكا، يۈز بېشى فېيىفارو، لىجېكېجا قاتارلىقلار. بۇندىن كېيىن مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئىشتا باشقىچە پىكىردە بولسا ئاستانىدىمۇ ئىناۋەتسىز» دېيىلگەن ھەمدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ يارلىقى بىلەن يېزىلغانلىقى، ئىناۋەتلىك ۋاقتىنىڭ 100 يىلدىن ئاشىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. بۇ پۈتۈكتىن ئەينى دەۋردىكى قۇل سودىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرگە ئېرىشەلەيمىز، قۇلغا ئېرىشكۈچى ئۇنى ئۇرۇشقا ھەتتا كۆزىنى كور قىلىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق. ساتسىمۇ، گۆرۈگە قويسىمۇ، باشقىلارغا ھەدىيە قىلسىمۇ بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، قۇللار مال - مۈلۈككە ئوخشاش بولغان. 591 -، 209 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە، توختام ھەققىدىكى ماددىلار تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن بولۇپ سودا پۈتكەندىن كېيىن، كىمدە كىم بۇ سودىنى بۇزۇپ توختامغا خىلاپلىق قىلماقچى بولسا، 50 دەررە (كېيىنكىسىدە 70 دەررە) ئۇرۇلۇپ، بىر ئات جەرىمانە قويۇش بىلەن بىرگە توختام يەنىلا ئىناۋەتلىك بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. گەرچە قارۇشتى پۈتۈكلىرىدە قۇل سودىسىغا ئائىت بايانلار خېلى كۆپتەك قىلسىمۇ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلىشى، گۇۋاھلىق بېرىشى، سودىنىڭ شۇلارنىڭ ئالدىدا پۈتۈشۈشى، بۇ خىل سودىنىڭ ئومۇملاشقان سودا بولماستىن بەلكى ئاز ساندا كۆرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كىروران جەمئىيىتىدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغان بولۇپ

كۆپلىگەن توختامنامىلەردە ئايماق بېگى، قارا، sothaga قاتارلىق مەنسەپتىكىلەرنىڭ تانۇق (گۇۋاھچى) بولغانلىقى كۆرۈلىدۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن توختام تۈزۈلۈپ قانۇنى كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، قانۇننىڭ مۇھاپىزىتىگە ئېرىشكەن، توختامغا خىلاپلىق قىلسا مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماستىن جىسمانىي جازاغا ئۇچرىغان ياكى جەرىمانە قويۇلغاندىن باشقا، توختام داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولغان. كىروران جەمئىيىتىدە قۇللارنىڭمۇ مال - مۈلكى بار بولۇپ غوجايىنىنىڭ مۈلكى ئارقىلىق قۇلنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىدەك بەلگىلىمە بۇنىڭ ئىسپاتى، بۇ كىروران جەمئىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك.

**كىروران جەمئىيىتىدە بالا بېقىۋېلىش رەسمىيىتى** ھەرقانداق جەمئىيەتتە بالا بېقىۋېلىش نورمال ئەھۋال، ئەمما شەرت - شارائىتلىرى ئوخشاشمايدۇ. كىروران جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بالا بېقىۋېلىش رەسمىيەتلىرى بولغان، بۇلارنى قارۇشتى يېزىقىدىكى ئاشۇ پۈتۈكلەردىن كۆرۈۋالالايمىز. ئەينى دەۋر پۈتۈكلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، كىروران ئېلىدە مەخسۇس ئادەت قانۇنى تۈسىنى ئالغان. بالا بېقىۋالغۇچى تەرەپ چوقۇم «سۈت ھەققى» تاپشۇرۇشى لازىم، بەزىلەر سۈت ھەققىنى بالا ساتقانلىق دەپ كۆپتۈرگەن، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. ئەينى ۋاقىت كىروران قانۇنىدا ھەتتا قۇللارنىڭ بالىلىرىنىمۇ سۈت ھەققى بېرىش ئارقىلىق بېقىۋېلىشقا بولىدىغانلىقى، سۈت ھەققى بېرىلمەي بېقىۋېلىنسا، ئىناۋەتكە ئېلىنمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. 331 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە بىرەيلەن يەنە بىرىنىڭ قىزىنى سۈت ھەققىگە بىر ئات بېرىپ بېقىۋالغان، ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ مۇنداق قارارغا كەلگەن: «بېقىۋالغۇچى ۋەدە قىلىدۇكى، بۇ قىزنى ساتمايدۇ، گۆرۈگە قويمايدۇ، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارمايدۇ، خورلىمايدۇ. ئۆزى تاپقان بالىلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ.» 569 - نومۇرلۇق پۈتۈكتىمۇ بەگ ماھىرى سەلتەنىتىنىڭ 13 - يىلىدىكى ۋەقە خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭدا يۇقىرىقىغا ئوخشىشىدىغان بېقىۋېلىش مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان. بىرى بىر تۆگە سۈت ھەققى بېرىش ئارقىلىق بىر ئوغۇلنى بېقىۋالغان، كېيىن بېقىۋېلىشقا بەرگۈچى ئېلىپ كەتكەن بولۇپ دەۋاغا چۈشكەن، ئەينى ۋاقىتتىكى سوت ئېنىقلاش ئارقىلىق بېقىۋالغۇچى جىنىتونىڭ بىر تۆگە سۈت ھەققى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېقىۋېلىشى داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولغان، بىراق «بۇ بالىنى قۇل قىلىشقا، سېتىشقا، گۆرۈگە قويۇشقا بولمايدىغانلىقى» ئەسكەرتىلگەن. بالا بېقىۋېلىشتا بېقىۋېلىش ھەققى تۆلەش توغرۇلۇق بەگ يارلىقى خاتىرىلەنگەن 11 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە، ئەنە شۇنداق بالا بېقىۋېلىش ماجىراسى كېلىپ چىققاندا، شۇنداق يارلىق قىلغان: «ئەزەلدىن بار بولغان قانۇن بويىچە بالا بېقىۋالغانلىقىنى تەن ئالسا بېقىۋېلىش ھەققى تۆلىشى كېرەك، ھۆكۈم شۇ بويىچە چىقىرىلسۇن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا...» دېيىلگەن، مانا بۇلاردىن كىروراندا ناھايىتى قەدىمدىنلا بالا بېقىۋالسا سۈت ھەققى تۆلەيدىغان ئەنئەنىۋى قانۇن ياكى ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەنگەن ئادەتنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز، مۇشۇلاردىن قارىغاندا «سۈت ھەققى»نى ھەرگىزمۇ سېتىۋېلىش ئۈچۈن

تۆلەنگەن ھەق دەپ قاراشقا بولمايدۇ، بالىلارنىڭ بېقىۋېلىنغاندىن كېيىنكى قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى بۇ تەرىپىنى تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. **دېلو مىسالى** 39 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: سەلتەنەت ئىگىسى ئۇلۇغ بەگ ئالىيلىرىدىن ئايماق بېگى شاماسېناغا يارلىق: لىيىپېيا ئوردىمىزغا ئەرز سۇندى، ئۇنىڭ ئايال قۇلى جىمىكا ئۆز خاھىشىچە قىزىنى كاپچىياسا قاتارلىق قۇللارنىڭ بېقىۋېلىشىغا بېرىپتىكەن. ئۇ بۇ قىزنى باققان بولسىمۇ تېخى بېقىش ھەققىنى بەرمىگەن، سىز ئۇشبۇ تارىشا يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان دېلونى تەھقىقلەڭ، ئايال قۇل ئۆزىچە قىزىنى كاپچىياساغا بېقىۋېلىشقا بېرىپتىكەن بولسا بېقىش ھەققى تۆلەنگەنمۇ؟ لىيىپېيا كاپچىياسالاردىن ئۈچ ياشلىق قېچىردىن بىرنى ياكى ئۈچ ياشلىق ئاتتىن بىرنى ئېلىپ تۆلەپ بەرسە، قىزى كاپچىياسالارنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. بۇ توغرىدا يەنە تالاش بولسا قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىڭ. ئەگەر دېلو ئېنىقلانمىسا ئوردىمىزغا قاماللاپ يوللاڭ، بۇ يەردە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

**كىروراندىكىلارنىڭ قەرز ۋە قەرزدارلىق ئىشلىرى** كىروران ئېلىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىلغان يېزىقچە ۋەسىقىلەر دەۋردىكى ئېلىم - بېرىم، قەرز ۋە قەرز ئۆسۈملىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۈچۈرلارنىمۇ يەتكۈزۈپ بەرگەن. 100 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە ئۆسۈمنى بۆلۈپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەنگەن ۋە قەرزنىڭ قەرەلىنى ئۆزارتىشقا بولمايدىغانلىقى يېزىلغان، قەرز مۇددىتى يىل بويىچە ھېسابلانغان. 142 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە بىرەيلەننىڭ بىر مىلىما بىر قى ئاشلىق ئارىيەت ئالغانلىقى، بۇ ئاشلىق دېيىشكەن قەرەلدە كونا ئادەت بويىچە بىرگە ئىككى نىسبەت بويىچە قايتۇرۇلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. مانا بۇلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، كىروران جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا پۇل ۋە ئاشلىق، نەرسە - كېرەك قەرز ئالىدىغانلىقى، لېكىن قايتۇرغاندا كونا بىر ئادىتى يەنى بىرگە ئىككىنى قايتۇرۇش ئادىتىنىڭ داۋام قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ پۈتۈكلەردىن، ئەينى تارىخىي مۇھىتتا قەرز ئۆسۈمىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقى، قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ ئىنتايىن جازانىخور ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**كىروران ئېلىدە قوللىنىلغان بىرلىك، پۇل نامىلىرى** كىروران ئېلىدە ئەينى ۋاقىتتا قوللىنىلغان قارۇشتى يېزىقىدا ئىپادىلەنگەن تىل بويىچە يەنى بۇددا دىنىنى ۋاستە قىلىپ تارقالغان سانسكرىت تىلى ئارقىلىق كىرگەن بىر تۈركۈم ئۆلچەم ۋە بىرلىك ئاتالغۇلىرى قوللىنىلغان. تۆۋەندە قىسمەن بىرلىكلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

Milima بىر خىل سىغىم بىرلىكى بولۇپ ئاشلىق، مەيزاپ قاتارلىقلار مۇشۇ ئۆلچەم بىرلىكى بىلەن ئۆلچەنگەن. ئۇنىڭدىن كىچىكرەك سىغىم بىرلىكى پۈتۈكلەردە قى (khi) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىككى بىرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بىر مىلىما 20 قىغا تەڭ بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قىممەت بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان muli دېگەن بىرلىكمۇ بار. ئۇيغۇرشۇناس، دوكتور ياڭ فۇشۆ بۇ ئىبارىنى ئۇيغۇر تىلىدا ھازىر

قوللىنىۋاتقان پۇل ئىبارىسىنىڭ ئەسلىي مەنبەسى دەپ قارىغان. بىر مىلىما ئاشلىقنىڭ باھاسى بىر مۇلى بولۇپ بۇ تەڭداشلىق پۇتۈكلەردىن مەلۇم بولىدۇ. بۇ تەڭداشلىقنىڭ فورمۇلاسى مۇنداق 1muli = 20khi = 1milima؛ بىر milima ئاشلىقنىڭ باھاسى بىر muliغا باراۋەر بولغان. ئەينى تارىخى دەۋردە ئۇزۇنلۇق بىرلىكى سۈپىتىدە قوللانغان يەنە بىر بىرلىك ئاتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بولۇپ پۇتۈكلەردە length قىلىپ يېزىلغان. مانا بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بىرلىكىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئۆلچەم بىرلىكى بىلەن رەختلەر ئۆلچەنگەن. كىروران ئېلىدە muli دېگەن پۇل بولغاندىن سىرت، يەنە ئالتۇن پۇل بولغان. ئالتۇن پۇل ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ ترانسكرىپسىيەدە قانداق يېزىلغىنى نامەلۇم، خەنزۇچىغا 金 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. مانا بۇلار ئەينى دەۋر كىروران ئېلىدە مېتال پۇللارنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە. 431 - پۇتۈكتىمۇ بىر ئايالنىڭ بىر ئالتۇن تەڭگە ئالماقچى بولغانلىقى، ئەمما ئالتۇن بولمىغانلىقتىن 13 بىلەك ئۇزۇنلۇقتىكى زىلچىنى ئالتۇن تەڭگىگە تەڭ قىلغانلىقى يېزىلغان. مانا بۇنىڭدىن يەنە بىلەك ئۇزۇنلۇقى (手长)نىڭ ئۇزۇنلۇق بىرلىكى بولغانلىقىنى بىلىشىمىز مۇمكىن. مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قويۇقلاشقانلىقتىن، خەن سۇلالىسىنىڭ يارماقلىرىمۇ ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئەنە شۇ مېتال پۇللار، شۇ دەۋردىكى سودىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. 113 - نومۇرلۇق پۇتۈكتە ئالتۇن زەنجىر (金项圈) تىلغا ئېلىنغان ۋە پۇل سۈپىتىدە نەرسىلەرگە تۆلىگەنلىكى يېزىلغان. 140 - نومۇرلۇق پۇتۈكتە بىر ەيلەننىڭ ئالتۇن ئىزدەۋاتقانلىقى، ئالتۇننى ئالتۇننىڭ باھاسىدا سېتىۋېتىش تەلەپ قىلىنغان. 578 - نومۇرلۇق پۇتۈكتە زەرگەر يەنى ئالتۇن بۇيۇم ياسىغۇچى ھەققىدە ئۇچۇر قالدۇرۇلغان، كىروراندىن تېپىلغان ئالتۇن بۇيۇملار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق كىروران ئېلىدە ئالتۇن قېزىش، زەرگەرلىك كەسىپلىرى بولغان، شۇنداقلا ئالتۇن پۇل بولغاندىن سىرت، ئالتۇنمۇ پۇلنىڭ رولىنى ئوينىغان. 324 - نومۇرلۇق پۇتۈكتىن ئالتۇن پۇل ۋە دەرھەم (drachmas — كۈمۈش پۇل بىرلىكى) دېگەن پۇلنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز.

**كىروراندا گۇۋاھچىلىق** كىروران ئېلى دائىرىسىدىن بايقالغان پۇتۈكلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، كىروران ئېلى قانۇنچىلىقى قانۇننىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن قانۇننى ئۆلچەم، پاكىتنى ئاساس قىلغان. شۇ سەۋەبلىك ھەرقانداق بىر ئىشتا گۇۋاھچىلىقنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان. ۋەسىقىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، يارلىقلاردا تەپسىلىي تەكشۈرۈش، تانۇقلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىش قاتارلىق ئىشلار ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن. ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا، كېيىنكى ئاۋارىچىلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆپىنچە تانۇقلارنىڭ گۇۋاھلىقى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئېنىق يېزىپ قالدۇرۇلغان. تانۇقلار قانۇن ئالدىدا يەنى سوتتا گۇۋاھلىق قەسىمى بەرگەن. يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر قانۇنىي جازاغا ئۇچرىغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى پۇتۈكلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە،

ئالدى ـ بەردى، سودا ـ تىجارەتلەرنىڭ ھەممىسىدە تانۇقلارنىڭ ئىسمى پۈتۈلگەن، ھەتتا مەمۇري ئەمەلدارلارنىڭ يارلىقى بىلەن يېزىلغانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ تانۇقلار، ھەتتا توختامنامىنى پۈتكۈچىلەرنىڭ ئىسىم ـ زاتى قوشۇپ پۈتۈلگەن. 29 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىكى ئىككى ئايالنىڭ ئۆرۈلۈشى دېلوسىدا «گۇۋاھچىلار بۇ يەردە بولمىغانلىقتىن ھۆكۈم چىقىرىش مۇۋاپىق بولمايدۇ» دېيىلگەنلىكى، مۇشۇ پۈتۈكتە يەنە دەۋاگەر، گۇۋاھلىق قەسىمى، تانۇقلارنى بىرلىكتە تەھقىقلەش، قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىش يارلىق قىلىنغان. مانا بۇلاردىن تانۇقلار، دېلولارنى تەھقىقلەشتە گۇۋاھچىنىڭ ئورنىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقى نامايان بولىدۇ.

**كىرۇراندا ئادەم سودىسى** كىرۇران جەمئىيىتىدە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش ئادەم سودىسى بولغان، كىرۇران ئەينى تارىخىي دەۋردە گەرچە قۇللۇق جەمئىيەتتە بولمىسىمۇ يەنىلا مەلۇم ساندا قۇللار مەۋجۇت ئىدى. ئەينى دەۋردىكى كىرۇراندا قۇللارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى شەكسىزكى ئادەم سودىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. كىرۇران جەمئىيىتىدە قۇللارنىڭ سانىنىڭ بەك كۆپ بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق، قۇللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۇرۇش بولۇپ، كىرۇران تارىخىدا ئۇرۇشنىڭ ئاز بولۇشى يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا قۇللارنىڭ سانىنىڭ ئاز بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر. كىرۇراندىكى قۇللار غوجايىنلىرىنىڭ مال ـ مۈلكى سۈپىتىدە سانالغان. يازما پۈتۈكلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، سىرت يۇرتلاردىن جۇملىدىن قوشنا، ئەمما مەلۇم سۈركىلىش بولۇۋاتقان ئۇدۇن ــ خوتەن مۇساپىرلىرىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىلىشى، ھەتتا مال ـ مۈلكىنىڭمۇ دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقى، ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىنىشى، قۇللارنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئەسىر ئېلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. كىرۇران قۇللىرىدىكى يەنە بىر ئۆزگىچىلىك ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھەتتا سودا، ئېلىم ـ بېرىم قىلغانلىقى، قۇللارنىڭ قەرزلىرىنى غوجايىنىنىڭ مۈلكى بىلەن قايتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار پۈتۈكلەردىن مەلۇم. 209 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە، بىر ئايالنىڭ يەتتە ياشلىق تۆگە باھاسىدا سېتىلغانلىقى، سودىنىڭ باراۋەرلىك ئاساستا ئېلىپ بېرىلغانلىقى، قايسى تەرەپنىڭ سودىدىن يانسا بىر تۆگە جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقى، يەنە ئىككى تەرەپنىڭ قايسىسى كېلىشمىگە خىلاپلىق قىلسا بىر ئات تۆلەم تۆلەش بىلەن بىرگە 70 دەررە ئۇرۇلىدىغانلىقى يېزىلغان. بۇ توختامنامە ئادەم سودىسى قانۇنلۇق بولسىلا كىرۇران ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. توختامدا ناھايىتى ئېنىق ھالدا، بىر تۆگە جەرىمانە دۆلەت خەزىنىسىگە تۆلىنىدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچى يەنە 70 دەررە ئۇرۇلىدۇ، دېيىلگەن. مانا بۇ كىرۇراندا ئادەم سودىسىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتتۇر. 437 ـ پۈتۈك ئەينى ۋاقىتتىكى قۇل سودىسىدىن تېخىمۇ ئېنىق خەۋەردار قىلالايدۇ. بۇ پۈتۈكتە يېزىلىشىچە، بويى بەش distis كېلىدىغان بىر قىز ئىككى تەرەپ كېلىشىپ 45 مۇلىغا سېتىلغان. سېتىۋالغۇچى 42 مۇلىغا يارايدىغان بىر تۆگە بېرىپ ئۈچ مۇلىنى بەرمىگەن،

ساتقۇچى ئەرز قىلغان. ئەينى دەۋر مەمۇرلىرى بۇ ئىشنى تەكشۈرگەن ھەمدە ھۆكۈم چىقارغان. ساتقۇچىنىڭ قىزنى سېتىش ئەركىنلىكى بار، قىز سېتىلغاندىن كېيىن سېتىۋالغۇچىنىڭ مۈلكىگە ئايلانغان. سېتىۋالغۇچى ئەينى ۋاقىتتا سودىدا ئۈچ مۆلى پۇلنى كەم بەرگەن بولغاچقا ساتقۇچىغا بەش مۆلى قىلىپ تۆلىشى، باشقا نەرسە بىلەن تۆلىشىگە بولمايدىغانلىقى يېزىلغان. سېتىۋالغۇچى بەش مۆلى پۇلنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن، قىز سېتىۋالغۇچىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان ۋە ھەممە ئىشىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان. شۇندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ بۇ سودىنى بۇزۇشىغا بولمايدىغانلىقى، ئەرز قىلىسمۇ ئىناۋەتسىز بولىدىغانلىقى، تۆت ياشلىق مال جەرىمانە قويۇلغاندىن سىرت يەنە 50 دەررە ئۇرۇلىدىغانلىقى يېزىلغان. 589 -، 590 - نومۇرلۇق پۈتۈكلەردىمۇ ئادەم سودىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ساقلانغان. 590 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە، بىر ئايال 98 مۆلى باھا (40 مۆلىلىق بىر تۆگە، 30 مۆلىلىق يەنە بىر تۆگە، 12 بىلەك ئۇزۇنلۇقتىكى بىر زىلچا، 11 بىلەك ئۇزۇنلۇقتىكى بىر زىلچا، يەنە سەككىز مۆلى پۇل)غا سېتىلغان، سودا باراۋەر ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان، سېتىۋالغۇچى سودىدىن كېيىن پۈتۈن ھوقۇقلۇق ھالدا بۇ ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقى، ئۇنى ئۇرۇشقا، كۆزىنى قويۇۋېتىشكە، سېتىشقا، سوۋغا قىلىپ باشقىلارغا بېرىۋېتىشكە، ئالماشتۇرۇشقا، گۆرۈگە قويۇشقا بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن، بۇ سودا توختامىنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتى مەڭگۈلۈك بولۇپ توختامنامىدە ئادەم ئۆمرىدەك 100 يىلغا بارىدۇ، دېيىلگەن. بۇ خىل توختاملىشىش ئۇسۇلى كېيىنكى ۋاقىتلارغا تەۋە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە 591 -، 592 - ۋە باشقا پۈتۈكلەردىن كىروران جەمئىيىتىدىكى ئادەم سودىسى ھەققىدىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولالايمىز. مۇشۇلارغا ئاساسەن، بەزى ھۆر پۇقرالارنىڭ موھتاجلىق تۈپەيلى ئۆزىنى ياكى قېرىنداشلىرىنى سېتىپ ئېھتىياجىنى قامدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. 24 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە غوجايىنىنىڭ مۈلكى بىلەن قۇلنىڭ قەرزىنى تۆلەشكە بولمايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بەزىلەر بېقىۋېلىنغان بالىلارنىمۇ ئادەم سودىسى سۈپىتىدە قارايدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ سودا قاتارىغا كىرمەيدۇ. بېقىۋېلىنغان بالىلارغا گەرچە سۈت ھەققى بېرىلسىمۇ بېقىۋېلىنغان بالىلار قۇل سۈپىتىدە ئەمەس، پەرزەنت سۈپىتىدە قارىلىدۇ، ھەتتا بۇ ھەقتە مەخسۇس توختاملار تۈزۈلگەن. 144 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە بىر قۇلنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈلۈپ 8 - كۈنى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، زەخىملەندۈرگۈچىنىڭ بىر ئادەم تۆلەپ بېرىشى ھۆكۈم قىلىنغان، ئەمما قۇلنىڭ خۇن دەۋاسى يەنى ئۇنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ھەققىدە قانداق دەۋانىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇچۇرلار كەمچىل. **دېلو مىسالى** 3 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن: سەلتەنەت ئىگىسى، ئۇلۇغ بەگ ئالىيلىرىدىن ئايماق بېگى يىتاكا ۋە سوباشى ۋۇكتوشاغا يارلىق: بوگون سۇجىتا ئوردىمىزغا ئەرزنامە سۇندى. يېزىلىشىچە، ئۇ سۇجىشا ئىسىملىك بىر قىزنى 40 توپ توقۇلمىغا سېتىۋالغان ئىكەن. سىز ئۇشبۇ تارىشا يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان

تەپسىلاتىنى شەخسەن ئۆزىگىز تەكشۈرۈڭ، سىيتىۋالغانمۇ، تەھقىقلەڭ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. چاپارمەنلەر بۇ قىزنى قانۇنسىز ئىگىلىۋالسا بولمايدۇ. ئەگەر بۇ دېلونى ئېنىقلىيالمىسىڭىز، تاۋاپقا كەلگەندە كېسىم چىقىرىمىز.

**كىروراندا مۇساپىرلار مەسىلىسى** كىروران ئېلىگە كەلگەن مۇساپىرلار ئاساسەن ئۇدۇن يەنى خوتەن ئېلىدىن كەلگەنلەردۇر، يەنە ئاز ساندا سۇپىسلارمۇ بولغان. ئۇدۇن ئېلى بىلەن كىروران ئېلى ھازىرقى نىيە ناھىيەسى بىلەن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئارىسىدا پاسىللانغان. كىروران ئېلى ئۇدۇن ئېلىدىن كەلگەن مۇساپىرلارغا ئادىل مۇئامىلىدە بولغان، مۇساپىرلار مەسىلىسىدە مەخسۇس قانۇن چىقىرىلغانلىقىنىڭ ئۆزى كىرورانغا كېلىدىغان مۇساپىرلارنىڭ سانىنىڭ خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 403 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە، بىر ئايال قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇدۇندىن مۇساپىر بولۇپ كەلگەن ۋە مۇساپىرلار رايونىغا ئاپىرىۋېتىلگەن. 471 ـ پۈتۈكتە پاسىل قاراۋۇلخانىسىدىكى چېرىكلەرنىڭ مۇساپىرلار لاگېرىدىكى مۇساپىرلارنىڭ ھېچقانداق نەرسىسىنى ئالسا بولمايدىغانلىقى يېزىلغان. ئەگەر ئالغان نەرسىلەر بولسا مۇساپىر ئۇدۇنلۇقلارغا قايتۇرۇپ بېرىشى لازىملىقى، قانۇن ھۆكمىسىز مۇساپىرلارنىڭ مۈلكىنى ئالغۇچىلار بولسا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولىدىغانلىقى، پاسىل قاراۋۇلخانىسىدىكى چېرىكنىڭ مۇساپىرنىڭ نەرسىسىنى ئالغانلىق سەۋەبلىك قامىلاپ كېلىنىپ بەگ ئوردىسىدا نەزەربەند قىلىنىشى يارلىق قىلىنغان. مۇساپىرلار ھەققىدە يېتىپ كەلگەن ئۇچۇرلار كۆپ ئەمەس، شۇنداقتىمۇ پۈتۈكلەردىن كىروران ئېلىگە كېلىدىغان مۇساپىرلارنىڭ ئاساسەن ئۇدۇن ئېلىدىن كەلگەنلىكى، كىروران ئېلىنىڭ مۇساپىرلار لاگېرى قۇرغانلىقى، يەنە ئۇلارنى ئىش ـ ئەمگەك قىلىدىغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ جان ساقلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكى، بەگلىك تەرىپىدىن مەخسۇس يارلىق چىقىرىلىپ، مۇساپىرلارنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ قوغدالغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. 136 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە بىر مۇساپىرنىڭ پېتا ناھىيەگە بېرىلگەنلىكى، شۇ ناھىيەدە ئەنە شۇنداق مۇساپىرلار بولسا ئوردىغا يوللاپ بېرىلىشى يارلىق قىلىنغان. 217 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇساپىرنى مۇۋاپىق كىشى بىلەن ئوردىغا يوللاش، ئۇ كىشى ھۈنەرۋەن بولمىسا ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيداندىكى كىشى ئەمەسلىكى بايان قىلىنغان. **دېلو مىسالى** (471 ـ نومۇرلۇق پۈتۈك) تېزلىك بىلەن ئۆزىگىز تەپسىلىي تەھقىقلەڭ، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئاۋام تەۋەيىگىزدىكى كامىگۇجانىڭ قورۇقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. قاراۋۇلخانىدىكى چېرىكلەر بۇ مۇساپىرلاردىن ئالغان نەرسىلىرىنى خوتەنلىك مۇساپىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بەرسۇن، قانۇن ھۆكمىسىز مۇساپىرلارنىڭ شەخسىي مۈلكىنى ئېلىش قانۇنغا خىلاپ. قاراۋۇلخانا چېرىكلىرى ئۇ بايلىقلارنى ئالسا بولمايدۇ، تەپسىلىي دوكلات يېزىپ ئوردىغا يوللاڭ، بۇ دېلوغا ئالاقىدار كىشىلەر قامىلاپ ئوردىغا يوللانسۇن.

**كىروران ئېلىدە يەر** كىروران ئېلىدە يەر شەخسلەرنىڭ ئىلكىدە بولغان. يەرلەرنى

ئېلىپ - سېتىش شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىكىدە بولغان، يەرنىڭ كۆلىمى يەرگە چىچىلىدىغان ئۇرۇق بىلەن ھېسابلانغان. *186* - پۈتۈكتە بىرەيلەن 30 قى ئۇرۇق چىچىلىدىغان يەرنى بىر بوغاز ئىنەككە ساتقانلىقى خاتىرىلەنگەن. 222 - پۈتۈكتە، بىرقانچەيلەن ئىككى قى adini ئۇرۇقى چىچىلىدىغان akri يەر بىلەن بەش قى aini چىچىلىدىغان پارچە يەرنى ئايماق بېگىگە تەقدىم قىلغان. ئايماق بېگىمۇ 10 مۇلى قىممىتىدىكى زىلچا (koyava)نى يەرنىڭ باھاسىغا ھېسابلاپ سوۋغا قىلغان. ئايماق بېگى بۇ ئادىل سودىدىن كېيىن، بۇ يەرگە ئۇرۇق چىچىشقا، تېرىشقا، باشقا يەرگە ئالماشتۇرۇشقا تامامەن ھوقۇقلۇق بولىدىغانلىقى يېزىلغان. 326 -، 495 -، 549 -، 571 -، 574 -، 579 -، 580 -، 587 -، 496 -، 498 - نومۇرلۇق پۈتۈكلەرمۇ يەرگە مۇناسىۋەتلىك، ھەممىسىدە دېگۈدەك يەرنىڭ كۆلىمى چىچىلىدىغان ئۇرۇق بىلەن ھېسابلانغان. ئىككى تەرەپ تەڭ باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، سودىدا پۈتۈشكەن ۋە نەق سودا قىلغان، سودا پۈتۈپ توختامنامە تانۇقلار ھەتتا مەمۇرلارنىڭ ئىشتىراكىدا پۈتۈلگەن. توختامنامىنىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى، سېتىۋالغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى، توختامدىن يانغۇچىلار ئۇچرايدىغان جازالار ئەسكەرتىلىپ پۈتۈلگەن. مانا بۇلاردىن كىروران ئېلىدە يەرنىڭ شەخسلەرنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ئەركىن ئېلىپ - ساتالايدىغانلىقى، قانۇنلۇق سودىنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

**يەرگە مۇناسىۋەتلىك دېلو مىسالى** (235 - نومۇرلۇق پۈتۈك) سەلتەنەت ئىگىسى، ئۇلۇغ بەگ ئالىيلىرىدىن ئايماق بېگى سامياكاغا يارلىق. يارلىق تۆۋەندىكىدەك، كۆلۈنگې ئوردىمىزغا بۇگۈن ئەرزنامە سۇندى، كېنىكا (ئوغلى) سۇجىكا ئۇنىڭ يېرىنى يولسىزلىق بىلەن ئىگىلىۋالغان. سىز ئۇشبۇ يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان بۇ دېلونى تەھقىقلەڭ، بۇ يەر راستتىنلا (كۆلۈنگېنىڭ)مۇ؟ سۇجىتا يولسىزلىق بىلەن ئىگىلىۋالغانمۇ؟ بۇرۇنقىغا ئوخشاش، ئەگەر بۇ يەر كۆلۈنگېنىڭ شەخسىي مۈلكى بولسا ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك، سۇجىتانىڭ قانۇنغا خىلاپ ھالدا يولسىزلىق بىلەن ئىگىلىۋېلىشىغا بولمايدۇ. تالاش - تارتىش بولسا قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىڭ، ئەگەر دېلونى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىسا، ئۇلارنى قامالاپ ئوردىغا يوللاڭ، ئوردىدا كېسىم قىلىنىدۇ.

**كىروران ئېلىنىڭ چېرىكلىرى** كىروران ئېلىنىڭ چېرىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سانى، قوراللىرى ھەققىدە خەنزۇچە يازمىلاردىن قىسقىچە ئۇچۇرغا ئىگە بولغانمىز، ئەمما بۇ سانلىق مەلۇماتلار كىروران ئېلىنىڭ تازا كۈچەيگەن ۋاقىتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. كىروران ئېلى ئاھالىلىرىنىڭ يازمىلىرىدىن كىروران چېرىكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۇچۇرلار ئارقىلىق بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى تولۇقلايمىز. 84 - پۈتۈك كىروران چېرىكلىرىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر دەپ ئايرىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. 291 - پۈتۈكتە كىروران قوشۇنىنىڭ مەلۇم ساندا تۆگىسى بارلىقى مەلۇم بولىدۇ، بۇلار بەلكىم ترانسپورت ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن

بولسا كېرەك. 367 ـ پۈتۈكتە كىروران قوشۇنىنىڭ ئاتلىرىنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىگە ئاساسەن، سوقۇش ئېتى دېگەندەك بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. پۈتۈكلەردىن كىروران قوشۇنى ھەققىدە ئىگىلىيەلەيدىغان ئۇچۇرلىرىمىز ئۇنچە كۆپ ئەمەس. پۈتۈكلەردىن بەگلىكنىڭ ئۆز چېرىكلىرىگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويىدىغانلىقى، پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىگە چېقىلىشىغا قەتئىي بولمايدىغانلىقى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقى، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىشىغا يول قويمايلا قالماستىن، ھەتتا مۇساپىرلارنىڭ مۈلكىگىمۇ قەتئىي تەگكىلى قويمىغانلىقى شۇ زامان يازمىلىرىدىن نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. مۇساپىرلارنىڭ مۈلكىگە چېقىلغان چېرىك قامالىنىپ بەگسارايىغا نەزەربەند قىلىنىپ سوراققا تارتىلغان. كىروران چېرىكلىرى ئىچىدە ئاتلىق قىسىم ۋە مۇھاپىزەتچى قىسىم بولغاندىن سىرت، ترانسپورت قىسىمىمۇ بولغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. پاسىل مۇداپىئەچىلىرى پاسىل مۇداپىئەسىگە مەسئۇل بولغان. مۇھاپىزەتچى قىسىم بەگلىك، مەمۇرلار ھەم چەت ئەلگە ماڭغان ئەلچىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان. كىروران قوشۇنىنىڭ تۈرلۈك ئۇرۇش قوراللىرى (بۇ ھەقتە «خەننامە»دىكى ئۇچۇرلارغا مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن) بولغاندىن سىرت، يەنە ئات ۋە تۆگىلىرى بار ئىدى. 1 ـ پۈتۈكتە sacaدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئەسكەرلىرى پۇقرالارنىڭ ئىككى كالىسىنى تۇتۇپ كېتىپ بىرىنى يەۋەتكەنلىكىنى، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشنى، ئەگەر ئۇ يەردە ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىسا، ئۇلارنى قولغا ئېلىپ بەگسارايىغا يوللاش يارلىق قىلىنغان.

## 3. كىروران كۇلتۇرىدىن بەزى مەسىلىلەر

**كىرورانلىقلاردا كۈن خاسىيىتى** كىرورانلىقلارنىڭ ئاسترونومىيەنى قانداق ئۆگەنگەنلىكى، تەتقىق قىلىپ قايسى دەرىجىگە يېرىپ يەتكەنلىكى نامەلۇم، ئەلۋەتتە نىيە ناھىيەسىدىن بايقالغان بىر پارچە پۈتۈكتە ئېيتىلغاندەك، يەردىن پەلەككىچە بولغان ئىلىملەرنى جۈملىدىن ئاسترونومىيەنى چاڭقىغان ئادەمدەك ئۆگەنگەنلىكىگە قارىغاندا، ئاسترونومىيەنى خېلى ئوبدان ئۆگىنىش مۇھىتىنىڭ بولغانلىقىنى، تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. 565 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە مۇنداق بايانلار بار:

بۆرۈچ (يۇلتۇزلارنىڭ ئورنى) بالدۇرقىسى سىچقان كۈنىدۇر، بۇ كۈندە نېمە ئىش قىلسا بولىدۇ، ھەممە ئىش خەيرلىك بولۇر.

بۆرۈچ ئۇد (ئۇي) كۈنى يۇيۇنۇشقا باب كېلىدۇ. يەپ ـ ئىچىپ ناخشا ـ سازدىن بەھرە ئېلىنىدۇ.

بۆرۈچ بارس (يولۋاس) كۈنى ئۇرۇشقا باب كېلۇر.

بۆرۈچ تاۋشقان (توشقان) كۈنى ناۋادا قاچسا شەكسىزكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ،

تۇتۇلمايدۇ.
بۆرۈچ لۇ (ئەجدىھا) كۈنى ئۆزىنى تۇتۇۋالماق كېرەك، ھەممە ئىشتا سەۋرچان بولماقلىق كېرەك.
بۆرۈچ يىلان كۈنى ھەممە شۇملۇق بولىدۇ.
بۆرۈچ ئات كۈنى سەيلە - ساياھەتكە باب كېلىدۇ.
بۆرۈچ قوي كۈنى يۇيۇنۇشقا باب كېلىدۇ.
بۆرۈچ تاقۇ (توخۇ) كۈنى تىككۈچىلىك ئىشىغا باب كېلىدۇ.
بۆرۈچ بىچىن (مايمۇن) كۈنى ھەممە ئىش خەيرلىك بولۇر.
بۆرۈچ ئىت كۈنى بىرىش - كېلىش تېز بولۇر.

كىروران ئېلىدىكى بۆرۈچلار ھەققىدىكى يۇقىرىقى بايان كىشىگە ئەجدادلىرىمىزدىن ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان مۇچەل ۋە بەزى قاراشلارنى ئەسلىتىدۇ. مۇچەل ھەققىدە مەھمۇد كاشغەري «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە، تۈرك خانىنىڭ بىر ئىشنى ئەسلەشتە خاتالىق يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بىز خاتالاشقان يەردە باشقىلارمۇ خاتالىشىدۇ، دەپ يىل خاتىرىلەش ئېھتىياجىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. موھتاجلىقتىن ساقىت بولۇش ئۈچۈن، بارلىق ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قارىتىپ ھەيدىگەن، ئالدى بىلەن ئۈزۈپ ئۆتكەن 12 ھايۋاننىڭ نامىنى مۇچەل قىلىپ تاللىۋالغان. بۇ ھەقتە ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن:

ئەڭ ئاۋۋال «سىچقان — چاشقان» ئۆتكەن. شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ «سىچقان يىلى» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر يىل ئۈچۈن ئىسىم بولۇپ قالغان:

ئۇد يىلى — ئۇي يىلى (كالا يىلى)
بارس يىلى — بارس يىلى (يولۋاس يىلى)
تاۋىشقان يىلى — توشقان يىلى
ناك يىلى — لەھەڭ يىلى (تىمساھ يىلى)
يىلان يىلى
يۇند يىلى — ئات يىلى
قوي يىلى
بىچىن يىلى — مايمۇن يىلى
تاقاغۇ يىلى — توخۇ يىلى
ئىت يىلى
تولڭۇز يىلى — تولڭگۇز يىلى

تولڭغۇز يىلىغا يەتكەندە ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان قاراشلىرى بولغان. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەري مۇنداق دەپ يازغان:

«تۈركلەر بۇ يىللارنىڭ ھەربىرىدە بىر خاسىيەت بار دەپ تەخمىن قىلىدۇ. مىسالەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇي يىلى كىرگەندە ئۇرۇش كۆپىيىدۇ، چۈنكى ئۇي بىر - بىرى

بىلەن كۆپ ئۇسۇشىدىغان هايۋان. توخۇ يىلى كىرسە، ئوزۇق - تۆلۈك كۆپىيىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىش ئاشىدۇ، چۈنكى توخۇنىڭ يېمى دان، توخۇ داننى تېپىش ئۈچۈن ئەخلەت - چاۋارنى تاتىلاپ چېچىۋېتىدۇ. لەهەڭ يىلى كىرىش بىلەن هۆل - يېغىن كۆپىيىپ، ئاشلىق ئوخشايدۇ، چۈنكى لەهەڭ سۇدا ياشايدۇ. توڭگۇز يىلى كىرىش بىلەن قار كۆپ ياغىدۇ، سوغۇق قاتتىق بولىدۇ، پىتنە - پاسات كۆپىيىدۇ. تۈركلەر ئەنە شۇ يوسۇندا، هەر يىلى بىرەر هادىسە يۈز بېرىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ.»①

بۇ خىل چۈشەنچىلەر ناهايىتى قەدىمدىن هازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. مۇهەممەد ئېۋەز قارىقاشى 1715 - يىلى يازغان «مەجمۇئەتۇل ئەهكام» ناملىق كىتابىنىڭ «يىل بېشى هەققىدە هۆكۈم» قىسمىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان بايانلار بار، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«قاچانكى چاشقان يىلى كىرسە، مەزكۇر يىل بېشى خۇشلۇق، تىنچلىقتا ئۆتىدۇ. يىل ئوتتۇرىسىدا ئاپەت، پىتنە - پاسات ۋە هەربىي توقۇنۇشلار كۆپ بولىدۇ. بۇ يىلدا چاشقان ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ بولىدۇ. ئوغرى - يالغان ۋە خەتەرلىك ئىشلار كۆپ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. هەرقانداق پەرزەنت بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇغۇلسا تىنىمسىز بولىدۇ. يىل ئاخىرىدا تۇغۇلسا يالغانچى بولىدۇ.» بۇ ئەسەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كالا، يولۋاس، توشقان، لەهەڭ، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت ۋە توڭگۇز يىللىرى هەققىدىكى قاراشلىرىنى خاتىرىلىگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ خىل يىل خاسىيىتى هەققىدىكى قاراشلار چوڭقۇر مەنبەگە ئىگە بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ خاسىيىتى هەققىدىكى قاراشلار تاكى كۈنىمىزگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن، بۇ هەقتىكى قاراشلاردا ئاساسەن مۈچەل يىلى ۋە كۈنگە قارىتا بولغان، بۇ هەقتىكى قاراشلار چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى تەرىپىدىنمۇ خاتىرىلەنگەن. بۇ توغرىدا رۇسىيە ئالىمى كاتانوف «كۈنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى» ناملىق ئەسىرىدە 1892 - يىلى قومۇللۇق تۆمۈرخاندىن مۈچەل يىللىرىنىڭ خاسىيەتلىرىنى ئاڭلاپ خاتىرىلىگەن. ئۇنىڭدا ئات يىلى توغرۇلۇق «قاچانكىم ئات يىلى كىرسە، خۇنرىزلىق بولغاي، زىمىستان دىشكار كەشكەي، مۆگەللەرگە ئاپەت يەتكەي، كۈزگى خوپ بولغاي، هەر كىم يىل ئاڭگىلىدا تۇغۇلسا، خۇشخۇي، خۇش رۇي بولغاي، بىسيار دۇشمەنلىك بولغاي. ئەگەر مىيانە سەلدە تۇغۇلسا، رىزقى كەڭ گە خۇش روي، كەم ئازار بولغاي. ئەگەر ئاخىر سەلدە تۇغۇلسا، ئۆمرى كوتا بولغاي.»②

هازىرقى مۈچەللەردە كۆپ ئوخشاشلىق بولسىمۇ، مۈچەللەرنىڭ ئىسمى تەرتىپىدە بەزى پەرقلەر بار. ئۇيغۇرلارنى مىسالغا ئالساق، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان، جۈملىدىن مۈچەل هايۋانلىرىنى تىزغاندا بىر هالال، بىر هارام قىلىپ تىزىدىغان ئەهۋاللارمۇ بار. بەزى جايلاردا قوللىنىلغان مۈچەل يىللىرى ئارىسىدا

① مەهمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 451 - بەت.

② كاتانوف: «كۈنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 6 - سانى، 74 - بەت.

پەرق كېلىپ چىققان،

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئاسمان جىسىملىرى، جۇملىدىن يۇلتۇزلارنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتكە بولغان تەسىرى ھەققىدە توختالغان. ئومۇمەن ئالغاندا، كىروراننىقلار ئۇزاق تارىخى داۋامىدا مۆچەل ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقى قارۇشتىچە پۈتۈكتىكى كۈن نامىلىرى بىلەن مۆچەل نامىلىرى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق مۆچەلنىڭ كېلىپچىقىشى ۋە تارقىلىش جەريانلىرى توغرۇلۇق چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتمەكتە.

**كىروران ئېلىنىڭ قەغەزچىلىكى** كىروران ئېلىنىڭ مەدەنىيىتىدە قەغەزچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. كىروراننىڭ مىلادىيەنىڭ بېشىغا مەنسۇپ قەغەزلىرى پۈتۈكچىلىك ئىشلىرىدا قوللىنىلغان. كىروران رايونىدىن تېپىلغان قەغەزلەر مۇشۇ رايوننىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ خام ئەشياسى چىگە. خۇلاسە قىلغاندا كىرورانلىقلار كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيەنىڭ بېشىدىلا چىگىدىن قەغەز پىششىقلاپ ئىشلەشنى بىلگەن بولۇپ كىروران رايونى قەغەز بالدۇر ئىشلىتىلگەن رايونلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**كىرورانلىقلارنىڭ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق ۋە ئويمىكارلىق سەنئىتى**

كىرورانلىقلارنىڭ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، ئويمىكارلىق سەنئىتى ھەققىدە ئارخېئولوگىيە كۆپلىگەن پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتتى. 1900 - يىلى كىروران شەھەر رايونىدىن يول باشلىغۇچى ئۆردەك بايقىغان نەپىس ئويما بۇيۇم بايقالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇن سەنئەت بۇيۇملىرى بايقىلىپ دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇردى. بولۇپمۇ ئارخېئولوگ ستەيىن مىران شەھىرى خارابىسىدىن تاپقان «قاناتلىق پەرى»نىڭ يەتتە پارچە رەسىمى (1980 - يىللىرى يەنە ئىككى پارچە بايقالدى) ۋە شۇ قاتاردىكى رەسىملەر، يېقىندا قەبرە ئوغرىلىرى كىروران قەبرىلىرىنى ئوغرىلىغاندا بايقالغان رەسىملەر، كىروران دەۋرى رەسساملىق سەنئىتىنى چۈشىنىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 1959 - يىلى نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان ئىككى پارچە رەختنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلغان رەسىم بار، بۇ پارچە رەختنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 77 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 46 سانتىمېتىر، ئۈچ بۇلۇڭلۇق گېئومېتىرىيەلىك شەكىلدىن ئىبارەت. يەنە بىر پارچىسىدا ئۈستى تەرىپىدە بۇددانىڭ پۇتى، شىرنىڭ قۇيرۇقى، تاقا شەكىللىك ئىزنالار ساقلىنىپ قالغان، ئاستى تەرىپىدە ئۇزۇن ئەجدىھا، ئۇچار قۇش، بۇدساتۋا (ياكى ساخاۋەتچىنىڭ رەسىمى) تەسۋىرلەنگەن، بۇ پارچە پاختا رەختنىڭ پارچىسىنىڭ ھەجمى 88 × 47 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ستەيىن چاقىلىق تەۋەسىدە ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقىغان رەسىملىرىدىن «قاناتلىق پەرى»دىن ئىككىسى، تۆت ئادەمنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن (بۇلاردىن ئىككى كىشى بۇرۇتلۇق، بىرى سۆزلەۋاتقان ياكى ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بېرىۋاتقان ھالەتتە)، كەم دېگەندە سەككىز ئادەم سىزىلغان، ئەمما بىرىنىڭ قولىلا ساقلانغان، قالغان ئالتە كىشى راھىب بولسا كېرەك (ھەممىسى چاچلىرىنى قىردۇرۇۋەتكەن، قۇلاقلىرى،

كۆزلىرى كۆرۈنەرلىك چولڭ قىلىپ سىزىلغان). بىرىنىڭ قولىدا پەي يەلپۈگۈچ بار، بىر كىشىنى كۆرۈنەرلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا سىزغان. ئۇ بۇرۇتلۇق، چاچلىق كىشى بولۇپ ئۇستاز بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقى تام رەسىملەرنىڭ ھەممىسى مۇران خارابىسى 3 ـ نومۇرلۇق بۇتخانىدىن تېپىلغان. مۇران 5 ـ نومۇرلۇق خارابىسىدە كەم دېگەندە يەتتە پارچە رەسىمنىڭ بارلىقىنى ستەيىنىنىڭ كىتابىدىن بىلىمىز. بۇلارنىڭ بىرىدە يۇقىرى تەرىپىگە ئاق ئاتقا مىنگەن بۇرۇتلۇق شاھزادە، ئاستى تەرىپىدە باربىت چېلىۋاتقان بىر ياش ئايال ۋە يېنىدا تېخىمۇ ياش قىزنىڭ بىرسىنى ئەسلەپ تۇرغان كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن. يەنە بىر پارچە رەسىممۇ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ ئۈستى تەرىپىدە ئاق ئاتلىق بۇرۇتلۇق شاھزادە، ئۇچ ئات قېتىلغان بىر ھارۋا ۋە ئۇنىڭدا ئولتۇرغان بىر خوتۇن (خانىش)، ئىككى بالا تەسۋىرلەنگەن، ئاستى تەرىپىدە كۆپتۇرمە باش كىيىمى كىيگەن (ئالدىنقى رەسىمدىكى باربىتچىنىڭ كىيىمىگە ئوخشىشىدۇ) گەۋدىلىك باربىتچى ئايال، ئاق كىيىم ۋە ئۇچلۇق باش كىيىمى قولىقىنى يېپىپ تۇرىدىغان قىز، يەنە بىر سالۋا چاچ، ساقال ـ بۇرۇتلۇق ئوتتۇرا ياش ئەرنىڭ پورترېتى چۈشۈرۈلگەن. يەنە بىر پارچە رەسىمدە توقۇم يېپىلغان پىل (پىلنىڭ رەسىمدە رەسسامنىڭ تىتا دېگەن ئىمزاسى بار) سۆرىگەن يارىيار ھارۋا ھەم ئارقىسىدا ئات ھارۋا، مۇشۇ رەسىمنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئالدىنقى رەسىمدىكى ياش قىز ئوتتۇرىدا، بىر تەرىپىدە ئالدىنقى رەسىمدە تەسۋىرلەنگەن شاھزادە ۋە مەجنۇن چۈشۈرۈلگەن. يەنە بىر پارچە رەسىمدە كىيىملىرى جۇل ـ جۇل شاھزادە پىلنى يېتىلىۋالغان، بىر قولىدا چەينەك تۇتقان، ئاستى تەرىپىدە سېغىنىشتىن ھالى قالمىغان قىز، كۆزلىرى يىراققا تاشلانغان، ئەمما خۇنۈك شاھزادە كىرگۈزۈلگەن ھالەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 5 ـ نومۇرلۇق بۇتخانىغا سىزىلغان بۇ چاتما رەسىملەر يەتتە پارچە رەسىمدىن تۈزۈلگەن، مەزمۇن جەھەتتىن بىر ئىشقى مۇھەببەت رەسىمگە ئوخشىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇددا دىنى ھېكايىسى مەزمۇن قىلىنغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئاساسلىقى تۆت پېرسوناژ يەنى شاھزادە، ياش قىز، مەجنۇن، باربىتچى ئايالنى مەركەز قىلغان ھالدا راۋاجلىنىپ بارىدۇ. رەسىمدىكى پېرسوناژلار ئاق كىيىم، تاجلىق ياكى كۆپتۈرمە باش كىيىمى كىيگەن، باربىت چالغان، ساقال ـ بۇرۇت قويغان ھالەتتە ئەكس ئېتىدۇ. مۇشۇ چاتما رەسىملەرنىڭ ئاخىرقىسىدا بىر شادلىقنىڭ پىنھان ئىزنالىرى بايقىلىدۇ، بىر ئايال سول قولىدا كومزەك كۆتۈرگەن ھالدا سىزىلغان، ئۇستىدىكى قىسمىنى كىشىلەرنىڭ پۈتىدىن بايقاش مۇمكىن. بەزى ئالىملار بۇ چاتما رەسىمنى بۇددانىڭ يارالمىش قىسسىسىنى مەزمۇن قىلغان، دەپ قارايدۇ. ھازىر بايقالغان مۇران تام رەسىملىرىنىڭ سىزغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان تىتاغا ھەق بېرىلگەنلىكى مەلۇم. تام رەسىمى بار جايدا «بۇ رەسىملەر تىتانىڭ ئەسىرىدۇر، 3000 باھاماكا ھەققە ئېرىشتىم» دەپ ئىزاھلانغانلىقى، رەسساملارنىڭ ئۆز ئەمگەكلىرىگە ھەق ئالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كىرورانلىقلار تارىخىدا يەنە مەدەنىيەت ساھەلىرىدىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە

ئېرىشكەن بولۇپ رەسساملىقنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ھەممىدىن بەكرەك مەشھۇرى «قاناتلىق پەرى» رەسىمى بولۇپ مۇران خارابىسىدىنلا توققۇز دانە بايقالغان. تىتا قاتارلىق رەسساملار چەت ئەل سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت ئۇسلۇبلىرىنى يۇغۇرۇپ، زامانىسىدىكى رەسساملىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى، ئېقىمىنى ياراتقان. بۇ رايوندىكى رەسىملەر خېلى كۆپ، سىتەيىن خېلى نۇرغۇن رەسىم يادىكارلىقلىرىنى تېپىپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە نامايان قىلدى، يېقىندا بايقالغان كىرىوراندىكى قەبرىنىڭ تاملىرىدىمۇ نەپىس تام رەسىملىرى بايقالدى. خۇاڭ ۋېنبى قاتارلىق ئالىملارنىڭ بايقىشىچە، چاقىلىق ناھىيە بازىرى جەنۇبىدىكى قاغان قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىنمۇ تام رەسىملىرى بايقالغان، لېكىن بۇزۇلۇشى بەك ئېغىر بولغاچقا، بۇ ھەقتە كۆپ نەرسىلىرىنى بىلىشتىن مەھرۇم قالغان. كىرىوران رەسىملىرىنى تەتقىق قىلغان ئالىملار كىرىوران رەسساملىقىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرمەكتە.

ئويمىچىلىق، نەققاشلىق ئىشلىرى كىرىوراندا ئەڭ راۋاج تاپقان ئەنئەنىۋى كەسىپلەردىن ھېسابلىنىدۇ. كىرىوران ھۈنەرۋەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەپچىل قوللىرى ھەم پاراستى بىلەن ياغاچلارغا ھەر خىل شەكىلدە قاپارتما، ئويما نەقىشلەرنى چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولغان. كىرىوران خارابىلىرىدە بايقالغان ئۆينىڭ ياغاچلىرىدىكى بوغۇم - بوغۇم ئويمىلار ئارقىلىق چىقىرىلغان بېزەكلەر كۆنىمىزدىكى ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىدە ئۆز ئىزناسىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈش قىيىن ئەمەس. ئۆينىڭ ياغاچ ۋە باشقا جابدۇقلىرى سەنئەتكار ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئېسىل ماھارىتىدىن پۈتۈپ چىققانلىقى، بۇ بۇيۇملارنىڭ نەپىسلىكى كىشىنى ھاياجانلاندۇرماي قالمايدۇ. ياغاچلارغا ئىشلەنگەن ئويما نەقىشلەر ئىچىدە گۈل شەكىللىرى، يۇمىلاق چەمبىرەك ۋە باشقا گېئومېتىرىك شەكىللەرمۇ بار. ئۆيلەرنىڭ ھەر يوغان تۈۋرۈكلىرىمۇ ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ئەستايىدىل ئىشلىنىپ، نەقىشلەر چىقىرىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيلەرگە ئىشلىتىلگەن. مانا بۇلار كىروراننىڭ يۇقىرى ئېستېتىك زوقىغا ئىگە ئاھالىلەر توپى بارلىقىنى، مۇشۇ ئېھتىياج بىلەن بىر تۈركۈم ماھىر ھۈنەرۋەنلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقى كۆرەلەيمىز. كىرىوران ئويمىچىلىرى يەنە ئۆزىنىڭ ئېسىل ھۈنەرلىرى ئارقىلىق ياغاچلارغا ھايۋانلارنىڭ شەكىللىرىنىمۇ ئويۇپ چىققان.

كىرىوران ئېلىدە بۇددا ھەيكەلتىراشلىقى راۋاج تاپقان كەسىپلەردىن بىرى، مۇران كونا شەھىرى خارابىسىدىن خېلى ساندىكى بۇددا ھەيكەللىرى بايقالغان. ھازىرچە كۆرگەنلىرىمىز ئاساسەن سىتەيىن ئارخېئولوگىيەسىدە بايقالغان ھەيكەللەر بولۇپ، كۆپىنچە ئادەم باشلىرىنىڭ قاپارتمىلىرىدۇر. سىتەيىن مۇران كونا شەھىرى خارابىسىنى تەكشۈرگەندە بايقىغان 2 - نومۇرلۇق بۇتخانىنىڭ ئەتراپىدىكى غايەت زور بۇت ھەيكىلىنىڭ ئۆلىدىن قارىغاندا، نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇتلارنىڭ بولغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ، بۇ بۇددا ھەيكەللىرى ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ھالەتتە بولۇپ سىتەيىننىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، سەككىز ھەيكەلنىڭ ئۆلى ساقلىنىپ قالغان،

ئالتىسىنىڭ باداشقان قورۇپ ئولتۇرغان ھالىتىنىڭ ئۇل قىسمى قالغان، قوللىرى پۇتىنىڭ ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان ھالەتتە، ئىككىسىنىڭ ھېچ نەرسىسى قالمىغان. ھەيكەللەرنىڭ باداشقان قورۇپ ئولتۇرغاندىكى ئىككى تىز ئارىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 فۇت 3 دىيۇم بولۇپ 2.14 مېتىرغا تەڭ كېلىدۇ. ھەيكەل ئولتۇرغۇزۇلغان ئۇلنىڭ كەڭلىكى 2.3 مېتىر، توغرىسى 0.6 مېتىر، ئېگىزلىكى 4.0 مېتىر كېلىدۇ، ھەربىر ھەيكەلنىڭ ئۇللىرىنىڭ ئارىلىقى 18 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ ئۇلىنىڭ ئەتراپىدىن ئۈچ دانە بۇت ھەيكىلىنىڭ بېشى بايقالغان. بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى بۇت ھەيكەللىرىنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك[1]. كىروران ۋە باشقا خارابىلەردىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ماھارەت بىلەن ئىشلەنگەن ھەيكەل، بېزەك، ھەيكەلتىراشلىق تېخنىكىلىرى كىشىنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرىدۇ. تارىخچى چېن شىلياڭ مۇران تام رەسىملىرى ھەققىدە مۇنداق يازغان: «مەن رەسسامنىڭ قارۇشتى يېزىقى بىلەن ئىمزا قويغىنى ھەققىدە مۇنداق قارايمەن، رەسسامنىڭ سىزغانلىرىدىن ھىندى نەرسىلىرىنى بەك چۈشىنىپ كەتمەيدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭدىن قارىغاندا رەسسام ھەرگىزمۇ ھىندىستانلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە ھىندىلاشقان رومالىقمۇ ئەمەس. بىراق، تام رەسىمى مەدەنىيىتى ھىندى گىرېك ــ روما ئۇسلۇبلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شىنجاڭدىكى بايقالغان بۇددا رەسىملىرى بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىدۇ. شۇڭا رەسسامنىڭ ئەسلى چەرچەن بەگلىكىدىن ياكى شىنجاڭنىڭ مەلۇم جايىدىن جۇملىدىن ئۇدۇن، كۇسەن رەسسامى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. 514 ـ نومۇرلۇق قارۇشتى پۇتۈكىدە يەرلىك بىر شەخسنىڭ رەسساملىقنى تەتقىق قىلىشتىكى كۈچلۈك ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇلار چەرچەن بەگلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇددا سەنئەتكارلىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.»

كىروران رايونىدىن تېپىلغان ياغاچ ئويمىلار، ھەيكەللەر توغرىسىدا گەپ بولسا، بۇلاردىن LB خارابىسىدىن بايقالغانلىرى ئەڭ كۆپ. كىروران رايونىنىڭ ئويمىچىلىقى ۋە ھەيكەلتىراشلىقى بۇ يەردە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، چۈنكى بۇددا دىنى بۇددا ھەيكەللىرى، بۇددا رەسساملىقىغا كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى، دىنىي ئېھتىياج تۇپەيلى مۇشۇ تۇپراقتا ئەزەلدىن بار سەنئەت تۈرلىرىدىن رەسساملىق ۋە ئويمىچىلىق ئىشلىرىغا يېڭى شارائىت ھازىرلانغان، ھەيكەلتىراشلىق يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن. كىرورانىنىڭ ئەنئەنىۋى رەسساملىق، نەققاشلىق، ئويمىچىلىق ئىشلىرى بۇددا دىنى شارائىتىدا بۇددا دىنىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن مەزمۇن دائىرىسى كېڭىيىپ بارغان، جۇملىدىن ئەسلىدە ئۆي بېزەكچىلىكى، ھەمدەپنە ئادەم ھەيكەللىرىنى ياساپ كېلىۋاتقان ياغاچچىلىق، نەققاشلىق، ئويمىچىلىق ھۈنىرى بۇددا دىنى رىۋايەتلىرىنى ئاساس قىلغان، بۇددالارنىڭ پورتىرېتلىرىنى ئويۇش

[1] مارىئو بۇساگلى: «ئوتتۇرا ئاسىيا تام رەسىملىرى مۇراندا بىخلانغان»، شۈ جيەنىڭ، خې خەنمىن تۈزگەن: «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا سەنئىتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 29 ـ بەت.

ۋەزىپىسىنىمۇ زىممىسىگە ئالغان، ئالغاندىمۇ شۇنداق ئالدىدىكى بەزىلىرىنىڭ ھەتتا گىرېكلار ئارىسىدىن كەلگەنمۇ ياكى ھىندىستاندىن دېگەن ئويلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇڭا غەرب ئالىملىرىمۇ بۇ خىل سەنئەتنى پەقەت غەربتىكى گىرېكلارنىڭ، قەندىھارنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېيتماي تۇرالمايمىز، بۇلار ئەمەلىيەتتە شۇ دەۋر سەنئەتكارلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. سۆزلىرىمىزگە شۇۋېتسىيەلىك فولك بېرگمان بايقىغان سىپتا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا مەنسۇپ دەپ ھۆكۈم قىلىنغان 1.85 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئايالنىڭ ھەيكىلى ۋە 1.43 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئەرنىڭ ھەيكىلى بۇنداق ئويمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئۆششاق تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپلا كىروران رايونىدا مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بەرسە، ئۆردەك قەبرىستانلىقىغا تىكلەنگەن، سىرلانغان، قىر چىقىرىلغان ياغاچلارمۇ كىرورانلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. غەرب ئارخېئولوگلىرى كىروران رايونىدىكى خارابىلەردىن نۇرغۇنلىغان ئويما بېزەك، ھەيكەل، لاي قورچاقلارنى تاپقان ۋە بۇلارنىڭ ئارىسىدا گىرېك ۋە قەندىھار مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرىنى بايقىغان، بۇلار شۇ ۋاقىتتا دىنىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي ئامالىمىز يوق، ئەمما بۇلارنى غەربتىن كەلگەن دەپ قاراشقا قوشۇلالمايمىز. ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىمۇ خۇددى بۈگۈنكى كۈندىكىدەك خەلقلەر ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ، كىرورانلىقلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن كىرورانلىقلارنىڭ ئەنەتكەك مەدەنىيىتى ۋە ئەنەتكەك مەدەنىيىتى ئارقىلىق گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن، ماددىي پاكىتلارمۇ بۇنىڭغا دالالەت قىلماقتا. لېكىن بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ بۇ تارىخىي مەدەنىيەتنى شۇلارغا مەنسۇپ قىلىۋېتىشكە بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى قوشنا ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

لىن مېيسۇن «كىروران — ئەسىرلىك سىرنىڭ يېشىلىشى» ناملىق كىتابىدا «باكتېرىيە گىرېك سەنئىتى كىروران ئويما سەنئىتىنىڭ ئاساسلىق ئۆرنەك ئوبيېكتلىرىدىن بىرى. مىلادىيەدىن 2000 يىللار بۇرۇن كىرورانلىقلار ئۆزىنىڭ ياغاچ ئويمىچىلىق قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنى باشلىغان. كۆنچى دەرياسى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن كۆپ مىقداردا ياغاچ ئويما ئادەم ھەيكىلى تېپىلغان. كىروران، نىيە خارابىلىرىدىن سوغا (ياغاچ چېلەك)، ئاياق، پەتنۇس قاتارلىق ياغاچ بۇيۇملار تېپىلغان... تېپىلمىلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى قەدىمدىن باشلاپلا نەپىس ياغاچ ئويما سەنئىتى ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇددا دىنى ئارقىلىق تارقىلىپ كىرگەن باكتېرىيەنىڭ گىرېكلەشكەن بۇددا سەنئىتى ۋە قەندىھار سەنئىتى كىروران قەدىمىي ياغاچ ئويما سەنئىتىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن... ئوتتۇرا ئاسىيادا بايقالغان بۇددا تام رەسىملىرى ئىچىدە مۇران بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ

رەسمى ئەڭ بۇرۇن، شۇڭا بەزى ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەت تارىخىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەردە يېزىلغىنىدەك، مۇران تام رەسىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تام رەسىملىرىنىڭ مەنبەسىدۇر»[1] دەپ يازغىنى تارىخى ئەمەلىيەتكە ياندىشىدۇ. ھىندىستانلىق ب. ن. پۇرى «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى» ناملىق كىتابىدا مۇران تام رەسىملىرىگە باھا بېرىپ «ئۇسلۇب جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلار غەربنىڭ سىزىش تەركىبلىرىنى ئىنتايىن ياخشى ئىسلاھ قىلدى... مۇران رەسىملىرى ھەرگىزمۇ يېقىندىن دۇنياغا كەلگەن يېڭى نەرسە ئەمەسلىكىنى ئىپادىلىدى، بەلكى ئىلگىرىلىگەن، پىشقان ماھارەتنىڭ مەھسۇلى»[2] دەپ يازغان.

## 4. كىروران تارىخىدىن خۇلاسە بايان

ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، كىروران رايونىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت تارىخىنى بۇندىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرلەردىن 7000 يىللار بۇرۇنقى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىگە سۈرۈشكە بولىدۇ. ھازىرچە بايقالغان تاش قوراللار سىپتا تاش قوراللار بولۇپ، بۇندىن كېيىن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ كونا تاش قوراللارنىڭ تېپىلىشى ھەم شۇ ئارقىلىق ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ يىل دەۋرى تېخىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى مۇمكىن. ستەيىن كىروران رايونىدىن LI ، LF، LE، LA ئىزلىرىدىن تاش قورال بۇيۇملارنى تاپقان. 1930 ـ يىلى فولك بېرگمان 22 ـ، 25 ـ، 28 ـ نومۇرلۇق ئىزلاردىن تاش قوراللار ۋە ساپال بۇيۇملارنى تاپقان. 1931 ـ يىلى جۇڭگو ـ شىۋېتسىيە غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش بىرلەشمە ئەترىتىدىكى چېن زۇڭچى 375 ـ، 359 ـ، 395 ـ، 363 ـ، 431 ـ نومۇرلۇق نۇقتىلاردىن تاش قورال ۋە ساپال بۇيۇملارنى تاپقان. 1930 ـ ۋە 1934 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى لوپ كۆلىنىڭ شىمالىدىكى ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزى ۋە توپىلىق خارابىسى ئەتراپىدىكى L ㄗ ، L ㄐ ، L ㄊ ، L ㄉ ، L ㄎ نۇقتىلاردىن تاش قورال، مىس بۇيۇم ۋە ساپال بۇيۇملارنى تاپقان. 1980 ـ يىلى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسى كىروران قەلئەسى ئەتراپىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرگەندە، خېلى مىقداردىكى تاش قوراللارنى تاپقان. 1988 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى LK ۋە LA ئەتراپىدىن تاش قورال، قاشتېشى پالتا ۋە ساپال بۇيۇملىرىنى بايقىغان. بۇلاردىن باشقا ئالتۇنتاغ تەۋەئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايوندىكى ئىككى جايدىن تاش قورال نۇقتىلىرى بايقالغان. مۇشۇ پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، كىروران شەھىرى يەنى لوپ كۆلى بويلىرىدا كۆپ ساندا ۋە ئالتۇنتاغنىڭ

---

① لىن مېيسۈن: «كىروران ــ ئەسىرلىك سىرنىڭ يېشىلىشى»، مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 153 ـ، 154 ـ بەتلەر.

② شۇ جيەنيىڭ، خې خەنمىن تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن: «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا سەنئىتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 364 ـ بەت.

ئىچىدە بۇندىن 10 مىڭ يىللاردىن 7000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئىنسانلار ياشىغان. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يۇقىرىقى جايلاردىن يەنە تېخىمۇ بۇرۇنقى يەنى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئىزلىرى بايقىلىشى مۇمكىن، چۈنكى ھازىرغىچە تېپىلغان بۇيۇملار يەر ئۈستىدىن يىغىۋېلىنغان بولۇپ كونا تاش قورال دەۋرلىرىنىڭ ئاخىرلىرى يەنى بۇندىن 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەر بولۇپ ساپال بۇيۇملار بايقالمىغان، ئىزلار مۇشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغانلىرىدىن كىروران گۈزىلى تېپىلغان قەبرەغول مىسال بولالايدۇ. بۇ دەۋر كۈلتۈرى ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت ياراتقان يەرلىك خەلقلەر مۇشۇ دەۋرلەردىن بۇرۇنلا يۇڭ توقۇمىچىلىقى، كىگىز بۇيۇملار، كۆن بۇيۇملارنى ئىشلەتكەن، جۇملىدىن يۇڭ رەختلەردىن كىيىم كىيگەن، يەنە كۆندىن ئاياغ تىكىشنى بىلگەن. مۇشۇ دەۋردە كىرورانلىقلارنىڭ يەنە ئىزدىنىپ تېپىلغان، ئىپتىدائىي دەسلەپكى سىرلىرىنى جۇملىدىن دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئارقىلىق كېسەللەرگە شىپالىق بېرىشنى بىلگەن، شۇڭا قەبرىلەردىن چاكاندىنىڭ ھەمدەپنە قىلىنغانلىقى بايقالدى، چاكاندا مانا ھازىرمۇ تېببىيدا زۇكامنى داۋالاش، قىزىتما ياندۇرۇش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا قوللىنىلماقتا. شۇ دەۋردە يەنە جەسەتنى بۇزماي ساقلاش تېخنىكىسىغا ئېرىشكەن. كىروران گۈزىلىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بۇزۇلماي ساقلىنىشى ئەۋزەل تەبىئىي قۇرغاق مۇھىتتىن بولغان بولسا، يەنە بەدىنىگە ئاقسىل تۈرىدىكى سۈيۇقلۇقنىڭ سۈرۈلگەنلىكىمۇ مەلۇم. دۇنيا ئالىملىرىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان بۇ سىرنى ئېلىمىز ئالىملىرى 10 يىلدەك ئىزدىنىش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە بايقىغان. مېدىتسىنا ئالىملىرى كىروران گۈزىلىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ جۇملىدىن يۈرەك، جىگەر، ئۆپكە، بۆرەك، تال، دوۋساق، بالىياتقۇ قاتارلىق ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ياخشى ساقلانغانلىقىنى، قۇرۇپ يىگلەپ قالغانلىقىنى بايقىغان. ئالىملار گەرچە سۈرۈلگىنى قانداق ماددا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمىغان بولسىمۇ، بىر خىل سۈيۇقلۇقنىڭ سۈركەلگەنلىكى، بۇ ماددىنىڭ جەسەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىشىدا رولى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، مانا مۇشۇ ئامىللار ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئۇچۇن مېھنەت قىلغانلىقىنى بىلىشىمىزگە يول بېرىدۇ. 4000 يىللار بۇرۇنقى مۇشۇ قەبرىلەردىن ساپال بۇيۇملار بايقالمىغان، ئارخېئولوگلار بۇ ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە بۇ يەرلىك مەدەنىيەتنى «قۇم دەريا — قەبرەغول ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتى» دەپ ئاتاشتى. بۇ قەبرىلەردىن ياغاچ لېگەن، سۆڭەك جام، قومۇش ۋە يۇڭ توقۇلمىلار بايقالغان. بۇندىن 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلاپ، كىروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ تۇچ قورال - جابدۇقلارنى ياساپ ئىشلەتكەنلىكىنى، بۇندىن 3000 يىللار بۇرۇن تۆمۈر قوراللارنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ۋاستىلىك ھەم بىۋاستە پاكىتلارنى بايقىغان. مۇشۇ دەۋردە ئىپتىدائىي ئېتىقاد بارلىققا كەلگەن، قەبرىستانلىقلاردىن ياغاچ مەبۇدلەر تېپىلغان.

ئۇندىن سەل كېيىنرەك تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى بارلىققا كېلىپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، جۇملىدىن كۈنگە بولغان ئېتىقاد يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، شۇڭا قەبرىلەرگە ھەتتا ياغاچلارنى قاداش ئارقىلىق نۇر چېچىپ تۇرغان كۈننىڭ شەكلىنى چىقارغان.

كىرورانلىقلار كۆنچى ۋە تارىم دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىنلىرىدا ياشاش داۋامىدا تەدرىجىي ھالدا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا شەھەر قورغانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە ھۆكۈمرانلىق ماشىنىسى بەگلىكىنىمۇ قۇرغان، شۇ ۋاقىتلاردا كىروران بەگلىكىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئىناۋىتى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. ھۇنلار غەربىي يۇرتنى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا كىروران، ئۇيسۇن، ئوغۇز قاتارلىق 26 ئەلنى ئۆزىگە قارام قىلغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، خەن سۇلالىسىگە تەھدىت سالغان. گەرچە كىروران ھۇنلارغا قارام بولغان بولسىمۇ، ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان، پەقەت ھۇنلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەتمۇ قىلغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى كىروران ئېلى ئىككىگە پارچىلانغان، جۇملىدىن خەن سۇلالىسى مەنپەئەتىنى ياقلايدىغان چەرچەن بەگلىكىنى تىكلەشكە مۇۋەپپەق بولغان، شۇندىن باشلاپ كىروران دىيارى تاكى 3 ـ ئەسىرگىچە بۆلۈنمە ھالەتتە ئىككى ھاكىمىيەت بولۇپ تۇرغان. 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى چەرچەن بەگلىكى كىروران بەگلىكىنى بويسۇندۇرۇپ، غەربىي يۇرتتىكى يەتتە كۈچلۈك بەگلىكنىڭ بىرىگە ئايلانغان. چەرچەن بەگلىكى كىرورانىنى تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن پايتەختىنى ئەسلىدىكى چاقىلىق بازىرى بوستانلىقىدىكى قاغان شەھىرىدىن كىرورانغا يۆتكىگەن، ئۇ كۈچەيگەن بولغاچقا زېمىن دائىرىسى دۇنخۇاڭغىچە تۇتاشقان، ھازىرقى نىيە ناھىيەسىدىن ئېشىپ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇدۇن بەگلىكى بىلەن پاسىللانغان، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇدۇن بەگلىكىگە يېقىن بولغان نىيە قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇدۇن بەگلىكى بىلەن كىچىك كۆلەمدىكى توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشى كۈچ ـ قۇدرەت جەھەتتە ھەرگىزمۇ ئۇدۇن بەگلىكىدىن ئاجىز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. گەرچە كىروران بەگلىكى شۇ ۋاقىتتىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا چەرچەن بەگلىكى دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، يەنىلا كىروران نامىدا مەشھۇر بولغان، جۇملىدىن چەرچەن بەگلىكىگە «ئەسلىدىكى كىروران» دەپ ئېنىقلىما بېرىلىپ تۇرغان، مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئۇلارغا سۇپىس ئاتالغان ئاھالىنىڭ تەھدىت پەيدا قىلغانلىقى مەلۇم. مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ يىپەك يولى ئارقىلىق بولغان سودا ـ مەدەنىيەت ئالاقىسى كىرورانىنىڭ ئەنئەنىۋى يەرلىك مەدەنىيىتى ئۈچۈن يېڭى ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغان. مىلادىيەنىڭ ھارپىسىدا بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى، يىپەك يولىدىكى يېڭى بىر قېتىملىق گۈللىنىش كىرورانىنىڭ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە ئۆتۈشىگە سەۋەب بولغان. كىروران جەمئىيىتىدە گەرچە كىرورانلىقلار ئۆز تىلىنى خاتىرىلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسىمۇ، بۇددا دىنى مۇناسىۋىتى بىلەن قارۇشتى يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ ھاكىمىيەت يېزىقى سۈپىتىدە قوللانغان، قارۇشتى يېزىقى ۋە بۇ يېزىقتا قوللىنىلغان تىل بۇددا دىنىنىڭ دىنىي تىل ـ يېزىقى بولۇش

سۈپىتى بىلەن، ئىبادەتخانىلاردىن تەدرىجىي كەڭ خەلق ئارىسىغا تارالغان ۋە 150 يىلدەك ئىشلىتىلگەن. بۇددا دىنىنىڭ كەڭ تۈردە راۋاج تېپىشى بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى ئېگىلىدى، لېكىن قامان دىنىنىڭ تەسىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. توغرىراقىنى ئېيتقاندا، بىر قىسىم قامانلار يەنىلا خەلق ئارىسىدا ئۆز پائالىيىتىنى داۋام قىلغان، يازما پۈتۈكلەردە بۇ ھەقتە ئۇچۇرلار ساقلانغان. بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى كىروران جەمئىيىتىدە دىنىي ئېتىقادنى يېگىلاشلا بولۇپ قالماستىن، ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە تۈزۈلمىسى ئۇچۇنمۇ خېلى زور تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەن، چۈنكى ئەنەتكەكتە بولغان دىنىي كۆرەشلەردە سىقىپ چىقىرىلغان دىندارلار ئۇدۇن ۋە كىروران قاتارلىق جايلارغا كېلىپ يەرلەشكەن، بۇ يەرلەرگە يېڭى مەدەنىيەت ئامىللىرى تارقىلىپ، كىروران مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. كىروران بەگلىكىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىگىمۇ چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قارۇشتى يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشى ئىغىزچە يەتكۈزۈلىدىغان يارلىق ۋە قانۇن دەستۇرلىرىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلىككە، ئېنىقلىقققا ئىگە قىلغان. قارۇشتى يېزىقى ئەينى ۋاقىتتا كىروراننىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئەجايىپ شارائىتلار بىلەن تەمىن ئەتتى، كۈنىمىزدە مانا مۇشۇ قارۇشتى پۈتۈكلىرىگە ئاساسەن ئەينى ۋاقىتتىكى كىروران جەمئىيىتىدىن خەۋەردار بولدۇق، ئۇنداق بولمىغىنىدا ئىدى، كىروران جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىسادىي... ئەھۋاللىرىدىن مەڭگۈ خەۋەرسىز قالار ئىدۇق. قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر كىروراننىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ھەققىدىكى مەڭگۈلۈك پاكىتقا ئايلاندى.

كىروران ـ چەرچەن ھاكىمىيىتى مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى يىمىرىلدى، ئۇنىڭ يىمىرىلىشىگە ئىچكى ئامىللاردىن كۆرە تاشقى ئامىل يەنى قوشنا جايلاردىكى خاندانلىقلارنىڭ تاجاۋۇزى سەۋەب بولغان، باشقا خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، بۇ زېمىندىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ خارابلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مانا شۇ دەۋردە كىروران ئېلىدىكى ئېكولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەر ئاستا ـ ئاستا داۋام قىلماقتا ئىدى، جۈملىدىن شۇ دەۋردە كىروران دائىرىسىگە پەقەت كۆنچى دەرياسىلا ئېقىپ كېلىدىغان بولغان بولۇشى مۇمكىن، تارىم دەرياسى جەنۇبقا ئاققان بولۇشى (كۆنچى دەرياسىنىڭ سۇيىنىڭ بىر قىسمى تارىمغا قۇيۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن) ھەمدە ھازىرقى يېشىل كارىدور شۇ ۋاقىتتا ئېقىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، يەنە كېلىپ مۇشۇ دەۋردە كىچىك دەريا ئېقىنى خېلى مىقداردىكى سۇنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى، سۇنىڭ ئازىيىشى خۇددى يازمىلاردا كۆرۈلگىنىدەك، بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ ھاياتىغا خەۋپ كەلتۈرگەن، نەتىجىدە تۈركۈم ـ تۈركۈم ئاھالىنىڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، خارابىلىكلەردە ئۆيلەرنىڭ قوتان قىلىپ قوللىنىلغانلىقىغا قارىغاندا، بىر قىسىم مالچى ئاھالە ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئازغىنە سۇغا باغلاپ قالغان، ئەمما 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى (630 ـ يىللىرى) بۇ يەرگە كېلىدىغان سۇنىڭ تامامەن

ئۇزۇلۇشى، قالغان ئاھالىلەرنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى يوق قىلغان، ئۇلار ئاقىۋەت دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى بويلاپ كۆچۈپ - كۆچۈپ قۇم دەريا ئېقىنى ئەتراپلىرىدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرگە ياشىغان ياكى قومۇل، تۇرپان تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتكەن.
7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە كىروران قەلئەسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، لوپ كۆلى بويلىرى ۋەيران بولغاندا ئاھالىلەرنى مۇنۇ بىرقانچە يۆنىلىش بىلەن كۆچكەن دېيىشكە بولىدۇ: (1) بىر بۆلەك ئاھالە ئۆز يۇرتىدا قالغان ۋە ئوت، سۇ قوغلىشىپ ياشىغان؛ (2) قۇم دەريا بويىغا كۆچكەن ھەمدە 10 - ئەسىرگىچە ئاشۇ يەرلەردە ياشىغان، كېيىنچە ئۇ يەردىنمۇ كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان؛ (3) تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قىسمىدىكى شەھەرلەر — كىتىك ۋە مەردەكلەرگە كۆچۈپ بېرىپ شۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ياشىغان؛ (4) قۇتۇم، قاغان، لوپ شەھەرلىرى (مۇران، ۋاششەھىرى ۋە چاقىلىق بازىرى بوستانلىقلىرى)گە كۆچۈپ بېرىپ شۇ يەرلەردە 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ياشىغان؛ (5) قومۇل، تۇرپان بوستانلىقلىرىغا بىر قىسىم ئاھالە كۆچكەن؛ (6) تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدىكى دەريا - كۆل بويلىرىدا بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ئەمگەكلىرى بىلەن ھايات كەچۈرگەن.

كىروران ئاھالىلىرى كىروران قەلئەسى ئەتراپىدىكى شەھەرلەر يەنى لوپ كۆلى بويى شەھەرلىرى ۋەيران بولغاندىن كېيىن تەدرىجىي كۆچۈپ كەتكەن، ئەمما تاكى 10 - ئەسىرلەرگىچە يۇرتىنىڭ نامىنى ئۇنتۇمىغان، يەنى شۇ ۋاقىتلاردا خوتەن ساك يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن «روروۋناتا» دېگەن جاي نامىنى مۇشۇنىڭ ئىسپاتى قىلىشقا بولىدۇ. كىروران ئېلىنىڭ كۈچلۈك رەقىبلىرى ئالدىدا ئۆز سەلتەنىتىنى يوقىتىشى، خارابىلىشىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغان. ئالدى بىلەن تۇيغۇن قاتارلىقلار كىروران دىيارىنى ئىشغال قىلغان، ئاندىن تۇبۇتلار ئىشغال قىلىپ 150 يىلدەك ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەردار كاڭ يەندەننىڭ باشچىلىقىدا يۇرتنى قايتا بەرپا قىلىش ئەمگىكى بولغان بولسىمۇ (بۇ قېتىم ھازىرقى چاقىلىق بازىرى، ۋاششەھىرى قاتارلىق جايلارنى مەركەز قىلغان) تۇبۇتلەرنىڭ ئىشغالىيىتى ۋە زۇلۇمى، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ ۋەيرانچىلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن. 10 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مۇران ۋە چاقىلىق ناھىيە بازىرى بوستانلىقلىرىدىكى شەھەر - بازارلار ۋەيران بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ يەنە بىر قېتىملىق كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ قېتىمقى كۆچۈش لوپ شەھىرى، مەردەك ۋە كىتىك شەھەرلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى، جۈملىدىن لوپ ۋە كىتىك شەھەرلىرىنىڭ تەكلىماكاندىكى مەركەز بولۇپ قېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. نەتىجىدە كىروران دىيارىنىڭ ئاخىرقى گۈللىنىش نۇقتىسى لوپ، مەردەك ۋە كىتىك شەھەرلىرى بولدى. لوپ ۋە كىتىكتىن ئىبارەت بۇ ئىككى مەشھۇر شەھەر ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كىچىك شەھەر - بازارلار 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى ئاخىرلىرى تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان. شەھىرى كىتىك ئاھالىلىرىدىن

مۇسۇلمانلار جەلالۇددىن كىتىكىي باشچىلىقىدا تارىم دەرياسىنى بويلاپ لوپنور، كورلا، بۈگۈر قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ ئاقسۇ - كۇچارلارغىچە بېرىپ يەرلەشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىسپات ماتېرىياللار خېلى كۆپ، ئەلۋەتتە بۇ مۇسۇلمانلاردىن بىر قىسمىنىڭ كورلا، بۈگۈر قاتارلىق جايلاردا قالغانلىرىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. خوش، ئۇنداقتا خېلى ساننى ئىگىلەيدىغان مۇسۇلمان ئەمەس ئاھالىچۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇلار ھەققىدىمۇ ئۇچۇرلار بار، ئۇلار شەرققە يەنى دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا كەتكەن. ئۇلار ھازىرمۇ ئۆزلىرىنى «سارىغ يۇغۇر» دەپ ئاتاشماقتا. كىتىك ۋە لوپ شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى كىروران دىيارىدا خېلى ئۇزۇنغىچە چوڭراق بوستانلىق ۋۇجۇدقا كەلمىدى، گەرچە يەكەن خانلىقى (1514 ـ 1680) دەۋرىدىن باشلاپ تارىم ۋادىسىنىڭ ئىگىلىكىدە گۈللىنىش بولغان بولسىمۇ، كىروران دىيارىدا پەقەت مۇشۇ يەردىن كۆچمەي قالغان كىروران ئەۋلادلىرى (لوپلۇقلار) يەنىلا دەريا، كۆللەر بويلىرىدا چوڭ - كىچىك مەھەللىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ھايات كەچۈرگەن.

# ئالتىنچى باب لوپلۇقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا

يېقىنقى زامانىدىكى لوپلۇقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار، جۈملىدىن موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى، قىرغىزلارنىڭ ئەۋلادى، كىرورانلىقلارنىڭ ئەۋلادى دېگەن بايانلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرماقتا. تۆۋەندە مۇناسىۋەتلىك ئۆچۈرلار ئارقىلىق بۇ ھەقتە جاۋاب ھازىرلاشقا تىرىشىمىز. ئىلگىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەدىمكى شەھەرلەر ــ لوپ، كىتىك، مەردەكلەر ۋەيران بولغاندا، شەھەرلىك ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق. بۇ يەردە شۇنى ھەم ئىزاھلاش زۆرۈركى، لوپ رايونىدىكى يۇقىرىقى شەھەرلەر ۋەيران بولغاندا، يەنە بىر قىسىم ئاھالىلەر مۇشۇ رايوندىكى دەريا ۋە كۆل بويلىرىدا تىرىشىپ، تىرمىشىپ ياشاپ قالغان. لوپ رايونىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئىشلىرى ھەققىدە ئەڭ كۆپ ئىزدەنگەن ئالىم ياڭ ليەن «ئەڭ ئاخىرقى لوپلۇق» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: «بىراق ‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى›دىكى بايانلارغا ئاساسلىنىپ قەدىمكى كىروران ماكانىدا ئىنسان قالمىغان دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ، يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ كېتىشنى خالىمىغان ئاھالىلەر قالغانىدى. شۈەنزاڭنىڭ يازغانلىرى يىپەك يولىنى بويلاپ شەرققە سەپەر قىلغان ۋاقىتتا كۆرگەنلىرى، شۇ ۋاقىتتا ھەقىقەتەن گۈللەنگەن شەھەرلەر بولمىسىمۇ يول ئۈزۈلۈپ قالمىغانىدى، ئۇ پەقەت ئاھالىلەر بار جايلارغا بارمىغان، كىروراندىقلار ياشاۋاتقان لوپ كۆلى بويى ۋە دەريا ـ كۆللەرنىڭ ئەھۋالىنى يازمىغان. باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسلانساق، لوپ كۆلى ئەتراپلىرىدا (شۈەنزاڭ ئۆتكەن شۇ زاماندا) كىروراندىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى ياشاۋاتقان ئىدى.»[①] يۇقىرىدا يېزىلغاندەك، كىروران شەھىرى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، بۇ شەھەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ھەم «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت» دېگەن ئەسەردىكى نوپ قەدىمكى شەھىرى بۇرۇنقى كىروراندۇر دېگەنگە ئوخشاش بايانلارنى ئاساس قىلىپ، لوپ رايونىدا ئاھالە يوق ئىدى، دەپ ھۆكۈم قىلىشقان ئىدى. بۇنداق ھۆكۈم قىلغانلار كىروران قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ 6 ـ ئەسىرلەردە؛ مۇران كونا شەھىرى ۋە چاقىلىق بازىرىدىكى كونا شەھەرلەرنىڭ 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ۋەيران بولغانلىقىنى؛ لوپ، كىتىك، مەردەك شەھەرلىرىنىڭ 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋەيران بولغانلىقىنى ئەستە ساقلىغان، ئەمما تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى دەريا، كۆل بويلىرىدا ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ بارلىقىنى ئەستىن چىقارغان. شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەر خىل بولسىمۇ ھاياتلىق مەنبەسى سۇ ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ، شۇ زاماندا دەريا ئېقىنلىرىنى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەن، جۈملىدىن لوپ رايونىدا ھاياتلىق مەۋجۇت بولغۇدەك سۇ يوق دەپ ھۆكۈم قىلىشقا

① ياڭ ليەن: «ئەڭ ئاخىرقى لوپلۇق»، مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 110ـ بەت.

ھېچقانداق پاكىت يوق. شۇڭا ھۆكۈم قىلىش مۇمكىنكى، شەھەرلەر ۋەيران بولغاندا دەريا، كۆل بويلىرىدا بىر بۆلەك ئاھالىلەر ياشاپ قالغان. بۇ ئاھالىلەرنىڭ ۋەكىللىرى چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى جۇڭغارلارنى مەغلۇپ قىلىپ تۇرپانغا كەلگەندە بەيئەت قىلغىلى بارغان، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى لوپلۇقلار ھەققىدە دەسلەپكى ئۇچۇرلار يېزىق دۇنياسىغا1723 ـ يىلىدىن باشلاپ زاھىر بولغان. شۇنداق بولغاندا، 1340ـ يىللاردىن تارتىپ1723 ـ يىلىغىچە («تارىخى رەشىدىي»دىكى 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغا تالىق ئۇچۇردىن باشقا) ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىغان، بۇنىڭلىق بىلەن لوپ رايونىدا مۇشۇ دەۋردە ئاھالە يوق ئىدى، دېيىشكە ھېچبىر ئاساسىمىز يوق. 1723 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ لوپ رايونىغا كىرىشى بىلەن لوپلۇقلار ھەققىدىكى ئۇچۇر ئىمپېرىيە ئاستانىسىغا يېتىپ بارغان. تۆۋەندە لوپلۇقلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

## 1. لوپلۇقلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىش

**لوپلۇقلار ھەققىدىكى يازما ئۇچۇرلار** 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى لوپ، كىتەك، مەردەك شەھەرلىرى ۋەيران بولغاندا، مۇسۇلمان ئاھالىلەردىن بىر قىسمى جەلالۇددىن كىتەكىنىڭ باشچىلىقىدا تارىم دەرياسىنى ياقىلاپ كۆچكەنلىكى «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا تەزكىرىسى»، «تارىخى رەشىدىي»، «تەزكىرەتۇل ئىرشاد» قاتارلىق تەزكىرىلەردىن مەلۇم بولغان. بۇنىڭدىن سىرت كورلا شەھىرىدە لوپنېرىق، كىتەك مەھەللىلىرىنىڭ بولۇشى، بوگورلۇكلەر ئارىسىدا كىتەك ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ساقلىنىشى، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تارىم دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرى ئېقىنغا كۆچكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەلۋەتتە، يەنە بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاھالىنىڭ باشقا يۇرتلارغا كۆچكەنلىكىنىمۇ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. مۇشرىك ئۇيغۇرلار (لوپ شەھىرىنىڭ ئاھالىسى مۇسۇلمان ئىدى. كىتەك ۋە مەردەك ئاھالىسى ئىچىدە مۇسۇلمانلارمۇ، مۇشرىكلارمۇ بار ئىدى) دۇنخۇاڭ تەرەپكە قاراپ كۆچكەن. دەريا ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى قىسقىرىشى سەۋەبلىك، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى شەھەرلەر ۋەيران بولغان. ئەينى تارىخىي دەۋردە دېڭىز يىپەك يولى راۋاج تاپقانلىقتىن، قۇرۇقلۇق يىپەك يولى تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بولغاچقا، لوپ رايونىدىن ئۆتكەن يىپەك يولىنىڭ بۇرۇنقى شۆھرىتى يوقالغان. شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى، يىپەك يولى كارۋانلىرىغا بولىدىغان مۇلازىمەتتىن مەھرۇم بولغانلىقتىن لوپ رايونىدىن ئۆتىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولغان، شۇ سەۋەبتىن 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئۈچ ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ناھايىتى كەمچىل بولغان، بۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللار ھەققىدە 16 ـ ئەسىردىكى تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئىنتايىن قىسقا ئۇچۇر دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. دېمەك، 1545 ـ يىلى ئەتراپىدا ۋە 1723 ـ يىلى لوپلۇقلار يەنى تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى ئاھالىلەر

توغرىسىدىكى ئۇچۇرلاردىن يازما خاتىرە قالغان.

18 - ئەسىردىن باشلاپ لوپلۇقلار ھەققىدىكى يازما مەلۇماتلار چېلىقىشقا باشلىغان، بۇ ھەقتىكى ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى» 4 - جىلدىنىڭ 35 - بېتىدىكى، 1723 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنۇ بايانلىرىدىن ئىبارەت: «ياردەمچى سانغۇن ئالانا مەلۇم قىلىدۇ: لوپنوردىكى مۇسۇلمانلاردىن قۇربان قاتارلىقلار قاراكۆل (喀喇库尔)، ساداقتۇ (萨达克图)، قاراقوشۇن (哈喇和邵) قاتارلىق ئۈچ يەردىكى مىڭدىن[①] ئارتۇق ئاھالىسىنى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولۇپ سەممىيەت بىلدۈردى...»[②] يازما ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 1722 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيەسى غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىپ تۇرپاننى ئىگىلىگەن. قۇربان قاتارلىقلار باشلىغان بەيئەتچىلەر ۋەكىللىرى تۇرپانغا چىقىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرىغا بەيئەت قىلغان. مانا بۇ لوپلۇقلار توغرىسىدا بالدۇرقى ھەم بىر قەدەر مۇكەممەلرەك مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ، مۇشۇ ئۇچۇردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، جۇڭغارلارنىڭ ئېغىر زۇلۇمىغا ئۇچرىغان لوپلۇقلار تۇرپانغا بېرىپ چىڭ سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن، ئەمما بىرقانچە يىلدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى كېلىشىم بويىچە چېكىنگەن، جۇڭغارلار لوپ رايونىنى قايتىدىن ئىشغال قىلىۋالغان. يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، 1722 - ياكى 1723 - يىلى چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان ئاشۇ ئاھالىلەر ئاساسەن قاراكۆل (بۇ جاي ھازىرقى يېڭىسۇ ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ)، قاراقوشۇن (مۇراننىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ، ئەينى ۋاقىتتىن ئالغاندا تارىم، چەرچەن، مۇران دەريالىرىنىڭ ئاخىرقى قۇيۇلۇش ئورنىدىن ئىبارەت) ۋە ساداقتۇ (ئارغان بىلەن يېڭىسۇ ئارىسىغا، سەل شەرق تەرىپىدىكى كۆل) كۆللىرىنى مەركەز قىلىپ ياشىغان ئاھالىلەردۇر، مۇشۇ يۇرتلاردا ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ ۋەكىللىرى يۇرت ئاقساقىلى قۇربان قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا تۇرپانغا چىقىپ چىڭ سۇلالىسىدىن پاناھلىق تىلىگەن. مۇشۇ ئوردا خاتىرىلىرىنىڭ 31 - جىلد 6 -، 7 - بېتىدىكى 1725 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە تالىق خانغا يوللانغان مەلۇماتنامىسىدە، جۇڭغار تۆرىسى سىۋان ئاراپتاننىڭ تۇرپاننى بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى، بۇ ۋاقىتتا تۇرپاندا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بارلىقى، ناۋادا ئۇلارنىڭ باشچىلىرىنى ئىچكىرىگە كۆچۈرسە تىرىكچىلىكى قىيىن بولىدىغانلىقى، تەۋەلىكىدىكىلەر بىلەن كۆچۈرسە ئۇلارنىڭ 4 - 5 مىڭ ئادەمدىن كەم بولمايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلغان ھەمدە پادىشاھنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈپ گۇاجۇ، شاجۇ قاتارلىق بىپايان زېمىندا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر - ئىككى يىل ھالىدىن خەۋەر ئېلىنسا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە مۇنداق دېيىلگەن:

---

① ناۋادا بىر ئائىلىدىن بىردىن ۋەكىل چىققان دېسەكمۇ، شۇ ۋاقىتتا لوپ رايونىدا 1000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالە، كەم دېگەندىمۇ 5 - 10 مىڭغىچە نوپۇس بارلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. چۈنكى تۇرپان بىلەن لوپ رايونىنىڭ ئارىسى يىراق ۋە چۆل بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ھەممە ئاھالىسى بارالىشى مۇمكىن ئەمەس، يەنە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتى جۇملىدىن يېمەكلىك جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى، باللار ۋە ياشانغانلار مەسىلىسىنىمۇ ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

② « ‹بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى›دىكى مۇسۇلمانلارغا ئائىت ماتېرىياللاردىن توپلام»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 29 - بەت.

«لوپنوردىكىلەرمۇ تۇرپانلىقلارغا ئوخشاش بولسۇن، كۆچۈپ كېلىشنى خالايدىغانلار باشچىلىرى بىلەن بىرگە كۆچۈپ كەلسۇن، خالىمىغانلار ئۆز يۇرتىدا قالسۇن... لوپنور مۇسۇلمانلىرى سۇ بويلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ بېلىق تۇتۇپ يەپ هايات كەچۈرىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرۇقلۇقتا ئولتۇراقلىشىپ هايات كۆچۈرۈشنى خالايدىغانلار بولسا تۇرپانلىقلارغا ئوخشاش كۆچۈرۈلسۇن»① دېيىلگەن. خەنزۇچە يازما ئۇچۇرلارغا قارىغاندا 1700 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا لوپ رايونىدا 2000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاهالە بولۇپ جۇڭغارلارنىڭ زۇلۇمى، تالان ـ تاراجى سەۋەبىدىن، كۆپلىگەن ئاهالىلەر ئانا ماكانى بولغان لوپ رايونىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. شۇ ۋاقىتتىكى ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا لوپ رايونى جۇڭغارلارغا تەۋە بولغان②. مۇشۇ ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، 1680 ـ يىلدىن 1759 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا لوپلۇقلارنىڭ يەنىلا لوپ رايونىدا ياشىغانلىقىنى بىلەلەيمىز، شۇڭا ئۇلارنى مۇشۇ دەۋردە باشقا يەردىن كۆچۈپ كەلگەن دېيىشكە پاكىت يوق. 1758 ـ يىلى جۇڭغارلارنىڭ جوراس (چوراس)، ماخۇس ئۇرۇقلىرىنى قوغلاپ لوپ رايونىغا كەلگەن چىڭ سۇلالىسى سەركەردىلىرى لوپ رايونىنىڭ يېرىنىڭ كەڭلىكى، قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغانلىقىنى بايان قىلغان. لوپلۇقلارنىڭ باشچىسى قاشقا قاتارلىقلار بىر بۆلەك ئادەملىرى (ۋەكىللىرى)نى باشلاپ چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىگە تەسلىم بولغان، ئۇلار شۇ ۋاقىتتا پەقەت 600دىن ئارتۇقراق ئاهالە بارلىقىنى بايان قىلىشقان، ئەمما بۇلارنى پۈتكۈل ئاهالە دەپ قاراشقا بولمايدۇ③. بۇ يازما ئۇچۇرنىڭ چىنلىقىدا شۇبهە يوق، باشقا يازمىلارغا قارىغاندا تۇرپانلىقلاردىن بىر تۈركۈم ئاهالىنىڭ كۆچۈپ 1726 ـ يىلى 650 ئادەمنىڭ كۆچكەنلىكى خاتىرىلەنگەن گۇاجۇ قاتارلىق يەرلەردە بىر مەزگىل ياشىغانلىقى خاتىرىلەنگەن، لېكىن لوپلۇقلارنىڭ كۆچۈپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان هېچقانداق ئۇچۇر يوق. تۇرپانلىقلار بىلەن لوپلۇقلارنىڭ ئېگىلىك ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن قارىغاندا، بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلىپ، دەريا ۋە كۆل بويلىرىدا ياشايدىغان لوپلۇقلارنىڭ قۇرغاق جايغا بېرىپ تېرىقچىلىق بىلەن هايات كەچۈرۈشنى تاللىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى④. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئەينى ۋاقىتتىكى لوپلۇقلار يەنىلا بېلىقنى ئوزۇق قىلىش ئارقىلىق هايات كەچۈرگەن. لوپلۇقلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرۈشى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ

① «‹بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى›دىكى مۇسۇلمانلارغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تويلام»، نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 30 ـ بەت.

② باددېلى: «رۇسىيە. موڭغۇلىيە. جۇڭگو»، سودا باسمىخانىسى، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 343 ـ بەت.

③ 1723 ـ يىلى بەيئەت قىلغان لوپلۇقلار 1725 ـ يىلى جۇڭغارلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ كۆپ زۇلۇم تارتقانلىقى ۋەجىدىن بۇ قېتىم خېلى كۆپ ئاهالە پىنهانلارغا قېچىپ چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىگە كۆرۈنۈش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولۇشى مۇمكىن. جۇڭغارلارنىڭ ئۆچ ئېلىشى سەۋەبلىك بىر بۆلۈك ئاهالىلەرنىڭ باشقا يۇرتلارغا كۆچكەنلىكىنىمۇ ئەستە ساقلايمىز.

④ جۇڭغارلاردىن چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلار بۇنىڭ سىرتىدا، چۈنكى ئۇلارغا باشقا چىقىش يولى قالمىغان بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا قۇربان باشچىلىقىدا مەلۇم ساندىكى ئاهالە تۇرپانلىقلار بىلەن بىرگە كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئېقىنىدىكى يەرلەر بىرقانچە يىل چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان بولسىمۇ، كېيىن يەنىلا جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشكەن[1]. 1758 - يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭغارلارنىڭ مەغلۇپ بولغان جوراس، ماخۇس قەبىلىلىرىنى قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى لوپ كۆلى رايونىغا كىرگەن، شۇندىن كېيىن بۇ توغرىدىكى مەلۇماتلار كۆپىيىشكە باشلىغان. چىڭ سۇلالىسى سەركەردىلىرى لوپلۇقلاردىن سوراپ بىلىشىچە، لوپ رايونىدا دەريا - كۆللەرنىڭ كۆپ بولۇپ پۈتۈن ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن ئىككى ئاي كېتىدىكەن. كاشغەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى 60 نەچچە دەريانىڭ بۇ يەرگە ئېقىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن. لوپلۇقلار شۇ ۋاقىتتا لۈكچۈندىكى ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن. باركۆلدە تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارى ئارغۇنىڭ 1758 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى مەلۇماتنامىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، لوپنور مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاقساقىلى قاشقا قاتارلىقلار تەسلىم بولغان، ئۇلارنىڭ نوپۇسى ئېنىقلىنىپ ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن[2]. مۇشۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى لوپلۇقلار 1757 - يىلىدىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، شۇندىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى بولغان ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەخمىنەن 1864 - يىلىغىچە لوپلۇقلارنى باشقۇرغان.

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى»نىڭ 597 - جىلد 28 -، 29 - بەتلىرىدىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، مەسلىھەتچى ئامبال شۇ خېدېنىڭ 1759 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى مەلۇماتنامىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، دولانلارغا يېڭىدىن تەيىن قىلىنغان ھاكىمبەگ ئابدۇلھەي سالامغا بارغان، ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە قېرىندىشى توقتۇ كورلا قاتارلىق يەرلەردە مال بېقىۋاتقانىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، لوپ رايونى تەۋەسىگە تارقىلىپ كەتكەن دولانلىقلار قايتىپ كېلىشكە باشلىغان، ئەمما ئوزۇق كەمچىل، تېرىقچىلىق قىلىشقا كۈچى كىرىشمىگەنلىكى بايان قىلىنغان. مانا مۇشۇ ئۇچۇردىن قارىغاندا، بىر تۈركۈم دولانلىقلار ئېھتىمال جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا لوپ رايونىغا قېچىپ بارغان، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى يوقاتقاندا ئەسلىي يۇرتلىرىغا قايتقان[3]. مانا مۇشۇلاردىن قارىغاندا، 1680 - يىلىدىن 1759 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا لوپ رايونىغا بىر تۈركۈم دولانلىقلارنىڭ كۆچۈپ كېلىپ ھايات كەچۈرگەن، ئەمما لوپلۇقلاردىن بىر تۈركۈمى باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەن. لوپ رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن دولانلىقلاردىن كۆپىنىڭ 1759 - يىللار ئەتراپىدا كورلا قاتارلىق جايلارغا

① يۇقىرىقى ئۇچۇرلاردىن جۇڭغارلارنىڭ لوپ رايونىدىكى ئاھالىلەردىن ئۈچ ئالغانلىقىنى، بىر تۈركۈم ئاھالىنىڭ زۇلۇمغا چىدىماي يۇرتنى تاشلاپ قاچقانلىقىنى بىلىش مۇمكىن، بۇ خىل ستەم 34 يىل داۋام قىلغان.

② « ‹بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى›دىكى مۇسۇلمانلارغا ئائىت ماتېرىياللاردىن توپلام»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 173 - بەت.

③ ھازىر لوپلۇقلار بىلەن دولانلىقلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە خېلى كۆپ ئوخشاشلىق بارلىقى بىلىنمەكتە، جۈملىدىن «قوڭغۇز يىگەنلەرنىڭ رىۋايىتى»مۇ ئورتاق. بۇ ئوخشاشلىقلار كېيىن دېگەندىمۇ مۇشۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن بولسا كېرەك. لوپلۇقلار ئارىسىدا دولانلىقلار توغرۇلۇق ئۇچۇر ساقلانغانلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس، شۇنىڭدىن قارىغاندا شۇ دەۋردە ئورتاقلىق پەرقلەرگە قارىغاندا زور بولسا كېرەك.

قايتقانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. 1760 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى ئوردىغا يوللانغان مەلۇماتنامىدىن كۆرۈشىمىزچە، لوپ رايونىدىكى بەگ توقتۇ ئۆزىگە تەۋە 300 ئۆيلۈكتىن كۆپ ئاھالىنىڭ دېھقانچىلىق قىلىشىنى ئىلتىماس قىلغانلىقى، ئىنىسى ئابدۇلھەي (كۈچارلىق كىشى بولۇپ بۇگۇرنىڭ ھاكىمبېگى)نىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىش كېرەكلىكى ئېيتىلغان. 1761 - يىلى ئارغۇننىڭ قاراقچىلارنى قوغلاپ لوپ رايونىغا بارغانلىقى يېزىلغان. ھەربىي يېتەكچى ۋەزىر قاتارلىقلارنىڭ 1761 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يوللىغان مەلۇماتنامىسىدە شۇ خېدېنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ئارغۇنلار لوپ رايونىدىكى مۇسۇلمانلاردىن مىڭ ئۆيلۈكتىن[①] ئارتۇق ئاھالىنى ھەمدە پىچان ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان شاھ قۇلى قاتارلىق يۈز ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالىنى قايتۇرۇۋالغان (收复). 1761 - يىلىدىكى شۇ خېدېنىڭ مەلۇماتنامىسىدە «بۇرۇن ئارغۇنلار بەيئەت قىلدۇرغان مىڭ ئۆيلۈكتىن ئوشۇق لوپنورلۇق ئۇيغۇرلار (罗布诺尔回人)، پىچان ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان شاھقۇلى باشلىق يۈز ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار...»[②] دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، 1761 - يىللىرى ئەتراپىدا لوپ رايونىدا (قارا قوشۇن كۆلى بويىدىن يېكىسۇ ئەتراپلىرىغىچە) كەم دېگەندىمۇ مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالە بولغان.

شۇ خېدې شەخسەن ئۆزى لوپ رايونىغا بېرىپ 1761 - يىلى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»دە «لوپنوردا ئىككى قەبىلە بار، بىرى قاراكۆل (喀喇库勒)، يەنە بىرى قاراقوشۇن (喀喇和卓)دۇر، قاراقوشۇن يەنە بەشكە بۆلۈنىدۇ. قاراكۆل بىرلا بەگلىك بولۇپ ئەتراپىدىكى شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان، ياردەمچىدىن بىرى كۆپەيتىلسە؛ قارا قوشۇندىكى بەش جايغا بىردىن، بىر - بىرىگە بېقىنمايدىغان بەگ قويۇلسا، ئىككى ئومۇمىي ئىشلار باشقۇرغۇچىسى، ئىككى ياردەمچى ئىبەرتىلسە. تابىئەلىرى 183 ئائىلە، 1071 نوپۇس... قاراكۆلنىڭ بېگى قاشقا مۇشۇ يەرنىڭ (لوپ رايونى؟) ئومۇمىي بەگلىكىگە تەيىن قىلىنسا. قاراقوشۇننىڭ بەش بېگى ئىچىدىكى نىياز قۇلى ئالدى بىلەن تابىئەلىك بىلدۈرگەن، ئابداللىقلار (伊帕勒人) بۇنى بىلىدۇ، قارا قوشۇندىكى بەش ئورۇننىڭ ئومۇمىي بەگلىكىگە تەيىن قىلىنسا، ھەممىسى ئۆز يەرلىرىنى باشقۇرسا، ئىككى ياردەمچى قويۇلسا. باشقا ئۈچ يەرنىڭ ئەسلىدىكى بەگلىرى ساتىمەت، نىيازچىك، ئازنالار داۋاملىق بەگ بولۇۋەرسە. ئاۋام سايلىغان قىشقۇلى، ئارۇزۇ (روزى)، خۇدۇيۇمبەردىلەر ياردەمچى بەگلىككە بەلگىلەنسە. يەنە سۇپۇرگە يوللارنى پىششىق بىلىدۇ، كىچىك بەگلىككە تەيىنلەنسە، تۇرپاندا تۇرۇپ ھاشار ۋە سېلىق ئىشلىرىنى بېجىرسە... قاراكۆل ۋە قاراقوشۇننىڭ باش بەگلىرىدىن ئۈچ

---

① مانا بۇ ئۇچۇردىنمۇ لوپ رايونىدىكى ئاھالىنىڭ 1760 - يىلى ئەتراپىدا 600 كىشى بولماستىن مىڭ ئۆيلۈكتىن ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، لوپ رايونىنىڭ 1761 - يىلىغا كەلگەندە تامامەن ئىگىلىنىپ نوپۇسىنىڭ بىر قەدەر ئېنىق مەلۇماتىغا ئېرىشكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

② خۇ باڭجۇ: «لوپنور ۋە تۇرغۇتلار تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 6 - بەتتىكى نەقىلدىن.

كىشىگە 5 ـ دەرىجىلىك بەگ مەرتىۋىسى؛ قالغان بۇرۇنقى ئۈچ بەگ ۋە ئۈچ نەپەر ياردەمچى بەگكە، ھاشار ـ سېلىق ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان سۈپۈرگە قاتارلىقلارغا 6 ـ دەرىجىلىك بەگلىك مەرتىۋىسى بېرىلسە. 5 ـ دەرىجىلىك بەگنىڭ ئورنى بوشىسا پىچان ئامبىلى تەيىنلەشنى ئىلتىماس قىلسا، 6 ـ دەرىجىلىك بەگنىڭ ئورنى بوشىسا تەيىنلەۋەرسە...» دېيىلگەن. شۇ خېدىنىڭ تەكشۈرۈشىدىكى بايان بىلەن قايتۇرۇۋېلىنغان ئاھالە بولغان مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق كىشىنىڭ ساندا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. ئەلۋەتتە، شۇ خېدىنىڭ بايانلىرى ھەممىسىدىن تەپسىلىي بولسىمۇ شۇ ۋاقىتتا ئىنىقلانغان سان زادى قايسى دائىرىدىكى كىشىلەرنىڭ نوپۇسىنى كۆرسىتىدۇ؟ نېمە ئىشلارنى قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ساندىن ئىبارەت دېگەن سوئاللار تۇغۇلماي قالمايدۇ. شۇ خېدىنىڭ ئىستاتىستىكىسى بىلەن مانجۇ ئەمەلدار چىشىيىنىڭ بايانلىرىدىكى ساندىمۇ پەرق بار، بۇ پەرقلەر داۋاملىق مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر. يەنە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، 1758ـ يىلى لوپلۇقلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرۈپ بارغان ۋەكىللىرى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئىككى توپ ئىكەنلىكى، بەيئەتچىلەرنىڭ باشچىلىرىنىڭ ناملىرىدىن (قاشقا ۋە نىياز قۇلى) ھەمدە «نىياز قۇلى ئالدى بىلەن تابىئەلىك بىلدۈرگەن» دېگەن بايانلىرىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭ زامانىدا نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن، 1762 ـ يىلىدىن 1764 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان «غەربىي يۇرت جۇغراپىيەسىدىن رەسىملىك بايان» ناملىق كىتابتىمۇ لوپلۇقلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە باشقا جەھەتلىرىدىن خېلى ياخشى مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «قاراشەھەر ئەسلىدە لوپنور ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئانا ماكانى ئىدى، كېيىن ئويراتلارنىڭ جوراس، ماخۇس قەبىلىلىرى بۇ يەرنى ئىگىلەپ يايلاق قىلىۋالغان، شۇندىن كېيىن ئۇيغۇرلار بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمىدى، شەھەر ۋەيران بولۇپ ئورمانلار كۆيۈپ كۆل بولدى، يات قەبىلىلەر ئىگىلىۋالغانلىقتىن يەرلىك ئاھالە باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا كۆچۈپ كېتىشتى، يەرلەر چۆللىشىپ، ئادەمسىز قالدى... (پىچان) جەنۇبتا لوپنور بىلەن تۇتىشىدۇ، كۆپلىگەن دەريالار مۇشۇ يەرگە قۇيۇلىدۇ، ئۇنى ئايلىنىپ چىققان كىشى يوق. كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا بېلىقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان بىر مۇسۇلمان تائىپىسى بار...»① بۇ كىتابنى يازغۇچى تۇرپان ياكى قاراشەھەر رايونىدا ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان بولۇشى ياكى ئەينى ۋاقىتلاردىكى چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ كىتابىدا قالدۇرغان ئۇچۇرلىرى خېلى قىممەتلىك. «قاراشەھەر لوپلۇقلارنىڭ ئانا ماكانى» دېگەن بايانىنىڭ قانچىلىك ئاساسى بارلىقى نامەلۇم، ئەمما جۇڭغارلار ئىگىلىۋېلىشتىن بۇرۇنقى قاراشەھەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تۆپكى يەرلىك ئاھالە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يازما ئاساسلار يېتەرلىك. مۇشۇ ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، لوپلۇق

① رۇەن مىڭداۋنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تەييارلانغان: «غەربىي يۇرت جۇغراپىيەسىدىن رەسىملىك بايان»، يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 24 ـ، 27 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى كەڭرى زېمىنلەردە ياشىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. يۇقىرىقى ئۇچۇرغا ئاساسەن لوپلۇقلارنى ئەسلىدە قاراشەھەرلىك ئۇيغۇرلار ئىدى دېگەن قاراشنى ياقلايدىغانلارمۇ، قارشى تۇرىدىغانلارمۇ بار، بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىش زۆرۈر، لېكىن 1723 - يىلىدىن بۇرۇنقى تارىخىي دەۋردە لوپلۇقلارنىڭ ئىزچىل تۈردە لوپ رايونىدا ياشىغانلىقىدەك پاكىتنى ئەستە تۇتۇش زۆرۈر.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ ئەمەلدارى چۈنيۈەن چىشىيى 1760 - يىلى ئەتراپىدا ئاقسۇدا ئۈچ يىل تۇرغان، تەخمىنەن 1764 - يىلىدىن بۇرۇن يېزىلىپ، 1777 - يىلى كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە» ناملىق كىتابىدا، «ئۇيغۇرلار يۇرتى (回疆)دىكى دەريالار نەچچە مىڭ يول ئېقىپ شەرقىي جەنۇبتا يىغىلىپ لوپنور (贺部诺尔)غا قۇيۇلىدۇ... ئىككى مەھەللە بار، لوپنور (贺部诺尔) دېيىلىدۇ، ھەربىر مەھەللىدە 4 - 5 يۈز ئۆيلۈكتىن ئاھالە بار، بۇلار تېرىقچىلىق قىلمايدۇ، چارۋا باقمايدۇ، بېلىق تۇتۇپ يەپ ھايات كەچۈرىدۇ، چىگىدىن كىيىم تىكىپ كىيىدۇ. ئاق قۇ قاتارلىق قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى ئىچىگە ئېلىپ قىشلىق كىيىم تەييارلاپ كىيىدۇ. ئۇيغۇرلار (回子) بىلەن تىل ئۇقۇشىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ تىلاۋەت قىلىشنى بىلمەيدۇ. بەزىدە كورلا ئۇيغۇر شەھىرىگە بارغۇچىلار بولسا ئۇن، گۆش تائامى يېمەيدۇ، ئەگەر يېسە قورسىقى كۆپۈپ قۇسىدۇ. كورلىدا بېلىق كۆپ بولغانلىقتىن بۇ يەرگە كېلىدۇ، ئەمما باشقا يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ يەردە 5 - دەرىجىلىك بەگدىن بىرى قويۇلغان بولۇپ، پىچان مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان ۋاقىتلاردا پىچانغا بارغاندا بېلىق تالقىنىنى ئۆزۈق قىلغان.»[①] بەزى يازمىلاردا تۇرپان ئايماق خانى سۇلايمان ۋاڭ (ئىمىن خوجا ئوغلى) گۇناھ سادىر قىلىپ ئورنىغا تۆتىنچى ئوغلى سەيپۇللا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، سۇلايمان ۋاڭ باشقۇرغان بارلىق يەر ۋە ئاھالىنى (شۇ قاتاردا لوپ رايونىدىكى 210 نەچچە ئائىلىنىمۇ) باشقۇرغان، دېگەن بايانلار بار.

«بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، 1797 - يىلى مۇران (ئابدال دېيىلىشى كېرەك ئىدى)، چارا قاتارلىق جايلاردا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ نۇرغۇن لوپلۇقلارنىڭ بېشىغا چىققان، نەتىجىدە كۆپىلگەن لوپلۇقلار ھەر تەرەپكە تارقىلىپ مەھەللىلىرىگە قايتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، بىر قىسمى قېچىپ خوتەننىڭ لوپقا، بىر قىسمى قېچىپ تىكەنلىك (ھازىرقى 34 - تۇەن تۇرۇشلۇق جاي)، دۆڭقوتان ھەم بۇگۇرنىڭ جەنۇبىي كۆدەيلىك (سوخۇ) رايونلىرىغىچە قېچىپ كەتكەن[②]. بۇ ئۇچۇرنىڭ قانداق مەنبەگە ئاساسلىنىلغانلىقىنى ئۇقمايمىز، ئەمما لوپلۇقلارنىڭ رۇس ئېكسپېدىتسىيەچى پىرژىۋالىسكىغا ئېيتقانلىرىغا قارايدىغان بولساق، 1797 - يىلىدىن سەل بۇرۇن لوپ رايونىدا يۈز بەرگەن يۇقۇملۇق كېسەل سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئاھالىنىڭ

① چۈنيۈەن چىشىيى: «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر كىتابخانىسى فاكسىمىل نەشرىگە قاراڭ.

② بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرە كومىتېتى: «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، زامانىمىزدىكى جۇڭگو نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 264 - بەت.

ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئەمەلىيەت بولۇپ چىقىدۇ.

1784 ـ يىلىدىكى «پادىشاھ ھۇزۇرىدا بېكىتىلگەن دەريا ـ ئېقىنلار مەنبەسى توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرە» (钦定河源纪略) ناملىق ئەسەرنىڭ 28 ـ جىلدىدا «لوپنور كۆلى قاراشەھەرنىڭ 200 يولدىن ئارتۇق جەنۇبىدا، غازلىق كۆلنىڭ 200 يول غەربىي شىمالىدا. كاشغەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، كۇچار دەرياسى، قايدۇ دەرياسى مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلىدۇ... ئايلانمىسى 500 يول، ئەتراپىدا ئوننەچچە قۇرۇقلۇق (洲، بوستانلىق؟) بار، غەربىي يۇرتتىكى دەريالار مۇشۇ يەرگە قۇيۇلىدۇ. كۆل بويىدا مۇسۇلمان قەبىلىلىرى جايلاشقان. يوڭجېڭ سەلتەنىتىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 1723 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ياردەمچى سانغۇن ئالانا مەلۇماتنامە يوللاپ لوپنور ئۇيغۇرلىرىدىن قۇربان قاتارلىقلار قاراكۆل، ساداقتۇ، قاراقوشۇن قاتارلىق جايلاردىكى مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ بەيئەت قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلغان. ئىتائەت قىلغان ئۈچ يىلدىن بېرى لوپنور ئۇيغۇرلىرى دەريا ـ كۆل بويلىرىدا بېلىقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرمەكتە... چيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 23 ـ يىلى (1758 ـ يىلى 2 ـ ئايدا) نوپۇس پىرقىسىنىڭ يانداش بېگى ئارغۇن قوشۇن باشلاپ بايارنى قوغلاپ لوپنوردىن ئۆتكەندە بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى قاشقا قاتارلىقلار كېلىپ تەسلىم بولغان ھەمدە نەچچە ئون يىل بۇرۇن بۇ يەردە 2000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق كىشى بولسىمۇ كۆچۈپ كېتىپ ھازىر نەچچە يۈز ئادەم قېلىپ بېلىقچىلىق بىلەن ياشاۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلغان... چيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) غەربتە زەپەر قۇچقان مەسلىھەتچى ئامبال شۇ خېدې لوپنور رايونىنى تەكشۈرگەندە، قاراكۆل ۋە قاراقوشۇن دېگەن ئىككى قەبىلە بار ئىدى. قاراقوشۇن يەنە بەشكە بۆلۈنگەن ۋە ئۈچ بەگ كۆپەيتىلگەن بولۇپ 183 ئۆيلۈك 1071 نوپۇسى بار ئىدى، مۇشۇلار قاسى (哈什) پېيىدىن 100 تال، سۇغۇر (伦 海) تېرىسىدىن توققۇز پارچە ئولپان تۆلەيدۇ»[1] دېيىلگەن. مانا مۇشۇ ئۈچۈردىن قارىغاندا، 183 ئۆيلۈك بۇ ئاھالە پەقەت قاراقوشۇننى مەركەز قىلغان ھالدىكى بەش جايدىكى ئاھالىدىن باج ـ سېلىق تۆلەيدىغانلارنىڭلا سانى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، بۇلار پۈتۈن لوپلۇقلارنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت.

«قارام قەبىلىلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابنىڭ 15 ـ جىلدىدا «لوپنوردا بۇرۇن 2000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالە بار ئىدى، بەيئەت قىلغاندىن كېيىن كۆچتى، جۇڭغارلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئاقسۇ، دولان شەھەرلىرىگە قېچىپ بېرىشقان، مانا ھازىر 600دىن كۆپرەكى قالدى»[2] دېيىلگەن.

چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارى خې نىڭ تەرىپىدىن 1803 ـ يىلى ئەتراپىدا يېزىلغان «ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ تەپسىراتى» (回疆通志) ۋە مۇشۇ مۇئەللىپنىڭ 1806 ـ يىلى كىتاب

① جى يۈن: «پادىشاھ ھۇزۇرىدا بېكىتىلگەن دەريا ـ ئېقىنلار مەنبەسى توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرە» (钦定河源纪略)، فاكسىمىل نەشرى، 242 ـ، 243 ـ بەتلەر.

② رۇەن مىڭداۋنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە ئىزاھلانغان: «غەربىي يۇرت جۇغراپىيەسىدىن رەسىملىك بايان»، يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 28 ـ بەت.

قىلىنغان «ئۈچ ئايماق بايانلىرى» (三州辑略)[1] دېگەن كىتابىدىكى بايانلىرى يۇقىرىدا كۆرگەن چۈنيۈەن چىشىيى تەرىپىدىن يېزىلىپ، 1777 ـ يىلى كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە» بىلەن مەزمۇنى جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش. «ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ تەپسىراتى»دا مۇنداق دېيىلگەن: «لوپنور تۇرپاننىڭ 500 يولدىن ئارتۇق شەرقىي جەنۇبىدا، پىچاننىڭ 300 نەچچە يول جەنۇبىدا، كۆلنىڭ ئايلانمىسى نەچچە مىڭ يول بولۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چوڭ كۆلدۇر. كۆل بويىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى مەھەللىسى بولۇپ ھەربىرىدە 4 ـ 5 يۈز ئۆيلۈكتىن لوپنورلۇق ئاھالە بار. ئۇلار تېرىقچىلىقنى ئۇقمايدۇ، مال باقمايدۇ، بېلىقنى ئوزۇق قىلىدۇ[2]. چىگىدىن ئېگىن توقۇپ كىيىدۇ، ئاق قۇ قاتارلىق قۇشلارنىڭ پېيىنى بېزەك قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن تىل ئۇقۇشىدۇ. قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى بىلمەيدۇ. بەزىلىرى كورلا ئۇيغۇر شەھىرىگە بېرىپ قالسا ئۇن تائامى ۋە مال گۆشى يېمەيدۇ، ئەگەر يەپ قالسا قورسىقى كۆپۈپ قۇسىدۇ. كورلىدا بېلىق بولغانلىقتىن كېلىشكە جۈرئەت قىلىدۇ، تەسلىم بولغاندىن بۇيان شۇنچە كەڭرى ئۇيغۇر زېمىنىدىن توققۇز پارچە سۇغۇر تېرىسى ئولپان تۆلەيدۇ...»[3] دېيىلگەن.

نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن 18 ـ ئەسىردە يېزىلغان «ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەردە لوپ كۆلى (洛卜淖尔)نىڭ پىچاننىڭ دەل جەنۇبىدا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۈركۈمى ئىكەنلىكى، زىرائەت تېرىمايدىغانلىقى، مال باقمايدىغانلىقى، كېمە تاياپ بېلىق تۇتۇپ ئوزۇق قىلىدىغانلىقى، چىگە يىغىدىغانلىقى، قاسىنىڭ پەيلىرى ۋە سۇغۇر تېرىسىنى باشقا يۇرتتىكىلەرگە ساتىدىغانلىقى ياكى كىيىم قاتارلىق كېرەكلىكلەرگە ئالماشتۇرىدىغانلىقى يېزىلغان[4].

چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارى شۇ سۇڭ (1781 ـ 1848)نىڭ 1821 ـ يىلى پۈتتۈرگەن «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرى خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلار، ئاساسىي جەھەتتىن يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە» ناملىق كىتابتىكى بايانلار بىلەن ئوخشىشىدۇ. دېمەك بۇ كىتابتىكى بايانلار ئەنە شۇ كىتابتىكى ئۇچۇرلارنى كۆچۈرۈش ياكى ئاساس قىلىپ يېزىشتىن كەلگەن. بۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «كاڭشى سەلتەنىتىنىڭ 61 ـ يىلى (مىلادىيە 1722 ـ يىلى) چوڭ

---

① خې نىڭ: «ئۈچ ئايماق بايانلىرى (三州辑略)»، تەيۋەن چېڭۋېن نەشرىياتى، 1967 ـ يىلى فاكسىمىل نەشرى، 28 ـ بەت.

② بۇ قاراش شۇندىن باشلاپ 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە بولغان كىتابلاردا لوپلۇقلارغا ئائىت بايانلاردا تەكرارلىنىپ تەۋرەنمەس يەكۈنگە ئايلىنىپ قالغان (بۇنىڭغا 1944 ـ يىلى نەشر قىلغان «جۇڭگو چېگرا رايون ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى ئەسەرلىرى» 1 ـ توپلامنىمۇ مىسال قىلىشقا بولىدۇ)، بۇ ئەھۋال پەقەت 18 ـ ئەسىردىكى ئەھۋالغىلا ماس كېلىدىغانلىقىنى كېيىنكى مەزمۇنلاردا بايقىۋالالايمىز.

③ خې نىڭ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ تەپسىراتى»، جۇڭگو تەيۋەن ۋېنخەي نەشرىياتى، 1966 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 341 ـ بەت.

④ «ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ تەزكىرىسى»، جۇڭگو تەيۋەن چېڭۋېن نەشرىياتى، 1968 ـ يىلى فاكسىمىل نەشرى، 23 ـ، 25 ـ بەتلەر.

قوشۇنىمىز تۇرپانغا يۆرۈش قىلىپ، شەھەر قۇرۇپ بوز ئاچقاندا، لوپنور ئۇيغۇرلىرىدىن قۇربان قاراكۆل، ساداقتۇ، قاراقوشۇندىكى مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىسىنى باشلاپ كېلىپ ئەل بولدى. چيەنلۇڭ سەلتەنىتى (چيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ باشلىرىدا 1736 ـ يىلى باشلانغان ـ نەقىلچى) قالقا بىلەن غالدان سىرىنىڭ يايلاق چېگراسى بېكىتىلگەن. جۇڭغارلارنىڭ چېگراسى كىمچىكخان تەڭرى دېگەن يەردە بولغان. يۇقىرى ئالتاي تېغى قاپتىلى ۋە سۇلاي ئارتىنىڭ ئاستىدىكى قاپ تېغىدىن باي تېغى ئارىسىغىچە بولغان. ئۇلانئۇسۇ، لوپنورلاردىن ئۆتۈپ بىۋاستە غازلىق كۆلگە يېتىپ بارغان. شۇڭا لوپنورلۇقلار جۇڭغارلارغا تەۋە بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ زۇلۇمىدىن كۆپى قېچىپ كەتكەن، بۇرۇن ئاھالىسى 2000دىن كۆپ بولسىمۇ ھازىر 600 دىن ئارتۇقراق ئادەم قالغان... (بۇ يەردىكى بايانلار يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن مەزمۇنلار بىلەن تامامەن ئوخشاش ـ نەقىلچى). (1761 ـ يىلى) بۇ يەردە 208 ئۆيلۈك، 1260 ئەر ـ ئايال بار، 5 ـ دەرىجىلىك بەگدىن ئۈچ نەپەر، 6 ـ دەرىجىلىك بەگدىن يەتتە نەپەر...»[①] ئومۇمەن ئالغاندا شۇ ۋاقىتتىكى لوپلۇقلار ھەققىدىكى ئۇچۇرنىڭ مەنبەسى ئىككى خىل بولۇپ بىرى شۇ خېدىي قاتارلىقلارنىڭ مەلۇماتى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا شۇ دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە يوللانغان مەلۇماتلاردىن ئىبارەت. يەنە بىرى غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك ماتېرىياللار يەنى «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە»، «غەربىي يۇرت جۇغراپىيەسىدىن رەسىملىك بايان» قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بۇ كىتابلارنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى تۇپ نېگىزىدىن ئالغاندا بىر بولسىمۇ، ئىشلىتىش مۇددىئاسىنىڭ پەرقى تۈپەيلىدىن ئىككى خىل نەتىجە كېلىپ چىققان. يۇقىرىقى ئىككى مەنبەنىڭ ئەسلىي مەنبەسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېرىكلىرى ياكى ئەمەلدارلىرى بولسىمۇ، ئەينى دەۋر پادىشاھلىقىغا يوللانغىنى بىلەن كىتاب قىلىنىپ ئاۋام ئارىسىدا تارالغان ماتېرىيال ئىككى خىل بولغان.

1836 ـ يىلى ئەتراپىدا چى يۈنشى تەرىپىدىن يېزىلغان «غەربىي يۇرت يەر ناملىرىغا شەرھىي» ناملىق ئەسەردە «لوپنور، شەھەردىن 500 نەچچە يول شەرقىي جەنۇبتا، پىچاننىڭ ئۈچ يۈز نەچچە يول غەربىي جەنۇبىدا. نور ــ كۆل دېگەنلىك بولۇپ كۆلنىڭ ئايلانمىسى نەچچە مىڭ يول كېلىدۇ. بۇ كۆل شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چوڭ بىر كۆل، ئۇ يەردە مۇسۇلمانلار كەنتىدىن ئىككىسى بار، ھەربىرىدە 4 ـ 5 يۈز ئۆيلۈكتىن ئاھالە بار. بۇلار تېرىقچىلىقنى، چارۋىچىلىقنى بىلمەيدۇ، پەقەت بېلىقنى ئوزۇق قىلىدۇ. تىلى قوشنا يۇرتلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىدىن پەرقسىز، ناماز ئوقۇش ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشنى بىلمەيدۇ. بەزىدە كورلا ئۇيغۇرلار شەھىرىگە بېرىپ قالغۇچىلار بولسا گۆش ۋە ئۇن تائامى يېمەيدۇ، يېسىلا قورسىقى كۆپۈپ قۇسىدۇ. كورلىدا بېلىق كۆپ

① شۇ سۇڭ: «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرى خاتىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 121 ـ ، 122 ـ بەتلەر. بۇ بايانلارمۇ لوپلۇقلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي سانى سۈپىتىدە ئاساس قىلىنغان، لېكىن ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىمكى، خەنزۇ ۋە مانجۇ ئاپتورلار كۆپ قېتىم تەكرارلىغان بۇ نوپۇس سانى پەقەت قاراقوشۇن كۆلى بويىدىكى ئاھالىنىڭ بىر قىسمىنىلا كۆرسەتكەن. كېيىنكى بايانلىرىمىزدا كۆرۈلىدىغان لوپلۇقلارنىڭ مەھەللىلىرى ۋە جايلاشقان ئورۇنلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك بۇ مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ.

بولغانلىقتىن بەزەندە كېلىپ قالىدىغانلار بار. ھەر يىلى سۈغۈر تېرىسىدىن توققۇز پارچە ئۇلپان تاپشۇرىدۇ. 6 ـ دەرىجىلىك بەگدىن بىرى تەيىن قىلىنغان بولۇپ تۇرپاننىڭ باشقۇرۇشىدا»[①] دېيىلگەن. چى يۈنشى تەرىپىدىن 1806 ـ يىلى يېزىلغان «غەربىي چېگرا بايانلىرى» ناملىق كىتابتا يۇقىرىقى بايانىدىكى «شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى» دېگەن بايان «غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى» دېيىلگەندىن باشقا بايانلار ئاساسەن ئوخشاش[②]. مانا بۇلاردىن كۆرىنىپ تۇرۇپتۇكى، تاكى 1800 ـ يىلىغىچە لوپلۇقلارنىڭ ئىگىلىكىدە تېرىقچىلىق يوق ئىدى، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئۇن تائامى يېسە قورسىقى كۆپۈپ ياندۇرىدىغانلىقى، كورلىدا بېلىق كۆپ بولغانلىقتىن كورلىغىلا بارالايدىغانلىقىنى ئالاھىدە يازمىغان بولاتتى. شۇنىدىن 20 ـ 30 يىللار ئۆتكەندە خوتەنلىكلەر (قاراقوشۇن كۆلى رايونىدىكىلەر) ۋە تۇرپانلىقلار[③] (يېقىنقى سۇدىن تىكەنلىك ئەتراپلىرىغىچە)نىڭ تەسىرىدە تېرىقچىلىقنى ئۆگىنىپ بۇغداي، پاختا، قوغۇن، تاۋۇز، كۆكتات تېرىغان.

جوڭ گۇاڭشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ تەزكىرىسىنىڭ ئارگىنالى» ناملىق ئەسەردىمۇ لوپلۇقلار توغرۇلۇق قىسقىچە ئۇچۇر قالدۇرۇلغان، ئۇنىڭدا لوپ كۆلى بويىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قاراكۆل قەبىلىسىگە تەۋەلىكى، 1761 ـ يىلى بەگدىن ئۇچى كۆپەيتىپ تەيىنلەنگەنلىكى، ئۇلارنىڭ بېلىق تۇتۇپ يەپ ياشايدىغانلىقى، لوپ كۆلى ۋە ئەتراپلىرىدىن قارا قىلتىرىقلىق چوڭ بېلىقنىڭ كۆپلۈكى ، ئاشلىق يېمەستىن بېلىقلا ئىستېمال قىلىدىغانلىقى، ساتما تىكىپ ئولتۇرىدىغانلىقى، بېلىقنى شۇنداق تېز يەيدىغانلىقى، قىلتىرىقنى جاۋىغىيىدىن چىقىرىدىغانلىقى، تىلىنىڭ باشقا يەردىكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقى، بېلىق تۇتۇشتىن باشقا ئىگىلىكى يوقلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلغان ھەمدە 1777 ـ يىلى كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»دىن نەقىل كەلتۈرگەن[④].

1868 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قەشقەردە زىيارەتتە بولغان ئەنگلىيەلىك روبىرت شاۋنىڭ لوپلۇقلار ھەققىدە ئاڭلىغىنى مۇنداق: «قۇملۇقتا يېقىن ئولتۇراقلاشقىنى دولانلار، بۇ بىر بۆلەك يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن ياشايدىغان مۇسۇلمان قەبىلىسى،

---

① چى يۈنشى: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرىغا شەرھىي»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 22 ـ بەت.

② چى يۈنشى: «غەربىي چېگرا بايانلىرى»، تەيۋەن سودا باسمىخانىسى، 1966 ـ يىلى نەشرى، 10 ـ بەتكە قاراڭ.

③ ئوسمان تايىپ: «ئازادلىقتىن ئىلگىرى تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن تىكەنلىككە كۆچۈپ كەلگەنلەر توغرىسىدا» («لوپنور تارىخ ماتېرىياللىرى» 8 ـ توپلام، 2012 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 126 ـ بەت) دېگەن ماقالىدە يېزىلىشىچە ئىمىن خوجا زامانىدا تۇرپان، لۈكچۈن، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىن 1000دىن ئارتۇق كىشى خوجا ھېسابىدا تىكەنلىككە كۆچۈرۈلگەن. بۇ قېتىم كەلگەنلەر تۇرپاننىڭ يارغول، پىچاننىڭ لۈكچۈن، تۇيۇق، يانقىر، دېھقان يېزىلىرى ھەمدە توقسۇننىڭ يىلانلىق يېزىلىرىدىن كەلگەن. بىر قىسىم ئاھالىلەر شارائىتقا كۆنەلمەي قايتىپ كەتكەن.

④ جوڭ گۇاڭشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭ تەزكىرىسىنىڭ ئارگىنالى» (1930 ـ يىلى بېسىلغان)، جۇڭخۇ تەيۋەن چېڭۋېن نەشرىياتى، 1968 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 85 ـ، 86 ـ بەتلەر.

تۇركلەر ئۇلارنى موغال قەبىلىسى دەپ ئاتايدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇلار گەمە ياكى لايتام ئۆيلەردە ئولتۇرىدىكەن. ئۇلاردىن باشقا قۇملۇقتا شەكىللەنگەن تۇزلۇق كۆل (بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى) Lop noor بويىدا، كۆلگە يېقىن كېلىدىغان koor ـ dam ـ kak رايونى (تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆپلىگەن دەريالىرى مۇشۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ)، چەكلىك رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ يەردە بېلىق تۇتۇپ هايات كەچۈرىدىغان، دەرەخ قوۋزىقىنى كىيىم قىلىپ كىيىدىغان ئىپتىدائىي قەبىلىلەر بار، بىراق مەن ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىدىم»[①] دېيىلگەن. مانا بۇ ئۇچۇرلار لوپ رايونى ۋە لوپلۇقلار ھەققىدە قەشقەرگە يېتىپ بارغان ئۇچۇرلاردىن ئىبارەت.

پىرژىۋالسكى 1885 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىدىن مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلارنىڭ ئەجدادى موڭغۇل ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارباتاينىڭ باشچىلىقىدا ئىلى رايونىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كىرگەن. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان موڭغۇللار بىلەن قالماقلار بىر مىللەتتۇر، ئۇلار تۆمۆت، ئۇيرات، ئايناس، گېناس قاتارلىق تۆت ئۇرۇقتا تەۋە. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، موڭغۇل كۆچمەنلىرى لوپ رايونىدا ماچىنلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىر ـ بىرىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن. ئۇ زاماندا لوپلۇقلار لوپ شەھىرىدە تۇراتتى ۋە كەۋلىيە دەپ ئاتىلاتتى، بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلاتتى. كېيىنچە ئىمام جەئفىرى سادىق ئاۋامنى ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلاپتۇ، كېيىنچە بۇ ئىمامنى ئاھالىلەر ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. لوپ كۆلى بويىدىكى بۇ يېڭى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىدە ئىدى. بىراق دىنغا ئىخلاسمەن ئەمەس ئىدى. شۇڭا يۇسۇپ سەككاكى ئىسىملىك ئۆلىما لەشكەر باشلاپ لوپ شەھىرىگە كىرگەن، لوپ شەھىرىدىكىلەر يۇسۇپ سەككاكىغا سوۋغا تەييارلاپ سېتىۋالماقچى بولغان. يۇسۇپ سەككاكى سوۋغىلارنى قوبۇل قىلماي، پۈتۈن لوپ شەھىرىدە قەتلىئام يۈرگۈزۈپ شەھەرنى قۇرۇقدىۋەتكەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ ۋەقە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن يەنى 1373 ـ يىلى (ئەمەلىيەتتە تۇغلۇق تۆمۈرخان 1363 ـ يىلى قازا قىلغانىدى — خەنزۇچە تەرجىماندىن) بولغانىكەن. يۇسۇپ سەككاكى قەتلىئامىدا ئامان قالغان 15 ئۆيلۈك ئاقسۇغا يېقىنراق يارىبېشى مەھەللىسىگە كۆچۈپ بارغان. يەنە ئاز سانلىق كىشىلەر كېرىيەنىڭ قاغالۇق (قالۇق؟)قا، بىر قىسمى خوتەنگە كۆچۈپ پېشىدىن لوپ مەھەللىسىنى قۇرۇپ چىققان. يەنە بىر بۆلەك كىشىلەر لوپ كۆلى ئەتراپىدىكى قومۇشلۇقتا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ، ھازىرقى كۆل بويىدىكىلەر ئەنە شۇلارنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىدۇر. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، لوپ شەھىرى ۋەيران بولغاندىن كېيىن بۇ يەردە ئوتۇغۇچخان دېگەن خان چىقىپ ھازىرقى چاقىلىقنى ئاستانە قىلغان كىچىك خاندانلىق قۇرۇلۇپتۇ. كېيىنچە گاس موڭغۇللىرى (ئۇيرات قەبىلىسى بولسا كېرەك) خانى قۇنتەيجى ئوتۇغۇچخاننىڭ

① روبېرت شاۋ: «بىر ئەنگلىيەلىك ‹سودىگەر›نىڭ خەتەرلىك سەپىرى (كەشمىردىن كاشغەرگىچە)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 21 ـ بەت.

ۋارىسلىرىغا ھۇجۇم قىپتۇ، خاننى ئۆلتۈرۈپ خانىدانلىقنى يوقىتىپتۇ، ھايات قالغان ئاھالىلەردىن بىر بۆلىكى قېچىپ خوتەنگە كەتكەن بولسا، بىر بۆلۈكى قۇمۇشلۇق ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپتۇ، ھازىرقى كىشىلەر شۇلارنىڭ 7 ـ ئەۋلادى ئىكەن[1]. مانا بۇلار لوپلۇقلارنىڭ ئۆز تارىخى ھەققىدىكى بايانلىرىدىن كەلگەن. بۇ رىۋايەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلساق بەزى مەسىلىلەر بارلىقىنى بايقايمىز، يەنى ئىمام جەئفىرى سادىق ۋە يۈسۈپ سەككاكىغا مۇناسىۋەتلىك. ھېچبىر مەنبەدە ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر يۈسۈپ سەككاكى 1228 ـ يىلىغىچە بىر مەزگىل چاغاتاي خانىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان، تۆھمەت سەۋەبىدىن چاغاتاي زىندانىدا قازا قىلغان، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى سىراجىدىن ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ ئىبن ئەبۇ بەكرى ئەل خارەزىمي سەككاكى، 1160 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1229 ـ يىلى قازا قىلغان، ئىلى قورغاستىكى خۇنخاي مازىرىغا دەپنە قىلىنغان، قەبرىسى ھېلىمۇ بار. ئۇ ئەرەب تىلىدا ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، تىلشۇناسلىق قاتارلىق 13 خىل ئىلىمگە چېتىلىدىغان «مۇفتاھۇل ئىلىم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ۋە «تەلخىس» ناملىق كىتابلارنى يازغان، ئالدىنقى ئەسىرى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن ھەمدە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. يۈسۈپ سەككاكىنىڭ بۇ يەردە قەتلىئام يۈرگۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئەينى دەۋر شارائىتى ئۇنىڭغا يار بەرمەيتتى، ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرىمۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن نەچچە ئەجداد بۇرۇن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر سەككاكى ئۆتكەن، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ھەم شېئىرىيەتتە كامالەتكە يەتكەن شائىر. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى»نىڭ 2 ـ قىسىم 317 ـ بېتىدە 1375 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1410 ـ يىلى قازا قىلغان، دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلى، ھاياتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن «دىۋانى سەككاكى» ناملىق كىتابىدا 50 غەزىلى ساقلىنىپ قالغان. لوپلۇقلارنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى بايانىدىن باشقىلىرى ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر ئۇيغۇن، بۇ ھەقتە داۋاملىق مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

تاۋ باۋلىيەننىڭ كىتابىدا «لوپنورنىڭ پۈتۈن تېررىتورىيەسى شەرقتە ياردائلىق (龙堆)قا، غەربتە كۈسەنگە تۇتىشىدۇ، ئىككى مىڭ يول كەڭلىكتە بولۇپ 15 قۇملۇق، 13 تۇزلۇق بار. تارىمنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يەرلەردە 26 تارقاق مەھەللە بولۇپ 640 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئالتە مىڭدىن ئارتۇق كىشى ياشايدۇ، تېرىلغۇ يېرى 16300 مو...»[2] دېيىلگەن.

ياڭ ليەن «ئەڭ ئاخىرقى لوپلۇق» ناملىق كىتابىدا «(كۇنچىققانبەگ) پىرژىۋالىسكىغا، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدە لوپ كۆلى بويىدا ئولتۇرغانلىقى، 550 ئۆيلۈك ئىكەنلىكى، 11 مەھەللىگە بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنىڭ بېلىق

① پىرژىۋالسكى: «لوپ كۆلىگە سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 122 ـ بەت.
② تاۋ باۋلىيەن: «توشقان يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە» (辛卯侍行记)، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 410 ـ بەت.

تۇتۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ ياشايدىغانلىقىنى، 1856 ـ يىلى دەھشەتلىك قارا چېچەك تارقىلىپ، قىسقىغىنا بىرقانچە ئايدا نۇرغۇن ئادەم قىرىلىپ كەتكەنلىكى، ھازىرقى 20 ياشتىن ئاشقان لوپلۇقلار شۇ قېتىمقى يۇقۇملۇق كېسەلدىن ئامان قالغانلار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان...»①

1864 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ پارتلاپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغان ۋە بىرقانچە يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بارلىققا كەلگەن. داۋۇت كورلاۋىينىڭ «تەزكىرەتۇن نىجاد»، ئاشۇراخۇن غەرىبىينىڭ «ئەمىر ئالى» ۋە باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، لوپ رايونى ئالدى بىلەن كۇچار راشىدىن خان ھاكىمىيىتىگە، 1868 ـ يىلى ئەتراپىدا بەدۆلەتنىڭ ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى»نىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. يۇقىرىقى ھاكىمىيەت ھەتتا لوپلۇق پالگانلارنى تەشكىللەپ ئۇرۇشقا سالغان. ياقۇپبەگ «يەتتە شەھەر خانلىقى» قاراشەھەر (خوتونسۇمۇل، خوشۇت، باغراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، كورلا (كۆنچى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇگۇر قاتارلىق جايلارنى بىر ئۆلكە يەنى كورلا ئۆلكىسى قىلىپ، بۇ ئۆلكىگە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى تەيىنلەپ باشقۇرغان، لوپ رايونىمۇ مۇشۇ كورلا مەمۇرىي ئۆلكىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. 1878 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ياقۇپبەگ قۇرغان ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى»نى يوقىتىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى ھەمدە 1884 ـ يىلى ئۆلكە تەسىس قىلىپ بەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇ ۋاقىتتا لوپلۇقلارنىڭ بەگلىرى ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ ئۇلار خەلق ئىچىدە يەنىلا بەگ ئاتىلىپ يۇرت ۋە خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەلگەن.

پىرژىۋالسكى 1876 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كورلا شەھىرىدىن يولغا چىقىپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئېكسپېدىتسىيەسىنى باشلىغان. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيەسى 1877 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋام قىلغان، بۇ سەپەرىدە لوپلۇقلار ھەققىدە ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرى ئەڭ مۇكەممەل ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيەسى « 2 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرى» دېيىلگەن. سەپەر جەريانىدا لوپلۇقلارنىڭ جايلاشقان ئورنى، جۇغراپىيەلىك ئەھۋاللىرى، تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە باشقا جەھەتلەردىن قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرۇش بىلەن بىرگە قىممەتلىك سۈرەتلىرى بىلەن، لوپلۇقلارنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلدى، كىتابىمىزدىكى لوپلۇقلار توغرىسىدىكى خېلى كۆپ ماتېرىياللار مۇشۇ زاتنىڭ ئەسىرىدىن كەلگەن. شۇ قېتىمقى سەپىرىدە ئەينى زاماندىكى ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى»نىڭ ھۆكۈمرانى ئاتالىق غازى (بەدۆلەت) ياقۇپبەگ ئۇلارنى نازارەت قىلىشقا بىرگە ئېۋەتكەن زامانبەگ ۋە ھاجى دېگەنلەرنىڭ توسقۇنلۇقى بولمىغىنىدا ئىدى، تېخىمۇ مول ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەن بولاتتۇق، شۇنداقتىمۇ شۈكرى. ئېكسپېدىتسىيەچىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسى يەنى 4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسىدە، 1885 ـ

① ياڭ لىيەن: «ئەڭ ئاخىرقى لوپلۇق»، مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 236 ـ بەت.

يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈندىن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە قاراقوشۇن ئەتراپلىرىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ تارىم دەرياسىنى بويلاپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرغان، مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا كېلىپ چىقىشى رۇس سولداتى بولغان پىرژىۋالىسكىنىڭ بايانلىرىنى ھەربىي ئاخبارات دېيىشكە بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا «يەتتە شەھەر خانلىقى»نىڭ پەقەت قورغان (چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 60 نەچچە كىلومېتىر شىمالىدا)دا لەشكىرى بولغاندىن سىرت ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىلا بار ئىدى، شۇڭا پىرژىۋالىسكىنىڭ ئىگىلىگەنلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىنىڭ جۇغراپىيەلىك، ئېكولوگىيەلىك ھالەتلىرى بىلەن مۇشۇ رايوندا ياشىغان ئاھالىلەرنى چۈشىنىشتىمۇ ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئەمەلىيەتتە پىرژىۋالىسكىنىڭ بايانلىرىسىز 19 - ئەسىردىكى لوپلۇقلارنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى. گۇاڭشۇ سەلتەنەتى»نىڭ 291 - جىلد 883 - بېتىدىكى 1891 - يىلىغا تالىق بايانىدا يېزىلىشىچە، لوپ رايونى بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈپ باشقۇرۇلغان، بۇ رايونلار تۆۋەندىكىدەك بۆلۈنگەن: يېڭىكۆل قاتارلىق 13 مەھەللە ئوتتۇرا بۆلەك؛ چىگىلىك قاتارلىق يەتتە مەھەللە شەرقىي بۆلەك؛ توغراقلىق قاتارلىق ئالتە مەھەللە غەربىي بۆلەك بولغان؛ يېزىلىشىچە، بۇ رايونغا نەچچە تۈمەن ئائىلە ئورۇنلاشتۇرۇپ نەچچە يۈز مىڭ مو بوز ئاچقىلى بولىدىكەن. يېڭىكۆلنىڭ يېرى تەكشى، ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا نەپىقە دالالەت جۇجۇقى تەسىس قىلىنىپ كەلگۈندىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قولايلىق يارىتىلغان، شەھەر بىنا قىلىنغان. بۇ يەردە ئوتتۇرا ۋە غەرب بۆلەكنىڭ يەرلىرى تارىم دەرياسىدىن سۇ باشلاپ سۇغىرىلغان، شەرقىي بۆلەك چايان دەرياسىدىن سۇ باشلاپ سۇغىرىلغان. ئاۋۋال يېڭىكۆل، قورايلىق (和拉力)، كۆنچى دەرياسى، شىنغا (克尼尔) قاتارلىق جايلاردا ۋاقىتىنچە لەڭگەر قۇرۇلدى، لەڭگەر ئۆيى ھۆكۈمەت ئورگىنى قىلىندى...»[①] دېيىلگەن.

خۇ باڭجۇنىڭ قارىشىچە، لوپ رايونىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى لوپنور ناھىيەسىنىڭ دائىرىسىدىكى چارادىن تىكەنلىككىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. غەربىي بۆلەك چارادىن دۆڭقوتانغىچە بولغان رايونلارنى كۆرسەتكەن. شەرقىي رايوننى يۇقىرىقى بايانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، يېڭىسۇنىڭ جەنۇبىدىن قاراقوشۇن بويىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. خۇ باڭجۇ «كۆنچىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» ۋە «چاقىلىقنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»دىكى مۇناسىۋەتلىك خەرىتىلەرگە ئاساسلىنىپ، ئوتتۇرا بۆلەك رايونىدا چارا، ئۇستۈن تايىز كۆل، تۆۋەن تايىز كۆل، ياڭىكۆل، ئۇلۇغكۆل، گۇسلاق، تىكەنلىك، دۇرال، قاراكۆل، ئويمانكۆل، چاپقان، كۇززەك (柯子拉)، قاغۇلا (合鲁卡河拉) قاتارلىق مەھەللىلەرنى كۆرسەتكەن. ئوتتۇرا بۆلەكتە چىكە، لوپلەڭگەر، چاينۇت، تۇزلۇق، توقۇم، ئابدال، چاقىلىق قاتارلىق مەھەللىلەرنى كۆرسەتكەن. شەرقىي بۆلەك ئارىلىش، توغراقلىق، قاراچوماق، جىگدەشەھەرتام (吉布带沙尔塔木)، كونا مانجالىق، قاختۇ

① « ‹بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى›دىكى شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللاردىن توپلام»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 333 - بەت.

(哈哈兔) مەھەللىلىرىنى كۆرسەتكەن①. بۇلار چاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆنچىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇش ئالدىدا تۇرغان شىنپىڭ ناھىيەسىنىڭ دائىرىسىدىكى مەھەللە - كەنتلەر ئىدى.

شىنجاڭ مۇپەتتىشى تاۋ مۇنىڭ ئوغلى تاۋ باۋلېيەن 1891 - 1892 - يىللىرى يازغان «توشقان يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە»دە شۇ ۋاقىتلاردىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا خېلى كەڭرى مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. كىتابتا مۇنداق بايانلار بار: «گۇاڭشۇ سەلتەنىتىنىڭ 18- يىلى (1892 - يىلى) دۇرالدا پىچان (蒲昌) شەھىرى قۇرۇلدى، نەپىقە دالالەت جۇجۇقى ۋە تېرىقچى ئەسكەرلەر بارگاھى (屯营) كۆچۈرۈپ كېلىندى... بۇ يەردىن غەربكە 20 يول يۇرسە تىكەنلىك، بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مەھەللىسى بار. 30 يولدا قاشدۆڭ، 80 يولدا گۇسلاق. تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ غەربكە يۇرسە، 50 يولدا ئۇلۇغكۆلگە بارىدۇ. ئۇ يەردىن 40 يول يۇرسە ياڭىكۆلگە بارىدۇ، بۇلتۇر نەپىقە دالالەت جۇجۇقى مۇشۇ يەردە تەسىس قىلىنغان. يەنە غەربىي شىمالغا 80 يول يۇرسە قورايلىق (和拉里)، 75 يول يۇرسە كۆنچى (共奇) دەرياسى، 60 يول يۇرسە شىنغا (克尼尔)، 50 يول يۇرسە كورلا لەڭگىرى. ئىلاۋە : لوپنورنىڭ پۇتۇن زېمىنى، شەرقتە ياردائلىق (龙堆)، غەربتە كۇچا بولۇپ 2000 يولدىن ئارتۇق كەڭلىكتە. تاش - شېغىل ۋە شورتاڭلىق يەرلەر كۆپ، پەقەت تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىلا مۇنبەت تۇپراق بار، تارقاق جايلاشقان 26 مەھەللە، 640 تىن ئارتۇق ئۆيلۈك، 6000چە ئەر - ئايال بار. تېرىلغۇ يېرى تەخمىنەن 16 مىڭ 300 مو... شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ياسىنىۋېلىشىنى يامان كۆرىدۇ... يەنە 100 يول يۇرسە قارادايي (ئۇيغۇر تىلىدا شاخ - شۇمبا بار سۇ)، يۈز يول نېرىدا ئارغان (سۇنىڭ ئايرىلغان يېرى)، 80 يولدا توقۇم (ئاتنىڭ ئىگىرىگە ئوخشىغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. ئۇيغۇر تىلىدا ئاتنىڭ ئىگەر، ئېشەكنىڭ مۆلە ۋە توقۇم دېيىلىدۇ — نەقىلچىنىڭ ئىزاھى)، 90 يولدا قورغان (تۈز يەر بولۇپ ئەنجانلىقلار بۇ يەردە قورغان سالغان، ئايلانمىسى بىر يول ئەتراپىدا)، ئاندىن تارىم دەرياسىدىن ئۆتىدۇ. پامىردىن ئاققان جەنۇبىي، شىمالىي دەريا ۋە خوتەن دەرياسى ئاقسۇنىڭ جەنۇبىدا قوشۇلغاندىن كېيىن تارىم دەرياسى دەپ ئاتالغان، شەرقىي شىمالغا ئېقىپ كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ، جەنۇبقا بۇرۇلۇپ 200 يول ئېقىپ، ئۇندىن كېيىن شەرققە ئېقىپ لوپنور كۆلىگە قويۇلىدۇ... تارىم ئۇيغۇر تىلىدا تېرىلغۇ دېگەن مەنىدە. لوپ مەھەللىلىرى دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان. 40 يول نېرىدا چىگىلىك (چىگە بار يەر دېگەن مەنىدە، 27 ئۆيلۈك ئۇيغۇر بار. شەرقىي جەنۇبقا يۇرسە 60 يولدا تىلغۇن، 55 يولدا ئابدال مەھەللىسى بار. يەنە شەرقىي جەنۇبقا 1400 يول يۇرسە قاشقوۋۇق...)، چىگىلىكنىڭ جەنۇبىدا دەريانى كېچىپ ئۆتۈپ (خوتەننىڭ باشقۇرۇشىدىكى چەرچەن دەرياسى شەرقىي شىمالغا ئېقىپ تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدۇ...) 40 يولدا لوپ مەھەللىسى (21 ئائىلە بولۇپ يېرىم بېلىقچىلىق، يېرىم ئوۋچىلىقتا تايىنىپ ياشايدۇ...)، لوپ مەھەللىسىدىن جەنۇبقا يۇرۇپ تۇزلۇق لايداڭدىن ئۆتۈپ 40 يول يۇرسە قۇملۇق

① خۇ باڭجۇ: «لوپلۇقلار ھەققىدە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 3 -، 4 - قوشما سانى، 67 - 76 - بەتلەر.

تۇزلەڭلىك، يەنە 100 يول يۈرسە چاقىلىق مەھەللىسى، بۇ يەر قەدىمكى كىرورانىدۇر... شەرقىي شىمالغا يۈرسە مۇران (مۇران، 磨郎)، يەنە 100 يول يۈرسە ئاۋرازبۇلاق، 100 يول يۈرسە تۆپەداۋان، 50 يول يۈرسە قوشتاش، 50 يول يۈرسە يىلۋاچىمەن، 60 يول يۈرسە غازلىق كۆل (يەنە شوركۆلمۇ دېيىلىدۇ، بۇ يەردىن شەرقىي جەنۇبقا يۈرسە چىڭخەيىنىڭ شىنىڭغا بارىدۇ)، جەنۇبقا بۇرۇلۇپ 60 يول يۈرسە قاپتۇبۇلاق (يەنە قاراجولمۇ دېيىلىدۇ، ئالتۇن چىقىدۇ)، 60 يول يۈرسە چاغاندىلسۇگاي (يەنە بىر نامى ماڭلاي، 忙奇)، 60 يولدا غاشۇن (ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇنشور دېيىلىدۇ...)، يۈز يولدا غاز تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزى (بىر نامى چىمەنتاغ، يەنە بىر نامى 羌开尔، شەرقىي جەنۇبىدىكى يەر نامى دېيتۇل...) بولۇپ چىڭخەيىنىڭ پاسىلى مۇشۇ يەردۇر (شەرقىي جەنۇبىدىن چىڭخەيگە 13 مەنزىل، يول سايدام ئويمانلىقىدىن ئۆتىدۇ، بۇ يەر «خەننامە»دىكى چاقىلىق ئېلىدۇر). غەربىي جەنۇبقا 120 يول يۈرسە باشتوقاي، يۈز يول يۈرسە مۇتۇل قاغان...»①

چىڭ سۇلالىسى 1884 - يىلى «شىنجاڭ (新疆)» ئۆلكىسىنى تەسىس قىلدى ۋە بەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ناھىيە، ئايماقلارنى تەسىس قىلدى. شۇنىدىن كېيىنكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1891 - يىلى لوپ رايونى 640 ئۆيلۈك، 6000دىن ئارتۇق ئاھالە بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. چىن تىگسەن ئىسىملىك چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارى 1899 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى لوپ رايونىغا يېتىپ كېلىپ شىنپىڭ (كۆنچى) ناھىيەسىدە مەنسەپكە ئولتۇرۇپ، شىنپىڭ (كۆنچى) ناھىيەسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئامبىلى بولغان. شىنپىڭ (كۆنچى) ناھىيەسىنىڭ ئامبىلى ئۆز تەۋەسىدىكى چاقىلىقتا نائىب ئامبال تۇرغۇزۇپ، چاقىلىقنى چاقىلىق ناھىيەسى قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا تۆت يىل باشقۇرغان. 1903 - يىلى چاقىلىق ناھىيەسى تەسىس قىلىنىپ شيا چاۋشۈەن ئامبال بولغان، شۇنىڭ بىلەن چاقىلىق ھەم كۆنچى ناھىيەلىرى باراۋەر مەمۇرىي بىرلىك بولغان. شۇندىن باشلاپ لوپ رايونى چاقىلىق ۋە كۆنچى ناھىيەلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، لوپ خەلقىمۇ ئىككى ناھىيەنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ئىككى ناھىيە يېڭىسۇنىڭ شىمالىدىكى بەش دۆۋەنى پاسىل قىلغان، لېكىن ئىككى ناھىيەدىكى لوپ خەلقىنىڭ ئالاقىسىنى بۇ پاسىل توسۇپ قالالمىغان. 1911 - يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا ئابدال مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەن ياپونىيەلىك تاچىبانا زۇيچۇ ئابدال ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «لوپلۇق» دېيىلىدىغانلىقى، سىن - تۇرقى جەھەتتىن ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاشلىقى، لوپلۇقلارنىڭ تىلى بىلەن ساپ ئۇيغۇر تىلى ئارىسىدا پەرق بارلىقىنى، لوپلۇقلارنىڭ ئارقار (قوينىڭ ياۋىسى)نى ئوۋلاپ يەيدىغانلىقى، قوينى سېغىپ ئىچىدىغانلىقى، بېلىقنى ئوزۇق قىلىدىغانلىقى، ئاجايىپ - غارايىپ رىۋايەتلىرى بولسىمۇ سەھىيە سەۋەبىدىن يازمىغانلىقىنى بايان قىلغان②.

① تاۋ باۋلىيەن: «توشقان يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 410 -، 411 - بەتلەر.

② تاچىبانا زۇيچۇ: «تاچىبانا زۇيچۇنىڭ غەربكە سەپەر خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 42 - بەت.

لوپلۇقلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان تارىخ ياكى مەدەنىيەت توغرىسىدىكى ئەسەرلەر تېخىچە چېلىقىنى يوق، شۇنداق بولۇپلا قالماستىن يەنە ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تارىخى ۋە ئادەت ـ يوسۇنلىرىنى تەكشۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىلمىي پائالىيەتلەرمۇ بولمىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ يەرگە كەلگەن ئالىم ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەردىن رۇسىيەلىك سولدات پىرژېۋالسكى، فىرانسىيەلىك بونۋالوت، شىۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى، دوكتور سېۋېن ھېدىن ۋە ئەنگلىيەلىك ئارخېئولوگ، دوكتور ستەيىنلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە قىسمەن ئۇچۇرلار ساقلانغان بولسىمۇ، مۇشۇ ساھەدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار ئۇچۇن يېتەرلىك ئەمەس. چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ يازمىلىرىدا 1723 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار يېزىلغان بولسىمۇ، ئاپتورلارنىڭ بىۋاسىتە كۆرگەنلىرى ئازراق، بىر ـ بىرىنىڭ بايانلىرىنى بېيىتىش كۆپرەك بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۇچۇرلارنى تەھقىقلەشكە توغرا كېلىدۇ. 20 ـ ئەسىردە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ رۇسىيەلىك تىلشۇناس، دوكتور مالوف (1914)، رۇسىيەلىك تاتار تىلشۇناس، دوكتور ئەدھەم رېھىموۋىچ تېنىشېف (1956)، تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف (1960) ۋە ئەر ـ خوتۇن تىلشۇناسلار ھاشىم تۇردى، مېھراي ياقۇپلار تەكشۈرگەن (1980) بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈشلىرى تىلشۇناسلىقنى ئاساس قىلغانىدى. ئېتنوگراف ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا بىر قېتىم (1985) مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1980 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى تەكشۈرۈشلەردە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ئېغىز ئىجادىيىتىنى توپلاش ۋە نەشر قىلىشتا كۆرۈنەرلىك بولدى. ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبلىك، لوپلۇقلار كېلىپچىقىشى، ئېتنىك قاتلىمى، تىلى ۋە يوسۇنلىرى توغرىسىدا ھەر خىل پەرەزلەر، كۆپتۈرمىلەر، كۆپۈك بايانلار كۆپىيىپ قالماقتا. ماتېرىيال كەمچىل ئەھۋالدا مەن (ئىلىم ھەقىرى) 1950 ـ يىلىدىن بۇيان بەزى قەلەم ساھىبلىرىمىز، تەتقىقاتچى، ئالىملارنىڭ لوپلۇقلار ئارىسىدىن خاتىرىلىگەن رىۋايەت خاراكتېرىنى ئالغان بايانلىرىنى مەنبە قىلغان ھالدا، لوپلۇقلارنىڭ كېلىپچىقىشى، ئاتالمىش قەبىلىلەر مەسىلىلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىشلىرىمنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. لوپلۇقلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى بايانلىرى رىۋايەت خاراكتېرىنى ئالغانلىقى بىلەن يازما تارىخنىڭ ئورنىنى ئالالمىسىمۇ، لوپلۇقلارنىڭ ئېتنىك قاتلىمى ۋە تارىخىي جەريانلاردىكى ئۆزگىرىشلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**لوپلۇقلارنىڭ بايانلىرى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن مەرھۇم ئېتنوگراف ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا 1985 ـ يىللىرى ئەتراپىدا لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ شۇ قېتىم ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىدىن مۇناسىۋەتلىك بەزى بايانلارنى «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «لوپنور ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئۇلارنىڭ ‹قاراقوشۇن›، ‹قالۇچى›، ‹جوداق› قاتارلىق ئۈچ ئۇرۇقتىن تارالغانلىقى توغرىسىدا ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىن بىر نەچچە خىل رىۋايەت كەڭ تارقالغان. ئەمما بۇ رىۋايەتلەرنى تا ھازىرغا قەدەر يازما يادىكارلىقلاردا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بۇ رىۋايەتلەر كۆنچى

دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ۋادىلىرىدا ياشىغان قەدىمكى يەرلىك قوۋملارنىڭ كەچمىشلىرى توغرىسىدا بىزنى يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. بۇرۇنقى زاماندا بۇ يەردە 18 دەريا ۋە ھېسابسىز چوڭ ـ كىچىك كۆل بار ئىكەن، بۇ دەريالار يىغىلىپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلىدىكەن. لوپ كۆلى ئەتراپىدا ئابدال، قاراقوشۇن، قاراكۆل، داغى دېگەن يۇرتلار بولغان ئىكەن. قارامچى، تۇمەنپۇ دەرياسى بۇ يۇرتلارنىڭ پاسىلى ئىكەن. ئابدال پادىشاھى شىكاردا يۈرگەندە، كېنىزەكلىرى بىلەن سەيلە ـ تاماشا قىلىپ يۈرگەن قالماق پادىشاھىنىڭ قىزى خالۇت مەلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. مەلىكە پەرىزاتتىنمۇ چىرايلىق ئىكەن، ئابدال پادىشاھى ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ، ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇنىڭغا ئۆيلىنىپ باللىق بوپتۇ. قالماق پادىشاھى ئۆز تەۋەسىدىن قىزىنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ. كېيىن ئابدال پادىشاھىنىڭ ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، مەلىكىنى تارتىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ، ئىككى پادىشاھ بىر نەچچە يىل ئۇرۇشۇپتۇ. قالماق پادىشاھىنىڭ شاھزادىسىمۇ كۆل ـ دەريالاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ئابداللىقلارغا چېقىلىپ ئارام بەرمەپتۇ. ئابداللىق ئاكا ـ ئۇكا ئۈچ باتۇر ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ شاھزادىنىڭ كۆل بويىدا ھەمراھلىرى بىلەن بىللە كاۋاپ سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، يېقىنلىق ئىچى بىلەن كېلىپ شاھزادىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. شاھزادىنىڭ ئادەملىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ قېچىپتۇ. ئۈچ باتۇر يېقىنلىكتىن چىقىپ قارىسا شاھزادىنىڭ ئۈستىدە بۆرە ئۈچىكى بار ئىكەن. باتۇرلارنىڭ بىرى ئۇنى سالدۇرۇپ كىيىپ باققان ئىكەن، شۇ زامات يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ، يەنە بىرى كىيىپ بېقىپتۇ، ئۇمۇ ئۆلۈپتۇ. ساق قالغان باتۇر دەرغەزەپتە ھېلىقى ئۈچىكنى ئوتقا تاشلاپتۇ. شامال ئۆرتىلىۋاتقان قۇيقىنى شەھەر تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ بارغان ئىكەن، شۇ كۈندىن باشلاپ شەھەردە ۋابا تارقىلىپ كىشىلەر ئۆلگىلى باشلاپتۇ[1]. ئۇنىڭدىن ئۇركۈگەن ئەل كېمە ـساللارغا چۈشۈپ يۇقىرىغا (تارىمنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا) قاراپ كۆچۈپتۇ. ئۆلگۈرگەنلىرى بىرەر يېرىمدىن قوزۇ ـ پاقلان، ئوغلاق ـ چىۋىش ئېلىپ مېڭىپتۇ. كۆچكەنلەرگە دەسلەپ ئالماگۆجەك، كېيىك ئاتا ـ بوسوق بوۋا، كۆمچەك قۇتقا[2] (ئايال)، كۈنتۇغدى موما، چانجىق ئىنە، ئاپىل ئۇماي، تانىق، كۈچۈكباي، كۈرۈكباي، توقتاسۇن دېگەنلەر باشلامچى بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ھارغان، چارچىغانلىرى دەريا ـ كۆل

---

① مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخي تەسۋىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق ئۇچۇر قالدۇرغان: «خوتەن تېبابەتچىلىرىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، كېرىيە بوغاز لەڭگەر يېزىسىدىكى بىر دېھقان تاغدىن داۋغان تېرىسى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ كېسەل تارالغان. ئۆلگۈچىلەر كۈنىگە 2 ـ 3 مىڭدىن ئېشىپ، ئەتراپتىكى ناھىيەلەرگە تارقىلىپ، تېز ئارىدا خوتەن ئاھالىسىنىڭ ⅔ قىسمى ئۆلۈپ تۈگەـ گەن. 1912 ـ يىلى خەلقئارا قىزىل كىرېست ۋە ھىلال ئەھمەر جەمئىيەتلىرى تۈركىيە، رۇسىيە، ئەنگلىيە تېبابەتچى خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە ئۆمەك ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار دەھشەتلىك قىرغۇچى كېسەل ئاپىتى ئالدىدا خوتەن ۋادىسىغا قەدەم قويالماي، قەشقەردىن چېكىنگەن.» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىـ يىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 232 ـ بەت.) بۇ يەردە ئېيتىلغان يۇقۇملۇق كېـ سەل ۋابا بولۇپ داۋغاندىن تارالغان، داۋغان ئالتۇنتاغ ئىچىدىمۇ ناھايىتى كۆپ، شۇڭا ئىككى ئەھۋالدا مەلۇم ئوخـ شاشلىق بارلىقىنى ھېس قىلىمىز.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 326 ـ بەتتە «قۇتقى» ئىبارىسىگە «مۇلايىم ئادەم، كەمتەر ئادەم» دەپ ئىزاھ بەرگەن.

بويلىرى، دۆڭ ـ ئاراللاردىن بىردىن ـ ئىككىدىن ماكانلىشىپ بىلىق تۇتۇپ يەپ، ئوۋ ئوۋلاپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئېلىپ كەلگەن قوزۇ ـ پاقلان، ئوغلاق ـ چىۋىشلىرىنى ئاسراپ بېقىپ تەدرىجىي ئاينىتىپتۇ. (هازىرقى) يېڭىسۇ، ئويمانكۆل، كۆكئالا (كۆكلا)، تىكەنلىك، ئۇلۇغكۆل، تايىزكۆل، چوڭكۆل قاتارلىق جايلارنى شۇلار ماكان تۇتۇپ شۇنداق دەپ ئات قويغان ئىكەن. «چارا» دېگەن يەر شۇ يەردىن بوسوق بوۋىنىڭ خوتۇنى زوقرا (زۆھرە؟) قۇتقىدىن قالغان «چارا» تېپىلغانلىقتىن «چارا» دەپ ئاتالغانىكەن. بىز چارا[1] لىقلار ۋە پۈتۈن قاراقوشۇنلۇقلار ئالماگۆجەك قاتارلىق بوۋىلاردىن تارقالغان، ئۇلار قاراقوشۇندىن كۆچۈپ كەلگەچكە «قاراقوشۇنلۇق» دەپ ئاتالغان.

**لوپلۇقلار:** لوپ رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاراقۇرچىن شەھىرىدىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ تارقالغان دائىرىسى كەڭ، ئاھالە سانى كۆپ، تارىخى ئۇزۇن. بىز ئادەتتە دەۋاتقان لوپلۇقلار مۇشۇ كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ يازغان مەرھۇم ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا. لوپلۇقلار ھەققىدە يەنە مۇنداق رىۋايەتنىمۇ خاتىرىلىگەن: (بىرىنچى رىۋايەت) بۇرۇنقى زاماندا، ئاياقتا (لوپنور كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـ ئا) قاراقوشۇن، ئابدال، قاراكۆل دېگەن يۇرتلار بولغان. بىر زامانلاردا يۇرتلارغا كېسەل تارقىلىپ كېتىپ، بۇ يەرنىڭ خەلقى كۆچۈپ كېلىپ مۇشۇ ئەتراپتىكى دۆڭلۈك ئاراللارغا ماكانلىشىپ قالغان ۋە بېلىق تۇتۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ يەپ كۈن ئۆتكۈزگەن. ئۇلار قاراقوشۇندىن كەلگەچكە، بۇ يەردىكى خەلق ئۇلارنى «قاراقوشۇللۇق» دەپ ئاتىغان. هازىرقى كىشىلەر شۇلارنىڭ ئەۋلادى. (ئىككىنچى رىۋايەت) بۇرۇنقى زاماندا بۇ يەردە 18 دەريا بار ئىكەن، بۇ دەريالار يىغىلىپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلىدىكەن. شۇ كۆل بويلىرىدا ئابدال، قاراقوشۇن، قاراكۆل دېگەن يۇرتلار بولغان. تاغ تەرەپتە (شىمال) قالماق يۇرتى بولۇپ قارامچى، تۇمەنپۇ[2] دەرياسى پاسىل ئىكەن، ئابدال پادىشاھى شىكاردا يۈرگەندە قالماق پادىشاھىنىڭ سەيلە ـ تاماشادا يۈرگەن قىزى خالۇتقا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتكەن... ئىككى پادىشاھ بىر نەچچە يىلغىچە ئۇرۇشقان. ئاخىرى خالۇتنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىككى تەرەپ ياراشقان بولسىمۇ، ئابدال پادىشاھى ھەر ئېھتىمالغا قارشى قارامچى[3]، تۇمەنپۇ دەرياسىنى بويلاپ 200 چېرىك قويغان. بۇ چېرىكلەرنىڭ كېيىملىرى قارا بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى «قاراقوشۇن» دەپ ئاتىغان. (ئۈچىنچى رىۋايەت) بوۋىلىرىمىزنىڭ بوۋىسى گۆچەك دېگەن ئادەم قاراقوشۇندىن كۆچۈپ كەلگەن، كېيىنكى چاغلاردا بۇ يۇرتتا كېسەل تارقىلىپ، خەلق ئۆلۈشكە باشلاپتۇ، بۇنىڭدىن ئۈركىگەن ئەل يۇقىرىغا قاراپ كۆچۈپتۇ، بىز چارالىقلار شۇ چاغدا كۆچۈپ كەلگەن ئالماگۆچەك... دېگەنلەرنىڭ ئەۋلادى»[4].

① لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدە، يەنى هازىرقى دېھقانچىلىق 2 ـ شىسى 31 ـ تۇەن دائىرىسىدە.

② تۇمەنپۇ ـ تارىم دەرياسىنىڭ لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى تىكەنلىك ئەتراپىغا يېقىن جايدىكى بىر تارامىنىڭ نامى. هازىرقى دېھقانچىلىق 2 ـ شىسى 33 ـ تۇەن تەۋەسىدىكى كۆزلەك مەھەللىسىنىڭ غەربكە قىيپاش شىمالىدا بولۇپ، تۇمەنپۇ يەنى تۈۋەن + پۇ دىن كېلىپ چىققان، هازىرچە پۇ دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى نامەلۇم.

③ قارامچى كەلكۈن تەسىرىدە دەريا ياقىسىغا يىغىلىپ قالغان سۇزۇندى دېگەن مەنىدە بولۇپ 35 ـ تۇەننىڭ بازىرى، هازىر قارامچى بازىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

④ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «لوپنور ۋە لوپنور ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 3 ـ سانى، 156 ـ بەت.

يۇقىرىقىلار گەرچە رىۋايەت بولسىمۇ، لوپلۇقلارنىڭ ياشىغان ئەسلىي ماكانى، كۆچۈش جەريانلىرى ھەم كۆچۈش سەۋەبى ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇر بەرگەن. مۇشۇ رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، لوپلۇقلار باشتا تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا يەنى قاراقوشۇن كۆلى بويلىرىدا ياشىغان، ئەمما يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىشى (رىۋايەتتە شۇنداق دېيىلگەن) ياكى دەريانىڭ ئېقىن يۆتكىشى، قىسقىرىشى قاتارلىق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۇقىرى ئېقىنغا قاراپ سۈرۈلگەن. قاراقوشۇن نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا قاراشلار ھەر خىل. قاراقوشۇن نامىنى لوپنور لوپلۇقلىرى «قاراقوشۇللۇق»، چاقىلىق لوپلۇقلىرى (قاراقوشۇنلۇقلار) «قاياقوشۇللۇق» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. ھازىرقى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قاراقوشۇن دېگەن نام 1700 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن. قاراقوشۇن كۆلى چاقىلىق ناھىيەسى مۇران بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئەينى زاماندا تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قۇيۇلۇش ئورنى بولغان. ئاھالىلەر ئۇندىن بۇرۇن مۇشۇ كۆلنىڭ شىمالىدىكى «ئابدال»① قاتارلىق جايلاردا ياشىغان. قاراقوشۇن ئەسلىدىن لوپ كۆلى ئەتراپلىرىدىكى بىر شەھەر دەپ قارالسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى ۋە دەۋرىنى بېكىتىش ئىمكانىيىتى بەرگۈدەك ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز، ھەتتا ئۇنىڭ قەيەردىلىكىمۇ نامەلۇم. قارىشىمچە، 1700 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ھازىر «قاراقوشۇن كۆلى» دېيىلگەن يەرگە تارىم دەرياسى ئېقىپ كەلگەندە يېڭىدىن توغراق بىخلىرى قويۇق ئۆسكەن ۋە «قاراقۇرچىن» دەپ ئاتالغان، قاراقۇرچىن نامى كېيىنچە ئېغىز تىلىدا قاراقوشۇن بولۇپ ئۆزگەرگەن. قاراقوشۇنلۇقلار لوپلۇقلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان، يەنى ئاھالىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. يۇقىرىقى رىۋايەتتە ئېيتىلغاندەك، قاراقوشۇنلۇقلار جەنۇبتىن شىمالغا، يەنى ھازىرقى مۇران بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپلىرىدىن تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ كۆچكەن. ئەمما ئېيتىماي بولمايدۇكى، قاراقوشۇن كۆلى بويىغا كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن، يەنى 1710 ـ يىللىرىدىن بۇرۇن ھازىرقى ئارغان ـ يېڭىسۇ ئەتراپلىرىنى مەركەز قىلىپ ياشىغان. 1800 ـ يىللىرىدىن كېيىن دەريا ئېقىنى سۈيىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە يۇقۇملۇق كېسەل سەۋەبىدىن ئۇلار تەدرىجىي شىمالغا يەنى تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ كۆچكەن، خۇددى رىۋايەتتە ئېيتىلغاندەك يېڭىسۇ②، ئويمانكۆل③، كۆكئالا④، تىكەنلىك⑤، ئۇلۇغكۆل⑥، تايىزكۆل⑦، چوڭكۆل⑧ قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بىرىپ ئولتۇراقلاشقان.

① بۇ يەردە ئېيتىلغان ئابدال 1700 ـ يىللىرىدىن بۇرۇنقى ئەھۋالغا قارىتىلغان بولۇپ، ئارغان ـ يېڭىسۇ ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

② يېڭىسۇ ـ چاقىلىق ناھىيەسىگە تەۋە، ناھىيە بازىرىنىڭ 200 كىلومېتىردەك شىمالىدىكى چوڭ مەھەللە، لوپنور ناھىيەسى بىلەن پاسىللىنىدىغان يەرنىڭ جەنۇبىدا.

③ ئويمانكۆل ـ لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدە، دېھقانچىلىق 2 ـ شىسى 35 ـ تۇەن 11 ـ لىەن تەۋەسىدە.

④ كۆكالا (كۆكئالا)ـ لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدە، تىكەنلىك يەنى ھازىرقى دېھقانچىلىق 2 ـ شىسى 34 ـ تۇەن بازىرى تۇرۇشلۇق رايوندا.

⑤ تىكەنلىك، لوپنور ناھىيەسىگە تەۋە، ناھىيە بازىرىنىڭ 150 كىلومېتىردەك شىمالىدا، يەنى يۇقىرىقى 34 ـ تۇەن تۇرۇشلۇق جاي.

⑥ ئۇلۇغكۆل ـ لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدە، يەنى دېھقانچىلىق 2 ـ شىسى 32 ـ تۇەن 1 ـ لىەن تەۋەسىدە.

⑦ تايىزكۆل ـ لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدە، يەنى دېھقانچىلىق 2 ـ شىسى 13 ـ تۇەن تەۋەسىدە.

⑧ لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدە، ناھىيە بازىرىنىڭ 21 كىلومېتىر جەنۇبىدا، ھازىرقى دۆلەت 218 ـ تاشيولى بويىدا.

لوپنور ناھىيەسىدىكى چوڭكۆلدە ئولتۇرۇشلۇق 99 ياشلىق تاھىر ئىسمىلىك كىشى 1956 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېنىشېفقا «بىز تۇغۇلماي چاغدا ئاتا بوۋامىز تەتى چارقىلىق ئاياغۇدا مەجى دېگەن يەردە، چارقىلىقتىن 12 كۆنلۈك نارە بوغان. شۇ يەردىن نېمىدىن قاچىپ، سۇنۇ ياقادىن كېلىپ موشۇ يەرلەردە قالىپ ، توختاپ قالغانىكەن، بىز تۇغۇلماي چاغدا. خوتەندىنمۇ ئەدەم كەلىپ، موشۇ يەردە مەللە بولۇپ توختاپ قالغان. ئانجاللىق زامانىسىدا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ يۇرت بولۇپ قالغان. ئاتقوتاندىكى ھامىمىسى ئاياغتىن كېلىپ مۇشۇ يەردە مەھاللىي قۇلغان. مەجى قاراشارگە ئوخشاش بىر يورت. ئاتا ـ بۇبايلار بىزنى تەكتىمىز قاراقوشۇللۇق. بىز لوپتۇق خالقىمىز مونغول تايپە»[①] دېگەن بايانلىرى ناھايىتىمۇ ئېنىق ئۇچۇر يەتكۈزگەن. ئۇلار تۇرۇۋاتقان مەھەللە 1870 ـ يىللىرى يەنە بەدۆلەتنىڭ ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى» زامانىدا بارلىققا كەلگەن. شۇ كۈنى مۇشۇ مەھەللىدىكى 76 ياشلىق سىيتاخۇن بەكىمۇ «چارقلىقتىن كېلگەن ساپ قاراقوشۇللۇق. كويىنى جايىمىز مۇشۇ جايىلاغا چىققان. مۇشۇ گوۋەزىسى قالماق، گوۋەزىسى قازاخ (دۇنقوتان). دۇنقوتاللۇق ئەسلى مېشېلىك ـ چارالىق، تىكەنلىك...»[②] دېگەن. سىيتاخۇن بەكىنىڭ بايانىدا قاراقوشۇنلۇقلارنى قالماقلاردىن پەرقلەندۈرگەن. مانا بۇلاردىن قارايدىغان بولساق، لوپلۇقلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان قاراقوشۇنلۇقلار چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىن تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن شىمالغا سۈرۈلگەن ئاھالىلەردىن ئىبارەت.

**قالۇچىلار:** مەرھۇم ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا خاتىرىلىگەن رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، «قالۇچى» دېگەن بۇرۇن قاراقوشۇن تەرەپتە ئۆتكەن بىر تائىپىنىڭ ئىسمى. ئابدال تەرەپتە ۋابا تارقالغاندا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تارىم دەرياسىنى ياقىلاپ يۇقىرىغا كۆچكەن، بىر قىسمى پادىشاھنىڭ يېنىدا قالغان. قاراقوشۇن ئەتراپلىرى چۆللەشكەندە، ئۇ قالغانلارمۇ مۇشۇ تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەلگەنىكەن. ھازىرقى قالۇچىلار دېيىلگەنلەر شۇلارنىڭ ئەۋلادى. يەنە ئېيتىلىشىچە، خالۇتنىڭ بىر نەچچە ئاكىسى بار ئىكەن، ئۇلار خالۇتنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنىڭ كۆنچى دەرياسى بويىدا ماكانلاشقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تۇغقان يوقلاپ بۇ يەرگە كېلىدىغان بوپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىرى بارلىقىنى، بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ياخشىلىقىنى كۆرۈپ قايتىپ كەتمەپتۇ. كېيىنچە ئۇلار قالۇچىلار ئاتىلىپتۇ، مەنىسى قالغان كىشىلەر ئىكەن دېيىلگەن رىۋايەت ئارقىلىق، «قالۇچۇلار» نامىنىڭ كېلىپچىقىشى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ نامنى لوپنور لوپلۇقلىرى «قالۇچۇلار»، چاقىلىق لوپلۇقلىرى «قالۇچىلا» دەپ تەلەپپۇز قىلغان. قالۇچىلار توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك رىۋايەت بولغاندىن سىرت، 1956 ـ يىلى 7 ـ ئۆكتەبىردە چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يېڭىسۇ مەھەللىسىدىكى 159 ياشلىق ئانزاقۇللۇ (ئازناقۇلۇ) دېگەن كىشىنىڭ رۇسىيەلىك تاتار تىلشۇناسى، دوكتور، ئاكادېمىك ئەدھەم رېھىموۋىچ تېنىشېفقا ئېيتقانلىرى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. ئانزاقۇللۇ يۇقىرىقى نامنى شەرھلەپ: «قالۇچۇ بىز تۇغۇلماغان، باۋالار غاختىدا ئىكەن.

① ② ئە . ر . تېنىشېف: «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»، رۇسىيە نايكا نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 118 ـ، 119 ـ بەتلەر.

تەختى ئۆزى ئەنجاللىقتىن كېلگەن؛ تۇرپان، گوچۇڭ، قاراخوجا، پىچان، توخسۇن - شۇ يەردىن كەلگەن ئادەملەر ئىكەن. قاراكۆل[①] - بىر چوڭ كۆل، چىبىللىك[②] نى كۇنچىققان تەرەپىدە. قاراكۆلدە كۆپ قالۇن بوغان. تېرىسى قىيمەتلىك، مۇشۇكتىن سەل تولۇراق بولادىكەن. ئۇنى تۇتۇۋالغانغا قالۇچۇ دېيدو.»[③] يۇقىرىقى بايانىدىن كۆرۈپ تۇرۇپتۇقكى، قالۇچىلارغا ئىككى خىل تەبىر بېرىلگەن، بۇنىڭ بىرى قالغۇچىلار بولۇپ باشقا يۇرتتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلار يەنى قالماقلارغا مۇناسىۋەتلىك دېيىلگەن، بۇ توغرىدا تۆۋەندە «قالماقتار» نامى توغرىسىدا تەپسىلىيرەك توختىلىمىز. يۇقىرىدا كۆرگەن ئانىزاقۇلۇنىڭ بايانىدىكىدەك تۇرپان، گوچۇڭ، قاراخوجا، پىچان، توخسۇن قاتارلىق جايلاردىن كېلىپ قالغانلارنىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن. يەنە بىرى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋە باشقا يەرلەردىن كەلگەن بولسىمۇ «قالۇن» تۇتىدىغانلىقى سەۋەبىدىن «قالۇنچۇ» ئاتىلىپ، تەدرىجىي ن تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ قالۇچۇ - قالۇچى ئاتالغان. قارىشىمچە، كېيىنكى تەبىر توغرا. لوپلۇقلار ئېيتقان قالۇن ئەمەلىيەتتە تۇرپانلىقلار ئېيتقان «قاما»[④]نى كۆرسىتىدۇ. لۇغەتتە، «قالۇن. ئىسىم ‹زوئولوگىيە› قۇندۇز. م: قالۇننۇ تېرىسى»[⑤] دېيىلگەن. قۇندۇز سۆزلىمى باشقا لۇغەتلەردە 海狸، 河獭، 水獭 دېيىلگەن. قالۇن بىلەن قۇندۇز ئەمەلىيەتتە بىر تۈرگە كىرىدىغان ئايرىم - ئايرىم جانلىق بولۇپ چىقىدۇ. قالۇن سۇدا ياشايدىغان، لوپ رايونىدىن ئالغاندا قاراكۆلدە كۆپرەك جانلىق بولۇپ چىقىدۇ. 1736 - يىلدىن 1795 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا نامەلۇم ئاپتور يازغان «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيەسىدىن خەرىتىلىك بايان» ناملىق كىتابتا لوپلۇقلارنى «ئېرىشكەن قالۇن (水獭) ۋە يىگنابىلىق (海龙) تېرىسىنى رەختكە تېگىشىپ كىيىم قىلىپ كىيىدۇ»[⑥] دېيىلگەن. 1803 - يىلى ئەتراپىدا چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەردە، لوپلۇقلارنىڭ تۆت - بەش يۈز ئائىلىلىكتىن ئاھالە بار ئىككى مەھەللىسى بارلىقى، ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلمايدىغانلىقى، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق بىلەن كۈن ئالىدىغانلىقىنى يېزىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ 水獭 تېرىسىدىن توققۇز پارچە ئولپان

① چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ئارغان بىلەن يېڭىسۇ ئارىسىدىكى كۆللەردىن بىرى بولۇپ يېڭىسۇغا يېقىنراق.

② ھازىرقى چاقىلىق ناھىيەسى بازىرىنىڭ 40 نەچچە كىلومېتىر شىمالىنىڭ سەل شەرقىدىراق.

③ ئە . ر . تېنىشېف: «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»، رۇسىيە نايكا نەشرىياتى، 1984 - يىلى رۇسچە نەشرى، 138 - بەت.

④ قۇسقۇي: «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 179 - بەت)دە «قاما»نىڭ رەسىمى ۋە ئۇنىڭ دورىلىق قىممىتى، تېرىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى كۆرسىتىلگەن. 1457 - يىلى ياغاچ ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان خەنزۇچە نەشرىدە «قاما» 獭 دەپ يېزىلغان ھەمدە رەسىمى بېرىلگەن. مەريەم ساقىم ئەسەرنى ياپون تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا «قاما» (سۆسەر) دەپ ئالغان. «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1957 - يىلى نەشرى، 3301 - بەتتە 水獭皮 قما (قاما) دېگەن تەڭداشلىق، 4267 - بەتتە 水獭 دېگەن تەڭداشلىق بېرىلگەن.

⑤ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 231 - بەت.

⑥ يۈەن مىڭداۋنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تەييارلانغان: «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيەسىدىن خەرىتىلىك بايان»، يەنبىيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 91 - بەت.

تۆلەيدىغانلىقى، تۇرپاندىن بارغان ئەمەلدارلارنىڭ بىر يەرگە گۈلخان ياقسا، ئۇلارنىڭ كېمىلىك بېرىپ تېرىلەرنى تاپشۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان[①]. رۇسىيەلىك باشقىرت ئالىمى نىكولاي فېدىروۋىچ كاتانوف تۇرپاندا تەكشۈرۈشتە بولغان ۋاقتىدا، «قالۇن» («قاما» دېيىلگەن)نى تۇتۇش جەريانى ۋە ئولپان تاپشۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا ئىگىلىگەنلىرىنى يازغان. مۇشۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «قالۇن» تۇتۇش مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا كەسىپلەشكەن. كاتانوف مۇنداق يازغان: «خانغا بېرەتۇرغان توققۇز جۈپ قامىنى قىش كۈنىسى دەريانىڭ ئۈستىگە مۇز توڭلاغاندا، بۇ لوپلۇق يۇرت خەلقى ئالبان بىرلەن چىقىپ قاما ئالادۇ. بۇ قامىنى ئالۇر بولسا، بۇ مۇزلاغان دەريانىڭ مۇزىنى ئادەم بىلمەدەك نەچەن يەرنى تېشىپ بۇ تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا نان، گۆش ئاپىرىپ قويادۇ. بۇ قاما دەريانىڭ ئىچىدىن چىقىپ بۇ تۆشۈككە كېلەدۇ. ئاندىن بۇ قاما تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ، مۇندا ئادەم بولماسا، گۆش، نانلارنى يەيدۇ. ئاندىن بۇ قامالار ئىككى - ئۈچ كۈن نان، گۆشنى يەپ ئادا بولغاندا تۆشۈكنىڭ ئۈستۈنىگە چىقادۇ. ئاندىن بۇ قاما قۇرۇق يەرگە چىقىپ جاڭگال ئىچىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، لوپلۇق تۆمۈر تۇزاقنى ئاپىرىپ بۇ تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا ئاپىرىپ قويادۇ. ئاندىن بۇ قاما جاڭگالدىن ‹تۆشۈككە كىرىپ كېتىمەن› دەپ كېلىپ بۇ تۇزاققا بېشىنى تىقسا، بۇ قامىنىڭ بېشى قىسىلىپ قالۇرلەر. لوپلۇق ئىككى - ئۈچ كۈن كەلمىسىلا قاما تۇزاقتىن چىقالماي ئۆلۈپ قالۇرلەر. ئاندىن بۇ قامىنى تېرىسىنى تۈلۈم سويۇپ، تېرىسىگە سامان تىقىپ شۇ تەرىقىدە ئالبان بىرلەن توققۇز جۈپ قاما ئالۇرلەر.»[②] دېمەك، «قالۇن» تۇتقۇچى «قالۇنچۇ» دەپ ئاتالغان، يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، «قالۇچى» ھەرگىزمۇ باشقا مىللەت كىشىسى بولماستىن ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن لوپلۇقلار ۋە تۇرپان - پىچانلىقلاردىن ئىبارەت.

**جوداقلار (جوداقتار):** مەرھۇم ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا بۇ توغرىدىكى ئۈچۈرنى مۇنداق خاتىرىلىگەن: جوداق دېگەن مۇشۇ تاغدا (قۇرۇق تاغ) ياشايدىغان بىر تائىپىنىڭ ئىسمى. ئۇلار جوغا (بۇددا مەبۇدى) تېۋىنىدىكەن. كېيىن ئۇلار تۇرىدىغان جايلار چۆللىشىپ، خەلقى ھەر تەرەپكە تاراپ كەتكەنىكەن. شۇ چاغدا چارا ئەتراپىغا ئۈچ جوداق بالىسى كېلىپ قالغانىكەن، چارالىقلار ئۇ بالىلارنى ئاسراپ قالغانىكەن. ئۇلار چوڭ بولۇپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپتۇ. ھازىر جوداق دېيىلگەنلەر شۇلارنىڭ ئەۋلادى[③]. تىلشۇناس ھاشىم تۇردى ۋە مېھراي ياقۇپلار 1980 - يىلى لوپنورلۇقلار ئارىسىدىكى تەكشۈرۈشتە مۇنداق رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن: موڭغۇل قىزى خالۇت تۇبۇتكە كېتىۋاتقاندا ئابدال ئېلىدىكىلەر

---

① خې نىڭ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ تەپسىراتى»، جۇڭگو تەيۈەن ۋېنخەي نەشرىياتى، 1966 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 341 - بەت.

② نىكولاي فېدىروۋىچ كاتانوف: «كۈنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق ئۇيغۇرچە 1 - سانى، 30 -، 31 - بەتلەر.

③ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 69 -، 72 - بەتلەر.

بۇلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭغان سەپەرچىلەر موڭغۇل ئېلىگە قايتىپ بولغان ئىشلارنى مەلۇم قىپتۇ. شۇندىن كېيىن موڭغۇللار ئابدال ئېلىدىكىلەر بىلەن بەش قېتىم ئۇرۇشۇپتۇ، ئەمما يېڭەلمەپتۇ. ئابدال ئېلىنىڭ شاھزادىسى خالۇت بىلەن توي قىلىپ ئىككى ئوغۇللۇق بوپتۇ، ئىككى تەرەپ شۇندىلا ئۇرۇشمايدىغان بوپتۇ. خالۇت ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرى كۆنچى دەريا بويىغا كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. ئۇلار جوداقتار دەپ ئاتىلىپتۇ، مەنىسى جەنۇبقا ماڭغانلار ئىكەن. مانا بۇ نام خالۇتنىڭ تۇبۇت سەپىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

لوپلۇقلارنىڭ لېكسىكىسىدىن قارىغاندا، (dzu جۇ) جەنۇب[1] دېگەن مەنىدە، شۇڭلاشقا «جوداقتار - جۇداقتار» دېگەن نامنى جەنۇب تەرەپتىن كەلگەنلەر، دەپ چۈشەندۈرگۈچىلەر بار. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي «تەزكىرەئىي ئەزىزان» ناملىق ئەسىرىدە، خوجا ئاپاقنىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىل تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىنى بايان قىلىپ «خاجە ئافاق خاجەمدىنگىم، ئىسمايىلخان كاشغەردىن ھايداپ چىقارغاندا، خىراج قىلىپ شەھەر، بىشەھەر يۈرۈپ، كەشمىر بىلەن ئۆزلەرى چىن مەملىكەتىگە چۈشتى. ئاندىن جۇ[2] دېگەن يۇرتقا بارىپ، بۇتخانەگە تۈشتى»[3] دەپ يازغان. 1817 - يىلى يېزىلغان يۇقىرىقى بايانلار ئافاق خوجانى تۇبۇت ئاستانىسى لخاساغا بېرىپ، دالاي لاماغا باش قويۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىل خان ئۈستىدىن دادلاپ، كاشغەر قاتارلىق يۇرتنىڭ پادىشاھلىقىنى ئىسمايىل خان تارتىۋېلىپ يۇرتۇمدىن قوغلاپ چىقاردى، دەپ ئەرز قىلغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان. دالاي لاما شۇ ۋاقىتتا جۇڭغارلارنىڭ خانىغا قارىتىپ خەت يېزىپ خوجا ئافاقنىڭ پادىشاھلىقىنى ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. ئۆزۈندىن بۇيان يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇشنى پىلانلاپ كەلگەن جۇڭغار (قالماقلار)نىڭ پادىشاھى غالدان بۇشىتۇخان 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن ھۇجۇم قىلغان، ئافاق خوجا تەرەپدارلىرى ئىچىدىن ماسلاشقان. كاشغەر خانى باباق سۇلتانغا ئوق تېگىپ شېھىت بولغان. ئىسمايىل خان ئەسىر ئېلىنىپ ئىلىغا ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ ۋەقەلەر 1678 - يىلى بولغان، شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭغار قالماقلىرىغا قارام بولغان خوجىلار قورچاق خانلىقى تارىخى باشلانغان. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ كاشغەرنىڭ 1768 - يىلىدىكى ھاكىمبېگى ئوسمان بەگنىڭ خوتۈننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يېزىلغان، 1756 - يىلىغىچە بولغان ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان، 1768 -، 1769 - يىللىرى يېزىلغان «تەزكىرەئىي خاجەگان» ناملىق ئەسىرىدە، ئافاق خوجىنىڭ كاشغەردىن قوغلانغاندىن كېيىن كەشمىرگە بارغانلىقى،

① مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 425 - بەت.

② بۇ باياندىكى جۇ شەكسىزكى ھازىرقى شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنى، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا لخاسانى كۆرسەتكەن.

③ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئىي ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 48 - بەت.

ئاندىن ju ئىبادەتخانىسىغا بارغانلىقى يېزىلغان[1]. ئىمىر ھۇسەيىن قازىئاخۇنۇم بىر پارچە شېئىرىدا «جۇ» دېيىلىدىغان، پۇقرالار كۆتۈرىدىغان، مەنسەپدارلار ئولتۇرىدىغان نەرسىنى تىلغا ئالغان. مانا مۇشۇلاردىن قارىغاندا، جۇ دېيىلگىنى ھازىرقى لخاسا شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئەينى زاماندا لوپلۇقلارمۇ تۈبۇت ئاستانىسىنى باشقا جايدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش «جۇ» دەپ ئاتىغان. مانا بۇلاردىن قارىغاندا، سانى ئازراقلا بولغان «جوداقتار» ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ لخاساغا تەرەپتىن كەلگەن ياكى شۇ تەرەپكە ماڭغانلاردىن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ياقا يۇرتلۇقلار توغرىسى ياتلارنى كۆرسەتكەن، بەلكىم سودا ئىشلىرى بىلەن شۇ تەرەپلەرگە بېرىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**قالماقتار:** 1956 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چارا مەھەللىسىدىكى 117 ياشلىق ساتىۋالدى تېنىشېفقا مۇنداق دېگەن: «بىرىنچى ئاتامىز مۆڭگۆن — قالماق، ئىككىنچى ئاتامىز — تۇردۇمېت (ئاغازمېت، نىيازمېت)، ئۈچۈنچۈ ئاتامىز توختوسۇن، تۆتۈنچۈ — تېلىۋالدى، بىززى توققان. ھەممىسى چارېدې ئۆتكەن، ئۆي سالىپ. ئۇرۇغۇمىز يالىلا. ياختى قارايدى - چارايدىكى ئايتۇەرگەن باۋايلار. چارخلۇقتا تۈپ قاراقوشۇن بىر شەر ۋار. ئاتا - ئانام چەچەك چىقىۋاتىۋاتقاندا مەن تاشتاپ كەتكەن. بالاسىغا چەچەك چىقسا، ئاتا - ئانالىرى تاشتاپ كەتىپ قالىپ لوب ئىچىگە ئولتۇرغان. قاراقوشۇللۇق — بىر، يالىلا - ئىككى، جۇداقتار ئۈچ، قالۇچۇلار — تۆت، قۇندۇزدار — بەش؛ بۆلۆك — بۆلۆك ئايماق ئاتايمىز. نى ئۈچۈن ئاتاغان، لاقام توقتوغان - ئانۇ ئۇقمايدىغانمىز. دۇنقوتان — قۇچار[2]چۆللىرىدىن كېلىپ جايلاشقان، بۇۋايلار دېيدۇ. لوب كۆلۈنە بارغان: ئۈچۇ قىرىغى يوق، شونداق چوڭ كۆل ئىكەن، قاراۋورۇن[3] دېيدو. لەنتايان يۇرۇگەن: قاراۋورۇن ئىچى بىلەن قىزمەت قىلىشىپ، ئايدىڭ تۆرە[4] كېلىپ، ئەسرا بولۇشماپتىمىز. چارا[5] دې يالىلا كۆپ، قۇندۇزدار ئۈچ ئۆيلۈك - تۆت ئۆيلۈك، قالۇچۇمۇ با - ئۈچ ئۆيلۈك - تۆت ئۆيلۈك. قۇندۇزداردىن، جۇداقتىن تۈگەپ كەتتى. قالۇچۇدىن ئاتاكېلدى بار، ئاتاكېلدىنىڭ ئوغلۇ بوۋاق نىياز. جۇداقتاردىڭ ، قۇندۇزداردىڭ ئۇرۇغۇ دا قالماغان.»[6] مانا بۇلاردىن قارايدىغان بولساق ساتىۋالدى قاتارلىق قىسمەن كىشىلەر ئۆزلىرىنى موڭغۇل - قالماق دېيىشىمۇ

---

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئىي خاجەگان»، «مىللەتلەر تارىخىدىن تەرجىمىلەر» 8 - توپلام، خەنزۇچە نەشرى، 99 - بەت. بۇ ئەسەر ئەسلىدە روبېرت شاۋ تەرىپىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان، 1896 - يىلى N . ئېلىئاس ۋە مەشەدلەر قايتىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان، شۇ نۇسخىدىن چېن جۇنمۇ، جۇڭ مېيجىلار خەنزۇچىغا 1978 - يىلى تەرجىمە قىلغان.

② كۇچار نامىنىڭ لوپلۇقلار تىلىدىكى تەلەپپۇزى.

③ قارابوران كۆلى، چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 50 كىلومېتىردەك شىمالىدا، قارابوران كۆپ چىققانلىقتىن مۇشۇنداق ئاتالغان.

④ سېۋىن ھېدىننى لوپلۇقلار ئايدىن تۆرۋ دەپ ئاتىغان.

⑤ لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدە، ھازىرقى دېھقانچىلىق 2 - شىسى 31 - تۇەن دائىرىسىدە، چارا سۇ ئامبىرى ئەنە شۇ يەردە قۇرۇلغان.

⑥ ئە . ر . تېنىشېف: «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»، رۇسىيە نايكا نەشرىياتى، 1984 - يىلى رۇسچە نەشرى، 121 - بەت.

بىر خىل مەۋھۇم بولغان مىللەت كىملىكىدىن ئىبارەت.

1980 - يىلى لوپ رايوندا يېرىم يىل تەكشۈرۈشتە بولغان ئەر - خوتۇن تىلشۇناسلار هاشىم تۇردى ۋە مېهراي ياقۇپلار «قالماقتار»نىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىلىدىكى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوغلى چۇلۇم قۇلۇ ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن: ئىككى موڭغۇل بىر بالىنى ئېلىپ ئىلىدىن لوپ رايونىغا قېچىپ كەلگەن. تۇرمۇشنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن بۇ بالىنى گۆلمۆگە تېگىشىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. بۇ ئوغۇل چۇلۇم قۇلۇ ئىكەن. ئۇ لوپ رايوندا چوڭ بولۇپ خوتۇن ئېلىپ ئۆيلۈك بوپتۇ، ئوغۇللۇق بولۇپ ئىسمىنى ئەلى قۇلۇ دەپ ئاتاپتۇ. قالماقتار شۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن، ئۇلار ھەققىدە بۇگۈنگىچە مۇنداق قوشاق تارقىلىپ كەلمەكتە:

مانجارغا ساتىۋالغان،
قالماققى ئاتاسىنى.
ئەمدى پۇل تۇتۇۋۇدۇ،
بۇ قالماققى كاتاسىنى.①

لوپلۇقلارنىڭ «قالماقتار» دېگىنى ئەدەبىي تىلىمىزدىكى «قالماقلار» (جۇڭغارلار) دېگەن سۆزدىن ئىبارەت. «قالماق» ئاتالغۇسى تاكى 1950 - يىلىغىچە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلاتتى، بۇگۈنكى كۈندىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر «قالماق» دېگەن بۇ ئاتالغۇ موڭغۇللارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. «قالماق» دېگەن بۇ نامنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىشقا باشلىغان ۋاقتى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار. قاراشلاردا، ئەڭ دەسلەپ 1398 - يىلىدىكى ئىبن ئەل ۋاردىنىڭ كىتابىدا كۆرۈلگەن دېگۈچىلەرمۇ، 1419 - يىلىدىكى شاھرۇھ ئەلچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا سەپەر خاتىرىسىدە كۆرۈلگەن دېگۈچىلەرمۇ، 15 - ئەسىردىن بۇرۇن كۆرۈلمىگەن دېگۈچىلەرمۇ بار②. يەنە بەزى قاراشلاردا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا كىرگەندە بىر قىسىم كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئىكەن، شۇڭا ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بۇ كىشىلەرنى «قالغانلار» دېگەن مەنىدە «قالماقتار» دەپ ئاتىغان ئىكەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان③ زامانىدا تەڭرىتاغ بويلىرىدا ياشىغان موڭغۇللارنىڭ كۆپ قىسمى ۋە شۇ چاغقىچە ئىسلامغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلار دىنىي ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان، شۇندىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ كوللېكتىپ ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. شۇنىمۇ ئىزاھلاش زۆرۈركى، تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئاھالىنىڭ ھەممىسىلا موڭغۇل بولمىغىنىدەك (ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دائىرىسىدىكى شۇ چاغقىچە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارمۇ مۇشۇ دەۋردە ئىسلامغا كىرگەن)، شۇ چاغدىكى

① هاشىم تۇردى، مېهراي ياقۇپ، سۇڭ جېڭچۇن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور تەلەپپۇزى ئۈستىدە تەتقىقات»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 3 - بەت.

② فائول پېللىئوت: «قالماق تارىخىغا باھا ۋە ئىزاھات»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 19 - بەت.

③ تۇغلۇق تۆمۈرخان 1330 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1364 - يىلى قازا قىلغان. 1348 - يىلىدىن قازا قىلغۇچە موغۇلىستانغا خان بولغان.

«قالماق» نامىنىمۇ موڭغۇللارنى كۆرسىتىدىغان خاس ئىسىم دېيىشكە بولمايدۇ. «قالماقتار» دېگەن ئاتالغۇنىڭ تۇغلۇق تۆمۈر زامانىدا سانى ئاز بولغان، دىنىي ئىسلامنى قوبۇل قىلماي پىنھانلاردا يۈرگەن ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللارنى كۆرسەتكەن بولۇپ كەڭ دائىرىدە قوللىنىلمىغان. بۇ نامنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭرەك قوللىنىلىشى ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ 1771 ـ يىلى رۇسىيەنىڭ ۋولگا دەرياسى بويىدىن كەلگەندىن كېيىنكى ئىش. «بەش تىللىق لۇغەت»تە بۈگۈنكى كۈندە «ئويرات» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتقان «厄鲁特» «قىلماق» (قالماق) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. مۇشۇ لۇغەتتە 蒙古 سۆزلىمى قالماق ھەم موڭغۇل دەپ ئىككى خىل ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن بىرقانچە يۈز يىل بۇرۇن يەنى 15 ـ ئەسىرلەردە تۈزۈلگەن «مۇسۇلمان مەھكىمىسىنىڭ سۆزلۈكى»دە «مغول 卯斡勒韃靼» دەپ يېزىلغان، مۇشۇ ئۇچۇر ۋە باشقا ماتېرىياللارغا قارىغاندا، موڭغۇللار شۇ زاماندا «موغۇل» دېيىلگەن. ئويرات موڭغۇللىرى جۇڭگوغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سانغۇنلىرىنى ئېۋەتىپ داغدۇغىلىق قارشى ئالغان، كېيىن ئۇلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرغان، شۇلاردىن بىر قىسمى يۇلتۇز يايلىقىغا ئورۇنلىشىپ چارۋىچىلىق قىلغان. ھازىرقى خوشۇت ۋە باغراش ناھىيەلىرى لوپنور ناھىيەسى بىلەن پاسىللىنىدۇ. جۇڭغارلارنىڭ لوپ رايونىغا 1680 ـ يىلىدىن كېيىن 1759 ـ يىلىغىچە بولغان دەۋرلەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىش بىلەن بىرگە، لخاساغا تاۋاپقا ماڭغان موڭغۇللارنىڭ لوپ رايونىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىش زۆرۈر. يۇقىرىقى رىۋايەتتە كۆرگىنىمىزدەك، موڭغۇللاردىن گۆلمۆگە تېگىشىپ بېقىۋالغان بالىدىن تارالغانلىقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. قالماقلارنىڭ ئۆزلىرىنى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا باغلىشى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى دىنسىزلىقىنى يېپىش ئۇچۇن بولۇشى مۇمكىن. شۇ نۇقتىغىمۇ دىققەت قىلىش زۆرۈركى، قالماقلارنىڭ خانى بولغان ئامۇرسەنا 1756 ـ يىللىرى ئەتراپىدا چىڭ سۇلالىسى ئورۇنلاشتۇرغان نازارەتچى ۋە مەلۇم ساندىكى چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشقان، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاھالىلىرىنى باشلاپ قاچقان، چىڭ سۇلالىسى قالماقلارنى قوغلاش بىلەن بىرگە غەربىي يۇرت دائىرىسىدە يوقاتقان، شۇ ۋاقىتتا قورقۇپ قاچقانلاردىن بىرقانچە كىشى ياكى ئاھالىسىنىڭ لوپ رايونىغا كېلىپ قېلىشىمۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى. قالماق باللىرى مۇسۇلمان لوپلۇقلار ئارىسىدا بېقىلغانلىقتىن تەبىئىيلا لوپلۇقچە مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ يېتىلگەن. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ بالىلىرى ئەمىر قەمرىددىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، پەقەت خىزىر خوجا دېگەن بىرىلا ھايات قالغان. ئەمىر قەمرىددىننىڭ قەستلىشىدىن قورقۇپ خوتەن تاغلىرىدىن قېچىپ چەرچەن، لوپ، كىتىك قاتارلىق «سارىغ ئۇيغۇر» يۇرتلىرىدا پاناھلانغانلىقى «تارىخى رەشىدىي» قاتارلىق كىلاسسىك تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان. تارىخ كىتابلىرىنىڭ ھېچبىرىدە تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ چۇلۇم قۇلى ئاتلىق ئوغلى بولغانلىقى ھەققىدە خاتىرە يوق.

تىلشۇناسلار ــ ھاشىم تۇردى، مېھراي ياقۇپلار لوپ رايونىدا تەكشۈرۈش داۋامىدا

قالماقتار، جوداقتار، قالۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنى موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى دەپ تونۇيدىغانلىقىنى، ئەمما بۇلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 500 كىشى ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى يازغان[①]. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، قالۇچىلارمۇ موڭغۇل ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى دەۋېلىشى خاتالىق ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي نوپۇستىكى ئىگىلەيدىغان سانىنىڭ ئازلىقىمۇ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. موڭغۇل ئەۋلادلىرى مەيلى موڭغۇل دېيىلسۇن ياكى قالماق دەپ ئاتالسۇن، ئۇلارنىڭ لوپلۇقلار رايونىغا كېلىپ يەرلىشىپ قېلىشى پەقەت 1771 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئىش. ئۇندىن بۇرۇنقى تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، 1680 ـ يىلى ئافاق خوجىنىڭ يول باشلىشى ۋە مۇرىتلىرىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشىدا، جوڭغارلار يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، قالماقلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. قالماقلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى 1723 ـ يىلى مانجۇ قوشۇنىنىڭ تۇرپاننى ئىگىلىگەنلىك خەۋىرىنى ئىشىتكەن لوپلۇقلارنىڭ تۇرپانغا ۋەكىل ئەۋەتىپ تەۋەلىك بىلدۈرۈشىگە سەۋەب بولغان. 1725 ـ يىلى ئەتراپىدا چىڭ سۇلالىسى بىلەن جوڭغارلار ئارىسىدىكى كېلىشىم بويىچە تۇرپان ۋە لوپ رايونلىرى جوڭغارلارغا تەۋە بولغاندا، قالماقلارنىڭ لوپلۇقلاردىن ئۆچ ئالغانلىقىنى رىۋايەتلەر ھەم نوپۇسنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن كۆرۈش مۇمكىن. 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى جوڭغارلارنى مەغلۇپ قىلغاندا، جوڭغارلار رۇسىيە تەۋەسىگە سۈرۈلگەن، ئۇلار 1771 ـ يىلى ۋولگا دەرياسى بويىدىن قايتىپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، لوپلۇقلار بىلەن قالماقلار (جوڭغارلار)نىڭ نورمال ئالاقىلىرى 1771 ـ يىلىدىن كېيىن توغرىراقى 1800 ـ يىللاردىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بولغاندا، لوپلۇقلار مانجارغا تېگىشىۋالغان ئىككى موڭغۇل بالىسى لوپلۇقلار ئارىسىدا ئۆيلۈك بولۇپ 200 يىلدا ئاۋۇپ 200دىن ئاشقان، خالاس. قالماقتار ئاتالغانلار لوپلۇقلارغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە مىللەت كىملىكى جەھەتتىن ئاۋام ئارىسىدا بەزى ئۇچۇرلار ئارىلىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن، جۈملىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھېچبىر پەرقى قالماي يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، بۇ خەلق ئارىسىدا ئېغىز رىۋايەتلىرىمۇ ئورتاقلىشىپ كەتكەن، جۈملىدىن ئەسلىدىن قالماق ئەجدادلىق بولغانلارنىڭ بايانلىرى باشقىلارنىڭ ئېغىزىمۇ سىڭىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. لوپنور دىيالېكتىدا موڭغۇل تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىن قىسمەن تەسىرلىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ گىراماتىكا جەھەتتىن تەسىرى سېزىلگىنى يوق. ناۋادا ئۇلار موڭغۇل نەسىللىك ئاھالىلەر بولغىنىدا تىلى تەسىرى سېزىلگەن... ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكتى بولماستىن كۆپ بولغاندا ئارىلاشما تىلغا ئايلانغان بولاتتى. لوپ رايونىدىكى نەچچە يۈز يەر نامى ئىچىدە موڭغۇل تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرى پەقەت 20 ـ 30 چە چىقىدۇ. لوپلۇقلارنىڭ كىشى ئىسىملىرى تۈركىي ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكى مەلۇم، مانا مۇشۇلاردىن قارىغاندا، لوپلۇقلار ئەسلىدىن

① ھاشىم تۇردى، مېھراي ياقۇپ، سۇڭ جېڭچۈن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور تەلەپپۇزى ئۈستىدە تەتقىقات»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ بەت.

موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى بولماستىن ئۇيغۇر ئەۋلادى دەپ قاراش مۇمكىن، لېكىن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا موڭغۇل نەسەبلىك، تۇبۇت نەسەبلىك ئازراق ئاھالە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن.

**قىرغىززار:** لوپنور ناھىيەسىنىڭ دۆڭقوتان يېزىسى بىلەن بۇگۇر ناھىيەسىنىڭ سوخۇ يېزىسىدا بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنى قىرغىزلارنىڭ ئەۋلادى دەيدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىسمى ناسىرۋاي، بوۋا ھاجى قاتارلىقلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بايان قىلسا، يەنە بىر قىسمى پاسار شاڭيو، ئابلابەگ ھاجى قاتارلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىرىنچى بولۇپ لوپ رايونىغا كەلگەن قىرغىز كىشىنىڭ ئىسمى دۇرۇلگە بولۇپ قەشقەر تەرەپتىن كەلگەنمىش.

تىلشۇناسلار ھاشىم تۇردى ۋە مېھراي ياقۇپلارنىڭ 1980 ـ يىلى لوپ رايونى ئىچىدە تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا، ئۆزىنى قىرغىزلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىغانلارنىڭ 250 كىشى ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەجدادىنىڭ دۇرۇلگە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. لوپلۇقلار تىلىدىكى «قىرغىززار» ئەدەبىي تىلىمىزدىكى قىرغىزلار بىلەن ئوخشاش، قىرغىززاردىكى «زار» كۆپلۈك قوشۇمچىسى. لوپلۇقلار ئارىسىدا «قىرغىززار» دېگەن توپنىڭ بارلىقى، لوپلۇقلار كىيىدىغان چەكمەن قالپاق[1] بىلەن قىرغىزلارنىڭ قالپىقىنىڭ ئوخشىشىدىغانلىقىغا قاراپ، لوپلۇقلار قىرغىزلارنىڭ ئەۋلادى دېگەندەك پەرەز قىلغۇچىلار بولدى. قىرغىزلار مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ يېنسەي دەرياسى بويىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار ئەينى زاماندىكى خەنزۇچە يازمىلاردا 坚昆 دەپ خاتىرىلەنگەن ھەمدە شەرقىي ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا ياشىغان. ئورقۇن (ئورخۇن) ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلغاندا ئۇنىڭغا قارام بولغان. 840 ـ يىلى تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىچكى نىزا تۈپەيلىدىن ئاجىزلاشقان ئورقۇن ئۇيغۇر ئېلىگە ھۇجۇم قىلغان، ئورقۇن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ۋەزىرى كۈلۈگ باغا تەرەپدارلىرىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى بىلەن ناھايىتى تېزلا خانلىق ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلغان. مەغلۇپ بولغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتىشكەن، پەقەت بىر بۆلىكى ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىگە كۆچۈپ ھاكىمىيەت قۇرغان. ئورقۇن ۋادىسىدىن ئۇيغۇرلارنى قوغلاپ چىقارغان قىرغىزلار يېنسەي دەريا ۋادىسىدا ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار قەد كۆتۈرگەندىن كېيىن، موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ پۇقراسىغا ئايلانغان. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە چاررۇسىيە ئىمپېرىيەسى يېنسەي ۋادىلىرىغا بېسىپ كىرگەندە، ئۇلار ئۇزۇن زامان ياشىغان ماكانىنى تاشلاپ كۆچۈپ ئالتاي تېغىدىن ھالقىپ ئىسسىق كۆل، تالاس بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان[1]،

① چەكمەن قالپاقنى خاس لوپلۇقلارلا كىيگەن دېيىش توغرا ئەمەس. بىلشىمىزچە، كېرىيە، چەرچەن، قومۇل ۋە تۇرپان تەرەپلەردىمۇ كىيىلىدۇ. ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ تارتقان سۈرەتلىرىدىن قارايدىغان بولساق مۇنداق چەكمەن قالپاق باش كىيىمى سۈپىتىدە كۆرۈلمەيدۇ، بەلكى تۆپە تۇماق، شاپاق بۆك، تەتۈر تەلپەك قاتارلىقلار مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

كېيىنرەك يەنىلا چارروسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پۇقراسىغا ئايلانغان. قىرغىزلار چارروسىيەنىڭ پۇقراسىغا ئايلانغاندىن كېيىن ئاز بىر قىسىملىرى تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىگىمۇ كېلىشكە باشلىغان. مىسالەن: باسمىچىلارنىڭ تەسىرى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاچارچىلىق، 1930 ـ يىللاردىكى باستۇرۇش. ئومۇمەن ئالغاندا، قىرغىز نامى مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ مەڭگۈ تاشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. قىرغىزلارنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىگە كېلىشى 18 ـ ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى ئىش. ئۇنداقتا، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى بۇ خىلۋەت ماكاندا «قىرغىززار» دەيدىغان، 1980 ـ يىلى سانى ئاران 250كە يېتىدىغان بۇ كىشىلەر قانداقچە، قاچان پەيدا بولۇپ قالغان؟ مېنىڭچە، «قىرغىززار» 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاندىن لوپ ۋادىسىغا كەلگەن. ئەمما، يۇقىرىقى ئەمەلىيەت لوپلۇقلارنىڭ قىرغىز ئەۋلادى بولۇش ئېھتىمالىنى يوققا چىقىرىدۇ. قىرغىزلار ھازىرقى قىرغىزىستان دائىرىسىگە يېنسەي ۋادىسىدىن كۆچكەندە، لوپلۇقلار لوپ رايونىدا ياشاۋاتقانىدى. قىرغىز قالپىقى بىلەن لوپلۇقلارنىڭ چەكمەن قالپىقىدىكى مەلۇم ئوخشاشلىقمۇ، پەرقمۇ مەۋجۇت. مۇشۇ ساھەدە مەخسۇس تەتقىقات يۈرگۈزگەن دوكتور ھەسەنجان ئابلىز «لوپنۇر قالپىقى كىروران مەدەنىيىتىنىڭ، جۈملىدىن شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان لوپنورلۇقلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن قالغان شانلىق مەدەنىيەت سەمەرىسىدۇر»[2] دېگەن يەكۈنى بۇ قالپاقنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى يەكۈن بولالايدۇ. پەرق شۇكى، لوپلۇقلار قالپاقلىرىغا گۈل ئىشلىمەيدۇ يەنى سىيدام بولىدۇ، ئارقا چېتىقى يوق. ھازىرقى بايقاشلاردىن قارىغاندا، لوپلۇقلار قالپىقىنىڭ قىرغىقىنى ئاستىغا قارىتىپ يۈز قىسمىنى كۈننىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلايدۇ. ھازىر سەھنە ئەسەرلىرىدىكى قىرغىز قالپىقىسىمان قالپاقنى لوپلۇقلارنىڭ ئاساسىي باش كىيىم، بەلگىسى قىلىۋېلىش مۇۋاپىق بولمىغان. يەنە بىر مەسىلە، قىرغىز قالپىقى بىلەن ئوخشىشىدىغان چەكمەن قالپاقنى باشقا يۇرتتىكى ئۇيغۇرلارمۇ كىيىدۇ، ئەسلىدىن قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كىيىملىرىدە زادى كىمدىن ئۆگەنگەن دېگەن مەسىلە جاۋاب ھازىرلاش قىيىن بولغان ئىشلاردىن بىرى. شۇڭا ئېيتىش كېرەككى، كىيىدىغان قالپىقىغا قاراپ ياكى بىرقانچە ئون ئۆيلۈك ئاھالىنىڭ ئۆزلىرىنى قىرغىز دېگىنىگە ئاساسەن، 10 مىڭدىن ئوشۇق

---

① قىرغىزلار ئارىسىدا خېلى كۆپ تەكشۈرۈشلەردە بولغان چوقان ۋەلىخانوف (1835 ـ 1865) «جۇڭغارىيە ئوچېرىكلىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «بۇيرۇتلار (قىرغىزلار) ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەيدۇ، ئەمما، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ، ئۇلار ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىنى شامان دىنىنىڭ ئادەتلىرى بويىچە ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما بۇ تەرەپلەرگە بىرەر موللا ياكى تاتار كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆيلىرىدە قوندۇرۇپ خەتمىقۇرئان قىلدۇرۇۋالىدۇ. ئىسسىق كۆلدىن تارتىپ تاكى بەدەخشانغىچە بولغان بۇ كەڭ قىرغىز زېمىنىدا بىرمۇ موللا (ساۋاتلىق كىشى) تاپقىلى بولمايدۇ» («مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق 4 ـ سانى، 44 ـ بەت) دەپ يازغىنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا چارۋىچى مىللەتلەر بولغان قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەھۋالىمۇ ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.

② ھەسەنجان ئابلىز: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىدىن لوپنور قالپىقىنىڭ قىممەت قاتلاملىرىغا نەزەر»، «شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك لوپنورلۇقلار مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى»، 2012 ـ يىلى ئۇيغۇرچە باسمىسى، 169 ـ بەت.

ئاھالىنى[1] قىرغىز دېيىش تارىخ ئەمەلىيىتىگە ۋە مەنتىقە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يۇقىرىدا كۆرگەن رىۋايەتتىمۇ قىرغىزلارنىڭ قەشقەردىن كەلگەن بىرقانچە ئۆيلۈك كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. مۆھتەرەم تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف ھۆكۈم قىلغىنىدەك، لوپلۇقلارنىڭ تىلى قىرغىز تىلى ئەمەس، گەرچە قىرغىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى ئوخشاشلا تۈركىي تىل بولسىمۇ، ئىككى تىلنىڭ لېكسىكا ۋە گىراماتىكا قىسمىدا خېلى چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت. قىرغىز تىلى ج لىق تىل بولسا بولسا، لوپنور دىيالېكتى ي لىق تىل بولۇپ ئايرىم تىللاردىن ئىبارەت، فونېتىكا قىسمىدىمۇ پەرقلەر بارلىقى تىلشۇناسلىق ئەسەرلىرىدىن مەلۇم.

**ياللار (يانلار):** يەنى يان تەرەپتىن كەلگەنلەر. بۇلار قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، قومۇللاردىن لوپ رايونىغا كېلىپ دىن تەشۋىقاتى ياكى سودىگەرچىلىك قىلغان ياكى تۇرۇپ قالغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ نوپۇسى ئالدىنقى تۆت توپ (قالماقتار، جۇداقتار، قالۇچىلار، قىرغىززار)دىن كۆپ، ئەمما قاراقوشۇنلۇقلارچىلىك كۆپ ئەمەس. بۇ توغرىدا، 1956 ـ يىلى 7 ـ ئۆكتەبىردە چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يېڭىسۇ مەھەللىسىدىكى 159 ياشلىق ئانزاقۇللۇنىڭ ئەدھەم رېھىموۋىچ تېنىشېفقا «قۇدۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىبىللىك، چىبىللىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاراكۆل. تۇمەنپو قاراكۆلگە قۇيۇلىدۇ. ئارغاندىن بېرى، ياڭىسۇدىن نارى. لوپ كۆلۇ قاراۋاي[2] نىڭ ئۇستۇن يانى. ساقالۇ قارامايدى. شۇنۇڭ گوي ئىزە يانلا، ياللا جاماتى دېيىدىكەن. ياللا قارىمايدىكەن، تۇشى تۇشمەيدىكەن، ساقالۇ ئاقارمايدىكەن. ياللا ئۇستىن تەرەپتىن، قاراشار، كۇچار تەرەپتىنمۇ كەلگەنلەر ئىكەن. قاراۋايدا قۇ، غاز تۇشەدىكەن. قۇنى تۇكۇنى يۇلۇپ ئۇستىگە جۇغا قىپ كىيەدىكەن. شۇنداق قۇچۇللۇق[3] دېيىدىكەن. ئۇلا ياللانى جامائاتىكەن.»[4] يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، لوپلۇقلار قاراقوشۇنلۇقلار، قالماقلار، قىرغىزلار، جوداقلار، يانلار، قالۇچىلار قاتارلىق بىرقانچە توپلار ۋە جەمەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئەمما قاراقوشۇن ۋە قالماقلاردىن باشقىلارنى جەمەتلەر دەپ قاراش مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقى ئىنسان توپلىرىنىڭ نوپۇسىنى ھاشىم تۇردى ۋە مېھراي ياقۇپلار ئېنىقلاپ چىققان. مەيلى قانداق بولمىسۇن لوپلۇقلارنىڭ تەركىبىدە موڭغۇل ۋە قىرغىزلاردىن ئاز ساندىكى ئاھالىلەرنىڭمۇ قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتماي بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر ئەنە شۇنى سانى ناھايىتى چەكلىك كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قالماق ياكى قىرغىز دەپ ئاتىشى پۈتۈن لوپلۇقلارنىڭ، موڭغۇل ياكى قىرغىز ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. 1980 ـ يىلى ھاشىم تۇردى ۋە

① سېۋېن ھېدىن «تارىمنىڭ سىرىنى ئىزدەپ» ناملىق كىتابىدا 1900 ـ يىلى لوپلۇقلارنىڭ نوپۇسىنىڭ 10 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

② ھازىر قاراداي دېيىلىدۇ، دۆلەت 218 ـ تاشيولىنىڭ 948 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنىڭ ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ.

③ قۇچۇللۇق، لوپلۇقلار ئىچىدىكى جەمەت. لوپ رايونىدا قۇ دەيدىغان خۇش پۇراق ئۈسۈملۈكمۇ بار. بۇ جەمەتنىڭ نامى يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، قۇنىڭ تېرىسىنى شۇلۇۋېتىپ جۇۋا قىلىپ كىيىشىدىن كەلگەن. ئۇلار ئەمەلىيەتتە «قۇچۇل» دەپ ئاتىلىدىغان جاينىڭ ئەتراپىدا ياشىغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان بولسا كېرەك.

④ ئە . ر . تېنىشېف: «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»، رۇسىيە نايكا نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 138 ـ بەت.

مېھراي ياقۇپلارنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، لوپلۇقلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنى موڭغۇل (جوداقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە قىرغىز دەپ ئاتايدىغانلارنىڭ نەچچە يۈز كىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان، ئۇلار لوپلۇقلارنىڭ نوپۇسى ئىچىدە ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ھازىرقى ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا، قاراقوشۇنلۇقلار لوپلۇقلار ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان. چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ قاراقوشۇنلۇق ۋە قاراكۆللۈكلەرنى ئىككى قەبىلە سۈپىتىدە تونۇشى تۈپتىن خاتا بولغان، ئىگىلەنگەن ئۇچۇرلاردىن ئاساسلانغاندا لوپلۇقلار ئارىسىدا قەبىلە بولمىغان. قاراقوشۇن ۋە قاراكۆل تارىم دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى كۆللەرنىڭ نامىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، قاراقوشۇن ھازىرقى مۇران بوستانلىقىنىڭ 20 نەچچە كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى كۆلنىڭ نامى بولۇپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشىغانلار «قاراقوشۇنلۇقلار» دەپ ئاتالغاندىن سىرت، يەنە ئابدال مەھەللىسىدە ياشىغانلار «ئابداللار» دەپ ئاتالغان. «قاراكۆل» دۆلەت 218 ـ تاشيولىدىكى ئارغاندىن يېڭىسۇغىچە بولغان ئارىلىقتا، يېڭىسۇغا يېقىنراق بولغان كۆللەردىن بىرىنىڭ نامى، مۇشۇ كۆل ئەتراپىدا ياشىغانلار «قاراكۆللۈكلەر» دەپ ئاتالغان ئەھۋاللار تاكى يېقىنغىچە داۋام قىلغان، ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ قوللىنىلغان. مىسالەن: ئىسلام قاراكۆل، ئوغۇلخان قاراكۆل... دېگەنگە ئوخشاش. لوپلۇقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى قاراقوشۇنلۇقلار بولۇپ ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ كۆچكەن. قاراقوشۇن ۋە قاراكۆل 18 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ كۆلنىڭ، شۇنداقلا كۆلنى بەلگە قىلغان يەر ناملىرىدىن ئىبارەت، شۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئۆزلىرىنى كەڭ دائىرىدە «لوپلۇق» دەپ ئاتىسا، تار دائىرىدە قاراقوشۇنلۇق، قاراكۆللۈك، يېڭىسۇلۇق، لايسۇلۇق، چارلىق... دېگەندەك ئاتاپ كەلگەن. بۇ تەرىپى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى لوپنورلۇق، قومۇللۇق، چاقىلىقلىق، كورلىلىق دېگىنىگە ئوخشاش، بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قەبىلە سۈپىتىدە تونۇغىلى بولمىغىنىدەك، قاراقوشۇنلۇقلار ۋە قاراكۆللۈكلەرنىمۇ ئايرىم قەبىلە سۈپىتىدە تونۇش سەۋەنلىك بولسا كېرەك.

چۆچەكلىك تاتار قۇربان غەلىي خالىدى تەرىپىدىن 1901 ـ يىلى يېزىلىپ 1910 ـ يىلى قازان ئۆرنەك مەتبەسىدە بېسىلغان «تەۋارىخ خەمسەئي شەرقىي» ناملىق كىتابتا، «تۆگىلىك تېز ماڭغاندا 11 كۈندە لوپ كۆلىگە كەلدۇق، قايتىشتا ئەڭ بوغاز يەنى مۇساپىسى ئاز يەردىن توققۇز كۈندە چىقتۇق. بۇ قورقۇنچلۇق باياۋاننىڭ بەزى يەرلىرىدە شەھەر ئورۇنلىرىنىڭ بەلگىلىرى بولۇپ ۋە بەزى ئورۇنلىرىدا مېھرابىنىڭ بەلگىلىرىگە ئوخشاش نەرسىلىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، دېدى. بەزىلەر قۇم ئاستىدا ئېچىلىپ قالغان خەزىنىلەرگە يولۇقۇپ قالغانلىقلىرىنىمۇ ھېكايە قىلىشىدۇ. ھازىر لوپ كۆلى ئەتراپلىرىدا يۈرگەن ئەللىرىمىز بۇرۇن تۇغلۇق تۆمۈر ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولغان قالماق جىنسىدىن بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يۈز بەرگەن تەپرىقىچىلىك كۈنلىرىدە قالماقنىڭ كاپىرلىقتا قالغانلىرى ئىسلامغا كىرگەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە

قىلىپ، بۇلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغاندا، نائىلاج مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىنى تاشلاپ، ئۇ ئەتراپلاردىن كۆچۈپ لوپقا كېلىشكەن ئىكەن. زامان ئۆزارغانسېرى بۇلارنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى ناھايىتى ئاجىزلىشىپ، ئەسلىي تەبىئىي ئەھۋالغا قايتىپ كېتىشكە ئاز قالغان ئىكەن، مەرھۇم ياقۇپخاننىڭ دەۋرلىرىدە خېلى ئاقىرىپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى خېلى جىق ياخشىلاندى...»[1] دېيىلگەن. قۇربان غەلىي خالىدىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى پىچان ياكى تۇرپان تەۋەسىدىن ئىگىلەنگەن بولسا كېرەك، ئەمما تۇغلۇق تۆمۈرخانغا باغلاش مۇۋاپىق بولمىغان. ئۇلارنى موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى دەپ يېزىشى تېخىمۇ توغرا بولمىغان، بۇ تەرىپىنى يۇقىرىدا ئۇلارنىڭ ئىرقى ۋە مىللەت نامىنى ئېنىقلىغاندا كۆرۈپ ئۆتتۇق.

«بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»دە «چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا توقتۇ بەگنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 500 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە قاراشەھەر، كورلا رايونىدا مال بېقىش بىلەن بىرگە تېرىقچىلىق قىلاتتى. 1735 - يىلى غالدان سېرىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىن يۇلتۇز يايلىقىغا باستۇرۇپ كىردى ھەمدە قايدۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئېكىنزارلىقلارنى يايلاققا ئايلاندۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ماخۇس، جوراس ئوتاقلىرىنى تەشكىللەپ كورلا رايونىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ تۇراتتى. مۇشۇ ئەھۋالدا توقتۇ بەگ 300 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولدى، تۇرپان ئايمىقىنىڭ ۋاڭى ئىمىن خوجا ئۇلارنى لوپ رايونىدا مال بېقىشقا ئورۇنلاشتۇردى... 1759 - يىلى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسى توقتۇغا تەۋە 300 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالىنى كورلا ۋە لوپنورغا قايتۇردى، ئاقسۇ رايونىدىكى دولانلار بۇگۇر، كورلا قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى... (چىڭ گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى) توقتۇنىڭ ئۇكىسى ئابدۇلھەي 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگ ئىدى. لوپنورنىڭ قاراكۆل ۋە قاراقوشۇندا ئىككى قەبىلە 183 ئۆيلۈك جەمئىي 1071 كىشى قېلىپ قالدى، قاشقا ئومۇمىي بەگ بولغان...»[2] دېيىلگەن. يۇقىرىدا كۆرگەن نوپۇسى ھەققىدە ئايرىم مۇلاھىزىمىز بار. دولانلارنىڭ لوپ رايونىدا چارۋىچىلىق قىلىشى ھەمدە قايتىشى ھەققىدە خېلى كۆپ ئۇچۇرلار ساقلانغان. تۆۋەندە كۆرىدىغان قوڭغۇز بېگەنلەر ھەققىدىكى رىۋايەت مەزمۇن جەھەتتىن پەرقسىز دېگۈدەك ھالدا لوپلۇقلار ھەم دولانلار ئارىسىدا ساقلانغان، بۇلاردىن مەنبە لوپلۇقلارمۇ ياكى دولانلارمۇ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش قىيىن.

1876 - يىلى لوپلۇقلار ئۆزلىرى ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلارنى پىرژىۋالىسكىغا ئېيتىپ بەرگەن، شۇ ئاساستا پىرژىۋالىسكى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «بىز ئاڭلىغان ئۇچۇرلارغا

---

① قۇربان غالىي خالىدى: «تەۋارىخ خەمسەئي شەرقىي»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، 1978 - يىلى شاپىگراف نۇسخا، 1 - توم، 114 - بەت.

② بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرە كومىتېتى: «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، زامانىمىزدىكى جۇڭگو نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 264 - بەت.

قارىغاندا، تارىم دەرياسى ئەتراپلىرىدىكى هازىرقى ئاھالىلەر ئەسلىدە لوپ كۆلى[①] بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. تەخمىنەن يۈز يىللار بۇرۇن بېلىقنىڭ ئازلاپ كېتىشى ۋە قالماقلارنىڭ (تۇرغۇت موڭغۇللىرى) تاجاۋۇزى سەۋەبىدىن ئۇلار تارىم دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كەلگەن. تارىم دەرياسى بويىدا شۇندىن بۇرۇن ئاھالە بار - يوقلۇقىنى هازىرچە تەھقىقلەشكە بولمىدى، بىراق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، لوپ كۆلى بويىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن قېچىپ كەلگەنلەر ۋە سۈرگۈنلەر بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولغانلىقتىن تارىم دەرياسى ئەتراپىدىكىلەر شالغۇتلاشقان. تارىم دەرياسى بويىدىكىلەرنىڭ ئەسلىدە ئارىيان (ياۋروپا) ئىرقىغا تەۋەلىكىدە شۈبھە يوق، ئەمما هازىرقى تۇرقىدىن ئۇلارنىڭ شالغۇتلاشقان ئالاھىدىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بەزىلەرنىڭ تۇرقى سارتلار (ئۆزبېك)غا، قىرغىزلارغا ھەتتا تاڭغۇت (زاڭزۇ)لارغا ئوخشايدۇ. يەنە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغىنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇرقى ساپ ياۋروپالىقلارغا ئوخشىسا، يەنە بەزى كىشىلەر ھەقىقەتەن تىپىك موڭغۇللارغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردىكىلەرنىڭ يۈز ئۆڭى كۆركەم ئەمەس، كۆكرەك مۇسكۇلى تەرەققىي قىلمىغان، تېنى ئاجىز. ئەرلەر ئوتتۇرا بوي، خوتۇن - قىزلىرى پاكارراق...»[②] پىرژېۋالسكىنىڭ بايانلىرى لوپلۇقلاردىن ئىگىلىگەن ئۇچۇرلىرى بىلەن ئۆز كۆزىتىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. لوپلۇقلارنىڭ قاراقوشۇن كۆلى بويىدىن كۆچكەنلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ھازىر ئومۇمىي قاراشقا ئايلانماقتا، بۇ تەرىپى تىل نۇقتىسىدىنمۇ ئىسپاتلاندى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپىدىكى جايلاردا ياشىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

1885 - يىلى ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ لوپ رايونىغا قايتا كەلگەن پىرژېۋالسكى «لوپ كۆلى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكىلەرنىڭ تۇرقىنى سېلىشتۇرسا، ئۇلارنىڭ سىياقىدا چوڭ پەرقلەر بار ئىكەن. بىراق ئومۇمەن ئالغاندا، موڭغۇل قېنى ئارىلاشقان تۈركىي سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىپى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. موڭغۇللار سىياقىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مەڭز سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان، ساقىلى شالاڭ كېلىدۇ. بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئوتتۇرا بويدىن سەل پاكارراق، ئېگىز بويلۇقلىرى ئازراق. تەن قۇرۇلۇشىنى ئىسكەتلىك دېگىلى بولمايدۇ، بىراق بىلىكى كۈچلۈك، بۇ بەلكىم دائىم كېمە تايىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇلارنىڭ تېرىسى ئاقۇچ ياكى ساغۇچ رەڭدە، باش سۆڭىكى ئېللىپسسىمان، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئارقا مېڭىسى كەينىگە پۈسكىيىپ چىققان، پېشانىسى پاكارراق. كىرپىكلىرى تەكشى، كۆزلىرى چوڭ، كۆز قارىچۇقى قاپقارا، قىسمەنلىرىنىڭ بوز. قاڭشىرى ئېگىز، باشقىلارنىڭ تەكشى، يەنە بەزىلەرنىڭ بۇركۇت تۇمشۇقىدەك. كۆپلىگەن ئاھالىلەرنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ ئارقىسى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، بىراق ساپ موڭغۇللارغا تامامەن ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كالپۇكى قېلىن،

---

① پىرژېۋالسكى هازىر لوپ كۆلى دېيىلىۋاتقان كۆلنى بايقىمىغانلىقتىن، ئىمزچىل تۇردە قاراقوشۇن كۆلىنى لوپ كۆلى دەپ قارىغان. ھازىرقى لوپ كۆلىنى دوكتور رېچخوفېننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سېۋېن ھېدىن ئېكسپېدىتسىيەسىدە بايقىغان.

② پىرژېۋالسكى: «لوپ كۆلىگە سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 262 - بەت.

چىشلىرى كىچىك ھەم ئاق، قولىقى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا. ئېڭەك ساقىلى، ساقال ۋە بۇرۇتلىرى شالاڭ ھەم قىسقا، چاچلىرى قارا بولۇپ يەنە خېلى بىر قىسمىنىڭ بوز رەڭدە، بولۇپمۇ خوتۇن - قىزلارنىڭ چېچى، ئەرلەرنىڭ ساقىلىمۇ بوز رەڭدە كېلىدۇ. ئەرلەر چېچىنى پاكىز قىردۇرۇپ ساقاللا قويىدۇ. توي قىلمىغان قىزلار چېچىنى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ساڭگىلىتىۋالىدۇ، چېچىنىڭ ئۇچىنى تال - تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ. خوتۇنلار چېچىنى ئىككى ئۆرۈۋالىدۇ. قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ چىراي - تۇرقى، بەدەن تۈزۈلۈشى، ئەڭلى سىرتتىكىلەر بىلەن ئوخشاش، بىراق بويى پاكارراق، بەدىنى ئاجىز...»[1] دەپ يازغان. مانا بۇلاردىن قارىغاندا، لوپلۇقلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكىنى موڭغۇل ئىرقىي سۈپىتىدە تەسۋىرلەش بىر تەرەپلىمىلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. لوپلۇقلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ئاھالىلەردىن موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلسىمۇ، لوپلۇقلار ئارىسىدا بىر يىلدەك تەكشۈرۈشتە بولغان ھەمدە موڭغۇللار ئارىسىدىمۇ ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىدە بولغان پىرژېۋالسكى ناھايىتى ئېنىق ھالدا لوپلۇقلارنىڭ ئىرقىي جەھەتتە موڭغۇللاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

1890 - يىلى قاراقوشۇن كۆلى بويىغا يېتىپ بارغان گابرىېل بونۋالوت مۇشۇ مەھەللىدىكى چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بىر موماينىڭ ئىككى تارلىق چالغۇ بىلەن ئېيتقان داستانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغان، موماي ئېيتقان داستانىنى ئۇلارنىڭ تەرجىمانى ئابدۇللا يۈسۈپ تاران تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەنلىكتىن، چاقىلىقتا تۇرغان لوپلۇق كېمىچى چاقىلىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەلەپپۇزىدا قايتا بايان قىلغان، ئۇمۇ چۈشەنمىگەن يەرنى قايتا - قايتا سوراپ ئېنىقلىغان، مۇشۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا بۇ داستاننىڭ تولىمۇ قەدىمىيلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ داستان مومايغا ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان بولۇپ قەدىمىيلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرماقتا. بۇ قەدىمكى داستاننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا تۆت خان ئۆز يەرلىرىنى ئىدارە قىلىدىكەن. بۇ يەردە مۇسۇلمانلارمۇ بار بولۇپ كۆللىرى پاراۋانلىق ئىلكىدە ئۆتەر ئىكەن. بۇ تۆت خان قاغىلۇق (ھازىرقى چاقىلىقنىڭ ئۈچ كۆنلۈك غەربىدىكى جاي)تا تۇرۇشلۇق نۇنىياز ئاغا ۋە مارجان ئاغا؛ مۇران كونا شەھىرى (ئابدال مەھەللىسىنىڭ ئەتراپىدا)دىكى چىل ئاغا (بۇ جايلار قەدىمدە شەھەر ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە خارابىسى بار)لار ئىكەن. تاسادىپىي ھالدا موڭغۇل لەشكەرلىرى تۆت تەرەپتىن باستۇرۇپ كەپتۇ، موڭغۇللار نۇسرەت قازانغاندىن كېيىن، بىر بۆلەك ئەرلەرنى قەتلى قىپتۇ، قالغانلىرىنى قۇل قىپتۇ. موڭغۇللار ئىدارە قىلىپ تۇرغان يەردىن قېچىپ چىققان خوتۇن - قىزلار كۆنچىقىشقا قاراپ قېچىپتۇ، يۈچۈن مەھەللىسىگە ئۈچ كۈنلۈك كېلىدىغان يەرگىچە قېچىپ بېرىپتۇ (بەزى كىشىلەر قېچىپ سايدام ئويمانلىقىغا بېرىپتۇ. پىرژېۋالسكى ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى ئۇچراتقان ئىكەن — ئەسلىي كىتابنىڭ ئىزاھاتى). ئۇ چاغلاردا ئۇ يەردە سۇ بار ئىكەن، ھازىر قۇم - شېغىللىق بولۇپ كەتتى.

[1] پىرژېۋالسكى: «لوپ كۆلىگە سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 123 - بەت.

ئۇلارنىڭ ئۆيى يوق ئىكەن، ئوت يېقىپ بولماق[1] قىلىپتۇ، شۇڭا ئۇ يەر «قاراقوشۇن» قارا ئوچاق دېگەن مەنىدە ئاتىلىپتۇ، بۇ جاي نامى ھازىرغىچە قوللىنىلماقتا. ئۇلار بېلىق ۋە غاز تۇتۇپ يەپ ھايات كەچۈرىدىكەن. يۈز يىلدىن ئارتۇق مۇشۇنداق ھايات كەچۈرۈپتۇ. موڭغۇللار ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى يۇرت - ماكانىنى ۋەيران قىلىۋېتىپ قايتىپ كېتىپتۇ، قاراقوشۇننىڭ سۇيىمۇ تەدرىجىي ئازلاپ قۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۇلار يەنە كۆنۈپكېتىشقا قاراپ كۆچۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. بەزىلەر بۇرۇنقى يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ، بەزىلەر كورلا بىلەن لوپ مەھەللىسى ئارىسىدىكى تارىم دەرياسى بويىغا كۆچۈپتۇ. بۇرۇن قاغۇلۇق دېگەن يەرگە قايتىپ كەلگەنلەر بۇ يەرنىڭ نامىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىكەن، ئۇلار بۇ يەردىكى خارابىنى بايقاپ كولاپ بايلىق ئىزدەپتۇ. بىراق موڭغۇللار بۇ يەرنى قۇرۇقداپ قويغانلىقتىن پەقەت بىر يىپ ئېگىرىدىغان چاقنى تېپىپتۇ ۋە مۇشۇ چاقنى بەلگە قىلىپ، مۇشۇ يۇرتنى قايتا بەرپا قىلىپ «چاقىلىق» («يىپ ئېگىرىدىغان چاق بار يەر» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتاپتۇ. چاقىلىقتا ئولتۇراقلاشقانلار ئۇۋچىلىق بىلەن قانائەت قىلىپ ياشاۋاتقان ئىكەن، كېيىنچە خوتەندىن ئىسمايىل ئاتا (بىز ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر ئاخشام قونغان — ئەسلىي كىتابنىڭ ئىزاھاتى) كېلىپ، ئۇلارغا: سىلەرگە تېرىقچىلىقنى ئۆگىتەي، دەپتۇ. كۆپچىلىك قوشۇلۇپتۇ، شۇڭا ئۇ خوتەندىن ئادەملىرىنى ئېلىپ كەپتۇ. كېيىنچە مۇشۇ يەرلىكلەر بىلەن خوتەنلىكلەر ئارىسىدا جېدەل بولۇپ قاپتۇ، خوتەنلىكلەر ئوغۇللىرىغا يەرلىكلەرنىڭ قىزلىرىنى ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن زىددىيەت پەسلەپتۇ. مۇشۇ خىل تويلىشىش بىلەن ئۇلار ئىرقىي جەھەتتىن شالغۇتلىشىپتۇ. بىراق يەرلىكلەر خوتەنلىكلەرنىڭ قىزلىرىنى ئالماپتۇ، شۇنداق قىلىپ نىكاھنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي ئۆز ساپلىقىنى ساقلاپ قاپتۇ... (بۇ موماي قاراقوشۇندىن كۆچۈپ كەلگەن ئەرلەر نىكاھىغا ئالغان خوتۇن - قىزلار ئىچىدە، بۇرۇن مۇشۇ يەرنى ئىستېلا قىلغان موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئالغانلىقىنى، ئەرلەرنىڭ موڭغۇل قېنى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك — ئەسلىي كىتابنىڭ ئىزاھاتى.[2]) مومايىنىڭ «چاقىلىق» نامى ھەققىدىكى يەشمىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. بۇ ھەقتە چاقىلىق ئاھالىلىرى باشقىچە ۋەقە بىلەن ئوخشاش چۈشەنچە بەرگەن. پىرژىۋالسكى خاتىرىلىگەن رىۋايەت تاكى بۈگۈنگىچە تارالغان بولۇپ خوتەن تەرەپتىن ئالتۇنتاغقا ئوۋغا بارغان ئوۋچىلار يولدىن ئېزىپ، ھازىرقى چاقىلىق بازىرىغا كېلىپ قالىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە ناتونۇش بۇ جايدا يىپ ئېگىرىدىغان چاقنى كۆرۈپ «چاق بار جاي» دېگەن مەنىدە «چاقىلىق» دەپ ئاتىغان. بۇ ۋەقە 1800 - يىلىدىن 1825 - يىلىغىچە بولغان

---

① تەرجىمىدە كاڭ دېيىلگەن، قۇملۇقتا ياشىغان ئاھالىلەر ئوت قالاپ، چوغ چۈشكەندە ئۈستىنى قۇمدا كۆمۈپ شۇنداق راھەت ئۇخلايدۇ ۋە بولماق دەپ ئاتايدۇ، شۇڭا بولماق دەپ ئېلىندى.

② گابرىل بونۋالوت: «جەزىرىنى جەسۇرانە كېزىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 96 - بەت.

③ مۇشۇ يىلنامىمىزدىن موماي ئېيتقان 100 يىلنى ئېلىۋەتسەك، 1725 - يىلى يەنى جۇڭغارلارنىڭ لوپلۇقلار رايونىنى ئىگىلىگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. 1723 - يىلى لوپلۇقلار تۇرپانغا ۋەكىل ئېۋەتىپ چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن 1725 - يىلى جۇڭغارلارنىڭ موماي ئېيتقان رىۋايەتتىكىدەك دەھشەتلىك ئۆچ ئالغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئارىلىقتا يۈز بەرگەن[3]، شۇندىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ، تۆپرىقى مۇنبەت يەر ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشكەن كېرىيەلىكلەر، بۇ يەرگە كېلىپ يۇرت بەرپا قىلغان. موماي ئېيتقان بۇ تارىخىي داستان ناھايىتى قەدىمكى دەۋر تارىخىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ، ئالايلۇق موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاسى دەۋرىدە ھازىرقى چاقىلىق كونا شەھىرىدە ئادەم يوق خارابىلىكلەر ئىدى، ئەمما لوپ شەھىرى ئاتالغان ۋاششەھىرى كونا شەھىرى ۋە كىتىك، مەردەك شەھەرلىرى گۈللىنىپ تۇرغان ۋاقىتلار ئىدى. مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئالغاندا، داستاندا سۆزلەنگىنى 12 ـ، 13 ـ ئەسىر ۋەقەلىكىدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن بۇ ۋەقەلەرنىڭ 1725 ـ يىلى ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكىگە ئىشىنىش مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

يۇچۇن مەھەللىسىدىكى موماي تارىخىي داستاننى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، تارىخىي تېمىدىن چەتنەپ باشقا قوشاق، ناخشىلارغا جۆمىلىدىن ئۆزى توقۇغان بېيىتلارغا ئۆتكەن، گابرىل بونۋالوت يۇچۇن[1] مەھەللىسىدىكى بىر نەچچە ئەردىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ قىيىنلىشىشى سەۋەبىدىن ئۇ يەردىن ئايرىلىپ قاراقوشۇن كۆلى بويىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن. ئۇلار مۇشۇ يېڭى قاراقوشۇن كۆلى بويىغا كۆچۈپ كېلىپ تارىم دەرياسى قىرغىقىدا مەھەللىسىدە قاپتۇ، مۇشۇ يۇچۇن مەھەللىسىنىڭ ئاتىسى (يۇرت ئاتىسى) كونا قاراقوشۇن بويىدا تۇغۇلغان بولۇپ 1889 ـ يىلى 70 ياشقا كىرىش ئالدىدا ئىكەن. يۇرت ئاتىسى تۇرۇۋاتقان ئۆيىنى 30 نەچچە يىل بۇرۇن سالغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ بايانلىرىنى ئومۇملاشتۇرغاندا يۇچۇن مەھەللىسىدىن كونا قاراقوشۇن تەرەپكە ماڭسا ئارىلىقتا ئىككى مەھەللە، يەنى قاراكۆيۈك مەھەللىسى ۋە دۇچ مەھەللىسى (都其美村) بار. ئۇ يەرنىڭ سۇيى تۇگەپ، قۇمۇشلۇق يەرلىرى قۇملىشىپ كەتكەنلىكتىن، دۇچ مەھەللىسىدە ئادەم قالمىغان. قاراكۆيۈك مەھەللىسىدىكىلەرمۇ خارابىلىشىۋاتقان مەھەللىسىنى تاشلىغان، ئاخىرقى ئىككى ئائىلىمۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ كۆچۈشكە تەييارلىنىۋاتقان ھالەتتە ئىدى. يۇچۇن مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ خاتىرجەم كۆنلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ كۆنېيتىشقا كۆچۈش ھازىرلىقىنى قىلغان ۋاقىتلار بولۇپ ئاشۇ بېلىق تۇتۇپ ھايات كەچۈرگەن كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى چاقىلىق بوستانلىقىغا كۆچۈپ يەر تېرىش نىيىتىگە كەلگەن.

1889 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ياڭكۆل مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەن گابرىل بونۋالوتنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكىلەر، يەرلىك ئاھالىنى ئىرقىي جەھەتتىن كۆزەتكەن بولۇپ، «بايقىشىمىزچە بۇ يەردىكىلەرنىڭ سىن ـ تۇرقىدا پەرق بەك چوڭ ئىكەن. ياۋروپا بازارلىرىدا كۆرىدىغانلىرىمىزدەك، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ۋە بۇرنى ئوخشاشمايدۇ. ساپ قىرغىزلارغا ئوخشايدىغان ۋۇجىك، سېمىز، كۆزى كىچىك، چىشلىرى ھىڭگايغان، ئۆچكە ساقال كىشىلەر؛ سارت (ئۆزبېك)لارغا ئوخشايدىغان ئوتتۇرا بوي، قامەتلىك، بومبۇر قارا ساقال كىشىلەر؛ قىسمەنلىرى بوز كۆزلۈك؛ يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ

[1] يۇچۇن مەھەللىسى چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە بولۇپ، قارابوران كۆلى بىلەن قاراقوشۇن كۆلى ئارىسىدا ئىدى.

مەڭزى قىزغۇچ، كۆككۆز، تېرە تەلپەك كىيگەن»[①] دەپ يازغان. گابرېل بونۋالوت كونا ئابدال ۋە يېڭى ئابدالدىكى ئەرلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىدىغانلىقىنى يېزىش بىلەن بىرگە، يېڭى ئابدال مەھەللىسىدىكى ئاياللارنىڭ چىراي ـ تۇرقىنى بايان قىلىپ: «بۇرنى شىرىنككىگە ئوخشاش پاناق، چىشلىرى تومپىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان، كۆز قۇيرۇقى ئۇزۇن ھەم ئۇز، كۆز ئالمىسى تومپىيىپ چىققان، قېلىن قاپاق، ئېغىزى چوڭ، ئېغىزى بىلەن بۇرنىنىڭ ئارىسى ئۇزۇن. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا موڭغۇللارغا ئوخشىشىدۇ...»[②] دەپ تەسۋىرلىگەن. مانا بۇلار، لوپلۇقلار ئارىسىغا ئاسسىمىلياتسىيە بولغان ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەيلى يازما ئۇچۇرلار بولسۇن، رىۋايەت ـ داستانلارنىڭ ئۇچۇرلىرى بولسۇن، لوپلۇقلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەنلىكى، قەدىمدە شەھەرلىرى بولغانلىقى، كېيىن شەھەرلىرى ۋەيران بولۇپ كۆپلىگەن ئاھالىسى قوشنا يۇرتلارغا كۆچۈپ، ئاز بىر قىسمىنىڭ يۇرت ـ ماكانىدا قېلىپ، دەريا ـ كۆل بويلىرىدا ياشىغانلىقى، مانا بۈگۈنكى كۈندىكى كىشىلەر ئەنە شۇ يەرلىك سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى، بۈگۈنكى كۈندە جۈملىدىن مۇسۇلمان بولغاندىن بۇيان ياشاۋاتقان يۇرتىنىڭ نامى بىلەن ئۆزلىرىنى «لوپتۇق» دەپ ئاتىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇلارنىڭ كەڭرى بۇ زېمىندا ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن ياشىغانلىقى، ياقا يۇرتتىن پاناھلىق ئىزدەپ كەلگەنلەرنى ئۆز قوينىغا ئالغانلىقى ئىرقىي ئالاھىدىلىكىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغاندىن سىرت رىۋايەتلىرىدىنمۇ مەلۇم. مىسالەن، «قالماقتار» بىلەن بولغان ئالاقىلەر، تۇبۇتكە تاۋاپقا ماڭغان ۋە كەلگەن ئاھالىلەر، قەشقەردىن كېلىپ ياشىغان «قىرغىززار»، جەنۇب تەرەپتىن كېلىپ قالغان «جوداقتار»، تۇرپان تەرەپتىن كەلگەن «ياللا»، كېرىيەدىن كېلىپ دېھقانچىلىقنى ئۆگەتكەن ئاھالىلەر... مانا مۇشۇ خىل ئەھۋالدا تەبىئىي شالغۇتلىشىپ، ئىرقىي جەھەتتىن مۇرەككەپلىك شەكىللەندۇرگەن. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، لوپلۇقلار ناھايىتى قەدىمدىن مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلگەن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراش مۇمكىن.

**لوپلۇقلاردا قەبىلە مەسىلىسى** لوپلۇقلاردا قەبىلە بارمىدى؟ كۆپىنچە كىشىلەر بەزى ئاھالە توپلىرىنى ياكى ئومۇمىي لوپلۇقلاردىن ئازراق پەرقى بار توپلارنى كۆرسە قەبىلە سۈپىتىدە تونۇشنى ئادەت قىلىۋالدى، ئەمەلىيەتتە لوپلۇقلاردا قەبىلە مەۋجۇت ئەمەس (ھېچبولمىغاندا 1600 ـ يىللاردىن كېيىن). لوپلۇقلاردا تىلغا ئېلىنغان قەبىلە 1725 ـ يىلىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلاردا كۆرۈلىدۇ، بۇ توغرىدىكى ئۇچۇرلارنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. خەنزۇچە شۇ ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان قاراقوشۇن ۋە قاراكۆلنى قەبىلە سۈپىتىدە تونۇش تۇپتىن خاتا. ئۇيغۇرلاردا ئۆزلىرىنى ياشاۋاتقان جاي نامى ئارقىلىق ئاتاش ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئومۇمىي ئەھۋال. بۈگۈنكى كۈندە كورلىلىق، قاراشەھەرلىك...

① ② گابرېل بونۋالوت: «جەزىرىنى جەسۇرانە كېزىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 66 ـ بەت.

دېگەنگە ئوخشاش ئۆزلىرىنى يۇرت نامى بىلەن ئاتىسا، ئۇلارنى قەبىلە سۈپىتىدە تونۇغىلى بولمىغاندەك، بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى لوپلۇقلارنىڭ جاي ناملىرى بىلەن ئاتىغان قاراقوشۇنلۇقلار ۋە قاراكۆللۈكلەرنىمۇ ئايرىم قەبىلە سۈپىتىدە تونۇشقا بولمايدۇ. قاراقوشۇن كۆلى هازىرقى دەۋردە ئېيتىلىۋاتقان تارتما كۆلى (قارابوران كۆلى)[①] بىلەن لوپ كۆلى ئارىسىغا جايلاشقان چوڭ بىر كۆل. قاراكۆل بولسا هازىرقى يېڭىسۇ ئەتراپلىرىدىن ئارغانغىچە بولغان جايلاردىكى كۆللەرنىڭ ئومۇمىي نامى شۇنداقلا شۇ يەردىكى بىر كۆلنىڭ نامى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا دەريا ۋە كۆللەرنى مەركەز قىلىپ ياشايدىغان لوپلۇقلاردىن خېلى كۆپ كىشىلەر مۇشۇ ئىككى كۆلنى مەركەز قىلغان هالدا ياشىغان، شۇڭلاشقا ئۆزلىرىنىمۇ شۇ يۇرتلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. قەبىلە مەلۇم سىياسىي تۈزۈلمىگە ئىگە تارىخىي ئاتالغۇ، ئۇنىڭ كۆرسىتىدىغان مەزمۇنى ئادەتتىكى ئىنسان توپلىرىدىن خېلى كۆپ مۇرەككەپ. قەبىلىلەرنىڭ مەخسۇس تۈزۈلمىسى بولۇپ ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ياكى ئاقساقىلىنىڭ رەهبەرلىكىدە قاتتىق يۈرگۈزۈلىدىغان يوسۇنلىرى، سىياسىي تۈزۈلمىسى، ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشى، ئېتىقاد شەكلىنى ئالغان مۇراسىملىرى... بولىدۇ. گەرچە لوپلۇقلاردا بەگلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بەزى پائالىيەتلەر بولسىمۇ قەبىلىلەر بىلەن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. تۆۋەندىكى رىۋايەتلەردە سۆزلەنگەن تۆت جەمەت يەنى «قوڭغۇزيېگەنلەر»، «تاۋۇزئاتقانلار»، «توغراقكەسكەنلەر»، «ئايقوغلىغانلار»نىمۇ قەبىلە دېگۈچىلەرمۇ بار، مېنىڭ قارىشىمچە بۇلار تۆت قەبىلە ئەمەس، تۆت جەمەت بولۇشى مۇمكىن.

**(1) قوڭغۇز يېگەنلەر هەققىدە رىۋايەت:** بۇرۇنقى زاماندا بىر بۆلەك كىشىلەر لوپ رايونىغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپتۇ. ئۇلار، بۇ خەقلەر ساراڭمىدۇ ياكى ئوڭمىدۇ، ئەگەر ساراڭ بولسا هايات قالدۇرايلى، ئەگەر ئوڭ بولسا هەممىسىنى ئۆلتۈرەيلى، دېيىشىپتۇ. باسقۇنچىلار ئۇلارنى سىنىماق بولۇپ قارا ئۈجمە بىلەن قوڭغۇزنى ئەكېلىپ ئالدىغا قويۇپتۇ. لوپلۇقلار ئالدىغا قويۇلغان ئۈجمە بىلەن قوڭغۇزنى كۆرۈپ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ ۋە «تۈيدۇ قۇلۇسۇ تۈيسۇن، ماڭدۇ قۇلۇسىنى يەيلى» دەپتۇ - دە، ئاۋۋال قوڭغۇزنى يېيىشكە باشلاپتۇ. تاجاۋۇزچىلار شۇندىن كېيىن بۇلار ساراڭ ئىكەن دەپ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەپتۇ. بۇ رىۋايەتنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى بار، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا لوپلۇقلار بىلەن خوتەنلىكلەر ئارىسىدا ئەمدىلا ئالاقە بولغان زامانلار ئىكەن، خوتەنلىكلەر لوپلۇقلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ۋە شۇنىڭغا قاراپ سودا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ - دە، هىيلە ئىشلىتىپتۇ، ئۇلار ئۈزۈم قېقى بىلەن قوڭغۇزلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن ئالدىغا قويۇپتۇ، لوپلۇقلار بۇرۇندىن باغبارانلىق قىلمىغاچقا مېۋىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇرغىنى تۇرغاچ تۇرسۇن، ماڭغىنىنى يېگەچ تۇرايلى

---

① چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 50 كىلومېتىر دەك شەرقىي شىمالىدا بولۇپ قارابوران كۆلىنىڭ جەنۇبىي بۆلەكىنىڭ بىر قىسمى، بۇ نام هازىر تېتىما كۆلى دەپ ئاتالماقتا. چاقىلىق ئاھالىلىرى كۆپىنچە «تەتۈركۆل» بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. سېۋېن ھېدىننىڭ 1900 - يىلىدىكى خەرىتىسىدە taitma دېيىلگەن. بۇ نام مۇشۇ كۆل سۈيىنىڭ تارتىلىپ كېتىشىگە قارىتا مۇشۇنداق ئاتالغان بولسا كېرەك.

دەپ ئالدى بىلەن قوڭغۇزلارنى تۇتۇپ يەپتۇ، خوتەنلىكلەرمۇ بۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولمىغۇدەك دەپ باراۋەر سودا قىلىپتۇ (سىياسىي كېڭەش چاقىلىق ناھىيەلىك كومىتېتىدىن تۇردى ھاشىم، چاقىلىق ناھىيە تىكەنلىك يېزا لوپ مەھەللىسىدىن روزى كېزىك بايانلىرىغا ئاساسەن قىزى گۈلنىسا ئېيتىپ بەرگەن). سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىلىق تاتار تىلشۇناسى، دوكتور، ئاكادېمىك ئەدھەم رېھىمووۋىچ تېنىشېف 1956 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ئويمانكۆلدە 84 ياشلىق ئىسسام كۈنچىققاندىن ئاڭلاپ خاتىرىلىگەن رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر كۆللەر بولىپ ئىزە ئۇششاخ باللار بىر لاقام گەپ تاپاۋالايدۇ. ــ قايىيا[1] كۆچەمىز، قايىيا كۆچەمىز! دېگەندىن كېيىن چارخلۇغ ئىچىگە ئۇۋا (چەچەك) كىرىپ كېتادو ئىكەن. تولو ئادەم شۇندا ئەلەك بولۇپ كېتادو ئىكەن: ئون ئادەم ئۆلسۆ بىرى ساق قالادو ئىكەن. شۇ ئۆلۈمدىن قوقۇپ يىگىرمى ـ ئوتتۇز ئايلي قاچىپ قايياغا كېتىپدىكەن (خوتان تېرەپىدە). قايياقى ئادامى دۇشمان بولۇدۇ. ــ يە ئۆلۈرەيلى، يا يوقاتەيلي! دېيدو. شۇ چاقنى ئاتا قۇلۇ تۇگەپ ئۆلۈب كېتەدو. مېنى بوۋام، قۇدويار بابا، ئۇنىڭ داداسى قاراۋاش. شۇ گەپ قاراۋاش باۋادىن ئاڭلاغان گەپ. ئاندىن كىيىن زىزە ئولونو ئۆزۆنۆ بىر قايىيالىق چايغا تەسلىم ئېتەدىكەن. ئولوغو بىر لېگەن قارا ئۇزۇم، بىر لېگەن قوڭغۇز قويۇپ مېيمان قىلادىكەن.

ــ ئۇزۇممۇ قويۇپ قوڭغۇززۇ يەڭ! ئولوغو بىر قايىيالىق ئادەم دېيدو. ـ سىززەرگە ئۇزۇممۇ قوڭغۇزۇ بېرىدو. تۇردۇقۇلۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ماڭداقۇلۇنۇ يېگىن! دېيدو. قايىيالىق ئۆزئارا: قوڭغۇزۇ يېسە، بۇ ئەخمەق ئىكەن، ئۇزۇممۇ يېسە قىلغانىمىززى قىلايلي! دېيدو. مېيمانغا بارىپ ئادەملە قوڭغۇز يېگەن ئىكەن. قايىيالىق: ــ بۇلار ئەخمەق خالىق ئىكەن، بۇلانى ئۆز ئىچىمىزگە ئەلالي، يەر ـ زېمىن بېرەيلى! دېپ ئولور شۇندا ئولتۇرۇپ قالغان ئىكەن. شۇنى بىلە ‹قوڭغۇز يېگەللە› دەپ تۇپ قاراقوشۇللۇقتاغا لاقام قويغان ئىكەن.»[2] بۇ رىۋايەت بىلەن دولانلار ئارىسىدىكى رىۋايەت تامامەن ئوخشاش، يۇقىرىقى تارىخىي يازمىلاردىن لوپلۇقلار بىلەن دولانلار ئارىسىدا مەلۇم ۋاقىت بىرگە ياشىغانلىقى ۋە ئۆزئارا ئارىلىشىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق، ئەمما بۇ رىۋايەتنىڭ لوپلۇقلاردىن دولانلارغا تارالغانمۇ ياكى دولانلاردىن لوپلۇقلارغا تارالغانمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى تېپىش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس[3].

**(2) تاۋۇزئاتقانلار ھەققىدە رىۋايەت:** بۇ ۋەقە ھازىرقى چاقىلىق دائىرىسىدە بولغان

① كېرىيە نامىنىڭ «كىيا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ لوپلۇقلار «قايىيا» دەپ قوللانغان بولسا كېرەك.

② ئەدھەم رېھىمووۋىچ تېنىشېف: «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»، رۇسىيە نايكا نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 135 ـ بەت.

③ 1956 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئويمانكۆللۈك ئىسسام كۈنچىققان دېگەن كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئە . ر . تېنىشېفنىڭ خاتىرىلىشىچە، چاقىلىق تەۋەسىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقاپ بىر بۆلۈك كىشى كېرىيە تەرەپكە كۆچۈپ بارغان. كېرىيەلىكلەر بۇ ناتونۇش ئادەملەرنى قويىنغا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىدە ئارىسالدى بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار مەسلىھەت قىلىشىپ مېھمانغا چاقىرىپ ئالدىغا قارائۇزۇم ۋە قوڭغۇزنى قويىدۇ. ئارىدا كېرىيەنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بىرى ئۇلارنىڭ قوڭغۇزنى يېيىشىنى ئېيتىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مېھماندارچىلىقتا لوپلۇقلار قوڭغۇزنى يېگەن ۋە كېرىيەلىكلەر ئەخمەق (ياۋاش) خەق ئىكەن دەپ قاراپ ئارىسىغا ئالغان ۋە يەر ـ زېمىن بەرگەن ئىكەن. (ئە . ر . تېنىشېف: «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»، رۇسىيە نايكا نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 135 ـ بەت.)

ئىكەن. ئۇياق ـ بۇياقتا ئۆتكەنلەر ھازىرقى چاقىلىق بوستانلىقىدا تاۋۇز يەپ ئۇرۇقىنى تاشلاپ كەتكەن ئىكەن. لوپلۇق ئوۋچىلار بۇ رايونغا كېلىپ قېلىپ قارىسا يۇمىلاق جانىۋار تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئېتىپتۇ. ئېتىپ بولۇپ قارىسا شۇنداق يوغان بۇ يۇمىلاق جانىۋارنىڭ قېنى چىققان ئىكەن، تېتىپ كۆرسە تاتلىق (قازاندا پىشۇرۇپ يەپ بېقىپتۇ دېگۈچىلەرمۇ بار)، شۇنىڭ بىلەن تاۋۇزنى يەيدىغان بوپتۇ. (چاقىلىق ناھىيە تىكەنلىك يېزا يېڭىسۇ چارۋىچىلىق مەھەللىسىدىن مۇھەممەد ئوسمان ئېيتىپ بەرگەن)

(3) **ئايىقوغىلىغانلار ھەققىدە رىۋايەت:** لوپلۇقلار بېلىقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىكەن، ئۇلار بىر كۈنى كېچىسى دەرياغا تور تاشلاپ قارىغۇدەك بولسا بىر ئاق ھەم چوڭ بېلىق ئۇزۇپ كېتىۋاتقۇدەك، شۇنىڭ بىلەن لوپلۇقلار بۇ قانداق بېلىقتۇ دەپ تۇتماق بولۇپ ساچماقنى سانچىغان ئىكەن ئاينىڭ شولىسى بولغانلىقتىن پارچىلىنىپ كېتىپتۇ. (سىياسىي كېڭەش چاقىلىق ناھىيەلىك كومىتېتىدىن تۇردى ھاشىم ئېيتىپ بەرگەن)

(4) **توغراقكەسكەنلەر ھەققىدە رىۋايەت:** لوپلۇقلار توغراقلىقلاردا ياشىغانلىقتىن ساتمىلىرىنى توغراقلىقنىڭ ئارىسىدا بىرقانچە توغراق ياغىچى تىكلەپلا ياسايدىكەن، ئۇلار كۆچمەكچى بولغاندا توغراقنى كېسىدىكەندە كېتىپ قالىدىكەن، كېيىنچە كۆچۈپ كەلگىنىدە مۇشۇ يەرگە قايتىدىن ساتما ياسايدىكەن، لازىمەتلىك نەرسىلىرى ئەسلىدىكى ساتمىسىدا بېسىلىپ ساقلىنىدىكەن، كېيىنچە بۇنداق ئادىتى بار كىشىلەر توغراق ـ كەسكەنلەر دەپ ئاتالغان ئىكەن. (سىياسىي كېڭەش چاقىلىق ناھىيەلىك كومىتېتىدىن تۇردى ھاشىم ئېيتىپ بەرگەن)

ئويمانكۆل مەھەللىسىدىكى ئىسسام كۇنچىقان لوپلۇقلار ئارىسىدىكى لەقەملەر توغرىسىدا سۆزلەپ: «چارخلۇقتاقى لاقام: 1) ئاي قولاغان، 2) قۇچۇللۇق (قۇچۇنلۇق)، 3) تۇۋرۇك كەسسى (كەستى). مەشەدىكى لاقام: 1) جوداق، 2) قاراقوشۇللۇق» دەپ بايان قىلغان①. ئومۇمەن ئالغاندا، لوپلۇقلار ئارىسىدىكى توپلار جەنۇبتا ئەسلىدىن قاراقوشۇنلۇقلارنى مەركەز قىلغان بولسا، شىمالغا سۇرۇلگەنسېرى يالىلا، جوداق ۋە قالماق لەقەملىكلەر قوشۇلۇپ بارغان، بۇلار ئەمەلىيەتتە شىمالغا سۇرۇلگەنسېرى تۇرپان ۋە پىچان ھەم كورلا ـ قاراشەھەر تەرەپتىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئىپادىسى خالاس.

بەزىلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت جەمەت كىشىلەرنىمۇ قەبىلە سۈپىتىدە تونۇيدۇ، ئۇلار قەبىلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك. يەنە بەزى كىشىلەر يانلار، جوداقتار، قىرغىززار، قالماقتار...لارنىمۇ لوپلۇقلاردىكى قەبىلە سۈپىتىدە تونۇشقا ئورۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىمۇ قەبىلە سۈپىتىدە تونۇشقا بولمايدۇ. جوداقتار «جەنۇبتىن كەلگەنلەر» دېگەن مەنىنى ئاڭلاتسا، يانلار «يان تەرەپتىن كەلگەنلەر» دېگەن مەنىنى ئاڭلاتقان. بۇلار ئەمەلىيەتتە باشقا جايدىن كۆچۈپ كەلگەن مەلۇم ساندىكى ئاھالە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بۇلارنى قەبىلە سۈپىتىدە تونۇش خاتالىقتۇر. «قىرغىززار» ۋە «قالماقتار»نىڭ ئېتىنىڭ كېلىپچىقىش جەھەتتىن قىرغىز ۋە موڭغۇل مىللەتلىرى بىلەن

① ئە . ر . تېنىشېۋ: «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»، رۇسىيە نايكا نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 135 ـ بەت

مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سانى نەچچە يۈز كىشى، ئۇلار لوپ رايونىغا كۆچۈپ كەلگەندە نەچچە ئون ياكى نەچچە كىشىدىن تارالغان، ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلى ئېتنىك مەنبەسىدىكىلەردىن ئايرىلىپ لوپلۇقلارغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، پەقەت «قىرغىززار» ۋە «قالماقتار» دېگەن ناملىرى گەرچە مىللەت نامى بولسىمۇ، لوپلۇقلار ئارىسىدا جەمەت لەقىمى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان خالاس. بۇرۇنقى زامانلاردا ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە تۈزۈلمىسى، قەبىلىنىڭ نامى، ئايرىم شېۋىسى، ئۇرۇق ئاقساقاللىرىدىن تەشكىللەنگەن سىياسىي ھاكىمىيىتى، ئۇلارغا تەۋە ئۇرۇقلار ۋە چوقۇنىدىغان توتېمى (دىنىي ئېدىيەسى، بايراملىرى، مەبۇدى)، قەبىلىنىڭ ياشايدىغان زېمىن دائىرىسى بار ئىدى. ئالىملارنىڭ تەبىرى بويىچە قارىغاندا، قەبىلە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە قانداشلىق ئاساسىدىكى جەمەتلەر ياكى ئۇرۇقلارنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان تەشكىلات، ئۇنىڭدا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق جەمەت بولىدۇ. قەبىلە باشلىقى ياكى ئۇرۇق ئاقساقاللىرىدىن تەركىب تاپقان قەبىلە كېڭەشى بولغان بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئالغاندا، لوپلۇقلاردىكى قەبىلە ھەققىدىكى ئېغىز بايانلىرىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن لوپلۇقلارنى قەبىلە سۈپىتىدە تونۇشقا بولمىغىنىدەك، ھەرقايسى جەمەت ياكى ئىجتىمائىي توپلارنىمۇ قەبىلە سۈپىتىدە تونۇشقا بولمايدۇ.

تۆۋەندە لوپلۇقلار ياشىغان قىسمەن مەھەللىلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى:

**ياڭگىكۆل مەھەللىسى:** يېڭىكۆل مەھەللىسى لوپلۇقلار تەرىپىدىن «ياڭگىكۆل» دەپ ئاتىلىدۇ، مەنىسى ھازىرقى تىلىمىزدىكى يېڭى سۆزى بىلەن كۆل دېگەن ئىسمىدىن ياسالغانلىقتىن يېڭى كۆل دېگەنلىك بولىدۇ، بۇ يەر ئەمەلىيەتتە چوڭ ـ كىچىك 10 كۆلدىن تەركىب تاپقان، كۆلىمى 100 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇ كۆللەر چارادىن تىكەنلىككىچە بولغان ئارىلىقتا جايلاشقان، 1973 ـ يىلىغا كەلگەندە سۈيى ئازلاپ بەش كۆل قالغان، شۇندىن كېيىن تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنىنىڭ ئۆزۈلۈشى بىلەن ھەممىسى قۇرۇپ كەتكەن. 1880 ـ يىلى سىزىلغان «تۇرپان كارىزلىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى»دە 英额克 دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ مەھەللە 100 مېتىردىن ئارتۇقراق كەڭلىكتىكى تارىم دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يېقىن بولغان قۇم دۆڭنىڭ يانتۇلۇقىغا جايلاشقان، مەھەللە ساتمىلاردىن تۈزۈلگەن. 1889 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئىچىدە باي، كەمبەغەللىك پەرقى ۋە ئېزىش بۇرۇنقىدىن خېلى كۈچەيگەن بولۇپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن گابرېل بونۋالوتلار بار تەرەپكە ئۆتكەن بەزى باي كىشىلەر، باشقىلارنىڭ بويىنىغا مىنىپ ئۆتكەن. بۇ يەردە ئاھالىلەر ئېكسپېدىتسىيەچىلەرگە سېتىش ئۈچۈن قۇرۇتۇلغان بېلىق، تىرىك ياۋا غاز قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەن. 1931 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بۇ يەرگە كەلگەن ستەيىنلەر ۋەيران بولۇپ كەتكەن مەھەللىنى ئۇچراتقان. بۇ مەھەللىدىكى ئاھالىلەر 13 مىل (تەخمىنەن 21 كىلومېتىر بولۇپ ماتېرىيالدا مۇشۇنداق) نېرىدىكى دەريادىن سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلغان.

1916 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ مەھەللىگە كېلىدىغان سۇ يىلدىن ـ يىلغا ئازلاپ، 1931 ـ يىلى مەھەللە تاشلىنىپ قالغان. يېڭىكۆل ھازىرقى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دېھقانچىلىق 2 ـ شىسى 31 ـ تۇەن 11 ـ ليەن دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ، تۇەن ئىشتابى بىلەن بولغان ئارىلىقى 10 كىلومېتىر ئەتراپىدا، يېقىنقى يىللارغىچە تارىم دەرياسى بويىغا جايلاشقان بىر تەبىئىي مەھەللە مۇشۇ نامدا ئاتىلىپ كەلگەن. سېۋىن ھېدىن يېڭىكۆلنىڭ كونكرېت ئورنىنى ″2′52°40، ″45′30°86 دەپ كۆرسەتكەن. يېڭىكۆل بىلەن دىلپارنىڭ ئارىسى 31.6 كىلومېتىر. 1917 ـ يىلى 30 ئۆيلۈك، 1948 ـ يىلى 35 ئۆيلۈك (207 جان)، 1950 ـ يىلى 28 ئۆيلۈك (128 جان) ئاھالە ياشىغان.

**قورغان:** چاقىلىق ناھىيە بازىرى بوستانلىقى بىلەن بولغان ئارىلىقى 70 كىلومېتىر ئەتراپىدا، ھازىرقى قورغاننىڭ شەرقىي تەرىپىدە لايدىن قوپۇرۇلغان بىر قورغان خارابىسى بولغانلىقتىن «قورغان» دەپ ئاتالغان. ئېيتىلىشىچە، بۇ قورغان ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى» زامانىدا بەدۆلەت تەرىپىدىن سالدۇرۇلغان. پىرژىۋالىسكىنىڭ خاتىرىلىشىچە 1876 ـ يىلى بەدۆلەت كورلىدىن ئېۋەتكەن ئازراق لەشكەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ مۇھاپىزەت ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

**ئابدال:** چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە «ئابدال» دەيدىغان جاي نامى كۆپ كۆرۈلىدۇ، بۇ نامنىڭ كېلىپچىقىشىنى ئېنىقلاش تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى لوپلۇقلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى ئېنىقلاشتىمۇ مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. 1908 ـ يىلى ئەتراپىدا سىزىلغان چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ خەرىتىسىدە 阿布旦海 (ئابدال كۆلى) ۋە بۇ كۆلنىڭ جەنۇبىدا شۇ نامدا بىر مەھەللىنىڭ نامى بار، شۇ خەرىتىدىكى بۇ مەھەللىنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 180 يول (90 كىلومېتىر، باشقا ماتېرىياللاردا ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە دېيىلگەن) بولۇپ، چاقىلىق بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، مۇران بوستانلىقىنىڭ شىمالىغا توغرا كەلتۈرۈپ سىزىلغان. يۇقىرىقى خەرىتىدىكى ئابدال كۆلى ئەمەلىيەتتە قاراقوشۇن كۆلى (پىرژىۋالىسكى لوپنور كۆلى دېگەن كۆل. تارىم ۋە چەرچەن دەريالىرى قارابوران كۆلىنى ھاسىل قىلىپ، ئېقىپ چىققاندىن كېيىن ھاسىل بولغان 2 ـ كۆل) بولۇپ تارىم دەرياسى قۇيۇلىدىغان ئېغىزىغا يېقىن «كونا ئابدال» (لوپلۇقلارنىڭ بېگى كۈنچىققان بەگ مۇشۇ مەھەللىدە تۇرغان) ۋە «يېڭى ئابدال» دېگەن ئىككى مەھەللە بولغان. مۇشۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان لوپلۇقلار يەنە قاراقوشۇنلۇقلار دەپمۇ ئاتالغان. قاراقوشۇن كۆلىنىڭ سۈيى كۆپىيىپ، مەھەللە زەيلىشىپ كەتكەنلىكتىن 1898 ـ يىلى ئەتراپىدا «كونا ئابدال» تاشلىۋېتىلىپ، يېڭى مەھەللە «يۇرتچاپقان»نى بەرپا قىلىپ شۇ يەرگە كۆچكەن، بۇ مەھەللە «يۇرتچاپقان» دېيىلگەندىن سىرت يەنە «يېڭى ئابدال» دەپمۇ ئاتالغان.

دوكتور گۇننار ياررىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركىي يەر ناملىرى — لوپنور ۋە تارىم ئويمانلىقى» ناملىق كىتابىدا، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ كىتابلىرىدىكى جاي ناملىرىنى جۇغلاپ تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ كىتابىدا «ئابدال» دېگەن جاي نامىنىڭ كېرىيە ۋە

خوتەندىمۇ بارلىقىنى يېزىش بىلەن چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە ئابدال، كونا ئابدال (كونكرېت ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 88°59′، شىمالىي پاراللېل 39°31′ قا جايلاشقان. 1889 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گابرىېل بونۋالوتلار كونا ئابدالغا كەلگەندە ئاران 5 ـ 6 ئۆيلۈك ئادەم قالغانىدى)، يېڭى ئابدال ناملىرىدىن باشقا ئابدال كۆلى، ئابدالچاپقان، جايئابدال دېگەن جاي ناملىرى بارلىقىنى كۆرسەتكەن. ئالىمنىڭ يېزىشىچە، بۇ نام abda:l ، ɛ bda:1 ، abdal دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. ئابدال مەھەللىسىدە ئولتۇرغانلار يەنە «ئابداللىق» دەپمۇ ئاتالغان. گۇننار ياررىڭ «ئابدال» دېگەن سۆزنىڭ دىۋانە، بىكارچى دېگەن مەنىلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتكەن①.

چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 70 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا بىر بوستانلىق بار، بۇ بوستانلىق بۇرۇن مۇران (مۆرەن دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) دەپ ئاتىلاتتى. 1928 ـ يىلى ئارخېئولوگ فولك بېرگمان بۇ يەردە تەكشۈرۈشتە بولغاندا 30 نەچچە ئۆيلۈك كىشى بار ئىدى. 1938 ـ يىلى 38 ئۆيلۈك 380دىن ئارتۇق كىشى ياشىغان. گومىنداڭ دائىرىلىرى 1944 ـ يىلى بۇ يەردە باۋ تەسىس قىلغان. 1950 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسى مۇران يېزىسىنى تەسىس قىلغان، 1958 ـ يىلى «سەكرەپ ئىلگىرىلەش كوممۇنىسى» قۇرۇلغان، 1959 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى مۇران دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، مۇران تەۋەسىدىكى ئاھالە 4889 كىشىگە يەتكەن. 1966 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسىغا قاراشلىق مۇران دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان. 1969 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نامى 36 ـ تۇەن قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، شۇندىن بۇيان بۇ بوستانلىقنىڭ تۇەن ئىشتابى تۇرۇشلۇق جاي مۇران بازىرى، پۈتۈن بوستانلىق 36 ـ تۇەن، دەپ ئاتالماقتا. ئابدال مەھەللىسىدىكى ئابداللار يېڭى ئابدال چۆل قالغاندا مانا مۇشۇ مۇرانغا كۆچۈپ چىققان بولغاچقا، ھازىرقى مۇرەندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئەنە شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھېسابلىنىدۇ. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋادىسىدا ياشىغان ئاھالىلەر لوپلۇق، قاراقوشۇن كۆلى بويىدا ياشىغانلار قاراقوشۇنلۇق، ئابدال مەھەللىسىدە ياشىغانلار ئابداللىق دەپ ئاتالغان.

لوپلۇقلارنىڭ ئاساسىي قىسمى بولغان قاراقوشۇنلۇقلار ئابدال دېگەن بۇ نامغا ئىنچىل ئېتىبار بىلەن قارىغان، شۇڭلاشقا يۇرتى ئابدال ۋەيران بولغاندا كۆچۈپ بېرىپ يېڭىدىن يۇرت بەرپا قىلغان ھەمدە يەنىلا ئابدال دەپ ئاتىغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراقوشۇن كۆلى بويىدا يۇرت بەرپا قىلغان لوپلۇقلار ئۆزلىرىنىڭ شىمال تەرەپتىن كۆچۈپ بارغانلىقىنى ئېيتقان (سېۋېن ھېدىننىڭ «تارىمنىڭ سىرىنى ئىزدەپ» دېگەن كىتابى). قاراداي بىلەن يېڭىسۇنىڭ ئارىسىدا يەنە «ئابدال» دېيىلگەن مەھەللىمۇ بولغان. تاۋ باۋلىيەننىڭ «توشقان يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە، 1891 ـ يىلى بۇ يەردە 10 نەچچە ئۆيلۈك ئادەم بېلىقچىلىق بىلەن ھايات

① گۇننار ياررىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركىي يەر ناملىرى — لوپنور ۋە تارىم ئويمانلىقى»، شىۋېتسىيە، 1997 ـ يىلى ستوكھولم نەشرى، 1 ـ بەت.

كەچۈرگەن. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا ئارغان ئەتراپلىرىدا ئابدال دېگەن مەھەللىنىڭ بولۇشى، قاراقوشۇن كۆلى بويىدا يېڭىدىن بەرپا قىلغاندا ئابدال دەپ ئاتىلىشى، بۇ كونا ئابدال ۋەيران بولغاندا يەنى 1885 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئۇنىڭ تۆت كىلومېتىر نېرىسىدىكى يۇرتچاپقاندا يەنە بىر يېڭى يۇرت بەرپا قىلىنىپ «ياڭگى ئابدال» دەپ ئاتىلىشى دىققەتكە سازاۋەردۇر. 1887 ـ يىلى كونا ئابدالدا 27 ئۆيلۈك بولسا، 1889 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 5 ـ 6 ئۆيلۈك قالغان، 1891 ـ يىلغا كەلگەندە 10 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بىلىقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن. ئابدال مەھەللىسى قاراقوشۇن لوپلۇقلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ ئۇلارنىڭ بېگى كۇنچىقان بەگ ۋە ئەجدادلىرى 1740 ـ يىلى ئەتراپىدا ئارغان بىلەن يېڭىسۇ ئارىسىدىكى ئابدالدىن كۆچۈپ كېلىپ تاكى 1898 ـ يىلىغىچە مۇشۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشقان. بۇ مەھەللىدە 1910 ـ يىلى 12 ـ 13 ئۆيلۈك قالغان، 1917 ـ يىلغا كەلگەندە كۆپىيىپ 27 ئۆيلۈككە يەتكەن. 1921 ـ يىلى تارىم دەرياسى كۆنچى دەرياسى ئېقىنىدا ئېقىپ لوپ كۆلگە قۇيۇلغاندا، ياكى ئىككى دەريا ئېقىنى ئايرىلغاندا قاراقوشۇن كۆلگە كېلىدىغان سۇ ئىنتايىن ئازلاپ كەتكەنلىكتىن ئاھالىلەر يېڭى ئابدالنىمۇ تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان، شۇندىن باشلاپ ئۇ يەر (كونا ۋە يېڭى ئابدال) مەڭگۈلۈك چۆل قالغان. مۇشۇلاردىن «ئابدال» دېگەن بۇ يۇرت نامىنىڭ لوپلۇقلاردا ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىزى بارلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن.

قىسقىسى، چاقىلىقتا ياشىغان ئابداللىقلار قەشقەر ـ خوتەن رايونىدىكى ئابداللار بىلەن ئېتنىك مەنبەداشلىقتا ئىگە ئەمەس. چاقىلىقتىكى ئابداللىقلار مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىكى ئابداللارنى مەنبە قىلغان. تارىختا ئابداللار بىلەن ئېفتالىت (ئاق ھۇن)لار بىر مەنبەدىن كەلگەنمۇ؟ بۇ تېخىچە مەۋھۇم مەسىلە. رۇسىيەلىك ئالىم لىتۋانسكىينىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، غەرب مەنبەلىرىدە ئېفتالىتلار بىلەن ئابداللارنىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارمۇ ھەر خىل، بەزىدە مۇشۇ ئىككى نام بىلەن بىر قوۋمنى كۆرسەتكەن. ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ شەرقىي ئىران ـ باكتېرىيە تىل ـ يېزىقىنى قوللانغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىسىمۇ، كەڭ ئاۋامنىڭ تىلىنىڭ تۈركىي تىل ياكى شەرقىي ئىرانىي تىلى ئىكەنلىكىدە تېخى پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلغۇدەك پاكىت تېپىلمىغان. مۇشۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا، لوپلۇقلار (ئابداللىقلارنى ئىچىگە ئالىدۇ) كەم دېگەندىمۇ مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ مۇشۇ يەردە (تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى شەھەر، بازار، دەريا، كۆل بويلىرىدا) ياشاپ كەلگەن، شۇلارنىڭ تەركىبىگە ئەينى زاماندا ئابدال دەپ ئاتالغان تۈركىي قوۋممۇ كىرگەن، ئابدال قوۋمى ئىزچىل تۈردە قوۋمىنىڭ نامىنى زامانىمىزغىچە ساقلاپ كەلگەن بولسا كېرەك.

**لوپلۇقلار كەنتى:** ھازىر نامى نامەلۇم بولغان بۇ كەنت لوپ لەڭگەر (لوپچاڭزى)دىن شەرقتە قاراپ 20 كىلومېتىردەك يىراقتىكى شەرقىدىكى قۇملۇقتا بىر مەھەللە بايقالغان، ئۆيلەرنىڭ ئارىسى 30 ـ 50 مېتىر كېلىدۇ، ئۆيلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى

ئوخشاشمايدۇ، ئوت كەتكەنلىك ئىزنالىرىمۇ بار. بۇ مەھەللىنىڭ يەنە شەرقىدە ئۆيلۈك بولسىمۇ تەكشۈرۈلمىگەن. بۇ مەھەللىنىڭ غەربىي تەرىپىدە 11 ئۆيلۈك، شەرقىي تەرىپىدە سەككىز ئۆيلۈك بايقالغان، ئەمما بىر قىسىم يەرلەر قۇم تېگىدە قالغانلىقتىن، پۈتۈن مەھەللىنىڭ قىياپىتى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ لوپلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق كەنتى بولۇپ ئۆي دېگىنىمىز ئەمەلىيەتتە قومۇش ساتمىلاردىن ئىبارەت.

**تۈزلۈق مەھەللىسى:** خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 托素 دەپ يېزىلغان بولۇپ ئابدال مەھەللىسىنىڭ 21.5 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان. 1917 - يىلى بۇ مەھەللىدە 12 ئۆيلۈك ئاھالە ياشىغان.

**يۇرتچاپقان مەھەللىسى — ياڭگى ئابدال:** بۇ مەھەللە قاراقوشۇن كۆلىگە يېقىن كېلىدۇ، خەلق تەرىپىدىن يۇرتچاپقان ياكى يېڭى ئابدال كۆلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كونا ئابدال بىلەن بولغان ئارىلىقى تۆت كىلومېتىر ئەتراپىدا، 1890 - يىلىنىڭ بېشىدا بۇ مەھەللىدە پەقەت 4 - 5 ئۆيلۈك كىشى بار ئىدى. 1875 - يىلى ئەتراپىدا مۇشۇ يۇرتتىكىلەر تەشكىللىنىپ چاپقانلىقى ئۈچۈن يۇرتچاپقان دەپ ئاتالغان. يۇرتچاپقاندىكى كىشىلەر ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلغان، يەنە كونا ئابداللىقلارغا ئوخشاش قوي باققان ھەمدە يۇڭنى پىششىقلاپ پالاس ۋە باشقا كېرەكلىكلەرنى تەييارلىغان. 1911 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ياپونىيەلىك تاچىبانو زۈيچۈ كەلگەندە 12 - 13 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى، بۇ مەھەللە 1914 - يىلى ئەتراپىدا تاشلىنىپ قالغان. يۇرتچاپقان بىلەن مۇراننىڭ ئارىسى 25 كىلومېتىردەك كېلىدۇ. تۆت ئۆيلۈككە مەنسۇپ 84 كىشى بولۇپ بەزىلىرى چاقىلىقتا تېرىقچىلىق قىلغان. بۇلار ئەسلىدە ئابدالدا ئولتۇراقلاشقان، 1896 - يىلدىن كېيىن تەبىئىي مۇھىتنىڭ قىستىشى بىلەن ئابدالنى تاشلاپ چىقىپ مۇشۇ يۇرتچاپقانغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە يۇرتچاپقاننى بەرپا قىلغان. سېۋېن ھېدىننىڭ ئۆلچىگىنىگە ئاساسلانغاندا، بۇ مەھەللە ″39°30′20، ″88°56′24قا جايلاشقان. يۇرتچاپقان يەنى بۇ يېڭى ئابدالدا 1911 - يىلى 11 - 12 ئۆيلۈكتەك ئادەم بولسا، 1917 - يىلى 27 ئۆيلۈك ئاھالە بارلىقى يازما ئۇچۇرلاردىن مەلۇم، لېكىن 1921 - يىلىغا كەلگەندە تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى قوشۇلۇپ لوپ كۆلىگە قۇيۇلغانلىقتىن قاراقوشۇن كۆلى قۇرۇشقا باشلىغان، لوپلۇقلار ئامالسىز مۇران بوستانلىقىغا كۆچكەن. 1889 - يىلى تەخمىنەن 4 - 5 ئۆيلۈك ئادەم بۇ جايدا ياشاۋاتقان ئىدى، 1889 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا سۇ ئىنتايىن ئازلاپ دەريا قېنىنىڭ كەڭلىكى پەقەت 6 - 7 مېتىرلا قالغان، بۇ ۋاقىتتا ئوۋ ملىتىقلىرى بۇرۇنقىدىن كۆپەيگەن، ئوۋچىلىق ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئايلانغان. ئۇلار يەنە قوي يۇڭى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يۇڭلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان يەنى ئۇنىڭدىن يىپ ئېگىرىدىغان بولغان. يۇرتچاپقاندىن تارىم دەرياسىنى بويلاپ (توققۇز ئۆيلۈك 60 نەچچە ئادەم بار) قۇمچاپقانغا بارغىلى بولىدۇ. يازما ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، قۇمچاپقان ئاھالىلىرى شۇ ۋاقىتتا خېلىلا نامرات ئىدى. قۇمچاپقان مەھەللىسىدىن چىققاندىن كېيىن تارىم دەرياسى ئىككى ئېقىنغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. دەريا بويلاپ ماڭسا

يۇچۇن مەھەللىسىگە (ئوت كەتكەن مەھەللە دىگەن مەنىدە، دىيىلگەن) بارغىلى بولىدۇ، بۇ مەھەللىدە 1889 ـ يىللىرى 50 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە ھايات كەچۈرگەن. 1897 ـ يىلى ئابدال ئاھالىلىرى كۆل سۈيىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى سەۋەبلىك شىرگەچاپقان يەنى كونا ئابدالدىن يېڭى ئابدالغا يەنى يۇرتچاپقانغا كۆچكەن (بۇ مەلۇماتنى سېۋىن ھېدىن قالدۇرغان)، ئۇلار كۆچۈپ تارىم دەرياسى بويىدا يېڭى كەنت ــ يېڭى ئابدالنى بەرپا قىلغان بولۇپ بۇ ئىككى مەھەللىنىڭ يەنى كونا ۋە يېڭى ئابداللارنىڭ ئارىسى تۆت كىلومېتىردەك كېلىدۇ. يۇچۇن مەھەللىسىدىن يەنە قاراقوشۇن تەرەپكە ماڭسا قاراكۆيۈك مەھەللىسى بىلەن دۆڭ مەھەللىسى بار ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دۆڭ مەھەللىسىدە ئادەم قالمىغان، قاراكۆيۈك مەھەللىسىنى ئاخىرقى ئىككى ئۆيلۈكمۇ تاشلاپ كەتكەن. پىرژىۋالىسكى 1881 ـ يىلى كۆرگەن قاراقوشۇن رايونى بىلەن بونۋالوت 1889 ـ يىلى كۆرگەن قاراقوشۇن رايونى تۆپتىن ئوخشاشمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن، بۇنى تارىم دەرياسى سۈيىنىڭ ئازلىشى، يەنى تەبىئەت كەلتۈرۈپ چىقارغان.

**شىرگەچاپقان:** بۇ مەھەللە ھەققىدە كۆپ ئۆچۈر يوق، ئەمما مۇشۇ جايدا بىر قىسىم ئاھالىنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقى مەلۇم. شىرگەچاپقان نامىنى شىرگە ئىسىملىك كىشى چاپقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان دەپ چۈشەندۈرگۈچىلەر بار. يەنە بەزىلەر بۇ نامنى شىرغا سۆزىدىن كەلگەن، شىرغا لوپلۇقلارنىڭ بىر خىل قاتناش قورالىنىڭ نامى، ئۇ تېگىگە سىغىلىدىغان نەرسە بېكىتىپ ئوتۇن ۋە باشقا نەرسىلەرنى توشۇغان، دەپ قارايدۇ. بۇ نامنى «شىغا» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغانلارمۇ بار. مەھەللىنىڭ كونكرېت ئورنى ″39°44′50، ″88°23′25قا جايلاشقان. ئورنى چىگىلىكئۆي بىلەن ئارغاننىڭ ئارىسىغا، قورغاننىڭ شەرقىي تەرىپىگە، ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە جايلاشقان. بۇ مەھەللىنىڭ ساتمىلىرى ۋە يېقىن جايلاشقان چوڭ مازارلىق يېقىنغىچە ساقلىنىپ تۇرغانلىقىنى بايان قىلغۇچىلار بار.

**چىگىلىكئۆي:** بۇ مەھەللىنىڭ ئورنىنى بىلىدىغانلار، جۈملىدىن بېرىپ كەلگەنلەر ھېلىمۇ بار. كونكرېت ئورنى ″39°38′18، ″88°23′6قا جايلاشقان، لوپلەڭگەرنىڭ 14 كىلومېتىر شىمالىدا. بۇ مەھەللىدە سۆگەت، كىشىلەرنىڭ باغلىرىنىڭ ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالغان، بۇ يەردە يەنە بىر چوڭ مازارلىق بار. بۇ يەر يېڭىدىن ياسالغان دۆلەت 218 ـ تاشيولى بىلەن مۇرانغا بارىدىغان يول كېسىشكەن جايدىن تەخمىنەن بىر كىلومېتىر شەرقىي تەرىپىدىكى يەرنى كۆرسىتىدۇ، يايلاق ئىدى.

**چار مەھەللىسى:** بۇ مەھەللە ھەققىدە رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، لوپ رايونىدا ۋابا تارقىلىپ ئاھالىلەر كۆچكەندە بىر بۆلەك كىشىلەر مۇشۇ چار دىگەن جايدا ئولتۇراقلاشقا ئىكەن، بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مەھەللىنىڭ ئورنىدا ھېلىمۇ ساتمىلار ۋە مازارلىقلار بار ئىكەن. بەزى كىشىلەرنىڭ ھازىرقى چاقىلىق بۇرۇن مۇشۇ چار دىگەن جايدا ئىدى دىگىنىگە قارىغاندا، بۇ مەھەللىنىڭ ئاھالىسى چاقىلىققا كۆچۈپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئورنى، چىگىلىكئۆيدىن ئانچە يىراق ئەمەس، يەنى لوپلەڭگەر

(لوپچاڭزى)غا يېقىن كېلىدۇ، گابرىيىل بونۋالوتنىڭ ئۆچۈرىغا قارىغاندا قارابوران كۆلىگە يېقىن جايلاشقان. پىرژېۋالىسكىنىڭ «لوپ كۆلىگە سەپەر» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە 恰依 دېگەن بىر مەھەللە نامى كۆرۈلىدۇ، مۇشۇ ئىككىسى بىر نام بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر شۇنداق بولسا بۇ مەھەللە 1880 ـ يىلىدىن كېيىن، 1910 ـ يىللىرىدىن بۇرۇن ۋەيران بولغان بولۇشى مۇمكىن.

**ئوت كەتكەن مەھەللە:** مۇشۇ نامدا كەم دېگەندە ئىككى مەھەللە بولغان، بۇلاردىن بىرىنىڭ ئورنىنى هازىر بىلىدىغانلار هەم كۆرگەنلەر بار. ۋەقەشۇناس مۇھەممەد ئوسماننىڭ بايانىچە، چىگىلىكئۆيدىن چىقىپ شەرققە ماڭسا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا مۇشۇ مەھەللە بار. مەھەللىنىڭ شەرقىي تەرىپى ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكەن، ئەمما غەربىي تەرىپى ساق، بەزى يەرلىرىنى قۇم بېسىپ كەتكەن. بۇ يەردىكى ساتمىلار كەكە دەستىسىدەك توملۇقتىكى قومۇشلاردىن ياسالغان، مەھەللە ئىچىدە يەنە شۇنداق كۆپ قومۇشلار تاشلاپ قويۇلغان، خەۋەردار كىشىلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، يېقىن ئەتراپتا يۇلغۇن، توغراق ياكى كۆرۈككە ئوخشاش يېقىلغۇ ماتېرىيالى بولمىغانلىقتىن قومۇشنى يېقىلغۇ قىلغان.

**ئابدۇراھماننىڭ چولىدىكى مەھەللە:** بۇ مەھەللە ئارغاننىڭ شەرقىي شىمالىغىراق جايلاشقان بولۇپ، چىۋىنكۆلگە بارىدىغان يول مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن. هازىر بۇ يەردە چوڭ قەبرىستانلىق ۋە كۆپلىگەن ساتمىلارنىڭ ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالغان. يېقىن ئەتراپتا قومۇشلۇق بولۇپ قومۇشنىڭ توملۇقى باش بارماقتىنمۇ چوڭ، يېقىنقى يىللارغىچە جەرەن قاتارلىق جاندارلارنىڭ جەننەت ماكانى بولغان.

**قۇمچاپقان مەھەللىسى:** يۇرتچاپقان مەھەللىسىدىن چىقىپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ سۇنىڭ ئېقىشى بويىچە، كېمە بىلەن يۇرسە دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا قۇم دۆۋىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىن جايدا قۇمچاپقان مەھەللىسى بار. بۇ مەھەللىدە 1890 ـ يىلى توققۇز ئۆيلۈك 60 نەچچە كىشى بار بولۇپ ئاھالىسى ناھايىتى نامرات ۋە كۆرۈمسىز ئىكەن. قۇمچاپقان مەھەللىسىدىكىلەر باشلىرىغا ناھايىتى چوڭ قوي تېرىسى تەلپەك كىيگەن، قوي يۇڭى بىلەن پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى يۆگىۋالغان بولغاچقا بەك كۆرۈمسىز كۆرۈنىدىكەن، بىراق ئۇلارنىڭ مۇلايىم ۋە ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكى گابرىيىل بونۋالوتنىڭ كىتابىدا يېزىلغان. 1900 ـ يىلى بۇ مەھەللىدە 122 كىشى بارلىقىنى سېۋىن ھېدىن كىتابىدا خاتىرىلىگەن. گابرىيىل بونۋالوتنىڭ يېزىشىچە، تارىم دەرياسىدىكى ئاخىرقى مەھەللىلەردىن بىرى قۇمچاپقان مەھەللىسى ئىدى، مۇشۇ مەھەللە ئەتراپىدا تارىم دەرياسى ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ، ئېقىننىڭ مۇتلەق كۆپ سۈيى شىمالغا ئېقىپ چوڭ بىر كۆلنى ھاسىل قىلغان. قۇمچاپقان مەھەللىسىنىڭ ئەتراپىدا قۇم دۆۋىسى يوق. 1890 ـ يىلى سۇ خېلى ئازلاپ كەتكەن بولسىمۇ سۇنى تارماق ئېقىنلارغا باشلاپ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئېقىن ئېلىپ قويۇلغانلىقى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كەلكۈننىڭ تالاپەت كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 1900 ـ يىلى مەھەللىدە 57

ئادەم بولۇپ بۇلاردىن باشقا مۇشۇ يەرلىك يەتتە كىشى چارۋا بېقىۋاتقان، 35 ئادەم چاقىلىقتا، 23 ئادەم مۇراندا تېرىقچىلىق قىلغان، مۇشۇ مەھەللىلەر جەمئىي 122 ئادەم ئىكەن. سېۋېن ھېدىننىڭ يېزىشىچە ″28′30°39، ″8′4°89 قا جايلاشقان، بۇ مەھەللە قاراقوشۇن كۆلىدىن بىر مېتىر ئېگىز. قۇمچاپقاندا لوپلۇقلارنىڭ زەرەتگاھلىقى بولغىنىغا قارىغاندا، خېلى بىر مەزگىل لوپلۇقلارنىڭ پائالىيەت ئورنى بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ يىللاردا تارىم دەرياسى مۇشۇ يەردىن ئىككى ئېقىن تارتقان بولۇپ كۆل ھاسىل قىلغان.

**يۇچۇن مەھەللىسى:** قۇمچاپقان مەھەللىسىدىن داۋاملىق يۇرسە يولۇقىدىغان يەنە بىر مەھەللە يۇچۇن مەھەللىسىدۇر. مەھەللىدىكىلەر بۇ مەھەللە نامىنىڭ «كۆيۈپ كەتكەن يەر» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ مەھەللە بىر قومۇشلۇقتا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن شۇ يەرگە قۇرۇلغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان. 1890 ـ يىلى مەھەللىدە 50 نەچچە ئاھالە بارلىقى يېزىلغان. بۇ يەردىكىلەرمۇ ناھايىتى نامرات بولۇپ قوي گۆشى قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ گۆشىنى كەمدىن ـ كەم يېگەن، ئۇلار گۆشنى دائىم يېسە تەنگە زىيە قىلىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلار ئاساسەن بېلىق، غاز گۆشى، ئۇجۇل ۋە ئۇجۇر يەپ ھايات كەچۈرگەن. قۇمچاپقاندىن چىقىپ داۋاملىق شەرققە يۇرسە بارىدىغان يەنە بىر مەھەللە 50 نەچچە ئادەم بار كىچىك مەھەللىدۇر. بۇ مەھەللە يەنە قاراكۆيۈك مەھەللىسى دەپمۇ ئاتالغان، بۇمۇ لوپلۇقلارنىڭ مەھەللىرىدىن بىرى بولۇپ 1889 ـ يىلى تاشلىنىپ قالغان، شۇندىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئائىلىمۇ كۆچۈپ كەتكەن.

**ئۆتەڭ مەھەللىسى:** بۇ مەھەللە پىرژېۋالىسكى كەلگەن 1876 ـ، 1885 ـ يىللىرى مەۋجۇت ئىدى، شۇنداقلا لوپلۇقلارنىڭ مۇھىم جايلىرىدىن بىرى ئىدى، ئەمما شۇندىن كېيىن قاراقوشۇن كۆلى بويىغا جايلاشقان بۇ مەھەللىدە بىر قېتىم قومۇشقا ئوت قويۇپ كۆيدۈرگەندە ئوت كونتروللىقىنى يوقىتىپ، پۈتۈن مەھەللە كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىپ كەتكەن، بۇ مەھەللە شۇنىڭ بىلەن تاشلىنىپ قالغان.

**لوپ مەھەللىسى:** بۇ مەھەللە قارابوران كۆلىنىڭ غەربىگە جايلاشقان (مۇشۇ رايون قارابوران كۆلى دەپ ئاتالغان)، چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 60 كىلومېتىر شىمالىدا، كۆل بويىغا جايلاشقان. 1887 ـ يىلى بۇ يەردە 21 ئۆيلۈك بار ئىكەنلىكى ماتېرىياللاردىن مەلۇم. 1900 ـ يىللاردا خەنزۇچە ماتېرىياللاردا كۆرۈلىدىغان 罗布庄 دېيىلگەن مەھەللە مۇشۇ، بۈگۈنكى كونىدە كىشىلەر «لوپچاگزى» دەۋاتقان يەرنىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. كونكرېت ئورنى چەرچەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسى قوشۇلىدىغان يەرگە يېقىن كېلىدۇ. 1917 ـ يىلى 10 نەچچە ئۆيلۈك 60 نەچچە كىشى، 1928 ـ يىلى 14 ئۆيلۈك بار ئىدى، مۇشۇ مەھەللىنىڭ شىمالىدا بىر كۆل بولۇپ مۇشۇ يىلغا كەلگەندە بىر سازلىققا ئايلانغان.

**چاينۇت مەھەللىسى:** بۇ مەھەللە خەنزۇچە «چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يۇرت

تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتىكى 加以庄 دېيىلگەن مەھەللە بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ مەھەللىنىڭ نامى «چاينۇت» ھەققىدە تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف سېۋىن ھېدىننىڭ ئادەملىرى ئىچىدە چاينۇت ئىسىملىك بىر كىشى بولغان، شۇنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن، دەپ قارىغان. گۇننار ياررىڭ «چايان+ ئوت» سۆزىدىن ياسالغان بولۇپ ئۆسۈملۈكنىڭ نامىدىن كەلگەن، دەپ قارىغان. مېنىڭچە، گۇننار ياررىڭنىڭ قارىشى مۇۋاپىق بولسا كېرەك. گابرىل بونۋالوت 1889 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بۇ مەھەللىدىكىلەر چاقىلىقتا كۆچۈش ھازىرلىقىنى قىلىپ بولغان، دەپ يازغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇزۇنغا قالماي بۇ مەھەللىدىكىلەرمۇ چاقىلىقتا كۆچكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەھەللە قارابوران كۆلى بويىغا، دەريا قىرغىقىغا، تارىم دەرياسىنىڭ قارابوران كۆلگە قۇيۇلۇش ئېغىزىغا يېقىن يەرگە جايلاشقان. خەلق ئېغىز بايانلىرىدىمۇ چاينۇت دېگەن مەھەللە بولغان، شۇنداقلا 1966- يىلى نەشر قىلىنغان خەرىتىدە قارابوران كۆلىنىڭ شىمالىدا چاينۇت كۆل دېگەن نام بار، خەنزۇچە خەرىتىدە 加以庄 شۇ ئەتراپقا سىزىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى نامنى تەڭداش، دەپ قارىدىم. 1889 - يىلىغا كەلگەندە بۇ مەھەللىدىكى ئاھالىمۇ چاقىلىققا قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان. چاينۇت مەھەللىسى تارىم دەرياسىنىڭ قارابوران كۆلگە قۇيۇلۇش ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ ئىككىسىنىڭ ئارىسى يۈز مېتىردەك كېلىدۇ، چاينۇت مەھەللىسى بىلەن چاقىلىقنىڭ ئارىسى 40 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە 1917 - يىلى بۇ مەھەللىدە 6 - 7 ئۆيلۈك ئادەم قالغان.

**قارادىي مەھەللىسى:** 1950 -، 1960 - يىللىرىدا يېڭىسۇنىڭ جەنۇبىدىكى قارادىي مەھەللىسىدە 200 - 300 ئائىلە 1500 - 2000 (ئادەم) بارلىقىنى بايان قىلىدىغانلار بار (مىسالەن: ئىمىن غازى). ۋەقەشۇناس مۇھەممەد ئوسمان 500 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالە بارلىقى، مەھەللىنىڭ دۆلەت 218 - تاشيولىنىڭ شەرقىدىكى مازارنىڭ سەل شىمالىغا جايلاشقانلىقى، 1970 - يىللىرى يېزائىگىلىك 2 - شىسى قۇرۇلۇش داۋامىدا ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كېسەكلىرىنى توشۇپ ئىشلەتكەن، چاقىلىقتىن بېرىپ يەر تېرىغان ۋاقىتلاردا بەزى ئۆيلەرنى يېپىپلا ئولتۇرغان، كېيىنچە بۇ مەھەللىدىكى ئۆيلەرمۇ ۋەيران بولۇپ ئۇلىلا قالغان، دەپ بايان قىلىدۇ. مەھەللىنىڭ تەپسىلىي ئورنى نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 2009 - يىلىدىكى قۇراشتۇرما ئۆيلىرىنى قۇرغان جايدۇر (دۆلەت 218 - تاشيولى 948 - 949 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە). بۇ يەردىكىلەرنىڭ 1930 - يىللىرى ئەتراپىدا، تۇڭگان يېغىلىقىدا يېڭىسۇغا كۆچۈپ ئەسلىدىكى مەھەللىسىنىڭ چۆل قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ، بۇ مەھەللىنىڭ ئەتراپىدىكى مازارلىق ھازىرمۇ بار. ئاھالىلەرنىڭ ستەيىنگە 1930 - يىلى ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، مەھەللىنىڭ كۈنپېتىشىدا بىر كونا مازارلىق بولۇپ ئاھالىلەر بېرىپ باقمىغان، مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ مەھەللىنىڭ تارىخى خېلىلا ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن، دۆلەت 218 - تاشيولى قارادىي مازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن. قارادىي

مەھەللىسىدىكى تېرىم يەرلەر 1923 ـ يىلى ئەتراپىدا تاشلىنىپ قېلىپ كېيىن قايتىدىن گۈللەنگەن. قارادايى مەھەللىسىدە نۇرغۇن ئۆيلەر بولۇپ خېلى ياخشى سېلىنغان، ئاتاۋۇللا شاڭيو (لوپلۇقلار «شاڭيە» دەپ تەلەپپۇز قىلغان) 1923 ـ يىلىدىن بىرەر يىل كېيىن بۇ يەرنى قايتىدىن گۈللەندۈرگەن، ئەمما 1927 ـ يىللار ئەتراپىدا بۇ يەرگە كېلىدىغان سۇ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن تېرىقچىلىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولماي كۆچۈپ كېتىشكەن، شۇنداقتىمۇ 1928 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا بۇ يەردە 30 ئۆيلۈك ئاھالە داۋاملىق ھايات كەچۈرگەن. 1931 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىزچىل تۇردە مۇشۇ يەردە تۇرغان كىشىلەر 5 ـ 6 ئۆيلۈك بولۇپ، مال ـ چارۋا، كىيىملىرىنى سېتىپ كورلىدىن توشۇپ كېلىنگەن ئاشلىقنى يەپ جان ساقلاپ قالغان. ھازىر بىرقانچە ئۆي ساقلىنىپ قالغان.

**توقۇم:** يېڭىسۇلىقلارنىڭ يايلاقلىرىدىن بىر قىسمى. ئۇنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى مەردەك، غەربىدە كىتىك شەھىرى بار. بۇ جاي چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىن 117 كىلومېتىر دەك شىمالىدا. دۆلەت 218 ـ تاشيولىدا قورغان بىلەن ئارغاننىڭ ئارىسىدا، شوپۇرلار ھازىرمۇ توقۇم دەپ ئاتايدۇ (دۆلەت 218 ـ تاشيولىنىڭ 1003 كىلومېتىرلىق بۆلىكى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ). 1889 ـ يىلى لوپلۇقلار توقۇم نامىغا «كىچىك تېرەك» دەپ شەرھىي بەرگەن. توقۇمنىڭ 1.5 كىلومېتىر جەنۇبىدا تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى بولۇپ، بۇ يەردە بىر لەڭگەر بولغان.

**ساداقكۆل مەھەللىسى:** ساداقكۆل توقۇمغا يېقىن جايلاشقان. ئېيتىلىشىچە، سۇسىزلىقتىكى كۆلنىڭ شەرقىدە تايەك كۆلۈم، تايەك كۆلۈمنىڭ ئاياغ تەرىپى ساداق كۆلۈم دەپ ئاتالغان. دېمەك، ساداقكۆل مەھەللىسى مۇشۇ كۆلنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان، بۇ مەھەللە 1900 ـ يىللار ئەتراپىدا چۆل قالغان، 1723 ـ يىللىرىدىن بۇرۇندىن باشلاپ خېلى چوڭ مەھەللىلەر جايلاشقان بىر جاي. شۇ ۋاقىتلاردا لوپلۇقلارغا باشچىلىق قىلغان كىشىلەر، بىر تۇركۇم ئادەملەرنى باشلاپ تۇرپانغا چىقىپ چىڭ سۇلالىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەندە، ساداقكۆللۈكلەر قاراقوشۇنلۇقلار ۋە قاراكۆللۈكلەر بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنغان، شۇڭا شۇ ۋاقىتلاردا ئاھالىسى كۆپ جايلاردىن بولسا كېرەك، 1906 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ يەردىكى مەھەللىنىڭ بەزى خارابىلىرى تېپىلغان.

**مۇران مەھەللىسى:** بۇ جاي ھازىرقى 36 ـ تۇەن تۇرۇشلۇق جايدىكى مۇران بازىرى ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ. مۇران نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن قالغان ئاتالغۇ بولۇپ ھازىر قومۇل شېۋىسىدە، سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە سالار تىللىرىدىمۇ ساقلىنىپ قالغان. ئادەتتە مۇران ـ مۇرەن ـ مۆرەن دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. س. ي. مالوف كىتابىدا رۇسچە MupaH ، ستەيننىڭ كىتابىدا Miran دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇ سۆز «ئوغۇزنامە» قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردە «دەريا» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. قاراقوشۇن لوپلۇقلىرى خوتەن دىيالېكتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن «مىيەن» دەپ تەلەپپۇز قىلغان. قاراقوشۇن كۆلىنىڭ سۈيىنىڭ ئازلىشى بىلەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى كۆل

بويىدىكى بىر قىسىم لوپلۇقلار مۇران بوستانلىقىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. سىتەيىننىڭ بايانى بويىچە ئېيتساق، ئابداللىقلار بۇ يەردە مەھەللە بەرپا قىلىپ تېرىقچىلىق قىلغان، ئەمما بېلىقچىلىقنى تاشلىمىغان. 1928 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە مۇران رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغان شىۋېتسىيەلىك فولك بېرگماننىڭ مەلۇماتىچە، شۇ ۋاقىتتا مۇراندا 30 ئۆيلۈك لوپلۇق ئاھالە ياشىغان، ئۇلار يېقىنقى ۋاقىتلاردا كۆچۈپ كېلىپ ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇلار ئەسلىدە ئابدال مەھەللىسىدىكى كىشىلەر بولۇپ تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى ئازايغانلىقى ياكى ئۆزۈلۈپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. كۈنچىققان بەگنىڭ ئوغلى، شۇ رايوندىكى لوپلۇقلارنىڭ ئاخۇنى، سىتەيىن قاتارلىقلارغا يول باشلىغۇچى بولغان توختاخۇننىڭ قوغۇن، ئۈزۈم، گۈلە قاتارلىق نەرسىلەردىن خېلى كۆپ (بېرگمان بىزگە بىر ئاي يەتكۈدەك دەپ يازغان) نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ كۈتۈۋالغانلىقىغا قارىغاندا، ماددىي مەئىشىتى خېلى بېيىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەينى ۋاقىتتا مۇران بىلەن چاقىلىق ئارىسى ئىككى كۈنلۈك، مۇران بىلەن ئابدال ئارىسى بىر كۈنلۈك يول ئىدى. مۇران ئەينى ۋاقىتتا لوپلۇقلار تەرىپىدىن① Miran tarim دەپ ئاتالغان، بۇ ئاھالىلەر مۇراندا تېرىقچىلىق قىلىشنى بىلىق تۇتۇشنى تاشلىمىغان. 1914- يىلىغا كەلگەندە يېڭى ئابدالنىڭ بېگى نۇرمۇھەممەد يۇرت بېگى بولۇپ تۇرغان. 1941 - يىلىدىكى چاقىلىق باج ئىدارىسى باشلىقىنىڭ دوكلاتىدىن قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا مۇراندا 38 ئۆيلۈك، 380دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى، تېرىلغۇ يېرى 2283 مو ئىكەنلىكى يېزىلغان. 1944 - يىلى گومىنداڭ پىرقىسى باۋ - جيا تۈزۈمى بويىچە مۇراننى باۋ قىلىپ باشقۇرغان. 1950 - يىلى مۇراندا چاقىلىق ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مۇران يېزىسى تەسىس قىلىنغان. 1958 - يىلى10 - ئايدا مۇران يېزىسى «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» (يۆجىن) خەلق كوممۇنىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

**تۇغ② مەھەللىسى**: بۇ مەھەللە دەرياغا تۇغ سېلىپ سۇ چىقىرىلىپ تېرىقچىلىق قىلىنغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان. تۇغ مەھەللىسى ھەققىدە خەلق ئارىسىدىكى ئېغىز ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا، 1930 - يىللاردا چۆل قالغان، شۇ زاماندا ۋابا يۈز بېرىپ ئاھالىلەر يېڭىسۇ، تىكەنلىك ۋە چاقىلىق قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن. 1931 - يىلى تۇغ مەھەللىسىگە كەلگەن سىتەيىن بۇ مەھەللىنىڭ 1914 - يىلىدىن كېيىن تاشلىنىپ

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 941 - بەتتە tarïmladi :، ئول ئۆگۈزنى تارىملادى - ئۇ دەريانىڭ بۆلۈنۈپ ئاققان يېرىدىن يېرىدىن ئۆتتى (تارىملار - تا- رىلماق). بۇ پاتقاقلىقتىن قېچىش ئۈچۈندۇر، دېيىلگەن. يۇقىرىدا مۇران تارىم دېيىلگىنىدەك ئەندىر تارىم دەپمۇ قوللىنىدۇ. مانا بۇلاردىن قارىغاندا، tarïm سۆزىنىڭ دەريانىڭ تارامىنى كۆرسىتىش مۇمكىنچىلىكىنىمۇ كۆرسە- تىمىز.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 785 - بەتتە تۇغ سۆزىگە تۇغان دەپ ئىزاھات بېرىلگەن، مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ مەھەللىدە چوڭراق بىرەر تۇغان بولۇشى ۋە شۇنى بەلگە قىلىپ تۇغ مەھەللىسى دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

قالغانلىقىنى، تارىم دەرياسىنىڭ كۆنچىقىشىدا بىر تۈزلەڭلىككە جايلاشقانلىقى، كۆلىمىنىڭ خېلى چوڭ بولۇپ 30 ـ 40 ئۆيلۈك ئولتۇراقلاشقانلىقىنى يازغان. مۇشۇ يۇرتنىڭ شاڭيوسى ـــ ئاتاۋۇللا شاڭيو ئالدى بىلەن ئوتاغ دېگەن يەرگە، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر يىل ئۆتۈپ قارادايغا كۆچۈپ كەتكەن. شۇ ۋاقىتلاردا توغ نامىدا بىرقانچە مەھەللە بولغان. بۇ مەھەللىدە 10 ئائىلىلىك تام ئۆي ۋە مەلۇم ساندا ساتمىلار بولغان. توغ مەھەللىسى دۆلەت 218 ـ تاشيولى بويىغا جايلاشقان بولۇپ تاشيول ئاسراش 15 ـ بۆلىكى (داۋبەن) ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ، ئارغاننىڭ 27 كىلومېتىر شىمالىغا يەنى دۆلەت 218 ـ تاشيولىنىڭ 958 كىلومېتىرلىق بۆلىكىگە توغرا كېلىدۇ.

**شاقۇرۇم مەھەللىسى:** بۇ مەھەللە توغ مەھەللىسىنىڭ 10 كىلومېتىردەك شەرقىگە جايلاشقان، هازىرمۇ شاقۇرۇم دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ جايدا ناھايىتى بۇرۇنقى زامانغا مەنسۇپ قەبرىستان بار، لوپلۇقلارنىڭ بۇرۇنقى مەھەللىلىرىنىڭ بىرى.

**چېكە مەھەللىسى:** ئېينى دەۋرگە ئائىت خەنزۇچە مەنبەلەردە 起壳 دەپ يېزىلغان، ماتېرىياللاردىن 1887 ـ يىلى 27 ئۆيلۈك بارلىقى مەلۇم. 1917 ـ يىلى 10 ئۆيلۈك بار دېيىلگەن. يۇقىرىقى مەھەللىلەردىن بەزىلىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سىزىلغان خەرىتىدە ئەسكەرتىلگەن. بۇ مەھەللە لوپ مەھەللىسى بىلەن ئارغاننىڭ ئارىسىغا، تارىم دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. هازىرقى پەرەزلەرگە قارىغاندا ئەسلىي نامى غالىدىراڭ چېكە دېگەن جايدۇر. ئارغاننىڭ 32 كىلومېتىر جەنۇبىدا، دۆلەت 218 ـ تاشيولىنىڭ 1016 ـ كىلومېتىرلىق يول بۆلىكىگە يېقىن كېلىدۇ.

**داغىلىق مەھەللىسى:** بۇ مەھەللىنىڭ نامى ھەققىدىلا ئۇچۇر بولسىمۇ باشقا ئەھۋاللىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇ مەھەللىنىڭ نامى «داغا» سۆزىدىن كەلگەن، بۇ سۆز توغراقنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن كۆتىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**تەگىرمەن مەھەللىسى:** تەگىرمەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، هازىرقى تىلىمىزدىكى تۈگمەن سۆزى شۇنىڭدىن كەلگەن. تۈگمەن مەھەللىسىدە 1917 ـ يىلى 8 ـ 10 ئۆيلۈك بار ئىدى، ئورنى هازىرقى يېڭىسۇنىڭ ئىككى كىلومېتىر شىمالىدا، تاشيول بويىدا، ئۇنىڭ ئىككى كىلومېتىر كورلا تەرىپىدە تۇرسۇن باقى شاڭيونىڭ ئولتۇراقلىرى بار ئىدى. كۈزدە يېڭىسۇ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر مۇشۇ تۈگمەن مەھەللىسىگە كېلىپ ئۇن تارتقان. 1921 ـ يىلى كۆنچى دەرياسى كونا ئېقىنىنى بويىچە ئاققاندىن كېيىن قارادايدا ئىنتايىن ئاز ئاھالە قالغان، پەقەت تالايمەت ۋە بوبا ئائىلىسى قالغان. 1923 ـ يىلى تۈگمەن مەھەللىسىگە كېلىدىغان سۇ ئازلاپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقتىن تاشلىنىپ قالغان. يېڭىسۇ ئەتراپلىرىدا كۆپ قېتىم شەخسىي تەكشۈرۈشتە بولغان ۋەقەشۇناس مۇھەممەد ئوسمان بۇ مەھەللىنىڭ خارابىسىدە 40 ـ 50 مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالە بولۇپ تام ئۆيلەردە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ساتمىلار بارلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. ساتمىلار شۇ ۋاقىتتا ئۇن تارتىش

ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ تۇرالغۇلىرى ئىدى.

**كۆززەك مەھەللە:** كۆزلەك دېگەن بۇ نامنى لوپلۇقلار كۆززەك مەھەللە دەپ ئاتىغان، نامىدىن قارىغاندا كۆزلۈكى يىغىلىپ ئولتۇرىدىغان مەھەللە بولسا كېرەك. 1880 - يىلى سىزىلغان «تۇرپان كارىزلىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى»دە 库斯勒克 دەپ يېزىلغان. كۆزلەك مەھەللىگە يېقىن چاپقان دېيىلىدىغان بىر مەھەللە بولۇپ 1880 - يىلى سىزىلغان «تۇرپان كارىزلىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى»دە 甲布干 دەپ يېزىلغان. كۆزلۈك مەھەللە تۇمەنپۇغا يېقىن مەھەللە بولۇپ 1931 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مۇشۇ يەردىكى توختەك شاڭيو ستەيىننى بەزى ئۈچۈرلار بىلەن تەمىن ئەتكەن. مۇشۇ مەھەللىدىن بىر ئىنگلىز مىلى (1.61 كىلومېتىر) ماڭسا تۇمەنپۇغا بارغىلى بولىدۇ. مۇشۇ مەھەللىنىڭ جەنۇب تەرىپى ئاھالىلەرنىڭ تېرىم يېرى ئىدى. 1928 - يىلى كۆزلەك مەھەللىسىدە 70 - 80 ئۆيلۈك ئاھالە بارلىقى فولك بېرگمان يازمىسىدىن مەلۇم. بۇ مەھەللىنىڭ كونكرېت ئورنى ھازىرقى داشكۆل سۇ ئامبىرىنىڭ شەرقىي شىمالى ئۇچىغا توغرا كېلىدۇ. 1917 - يىلى 40 ئۆيلۈك، 1948 - يىلى 95 ئۆيلۈك (537 جان)، 1950 - يىلى 110 ئۆيلۈك (651 جان) ئاھالە ياشىغان.

**تۇرسۇن چاپقان:** 1900 - يىلى بۇ مەھەللىدە 23 ئادەم بار ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ مەھەللىلىك 28 ئادەم مۇراندا، 13 ئادەم چاقىلىقتا تېرىقچىلىق قىلغان، شۇنداق بولغاندا بۇ مەھەللىدە جەمئىي 73 كىشى بار، بۇلارنىڭ چارۋىچىسى بولمىغان.

**دۆچ مەھەللە:** قاراكۆيۈك مەھەللىسى بىلەن دۆچ مەھەللىسى قارا قوشۇن بىلەن يۇچۇن مەھەللىسىنىڭ ئارىسىدىكى مەھەللىلەردىن ئىدى، 1889 - يىلىدىن سەل بۇرۇن تاشلىۋېتىلگەن. تۇرسۇن چاپقان، ئۆرتەڭ، دۆچ مەھەللىلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى چاقىلىققا كۆچكەن.

**ئۇلۇغبۇلجۇمال مەھەللىسى:** بۇ مەھەللە يېڭىسۇ بىلەن دۇرالىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان، توغرىسىنى ئېيتقاندا، توغرائېرىقنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان. ۋەقەشۇناس مۇھەممەد ئوسماننىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇ مەھەللىدە 50 ئائىلىلىكتەك تام ئۆي بولغاندىن سىرت خېلى كۆپ ساتما بولغان. لوپلۇقلارنىڭ كونا بەگلىرىدىن قۇربان سوپىبەگنىڭ مازىرى مۇشۇ مەھەللىدە. ئۇلۇغبۇلجامالدىكى يېرىمىدىن كۆپرەك ئائىلىلەر ساتمىلاردا ئولتۇرغان، %40تەك ئاھالە تام ئۆيدە ئولتۇرغان.

**خەلپەم مەھەللىسى:** بۇ مەھەللە كونا يېڭىسۇنىڭ يەتتە كىلومېتىر شىمالىي تەرىپىدە يەنى كورلا تەرىپىگە جايلاشقان. كېيىنكى تامدىن سېلىنغان ئۆينىڭ 100 ئائىلىلىكتىن ئاشىدىغانلىقىنى، يەنە ساتمىلار بارلىقىنى بايان قىلغۇچىلار بار. بۇ مەھەللىدىكى ئاھالىلەر 1961 - يىلى لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىگە كۆچۈرۈلگەن.

**چىرىكچى مەھەللىسى:** بۇ مەھەللە ئەسلىدە كالا مەھەللىسى دەپ ئاتالغان، بىر يىللىرى خەلق تەرىپىدىن سەكسەن مانتا دەپ ئاتالغان بىر دوتەي موڭغۇللار بىلەن

ئۇرۇشمەن دەپ كېلىپ مۇشۇ يەردە چېرىك تۇرغۇزغانلىقى ئۈچۈن ئەسلىدىكى كالا مەھەللىسى دېگەن نامىنىڭ ئورنىنى «چېرىكچى» دېگەن نام ئالغان دېگەن قاراش بار. بۇ مەھەللىدە 30 ئائىلىلىك تام ئۆي، قالغانلىرى ساتمىلاردىن ئىبارەت.

## 2. لوپلۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدا

**لوپلۇقلارنىڭ ئولتۇراقلىرى** لوپلۇقلارنىڭ ئولتۇراقلىرى ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكىگە خاس بولغان. ئالايلۇق، ئۇلار بېلىقچىلىق بىلەن ياشىغانلىقتىن دەريا، كۆل بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئولتۇراق يەرلىرى زەيكەش ياكى نەملىك بولغانلىقتىن تام ئۆيلەرگە ئانچە ماس كەلمىگەن. يەنە بىر نۇقتا ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر، لوپلۇقلار يەنە بېلىقچى كۆچمەن، مالچى كۆچمەنلەردۇر. ئۇلار دەريا ـ كۆل بويلىرىدا كۆچۈپ يۈرۈپ ياشىغانلىقتىن، مۇقىم ئۆي سېلىش ئىمكانىيەتلىرى يوق ياكى زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار مەيلى قەيەرگە بارسۇن شۇ جاينىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قومۇش ۋە توغراقتىن پايدىلىنىپ ساتما (شۇ ۋاقىتتىمۇ ساتما دېيىلگەن) تىكىپ ياشىغان. قومۇش تارىم دەريا بويىدا، كۆللەردە ئۆسىدىغان ئېگىزلىكى ھەتتا ئوننەچچە مېتىر، غولى قاتتىق ھەم توم بولۇپ، تەييار قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ئىدى. ساتما تىكىش ئۇسۇلى تولىمۇ ئاددىي ھەم ئىپتىدائىي بولۇپ مۇنداق ئىدى: توغراقتىن كېسىۋېلىنغان بادرا تىكىلمەكچى بولغان ساتمىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قادالغان (بەزى ھاللاردا ھەتتا قوۋزىقى سويۇلمىغان)، ئۇندىن كېيىن يەنە توغراق بادرا بىلەن توغرىسىغا قوشاغدالغان. قومۇش ئۇرۇپ كېلىنىپ بىر باغ ـ بىر باغدىن قوشاغدالغان بادرىغا چاپلاپ تۇرغۇزۇلۇپ تام قىلىنغان. تۆپىسىگە قويۇلغان بالا ياغاچلارنىڭ ئۈستى تورۇس قىلىنىپ بىر ـ بىرىگە چېتىلغاندىن كېيىن، تۆپىسىدىن 50 سانتىمېتىر تۆت تەرەپلىك كىۋادرات شەكلىدە تۈڭلۈك قويۇلۇپ يېپىلغان. ھەر بىر ساتما ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوچاق بولغان، تۈڭلۈك يورۇق چۈشۈرۈش ھەمدە ئىس چىقىرىش رولىنى ئوينىغان. ساتما ئۆينىڭ چۆرىسىنى ياقىلاپ كىگىز ياكى بورا سېلىنغان، ئۆيدىكىلەر مۇشۇنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلىغان. بەزى ئائىلىلەر بىر ئېغىز ئۆينى بۆلۈپ مەخسۇس ئاياللارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن. ساتما ئۆينىڭ يان تېمىغا ياغاچ تاختىبىشى قىلىنغان، تۇرمۇش لازىمەتلىرى تاختىبىشىغا قويۇلغان. ساتما ئۆينىڭ يېنىغا يەنە قومۇشنى ماتېرىيال قىلىپ ئېغىل سالغان. ئادەتتە ئون ئۆيلۈك ئەتراپىدىكى ئاھالە بىر مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلاشقان. لوپلۇقلار مۇقىم بىر يەردە ئولتۇراقلاشمىغان، قىشلىقلىرى ئوتۇنغا يېقىنراق ھەم چارۋىلىرى ئۈچۈن ئوت ـ بوغۇز بار يەردە ئولتۇراقلاشقان. يازلىقى بېلىق تۇتۇشقا ئەپلىك، مال باقىدىغان يايلاق بار كۆل ياكى سۇئىي كۆل بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار چېچەكنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلمىگەچكە چېچەكتىن

ساقلىنىش ئۇچۇنمۇ كۆچىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرغان[1]. لوپلۇقلار قومۇشتىن ناھايىتى ياخشى پايدىلانغان، قومۇشنى سۇ قومۇشى ۋە قاغدان قومۇشى دەپ ئىككىگە بۆلگەن. قاغدان قومۇشى غولى بارماقچىلىك توملۇقتا بولۇپ كۆلدە ئۇنىدۇ، ئېگىزلىرى ئىككى غۇلاچ كېلىدۇ. قاغدان قومۇش قىش كۈنى قۇرۇپ قالىدۇ، يازدا كۆكلەيدۇ. قاغدان قومۇش سۇ كىرمەيدىغان شورلۇق ياكى قۇملۇق يەردە ئۇنىدۇ. سۇ قومۇشى ئىنچىكە بولۇپ چىمچىلاق بارماقچىلىك بولىدۇ، ھەر يىلى ئورۇۋالغان يەرگە سۇ كىرسە ئۇنىدۇ. قاغدان قومۇش ئاچچىق، قاتتىق بولغانلىقتىن مال يېمەيدۇ، بۇنىڭدىن ساتما ياسىلىدۇ. سۇ قومۇشى ياز كۈنى ئورۇپ، پىچان قىلىپ ساقلىنىپ قىشلىقى قويغا بېرىلىدۇ، ئېغىلنىڭ ئاستىغا سېلىنىدۇ، ھەتتا توغرىلىپ ئۆينىڭ ئاستىغا سېلىنىدۇ.

مۇندىن يۈز يىل بۇرۇنقى ئۇچۇرلاردا لوپلۇقلارنىڭ ئولتۇراق ئەھۋاللىرى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «لوپ خەلقى ئاتا - ئانا، بالىچاقا، ھەممىسى بىر ئۆيدە ياتادۇر. بۇ لوپ خەلقىنىڭ ئولتۇرغان ئۆيى ھەممىسى قېمىشتۇرلەر. يەردىن يەرگە قىشلاق، يازلاق دەپ يەرلىرى باردۇر. بۇلار شۇنداق يەرلەرگە كۆچۈپ يۈرەدۇر. بۇ لوپنىڭ توققۇز بەگنىڭ ئارىسىدا ئۈچ ئاخۇنى بار، ئۈچ قازىسى بار، ئۈچ مۇپتىسى بار. بۇ لوپ خەلقىنىڭ ئولتۇرغان ئۆيى ھەممىسىلا قېمىش، بەگلىرىنىڭ ئوردالىرىما ھەم قېمىشتا تۇرۇر. مۇبادا بۇ بەگلەر گۇنا قىلغان ئادەمنى سولار بولسا قېمىش ئۆيگە سولايدۇرلەر.»[2]

قاراكۆل لوپلۇقلىرىنىڭ ساتمىلىرى ئادەتتە جەنۇب - شىمال تەرىپى ئۇزۇن (تەخمىنەن 12 مېتىر)، شەرق - غەرب تەرىپى قىسقا (تەخمىنەن 8 - 7 مېتىر)، چاسا شەكىلدە بولىدۇ، ئوخشاشلا «ساتما» دەپ ئاتالغان. قاراكۆللۇكلەرنىڭ ساتمىسى ئاساسەن قوۋزىقىمۇ سويۇلمىغان توغراق بادرىلىرىنى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىدۇ. ساتمىنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قارىتىپ ئېچىلىدۇ، ئىشىك قومۇشتىن ھازىرلىنىدۇ. ساتما ئىگىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن 3 - 4 ئېغىز ئۆيگە بۆلۈنىدۇ . ئىشىكتىن كىرىشتىكى 1 - ئۆي چوڭ بولۇپ ئوتتۇرىسىدا ئوچاق بولىدۇ، بۇ كۈندىلىك تۇرمۇش ئۆيى ھەم مېھمانخانا ھېسابلىنىدۇ. قالغان كىچىك ئۆيلەر ياتاق، ئاشخانا ۋە قازناق قىلىنىدۇ. ساتمىنىڭ يان تېمىغا كونا (ئىشلىتىلمەيدىغان) كېمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ تاختىبېشى

---

① بۇ خىل ئادەت ئۆيرات (قالماق)لاردىمۇ بولغان، بۇرۇنقى كۆچمەنلەر ئىچىدە يۇقۇملۇق كېسەلدىن قېچىش ئارقىلىق قۇتۇلۇش ئادىتى بولغان بولۇشى مۇمكىن. چېچەك كېسىلى مىلادىيەدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ مىسىر مۇ-مىيالىرىدىمۇ بايقالغان. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بىر قېتىم تارقالغان چېچەك سەۋەبىدىن دۇنيا ئاھالىسىنىڭ 10%تى قى-رىلىپ كەتكەن. بۇ كېسەلنى ئۇيغۇرلارمۇ قەدىمدىنلا بىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 504 - بەت)تە «چەكەك» دەپ خاتىرىلىگەن. 1980 - يىد-لى دۇنيا مىقياسىدا چېچەك كېسىلىنىڭ يوقالغانلىقى جاكارلانغان، ھازىرقى كۈندە كىشىلەر ئانچە سىنەكىمەيدىغان بۇ كېسەل، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى يامان كېسەل ئىدى. فىرانسىيە پادىشاھى لوئىس XV، ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى مارىيە II، گېرمانىيە پادىشاھى يوبوف I، روسىيە پادىشاھى پېتىر II لەرمۇ مۇشۇ كېسەل بىلەن ئۆلگەن. 1900 - يىلدىن 1910 - يىلغىچە روسىيەدە تارقالغان چېچەك سەۋەبىدىن 500 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن.

② مۆيدىن سايىت: «لوپنورلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق 4 - سانى، 46 -، 44 - بەتلەر.

قىلىپ تۇرمۇش لازىمەتلىرىنى قويىدۇ. چوڭ ئۆيدىكى ئوچاقنىڭ ئەتراپىغا قومۇش سېلىنغان، بۇ سېلىنچا بولۇپ تۆپىسىدە ئولتۇرىدۇ، پەرقۇ قىلىدۇ، كارىۋات ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە قومۇش غاز پېيى بىلەن ئورىلىپ كارىۋات قىلىنغان. باي ئائىلىلەر ساتمىنىڭ يېنىغا تام ئېغىل سالغان، ئېغىل (قوتان)نىڭ ئۈستىنى قومۇش بىلەن ياپقان. ئابدال مەھەللىسىدىلا شالالىق قوتان بار بولۇپ پىرژىۋالسكى كۆرگەنلىكىنى يېزىپ قالدۇرغان. ئابدال كەنتىدىكى ساتمىلار كەڭ ـ كەڭرى ياسالغان بولۇپ ئادەتتە نەم يەرگە تىكلىنەتتى، ئىچىمۇ پاكىز ئىدى. ساتما نەم يەرگە سېلىنغانلىقتىن ئۆي ئىچىگە قومۇش يېيىتىلغان. ساتما قاراقوشۇن ۋە قاراكۆل رايونىدىكىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى بولسىمۇ، يازلىقى ئىسسىقتىن سالقىنداشقا بولاتتى، ئەمما قىشلىقى سوغۇققا، شامالغا دال بولالمايتتى. بىر قېتىم سېلىنسا 3 ـ 4 يىل ئولتۇرۇشقا بولاتتى، ئەمما ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، دىققەت قىلىنمىسا ئوت ئاپەتكە ئايلىناتتى.

لوپلۇقلارنى ساتمىلاردىلا ئولتۇرغان دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. كېيىن دېگەندىمۇ 1800 ـ يىللاردىن باشلاپ لاي تام ياكى كېسەكتىن تام قوپۇرۇپ ئۆي سېلىپ ئولتۇرغان. كونا يېڭىسۇ ۋە قارادىي خارابىلىرىغا بېرىپ تەكشۈردۇم، بۇ مەھەللە ئىنتايىن زىچ سېلىنغان ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان، ئۆيلەر بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن. ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئويۇق ۋە تام ئوچاق چىقىرىلغان. بۇ مەھەللىنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئۈلگۈرمىدىم، ئېغىلىنىڭمۇ كېسەك تام بىلەن قوپۇرۇلۇشى، بۇ يەردە ساتما ئۆيلەرنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقىنى يوققا چىقاردى. ئەنە شۇ يەردە چوڭ بولغان ۋەقەشۇناس مۇھەممەد ئوسماننىڭ ئېيتىشىچە، يېڭىسۇدا لوپلۇقلاردىن باشقا ئاھالىدىن ئۈچ ئۆيلۈك كىشى بولغان (تۇرپانلىق مىيىن سىرىق ۋە ئىمىن بارىن ئائىلىسى، ئاتۇشلۇق كېرىم ھاجى)، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى لوپلۇقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەسلىشىچە، كۆزلەك مەھەللىسى، خەلپەم مەھەللىسى قاتارلىق جايلاردا خېلى كۆپ تام ئۆيلەر بولغان. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، لوپلۇقلار كېيىن دېگەندىمۇ 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ تام ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرغان، بۇ ئەمەلىيەتتە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇھەممەد ئوسمان كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن، مەھەللىلەرنىڭ تام (كېسەك) ئۆيلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلۇغبۇلجامالدا 50 ئائىلە تام ئۆي (بۇندىن باشقا ساتمىلارمۇ ئاز ئەمەس)، تۇگمەن مەھەللىسىدە 30 ـ 50 ئائىلىدەك تام ئۆي (خېلى كۆپ ساتمىلارمۇ بار)، خەلپەم مەھەللىسىدە 100 ئائىلىدەك تام ئۆي (ئازراق ساتما بار)، قارادىي (500 ئائىلىدەك تام ئۆي بولۇپ كېيىن كېسەكلىرى يۆتكەپ ئىشلىتىلىپ يوقىلىپ كەتكەن، ھازىر ئازراق ئۆيلەر ساقلىنىپ قالغان)، چېرىكچى مەھەللىسىدە 30 ئائىلىدەك تام ئۆي (قالغىنى ساتما)، توغ مەھەللىسىدە 10 ئائىلىدەك تام ئۆي (قالغىنى ساتما)، قارادىيدا خېلى كۆپ تام ئۆي بولغان.

لوپلۇقلارنىڭ ئۆيلىرى ئادەتتە ياغاچ ئۆي، ساتما، گەرەم (گەمە) ۋە تام ئۆيلەردىن

ئىبارەت. تارىم دەرياسى بويىدا ئۆسكەن قومۇش ۋە توغراق ئاساسىي خام ئەشيا قىلىنغان. يېڭىسۇنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە ياشىغان ئاھالىلەر توغراقلىقتا يېقىن بولغانلىقتىن ياغاچ ئۆيلەرنى ياساپ ئولتۇرغان، توقۇمنىڭ جەنۇب ۋە شەرق تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقانلار توغراقتىن يىراق بولغاچقا، قومۇش ساتىملاردا ئولتۇراقلاشقان. چارۋا بېقىش ۋە باشقا ئىشلار سەۋەبىدىن گەرەم (گەمە) كولاپ ئولتۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. كۆنىمىزدىكى چارۋىچىلارنىڭمۇ مۇشۇ خىل گەمىلەردە ئولتۇرىدىغانلار بار، گەمە ئادەتتە يەرنى كولاپ، ئۈستى يېپىلىپ تەييارلىنىدۇ، رايونىمىزنىڭ مۇھىت ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدۇ. لوپنورشۇناس مۆيدىن سايىت تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسەن «ئۆي سالىدىغان يەر تەييارلانغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت باقانا (تۈۋرۈك) 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈلۈپ، ئۈستى تەرىپىدىن ياغاچ بىلەن بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ چېتىلىدۇ. بۇ ئۈستى چېتىق ياغاچ بايران دېيىلىدۇ. تۆت باقانانىڭ تۈۋىدىن بىر - بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ ئوتتۇز سانتىمېتىر چوڭلۇقتا ئېرىقچە چىقىرىلىپ شاخ ـ پۇتاقلىرى ئېلىنىپ، بىر قۇر ياپسالاپ، تەييارلاپ قويۇلغان ياغاچلارنىڭ تۈم تەرىپى ئېرىقچە ئىچىگە قاتار قىلىپ زىچ قويۇلۇپ كۆمۈلىدۇ. ئۈستى ئۇچى بايرانغا يۆلەپ باغلىنىۋېتىلىدۇ. ئۆي چوڭ بولسا ئوتتۇرىغا بىر تال باراي قويۇلىدۇ، بولمىسا قويۇقراق قىلىپ گۆسۈ (بادرا) قويۇپ، ئۈستى قومۇش، يېكەن (蒲草)[1] بىلەن يېپىلىپ لاي سېلىنىدۇ. ياغاچ ئۆي كۆپ ھاللاردا ئىككى ئېغىزلىق بولىدۇ، ئادەم بويىدىن سەللا ئېگىز قىلىنىدۇ. ھەممە ئۆيگە تۈڭلۈك، شامال ئۇرمايدىغان تەرەپكە بىردىن پەنجىرە قويۇلىدۇ. ياخشىلىرى (ياخشى ياپسالانغانلىرى) شۇ پېتى قويۇلۇپ، ياخشى ياپسالانمىغان ياكى ئۆز پېتى قويۇلغانلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى ئىچى تەرىپىدىن سۇۋۇلىدۇ. ئۆينىڭ يېنىغا ياكى ئارقىسىغا قاتتىق ـ قۇرۇق نەرسە قويۇلىدىغانغا بىردىن قومۇش ئۆي ياكى ساتما ياسىلىدۇ. توغراقلىقتىن يىراق جايغا ئورۇنلاشقانلار ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت باقانا قويۇپ، ئۇلارنى بايران بىلەن تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، تۆت باقانانىڭ ئوتتۇرىسىغا بىردىن چېتىق باغلاپ، ئاندىن ئۇنىڭغا يۆلەپ قويۇق ۋە قېلىن قىلىپ غالدىراك قومۇش (بورا توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ، ئېگىز قومۇش) قويۇپ ئۈستى تەرىپىدىن، ئوتتۇرىدىن باسۇرۇق چېتىق بىلەن باغلىۋېتىلىدۇ. ئۆگزىسى ياغاچ ئۆي (قۇرمال ئۆي) بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. قومۇش ئۆيگىمۇ تۈڭلۈك، پەنجىرە قويۇلىدۇ. قومۇش قېلىن، زىچ قويۇلغان بولسا سۇۋالمايدۇ، نېپىز قويۇلۇپ قالغان بولسا كۆپ ھاللاردا سىرتىدىن سۇۋۇلىدۇ. ۋاقىتلىق ئولتۇرىدىغانلار قومۇش، يۇلغۇن، يېكەن ئارىلاش ساتما (قاتماچۇق) ياساپ ئولتۇرىدۇ. قىشلاپ قالغۇدەك بولسا گەمە كولىۋالىدۇ... ياغاچ ئۆي، قومۇش ئۆي سېلىپ ئولتۇرغانلار ئۆي ئالدىغا چوڭ ھويلا قىلىپ ئەتراپىنى قومۇش، يېكەن ياكى يۇلغۇن بىلەن توسۇپ شاخشا ئىشىك بېكىتىدۇ. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىگە سۇپا قىلىنىدۇ. ياغاچ ئۆي، قومۇش ئۆي ياكى گەمە بولسۇن، ھەممىسىنىڭ پالتۇك تەرەپتە ئوچاق، ئوڭ تەرەپتە ياكى

[1] «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1957 ـ يىلى نەشرى، 4001 ـ بەت

ئىشىككە ئۇدۇل تامغا چاپلاپ ياسالغان يان مورا بولىدۇ. ئۆي ىبساتلىرىغا كەلسەك، بىر ئۆيدە بولۇشقا تېگىشلىك كىگىز، پالاس، يوتقان ـ كۆرپە، چۆكۈچەك (يوتقان ـ كۆرپە يىغىدىغان ساندۇقتا ئوخشايدىغان نەرسە)، قازان ـ قومۇچ، چىنە ـ تاۋاق، لېگەن، جاۋۇر، چولۇڭ ـ كىچىك تەڭنە، چارا قاتارلىقلار تەل بولغاندىن باشقا پالتا، بېگەن، ئاتالغۇ (تەڭنە، جاۋۇر، كېمىنىڭ بۇلۇڭلىرى، ئەگمىسىنى ئويۇشتا ئىشلىتىدىغان مەخسۇس سايمان) ۋە ھەر خىل توقۇش، ئېگىرىش ـ ئېشىشكە ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب ـ سايمانلارنىڭ ھەممىسى تولۇق بولىدۇ...» [1]

**لوپلۇقلارنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى** تۆمۈر قازان (تاماق پىشۇرۇش ئۈچۈن)، مىس چۆگۈن (چاي قاينىتىش ئۈچۈن)، تۇز تەگلىك قورۇش ـ پىشۇرۇش قازىنى، قىلدىن ياسالغان ئەلگەك، پالتا، سوغا (ياغاچ چېلەك)، تاۋاق (لېگەن)، قوشۇق، چۆچەك ۋە قومۇشتىن توقۇلغان شىرەنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان بورىدىن ئىبارەت. بەزى ئائىلىلەردە يەنە كىگىزمۇ بار. يۇقىرىقىلاردىن باشقا كىچىك بۇيۇملار خېلى كۆپ، بەزى ئائىلىلەر قەلەينى قازان ئورنىدا ئىشلەتكەن، خېلى كۆپ ئائىلىدە مىس چۆگۈن ۋە تۇز تەگلىك قازان يوق.

لوپلۇق ئاياللارنىڭ بۇيۇملىرى: كىيىملىرى، يىڭنە، ئۇرچۇق، چاق (يىپ ئېگىرىدىغان)، رەخت توقۇيدىغان دەستىگاھ.

لوپلۇق ئەرلەرنىڭ بۇيۇملىرى: چاقماق، تۆمۈر پارچىسى، ئۇستىرا، قەلەمتىراش. ئۇلار قەلەمتىراشنى غىلىپىغا سېلىپ بەلباغقا تۇگۇۋالىدۇ. قويىنىدا ئاق قەلەي، ياغاچ ياكى تېرىدىن ياسالغان ناس (تاماكا) خالتىسى بولۇپ ئۇلار تاماكا چەكمەيدۇ، ناس شۈمىدۇ.

**لوپلۇقلارنىڭ ئەڭلى** لوپلۇقلارنىڭ كىيىمى تەبىئىي تالا لوپ چىگىسىنى خام ئەشيا قىلىدۇ. لوپلۇقلارنىڭ چىگە تالاسىدىن رەخت تەييارلاش ئادەتلىرى ھەققىدە تۇرپانلىق مۇجۇپ ئاخۇن 1892 ـ يىلى ناھايىتى تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دېگەن: «خوتۇن خەلقى يىراق جاڭگاللارغا بېرىپ قىزىل چىگە سويۇپ ئاپكېلىپ، بۇ چىگىنى سۇغا چىلاپ بىر نەچچە كۈن بولغاندا، ئاندىن ئېلىپ پوستىنى سويۇپ ئالادۇ. پوستىنى ئېلىپ ئۇششاق ـ ئۇششاق باغلاپ يەنە سۇغا سالادۇ. بۇ چىگە سۇدا بەش ـ ئالتە كۈن تۇرغاندا سېسىپ ئۆزىدىن ـ ئۆزىگە تال ـ تال بولۇپ ئاريلادۇ. بۇ چىگىنى ئاندىن خوتۇنلەر تۆرت ـ بېشى بىر يەردە ئولتۇرۇپ، بىر خوتۇن ئىككى قولىغا بىردىن ئىككى تال چۇبۇق ئېلىپ بەش ـ ئالتە خوتۇن بىر قۇچاق، ئىككى قۇچاق چىگىنى ئوتتۇرادا قويۇپ تۆبۈرۈپ ئولتۇرۇپ بۇ چىگىنى سابايدۇ. ئاندىن بۇ چىگە بىر سائەت بولغاندا يۇمشاق پاختىغا ئوخشاش بولادۇ. ئاندىن بۇ چىگىنى خوتۇنلەر تۆمۈر يىككە يۆرگەپ ئېشىپ، ھەر كۈنىگە شۇنداق تۆرت ـ بەش يىك ئېگىرىپ، بىر كۈللەر بولغاندا بۇ خوتۇنلەر شۇ چىگىنى ئادەم بېشىدەك، ئادەم

---

[1] مۆيدىن سايىت: «لوپنورلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 4 ـ سانى، 46 ـ، 47 ـ بەتلەر.

بېشىدەك يىگىرمە - ئوتتۇز يۇمغاق قىلادۇ. ئاندىن مەھەللىنىڭ خوتۇنلىرىنى ھەممىسىنى يىغىپ كېلىپ، يەرگە قوزۇق قېقىپ بىر قوي ئۆلتۈرۈپ بىر كۈن بۇ چىرلاغان مەزلىملەرگە ئاش بېرىپ، ئاشنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئاشنىڭ ئىگىسى ئورنىدىن قوپۇپ قولىنى باغلاپ تۇرۇپ، ‹ئەي مەيماللەر، مەن ئەرتىلىككە تاغار يۇگۇرەدۇرمەن. ئەرتىلىككە ماڭا تاغار يۇگۇرۇشۇپ بېرۇرلەر› دېسە، بۇ خوتۇنلەر ئاندىن ئەرتىسى كېلىپ بۇ خوتۇڭغا تاغار يۇگۇرۇشۇپ بېرۇرلەر. بۇ يۇگۇرگەن تاغارنى نەچچە كۈن يۇگۇرسە، ئوتتۇز - قىرىق تاغارلىقنى بىر قېتىمدا يۇگۇرۇپ ئالۇرلەر. بۇ يۇگۇرگەن تاغارنى يەنە خوتۇن خەق توقۇيدۇرلەر. ئىشتان - كۆڭنەك، كىيەتۇرغان يۇڭنىما خوتۇن خەق توقۇيدۇ، ھەننە تاغار - خۇرجۇن، پالاس، داستۇرخان توقۇيدۇرغاننى لوپلۇقنىڭ خوتۇن خەلقى قىلادۇر. لوپلۇقنىڭ خوتۇن خەلقىنىڭ ئېگىل كەيگىنى شۇنداقتۇر. بېشىغا خايى قېرى، خايى ياش بىردىن لېچەك سالادۇر. لىچەكنىڭ ئۇستۇنىگە ياش چۆكەللىرى ئۈش - تۆرت ياغلىقنىڭ ھەممە ئۇچىنى ئوڭ يېنىغا ئاپكېلىپ بىر قىسما گۇل قىلىپ قويادۇ. بۇ لوپ خوتۇنلىرى بېشىغا بۆركنى ھەرگىز كەيمەيدۇ. چېچىغا جۇگان چۆكەللىرى قىزىل شەلپەرنى، ئاق سۇرۇپنى يىنچىكە - يىنچىكە يىرتىپ، چېچىغا ئۇلاپ چاش قىلىپ ئالادۇ. خوتەللەر چاپىنىنى ئەر كىشىنىڭ چاپىنىغا ئوخشاش كىيەدۇ. ئەر خەقنىڭ كىيىمى قازاق كىيىمدەك تۇرۇر. ئۇ يەنە ئەر - خوتۇننىڭ كىيگەن ئىشتان - كۆڭنىكى ھەممىسى يۇڭدا بولادۇ. بۇ لوپلۇقنىڭ ئەر خەلقى قوي بېقىپ، ئىشكار قىلىپ مۇنداق ئىشلەرنى قىلىدۇ[1].» 1956 - يىلى 25 - سېنتەبىردە تاتار تىلشۇناسى تېنىشېفقا چارادىكى قۇلتۇقمەت مۇنداق دېگەن: «جاڭگالدا چىگىنى چېپىپ چاڭغالدا چىقىپ چىگەنى چاپىپ، قازانغا قايناتىپ، ياقىغا چىقارىپ، ياغنى ساۋاب، ئېگىرىپ كېلىپ تاغار توقامىز. سايمانلارنىڭ ئاتى داقتا، قىلىچ، تاتقۇ، ئاچا، نۇرۇن، داقتاسىنى يىغاچ، قىلىچمى يىغاچ.»

لوپلۇقلارنىڭ باش كىيىمى كۆپىنچە قالپاق دېيىلىدۇ، قىرغىزلارنىڭ قالپىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قىرغىزلارنىڭ قالپىقىغا سېپتىلاپ ئىشلەپ ھەر خىل گۇل، شەكىللەر چىقىرىلغان بولسا، لوپلۇقلاردا ئاساسەن سىيدام بولىدۇ. لوپلۇقلار يەنە كىگىزدىن قالپاق (قۇيما) كىيىدۇ. كىگىز قالپاقنىڭ ئالدىدا چېكىلىكى، كەينىدە ئۆرۈمىسى بولىدۇ، چېكىلىك ئادەم يۈزىنى ئاپتاپتىن مۇداپىئە قىلىدۇ، بۇ خىل باش كىيىمنى چاقىلىقتىكى تۇرپانلىقلارمۇ، خوتەنلىكلەرمۇ كىيىدۇ. كىگىز قالپاق ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ، يازلىقلىرى شۇنداق سالقىن بولىدۇ. يەنە بىر خىل قالپاق قىرغىزلارنىڭ قالپىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى چېتىدە چېتىقى بار. ھازىرقى كۈندە لوپلۇقلار ھەققىدە ئىشلەنگەن سەنئەت فىلىملىرىدە قالپاق لوپلۇقلارنىڭ سىمۋول باش كىيىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا، ھازىرقى ئېرىشكەن ئۇچۇرلاردىن بۇنىڭ سەۋەنلىك ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە، چۈنكى ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ يۈز يىللار بەلكى

① نىكولاي فېدىروۋىچ كاتانوف: «كۇنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىلىق ئۇيغۇرچە 1 - سانى، 32 - بەت.

ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ سۇرەتلىرىدە قىرغىز قالپىقىسىمان قالپاق كۆرۈلمەيدۇ. لوپلۇقلارنىڭ باش كىيىملىرى ـــ سالۋا تەلپەك ۋە شاپاق بۆك، تۇماق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. سالۋا تەلپەك قوي تېرىسىنى تەتۈرىگە ئۆرۈپ تەييارلانغان، يۇڭلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شاپاق بۆك ۋە تۇماق كۈنىمىزدىكى بىلەن ئوخشاش.

لوپلۇقلار كۆڭلەك ۋە ئىشتاننىڭ ئۈستىدىن ئۇدۇل پەشلىك ئۇزۇن چاپان كىيگەن ۋە بېلىنى بەلباغ بىلەن باغلىغان، قىش كۈنلىرى بۇنىڭ ئۈستىدىن قوي تېرىسىدىن ھازىرلانغان جۇۋا كىيگەن. بايلار ۋە يۇقىرى سالاھىيەتلىكلەر ھىندىلار ياكى ئەرەبلەر باشلىرىغا يۆگىگەن سەللىسىمان باش كىيىمى، پۇتلىرىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن. نامراتلار پۇتىغا قىشلىقى كىگىز پايپاق ۋە كۆن ئاياغ، چورۇق كىيگەن. يازلىقى مەيلى باي ياكى نامرات بولسۇن ئوخشاشلا يالاڭ ئاياغ يۈرگەن. نامراتلار قىشلىقى گىرۋەكلىرى ۋە تۈكلىرى سىرتىغا ئۆرۈلگەن قوي تېرىسى تەلپىكى (سالۋا تەلپەك)، يازلىقى كىگىز قالپاق كىيگەن. ئەرلەر چېچىنى ئۈستۈرمەي قىرىپ يۈرۈيدۇ، ئۇلار چاچ ئۆستۈرۈشنى ياقتۇرمايدۇ. قاراقوشۇن لوپلۇقلىرىنىڭ بېگى كۈنچىققانبەگ مانجۇچە چاچ قويۇشتىن خالاس بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇن بايلىقىنى سەرپ قىلغانلىقىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

خوتۇن ـ قىزلارنىڭ كىيىملىرىمۇ ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئەمما بەلباغ باغلىمايدۇ. چاپاننىڭ ئىچىگە بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان كۆڭلەك كىيىدۇ، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە تىقىپ كىيىدۇ. ئۇلار ئاق ياغلىقنى زاڭىقىدىن باغلاپ چىگىدۇ، ياغلىقنىڭ بىر بۇلۇڭى دۈمبىسىدىن پەسكە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوي تېرىسى تەلپەك كىيىدۇ. خوتۇنلار چېچىنى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ دۈمبىسىگە قويۇۋېتىدۇ، ماڭلاي چاچ قويىدۇ. قىزلار چېچىنى بىر ئۆرۈم قىلىپ دۈمبىسىگە ساڭگىلىتىۋالىدۇ. قىزلارنىڭ كىيىملىرى ۋە ئائىلە جابدۇقلىرى 1870 ـ يىللاردا كورلىلىق سودىگەرلەردىن سېتىۋېلىنغان، ئاز بىر قىسىم نەرسىلىرىنى ئۆزلىرى ياسىغان. رەختلىرى قوي يۇڭىدىن ياكى چىگە تالاسىدىن توقۇلغان. كۈزدە ياكى قىشتا چىگىنىڭ غولى يىغىۋېلىنىپ، كالتەكلىنىپ ئاندىن سۇدا قاينىتىپ، يۇيۇپ تالاسى سۇزۇۋېلىنغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم قاينىتىلغان ھەمدە چىگە تالاسى تارالغان. يىپ چاق بىلەن ئېگىرىلگەندىن كېيىن، ئىپتىدائىي توقۇمىچىلىق ئۇسۇلىدا توقۇلغان. موكا بىلەن تارالغاندىن كېيىن سىپتا ھەم نەپىس، چىدامىلىق توقۇلما تەييار بولىدۇ. ئېكسپېدىتسىيەچى پىرژېۋالسكى توقۇمىچىلىق ۋە كۆنچىلىك مۇشۇ يەرلىك ئاھالىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ھېسابلىنىدۇ، مۇندىن باشقا ئاندا ـ مۇندا تۆمۈرچى، موزدۇزلارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ دەپ يازغىنىدەك، توقۇمىچىلىق (رەخت توقۇش، پالاس توقۇش) ۋە كۆنچىلىك (تېرە ئاشلاش، تۇماق، ئۆتەك... قاتارلىقلارنى تەييارلاش) ھۈنەرلىرى بولغان. چىگىدىن ئىشلەنگەن تاغارلار «چىگە تاغار» دېگەن نامدا تاكى 1980 ـ يىللارغىچە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن. 1885 ـ يىلىغا كەلگەندە، قاراقوشۇنلۇقلار ۋە

قاراكۆللۈكلەرنىڭ تۇرمۇشىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان. مۇشۇ ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئابداللىقلار تۇرپان تەرەپتىن كەلگەن سودىگەرلەرگە تەڭسىز مال ئالماشتۇرۇش بىلەن ئېرىشكەن، ئىچكىرىدە ئىشلەپچىقىرىلغان كۆك، قىزىل، بوز رەڭلەردە بويالغان قوپال رەختلەردىن چاپان كىيگەن. ئابداللىقلار قىشلىقى جۇۋا كىيسە، يېڭىسۇ ۋە ئەتراپلىرىدىكىلەر كۆپىنچە ئىچىگە غاز پېيى ئېلىپ چىگە رەختتىن تىكىلگەن چاپانلارنى كىيگەن. ياۋا غازنىڭ تېرىسى ئاۋۋال بېلىق يېغى ياكى تۇز ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، ئۇندىن كېيىن جۇۋا تەييارلىنىپ بەزى ياشانغان ئاياللار كىيگەن. قاراقوشۇنلۇقلار ياز كۈنلىرى پاختا رەختىدىن ياكى كىگىزدىن تىكىلگەن يۇملاق بۆك كىيگەن، قىشلىقى ئەرلەر تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق، ئاياللار غازنىڭ تۈكلۈك تەرىپى سىرتقا ئۆرۈلگەن تېرىسىدىن (ياۋا غاز ياكى ئاق قۇ تېرىسىدىن) تەييارلانغان بۆك كىيگەن. تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكىلەر (قاراكۆللۈكلەر)دىن ئەرلەر قىشلىقى قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن سالۋا تۇماق كىيىدۇ، ئاندا - ساندا تۈلكە تېرىسى تۇماق كىيگەنلەرمۇ ئۇچرايدۇ، يازلىقى كىچىك شاپاق بۆك كىيىدۇ، خوتۇن - قىزلار ياغلىق چىگىدۇ. 1885 - يىلىغا كەلگەندە خەنزۇ سودىگەرلەر رۇسىيەدىن كەلتۈرۈلگەن ياغلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ مالغا تېگىشىپ زور پايدىغا ئېرىشكەن. قاراكۆللۈكلەرنىڭ ئاياغلىرى ئەرلەرنىڭ، ئاياللارنىڭ دەپ ئايرىلمىغان، پۇتلىرىغا هايۋان تېرىسىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن چورۇقلارنى كىيگەن. قاراكۆللۈكلەر قىشلىقى يەنە ئۆزلىرى تىككەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكلەرنى كىيسە، يازلىقى ھەممىسى دېگۈدەك يالاڭ ئاياغ يۈرۈشكەن. ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ يېزىشىچە، قاراقوشۇن ئەتراپىدىكىلەر ئادەتتە بارلىق كىيىملىرىنى كىيىۋالىدۇ، ئۇخلىغاندىمۇ كىيىمنى سالمايدۇ. قاراكۆللۈكلەرنىڭ ئادەتتە كىيىدىغان كىيىملىرىدىن باشقا يەنە بايراملىق كىيىملىرىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردا پۇل بولمىغان. پىرژىۋالىسكىنىڭ يېزىشىچە، ئابداللىقلار پاكىزلىقنى سۆيگەن، كىيىملىرى كونا ۋە يىرتىق بولسىمۇ دائىم پاكىز يۇيۇپ كىيىدىغانلىقى، بايرام كۈنلىرىدە كىيىدىغان كىيىملىرىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى يازغان.

پىرژىۋالىسكىنىڭ يېزىشىچە، يۇچۇن مەھەللىسىدىكى شادلىقتا چۈمگەن ئاھالىلەر بىر قېتىم بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشكەن، خوتۇن - قىزلارنىڭ كىيگەن ئەڭلى ئاساسلىقى يېشىل رەڭدىكى تورقۇ بولۇپ ئالدى پېشى قىزىل. مۇشۇ شادلىقتا باشچىلىق قىلغۇچىنىڭ خوتۇنلىرى بېشىغا قارا رەڭلىك قوي تېرىسى تەلپەك كىيگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ ياغلىقىنىڭ ئۇچىغا مارجان ئۆتكۈزۈلگەندەك بىر تال ئۇزۇك ئۆتكۈزۈلگەن (قومۇشتىن ئوت قالىغاندا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك، دەپ يېزىلغان).

مەرھۇم ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئاساسىدا لوپلۇقلارنىڭ كىيىملىرى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغان: «باش كىيىملەر: قىشلىقى ئەر - ئايال بىردەك تۇماق، يازلىقى دوپپا كىيىش ئادەت قىلىنغان. ئەمما ئەر - ئاياللارنىڭ باش كىيىمى پەرقلىق

كېلىدۇ. ئەرلەر ئاساسلىقى ئۆلۈك ياكى تاشلىق سالۋا تۇماق، كۆرپە (شۇنىڭدەك تۈلكە تېرىسى)دە تىكىلگەن ئۆلۈك ياكى تاشلىق قاسقان تۇماق، تېقىر تۇماق (بۇنى تېقىر دەپمۇ ئاتاشقا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ يازدىمۇ كىيىلىدۇ)؛ ئاياللار ئاساسلىقى كۆرپە، مولۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن قاسقان (تۆپىلىكى سەل پەس) تۇماق؛ ئەرلەر ئاساسلىقى شاپاق دوپپا، ئاياللار تار جىيەكلىك تالالىق سىيدام دوپپا كىيىپ كەلگەن... ئەرلەردە يازلىقى كىگىز قالپاق كىيىش ئومۇميۈزلۈك بىر ئادەت بولۇپ، قالپاقنى ئۆزلىرى باسىدۇ. كىگىز قالپاقنىڭ شەكلى كاناي گۈلسىمان، قىرغىز قالپىقىسىمان (ئەمما ئارقىسىدا چېكى يوق)، شىلەپىسىمان ئۈچ خىل كېلىدۇ... ئىچ كىيىملەر: بۇرۇنقى زاماندا لوپلۇقلار تورقۇدا توقۇلغان سىپتا چەكمەندىن كۆڭلەك كىيىپ كەلگەن. ئەر ـ ئاياللىڭ كۆڭلىكى ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، ياقا شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەرلەر يەكتەك شەكىللىك، ئاياللار ئويما ياقا، كەڭ ۋە ئۇزۇن قاپ كۆڭلەك كىيىدۇ. ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەممىسى باغلىق، ئاغلىق ئىشتان كىيىدۇ... تاش كىيىم: ئەر ۋە ئاياللاردا بىردەك يالاڭ ئەستەرلىك چاپان كىيىش ئومۇملاشقان. ئەرلەر يەكتەك، ئاياللار قولتۇقىدىن ئىزمىلىنىدىغان بىر پەشلىك كالتە چاپان، يەكتەك ياقىلىق ۋە بۆرەك ياقىلىق ئۇزۇن چاپان كىيگەن. مەيلى قانداق ياقىلىق بولمىسۇن ئاياللار چاپىنىنىڭ پېشىنىڭ ئىككى يېنىدا چېكى بولىدۇ. يەكتەك ياقىلىق چاپاننىڭ ياقىسىدىن پېشىگىچە ۋە پەشنى ئايلاندۇرۇپ چىلتەك تۇتۇلىدۇ... ئەرلەرنىڭ چاپىنى تۈگمىسىز، بەلباغ باغلاش ئادەت قىلىنغان. قىشلىقى ئەر ـ ئاياللار يۇڭ ياكى پاختا سېلىنغان قىشلىق چاپان (شەكلى يەكتەككە ئوخشايدۇ) ۋە جۇۋا كىيىدۇ. ئەرلەر تولاراق ئۆلۈك (كۆرەك) جۇۋا، ئاياللار توقلا ۋە قوزا تېرىلىرىدە تىكىلگەن تاشلىق جۇۋا كىيىدۇ. جۇۋا يەكتەك ياقىلىق (يۇڭلۇق توقلا تېرىسىدە قايرىما ياقا قىلىنغان ياكى ياقىسىز ئىككى خىل) بولىدۇ. تۈلكە، بۆرە، ئىت تېرىلىرىدىنمۇ جۇۋا كىيىلىدۇ، مۇنداق جۇۋىلار ئادەتتە تاشلىق بولىدۇ. ئاياغ كىيىملىرى: چورۇق، چورۇق ئۆتۈك ۋە شىۋانچى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ... شىۋانچى چورۇق ئۆتۈكنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان تۈرى، ئۇنىڭ يۈزلۈكى خۇددى ھازىرقى يۈزلۈكى پۈرۈپ تىكىلگەن شىبلىتلارغا ئوخشاش، ئەمما پاشنىسىز، سوڭىنىڭ ئىككى يېنىدا بوغۇچى بولىدۇ...»[①] لوپلۇقلارنىڭ كىيىملىرى ھەققىدە خېلى كۆپ سۈرەتلەر ساقلانغان بولۇپ پاكىت سۈپىتىدە تونۇشقا بولىدۇ. بۇلارغا 1880 ـ يىللاردىكى دەۋرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان روبروۋېسكىي تارتقان سۈرەتلەر، 1900 ـ يىللاردىكى ۋە 1934 ـ يىللاردىكى ئەھۋاللارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سېۋىن ھېدىن، سىتەيىن ۋە فولك بېرگمانلار تارتقان سۈرەتلەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى 1880 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە بولغان يېرىم ئەسىر داۋامىدا لوپ رايونىدىكى ئېكسپېدىتسىيەلىرىدە خېلى كۆپ سۈرەتلەرنى تارتقان،

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «لوپنور ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 5 ـ سانى، 44 ـ بەت.

بۇلارغا روبرووۋىسكىي، سىۋىن ھېدىن، ستەيىننىڭ سۈرەتلىرىنى، سىۋىن ھېدىننىڭ سىزمىلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئەنە شۇ قىممەتلىك رەسىم ۋە سۈرەتلەر لوپلۇقلارنىڭ قىياپىتى، كىيىمى، ئۆي بىساتلىرىنى چۈشىنىشتە قىممەتلىك پاكىت ۋە قىممەتلىك مەنبە بولالايدۇ. سۈرەتلەردىن قارىغاندا، ئەرلەرنىڭ باش كىيىملىرى سالۋا تەلپەك (قوي تېرىسىدىن تەييارلانغان، كۈنىمىزدە بەزى يېزا - قىشلاقلاردا ھازىرمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ)، شاپاق بۆك (كۈنىمىزدىكى شاپاق دوپپا بىلەن ئوخشاش)، تۇماق قاتارلىق ئۈچ خىل باش كىيىمى كۆرۈلىدۇ. كىيىملىرىدىن تون (ئۇزۇن بولۇپ تىزدىن ئېشىپ تۇرىدۇ)، جۇۋا، كۆڭلەك، يەكتەك (قىسقا بولۇپ تىزغا ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە توغرا كېلىدۇ) قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. ئۆرە ياقا، تون ياقا ھالەتتە، ئاساسەن تۈگمىسىز، ئەرلەر بەلباغ (پوتا) باغلىغانلىقتىن كۆپ ھاللاردا تۈگمىسىز كىيىم كىيگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. بەلباغنىڭ ئادەمنىڭ بەل قىسمى ئۈچۈن پايدىسى بولغاندىن سىرت كىشىلەر ئۈستىرا ۋە پىچاقلىرىنى بەلباغقا تۈگۈۋالىدىغان ئادەت بار ئىدى. يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە سەپەرگە چىققۇچىلار ھەتتا يەيدىغان بەزى يېمەكلىكلىرىنى بەلباغقا يۆگىۋالاتتى. ئىشتان ئاغلىق ۋە ئاغسىز بولغان، تاسما ئىشلىتىلمەستىن يىپ بىلەن باغلانغان. لوپلۇق ئەرلەر قىش كۈنلىرى ئادەتتە جۇۋا، جۇۋىنىڭ ئىچىگە چاپان، كۆڭلەك كىيگەن، كۆپ ھاللاردا جۇۋا يەنە تەييار يوتقان بولۇپ يېپىنىپ يېتىشقا بولاتتى. جۇۋا قوي تېرىسىنى ئاشلاپ تەييارلانغانلىقتىن تېشى ئاق، ئىچى يۇڭلۇق بولاتتى، كېيىنكى كۈنلۈكتە تاشلاپ كىيىلىدىغان بولغان. ئۇلارنىڭ تون ياكى يەكتەكلىرى ئۇزۇن بولۇپ تىزىدىن ئاشقان، ئوشۇقىدىن ئۇزۇن بولۇپ قىش كۈنلىرىدە قەھرىتان سوغۇقنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان زەرەردىن ساقلاپ قالغان. كىيىملەر كەڭ، كېلەڭسىز، يېڭى ئۇزۇن ھەم چوڭلۇقى سۈرەتلەردىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سۇ ئۈستىدە كېمە تايىغان ۋە باشقا ئەھۋاللاردا جىلىتكە كىيگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. لوپلۇقلار سۇ بويلىرىدا ياشىغانلىقتىن يازلىقى يالاڭ ئاياغ يۈرگەن، قىشلىقى ئۆتۈك، چورۇق ۋە پېيما (كىگىزدىن تەييارلىنىدۇ) كىيگەن. ئاياللارنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا ھەممىسىلا ياغلىق چەككەن، ياغلىقلىرى رەختتىن بولغاچقا، قېلىن، كەڭ ۋە قوپال بولغان (نېپىز رەڭلىك ياغلىقلارمۇ كۆرۈلىدۇ)، ياغلىقنى باستۇرۇپ تۇماق كىيگەن ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. ياغلىق چوڭ ھەم قولايسىز بولسىمۇ ئۇنى چىگىش ئۇسۇلى ھازىرقىغا ئوخشاشمىغان، بەلكى بېشىغا ئارتىپلا ئالىدىغان ياكى تۆت چاسا شەكىلدە بېشىغا ئارتىپلا چىگىۋالغان. كۆڭلەكلىرى ناھايىتى ئۇزۇن، ئوشۇقىنى يېپىپ تۇرىدۇ. سۈرەتلەردىن قارىغاندا ئەر - ئاياللارنىڭ تونلىرى ئوخشىشىپ كەتكەن، ئاياللارنىڭ تون كىيگەنلىكىمۇ كۆرۈلىدۇ. سۈرەتلەردىن قارىغاندا، نېپىز، رەڭلىك چىت كۆڭلەك كىيگەنلىكىمۇ مەلۇم. ئاياللارمۇ ياز كۈنلىرى ئەرلەرگە ئوخشاش يالاڭ ئاياغ يۈرگەن. 1956 - يىلى 25 - سېنتەبىردە تاتار تىلشۇناسى تېنىشېفقا چارادىكى قۇلتۇقمەت كىيىملىرىدىن چەكمەن، كۆڭلەك، ياغلىق، لېچەك، يەكتەك، چامچا، جىلىتكە... لەر بارلىقىنى بايان قىلغان.

**لوپلۇقلارنىڭ قىسمەن كىيىم ناملىرىغا ئىزاھات:**
چاپپۇش: تۆپىسى دۈگىلەك بىر خىل قىشلىق باش كىيىم.
تورقۇچاپان: تۈگمىسىز ئۇزۇن چاپان.
چامچا: ئۇزۇن، ياقىلىق چاپان.
قاماتۇماق: قاما (海獭) تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق.
قۇۋا: باشقا تاقايدىغان قۇش پېيى.
چارادا ئولتۇرۇشلۇق 50 ياشلىق قۇلتۇقجان 1956 ـ يىلى 9ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېنىشېفقا لوپلۇقلارنىڭ ئېگىنلىرى دەپ: چەپكەن، كۆڭلەك، ياغلىق، لېچەك، يەكتەك، چامچا ۋە جىلتكە... دەپ بايان قىلغان[①].

**لوپلۇقلارنىڭ غىزاسى** پىرژىۋالسكى لوپلۇقلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان: «ئابداللىقلار موڭغۇللار، تاڭغۇتلار (زاڭزۇلار)غا ئوخشاشمايدۇ. (ئابداللىقلار) پاكىزلىقنى سۆيىدۇ، يازلىقى دائىم كۆلدە يۇيۇنسا، قىشلىقى ئۆيىدە كاسىدا يۇيۇنىدۇ. قازان ـ قومۇچ، قاچا ـ قۇچىلىرىنى پاكىز تۇتىدۇ، غىزادىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قولىنى يۇيىدۇ...»[②] ئابداللىقلارنىڭ تازىلىق ئادەتلىرى ھەممە ئۇيغۇرلارغا ئورتاق ئادەت ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم. لوپلۇقلارنىڭ غىزاسى ھەققىدە تۇرپانلىق مۇجۇپ ئاخۇن 1893 ـ يىلى مۇنداق بايان قىلغان: «بۇ لوپ خەلقى ھېمىشە يەيتۇرغان گۆش غىزاسىغا بېلىق يەيدۇ. يەيتۇرغان ئۇن تائامىغا بۇغداي ئۇننى بېلىق يېغى بىرلەن بوغۇرساق قىلىپ يەيدۇ. لوپ خەلقىنىڭ ئىچىمىتى ھەم قىمىشتىن بولادۇ. ئاستىنىغا سالغان بىساتى يېكەندىن بولادۇ. بۇ لوپ خەلقىنىڭ مۆگىسى (مېۋىسى) لوپنىڭ جاڭگىلىنىڭ جىگدىسىدۇر. ئۇ ـ جىگدە قوينىڭ قۇملىقىدەك ئوخشاش بولادۇ. بۇ لوپلۇق شۇ جىگدىنى يازلىقى بولسا، جاڭگىلغا بېرىپ ئون ـ يىگىرمە تاغار جىگدە قىلىپ ئالادۇ. بۇ جىگدىنى ئاش ئىچەر بولسا، ئاشىنىڭ ئارىسىغا بىر شىڭ ـ بىر شىڭ ئىلەشتۇرۇپ سېلىپ ئىچەدۇ.»[③]

لوپلۇقلار چېگىنىڭ يۇمران يىلتىزى (ئۇجۇر)نى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇپ يېگەن، 1870 ـ يىللاردا ئاز ساندىكى باي ئائىلىلەرلا ئۇندىن نان يېقىپ يېيەلىگەن. تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى قاراكۆل قاتارلىق جايلارنىڭ تېرىقچىلىقى 1850 ـ يىلى ئەتراپلىرىدا باشلانغان. ئېرىق چېپىپ ئوسا قىلىنىپ ئارپا، بۇغداي تېرىغان، شۇ ۋاقىتلاردا تېرىلغان يەرلەرنىڭ كۆلىمى كىچىك، يەرلەر شورلۇق بولغانلىقتىن مەھسۇلاتمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا چارۋىچىلىق ئىشلىرىمۇ ئانچە

① ئە . ر . تېنىشېف: «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»، رۇسىيە نايكا نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 123 ـ بەت.
② پىرژىۋالسكى: «لوپ كۆلگە سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 127 ـ بەت.
③ نىكولاي فېدىروۋىچ كاتانوف: «كۈنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىلـ لىق ئۇيغۇرچە 1 ـ سانى، 32 ـ بەت.

يۇكسەلمىگەن، قوي ئاساسلىق چارۋا بولۇپ، قوي تېرىسىنىڭ سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان. تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا بېقىلغان قويلار كىچىكرەك، ئەمما قۇيرۇقى چوڭ ئىدى. ئۇلار يەنە چوڭراق قويلارنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، سانى كۆپ بولمىسىمۇ ئات ۋە ئېشەك باققان، تۆگە باقمىغان (تۆگە بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا ماس كەلمىگەن).

لوپلۇقلار دائىم بېلىق يېگەنلىكى ئۈچۈن مەيلى قاراقوشۇنلۇقلار بولسۇن ياكى قاراكۆللۈكلەر بولسۇن مەھەللىسىدىن ۋە تېنىدىن بېلىق پۇرىقى چىقىپ تۇرغان، يىراقتىنلا بېلىقنىڭ پۇرىقى ئۇلارنىڭ لوپلۇقلار ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرغان. لوپلۇقلار تۇتقان بېلىقنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىدىن ئېشىنغانلىرىنى قاق سېلىپ قىشلىق ئۈچۈن تەييارلىۋالغان. بېلىقنى قاق سېلىشتا بېلىق ئۇزۇنىسىغا ئىككىگە يېرىلىدۇ، ئىچكى ئەزالىرى ئېلىۋېتىلىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. يېڭى (ئەمدىلا تۇتۇلغان) بېلىقنى پىشۇرۇپ يېسە، قۇرۇتۇلغان بېلىقنى ئاۋۋال تۇز سۈيىگە چىلاپ ئۇنىڭدىن كېيىن قاقلاپ پىشۇرۇپ يەيدۇ. بېلىقنىڭ يېغىنى سارمايغا ئوخشاش يەيدۇ. ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە ياۋا غاز، قارا ئېيىق ۋە ياۋا تۆگە گۆشىنى يېگەندە بېلىق يېغىنى تەم تېتىتقۇسى قىلغان. بۇ ئاھالىلەر مۇسۇلمان بولغانلىقتىن توڭگۇز (ياۋا چوشقا)نىڭ گۆشىنى يېمىگەن. 1880 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئابداللىقلار ئاندا ـ ساندا قوي گۆشى ۋە نان يەيتتى. 1885 ـ يىلىغا كەلگەندە ئابداللىقلاردىن كۆپلىگەن ئائىلىلەر ئۇندىن تاماق قىلىپ يەيدىغان بولغان. ئۇلار يەر ئېچىپ تېرىش بىلەن بىرگە كىچىكرەك تۈگمەنلەردە ئۇن تارتقان. قاراكۆللۈكلەر نان يېقىپ يېيىشنى سەل كېيىنرەك ئۆگەنگەن بولسا كېرەك، 1885 ـ يىلىغا كەلگەندە بىر قىسىم ئاھالىلەر يەنىلا نان ۋە قوي گۆشى يېسە قورسىقى كۆپىدىغان ئەھۋالدا ئىدى، ئەمما ئۆردەك (塘鹅) ۋە ئىلمىي نامى Botaurus stellaris بولغان قۇشنى ئىستېمال قىلغان. لوپلۇقلار يەنە سوغۇق سۇ ئىچىشنى ياخشى كۆرگەن. لوپلۇقلار باھار پەسلىدە يېكەننىڭ ئەمدى ئۈنۈپ چىققان يىلتىز (ئۇجۇر)نى مەززىلىك غىزا قىلىپ يېسە، يازلىقى ئۇجۇلنى پىشۇرۇپ يېگەنلىكىمۇ كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدىن قارا مەلھەم ياساپمۇ يېيىلىدۇ (بۇ ئاساسلىق تاماقلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ).

لوپ رايونىدا كۆرۈلىدىغان بېلىق مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان بېلىق كارپ بېلىقىغا ئوخشايدىغان، قاسىراقلىرى سېرىق كېلىدىغان، ئېغىزى يۇمىلاق، ئۇزۇن بۇرۇتى بار، ئۇزۇنلىرى 35 سانتىمېتىر كېلىدىغان بېلىق.

لوپلۇقلار سۈت، قايماق ئىستېمال قىلغان. كونا ئابدال مەھەللىسىدىكى كۈنچىققانبەگ ئائىلىسى 1889 ـ يىلى گابرېل بونۋالوتلارغا نان يوللۇق قىلغان، يەنە بىر ئائىلە قايماق چاي بىلەن ئۇلارنى مېھمان قىلغان. 1956 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى لوپنور ناھىيەسىنىڭ چارا مەھەللىسىدىكى قۇلتۇقجان «لوپتۇقتار يىدىگەن ئاش دەپ: ئۈن، چوپاچ، چالما، چۆچپەرە، مانتو، نان، كۆمەچ، لەگمەن، بۇلاماق، بالىق. يىمىش: ئوجۇل،

يىكەن» دەپ بايان قىلغان[1].

لوپلۇقلارنىڭ غىزاسى توغرىسىدا ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا مۇنداق دەپ يازغان: «مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىغا قەدەر ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىدە بېلىق ئاساسلىق ئورۇندا، ئۇجۇل، ئاشلىق (ئاساسەن بۇغداي ئۇنى)، جىگدىنىڭ قوشۇمچە ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكى، ئىستېمال ئۇسۇلىدا ئىپادىلىنىدۇ... لوپلۇقلار بېلىق ۋە گۆشنى يېگى پېتى سۇدا پىشۇرۇپ ۋە كاۋاپ قىلىپ يېيىشنى ئەلا بىلىدۇ. بېلىق ۋە گۆشنىڭ شورپىسىغا ئازراق جىگدە سېلىپ ئىچىدۇ، بەزىدە ئازراق ئۇجۇل ياكى ئۇن سېلىپ ئۇماچ قىلىپمۇ ئىچىدۇ. لوپلۇقلار بېلىق ۋە گۆشنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بېلىق كاۋىپىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ، بىر خىلى يېگى بېلىق كاۋىپى، يەنە بىر خىلى قاق بېلىق كاۋىپى دەپ ئاتىلىدۇ. لوپلۇقلار كۆپىنچە ھاللاردا بېلىقنى تىلىپ ياكى سىرتلاپ، تۇزلىماي شامالدا قۇرۇتۇپ قاق قىلىدۇ ۋە ئۇنى قومغا كۆمۈپ ساقلاپ يەيدۇ... قاق بېلىقنى سۇدا پىشۇرۇپمۇ يەيدۇ، ئەمما سۈيىنى ئىچمەيدۇ... يېكەن چېچىكىدىن ھازىرلانغان ئۇن ‹ئۇجۇل› دەپ ئاتىلىدۇ. يېكەن چېچىكى «ئۇجۇل» دەپ ئاتالغاچقا، ئۇنىڭ ئۇنىمۇ «ئۇجۇل» دەپ ئاتالغان. يېكەن ئۆسۈپ ۋايىغا يەتكەندە، بەش ـ ئالتە سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا باش ئېلىپ سېرىق چېچەكلەيدۇ. بۇ پەسىلدە كىشىلەر كېمە بىلەن دەريا ـ كۆللەرنى ئارىلاپ يۇرۇپ ئۇنى قېقىپ ئالىدۇ ۋە قۇرۇتۇپ، سوقۇپ، تاسقاپ ئۇن قىلىۋالىدۇ. بىر نەچچە تاغار ئۇجۇلدىن بىرەر ـ يېرىم خالتا ئۇن قىلغىلى بولىدۇ. ئۇجۇل تېتىملىق ۋە قۇۋۋەتلىك بولغاچقا، بىر قازان بېلىق ياكى گۆش شورپىسىغا ئىككى ـ ئۈچ چىمدىم سالسىلا كۇپايە قىلىدۇ. ئۇجۇل ئادەتتە بۇلماق ياكى قاتۇرما (ئۇجۇل ھالۋىسى) قىلىنىپ، ئەتىگەنلىكى چاي بىلەن بىرەر كېسەكتىن يېيىلىدۇ. ئۇجۇل قاتۇرمىسى بېلىق يېغىدا ئادەتتىكى ھالۋىدەك تەييارلىنىدۇ. پىشقاندا قاچىغا ئېلىپ، كېسىپ قويۇپ يېيىلىدۇ. ئۇ شۇنداق مەززىلىك، قۇۋۋەتلىك بولۇپ ئىككى كېسەك ئارتۇق يەۋالسا كەچكىچە قورساق ئاچمايدۇ. لوپلۇقلار ئەزىز مېھمانلارنى گۆش ۋە بېلىقتا كۈتۈۋېلىش بىلەن بىللە ئۇجۇل بۇلمىقى، ئۇجۇل ھالۋىسى بىلەنمۇ كۈتۈۋالىدۇ . ئۇجۇل ھۆل ۋاقتىدا شىلىمسىمان، يېپىشقاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.»[2]

لوپلۇقلارنىڭ بېلىق تالقىنى تەييارلاش ۋە ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: «قاق سېلىپ ئوبدان قۇرۇتۇلغان بېلىقنى سوقۇپ، تاسقاپ ئۇن قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. بېلىق تالقىنى قايناق سۇغا چىلىنىپ بېلىق يېغى ياكى سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ... جىگدە لوپلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بېلىق ۋە گۆش شورپىسى، ئۇماچ كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭسىز ئىچىلمەيدۇ، تالقانمۇ ئۇنىڭسىز

① ئە. ر. تېنىشېۋ: «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»، روسىيە نايكا نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى روسچە نەشرى، 123 ـ بەت.

② ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «لوپنور ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 5 ـ سانى، 45 ـ بەت.

يېيىلمەيدۇ.... ئۇجۇر (يېكەنىنىڭ يىلتىزى) يېيىشمۇ ئومۇملاشقان، ئەمما ئۇجۇرنى يېمەكلىك ئورنىدا ئەمەس، بەلكى دورا ئورنىدا يەيدۇ. چۈنكى ئۇجۇر تاماق سىڭدۈرۈش، ئىشتەي ئېچىش، مىجەزنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇجۇرنى پات ـ پات، مۇۋاپىق هالدا يەپ تۇرسا ئادەم قورۇق ئىسسىق تۇتۇپ قېلىش، قەۋزىيەت بولۇش، كەم ئىشتەيلىك، مەيدە سۇسلۇقى قاتارلىق كېسەللىكلەردىن خالىي بولىدۇ.»[①]

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان لوپلۇقلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى بايقالدى. ئەمەلىيەتتە لوپلۇقلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈلۈش ئىمكانىيىتى قالمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بېلىقنى ئاساسىي ئوزۇق قىلىدىغانلىقى، ئاددىي ـ ساددا ياشايدىغانلىقى، روھىي جەھەتتىكى يۈكلەردىن خالىي ئىكەنلىكى، ئەينى دەۋردىكى تېببىي داۋالاشتىن مەھرۇم لوپلۇقلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن بولسا كېرەك. ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىر ئۆيلۈك ئىچىدە ئۈچ ـ تۆت ئەۋلادنىڭ بىرگە ياشايدىغانلىقى كۆپ كۆرۈلىدۇ. تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف ئۆزى ئۇچۇن ئاۋاز بەرگەن يۈز ياشتىن ئاشقان ئادەمنىڭ تولىمۇ ساغلام ئىكەنلىكىنى، ئوزۇق يېتەرلىك بولسا، شۇ ھالىتى بىلەن دۇنخۇاڭغا باشلاپ بارالايدىغانلىقىنى، شۇ قېرى ھالىتىدە بېلىق تۇتۇپ ئەترەتكە تاپشۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. 1960 ـ يىللىرى 80 ـ 90، ھەتتا يۈز ياشلىق لوپلۇق موماي-لارنىڭ تاغار توقۇۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى ھېلىمۇ ئەسلەپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف سۆھبىتىمىزدە. لوپلۇقلارنىڭ غىزا ئادەتلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما ناتۇرال ئىگىلىك باسقۇچىدا ياشاۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ساپ، تەبىئىي يېمەكلىكى ۋە نورمال ئىجتىمائىي ئەمگەك، روھىي ئازادىلىك بۈگۈنكىلەر ئۈچۈن مۇھىم ساۋاق ھېسابلىنىدۇ.

**لوپلۇقلارنىڭ ئىگىلىكى** دوكتور سېۋېن ھېدىننىڭ 1900 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسلانغاندا، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنى، يەنى قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپلىرىدا ئۈچ ئاھالە نۇقتىسى بولغان: (1) قۇمچاپقان مەھەللىسىدە 57 كىشى ئولتۇراقلاشقان، بۇنىڭدىن باشقا يەتتە كىشى سىرتتا مال باققان، 35 كىشى چاقىلىقتا دېھقانچىلىق قىلغان، يەنە 23 كىشى مۇراندا دېھقانچىلىق قىلغان ياكى مال باققان. مۇشۇنداق بولغاندا قۇمچاپقاننىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 122 كىشىدىن ئىبارەت؛ (2) تۇرسۇنچاپقاندا 32 كىشى بولۇپ بۇنىڭدىن باشقا مۇراندا 28 كىشى، چاقىلىقتا 13 كىشى دېھقانچىلىق قىلغان، ئايرىم مال باقىدىغان كىشى يوق، شۇنداق بولغاندا بۇ مەھەللىدە جەمئىي 73 ئادەم بولغان؛ (3) يۇرتچاپقان، بۇ مەھەللىدە 84 كىشى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جەمئىي تۆت ئۆيلۈك، ئۇلار ئەسلىي ئابدالدا ئولتۇراقلاشقانلار بولۇپ 1896 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن، مۇشۇ يەردىكى بەزى ئاھالىلەر

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «لوپنور ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 5 ـ سانى، 46 ـ بەت.

چاقىلىقتا ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان بولغان. لوپلۇقلارنىڭ ئىگىلىكى ھەققىدە موللا مۇسا سايرامىي مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇلار (لوپلۇقلار) زىرائەت تېرىشنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ باغ ـ ئىمارەت، ھويلا ـ ئاران ۋە يېمىشلىرىمۇ يوق، بەلكى ئۇلار بۇ خىل نەرسىلەرنى ئەسلا كۆرمىگەن ياكى بىلمىگەن بولسا كېرەك. ئۇلار دەريادىن بېلىق تۇتۇپ تائام قىلىپ يەيدۇ. ھەتتا بېلىقلارنى قۇرۇتۇپ تالقان قىلىپمۇ يەيدۇ. قومۇشتىن كەپە ۋە ئۆي ياسايدۇ. ئۇلارنىڭ چارۋىسى كۆپ، بىر يەردە تۇرالمايدۇ، چارۋىلىرىنى كۆڭلى خالىغان جايلارغا ھەيدەپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇلار قانداقلا جايغا بارسا قومۇشتىن ئۆي ياساپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق چوڭ دەريادىن چوڭ قەچە ياكى سال ياساپ بىپەرۋا ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەرقانداق ئەر ۋە ئايال شىناۋەرلىك يەنى سۇ ئۈزۈش ئىلمىنى بىلىدۇ. ئەگەر چوڭ بىر ھادىسىگە ئۇچرايدىغان بولسا، ئەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن چوڭ دەريالاردىن ئۆتۈپ، چارۋىلىرىنى ھەيدەپ، بىر ئاي ياكى قىرىق كۈنلۈك يەرگە كېتىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇراقلىق جاي ۋە ماكانلىرى يوق. ھەممە زېمىنى قومۇشلۇق جاڭگال، دەشتى جەزىرە ۋە پايانسىز قۇم باياۋان بولۇپ، ئىچىدە چوڭ كۆللەر ۋە بۇلاق سۇلىرى كۆپ»[①] دېگەن بايانلىرى ئاقسۇدا ياشاۋاتقان مۇسا سايرامىينىڭ لوپلۇقلار ھەققىدە خېلى ياخشى ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. موللا مۇسا سايرامىينىڭ بايانىغا قارىغاندا، رۇسىيە ۋە باشقا غەرب ئەللىرى ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ بۇ يەرلەردە تەكشۈرۈشلەردە بولغانلىقىدىنمۇ خەۋەردار بولغان.

لوپلۇقلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرى 1800 ـ يىلىدىن كېيىن باشلانغان، ئۇلار دەسلەپتە قاراقوشۇن كۆلى بويىدا تېرىق تېرىپ ئۇن تارتىپ نان يېقىپ يېگەن، سەل كېيىن چاقىلىقتا ئولتۇراقلاشقان خوتەنلىكلەرنىڭ تەسىرىدە چاقىلىق بازىرى ئەتراپلىرىغا كېلىپ بۇغداي تېرىشقا باشلىغان. قاراكۆل توغرىسىدا يېڭىسۇدا ئوقۇتقۇچى بولغان مەرھۇم ئىبراھىم سەيدۇللا «ئۆردەكلىك، جەنۇبتا چىۋىنكۆل، قارادايى؛ شەرقتە ئۇلۇغبۇلجۇمال، يولۋاسئۆلدى دېگەن جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يۇقىرىقى جايلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ‹قاراكۆل› دەپ، بۇ يەردە ياشىغۇچىلار ‹قاراكۆللۈك› دەپ ئاتالغان. بۇ يەردىكى ئاھالىلەر بېلىق تۇتۇپ يېيىش بىلەن بىرگە يېكەننىڭ سېرىقى، يېكەننىڭ يىلتىزىنى ئوزۇقلۇق قىلغان. يېڭىسۇغا قاراقوشۇن ياكى ئەتراپلىرىدىن جاڭقۇلى دېگەن كىشى بىر تۇركۇم ئادەمنى باشلاپ كەلگەن، ئۇ شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يۇرتقا بەگ بولغان. ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن يالغۇز ئوغلى قۇربان سوپىبەگ بەگ بولغان. قۇربان سوپىبەگنىڭ يەتتە ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنى تۇرپاندىن ئۆيلىگەنلىكتىن تۇرپانلىقلار بىلەن بولغان ئالاقە كۈچەيگەن. قۇربان سوپىبەگ قازا قىلغاندىن كېيىن ئوغلى ئەمەت بەگ بولغان. ئەمەتبەگ تۇرپانغا قېيىنئاتا ـ قېيىنئانا، تۇغقانلىرىنى يوقلاشقا بېرىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ كەلگەن. يارغۇنچاقتا ئۇن تارتىپ

① موللا مۇسا سايرامىي: «تارىخى ھەممىدىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 704 ـ بەت.

نان يېقىپ يېيىشنى ئۆگەنگەن. ئۇلار تۇرپاندىن كېۋەز چىگىتى ئېلىپ كېلىپ كېۋەز تېرىپ، چىغىرىق ئارقىلىق تازىلاپ يىپ ئېگىرىپ، كىيىم توقۇپ كىيگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى چىگىدىن كىيىم كىيىش ئەمەلدىن قالغان[1]. ئومۇمەن ئالغاندا، تىكەنلىك ۋە يېڭىسۇ رايونلىرىدا تۇرپانلىقلارنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولغان، بۇ ھەقتە يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك بىر قىسىم تۇرپانلىقلار تىكەنلىك رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ مەھەللە بەرپا قىلىپ ياشىغان. ئىبراھىم سەيدۇللانىڭ ماقالىسىگە قارىغاندا، بۇ رايونغا جاڭقۇلىبەگ، قۇربان سوپىبەگ، ئەمەتبەگ، ناسىربەگ، ئىسسامىبەگ، ئۆمەربەگ قاتارلىق كىشىلەر بەگ بولغان. يۇقىرىقى مەلۇماتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، قۇربان سوپىبەگنىڭ ياشىغان دەۋرى 1800 - يىللارنىڭ بېشىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن. قۇربان سوپىبەگ 1805 - يىللىرىدىن 1820 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا بەگ بولغان بولۇشى مۇمكىن، مۇشۇ ئەھۋاللار يۈت تىرەپ تۇرالىسا، ئۇ ھالدا يېڭىسۇ ئەتراپلىرىنىڭ تۇرپانلىقلار بىلەن بولغان ئالاقىسى مۇشۇ دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇغداي ۋە كېۋەز تېرىشنى ئۆگىنىپ، تۇرمۇشىدا بۇرۇلۇش بولغان دەۋرنى مىلادىيە 1830 - يىللاردىن 1850 - يىللارغىچە بولغان ۋاقىتلار، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇنىڭغا ياندىشقان ھالدا قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ بېگى بولغان كۇنچىققانبەگ ھەققىدىكى قوشاقنى ئەسلىسەك، بۇ ئېھتىماللىقنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز. يېڭىسۇلۇقلار يەرنى مۇقىم ئېتىز قىلىپ تېرىماستىن ھەر يىلى كۈزدە يەنى 10 -، 11 - ئايلاردا تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى خالىغان جايغا باشلاپ تولۇق ياتقۇزغان، ئەتىيازدا بەگلەر كىشىلەرگە بۆلۈپ بەرگەن. كىشىلەر بۆلۈپ بېرىلگەن يەرگە كۆچۈپ بېرىپ بۇغداي، تاۋۇز، قوغۇن، كۇنجۇت، زاغۇن، زىغىر قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان. پۇقرالار بەگلەرگە ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان. يېڭىسۇلۇق ئاتاۋۇللاباي دېگەن كىشى قارادايغا بېرىپ ماكان تۇتۇپ قارادا مەھەللىسىنى بەرپا قىلغان. 1903 - يىلى چاقىلىق ناھىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئامبال يامۇلى ئادەم تەيىنلەپ يېڭىسۇ رايونىنى باشقۇرۇپ كەلگەن. قاراشەھەر مەھكىمىسى (焉耆府) قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىق ۋە كۆنچى ناھىيەلىرى قاراشەھەر مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولغان. پېشقەدەم مائارىپچى ئىبراھىم سەيدۇللا «چاقىلىق، لوپنۇر ناھىيەلىرى ئارىسىدا كۆكئالا ۋە ئويمانكۆل قاتارلىق مەھەللە ھەققىدە تالاش - تارتىش بولۇپ، ئۆلكە ۋە ۋىلايەت تەرىپىدىن تىكەنلىككە تەۋە بۇ مەھەللىلەرنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چاقىلىقنى يول قويۇشقا نەسىھەت قىلغان. نەتىجىدە 1915 - يىلى چاقىلىق، كۆنچى ناھىيەلىرى ئۆزئارا كېلىشىپ چاقىلىق، لوپنۇر پاسىلىنى توغرائېرىقنىڭ شىمالىدىكى بەش دۆۋە قىلىپ بەلگىلەنگەن»[2] دەپ يازغان. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، كورلىدىن كېلىشتە چاقىلىق تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانى يېڭىسۇ ئەتراپلىرىدا بولغان.

---

① ② ئىبراھىم سەيدۇللا: «يېڭىسۇنىڭ تارىخى ھەققىدە»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى چاقىلىق ناھىيەلىك كومىتېتى «چاقىلىق تارىخ ماتېرىياللىرى» (1-توپلام)غا كىرگۈزۈلگەن، 1989 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 144 -، 147 - بەتلەر.

يېڭىسۇدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مەرھۇم ئىمىن غازى بىلەن بولغان شەخسىي سۆھبىتىمىزدە شۇ ۋاقىتلاردىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەن: «1947 ـ يىلى مېنىڭ 13 ياش، يەنى ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىم ئىدى. بۇ ۋاقىتتا يېڭىسۇنىڭ بوجاڭى ئىبراھىم بوجاڭ (تۆت خوتۇنى بار كىشى ئىدى)، مۇئاۋىنى روزى تىلىۋالدى بولۇپ، 2 ـ 3 دورغىسى بار ئىدى. روزى بوجاڭ ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇراتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا يېڭىسۇدا بىر تۈز ـ بىر تۈز يەرگە ئوسا قىلىپ، ئەتىياز كۆنلىرى ئائىلىلەرگە كېسىپ تەقسىملەپ بېرەتتى... يۈزدەك مېلىمىز بار ئىدى، ئۇ زامانلاردا 3 ـ 4 يۈز چارۋىسى بار كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىك باي، بىر ـ ئىككى مىڭ چارۋىسى بار كىشى چوڭ باي ھېسابلىناتتى. شۇ زاماننىڭ چوڭ بايلىرىدىن ئاغاۋەرگەنباي بار ئىدى. ئۇنىدىن باشقا ئاللاقۇل باراتباي، جالالباي (ئابلا جالالنىڭ ئاتىسى)، مەخلىسى باقىباي (ساجىتبايىنىڭ بالىسى)، ھۆۋلىلا باي، رەھىمباي، مەمەتتۆمۈرباي (قارادايدا)... دېگەندەك بايلار بار ئىدى. شۇ چاغلاردا 3 ـ 4 مىڭدىن چارۋىسى بار بايلارمۇ بار ئىدى، تۇرسۇن باقى دېگەن كىشىنىڭ 250 ئېتى بار ئىدى. قارادايغا كېلىدىغان سۇنى كۆكئالادا توسۇپ مازار دېگەن جاينى ئاۋات قىلغاندىن كېيىن يېڭىسۇنىڭ يايلاقلىرى تارىيىپ چارۋا سەل ئازلىدى.» كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەينى زاماندا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق لوپلۇقلارنىڭ ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرغان، بېلىق يەنىلا مۇھىم ئوزۇقى بولغان بولسا كېرەك، چۈنكى بېلىق تۇتۇش ئىمكانىيەتلىرى تولۇق ئىدى.

لوپلۇقلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىشى بېلىقچىلىق، چۈنكى ناتۇرال ئىگىلىك باسقۇچىدىكى لوپلۇقلارنىڭ ئاساسىي ئوزۇقلۇقى بېلىق ئىدى، ئۇلار بېلىقنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش «بالىق» دەپ ئاتىغان. لوپلۇقلار چىگىدىن تەييارلانغان «گۆلمۆ» (تور)نى دەريا ـ كۆللەرگە تاشلاپ بېلىق تۇتىدۇ. لوپلۇقلار بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان قارماقلىرى چاقىلىقتا ياسالغان. لوپلۇقلارنىڭ ھايات پائالىيىتى سۇ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقتىن، قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇلاق (كېمە) تاياش (ھەيدەش)، سۇ ئۈزۈش ماھارىتىنى ناھايىتى ياخشى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ كېمە تاياش ماھارىتى شۇنداق يۇقىرىكى، تار ھەم كىچىك كېمىلەرنى ئولتۇرۇپمۇ، ئۆرە تۇرۇپمۇ تاياۋېرىدۇ. كېمە ياساش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ توغراقنىڭ ئىچى ئېلىۋېتىلسىلا كۇپايە. كىچىكرەك كېمىلەر ئادەتتە 3.6 ـ 4.2 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ئىچىنىڭ كەڭلىكى 0.45 مېتىر ئەتراپىدا (قىشلىقى كېمىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇمغا كۆمۈپ ساقلىنىدۇ). لوپلۇقلارنىڭ كېمە تايىشىغا پىرژىۋالسكى باھا بېرىپ، كېمىنى ئۆرە تۇرۇپ ئۇچقاندەك تايايدۇ، كېمىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر چۆشۈشى دېڭىز قۇشلىرى كۆل يۈزىدە ئۇچقىنىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. لوپلۇقلار بېلىق تۇتۇشتا يۇمىلاق گۆلمۆنى دەريانىڭ تار ئېقىنىغا ياكى دەريانىڭ كۆلگە قۇيۇلۇش ئېغىزىغا تاشلاپ بېلىق تۇتىدۇ، بېلىق تۇتقۇچىلار ئەتىگەندىن كەچكىچە تور تاشلاپ بېلىق تۇتىدۇ. بېلىقنى جىق تۇتۇپ قۇرۇتۇپ ساقلىۋالىدۇ، قىشلىقى بېلىق

تۇتالمىغانلىقتىن قاق سىلىنۋالغان بىلىقنى يەيدۇ، دەپ يازغان. لوپلۇقلار بىر يىلنىڭ قىش پەسلىدىن باشقا ۋاقىتلاردا بىلىق تۇتقان. لوپلۇقلاردا ئەرلەر بىلىق تۇتۇش، ئوۋچىلىق، مال بېقىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان، خوتۇنلار ئائىلە ئىشلىرى ۋە بالىلارنى بېقىش بىلەن مەشغۇل بولغان. لوپ رايونىدا سۇ كۆپ بولغانلىقتىن سۇ قۇشلىرى (پەسىل قۇشلىرى)نىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى ئەتىيازدا قۇشلارنىڭ تۇخۇمىنى يىغقاندىن سىرت يەنە ياۋا غاز قاتارلىق قۇشلارنى تۇتۇپ ئوزۇقلۇق قىلغان. لوپلۇقلاردا ئوۋ قوراللىرى ئاز بولغانلىقتىن، پەقەت غاز دائىم ئۆتىدىغان يەرگە قىسماق قۇرۇپ تۇتقان. پىرژېۋالىسكىينىڭ مەلۇماتىچە، قاراقوشۇندىكى ھەربىر ئۆيلۈك ئوتتۇرا ھېساب بىلەن باھار پەسلىدە 200 نەچچە غاز تۇتقان. گەرچە غەربىي جەنۇبتىن ئۇچۇپ كېلىپ، شىمالغا ئۆتىدىغان بۇ قۇشلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ تۈرى ئاز بولغان، جۈملىدىن 1877 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كۆزىتىلىشىچە، قۇشلارنىڭ تۈرى 27 خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە يىگىنە قۇيرۇقلۇق ئۆردەك، يېشىل باش غاز ۋە ئەنقا باشىمان غاز قاتارلىقلار كۆپرەك بولغان.

لوپلۇقلار قۇش تۇتۇشتا يۇلغۇن چىۋىقىدىن ياسالغان ئاددىي قىسماقلارنى ئىشلەتكەن. ئالدى بىلەن قۇشلار ئۆتىدىغان ئوتلاقنى تاللاپ، ياۋا غازنىڭ پوكىنىغا كەلگۈدەك قىلىپ ئىككى تال غالدىراڭ قومۇش بىلەن توسۇلۇپ ئارىدا بىرلا يول قويۇلغان، يۇلغۇن چىۋىقنى ئېگىپ ياسىغان قىسماق مۇشۇ يولغا قۇرۇلغان، غاز ئوزۇق ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەندە توسۇلۇپ قالغانلىقتىن ئوتتۇرىدا قويۇلغان يول بىلەن مېڭىپ قىسماققا دەسسىگەن ھامان چاچرىغان قىسماق قۇشنىڭ بوينى، پۇتى ياكى قانىتىنى قىسىۋالىدۇ، بەزى ھاللاردا قۇش ھەتتا قىسماقنىڭ يىپىنى ئۈزۈۋېتىپ قېچىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولغان. مۇشۇنداق قىسماق بىلەن قۇش تۇتقۇچىدىن بىرى باھار پەسلىدە 100 ـ 200 گىچە قۇش تۇتالىغان، قىسماققا يەنە تۇرنا، لايخورەك، ھاڭگىت، غار ـ غار ئۆردەك (قارنا) قاتارلىقلارمۇ چۈشكەن. يۇلغۇننىڭ چوڭراق چىۋىقى ۋە تومىراق يىپتىن ياسالغان قىسماقتا چوڭ تۈرنىمۇ تۇتقان، بەزىدە قىسماققا چۈشكەن قۇشلارنى قاغا، بۈركۈت، تومكۇزلار يەۋالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ تۇرغان.

لوپلۇق ئەرلەر سەھەردە، كەچتە كۆل بويىغا بېرىپ گۈلمۇ قاتارلىق بىلىق تۇتۇش ئەسۋابلىرىغا قاراپ تۇتۇلغان بىلىقلارنى يىغىپ كېلىدۇ، بىلىق ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقتىن قۇرۇق قول قايتىدىغان ئەھۋال ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ. قاراقوشۇنلۇقلار ۋە قاراكۆللۈكلەر سۇنئىي كۆل ھاسىل قىلىپ بىلىق تۇتقان، بۇ خىل بىلىق تۇتۇش ئۇسۇلى مۇنداق: 1876 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پىرژېۋالىسكىينىڭ كۆرگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، كۆيۈكئالا (كۆكئالا) ۋە تارىم دەريالىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كىچىك كۆلچەك ۋە سازلىقلار بولۇپ بۇلارنى لوپلۇقلار سۇنئىي شەكىللەندۈرگەن. تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا دەرەخ، قومۇش، چاتقاللار ئۆسىدۇ، باھار پەسلىدە بوران تولا چىققانلىقتىن، بوران ئېلىپ كەلگەن توپا دەرەخ ئاستىغا چۈشۈپ، دەريانىڭ ئىككى قىشى مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە

ئېگىزلەيدۇ. دەريا ئېقىنىمۇ كەلگەن لاي - لاتقىلار سەۋەبىدىن ئېگىزلەيدۇ، شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن دەريا ئەسلىدىكى يەردىن ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ. ئەگەر دەريانىڭ قىشىدىن ئازراق ئېغىز ئېچىلىدىغان بولسا، دەريا سۈيى پەس يەرگە ئېقىپ كۆل ھاسىل قىلىدۇ. كۆلنىڭ سۈيى بىلەن يېڭىدىن سۇئېقىمى ھاسىل قىلىنغان كۆلنىڭ سۇ ئېگىزلىكى تەڭلىشىپ مەلۇم كۆلەم ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن ئېغىز ئېتىلىدۇ. دەريادىكى بېلىقلارمۇ سۇ بىلەن ئۈزۈپ سۇئېقىمى ھاسىل قىلىنغان كۆلگە كىرىدۇ. كۆلدىكى سۇ تەبىئىي پارلىنىش، يەرگە سىڭىش، شامال تاشلىغان توپا سەۋەبىدىن ئازلاپ ماڭىدۇ، كۆل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا قومۇش ۋە ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسىدۇ. بۇ سۇئېقىمى كۆلدىكى بېلىقلار سەمرىگەندە، سۇ تېيىزلەشكەنلىكتىن بېلىقلار يېڭىدىن سۇ بولۇشىنى ئىستەيدۇ، مۇشۇنداق شارائىتتا ئېغىزغا گۈلمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ سۇ باشلىنىدۇ، كۆلدىكى بېلىقلار سۇنىڭ يېڭى ئېقىنىغا قاراپ ئۈزۈپ، گۈلمۆگە چۈشۈپ لوپلۇقلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىدۇ. بېلىقلار تۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سۇئېقىمى كۆل يايلاق ۋە قىشلىق پىچان يىغىدىغان جايغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. سۇئېقىمى كۆل مۇشۇ تەرزدە كۆل، يايلاق يەنە كۆل، يايلاق بولۇپ لوپلۇقلارنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كۆز، قىش پەسىللىرىدە يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئالتۇنتاغقا بېرىپ ياۋا تۆگە، قوتاز، كۆكمەك، ئارقار (قوينىڭ ياۋسى)، جەرەن، كېيىك، قۇلان (ئېشەكنىڭ ياۋسى) قاتارلىق ياۋايى جانلىقلارنى ئوۋلاپ كەلگەن. ئۇلار يەنە مەھەللىلىرىگە يېقىن يەرلەرگە تاپان تۇزاق قۇرۇپ ياۋايى جاندارلارنى تۇتقان. قاراقوشۇن مەھەللىسىدىكىلەر چارۋىلىرىنى يېمەستىن ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يېگەن. قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ چارۋىلىرى ئىچىدە كۆپ ساندا كالا، قوي ۋە ئاز ساندا ئات، ئېشەك بولغان. قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ چارۋىچىلىقى قاراكۆللۈكلەرنىڭكىگە قارىغاندا خېلىلا تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ قوي باقمىچىلىقى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان، قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ قويلىرى ئېسىل نەسىللىك ئىدى. قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ قويلىرى چوڭ، يوغان قۇيرۇق، گۆشى تاتلىق ئىدى، قاراكۆللۈكلەرنىڭ قويىنىڭ نەسلىمۇ مۇشۇنىڭغا يېقىن كېلەتتى.

قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر تېرىقچىلىقنى چاقىلىقتا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان خوتەنلىكلەردىن ئۆگەنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي تۇرمۇش ھالىتى بىلەن تەدرىجىي خوشلاشقان. ئابدال مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەر 1880 - يىلىنىڭ ئەتراپلىرىدا خېلى كۆلەمدە تېرىقچىلىق قىلغان، ئۇلارنىڭ مەھەللىسى كۆلگە يېقىن بولغانلىقتىن ئۇ ئەتراپتا تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر بولمىغاچقا، چاقىلىق بوستانلىقى ۋە جاھانساي دەرياسى بويى ئەتراپلىرىدا بوز يەر ئېچىپ بۇغداي، ئارپا، كېۋەز يەنە ئاز كۆلەمدە قوغۇن، تاۋۇز، پىياز، سەۋزە تېرىغان. پىرژېۋالىسكىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى بەك چوڭ بولمىسا كېرەك، ئۇلارنىڭ بېگى بولغان كۇنچىققان بەگنىڭ بىر گېكتار تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى. جاھانساي مۇران دەرياسىنىڭ باش قىسمى بولۇپ بۇ دەريا ئەمەلىيەتتە مۇزلۇقتىن باشلانغانلىقتىن يازلىقى سۈيى مول

بولغان، ئەمما بۇ دەريانىڭ ئېقىنى قاراقوشۇن كۆلىگە ئېقىپ بارماستىن قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ، جاھانساي دەرياسى بويىدىكى ئابداللىقلارنىڭ تېرىلغۇ يېرى مەھەللىنىڭ 15 كىلومېتىر جەنۇبىدا بولۇپ تېرىقچىلىق ئاياغلاشقاندا، ئالغان ھوسۇللىرىنى ئېلىپ مەھەللىسىگە قايتقان. خامان سوقۇلۇپ ھوسۇل تاغارغا ئۇسۇلۇش ئالدىدا خاماندا قوي ئۆلتۈرۈلۈپ نەزىر قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن مەھسۇلات تاغارغا ئۇسۇلۇپ ئۆيگە توشۇلغان. گابرېل بونۋالوت 1889 - يىلىدىكى ئابداللىقلار توغرىسىدا توختىلىپ، ئابداللىقلار ئوۋ قىلىش، بېلىق تۇتۇشتىن باشقا يەنە چارۋا باقىدۇ، چارۋىسى ئىنتايىن كۆپ. ئابداللىقلار ئۆزلىرى تېرىقچىلىق قىلماستىن چاقىلىقتا يىللىقچى ياللاپ تېرىقچىلىق قىلغان، شۇ يىلى يىغىلغان ھوسۇلنىڭ بىر قىسمى ۋە مال بىلەن يىللىقچىنىڭ ئىش ھەققىنى بەرگەن. گابرېل بونۋالوت «ئابداللىقلار ئومۇمەن ھاللىق كىشىلەر» دەپ باھا بەرگەن، بۇ باشقا لوپلۇقلارغا قارىتا سېلىشتۇرۇپ ئېيتىلغان باھا، ئەلۋەتتە.

1800 - يىلىدىن كېيىن قاراكۆل قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرمۇ بىنەم تېرىقچىلىقى قىلغان. مىسالەن: كۇنچىقىش تارىم بىلەن توقايدىن كەلگەن ئېقىنلار ئارغاندا قوشۇلىدۇ. توقايدا كۇنچىققان بەگ تۇغ سېلىپ دەريانىڭ شەرقىگە سۇ يېيىلدۇرۇپ تېرىقچىلىق قىلغان، بۇ يەردىكى بىنامنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۇنچىققاننىڭ تۇغى دېگەن نام ساقلىنىپ قالغان. شۇنى ئىزاھلاش زۆرۈركى، توقايدىكى دەرياغا تۇغ سېلىپ تېرىقچىلىق قىلدۇرغان كۇنچىققان ھەرگىزمۇ سېۋېن ھېدىن، پىرژىۋالىسكىلار كۆرۈشكەن كۇنچىققانبەگ بىلەن بىر كىشى ئەمەس. لوپلۇقلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا كەم دېگەندىمۇ ئىككى كىشى كۇنچىققانبەگ دەپ ئاتالغان.

لوپلۇقلار (قاراقوشۇنلۇقلار، قاراكۆللۈكلەر كۆزدە تۇتۇلدى) قىشلىقى شىرغا — كېمىنىڭ تەكتىگە سىرلىنىدىغان نەرسە ئورنىتىپ (كاڭكىغا ئوخشاش) ياسالغان — ئۇستىگە ئابداللىقلار يۇلغۇن بېسىپ توشۇپ ئوتۇن قىلسا، قاراقوشۇنلۇقلار قومۇشنى ئوتۇن قىلىپ قالغان.

لوپلۇقلاردىن ئەرلەر سىرتنىڭ ئىشىنى قىلسا، خوتۇنلار بالىلارنى بېقىش، غىزا تەييارلاش، توقۇمىچىلىق (چىگىدىن رەخت توقۇش)، پالاسچىلىق[①] قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان. ئەرلەر سىرتقا چىققاندا يېقىن ئەتراپتىن تەمەچ (ئوتۇن) تېرىش، گۆلمۆگە چۈشكەن بېلىقلارنى ئەكېلىش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ ئاياللار قىلغان. خوتۇنلار ئۆيدە بولۇپ جەمئىيەتتىكى ئىشلارغا ئارىلاشمىغان.

① ئەينى ۋاقىتلاردا لوپلۇقلارنىڭ پالاسچىلىقى، چىگە تاغارلىرى خېلى داڭلىق بولغان. 2012 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پىچان ناھىيەسىدىكى شائىر، يازغۇچى پەرھاد كازىم بىلەن بولغان تور سۆھبىتىمىزدىن ئىگىلىشىمچە، لوپلۇقلاردىن پىچان تەۋەسىگە چىققانلار شۇ يەردە بايلار بىلەن بىرلىشىپ كارىز قازغان، تېرىقچىلىق قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە لوپ كارىز دېيىلىدىغان كارىزمۇ بولغان. پىچان ناھىيەسىدە پۇختا توقۇلغان پالاسلارنى «لوپ پالىسى»، «لوپ رەختى» دەپ ئاتايدىغان ئەھۋاللار بولغان. چوڭ ھەم پۇختا تاغارلارنى «لوپ تاغىرى» دەپ ئاتىغان. لوپلۇقلاردىن پىچان ناھىيەسىگە چىقىپ ئولتۇراقلاشقانلار ئاساسەن لۈكچۈن ۋە دىغار يېزىلىرىغا بارغان.

1889 - يىلى لوپ رايونىدا ئېكسپېدىتسىيەدە بولغان گابرىيل بونۋالوتنىڭ مەلۇماتىچە، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان ئاقتارما مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەر تېرىقچىلىق قىلغان، ئەمما چىققان مەھسۇلات ئۆزلىرىنى قامدىيالمىغانلىقتىن كورلىغا بېرىپ قوي، ياۋايى جاندارنىڭ تېرىسى، قۇرۇتۇلغان بېلىق قاتارلىقلارغا ئاشلىق تېگىشىپ كېلىپ ئىستېمال قىلغان. بۇ يەردە بايراق ئائىلىلەر يەرگە ئارپا تېرىپ ئات ئۈچۈن بوغۇز قىلغان، بۇ يەردىكى ئاتلارنىڭ سانى ئاز، تۇرقى چوڭ بولمىسىمۇ كۈچلۈك كەلگەن. ئاقتاما مەھەللىسىدىكى بىرەيلەن ئۆزىنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشنى ئۆگىنىشنى بايان قىلىپ: «50 نەچچە يىل بۇرۇن قارابوران كۆلىنىڭ ئالدىدىكى چاقىلىق مەھەللىسىدە ئۆگەنگەن، يەنى خوتەندىن كەلگەنلەر بىزگە ئۆگەتكەن، ئۇ ۋاقىتلاردا بىزنىڭ قوي ۋە كالىمىزمۇ يوق ئىدى، نەدىمۇ ھازىرقىدەك كالا سۈتى ئىچىپ، قوي گۆشى يەيدىغان ئىش... ئۇ ۋاقىتلاردا ئاساسلىقى بېلىق يەيتتۇق، ئوۋ قىلاتتۇق، ئاجىز - ئورۇقلار بېلىق تۇتالمىسا، ئوۋ قىلالمىسا ئۈجمە يەيتتى. كۆپلىگەن كىشىلەر كۆل بويىدا ئولتۇراقلىشىپ قارماق ياكى توردا بېلىق تۇتاتتى ياكى قىسماق بىلەن غاز ياكى باشقا قۇشلارنى تۇتاتتى... قىشلىقى ھەممەيلەن تېززەك باھار كەلسە دەپ تەلپۈنەتتۇق. قومۇلۇقنىڭ ئىچىدىكىلەر تېخىچە تېرىقچىلىقنى بىلمەيدۇ، ئۇن تائامى يېيەلمەيدۇ»[1] دېگەن.

ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ يېزىشىچە، لوپلۇقلارنىڭ چارۋىچىلىقىمۇ خېلى راۋاجلانغان، 1900 - يىلى تۇياخۇن كۆل ئەتراپىدا ئۈچ ئېغىل چارۋا بارلىقى، ئۈچ مالچىنىڭ باقىدىغانلىقى، قومچاپقان ۋە تۇرسۇنچاپقاندا 2300 تۇياق قوي بارلىقى مەلۇم. مۇشۇ ۋاقىتتا مۇشۇ ئىككى مەھەللىدە 200گە يەتمەيدىغان ئاھالە بولۇپ ھەربىر جان ئادەمگە ئوندىن ئارتۇق چارۋا توغرا كەلگەن. مۇشۇ يەردىكى نىيازبەگ دېگەن كىشىنىڭ 600 چارۋىسى، ئاكىسىنىڭ 900 چارۋىسى بار بولۇپ قالغان ئائىلىلەرنىڭ 30 - 50 چارۋىسى بارلىقى يېزىلغان. پىرژېۋالىسكىنىڭ يېزىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا بىرەر قويى يىتىپ كەتسە بەك كۆڭۈلشىپ كەتمەيدىغان بۇ خەلق، بېلىق توردىن چۈشۈپ قالسا ئىنتايىن خاپا بولىدىكەن. لوپنورشۇناس مۆيدىن سايىت لوپلۇقلاردا «قاۋۇن (قوغۇن) سۇدۇك، ئاشلىق بەدگۇيا (ۋاپاسىز)، بوز تارىمنى ياقىلا، بالىق (بېلىق) چۇلۇق (كۆپ)، قورساق توق» دېگەن سۆزنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ بايانىڭ ئىدىيەسى شۇكى، قوغۇن سۇغا ئوخشاش قورساقتا تۇرمايدۇ، ئاشلىق ۋاپاسىز، بېلىق كۆپ، ھەرقاچان قورساق توق تۇرىدۇ، دېگەنلىك. مۇشۇ ئۈچۈردىن قارىغاندا، لوپلۇقلار تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە ئاشلىق (دېھقانچىلىق)تىن كۆرە يەنىلا بېلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ھاياتتا بېلىقنى ئوزۇق قىلىشقا بەكرەك ئىشەنچ بىلەن قارايدىغانلىقى بىلىنىدۇ.

قومچاپقان دەپ ئاتالغان يېڭى ئابدال مەھەللىسىدىكىلەر يوڭنى پىششىقلاپ ئىشلەتكەن، ئۇلار ئالدى بىلەن يوڭنى تەكشى يەرگە قويىدۇ، ئۇندىن كېيىن يوڭ يىپنى كالتەككە چىڭ باغلاپ ئېگىرىپ يوگەيدۇ، يوڭ يىپنى يىككا يوگەپ بولغاندىن كېيىن

---

[1] گابرىيل بونۋالوت: «جەزىرىنى باتۇرانە كېزىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 64 - بەت.

ئىككى چاقلىق يىپ ئېگىرىدىغان چاقچا سېلىنىپ بىر تەرەپتىن چۆرۈپ يىپ ئېگىرىدۇ. ئۇلار يۇڭدىن توقۇمىچىلىق قىلغاندىن سىرت يەنە تورقۇ (چىگە تالاسى)دىنمۇ توقۇمىچىلىق قىلىدۇ. قومچاپقان ئاھالىسىدە ئوتۇن كېسىدىغان پالتىسىمۇ ناھايىتى ئىپتىدائىي بولۇپ ياغاچقا باغلانغان تۆمۈر پارچىسىدىنلا ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئۇن تارتىشىمۇ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ يارغۇنچاق (ئاستى ـ ئۈستى قويۇلغان ئىككى تاشنى ياغاچ بىلەن چۆرۈيدۇ) چۆرۈش ئارقىلىق ئۇن تارتىپ يېگەن. يۇرتچاپقانلىقلارنىڭ گۈلمۈسى مۇنداق ياسالغان: بۆكەن تېرىسىنىڭ يۇڭلىرى ئاشلاش ئۇسۇلىدا چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ ھەمدە ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ، تىلىنىپ ئۇزۇن ئىنچىكە تاسمىغا ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇندىن كېيىن مۇشۇ تاسمىلاردىن گۈلمۈ توقۇلىدۇ. ئۇلار يەنە ئات قۇيرۇقىدىن قاراسىڭەك[1] (چىۋىن) ئۆلتۈرىدىغان پالاق، قومۇشتىن ياسالغان بالىلار سۈيدۈك لاتىسى قاتارلىقلارنى قومچاپقانلىقلار تەييارلىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارىدىن ساناش مۇمكىن.

1931 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى دۇرال (لوپلۇقلار «دۇياڭ» دەپ ئاتايدۇ)غا قاراپ ماڭغان سىتەيىنلەر بەش دۆۋە ۋە كۆكئالا قاتارلىق جايلاردا بۇرۇنقى تېرىم يەرلەرنى كۆرگەن، كۆكئالادا بىر تۈگمەن بارلىقىنىمۇ كۆرگەن.

لوپلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق ئېڭى كۈچلۈك بولۇپ ئۆزى ئۆلگەن بېلىقنى يېمىگەن، بېلىقنى زەھەرلەيدىغان دورا ئىشلەتمىگەن، بېلىقنىڭ كىچىكىنى تۇتمىغان. بېلىقنى تاۋار ئورنىدا سېتىش ياكى مالغا ئالماشتۇرۇش 1930 ـ يىللار ئەتراپىدا ئاندىن باشلانغان. بېلىقنىڭ يېتىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن بېلىقنى بېلىجان، تىرنا، بېلىق، پاتماچۇق، لوخۇ دەپ بەش خىلغا بۆلگەن. «پاتماچۇق» دېگەن نام ئېغىرلىقى 15 كىلوگرامدىن ئېغىر بېلىقنى كۆرسەتكەن. 25 كىلوگرامدىن ئېغىر كېلىدىغان بېلىقنى «لوخۇ» دەپ ئاتالغان. لوپلۇقلارنىڭ بېلىق تۇتۇش سايمانلىرىدىن گۈلمۈ (تور)، كېمە (ئۇلاق)، مانجار، ساچقاق، چاڭگاق، ئىلغۇ، مانتۇ قاتارلىقلار بار. مانجار: قىرچىن قىپچىلىرى (توغراق چىۋىقلىرى)دىن سۈكەن ياكى كۈلا شەكلىدە توقۇلغان، كېينچە تورقۇ يىپىدا توقۇلىدىغان بولغان. ساچقاق: ئۇزۇن ياغاچ ساپقا بېكىتىلىدىغان، ئىككى تەرىپىگە تەتۈر تىل چىقىرىلغان ئەسۋاب. ئىلغا: ئۇزۇن ياغاچ ساپقا بېكىتىلگەن قارماق شەكىللىك ئەسۋاب، ساچقاق ۋە ئىلغا دەريانىڭ تار جايلىرى ۋە مۇز ئاستىدىن بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىلگەن. مانتۇ: مەخسۇس بېلىق ئۆلتۈرىدىغان ياغاچ توقماق. چاڭگاق: مەخسۇس لوخۇ بېلىق تۇتىدىغان 3 ـ 4 تىللىق قارماق. چاڭگاقنىڭ يىپى دەريا ـ كۆل بويلىرىدىكى دەرەخكە ياكى قوزۇققا باغلىنىپ، بېلىق تۇتۇلىدۇ.

لوپلۇقلارنىڭ ئوۋچىلىق قوراللىرى: ئوقيا، سۇغان، تاپانتۇزاق، قىلتاق، قىسماق، نەيزە، قارا مىلتىقتىن ئىبارەت.

لوپلۇقلارنىڭ بېلىق تۇتۇشى ھەققىدە لوپنور چوڭ مەھەللىسىدىن مەمەت توختىنىڭ

---

[1] مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 961 ـ بەتتە «سىڭەك. شەھەرلىكلەرنىڭ تىلىدا پاشا، سەھرالىقلارنىڭ تىلىدا چىۋىن» دەپ شەرھلەنگەن.

تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوفقا ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، گۆلمۆننىڭ ياقىسىدا چىكىلەكچە يېرىدە قاما تاقايدىغان بېغى بولغان، ھەربىر بېغىغا بىردىن قاما بېكىتىلگەن، قاما دېگىنى يېكەنىنىڭ غولىدىن ئۈنۈپ چىققان قىسمى بولۇپ، يېكەن يوق يەردە قاغدان قومۇشىنىڭ پوستىنى سويۇۋېلىپ قاما ئورنىدا ئىشلەتكەن. قامانىڭ ئۇزۇنلۇقى چىكىلەكچە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مولla مۇسا سايرامىي لوپلۇقلار ھەققىدە يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «لوپ زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق بولۇپ، قىش كۈنلىرى جىق ئوتۇن دۆگىلەپ ئوت يېقىپ، قۇمنى قىزىتىپ خوتۇن ۋە باللىرى بىلەن شۇ ئىسسىق قۇمنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ياتىدۇ. ئۇلار چارۋا يۇڭلىرىنى ئېگىرىپ، شۇنىڭدىن ئىگىن، ئاياغ قىلىپ كىيىدۇ... ئۇلار ئۆز يۇرتىدىن ناھايىتى كەم چىقىدۇ. بەزىلىرى پەقەت چىقمايدۇ ۋە بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزگە كەلمەيدۇ. بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدىكى ئادەملەر بارسا، ئۇلار قورقۇپ يېقىن كەلمەيدۇ. دېمەك، باشقا ئادەملەر بىلەن ئارىلاشمايدۇ، بېرىش ـ كېلىش قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار باشقا شەھەرنىڭ ئادەملىرىگە ئارىلاشساق چېچەك چىقىپ قالىدۇ، دەپ ئېھتىيات قىلىدىكەن. ئۇلار بۇغداي تاماقلىرىنى يېمىگەنلىكى ئۈچۈن چېچەك چىقمايدۇ، دېگەن گەپلەر بار... ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەر چوڭ ياكى كىچىك ئادەمگە چېچەك چىقىدىغان بولسا، ئۇلار ئۇنىڭ بېشىغا بىلىق گۆشى ۋە بىر قاچا سۇ تاشلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى يىراق جايلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ ۋە ھەپتە ـ ئون كۈندە بىر قېتىم كېلىپ، ئۇنىڭ تىنچلىقىنى سوراپ كېتىدۇ. لېكىن چېچەك يۇقۇپ قالىدۇ، دەپ ئۇنىڭغا زادىلا يېقىنلاشمايدۇ[1].» موللا مۇسا سايرامىي زامانىدا (1900 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە) لوپ رايونىغا سودا قىلىدىغانلارمۇ بارغان. بۇ توغرىدا «ھازىر ھەرقايسى شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئاش ـ ئوزۇق، مال ـ ماتا ۋە باشقا ھەر خىل ئېگىن ـ ئاياغلارنى ئېلىپ بېرىپ، سېتىپ قايتىدىغان بولغان. بەزى لوپ ئادەملىرىمۇ چىت، چەكمە شال، خەسە، بۆز، خام، چەكمەن، سەگەز قاتارلىق نەرسىلەردىن ئېگىن، ئاياغ قىلىپ كىيىدىغان بولدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خوتۇن، بالا ۋە چارپايلىرىنى ھەيدەپ چوڭ بىر دەريادىن ئۆتۈپ، جاڭگال ـ جەزىرىلەرگە كىرىپ كەتتى ۋە ئۇلۇغ خانغا تەۋە بولمىدى، دېگەن گەپلەر بار»[2] دەپ يېزىلغان.

لوپلۇقلار لۈكچۈن ۋاڭلىرى، تۇرپان ئامبىلى (كېيىن قاراشەھەر ئامبىلى)غا ھەر خىل باج ـ سېلىقلارنى تۆلىگەن، شۇ تۆلەنگەن ئولپان ئىچىدىكى يولۋاس تېرىسى قاتارلىقلارغا ئېرىشىش جەريانى ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ساقلانغان. لوپلۇقلار ھۆكۈمرانلارغا تاپشۇرىدىغان يولۋاسنىڭ تېرىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇنداق ئۇسۇلنى قوللانغان: «... ھەر يۇرتتىن بىردىن، ئىككىدىن كالىنى ئالباڭغا ئېلىپ يەتمىش ـ سەكسەن، بىرەر يۈز كالىنى قىلىپ، يولۋارس بار جاڭگالدا يولۋارسقا سېلىپ بېرەدۇ. ئاندىن بۇ جاڭگالدا يولۋارس بولسا، بۇ كالىنى يولۋارس كېلىپ بىرنى ئېتىپ ئاتادۇ. ئاندىن بۇ يولۋارس

---

① ② موللا مۇسا سايرامىي: «تارىخى ھەمىدىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 706 ـ، 707 ـ بەتلەر.

ئېتىپ ئاتقان كالىنىڭ گۆشىنى بىر كۈن توقتاتۇپ سوتۇپ ئېنىگدىن كېيىن يەيدۇ. ئاندىن بۇ لوپلۇقنىڭ ئارىسىدا ئەللىك يېرىم يا ئاتمىش كۇچۇلا (مېۋىسى زەھەرلىك ئۆسۈملۈك)نى يۇمشاق يانچىپ ئۇششاق يىگىرمە، ئوتتۇز خالتىغا سېلىپ تەييار قىلىپ قويادۇ. بۇ يولبارس كالىنى تاشلاپ ئېتىپ كەتكەننىڭ نېرىسىگە ماراپ تۇرۇپ، بۇ كۇچۇلىنى ئاپىرىپ كالىنىڭ بەدىنىگە پىچاقنى ئاپىرىپ تېرەن - تېرەن سانجىپ، پىچاقنىڭ ئورنىغا بىر خالتا كۇچۇلىنى تىقىپ، تۆشۈكنىڭ ئاغزىنى يىڭنە بىرلەن تىكىپ ئاتۇرلەر. شۇنداق كالىنىڭ يىگىرمە - ئوتتۇز يېرىگە كۇچۇلىنى قويۇپ كەتسە، ئاندىن ئەرتىسى يولبارس كېلىپ بۇ كالىنىڭ گۆشىنى يەرلەر. مەگەر يېمىگەن يولبارس بولسا، بۇ گۆشنىڭ ھەممىسىنى يەرلەر. ئاندىن بۇ يولبارس گۆشنى يەپ بولۇپ بىر تەرىپىسىگە كېتەرلەر. ئاندىن بۇ لوپ خېلقى كېلىپ يولبارس گۆشنى يەپتۇ، يولبارس كەتكەن تەرىپىگە ئىز ئىستەپ يۈرۈرلەر. بۇ يولبارس تازا بولسا، ئالىقىنىنى ئېچىپ يەرنى دەپسەيدۇ. ناۋادا كۇچۇلا يېگەن بولسا، بەش يول، ئون يول بارغۇچە ئالىقىنى يۇمبۇلاق بولۇپ ئىز بولادۇ. بۇ يولبارسىنىڭ ئىزى مۇشتەك بولسا، بۇ يولبارسنى كۇچۇلا كۈچىگە ئالغان گاختىدۇر. ناۋادا يولبارس شۇنداق گاختىدا ئادەمگە ئۇچۇراپ قالسا، ئادەمنى يەرگە ئۇرۇپ يېپىشتۇرۇپ ئاتادۇ. بۇ لوپلۇق يولبارسىنىڭ ئىزى يۇمبۇلاق بولغاندا يېقىن بارمايدۇ. ئاندىن شۇنداق بولغاندا ئۈش كۈندىن كېيىن ئۆلەدۇ. ئاندىن بۇ لوپلۇق بېرىپ تېرىسىنى ئوبدان سويۇپ، ئىچىگە سامان تىقىپ، بۇ يولبارسىنىڭ سۆڭىكىنى بىر تۇلۇمغا، گۆشنى بىر تۇلۇمغا ئالادۇ. شۇ تەرىقىدە توققۇز يولبارس تۇتۇپ ئالادۇ. ئۇ يەنە خانغا بېرەتۇرغان توققۇز جۈپ قامىنى قىش كۈنىسى دەريانىڭ ئۈستىگە مۇز توڭلاغاندا، بۇ لوپلۇق يۇرت خەلقى ئالبان بىرلەن چىقىپ قاما ئالادۇ. بۇ قامىنى ئالۇر بولسا، بۇ مۇزلاغان دەريانىڭ مۇزىنى ئادەم بېلىدەك نەچەن يەرنى تېشىپ بۇ تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا نان، گۆش ئاپىرىپ قويادۇ. بۇ قاما دەريانىڭ ئىچىدىن چىقىپ بۇ تۆشۈككە كېلەدۇ. ئاندىن بۇ قاما تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ، مۇندا ئادەم بولماسا، گۆش، نانلارنى يەيدۇ. ئاندىن بۇ قامالار ئىككى - ئۈش كۈن نان، گۆشنى يەپ ئادا بولغاندا تۆشۈكنىڭ ئۈستۈنىگە چىقادۇ. ئاندىن بۇ قاما قۇرۇق يەرگە چىقىپ جاڭگال ئىچىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن لوپلۇق تۆمۈر تۇزاقنى ئاپىرىپ بۇ تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا ئاپىرىپ قويادۇ. ئاندىن بۇ قاما جاڭگالدىن «تۆشۈككە كىرىپ كېتىمەن» دەپ كېلىپ بۇ تۇزاققا بېشىنى تىقسا، بۇ قامىنىڭ بېشى قىسىلىپ قالۇرلەر. لوپلۇق ئىككى ئۈش كۈن كەلمىسىلا قاما تۇزاقتىن چىقالماي ئۆلۈپ قالۇرلەر. ئاندىن بۇ قامىنى تېرىسىنى تۇلۇم سويۇپ، تېرىسىگە سامان تىقىپ شۇ تەرىقىدە ئالبان بىرلەن توققۇز جۈپ قاما ئالۇرلەر. ھەر كىمنىڭ تورپاڭغا ياراغۇدەك، گاڭ[1]غا ياراغۇدەك تارتىققا لايىق بۇ ئادەملەرنىڭ بىرەر نەرسە - كېرەكلىرى بولسا، زۇلۇم بىرلەن ئېلىپ ئالۇرلەر. ئۇ يەنە قوي، كۆرپە، تۈلكى، ھەممە بىرەر نەرسە - كېرەك تارتىق جابدۇقىنى يۇرتتىن زۇلۇم بىرلەن ئالۇرلەر. تورپاندىن لوپقا كىشى كىرسە دوتەينىڭ، گاڭنىڭ، بەگلەرنىڭ بۇ كىرگەن ئادەم ھەم ئۆزىنىڭ بولۇپ بىر - ئىككى مىڭ سەرلىك

[1] لۈكچۈن ۋاڭلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سودا ئېلىپ كىرۇرلەر. ئاندىن بۇ كىرگەن ئادەم لوپنىڭ ھەممە بەگلىرىدىن يىغىپ ئېلىپ بارغان سودالىرىنى ‹خىنى سودا› دەپ بەگلىرىگە بۆلۈپ بېرۇرلەر. بەگلەر بۇ سودالارنى ئاپىرىپ ھەر قاسى ئۆز ئادىمىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرۇرلەر. ئاندىن بۇ كىرگەن ئادەم لوپتا بىر نەچچە زامان پۇلغا كۆڭلى - قارنى تويغۇچە يەپ ئاندىن ‹كېتىمەن› دېسە، يەنە بۇ لوپ بەگلىرى يۇرتتىن يىغقان خېنى تارتىقىنى ئاپكېلىپ بۇ كەلگەن تۇرپان بەگلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرۇرلەر. ئۇ يەنە بۇ ئېلىپ بارغان ‹خىنى سودا›نى ھەممە يۇرت خەلقىدىن بىر گەز مالغا بىردىن قوي زۇلۇم بىرلەن يىغىپ ئالۇرلەر. ئۇ يەنە بىر توپتىن يىڭنە يا بىرە ساندۇق ئۇيا سوغۇلۇق بېرىپ، ئېنىڭ ئورنىغا بىرەر تاغار خورجۇن، تاسما كۆرپە يىغىپ ئالۇرلەر. لوپتىن يىغقان ھەممە پۇل مالنى، يەنە ئالباڭغا ئات - ئۇلاغ ئادەم يىغىپ بۇ تۇرپان بەگلىرى بىرلە ئېلىپ تۇرپانغا ئالبان بىرلە ئاپچىقادۇ. بۇ لوپ خەلقى تۇرپاڭغا چىقاتۇرغان ئالبىنىنى ئۆلۈم ئالبىنى دەيدۇ»[①].

**توي - تۆكۈن ئىشلىرى** ئاتاقلىق ئالىم، مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئائىلە» ناملىق كىتابىدا ئائىلىگە تەبىر بېرىپ: «ئائىلە نوقۇل مەنىدىكى ئىككى جىنس قوشۇلمىسىنىڭ قانۇنىي شەكلى بولۇپ قالماي، ئۇ يەنە، ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ تەۋەللۇتگاھى؛ مېھىر - شەپقەت، ئەقىل - ئىدراك، ئەخلاق - ئادەت ، بىلىم - مەدەنىيەتنى يېتىشتۈرىدىغان تۇنجى مەكتىپى؛ قوشنىلارغا، ئىلىم ئوچاقلىرىغا، جەمئىيەتكە، كىشىلىك دۇنياسىغا يۈزلىنىدىغان بىرىنچى بوسۇغىسى؛ ئۆمۈر ئەجىرلىرىنىڭ ئەڭ مۇپەسسەل مۇزېيى؛ كۆڭۈل جاراھەتلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شىپاخانىسى؛ كىشىنى مەڭگۈلۈك دۇنياغا ئۇزىتىدىغان مۇسىبەت ئۆيى؛ ئەۋلادلار شەجەرىسىنىڭ يىلتىزى ۋە شېخى؛ مىللەتنى قويۇپ چىقىدىغان قېلىپ... ئائىلىدىن ئائىلىلەر سىستېمىسى — جەمئىيەت، ئىنسانلار تۈركۈمى — مىللەت تۈرلىنىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ»[②] دەپ يازغىنىدەك، لوپلۇقلارنىڭ ئائىلە، نىكاھ ئىشلىرى ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدىغان ئۇچۇرلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئالغاندا، نىكاھنىڭ تۈرلىرى كۆپ خىل بولغان، جۈملىدىن كوللېكتىپ نىكاھ، بىر ئايال كۆپ ئەرلىك، بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق، ۋارىس نىكاھ دېگەنگە ئوخشاش. بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق نىكاھ ۋە ئائىلە دۇنيا مىقياسىدا ئۇستۇنلۇك ئىگىلىگەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ماس كەلگەن ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئەر ۋە ئايالنىڭ جەمئىيەت ئېتىراپ قىلىدىغان شەكىلدە نىكاھلىنىشى ۋە ئائىلە قۇرۇشنى مەقسەت قىلىشى ئائىلىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دېمەككى، جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئائىلە شەكىلكى ئەنە شۇ ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنغان ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ، شۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ بىر ھۆجەيرىسى

① ن. ف. كاتانوف: «كونچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق ئۇيغۇرچە 1 - سانى، 30 -، 31 - بەتلەر.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 -، 6 - بەتلەر.

سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدۇ، ئۆزى تەۋە بولغان ئەنە شۇ ئىجتىمائىي تۈپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ھەمدە شۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. لوپلۇقلارنىڭ توي - تۆكۈن ئىشلىرى شۇلار ياشاۋاتقان جۇغراپىيەلىك شارائىت، ئىشلەپچىقىرىش، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. لوپلۇقلاردىكى توي - تۆكۈن ئىشلىرى قەدەم - باسقۇچلىرى جەھەتتىن باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ كونكرېت ھالقىلىرىدا مۇئەييەن پەرقلەرگە ئىگە. لوپلۇقلاردا لايىق تاللاش، گەپ سېلىش، چانچىق تۇگۇش، قولتۇقتۇق بولۇش، قالىن (تويلۇق) ۋە توي باسقۇچلىرى بولىدۇ. لوپلۇقلار ئارىسىدىمۇ ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلىش خاھىشلىرى بولسىمۇ نىكاھ ئىشلىرى ئاساسەن ئاتا - ئانىلار ئىلكىدە بولغان، بۇ تەرىپىنى خەلق قوشاقلىرىدىنمۇ بىلەلەيمىز. ئۇلاردىكى زور پەرق كۆپىنچە ھاللاردا پەرزەنتلەر كىچىك ۋاقتىدىلا لايىق تاللىنىدۇ. ئاتا - ئانىلار مەلۇم قىز ياكى ئوغۇل ئۆزلىرىگە يېقىپ قالسا، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە قىزنىڭ كۆڭلىكىنىڭ مەلۇم بىر يېرىنى يىرتىپ قويىدۇ. ئوغۇلنىڭ بولسا دوپپىسى، تۇمىقى ياكى چاپىنىنىڭ دۈمبىسىگە بىر تال كالتە ئاق يىپ يېپىشتۇرۇپ قويىدۇ. ئاتا - ئانا پەرزەنتىدىكى بۇ بەلگە ئالامەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن: ھە، قىزىمىز (ئوغلىمىز)غا لايىق چىقىپتۇ، دەپ ئويلىنىشقا باشلايدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى قىزىدىن سوراپ كۆرگەندىن كېيىن، لايىق كۆرسە ھېلىقى جاينى ياماپ قويىدۇ، ناۋادا لايىق كۆرمىسە ئۇنى كۆرمىگەنگە سېلىۋالىدۇ، يىگىت تەرەپمۇ جىم بولىدۇ. يەنە بەزى ئەھۋاللاردا ئوغۇل تەرەپ ھەر خىل سورۇنلاردا پۇرسەت تېپىپ «بالا قىلىۋالىمەن»، «ياخشى بالا بولدى» دېگەندەك بېشارەتلەرنى بېرىپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىپادىسىنى كۆزىتىدۇ . كۆزىتىشلەر مەلۇم ئىپادىلەرگە ئاساسەن ئوغۇل تەرەپ مۇۋاپىق ۋاقىتتا قىز تەرەپكە «گەپ سېلىپ» ئىككى - ئۈچ ئەر كىشىنى ئەۋەتىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ بىلەن توي تەييارلىقلىرى باشلىنىدۇ. لوپلۇقلار ئىچىدە قىز - يىگىتلەرنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىنى ياخشى كۆرسە، يىگىت قىزنىڭ بارمىقىغا ئۈزۈك سېلىپ قويىدۇ ياكى تۇمار ئېسىپ قويىدۇ. قىز يىگىتكە مەخسۇس ئىشلەنگەن قول ياغلىق سوۋغا قىلىدىغان ئادەتمۇ بولغان. قىز - يىگىتنىڭ مۇھەببەتلىشىشى «قۇلتۇشتۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. لايىقى بار قىز «قولۇقتۇق» دېيىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ماقۇللۇق جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن تويىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرى رەسمىي باشلىنىدۇ. ئۇندىن كېيىنكى باسقۇچ «چانچىق تۇگۇش» بولۇپ، لوپنور دىيالېكتىدا «چانچىق» ئادەمنىڭ چېكىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بەزى قاراشلاردا ئېيتىلىشىچە، «چانچىق» قىزلارنىڭ چېكە چېچى ياكى «ماڭلاي چېچى»نى، قۇلاق بىلەن پېشانە ئارىلىقىدىكى چاچنى كۆرسىتىدۇ. «چانچىق تۇگۇش» قىزلارنىڭ بالاغەتكە يەتكەندە چېكە چاچلىرىنى تاراپ، تال - تال ئۆرۈپ ئۈچىنى تۇگۇشى بولۇپ، بۇ قىزنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا ياتلىق قىلىشنىڭ بېشارىتى. دېمەك «چانچىق تۇگۇش» «بېشىنى باغلاش»، لايىقنى بېكىتىش

مەقسەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. «چانچىق تۇگۇش» تامام بولغاندىن كېيىن «قولتۇقتۇق» بولۇش باسقۇچىغا كېلىدۇ، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قۇتلۇق» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىگە ئوخشاشسىمۇ، «قۇتلۇق» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق، بەلكى «قولتۇق» سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. «قولتۇقتۇق» بولۇش بۇرۇنقىلارنىڭ «قولتۇقىدا ئىسسىنماق» ئىدىيومىنىڭ «باشقىلارنىڭ ھىمايىسىدە جان باقماق» مەنىسىگە تەققاسلاپ كۆرۈش مۇمكىن. ئەمەلىي ئىستېمالدا قىزنىڭ تويىنىڭ قۇتلۇق بولۇشىنى، قىز - يىگىتنىڭ بىر - بىرىگە يار - يۆلەكتە بولۇشى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. «قولتۇقتۇق» بولۇش رەسمىي قۇدا بولۇشنى بېكىتىش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. چانچىق تۇگۇش، قولتۇقتۇق بولۇشقا ئېلىپ بېرىلىدىغان داستىخان بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، بۇرۇنقى چاغلاردا پىشۇرۇلغان توققۇز ياكى يەتتە بېلىق بېشى، بىر كىيىملىك تورقۇ چەكمەن، ئازراق تۇز قوشۇپ ئاپىرىش ئادىتى بولغان. يۇقىرىقى باسقۇچلاردىن كېيىن چوڭلار ئۆزئارا تويلۇق مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. كۇنىمىزدىكى تويلۇق ئاتالغۇسى لوپلۇقلاردا «قالىن» دېيىلگەن. تويلۇق ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان نەرسىلەر بېلىق، ئۆجۈل، تورقۇ چەكمەن، تورقۇ، جىگدە، كېمە، گۆلمۆ ۋە جەرەن، تۈلكە، مولۇن تېرىلىرىدىن ئىبارەت. قول ئىلكىدە بارلار قالىن ئۈچۈن توققۇز ياكى يەتتە ئون بېلىق (20 بېلىق بىر ئون بېلىق ھېسابلىنىدۇ)، توققۇز ياكى يەتتە جەرەن ياكى تۈلكە ياكى مولۇن تېرىسى، بىر جۈپ كېمە، بىر جۈپ گۆلمۆ، توققۇز ياكى يەتتە كىيىملىك تورقۇ چەكمەن، 2 ـ 3 خالتا ئۆجۈل، 4 ـ 5 تاغار جىگدە، ئىككى ئارتىق تورقۇ ئېلىپ بارىدۇ. قولى قىسقا ئائىلىلەر بولسا ئىككى ئون بېلىق، بىر گۆلمۆ، يېرىم خالتا ئۆجۈل، بىر خالتا جىگدە، بىر ـ ئىككى كىيىملىك تورقۇ چەكمەن ئېلىپ بارىدۇ.

لوپلۇقلاردا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇلغان، پۇلى بارلار جۈملىدىن باقالايدىغانلار بىرقانچىدىن خوتۇن ئالغان. يىگىسۇلۇق پېشقەدەم زىيالىي ئىمىن غازىنىڭ ئەسلىشىچە، يىگىسۇلۇق ئۇرايىم (ئىبراھىم) باۋاجاڭنىڭ تۆت خوتۇنى بولغان. مەيلى قانداق بولمىسۇن لوپلۇقلارنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل بولغانلىقتىن، ئاساسەن بىر خوتۇنلۇق بولۇش كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئىدى. تۇغۇت ۋە باشقا كېسەللىكلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغىنى كۆپرەك كۆرۈلگەنلىكتىن، بىر نەچچە قېتىم نىكاھلىق بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ خېلى كۆپ كۆرۈلگەن. ئەرلەر ئائىلىدە مۇتلەق ئۈستۈن ھوقۇقتا ئىگە بولغان، خوتۇننى خالىغان ۋاقىتتا قويۇپ بېرىپ، باشقىدىن خوتۇن ئالىدىغان ئىشلار كۆپرەك يۈز بەرگەن. نىكاھ ئىشلىرى نەچچە كۈندىلا كېلىشىپ توي قىلىنىدىغان ئىشلارمۇ بولغان. خوتۇنلارنىڭ زىنا قىلغانلىقى سېزىلسە ئىنتايىن قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى رۇسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى پىرژىۋالسكى خاتىرىلىگەن. ئادەتتە ئوغۇللار 16 ياشقا، قىزلار 15 ياشقا كىرسە تويى قىلىنغان، لېكىن ئۇنىڭدىن بۇرۇن توي قىلغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىگەن. تويدىن بۇرۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى شەرت. يىگىت تويدىن بەش يىل بۇرۇن (ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا) ئالماقچى بولغان قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قىزنىڭ ئاتىسى بىلەن بىرگە ئىش قىلىدۇ. بۇ جەرياندا

ئوغۇل ئۆزى ئىشلىتىدىغان كېمە، گۆلمۆ، غاز تۇتىدىغان تۇزاق، قۇرۇتۇلغان بېلىق، بېلىق يېغى، چىگە يىپ قاتارلىق نەرسىلەرنى قالىن مال (تويلۇق) سۈپىتىدە ئېلىپ بارىدۇ. ئابداللىق[1] لار يەنە قوي، كالا، ئات سوۋغا قىلىپ ئېلىپ بارىدۇ. تويغا مېھمان چاقىرسا، ئاھالىلەر تارقاق ئولتۇرغانلىقتىن ئېگىز دۆڭگە چىقىپ ۋارقىراپ تۇرۇپ تويغا تەكلىپ قىلىدۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئىككىنچى بىر كىشى يەنە بىر دۆڭدىن باشقىلار (ئاڭلىغۇدەك ئارىلىقتىن) جاكارلاپ تويغا چاقىرىدۇ. مۇشۇنداق ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈشلەر نەتىجىسىدە كۆپ كىشىلەر خەۋەردار بولىدۇ ھەمدە ئىمكان بار تويغا يىراق - يىراقتىن كېلىپ قاتنىشىدۇ. توي ھارپىسىدا يىگىت تۇلكە تېرىسىدىن ئىككىنى، بىر نەچچە نان، ياكى بىر ئاز ئۇن، يەرلىكلەر «قاسى» دەيدىغان قۇشنىڭ پېيى قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ. توي قىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، قىز ۋە يىگىت مېھمانخانا ئۆينىڭ تام تۈۋىدە ئولتۇرىدۇ، ئەر مېھمانلار يىگىتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، خوتۇن - قىزلار قىزنىڭ سول يېقىدا ئولتۇرىدۇ. قىزنىڭ ئاتىسى بېلىق ۋە ياۋا غاز گۆشى، قول ئىلكىدە بولسا قوي گۆشى ۋە نان بىلەن مېھمانلارنى كۈتىدۇ. غىزادىن كېيىن قىزنىڭ ئاتىسى ئىككى ياغلىق بىلەن تويى بولغان يىگىت ۋە قىزنىڭ بېشىنى ياپىدۇ، ئۇندىن كېيىن ئاخۇن خەتمىقۇرئان قىلىپ نىكاھ ئوقۇپ ئۇلارغا بەخت تىلەيدۇ. نىكاھ ئوقۇلغاندا يىگىت - قىز ۋە بارلىق مېھمانلار ئۆرە تۇرىدۇ، نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن توي ئاخىرلاشقان بولىدۇ. توي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كىشىلەر تويى بولغان بىر جۈپ ياشنى تارىم دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىغا ئاپىرىپ ئىككى يەڭگە بىلەن بىرگە قالدۇرۇپ قايتىدۇ، تويغا كەلگەن مېھمانلارمۇ ئۆيلىرىگە قايتىدۇ. توي كۈنىدىن بۇرۇن تارىم دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىغا چىگىدىن ساتما ياساپ تەييارلانغان بولىدۇ، توي قىلغان بىر جۈپ شۇ يەردە توي كېچىسىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئەتىسى سەھەردە يەڭگىلىرى تارىمنىڭ قارشى قىرغىقىغا، توي قىلغانلارنىڭ يۇيۇنۇشى ئۈچۈن سۇ ئېلىپ بارىدۇ. توي قىلغانلار قايتىپ كېلىپ تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىغا رەھمەت ئېيتىدۇ. بۇ چاغدا يىگىت ۋە قىزنىڭ ئائىلىسى تەرەپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا يېڭى تويى بولغان بۇ بىر جۈپكە بېلىق، چىگە، رەخت، ياغاچ بويۇم قاتارلىق سوۋغىلارنى بېرىدۇ، سوۋغا بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن تويى بولغانلار ئۆيىگە قايتىدۇ. توي قىلغان قىز ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن خوتۇنى ئېرىگە لوپ چىگىسىدىن تىكىلگەن 12 كۆڭلەك، 12 تامبال بېرىدۇ. قېيىنئاتا كۈيئوغۇلغا كىچىك كېمە (ئۇلاق)، گۆلمۆ، ئائىلە سايمانلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىدۇ. ئابداللىقلار مال - چارۋىمۇ سوۋغا قىلىدۇ. توي بولغان كۈنى مەھەللىدىكىلەر بايرام بولغانغا ئوخشاش كېمە تاياش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدۇ. ئابدال مەھەللىسىدىكىلەر يەنە ئات بەيگىسى، ئېشەك بەيگىسىمۇ ئۆتكۈزگەن، تويى بولغانلارمۇ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىدۇ. نىكولاي فېدروۋىچ كاتانوف لوپلۇقلارنىڭ توي ئادەتلىرى ھەققىدە ئىگىلىگەنلىرىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «ئىككى كىشى توي قىلۇر بولسا، ئوغلى بار

[1] چاقىلىق ناھىيە مۇران بوستانلىقىنىڭ 20 نەچچە كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا، قاراقوشۇن كۆلىنىڭ غەر-بىي قاسىنقىغا، دەريانىڭ كۆلگە قۇيۇلۇش ئېغىزىغا جايلاشقان بۇرۇنقى مەھەللىلەردىن بىرى.

كىشى بۇ قىزى بار كىشى بىرلەن توي ماقۇللاشسا، قىز يەتتى ياشقا كىرگەندە ئوغلى بار كىشى بۇ قىزى بار كىشى بىرلەن توي سېلىشتۇرلەر. تويغا زەردەرلەر بەش يۈز ئۇلاق، مىڭ ئۇلاق ئوتۇن سالۇرلەر. ئۇ يەنە زەدەر بولسا، توققۇز يۈز قوي، نامرات بولسا بىرەر ـ ئىككى يۈز قوي سالۇلەر. توققۇز ـ توققۇز قوي ـ كالا سالۇرلەر. بۇ قىز قىز بولۇپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارغۇنچە يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىمكىنى بېرىپ تۇرۇرلەر. ئوتۇننى، قويىنى، ماللىرىنى توي بولغۇچە هەر يىلدا كۈچى يەتكىنىچە بېرىپ تۇرۇرلەر. بۇ قىز چوڭ بولغاندا توي قىلۇر بولسا، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزغا ئاتىسىنىڭ دۇنياسىنى بۆلۈپ بېرۇرلەر. توي بولماستىن ئەگەل قىزنىڭ ئاتىسىدىن تەگكەن پۇل ـ مالىنى يىگىتنىكىدە ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن تويىنى قىلۇرلەر. توي قىلۇر بولسا، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىرە يۈز قوي، ئون ـ ئون بەش كالا ئۆلتۇرۇرلەر. هەممە لوپ خەلقىنى چىرلاپ كېلىپ ئۇشكۇن ئاش بېرۇرلەر. ئاندىن قىزنى كۆچەر گاختا يۇرت خەلقى كېلىپ قىزنى كۆچۈرۈپ چىقسا، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى هەممە ئۇرۇق قاياشى بىر تۇتامدىن يۇڭ ئاپچىقىپ قىزنىڭ بېشىدىن ‹بالا ـ قازاڭ چىق، چىق› دەپ بۇ يۇڭنى قىزنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ـ ئۇرۇپ قويارلەر. ئاندىن قىزى ئاتقا مىنگەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئانىسى قىزنىڭ كەينىدىن يۇگۇرۇپ بېرىپ ئېتىنىڭ ياندۇرغۇسىنى تۇتۇپ ‹جانىمنى بەردىم! جانىم ئىچىگە ئابام بالام، ئىنەم بالام، سېنى خۇدا پاتشاغا تاپشۇردۇم› دەپ ئۇزاتىپ قويۇرلەر. ئاندىن يىگىتنىكىدە بارغاندا يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزنىڭ ئايلىغا بېرىپ بىر مۇنچا يۇڭلار ئېلىپ بېرىپ ‹چىق، چىق بالا ـ قازاڭ! كەل، كەل، خۇدا كېلىن، كەل› دەپ قىزنىڭ قېيىنئاتىسى كېلىنىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇرلەر. ئاندىن يىگىتنىڭ ئاتىسى ئۆلتۇرگەن قوي ـ كالىلىرىنىڭ گۆشىنى لوپ خەلقىگە تارتىق بېرىپ، يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن تېگەتۇرغان تەئەللۇقاتىنى هەممىسىنى بۆلۈپ قولىغا بېرۇرلەر. ئاندىن بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ تەئەللۇقاتىنى ئېلىپ بۆلەك چىقىپ ئۆز ئوقاتىنى قىلۇرلەر.»[1] ئەلۋەتتە، لوپ رايونى ناهايىتى كەڭرى، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن توي ئادەتلىرى ۋە قالىن مال ئىقتىسادىي هالىغا بېقىپ بولغان، يۇقىرىقىلاردىن پەرق قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

يۇچۇن[2] مەھەللىسىدىكى لوپلۇقلارنىڭ گابرېل بونۋالوتقا ئېيتىشىچە، يىگىتنىڭ ئاتىسى قىزنىڭ ئاتىسىغا چىگە چورۇقتىن ئون جۈپ، قاق بېلىقتىن ئون باغلام، بېلىق يېغىدىن بىر قاپاق، تۆمۈر قازاندىن بىرنى، 20 ـ 30 نان، 50 ـ 100گىچە غاز (بوغۇزلانغان)، چاقماقتىن بىر، كېمىدىن بىر دانە تەقدىم قىلىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە قالىن — تويلۇقتۇر. يىگىت پۇللۇق ئائىلىدىن بولسا يەنە يېڭىدىن تۇتۇلغان بېلىق ۋە بوغۇزلانغان غازدىن كۆپرەك ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قالىن ماللاردىن يىگىلى بولىدىغانلىرى توي كۈنى يېيىلىدۇ.

---

① نىكولاي فېدىروۋىچ كاتانوف: «كۇنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 1 ـ سانى، 33 ـ، 34 ـ بەتلەر.

② چاقىلىق ناهىيەسى تەۋەسىدىكى بۇرۇنقى مەھەللىلەردىن بىرى، تارىم دەرياسى بويىدا.

شۇ ۋاقىتلاردىكى نىكاھ ئادەتلىرىدىن قارىغاندا، قىز ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن ئەرنىڭ ئادىمىگە ئايلىنىدۇ، نىكاھقا سەمىمىي، سادىق بولۇشى تەكىتلىنىدۇ، نىكاھ ئۇلۇغلىنىدۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلمەيدۇ، ئەمما ھەمىشە ئۆز ئۆيىدە بولۇشنى ئىستەيدۇ. قىزى بىرەر سەۋەب بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەلسە، ئۆز ئۆيىگە قايتىشى نەسىھەت قىلىنىدۇ ياكى قايتۇرۇپ ئاپىرىپ قويىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مەشرەپ بولمىغانلىقتىن كۆپىنچە قوشاق ئېيتىشىشلار، قوشاق توقۇش بەسلەشمىلىرى بولغان.

توي مۇراسىمىدا ئېيتىلغان بېيىت ـ قوشاقلاردىن خاتىرىلەنگەنلىرى ناھايىتى ئاز. رۇسىيەلىك س . ي. مالوف «لوپنور دىيالېكتى» ناملىق كىتابىدا 1914 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ مۇران[1] مەھەللىسىدە خاتىرىلىگەن ئىككى پارچە بېيىتنىڭ تېكىستى مۇنداق:

قىز ئىگىسىنىڭ بېيىتى:

ساقتادىم قىزىل گۈللۈ،
ئاسىيادىم قىزىل گۈللۈ.
بەيىنى بېيىمېگۈچە،
بېيمېيمېن قىزىل گۈللۈ.

ئوغۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ بېيىتى:

ئات ئېنى قۇت ئېنى،
تۇتۇڭلا تابۇتتۇ.
ئاچىڭلا قابۇققۇ،
بېيىسما ئالۇيمېن،
بېيمېسما
ئالۇيېمېن.

بېيىت ـ قوشاق ئېيتىش ئادەتلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تويلىرىدىكى ئومۇمىي ئادەت ھېسابلىنىدۇ، شۇ ۋاقىتلاردا ئىككى تەرەپنىڭ قوشاقچىلىرى چىقىپ قوشاقلار ئېيتىشىپ، تويچىلارنىڭ ھۇررالىرى بىلەن توي قىزىغان. تاكى يېقىنغىچە داۋام قىلغان «كۆمەچ تالىشىش» ئادەتلىرى، يىگىتلەر بىلەن قىز تەرەپتىن كۆمەچ يۆگەپ چىققان قوشاقچى ئايال ئوتتۇرىسىدىكى قوشاق ـ بېيىتلەردىن لوپلۇقلارنىڭكىدىن خاتىرىلەنگەنلىرى ناھايىتى ئاز. مەيلى قانداق قوشاقلار ئېيتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، توي ئەھلىنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تويىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن.

لوپلۇقلار يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك نەچچە يۈز يىل ئومۇمىي ئۇيغۇر تويىدىن ئايرىلىپ ياشىغان بولسىمۇ، ئۇلار توي باسقۇچلارنى قانداق ئاتىشىدىن قەتئىينەزەر تويىنىڭ باسقۇچ تەرتىپلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولغان، ئەمما ياشىغان شارائىتى ۋە

[1] چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 70 كىلومېتىر شەرقىدە، ھازىرقى 36 ـ تۇەن تۇرۇشلۇق جاي.

ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىغا قاراپ بەزى پەرقلەر بولغان.

**ئۆلۈم يوسۇنلىرى** لوپلۇقلارنىڭ هاياتىغا ئەڭ زور خەۋپ كەلتۈرگىنى كېسەللىك، يەنى «چېچەك» بولۇپ لوپلۇقلار «قارا چېچەك» دەيدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، لوپلۇقلار چېچەكنى داۋالاشقا قادىر بولالمىغانلىقتىن، بىرەر كىشىگە چېچەك چىقسا، بىمارنى ئۆيىدە يەيدىغان ئوزۇقلۇق ۋە سۇ بىلەن قالدۇرۇپ، مەھەللە بويىچە كۆچۈپ كەتكەن. ئەگەر بىمار ساقايسا ئاندىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قايتىدىن جەم بولالىغان، لېكىن ساقىيىش نىسبىتى ناهايىتى تۆۋەن بولغان، يەنى بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلاردىن ناهايىتى ئاز كىشىلەرنىڭ بەخت - تەلىيى ئوڭ كېلىپ ساقايغان. ئەگەر كىشى چېچەك بىلەن ئۆلسە، ھەتتا ئۇنى يەرلىكىدە قويىدىغان ئادەممۇ چىقمىغان.

لوپلۇقلار قەبرە بېشىغا بىر تال خادا (شەددە) تىكلەيدۇ، خادىغا ھەر خىل رەڭلىك لاتىلارنى ئېسىش بىلەن بىرگە بۇغا مۈڭگۈزى ياكى قوتاز قۇيرۇقى ئاسقان. لوپلۇقلارنىڭ ئۆلۈم يوسۇنلىرى ھەققىدە تۇرپاندىكى خەۋەردار كىشىلەر يۈز نەچچە يىل بۇرۇن مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «لوپ خەلقىنىڭ ئۆلۈك ئۆلسە، بۇ ئۆلۈكنى ئۇش كۈن ئۆيدە ساقلۇرلەر. ئۇش كۈنگىچىلىك بۇ ئۆلۈكنىڭ پۇل - مالى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ بالىچاقىسى بولسا، ئۆلۈكنى كۆممەي تۇرۇپ بۆلۈشۈپ ئالۇرلەر. ئاندىن ئۆلۈكنى كۆمەر بولسا، ئۆلۈكنىڭ ناماز ھەققىسىگە تاپقان دۇنياسىنىڭ ئوندىن بىرىنى ھېسابلاپ ناماز قىلغان ئاخۇنغا قويۇرلەر. ئاندىن بۇ ئۆلۈكنى يەرلىكىگە ئاپىرىپ گۆرنىڭ ئىچىگە كىگىز سېلىپ، ئاندىن ئۆلۈكنى ياتقۇزۇپ قويارلەر. ئاندىن بۇ ئۆلۈكنى كۆمۈپ قويۇپ كېلىپ ئۆلۈك ئۆلگەن قېمىش ئۆيگە ئوت قويۇب ئاتۇرلەر. بۇ ئۆلۈك ئۆلگەن مەھەللىدىن بۇ ئادەملەر قېچىپ كېتەرلەر. گۆرنىڭ ئۈستىندە قازاق سالغىندەك تاش سالادۇ.»[1] تۇرپانلىقلار ئارىسىغا تارالغان بۇ خەۋەر سەل كۆپتۈرۈۋېتىلگەن بولسا كېرەك، بۇلاردىن ئۆلگۈچىنى يەرلىكىدە قويماي تۇرۇپ مىراس بۆلۈشۈش دېگەندەك مەسىلىلەر ئەمەلىيەتتە تولىمۇ پاكىزلىقنى، ياخشىلىقنى ئىستەيدىغان ساددا، سەمىمىي لوپ خەلقىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. كاتانوفقا ئېيتىپ بېرىلگەن بۇ ئۇچۇرلاردا خېلى ئېغىر مەسىلىلەر ساقلانغان. مەھەللىدىن كۆچۈپ كېتىش، كېسەل ئادەم تۇرغان كەپىگە ئوت قويۇۋېتىش ئەمەلىيەتتە چېچەك ۋە ۋاباغا ئوخشاش يامان كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر كۆرۈلگەندە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردۇر. باشقىرت ئالىمى كاتانوف ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلىگەن. ئەمەلىيەتتە، يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان ۋاقىتلاردا ئاھالىلەرنىڭ مەھەللىلىرىنى تاشلاپ كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن، داۋالاشقا قۇربى يەتمىگەن كېسەلدىن يىراق تۇرۇش

① نىكولاي فېدىرووۋىچ كاتانوف: «كونچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق ئۇيغۇرچە 1 - سانى، 32 - بەت.

مەنتىققە ئۇيغۇن. ئۇلار داۋالاشقا قۇربى يەتمىگەن، ئەمما كىچىك كۆلەمدىكى كېسەل يۈز بەرگەندە يىراقلاپ كەتمىگەن بولۇشى، كېسەل قازا قىلغاندا كەپە، ساتمىسىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشى غەلىتىلىك ئەمەس، بۇ خىل ئۇسۇل ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلغان 21 - ئەسىردىمۇ قوللىنىلماقتا.

لوپلۇقلارنىڭ ئۆلۈم يوسۇنلىرى بىرقانچە خىل بولغان بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىدە ئىسلام دىنىغا يات بولغان ئەھۋاللارمۇ ساقلانغان. مىسال قىلساق، مېيىتنى ئۇلاققا سېلىپ يەرلىككە قويۇش، ئۆلگۈچىنىڭ هايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان سايمانلىرىنى قەبرە يېنىغا تاشلاپ قويۇشقا ئوخشاش. مېيىتنى ئۇلاققا سېلىپ دەپنە قىلىش قارىماققا مۇسۇلمانچىلىق ئادەتلىرىگە ياتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ياشاۋاتقان جۇغراپىيەلىك شارائىت ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ تارىم ۋادىسىدىكى قۇملۇق ئەتراپلىرىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىسى بولسا كېرەك، چۈنكى چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى، بۇندىن 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ قۇم دەريا قەبرىستانلىقى ۋە كېرىيە ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان قەبرىلەردىمۇ مۇشۇ خىل دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بايقالدى. لوپلۇقلار ياشىغان جايلار قۇملۇق بولۇش بىلەن بىرگە دەريا، كۆللەرگە يېقىن جايلار بولغانلىقتىن، قاتتىق هەم سىغىز يەر تېپىش مۇشكۇل بولغان، شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئېگىزرەك دۆڭلەرنى تېپىپ ئەنە شۇنداق دەپنە قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ خىل ئادەت كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريابويى يېزىسىدا هازىرمۇ داۋام قىلماقتا. قاراقوشۇن كۆلى بويىدىكىلەر ئۆلگۈچىنى ئاۋۋال يۇيۇپ - تاراپ كېپەنلەيدۇ، كېپەن ئاق رەختتىن بەش پارچە قىلىپ تىكىلىدۇ، بىرىنچى پارچىسىدا كۆكرەكنىڭ ئۈستى قىسمى يۆگىلىدۇ، ئۇندىن كېيىن بىر پارچىسى ئالدىنقى پارچىسىدىن چوڭ بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرقىسى تاپانغىچە يۆگىلىدۇ. قاراقوشۇن مەھەللىسىدىكىلەر كېپەنلىك رەخت سېتىۋالالمىغانلار لوپ چىگىسىدىن توقۇلغان رەختنى كېپەنلىك قىلغان. ئەر مېيىتنىڭ باش قىسمى ئاق رەخت بىلەن ئورۇلىدۇ، ئايال مېيىتنىڭ بېشىغا ياغلىقى يېپىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئۆلگۈچى زەمبىلگە سېلىنىپ ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئاخۇنۇم نامىزىنى چۈشۈرىدۇ. زەمبىلنىڭ ئالدى ئۇچىدا بىر خادىسىمان ياغاچ بولۇپ، ئۆلگۈچى ئەر كىشى بولسا ئۇنىڭغا ھىندى ياكى ئەرەبلەرنىڭ ياغلىقىغا ئوخشاش ياغلىق باغلىنىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى ئايال بولسا تۆت چاسا ياغلىق باغلىنىدۇ. ئۆلگۈچى شۇ كۈنى ياكى ئەتىسى يەرلىككە قويۇلىدۇ. لەھەت كولاشتا ئاۋۋال ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدىغان تاش يەرلىك كولىنىپ غەرب تەرىپىدىن مېيىت قويغىلى بولغۇدەك ئىچ يەرلىك كولىنىدۇ، ئىچ يەرلىككە قومۇش سېلىنىپ ئۈستىگە مېيىت قويۇلىدۇ. مېيىتنىڭ بېشى جەنۇبقا، يۈزى قىبلىگە قارىتىلىدۇ. مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن،

ئىچ يەرلىك توپا بىلەن تىندۇرۇلىدۇ. ئېيتىلىشىچە بۇرۇن توپا بىلەن تىندۇرۇلماستىن، قومۇش تىقىپ قويۇلۇپ، يەنە ئۈستى قومۇش بىلەن يېپىپ قويۇلغان. بەزى قۇملۇق جايلاردا كېسەك بىلەن كىچىك ئۆيگە ئوخشاش گۆر سېلىنىپ ئىچىگە دەپنە قىلىنغان، بۇ خىل ئەھۋالنى مەن يېڭىسۇ[①] باشمەھەللە ۋە قارادايى[②] مەھەللىلىرىدە كۆردۈم. قاراقوشۇن مەھەللىسىدىكىلەر ئۆلگۈچىنى كېمە ئىچىگە سېلىپ، يەنە بىر كېمە بىلەن ئۈستىدىن يېپىپ، قومۇشلۇققا ئاپىرىپ تىكلەپ، گۈلمۇ بىلەن ئوراپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان[③]. مۆيدىن سايىتنىڭ يېزىشىچە، ياشتا چوڭراق كىشىلەر يەنە ھايات ۋاقتىدا ئىچى كاۋاك، يوغانراق توغراقنى تېپىپ بەلگە سېلىپ قويىدۇ ھەمدە ئائىلىسىدىكىلەرگە كۆرسىتىپ قويىدۇ، بەلگە سېلىنغانلىقىنى كۆرگەن باشقىلار بۇ توغراققا زادىلا چېقىلمايدۇ. ئۇ كىشى قازا قىلغاندا، «ئۇنى ئاشۇ توغراقنىڭ ئىچىگە ئۆرۈسىگە قويۇپ دەپنە قىلاتتى.»[④] يەنە بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قاقشاللىق ئەتراپلىرىدا ياشىغۇچىلار ئادەمنى ئۇلاق ئىچىگە سېلىپ توغراق ئۈستىگە قويۇپمۇ دەپنە قىلغان[⑤]. مېيىت يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن ئۈچ، يەتتە، قىرىق كۈن بولغاندا نەزىر ئۆتكۈزگەن، يىل توشقاندا «يىل نەزىرىسى» بېرىلگەن. كۆپىنچە ھاللاردا ئۆلگۈچى ئۆلگەن كۈنى نامىزى چۈشۈرۈلۈپ يەرلىككە قويۇلغان، ئۇندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ ئاغىنىلىرى ۋە نامازغا كەلگۈچىلەرگە تاماق تارتىپ كۈتۈلگەن. قەبرىنىڭ بېشىغا خادا تىكلىنىپ، خادىغا قوتاز قۇيرۇقى ۋە رەڭلىك پۇرۇچلار ئېسىلغان. لوپنور ناھىيە مىرسالى مەھەللىسىدىن زوراخان سالى لوپلۇقلارنىڭ ئۆلۈم ئىشلىرى توغرىسىدا مۆھتەرەم تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوفقا 1960 ـ يىلى مۇنداق دەپ بايان قىلغان: «ئادەم سەكراتتا ياتقاندا ئاغزىغا ئىمان سالىپ بېرەدۇ. جان ئۈزگەندىن كېيىن ئىڭەگىنى تاڭادۇ. دۆڭدۈن ئاق قۇم ئالىپ كېلىپ ئاق قۇمغا سۇندۇرادۇ. مېيىتتى ئۈسسۈگە ئاق شاڭ ياپادۇ. سوغا سالىپ تۆت ئادەم يۇۋۇيدۇ. ئۆلۈككۇ يوغاندا بىر كىشىگە ئىككى قانچۇق، ئاغزىغا، مۇرنۇغا ئايۇپباش ياغلىق تاڭادۇ. ئۆلگۈن كىشىنى كىيىمىنى يوغان تۆت ئادەمگە ئۈلەشتۇرۇپ بېرەدۇ. يوغاندا تۈڭلۈكتە قۇرئان ئوقۇپ تۇرغان ئادەمى ‹تاۋۇتقا چىققان› دەيدۇيز. ئاندەكىن كېپەنلىككە ئالادۇ. مېيىتتى داختىغا ياتقۇزۇپ

---

① چاقىلىق ناھىيەسىگە تەۋە، لوپنور بىلەن پاسىللىنىدىغان يەرگە يېقىن مۇشۇ نامدا ئۈچ مەھەللە بار، بۇ يەردە ئەڭ كونىسى يەكەن دەرياسىنىڭ بىر كىلومېتىر دەك غەربىدىكى مەھەللە كۆزدە تۇتۇلدى.

② چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە، تارىم دەرياسى بويىغا جايلاشقان، يېڭىسۇنىڭ جەنۇبىدىكى خېلى چوڭ بىر مەھەللە.

③ پىرژىۋالىسكى ۋە بونۋالوتنىڭ كىتابلىرىغا قاراڭ.

④ مۆيدىن سايىت: «لوپنور ئەسلىمىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 186 ـ بەت.

⑤ بۇ خىل ئادەت قىرغىزلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ، لوپ رايونىدىكى قىسمەن ئادەت دېيىشكە بولىدۇ. لوپ رايونىدىكى «قىرغىززار»نىڭ دەپنە ئادىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇ ئىنتايىن ئاز ساندا كۆرۈلىدىغان دەپنە ئادىتى.

ئىلمان سۇ بىلەن يۇۋۇيدۇ. كېپەنلىككە ئالغاندىن كىن بىر كىرزە سالىپ كۆتۈرۈپ تاۋۇت بىلەن تۈز يەرگە ئالىپ چىقىپ ياشىنى توقتوم قىلىپ نامازىنى چۈشرەدۇ. يەرلىككە قويۇپ بولغاندىن كېيىن يەتتە كەتمەن توپا تاشتاپ كۆمۈدۇلە. يەرلىككى ئادەم بويۇ كالاپ، ئادەم باشى تەگمەگۈدەك بولغوندو كېيىن قويۇۋىز. مارقاتتا ئولتۇرۇپ قۇرئان ئۇقۇيدۇ. ئۈچ ئاشى بولغوندو قولۇدا بار ئادەم ئۈچ قوي سويۇپ ئاشىنى بېرەدۇ. يەتتى كۈن بولغوندو يەتتى ئاشىنى، قىرىق كۈن بولغوندو قىرىق ئاشىنى بېرەدۇ. كەتكەن كۈنۈ بولغوندو ئىل ئاشىنى بېرەدۇ.»①

لوپلۇقلارنىڭ جايلاشقان ئورنى، تۇرمۇش سەۋىيەسى ھەم ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بەزى پەرقلەر بولغان. يۇچۇن مەھەللىسىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى ئالساق، يۇچۇنلۇقلارنىڭ ئائىلىسىدە يېڭى رەخت بولسا، يېڭىدىن كېپەن تىكىپ يۇت، قوللىرى چېتىلىپ كېپەنلەنگەن، ئەگەر ئۆيىدە رەخت بولمىسا، كونا كىيىمى بىلەن دەپنە قىلغان. مويسىپىتتىن بىرىنى چاقىرىپ تىلاۋەت قىلىنغاندىن كېيىن مېيىت چىغ ۋە قومۇشتىن توقۇپ ياسالغان زەمبىلگە سېلىنىپ، زاراتگاھلىققا ئېلىپ بېرىلغان. زاراتگاھلىققا قومۇش دۆۋىلىنىپ دۆڭ بولۇپ كەتكەن بولىدۇ، مېيىت ئۇلاقىقا سېلىنىپ ئۇلاق بىلەن يېپىلغاندىن كېيىن قومۇش دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان، ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى ۋە ئاغىنىلىرى قومۇش غوللىرىنى بىرتال ـ بىرتالدىن تاشلاپ ئۇلاقنى قومۇش بىلەن كۆمىدۇ، ئۇندىن كېيىن تۆت تەرىپىگە رەڭلىك لاتا پۇرۇچ ئېسىلغان خادا قادىلىدۇ. دەپنە ئىشلىرى شۇنىڭ بىلەن تاماملىنىدۇ. گابرېل بونۋالوت يۇچۇن مەھەللىسىدىكى دەپنە ئىشلىرىنى يۇقىرىقىدەك بايان قىلغاندىن كېيىن، تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكىلەرنىڭ دەپنە ئىشلىرى يۇقىرىقىدەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرق بار دېيىلسە، قومۇشتا كۆمۈش ياكى قۇمدا كۆمۈشتىن ئىبارەت كۆمۈش ئۇسۇلىدىكى پەرقتىن ئىبارەت دەپ يازغان.

گابرېل بونۋالوت كونا ئابدالدىكى قەبرىستانلىقنى كۆرگەن. ئۇنىڭ بايانىچە، مازار تارىم دەرياسىغا يېقىن بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان، ھەربىر قەبرىنىڭ ئەتراپىغا خادا قادالغان، خادىغا ئات قۇيرۇقى، قوتاز قۇيرۇقى، رەڭلىك لاتا پۇرۇچلار ئېسىلغانلىقتىن ناھايىتى يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقىدىكەن. بىر نەچچە قەبرە (يۇقىرى تەبىقىنىڭ بولسا كېرەك، دېيىلگەن) ئۈستىگە قومۇش ساتما سېلىنغان بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ھەربىرىنىڭ ئىچىدىكى تاختىبىشىغا بوغا، بۆكەن قاتارلىقلارنىڭ مۈڭگۈزى قويۇلغان، ئۆي ئىچىدە يەنە بوغا مۈڭگۈزى ۋە بۆكەن بېشىمۇ تاشلاپ قويۇلغان. مۇشۇ مازاردىن جەنۇبقا يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر شەھەر خارابىسى بارلىقى، خارابىنىڭ

---

① مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 367 ـ بەت.

$\frac{3}{4}$ قىسمىنى قۇم كۆمۈۋەتكەنلىكى بىلىنگەن. لوپلۇقلارنىڭ مازارلىرىدىن قارىغاندا، يەنە بىر ئالاھىدىلىك ئۆلارنىڭ كىچىك بالىلار قازا قىلسا، تۇپراق بېشىغا كىچىك بۆشۈكلەرنى قويغانلىقى يەنە بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەت لوپلۇقلارنىڭ ئومۇمىي ئادەتلىرىدىن بولسا كېرەك، بۇ ئادەت يېقىنقى مازارلاردا كۆرۈلۈش بىلەن لوپنور ناھىيەسىنىڭ قارچۇغا يېزىسىدىكى مازارلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

لوپلۇقلار گەرچە ئىسلام دىنىدا بولسىمۇ، سىرت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ئاردا ئۆزۈكچىلىك يۈز بەرگەن، جۈملىدىن ئۆلۈم ئۈزاتقاندىمۇ دىنىي ئادەتلەر بويىچە ئۈزىتىشقا قۇربى يەتمەي، ئايەت ئورنىغا مۇنداق بېيىت ئوقۇلغان:

ئوڭ قولاقىڭغا بەردىم سالاتۇ قامەت،
مۇرنۇڭغا بەردىم نۇشئىي تاھارەت.
ئاغزىڭغا بەردىم كەلىمە شاھادەت،
بىزمۇ بىللە بارالى دەۋىدۇق،
ئۆزۈڭ ئالدىراپ كېتىپ ماڭدىڭ،
بىز بارغۇچە خۇداغا ئامانەت.
ئاغام ـ دۇغام! ئاغام ـ دۇغام!

ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا[①] ۋە مۆيدىن سايىت[②] لار يۇقىرىقى قوشاقنى خاتىرىلىگەندىن كېيىن، بۇ بېيىت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مېيىتنىڭ ئوڭ قولىقىنى ئىككى قېتىم سوزۇپ قويۇپ ئاندىن دەپنە قىلىناتتى، دەپ يازغان. تىلشۇناسلارنىڭ لوپلۇقلار ئارىسىدا ئىگىلىشىچە، لوپلۇقلار ئەرەب تىلىدىن كىرگەن ماقەت maqɛt سۆزىنى قەبرىستان دېگەن مەنىلەردە قوللانغان. ئاگاي سۆزىنى قەبرە دېگەن مەنىدە قوللانغان، ئەمما ئاگاي يەرلىكنى، ماقەت كۆپلۈكنى بىلدۈرگەن. ئاگاي كولاش ــ گۆر كولاش، ئاگايلىق ــ گۆرلۈك دېگەن مەنىلەردە قوللانغان. ماقەت ئەرەب تىلىدىن كىرگەن ئىسىم بولۇپ مارقات دېيىلىدۇ.

لوپلۇقلارنىڭ مازارلىرىدىن قارادا، يېقىنسۇ ئەتراپىدىكى قەبرىلەرنى كۆزىتىش بىلەن بىرگە قارچۇغا يېزىسىدىكى قەبرىلەرنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ سىلىشتۇرۇپ چىقتىم. قارادايدىكى مازاردا قەبرە قورۇ تام ئىچىگە ئېلىنغان، لايدىن قەبرە قاتۇرۇلغان ۋە ئېگىز جايدىن يەرلىك كولانغان. بۇ رايوندا سۇ كۆپ بولغانلىقتىن يەرلىكنى ئېگىز يەردىن تاللىغانلىقى ئېنىق، قارادايدىكى مازاردا قەبرىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان ئۆلاق

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 324 ـ بەت.

② مۆيدىن سايىت: «لوپنور ئەسلىمىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 184 ـ بەت.

كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قارادىي بىلەن قارچۇغادىكى قەبرىلەرنىڭ شەكلىمۇ ئوخشاشمايدۇ. يېڭىسۇدا مەسچىتنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆيدە بىرقانچە قەبرە بار، بۇ قەبرىلەرنىڭ شەكلى قارادايدىكى قەبرىلەرگە ئوخشىشىدۇ. يېڭىسۇدىكى قەبرىلەر بەش تەرەپلىككە ئوخشاش قاتۇرۇلغان، قەبرىلەر قارچۇغادىكى قەبرىلەردىن كىچىك.

**مىراس تەقسىماتى** ئۆلگۈچىدىن قالغان مىراس ئاتا ـ ئانىسى قازا قىلغاندىن كېيىن تەقسىملىنىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى هايات قالغان بىر تەرەپنىڭ تۇرمۇشى ئۇچۇندۇر. مىراس ئوغۇللارغا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ، ئوغۇللارنىڭ مىراسىدىن توققۇزدىن بىرى ئېلىنىپ قىز هەمشىرىسىگە بېرىلىدۇ، ئەمما بۇ خىل مىراس تەقسىم قىلىش باياشاتراق ئابدال مەهەللىسىدىلا بار.

**سالام ۋە مېهماندارچىلىق** ئەينى ۋاقىتتىكى لوپلۇقلار باشقىلار بىلەن كۆرۈشكەندە بۈگۈنكى كۈندىكىگە ئوخشاش «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كۆرۈشكەن، سالامنى ئىلىك ئالغۇچى «ۋەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب سالام قايتۇرغان. ئاۋۋال زاڭاق ۋە ساقىلىنى سىلىغان هەرىكەتنى قىلىپ ئاندىن ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى بوشقىنا لىڭشىتىپ، ئالدىغا ئازراق ئېگىلىپ سالام بېرىش ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى ئىدى. ئۇلار ئۆزئارا «دۇئا قىل» دەپ بىر ـ بىرىگە ساغلاملىق، ياخشىلىق تىلەيدۇ. پەرزەنتلەر ياكى كىچىكلەرنىڭ پېشانىسىگە سۆيىدۇ، ئۆزئارا كۆرۈشكەندە مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ ياكى يۈزىگە سۆيۈپ كۆرۈشىدۇ. لوپلۇقلار ئۆزئارا كۆرۈشكەندە يەنە «هوي جانىم بالا ـ قازاڭ» دەيدۇ، بۇ بالا ـ قازادىن نېرى بول دېگەنلىكتۇر.

خوتۇن ـ قىزلار بىرەر ئىشنى بىرەر ئەرنىڭ بېجىرىپ بېرىشىگە هاۋالە قىلسا، ئۇ ئەرنىڭ دۈمبىسىگە ياكى دولىسىغا يېنىك شاپىلاقلاپ «چىق ـ چىق، چىراغ ياق» دەيدۇ. بۇ ئىشقا ئەهمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەش مەنىسىدە، مەنىسى «ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا چىراغ ياقما» دەپ جېكىلىشىدۇر. بۇ ۋاقىتتا ئەر ئايالغا دائىم دەيدىغان «دۇئا قىل» دېگەندىن سىرت يەنە ئەدەپ بىلەن «جانىم ساڭگا» دەيدۇ، بۇ سۆز هەشقاللا دېگەن مەنىگە ئىگە. لوپلۇقلار بىكار قالغاندا ئەرلەر ئەرلەرنى، خوتۇنلار خوتۇنلارنى ئىزدەپ هەمسۆهبەت بولىدۇ. بايرام ياكى بىرەر خۇشاللىنارلىق ئىش بولغاندىلا ئاندىن ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. مېهمان كۈتكەندە ئەر ساهىبخانا مېهمانلار بىلەن بىرگە ئولتۇرىدۇ، غىزا يېمەيدۇ، ئايال ساهىبخانا ياندا تۇرۇپ مېهمان قىلىدۇ. قاراقوشۇن كۆلى بويىدا ناخشا ـ ئۇسسۇل دېگەندەك ئالاهىدە ئويۇن ـ تاماشا بولمىغان، ئاندا ـ ساندا ئۇلارنىڭ كىمە تاياپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئابدال مەهەللىسىدىكىلەر خۇش چاقچاق كىشىلەر بولۇپ دائىم ئۆزئارا چاقچاقلىشىدۇ.

تۇرپاندىن مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن لوپ رايونىغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان بىرەيلەن «مەشرەپ ـ ئۇسسۇلنى لوپ خەلقى بىلمەيدۇ. سۈننەت قىلغاننى، ئات قويغاننى مەن كۆرمىدىم»① دەيدۇ.

لوپلۇقلار ئۆزئارا ھەمسۆھبەت بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، 1880 ـ يىللىرىغا كەلگەندە خوتەنلىك كۆچمەنلەر بىلەن ئالاقە قىلىش داۋامىدا رۇسىيەنىڭ نوۋگورودنىڭ ماكالىيېۋ دېگەن يېرىدىكى بازار، تۆمۈريول، تېلېگراف، ھاۋا شارى دېگەنلەردىنمۇ خەۋەر تاپقانلىقى مەلۇم. ئۇلار تارىم دەرياسىدا كېمە تاياپ يىراق ـ يىراقلارغا سەيلە قىلىپ، كۆكلۈل ئىچىپ ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن ئالاقىدە بولۇپ، ئۆز ھاياتىنىڭ شادلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولغان. لوپلۇقلار ئارىسىدا قوشاقچىلىق ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ ناخشا، ساز، ئۇسسۇل ئانچە تەرەققىي قىلمىغان. ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، ئۇلار كېمە تايىغاندا بىر خىل رىتىمدىكى ناخشىسىنى ئېيتقان. لوپلۇقلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابى بولغانلىقى ھەققىدە بىرەر مەلۇمات يوق، لېكىن تارتىلغان سۈرەتلەردە بەزى چالغۇلار كۆرۈلىدۇ، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ئارىسىدا باشقا يۇرتتىن كەلگەن ياللانمىلارمۇ بارلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا، لوپلۇقلارنىڭ چالغۇسى دېيىشكە پاكىت ئازلىق قىلىدۇ. گابرېل بونۋالوتقا يۇچۇن مەھەللىسىدە بىر قېرى موماي ئىككى تارلىق گىتارغا ئوخشايدىغان چالغۇنى چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بەرگەن، تارىخىي داستاننى ساز بىلەن ئورۇنلىغاندىن سىرت ئۆز ئىجادىيەتلىرىنىمۇ ئېيتىپ بەرگەن، مۇزىكىسى ئاساسەن بىر خىل رىتىمدا بولغان، ئۆزگىرىشى ئىنتايىن ئاز. مۇشۇ مومايىنى 1889 ـ يىلى 70 ياشتا دەپ قارىساق، شەكسىزكى 1820 ـ يىلىدىن كېيىن بەلكىم 10 ـ 20 ياش ۋاقىتلاردا ساز ئۆگەنگەن بولىدۇ، بۇ دەۋرلەر يۇچۇن مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ چاقىلىقتا ئەمدىلا كەلگەن خوتەنلىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتلىرى بولغاچقا، لوپلۇقلارنىڭ ئەنە شۇنداق چالغۇسىنىڭ بارلىقىنى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ناخشىلىرى بارلىقىغا ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. 1889 ـ يىلى يۇچۇن مەھەللىسىدىكىلەر بايرام شادلىقىغا چۆمگەن كۆكلۈل ئىچىشىدا، چاقىلىقتىن يۇچۇن مەھەللىسىگە كېلىن بولۇپ كەلگەن ئۇزخېنىم توقۇش (ئىسمى) ئۇسسۇل ئوينىغان، بىر نەچچە ئەر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىككى قولىنى كېرىپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىغان. بۇ ئۇسسۇلدا ئايال قولىغا تاۋاق ئالغان بولۇپ، ئۇسسۇل داۋامىدا تاۋاقنى چاپاننىڭ يېڭى ئىچىگە ئاستا ـ ئاستا يوشۇرىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئۇسسۇلى ناھايىتى جانلىق ۋە لەرزان بولسىمۇ ئۆزگىرىش ناھايىتى ئاز، مۇنداقچە ئېيتقاندا بىرقانچە خىل ھەرىكەت بىلەنلا تاماملانغانلىقى يېزىلغان. مۇشۇ

① نىكولاي فېدىروۋىچ كاتانوف: «كۈنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 1 ـ سانى، 34 ـ بەت.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، يۇچۇنلۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لوپلۇقلار ئارىسىدا ئاددىي ئۇسسۇل مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. لوپلۇقلار كېمە تايىغاندا يالغۇز ياكى كوللېكتىپ ناخشا ئېيتقان. توختى ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ ئۈچ تارلىق «ئاللىچى راۋاب» (مۇشۇ نامدا ئاتالغان راۋاب زامانىمىزدا چەرچەن، چاقىلىق رايونىدىكى چارۋىچىلاردا ھازىرمۇ بار، قويچى راۋابى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن مۇزىكا ئۆزگىرىشى ئانچە كۆپ بولمىغان سازغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتقان. سەنئەتكار مەۋلان نىيازنىڭ سۆھبىتىمىزدە بايان قىلىشىچە، ئارغان ئەتراپلىرىدا ياشىغان بىر بوۋاينىڭ ئۇلارغا تەپمە ئۇسسۇلىنى ئويناپ بەرگەنلىكى، ئۇسۇلنىڭ ناھايىتى ئىپتىدائىيلىقى مەلۇم. ئۇسسۇل مۇنداق ئوينىلىدۇ: ئۇسسۇل ئوينىغۇچى بەدىنىنىڭ ئۈستۈن قىسمىنى يالىڭاچلايدۇ، نەم قۇملۇقتا پۇت ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ مەيدىسىگە شاپىلاقلاپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇسسۇل ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ ئالدىنقى يېرىمى يېرىم چەمبەر ھاسىل قىلسا، كېيىنكى يېرىمى يەنە بىر يېرىم چەمبەر ھاسىل قىلىدۇ، ئۇسسۇل ئوينىلىش داۋامىدا پۈتۈن بىر چەمبەر شەكىللەندۈرىدۇ. مەۋلان نىيازنىڭ بايانىدىن «تەپمە ئۇسسۇلى»نىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكىدىن، جۈملىدىن ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى قەبىلىلەرنىڭ ئېتىقاد پائالىيىتى، شۇنداقلا كۈنگە بولغان چوقۇنۇشنىڭ سىيماسى گەۋدىلىنىدۇ. كۈنىمىزدە تېلېۋىزورلاردا كۆرسىتىلىۋاتقان سېرىق كىيىملىك بوۋاي ئوينىغان «شىر ئۇسسۇلى»نىڭ دەۋرىيلىكى قانچىلىك؟ بۇنى بايان قىلغۇچىلار يوق، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ئۇسسۇلنىڭ لوپلۇقلاردىكى تارىخى 200 يىلدىن ئاشماسلىقى مۇمكىن. ئومۇمەن ئالغاندا، لوپلۇقلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا ئۇچۇرلار ئىنتايىن كەمچىل، ھازىرچە ئېرىشىلگەن مەلۇماتلار يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. لوپنور ناھىيەسى ئىشلىگەن لوپنور خەلق ناخشىلىرىغا ئائىت مۇزىكىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى خەلقمۇ ياكى قوشاقلارغا ئاساسەن كۈنىمىزدە ئىجاد قىلىنغانمۇ؟ بۇ تەرىپى قاراڭغۇ. مامۇت قاسىم توپلىغان بەزى خەلق ئىجادىيەتلىرىنىڭ مۇزىكىسى (نوتىسى) قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ، رېژىسسور قۇربانجان ھېيتنىڭ بايانىچە، دائىم كۆرۈلىدىغان ئېيتىشلارنىڭ مۇزىكىسىغا ئوخشىشىدىكەن. شۇنداقتىمۇ يۇقىرىقى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، كېيىن دېگەندىمۇ 1800 - يىللىرىدىن كېيىن مەلۇم ساندىكى مۇزىكىلىرى، خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇسسۇللىرى بولغان، بۇ تەرەپلەردىن خوتەن ۋە تۇرپان خەلق سەنئىتىنىڭ تەسىرى چوڭراق بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

قاراقوشۇن كۆلى بويىدا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم چىقىرىش زۆرۈر بولغاندا، خەلق سايلىغان شاڭيولار با مەسلىھەت ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ يەردىكى پۇقرالار ئىسلام دىنىدىكى

شەرىئەتنى بەك بىلىپ كەتمىگەچكە، بۇرۇنقى ئوخشاش ئىشلاردىن ئۈلگە ئېلىپ مەسىلە هەل قىلىدۇ. بۇ «سودىيە»لەر دائىم «مۇھەممەد ئېيتىدۇلەركى» دېيىشمۇ پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنى بىلمەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشلارنى دىنىي يول بىلەن بىلەن جۇملىدىن ھەدىس كۆرسەتمىلىرى بويىچە ھەل قىلىشقا ئىنتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئابدال مەھەللىسىدىكىلەر بىلەن قاراقوشۇن مەھەللىسىدىكىلەرنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئابداللىقلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى يۇقىرى، سەممىمىي ئىكەن. قاراقوشۇن كەنتىدىكىلەر ئاددىي ـ ساددا، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى چەكلىك. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئىككى مەھەللىدىكىلەر ئېچىل ـ ئىناق ئۆتۈشكەنلىكى، بىر ـ بىرلىرىنى قىزغىن مېھمان قىلىدىغانلىقى، ھەمسۆھبەت بولغاندا كەيپىياتى ناھايىتى ئىناق بولىدىغانلىقى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن. لوپ رايونىدا بايلارنىڭ نامراتلارغا ياردەم بېرىشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغان، 1880 ـ يىللاردىكى قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ بىگى كۈنچىقان ئۇلارنىڭ تىپىك ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. لوپ رايونىدا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان چوڭ، ئېغىر ۋەقەلەر يۈز بەرمىگەن، ئادەتتىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئوغرىلاش ئىشلىرى ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈپ قالغان، چۈنكى 1880 ـ يىللاردىن كېيىن باج ـ سېلىق ئېغىرلاپ، كىشىلەر نامراتلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئوغرىلىققا ئوخشاش جىنايەتنى سادىر قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، مۇشۇنداق ئىشلارمۇ كېلىپ چىققان. 1889 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاقتاما مەھەللىسىدە زىيارەتتە بولغان گابرىېل بونۋالوتقا شۇ مەھەللىدىكى بىر كىشى مەھەللىسىدە ھەممەيلەننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك ياشايدىغانلىقى، بىر ـ بىرىنىڭ ھال ـ ئوقىتىنى ياخشى بىلىشىدىغانلىقى، بۇغداي بۇ يەردە ناھايىتى قىممەتلىك بايلىق سۈپىتىدە قارالسىمۇ، بىرەر سەۋەب بىلەن ئۆيىنىڭ سىرتىدا ياكى خاماندا قالسا ئايلاپ تۇرسىمۇ ئوغرى ئالمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئەمما ئۇلار ئەتىسى يىگىكۆل مەھەللىسىدە خاماننى ياشانغانلارنىڭ ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ يازمىلىرىغا قارىغاندا، قاراقوشۇن بويىدىكى لوپلۇقلار بەزى ۋاقىتلاردا (ئالايلۇق: تويلاردا) ئات بەيگىسى، ئېشەك بەيگىسى، كېمە تاياش، قوشاق قېتىش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. بەگلەر ياكى ئۆيۈشتۇرغۇچىلار يەڭگۈچىلەرنى تارتۇقلىغان. ئۆزئارا قوشاق ئېيتىشىش، تېپىشماق تېپىشىش، ماقال ـ تەمسىل ۋە چۆچەك ئېيتىشىش قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ كەلگەن. لوپلۇقلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ مول بولۇشى ئۆزئارا ئىناق ياشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب بولغان. تارىمنىڭ پىنھانلىرىدا ياشىغان بۇ خەلقنىڭ ئۆزئارا باراۋەر مۇناسىۋەتتە بولۇشى، باي ھەم نامراتلار ئارىسىدىكى پەرقنىڭ ئىنتايىن

ئازلىقى، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتلەردىكى ئاددىيلىقلار قوشۇلۇپ، لوپلۇقلار ئارىسىدا تەبىئىي باراۋەرلىك (سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى) پەيدا قىلغان. شۇ سەۋەب بىلەن ھەممەيلەننىڭ تۇرمۇش ۋە تەپەككۇرىدا ئاددىي ـ ساددا ھالەت شەكىللىنىپ، ئىناق، ئىجىل ياشىغان. يەنە بىرى مەھەللىلەر تارقاق، مەھەللىدىكى ئادەم ئاز بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولغان. ئەمما 20 ـ ئەسىرگە يېقىنلاشقانسېرى ئالۋان ـ سېلىقنىڭ كۆپىيىشى، ئېكولوگىيەدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان.

# يەتتىنچى باب  قايتا گۈللەنگەن قەدىمىي ماكان

## 1. كىروران رايونىدىكى يېڭى گۈللىنىش ــ چاقىلىق

تارىم ۋادىسىدىكى شەھەرلەر 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تەلتۆكۈس ۋەيران بولۇپ، ھېچبىر شەھەرنىڭ قالمىغان. شۇنداق، كېچىككەندىمۇ 15 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن بۇرۇن ئاخىرقى شەھەرلەر ــ شەھىرى كىتىك، لوپ ۋە مەردەكلەر ۋەيران بولغان، شەھەر ئاھالىلىرى كۆچۈپ كەتكەن. شەھەر ـ بازارلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، يۇرتىمىزدىكى قەدىمكى شەھەرلەردە ھۇۋقۇش سايرىدى. ئېيتماق ھاجەتكى، شەھەرلەر ۋەيران بولۇپ ئاھالىلەر سىرتقا كۆچكەندە، بىر تۇركۇم سانى كۆپ بولمىغان ئاھالە جاھالەتلىق بىلەن نەدە سۇ بولسا شۇ يەردە كۆچۈپ يۈرۈپ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان، ئۇلار يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان لوپلۇقلار ئىدى. شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى، بۇ چاقىلىق دىيارىنىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران بولغانلىقى، ئاھالىسىز، قاغا ـ قۇزغۇنلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى تارىم، كۆنچى، مۇران، چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدا ياشاپ چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، قۇشچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلىپ ھايات كەچۈرۈۋاتقان ھەمدە ئۆزلىرىنى يۇرت نامى بىلەن ئاتىۋالغان لوپلۇقلار يەنى مۇشۇ زېمىندا ياشاپ، گۈللەندۈرۈپ كېلىۋاتقان كىروران ئۇيغۇرلىرىدىن بىر قىسمى ياشاپ قالغان ئىدى، ئەنە شۇلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەدىمىي يۇرت نامى بىلەن لوپلۇق دەپ ئاتالماقتا. ئەمما بۇ يەردە ئېيتقان ۋەيران بولۇش قاراتمىلىقتا ئىگە بولۇپ، شەھەر ـ بازارلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ۋەيران بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان. ئەنە شۇنداق تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى ھەمدە كېيىنكى چاغلاردا چاقىلىق بازىرى، مۇران، ۋاششەھىرى بوستانلىقلىرىدا قايتىدىن ئۇيغۇرلار توپىنىڭ يىغىلىپ، مۇشۇ يۇرتلارنى قايتا گۈللەندۈرگەنلىكى چاقىلىقنىڭ قايتا گۈللىنىشى تېمىسىدا دەۋر بۆلگۈچ قىلىپ تاللىۋېلىندى. چاقىلىقتىن ئىبارەت بۇ قەدىم ماكان ئەلۋەتتە قوشنا يۇرتلاردىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن گۈللەندۈرۈلۈشى سەۋەبلىك ئەسلىدىكى يۇرت ناملىرىدىن خەۋەرسىز ھالدا چاقىلىق، ۋاششەھىرى ناملىرىدا نامايان بولدى، شۇڭىمۇ بۇ يۇرت ھازىرمۇ ئەنە شۇ نامدا ئاتالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يۇرتنى يەنىلا چاقىلىقنىڭ قايتا گۈللىنىشى دەپ ئالدۇق.

مىلادىيە 1514 ـ يىلى دوغلات ئەمىرلىرىدىن مىرزا ئابابەكرى ئاغدۇرۇلۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادىدىن سۇلتان سەئىدخان يەكەن خانلىقى ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن، خانلىق يەكەن شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ تاكى 1680 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن، بۇ

ھاكىمىيەت تارىختا يەكەن خانلىقى ياكى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەپ ئاتالغان. يەكەن خانلىقىدىكى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە، سۇلتان سەئىدخاننىڭ سىرىق ئۇيغۇرلارغا دىنىي جەڭ قىلىشقا لەشكەر بۇيرۇغانلىقىنى يازغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان سىرىق ئۇيغۇرلار ھازىرقى چەرچەن ۋە چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە ئىدى. شۇ قېتىملىق دىنىي ئۇرۇشتىن باشلاپ چاقىلىق رايونىنىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ ئىدارە قىلغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن، چۈنكى بۇ خانلىقنىڭ چېگراسى دۇنخۇاڭدىن ھالقىغان ئىدى (ۋېي لياڭتاۋنىڭ «يەكەن خانلىقى تارىخىدىن تېزىس»قا قاراڭ). ھازىر يازما پاكىتلارنىڭ بولماسلىقى ئۇلارنىڭ چاقىلىق دائىرىسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئەھۋاللىرى، جۇملىدىن تەسىس قىلغان ھۆكۈمرانلىق ماشىنىسى، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى، يۇرتتىكى ئاھالىنىڭ نوپۇسى ۋە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىش قىيىن. 1680 ـ يىلىغا كەلگەندە جۇڭغارلارنىڭ يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇشى ئۈچۈن پۇرسەت كەلگەن. ئاپاق خوجا يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، تۈبۈتكە بېرىپ دالاي لاما V گە باش ئۇرۇپ، يالۋۇرۇپ، خان ـ پادىشاھلىقىنى ئىسمايىلخاننىڭ تارتىۋالغانلىقىنى، ياردەم قىلىپ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. دالاي لاما يازغان ئاپاق خوجىغا ياردەم قىلىش توغرىسىدىكى مەكتۇپنى كۆرگەن جۇڭغار تۆرىسى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاپاق خوجا مۇرىتلىرىنىڭ ئىچىدىن ماسلىششى بىلەن، يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرغان. 1681 ـ يىلى بۇددىستلارنىڭ يېڭى يىلىدا جۇڭغار ھۆكۈمدارى تارىم ۋادىسىنى دالاي لاماغا سوۋغا قىلغانلىقىنى جاكارلىغان. يەكەن خانلىقىدەك 150 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن خانلىق نېمە ئۈچۈن شۇنداق تېزلا ھالاك بولغانلىقى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دىنىي مەزھەپچىلىك سەۋەبىدىن ئاق تاغلىق، قاراتاغلىق دەپ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەنلىكى، ئاپاق خوجا تەرەپدارلىرى ئىچكى جەھەتتىن جۇڭغارلارغا ماسلاشقانلىقى، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ناھايىتى تېزلا غۇلىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغان. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئالتە شەھەر جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى، چاقىلىق رايونىدا لوپلۇقلار ئارىسىدا دىنىي ئىختىلاپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن يەنىلا ئەسلىدىكى بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى، ئەمما جۇڭغارلارنىڭ ئىنتايىن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيەسىدە ياشىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. شۇ سۆڭ تەرىپىدىن يېزىلغان «غەربىي يۇرت دەريا ـ ئېقىنلىرى خاتىرىسى»دە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭ بىلەن جۇڭغارلار چېگرا ئايرىغاندا، لوپ رايونى جۇڭغارلارغا ئايرىپ بېرىلگەنلىكى يېزىلغان. چۈنكى ئەينى دەۋردە لخاساغا تاۋاپقا ماڭغان بىر تۈركۈم ئاھالە ئالتۇنتاغ بىلەن ماڭغانلىقتىن بۇ رايوندىكىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك ئېزىلىدىغانلىقى مۇقەررەر، جۇڭغارلار بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان بولسىمۇ، ئېغىر باج ـ سېلىق خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. تارىخشۇناس يۇنۇسجان ئېلى بۇ توغرىدا: «سىۋان ئاراپتاننىڭ تەخىرتىبىغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ تەخىرتىبىغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلارغا قاراخان نامىدىكى نازارەتچى ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ، مەخسۇس تارتۇق

ئىشلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلدى. ‹چىڭ ئوردىسىنىڭ گاۋزوڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى›گە ئاساسلانغاندا، ‹ئىلگىرى ئويىراتلارنىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە بىردىن قاراخان، بىردىن خوجا ئەۋەتىپ نوپۇس سانى بويىچە، قىرى - ئاجىزلىرىدىن باشقىلىرىنى سېلىق رويخېتىگە پۈتەتتى› دەپ كۆرسىتىلگەن. ‹تەزكىرەئى ئەزىزان›دا بولسا ‹ئەينى مەزگىلدە ھەربىر شەھەر - بازاردا 15 قالماق (موڭغۇل) ئەمەلدارى تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇرغان شەھەر - بازارلارنى نازارەت قىلاتتى. بۇ قالماق ئەمەلدارلىرى قاراخان دەپ ئاتىلاتتى› دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قاراخانلار ھەرقايسى شەھەرلەردىكى جوڭغارپەرەس خوجىلارنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن ئاھالىلەرنىڭ تۈتۈن سانى بويىچە تارتۇقنىڭ ئومۇمىي سانىنى ھېسابلاپ، كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى. ئۇلار جوڭغار خانلىقىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرىدىن بولۇپ، يىللىق تارتۇق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىن سىرت، ھەر ۋاقىت جوڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق شەكلى قىلىپ تاللىۋالغان فۇنكسىيەلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇراتتى. شۇ ئارقىلىق جوڭغار خانلىقىنىڭ بۇ رايونلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى ۋە مەمۇرىيىتىنى كونترول قىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرەتتى. سىۋان ئاراپتاننىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىدىكى تارتۇق، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى قاراخان ھەم خوجىلارنىڭ سۈيلىشى ھەم ۋاستىسى ئارقىلىق، پەقەت بىرلا خىل ئۇسۇلدا ئورۇنلانمايتتى، بەلكى باج - سېلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق يۈرگۈزۈلەتتى. يەنى باجنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئادەم بولسا ئادەم بېجى تاپشۇراتتى. يېرى بولسا يەر بېجى تاپشۇراتتى. باققال ئائىلىلەر مېۋە بېجى تاپشۇراتتى. باقمىچى سودىگەرلەر چارۋا بېجى تاپشۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتۇن - كۈمۈش بېجى، جاندار بېجى، سودا بېجى، ئوت - چۆپ بېجى، سۇ بېجى قاتارلىق باجلارنى تاپشۇراتتى، ھەرقايسىسىنىڭ مۇقىم بېكىتىلگەن نورمىسى بولۇپ تۆلەم دەرىجىسى يۇقىرى ئىدى»[①] دەپ يازغان. لىن گەن ۋە گاۋ زىخۇلارنىڭ نەقىل قىلىشىچە، «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»دە مۇنداق دېيىلگەن: «جوڭغارلار دەۋرىدە، ئويىراتلار دائىم كېلىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇراتتى، تۆت - بەشى بىر بولۇپ ياكى نەچچە ئونى بىر بولۇپ، مۇسۇلمانلار يۇرتىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلاتتى ھەمدە چارۋا - ماللىرىنى بۇلايتتى، خوتۇن - قىزلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلاتتى، ئازراقلا كۆڭلىگە ياقمىسا خالىغانچە ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.»[②] مانا مۇشۇ خاتىرىلەردىنمۇ جوڭغارلارنىڭ لوپ رايونىدا قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىنى بىلىش قىيىن ئەمەس، شۇڭىمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «دۇنخۇاڭ خاتىرىلىرى»نىڭ 1 - جىلدىدا «لوپنور

---

① يۇنۇسجان ئېلى: «17 - ، 18- ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جوڭغارلارنىڭ مۇناسىۋىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 222 - بەت.

② لىن گەن، گاۋ زىخۇ (ئابلەت نۇردۇن، ئەزىز يۇسۇپ، مۇھەممەتجان مۆمىن، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت تەرجىمە-سى): «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 540 - بەت.

ئەتراپلىرىمۇ شۇنداق، بۇ يەردە ئەسلىدە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە بولۇپ، كېيىن پەقەتلا 600دىن كۆپرەك ئائىلە قالغان» دېگەن بايانلىرى بىلەن باشقا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، لوپلۇقلارنىڭ جۇڭغارلارنىڭ ئېزىشىگە قانچىلىك ئۇچرىغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. ئەمەلىيەتتە، لوپلۇقلارنىڭ جۇڭغارلار زۇلۇمىغا ئۇچراش ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئۇچۇن تۆۋەندە ئېغىز ئەدەبىياتى تونۇشتۇرۇلغاندا تونۇشتۇرۇلغان، گابرېل بونۋالوت خاتىرىلىگەن تارىخىي داستان ئۇنۇملۇك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇ تارىخىي داستاننىڭ مەزمۇنىنى تارىخىي يازما ئۇچۇرلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، جۇڭغارلارنىڭ زۇلۇمى لوپلۇقلارغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەن، جۈملىدىن كۆن ئالغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرگەن. لوپلۇقلار ھەر دائىم جۇڭغارلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشنى ئىستەپ يۈرگەن كۈنلەردە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تۇرپاننى ئىگىلىگەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرپاننى ئىگىلىشى 1723 - يىلىدىكى ئىش ئىدى. يۇقىرىقى خەۋەرنى ئىشىتكەن لوپلۇقلار بۇنى جۇڭغارلاردىن قۇتۇلۇش پۇرسىتى، دەپ قاراپ، كەم دېگەندىمۇ ئىككى تۈركۈم ۋەكىللىرىنى تۇرپانغا ئېۋەتىپ بەيئەت قىلغان، شۇندىلا لوپلۇقلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەلۇم بولغان. ئۇندىن بۇرۇن دەريا - كۆل بويلىرىدا ياشاۋاتقان لوپلۇقلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار مەلۇم بولسىمۇ يازمىلارغا چۈشمىگەن ئىدى (جۇڭغار يازمىلىرىدا بار - يوقلۇقى قاراڭغۇ). ئەمما لوپلۇقلارنىڭ تەلەيسىزلىكى شۇكى، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي جۇڭغارلار بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلۈپ چېگرا ئايرىلغان، كېلىشىم بويىچە تۇرپان ۋە لوپ رايونى جۇڭغارلارغا تەۋە بولغان. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۆزلىرىگە بەيئەت قىلغان بىچارە ئاۋامنى ئۇنتۇماي تۇرپانلىقلار بىلەن بىرگە گەنسۇ ئۆلكىسىگە كۆچۈشنى يارلىق قىلغان، نەتىجىدە تۇرپان خەلقىدىن 10 مىڭدىن ئوشۇق كىشى چىڭ سۇلالىسىگە بالدۇر بەيئەت قىلغان ئىمىن خوجا باشچىلىقىدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گۇاجۇ ئايمىقىغا كۆچكەن، ئەمما لوپلۇقلارنىڭ كۆچكەنلىكى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق. پەرەز قىلىشىمىزچە، لوپلۇقلاردىن كۆچۈپ بارغانلار بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن سانى كۆپ بولمىسا كېرەك. چۈنكى لوپلۇقلار ناھايىتى قەدىمدىنلا دەريا - كۆل بويلىرىدا چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىقتا تايىنىپ ھايات كەچۈرگەچكە، قۇرغاق رايون گەنسۇنىڭ مۇھىتى بۇلارنىڭ ياشىشىغا ماس كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكى شۇندىن كېيىن باشلىنىدۇ. جۇڭغارلار ئۇلارنىڭ تەۋەككۇل قىلىپ چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلىقىدىن ئۆچ ئېلىش ئۇچۇن، ئۇلار ياشاۋاتقان جايلارنى قورشاپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. جۇڭغارلار ئابدال قاتارلىق جايلاردىكى لوپلۇق ئاھالىلەرنى قاتتىق قىرغىن قىلغان، شۇ قىرغىنچىلىقتا ئامان قالغان ئاھالىلەر يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ چاقىلىق ناھىيە مۇران بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قاراقوشۇن كۆلىگە قەدەر كەتكەن، بەزىلىرى قېچىپ ھەتتا چايدام ئورمانلىقىغىچە كەتكەن. شۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقتىن كېيىن قاراقوشۇن كۆلى بويلىرىدا قايتىدىن يۇرت بەرپا قىلغان. جۇڭغارلارنىڭ لوپلۇقلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى 1680 - يىلىدىن 1723 - يىلىغىچە،

1725 ـ يىلىدىن 1757 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان، ئەمەلىيەتتە بۇ چاقىلىق رايونىغا قىلغان ھۆكۈمرانلىق ئىدى.

1758 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى نوپۇس ۋازارىتىدىن ئارغۇن «لوپنورغا باردۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ قاشقا ئىسىملىك بىر باشلىقى بىز بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جايلاردا ئەسلىدە ئىككى مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق كىشى بولغان ئىكەن. ئوننەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇلارنىڭ بىرقىسمى ئاقسۇ، دولان قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەچكە ھازىر 600 نەچچە ئۆيلۈك كىشى قاپتۇ. ئۇلار بېلىقچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرىدىكەن. بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇن بۈيۈك قوشۇنىمىز تۇرپاننى تىنچىتقاندا، جياڭجۈن خەير ـ ئېھسان قىلىپ، ئۇلارغا گەزلىمە ۋە چاي ئىنئام قىلغان ئىكەن. قوشۇن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇ جاينى جوڭغارلار ئىگىلىۋاپتۇ. بۈيۈك قوشۇنىمىزنىڭ جوڭغارلارنى تىنچىتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆتكەن يىلى تارتۇق يوللاپتۇ...» دېيىلگەن. مانا بۇلاردىن لوپلۇقلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئېغىر زۇلۇمغا چىدىماي يۇرتلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. ھازىرچە لوپلۇقلارنىڭ يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىگە ئېغىر زۇلۇم ۋە قىرغىنچىلىقىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى، بۇنىڭ يەنە بىر مەنىدىن ئالغاندا بىر خىل قارشىلىق كۆرسىتىش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ھازىرچە لوپلۇقلارنىڭ ئۇلارغا قارشى قورallıق ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ھەقىدە ئۇچۇر يوق، بۇنداق قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ نوپۇسى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەمما باشقا يۇرتلاردا، جۈملىدىن قومۇل، تۇرپانلاردىكى خەلق جوڭغارلارنىڭ زۇلۇمىدىن جاق تويغاچقا، چىڭ سۇلالىسىغا تېزلا بېقىنىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ جوڭغارلارنى يوقىتىشىغا ھەمدەملىشىشى شۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. «بۈيۈك چىڭنىڭ شىزۇڭ پادىشاھىنىڭ خاتىرىلىرى»نىڭ 31 ـ جىلدىغا كىرگۈزۈلگەن 1725 ـ يىلىدىكى مەلۇماتنامىدىكى تۇرپانلىقلارنى گۇاجۇ ۋە شاجۇلارغا كۆچۈرۈش ھەققىدىكى پەرماندا، لوپلۇقلارنىمۇ خالىسا بىرگە كۆچۈشى ھەققىدە يارلىق قىلىنغان. مانا بۇلارغا قارىغاندا، لوپلۇقلارنىڭمۇ تۇمەندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە تۇرپانلىقلارغا ئوخشاش جوڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويۇنتاۋلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن يەكۈنگە كەلتۈرىدۇ. مۇشۇ مەلۇماتنامىدىكى بايانغا قارىغاندا، بۇ چاغلاردا لوپلۇقلار بۇرۇنقىدەكلا بېلىقچىلىقنى ئاساسىي ئىگىلىك قىلغان. 1757 ـ يىلى مەسلىھەتچى ئامبال ئارغۇن قاراشەھەردىن لوپ رايونىغا قاچقان جوڭغار قوۋملىرى جوراس، ماخوس قاتارلىقلارنى قوغلاپ، لوپ رايونىغا كېلىپ لوپلۇقلارنى كۆرگەن ۋە ئۇلارنى ئەل قىلغان. 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى جوڭغارلارنى تامامەن يوقاتتى، لوپلۇقلار گەرچە جوڭغارلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قالدى. 1797 ـ يىلى قاراقوشۇن، چارا قاتارلىق جايلاردا يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان بولۇپ، نۇرغۇن لوپلۇق ئاھالە قىرىلىپ كەتكەن، بىر قىسىم ئاھالە يۇرتىنى تاشلاپ كۆچۈپ كەتكەن. لوپلۇقلارنىڭ پىسخىكىسىدا كۆرۈلگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكتىن قورقۇش ئېڭى شۇ قېتىمدىنىمۇ ياكى باشقا بىر قېتىمدىنىمۇ قالغان. مۇشۇ دەۋرلەردىكى لوپلۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەققىدە

1805 ـ يىلى يېزىلغان «ئۈچ ئايماق ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە»نىڭ 2 ـ جىلدىدا «لوپنور كۆلى... ئۇ يەردە ئىككى مۇسۇلمان كەنتى بولۇپ، ئۇ كەنتتىكىلەر لوپنور مۇسۇلمانلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى كەنتنىڭ ھەربىرىدە 4 ـ 5 يۈزدىن ئائىلە بار. ئۇلار ئاشلىق تېرىمايدۇ. چارۋىچىلىق قىلىشنى بىلمەيدۇ، ئاشلىق ئورنىدا بېلىق يەيدۇ. چىگىدىن توقۇلغان رەختتە كىيىم كىيىدۇ، ماۋۇق چاپان كىيىدۇ. تۇتقان ئۇچار قۇشلارنىڭ پەي ماۋۇقلىرى ئۈستىدە ياتىدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن تىل ئۇقۇشىدۇ، دۇئا تىلاۋەتنى، نامازنى بىلمەيدۇ. كورلىدىكى مۇسۇلمانلار شەھىرىگە بارغانلىرى چارۋا گۆشى، ئاشلىق يېيەلمەيتتى، يەپ قويسىلا قۇسۇپ ياندۇرۇۋېتەتتى. كورلىدا بېلىق كۆپ بولغاچقا ئۇلار بۇ يەرگە كېلەلەيتتى. ئەمما باشقا جايغا بېرىشقا پېتىنالمايتتى»[1] دەپ يېزىلغان. چىڭ سۇلالىسى لوپ رايونىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇنۇملۇك يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، شۇ يەرلىكلەردىن بەگلەرنى تەيىنلىگەن. شۇ چاغلاردا لوپلۇقلاردا جۇملىدىن قاراقوشۇنلۇقلاردا 5 ـ دەرىجىلىك بەگدىن ئۈچى، 6 ـ دەرىجىلىك بەگدىن يەتتىسى بارلىقى تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن، بۇ بەگلەر تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1804 ـ يىلى يېزىلغان «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نىڭ 3 ـ جىلدىدا: «لوپنوردا ئەسلىدە 2000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالە بار ئىدى. ئۇلار سۇلالىمىزگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ جايدىن كۆچمىگەنىدى. جۇڭغارلار ئۇلارنى خارلىغاچقا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاقسۇ، دولان قاتارلىق شەھەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەن. ئۇلاردىن ھازىر قالغىنى 600 نەچچە ئۆيلۈك. ئۇلارنىڭ بۈيۈك قوشۇنىمىزنىڭ داۋاچىنى تىرىك تۇتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەۋەتكەن ئەلچىسى تۇرنا تارتۇق قىلىش ئۈچۈن تۇرپانغا كېلىپتۇ» دېيىلگەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇئاۋىن سانغۇنى ئالانا 1723 ـ يىلى يوللىغان دوكلاتىدا: «لوپنورلۇق ئۇيغۇرلاردىن قۇربان قاتارلىقلار قاراكۆل، ساداقتۇ ۋە قاراقوشۇندىن ئىبارەت ئۈچ جايدىكى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ بەيئەت قىلدى» دېيىلگەن. پىرژىۋالسكى 1876 ـ يىلى لوپلۇقلار ئارىسىدا ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن، «ئاڭلىغان ئۈچۈرلىرىمىزغا قارىغاندا، ھازىر تارىم ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالە ئەسلىدە لوپ كۆلى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئىدى، تەخمىنەن يۈز يىللار ئىلگىرى بېلىقنىڭ ئازىيىشى ۋە قالماقلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن تارىم دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىغا كۆچكەن»[2] دەپ مەلۇمات بەرگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان لوپ كۆلى ھەرگىزمۇ تارىختىكى كىرورانغا يېقىن لوپ كۆلى بولماستىن، ئارغان ـ يېڭىسۇ ئەتراپلىرىدىكى لوپ كۆلى بويلىرىدىن قاراقوشۇن كۆلى بويىغا كۆچكەن، پىرژىۋالسكى قاراقوشۇن كۆلىنى لوپ كۆلى دەپ قالغان. بۇ پاكىتلارغا ئاساسەن لوپلۇقلارنىڭ جۇڭغارلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى، ھەتتا يۇرتىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز ۋە لوپلۇقلارنىڭ تىلىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاشلىقى، ئەمما

① خې نىڭ: «ئۈچ ئايماق ھەققىدە قىسقىچە بايان»، جۇڭگو تەيۋەن چېڭۋېن نەشرىياتى، 1968 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 28 ـ بەت.

② پىرژىۋالسكى: «لوپ كۆلىگە سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 262 ـ بەت.

قىسمەن پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى 18 ـ ئەسىردىلا مەلۇم بولغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇپ قاراقوشۇن كۆلى شەكىللەنگەن. شۇنداق بولغاندا قاراقوشۇن كۆلى، قارابوران كۆلى قاتارلىقلار يېڭىدىن شەكىللەنگەن بولىدۇ. شۇنداق، 18 ـ ئەسىردىن بۇرۇن بىرقانچە ئەسىر لوپلۇقلارنىڭ ئاساسىي پائالىيەت سورۇنى شىمالدا ئارغان ـ يېڭىسۇ ئەتراپلىرىدا بولغان. شىمالدا لوپنور ناھىيەسىنىڭ بىر قىسىم زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. لوپلۇقلارنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، لوپلۇقلار 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىمالدىن قاراقوشۇن كۆلىگە قاراپ سۇرۇلۇپ يۇرت بەرپا قىلغان ۋە يېڭى يۇرتنى كونا ماكانىنىڭ نامى بويىچە «ئابدال» دەپ ئاتىغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، لوپ رايونىدا ئەسلىدە 2000 ئائىلىدىن ئوشۇق ئاھالە بولسىمۇ (ھەربىر ئائىلىدە بەشتىن نوپۇس بار دېسەك 10 مىڭ نوپۇس بولىدۇ)، 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا خېلى كۆپ ئاھالە كۆچۈپ كەتكەن، بىر قىسمى قىرغىنچىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن. 1723 ـ يىلىغا كەلگەندە قاراكۆل، قاراقوشۇن، ساداقتۇ قاتارلىق ئۈچ جايدا 3000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. 1761 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاھالىلەر يەنىلا قاراقوشۇن ۋە قاراكۆل رايونلىرىنى مەركەز قىلىپ ياشىغان بولۇپ قاراكۆل بىر بەگلىك، قاراقوشۇن بىر بەگلىك (بەش ئورۇن) بولۇپ لوپ رايونىدا باج تاپشۇرىدىغان، سېلىق تۆلەيدىغان 183 ئائىلە 1071 ئادەم بارلىقى خاتىرىلەنگەن. 1777 ـ يىلى كىتاب قىلىنغان «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە» ناملىق ئەسەردە «ئىككى ئورۇندا كەنت بار، ھەربىرىدە 4 ـ 5 يۈزدىن ئائىلە بار، تېرىقچىلىق قىلمايدۇ، چارۋا باقمايدۇ، بېلىق تۇتۇپ يەپ ھايات كەچۈرىدۇ... تىلى ئالتە شەھەرلىكلەر بىلەن ئوخشاش» دەپ يازسا، «غەربىي يۇرت دەريا ـ ئېقىنلىرى خاتىرىسى» ناملىق ئەسەردە لوپ كۆلى رايونىدا 208 ئائىلە 1260 ئادەم بار، دەپ خاتىرىلەنگەن. «قاراقوشۇنلۇقلار ئاساسەن كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى 11 كەنتتە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ تەخمىنەن 70تەك ئائىلە 300دىن كۆپرەك ئاھالە بار، ئادەتتە ھەر ئائىلىنىڭ 2 ـ 3 تىن پەرزەنتى بولۇپ، بەزى ئائىلىلەر 5 ـ 6 باللىق بولغان. بۇندىن سەل ئىلگىرى قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپىدا ئاھالە ھازىرقىدىن خېلىلا كۆپ بولۇپ ھەممىسىنى قوشقاندا 550 ئائىلىگە يېتىدىكەن» دېيىلگەن. بۇلارنى توغرا سانلىق مەلۇمات دېيەلمىسەكمۇ، كەم دېگەندىمۇ مۇشۇنچىلىك ئاھالىنىڭ ياشىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئاھالىنىڭ ئازلاپ كېتىش سەۋەبىدە، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئاھالىنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، بىر قىسىم ئاھالىنىڭ بۇ رايوندىن كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى، جۇڭغارلارنىڭ قىرغىنچىلىقىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. يۇقىرىقى ئامىللاردىن باشقا لوپلۇقلارنىڭ ئىنتايىن تارقاق جايلاشقانلىقى ھەمدە باجدىن قېچىش ئۈچۈن ئاز مەلۇم قىلىندىغانلىقى قاتارلىق ئامىللارنىمۇ ئويلىشىش زۆرۈر. لوپلۇق ئاھالىلەرنىڭ $2/3$ بۆلىكى كۆل ۋە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان، ئاھالىلەرنىڭ شۇ چاغدا يەتكۈزگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا 20 يىللار

ئىلگىرى (تەخمىنەن 1856 ـ يىللىرى ئەتراپىدا) چېچەك كېسىلى تارقىلىپ ئاھالە قىرىلىپ كەتكەن، تاكى يېقىنقى چاغلارغىچە چېچەك قاتارلىق كېسەللىكلەردىن قورقۇش روھىي ھالىتى شۇ خىل قىرغىنچىلىقنىڭ مەھسۇلى ئەلۋەتتە. چېچەك كېسىلىدىن ئامان قالغان ئاز ساندىكى ئاشۇ ئاھالە چاقىلىققا كېلىپ يەرلەشكەن خوتەن تەرەپتىن كەلگەن ئاھالىنىڭ تەسىرىدە چاقىلىق ئەتراپلىرىدا تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغان.

چاقىلىقنىڭ قايتا گۈللىنىشى مەسىلىسىدە بەزى مۇجمەللىكلەر مەۋجۇت، بۇنىڭ مىسالىغا ئالساق 16 ـ ئەسىردە ياشىغان تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي»دە يەكەن خانلىقى سۇلتانى ئابدۇرەشىتخان (1533 ـ 1560 ـ يىللىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) زېمىنى سانىغاندا، چاقىلىق ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن، لېكىن بىر ئەسىر كېيىن ياشىغان تارىخچى مىرزا شاھ مەھمۇد بىن فازىل جوراس يازغان «تارىخى رەشىدىي ـ زەيلى»نىڭ ئاقسۇ «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدا، سۇلتان ئابدۇرەشىتخان زېمىنى سۈپىتىدە «چاقىلىق» نامىنى ساناپ ئۆتكەن (مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان بىلەن مىرزا شاھ مەھمۇد جوراس ئىككىلىسىلا شۇ خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت ئەربابلىرى ئىدى)، ناۋادا «چاقىلىق» دېگەن يۇرت نامى (ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ قىياسەن بۇ نامنى قوشۇپ قويۇپ يۈرمىگەن بولسىلا) شۇ ۋاقىتتا بار بولسا، چاقىلىقنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىنى 16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەرگە سۈرگىلى بولاتتى، ئەپسۇسلىنارلىقى بۇنداق قىلغاندا يۇرتنىڭ قايتا گۈللىنىشى بەك بالدۇر بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى 1876 ـ ۋە 1885 ـ يىللىرى، 1889 ـ يىلى، 1906 ـ يىلى بۇ يەرگە كەلگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەردىن پىرژېۋالسكى، گابرىل بونۋالوت، ستەيىنلەر يەرلىك خەلقتىن نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى ئىگىلىگەن، ئۇلار ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانساق، چاقىلىقنى 16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەردە قايتا گۈللەنگەن، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ.

## 2. چاقىلىقتا قايتا يۇرت بەرپا بولۇشى

### 1. چاقىلىق بوستانلىقى

چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى كىروران ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەر 6 ـ ئەسىرلەردە، مۇران ۋە ناھىيە بازىرىدىكى شەھەرلەر 10 ـ ئەسىردە ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئاخىرقى شەھەرلەر بولمىش لوپ (ۋاششەھىرى كونا شەھىرى)، كىتىك ۋە مەردەكلەر 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋەيران بولۇپ تۈگىدى. شۇندىن باشلاپ چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە شەھەرلەر بولمىغان شارائىتتا بىر تۈركۈم ئاھالە يەنى لوپلۇقلار تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا ياشاپ زامانىمىزغا كەلگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كېرىيەدىن كەلگەن ئوۋچىلار تاسادىپىي سەۋەب بىلەن چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى كونا شەھەر خارابىسىغا كېلىپ قالغان، شۇندىن كېيىن بۇ يېرى مۇنبەت ھەم كەڭرى، ئەمما سۈيى ئاز يۇرتقا كىشىلەر كېلىپ قايتىدىن گۈللەندۇرۇلگەن.

پىرژىۋالسكى 1876 ـ يىلىدىكى ئېكسپېدىتسىيەسىدە قورغاندىن (قارابوران كۆلىگە يېقىن جاي، ناھىيە بازىرىنىڭ 70 كىلومېتىر شىمالىدا) قاراقوشۇن كۆلىگە قاراپ ماڭماستىن چاقىلىقتا بارغان. ئۇ مۇنداق يازغان: «چاقىلىق دېگەن بۇ كەنتنى بۇندىن 30 يىللار ئىلگىرى خوتەن ۋە كېرىيەدىن كەلگەن ئاھالىلەر قۇرغان، ھازىر كەنتتە 20 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىكەن، ئۇندىن باشقا يەنە تۈرمىدە سۈرگۈن قىلىنغانلاردىن 100 نەچچە جىنايەتچى بار ئىكەن، بۇ جىنايەتچىلەر مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىپ يەر تېرىيدىكەن، زىرائەتلەر پىشقاندىن كېيىن يەرلىك ئاھالىلەر يىغىپ ئامبارغا تاپشۇرىدىكەن. ئېتىزلارنى سۇغىرىدىغان سۇ چاقىلىق دەرياسىدىن باشلاپ كېلىنىدىكەن... ھازىرقى چاقىلىق كەنتىنىڭ ئەتراپىدا ئوتتۇغۇچخان (مويسىپىتلار توغرىسى ئاتاغوجىخان دەپ ئىزاھلايدۇ ـــ نەقىلچى) شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كونا شەھەر بار ئىكەن، ھازىر ساقلىنىپ قالغان توپىدىن قوپۇرۇلغان سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سېپىلىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن تەرىپىدە تىم بولغان ئىكەن. چاقىلىق بىلەن چەرچەننىڭ ئوتتۇرىسىدا چاقىلىقتىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتا ۋاششەھىرى كونا شەھىرى بار ئىكەن. ئۇندىن باشقا بىز يەنە لوپ كۆلى بويىدىن (ئەمەلىيەتتە قاراقوشۇن كۆلى بولۇشى كېرەك ـــ نەقىلچى) كونا شەھەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر خارابىسىنى بايقىدۇق، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۇشۇ شەھەر خارابىسى ئەڭ چوڭ ئىكەن.»[1]

پىرژىۋالسكى 1885 ـ يىلى كەلگەن ۋاقتىدا چاقىلىق ھەققىدە يازغانلىرى تېخىمۇ كونكرېت بولۇپ مۇنداق دېيىلگەن: «چاقىلىق كەنتى ئەسلىدە كېرىيەلىكلەر تەرىپىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان. شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كېرىيەدىن كەلگەن بىر نەچچە ئوۋچى چەرچەن ئارقىلىق چىڭخەي تەۋەسىدىكى غازلىق رايونىغا ئوۋغا بارغان، قايتىشىدا ئالتۇنتاغدىن ھالقىپ تاسادىپىي ھالدا بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ھەمدە ۋەيران بولغان سېپىل ۋە ئۆيۋاقلارنى بايقىغان، ئۇلار قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىكى ئۆيلەر ئىچىدە كونا، بۇزۇلغان يىپ ئېگىرىدىغان نۇرغۇن چاقلارنى بايقىغان ھەمدە بۇ يەرنى «چاقىلىق» دەپ ئاتىغان. ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ ئەتراپلاردا ئادەم يوق بولۇپ چەرچەنگە بارغاندىلا ئاندىن ئادەم ئۇچرايتتى... كېرىيەلىك ئوۋچىلار چەرچەنگە بېرىش ئۈچۈن كېتىۋاتقىنىدا يەنە بىر شەھەر خارابىسىنى بايقىغان. ئوۋچىلارنىڭ ئىچىدە ۋاش ئىسىملىك بىرى بار بولۇپ، بۇ شەھەر خارابىسى ئۇنىڭ نامى بىلەن ۋاششەھىرى دەپ ئاتالغان. ئوۋچىلار كېرىيەگە قايتىپ بېرىپ يۇرتداشلىرىغا قەدىمىي شەھەرلەرنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ قەدىمىي شەھەرگە بىرقانچە ئۆيلۈك كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پولاتبەگ ئەنە شۇ چاق بايقالغان خارابىگە يەنى چاقىلىققا كېلىپ ئېرىق ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلغان. ئۇ كېيىن يۇرتىنىڭ ئاقساقىلى بولغان، بىز چاقىلىقتىكى ۋاقتىمىزدا 70 يېشىدا قازا تاپتى.»[2] مەرھۇم يازغۇچى سۇلايمان ئابدۇرەھىمنىڭ ئېيتىشىچە، پولاتبەگنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ قورغان

①② پىرژىۋالسكى: «لوپ كۆلىگە سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 268 ـ، 160 ـ، 161 ـ بەتلەر.

مەھەللىسىدە ئولتۇرىدىكەن. پىرژىۋالىسكىنىڭ بايانلىرىنى ئىشەنچلىك دەپ قارىساق ئارتۇق كەتمەيدۇ، بايانلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىكلەر تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەنلىكىگە شۈبھىلەنمەيمەن. پىرژىۋالىسكىنىڭ يازغانلىرىنىڭ راستلىقىنى باشقا ئېكسپېدىتسىيەچىلەر خاتىرىلىگەن، يەرلىك ئاھالىلەر تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارنىڭ ئوخشاشلىقىمۇ ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. چاقىلىقتا، يەنى ھازىرقى چاقىلىق بازىرى ۋە ۋاششەھىرى بوستانلىقىغا كېرىيە تەرەپتىن ئاھالە كەلگەندە، مېنىڭ ھازىرقى ئىبارەم بويىچە ئېيتقاندا، چاقىلىقنىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ ھارپىسىدا، چاقىلىق دىيارىدا يەنە بىر تۈركۈم يەرلىك ئاھالە ياشاۋاتقان ئىدى، ئۇلار دەريا ۋە كۆللەرنى مەركەز قىلىپ ياشاۋاتقان لوپلۇقلاردۇر. بۇ يەردە تەكىتلەيدىغان يېرىمىز شۇكى، چاقىلىق قايتا گۈللىنىشتىن بۇرۇن ۋە شۇ دەۋرلەردە بۇ زېمىنىنىڭ دەريا - كۆل بويلىرىدا ئۆزلىرىنى يۇرت نامى بىلەن لوپلۇق دەپ ئاتىغان يەرلىك ئاھالە بار ئىدى، بىز ئېيتىۋاتقان قايتا گۈللىنىش پەقەت شەھەر بوستانلىقى — كۆجۈم مەھەللىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە قارىتا ئېيتىلغان. سېۋېن ھېدىن 1905 - يىلى نەشر قىلىنغان «لوپ كۆلىنىڭ سىرىنى ئىزدەپ» ناملىق كىتابىدا «چاقىلىقنىڭ مۇھىملىقى بارغانسېرى گەۋدىلەنمەكتە، چۈنكى تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنى ۋە قاراقوشۇن رايونىدىكى بېلىقچى ئاھالىلەر تېرىقچىلىق قىلىدىغان بۇ يەرگە توپلانماقتا»[①] دېگىنىدەك، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن لوپلۇقلارمۇ تەدرىجىي ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە مۇران بوستانلىقىغا توپلاشقان. ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، 1903 - يىلى چاقىلىق ناھىيەسىدە 496 ئۆيلۈك، 3383 نوپۇس بار ئىدى. 1910 - يىلى ئەتراپىدا ناھىيە بازىرىدا 84 ئۆيلۈك 281 جان ئادەم بارلىقى ھەققىدە يازما ئۇچۇر بار، بۇ ئىستاتىستىكا بازارنى مەركەز قىلغان، ئەمما باشقا مەھەللىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا، مۇشۇ ئىككى قەرنەدە خېلى ياخشى گۈللىنىش بولغان بولسا كېرەك.

1905 - يىلى چارقىلىقتا كەلگەن خانتىڭتون «ئاسىيانىڭ تومۇرى» ناملىق كىتابىدا، بۇندىن 80 يىللار مۇقەددەم «چاقىلىق قايتىدىن بايقالغاندا» دېگەن ئىبارىنى قوللانغان، بۇ ئىبارە بىلەن يۇقىرىقى قايتا گۈللىنىش دېگەن ئىبارىمىز مەزمۇن جەھەتتىن يېقىنلىشىش بىلەن بىرگە يىل چېكى جەھەتتىنمۇ يېقىنلىشىدۇ.

«چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»نى تۈزگۈچىلەر «19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى كېرىيەدىن كەلگەن ئوۋچىلار چاقىلىق خارابىسىنى بايقاپ، بۇ خەۋەر سىرتقا تارالغاندىن كېيىن خوتەندىن بىر قىسىم ئاھالە كۆچۈپ كەلدى، شۇ چاغدا ئەڭ بالدۇر كەلگەن ئاھالە پولاتبەگدۇر»[②] دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان.

1908 - يىلى، 1910 - يىللىرى تۈزۈلگەن چاقىلىقنىڭ ئىككى پارچە يۇرت

① سېۋېن ھېدىن: «لوپ كۆلىنىڭ سىرىنى ئىزدەپ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 781 - بەت.

② چاقىلىق ناھىيەلىك تەزكىرە كومىتېتى: «چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 43 - بەت.

تەزكىرىسىدە چاقىلىقا خوتەن، كېرىيە قاتارلىق جايلاردىن ئاھالىلەرنىڭ كېلىپ يۇرت بەرپا قىلغىنىغا ئۈچ ئەۋلاد بولغانلىقى يېزىلغان (ھەربىر ئەۋلادنى 30 يىل دەپ پەرق بىلەن ھېسابلىساق، شۇ دەۋردىن تەخمىنەن 80 ـ 90 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.) مۇشۇ تەزكىرىدە يېزىلىشىچە، 1908ـ يىلى ناھىيە تەۋەسىدە جەمئىي 496 ئۆيلۈك ئاھالە بولۇپ، ئەرلەر 1740 نەپەر، ئاياللار 1643 نەپەر بولۇپ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئۇيغۇر، دېيىلگەن. 1910 ـ يىلى 712 ئۆيلۈك (ئەرلەر 2291، ئاياللار 1890 كىشى) بارلىقى ئىككىنچى تەزكىرىدە يېزىلغان. شۇ ۋاقىتتا چاقىلىقتا چاقىلىق مەھەللىسى، تۇرپان مەھەللىسى، چۆشكۈن مەھەللىسى (10 كىلومېتىر شىمالىدا)، ئابدال مەھەللىسى (90 كىلومېتىر شەرقىدە)، تۇغ مەھەللىسى(110 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا)، مۇران مەھەللىسى، تاتىراڭ مەھەللىسى (ناھىيە بازىرىنىڭ 15 كىلومېتىر غەربىدە)، ۋاششەھىرى مەھەللىسى، لوپ مەھەللىسى (60 كىلومېتىر شىمالىدا)، تۇزلۇق مەھەللىسى (75 كىلومېتىر شىمالىدا)، چاينۇت مەھەللىسى (90 كىلومېتىر شىمالىنىڭ شەرقىدە)، چىكە مەھەللىسى (135 كىلومېتىر شىمالىدا) ۋە يېڭىسۇ (220 كىلومېتىر شىمالىدا) مەھەللىسىدىن ئىبارەت 13 مەھەللە بار ئىدى.

ستەيىن «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىن سۈرەتلىك خاتىرە» ناملىق كىتابىدا 1906 ـ يىلى چاقىلىقا كەلگەندە ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، 1830 ـ، 1840 ـ يىللىرى چاقىلىقتا ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغان، دەپ يازغان.

تاچىبانا زۇيچۇ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسى» ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە، ئۇ 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ۋاششەھىرىگە كەلگەن، ئۇنىڭ خاتىرىلىشىچە ۋاششەھىرى نامى مۇشۇ كونا شەھەرنى بايقىغان ۋاش ئىسىملىك بىرىنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنىپ «ۋاششەھىرى» دەپ ئاتالغان.

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ناملىق قامۇسقا چاقىلىقنىڭ 1909 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەھۋالى يېزىلغان. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ ئايلانمىسى 10 يول (بەش كىلومېتىر بولۇپ شەھەرگە يېقىن جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ 84 ئۆيلۈك 281 جان ئادەم بار ئىدى. يېزا ـ كەنتلەردىن 13 مەھەللە بولۇپ 3900 جان ئاھالە ياشىغان. مۇشۇ يەرلىك ئاھالە 652 ئۆيلۈك 4073 جان ئىدى، يۇقىرىقىلاردىن باشقا شىنجاڭ دائىرىسىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار 53 ئۆيلۈك 93 كىشى، باشقا ئۆلكىدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار يەتتە ئۆيلۈك 15 كىشى، چەت ئەللىك بەش ئۆيلۈك 18 كىشى ئىدى. يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 3935 كىشى، ھۈنەرۋەن 98 كىشى، سودىگەر 71 كىشى، پوچتىكەش ۋە مىرزا 58 كىشى، پارچە ـ پۇرات ئىش قىلىدىغانلار 15 كىشى، چەت ئەللىك تىجارەتچى 13 كىشى ئىدى. يەنە بىر مەلۇماتتا رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئۈچ ئائىلە 10 جان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنجانلىق دېيىلگەن.

1917 ـ يىلى چاقىلىقا كەلگەن شيې بىن چاقىلىق ناھىيەسىدە 4298 ئادەمنىڭ

684 ئۆيلۈك ئىكەنلىكى، يىلدا 4200 سەر كۆمۈش سېلىق تۆلەيدىغانلىقى، 13 مەھەللىسى بارلىقى، تاتىراڭنىڭ شەرقىي تەرىپىنىڭ بۇرۇنقى مەھەللىلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

پىرژىۋالسكى 1876 ـ يىلى ۋاشىشەھىرىگە كەلگەندە ۋاشىشەھىرىدە ئالتە ئائىلە كىشى بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن يىراقراق تۇرۇش ئۈچۈن، كېرىيە ۋە خوتەنلەردىن قېچىپ كەلگەنلەر ئىكەن. ۋاشىشەھىرىنىڭ يەتتە كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا كونا شەھەر خارابىسى بار. شۇ چاغلاردا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇرۇنقى زامانلاردا خوتەن، ئاقسۇ، قاراقوشۇن قاتارلىق ئۈچ جاي ئارىسىدىكى جايلاردا 20 نەچچە شەھەر ھەم 300 نەچچە كەنت ـ مەھەللە بولغان ئىكەن، ئۇلار بۇرۇن ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئىكەن. يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، كۆچادىن قاراقوشۇنغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى بىلەن مېڭىپ بارغىلى بولاتتىكەن. بۇ بىر رىۋايەت بولسىمۇ قەدىمكى زامانلاردا قۇملۇقتا نۇرغۇن يۇرت ـ ماكانلارنىڭ بولغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن.

خەلق ئارىسىدىكى يۇقىرىقى رىۋايەت، قاراشلارغا ئاساسەن چاقىلىق بوستانلىقىنى 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاندىن قايتا گۈللەنگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇرمىز. ئەلۋەتتە، بۇ رىۋايەتلەر تاكى ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرسىمۇ ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمىدى، چۈنكى ھەممىمىز يۇرتىمىزنىڭ قەدىمىيلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ۋەيران بولغان يۇرتنىڭ يېقىنقى يىللاردا قايتىدىن گۈللەنگەنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرمىدۇق، ھەتتا يۇرت نامى «چاقىلىق»نىمۇ ناھايىتى قەدىمدىن يەنى مىلادىيەنىڭ بېشىدىن ئىزدەپ يۈردۇق، بۇ تارىختا تۇتۇلغان پوزىتسىيە مەسىلىسى ھەم ئىلىم مەسىلىسىدۇر. ئەلۋەتتە يۇرتىمىز چاقىلىق ناھايىتى قەدىمىي، جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ زېمىندا ياشاش تارىخىنى 7 ـ 8 مىڭ يىللار مۇقەددەمدىن يەنى سېپتا تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاشقا بولىدىغانلىقىنى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن ئىدۇق. ھازىرقى چاقىلىق بوستانلىقى يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، پەقەت 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، خۇددى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك خوتەن، كېرىيە قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قايتىدىن گۈللەندۈرۈلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان گۈللىنىش ئەلۋەتتە كۆجۈم ئولتۇراق ھالەتتە، يېزا ـ بازار قۇرۇپ تېرىقچىلىق ۋە سودا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇندىن كېيىن لوپلۇقلار ۋە تۇرپانلىقلارمۇ بۇ يەرگە كېلىپ يۇرتنىڭ گۈللىنىشىدە ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى.

ئېكسپېدىتسىيەچىلەر، جۈملىدىن پىرژىۋالسكىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى چاقىلىقتا ئاساسلىقى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئاساسلىق زىرائەتلىرىدىن ئارپا، بۇغداي، قوناق، تاماكا، كېۋەز، تاۋۇز، قوغۇن، سەۋزە قاتارلىقلارنى تېرىش بىلەن بىرگە مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەينۇلا (خەنزۇچە تەرجىمىدە 李子 دېيىلگەن)، يەنە ئاز مىقداردا ئۈزۈم، ئانار قاتارلىقلارنى ئۆستۈرگەن. تۇپرىقى شورلۇق بولمىغانلىقتىن، ئاشلىق ۋە كۆكتات خېلى ئوبدان

ئوخشىغان، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرمۇ قاراقوشۇنلۇقلارغا ئوخشاش قىسماق بىلەن ياۋا جانىدارلارنى تۇتۇپ ياكى ئوۋلاپ يېگەن. ئالتۇنتاغ ۋە تارىم دەرياسى، چەرچەن دەرياسى بويلىرى ياۋا جانىدارلارنى ئوۋلايدىغان ياخشى ئوۋ مەيدانىغا ئايلانغان. 1907 - يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا قاراشەھەرگە كەلگەن فىنلاندىيەلىك كارل گۇستاف ماننېرھېيمنىڭ قاراشەھەردە كۆرگەن ۋە ئېگىلىگەنلىرىگە ئاساسلانساق، چاقىلىقتا تۆت بەگ بولۇپ بىرى چوڭ بەگ ئىكەن، ھەربىر بەگ 50 - 60 ئائىلىنى باشقۇرىدىكەن، ھەر ئائىلىدە تۆت جاندىن ئادەم بار ئىكەن. چاقىلىقنىڭ يېرى مۇنبەت بولسىمۇ سۈيىنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن، مەھسۇلاتقا تەسىر كۆرسىتىدىكەن. يېرىمىدىن كۆپرەك يېرىدىن چاچقان ئۇرۇقنىڭ 10 ھەسسىچىلىك ھوسۇل چىقىدىكەن. قالغان يەرلىرى چاچقان ئۇرۇقنىڭ 6 - 7 ھەسسىچىلىك ھوسۇل بېرىدىكەن. چارۋىلىرىنىڭ سانى كۆپ، لېكىن يەم - خەشەك يېتىشمىگەنلىكتىن، ھەر يىلى بىر قىسىم يەم - خەشەكنى كورلىدىن سېتىۋالىدىكەن.

1876 - يىلى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غۇلجىدىن يولغا چىققان پىرژېۋالىسكىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يۇلتۇز يايلاقلىرىدىن ئۆتۈپ شۇ ۋاقىتتا 6000 ئەتراپىدا ئاھالىگە ئىگە كورلىغا كەلگەن ھەمدە 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كورلىدىن يولغا چىقىپ، كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ لوپ كۆلىنى نىشانلاپ ماڭغان. بۇ چاغلاردا تارىم دەرياسى كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، قاراقوشۇن ۋە قارابوران كۆلىگە قاراپ ئاقىدىغان ۋاقىت ئىدى. تارىم دەرياسى ئۈگەن دەرياسىغا قوشۇلۇشتىن بۇرۇنلا كەڭلىكى 100 مېتىردىن ئاشىدىغان ھەيۋەتلىك بىر دەريا ئىدى، 20 نەچچە مېتىر كەڭلىكتىكى ئۈگەن دەرياسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تېخىمۇ چوڭ دەريا ھاسىل بولغان. تارىم ۋە ئۈگەن دەريالىرى قوشۇلۇپ 500 كىلومېتىردەك ئاققاندىن كېيىن، تارىم دەرياسىدىن بىر تارام (كۆيۈكئارا دەرياسى دەپ ئاتالغان) ئايرىلىپ چىقىپ 100 كىلومېتىردەك ئاققاندىن كېيىن، ئارغان ئەتراپلىرىدا تارىم دەرياسىغا قوشۇلغان، بۇ ۋاقىتتا شىمال تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن كۆنچى دەرياسى بىلەن ناھايىتى ھەيۋەتلىك دەريا ھاسىل قىلىپ بىر ئېقىن بويىچە جەنۇبقا ئاققان. بۇ دەريا ئېقىپ چەرچەن دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنى (چەرچەن دەرياسى تارتما كۆلى ناملانغان بىر كۆلنىمۇ ھاسىل قىلغان ئىدى، بۇ كۆل سۇغا تولغاندا ئېقىپ چىقىدۇ) بىلەن قوشۇلۇپ قارابوران كۆلى (بۇ كۆل بەزى ماتېرىياللاردا بوركۆل دەپمۇ ئېلىنغان، بەزى ماتېرىياللاردا سۈيى ئېقىپ چىقىپ قاراقوشۇن كۆلى تامام ئاققىنى ئۈچۈن يەنە تارتما كۆلى دەپمۇ ئاتالغان، چاقىلىق بىلەن ئارىلىقى 40 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق، كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 نەچچە كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 90 - 120 سانتىمېتىر بولۇپ تارىم دەرياسىدىن كېلىدىغان سۇنىڭ مىقدارىغا مۇناسىۋەتلىك، بەزى ۋاقىتلاردا نەچچە ئون سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا سۇ قالىدۇ، بۇ كۆلنىڭ 100 مېتىر نېرىسىدا دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا چاينۇت مەھەللىسى (加以庄) بار ئىدى. تاشقىنلىغان دەريا سۈيى قارابوران كۆلىدىن

ئېقىپ چىقىپ قاراقوشۇن كۆلىنى (پىرژېۋالىسكىنىڭ يېزىشىچە بولغاندا، بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 90 ـ 100 كىلومېتىرغىچە، كەڭلىكى 20 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ قارابوران كۆلىنىڭ ئۈچ ھەسسىگە توغرا كېلىدىغان تاتلىق سۇ كۆلى. سېۋىن ھېدىن بۇ كۆلنى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەكىللەنگەن، دەپ قارىغان) ھاسىل قىلغان. بۇ چاغلاردا مۇشۇ رايوندا ياشىغان ئاھالىلەر بېلىقچىلىق، مالچىلىق، قۇشچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا ھايات كەچۈرگەن. تەبىئىي كۆللەر كۆپ بولۇپلا قالماستىن يەنە سۇنئىي ھاسىل قىلىنغان كۆللەرمۇ خېلى كۆپ بولغان، چاپقان چېپىش نەتىجىسىدە بەزىدە ھەتتا دەريانىڭ ئېقىن تارتىپ كېتىشىگىمۇ سەۋەبچى بولۇپ قالاتتى. شۇ چاغلاردا يۇرتچاپقان (يېڭى ئابدال)، شىرگەچاپقان (توققۇز تارىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قۇمچاپقان، تۇرسۇنچاپقان، بەلچاپقان، نۇمۇتچاپقان قاتارلىق سۇنئىي پەيدا قىلىنغان ئېقىن ۋە كۆللەر بار ئىدى. چۈنكى ئاھالىلەر ماللىرىنى بېقىشتا چاپقان چېپىپ ئويمانلىقلارغا سۇ قويۇپ يايلاق ھاسىل قىلسا، يەنە بەزى جايلاردا ئويمانلارنى سۇ ۋە بېلىق بىلەن توشقۇزۇپ سۇيىنى توختىتىپ بېلىق بىر مەزگىل شۇ جايدا ياشىغان، كېيىن بۇ ئويمانغا سۇ قويۇلسا، بېلىقلار يېڭى سۇغا قاراپ ئۈزۈپ ئالدىن تەييارلانغان گۈلمەگە چۈشكەن، مۇشۇ ئۇسۇلدىكى بېلىق بېقىش، تۇتۇش ئېھتىياجى بىلەن بىر قىسىم سۇنئىي كۆللەرمۇ ھاسىل بولغان، بۇ كۆللەر يەنە يايلاقلىق رولىنىمۇ ئوينىغان. دەريا ـ ئېقىن بويلىرىدا ئون نەچچە مېتىر ئېگىز ئۆسكەن توغراقلار، كۆل ۋە چول (سۇ بار چوڭقۇر ئويمان)لاردا غول ئايلانمىسى 30 ـ 90 مىللىمېتىرغىچە بولغان قومۇشلار ئۆسكەن. دەريا ۋە كۆلدە بېلىق (بېلىقنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن ئاشقان) بەك كۆپ ئىدى، بۇ يەرلەردە كۆپ ساندىكى پەسىل قۇشلىرىمۇ بولۇپ ئەتىياز بېلىق تۇتىدىغان ياخشى پەيت ئىدى. پىرژېۋالىسكىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، قىشتا تارىم دەريا بويىدا پەقەت 48 خىللا قۇش ئۇچراتقان. شۇ ۋاقىتلاردا ئۆتكەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسى قوشۇلغان جايدىن تاكى قاراقوشۇن كۆلى بويىغىچە بولغان ئاھالىلەرنى ئىككى مەمۇرىي دائىرىگە، يەنى تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىنى «قاراكۆللۈكلەر» دەپ، قارابوران كۆلى ۋە قاراقوشۇن كۆلى بويىدىكىلەرنى «قاراقوشۇنلۇقلار» دەپ ئاتىغان. شۇ چاغلاردىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، لوپ كۆلى (ئەمەلىيەتتە قاراقوشۇن كۆلى بولۇشى كېرەك) ئەتراپىدا ياشىغان ئاھالىلەر يۈز يىللار مۇقەددەم بېلىقنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ۋە قالماقلارنىڭ ھۇجۇمى سەۋەبىدىن تارىم دەريا بويلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن. ھازىرقى كۇندىمۇ ئۇلارنىڭ فولكلور، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىن قاراكۆللۈكلەر ۋە قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ ھەممىسىلا تۇرپان لۈكچۈن ۋاڭلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان (ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەمۇرىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا ئۇلارنى باشقۇرغۇچى مەمۇرىي ئورگانلارمۇ ئۆزگىرىپ تۇرغان، جۈملىدىن 1884 ـ يىلى ئۆلكە تەسىس قىلىنىپ، ئۇيغۇرلاردىكى

بەگلىك تۈزۈم بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، قاراشەھەر دوتەيلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان باشقۇرۇش شەكىسىزكى چىڭ سۇلالىسى ئامباللىرىنىڭ نازارىتىدىكى بەگلەر (ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، يەرلىك بەگلەر تۇرپان لۈكچۈن ۋاڭلىرىغا قارىغان) باشقۇرغان، باج ـ خىراج ۋە ئولپانلىرىنىمۇ تۇرپان لۈكچۈن ۋاڭلىرىغا تاپشۇرغان. تارىم دەرياسى ئارغان ئەتراپلىرىدىن تاكى قارابوران كۆلىگىچە ئېقىنى ئاساسەن ئوخشاش 60 ـ 70 مېتىر كەڭلىكتە ئىدى، قارابوران كۆلىگە 15 كىلومېتىر كېلىدىغان قورغان ئاتالغان چاسا قەلئە بولغان، بۇ قورغانمۇ دەريا قىنىغا يېقىن جايلاشقان.

ئەينى چاغدا يەرلىك ئاھالە تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ «لوپ كۆلى» دەپ ئاتىغان، لوپلۇقلار بولسا قاراقوشۇن كۆلىنى چوڭ كۆل دەپمۇ ئاتىغان، مەمۇرىي رايون نامىمۇ ئاھالە مەركەزلىك ياشىغان قاراقوشۇن كۆلىنىڭ نامىدىن ئېلىنىپ «قاراقوشۇن» دەپ ئاتالغان.

قاراقوشۇن كۆلىنىڭ شەكلى ئېللىپىسقا ئوخشايدۇ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا تەخمىنەن 100 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭرى يەرلىرى بولسا 20 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆلنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرى 3 ـ 4 مېتىر ئەتراپىدا. قاراقوشۇن كۆلىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئابدال كەنتىنىڭ ئەتراپىدا تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىن كەڭلىكى 38 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر جايى 2.4 مېتىر، سۇنىڭ مىنۇتلۇق تېزلىكى 51 مېتىر بولغان، سۇنىڭ كەسمە يۈزى 383 كىۋادرات مېتىر، ئەلۋەتتە ئەينى دەۋرلەردىكى سۇ ئېقىمىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن كۆلنىڭ كۆلىمىدە ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرغان. دېمەك، چاقىلىق قايتا گۈللەنگەن ئاشۇ دەۋردە يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە تارىم دەرياسى بويىدا يەنى يېڭىسۇدىن مۇراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قاراقوشۇن كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى نەچچە ئون ئاھالە نۇقتىسىدا ئاھالىلەر بېلىق ۋە قۇش تۇتۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ ھايات كەچۈرگەن. مەلۇم مىقداردا دېھقانچىلىقى بولغان، ئەمما مال ـ چارۋىسى خېلىلا كۆپ بولغان.

چاقىلىقنىڭ قايتا گۈللىنىشى مەسىلىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەت ھازىرقى چاقىلىق بوستانلىقى ۋە ۋاششەھىرى كۆپرەك دىققەت مەركىزىدە بولۇپ كەلدى، ئەمەلىيەتتە شۇندىن بۇرۇن گەرچە چاقىلىق، ۋاششەھىرى، مۇران بوستانلىقلىرىدا ئولتۇراق جاي ۋە تېرىقچىلىق مەۋجۇت بولمىسىمۇ، دەريا ـ كۆللەر بويلىرىدا خېلى ساندا لوپلۇق ئاھالىنىڭ ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. 18 ـ ئەسىر لوپلۇقلار ھاياتىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن، جۈملىدىن تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ئاھالە 1759 ـ يىلىدىن بۇرۇنلا كورلا، بۈگۈر، ئاقسۇ، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا كۆچكەنلىكىنى خاتىرىلەر كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، 1950 ـ يىللارنىڭ بېشىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسىدە ئېلىپ بېرىلغان جەمئىيەت تەكشۈرۈشتە،

شۇ يەرلىك لوپلۇق ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ چاقىلىقتىن كۆچۈپ بارغانلىقىنى ئېيتىشقان. 1720 ـ يىللىرى ئەتراپىدا بىر تۈركۈم ئاھالە بېگى روزىنىڭ باشچىلىقىدا ئاقسۇ دەرياسى بويلىرىغا كۆچكەن ۋە دولانلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. 1723 ـ يىلى قۇربان قىاتارلىقلار قاراكۆل، ساداقتۇ، قاراقوشۇن قاتارلىق جايلاردىكى 1000دىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ تۇرپانغا چىقىپ چىلڭ سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن. چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە ئاخىرقى شەھەرلەر لوپ، كىتىك، مەردەكلەر ۋەيران بولغاندىن كېيىنمۇ دەريا ۋە كۆل بويلىرىدا بىر تۈركۈم سېرىق ئۇيغۇرلار (لوپلۇقلار) داۋاملىق ياشاپ كەلگەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىگىلىك شەكلىگە ماس ھالدا دەريا ـ كۆل بويلىرىدا ياشىغان. 20 ـ ئەسىردىن باشلاپ مۇشۇ رايوننىڭ سۇ رايىدىكى يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ئۇلارنىمۇ دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىشقا، دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئەسلىدىكى شەھەر خارابىلىرى بولغان چاقىلىق بازىرى، ۋاششەھىرى بوستانلىقى ھەم مۇراندا قايتىدىن كۆجۈم كەنتلەر، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ۋە بازار بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە ئەتراپىغا (بازار، تىكەنلىك، ئۆتام كۆزدە تۇتۇلدى) 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئاھالىلەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، گۈللەندۈرۈلۈشكە باشلىغان، دېمەك، ھازىرقى چاقىلىق بازىرىنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە تەخمىنەن 200 يىل بولدى. ئومۇمەن، مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا كىرروران، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە لوپ دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ يۇرت، قايتا گۈللەندۈرۈلگەندە «چاقىلىق» دەپ ئاتالدى. سەۋەبى كېيىنكىدىن كەلگەن ئوۋچىلار ئۆزلىرى كېلىپ قالغان يۇرتنىڭ نامىنى بىلمىگەنلىكتىن، كونا شەھەرلىكتىكى «چاق»لارنى بەلگە قىلىپ «چاقىلىق» (چاق + ئى + لىق) دەپ ئاتىغان. چاق پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز، كۆپىنچە نەرسىلەرنىڭ چاقىنى كۆرسىتىدۇ. «مانجۇچە بەش تىللىق لۇغەت»تە 车轮 نى «چەرخ» دەپ تەرجىمە قىلغان. ئادەتتە يىپ ئېگىرىدىغان چارق (纺线车)مۇ «چاق» دېيىلىدۇ. بۇ نام ھازىرقى چاقىلىق بازىرىدىكى كونا شەھەرلىكتە بايقالغان چاقتىن كەلگەن، 1903 ـ يىلى ناھىيە مەركىزى مۇشۇ يەردە تەسىس قىلىنغانلىقتىن ناھىيەنىڭ نامىغا ئايلانغان.

**2. ۋاششەھىرى بوستانلىقى**

**كونا ۋاششەھىرى** چاقىلىق ناھىيە ۋاششەھىرى يېزىسىنىڭ ئالتە كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا بىر كونا شەھەر خارابىسى بار، بۇ خارابە كىشىلەر تەرىپىدىن كونا شەھەر ياكى ۋاششەھىرى كونا شەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ شەھەر قاچان گۈللىنىپ، قاچان ۋەيران بولغان؟ بۇ ھەقتە تارىخىي يازمىلارغا ئاساسلىنىدىغان بولساق، بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا مەۋجۇتلۇقىنى كۆرەلەيمىز. خەنزۇچە كىلاسسىك يازمىلارغا ۋە تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا 弩支城 بىر نام باشقا مەنبەلەردە كۆرۈلىدىغان دېگەن نام بىلەن تەلەپپۇز يېقىنلىقى بار، مەنبەلەردە مۇشۇ يەرلىكلەرنىڭ يۇرتىنى مۇشۇنداق ئاتايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن، بۇ سۆز لوپ ـ نوپ دېگەن

نام بىلەن يېقىنلىشىدۇ) دەپ يېزىلغان، بۇ شەھەر شۇندىن كېيىن قاچانلاردا ۋەيران بولغانلىقى نامەلۇم، ئەمما 8 ـ ئەسىرلەردە قايتىدىن گۈللەندۈرۈلگەن، مۇشۇ قېتىمقى گۈللەندۈرۈلگەندە «ياڭىبالىق» (新城) دەپ ئاتالغان. 8 ـ ئەسىردىكى قايتا گۈللەندۈرۈشتىن كېيىن تاكى 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ماتېرىياللار يوق. 646 ـ يىلى بۇ يەردىن ئۆتكەن راھىب تاڭ شۈەنزاڭ چەرچەندىن چىقىپ نوپ (纳缚波) (10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن نوپ دەپ تەرجىمە قىلىنغان) دېگەن ۋەيران بولغان شەھەردىن ئۆتكەنلىكىنى يازغان. مەيلى قانداق بولمىسۇن، 646 ـ يىلىدىن كېيىن قايتىدىن گۈللەنگەن لوپ قەدىمكى شەھىرى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە گۈللىنىپ، ناھايىتى مۇھىم شەھەرلەردىن بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ماتېرىياللار بار. ۋېنېتسىيەلىك سەيياھ ماركوپولو قۇملۇقتىن ئۆتىدىغان ياكى ئۆتۈپ بولغانلارنىڭ لوپ (LOP) شەھىرىدە يېتىپ بىر مەزگىل ئارام ئالىدىغانلىقى ياكى سەپەر تەييارلىقىنى قىلىدىغانلىقىنى يازغان. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بۇ يەردە رابات تەسىس قىلىنغان، شەھەرنىڭ نامى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 罗卜 دېيىلگەن، شۇ قېتىمدا رابات تەسىس قىلىنغان جايلاردىن چاقىلىق تەۋەسىدىكى شەھىرى كەتكىتىن باشقا چەرچەن ۋە خوتەنلەرمۇ بولغان. ئومۇمەن ئالغاندا، 11 ـ ~ 14 ـ ئەسىرلەرگىچە «لوپ» دېگەن نامدا گۈللىنىپ تۇرغان ۋاششەھىرى كونا شەھىرى ئاھالىلىرى خاقانىيە (840 ـ 1212) سۇلالىسى زامانىدا مۇسۇلمان بولۇپ بولغان. بۇنىڭغا ماركوپولونىڭ ساياھەتنامىسى ۋە زەرەتگاھلاردىن كېپەنلەنگەن جەسەتلەرنىڭ چىقىشى (مۇھەممەد مۇسا سارام تەمىنلىگەن ئۇچۇر) بۇنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. موڭغۇللار دەۋرىگە ئائىت يازمىلار، خاقانىيە سۇلالىسىنىڭ پۈلىنىڭ تېپىلىشى يۇرتنىڭ گۈللىنىپ تۇرغان ۋاقتىنىڭ مۇھىم دەلىلىدۇر. ئەمدىكى گەپ، شەھەرنىڭ قاچان ۋەيران بولغانلىقىدا، بۇ ھەقتە ئېنىق يازما ئۇچۇرلار يوق، لېكىن ئىلمىي پەرەز قىلغاندا، شەھەر نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ياكى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە ۋەيران بولغان. ۋەيران بولۇش سەۋەبى ھەققىدە پىروفېسسور ۋاڭ شۇچۇن كەلكۈن ۋەيران قىلغان دەپ قارايدۇ (مۇھەممەد مۇسا سارامنىڭ مەلۇماتىچە، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ۋاششەھىرى دەرياسى ۋە تاشساي دەرياسى ئېقىپ بۇ يەرگە كېلەتتى). مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئەينى زاماندا لوپ شەھىرى دەپ ئاتالغان، كۆلىمى نەچچە كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى (سانائىتى)، يېزا ئىگىلىكى، سودا راۋاجلانغان بۇ شەھەر 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇرۇن ۋەيران بولۇپ چۆل قالغان.

**ۋاششەھىرنىڭ ئاۋات بولۇشى چاقىلىق ۋە ۋاششەھىرنىڭ گۈللىنىشى** ھەققىدە خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن قىممەتلىك ئۇچۇرلار رىۋايەت خاراكتېرىدە ساقلىنىپ قالغان، لېكىن بۇ رىۋايەتلەر تەتقىقات يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى يېتەرلىك جەلپ قىلالمايۋاتىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، خوتەن كېرىيەدىن ئالتۇنتاغقا ئوۋغا بارغانلار

قايتىشىدا ئېزىپ، ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرىغا كېلىپ قالىدۇ ۋە ئۆزلىرى بىلمەيدىغان بۇ يۇرت خارابىسىدىكى يىپ ئېگىرىدىغان چاقلارنى كۆرىدۇ، ئۇلار داۋاملىق يۇرتىغا قاراپ مېڭىپ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان خارابە (ۋاششەھىرى كونا شەھىرى)گە كېلىپ قالىدۇ. ئۇلار يۇرتى كېرىيەگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزلىرى كۆرگەن تۈپرىقى مۇنبەت، سۈيى بار، لېكىن ئاھالە يوق يۇرت («يىپ ئېگىرىدىغان چاق بار يەر»)نىڭ ئەھۋالىنى يۇرتداشلىرىغا ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلاردىن پولات ئاتا باشلىق بىرقانچە ئائىلە بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشماقچى بولىدۇ ۋە ئۇلار كېلىپ سۇ باشلاپ، ئېتىز - ئېرىق بەرپا قىلىپ، ئولتۇراقلىشىپ ھايات كەچۈرۈشكە باشلايدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ يۇرت (چاقىلىق) قايتىدىن گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. بۇ ۋەقەلەرنى پىرژىۋالسكى (1876 - يىلى)، گابرىيېل بونۋالوت (1889 - يىلى)، سېۋىن ھېدىن، ستەيىن (1906 - ، 1914 - يىللىرى)، تاچىبانا زۇيچۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە «چاقىلىقنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» (1908 - يىلى)دىكى ئۇچۇرلار بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان بولساق، مىلادىيە 1810 - يىللار ئەتراپىغا، تېخىمۇ توغرىراق ئېيتقاندا 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 30 يىلىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاۋۋال چاقىلىق گۈللىنىدۇ، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىن ئۆزگىرىشى سەۋەبلىك دەريا، كۆل بويلىرىدا ياشاپ كەلگەن بىر قىسىم لوپلۇقلارمۇ كۆچۈپ كېلىپ يۇرتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەسسىنى قوشسا، تىكەنلىك (ھازىرقى 34 - تۈەن تۇرۇشلۇق يەر) قاتارلىق جايلار ئارقىلىق بىر قىسىم تۇرپانلىقلارمۇ كېلىپ يەرلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ چاقىلىق گۈللەنگەندىن كېيىن، تەخمىنەن 30 ~ 40 يىللار ئۆتكەندە ھازىرقى ۋاششەھىرى گۈللەندۈرۈلگەن، مۇشۇنداق بولغاندا ۋاششەھىرىنىڭ گۈللەندۈرۈلۈشى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسى ياكى كېيىنكى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى ۋاششەھىرىنى ئەڭ دەسلەپ گۈللەندۈرگۈچىلەر بولغان كېرىيەلىك تۇردى ۋاژ - ۋاژ ۋە ئوغلى تۇرسۇن ۋاژ - ۋاژلار كۆچەت تىكىپ، ئېرىق ئېلىپ، تېرىقچىلىق قىلغان («چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»دە 1871 - يىلى، ئەڭ دەسلەپ ئولتۇراقلاشقۇچى كېپەكۋاي ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى، دېيىلگەن). رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ۋاششەھىرى نامى ئەنە شۇ لەقەم ۋاژ - ۋاژدىن ئېلىنىپ ۋاژۋاژ شەھىرى دېيىلىپ، تەدرىجىي ۋاششەھىرى بولۇپ قالغان①. گەرچە 982 - يىلى نامەلۇم ئەرەب ئاپتور تەرىپىدىن پارسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم»دىكى kinrasav دېگەن جاي نامى بىلەن يېقىن كەلسىمۇ، يېتەرلىك ئىسپات بولمىغاچقا، يەنىلا ۋاژ - ۋاژلارنىڭ لەقىمىدىن كەلگەن دېگەن قاراشنى ياقلاپ تۇرمايمۇ ئامالىمىز يوق. تۇردى ۋاژ - ۋاژ ئاتا - بالا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن چاقىلىقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قازىسى رازاق موللام قاتارلىق ئالتە كىشى (رازاق موللام، تۇرسۇن شاڭيو، تۇرسۇن كاللەك،

---

① يەنە بەزىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ۋاششەھىرىدىن ئۆتكەنلەر بۇ يەردە ۋاژىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن پاشا - كۆمۈتىلارنىڭ كۆپ جاپاسىنى چېكىدىكەن، شۇنىڭغا بۇ جاينى قان شورىغۇچى جانلىقلارنىڭ ۋاژ - ۋۇژلىرىغا ئاساسەن «ۋاژۋاژ» شەھىرى دەپ ئاتاشقان، شۇ سۆز تەدرىجىي «ۋاششەھىرى» بولغان دەپ قارىغان. كەمىنە ئىلىم ھەقىرى يەنىلا ۋاژۋاژ لەقەملىكلەرگە باغلاپ مۇلاھىزە قىلىش مۇۋاپىق بولسا كېرەك، دەپ قارايمەن.

توختاخۇن سارام، ھەمدۇللاۋاي، ئىمىن ھاجىم شەيتان) قاتارلىقلار قۇرئان تۇتۇپ، يۇرت بەرپا قىلغىلى بارىمىز، كىم قايتسا خۇدانىڭ بەندىسى ئەمەس دەپ قەسەملىشىپ، رازاق موللامنىڭ باشچىلىقىدا ۋاششەھىرىگە چىقىپ يۇرت بەرپا قىلىشقا كىرىشكەن[1]. ۋاششەھىرىدىن مۇھەممەد توختى سارامنىڭ بايان قىلىشىچە، رازاق موللام (تۇرسۇن ھاكىم، ئوسمان شاكىيو[2]، سارىخان قاتارلىق ئەۋلادلىرى بولغان)نىڭ 6 ـ ئەۋلادى مەتتوختى تۆمۈر، توختاخۇن سارامنىڭ 5 ـ ئەۋلادى مۇھەممەد مۇسا سازام، تۇرسۇن شاكىيونىڭ تۇغقان ياكى ئەۋلادلىرىدىن مەتىمىن پالاق بار. رازاق موللام ۋاششەھىرىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى ئۈچۈن تاشساي دەرياسىنىڭ سۈيىنىمۇ باشلاپ كەلمەكچى بولغان ۋە 21 ئادەمنى باشلاپ سەپەرگە چىققان، ئارىسىدىن بىرەيلەن قۇملۇقتا يوقاپ كېتىپ قازا قىلغانلىقتىن بۇ ئىشمۇ توختاپ قالغان.

تۇردى ۋاڭ ـ ۋاڭ بىلەن بىر تۇغقان قېرىندىشى سامساقكام ۋاڭ ـ ۋاڭ بىرگە كەلگەن، سامساقكام ۋاڭ ـ ۋاڭ دائىم دولان راۋابى چالاتتى. تۇردىكام ۋاڭ ـ ۋاڭنىڭ ئوغلى تۇرسۇن ۋاڭ ـ ۋاڭنىڭ ئايشەمخان موللا، ھېنىپەمخان كاللەك دېگەن قىزلىرى بولغان. ۋاششەھىرى دەسلەپ گۈللەندۈرۈلگەندە، يېڭى ئۆستەڭنىڭ باش تەرەپلىرى سامساقكام ۋاڭ ـ ۋاڭنىڭ يەرلىرى بولۇپ ئۇلار سالغان دەرەخلەر ئىنتايىن چوڭ بولغان، بۇ ئورمانلار 1973 ـ يىلى كېسىۋېتىلگەن. رازاق موللىنىڭ يەرلىرى ھازىرقى ۋاششەھىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئېيتقاندا، جۇڭگو تېلېگرافىنىڭ نۇر كابېل ئۆيىنىڭ كۈنچىقىشىدىكى ئۆستەڭدىن باشلىنىپ، مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەرلىرى ۋە شۇ ئەتراپلار ئىدى. ھازىرقى يېزىلىق ھۆكۈمەت، پوچتا ۋە تېلېگراف پونكىتلىرى ئەتراپلىرى ناسىر ھاجىمنىڭ زېمىنلىرى ئىدى. ئورمان دېيىلگەن يەر قۇۋان شاكىيو، تۇرسۇن شاكىيولارنىڭ يەرلىرى ئىدى. تىراكتور پونكىتىنىڭ جايى ئوسمان شاكىيونىڭ يەرلىرى ئىدى. يېزىلىق ساقچىخانا، سودا كوپىراتىپىنىڭ جايلىرى ئوسمان شا قۇۋاننىڭ يەرلىرى ئىدى. رازاق موللامنىڭ يېرىنىڭ ئاستى تەرىپى تۇردىكام بومباي دېگەن كىشىنىڭ يەرلىرى ئىدى. كۈنپېتىشتىكى دەريانىڭ غەربى ئەينىدىن ئاكام دېگەن كىشىنىڭ يەرلىرى، ئۇنىڭ غەربى ۋاششەھىرىنىڭ باش مىرابى تۇردى مىراب دېگەن كىشىنىڭ يەرلىرى ئىدى.

**ۋاششەھىرىدىكى بەزى يەر ناملىرى ۋە ئەھۋاللىرى ھەققىدە**

**ھىممەت ئېرىق:** بۇ يەر ـ زېمىن ئەينى ۋاقىتتا مەھەللىسىگە تەۋە بولۇپ، ئەبەيدۇللا توختىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئولتۇراقلاشقان ئىدى.

**ئورمان:** ئوسمان شاكىيو تەرىپىدىن ئېچىلغان بولۇپ چوڭ بېغى بار ئىدى، ئوسمان شاكىيو شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن (جاڭ داجۇننىڭ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ

① رازاق موللامنىڭ يەرلىرىنى سۈغىرىش ئۈچۈن چاپقان ئۆستىڭى كېيىنچە «ئۇتتۇر ئۆستەڭ» دېيىلگەن، بۇ ئۆستەڭ بىرقانچە قېتىم كېڭەيتىپ چېپىلغان، شۇنىڭ بىلەن لەڭگەرلىكلەر، ئاياغ مەھەللە (مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى نامى يالقۇن 2 ـ ئەترەت)، قالماقدۆڭ مەھەللىسى يەرلىرى يېقىنغىچە شۇ ئۆستەڭ بىلەن سۇغۇرۇلغان.

② ئوسمان شاكىيو رازاق موللامنىڭ ئوغلى بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە قامىلىپ شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتكەن.

چاپقۇنلۇق 70 يىلى» ناملىق كىتابىدا، شىڭ شىسەي ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ تىزىملىكىدە چاقىلىقتىن ئوسمان شاگيو، سۇلايمان ھاجى، يۈسۈپ ئىسىملىك ئۈچ كىشى بار).

**تاللىق مەھەللىسى:** بۇرۇن قالماقدۆڭ دېيىلەتتى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ خىل ئاتاشنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقى بىلىنىپ، دۆڭنىڭ ئەتراپىدىكى توغراق كۆچەتلىرى بەلگە قىلىنىپ تاللىق مەھەللىسى دەپ ئاتالغان، بۇ مەھەللىدە ھەممىتكام قانجىق، ھەمدۇللا بايلار ئولتۇراقلاشقان. بۇ مەھەللىنىڭ قالماقدۆڭ دېيىلىشى بۇرۇنقى يىلى ئېنىق بولمىغان ۋاقىتتا، قالماقلار بۇ دۆڭنى نەچچە كۈن چۈشكۈن قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق ئاتالغان.

**يېڭىئۆستەڭ مەھەللىسى:** بۇ ئۆستەڭ بۇرۇن ۋاز - ۋاز ئېرىقى ياكى سامساق ئاكام ئېرىقى دېيىلەتتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا بىر مو يەرگە ئۈچ ئۇلاغدىن شاخ ۋەزىپە قىلىنىپ، ئىككى قاسىنقىغا شاخ بېسىلىپ يېڭىدىن ئۆستەڭ بەرپا قىلىنغان، شۇ ۋاقىتتىكى ۋاشىشەھىرىنىڭ يېزا باشلىقى ھېيتاخۇن (قادىر ھېيتىنىڭ ئاتىسى) قويغان ئىسىم بولسا كېرەك، شۇندىن باشلاپ يېڭىئۆستەڭ دەپ ئاتالغان.

**ئاقتاش مەھەللىسى:** بۇ مەھەللىنىڭ نامى ئاقتاش مازارنى بەلگە قىلىپ قويۇلغان، شۇڭا ئاقتاش مەھەللىسى دەپ ئاتالغان.

**ئۆتتۇر ئۆستەڭ:** ئۆتتۇر ئۆستەڭ ھەممىتكام قانجىق دېگەن كىشىنىڭ ئۆستىڭى بولۇپ، يۇرتنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەچكە، ئۆتتۇر ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان.

**شارۇق مەھەللىسى:** ئالغا 3 - ئەترەت بۇرۇنقى چاغلاردا شارۇق مەھەللىسى دېيىلەتتى، بۇ مەھەللىدە ئاساسلىقى مۇھەممەد شارۇق، روزىكام شارۇق دېگەن كىشىلەر تېرىقچىلىق قىلغان، بۇ نام شۇلارنىڭ لەقىمىدىن كەلگەن.

**شىنجيەن مەھەللىسى:** بۇ يەرنىڭ بۇرۇنقى نامى «ھېكىم ئۆلگەن» بولۇپ، چاقىلىق خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى تۆردى يىگىتنىڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ئارىسىدا ئۇرۇش بولغان، ئۇرۇش جەريانىدا شىنجيەننىڭ ئېچىق بېشىدىكى بىر دۆڭدە تۆردى يىگىتنىڭ قىسمىدىن ھېكىم دېگەن ئەسكەرنى خۇيزۇلار ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن «ھېكىم ئۆلگەن» دەپ ئاتالغان. 1966 - يىللاردىن كېيىن بۇ يەر گۇللەندۇرۇلگەندە يېڭىدىن قۇرۇلغان دېگەن مەنىدە شىنجيەن (新建) دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپى شورسۇلاغ دېيىلەتتى. ھازىرقى شىنجيەن 4 - ئەترەت ئەتراپلىرى بۇرۇن «بەلقاش» دېيىلگەن.

**ۋاشىشەھىرى توغرىسىدىكى بەزى يازما ئۇچۇرلار**

پىرژىۋالسكى 1885 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋاشىشەھىرىگە كەلگەن، شۇ ۋاقىتتا ئۇلار تۇرغان يەرنىڭ ئەتراپىدا ئالتە ئائىلە بولغان، تېرىلغۇ يېرى ئون نەچچە گېكتار ئىكەن (بىر گېكتار 15 موغا تەڭ بولۇپ 150 مودىن 200 موغىچە تېرىلغۇ يېرى بولغان). مۇشۇ مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ۋاشىشەھىرى ئەمدىلا گۈللىنىشكە باشلىغان يىللار بولۇشى مۇمكىن، دېيىشكە بولىدۇ. شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىشىچە «ھۆكۈمەتتىن

يىراقراق تۇرۇش» ئۇچۇن خوتەن ۋە كېرىيە تەرەپتىن كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىكەن[①].

1906 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ۋاشىشەھىرىگە كەلگەن ستەيىن «بۇ يەرگە ئەڭ دەسلەپ كەلگەن ئاشۇ كىشى، بۇندىن 30 نەچچە يىللار بۇرۇن، ئەڭ ئاۋۋال ۋاشىشەھىرى دەرياسىنىڭ يېنىدىكى يەرلەرنى ئىگىلىگەن، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ئۆزلىرى ئاچقان يەرلەرنى تېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئارىدىن 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن چاقىلىق ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرى يۇقىرىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، ئالدىن ئاشلىق، ئۇرۇقلۇق بېرىش ئارقىلىق نامرات دېھقانلارنىڭ يىراقتىن بۇ بوستانلىققا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا جەلپ قىلغان، ھوسۇل ياخشى بولمىسا ياكى قەرز قايتۇرۇش مەسىلىلىرى كېلىپ چىقسا بۇ دېھقانلار قېچىپ كېتىشنى ئويلايتتى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ بىپايان شەرقىي قىسمىدىكى بۇ بوستانلىقلار ئارىسىدا دېھقانلارنى تالىشىش رىقابىتى ئىنتايىن كەسكىن ئىدى، شۇڭلاشقا ۋاشىشەھىرىدەك مۇنداق چەت يەردە باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەرنىڭ تۇرۇپ قېلىشى ئاز ئۇچرايتتى. مەن بۇ يەرنى زىيارەت قىلىشتىن بىر ـ ئىككى يىل ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ نوپۇسى ئازلاپ بەش ئائىلىلا قالغان. بىراق ھازىر روزىبەگ ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ‹تەرەققىيات پىلانى›نى داۋاملىق ئىمزالاپ، تەخمىنەن 20 ئائىلىدەك ئاھالىنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ، پۇل خەجلەپ مېھمانساراي، ئامبار ۋە بازار قۇرغان...»[②] «چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ تەزكىرىسى»دە قانداق مەنبە ئاساس قىلىنغانلىقى مەلۇم بولمىسىمۇ، كېپەكۋاي دېگەن كىشىنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن ۋاشىشەھىرىگە بېرىپ 1871 ـ يىلى تېرىقچىلىق قىلغانلىقى يېزىلغان. ستەيىن كەلگەن 1906 ـ يىلىدىن ئۇ ئېيتقان 30 يىلنى ئېلىۋەتسەك، 1876 ـ يىلىغا يەنى پىرژېۋالسكىنىڭ تۇنجى قېتىم كەلگەن يىلىغا توغرا كېلىدۇ. ستەيىننىڭ «جۇڭگو ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە، ستەيىن ۋاشىشەھىرىگە كەلگەن 1906 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، شۇ يەرنىڭ بېگى بولغان كېپەكۋاي مەنسەپ كۇلاھىنى كىيىپ، ئوغۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، چوڭ بىر قاپاق سۈت ئېلىپ قارشى ئېلىشقا چىققان. ستەيىن مۇنداق دەپ يازغان: «كېرىيەدىن كەلگەن كېپەك بۇ يەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاھالىسى، 30 نەچچە يىل بۇرۇن ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ بوز ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ ئاتىسى بىلەن بىرلىكتە بوز ئاچقان، شۇندىن كېيىن بۇ يەر گۈللىنىشكە باشلىغان... ھازىر بۇ يەردە جەمئىي 20 ئائىلە تېرىقچىلىق قىلىدۇ، ئاتالمىش بەگمۇ بار...»[③]

1917 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋاشىشەھىرىگە كەلگەن باج ئەمەلدارى شيې بىننىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا 51 ئائىلە ئاھالە بولۇپ كۆپچىلىكى

① پىرژېۋالسكى: «لوپ كۆلىگە سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 163 ـ بەت.

② ستەيىن: «نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈش»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 259 ـ بەت.

③ ستەيىن: «جۇڭگو ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە»، باھار شامىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توم 332 ـ بەت.

خوتەن، كېرىيە، لوپ ناھىيەلىرىدىن كەلگەنلەر ئىكەن، تېرىلغۇ يېرى 1200 مودىن ئارتۇق بولۇپ 35 دەن ئاشلىق سېلىق تۆلىگەن. شاڭيونىڭ ئېيتىشىچە يەنە 10 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنى ئاچقىلى بولىدىكەن①.

1931 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى (شەنبە)، ستەيىن روزى بەگ (ئەسلى نۇسخىدا Roze دەپ يېزىلغان، Ghazak دېيىلىشى كېرەك ئىدى، دېيىلگەن. Ghazak غازاق دەپ ئوقۇلىدۇ، بۇ بەلكىم رازاق دېگەن ئىسمىنىڭ خاتا يېزىلىشى بولۇشى مۇمكىن) ئاچقان بىر يېڭى يول بىلەن بەلقۇمنىڭ ئېتىكى بىلەن شەرققە يۈرۈپ، ئۇلاش توغراقلىقلار ۋە ئىككى قۇرۇق ئېقىندىن ئۆتۈپ يېڭى تېرىقچىلىق رايونى ئىچىدىكى ئازادە، كۆركەم هويلىغا ـــ روزىبەگنىڭ قورۇ ـ جايىغا كەلگەن. ستەيىن روزىبەگنى بۇ يەرنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ تىلغا ئالغان②. ئۇ: «ۋاشىشەھىرى 1906 ـ يىلىدىكى 15 ئادەمدىن تەرەققىي قىلىپ هازىرقى 200 نەچچە ئائىلىلىككە يەتكەن، ئىنتايىن تېز كۆپەيگەن. روزىبەگ بۇ يىل 81 ـ 82 ياشلاردا بولۇپ، قايتا قۇرۇلغان بۇ يېڭى شەھەرنىڭ بەرپاچىسى بولۇپ، ئىززەت هۆرمىتى زىيادە ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ئۇزۇملۇك چوڭ بېغىنى ۋە تۈگمىنىنى زىيارەت قىلدىم. رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئاھالىلەر بازار ئاتالغان كوچىدا قىستىلىشىپ يۈرەتتى، ئۇلار مېنى باشلاپ كونا ئاشلىق ئامبىرىنى زىيارەت قىلدۇردى؛ 1906 ـ يىلى بۇ يەردىكى بىردىنبىر ئىمارەت ئىدى»③ دەپ يازغان.

ۋاشىشەھىرى ھەققىدىكى ئېغىزچە ئۇچۇرلار بىلەن يازما ئۇچۇرلارنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، هازىرقى ۋاشىشەھىرىدە تەخمىنەن 1860 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئادەم ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭدىن نەچچە ئون يىل ئىلگىرى كېرىيەلىك ئوۋچىلار تەرىپىدىن بايقالغان كونا شەھەر شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئوۋچىنىڭ لەقىمى ۋاز ـ ۋاز بىلەن ئاتالغان. ئوۋچىلار يۇرتىغا كېلىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن بىر بۆلۈك ئاھالە بۇ يەرگە كەلگەن ۋە «چاقىلىق» ئاتالغان جايدا ئولتۇراقلاشقان. يازما ئۇچۇرلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، كېرىيە كەلگەن كېپەكۋاي 1871 ـ يىلى هازىرقى ۋاشىشەھىرى ئەتراپىدا ئۈچ ئوغلى بىلەن يەر ئاچقان، ئەمما ئاھالە كۆپەيمىگەن. ۋاشىشەھىرىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشىدە ئەڭ دەسلەپ ئولتۇراقلاشقانلار ۋاز ـ ۋاز جەمەتى ۋە كېپەكۋايلار بولغان، ئەمما گۈللىنىش ئانچە تېز بولمىغان. پىرژىۋالسكىنىڭ يازغىنىغا قارىغاندا، 1885 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئالتە ئائىلە ئەتراپىدا ئاھالە بولغان. بۇ ۋاقىتلاردا كېپەكۋاي بۇ

① شيې بىن: «شىنجاڭغا ساياھەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 187 ـ بەت.

② ۋاشىشەھىرىنىڭ گۈللىنىشىدە چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان رازاق ئاخۇنۇم موللا تۆمۈر ئىسىملىك كىشىنىڭ ئوغلى ئىدى، بەزى مەلۇماتلاردا ئۇنى ۋاشىشەھىرىگە شاڭيو بولغان دېيىلىدۇ. ئۇچۇرلارغا قارىغاندا ئۇ كېرىيە قالۇق ئۆستەڭلىك موللا تۆمۈرنىڭ ئوغلى بولۇپ 1932 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ۋاشىشەھىرىدە قازا قىلغان، چاسا مۆھۈرگە رازاق ئىبنى موللا تۆمۈر دېگەن خەتلەر بولغان، ۋاشىشەھىرىدە ئەۋلادلىرى هېلىمۇ بار، دېگەن ئۇچۇرلار مەلۇم. ستەيىننىڭ يۇقىرىقى ئۇچۇرىغا قارىغاندا، رازاق ئاخۇنۇم 1825 ـ يىلى ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولسا كېرەك، دېگەن يەكۈنگە كېلىمىز، شۇنداق بولغاندا بۇ كىشى 100 ياشتىن هالقىپ قازا قىلغان بولىدۇ.

③ ۋاڭ جىچىڭ: «ستەيىننىڭ 4 ـ قېتىملىق جۇڭگو ئارخېئولوگىيەسى خاتىرىسىنى تەھقىقلەش»، گەنسۇ مائارىپ نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 415 ـ بەت.

جاينىڭ بېگى سۆپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. گەرچە ھۆكۈمەت ئۆزلىرىنىڭ باج ـ سېلىقىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، باشقا يۇرتتىن بۇ يەرگە تېرىقچى جەلپ قىلغان بولسىمۇ ئۇنۇمى ئانچە ياخشى بولمىغان. 1903 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ يەردە پەقەت بەش ئائىلىدەك ئاھالە قالغان. 1905 ـ يىللىرى ئەتراپىدا چاقىلىقتىن رازاق موللا (سىتەيىن يازغان روزبېگ ۋە Ghazak مۇشۇ كىشى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن) باشلىغان، ئالتە قەسەمداش بىلەن بىرگە 20 ئائىلىدەك كىشى كېلىپ، بۇ يەرنى گۈللەندۈرۈشكە باشلىغان. رازاق موللىنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولغانلىقتىن كاتتا ئىززەت ـ ھۆرمەت تاپقان، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىمۇ زور گۈللىنىش بولغان. جۈملىدىن 1931 ـ يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنا 20 نەچچە يىلدا بۇ يەردىكى ئاھالە كۆپىيىپ 200 ئائىلىدىن ئاشقان، بۇ يەردە بازارمۇ بارلىققا كەلگەن. شۇندىن كېيىن ۋاشىھەرىنىڭ گۈللىنىشى تېز بولغان.

### 3. مۇران بوستانلىقى

ھازىر دۇنيادا «مۇران» دەپ ئاتىلىدىغان جايدىن ئوتتۇز نەچچىسى بار، ئىتالىيەنىڭ 2 ـ چوڭ شەھىرىمۇ خەنزۇ تىلىغا 米兰 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، بەزىلەر مۇران كونا شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان قاناتلىق پەرى رەسىمىدە قەدىمكى گرېك سەنئىتىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى ھېس قىلغان ھامان ئىتالىيەنىڭ بۇ 2 ـ چوڭ شەھىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ، ئەمما ئېلىمىزدە مۇران نامىلانغان جايلار بۇلا ئەمەس. شىنجاڭدا قارا مۇران دەرياسى (چەرچەن)، مۇران دەرياسى، مۇران بوستانلىقى، مۇران كەنتى (پىچاندا)، كۆك مۇران دەرياسى (چەرچەن) بولغاندىن سىرت، ئوتتۇ مۆرۆن (چىڭخەيدە)، شەرقىي شىمالدا مۇلىنجاڭ (ئەمەلىيەتتە بۇمۇ مۇران نامىنىڭ باشقىچە تەرجىمىسىدىن ئىبارەت) دەرياسىغا ئوخشاش بىرقانچىسى بار. ئۇنداقتا مۇران نامى قانداق كېلىپ چىققان؟ بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى قەيەردىن ئىزدەيمىز؟ ئامېرىكىدىنمۇ ياكى ياۋروپادىن؟... ياق، خەلقىمىزدە «ئىسمى ئىگىسىدىن كېلۇر» دەيدىغان سۆز بار، شۇڭا بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ئالدى بىلەن مۇشۇ زېمىندا ياشاپ مۇشۇ زېمىننى گۈللەندۈرگەن ئۇيغۇر خەلقىدىن ئىزدەيمىز.

ئۇيغۇر خەلقى جايلارغا ئىسىم قويۇشتا شۇ جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. يۇقىرىدا كۆرگەن ئىسىملاردىن مۇران دەرياسى، قارا مۇران دەرياسى، كۆك مۇران دەرياسى، قارامۆرۆن، مۇلىنجاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دەريا بىلەن باغلانغان، بۇ ناملارنىڭ سۇ بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى بارمۇ؟ بار، خەلقىمىزنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»نى ئوقۇيدىغان بولساق، «مۇران» دېگەن سۆزنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بىرنى مىسال قىلساق، «ئىتىل دېگەن مۇرانغا كەلتى (ئىتىل دېگەن دەرياغا كەلدى)»[1] دېيىلگەن. شۇ مەتىندىكى «ئىتىل مۇران» ھازىرقى ۋولگا دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن خەنزۇ تىلى بىلەن

[1] «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ــ ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 33 ـ بەت.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىپلىشتۇرما لۇغىتى بولغان «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»دە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ 江 «مۆران» (ئۇيغۇرچە)، 莫连 (تەلەپپۇزى) دەپ؛ 河 نى بولسا «ئۆگۈز»، تەلەپپۇزى 午库思، دەپ ئىزاھلىغان①. ھازىر چاقىلىق ناھىيەسىدە مۆران نامىنى مىرەن دەپ تەلەپپۇز قىلىش ھازىرقى خەنزۇچە تەرجىمە 米兰 نىڭ تەسىرىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن.

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، سەلەڭگا دەرياسى قەدىمدە «سەكىز مۆران» دەپ ئاتالغان.

شەرقىي سىبىرىيەدىكى ياقۇت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى بىر كان شەھىرىمۇ مۆران ناملانغان. ياقۇتلارمۇ تۈركىي تىللىق خەلق، تارىم ۋادىسىنىڭ تارىخىدىكى ساكلار بىلەن مەنبەداش بولغاچقا ئۆزلىرىنى ساك دەپمۇ ئاتايدۇ. مۆران، مىرەن، مۆرەن ناملىرى تۈركىي مىللەتلەردىن بولغان سېرىق ئۇيغۇر (يۇغۇر) ۋە سالار تىللىرىدا ھازىرمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسىدىمۇ قوللىنىلماقتا.

ھازىرقى زامان سېرىق ئۇيغۇر (يۇغۇر) غەربىي قىسىم تىلى (تۈركىي تىل)دا [m ε ren] مەنىسى دەريا②. تۈركىي خەلق سالارلار خۇاڭخې دەرياسىنى [mor ε n - mur ε n]③، دەپ ئاتايدۇ. «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»دە يېزىلىشىچە، 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار خۇاڭخې دەرياسىنى Karamouren، دەپ ئاتىغان. ئەرەب مۇئەللىپى مەھمۇد بىن ئۆمەر زەمەخشەرى (175 ـ 1144) يازغان «مۇقەددىمەتۇل ئەدەپ» ناملىق ئەسەردە موڭغۇلچە mören گە دېگىز، دەريا دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. 16 ـ ئەسىردە ياشىغان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي» كىتابىنىڭ 2 ـ تومىدا «كۆلنىڭ بىر تەرىپىدىن ئېقىپ چىققان چوڭ بىر دەريا جۇڭگونىڭ قاراموراني دەپ ئاتىلىدۇ»④ دەپ يازغان.

ئىتالىيەنىڭ 2 ـ چوڭ شەھىرىنىڭ نامىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى 米兰 بولسىمۇ، شۇ يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن⑤ Monaliدەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ۋېنېسۇئېلانىڭ شىمالىدىكى ئوبلاست بولسا⑥ Madnari دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ نامالارنىڭ شۇ يەرلىك خەلق تىلىدىكى تەلەپپۇزىدا پەرق بولۇپ باشقا تىلدىكى تەرجىمىسىنى ئاساس قىلىپ ئوخشاش دەپ قاراش مۇۋاپىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئېيتىش مۇمكىنكى، چەت ئەللەردىكى بۇ نامالارنىڭ جۇملىدىن ئالتاي تىل سىستېمىسىدىن سىرت تىللاردىكىلىرى بىلەن يۇرتىمىزدىكى مۆران نامىنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوق.

① خۇاڭ جېنخۇا، خۇاڭ رۇنخۇا: «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 33 ـ بەت.

② لېي شۇەنچۇن تۈزگەن: «غەربىي يۇغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، سىچۈەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 83 ـ بەت.

③ لىن لىيەنيۈن تۈزگەن: «سالارچە ـ خەنزۇچە، خەنزۇچە ـ سالارچە سۆزلۈك»، سىچۈەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 35 ـ بەت.

④ مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆرەگان: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرىنىڭ تارىخى — تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ كىتاب، 375 ـ بەت.

⑤ ⑥ «دۇنيا يەر ناملىرى لۇغىتى»، شاڭخەي قامۇس كىتابلار نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

ئەسلىدە بۇرۇنقىلار دەريانى ئۆگۈز دېگەندىن باشقا يەنە مۇران، مۇرەن دەپمۇ ئاتىغان. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇددى ئۆگۈز نامى ئۇنتۇلغاندەك مۇران نامىنىڭمۇ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۇنتۇلۇپ، كېيىنكىلەرگە دەريانىڭ نامىدەك مىراس قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا يەنە «دەريا» سۆزى قوشۇلۇپ ئاتىلىدىغان بولغان، شۇڭا مۇران دەرياسى، قارامۇران دەرياسى، كۆك مۇران دەرياسى ناملىرى شەكىللەنگەن. قارا دەريا ئاتالغان قارامۇران (قارا ــ ئۇلۇغ، شىمال دېگەنگە ئوخشاش كۆپ مەنىگە ئىگە)، قارامۇران دەرياسى بولۇپ قالغان. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مۇران ~ مۇرەن ~ مۆرەن ناملىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ «دەريا» دېگەن مەنىگە ئىگە، بۇ تۈركىي تىلىغا خاس لېكسىكا بولۇپ تىلىمىزدا ناھايىتى قەدىمدىن باشلاپلا قوللىنىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا دوكتور ئابدۇلئەھەد ئابدۇلرەشىد بەرقى شەخسىي سۆھبىتىمىزدە[①] ناھايىتى مەنپەئەتلىك پىكىر بەردى. دوكتورنىڭ قارىشىچە بولغاندا، بۇ نامنىڭ كېلىپچىقىش نېگىزى تۈركىي سۆز بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ياغمۇر (يامغۇر) بىلەن باغلاپ چۈشەنگەندە، ئېتىمولوگىيەسىنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكەن. دەرھەقىقەت، «ياغمۇر» ياغ + مۇر دىن ياسالغان، بۇ زامانىمىزغا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ يامغۇر بولۇپ يېتىپ كەلگەن، بۇ قاراش بۇ نامنىڭ كېلىپچىقىشىدا سۇنىڭ مەنبە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھازىرقى 36 ـ تۇەن تۇرۇشلۇق جايدىكى مۇران بازىرى ئەتراپلىرى بۇرۇندىن مۇران ياكى مۇرەن دەپ ئاتالغان. مۇران نامى يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن قالغان ئاتالغۇ، ھازىر قومۇل شېۋىسىدە، سېرىق ئۇيغۇرلار ـ يۇغۇر ۋە سالار تىللىرىدىمۇ ساقلىنىپ قالغان. ئادەتتە مۇران ـ مۇرەن ـ مۆرەن دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. س. ي. مالوف رۇسچە كىتابىدا MupaH ، ستەيىننىڭ كىتابىدا Mnari دەپ تەلەپپۇز خاتىرىسى قىلىنغان، بۇ سۆز «ئوغۇزنامە» قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردە دەريا دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. قاراقوشۇن لوپلۇقلىرى خوتەن دىيالېكتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن «مىيەن» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلغان. قاراقوشۇن كۆلىنىڭ سۇيىنىڭ ئازلىشى بىلەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى كۆل بويىدىكى بىر قىسىم لوپلۇقلار مۇران بوستانلىقىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. ستەيىننىڭ بايانى بويىچە ئېيتساق، ئابدال مەھەللىسى چۆل قېلىشتىن بۇرۇنلا جاھانساي دەرياسى (مۇران دەرياسىنىڭ باش قىسمى) بويىدا مەھەللە بەرپا قىلىپ تېرىقچىلىق قىلغان، ئەمما بىلىقچىلىقنى تاشلىمىغان. 1928 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە مۇران رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغان بېرگماننىڭ يېزىشىچە، شۇ ۋاقىتتا مۇراندا 30 ئۆيلۈك لوپلۇق ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار يېقىنقى ۋاقىتلاردا كۆچۈپ كېلىپ ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇلار ئەسلىدە ئابدال مەھەللىسىدىكى كىشىلەر ئىدى، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى ئازايغانلىقى ياكى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن

① 2013 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چاقىلىقتىكى سۆھبىتىمىزدىن.

كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. كۇنچىققان بەگنىڭ ئوغلى (شۇ رايوندىكى لوپلۇقلارنىڭ ئاخۇنى) سىتەيىن قاتارلىقلارغا يول باشلىغۇچى بولغان توختاخۇننىڭ قوغۇن، ئۈزۈم، گۈلە قاتارلىق نەرسىلەردىن خېلى كۆپ (بىرگمان بىزگە بىر ئاي يەتكۈدەك، دەپ يازغان) ئېلىپ بىرىپ كۈتۈۋالغانلىقىغا قارىغاندا، ماددىي مەئىشىتى خېلى بېيىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەينى ۋاقىتتا مىران بىلەن چاقىلىق ئارىسى ئىككى كۈنلۈك، مىران بىلەن ئابدال ئارىسى بىر كۈنلۈك يول ئىدى. مىران ئەينى ۋاقىتتا لوپلۇقلار تەرىپىدىن Miran tarim (ئەينى زامانلاردا ئەندىر دەرياسى ئەندىر تارىم دەپمۇ ئاتالغانلىقىدىن، شۇ زامان كىشىلىرىنىڭ تارىم نامىنى دەريا ياكى تارام مەنىسىدىمۇ قوللانغانلىقىنى پەرەز قىلىمىز) دەپ ئاتالغان. 1914 - يىلىغا كەلگەندە يېڭى ئابدالنىڭ بېگى نۇرمۇھەممەد يۈرت بېگى بولۇپ تۇرغان. 1941 - يىلىدىكى چاقىلىق باج ئىدارىسى باشلىقىنىڭ دوكلاتىدىن قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا مىراندا 38 ئۆيلۈك، 380دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى، تېرىلغۇ يېرى 2283 مو ئىكەنلىكى يېزىلغان. 1944 - يىلى گومىنداڭ پىرقىسى باۋ - جىيا تۈزۈمى بويىچە مىراننى باۋ قىلىپ باشقۇرغان. 1950 - يىلى مىراندا چاقىلىق ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مىران يېزىسى تەسىس قىلىنغان. 1958 - يىلى 10 - ئايدا مىران يېزىسى «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» (يۆجىن) خەلق كوممۇنىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1959 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بۇ يەردە شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مىران دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان، كوممۇنا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن. 1965 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيەسى دېھقانچىلىق 2 - شىسى مىران دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان، شۇ يىلى باشقا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىدىن ئادەم يۆتكەپ كېلىنىپ نوپۇسى 4889 غا يەتكەن. 1966 - يىلى يىلى 11 - ئايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىگە تەۋە دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى 428 ئادەم، 2000 تۇياق چارۋا بىلەن دېھقانچىلىق 2 - شىسى دېھقانچىلىق مەيدانىغا قوشۇۋېتىلگەن. 1969 - يىلى 9 - ئايدا 36 - تۇەن دەپ ئۆزگەرتىلگەن. مىران تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار مىللىي لىيەن دەپ ئاتىلىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىر يېڭى مەھەللىگە كۆچكەنلىكتىن، ئولتۇراقلاشقان يېرى مىللىي يېڭى مەھەللە (民族新村) دەپ ئاتىلىدۇ، 36 - تۇەننىڭ باشقۇرۇشىدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

**4. يېڭىسۇ**

كونا يېڭىسۇ ھازىرقى تىكەنلىك يېزا يېڭىسۇ چارۋىچىلار مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ شەرقىي مېرىدىيان ″25.6′56°87قا، شىمالىي پاراللېل ″01.2′24°40قا جايلاشقان (مەسچىت خارابىسىدە ئۆلچەنگەن)، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 828.4 مېتىر، 200 مېتىر جەنۇبىدا تارىم دەرياسى (يەرلىكلەر ياركەنت دەرياسى دەيدۇ)، شىمالىدىكى دۆلەت 218 - تاشيولىغا 3.5 كىلومېتىر، جەنۇبىدىكى چاقىلىق ناھىيە بازىرىغا 154

كىلومېتىر، غەربىي شىمالىدىكى داشكۆل سۇ ئامبىرىغا 37 كىلومېتىر، 35 ـ تۇەن مەيدانىغا 34 كىلومېتىر كېلىدۇ. يېڭىسۇ نامىنىڭ كېلىپچىقىشى ۋە تەۋەلىكى ھەققىدە پېشقەدەم مائارىپچى، مەرھۇم ئىبراھىم سەيدۇللا «يېڭىسۇ قەدىمكى زاماندا قاراكۆل دەپ ئاتالغان. بۇ توغرۇلۇق كونا يېڭىسۇلۇق پېشقەدەملەر شۇنداق دېيىشىدۇ. قاراكۆلگە كېلىدىغان سۇ بىر مەزگىل توختاپ كەتكەندىن كېيىن، تارىمنىڭ سۈيى قايتىدىن ئۇلغىيىپ، چۆل قالغان زېمىن قايتىدىن كىشىلەرگە ھايات بەخش ئەتكەن. مۇشۇ ئىشلارغا ئاساسەن كىشىلەر ئارىسىدا ‹يېڭى سۇ كەلدى› دېگەن خەۋەر قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ، ئۆز يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ كەتكەن قاراكۆللۇكلەر، قايتىدىن ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي ‹يېڭىسۇ› دېگەن نام بىلەن ئاتالغان...»[1] دەيدۇ. ۋەقەشۇناس مۇھەممەد ئوسماننىڭ بايان قىلىشىچە، ھازىر تاشلىنىپ كەتكەن يېڭىسۇ يەنى كونا يېڭىسۇنىڭ ئۈچ كىلومېتىر غەربىدە يەنە بىر مەھەللە بار[2]، ئۇ يەرمۇ كونا يېڭىسۇ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇرۇن ئەنە شۇ كونا يېڭىسۇغا كېلىدىغان سۇ توختاپ كەتكەن ۋە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سۇ كەلگەن، شۇ سەۋەبلىك يېڭىدىن سۇ كەلگەن جاي دېگەن مەنىدە «ياڭىسۇ» دەپ ئاتالغان. ھازىرقى كۆندە گەرچە مەخسۇس تەكشۈرۈشلەر بولمىغان بولسىمۇ، كونا يېڭىسۇ دېگەن جاي نامىنىڭ بولۇشى يېڭىسۇلۇقلارنىڭ ئەسلىي ماكانىنىڭ ھازىرقى كونا يېڭىسۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچ كىلومېتىر غەربىدىكى كونا يېڭىسۇ ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بەزى يېڭىسۇلۇقلار تاكى يېقىنغىچە قاراكۆل نامىنى قوللىنىشى، يېڭىسۇ نامىنىڭ سەل كېيىنرەك بارلىققا كەلگەنلىكىنى، بەلكىم 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىش بولۇشى ئېھتىماللىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ جاي 1800 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، كېيىن دېگەندىمۇ 1850 ـ يىللاردا مەھەللە بولغان. 1880 ـ يىلى سىزىلغان «تۇرپان كارىزلىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى»دە 寅乌苏 دەپ خاتىرىلەنگەن. ۋەقەشۇناس مۇھەممەد ئوسمانمۇ ئاڭلىغان ـ بىلگەنلىرىگە ئاساسلىنىپ 1850 ـ يىللىرى ئەتراپىدا مەھەللە بارلىققا كەلگەن، دەپ قارايدۇ. شەرقشۇناس مالوفمۇ 1914 ـ يىلى JlaHb cy (ياڭى سۇ) دەپ خاتىرىلىگەن. لوپلۇقلارنىڭ مەشھۇر بەگلىرىدىن ئىسلامبەگ ۋە ئەمەتبەگنىڭ قەبرىسى كونا يېڭىسۇ مەھەللىسىگە جايلاشقان. يېڭىسۇ نامىدا ئۈچ مەھەللە بار، بۇلارنىڭ بىرى ھازىر دېيىلىۋاتقان كونا يېڭىسۇ (بۇ جايدا توغراقلىق مەھەللىسى — جەنۇب تەرەپ — ۋە ئىسلام بەگنىڭ مەھەللىسى، يەنى بەگ مەھەللىسى — شىمال تەرەپتە — دىن تەشكىل تاپقان)، ئۇنىڭدىنمۇ كونا يەنە بىر مەھەللە — كونا يېڭىسۇ (باش مەھەللە) ئۇنىڭ غەربىگە ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. ھازىرقى دۆلەت تاشيولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان يېڭىسۇ 3 ـ يېڭىسۇ ھېسابلىنىدۇ. يېڭىسۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنى

---

① ئىبراھىم سەيدۇللا: «يېڭىسۇنىڭ تارىخى ھەققىدە»، «چاقىلىق تارىخ ماتېرىياللىرى (1)»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى چاقىلىق ناھىيەلىك كومىتېتى 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② مۇھەممەد ئوسمان ئاكىنىڭ يول باشلىشىدا يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇ مەھەللىگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ كەلدۇق، ھازىر يۇلغۇنلۇق دۆڭدىكى مازارلىقى، ئازراق ئۆيلەرنىڭ ئىزناسى ۋە گۈمبەز قاتارلىق ئازلا ئىزنالار ساقلىنىپ قاپتۇ.

باشقۇرغان بەگلەردىن جانقۇلي بەگ (جاھانقۇلى بەگ؟)، ئوغلى قۇربان سوپىبەگ، قۇربان سوپىبەگنىڭ ئوغلى ئەمەتبەگ، ئۇندىن كېيىن ئىسلامبەگ (چاقىلىقتا ئۆتكەن قۇربان غوجابەگ بىلەن دەۋرداش)، ئۇندىن كېيىن ئىبراھىم شاڭيو ۋە ئەمەت شاڭيو دېگەن كىشىلەر ئۆتكەن.

1917 ـ يىلى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان شيې بىننىڭ «شىنجاڭغا ساياھەت» ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە، ئۇ 1917 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يېڭىسۇغا كەلگەن ۋە ئەتىسى يولغا چىققان. ئۇ «ئەتىگەن سائەت بەشتە يېڭىسۇدىن يولغا چىقتۇق. غەربىي شىمالغا يۈرسە بىپايان كۆدەيلىك كۆل بولۇپ مەھەللە ـ كەنتلەر ئۇزۇلمەيدىكەن. 12 يول يۈرسە ئاراتارىم دەرياسىغا بارىدىكەن، بۇ تارىم دەرياسىنىڭ تارامى بولۇپ شەرققە ئېقىپ كۆنچى دەرياسىغا قوشۇلىدىكەن. سۇ ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە سۈزۈك ئىكەن. دەريانىڭ كىچىك توسمىسى بولۇپ توسمىنى بويلاپ ئۆتىدىكەن، توغراق ۋە يۇلغۇنلار قاشنى سىيپاپ تۇرىدىكەن، شۇنداق مەنزىرىلىك. 30 يول يۈرسە چاقىلىق ـ كۆنچى ناھىيەلىرى مۇشۇ يەردە ئايرىلىدىكەن، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەرەخ ياغاچلىرى بار دۆڭ بەلگە ئىكەن. 28 يول يۈرسە دۆرال شەھىرىگە بارىدىكەن...»[①] دەپ يازغان. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، چاقىلىق ناھىيەسى بىلەن لوپنور ناھىيەسىنىڭ ئارىسىدىكى ھازىرقى پاسىل، 1908 ـ يىلى ئەتراپىدا سىزىلغان خەرىتە بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان. مۇشۇ ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى پاسىل ھازىرقى 34 ـ تۇەن تەۋەسىدىكى دۆرال خارابىسىنىڭ 14 كىلومېتىر جەنۇبىدا بولغان، شۇ ۋاقىتتا بەش تۇپا دۆڭ بەلگە قىلىنغان. تارىم دەرياسىنىڭ شەرققە ئېقىپ كۆنچى دەرياسىغا قۇيۇلغان ئېقىنىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولغان. شيې بىننىڭ خاتىرىلىشىچە، ئۇلار ئارغاندىن چىقىپ تارىم دەرياسىدىن ئۆتۈپ (يەرلىكلەر يەكەن دەرياسى دەيدۇ، دەپ يازغان) غەربىدىنرەك شىمالغا يۈرگەن، بۇرۇلۇپ غەربىي شىمالغا (ئوڭ تەرەپتە كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى كۆرۈنۈپ تۇرغان) 15 يول ماڭغاندىن كېيىن مازارلىققا كەلگەن. بۇ يەردە بىر كۆدەيلىك بولۇپ كەڭلىكى 30 ـ 40 يول كېلىدىكەن، يېڭىسۇلۇقلار كۈزدە ئوسا قىلىپ بۇغداي، قوناق تېرىغان. ئوسا قىلغۇچىلار ئېقىنىنىڭ باش تەرەپلىرىدە تېرىقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەتىياز ۋە ياز كۈنلىرى بۇ تۈزگە سۇ كەلمەيدىكەن. شۇڭا بۇ يەردە پەقەت كۈزدە ئوسا قىلىپ، ئەتىيازدا ئۇرۇق چاچسا، يازدا ھوسۇل يىغىدىكەن. 40 يول يۈرسە تۇغ مەھەللىسى بولۇپ بىر نەچچە ئېغىز لاي تاملىق ئۆي بولۇپ پوچتا ئۆتەڭگى ئىكەن. ئالدى تەرەپتە دەريانىڭ قۇرۇق ئېقىنى بولۇپ سۇ كەلگەن، سۇ ھەتتا يول بويىغىچە كەلگەن، دەسلەپ ئۇلار كۆنچى دەرياسىمىكىن دەپ قالغان. بۇ دەريا تۇغ مەھەللىسىنىڭ 20 ـ 30 يول شىمالىدا بولۇپ، 40 ـ 50 يول ئېقىپ كۆنچى دەرياسىغا قۇيۇلغان. دەريانىڭ سۈيىنى ئېچىشكە بولىدىكەن، يېنىدا تۈگمەن بار، تۈگمەننىڭ ئارقىسىدا خېلى ياخشى سېلىنغان خېلى كۆپ ئۆي خارابىلىرى بارلىقىنى كۆرگەن، بۇ يەردىن غەربىي شىمالغا، كۆپرەك

① شيې بىن: «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

غەربكە يۆرگەن. يەنە 10 نەچچە يولدا دەريانىڭ بۇرۇنقى قۇرۇق ئېقىنىغا سۇ كەلگەن... 40 يول يۇرسە توغراق بىلەن قاپلانغان ئابدال كۆلگە بارىدۇ. يەنە 10 يول ماڭسا يېڭىسۇ مەھەللىسى بولۇپ 77 ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى. دېمەك، 1917 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېڭىسۇدا 77 ئۆيلۈك (ھەر ئۆيدە بەش جان بار دېسەك 400 گە يېقىن ئادەم بار) مەھەللە بولغان[1]، ئۇ يەردىن غەربىي شىمالغا ماڭسا خېلى كۆپ مەھەللىلەر بارلىقى سۆزلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، يېڭىسۇنى مەركەز قىلغان ھالدا خېلى كۆپ ئاھالە بولغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئەمما يېڭىسۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنىڭ بۇنداق گۈللىنىشى ئۇزۇنغا بارمىغان، 1921 ـ يىللىرى ئەتراپىدا تارىم دەرياسى شەرققە ئېقىپ كۆنچى دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنىغا قوشۇلۇپ كىروران لوپ كۆلگە قاراپ ئاققانلىقتىن، بۇ يەرگە كېلىدىغان ئېقىنى ئازلاپ كەتكەن، ھەتتا ئۇزۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىققان، بىر قىسىم ئاھالىلەر بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىپ بۇ يۇرتلار چۆلدەرگەن، شۇڭلاشقا 1928 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ بېشىغا كەلگەندە ئاران 25 ئۆيلۈك ئاھالە قالغان، ستەيىننىڭ 1930 ـ، 1931 ـ يىللىرىدىكى سەپەر خاتىرىلىرى بۇ تەرىپىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تارىم دەرياسىغا يەنە سۇ كەلگەنلىكى ئۈچۈن قايتىدىن ئاۋات بولغان. 1950 ـ يىلىدىكى نوپۇسى ھەققىدە بەزى ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، 147 ئۆيلۈك 648 نوپۇس بار، دېيىلگەن. يېڭىسۇلۇق تۇردى ئابلانىڭ ئەسلىمىسىدىن قارىغاندا[2]، يېڭىسۇدىكى مەسچىتكە 3 ـ 4 يۈز ئادەم سىغقۇدەك چوڭلۇقتا بولغانلىقىدىن قارىغاندا مەھەللىدىكى ئاھالىنىڭ 1000 دىن ئاشىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

يېڭىسۇ ئاھالىلىرى كۆچمەن ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە بېلىق تۇتۇشنى قوشۇمچە قىلىپ ھايات كەچۈرگەن، 1908 ـ يىلىدىكى يېڭىسۇدا باج تۆلەيدىغان ئاھالە 496 ئائىلە بولۇپ تېرىلغان يەر 18000 مو ئەتراپىدا بولغان، ئۇلارنىڭ مۇقىم تېرىلغۇ يېرى 1931 مو يەرنى سۇغىرىدىغان ئاختارما ئۆستەڭنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر ئىدى، قالغىنى شۇ ۋاقىتتىكى يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ بۆلۈپ بېرىشى بىلەن تېرىلىدىغان، كەلكۈن ياكى دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىدىغان يەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. يېڭىسۇ مەھەللىسىنىڭ ئەتراپلىرىدىن قىسمەن ئولتۇراق نۇقتىلىرى ياكى تۇرالغۇ خارابىلىرى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار تەرىپىدىن 2003 ـ يىلى بايقالغان، تۆۋەندە شۇلاردىن بىرقانچىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز:

[1] بۇ يەردە ئېيتىلغان 77 ئائىلە باج ـ سېلىق تۆلەيدىغان ئاھالىلەر بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەلۇم ساندىكى ئائىلە يوشۇرۇلغان بولسا كېرەك. بوۋام مۇپتۇل تۇرپانمۇ ئۇ يەرگە بارغانلىقىنى، ئادەمنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى بايان قىلغان. مەن بۇ خارابىلىككە ئىككى قېتىم بېرىپ زىيارەت قىلدىم، مەھەللىنىڭ كۆلىمىدىن قارىغاندىمۇ بۇ سانلىق مەلۇمات ئازلىق قىلىدۇ. مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇھەممەد ئوسمان ۋە ئىمىن غازىلار تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتمۇ بۇنىڭدىن خېلىلا كۆپ.

[2] جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى لوپنور ناھىيەلىك كومىتېتى: «لوپنور تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»، 2012 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 397 ـ بەت.

لوپلۇقلارنىڭ يەنە بىر مەھەللىسىنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 88°33′23.62″، شىمالىي پاراللېل 40°19′51.21″ قا جايلاشقان، لوپ كۆلىنىڭ غەربىي، قۇرۇقتاغنىڭ شەرقىي يېنىغا جايلاشقان، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 10 كىلومېتىردەك غەربىدە قۇم دۆۋىسىدە، يېڭىسۇ مەھەللىسى بىلەن ئارىلىقى 53 كىلومېتىر، غەربىدىكى ھازىرقى دۆلەت 218 ـ تاشيولى بىلەن ئارىلىقى 27 كىلومېتىر، ئارغانغا 26 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە 4 ـ 5 ئائىلىلىك ئۆي ئىزناسى ساقلىنىپ قالغان، ھەممىسى جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە بولۇپ، قۇرۇلمىسى تولىمۇ ئاددىي. بۇ ساتمىلار توغراق ياغىچى تىكلىنىپ، بالا ياغاچ قويۇلۇپ كىۋادرات شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ قومۇش بىلەن قوشاغدىلىپ ياسالغان، ھەربىر ئۆينىڭ كۆلىمى 5×4 كىۋادرات مېتىر ئەتراپىدا.

تارىم دەرياسىنىڭ شەرقىي يېقىغا جايلاشقان قومۇش ساتما، ئورنى دۆلەت 218 ـ تاشيولىغا بەش كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى بىر يۇلغۇنلۇق دۆڭنىڭ دالدىسىغا قۇرۇلغان، بىرقانچە قومۇش ساتمىدىن شەكىللەنگەن ھويلا، يېڭىسۇ بىلەن ئارىلىقى 32 كىلومېتىر، ئارغانغا 18 كىلومېتىر، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا 32 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى تۆغ مەھەللىسىگە يېقىن كېلىدۇ.

غەربىي قۇرۇقتاغ قۇملۇقىنىڭ شەرقىي يېقىدا، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ بەش كىلومېتىردەك غەربىي جەنۇبىدا ئىككى ساتما بايقالغان، ساتمىلارنىڭ ئارىسى ئىككى مېتىر كېلىدۇ، ساتمىلار توغراق بادرىلىرى ۋە توغرا ياغاچلار قومۇش بىلەن قوشاغدىلىپ ياسالغان، ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ساتمىنىڭ ئىچىدىن بېلىق تۇتىدىغان تور بايقالغان. كونكرېت ئورنى: يېڭىسۇنىڭ 61 كىلومېتىر شەرقىدىكى چۆلدە، دۆلەت 218 ـ تاشيولى بىلەن ئارىلىقى 34 كىلومېتىر، ئارغانغا 29 كىلومېتىر، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ بەش كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ 1950 ـ يىللاردىن بۇرۇنقى، 19 ـ ئەسىرلەردىن كېيىنكى ئىزنا ھېسابلىنىدۇ.

تارىم دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا، ئارغاننىڭ توققۇز كىلومېتىردەك شەرقىي شىمالىدا، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ 25 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا بىر ئېغىزلىق ساتما بايقالغان، بۇ ساتما توغراق بادرىسى تىكلىنىپ ھەم ئۆگزىسىدىن چېتىلىپ قومۇش بىلەن قوشاغدىلىپ ياسالغان، چوڭلۇقى 5×4 كىۋادرات مېتىر ئەتراپىدا. كونكرېت ئورنى: يېڭىسۇنىڭ تەخمىنەن 50 كىلومېتىر شەرقىدىكى قۇملۇق ئىچىدە، ساتۇغقان دېگەن يەرنىڭ شەرقىدە بولۇپ ئارغانغا 25 كىلومېتىر كېلىدۇ.

يېڭىسۇنىڭ 49 كىلومېتىردەك شەرقىي جەنۇبىدىكى چۆللۈك ئىچىدە، ئارغاننىڭ 25 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا 14 كىلومېتىر غەربىدە بىر ئېغىز قومۇش ساتما بايقالغان.

يېڭىسۇنىڭ 53 كىلومېتىر شەرقىدە، ئارغاننىڭ 29 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا توققۇز كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە دىيامېتىر ئۈچ مېتىر كېلىدىغان يۇمىلاق شەكىلدىكى ساتما ساقلىنىپ قالغان، ئىچىدە خېلى كۆپ قوي مايىقى بار.

يېڭىسۇنىڭ 54 كىلومېتىر شەرقىدىكى چۆلدە، ئارغاننىڭ 28 كىلومېتىردەك شەرقىي شىمالىدا، كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنىڭ سەككىز كىلومېتىردەك غەربىدە بىر ئېغىزلىق قومۇش ساتما بايقالغان.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك كۇنىمىزدە چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەن جايلارنىڭ ئىچىدىن بەزى ئىزنالار بايقالغان، بۇلار ئارخېئولوگلىرىمىزنىڭ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ ئەتراپىنى تەكشۈرۈش ۋە شۇ قەبرىستانلىققا كىرىش ـ چىقىش داۋامىدا بايقالغان، ئەمەلىيەتتە يەر يۈزىدىن بايقالغان، قانداقتۇر مەخسۇس شۇ رايوندىكى تارىخىي ئىزنالارنى بايقاش مەقسىتىدە تەكشۈرۈلگەن بولماستىن ئۇچرىتىلغان ئىزنالاردىن ئىبارەت. دېمەكچى بولغىنىمىز، ئەينى زامانلاردا لوپلۇق كىشىلەر دەريا ئېقىنلىرىنى بويلاپ ياشىغان يەنى دەريا ـ كۆل بويلىرىدا ساتما قۇرۇپ ياشاپ بېلىق تۇتقان، چارۋا باققان. شۇ ۋاقىتلاردىكى يازما خاتىرىلەرنىڭ كەم بولۇشى، كۇنىمىزدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشلەرنىڭ بولماسلىقى، بەزى مەھەللە ۋە تۇرالغۇلارنىڭ قۇم تەكتىدە قېلىشى نۇرغۇن قىممەتلىك ئۇچۇرلاردىن مەھرۇم قىلدى، شۇڭا لوپلۇقلارنىڭ نوپۇسى ۋە جايلاشقان ئورۇنلىرى توغرۇلۇق پەقەت نىسپىي بايان قىلماقتىن چارىمىز يوق، يېڭىسۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

يېڭىسۇدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، 1950 ـ يىللىرىدا چاقىلىق ناھىيەسىگە ھاكىم بولغان پېشقەدەم زىيالىي ئىمىن غازى 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى تېلېفون سۆھبىتىمىزدە كونا يېڭىسۇنىڭ 1959 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، 1960 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تاشلىنىپ قالغانلىقى، ئەسلىدە بۇ يەردە 2000 ئەتراپىدا ئاھالە بارلىقى، ئاھالىنىڭ 10% چاقىلىققا، 90%نىڭ لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىگە كۆچكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا تىكەنلىكتە تۇغۇلغان، كېيىن لوپنور ۋە چەرچەندە رەھبىرىي خىزمەتلەردە بولغان ساتتار مۇتەللىپنىڭ ئەسلىشىچە، يېڭىسۇ ۋە ئەتراپلىرىدىكى مەھەللىلىرىنى قوشقاندا 1000دىن ئوشۇق ئاھالە ياشىغان[①]. ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق مەسلىسىدىن ئالغاندا يېڭىسۇدا 500 ـ 600 ئۆيلۈكتەك ئاھالە بولغان، بۇلاردىن يۈز ئۆيلۈكتەك ئادەم يايلاقتا مالچىلىق قىلغان. كونا يېڭىسۇنىڭ غەربىدە بىر مەھەللە بولۇپ باش مەھەللە دېيىلىدۇ (ئۇنىمۇ كونا يېڭىسۇ دېگۈچىلەر بار)، شۇ يەردە دۆڭلۈكنىڭ يېنىدا بىر گۈمبەز بار بولۇپ شۇ يەردە نەزىر ئۆتكۈزگەن. توقۇم ۋە يېكەنبۇلجامال قاتارلىق جايلار يېڭىسۇلۇقلارنىڭ يايلىقى بولغان. ۋەقەشۇناس مۇھەممەد ئوسماننىڭ ئېيتىشىچە، 1950 ـ يىلى بۇ يەر چاقىلىققا تەۋە بىر يېزا بولۇپ، يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا خۇدابەردى شاڭيو دېگەن كىشى يېزا باشلىقى ئىدى. 1952 ـ يىلى بولسا كېرەك، چاقىلىققا غوجائابدۇللا رەھمان (غوجاۋلا رەھمان) ھاكىم ۋاقتىدا بىر قېتىم قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى مۇھەممەد ئىسمايىل (كېيىن ئاپتونوم رايونغا باش كاتىپ بولغان كىشى) چەرچەندىن خىزمەت تەكشۈرۈپ چاقىلىققا كەلگەن. غوجائابدۇللا ھاكىم ئۇنىڭغا

① 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى لوپنور ناھىيەسىدىكى سۆھبەتتىن.

دوكلات قىلىپ، «يېڭىسۇ چاقىلىقتىن بەك يىراق بولۇپ بەش كۈنلۈك يول ئىكەن، بىرەر ئىش بولسا بېرىپ ـ كېلىش قولايسىز ئىكەن، تىكەنلىكتە لوپنور ناھىيەسىنىڭ بىر رايونى بولغاندىكىن، ھەممىسى قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ يېرى بولغاندىكىن شۇلار باشقۇرسا بولامدۇ» دېگەن. مۇھەممەد ئىسمايىل ۋالىي شۇنىڭ بىلەن «ئۇنداق بولسا دوكلات ياز»، دېگەن. غۇجائابدۇللا ھاكىم شۇنىڭ بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى سامان قەغەزگە «يېڭىسۇنى لوپنور ناھىيەسىگە قوشۇۋېتىشكە قوشۇلىمەن» دەپ يېزىپ شەخسىي تامغىسىنى بېسىپ بەرگەن ئىكەن (1990 ـ يىللىرىدىكى پاسىل مەسىلىسىنى ئېنىقلاشتا ئارخىپتىن مۇشۇ ماتېرىيال تېپىلغان). مۇھەممەد ئىسمايىل ۋالىي قايتىشىدا يېڭىسۇدا توختاپ يىغىن ئېچىپ، شۇ كۈندىن باشلاپ يېڭىسۇنىڭ لوپنور ناھىيەسىنىڭ تىكەنلىك رايونىغا قارايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان، شۇ ۋاقىتتا يېڭىسۇ رايونىدا 28 مىڭ چارۋا بولغان. 1960 ـ يىلى يېڭىسۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا 1500 ئائىلە كىشى، 38 مىڭ چارۋا بار ئىدى. يېڭىسۇدا ئىككى كوچا بولۇپ توغراقلىق ۋە بەگ مەھەللىسى مۇشۇ كوچىلار ئارقىلىق ئايرىلغان. بۇ يەردىكى ئاھالىلەر 1960 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ 1961 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، يېڭىسۇ ۋە تىكەنلىك ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە لوپنور ناھىيەسى بازىرىغا يېقىن تارىم يېزىسىغا كۆچكەن①، ئاھالىلەر يەنە كۆچۈپ كېلىمىز دېگەن نىيەتتە ئۆي ـ جايلىرىنى شۇنداقلا تاشلاپ كەتكەن. كېيىن يول بويلاپ ئۆي سالغانلار، يول ياسىغۇچىلار، ياغاچ لازىم بولغانلار ياغاچلىرىنى ئېچىپ كەتكەن. كونا يېڭىسۇدىكى مەسچىت (سوپى ھاجى دېگەن كىشى سالدۇرغان، قەبرىسى مەسچىتنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆي ئىچىدە ھازىرمۇ بار) تاكى 1970 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ساق ئىدى. مۆھتەرەم تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف 2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى سۆھبىتىمىزدە ئېيتىشىچە، شۇ كۆچۈش ۋاقتىدا تىل تەكشۈرۈپ، ماشىنا بىلەن چاقىلىقتىن لوپنورغا ماڭغان، يېڭىسۇدىن تاكى كۆنچىگىچە بولغان يولدا ئۈزۈلمەي كېتىۋاتقان كۆچچىلەرنى كۆرگەن، شۇلاردىن قارىغاندا، تىكەنلىك ۋە يېڭىسۇ ئەتراپلىرىدا ئاھالىلەر نۇرغۇن بولۇشى مۇمكىن.

1900 ـ يىلىنىڭ بېشىدا يۇرتلاردا ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا، يۇرتلارنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش، يۇرتلارنىڭ تارىخ، جۇغراپىيەسىدىن مەلۇمات بېرىدىغان دەرسلىك تۈزۈش ئىشلىرى بولغان. مىسالەن، لوپ رايونى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان چاقىلىق ۋە كۆنچى ناھىيەلىرى ھەققىدە ئۈچ تەزكىرە تۈزۈلگەن. بۇلاردىن 1908 ـ، 1909 ـ يىللىرى ئامبال رۇي شەن تۈزگەن «چاقىلىقنىڭ خەرىتىلىك يۇرت تەزكىرىسى» ھەم تاڭ

① كۆچۈپ بارغان يېڭىسۇلۇقلار تارىم يېزىسىنىڭ قۇربانكۆل كەنتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار بىر مەزگىل شۇ مەھەللىنىمۇ «ياڭىسۇ» مەھەللىسى دەپ ئاتاش نىيىتىدە بولغان بولسىمۇ كېيىنچە بۇ ئىنتىلىشلەر ئۈنتۇلۇپ كەتكەن. 1959 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى لوپنور ناھىيەسى بىلەن دېھقانچىلىق 2 ـ شىسى «تارىم 1 ـ دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن تىكەنلىك ۋە چارا رايونلىرىنىڭ يەرلىرىنى ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى» ئىمزالىغان، كېلىشىم بويىچە شۇ رايوندىكى ئاھالىلەر كۆچكەن، كۆچۈش 1960 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاياغلاشقان .

گۇاڭشاۋ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشىشىدىغان «چاقىلىقنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»نى، جۇ فاڭشى 1908 ـ يىلى تۈزگەن «كۆنچى (شىنپىڭ)نىڭ يۇرت تەزكىرىسى»نى مىسال قىلىش مۇمكىن. «چاقىلىقنىڭ خەرىتىلىك يۇرت تەزكىرىسى»دە لوپنور، لوپ كۆلى ۋە چاقىلىق دەپ ئاتالغان بۇ قەدىمكى يۇرتتا 496 ئۆيلۈك، ئەرلەردىن ئۇلۇغ ـ ئۇششاق بولۇپ 1740 ئادەم، خوتۇن ـ قىزلاردىن 1643 ئادەم بارلىقى، چاقىلىق تەۋەسىدە مۇسۇلمان (ئۇيغۇر) (缠回)لار... بارلىقىنى يازغان. چاقىلىقتا تۇرپان، كېرىيە، قەشقەرلەردىن بىر بۆلەك ئادەملەرنىڭ كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى يېزىش بىلەن ناھىيە تەۋەسىدە چاقىلىق، تۇرپان، چۇشكۇن ـ لەڭگەر (二十里铺)، ئابدال، تۇغ (克托)، مۇران، تاتىراڭ، ۋاششەھىرى، لوپ، تۇزلۇق (托素)، چاينۇت (加以)، (غالدىراڭ) چېكە، يېڭىسۇ مەھەللىلىرى بارلىقىنى يازغان. بۇلاردىن چاقىلىق بازىرى، ۋاششەھىرى، تۇرپان مەھەللىرىدىن باشقىلىرىدا لوپلۇقلارمۇ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردىن ئىبارەت.

مىلادىيە 1680 ـ يىلى جۇڭغارلار ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى ئاغدۇردى، ئۇلار بۇ خانلىقنى تەسەررۇپىغا ئېلىشىغا زور تۆھپە قوشقان ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ هاكىمىيىتى تىكلەندى. ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن خەلققە زۇلۇم سالدى، ئۇلار يەنە دىنىي مەزھەپ دۈشمەنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، بىر تۈركۈم خەلقنى قىرغىن قىلدى. خەلق كۆپ تەرەپتىن زۇلۇمغا ئۇچرىدى. جۇڭغارلارنىڭ زۇلمى 1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارلارنى يوقىتىشىغىچە 75 يىل داۋام قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارلارغا قىلغان يۈرۈشىدە بەزىلەر جۈملىدىن قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ۋە باشقىلار خەلقنىڭ جۇڭغارلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارلارنى يوقىتىشىدا تۆھپە كۆرسەتتى. قاراتاغلىق خوجىلارمۇ مەزھەپ دۈشمىنى ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىقلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلاشتى. تاشقى هۇجۇم ۋە ئىچكى ئىسيانلار سەۋەبىدىن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى هۆكۈمرانلىقى تېزلا ئاغدۇرۇلدى. جۇڭغارلار ئاغدۇرۇلۇپ چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن بولسىمۇ، خەلقنىڭ هاياتىدا زور ياخشىلىنىش بولمىدى، خەلق يەرلىك بەگلەرنىڭ (يەرلىك ئەمەلدارلار ئاساسەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىگىلىشىدە تۆھپە قوشقان قاراتاغلىق خوجىلار بولغان) ۋە مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىدى، شۇڭا كۆپ قېتىم ئىسيان، قوزغىلاڭ بولدى. جاهانگىر خوجا قاتارلىق پۇرسەتپەرەسلەر خەلقنىڭ غەزىپىدىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى خوجىلار توپىلىڭىنى باستۇردى. لوپلۇقلار تارىم ۋادىسىنىڭ پىنھانلىرىدا ياشىسىمۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى 1884 ـ يىلى ئۆلكە تەسىس قىلىپ ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى بىكار قىلىپ، ھەربىي ئىدارە قىلىشتىن سىياسىي هاكىمىيەت دەۋرىگە ئۆتتى. ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركىزى بولدى،

جايلاردا دوتەي، ئامبال مەھكىمىلىرى، ناھىيە تەسىس قىلدى، جۇملىدىن 1903 ـ يىلى چاقىلىقمۇ ناھىيە قىلىنىپ تەسىس قىلىندى. بۇ دەۋردە چاقىلىقتىكى ئاھالىلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسىمۇ تەبىئەتنىڭ قىستىشى بىلەن تەدرىجىي چاقىلىق، مۇران، ۋاششەھىرى، يېڭىسۇ بوستانلىقىغا قاراپ تارايدى. مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىن لوپ كۆلى ۋە تارىمنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى ئاھالىلەر ئىككى قىسىمغا ئايرىلدى، قاراقوشۇن كۆلى بويىدىكىلەر قاراقوشۇنلۇقلار دەپ، تارىمنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكىلەر قاراكۆللۈكلەر دەپ ئاتىلىپ ھەرقايسىسى ئۆز بەگلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ئىككى جايدىكى ئاھالىلەر ۋە بەگلىرى تۇرپان ۋاڭلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا، تۇرپان ۋاڭلىرى بولسا قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان ئىدى. بۇ توغرىدا 1821 ـ يىلى يېزىلغان «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات»تا «لوپنوردا قاراكۆل ۋە قاراقوشۇن دېگەن ئىككى مۇسۇلمان قەبىلىسى بار، ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە...» دېيىلگەنلىكى، لوپلۇقلارنىڭ تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قاراكۆللۈكلەر ۋە قاراقوشۇنلۇقلار ئۆز بەگلىرىنى باققاندىن سىرت، ھەر يىلى ئەرلىرى تۇرپان دائىرىلىرىگە 40 تەڭگىدىن باج تاپشۇرغان، تۇرلۇك تېرە ۋە چارۋىدىن ئولپان تۆلىگەن. شۇ چاغدا قاراقوشۇنلۇقلار ئىنچىدە ئولپان تۆلىگۈدەك ئەردىن 100چە كىشى قالغان. قاراكۆل ۋە قاراقوشۇن ئاھالىلىرى بەگلىرىگە سوۋغا بەرگەندىن سىرت، يەنە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ئېغىر باج ـ سېلىقلارنى تۆلىگەن، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى پات ـ پات كېلىپ، ھەر خىل ناملاردىكى ۋاقىتلىق باجلارنى يىغىپ تۇرغان. ئۇندىن باشقا ئۇلار يەنە خەنزۇ سودىگەرلەرنىڭ ئېغىر جازانىخورلۇقىغا ئۇچرىغان، خەنزۇ سودىگەرلەر يىلدا نەچچە قېتىم رەخت قاتارلىقلارنى توشۇپ كېلىپ كۆپ مىقداردىكى مال ـ چارۋىلارغا تېگىشىپ، زور پايدا كۆرۈپ قايتىشقان. ئېغىر باج ـ سېلىق ھەم زۇلۇم خېلى نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ يۇرت ماكانىدىن ئايرىلىپ تىلەمچىلىك قىلىپ جان ساقلىشىغا ياكى چاقىلىققا بېرىپ ياللىنىپ ئىشلىشىگە سەۋەب بولغان. لوپلۇقلار ھازىرقى چاقىلىق ۋە لوپنور ناھىيەلىرى تەۋەسىدە ياشىغان يەرلىك ئاھالە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتىدا سۆزلىشىدۇ. بۇ يەردىكى شەھەرلەر ۋەيران بولۇپ ئاھالىلەر كۆچۈپ كەتكەندە، ئۇلار ئىزچىل تۇردە تارىم ۋە كۆنچى دەريا بويلىرىدا كۆچۈپ يۈرۈپ نەدە سۇ بولسا شۇ يەردە ياشاپ قالغان ئاھالىلەر ئىدى. ئۇلار ئۇزۇن مەزگىل دەريا، كۆل بويلىرىدا ياشاپ بېكىك تۇرمۇش كەچۈرگەن، شۇڭلاشقا سىرت بىلەن ئالاقىسى ناھايىتى كەمچىل بولغان، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي تۈپىدىن ئايرىلغان ۋاقتى 3 ـ 4 يۈز يىلغا سوزۇلغانلىقتىن، مەلۇم پەرقلەر كېلىپ چىققان. ناتۇرال ئىگىلىك باسقۇچىدا ياشاپ كەلگەن لوپلۇقلار تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاياغ ئېقىنلىرىدا ياشاش داۋامىدا شۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماسلىشىپ بېلىقچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى ۋە يىغىمچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ ياشىغان. قىش ۋە ياز بېلىق تۇتۇپ ئۇنى قۇرۇتۇپ، قاق سېلىپ يېگەن بولسا تەبىئىي ئۆسۈملۈك يېكەنىنىڭ يىلتىزى، ئۇجۇل، جىگدە

قاتارلىقلارنىمۇ تولۇقلىما ئوزۇقلۇق قىلغان. مەلۇم ساندىكى ئاھالىلەر ئوۋچىلىق قىلىپ، ياۋايى جاندارلارنى تۇتقان. ئەتىياز پەسلىدە قۇش تۇتۇش ۋە قۇش تۇخۇمى يىغىش بىلەن مەشغۇل بولغان. شۇ ۋاقىتلاردا ھەربىر ئائىلە يۈزدىن ئارتۇق ھەتتا نەچچە يۈز قۇشنى تۇتۇپ ئوزۇقلۇق غەملىگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تۇرپانلىقلار ۋە كېرىيەلىكلەرنىڭ تەسىرىدە ھاياتىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان. ئومۇمەن، لوپلۇقلار (قاراقوشۇنلۇقلار) تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرىدىكى يەرلىك تۇپكى ئاھالە بولۇپ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادىدۇر.

قاراقوشۇنلۇقلاردىن 6 ـ 7 ئادەمدە بىرەردىن ئوۋ مىلتىقى بار بولۇپ، ئۇلار كۆز ۋە قىش ۋاقىتلاردا ئالتۇنتاغقا بېرىپ ئوۋ قىلغان. ئۇلار يەنە قىسماق، تورلاردىن پايدىلىنىپ جانلىقلار ۋە قۇش تۇتقان. ئۇلار خېلى كۆپ ساندا قوي، كالا ۋە ئازساندا ئات، ئېشەك باققان. ھەر يىلى يەنە جاھانساي دەرياسى بويىدا بۇغداي، ئارپا، كېۋەز ۋە ئاز مىقداردا تاۋۇز، قوغۇن، سامساق، سەۋزە تېرىغان. كۆز ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە بۇ جايدىن ئۇچۇپ ئۆتىدىغان پەسىل قۇشلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەم خۇددى چۆچەك دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتى، چۈنكى بۇ يەردىن ئۇچۇپ ئۆتىدىغان غاز، ئۆردەك، ھاڭگىت، تۇرنا، ئاق قۇ، بېلىقئالغۇچ... قاتارلىق نۇرغۇن سۇ قۇشلىرى بۇ يەردىكى كۆللەرگە چۈشۈپ ئۆتەتتى، مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەربىرى نەچچە يۈزدىن قۇشنى تۇتۇپ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىنى قاندۇراتتى. پىرژېۋالسكى تۇنجى قېتىم 1876 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن 1877 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە لوپ رايونىدا تۇرغان. 2 ـ قېتىم 1885 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 1885 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە قاراقوشۇن رايوندا تۇرغان. ئۇنىڭ ئىككى قېتىمدا چاقىلىق رايونىدا تۇرغان ۋاقتى يېرىم يىلغا يېتىدۇ. شۇڭا پىرژېۋالسكىنىڭ لوپلۇقلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى تولىمۇ قىممەتلىك. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى تېخىمۇ ئېشىپ بارغۇسى.

گابرېل بونۋالوت پىرژېۋالسكىنىڭ 1885 ـ يىلىدىكى ئېكسپېدىتسىيە يولى بويىچە، 1889 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجىدىن يولغا چىققان. ئۇنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئابداللىقلار ئوۋچىلىق ۋە بېلىق تۇتۇشتىن سىرت يەنە چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، چارۋىسىمۇ خېلى بار ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرى تېرىقچىلىق قىلماستىن چاقىلىقتىكى يەرلىرىگە ئادەم سېلىپ تېرىتىدىكەن، شۇ يىللىرى ئالغان ھوسۇلىنىڭ بىر قىسمى ھەمدە مال ـ چارۋا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ بەرگەنلەرنىڭ ھەققىنى تۆلىگەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئابداللىقلار شۇ ۋاقىتتا خېلى باي ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنى تۇرپاندىكى خەنزۇ ئەمەلدارلار بىۋاستە باشقۇرغان (بۇ ئەھۋال بەلكىم 1884 ـ يىلدىن كېيىن مەلۇم ۋاقىت داۋام قىلغان بولۇشى، كېيىنرەك قاراشەھەردىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى باشقۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا لوپلۇقلارنى لوكچۇن ۋاڭلىرى باشقۇرغانمۇ ياكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىمۇ دېگەن

مەسىلە داۋاملىق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ). تۇرپان ھەر يىلى ئابدال مەھەللىسىدىكىلەردىن بىر ئات، بىر كالا، 100 قوي باج ـ سېلىق ئالغاندىن باشقا يەنە قۇندۇز تېرىسىنىمۇ باج ـ سېلىق ھېسابىدا يىغقان. قۇندۇز تېرىسى قاتارلىق قىممەت باھالىق تېرىلەر ئەمەلدارنىڭ شەخسى خەزىنىسىگە كىرگەن.

«چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، 1889 ـ يىلى تۇرپان ۋە كېرىيەلەردىن 300 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالە چاقىلىققا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. بۇ ئاھالىلەرنىڭ چاقىلىققا كېلىشى بۇ يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قايتا گۈللەندۈرۈلۈشىدە پايدىلىق رول ئوينىغان.

چاقىلىق لوپلۇقلىرىنىڭ مەھەللىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى يۇرتچاپقان دەپ ئاتىلىدۇ، يۇرتچاپقان تەخمىنەن 1874 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يۇرت خەلقى تەرىپىدىن چېپىلغىنى ئۈچۈن يۇرتچاپقان دەپ ئاتالغان. 1889 ـ يىلى تەخمىنەن 4 ـ 5 ئۆيلۈك ئادەم بار بۇ جايدا ياشاۋاتقان ئىدى، 1889 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا سۇ ئىنتايىن ئازلاپ دەريا قىنىنىڭ كەڭلىكى پەقەت 6 ـ 7 مېتىرلا قالغان، بۇ ۋاقىتتا ئوۋ ملتىقلىرى بۇرۇنقىدىن كۆپەيگەن بولۇپ ئوۋچىلىق ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئايلانغان. ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ يېزىشىچە، يۇرتچاپقاندىن تارىم دەرياسى بىلەن توققۇز ئائىلىلىك (60 نەچچە ئادەم) بار قۇمچاپقانغا بارغىلى بولىدىكەن، قۇمچاپقان ئاھالىلىرى شۇ ۋاقىتتا تولىمۇ نامرات ئىكەن، قۇمچاپقان مەھەللىسىدىن چىققاندىن كېيىن تارىم دەرياسى ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. دەريا بويلاپ ماڭسا يۇچۇن مەھەللىسىگە (ئوت كەتكەن مەھەللە دېگەن مەنىدە دېيىلگەن) بارغىلى بولىدۇ، بۇ مەھەللىدە 1889 ـ يىللىرى 50 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە ھايات كەچۈرگەن. 1895 ـ يىلى چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى بىر قىسىم قوراللىق خۇيزۇلار مۇران قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرنى بۇلىغان. چاقىلىق تەرەپتىن قۇربان غوجابەگ ئادەم تەشكىللەپ خۇيزۇلارنى قوغلاپ بېرىپ خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى قايتۇرۇۋالغان. خۇيزۇلار كۆنچى ناھىيەسى تەۋەسىدىكى دۇرالغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەمدە تېرىقچىلىقى ئۈچۈن ئۇرۇق بەرگەن، ئەمما خۇيزۇلار ئۇرۇقلارنى قازاندا قاينىتىۋېتىپ[①] تېرىغانلىقتىن ئۈنمىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاراشەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

1897 ـ يىلى ئابدال ئاھالىلىرى كۆل سۈيىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى سەۋەبلىك شىرگەچاپقان يەنى كونا ئابدالدىن يېڭى ئابدالغا يەنى يۇرتچاپقانغا كۆچكەن، ئۇلار كۆچۈپ تارىم دەرياسى بويىدا يېڭى كەنت ــ يېڭى ئابدالنى بەرپا قىلىغان. كونا ئابدال ۋە يېڭى ئابدال مەھەللىلىرىنىڭ ئارىسى تۆت كىلومېتىردەك كېلىدۇ. يۇچۇن مەھەللىسىدىن يەنە قاراقوشۇن تەرەپكە ماڭسا قارىقۇيۇق (قاراكۆيۈك؟) مەھەللىسى بىلەن دۇچ مەھەللىسى بار، دۇچ مەھەللىسىدە ئادەم قالمىغان بولۇپ قاراقۇيۇق مەھەللىسىدىكى ئاخىرقى ئىككى

① خەلق ئارىسىدا بۇ ھەقتە تۈرلۈك رىۋايەت ساقلانماقتا. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يەرلىكلەر خۇيزۇلارنىڭ بۇ يەردە يەرلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەمىنلىنىدىغان ئۇرۇقنى قازاندا قاينىتىۋېتىپ بەرگەنلىكتىن تېرىغان زىرائەتلىرى ئۈنمىگەن ئىكەن.

ئائىلىمۇ تاشلاپ كەتكەن. پىرژىۋالسكى كۆرگەن قاراقوشۇن رايونى بىلەن بونۋالوت كۆرگەن قاراقوشۇن رايونى ئارىسىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى تارىم دەرياسى سۈيىنىڭ مىقدارى كېلىتۇرۇپ چىقارغان.

بۇ يىللاردا چاقىلىق يېڭى گۈللىنەنگەنلىكىگە قارىماستىن يېڭى بىر بازار شەكىللەندۇرۇشكە قاراپ يۈزلەنگەن، ئاھالىلەر لوپلۇقلاردەك چارۋىچىلىق بىلەن ئەمەس، دېھقانچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن، زىرائەتلىرىدىن يىغقان ھوسۇللىرى ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشلىرىنى قامداپلا قالماستىن، بۇ يەردىن ئۆتىدىغان سودىگەر ۋە يولۇچىلارنى قولايلىق شارائىت ھەم ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئەتكەن. چاقىلىق ئاھالىلىرى ئۆز ھوسۇللىرىنى ئۈگۈتلەپ، سۇ تۈگمەنلىرى ھەم جۇۋازلار ئارقىلىق ئۇن ۋە ياغ تارتىپ ئىستېمال قىلغان.

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»نىڭ 2 - قىسمىدا: «1887 - يىلى يەنە بارلىق بەگ نامىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ تەمىنات ئېتىزلىرىمۇ پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتكە تەۋە قىلىنىپ تېرىغۇچىلارغا ئىجارىگە بېرىلدى ۋە قائىدە بويىچە غەللە - پاراق ئېلىندى. ئەمەلىيەتتە، بەگلىك تۈزۈمى ئىسمى بار جىسمى يوق بولۇپ قالدى. ئەمدىلىكتە بەگلىك تۈزۈمىنىڭ قانۇنىي جەھەتتىن رەسمىي بىكار قىلىنىشى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنداق بىر پاكىتنى، يەنى بەگلىك تۈزۈمىنىڭ قومۇلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شىنجاڭنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. يەرلىك فېئودال ۋاڭ - گۇڭلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلاشتۇرۇلۇشى جاھانگىر تاجاۋۇزچىلارنىڭ يەرلىك مىللىي يۇقىرى تەبىقە ئەكسىيەتچى كاتتىباشلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭلىرىنى قوزغىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە»[1] دېيىلگىنىدەك، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر بەگلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق ھوقۇقىنى مانجۇ، موڭغۇل ۋە خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرگەن، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ كەلگەن بەگلەرنىڭ نامىلا ساقلىنىپ قالغان. بەگلىك مەرتىۋىلىرى يوقالغاندىن كېيىن، بەگلەر گەرچە ئەسلىي مەنسەپلىرىدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، يامۇللارنىڭ يۇگوۋ - يېتىم ئىشلىرىغا سېلىنغان. 1884 - يىلى ئۆلكە قۇرۇلۇپ بەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، «شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمىدى.»[2] چىڭ سۇلالىسى ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن باج - سېلىقنىمۇ تەڭشىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە زۇلۇمنى كۆچەيتىنكى ھەرگىز ئازايتمىدى. ئەسلىدە باج - سېلىق ئائىلىگە قاراپ ئېلىنغان ۋە چوڭ ئائىلىنىڭ كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولغان بولسا، بۇ قېتىمقى باج - سېلىق ئىسلاھاتىدا باج - سېلىق يەرگە قاراپ ئېلىنغان بولغاچقا، يىغىلىدىغان باج - سېلىق ئېغىرلىدى. خوتەنلىك مۇھەممەد ئەلەمنىڭ «تارىخىي ۋەتەن ۋاقىئاتى خوتەن»

---

① ② شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى(2)» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 460 -، 461 - بەتلەر.

نامىلىق ئەسىرىدە يېزىشىچە، چىڭ ئىستىبداتلىرىنىڭ باج ـ سېلىقىنىڭ تۈرى 65 خىلغا يەتكەن. شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى مۇشۇنداق بولغانلىقتىن چاقىلىق خەلقىمۇ ئوخشاش قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز. شۇ يىللاردا قاراقوشۇن كۆلى بويىدىكى قۇمچاپقان ۋە يۇرتچاپقان مەھەللىلىرىدە 2300 دىن ئارتۇق قوي بېقىلغان، نىيازچاپقان دېگەن يۇرتنىڭ بېگى نىياز باقىبەگنىڭلا 600 قوي، ئاكىسىنىڭ 900 قويى بار ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا لوپلۇقلارنىڭ ھەربىر ئۆيلۈكىنىڭ 30 ـ 50چە قويى بار ئىدى. لوپلۇقلار ئادەتتە بېلىقنى قويدىنمۇ ئەتىۋار ۋە قىممەت بىلگەن. نىياز باقىبەگ شۇ ۋاقىتتا 64 ياش بولۇپ قۇمچاپقانلىقلارنىڭ ئاقساقىلى ئىدى، ئۇنىڭ ئاتىسى 12 يىل بۇرۇن 110 يېشىدا قازا تاپقان. نىياز باقىنىڭ ئېيتىشىچە، تەخمىنەن 150 يىللار ئىلگىرى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى قاراقوشۇن كۆلىنىڭ شىمالىدىكى بىر يەرگە قۇيۇلىدىكەن، ئۇنىڭ بۇ بايانى بىلەن كۆنچىقانبەگنىڭ مۇشۇ مەزمۇندا ئېيتقانلىرى ئاساسەن ئوخشاش ئىدى.

لوپلۇقلارنىڭ شىرگەچاپقان (توققۇزتارىم دەپمۇ ئاتالغان)، يۇرتچاپقان، قۇمچاپقان، تۇرسۇنچاپقان، نىيازچاپقان، ئىسلامچاپقان، نومۇتچاپقان قاتارلىق نۇرغۇن چاپقانلار بولغان. چاپقان ئەمەلىيەتتە سۇنئىي شەكىللەندۈرۈلگەن دەريا ئېقىنىدۇر. لوپلۇقلار تەبىئىي ئېقىننى چاپ، سۇنئىي شەكىللەندۈرۈلگەننى چاپقان دەپ ئاتىغان. بۇ ئاساسلىقى لوپلۇقلارنىڭ بېلىق بېقىش، تۇتۇش، يايلاق پەيدا قىلىش ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلىدۇر. چۈنكى لوپلۇقلار ئەنە شۇنداق چاپقان چېپىپ، تەبىئىي ئويمانلارغا سۇ بىلەن بېلىقنى باشلاپ، كۆل شەكىللەندۈرۈپ بېلىق باققان، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بۇ كۆلگە سۇ باشلىغاندا، بېلىق يېغىمدىن ئېقىپ كىرگەن سۇغا قاراپ ئۈزۈپ، لوپلۇقلارنىڭ بېلىق تۇتىدىغان گۆلمۆلىرىگە چۈشكەن. ھەر بىر چاپقان ئەمەلىيەتتە لوپلۇقلارنىڭ پائالىيەت نۇقتىلىرىدۇر. ئىلگىرى لوپلۇقلارنى تېرىقچىلىق قىلماستىن بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، قۇش تۇتۇش ۋە چارۋا بېقىش بىلەن جان باققان دەپ قاراپ كەلگەن ئىدۇق، بىزنى بۇنداق قاراشلارغا كەلتۈرگىنى ئاساسلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى ئەدىبلىرى ئىدى، بۇنىڭغا مانجۇ ئەدىب چاڭبەيچۈنيۇەن چىشىينىڭ 1777 ـ يىلى يېزىلغان «شىنجاڭنىڭ زېمىن خەرىتىسى ۋە ئىقلىمى توغرىسىدا بايان»[①] ۋە «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» نامىلىق كىتابىنىڭ تەسىرىدىن كەلگەن، شۇندىن كېيىنكى

---

① چاڭبەيچۈنيۇەن چىشىيى: «شىنجاڭنىڭ زېمىن خەرىتىسى ۋە ئىقلىمى توغرىسىدا بايان»، جۇڭگو تەيۋەن چېڭۋېن نەشرىياتى، 1968 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 26 ـ بەتكە قاراڭ. مۇشۇ كىتابتا ئۇلارنىڭ لوپ كۆلى (كىتابتا 贺卜诺尔 دەپ يېزىلغان)نىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن مەھەللە بولۇپ، خەرىتىدە شەرقىي مەھەللە ۋە غەربىي مەھەللە دېيىلگەن ھەمدە بۇ ئىككى مەھەللىنىڭ خۇاڭخېنىڭ مەنبەسى بولغان يۇلتۇز كۆل (星宿海)نىڭ ئىككى يېقىدا ئىكەنلىكى ھەربىرىدە 5 ـ 4 يۈز ئائىلىدىن ئادەم بارلىقى، ئۇلار تېرىقچىلىق قىلمايدىغانلىقى، چارۋا باقمايدىغانلىقى، بېلىق تۇتۇپ جان باقىدىغانلىقى، تىلاۋەت قىلمايدىغانلىقى، ئۇيغۇرلار بىلەن تىل ئۇقۇشىدىغانلىقى يېزىلغان، كىتاب نامى نەشر قىلىنىش داۋامىدا بېكىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. چاڭبەيچۈنيۇەن چىشىينىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» نامىلىق كىتابىدىكى بايانلارمۇ ئوخشاش، بۇلارنى پىچاندىكى ئامبالنىڭ باشقۇرىدىغانلىقى، 5 ـ دەرىجىلىك بېگىدىن بىرى بارلىقى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ كورلىدا بېلىق بولغانلىقتىن بارالايدىغانلىقى، پىچانغا بارسىمۇ بېلىق تالقىنىنى ئوزۇق قىلىدىغانلىقىنى يازغان. مۇشۇ بايانلار كېيىنكىلەر تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەكرارلانغان.

ئەسەرلەر ئاساسەن مۇشۇ بايانلارغا ئاساسەن بايان قىلىنىۋەرگەن. پىرژىۋالىسكىنىڭ كۇنچىقىشنىڭ تۇغرۇلۇق خاتىرىلەپ قالدۇرغان قوشىقىدىن ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىقى بارلىقىنى بىلىمىز. گابرىل بونۋالوت يەنە لوپلۇقلارنىڭ ئابدال مەھەللىسىگە 15 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن، ئەمما ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىقىنىڭ كۆلىمى كىچىك بولغان.

1900 ـ يىلىدىكى شىنجاڭنىڭ نوپۇسى ھەققىدە سېۋىن ھېدىن ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇ قاتاردا لوپ رايونىنىڭ نوپۇسى ھەققىدىمۇ توختالغان. ئۇنىڭ يېزىشىچە، لوپلۇقلارنىڭ بېگى بۇ رايوندا 535 ئائىلە جەمئىي 9025 نوپۇس بار، دەپ ئېيتىپ بەرگەن. بۇنداق بولغاندا ھەربىر ئائىلىدە 17دىن جان بار بولغان بولىدۇ، بۇ گەرچە ھەممە كىشىنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ مۇشۇ رايوننى ئېكسپېدىتسىيە قىلغان كىشىلەرلا ئەجەبلەنمەستىن بەر ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، دەپ تەھقىقلەيدۇ. دېمەك، بۇ چاغلاردا چوڭ ئۆي بولۇپ ئۆيۈشقانلىقىنى 2 ـ 3 ئەۋلادنىڭ بىرگە ياشىغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن. بۇ چاغدا مۇشۇ رايوندىكى ئەڭ چوڭ بازار ھېسابلانغان دۆرالدا پەقەت 150 نوپۇس بولغان. سېۋىن ھېدىن ئۆزىنىڭ ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، لوپلۇقلارنى 10 مىڭ ئەتراپىدا دەپ ھۆكۈم قىلغان. بۇ سان ئەلۋەتتە تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنى ھەم قاراقوشۇن كۆلى بويىچە بولغان جايلاردىكى يەرلىك لوپلۇقلارنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ. 1873 ـ يىللىرى تارىم ۋادىسىغا كەلگەن مىسسىيونېرلاردىن فورسلارنىڭ دوكلاتىدا، لوپلۇقلارنى 10 مىڭ ئائىلە (بۇ قاراش موللا مۇسا سايرامىينىڭ «تارىخى ھەممىدىيە» دېگەن ئەسرىدە يېزىلغان 12 مىڭ ئائىلە دېگەن قارىشى بىلەن يېقىنلىشىدۇ) 70 مىڭ نوپۇس دەپ يازغان، ئەمەلىيەتتە يەنىلا مۇشۇ جايلارنى ئۆزۈن مەزگىل تەكشۈرگەن دوكتور سېۋىن ھېدىننىڭ قارىشىنى قوللايمىز.

1903 ـ يىلى چاقىلىقتا ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا، ناھىيە يامۇلى ھازىرقى مۇران يولىنىڭ جەنۇبىدا، ھازىرقى تىكەنلىك يېزا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى ۋە دىخاۋ مېھمانخانىسىنىڭ جايىدا ئىدى، يەنى بۇرۇنقى تىكەنلىك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىدا بولغان، يامۇل جايلاشقان مەھەللە ھازىر قورغان مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدۇ (يامۇلنىڭ قۇرۇلۇشلىرى 1933 ـ يىلىدىكى خەلق قوزغىلاڭىدا ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن). 1904 ـ يىلى ئاقسۇ بازىرىدىكى قوشۇنغا قاراشلىق چارلاش ـ مۇداپىئە يېڭى پىيادىلەر ئەترىتىنىڭ 12 چارلاش ـ مۇداپىئە چېرىكى چاقىلىقتا تۇرغان.

1905 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئامېرىكىلىق پىروفېسسور خانتىڭتون چاقىلىق بوستانلىقىدا بىرقانچە كۈن تۇرغان. چاقىلىق بازىرىدا ئۇيغۇرلار (لوپلۇقلارمۇ بار ئەلۋەتتە)نىڭ نوپۇسىنىڭ 1200 ئادەم ئىكەنلىكى، ئۇندىن باشقا چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېرىكلىرى بارلىقىنى يازغان. لوپلۇقلارنىڭ تىراگېدىيەلىك مەزمۇندىكى ئېغىز ئەدەبىياتلىرىنىڭ بارلىقىنى، مۇران كونا شەھىرىگە يېقىن جايدا لوپلۇقلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بار بولۇپ كۆلەم جەھەتتىن ئانچە چوڭ ئەمەسلىكى، جۇملىدىن 15 ئائىلىلىكتەك

نوپۇسنى باققۇدەك تېرىلغۇ يېرى بارلىقىنى يازغان. ئالىم يەنە لوپلۇقلارغا: «ئۇلار بىر خىل تۈركىي دىيالېكتتا سۆزلىشىدۇ، ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىن پەرقلىنىدۇ، كىيىم - كېچەكىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ. ئۇلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئاھالىلەرگە ئوخشاش ئاق نىيەت، مېھماندوست...» دەپ باھا بەرگەن. ستەيىننىڭ خاتىتىڭتوننىڭ مەلۇماتىدىن ئېلىشىچە، 1905 - يىلى چاقىلىق بازىرىدا 300 ئەتراپىدا ئائىلە تەخمىنەن 1200دەك نوپۇس بولغان. ئەلۋەتتە، بۇ ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدە بىر تۈركۈم لوپلۇقلارمۇ تېرىقچىلىققا ئۆتكەن، ئۇلاردىن تۇرسۇنبايغا ئوخشاش بىر تۈركۈم بايلار يېتىشىپ چىققان. بۇ يىللاردا چاقىلىقنىڭ سودىسىدىمۇ ياخشىلىنىش بولغان، چايدام ئويمانلىقىدىكى موڭغۇللاردىن سېتىۋېلىنغان قوي يۇڭلىرى قاراشەھەر، ئۈرۈمچى، خوتەنلەرگە چاقىلىق ئارقىلىق يۆتكەپ سېتىلغان. مۇشۇ يىللارغا كەلگەندە ۋاششەھەرنىڭ گۈللىنىشىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولمىغان، جۈملىدىن بەش ئائىلە ھايات كەچۈرگەن.

1906 - يىلى ۋاششەھەرنىڭ بېگى روزىنىڭ ستەيىنگە ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ بەزى ئېتىبار بېرىش ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن 20 نەچچە ئائىلىنى باشلاپ چىققان. مۇشۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋاششەھەرنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 25 ئائىلە بولغان، مېھمانساراي، ئاشلىق ئامبىرى، بازار قاتارلىقلار قۇرۇلغان. خەلق ئارىسىدىكى ئۆچۈرلاردىن قارىغاندا، ئابدۇرازاق ئاخۇنۇم قاتارلىق بىرقانچە دوست - بۇرادەر ۋاششەھەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قەسەم قىلىشىپ ۋاششەھەرگە چىقىپ، بۇ يەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

1906 - يىلى 12 - ئايدا چاقىلىققا كەلگەن ستەيىن بۇ يەردە 300 ئائىلىنىڭ بارلىقى، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچى - سىرتىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقى، ئىچىنى ھۆكۈمەت تۇتۇپ كەلگەن جىنايەتچىلەر تېرىيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ يۈز ئەتراپىدا ئىكەنلىكى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ دۇنخۇاڭ ۋە موڭغۇللار بىلەن سودا ئالاقىسى بارلىقىنى يازغان.

1908 - يىلى تۈزۈلگەن «چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»دە پۈتۈن ناھىيەدە 496 ئائىلە 3383 نوپۇس بارلىقى خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سىزىلغان لوپ رايونىنىڭ خەرىتىسىدە، چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە چاقىلىق ، تۇرپان، تاتىراڭ، مۇران، ئابدال، ۋاششەھىرى، لوپ، تۇغ، چاينۇت، تۇز (托素)، چىكە، چۇشكۇن (铺庄)، بەزى ماتېرىياللاردا چۇشكۇن مەھەللىسى دېگەن جاي نامى ئۇچرايدۇ، مۇشۇ بەلكىم چۇشكۇن مەھەللىسى بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى لەڭگەر مەھەللىسى؟)، يېڭىسۇ قاتارلىق مەھەللىلەرنىڭ بارلىقى، بۇلارنىڭ ئارىلىقى خاتىرىلەنگەن. مۇشۇ خەرىتىدىن قارىغاندا، ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا ئابدال قاتارلىق مەھەللىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تارىم دەرياسىنىڭ قاراقوشۇن دەرياسىغىچە ئېقىپ يېڭىسۇدىن قاراقوشۇنغىچە بولغان دائىرىدە خېلى كۆپ مەھەللىلەرنىڭ يەنىلا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

1908 - يىلى تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە: «لوپنور كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ئىككى مەھەللە بار بولۇپ، ھەربىرىدە 50 - 60 ئائىلىدىن ئاھالە بار... ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدۇ، ئەمما ناماز ئۆتىمەيدۇ... بۇ ئىككى مەھەللىدىكىلەر قىز بېرىشىپ قۇدا بولۇشىدۇ. باشقا مىللەتلەر بىلەن توي قىلمايدۇ...»، دېيىلگەن. ئەسلىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇندىن بۇرۇن بۇ يەردە 5 - 6 يۈزدىن ئۆيلۈك ئاھالە بولۇپ مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە بەكلا ئازلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. يۇقىرىقى بايانلاردىن لوپلۇقلار بىلەن باشقا جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنىڭ بىر تىل ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى چۈشەنگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. 1909 - يىلى سىزىلغان چاقىلىقنىڭ خەرىتىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، شۇ خەرىتىدە سىزىلغان ئابدال كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى چاينۇت بىلەن تۇغ مەھەللىلىرىنى كۆرسىتىشى، لوپ كۆلى شۇ خەرىتىدىكى ئابدال كۆلىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، ئابدال كۆلى كۆپىنچە تىلغا ئېلىنىۋاتقان قارابوران كۆلى (ھازىر يېڭىدىن شەكىللەنگەن تارتما كۆلى)نى كۆرسىتىدۇ، شۇنداق بولغاندا 1900 - يىللىرى ھازىرقى تارتما كۆلىنىڭ شىمالىدا تارىم دەرياسى بويىدا ئىككى چوڭ مەھەللە بولۇپ ئۇلار چاينۇت ۋە تۇغ مەھەللىرىدىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە 50 - 60تىن ئائىلە بار بولۇپ خېلى چوڭ مەھەللىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئائىلىدە بەشتىن نوپۇس بار دېيىلگەندىمۇ مۇشۇ قارابوران كۆلى بويىدا 5 - 6 يۈز نوپۇس ھايات كەچۈرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

## 3. چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ 100 يىل بۇرۇنقى تەزكىرىسى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن

چاقىلىق تارىم ۋادىسىدىكى چەت بىر ناھىيە بولۇشىغا قارىماستىن، 200 يىلدىن بېرى ناھايىتى كۆپلىگەن ئالىملار كەلگەن، ئىنتىلگەن زېمىن بولۇپ قالدى، شۇنىڭغا مۇناسىپ يۇرتىمىز توغرىسىدا نۇرغۇن كىتابلار يېزىلدى، خەرىتىلەر سىزىلدى. ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ۋە ئالىملارنىڭ توم - توم ئەسەرلىرى ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلدى، نۇرغۇن سىرلىرى يېشىلدى. ئەنە شۇ ئالىملاردىن رۇسىيەلىك پىرژىۋالسكى يۇرتىمىزغا ئىككى قېتىم كېلىپ يېرىم يىلدەك تۇرغان ۋە «لوپ كۆلىگە سەپەر»گە ئوخشاش كىتابلىرىنى ئېلان قىلىپ، يۇرتىمىزنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى، لوپلۇقلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھالەتلىرىنى تونۇشتۇرغان. فىرانسىيەلىك گابرىيل بونۋالوتمۇ يۇرتىمىزدا يېرىم يىلدەك تۇرغان ھەمدە «جەزىرىنى جەسۇرانە كېزىش» ناملىق كىتابىدا يۇرتىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. شۇندىن كېيىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شىۋېتسىيەلىك ئالىملاردىن دوكتور سېۋىن ئاندىرىس ھېدىن ھەم دوكتور فولك بېرگمان، ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگىرىيەلىك يەھۇدىي ئالىم دوكتور مارك ئاۋرېل ستەيىنلەرنىڭ كىتابلىرى 1890 - يىللىرىدىن 1930 - يىللىرىغىچە بولغان دەۋرلەردىكى يۇرتىمىزنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى، كونا

شەھەر خارابىلەر توغرىسىدا تېپىلغۇسىز ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. يەنە جۇڭخۇا مىنگونىڭ باج ئىشلىرى ئەمەلدارى شيې بىن، پىروفېسسور خۇاڭ ۋېنبىلارنىڭ كىتابلىرىمۇ ئۆزىگە ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى جۇغلىغانلىقى بىلەن بىباھا. يۇقىرىقىلاردەك قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ پايدىلىنىشقا تېگىشلىك ئىككى پارچە تەزكىرىمۇ بار، بۇ تەزكىرىلەرنى 1908 - يىلى ۋە 1910 - يىللىرى چاقىلىق ناھىيەسىگە ئامبال بولغان رۇي شەن ۋە تاڭ گۇاڭشياۋلار يازغان. بۇ تەزكىرىلەرنىڭ يېزىلىش تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى بار، يەنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ تارىخ ۋە كۇلتۇرىنى ئۆگىنىش تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن سەۋىيە ياراتقان، بۇ دەۋردە يېزىلغان تارىخ - تەزكىرىلەرنىڭ كۆپلۈكى مۇشۇ دەۋر ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئۇچۇر مەنبەلەرنى قالدۇرغان. 1879 - يىلى شەنشىدە «باۋدې ئايمىقىدىكى يۇرتلارنىڭ تەزكىرىسى» تۈزۈلگەندىن كېيىن، يۇرتلارنىڭ تەزكىرىسىنى تۈزۈش ئەۋج ئالغان. 1905 - يىلى چىڭ سۇلالىسى باشلانغۇچ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يۇرتلارنىڭ دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش يارلىقى چۈشۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن يۇرتلاردا يۇقىرىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، بېرىلگەن فورما ۋە تەلەپ بويىچە يۇرت تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتى قانات يايغان، شۇ ۋاقىتلاردا ھازىرقى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى يۇرتلاردىن ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەمۇرىي ئورۇنلار ئۈچۈن 29 پارچە تەزكىرىسى تۈزۈلگەن. شۇ ۋاقىتتا تۈزۈلگەن تەزكىرىلەر ئۇ ۋاقىتلاردا نەشر قىلىنمىغان، لېكىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشلىرى باشلانغان. 1955 - يىلى خۇبېي ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا «شىنجاڭنىڭ يۇرت تەزكىرىلىرىدىن 29 پارچە» دېگەن نامدا بېسىپ كىتاب قىلغان. بۇ تەزكىرىلەر تەيۋەندە تولۇق ھالەتتە ئەمەس، يەككە يۇرت تەزكىرىسى سۈپىتىدە، ئەينى قول يازما ھالەتلىرىدە خەرىتىلىرى بىلەن قوشۇپ نەشر قىلىنغان. 1976 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى ئىشخانىسى 29 پارچە يۇرت تەزكىرىسىنى تاك شەكىلدە بېسىپ چىقارغان. 1986 - يىلى ياپونىيەدە «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسىدىن 30 خىل» دېگەن نامدا بۇ تەزكىرىلەر نەشر قىلىنغان. 1990 - يىلى دۆلەتلىك كۇتۇپخانا يادىكارلىقلار فاكسىمىل مەركىزى بىر قېتىم نەشر قىلغان. مەن بۇ تەزكىرىلەرنىڭ چاۋشىڭ رەقەملىك كۇتۇپخانىسىدىكى سېپىرلىك نۇسخىسىدىن (تاك تىزىلغان) پايدىلىنىپ كەلگەن ئىدىم. 2010 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ما داجېڭ قاتارلىقلار رەتلىگەن «شىنجاڭنىڭ يۇرتلار تەزكىرىسى» ناملىق توپلامنى نەشر قىلدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ تەزكىرىلەرنىڭ مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتى بولغانلىقتىن كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان، ئاشۇ تەزكىرىلەر ئىچىگە چاقىلىقنىڭ ئىككى پارچە تەزكىرىسى كىرگۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كىتابخانلارغا مۇشۇ تەزكىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى زۆرۈرىيەت بىلدىم.

**«چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ خەرىتىلىك يۇرت تەزكىرىسى» (ئاپتورى: رۇي شەن)**

**مەمۇرىيەت ئۆزگىرىشى تەكشۈرۈشۇمچە، چاقىلىق قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى**

36 بەگلىكنىڭ تۇنجىسى، «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»لەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بېگىنىڭ ئىسمى چۇخۇلەي (去胡来) خان ئىكەن. «خۇن تەزكىرىسى» ۋە تاڭ سۇلالىسى زامانىدىكى يەن شىگۇنىڭ بايانلىرىدىن بىلىشىمچە، چۇخۇلەيخان ئەسلىدە خۇنلارغا بېقىنىپ تەسلىم بولۇپ قايتىپ كەلگەنلىكتىن، شۇنداق ئاتالغان، بۇ غەلەتتۇر. بۇرۇن نامى ھەر خىل بولغان، جۈملىدىن لوپنور (罗布淖尔)، لوپ كۆلى (罗布泊)، يۇلتۇزكۆل (星宿海)، چاقىلىق (卡克里克) دەپ ئاتالغان. لوپ (نور) كۆلى بولسا «خەننامە»دىكى پىچانكۆل (蒲昌海)، «دەريا - ئېقىنلار تەپسىراتى»دىكى بۇرەكۆل (蒲类海)، «بۈيۈك تاڭ دەۋردىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دىكى نوپ (纳缚波)تۇر. جاڭ چيەن ئېيتقان «پەلەككە تۇتاش دەريا» دېگەن مۇشۇ يەردۇر.

سۇلالىمىز تەسەررۇپىغا ئېلىنىشتىن بۇرۇنقى تارىخىي دەۋرلەردە ئەل، ئايماق، ناھىيەلەرنىڭ بولغىنىدىن بىخەۋەرمەن. گۇاڭشۇ سەلتەنىتىنىڭ 15 - يىلى [1889 - يىلى] ئالدىنقى ھىمات پىرقىسىگە ۋېي [گۇاڭتاۋ] مەلۇماتنامە يوللاپ، قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جۇجۇقى قۇرغان، 16 - يىلى نەپىقە دالالەت جۇجۇقى قۇرۇلغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لى شىشى، شېن شيەنخوڭ، خۇاڭ گۇيفاڭ قاتارلىقلار [بۇ يەرنىڭ] بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇلار يەرلىكلەرنى تۇراقلاشتۇرۇپ، نەپىقە دالالەت، ئۆي سېلىش، ئېرىق چېپىش، بوز ئېچىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇرۇقلۇق ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى، توقۇمىچىلىق قوراللىرى تارقاتقان، ئەرلەر تېرىقچىلىق قىلىشنى، ئاياللار توقۇمىچىلىقنى شۇندىن باشلاپ بىلگەن، ئۇندىن بۇرۇن گەمىلەردە تۇرىدىغان ياۋايىلاردىن ئىدى[①]. شۇندىن كېيىن ئۆتەڭلەر قۇرۇلۇپ خەت توشۇلدى، چېچەك ئەملەندى، يوللار ياسىلىپ قاتناش راۋانلاشتى، دەرەخ تىكىپ باغ - ئورمان ئەھيا قىلىندى.

[گۇاڭشۇ سەلتەنىتىنىڭ] 25 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگە كەلگەندە، ئالدىنقى ھىمات پىرقىسىگە [شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى] راۋ [يىڭچى] مەلۇماتنامە سۇنۇشى بىلەن، قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ جۇجۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چاقىلىق نائىبلىقى (卡克里克县丞) تەسىس قىلىپ كۆنچى (新平) ناھىيەسىگە تەۋە بولغان، چاقىلىق مۇھاپىزەت يېڭى دۆرال (蒲昌) زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ قوماندانلىقىدا بولغان. [گۇاڭشۇ سەلتەنىتىنىڭ] 28 - يىلى [1902 - يىلى] ئالدىنقى ھىمات پىرقىسىگە [شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى] راۋ [يىڭچى ناھىيە تەسىس قىلىش توغرۇلۇق] مەلۇماتنامە سۇنغان. [گۇاڭشۇ سەلتەنىتىنىڭ] 29 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى [چاقىلىق نائىبلىقىنىڭ] دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ناھىيەسى تەسىس قىلىنىپ، قاراشەھەر ئايمىقىغا تەۋە بولغان. 羌婼 [يەرلىكلەرنىڭ] ئۆرپ - ئادىتى ئاددىي، ئاۋامنىڭ ھال - كۈنى ياخشى، ھازىر بوز يەرلەر ئېچىلماقتا، تىجارەت ۋە قاتناشقا ئېتىبار بېرىلدى، يېڭى يارلىق بويىچە ھەممە ئىشلار

① بۇ خىل بايانلارغا ئىلمىي قاراشنى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇش ئىدىيەسىنىڭ مەھسۇلى دەپ چۈشىنىشنى، ئىككى تەزكىرىدىكى فېئوداللىق ئىدىيەنىڭ بەزى سەلبىي تەسىرىگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ياخشىلاندى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان جەنۇبتىكىلەر بىلەن ئوخشاش باي - باياشات ياشاۋاتىدۇ.

**سىياسىي ئۇتۇقلار**

نائىب ئامبال جاڭ شۇئي: گۇاڭشۇنىڭ 25 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 27 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

نائىب ئامبال جوۋ جىنرۇ: گۇاڭشۇنىڭ 27 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 28 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

نائىب ئامبال جاڭ شۇئي: گۇاڭشۇنىڭ 28 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 29 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ ئامبال بولغان، 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

ئامبال شيا چاۋشۇەن: گۇاڭشۇنىڭ 29 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 31 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

ئامبال ليۇ مو: گۇاڭشۇنىڭ 31 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 33 - يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

ئامبال جوۋ يۈەن: گۇاڭشۇنىڭ 33 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 34 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قازا قىلغان.

ئامبال ساۋ داجى: گۇاڭشۇنىڭ 34 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

ئامبال رۇي شەن: گۇاڭشۇنىڭ 34 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان.

**لەشكىرىي ئىشلار**

گۇاڭشۇنىڭ 21 - يىلى گەنسۇدىكى شىنىڭ تۇڭگانلىرى ئىسيان قىلدى، 23 - يىلى ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىبېشى ليۇ سىفۇ ناھىيەمىز پاسىلغا كىردى، قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جۇجۇقى خادىملىرى ئاتلىق، پىيادە چېرىكلەرنى باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى تۇتتى. 27 - يىلى قازاقلار چىمەنتاغقا كىردى، 29 - يىلى يارلىق بويىچە پاسىلدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولدۇق، قامبۇق چىقىپ كېتىشكە ئۇنىمىدى، لەشكىرىي كۈچىمىز ئاجىز بولغانلىقتىن، يۇقىرىغا مەلۇم قىلدۇق. قاراشەھەر مەھكىمىسى قاراشەھەر يېڭىدىن ئاتلىق چېرىك چىقاردى، چېرىكلەر تاغ ئىچىگە كىرگەندە قامبۇق كېچىدە ئادەملىرىنى باشلاپ ھۇجۇم قىلىپ چېرىكچى ۋاڭ دېشېڭ، جاڭ فېڭشەن قاتارلىق قەھرىمانلىرىمىز ۋە يەرلىكلەردىن بولۇپ 11 كىشىنى ئۆلتۈردى. ئۆلكە بىر تۇغلۇق ئاتلىق چېرىك يۆتكەپ 31 - يىلى باھاردا ئۇلارنى يوقاتتى.

**ئاھالىلەر** تەۋەيىمىزگە پەقەت ئۇيغۇرلار (缠民)لا بولۇپ مۇسۇلمان مىللەت، باشقا قوۋم يوق.

**نوپۇسى** جەمئىي 496 ئۆيلۈك، ئەرلەر ۋە ئوغۇللار 1740، خوتۇن - قىزلار 1643 كىشى.

**ئۆرۈق - جەمەتلەر** ئۇيغۇرلار يەرلىكلەر بولۇپ فامىلىسى يوق، ئەۋلادمۇئەۋلاد بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز، تەكشۈرۈپ بىلگىلى بولمىدى. يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاھالىلەر تۇرپان، كېرىيە، كاشغەرلەردىن كەلگەنلەر بولۇپ 3 - ئەۋلادتۇر.

**دىن** ناھىيەمىزدىكىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار يوق.

**ئىش - ئوقەت** ناھىيەمىزدىكى ئۇيغۇرلار كىتاب ئوقۇمايدۇ، تېرىقچىلىق ۋە چارۋا بېقىشنىلا بىلىدۇ، سودا - تىجارەت قىلىدىغانلار ئاز.

**جۇغراپىيە** ناھىيەمىز ئۆلكە مەركىزى [ئۈرۈمچى]نىڭ 2300 يول جەنۇبىدا، ئايماق مەركىزى [قاراشەھەر]نىڭ 1200 يولدىن ئارتۇقراق غەربىدە. شەرقىي پاسىلى گەنسۇ [ئۆلكىسى]نىڭ دۇنخۇاڭ قوشلەڭزىگىچە 610 يول كېلىدۇ. غەربىي پاسىلى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ چىڭگىللىككىچە 300 يول، جەنۇبىي پاسىلى كىچىك چىمەنگىچە 410 يول، شىمالىي پاسىلى كۆنچى ناھىيەسىنىڭ دۇرالغىچە 480 يول كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە 910 يول، جەنۇبتىن شىمالغا 890 يول. جەمئىي 13 مەھەللە بار. بۇلاردىن چاقىلىق مەھەللىسى، تۇرپان مەھەللىسى، چۆشكۈن مەھەللىسى (ئامبال يامۇلىغا ئەڭ يېقىن)، 180 يول شەرقىدە ئابدال مەھەللىسى، 220 يولدا نېرىدا تۇغ مەھەللىسى، 240 يول نېرىدا مۇران مەھەللىسى بار. 30 يول غەربىدە تاتىراڭ مەھەللىسى، 180 يول غەربىدە ۋاششەھىرى مەھەللىسى بار. 120 يول شىمالىدا لوپ مەھەللىسى، 150 يولدا تۇزلۇق مەھەللىسى، 180 يولدا چاي (ئەسلىدە چار مەھەللىسى بولۇشى كېرەك — ئاپتوردىن) مەھەللىسى، 260 يولدا چىكە مەھەللىسى، 440 يولدا يېڭىسۇ مەھەللىسى بار. ناھىيەنىڭ شەرقىدىكى مۇران، غەربىدىكى ۋاششەھىرى، شىمالىدىكى قورغانلاردا شەھەر خارابىسىنىڭ ئىزناسى بار. «يېڭى تاڭنامە» جۇغراپىيە تەزكىرىسىدە يېزىلىشىچە، بۆرەكۆلىنىڭ جەنۇبىدا قۇتۇم (七屯) شەھىرى بولۇپ، خەن سۇلالىسى زامانىدىكى كىروران شەھىرى، چەرچەن شەھىرى (鄯善)، نوپ (弩支) شەھىرى قاتارلىق شەھەرلەر بولسىمۇ بۇرۇنلا خاراب بولۇپ كەتكەن. ناھىيە يامۇلىنىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەلئەسى (回堡)، تەبرىك قەسرى، دىڭشياڭ ئىبادەتخانىسى، نەزىر - چىراغ سۇپىسى، شەھەر مۇئەككىلى ئىبادەتخانىسى بار. لوپ ئۆتىڭىدە بىر كۆۋرۈك، ئارادەرىيادا بىر كېمە بار. ناھىيە يامۇلىدا باشلانغۇچ دەرىجىدىكى ئوقۇلدىن بىرى، قارادايدا يېرىم كۆن ئوقۇيدىغان شۆتاڭ، ئۇيغۇر قەلئەسىدە تەربىيەتخانىدىن بىرى بار.

ناھىيەنىڭ جەنۇبىدا چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك چىمەنتاغ دېيىلىدىغان ئۈچ تاغ بار، كىچىك چىمەنتاغنى چاقىلىق، ئوتتۇرا ۋە چوڭ چىمەنتاغنى تۇبۇتلەر باشقۇرىدۇ. بۇ تاغ قۇرۇم تاغلىرىدىن باشلىنىپ نەچچە مىڭ يول سوزۇلىدۇ. كېرىيەدىن چاقىلىققىچە، سولدىن يۇرسە تۇبۇت ۋە ھىندىستانغىچە، ئوڭدىن يۇرسە شىنىڭ چىڭخەيلەرگە بارغىلى بولىدۇ.

**دەريا - ئېقىنلىرى** ناھىيەنىڭ شەرقىدە چوڭ بىر دەريا — چەرچەن دەرياسى بار،

كېرىيەنىڭ چەرچەن دېگەن يېرىدىن باشلىنىپ، 900 يولدىن ئارتۇق ئېقىپ لوپ ۋە ئابدال كۆللىرىگە قۇيۇلىدۇ. غەربىي شىمالىدا ئىككى چوڭ ئېقىن بولۇپ، بىرى تارىم دەرياسى — يەكەن دەرياسى — ئارغان دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ دەريا يەكەندىن باشلىنىپ 2000 يولدىن ئارتۇق ئېقىپ، كۆنچى ناھىيەسىدىن ئۆتۈپ، لوپ ۋە ئابدال كۆللىرىگە قۇيۇلىدۇ. يەنە بىرى كۆنچى دەرياسى بولۇپ، قاراشەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى قايدۇ دەرياسىدىن باشلىنىپ، كۆنچى ناھىيەسى ئىچى بىلەن 1000 يولدىن ئارتۇق ئېقىپ، لوپ ۋە ئابدال كۆللىرىگە قۇيۇلىدۇ. غەربىي جەنۇبىدا كىچىك دەريا - ئېقىنلىرىدىن تۆتى بولۇپ ۋاششەھەرى دەرياسى، ۋاششەھەرى قۇرۇق دەرياسى، چاقىلىق دەرياسى ۋە مۇران دەرياسىدىن ئىبارەت. مۇران دەرياسى جەنۇبتىكى تاغدىن باشلىنىپ، 800 يولدىن ئارتۇق ئېقىپ ئابدال كۆلگە قۇيۇلىدۇ. يۇقىرىقى دەريا - ئېقىنلار يىغىلىپ ئابدال كۆلگە قۇيۇلغاندىن كېيىن ئېقىپ چىقىپ، قۇملۇقتا نەچچە يۈز يول ئېقىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولغان يۇلتۇز كۆلگە قۇيۇلىدۇ.

**يوللار** شەرققە سوزۇلغان كىچىك يول بىلەن 180 يول نېرىدىكى ئابدال مەھەللىسىگە، ئۇ يەردىن 60 يول يۈرۈپ مۇران مەھەللىسىگە، 370 يول يۈرۈپ دۇنخۇاڭنىڭ قوشلەڭزىگە بارىدۇ. غەربىدىكى كىچىك يول بىلەن 180 يول يۈرسە ۋاششەھەرى مەھەللىسىگە، يەنە 120 يول يۈرسە كېرىيەنىڭ چىڭگىللىكىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆلگە تۇتىشىدۇ. شىمالغا سوزۇلغان چوڭ يول بىلەن ناھىيەدىكى دەڭدىن چىقىپ 140 يول مۇسايە يۈرۈپ لوپ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ لوپ ئۆتەڭگە بارىدۇ، ئۇ يەردىن 40 يول يۈرسە كونا شەھەر ئۆتەڭى، 90 يول يۈرسە قورغان، 90 يول يۈرۈپ ئارغان دەرياسىدىن ئۆتسە ئارغان ئۆتەڭى، يەنە 60 يول يۈرسە قارادايى ئۆتەڭى، يەنە 60 يول يۈرسە كۆنچى ناھىيەسىنىڭ دۇرالغا بارىدۇ.

**چارۋىلىرى** كالا، قوي، ئات، قوتاز، ياۋا ئات، سۆلەيسۇن، تۈلكە، بۆركۈت.

**زىرائەتلىرى** بۇغداي، قوناق، ئارپا، زىغىر، پاختا.

**تېرە - يۇڭ بۇيۇملار** ئۆتۈك، جۇۋا، كىگىز (پالاس)، تاغار.

**سودا** ناھىيە مەركىزىدە يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئېتىزلار كۆپ بولمىغانلىقتىن، مەھسۇلاتىمىزمۇ كۆپ ئەمەس، ئۆزىمىزنى تەمىنلىگەندىن سىرت، ئاز مىقداردا كورلا قاتارلىق جايلارغا توشۇپ ئاپىرىپ ساتىمىز.

شۇەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى 1 - ئاي.

ئامبال روي شەن.

يۇقىرىقى تەزكىرە 1908 - يىلى چاقىلىققا ئامبال بولغان روي شەن تەرىپىدىن 1909 - يىلى يېزىلغان، ما داجيېڭ قاتارلىقلار رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان «شىنجاڭنىڭ يۇرتلار تەزكىرىسى»دە مەزكۇر تەزكىرىنى تۈزگۈچى روي شىن (瑞心) دەپ خاتا ئېلىنغان. بۇ تەزكىرە چاقىلىقنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەزكىرىگە بىر پارچە ئاددىي خەرىتىمۇ كىرگۈزۈلگەن، بۇ

خەرىتىنى سىيۇن ھېدىن ھەم ستەيىنلەرنىڭ خەرىتىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئەرزىمىسىمۇ يەنىلا قىممەتلىك بىر ماتېرىيال سۈپىتىدە تونۇشقا بولىدۇ، خەرىتىدە مەھەللىلەرنىڭ جايلىشىشى، يول مۇساپىلەر، دەريا، كۆل ۋە تاغلار ئىزاھلانغان. چاقىلىق بازىرىدىكى يامۇل مەھكىمىسى ۋە ئىبادەتخانا، قەلئەنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن. خەرىتىدىن قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا كېرىيە ناھىيەسىگە تەۋە قوزۇقاقتىنىڭ سەل شەرقىدىكى چىڭگىللىك ئارقىلىق كېرىيە بىلەن پاسىللانغان (چەرچەن شۇ ۋاقىتتا كېرىيەنىڭ بىر مەھەللىسى ئىدى). تەزكىرىنىڭ بۇندىن يۈز يىللار بۇرۇن يېزىلغانلىقى، شۇ ۋاقىتتىكى چاقىلىق ناھىيەسىنى چۈشىنىشتە مۇھىم مەنبە بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئابزاس بايانىدىن باشقا قىسمى تەرجىمە قىلىندى. چۈشىنىشلىك بولۇشى كۆزدە تۇتۇلۇپ، قىسمەن سۆزلەر قوشۇلۇپ ئوتتۇرا تىرناق ئىچىگە ئېلىندى، بۇ قېتىم ما داجېڭ قاتارلىقلار نەشر قىلدۇرغان نۇسخىغا بىر قۇر سېلىشتۇرۇلدى. قوشۇمچە قىلىدىغىنىم، مۇشۇ تەزكىرىدىكى خەرىتە «چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يەر ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى» قاتارلىق تەزكىرىلەرگە كىرگۈزۈلگەن، قىزىققۇچىلارنىڭ شۇ كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

**«چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» (ئاپتورى: تاڭ گۇاڭشاۋ)**

**مەمۇرىيەت ئۆزگىرىشى** چاقىلىق ناھىيەسى قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ تۈنجىسى، «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»دىكى بېگىنىڭ نامى چۇخۇلەي. بۇ يەر بۇرۇن لوپنور، لوپ كۆلى، يۇلتۇزكۆل دەپمۇ ئاتالغان، ئومۇملاشتۇرۇپ چاقىلىق (卡克里克) دەپ ئاتىلىدۇ. تەسەررۇپىمىزغا ئېلىشتىن ئىلگىرىكى تارىخىي دەۋرلىرى ھەققىدە مەلۇمات يوق. گۇاڭشۇنىڭ 15 - يىلى قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جۇجۇقى، 16 - يىلى نەپىقە دالالەت جۇجۇقى قۇرۇلۇپ يەرلىكلەر تۇراقلاشتۇرۇلۇپ، كۆچمەنلەر قوبۇل قىلىنىپ، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلىپ بوز يەرلەر ئېچىلغان. دېھقانلارغا دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇرۇق تارقىتىپ بېرىلگەن، ئاۋام چارۋا بېقىش ۋە تېرىقچىلىق قىلىشنى شۇندىن باشلاپ بىلگەن. 25 - يىلى 9 - ئايدا ئالدىنقى ھىمات پىرقىسى راۋ يىڭچىنىڭ مەلۇماتنامىسىگە ئاساسەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى جۇجۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چاقىلىق نائىبلىقى (卡克里克县丞)نى تەسىس قىلغان ۋە كۆنچى ناھىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. چاقىلىق نائىبلىقى باشقۇرۇشىدا مۇھاپىزەت چېرىك ئەترىتى قۇرۇلۇپ، دۇرال زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ قوماندانلىقىغا بېرىلگەن. 28 - يىلى راۋ يىڭچى ئالدىنقى ھىمات پىرقىسىگە تەكرار مەلۇماتنامە يوللىغان، 29 - يىلى 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەلۇماتنامىگە ئاساسەن، چاقىلىق نائىبلىقىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ چاقىلىق ناھىيەسى (婼羌县) بولغان، قاراشەھەر ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىنىپ ئامبالدىن بىرى، پاششاپ بەگدىن بىرى، كانايچىدىن ئالتىسى تەيىنلەنگەن.

**سىياسىي ئۇتۇقلار**

نائىب ئامبال جاڭ شۇئې: گۇاڭشۇنىڭ 25 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋەزىپىگە

ئۆلتۈرگەن، 27 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

نائىب ئامبال جوۋ جېنرۇ: گۇاڭشۈنىڭ 27 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 28 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

نائىب ئامبال جاڭ شۇيى: گۇاڭشۈنىڭ 28 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 29 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ ئامبال بولغان، 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

ئامبال شيا چاۋشۈەن: گۇاڭشۈنىڭ 29 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 31 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

ئامبال ليۇ مو: گۇاڭشۈنىڭ 31 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 33 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

ئامبال جوۋ يۈەن: گۇاڭشۈنىڭ 33 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 34 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كېسەل بىلەن قازا قىلغان.

ئامبال رۇي شەن: گۇاڭشۈنىڭ 34 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، شۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

ئامبال چيەن رۇگۇڭ: شۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

ئامبال تاڭ گۇاڭشاۋ: شۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان.

يۇقىرىقى نائىب ئامبال ۋە ئامباللار ئاۋامغا سۈچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى ئۆگەتتى، شۆتاڭ ئېچىپ تەربىيەت قىلدى، ئاۋامغا خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەتتى، ياكى مەكتەپ ئېچىپ تەربىيەت قىلىپ ئاۋامنى ئەدەپ ـ قائىدىلىك، نومۇسچان قىلىپ تەربىيەلىدى. بوز يەرلەرنى ئېچىپ، باغ ـ ئورمان ئەھيا قىلىپ، تېرىقچىلىقنى ئۆگەتتى. بۇتخانىلارنى قۇرۇپ خەلقنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى. ئۇلارنىڭ يەرلىرى ئۇنۇمسىز، ئادەملىرى نامرات ئىكەن، مەبلەغ كەمچىل، ھازىر شۆتاڭ مائارىپىنى كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بەرمەكتىمىز، ئوقەتچىلىك ۋە چارلىغۇچى چېرىك ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەكتىمىز. ئاۋۋال ئەسكى قائىدە ـ يوسۇنلارنى چەكلەپ، ئاۋامنى مايىل قىلىپ، خاتىرجەم قىلغانلىقتىن خەلقنىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، ئەرز ـ دادلىق ئىشلار، جىنايى ئىشلار بولمىدى.

**لەشكىرىي ئىشلار** گۇاڭشۈنىڭ 21 ـ يىلى گەنسۇ، شىنىڭ قاتارلىق جايلاردا خۇيزۇلار ئىسيانى بولدى. 23 ـ يىلى ئىسيانكار ليۇ سىفۇ ناھىيەمىز پاسىلىغا بېسىپ كىردى، ئۇلارنى توسۇپ قانۇنغا رىئايە قىلىش توغرىلىق نەسىھەت قىلىندى. 27 ـ يىلى قازاقلار چىمەنتاغقا بېسىپ كىردى، 31 ـ يىلى كۆزدە ناھىيەمىز پاسىلىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

**ئاھالىلەر** ناھىيەمىزدە ئۇيغۇرلارلا بار، ئۇلار مۇسۇلمانلاردۇر، باشقا مىللەت، قوۋم يوق.

**نوپۇس** شۆەنتۇڭنىڭ 1 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا جەمئىي 712 ئۆيلۈك بولۇپ ئەرلەر ۋە ئوغۇللار 2291، خوتۇن - قىزلار 1890 كىشى.

**ئۇرۇق - جەمەتلەر** ئۇيغۇرلاردا فامىلە ۋە ئۇرۇق يوق، يېقىندىن قوبۇل قىلىنغان ئاھالىلەر تۇرپان، كېرىيە ۋە كاشغەرلەردىن كەلگەن، ئۇلارغا ھازىر ئۈچ ئەۋلاد بولدى.

**دىن** ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، تەۋەيىمىزدە ئەجنەبىيلەرنىڭ دىنى، راھىب - تويىنلار يوق، شەخسىيلەر قۇرغان ئىبادەتخانىمۇ يوق.

**ئىگىلىك** ئۇيغۇرلار يېقىنقى يىللاردىن بېرى تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىشۋاتىدۇ، تېرىقچىلىقى راۋاجلىنىشۋاتىدۇ، توقۇمىچىلىق قىلىدىغانلارمۇ كۆپەيمەكتە، توقۇلۇشى سىپتا ئەمەس، ئۆگەتكۈچى ئۇستازمۇ يوق، سودا - تىجارەت تەرەققىي قىلمىغان.

**جۇغراپىيەسى** ناھىيە ئۆلكە مەركىزىنىڭ جەنۇبىدا، ئارىلىقى 2300 يولدىن ئارتۇق. قاراشەھەر مەھكىمىسىنىڭ غەربىدە، ئارىلىق 1200 يولدىن ئارتۇق. شەرقتە چۆلدىن ئېشىپ پاسىللىنىدىغان دۇنخۇاڭنىڭ قوشلەڭزىگە 610 يول. غەربتە پاسىللىنىدىغان كېرىيەنىڭ چىڭگىللىككە 300 يول. جەنۇبتىكى پاسىل كىچىك چىمەنتاغقا 410 يول. شىمالىي پاسىل كۆنچىنىڭ دۇرالغىچە بولۇپ 480 يول. ناھىيەنىڭ دائىرىسى شەرقتىن غەربكە 910 يول، جەنۇبتىن شىمالغا 890 يول. جەمئىي 13 مەھەللە بولۇپ ئامبال يامۇلى چاقىلىق مەھەللىسى ئەتراپىدا، تۇرپان ۋە چۆشكۆن مەھەللىلىرى ئەڭ يېقىن. شەرقتە 180 يول يىراقتا ئابدال مەھەللىسى، 220 يول يىراقتا تۇغ مەھەللىسى، 240 يول يىراقلىقتا مۇران مەھەللىسى بار. غەرب تەرەپتە 30 يولدا تاتىراڭ مەھەللىسى، 180 يولدا ۋاشەھەرى مەھەللىسى بار. شىمال تەرەپتە 120 يولدا لوپ مەھەللىسى، 150 يولدا تۇزلۇق مەھەللىسى، 180 يولدا چاي (چار مەھەللىسى بولۇپ خوتەنلىكلەرنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە چاي مەھەللىسى بولۇپ قالغان — ئاپتور) مەھەللىسى، 260 يولدا چىكە مەھەللىسى، 440 يولدا يېڭىسۇ مەھەللىسى بار. ناھىيەنىڭ شەرقىدىكى مۇران، غەربىدىكى ۋاشەھەرى، شىمالىدىكى قورغاندا قەدىمكى شەھەر بولۇپ خارابىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنمىغان. شۆەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى ئوتتۇرا، شەرق، غەرب ۋە شىمال دەپ تۆت رايونغا بۆلۈنگەن، ناھىيە ئامبال يامۇلىنى چۆرىدەپ ئۇيغۇر قەلئەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلار ئوتتۇرا (مەركىزىي) رايون قىلىنغان. گۇاڭشۇنىڭ 33 - يىلى تەبرىك قەسىرىدىن بىرى، ئۆي ئىلاھى سۇپىسىدىن بىرى، شەھەر مۇئەككىلى ئىبادەتخانىسىدىن بىرى، دىڭشياڭ ئىبادەتخانىدىن بىرى سېلىنغان، لوپ ئۆتەڭگە بىر كۆۋرۈك سېلىنغان، ئارغانغا كېمىدىن بىرى تەخلەنگەن. شۆەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى باشلانغۇچ ئوقۇلدىن بىرى قۇرۇلۇپ، خەنزۇچە ئۆگىتىدىغان شۆتاڭ قىلىنىپ ئاددىي خەتلەر ئۆگىتىلدى. شۆەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى ۋەز - نەسىھەتخانا، دەۋەتخانا، مەجلىسخانا،

يېڭىسۇدا 2 ـ شۆتاڭ (خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقى ئۆگىنىلىدۇ)لار قۇرۇلدى، يەنە شەرق، غەرب ۋە شىمالىي رايونلاردا تەربىيەتخانا تەسىس قىلىندى.

**تاغلار** ناھىيەنىڭ جەنۇبىدا 400 يول كېلىدىغان يەردە چىمەنتاغ بار، شەرقتە موڭغۇلىيە بىلەن، غەربتە كېرىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ، قۇرۇم تاغلىرىدىن باشلىنىپ نەچچە مىڭ يولغا سوزۇلىدۇ. كېرىيەدىن چاقىلىقنىڭ سول يېقى بىلەن تۇبۇت ۋە ھىندىستانغا، ئوڭ تەرەپ بىلەن شىنىڭ، چىڭخەيلەرگە تۇتىشىدۇ.

**دەريا ـ ئېقىنلار** ناھىيەنىڭ شەرقىدە (غەربىدە بولۇشى كېرەك — ئاپتور) بىر چوڭ ئېقىن بولۇپ چەرچەن دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ، كېرىيەدىن باشلىنىپ 900 يولدىن ئارتۇق ئېقىپ لوپنور رايونىدىكى ئابدال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. شىمالىدا چوڭ ئېقىندىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى تارىم دەرياسى، يەنە ئارغان دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەكەندىن باشلىنىپ، 2000 يولدىن ئارتۇق ئېقىپ، كۆنچى ناھىيەسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ لوپنور (رايونى) تەۋەسىدىكى ئابدال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. يەنە بىر ئېقىننىڭ نامى كۆنچى دەرياسى بولۇپ قاراشەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى قايدۇ دەرياسىدىن باشلىنىدۇ، 2000 يولدىن ئارتۇق ئېقىپ، كۆنچى ناھىيەسى تەۋەسىدىن ئۆتۈپ، لوپنور (رايونى) تەۋەسىدىكى ئابدال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ناھىيەنىڭ جەنۇبىدا كىچىك ئېقىندىن تۆتى بولۇپ، بىرى ۋاششەھەرى دەرياسى، بىرى ۋاششەھەرى قۇرۇق دەرياسى، بىرى چاقىلىق دەرياسى، بىرى مۇران دەرياسى — بۇلار جەنۇبتىكى تاغدىن باشلىنىدۇ، ئېقىن دائىرىسى 800 يولدىن ئوشۇق، دەريالار ئېقىپ ئابدال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. يۇقىرىقى دەريالارنىڭ ئېقىنلىرى يىغىلىپ ئابدال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، ئابدال كۆلىدىن ئېقىپ چىقىپ، قۇملۇقتا نەچچە يۈز يول ئاقىدۇ، يەنە 100 نەچچە يول ئېقىپ يۇلتۇز كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، بۇ كۆل جۇڭگودىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ مەنبەسىدۇر.

**يوللار** شەرق تەرەپكە بارىدىغان كىچىك يول بىلەن 180 يول يۈرسە ئابدال مەھەللىسىگە، يەنە 60 يول يۈرسە مۇران مەھەللىسىگە، يەنە 370 يول يۈرسە چۆللەردىن ئۆتۈپ دۇنخۇاڭ تەۋەسىدىكى قوشلەڭزىگە بارىدۇ. غەربكە بارىدىغان كىچىك يول بىلەن 180 يول يۈرسە ۋاششەھەرى مەھەللىسىگە، يەنە 120 يول يۈرسە كېرىيەنىڭ چىڭگىللىككە بارغىلى بولىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان چوڭ يول بىلەن يامۇلغا يېقىن بولغان ئۆتەڭدىن يولغا چىقىپ 140 يول يۈرۈپ لوپ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، يەنە 40 يول يۈرسە لوپ ئۆتىڭىگە بارىدۇ، يەنە 60 يول يۈرسە كونا شەھەر ئۆتىڭى، 90 يول يۈرسە قورغان، يەنە 90 يول يۈرۈپ ئارغان دەرياسىدىن ئۆتسە ئارغان ئۆتىڭى، يەنە 60 يول يۈرسە قارادايي ئۆتىڭى، يەنە 60 يول يۈرسە كۆنچى ناھىيەسىنىڭ دۇرالغا يېتىپ بارىدۇ.

**مەھسۇلاتلىرى**

جاندارلار: كالا، قوي، ئېشەك، ئات، قوتاز، ياۋا ئات، سۇلەيسۇن، بۆرە، تۈلكە، بۈركۈت.

دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر: بۇغداي، قوناق، ئارپا، زىغىر، كېۋەز، يۇلغۇن، توغراق، شاپتۇل، ئۆرۈك، ياڭاق.

مەدەنلەر: تاشساي، يىماتاغ (؟)، مۇران قاتارلىق جايلاردىن بىر خىل تاش چىقىدۇ، هازىر تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

ياسالمىلىرى: ئۆتۈك، كىگىز، پالاس، تاغار.

**سودا ـ تىجارەت:** ناهىيە بازىرى يېڭىدىن بەرپا قىلىنغانلىقتىن ئادەم كۆپ ئەمەس، دېهقانچىلىق مەهسۇلاتلىرى ناهىيەنى تەمىن ئېتىدۇ، سىرتقا كۆپ مىقداردا توشۇپ سېتىلمايدۇ.

شۋەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى ئامبال تاڭ گۈاڭشاۋ يازدى.

يۇقىرىقى تەزكىرىنى 1910 ـ يىلى چاقىلىق ناهىيەسىگە ئامبال بولغان تاڭ گۈاڭشاۋ يازغان. مەزمۇن يېقىدىن ئالغاندا، ئالدىنقى ئامبال رۇي شەن تەرىپىدىن 1909 ـ يىلى يېزىلغان تەزكىرە بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئوخشاش، بۇنىڭ سەۋەبى شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنىڭ ئوخشاشلىقى بولۇپلا قالماي، ئالدىنقى تەزكىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەينى زاماندا شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن ھەرقايسى جايلارغا يەرلىك يۇرت تەزكىرىلىرىنى تۈزۈش يارلىقى كەلگەن، يېزىلغان تەزكىرىلەرنىڭ ئىچىگە كىرگەن مەزمۇن تۇرىنىڭ ئوخشاشلىقى، ئوخشاش بىر تەلەپنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. يۇقىرىقى تەزكىرىنى ئەينى زاماندىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى يازغان، شۇ سەۋەبتىن بەزى فېئوداللىق كۆزقاراش ۋە خاتا بايانلارمۇ بار، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى كۆپتۈرۈپ، يەرلىكلەرنى كەمسىتىدىغان جۈملىلەر ساقلانغان، يەنى يەرلىكلەرگە دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئۆگەتكەنلىكلىرىنى مۇبالىغە قىلغاندەك بايانلار بۇنىڭ مىسالىدۇر. قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىپ، ئوبيېكتىپ قاراش لازىم. تەزكىرىدىكى يول (مۇساپە بىرلىكى) ئەسلىي مەتىندە 里 بولۇپ، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا چاقىرىم دەپ ئېلىنغان، يېقىنقى تەشەببۇسلار بويىچە يول دەپ ئېلىندى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر يول مۇساپە هازىرقى بىرلىك بويىچە 500 مېتىرغا تەڭ كېلىدۇ. مۇساپىلەر ئەينى زاماندىكى يول يۆنىلىشى بويىچە كۆرسىتىلگەنلىكتىن، بەزىلىرى هازىرقى هېسابقا ئۇدۇل كەلمەيدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇندىن 100 يىل بۇرۇنقى ئەھۋاللاردىن ۋە تەزكىرە مەزمۇنىدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن تەرجىمە قىلىندى، تەرجىمىدە خاتا كەتكەن جايلارنىڭ تۈزىتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يۇقىرىدا تونۇشقان ئىككى تەزكىرە بۇندىن 100 يىل بۇرۇن چاقىلىقتا ئامبال بولغان ئىككى كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇلار شۇ ۋاقىتتىكى چاقىلىقنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە جۇغراپىيەلىك هالەتلىرىدىن خەۋەر بېرىدىغان مۇھىم مەنبە. مۇشۇ تەزكىرىدىن ئېلىنغان بەزى مەلۇماتلار شۇ ۋاقىتتا تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دىكى مەزمۇنلاردا ئەكس ئەتكەن. رۇي شەن تۈزگەن تەزكىرىگە قوشۇمچە قىلىنغان خەرىتە تولىمۇ ئاددىي، ھەتتا شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خەرىتىلىرىگە قوشۇلغان چاقىلىق ناهىيەسىنىڭ خەرىتىسىدىنمۇ كۆپ ئاددىي، سېۋىن

ھېيدىن ۋە ستەيىنلەر ئىشلىگەن خەرىتىلەرگە ئىنچىكىلىك جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ستەيىن ۋە سېۋېن ھېدىنلەرنىڭ خەرىتىلىرى ناھايىتى ئىنچىكە ئىشلەنگەن بولۇپ رايونلارغا بۆلۈنگەن، ئەمما يۇقىرىقى خەرىتىلەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئالاھىدىلىكى بار. مەسىلەن: چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ئىشلىگەن خەرىتىلەردە چاقىلىقنىڭ ناھىيە پاسىللىرى، مەھەللىلەر ئېنىق ئەكس ئەتكەنلىكى بىلەن گەۋدىلەنسە، ستەيىن ۋە سېۋېن ھېدىنلارنىڭ خەرىتىلىرى جۇغراپىيەلىك ھالەتلەر، يەر ناملىرى جەھەتتىكى تەپسىلىيلىكى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سېۋېن ھېدىننىڭ 1900 ـ يىلىدىكى، ستەيىننىڭ 1906 ـ يىلىدىكى، رۇي شەننىڭ 1908 ـ يىلىدىكى، شىنجاڭ ئۆلكىسى بىرتۇتاش ئىشلىگەن 1910 ـ يىلىدىكى خەرىتىلەرنى ئەينى ۋاقىتتىكى قاراشەھەر مەھكىمىسى ۋە كۆنچى ناھىيەسىنىڭ خەرىتىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، يۇرتىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جۇغراپىيەلىك ھالىتى، ئاھالىلەرنىڭ توپلاشقان نۇقتىلىرى، يول قاتنىشى، دەريا ـ كۆللىرى، چېگرا ـ پاسىللىرى، يەر ناملىرى جەھەتلىرىدىن ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلار ئېرىشەلەيمىز. ئومۇمەن يۇقىرىقى ئىككى تەزكىرە 1900 ـ يىلىدىن 1910 ـ يىلىغىچە چاقىلىقنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىم مەنبەدۇر.

1911 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلدى، گەرچە جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلۇپ ھاكىمىيەت ئالماشقان بولسىمۇ شىنجاڭ خەلقى يەنىلا ئازاب ـ ئوقۇبەت، يوقسۇزلۇق، قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە قىيلىۋەردى. ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەيىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ زۇلۇمى ئىلكىدە ئازاب ـ ئوقۇبەت چەكتى، تەرەققىياتتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمىدى. ياڭ زېڭشىن قاتارلىقلار خەلق قانچىكى نادان بولسا باشقۇرۇشقا شۇنچە ئاسان بولىدۇ، شۇندىلا ھۆكۈمرانلىقىمىزنى ئاداققىچە ساقلايمىز دەپ قارىغاچقا، خەلقنى مەڭگۈ نادانلىق، خۇراپاتلىق ئىلكىدە ھايۋان كەبى ياشىشى ئۈچۈن تىرىشتى. بۇ خىل ھالەت پەقەت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئاخىرلىشىپ خەلقىمىزنىڭ ئىنسانىي ھاياتى باشلاندى.

1921 ـ يىلى تارىم دەرياسىنىڭ كۆنچى دەريا ئېقىنى بىلەن قەدىمكى لوپ كۆلىگە ئېقىپ بېرىشى، چاقىلىق رايونى ئۈچۈن بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى، جۈملىدىن لوپلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق ھاياتى ئاياغلاشتى، قەدىمىي يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ چىقىپ چاقىلىق، قارادۆۋە، يېڭىسۇ ۋە مۇران بوستانلىقلىرىدا كۆچۈم مەھەللىلەرنى بەرپا قىلىپ، ئېكىنچىلىق بىلەن ياشاشقا مەجبۇر بولدى. بۇرۇنقى ئابدال، قاراقوشۇن قاتارلىق جايلار ۋە بىزگە ئورنى تېخى نامەلۇم بولغان يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن 13 كەنتنىڭ بەزىلىرى ۋەيران بولدى. چاقىلىق، ۋاششەھىرى، مۇران، يېڭىسۇ، قارادۆۋە بوستانلىقلىرى شۇندىن باشلاپ چاقىلىق ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي پائالىيەت ئورۇنلىرى بولۇپ قالدى، ئەلۋەتتە چارۋىچىلىق رايونلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. مۇشۇ

دەۋردىكى چاقىلىق ھەققىدە بىلىدىغان ماتېرىياللىرىمىز ئانچە كۆپ ئەمەس، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»نىڭ 2 ـ قىسمىدا «ياڭ زېڭشىن تەختكە چىقىش بىلەنلا ھاكىمۇتلەقلىق، مۇستەبىتلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تۇتۇشتى... ئۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا، پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلاندى... سىياسىي جەھەتتە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ قالغان ياڭ زېڭشىن مىللىي مەسىلىدە ئىسكەنجىگە ئېلىش ھىيلىسىنى ئىشقا سالدى. ئىسكەنجىگە ئېلىش دېگەننى ئۇ ئۆزىنىڭ ‹شىنجاڭنى ئەبەدىي تىنچلاندۇرۇش ئارزۇسى›دىن كېلىپچىققان ‹مۇكەممەل تەدبىر›، ‹ئۆزۈمنىڭ ئەزەلدىن ئىش باشقۇرۇشتىكى مۇراد ـ مەقسىتىم› دېدى... خۇيزۇ، ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ‹خەنزۇلارنى ئىسكەنجىلەش›، ئاندىن يەنە خۇيزۇ، ئۇيغۇرلارنى ‹خەنزۇلار ئارقىلىق ئىسكەنجىلەش›تىن ئىبارەت بولدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇزاققىچە داۋام قىلىش ئۈچۈن خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش، بېكىنمە مۇھىت يارىتىپ ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ كىرىشىنى چەكلىدى. ياڭ زېڭشىن دەھشەتلىك زۇلۇم قىلىپ باج ـ سېلىق يىغقان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 19 ھەسسە كۆپەيگەن.»① ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چاقىلىق ناھىيە بازىرىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش بىلەن بىرگە يەنە ئىچكىرىگە بارىدىغان يولنىڭ بويىغىمۇ (ھازىرقى دۆلەت 315 ـ تاشيولىدىكى باشقورغاندا چېرىك تۇرغان) ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، چاقىلىق ۋەزىيىتىنىمۇ ئۆز مۇددىئاسى يولىغا سالغان.

ياپونىيەلىك تاچىبانا زۇيچۇنىڭ يېزىشىچە، 1911 ـ يىلى ئابدالدا 12 ـ 13 ئائىلە ئادەم بار ئىدى. ئۇنىڭ يېزىشىغا ئاساسلانغاندا، ئابداللىقلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ لوپلۇق دەپ ئاتالغان، ئۇلارنىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ تاچىبانا زۇيچۇ ئۆزى بىلىدىغان چەكلىك ئۇيغۇر تىلى بىلىمى بىلەن مەلۇم پەرقلەر بارلىقىنى سەزگەن. يەرلىك ئاھالىلەردە ناھايىتى كۆپ رىۋايەتلەر ساقلانغانلىقى ئەسكەرتكەن تاچىبانا زۇيچۇ رىۋايەتلەرنى ئۇزۇن كۆرۈپ خاتىرىلىمىگەن. 1912 ـ يىلى 12 ـ ئايدا چاقىلىقنىڭ ئامبىلى خۇ دىيەنخۇا دۇنخۇاڭدىن خوتەنگە قايتقان گېلاۋخۇينىڭ ئالاقىچىسى لى تۇشۇنى 360 جىڭ ئەپيۇن بىلەن تۇتۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. چەرچەندىن قورال ـ ياراغ بىلەن كەلگەن گېلاۋخۇيچىلار (ئۇلار باشلىرىغا قارا رەخت ئورىۋالغاچقا خەلق ئۇلارنى «قارا سىپەچىلەر» دەپ ئاتىغان) چاقىلىققا باستۇرۇپ كىرگەن. مۇشۇ ۋاقىتتا چاقىلىقتا ياڭ زېڭشىننىڭ ئاقسۇ بازىرىدىكى قىسمىغا قاراشلىق چەرچەن ۋە چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق ئىككى يىگىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بار بولۇپ چاقىلىق ۋە مۇراندە تۇرغان. مۇشۇ

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئىنىستىتۇتى: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى(2)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 622 ـ، 624 ـ، 633 ـ بەتلەر.

يىلى چاقىلىق ناھىيەسىدە يەنە ساقچى ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كېيىنكى يىلى 30 نەپچە كىشىدىن تەركىب تاپقان ساقچى ئەترىتى قۇرۇلغان، ئۇلار جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشقا خېلى تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، بەزىدە، ناھەق ئىشلارنى قىلىپ خەلقنىڭ قارغىش - نەپرىتىگە ئۇچرىغان. قاراسىپەچلەر توغرىسىدىكى يەرلىك تارىخچىلارنىڭ بايانلىرى بىلەن تارىخچى زىڭ ۋېنىۋۇنىڭ يازغانلىرىدا كۆپ ئورتاقلىق بار، ئەلۋەتتە زىڭ ۋېنىۋۇنىڭ يازغانلىرى شۇ ۋاقىتلاردا ئۇرۇمچى - تۇرپان تەرەپلەردە ئىگىلەنگەن ئۇچۇرلار ئاساسىدا، بەلكىم ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. زىڭ ۋېنىۋۇنىڭ يېزىشىچە قاراشەھەر، بۈگۈر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان قاراسىپەچلەر تەدرىجىي سۈرۈلۈپ چەرچەن ۋە چاقىلىققا يىغىلغان، چەرچەن شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ مۇھىم جايى يەنى باش ئىشتابى بولۇپ قالغان، ئەينى ۋاقىتتا چاقىلىق بىلەن كېرىيە ئارىسىغا جايلاشقان بۇ جاي مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىدى. چاقىلىقتىكى شياڭۋاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ شەيخى چيۇ يۇشەنمۇ ئەتراپىغا مۇرىت توپلىغان. 1910- يىلى (كونا يىلنامە بويىچە 12-ئايدا) چەرچەندىكى قاراسىپەچلەر 360 جىڭ ئەپيۇننى دۇنخۋاڭدىن چەرچەنگە يۆتكىگەندە چاقىلىق ئامبىلى خۇ دىيەنخۋا ئۇلارنى تۇتۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن قاراسىپەچلەر قورال ئىشلىتىپ خۇ دىيەنخۋانى يوقاتماقچى بولغان. شۇ ۋاقىتتا خۇ دىيەنخۋا لەشكىرىي ياردەم تەلەپ قىلغان، كېرىيەدىكى چېرىكلەر باشلىقى ياڭ لىيەنشېڭ، چەرچەندىكى قاراۋۇلخانا باشلىقى جۇ جېڭشياڭ قاراسىپەچلەرنى قورال - ياراغ بىلەن تەمىن ئەتكەن ئىدى. ئۆلكە ئارمىيەسى چاقىلىققا يېتىپ كەلگۈچە قاراسىپەچلەر چاقىلىق ئامبىلى خۇ دىيەنخۋانى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئادىمى خې كەيىۋەننى ئامبال قىلغان. يەرلىك ئۇيغۇر تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قاراسىپەچلەر يامۇلغا باستۇرۇپ كىرگەچكە، خۇ دارىن ئادەملىرى بىلەن قېچىپ چىققان ۋە توغراقلىق مەھەللىسىدىكى ھوشۇر قاراپاچاقنىڭ قورۇسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان، قاراسىپەچلەر ھوشۇر قاراپاچاقنىڭ ئۆيىنى قورشىۋالغان ھەمدە شىۋىرغانلىق بۇ كېچىدە ئۇزۇن قورشاپ تۇرۇشقا چىدىيالماي، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئوت قويغان. ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈشنى خالىمىغان خۇ دارىن تۆكچى قۇربان لاۋيى بىلەن چىقىپ تەسلىم بولغان، گېلاۋخۇيچىلار خۇ دارىننىڭ بېشىنى كېسىپ چاقىلىق بازىرىغا ئاسقان، بۇ ھەقتە ئەينى ۋاقىتتا چاقىلىق خەلقى مۇنداق قوشاق قاتقان:

ئاستىدا ياخشى ئات، قاچالمىغان خۇ دارىن،
ئۈستىدە پەرەڭ مىلتىق ئاتالمىغان خۇ دارىن.
ئوچاق تولدى كۈل قالدى، ئالتۇن - كۈمۈش پۇل قالدى،
ياپياشقىنە تەتەيخان، ھەجەپ چاغدا تۇل قالدى.

خۇ دارىن ئۆلتۈرۈلۈپ چاقىلىق قاراسىپەچلەرنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ باشلىقى خې كەيىۋەن دېگەن كىشى چاقىلىققا ئامبال بولۇپ، ئۇلار يوقىتىلغىچە يۇرت سورىغان. قاراسىپەچلەرمۇ چاقىلىق خەلقىگە ئېغىر زۇلۇملارنى سېلىپ خەلقنى قان يىغلاتقان، شۇڭا خەلق ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنى ئىدارە قىلمىۋاتقان مۇستەبىت قېرى

جياڭجۇن ياڭ زېڭشىندىن ھىمات تىلىگەن. بۇ دەل ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلىۋاتقان قاراسىپەچىلەرنى يوقىتىش ۋاقتىغا توغرا كەلگەن. خۇ دىيەنخۇانىڭ قۇتقۇزۇش ياردىمى تەلەپ قىلغان خەۋىرىنى ئالغان قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق خەنزۇ ـ خۇيزۇ قىسمىنىڭ باشلىقى تۇڭ مىڭسەي زۇ ۋېيشىن باشچىلىقىدا ئالدىن يۈرەر قىسىم ئېۋەتكەن، بۇ قىسىم لوپلەڭگەرگە كەلگەندە خۇ دىيەنخۇانىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان. 1913 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۇڭ مىڭسەي 500 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى قاراشەھەردىن چاقىلىققا ئەۋەتكەن، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ۋاڭشەھىرىلىك ئوسمان شاڭيو 40 ـ 50 ئادەم بىلەن قورغانغا كېلىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالغان. 1914 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىككى ئارىدا سوقۇش باشلانغان، قاراسىپەچىلەر بىلەن تۇڭ مىڭسەي قوشۇنى چاقىلىق ناھىيە بازىرى، قۇرۇققاسقان (قۇيرۇق ئاسقان) دۆڭلۈكلىرىدە سوقۇشقان، ئاقىۋەت قوشۇنى ئاز، خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن قاراسىپەچىلەر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان، 17 كىشىسى ئۆلگەن. لياۋ گوشىن، خې كەييۈەن قاتارلىق 14 كىشى ئەسىرگە چۈشكەن، قالغانلىرى چەرچەنگە قېچىپ كەتكەن. باشلىقلىرىدىن لياۋ گوشىن، خې كەييۈەنلەرنىڭ بېشى كېسىلىپ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ بېرىلىپ ئاق قوۋۇققا ئېسىلغان. قاراسىپەچىلەرنىڭ زۇلۇمىدىن جاق تويغان خەلق ياڭ زېڭشىن قوشۇنى تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇلارغا ھەمدەم بولغان، شۇنىڭ بىلەن چاقىلىق ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. ياڭ زېڭشىن مۇران ئەتراپلىرىدا مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن. قاراسىپەچىلەرنىڭ چاقىلىقتىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۈچ يىل داۋام قىلغان. 1915 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى قاراقچىلىق قىلىپ يۈرۈۋاتقان خۇ جۇندى، ما فۇلۇ، شىڭ فۇلىڭ، جۇ ۋىنچىڭ، خۇ شىڭفا، ۋاڭ شىڭلۇ قاتارلىق ئاخىرقى قاراسىپەچىلەر يوقىتىلىپ چاقىلىق دائىرىسىدىكى قاراسىپەچىلەر (گېلاۋخۇيچىلار) تەلتۆكۈس تازىلانغان. تۇڭ مىڭسەي قوشۇنى 1914 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا چاقىلىققا كېلىپ قاراسىپەچىلەر بىلەن ئۇرۇشقان ۋە ئۇلارنى يوقاتقاندىن كېيىن چەرچەنگە يۈرۈش قىلغان ھەمدە ئالدى بىلەن قاراسىپەچىلەرنىڭ رازۋېدكا كىشىلىرىدىن تۆتىنى يوقىتىپ چەرچەنگە كىرگەن، قاراسىپەچىلەرنىڭ ئاتامانى ليۇ دەن بەش ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، چاقىلىق ۋە چەرچەن ناھىيەلىرىدە قاراسىپەچىلەردىن 40 نەچچە كىشى تۇڭ مىڭسەي قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ئۇلار تەلتۆكۈس يوقىتىلغان[1].

ستەيننىڭ خاتىرىلىشىچە، 1914 ـ يىلى ئابدال لوپلۇقلىرى يەنە تىكەنلىك ئەتراپىدا دامبا سوقۇپ كەلكۈن سۈيىنىڭ ئۆز رايونىغا بەك كۆپ ئېقىپ كېلىشىنى توسقان.

ستەيننىڭ 1914 ـ يىلى يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، لوپلۇقلار يېڭى ئابدال يەنى

[1] زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 1936 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 504 ـ، 505 ـ بەت. بۇ توغرىدا يىلنامىلەرنى چوڭقۇرلاپ تەھقىقلەش زۆرۈرىيىتى بار. ياڭ زېڭشىننىڭ «توۋا ـ ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى تەپسىلىي ئۇچۇرلار بار.

يۇرتچاپقاننى تاشلاپ ئاساسىي جەھەتتىن مۇرانغا كۆچۈپ بولغان (ياڭ لىيەن 1921 - يىلى يېڭى ئابدال پۈتۈنلەي تاشلىنىپ بولغان، دەيدۇ). شۇ يىللىرى يېڭىسۇدا باج تۆلەيدىغان ئاھالىدىن 77 ئائىلە ياشىغان، بۇلار ئەمەلىيەتتە باج - سېلىق تۆلەيدىغان ئاھالىنىڭ سانى بولۇپ، ئەمەلىي نوپۇس بۇنىڭدىن خېلى كۆپ ئىكەنلىكى مەلۇم. تىكەنلىكتە باج تۆلەيدىغان 140 ئائىلىدىن ئارتۇقراق ئادەم بولۇپ، تولىسى تۇرپاندىن كەلگەنلەر ئىدى.

1914 - يىلى چاقىلىقتا 684 ئائىلە دېھقان بولۇپ 24262 مو تېرىلغۇ يېرى، 2615 مو مېۋىلىك بېغى بار ئىدى. 13594 مو بۇغداي تېرىلىپ 4077 دەن ھوسۇل ئېلىنغان. 6000 مو قوناق تېرىلىپ 1800 دەن ھوسۇل ئېلىنغان.

توپلانغان ماتېرىياللار ئاساسىدا تۈزۈلگەن 1940 - يىللىرى ئەتراپىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگونىڭ يېڭى تۈزۈلگەن ئومۇمىي تەزكىرىسى. شىنجاڭ تومى»دا يېزىلىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈگىجى يىللىرى ئالتە شەھەردە توپىلاڭ يۈز بەرگەندە، كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار قېچىپ بۇ يەرگە كېلىۋالغان، چاقىلىق ناھىيەسى (县佐) قۇرۇلۇپ ئۇزۇنغا قالماي چاقىلىق ناھىيەسى (县知) قۇرۇلغان. 1914 - يىلى 6 - ئايدا ئاقسۇ دوتەيلىكىگە، 1920 - يىلى 4 - ئايدا قاراشەھەر دوتەيلىكىگە، كېيىن قاراشەھەر ۋىلايىتىگە بۆلۈپ بېرىلگەن. جەمئىي 692 ئائىلە 3826 نوپۇس بولۇپ ئەرلەر 2096 نەپەر، خوتۇن - قىزلار 1730 نەپەر ئاھالە ياشىغان.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ باج ئەمەلدارى شيې بىن (1887 - 1948) 1916 - ، 1917 - يىللىرى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئايلىنىپ چىققان ۋە چاقىلىققا كەلگەن، ئۇنىڭ يېزىشىچە، 1917 - يىلى ناھىيە يامۇلىنىڭ سول تەرىپىدە بىر شەھەر خارابىسى بولۇپ، ئايلانمىسى 10 نەچچە يول كېلىدىكەن، شەھەر خارابىسى بۇرۇنلا تېرىقچىلىق ئېتىزلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئىككى يول غەربىي جەنۇبىدا يېڭىپەننىڭ ئارقىسىدا شەھەر سېپىلىنىڭ ئۇلى بار دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا ھازىرقى ناھىيە بازىرى پۈتۈنلەي تېرىلغۇ يەرگە ئايلىنىپ بولغان. شيې بىننىڭ مەلۇماتىچە، 1917 - يىلى چاقىلىقتا 684 ئائىلە، 4298 نوپۇس، 11 كەنت بولغان. ئۇنىڭ يېزىشىچە، شۇ ۋاقىتتا ۋاششەھەردە 51 ئائىلە بار بولۇپ كۆپىنچىسى خوتەن، كېرىيە ۋە لوپتىن كەلگەنلەر ئىدى. تاتىراڭ مەھەللىسى يېڭىلا قۇرۇلغان بولۇپ چاقىلىق بازىرى بىلەن 7.5 كىلومېتىر كېلىدىكەن، بۇ تاتىراڭ مەھەللىسى كونا مەھەللىلەر بىلەن تۇتىشىدۇ، دېگىنىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ شەرقىدىكى مەھەللىلەر خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بولغاندا، تۇرپان مەھەللىسى 1900 - يىللار ئەتراپىدا قۇرۇلغان بولسا كېرەك، دېگەن ئېھتىماللىق كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە لوپ كۆلىنىڭ غەربىي شىمال قىرغىقىدا لوپ چىكە قاتارلىق 10 ئائىلىلىكتىن ئادەم بار ئىككى مەھەللە بار، ئۇ يەردە چيەنلۇڭ دەۋرىدە 500 نەچچە ئائىلە، 1900 - يىللارنىڭ بېشىدا 50 - 60 ئائىلىلەر بار ئىدى، دەپ ئىزاھلىغان. بۇ يەردىكى لوپ كۆلى قاراقوشۇن كۆلى، ئىككى مەھەللە شۇنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى لوپلۇقلار مەھەللىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى مەھەللىدىكىلەر تۇغقان جەمەتلەر بولسا

كېرەك، ئۆزئارا قىز ئېلىشىپ، بېرىشىدىغان ئىشلار بولمىغان. ناھىيە بازىرىدىن 2.5 كىلومېتىر ماڭسا توغراقلىق مەھەللىسى بولۇپ 10 نەچچە ئائىلىلىك ئاھالە بولغان. ئۇ يەردىن يۇرسە چۈشكۈن مەھەللىسى (二十里铺 دەپ يېزىلغان بولۇپ ھازىرقى لەڭگەر مەھەللىسى ئەتراپلىرى بولسا كېرەك) ئىككى ئائىلىلىك ئاھالە قالغان. تارتما كۆلى بويىدىكى قاراۋۇلدىن بىر يول بولۇپ شەرققە ئىككى كۈن يۇرسە ئابدال مەھەللىسىگە (27 ئائىلە بار)، ئۇ يەردىن يەنە شەرققە 12.5 كىلومېتىر يۇرسە توز مەھەللىسى (12 ئائىلە بار)گە بارغىلى بولىدۇ. لوپ لەڭگەر (لوپجۇاڭزى)دا 10 نەچچە ئائىلە، 60 نەچچە ئادەم بار ئىدى، بۇ يەردىكى بىر يول بىلەن شەرققە 25 كىلومېتىر يۇرسە چاينۇت مەھەللىسىگە (6 ـ 7 ئائىلە قالغان)، ئۇ يەردىن شىمالغا 20 كىلومېتىر يۇرسە بېلىقچىلىق بىلەن كۈن ئالىدىغان 10 ئائىلە چارۋىچى بار چېكە كەنتىگە بارغىلى بولىدۇ. لوپ لەڭگەردىن يولغا چىقسا قورغان، ئارغاندىن ئۆتۈپ 77 ئائىلە بار يېڭىسۇ مەھەللىسىگە بارغىلى بولىدۇ. يېڭىسۇ مەھەللىسىدىن 15 كىلومېتىر يۇرگەندىن كېيىن چاقىلىق، كۆنچى ناھىيەلىرىنىڭ پاسلى بەشدۆۋەگە بارغان، پاسلىدىن 14 كىلومېتىر يۇرسە دۇرال، مۇشۇ چاغدا دۇرال جايلاشقان تىكەنلىك (ھازىرقى 34 ـ تۇەن تۇرۇشلۇق جاي) 140تىن ئارتۇق ئائىلىلىك بولغان. 1917 ـ يىلى زۇ ۋېيشىننىڭ بىر لېيەن ئاتلىق قىسمى چاقىلىققا كېلىپ جايلاشقان، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى چەت ئەللىكلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى.

1920 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى چاقىلىق ئاھالىلىرى ئاساسەن چاقىلىق (بازار، تىكەنلىك ۋە ئۆتام)، مىران ھەم ۋاششەھىرى بوستانلىقى قاتارلىقلارغا توپلىشىپ ياشىغاچقا نوپۇس ساندا بەك چوڭ خاتالىقلار بولماسلىقى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلار بولسىمۇ ئۇلار ئانچە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلمايدىغانلىقى چوقۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن «چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»نىڭ نوپۇسقا مۇناسىۋەتلىك باياتلىرىنى كۆرىدىغان بولساق، 1908 ـ يىلى 496 ئائىلە 3383 نوپۇس، بۇلاردىن ئەر 1740 نەپەر، ئايال 1643 كىشى ئىدى. 1910 ـ يىلى 712 ئائىلە 4181 نوپۇس بار بولغان (ئەر 2291 نەپەر، ئايال 1890 نەپەر، تەزكىرىدە يېزىلىشىچە 1910 ـ يىلى بىر يىلدىلا 858 ئادەم كۆپەيگەن.) 1915 ـ يىلى جۇڭخۇا مىنگو تەستىقلاپ، چەرچەن ئايرىپ چىقىلىپ ئايرىم ناھىيە تەسىس قىلىنغاچقا، نوپۇس ئازلاپ 684 ئائىلە 3078 بولغان، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ قېتىمقى نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدا مەسىلە بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇنداق بولمىسا چەرچەن ناھىيەسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نوپۇسى مىڭدىن ئارتۇقراق بولغان بولىدۇ، شۇڭا ئېيتىش مۇمكىنكى يۇقىرىقى سانلىق مەلۇمات چەرچەن ناھىيەسىنىڭ نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان. 1940 ـ يىلى چېچەك تارقاپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر 500گە يەتكەن، 1943 ـ يىلى ئومۇمىي نوپۇس 5843 كە، 1944 ـ يىلى 5694 كە («چاقىلىق ناھىيەسى خەلق ئىشلىرى ماتېرىياللىرى كەمتۈك تومى»دا يېزىلىشىچە، مۇشۇ يىلى پۈتۈن ناھىيەدە 5843 نوپۇس بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە 5758 ئۇيغۇر بار ئىدى. 1946 ـ يىلى

5633كە، 1947 ـ يىلى 1635 ئائىلە 5796 نوپۇسقا يەتكەن. 1948 ـ يىلىدىن كېيىن نوپۇس تېز تۆۋەنلەپ 1235 ئائىلە 5683 نوپۇسقا، 1949 ـ يىلى 1228 ئائىلە 5039 نوپۇسقا چۈشۈپ كەتكەن (مۇشۇ يىل يۇقۇملۇق كېسەل تارقاپ 200 نەچچە ئاھالە قىرىلىپ كەتكەن).

1913 ـ يىلى چاقىلىقنىڭ پاسىلى شەرقتە ئۆلاق، جەنۇبتا قاراقۇرۇم تېغىدىكى بىلۇچاغ كۆلى ئارقىلىق شىزاڭ بىلەن، شىمالدا قۇملۇق ئارقىلىق كۆنچى ناھىيەسى بىلەن، غەربتە ئەندىر دەرياسى ئارقىلىق كېرىيە بىلەن پاسىللانغان (چەرچەندە ناھىيە تەسىس قىلىنىش ھارپىسىدا ئاز ۋاقىت چاقىلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى). شەرقىي شىمال تەرەپتە چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن پاسىللانغان. بۇ ۋاقىتتا 5900دىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە چەرچەنمۇ چاقىلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، بۇ ۋاقىتتا چەرچەندە 5 ئائىلە خەنزۇ، 15 ـ 16 ئائىلە رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەر، 6 ـ 7 ئائىلە ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەر بولۇپ ھەممىسىنىڭ ئاقساقاللىرى بار ئىدى، چەرچەننىڭ تېرىلغۇ يېرىنىڭ كۆلىمى 4000 مودىن ئارتۇقراق ئىدى[①].

1914 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە چەرچەن (卡墙) دېگەن يەردە 且末 ناھىيەسىنى تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما يوللىغان. ناھىيە تەسىس قىلىشنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا بۇ جاينىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 且末 بەگلىكى ئىكەنلىكى، كېرىيە ناھىيەسىگە تەۋە قىلىنسا ئارىلىقنىڭ 12 ئۆتەڭ يەنى 1500 يولدىن ئارتۇق مۇساپە ئىكەنلىكى، بۇرۇن قاراقچىلار قۇتراپ كەتكەنلىكتىن چاقىلىققا ئايرىپ بېرىلگەنلىكى، لېكىن بۇ يەرنىڭ چاقىلىق ناھىيە مەركىزىگە توققۇز ئۆتەڭ يەنى مىڭ يولدىن ئارتۇق يىراقلىقى، ئۇ جايدا ئامبال بولمىغانلىقتىن ئەرزىيەت ئىشلىرىنىڭ قولايسىز بولۇۋاتقانلىقى، ئاھالىنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقى، يەرنىڭ كۆپلەپ ئېچىلىۋاتقانلىقى، 300 دەندىن ئارتۇق ئاشلىق باج يىغىۋېلىنىۋاتقانلىقى يەنە ئالتۇن كان بارلىقىدەك ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىپ چەرچەن دېگەن يەردە ناھىيە تەسىس قىلىپ نامىنى 且末 دەپ بېكىتىشنى تەلەپ قىلغان. تېلېگراممىدا يەنە ناھىيەنىڭ پاسىلىنى بېكىتىش توغرۇلۇق پىكىر بېرىپ چەرچەننىڭ چاقىلىق بىلەن بولغان پاسىلىنىڭ بۇرۇنقى پاسىل بىلەن ئوخشاش بولۇشىنى، غەربتە كېرىيە بىلەن قامغاز (霍贺扎) دەرياسى ئارقىلىق پاسىللانسا، شىمالىي تەرىپى قۇملۇق، جەنۇبىي تەرىپى قارلىقتاغ بولسا، ئاۋام ئەرز ـ دادقا يىراقتا بارماي شۇ يەردىكى ئامبالنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىشلىرىنى ھەل قىلسا، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قاراقچىلىق قىلىشىغىمۇ ئىمكان قالمايتتى، دېگەن تەكلىپلىرى تەستىقلانغان. ياڭ زېڭشىن چاقىلىقنىڭ ئامبىلى لۇڭ شېيلىننى چەرچەنگە ئامباللىققا تەيىنلەپ، ناھىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىشقا بۇيرۇغان ھەمدە ناھىيە تەسىس قىلىشتا ئەمەل قىلىدىغان 10 ماددىلىق كۆرسەتمە

① شىيى بىن: «شىنجاڭغا ساياھەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 182 ـ بەت.

بەرگەن. 10 ماددىلىق كۆرسەتمىسىدە ناھىيەدە ئاھالىنىڭ ئازلىقى، ناھىيە مەركىزىنى چەرچەن دېگەن جايدا تەسىس قىلىشنى، ئاشلىق ئامبىرى بولسا ئىلگىرىكىنى ئىشلىتىشنى، بولمىسا يېڭىدىن سېلىشنى، ناھىيە قورغىنىنى ھازىرچە سالماسلىقنى، ناھىيەنىڭ ئايلىق چىقىمىنىڭ 400 سەر كۈمۈش بولۇشىنى، بىر باشقۇرغۇچى، بىر بۆلۈم باشلىقى، ئىككى نەپەر بۆلۈم ئەزاسى، بىر نەپەر باجگىر، بىر نەپەر سوراقچى، تۆت نەپەر ئىشلەمچى، 20 ساقچى، 20 ئىشچى ئېلىشنى، بارلىق چىقىم ناھىيەلەرنى باشقۇرۇش تۈزۈمىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولۇشىنى ئۇقتۇرغان. ناھىيەنىڭ پاسىلى توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىپ كېرىيە بىلەن بولغان پاسىلىنى يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك قامغاز دەرياسىنىڭ پاسىل بولىدىغانلىقى، چاقىلىق بىلەن بولغان پاسىلى بۇرۇنقى كېرىيە ـ چاقىلىق چېگرا پاسىلىنى پاسىل قىلىشى، شىمالىدا قۇملۇق، جەنۇبىدا كېرىيەنىڭ بۇرۇنقى باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى پاسىل قىلىشنى كۆرسەتكەن[①]. 1913 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان مەملىكەت بويىچە مەمۇرىي رايونلار ئايرىلغان تىزىملىكتە چەرچەن قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە قىلىنغان. چەرچەن چاقىلىقتا يېقىن بولغانلىقتىن 1914 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تەستىقلىنىپ چاقىلىقتا تەۋە قىلىنغان. ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن بەلگىلىمە بويىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ياڭ زېڭشىن 1914 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈشنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئىلتىماس قىلغان، 1915 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تەستىقلانغان. چەرچەن ناھىيەسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن بىر يىلغىچە ئامبال لۇڭ شىيلىن ناھىيەنىڭ پاسىل خەرىتىسىنى يوللىمىغان، كېرىيەنىڭ ئامبىلى جاڭ جىڭەن قامغاز قۇمبەلنى پاسىل قىلىشنى، لۇڭ شىيلىن ئەندىر دەرياسىنى پاسىل قىلىپ بېكىتىشنى تەلەپ قىلغان. ئىككى ئارىدىكى پاسىل تالىشىشى بىر يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقانلىقتىن ئۆلكىگە ئەرز قىلىشقان، شۇ ۋەجىدىن ياڭ زېڭشىن كېسىم قىلىپ قۇمبەلنىڭ ئورنى مۇقىم بولمايدۇ، شۇڭا ئەندىر دەرياسىنى پاسىل قىلىشنى، پاسىل پاسىلىنىڭ كېرىيەگە 800 يول، چەرچەنگە 600 يول ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن، ئەمما جاڭ جىنەن ئېتىراپ قىلمىغاچقا ئىككى ئارىدا پاسىل تالاشلىرى توختىمىغان.

1916 ـ، 1917 ـ يىللىرى چاقىلىق تەۋەسىدە 11 مەھەللە بار بولۇپ، لوپ، چىكە قاتارلىق ئىككى كەنتتە 10 نەچچە ئائىلىلىك بار ئىدى. ئۇلار شۇ چاغدىمۇ كۆل بويلىرىدا ياشىغان بولۇپ بېلىق تۇتۇش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. شىيې بىن لوپلۇقلارنى ئۇيغۇرچە سۆزلىسىمۇ مۇسۇلمانچىلىق قائىدىلىرىدىن ئانچە بەك خەۋەردار ئەمەس، دەپ يازغان. بۇ ئىككى كەنتتىكىلەر ئۆزئارا نىكاھلانغان، باشقا جايلاردىكىلەر بىلەن

① جاڭ داجۈن: «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، جۇڭگو تەيۋەن لەنشى نەشرىيات شىركىتى، 1970 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 873 ـ، 874 ـ بەتلەرگە قاراڭ، يەنە ياڭ زېڭشىننىڭ «توۋا ـ ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى تەپسىلىي ئۇچۇرلار بار، ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ شۇ ماتېرىيالغا مۇراجىئەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئاسانلىقچە نىكاھلانمىغان.

1921 - يىلى چاقىلىق تارىخى ئۇچۇن ئېيتقاندا ئىنتايىن زور تارىخىي دەۋرنىڭ باشلانمىسى بولۇپ قالغان، چۈنكى بۇ يىلى كۆنچى دەرياسى مىلادىيەنىڭ بېشىدىكى ئېقىنى (قۇرۇق دەريا، قۇم دەريا دەپ ئاتالغان) ئارقىلىق تارىختىكى لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان، بۇ قېتىمقى دەريا ئېقىنى تۇمەنپۇدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ تارىم دەرياسىنى مۇھىم ئېقىنىدىن ئايرىپ قويدى، نەتىجىدە تىكەنلىك قاتارلىق جايلارغا سۇ تازا كۆپەيگەندىلا ئاندىن سۇ كېلىدىغان بولدى. تارىم دەرياسىنىڭ سۇيى دېھقانچىلىقنىمۇ يېتەرلىك تەمىنلىيەلمىگەن، تىكەنلىكنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى جايلاردا سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى، قارادايى قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرمۇ قۇدۇق قېزىپ سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە يېڭىسۇ، قارادايى، ئارغان، چاينۇت، لوپ لەڭگەر قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ چاقىلىق ئاھالىلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى زور دەرىجىدە تارايتىۋەتكەن. ئاھالىلەر تەدرىجىي چاقىلىق، مۇران، ۋاششەھەرى بوستانلىقىغا يىغىلىپ كۆجۈم تۇرمۇشىنى باشلىغان. 1921 - يىلىدىن بۇرۇن كۆنچى دەرياسى تۇمەنپۇدىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ئېقىپ، تىكەنلىك ئەتراپلىرىدىن باشلاپ تارىم دەرياسى بىلەن پاراللېل ئاقاتتى ھەمدە ئارغان رايونىغا كەلگەندىن كېيىن تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنىغا قۇيۇلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆنچى دەرياسىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېقىنى ئۇ چاغلاردا قۇم دەريا ياكى قۇرۇق دەريا دەپ ئاتالغان. 1921 - يىللىرى ئەتراپىدا چوڭ كۆلنىڭ ئەتراپىدىن تارىم دەرياسىدا تۇغان ياساپ توسۇلۇپ ئېقىنى ئۆزگەرتىلىپ جەنۇبقا ئەمەس شەرققە ئاقتۇرۇلغان، نەتىجىدە تارىم دەرياسى كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ قۇرۇقتاغنى بويلاپ كىروران شەھىرى گۈللىنىپ تۇرغان ۋاقىتتىكى ئېقىنى بىلەن ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىكى لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان. نەتىجىدە لوپ كۆلىگە سۇ تولۇپ چوڭ كۆلەملىك كۆل ھاسىل قىلغان. 1931 - يىلى غەربىي شىمال ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىن چېن زۇڭچى ۋە خورنېرلارنىڭ ئۆلچىشىگە ئاساسلانغاندا، كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 85 كىلومېتىر، كەڭلىكى 20 - 45 كىلومېتىر، كۆلىمى 1900 كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. 1942 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلىي ئۆلچىشىگە ئاساسلانغاندا، ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 كىلومېتىرغا يېتىپ ئومۇمىي كۆلىمى 3006 كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. 1962 - يىلىغا كەلگەندە 660 كىۋادرات كىلومېتىر، 1972 - يىلى قۇرۇپ كەتكەن ۋاقىتتىكى كۆلىمى 450 كىۋادرات كىلومېتىر ئىدى.

بېرگماننىڭ 1928 - يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا مۇراندا 30 ئائىلىلىك بارلىقىنى كۆرگەن. بۇلار تارىم دەرياسى ئېقىمى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن كۆچۈپ كېلىپ مۇراندا ئولتۇراقلاشقانلار ئىدى.

1928 - يىلى، فولك بېرگمان سېۋىن ھېدىنىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى، ئۇ شۇ يىللىرى قارادايدا 30 ئائىلە، يېڭىسۇدا 25 ئائىلە بار ئىدى دەپ يازغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 1880 - يىلى مەلۇم سەۋەب بىلەن دۆرالدىكى ئاھالىلەرنىڭ

چاقىلىقتا كۆچكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان (تۇرپان مەھەللىسى مۇشۇ يەردىن كۆچۈپ بارغانلار تەرىپىدىن 1880 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بەرپا قىلىنغان بولسا كېرەك). بېرگماننىڭ بۇ مەلۇماتىدىن ناھايىتى ئېنىقكى، بىر قىسىم ئاھالە بۇ يۇرتلىرىدىن باشقا ياقلارغا كۆچۈپ كەتكەن.

1928ـ يىلى چاقىلىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاقساقىلى قۇربانبەگ (قۇۋان غوجىبەگ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بېرگماننىڭ يېزىشىچە ئىناۋەتلىك شەخس ئىدى. ئېكسپېدىتسىيەچىلەر چاقىلىقتا كەلگەن ۋاقىتتا رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئۇيغۇرلار يولۇققان. ئېكسپېدىتسىيەچىلەر قۇربانبەگنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغان بولۇپ ھويلىسى ئۈزۈم باراڭلىق، ئۆيلىرى ئېسىل زىلچىلار بىلەن تولغان بولغاچقا بېرگمان ئۆزىنى چۆچەك دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلغان.

1928 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قۇربان ھېيت بولۇپ ھەر خىل بايرام پائالىيەتلىرى بولغان، شۇ پائالىيەتلەردە خۇددى ھازىرقى زامان ئويۇنلىرىغا ئوخشاش بىر تال مەزمۇت ئېگىز ياغاچ قادىلىپ ئۇنىڭ ئۇچىغا يۇمىلاق چاق، چاقتا بىرقانچە ياغاچ توغرا باغلىنىپ، ياغاچقا ئارغامچا باغلىنىپ، ئايلانما ئىلەڭگۈچ ياساپ كۆڭۈل ئاچقان، بۇ ئويۇن سارغايدى دەپ ئاتالغان.

1928 ـ يىلى بېرگمان قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تۆمۈرلۈك[①] كە بارغان، بۇ يەردە مەھەللە ئاقساقىلى توختاخۇن (توختەك شاڭيو دەپ ئاتالغان بولۇپ قەبرىسى ھازىرمۇ تۆمۈرلۈكتە) ۋە سودىگەر ئىسھاق ھاجىلار بىلەن كۆرۈشكەن، دانىيەلىك ئالىم ھاشلۇن ئۇيغۇر چارۋىچىلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىنى ئۆلچىگەن.

1928 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قارابوران كۆلىدە بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا سۇ بولغان، 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگە كەلگەندە بۇ كۆل قۇرۇپ بىر داشىلىقتا ئايلىنىپ كەتكەن، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئازراق سۇ بولسىمۇ قومۇشلۇققا ئايلانغان. لوپ لەڭگەرنىڭ شىمالىدىكى كۆلمۇ قۇرۇپ قومۇشلۇققا ئايلانغان. بېرگماننىڭ يېزىشىچە، چاقىلىقتىن تىكەنلىككىچە بولغان بۇ يولدا تاتلىق سۇ قالمىغان. قارادايدىكى پېشقەدەملەر، تارىم دەرياسىدىن بۇ يەرگە سۇ كەلمىگىلى 10 يىل، كۆنچى دەرياسىدىن سۇ كەلمىگىلى بەش يىل بولغانلىقىنى ئېيتقان. قارادايىنىڭ شىمالىدىكى تۆگمەن مەھەللىسىمۇ قۇم بارخانلىرى ئىچىدە قالغان.

1931 ـ يىلىغا كەلگەندە تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبقا ئاققان ئېقىنىدىكى سۇ ئىنتايىن ئازلاپ كەتكەنلىكتىن چاقىلىق ۋە تىكەنلىك قاتارلىق جايلاردىن 400دىن ئارتۇق ئادەم يىغىپ تۇمەنپۇدا ئىككى جايدىن توسما ياساپ سۇنى جەنۇبقا ئاققۇزماقچى بولغان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان.

① «تۆمۈرلۈك» نامىنىڭ كېلىپچىقىشى توغرۇلۇق ھەر خىل قاراشلار بار. ئىسھاق ھاجىمنىڭ ئوغلى مەمتىمىن بىلەن 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىشخانامدا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمدە ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلىشىچە، بۇ نام ئەسلىدە تومۇرلۇق (ئادەمنىڭ قان تومۇرى) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئەتراپتا 11 ئېقىن بولغانلىقتىن، ئېقىنلارنى تومۇرغا ئوخشىتىپ تومۇرلۇق دېگەن ئىكەن، كېيىنچە تۆمۈرلۈككە ئايلىنىپ قالغان ئىكەن.

ئەسلىملەرگە قارىغاندا، 1930 - يىللاردىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا باشلانغان چىرىك ھاكىمىيەتكە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرىغا ئوخشاش، چاقىلىق خەلقىمۇ 1933 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، قوزغىلاڭ 1937 - يىلىغىچە داۋام قىلىپ تۈرلۈك قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈردى (بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئەسلىمىلەر يېزىلدى). ئەسلىملەردە يېزىلىشىچە، 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تۇرپان ئاستانىلىق موسۇل مۇھىتى ۋە ۋاڭ نىياز قاتارلىق بىرقانچە كىشى ھەمراھلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تونۇشى باۋۇدۇن ھاجىمنىڭكىگە چۈشكەن (قورۇسى ھازىرقى گورۇي سودا مېھمانخانىسىنىڭ ئورنىدا)، ئەتىسى چاقىلىقتىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن ئېزىز ھاجى، ئابدۇكېرەم ئەلەم يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپ تۇرپان - قومۇل قوزغىلاڭىنىڭ سەۋەب - مۇددىئالىرىنى تونۇشتۇرغان، شۇ مەيداندا چاقىلىق خەلقىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى پىلانلانغان. قوزغىلاڭچىلارغا ئابدۇكېرەم ئەلەم باشلىق، ئېزىز ھاجى ئورۇنباسار، باھاۋۇدۇن ھاجىم مەسلىھەتچى بولغان. ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان خەلق شۇ كېچىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مۇستەبىت ھۆكۈمدارلار تۇرغان كونا سېپىلنى قورشاپ گۈلخان ياققان، قارا مىلتىق بىلەن قوراللانغان مەرگەنلەر يامۇلغا بېكىنىۋالغانلارنىڭ سېپىل يېنىدىكى كۆلدىن سۇ ئېلىش يولىنى ئۈزۈۋەتكەن. قوزغىلاڭچىلار خوجىنىياز ھاجى نامىدىن، 5000 ئەسكەر بىلەن تىكەنلىككە كېلىپ بولغانلىقىنى، دەرھال تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلىپ خەت يېزىپ بېسىم قىلغان. 3 - كۈنىگە بارغاندا، ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي سۇ ئېلىش ئۈمىدىنى ئۈزگەن چېرىكلەر قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغان، ئەسكەرلەرنىڭ تەسلىم بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئامبال ئۆلۈۋالغان، قوزغىلاڭچىلار تەسلىم بولغان ئەسكەرلەرگە 15 كۈنلۈك ئوزۇق بېرىپ دۇنخۇاڭ تەرەپكە يولغا سېلىپ قويغان. بىر قىسىم كىشىلەر چاقىلىقتا ئېچىلغان گۆرۈخانا، پاھىشىخانا، قىمارخانا، ئەپيۇنخانىلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. بەك ئەشەددىيلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، تۇۋا قىلغانلىرىنى كەچۈرۈم قىلغان. موسۇل مۇھىتى قاتارلىقلار دۇنخۇاڭغا ماڭغان ھامان ئابدۇكېرىم ئەلەم (تۆمۈر ئەلەمنىڭ ئوغلى) 50 - 60 قوراللىق ئادىمى بىلەن تارىم دەرياسىنى بويلاپ شايار ئارقىلىق كۇچاغا بارغان ۋە تۆمۈر ئېلى قىسمىغا قوشۇلغان. ئاقسۇ - قارايۇلغۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن لۇكچۇنلۇك گاجىت بەكرى ھاكىم، ئابدۇكېرەم ئەلەم يېڭىچاڭلىقتا تەيىنلىنىپ چاقىلىقتا ئېيۋەتىلگەن. 1933 - يىلى خوجىنىياز ھاجى ئەۋەتكەن كۇچالىق تۇردى يېڭجاڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن كەلگەندىن كېيىن، ئېزىز ھاجى ۋە ئابدۇكېرەم ئەلەمنىڭ قوراللىق ئەسكەرلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ قوشۇن تەشكىل قىلىنغان. تەشكىل قىلىنغان قوشۇندىن قۇربان سوپى باشچىلىقىدىكى 50 نەچچە كىشى ئالتۇنتاغ تەرەپتىكى «داۋزا» دېگەن يەردە پاسىل ساقلىغان. ھوشۇر لىيەنجاڭ قىسمى مۇراننى، رۇستەم ۋە سامساق باشچىلىقىدىكى قىسىم دۇرال - يېڭىسۇ پاسىلىنى، ھاشىم تاغ ۋە ھاگاز قىسمى ۋاششەھرى ئاقتاز پاسىلىنى

ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىبراھىم ياخاڭ، ئامبال بارات، ئايۇپ فۇگۇەن، قۇربان چاپسان قىسىملىرى چاقىلىقنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. موسۇل مۇھىتى قاتارلىقلار كەتكەندىن كېيىن يۇرتتا ئابدۇكېرەم ئەلەم تەرەپدارلىرى ۋە ئېزىز ھاجى تەرەپدارلىرى بولۇپ مەزھەپچىلىك كۈچەيگەن. 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كامال داموللا، ئېلى ئەمىر، روزى ئەمىر باشچىلىقىدىكى 1000دىن ئارتۇق كىشى چەرچەندىن چاقىلىققا قاراپ يولغا چىققان. ئابدۇكېرەم ئەلەم، خوتەنلىكلەرنى يۇرتىمىزغا كىرگۈزمەيمىز دەپ چاپانقالدى دېگەن يەرگە 300 ئەسكەر ئەۋەتكەن. كامال دامولللىنىڭ ئەسكىرى كۆپ بولغاچقا، ئابدۇكېرەم ئەلەم قىسقا بىر نەچچە سوقۇشتىن كېيىن بىر بۆلەك ئادىمىنى ئېلىپ كورلىغا قېچىپ كەتكەن. كامال دامولللا باشچىلىقىدىكىلەر 1934 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە چاقىلىقتا تۇرغان، خەلقنى نارازى قىلىدىغان نۇرغۇن يامان ئىشلارمۇ سادىر بولغان. كامال دامولللا قىسمى ئۇزۇق ۋە بەزى قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن چەرچەنگە چېكىنگەن. 1934 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى چەرچەنلىك جامال بىلەن تۇردىجان ئۆز ئالدىغا ئەسكەر توپلاپ «چاقىلىقنى سورايمىز» دەپ كەلگەن، ئەمما ھادىل ساقالنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى سوقۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قورالسىزلاندۇرۇلغان. ئابدۇكېرەم ئەلەم تىكەنلىك مەھەللىسىدىكى جايىغا ئېلىپ بېرىپ نەسىھەت قىلسا جامال ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغان، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇكېرەم ئەلەم جامالنىڭ پېشانىسىگە خەنجەر بىلەن + تىن بىرنى تىلىپ بەلگە سېلىپ قويۇپ بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا قوشاقچى ياسىن سادىق (توقسۇن) مۇنداق دەپ قوشاق قاتقان:

دەڭگىرەكلەپ كېلىپتۇ،
جامال بىلەن تۇردىجان.
لوپلۇقلارنى كۆردۈڭمۇ،
پېشانەڭدىن ئالدى قان.

1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قاراشەھەر ۋالىيسى ياڭ مىڭجۇ چاقىلىقنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان 40چە موڭغۇل مۇھاپىزەتچىسى بىلەن چاقىلىققا كەلگەن ۋە كونا لەڭزىگە چۈشكەن. 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى زىياپەت، كۆزدىن كەچۈرۈش نامىدا قوزغىلاڭچى قوشۇننى يىغىپ ئېغىر تىپتىكى قوراللارنىڭ ھىمايىسىدە قوزغىلاڭچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، غەربىي سېپىل (ھازىرقى جۇڭگو تېلېگرافى سىملىق يوللاش ئىدارىسى ئورنىدا) نەزەربەند قىلغان. تۇردى يىڭجاڭنى مۇرانغا ئاپىرىپ نەزەربەند قىلىپ، مۇراندىكى قىسىملارنىمۇ قورالسىزلاندۇرغان. يىغىلىشتىن يىغىنغا كەلمىگەن ئابدۇكېرىم ئەلەم ھوقۇق تاماسىدا ياڭ مىڭجۇغا ھەمدەم بولغان. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياڭ مىڭجۇنىڭ جياڭ جيېشىغا يازغان خېتىنى قولغا چۈشۈرگەن گاجىت بەكرى قاتارلىقلار مەكتۇپىنى تۇلەيفۇغا ئوقۇتۇپ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقان. 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ياڭ مىڭجۇنىڭ ئالاقىچىسى (شېڭ شىسەي

«قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى تۆردى يىڭجاڭ ئۆلتۈرۈلسۇن» دەپ ئالاقە ئەۋەتكەن، ھاشىم پوچتىكەشنىڭ مەلۇماتى بىلەن دۆرالدىكى قوزغىلاڭچىلار ئالاقىچىلارنى تۇتۇپ، ئالاقىنى گاجىت بەكرىگە ئەۋەتىپ بەرگەن) قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەن، قوزغىلاڭچىلار توپلىنىپ ياڭ مىڭجۇغا قارشى ئاتلانغان. ئايۇپ فۇگۇەن، ھوشۇر ليەنجاڭ، ھاشىخان قاتارلىقلار مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرى يوشۇرۇپ قويغان قورال - ياراغلارنى ئېلىپ، 70 نەچچە ئاتلىق كىشى بولۇپ مۇراندا قاماقلىق تۆردى يىڭجاڭنى قۇتقۇزۇپ چىققان. قوزغىلاڭچىلار ئابدۇكېرىم ئەلەمنى سوراق قىلىپ، ياڭ مىڭجۇنىڭ ئابدۇكېرەم ئەلەمنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە كونا سېپىلدىكى قاماقتا ئېلىنغان قوزغىلاڭچىلارنى قۇتقۇزغان. ھاكىم گاجىت بەكرىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى بىلەن بەزى قوزغىلاڭچىلار قۇتۇلدۇرۇلغان ھەمدە ياڭ مىڭجۇ تۇرغان ئۆينى قورشىۋالغان. ياڭ مىڭجۇ قاتارلىقلار ئۆزلىرى تۇرغان ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىپ چەرچەن تەرەپكە قاچقان، ئېغىر قوراللىرى ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلارغا زور تالاپەت يەتكۈزگەن. كالا ئۆلگەن ئەتراپىدا قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىپ، ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇپ، ئۇلارنى ئاخىرى يوقاتقان ھەمدە دوتەي ياڭ مىڭجۇنىڭ كاللىسىنى ئالغان، بۇ دۆڭ ھازىرمۇ «دوتەي ئۆلگەن دۆڭ» دەپ ئاتالماقتا. بۇ ۋەقە 1934 - يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن شېڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەن، خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغان، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭنىڭ بىر قىسمى بولغان چاقىلىق خەلق قوزغىلىڭىمۇ پەسىيىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت گاجىت بەكرىنى (گاجىشەن) ھاكىم، تۆردى بەكرى (تۆردى يىڭجاڭ)نى يىڭجاڭلىققا تەيىنلىگەن. ئەمما بەزى ئايغاقچىلارنى كىرگۈزۈپ ئۇلارنى نازارەت قىلغان ھەمدە يوقىتىش پىلانىنى تۈزگەن.

ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ قاتتىق زەربىسىدە خوتەن رايونىغا قىستالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يوقاتمىغان. يۇقىرىقى قىسىم ما خۇشەن (ما خۇسەن) قوماندانلىقىدا خوتەن رايونىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئۈچ يىل جەريانىدا خەلققە سالمىغان زۇلۇمى، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان. ئۇلار بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان بايلىقلىرىنى توشۇش ئۈچۈن قاتناش لىنىيەسى ئېچىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان، شۇ ۋاقىتتىكى قاتناش شارائىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، چاقىلىق ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا تۇتىشىدىغان قەدىمكى يىپەك يولى باشقا يوللاردىن كۆپ ياخشى ئىدى. 1935 - يىلى 3 - ئايدا ما خۇشەن قىسىملىرى چاقىلىق خەلقىنى 2000 سەر ئالتۇن ۋە شەھەرنى تاپشۇرۇشقا قىستىغان. چاقىلىق خەلقى تۆردى يىڭجاڭ، ھاكىم گاجىت بەكرى، ئېزىز ھاجى قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا ما خۇشەن قىسىملىرى بىلەن كەسكىن سوقۇشلارنى ئېلىپ بارغان، بۇ سوقۇشلارغا چاقىلىق خەلقىدىن مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان ۋە ما خۇشەن قىسمىنىڭ 2 - 3 يۈزدەك ئادىمىنى يوقاتقان. چاقىلىق قوزغىلاڭچىلىرى پۈتۈن

سەپ بويىچە مەغلۇپ بولۇپ تارقىلىپ كەتكەن، ما خۇشەن قىسىملىرى ۋاشىشەھىرىدىلا خېلى كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە ئوت قويۇپ ۋەيرانچىلىق پەيدا قىلغان. شۇنىڭغا قارىغاندا، چاقىلىق قوزغىلاڭچىلىرىغا يەتكەن تالاپەتمۇ ئاز بولمىسا كېرەك. بۇ ئۇرۇشنىڭ كەسكىن پەيتلىرىدە بەزىلەر ما خۇشەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ تالاپەتنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتكەن.

1936 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ما خۇشەن قىسمى بىلەن چاقىلىق خەلقى ئارىسىدا بىر قېتىملىق سوقۇش بولغان، ئالدىنقى قېتىملىق سوقۇشلار چەرچەن تەۋەسىدە بولغان، بۇ قېتىمقىسى چاقىلىقنىڭ ئۆزىدە بولغان. چۈنكى ما خۇشەننىڭ چاقىلىق ئارقىلىق يۇرتىغا توشۇماق بولغان، خەلقتىن بۇلاپ ئېلىپ ماڭغان بايلىقلىرىنى چاقىلىق خەلقى ئۆتكۈزمىگەن، شۇڭا ما خۇشەن قاتتىق ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن «چاقىلىقنى تۈزلىۋېتىش» بۇيرۇقىنى چىقارغان. بۇ قېتىمقى سوقۇشمۇ ناھايىتى كەسكىن بولغان، تۇردى يىڭجاڭ قىسىملىرىدىن 100دەك، ما خۇشەن قىسمىدىن 200 ـ 300دەك ئادەم ھالاك بولغان. چاقىلىق قوزغىلاڭچىلىرىدىن 300دەك كىشى ما خۇشەن قىسمىغا ئەسىرگە چۈشكەن. ما خۇشەن قىسىملىرىنىڭ ۋاشىشەھىرىدىكى غەلىبىسىدىن خەۋەر تاپقان تۇردى يىڭجاڭ 10 نەچچە كىشىنى باشلاپ تارىم دەرياسى ئارقىلىق مارالبېشىغا، گاجىت بەكرى جيۇچۈەن تەرەپكە، ئېزىز ھاجى ئالتۇنتاغدىكى غازلىق داۋان تەرەپكە يوشۇرۇنغان. چاقىلىق خەلقى ما خۇشەننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىشكەن، قاچالمىغان ئاز بىر قىسىم ئاھالە قالغان. زۇنۇن ئىسلاموف ما خۇشەن قىسمى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇپ چىققان. ئابدۇكېرەم ئەلەمنىڭ «5000 ئەسكەر توپلاندى» دېگەن يالغان خەۋەر ھىيلىسى سەۋەبىدىن ما خۇشەن قىسمى چەرچەنگە چېكىنگەن. سەل كېيىن ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، چاقىلىقتا بىر لىيەن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بايلىق توشۇشقا باشلىغان ئىدى. 1936 ـ يىلى باھاردا تۇردى يىڭجاڭ ئارىپ، تىلىۋالدى، سېتىۋالدى قاتارلىق لىيەنجاڭلار بىلەن بىرگە ئەسكەر باشلاپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ چاقىلىققا كەلگەن ھەم ما خۇشەن قىسىملىرىنى چاقىلىقتىن تازىلىغان. 1936 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چاقىلىققا باستۇرۇپ كەلگەن ما خۇشەن قوشۇنلىرى بىلەن كەسكىن سوقۇشلارنى قىلىپ (تۇردى يىڭجاڭ قىسمىدىن 80 ـ 90 كىشى، ما خۇشەن ۋە جامال باشلىغان چەرچەنلىكلەر بولۇپ 2 ـ 3 يۈز ئادەم ئۆلگەن)، ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. 1937 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شېڭ شىسەي دائىرىلىرىگە سېتىلغان ياقۇپ يىڭفۇ، ئابلا شۇيى، رېھىم قاتارلىقلارنىڭ قەستىدە تۇردى يىڭجاڭغا ئوق تېگىپ قازا قىلغان ھەمدە قوزغىلاڭ پۈتۈنلەي ئاخىرلاشقان.

1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. 1936 ـ يىلى 12 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان، ئەينى ۋاقىتتىكى ھاكىم گاجىت بەكرى قوشۇمچە

ئۇيۇشما باشلىقلىقىنى ئۇستىگە ئالغان. ئۇنىڭدا يەنە بىر مۇئاۋىن باشلىق، كاتىپ، مەدەنىيەت، مالىيە، تەشكىلات بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنغان. ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن ناھايىتى زور كۈچ چىقىرىپ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 1937 ـ يىلى ئۇتام يېزىسىدا، 1941 ـ يىلى ۋاششەھىرى، مۇران، يېڭىسۇلاردا مەكتەپ قۇرغان. ئادەتتە ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرغان مەكتەپلەر «خۇيلى مەكتەپ» دەپ ئاتىلاتتى ھەمدە بارلىق چىقىمى ئەنە شۇ مەكتەپلەرنى قۇرغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن بولاتتى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرى بۇ مەكتەپلەرنىڭ خىراجەتلىرىنى يىغىلغان ئۆشرە ـ زاكات ۋە ئىئانە بىلەن ھەل قىلغان. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى پائالىيەتلىرىنى گومىنداڭ ئاغدۇرۇلغاندا توختاتقان. بۇ قىسقىغىنا 13 يىلدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلغان. بۇ ئۇيۇشمىغا گاجىت بەكرى، مامۇت، ئىمىن ئاخۇن، ئابدۇغېنى، نۇر بەختى، ھاجى ئاخۇن مەتنىز، مەتىمىن ياقۇپ ۋە سابىتوف قاتارلىقلار ئۇيۇشما باشلىقى بولغان. ھۆكۈمەت قۇرغان مەكتەپلەر «شىيەنلى مەكتەپ» دەپ ئاتىلىپ، خىراجىتىنى ھۆكۈمەت بېرەتتى. 1943 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇيۇشما قۇرغان مەكتەپلەرنىڭ نامى ئۆزگەرتىلىپ «گومىن مەكتىپى» دەپ ئاتالغان.

1937 ـ يىلى كىرىشى بىلەن شېڭ شىسەي تۈرلۈك ھىيلە ـ تەدبىرلەرنى ئويلاپ چىقىپ خەلق سەركىلىرىنى ھەمدە زىيالىيلارنى، جۈملىدىن خەلققە باشچىلىق قىلالايدىغان يۇرىكى، ئەقلى بارلارنى يوقىتىش سىياسىتىنى باشلىغان. ئىمكانىيىتى بارلار چەت ئەللەرگە قاچقان، چۈنكى شېڭ شىسەينىڭ پۇل ۋە ئالداشلىرى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ ئۆز خەلقىگە دۈشمەن، مۇستەبىتلەر ئۈچۈن قورال قىلىپ قويغان ئىدى. شىنجاڭنى ئاق تېررورلۇق قاپلاپ ھەممە ۋەھىمىگە چۈشكەن، جۈملىدىن مەھمۇت مۇھىتى قاتارلىقلارمۇ تەھدىت ئىچىدە قالغان ئىدى. شېڭ دۇبەن چاقىلىققىمۇ ياقۇپ يىڭفۇ، ئابلا شويى، رېھىم لاۋيىغا ئوخشاش ئايغاقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يوشۇرۇن قەستلەشنى باشلىغان. 1937 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جاسۇسلار تۈردى يىڭجاڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان. خەلق قوزغىلاڭى بۇ سەركىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئاخىرلاشقان. 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى 1938 ـ يىلىنىڭ بېشىدا زۇنۇن ئىسلاموف[①] چاقىلىققا ھەقىقىي ھاكىم بولغان. زۇنۇن ئىسلاموف گەرچە 1935 ـ يىلىلا چاقىلىققا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن بولسىمۇ قوزغىلاڭچىلار ئېتىراپ قىلمىغان، بۇ ۋاقىتتا گاجىت بەكرى (خوجىنىياز ھاجى تەيىنلىگەن) ھاكىم بولۇپ بىر ناھىيەدە ئىككى ھاكىم بولۇپ قالغان، زۇنۇن ئىسلاموف قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان، پەقەت قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇپ گاجىت بەكرى چاقىلىقتىن كەتكەندىن

① زۇنۇن ئىسلاموف ۋە ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا ئاجايىپ ياخشى ھېكايەتلەر بار، جۈملىدىن ئۇنىڭ ياخشى نامى ھازىرغىچە يادلانماقتا، لېكىن ئۇنىڭ ھاكىملىقى توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى تېخى ئاشكارىلانمىدى، ئەمما گاجىت بەكرىنىڭ ھاكىملىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار.

كېيىن، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزغان. 1938 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى تاجاۋۇزچىلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپچىققان ئاپەتلەر ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى خەلققە ياردەم بېرىش توغرۇلۇق كۆپ تەشۋىقات قىلىنغان. چاقىلىق ھاكىمى زۇنۇن ئىسلاموفنىڭ تەشۋىقات، تەرغىباتى بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتىغا باي چاقىلىق خەلقى ئىئانە توپلاپ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سېپىگە ئېۋەتىپ بەرگەن. نەتىجىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقى خەلق ئىچىدە ئىنتايىن زور تەسىر پەيدا قىلغان. ھازىر ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، چاقىلىقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان كىشىلەر يۇقىرىقى قىرغىننى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپلەنگەن ھەمدە بەس ـ بەستە ئىئانە بەرگەن. 1938 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بىر كۈندىلا 300 تۇياق قوي، 80 تۇياق كالا، 32 تۆگە، 10 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش، 50 سەردىن ئارتۇق ئالتۇن ئىئانە قىلىنغان. شۇندىن باشلاپ تاكى 1942 ـ يىلغىچە تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى بولۇپ تۇرغان. بۇ ئىئانە پۇللارنىڭ بىر قىسمىغا ئۆتەڭ، دەڭلەر سېلىنغان، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ سەرپ قىلىنغان بولۇپ كۆپ قىسمى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەن.

شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھاكىمىيىتى مۇقىملاشقاندىن كېيىن بايلىق توپلاش ھەمدە ئۆزىگە قارشى چىقىقۇدەك يۇرىكى بارلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللانغان. جاي ـ جايلاردىكى بايلار ۋە سودىگەرلەرنى تۇتۇپ بايلىقىنى مۇسادىرە قىلغان، نەتىجىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى توپلىغان بايلىقلار شېڭ شىسەينىڭ خەزىنىسىگە كىرگەن. شېڭ شىسەي بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلماي قالماستىن بەزى بايلارنى تۈرلۈك قىستاقلارغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خەلقنى باشلىمىيالايدىغان، خۇراپاتتىن قۇتقۇزالايدىغان، ھەق ـ ناھەقنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بىر قىسىم زىيالىي ۋە پاراسەتلىك كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ، تۈرلۈك بەتناملارنى چاپلاپ، تۈرمىلەردە قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. چاقىلىقتەك كىچىككىنە بىر يۇرتتىن، نوپۇسى ئاران 4000 ئەتراپىدىكى چاقىلىقتىن 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭچىلىرى ناسىر ھاجىم، قەلەم نىياز ھاجىم، ئىمىن ھاجىم، زەيدىن ئاخۇن، سۇلايمان ئاخۇن، قادىر ئىشانەم، مۇھەممەتشاھ ھاجىم، ئىسھاق ھاجىم (ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى)، ھىدايەت شاڭيو، تۇرسۇن چۇجە، ئابدۇكېرىم ئەلەم، ئوسمان شاڭيو، ئاق پاشا، توختى ئاخۇن تەتۇر تەلپەك، شاكىرجان كاملجان... قاتارلىق 18 كىشىنى تۇتۇپ ئۇرۇمچىگە ئەكەتكەن، ئۇزۇنغا قالماي يەنە تۇرپان ئاستانىلىق ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللانىمۇ تۇتۇپ كەتكەن. يۇقىرىقى كىشىلەردىن تولىسى تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن، تۇتۇلغانلار يەنە بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا خاتىرە يېزىلمىغانلىقى ئۈچۈن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلەر بولۇشى مۇمكىن.

1940 - يىلى يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ 500 نەچچە ئادەم ئۆلگەن.

1941 - يىلى 12 - ئايدا قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆەنى يېڭىسۇدا خەۋەر ئالاقە يەتكۈزۈش بېكىتى قۇرغان ۋە شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيەسى قوروقلۇق قىسمىنىڭ مۇستەقىل پىيادە ئەسكەرلەر 6 - يىڭى ئورۇنلاشتۇرۇلغان .

1942 - ، 1943 - يىلى چاقىلىق - كورلا تاشيولى ياسالغان. بۇ يول قۇرۇلۇشىغا چاقىلىق، قاراشەھەر، خوتۇنسۇمۇل، كۆنچى، كورلا، بۈگۈر، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىن 3000دىن ئارتۇق ئادەم ھاشارغا سېلىنغان. بۇ قېتىمقى يول ياساشقا قەشقەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن سوپاخۇن سوۋۇروف قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى مۇستەقىل 6 - يىڭ (باتالىيون) ئەسكەرلىرىمۇ قاتناشقان، بۇ يول قۇرۇلۇشى 1943 - يىلى پۈتكەن. شۇ يىللاردا بولسا كېرەك، چاقىلىقتىن چىڭخەيگىچە بولغان كونا يولمۇ ياسالغان، خەلق قوشاقلىرىدا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بار. چاقىلىقتىن دۇنخۇاڭغا بارىدىغان تاشيولنى ياسىغان ۋاقىتلاردا تاشيول ترانسپورت ئۇچاستكىسىدا گومىنداڭ ئەزالىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى 1942 - يىلى قىشتىن باشلانغان ئىدى. شېڭ شىسەي دائىرىلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق چوڭ تۇتقۇنى 1942 - يىلى يۈز بەرگەن، شۇ يىلى زۇنۇن ئىسلاموف (ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاڭ جىجيا ھاكىم بولۇپ كەلگەن)، سودىگەر ئېلى ھاجى قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكەن. ئابدۇكېرىم مۆمىن ئىز - دېرەكسىز يوقالغان. بارات نىياز، ئابدۇكېرەم مۇسا قاتارلىق 30 نەچچە ياشنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ ئەكەتكەن.

1943 - يىلى بازار ئىچىدىكى ئىسلامبايىنىڭ باغلىق جايىغا چاقىلىق ناھىيەلىك ھۆكۈمەت خىزمەت بىناسى سېلىنغان، بۇ قۇرۇلۇش ناھايىتى چوڭ بولۇپ ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرى، يىغىن زالى، ئىشخانا، ئامبار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى، ئائىلىلىكلەر، باغچە، ئاختىخانا، كۆل، تەنتەربىيە مەيدانى، ئاشخانا، يايلار ئۆيى، گۈندىخانىلار بار ئىدى. خەلق بۇ قۇرۇلۇشنى پۈتكۈزگىچە نۇرغۇن ياغاچ - تاشلىرىدىن، مال - چارۋىسىدىن ئايرىلغان، ھەقسىز ئىشلەپ كۆپ مۇشەققەتلەر تارتقان.

1943 - يىلى 9- ئاينىڭ 9 - كۈنى گومىنداڭنىڭ چاقىلىق ناھىيەلىك پىرقىسى قۇرۇلغان، بىر يىل ئىچىدە ئەزاسى كۆپىيىپ 131 گە يەتكەن، 1949 - يىلى 9 - ئايلاردا گومىنداڭ ئەزاسى 361 كىشىگە يەتكەن. 1944 - يىلى 9 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ دائىرىلىرى 1949 - يىلى 12 - ئايغىچە چاقىلىقنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلدى.

1944 - يىلى ئىلىدا قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭچىلارنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغاچقا، ئۇغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك دېگەندەك، خەلققە ئىشەنمەسلىكى زىيادە ئېغىرلاپ ھېچبىر كىشىگە ئىشەنمەس بولۇپ كەتكەن، ئايغاقچىلار قاپلاپ كەتكەچكە جەمئىيەت ۋەھىمە ئىچىدە قالغان، گومىنداڭچىلار ھە دېگەندە ئادەم تۇتۇپ،

قىيناپ خەلقنى قاتتىق باشقۇرغان، مۇشۇ يىلى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيەسى قوروۇلۇق قىسمىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 ـ شى 6 ـ تۇەن 9 ـ لىيەن چاقىلىقتا كېلىپ مۇداپىئەدە تۇرغان، بۇ لىيەننىڭ 199 كوماندىر ـ ئەسكىرى، 210 ئېتى بار ئىدى. 1947 ـ يىلى قورۇقلۇق ئارمىيە 42 ـ جۈن 128 ـ شى 382 ـ تۇەن 3 ـ يىڭى چاقىلىقتا ئورۇنلاشقان ۋە يىڭ كوماندىرى يەن جىنچىنىڭ گارنىزون قوماندانلىقىدا گارنىزون قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇلغان.

1943 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ كۆلىمى 30947 موغا يېتىپ يىللىق ھوسۇلى 10791 دەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 5682 دەن، قوناق 4200 دەن، باشقا زىرائەتلەر 892 دەن بولغان.

1944 ـ يىلى چاقىلىق يېزا، باۋلارغا ئايرىلدى، جۇملىدىن بىر يېزا، سەككىز باۋ تەسىس قىلىنىپ باۋ جيا (保甲) تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بىر يېزا — مەركىزىي يېزا بولۇپ، سەككىز باۋ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: مۇران، تىكەنلىك، ياقا ئۆستەڭ، ئۇتام، ئېگىز ئۆستەڭ، ئوتتۇرا ئۆستەڭ ۋە يېڭىسۇ. شۇ چاغدا يېزا باشلىقى ۋە مۇئاۋىنى بولغان (شاڭيو دەپ ئاتالغان). باۋجاڭ ۋە مۇئاۋىن باۋجاڭلار (خەلق بوجاڭ دەپ ئاتىغان) 16 كىشىگە، جياجاڭلار 89 كىشىگە يەتكەن. گومىنداڭ دائىرىلىرى خەلقنى تېخىمۇ ئىسكەنجىلەش ئۈچۈن ھەر ئون ئائىلىنى بىر جيا، 40 ـ 50 ئائىلىنى بىر باۋ قىلىپ، باۋجاڭ ۋە جياجاڭلارنى تەيىنلەپ، خەلقنى زۇلۇم ئىسكەنجىسىگە ئالدى.

1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى گومىنداڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ بىتىم ئىمزالىغان. شۇ بىتىمنىڭ روھىغا ئاساسەن، چاقىلىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىمنى ئومۇمىي خەلق سايلىغان. خەلق ئارىسىدىكى نامزات ئاساسلىقى لوپلۇقلارنىڭ كۆڭۈل خالىشى بويىچە ئابدۇكېرىم ئەلەم، ئېزىز ھاجى ياكى قۇربان غوجابەگ ئەۋلادىدىن بىرىنى سايلاشقا مايىللاشسا، زىيالىيلار ۋە ئالتەشەھەرلىكلەر مەمتىمىن ياقۇپنى، گومىنداڭنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆمەرجان ئىسمايىلنى سايلاشنى ئىستەشكەن. 1946 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى قاراشەھەردىن ۋىلايەتلىك سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش كومىسسىيەسى كەلگەن، ئەمما ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇنلا ئاياللار، يىللىقچى ۋە مەدىكارلار، چاقىلىققا كېلىپ ئولتۇراقلاشقىنىغا ئۈچ يىل بولمىغانلار، شۇ يىلى قولغا ئېلىنىپ قويۇپ بېرىلگەنلەر سايلامغا قاتناشمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قورallıق تەھدىتى ئاستىدا سايلام باشلانغان. سايلام كومىتېتى خەلقنىڭ ئۆزىگە ئادىل خىزمەت قىلالايدىغان كىشىنى ھاكىم قىلىپ سايلىشىنى تەلەپ قىلغان. باۋجاڭلارنىڭ يىغىشى بىلەن كەلگەن خەلق ئاممىسىغا بىر پارچىدىن قەغەز تارقىتىپ بېرىلگەن، خەلق ساۋاتسىز بولغاچقا سايلىماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى يېزىشى مۇمكىن بولمىغاچقا مۇئەللىملەرنى يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن زىيالىيلارنىڭ كۆڭلى توغۇلۇپ ئىرادىسى بويىچە مەمتىمىن ياقۇپ دەپ يېزىۋەرگەن،

نەتىجىدە مەمتىمىن ياقۇپ ھاكىم بولۇپ سايلانغان ھەمدە ئازادلىقىچە ھاكىم بولۇپ تۇرغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن چەرچەندە رەھبىرىي خىزمەتلەردە بولغان. ئۆمەرجان ئىسمايىل گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نەنجىڭدا ئېچىلغان قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن. خەلق ئۆزى سايلىغان ھاكىم مەمتىمىن ياقۇپ ۋە ئۆمەرجان ئىسمايىللار ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ھەربىيلەرنىڭ قاتتىق بېسىمى، يۇقىرى دەرىجىلىك ھاكىمىيەتنىڭ خەلقچىل، ئادالەتلىك سىياسىتىنىڭ كەم بولۇشى سەۋەبلىك، ئىجتىمائىي ھاياتتا تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارالمىغان. مەمتىمىن ياقۇپ مەدەنىيەت، مائارىپ، قۇرۇلۇش، خەلق ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشقان.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گومىنداڭ دائىرىلىرى چاقىلىقتا 100دىن ئارتۇق زىيالىينى قولغا ئېلىپ خالىيەنجاڭ قىسىملىرى تۇرۇشلۇق قەلئەگە قامىغان. ئۇلار 115 كۈن قىستاققا ئېلىنىپ، ئېغىر جازالارغا ئۇچرىغان. شۇ چاغدىكى مۇئاۋىن ھاكىم مامۇتخان، نۇر بەختى، قۇتلۇق قاسىم، بارات نىياز قاتارلىقلار قاراشەھەر تۈرمىسىگە يۆتكەپ قامالغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رازۋېدكىچىسى مۇھەممەد ئېلىنى ئۆلتۈرۈپ ئات ئېغىلىغا كۆمۈۋەتكەن. 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى باۋۇدۇن تۇرقى، بايىن كىشىك، ما شۆمىڭ قاتارلىقلار كېلىپ تۈرمىدىكىلەرنى بوشاتقان ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى بىلەن تۈزۈلگەن تىنچلىق كېلىشىمىگە ئاساسەن سايلام ئۆتكۈزۈلگەن.

1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، توققۇز كىشلىك ناھىيەلىك كېڭەش قۇرۇلغان، كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى نوپۇس قۇرۇلمىسى بويىچە ئۇيغۇرلاردىن سايلانغان. سادىق داموللا كېڭەش باشلىقى، ئابدۇراھمان قۇربانوف ئورۇنباسارى بولۇپ سايلانغان. كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر ئايدا ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىغان، بۆلۈم باشلىقى دەرىجىسىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش ئىشلىرىنى ماقۇللىغان. 1948 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، كېڭەشمۇ رولىنى يوقاتقان ۋە 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

1948 ـ يىلى يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ 200 نەچچە ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن.

1949 ـ يىلى گومىنداڭ زاۋالىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى پۈتۈنلەي ئايان بولغانلىقى ئۈچۈن گومىنداڭچىلار غەمگە چۈشكەن، قاچقانلار قاچقان. قېچىشتىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە بۇلاڭچىلىق قىلغان، شۇنداق بۇلاڭچىلىق چاقىلىقتىمۇ يۈز بەرگەن. چاقىلىق خەلقى يۇرتىنىڭ كىچىك، خەلقىنىڭ نامراتلىقىغا قارىماستىن بىر ئەسكەرگە بىردىن قوي توغرا كەلتۈرۈپ ئۇلاردىن ھال سوراپ خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان. سوۋغىلارنى كۆرگەن يىڭ كوماندىرى بۇلاڭچىلىق قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن

بولسىمۇ، 25 ـ ئۆكتەبىر ئەسكەرلەر بۆلاڭچىلىقنى باشلىغان. ئەسلىدە ئالدىنقى كۈنى كەچتە كورلا، قاراشەھەرلەرنى بۇلىغان ئەسكەرلەردىن بىر لىيەن كىشى يەتتە ماشىنىدا كېلىپ شەرقىي سېپىلغا چۈشكەن، بۇ ۋاقىتتا كۆنچى ناھىيەسى بىلەن يېڭىسۇ ئارىسىدىكى سۇ ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بارغان سادىق موللا قاتارلىقلار ئۇقۇقان، ئۇلار ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ تەدبىر قوللىنىپ بولغىچە كىچىككىنە بۇ ناھىيەنى ئوق ئاۋازى قاپلىغان، ئۈچ كۈنلۈك بۆلاڭچىلىقتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان. قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن كىشىلەرنى تۇتۇۋېلىپ ئالتۇن، كۈمۈش بايلىقنى چىقار دەپ ئىنتايىن زور ئازاب قىلغان. بۆلاڭچىلار بۇلاپ يىغقان نەرسىلىرىنى ماشىنىغا بېسىپ ھاكىم مەمتىمىن ياقۇپقا قورال تەڭلەپ تۇرۇپ: «بىز بىر نەرسە ئالدۇقمۇ، قارا؟» دەپ سورىغان ۋە «ھېچنېمە ئالمىدىڭلار، مېڭىڭلار» دېگەن جاۋابنى ئېلىپ قايتىشقان. بۇ ھەقتىكى ۋەقەلەر خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە تارقىلىپ يۈرمەكتە. چاقىلىق خەلقىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئازاب ـ ئوقۇبەت، ئېزىش، خارلاش ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشلەر بىلەن ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسى زاۋال تاپقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چاقىلىق خەلقىنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلدى. تاشيول قۇرۇلۇشى، ھاكىمىيەتنى قوغداش ئۈچۈن سېلىنغان سېپىل ـ يامۇللىرى، ھۆكۈمران سىنىپنى بېقىش ئۈچۈن يىغىلغان ئېغىر باج ـ سېلىقلار خەلقنى جان قايغۇسىغا سالغان. 1947 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ چاقىلىق ـ چەرچەن ناھىيەلىرىدىكى ھەربىي گازارمىلارنىڭ ناھايىتى ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ، ھاكىمىيەتنى مۇشۇ سېپىللارغا تايىنىپ ساقلاش ئۈچۈن ھازىرقى لەڭزە يەنى شەرقىي سېپىلنى سالدۇرغان، زۇلۇمدىن ھالىدىن كەتكەن خەلق جان قايغۇسىدا قالغان، ئالۋان ـ سېلىقتا بەرگۈدەك نەرسىسىمۇ قالمىغانىدى، شۇڭا ئۇلارنى ئالۋان ـ ياساقلارغا ساقچى ـ ياياللارمۇ ئاپىرالماي ئاخىرى قوشۇن ئىشقا سېلىنغان، سەللا قارشىلىق قىلغانلار دۇمبالانغان. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى كېرەكلىكلەردىن نېمىنى دېسە شۇنى ئىگىلىرىنىڭ ئاپىرىپ بېرىشى تەلەپ قىلىنغان. چاقىلىقتىكى نەرسىلەر ئىشلىتىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن، نۇرغۇن ياغاچ قاتارلىق كېرەكلىكلەرنى خەلققە ئالۋان سېلىپ ۋاشىشەھىرى، مۇرانلاردىن توشۇپ كەلگەن. چوڭ ياغاچلارنى كېسىش، توشۇش ۋە باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە پۇقرالار ھاشارغا سېلىنغان. سېپىلنىڭ تېمى توختىمىسا ھەتتا تۇرسۇن، توختى ئىسىملىك يېتىمچى باللارنى لاي بىلەن تامغا باستۇرۇۋەتكەن، بۇ قۇرۇلۇش ئۈچ يىل داۋام قىلىپ 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پۈتكەن بولسىمۇ گومىنداڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتا ئەسقاتمىدى. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى چاقىلىق ناھىيەسىگە كىردى. چاقىلىق خەلقىمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئازادلىق نۇرىنى كۆردى. چاقىلىق خەلقىمۇ شىنجاڭدا ھەر مىللەت

خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پارلاق كېلەچەككە قاراپ ماڭدى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەسسىسىنى قوشتى، ئازادلىقتىن كېيىنكى چاقنىلىقنى مانا بۇگۈن بەختىيار ھالەتتە كۆرمەكتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈش تارىخىمىز ھەققىدىكى بايانلارنى مۇشۇ يەردە تاماملاپ باشقا تېمىلارغا ئۆتىمىز، بىزنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئايىمىز ئۆتمۈش كونا جەمئىيەت ئارقىلىق بۇگۈنكى بەختىيار تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتىشنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت.

1952 ـ يىلى 5 ـ ئايدا 1388 كىشى قاتناشقان، 74 كۇنگە سوزۇلغان، باش ئىنژېنېر ئابدۇرۇسۇل زاكىر (1921 ـ 1992)نىڭ پىلانلاپ ئىشلىشى، كۆنچى ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە لاي دەرياسىدىن تۇغان ياسىلىپ، تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى يەنە جەنۇبقا يەنى تىكەنلىك ۋە ئارغان تەرەپلەرگە ئاقتۇرۇلغان. كۆنچى دەرياسى ئۆز ئېقىنى بىلەن ئاققان بولسىمۇ باشئەگىمدە سۇ ئامبىرى ياسالغىنى، چوڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى قىلىنغىنى ئۈچۈن تۆۋەنگە ئاقىدىغان سۇ ئازلىغان①. 1952 ـ يىلى توسما ياسالغاندىن كېيىن تارىم دەرياسى ئېقىپ قارابوران كۆلىگە كېلەلىدى ھەمدە 250 كىۋادرات كىلومېتىر كۆلەم ھاسىل قىلدى.

1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا 42 مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان داشكۆل 1 ـ سۇ ئامبىرى، 1972 ـ يىلى 186 مىليون كۇپ مېتىر سۇ سىغىدىغان داشكۆل 2 ـ سۇ ئامبىرى پۈتتى ۋە ئىشقا كىرىشتۇرۇلۇپ تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى داشكۆل سۇ ئامبىرىنى ئاخىرقى قۇيۇلۇش ئورنى قىلدى، تارىختىكى لوپ كۆلى (كىروران يېنىدىكى)، قاراقوشۇن كۆلى، قارابوران كۆلى (ھازىر تارتما كۆلى دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ) ۋە ئارغان ـ يېڭىسۇ ئەتراپلىرىدىكى قاراكۆل، چىۋىنكۆل، تايەككۆل قاتارلىق بىر قاتار كۆللەر ئاۋۋال داشلىقتا ئاندىن قۇملۇقتا ئايلاندى.

قىسقىچە خۇلاسىلىگەندە، 15 ـ ئەسىرلەردە ۋەيران بولغان چاقىلىق تەۋەلىكىدىكى شەھەر ـ بازارلار، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئاندىن قايتىدىن كۆچۈم مەھەللىلەر بارلىققا كېلىپ يەنە بىر گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى، بۇ چاغلاردا چاقىلىقنىڭ قايتا گۈللىنىشىدە كېرىيە قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئاھالىلەر تولىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشتى، جۈملىدىن ھازىرقى چاقىلىق، ۋاششەھىرى بوستانلىقلىرىنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. چاقىلىق بازىرىنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئارقىسىدا دۇرال ـ تىكەنلىك قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ۋە لوپلۇق ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز تۆھپىسىنى نامايان قىلدى، تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ناھايىتى قەدىمدىن بۇيان بۇ جايدا ياشاپ كېلىۋاتقان لوپلۇقلارمۇ تەبىئەتنىڭ قىستىشى

① 1979 ـ يىلى ئالىم ۋاڭ شۇچۈن يىڭپەن رايوندا كۆنچى دەرياسىنى كېسىپ ئۆتكەندە دەريانىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى چى، كەڭلىكى 20 نەچچە چى كېلىدىغان ئېرىقتا ئايلىنىپ قالغان.

بىلەن ئەسلىدىكى ماكانلىرىنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى، بىر بۆلەكلىرى تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىغا، جۈملىدىن دولان يۇرتلىرىغىچە كۆچكەن. بىر بۆلىكى تارىمنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنلىرىغا جايلىشىپ ھايات كەچۈرگەن. ئاز بىر قىسىم ئاھالە چاقىلىق دىيارىدا قېلىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قايتىدىن گۈللىنىپ كۆچمە مەھەللىلەر بارلىققا كەلگەن چاقىلىق ۋە مۇران بوستانلىقىنى مەركەز قىلىپ ياشاپ كەلمەكتە.

## 4. كىرىوران رايونىنىڭ تارىختىكى نوپۇسى توغرىسىدا بايان

كىرىوران دىيارى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپلا ئىنسانلار ياشاپ كەلگەن قەدىمىي ماكاندۇر، دىيارىمىزدىكىلەر ئەنە شۇ دەۋرلەردىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك زېمىندا ياشاپ، بۇ يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ كەلگەن. ئارخېئولوگلارنىڭ بايقىشىغا قارىغاندا، ئالتۇنتاغ باغرىدىن ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنى بويلىرىدىن زور مىقداردا تاش قوراللار تېپىلغان، بۇ تاش قوراللارنىڭ مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشى شەكسىزكى، شۇ ۋاقىتتا مۇشۇ زېمىندا ياشىغان ئاھالىنىڭ سانىنى ۋاستىلىك كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مۇندىن تۆت مىڭ يىللار مۇقەددەمگە تەۋە قەدىمكى قەبرىستانلىق، جۈملىدىن «كىرىوران گۈزىلى» تېپىلغان قەبرەغول، شۇ ۋاقىتتا كىرىورانلىقلارنىڭ مۇئەييەن تارىخىي تەرەققىياتقا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن، ئۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭمۇ ئاز ئەمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەكتە.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەملىكەت مىقياسىدا قوزغالغان كىرىوران قىزغىنلىقى كىشىلەرنى قىزغىن بىر تېمىغا جەلپ قىلماقتا. كىرىوراننىڭ نوپۇسى قانچىلىك؟ كۆچكەنلىرى نەگە كەتكەن؟ زامانىمىزدا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بارمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر كىتابخانلارنى ئىزدىنىشكە، ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

كىرىوران مىلادىيەدىن بۇرۇن قۇرۇلغان بىر شەھەرنىڭ ۋە شۇ شەھەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان بىر بەگلىكنىڭ نامى. بۇ بەگلىك دەسلەپ كىرىوران نامىدا، كېيىنچە چەرچەن بەگلىكى نامىدا زاھىر بولغان. ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى دەسلەپ لوپ كۆلى ئەتراپىنى مەركەز قىلغان ھالدا ھازىرقى چاقىلىق ناھىيەسى دائىرىسىنى كۆرسەتكەن بولسا، مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىن باشلاپ ھازىرقى چاقىلىق، چەرچەن، نىيە ناھىيەلىرىنى ۋە لوپنور ناھىيەسىنىڭ بىر قىسىم زېمىنلىرىنى ئۆز ئىدارىسىغا ئالغان. بۇ مەزمۇندا تىلغا ئېلىنغان كىرىوران ئەينى دەۋردىكى كىرىوران ۋە چەرچەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولغان چاقىلىق ناھىيەسى دائىرىسى ئاساس قىلىندى.

كىرىوراننىڭ نوپۇسى قانچىلىك ئىدى؟ بۇ ھەقتە تارىخىي ماتېرىياللاردا بىۋاستە ھەم ۋاستىلىك ئۇچۇرلار ساقلانغان. «خەننامە» 96 ـ جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى ئۇچۇرلارنى كىرىوران زېمىنى بىلەن باغلاپ، جەدۋەللەشتۈرسەك مۇنداق بولىدۇ:

| بەگلىك نامى | ئائىلە سانى | نوپۇسى | ئەسكەر سانى | ئەسكەر نىسبىتى | ھەر ئائىلىدىكى ئوتتۇرىچە جان سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| لوپ ~ نوپ ~ نوپكەنت（婼羌国） | 450 | 1750 | 500 | 29% | 3.9 |
| چەرچەن（kroraina, 鄯善国） | 1570 | 14100 | 2920 | 20% | 9 |
| سارمادان（calmadana, 且末国） | 230 | 1610 | 320 | 20% | 7 |
| ئەندىر（saca /小宛国） | 150 | 1050 | 200 | 20% | 7 |
| نىيە（nina, cadota, 精绝国） | 480 | 3360 | 500 | 15% | 7 |
| روڭلۇ（يولئارش، 戎卢国） | 240 | 1610 | 300 | 19% | 7 |
| جەمئىي | 3120 | 23480 | 4740 | 20.5% | 6.8 |

«خەننامە»دىكى كىروران، چەرچەن بەگلىكلىرىنىڭ نوپۇسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق، بۇلارنىڭ ئىچىدە چەرچەن ئېلىنىڭ نوپۇسى كۆپ، چەرچەن بەگلىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى كىروران ئېلىدىن پارچىلىنىپ چىققان. چەرچەن بەگلىكىنىڭ نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە 鄯善国، ھاكىمىيەت تىل يېزىقى بولۇپ قوللىنىلغان قارۇشتى يېزىقىدا kroraina دەپ يېزىلغان، خارابىلىكلەرنىڭ جايلىشىشى بىلەن نوپۇسنىڭ كۆپلۈكىدىن ئالغاندا، بۇلار لوپ كۆلى بويىدىن تاكى مۇران خارابىسىغىچە بولغان جايلارنى كۆرسەتكەن. كىروران ئېلىنىڭ نوپۇسى ئېھتىمال مەردەك (pädäkä) ۋە كىتىك (kadag ـ katak) شەھەرلىرىنىڭ ئاھالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولسا كېرەك.

مىلادىيە 400 ـ يىلى چەرچەندىن ئۆتكەن راھىب فاشيەننىڭ خاتىرىسى يەنە بىر ۋاستىلىك ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە، 17 كۈن يول يۈرۈپ چەرچەن بەگلىكىگە كەلگەنلىكىنى ۋە بىر ئاي تۇرغانلىقىنى، بۇ يەردە 4000دىن ئارتۇق كىچىك كۆلۈڭگۇ (ھىنايانا) راھىبى بارلىقىنى خاتىرىلىگەن. راھىب فاشيەننىڭ چەرچەن بەگلىكىدىن چىقىپ، غەربىي شىمالغا يۈرۈپ 15 كۈندە ئارسى (ئاگنى، ھازىرقى قاراشەھەر تەۋەسى)غا بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

«سۇڭنامە» 98 ـ جىلد «دى غوزلىرى ھەققىدە قىسسە»دە «... يۈەنجيا 19 ـ يىلى (مىلادىيە 442 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا، جۈرچى ئۇرغۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ، دۇنخۇاڭنى تاشلاپ كۈن پېتىشقا يۈرۈش قىلىپ جۈرچى ئارغۇننىڭ قېشىغا كەتمەكچى بولدى. ئۇلار چەرچەن (鄯善)گە يېتىپ بارغىچە، چەرچەن بېگى بەگروڭ 4000دىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۈرچى ئۇرغۇ چەرچەننى

ئىگىلىۋالدى...»[①]، دېيىلگەن.

بۇ بايانلارنى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ بىرىنچىسى راھىب فاشيەننىڭ دۇنخۇاڭدىن چىقىپ چەرچەن ئارقىلىق ھازىرقى قاراشەھەرگە بېرىشى. راھىب فاشيەن ئارسىغا بارغاندا ئارىسىدا 4000دىن ئارتۇق كىچىك كۆلۈڭگۈ راھىبى بارلىقى يېزىلغان. ئۇنداقتا، مۇشۇ دەۋرلەردىكى ئارسىنىڭ نوپۇسىنى ئىزدەپ كۆرىدىغان بولساق، جىن سۇلالىسى (265 ـ 420) دەۋرىدە «ئارسى (ئاگنى) ئېلىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 80 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى.»[②] يەنە بىر مەسىلە، مىلادىيە 442 ـ يىلى جۈرچى ئۇرغۇنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنى باشلاپ تۇرپاننى نىشانلاپ مېڭىپ چەرچەننى ئىشغال قىلغانلىقى ۋە چەرچەن بېگى بەگروڭنىڭ 4000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالە (ئاھالىنىڭ يېرىمى)نى باشلاپ چالمادانا (سارمادان، ھازىرقى چەرچەن)غا كۆچۈشىدۇر. يۇقىرىقى ئىككى مەسىلىدە بىزنى داۋاملىق ئىزدىنىشكە ئۈندەيدىغان نۇقتا شۇكى، دۇنخۇاڭدىن چىققان راھىب بىلەن جۈرچى ئۇرغۇ باشلىغان نۇرغۇن ئاھالىنىڭ چەرچەن (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە مۇران بوستانلىقى)گە بېرىشىدۇر. ئەجەبا، ئۇلار ھازىرقى چاقىلىق بوستانلىقى ياكى مۇران بوستانلىقىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن لوپ كۆلى بويىغا قايتىپ، ئۇندىن كېيىن ئاندىن ئەسلىي يولىغا كىرگەنمۇ؟ بۇنداق بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق. شۇڭا كىروران شەھىرىنى مىلادىيە 327 ـ يىلى ئەتراپىدا ۋەيران بولغان دېگەن قاراشنى ئاغدۇرۇپ، 5 ـ ئەسىردىمۇ لوپ كۆلى بويىدا بىر تۈركۈم ئاھالىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق بولغاندا ئاندىن مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتەلەيمىز. يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن، كىروران ـ چەرچەن نوپۇسى ھەققىدە تەخمىنىي سانغا ئېرىشەلەيمىز. مىلادىيەنىڭ بېشىدا چەرچەن (كىروران)، نوپ نوپۇسىنى قوشۇپ ھېسابلىساق 15850 كىشى بولىدۇ. بۇ مەلۇماتنى تولۇقسىز مەلۇمات سۈپىتىدە قوبۇل قىلىمىز، چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە ھازىرقىدەك نوپۇس ئىستاتىستىكىسى بولۇشى ناتايىن. بۇ سانغا دەريا ـ كۆل بويلىرىدا تارقاق ياشاۋاتقانلارنى ۋە قوشۇلماي قالغان شەھەر ـ بازارلاردىكى ئائىلىلەرنىمۇ بار دەپ قاراپ، بۇ ئىستاتىستىكىنى پۈتۈنلەپ 20 مىڭ دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ. راھىب فاشيەننىڭ 400 ـ يىلىدىكى بايانى يەنى چەرچەندىكى 4000دىن ئارتۇق راھىب بىلەن شۇ ۋاقىتلاردىكى ئاگنى (قاراشەھەر)نىڭ 4000دىن ئارتۇق راھىبى سان جەھەتتىن تەڭ بولۇپ، بۇلاردىن بۇ ئىككى جايدىكى ئاھالىنىڭ نوپۇسىنىڭ تەڭلىشىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. شۇنداق بولغاندا، ۋاستىلىك ھالدا كىروران ئېلى — چەرچەن بەگلىكىنىڭ نوپۇسىنىڭمۇ مىلادىيە 400 ـ يىلى 80 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.

---

① «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان (ئابدۇكېرىم ھاشىم، چېن يۈگۈي، ئىسمايىل مالىك، خۇ يى، رازاق مەتنىيازلار تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 712 ـ بەت.

② يۈەن زۇلياڭنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «يىپەك يولىنىڭ نوپۇس مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 79 ـ بەت.

بەگروڭنىڭ ئاھالىسىنىڭ يېرىمى (4000 ئائىلىدىن ئارتۇق كىشى)نى باشلاپ چالمادانا (ھازىرقى چەرچەن)غە قېچىشىنى نەزەرگە ئالساق، مىلادىيە 442 ـ يىلى چەرچەن ئېلىدە 8000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالە بارلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەينى چاغدا بەگلىك مەركىزى ۋە شۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ يېرىمىنى يەنى 4000دىن ئارتۇق ئائىلىنى باشلاپ چالماداناغا كۆچكەن دەپ قارىساق (تارىخ كىتابلىرىدا شۇنداق دېيىلگەن)، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 8000 ئائىلىدىن خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ، مۇشۇلارغا ئاساسەن شۇ ۋاقىتلاردا 9 ـ 10 مىڭ ئائىلە كىشى بارلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. بۇلارنى 10 مىڭ ئائىلە دەپ قارىساق ۋە مىلادىيەنىڭ بېشىدىكى («خەننامە»دىكى) ھەربىر ئائىلىدە توققۇز جان بولۇش نىسبىتى بىلەن ھېسابلىساق، 442 ـ يىلى كىروران ـ چەرچەن بەگلىكىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 90 مىڭغا يېتىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مانا بۇلارغا ئاساسلانغاندا، كىرورانلىقلارنىڭ نوپۇسى مىلادىيەنىڭ بېشىدا 20 مىڭ بولغان، 442 ـ يىلىغا كەلگەندە 80 ـ 90 مىڭغا يەتكەن. تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا شۇنى دېيەلەيمىزكى، ئاھالىنىڭ كۆچۈشى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئۆزگىرىشى، تاجاۋۇزچىلىق قاتارلىقلار ئاھالىنىڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دىكى مىلادىيە 644 ـ يىلى ئەتراپىدا كىروران دىيارىدىن ئۆتكەن شۈەنزاڭنىڭ بايانىغا قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا « [چالمادانا (سارمادان)دىن چىقىپ] شەرقىي شىمالغا 1000 يولدىن ئارتۇق يۈرگەندىن كېيىن نوپ (纳缚波古国 دەپ يېزىلغان، ئۇيغۇر ئالىمى سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ 10 ـ ئەسىردە بۇ نامنى «نوپ» دەپ تەرجىمە قىلغان) قەدىمكى ئېلىگە كەلدىم، بۇ كىروراندۇر»[1] دېگەن بايانىغا ئاساسلانساق، مىلادىيە 645 ـ يىلىدىن بۇرۇن، كىروران — چەرچەن بەگلىكى دائىرىسىدىكى شەھەر ـ بازارلار ۋەيران بولۇپ ئاھالىلەر كۆچۈپ كەتكەن، پەقەت دەريا ـ كۆل بويلىرىدىكى سانى نىسبەتەن ئازراق بولغان ئاھالىلەر قالغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، كۆپ سانلىق ئاھالىلەر ھاياتلىق ئۈچۈن باشقا جايلارغا كۆچكەن، لېكىن تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانساق، كىتنىك ۋە مەردەك شەھەرلىرى بۇ ۋاقىتلاردا ۋەيران بولمىغان ئىدى، بۇ شەھەرلەر ئەينى ۋاقىتتىكى قاتناش يولىدىن يىراق بولغانلىقتىن، ئۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار خاتىرىلەنمىگەن. ئاھالىنىڭ كۆچۈشىنى ئۈچ رايون بويىچە تەھلىل قىلىشىمىز مۇمكىن.

1 ـ رايون لوپ كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايوندا ئاھالىلەر تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ ياشاپ كەلگەن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا كىروران شەھىرىنى ۋە ئۆز بەگلىكىنى قۇرغان. ئەمما، 6 ـ ئەسىردە كۆنچى دەرياسىدىن بۇ يەرگە كېلىدىغان سۇ تەدرىجىي ئازلاپ، شەھەر ـ بازارلار ھاياتلىق مەنبەسى بولغان سۇدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولغان. شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى تۈپەيلىدىن، شەھەر

① ياڭ جيەنشىن تۈزۈپ شەرھلىگەن: «قەدىمكى دەۋردىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى (تاللانما ۋە شەرھىي)»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 104 ـ بەت.

ئاھالىلىرى يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئاھالىلەرنىڭ ئىككى قېتىملىق كۆچۈشى ھەققىدە تارىخىي خاتىرىلەردە بەزى ئۇچۇرلار بار. كىرورانلىقلارنىڭ 1 ـ قېتىملىق كۆچۈشى يۇقىرىدا بىز كۆرگەندەك مىلادىيە 442 ـ يىلى بولغان، بەگ بەگرۇك باشچىلىقىدا 4000دىن ئارتۇق ئائىلىلىك ھازىرقى چەرچەن ناھىيەسى دائىرىسىگە كۆچكەن، بۇ ئاھالىنىڭ سانى 20 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، چالمادانانىڭ يەرلىك ئاھالىسى، چەرچەندىن كۆچۈپ كەلگەنلەردىن ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن تەدرىجىي «چەرچەن» نامى «چالمادانا»نىڭ ئورنىنى ئېلىپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە جاي نامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. كىرورانلىقلارنىڭ 2 ـ قېتىملىق كۆچۈشى ھەققىدە، «كونا تاڭنامە» 40 ـ جىلدتىكى «(纳职 ناپچۇق)، جېنگۇەننىڭ 4 ـ يىلى كىروران خورلىرى قۇرغان»① دېگەن بايانى ھەم تاڭ دەۋرىدىكى لى جىفۇ يازغان «يۈەنخې ئايمىقىدىكى ناھىيەلەرنىڭ تەزكىرىسى»دىكى «ئىۋىرغول... چەرچەنلىكلەر كەلگەن. سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې 6 ـ يىلى (610 ـيىلى) بۇ يەردە ئىۋىرغول ئايمىقى قۇرۇلدى. سۇي سۇلالىسىنىڭ مالىمانچىلىق يىللىرىدا بىر توپ خورلار كېلىپ ئولتۇراقلاشقان... ناپچۇق (纳职) جېنگۇەننىڭ 4 ـ يىلى قۇرۇلغان، خورلار چەرچەننى ناپچۇق دېيدۇ، شۇڭا ناپچۇق ئاتالغان»② دېگەن بايانلىرىدىن كۆرۈش مۇمكىن. «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى»دە لاپچۇق خارابىسى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «قارلۇقغولنىڭ شەرق ۋە غەرب ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. دەريانىڭ شەرقىدىكى ئىككى شەھەر (بىرى شىمالدا، بىرى جەنۇبتا)، دەريانىڭ غەربىدە بىر شەھەر... دەريانىڭ شەرقىنىڭ شىمالىدىكى شەھەرنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 180 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 150 مېتىر، سېپىلىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا، سېپىل تېمىنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا، شەھەر سېپىلىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا قاراغۇنىڭ قالدۇقى، سېپىل ئىچىدە دۆڭ ۋە ئۆي خارابىلىرى بار. دەريا شەرقىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر قەلئەسى كىچىكرەك بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىردەك، قالدۇق ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىرچە، شەرقىي شىمالى بۇلۇڭىدا قاراغۇ بولۇپ ئېگىزلىكى 10 مېتىردەك كېلىدۇ. دەريانىڭ غەربىدىكى شەھەر قەلئەسىنىڭ قالدۇق ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىرچە...»③ دېيىلگەن. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن، 493 ـ يىلى چەرچەن ئېلىدىكى بىر تۈركۈم ئاھالىنىڭ بۇ يەرگە قېچىپ كېلىپ يۇرت بەرپا قىلغانلىقى، 630 ـ يىللىرى بۇ يەردە لاپچۇق ناھىيەسىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى يېزىلغان. «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى»دە يەنە، مىلادىيە 489 ـ يىلى چەرچەن خورلىرىنىڭ ئىۋىرغولنى ئىشغال قىلغانلىقى، ناپچۇق شەھىرىنى بەرپا قىلغانلىقى، 632 ـ يىلى ئىۋىرغولدا ناپچۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۈچ ناھىيە تەسىس

①② چيۇ لىڭ تۈزگەن: «لوپنورغا ئائىت ماتېرىياللاردىن ئۈزۈندى توپلام»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق سانى، 12 ـ، 13 ـ بەتلەر.

③ قومۇل ناھىيەلىك تەزكىرە كومىتېتى: «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 397 ـ بەت.

قىلىنغانلىقى، 1332 ئائىلە، 6778 نوپۇس بارلىقى يېزىلغان[1]. مانا بۇلار ئەمەلىيەتتە، 1 - رايوندىكى ئاھالىنىڭ كۆچۈشى ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ھازىرقى قومۇل شەھىرىنىڭ لاپچۇقتا ۋە ھازىرقى چەرچەن ناھىيەسىگە كۆچكەن. شۇنى ئىزاھلاش كېرەككى، ئەڭ چوڭ كۆچۈش كۆنچى دەرياسى ئېقىنى ئارقىلىق لوپ كۆلى رايونىغا كېلىدىغان سۇنىڭ توختىشى ياكى ئازىيىشى تۈپەيلىدىن، ئاھالىلەرنىڭ يۇرت - ماكانىنى تاشلاپ كۆچكەنلىكىدىن ئىبارەت، لېكىن بۇ ھەقتە ئېنىق يازما خاتىرە يوق، پەقەت سۇنىڭ قىسلاشقانلىقى، سۇنى مەخسۇس تىزىملاپ نۆۋەت بويىچە ئېلىنىدىغانلىقى دېگەندەك ئۇچۇرلار، شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى مۇشۇ يەكۈنگە كەلتۈرىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى قېتىملىق كۆچۈش تارىخىي يازمىلاردىكى خاتىرىلەردىن ئىبارەت. يازما خاتىرىگە چۈشمىگەن كۆچۈشنى ھېسابقا ئالىدىغان بولساق، شەكسىزكى بىر تۈركۈم ئاھالە كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ، سۇ قوغلاپ يۇقىرى ئېقىنغا كۆچكەن، جۈملىدىن قۇم دەريا ئېقىنى بويىدىكى ئىزلارغا، ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايلارغا كۆچكەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. LA خارابىسىنى مەركەز قىلغان بىر تۈركۈم ئاھالە ھازىرقى مۇران بوستانلىقى ۋە چاقىلىق ناھىيە بازىرى ئەتراپلىرىغا كۆچكەن. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانساق، كىروران - چەرچەن بەگلىكىدىكى ئاھالىلەر ياقا يۇرتلارغا، جۈملىدىن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان رايونلارغىمۇ كۆچۈپ بارغان، ئۇلار كۆچۈپ بارغان يېرىدە نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى 鄯善 دىن 鄯 ياكى 善 خېتىنى فامىلە قىلىپ قوللانغان. تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان يازمىلاردىكى كۆرسىلىدىغان 鄯庆، 鄯护، 鄯愿،鄯好، 鄯月光 قاتارلىق نامىلارنى[2] كۆرسىتىشكە بولىدۇ. 1930 - يىللىرى لوياڭ شەھىرىدىن 6 - ئەسىردىكى كىرورانلىقلارنىڭ قەبرە تېشى بايقالغان، مانا بۇلار كىرورانلىق بىر تۈركۈم ئاھالىنىڭ كۆچۈپ ھەتتا ئىچكىرىگىمۇ بارغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز بۇ يەردە 10 - ئەسىرلەردە، بىر تۈركۈم كىرورانلىقلارنىڭ داۋاملىق ئۆز يۇرتىدا ياشىغانلىقىدەك پاكىتنى ئەسكە ئېلىشىمىز زۆرۈر. «شاجو ۋە ئىۋىرغولنىڭ جۇغراپىيەلىك تەپسىراتى»دا «تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شەرقىي تۈركلەرگە تەۋە شەنفۇتو باج سېلىقىنىڭ ئېغىرلىقىدىن شەھەرنى تاشلاپ چەرچەنگە قاچتى. تۈيغۇنلار تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشتى... خورلار چەرچەننى نوپ (纳职) دەپ ئاتايدۇ...» دېيىلگەن. مانا بۇلاردىن قارىغاندا، كىروران رايونىدا بىر تۈركۈم ئاھالىنىڭ داۋاملىق ياشىغانلىقىنى، بىر تۈركۈم ئاھالىنىڭ ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مىلادىيە 925 - يىلى ساك تىلىدا يېزىلغان، خوتەن ئالتۇن ئىل ھاكىمىيىتىنىڭ ئەلچىسىنىڭ يول بويلاپ يازغان دوكلاتىدا، كىروران رايونىدىكى شەھەر - بازار ئولتۇراق نۇقتىلىرىدىن

① قومۇل ناھىيەلىك تەزكىرە كومىتېتى: «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 6 -، 7 - بەتلەر.

② لىن مېيسۇن: «كىروران — ئەسىرلىك سىرنىڭ يېشىلىشى»، مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ نەشرىياتى، 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 194 -، 195 - بەتلەر.

Kyauratakamtha (كىرىوران شەھىرى)، Kadaka bisa kamtha (كىتىك رايونىدىكى شەھەرلەر، چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 100 كىلومېتىر شىمالىدا)، Inaka chitta bu (چوڭ لوپ ـ چاقىلىق بازىرى ئەتراپى) بىلەن naha، chunu (كىچىك لوپ ــ مۇران كونا شەھىرى) بىلەن 弩支، durtci (ۋاششەھىرى كونا شەھىرى)، pädäka bisa kamtha (بۇ نام قارۇشتىشۇناس لىن مېيسۇننىڭ ئىسپاتلىشىچە، شەھىرى مەردەك دېگەن نامدا ساقلىنىپ قالغان) ۋە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلىدىكى نام (鄯善 7 ـ ئەسىردىكى تۇبۇتچە يازمىلاردا Cercen دەپ يېزىلغان)نىڭ چەرچەن دېگەن شەكىلدە زامانىمىزغا يېتىپ كېلىشى، 纳职 (dapaci katha دەپ يېزىلغان)نىڭ ئەسلىسى ناپچۇق «لاپچۇق» بولۇپ ساقلىنىشىدىن يۇقىرىقى شەھەرلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىرىوران نامىنىڭ Kyaurata سۈپىتىدە ساقلىنىشى، بىر تۇركۇم كىرىورانلىقلارنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى ساقلاپ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[①].

2 ـ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى 10 ـ ئەسىردىكى ۋەقە بولۇپ بۇ ھەقتە يازما خاتىرە يوق، لېكىن مۇران كونا شەھىرى ۋە چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى تۇپەيلىدىن ئاھالىنىڭ كۆچكەنلىكىنى ئىلمىي پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانساق، 645 ـ يىلىدىن بۇرۇن نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ۋەيران بولغان قۇتۇم ــ قېتىم (古屯، 七屯 ، khatum، مۇران كونا شەھىرى خارابىسىنى كۆرسىتىدۇ) شەھىرى بىلەن قاغان شەھىرى khavani، 扜泥، 泥 扜、泥欢 ئەتراپلىرىغا، 675 ـ يىللىرى بىر تۇركۇم ئاھالە يىغىلىپ يۇرتىنى قايتىدىن گۈللەندۈرگەن. بۇ قېتىمقى گۈللەندۈرۈش «شاجو ۋە ئىۋىرغولنىڭ جۇغراپىيەلىك تەزكىرىسى»، «شۇچاڭ ناھىيەسىنىڭ پاسىللىرى» ناملىق يازمىلاردا، سەمەرقەنتلىك سەردار كاڭ يەندىيەننىڭ تۆھپىسىگە يېزىلغان. بۇ قېتىمقى گۈللىنىش ئەلۋەتتە بىر تۇركۇم كىرىورانلىق ئاھالىنىڭ يۇرت ـ ماكانىنى سېغىنىپ قايتىشى ۋە پىتراپ كەتكەن جايلىرىدىن قايتىشى بىلەن ناھايىتى تېزلا ئاۋات بولغان. خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، توققۇز شەھەرچە بەرپا قىلىنغان. ئۇلار تاشبالىق (石城)، قۇتۇمبالىق (古屯城)، ياڭىبالىق (新城)، بوربالىق (蒲桃城) ۋە شەھىرى سابىز (萨毗)... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ شەھەرلەرنىڭ ئورنى ھەققىدە ئۇچۇرلارغا ئىگە بولساقمۇ، نوپۇسى ۋە ۋەيران بولغان يىللىرى ھەققىدە يازما ئۇچۇر يوق، شۇنداقتىمۇ ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئاساسەن بۇ شەھەرلەرنى 10 ـ ئەسىردە، توغرىراقى 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ۋەيران بولغان دەپ چىقىرىلغان ھۆكۈمنى ياقلايمىز. بۇ قېتىم كۆچكەن ئاھالىلەر ئالدىنقى قېتىمقىدىن خېلىلا ئاز ئىدى، شۇڭا بۇلارنى يېقىن قوشنا شەھەرلەر لوپ (卜 罗، LOP)، كىتىك ـ كاتاك (怯台، kadag، KADHAKH) ۋە مەردەك (pädäka) شەھەرلىرىگە كۆچكەن دېيىشكە بولىدۇ.

① خۇاڭ شېڭجاڭ: « ‹خولستېن قول يازمىسى، بىلەن غەربىي شىمال تارىخ، جۇغراپىيەسى ئۈستىدە تەتقىقات›»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سانى، 62 ـ بەت.

3 ـ رايون: كىتىك، لوپ ۋە مەدەك شەھەرلىرى بولۇپ بۇ شەھەرلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن گۈللەنگەن ئىدى. بۇلار ئوتتۇرا ئەسىردە، تەكلىماكاندىكى مەشھۇر شەھەرلەردىن ئىدى، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى تەبىئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان. بۇ شەھەرلەردىن لوپ شەھىرى مىلادىيەنىڭ بېشىدىن باشلاپ گۈللەنگەن، شۇ ۋاقىتتىكى يازمىلاردا 弩支城 دەپ، 7 ـ ئەسىردە قايتا گۈللەندۈرۈلگەندە ياڭىبالىق دەپ يېزىلغان، لېكىن ئوتتۇرا ئەسىردە قەدىمكى نامى بىلەن لوپ ـ نوپ دەپ يېزىلغان، بۇ شەھەر چاقىلىق ناھىيە ۋاششەھىرى يېزىسىنىڭ غەربىدىكى كونا شەھەر خارابىسىدۇر. كىتىك شەھىرى تۈبۈتلەر ئىشغالىيىتى دەۋرىدە kadag دەپ يېزىلغان، 10 ـ ئەسىردىكى پارسچە ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم»دە KADHAKH، 13 ـ ئەسىردىكى خەنزۇچە يازمىلاردا 怯台 دەپ، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا (16ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرگىچە) كىتك ـ كىنك ـ كدك، دەپ يېزىلغان (بۇنىڭغا «تارىخى رەشىدىي»، «مەۋلانا ئەرشىدىن تەزكىرىسى»، «كاشغەر تارىخى»، «تارىخى ھەممىدىيە»لەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن). تارىخىي يازمىلاردا بۇ شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولغان ۋاقتى، ئاھالىسىنىڭ كۆچكەن جايلىرى ھەققىدە ئېنىق خاتىرە بار. مەردەك ۋە كىتىك شەھەرلىرىنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشرىك، ئاز بىر قىسمى مۇسۇلمان ئىدى. بۇ شەھەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ قاياققا كۆچكەنلىكى ھەققىدە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «تارىخى رەشىدىي»، شاھ مەھمۇد جوراسىنىڭ «تارىخى رەشىدىي ـ زەيلى»، «تارىخىي كاشغەر» (مىر سالىھ كاشغەرىي كۆچۈرگەن)، شىريارنىڭ «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا تەزكىرىسى»، موللا مۇسا سايرامىينىڭ «تارىخى ھەممىدىيە»... قاتارلىق كىلاسسىك تارىخ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 1340 ـ يىللار ئەتراپىدا شەھىرى كىتىكتە قاتتىق قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ شەھەرنى قۇم باسقان، مۇسۇلمانلار جەلالۇددىن كىتىكىي باشچىلىقىدا تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ كۆچۈپ، ئاخىرى ئاقسۇ ئايكۆل قاتارلىق جايلارنى ماكان قىلغان. يول بويلاپ ئىزدەيدىغان بولساق، ھازىر كورلا شەھىرىدە لوپئېرىق ۋە ئۇنىڭ بويىدا لوپلۇقلار، كورلا شەھىرىنىڭ ئايروپىلان ئىستانسىسىنىڭ شىمالىدا كىتىكلىكلەر كەنتى بارلىقى، بۈگۈرنىڭ چەرچى يېزىسىدىكى بىر بۆلۈك ئاھالىنىڭ ئۆزلىرىنى لوپلۇقلارغا باغلاپ رىۋايەت قىلىدىغانلىقى مەلۇم. بۈگۈر ناھىيەسىدە كىتىك شەھىرىنى بۈگۈر تەۋەسىدە دەپ قارايدىغان قاراشلار بار. ئاقسۇ ۋە كۇچارلاردىن كىتىكتىن كۆچكەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى بارلىقى تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم. پىچان ناھىيەسىدە لوپكارىز ناملىق كارىز بولغاندىن سىرت، مۇشۇ ناھىيەنىڭ لۈكچۈنگە يېقىن بولغان ئامانشاھ مەھەللىسى بار، رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ مەھەللىدىكىلەرمۇ شەھىرى كىتىكتىن كۆچۈپ بارغانلار ئىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى قۇمتاغدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ. قومۇل شەھىرىنىڭ لاپچۇقتا بىر تۈركۈم ئاھالە ھازىرمۇ ئۆزلىرىنى لوپلۇق دەپ ئاتايدۇ ھەمدە ئىسمىنىڭ بېشىغا لوپ نامىنى قوشۇپ قوللىنىدۇ. مانا مۇشۇ ماتېرىياللارغا قارىغاندا شەھىرى كىتىك، لوپ ۋە مەردەكلەر ۋەيران

بولغاندا، ئاھالىلەر بىرقانچە تۇپقا بۆلۈنۈپ كۆچكەن. ئۇلارنىڭ كۆچكەن جايلىرىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق، مۇسۇلمانلار يۇقىرىقى جايلارغا كۆچكەن بولسا، غەيرىي مۇسۇلمان ئاھالىلەر قەيەرگە كەتتى؟ ئۇيغۇرچە كىلاسسىك تارىخلاردا غەيرىي مۇسۇلمانلارنى قوۋم تېگىدە قىلىپ ھالاك بولدى... دېگەندەك ھەر خىل رىۋايەتلەر بار. بۇ خۇددى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنى يېزىشتىن پايدا يوق دەپ، دىنىي قاراش تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك بايانلارنى يازمىغانغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر. ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن قېچىپ شەرققە كۆچكەن، ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈپ، تەخمىنەن 1360 - يىللىرى ئەتراپىدا دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ بارغان. بۈگۈنكى سېرىق ئۇيغۇرلار — يۇغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «يۇغۇرلار كەلگەن شىجىنىڭ خاجىدىن»دا، دەسلەپ قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ شەھەرلىرىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى، ئوتلاقلىرىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكى، قاتتىق بورانلىق، ھالاكەتلىك ئاشۇ يىللاردا يات دىندىكىلەرنىڭ ئۇلارنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ كۆچە - كۆچە ئۈچ ئايدا توختىغانلىقى يېزىلغان①. مانا بۇلار مۇسۇلمان بولمىغان ئاھالىسىنىڭ كېيىنكى كۆچۈپ بارغان يېرى ۋە تەقدىرىدۇر. سېرىق ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ۋە مىللەت نامىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ھازىرمۇ ئۆزلىرىنى «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتايدۇ. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق بەزى يازمىلاردا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىنىڭ چاقىلىق ئىكەنلىكى ئېنىق يېزىلغان. مۇسۇلمان بولغان سېرىق ئۇيغۇر ئاھالىلىرى مىللەت نامىنى قوللانماستىن باشقا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش، ئۆزلىرىنى يۇرت نامى بىلەن ئاتايدىغان بولغان.

كىرورانلىقلارنىڭ كۆچۈشى بۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ. تارىخىي ئەسەرلەر ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، كىرورانلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولمىش لوپلۇقلار 18 - ئەسىرلەردىن باشلاپ 1940 - يىلىغىچە يۈز بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، بىرقانچە قېتىم يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ كۆچكەن. بۇلارنىڭ كۆچكەن يەرلىرى ئاساسەن كېيىن بەرپا بولغان چاقىلىق ناھىيە بازىرىنى مەركەز قىلغان بوستانلىق، مىران بوستانلىقى، ۋاششەھىرى بوستانلىقى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنلىرى بولغان.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، كىروران رايونىدىكى كىرورانلىقلارنىڭ نوپۇسى كۆپەيگەن ئاشۇ ۋاقىتلاردا 100 مىڭغا يەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ھازىر كۆپىنچە ھالدا خەنزۇچە يازمىلاردا ئۇچرايدىغان ئاخىرقى يىل چېكىنى شەھەرنىڭ ۋەيران بولغان دەۋرى قىلىپ قوبۇل قىلىۋاتىمىز، ئەمما ھازىرقى پاكىتلار بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنىڭ

① «يۇغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىلى خەنزۇچە نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن «يۇغۇرلار كەلگەن شىجىنىڭ خاجىدىن» داستانىغا قاراڭ.

زۆرۈرلۈكىدىن بېشارەت بەرمەكتە. كەلگۈسىدە پاكىستانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بالدۇر بولغاندا، كىرورانىڭ 6 - ئەسىرنىڭ باش ۋە ئوتتۇرىلىرى ياكى 6 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋەيران بولغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مۇمكىن. كىرورانلىقلار تارىخىي دەۋرلەردە تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلغان. مىلادىيە 442 - يىلى 4000 ئائىلە سارمادانغا يەنى هازىرقى چەرچەنگە كۆچكەن، بۇلار ئاهالىنىڭ يېرىمى بولۇپ، قالغان يېرىمى يەنىلا ئاشۇ يۇرتىدا ياشاپ قالغان. كىروران دائىرىسى خېلى چوڭ بەگلىك بولغانلىقتىن شەهەرلەر ۋەيران بولغان ۋاقىتلاردا، كۆپىنچە دەريا - كۆل ۋادىلىرى ۋە گۈللىنىپ تۇرغان شەهەرلەرگە كۆچۈپ ياشىغان. 1 - رايوندىكى شەهەرلەردىن ئاهالىلەرنىڭ 2 - ۋە 3 - رايونلارغا كۆچۈش بىلەن بىرگە، قوشنا بولغان قومۇل ۋە چەرچەنلەرگە كۆچكەن. 2 - رايوندىكى شەهەرلەر ۋەيران بولغاندا 3 - رايوندىكى كىتىك، لوپ ۋە مەردەك قاتارلىق شەهەرلەرگە كۆچكەن. 3 - رايوندىكى شەهەرلەر ۋەيران بولغاندا ئاهالىلەر بىرقانچە توپقا بۆلۈنۈپ كۆچكەن، بىر توپى تارىم دەرياسىنى بويلاپ كۆچكەن، ئۇنىڭ ئىزناسى سۇپىتىدە كورلا شەهىرىدە كىتىككىلىكلەر مەهەللىسى، لوپ ئېرىق ناملىرى ساقلىنىپ قالغان بولسا، بۈگۈر ناهىيەسىدە كىتىك هەققىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇلار كۆچۈپ يۈرۈپ ئاقسۇ ئايكۆلگىچە بارغان ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بىر تۈركۈم ئاهالە قۇمتاغ قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ پىچان ناهىيەسىگە بارغان. پىچاننىڭ دىغار يېزىسى ۋە ئامانشاھ مەهەللىسىدىكى بىر قىسىم ئاهالىلەر ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى هېسابلىنىدۇ، پىچان ناهىيەسىدە يەنە لوپكارىز دەيدىغان نام شۇنىڭ يالدامىسىدۇر. مۇسۇلمان بولمىغان كىروران ئەۋلادلىرى شەهەرلەر ۋەيران بولغان 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، دۇنخۇاڭنى نىشانلاپ شەرققە كۆچكەن ۋە بۈگۈنكى كۇندە يوگۇ (سېرىق ئۇيغۇر) دېگەن نامدا ياشاپ كەلمەكتە. دېمەك، 14 - ئەسىردە كىرورانلىقلارنىڭ ئاخىرقى ئاهالىلىرى كۆچۈپ كەتتى، لېكىن دەريا - كۆللەرنى ئۆزىگە هاياتلىق مەنبەسى قىلغان بىر تۈركۈم ئاهالىلەر ئىزچىل تۇردە ئۆز يۇرتىدا ياشاپ قالدى، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 10 مىڭدىن ئوشۇق ئىدى. ئۇلار تاكى 20 - ئەسىرگىچە ئۆزلىرىنى «لوپتۇق» دەپ ئاتاپ كەلگەن، قوشنا ئۇيغۇرلار ئۇلارنى «لوپلۇق» دەپ ئاتىغان، بۇ خۇددى باشقا جايدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش مىللەت نامى بىلەن ئاتاشتىن كۆرە، يۇرت نامى بىلەن ئاتىغانلىقنىڭ ئىسپاتىدۇر خالاس. بۇ، لوپ دېگەن جايدا ياشايدىغان كىشىلەر دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. بۈگۈنكى كۇندە چاقىلىق ناهىيەسىدە لوپنور كۆلى (چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نور قوشۇمچىسى قوشۇلغان)، لوپنىڭ قېقىرى، لوپلەڭگەر (لوپچاڭزى)، لوپلۇقلار (چاقىلىق ناهىيەسىدىكى بىر تۈركۈم ئاهالە)، لاپچۇق (قومۇل شەهىرىدە)، ئابدال(چاقىلىق ناهىيەسىدە)، لوپنورلۇقلار (لوپنور نامى 1945 - يىلىدىن باشلاپ قوللىنىلغان، 1958 - يىلى 尉犁县 نىڭ ئۇيغۇرچە نامى لوپنور قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن كۆنچى نامىنىڭ ئورنىنى ئالغان، كېلىش مەنبەسى چاقىلىق ناهىيەسىدىكى لوپ كۆلى ئىدى، لوپنور ناهىيەسىدىكى لوپلۇقلار ناهىيە نامىنى قوللىنىپ لوپنورلۇق دەپ ئاتالماقتا) قاتارلىق

نامىلار تارىختىن بۇيان ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلمەكتە، بۇ نامىلار مۇشۇ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن بېرى مۇشۇ زېمىندا ياشاپ، گۈللەندۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. گەپنىڭ نېگىزىنى ئېيتقاندا، كىرورانلىق زور بىر تۈركۈم ئاھالە كۆچۈپ كەتكەن، بىر قىسمى كېيىن قايتىپ كەلگەن، ئەمما سانى كۆپ بولمىسىمۇ بىر قىسىم ئاھالە ئاخىرقى شەھەرلەر ۋەيران بولغان 14 ـ ئەسىردىن كېيىنمۇ تارىم، كۆنچى، چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئېقىنلىرىنى بويلاپ بېلىق ۋە قۇش، ئۆسۈملۈكلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىپ، چارۋا بېقىپ، ئوۋچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن، مانا بۇ كىرورانلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنچە كەڭرى ماكانىنىڭ دائىرىسىدە شەھەر بەرپا قىلمىغانلىقتىن، رايون نامى لوپنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنى «لوپتۇق» دەپ ئاتاپ، ھازىرمۇ ئارىمىزدا ياشاپ كەلمەكتە. لوپنور نامى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى ئاھالىلەر مەمۇريي جەھەتتىن لوپنور ناھىيەسىگە تەۋە بولغانلىقتىن، ناھىيەنىڭ نامىنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنى «لوپنورلۇق» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ كەتكەن، لېكىن چاقىلىقتا ئەسلىي نامى بويىچە «لوپلۇق» دەپ قوللىنىلىدۇ.

شەھىرى كىتىك، لوپ، شەھىرى مەردەك قاتارلىقلارنىڭ ۋەيران بولۇشى چاقىلىق دائىرىسىدىكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ ۋەيران بولۇپ تۈگىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى، مۇتلەق كۆپ ئاھالە كۆچۈپ كېتىپ ئاز سانلىق ئاھالە يۇرت پىنھانلىرىدا، دەريا ـ كۆللەر بويلىرىدا بېلىقچىلىق، مالچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ھايات كەچۈردى، ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان، بۇلار مانا بۇگۈنكى كۈندە بىز تىلغا ئېلىۋاتقان لوپلۇقلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى ھېسابلىنىدۇ.

مىلادىيە 1514 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان يەكەننى ئاستانە قىلىپ قۇرغان يەكەن خانلىقى 1680 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈردى، بۇ خانلىقنىڭ دەسلەپكى ئۈچ سۇلتانى سەئىدخان، ئابدۇرەشىتخان، ئابدۇكېرىمخانلارنىڭ ئادالەتلىك سىياسىتى رىغبىتىدە يۇرتلار پاراۋان بولۇپ، يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ھازىرقى پاكىتلاردىن قارايدىغان بولساق، شاھ مەھمۇد جوراس «تارىخى رەشىدىي ـ زەيلى» ناملىق كىتابىدا چاقىلىق نامى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان زېمىنى سۈپىتىدە سانىلىدۇ، بۇ مەسىلىدە ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچى قوشۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن. ناۋادا بۇ ھەقىقىي پاكىت كۆپەيسە، كۆرگەن ۋەيران بولۇشتىن كېيىنكى گۈللىنىشنى 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى دەپ قاراش مۇمكىن بولاتتى، ئەپسۇسلىنارلىقى ھازىرچە يۇقىرىقى ئەسەردىن باشقا مەنبەلەر بۇ قارىشىمىزنى قۇۋۋەتلىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قاراش بىلەن پىرژىۋالسكى، بونۋالوت ۋە باشقا ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ يازمىلىرىغا ئاساسەن، قايتا كۆچۈم يۇرت بەرپا بولغان ۋاقىت ـــ چاقىلىق ۋە ۋاششەھىرىنىڭ بەرپا بولۇشىنى مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغا سۈرۈشكە مەجبۇرمىز. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ 14 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردە چاقىلىق دائىرىسىدە ئاھالە قالمىغان دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ ھەقتە خەنزۇچە مەنبەلەردە خېلى ياخشى مەلۇماتلار بار، «چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»نى

يازغۇچىلار شۇ پاكىتلار ئاساسىدا لوپلۇقلارنىڭ ھاياتى ۋە نوپۇسىدىن قىسقىچە مەلۇمات قالدۇرغان. تۆۋەندە ئەنە شۇ سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

1723 - يىلىدىن بۇرۇن لوپ كۆلى رايونىدا 2000دىن ئارتۇق ئائىلە بارلىقى بېرىلغان، بۇلارنى ھەر ئائىلىدە بەشتىن نوپۇس بار دەپ پەرەز قىلساق، 10 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بار بولىدۇ. 1723 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تۇرپانغا كىرگەندە، جۇڭغارلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشنى ئىستىگەن لوپلۇقلار، كەم دېگەندىمۇ ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنگەن ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن. لوپلۇقلارنىڭ تۇرپانغا چىققان ۋەكىللىرىنىڭ ئۈچ توپ بولۇشىمۇ ئۇلارنىڭ ئاھالە سانىنىڭ خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لوپلۇقلار چىڭ سۇلالىسىغا بېيئەت قىلىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار ئارىسىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن، تۇرپان ۋە لوپ رايونلىرى جۇڭغارلارغا تەۋە بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى تۇرپانلىقلار ۋە لوپلۇقلارنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈشى توغرۇلۇق يارلىق قىلغان. گەرچە تۇرپانلىقلاردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىمىن خوجا باشچىلىقىدا گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىگە كۆچۈپ يۇرت - ماكان بەرپا قىلغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇرلار بولسىمۇ، لوپلۇقلارنىڭ كۆچكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يازما ئۇچۇر يوق. لوپلۇقلارنىڭ گەنسۇ دائىرىسىگە كۆچەلمەسلىكىدىكى ئاساسىي سەۋەب، لوپلۇقلارنىڭ ئۇ چاغلاردا يېزا ئىگىلىكىدىن كۆرە بېلىق ۋە قۇشلارنى تۇتۇش، ياۋايى جانىدارلارنى ئوۋلاش، چارۋىچىلىق قاتارلىق ئىگىلىك بىلەن ھايات كەچۈرگەنلىكىدىن بولغان. تۇرپانغا ۋەكىل بولۇپ چىققانلار، جۈملىدىن ھېچ بولمىغاندا باشچىلىرى جېنىنى ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لوپلۇقلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بېيئەت قىلىشى، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قايتا چۈشۈپ قالغان لوپلۇقلاردىن ئۆچ ئېلىشىغا سەۋەب بولغان بولۇپ، خەلق رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، جۇڭغارلار لوپلۇقلار ياشىغان جايلارنى قورشاپ قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان، جۇڭغارلارنىڭ ئۆچ ئېلىپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشى سەۋەبىدىن لوپلۇقلارنىڭ ئاھالىسى زور دەرىجىدە ئازلاپ كەتكەن.

1758 - يىلى لوپ كۆلى رايونىدا 600دىن ئارتۇق ئادەم بېلىقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغانلىقى خەنزۇچە يازمىلاردا خاتىرىلەنگەن. ئاھالە سانىنىڭ 1723 - يىلىدىكى 10 مىڭدىن 1758 - يىلىدىكى 600 ئەتراپىغا چۈشۈپ قېلىشى يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

1761 - يىلى لوپ كۆلى رايونىدا 183 ئائىلە 1071 نوپۇس بارلىقى خاتىرىلەنگەن، بۇلار ئەمەلىيەتتە تىزىمغا ئېلىنغان باج تاپشۇرغۇچىلار سانى بولۇشى مۇمكىن.

1782 - يىلى لوپ كۆلى رايونىدا 208 ئائىلە 1260تىن ئارتۇق نوپۇس[①] بارلىقى يېزىلغان، 1797 - يىلى بىر قىسىم ئاھالىنىڭ خوتەن تەرەپكە، يەنى ھازىرقى لوپقا

① بۇ نوپۇس مەلۇماتى 1944 - يىلى نەشر قىلغان «جۇڭگو چېگرا تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ئەسەرلىرى» (1 - توپلام) 36 - بەتتىمۇ تەكرارلانغان، ئەمما دىققەت قىلىش زۆرۈركى، بۇ سانلىق مەلۇمات ئەينى ۋاقىتتا قاراقوشۇن كۆلى بويىدا ياشاۋاتقان ئاھالىنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسەتكەن، باشقا جايدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

كۆچكەنلىكى، يەنە بىر قىسمىنىڭ لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قارچۇغاىچە بولغان جايلارغا كۆچكەنلىكى، يەنە بىر بۆلىكىنىڭ چاقىلىقنىڭ قاراقوشۇن كۆلى بويلىرىغىچە كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئەسلىگىنىمىزدە، شۇ ۋاقىتلاردىكى نوپۇس ئىستاتىستىكىسىنىڭ توغرا بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. بۇ يەردە كۆرگەن لوپ كۆلى رايونى ھەرگىزمۇ ھازىرقى كۆندە لوپ كۆلى ئاتالغان كىروران قەدىمكى شەھىرى رايونى بولماستىن، قاراقوشۇن كۆلى رايونىدىن تاكى تىكەنلىككىچە بولغان تارىم، كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىنىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن. مىلادىيە 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ خوتەن تەرەپتىن بىر بۆلەك ئاھالە چاقىلىق رايونىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، يۇرتنى قايتىدىن ئاۋات قىلىشقا باشلىغان، ئۇلار دەسلەپ ھازىرقى چاقىلىقنى گۈللەندۈرگەن. لوپلۇقلار تارىم دەريا ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلى تەدرىجىي كۆچۈپ ھازىرقى مۇران بوستانلىقىنىڭ گۈللىنىپ كۆچۈم ئولتۇراق نۇقتىسىغا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، شۇنداقلا ئاھالىلەر تارىم دەرياسىنى بويلاپ لوپ لەڭگەردىن كۆنچى بازىرىغىچە بولغان مەھەللىلەرگە تارقالغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار يازما مەنبەلەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئېكسپېدىتسىيەچى سىۋېن ھېدىن 1900 ـ يىلىدىكى شىنجاڭنىڭ نوپۇسى ھەققىدە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇ قاتاردا لوپ رايونىنىڭ نوپۇسى ھەققىدىمۇ توختالغان، ئۇنىڭ يېزىشىچە لوپلۇقلارنىڭ بېگى ئۇنىڭغا بۇ رايوندا 535 ئائىلە جەمئىي 9025 نوپۇس بار، دەپ ئېيتقان. بۇنداق بولغاندا ھەر بىر ئائىلىدە 17دىن جان بار بولغان بولىدۇ، بۇ گەرچە ھەممە كىشىنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، مۇشۇ رايوننى ئېكسپېدىتسىيە قىلغان كىشىلەرلا ئەجەبلەنمەستىن بەرھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ دەپ، سىۋېن ھېدىننىڭ كۆرسەتكەنلىكىنى ئەستە ساقلايمىز. دېمەك، بۇ چاغلاردا چوڭ ئۆي يەنى جەمەت بويىچە ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشقانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن. بۇ چاغدا مۇشۇ رايوندىكى ئەڭ چوڭ بازار ھېسابلانغان دۇرالدا پەقەت 150 ئائىلە بولغان. سىۋېن ھېدىن ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، لوپلۇقلارنى 10 مىڭ ئەتراپىدا دەپ ھۆكۈم قىلغان. بۇ سان ئەلۋەتتە تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنى ھەم قاراقوشۇن كۆلى بويىغىچە بولغان جايلاردىكى يەرلىك لوپلۇقلارنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ. 1873 ـ يىللىرى تارىم ۋادىسىغا كەلگەن مىسسىيونېرلاردىن فورس قاتارلىقلارنىڭ دوكلاتىدا لوپلۇقلارنى 10 مىڭ ئائىلە (بۇ قاراش ئۇيغۇر ئالىمى موللا مۇسا سايرامىينىڭ «تارىخى ھەمىدىيە»دە يېزىلغان 12 مىڭ ئۆيلۈك دېگەن قارىشى بىلەن يېقىنلىشىدۇ) 70 مىڭ نوپۇس دەپ يازغان، ئەمەلىيەتتە بىز يەنىلا مۇشۇ جايلارنى ئۆزۈن مەزگىل تەكشۈرگەن سىۋېن ھېدىننىڭ قارىشىنى قوللايمىز.

1876 ـ يىلى قاراقوشۇن كۆلى بويىدا ئېكسپېدىتسىيە قىلغان پىرژېۋالسكى بۇ يەردە 11 جايدا ئاھالە بولۇپ تەخمىنەن 70 ئائىلە 300 نەچچە ئادەم بار دەپ يازغان ۋە

داۋاملاشتۇرۇپ 20 نەچچە يىللار بۇرۇن يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ، ئادەملەرنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى، ئەسلىدە 550 ئائىلە بار ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىغان. ئۇ يەنە ئىزاھلاپ بۇ يەردە ھەر ئائىلىدە 2 ـ 3تىن بالا بار ئىكەن، كۆپ بولغانلىرىدىمۇ 5 ـ 6 بالا بار دەيدۇ. 1903 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسىدە 496 ئائىلە، 3383 نوپۇس بار ئىكەنلىكى «چاقىلىقنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن.

1905 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى پىروفېسسور خانتىڭتون چاقىلىق بوستانلىقىدا بىرقانچە كۈن تۇرغان. چاقىلىق بازىرىدا ئۇيغۇرلار (لوپلۇقلارمۇ بار ئەلۋەتتە)نىڭ نوپۇسىنىڭ 1200 ئادەم ئىكەنلىكى، ئۇندىن باشقا چەك سۇلالىسىنىڭ چېرىكلىرى بارلىقىنى يازغان. ستەيىننىڭ خانتىڭتوننىڭ مەلۇماتىدىن ئىلىشچە، 1905 ـ يىلى چاقىلىق بازىرىدا 300 ئەتراپىدا ئائىلە تەخمىنەن 1200دەك نوپۇس بار ئىكەن، ئەلۋەتتە بۇ ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدە بىر تۈركۈم لوپلۇقلارمۇ ئولتۇراق تېرىقچىلىققا ئۆتكەن بولۇپ، تۇرسۇن بايغا ئوخشاش بىر تۈركۈم بايلار يېتىشىپ چىققان. خانتىڭتوننىڭ ئەسىرىدىكى مەلۇمات پەقەت چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ھەرگىزمۇ مۇران، ۋاششەھەرى ۋە تارىم دەرياسىنى بويلاپ جايلاشقان مەھەللىلەردىكى ئاھالىنىڭ سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ستەيىن «ستەيىننىڭ غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە» ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە، 1906 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە لوپلۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئومۇمىي ئاھالىسى 500 ئۆيلۈكتەك ئىدى. 1906 ـ يىلى ۋاششەھەرىنىڭ بېگى روزى (رازاق)نىڭ ستەيىنگە ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، بىر بۆلۈك ئاھالە بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن 25 ئائىلە قالغان ۋە رازاق بەگنىڭ باشچىلىقىدا مېھمانساراي، ئاشلىق ئامبىرى، بازار قاتارلىقلار قۇرۇلغان.

ياپونىيەلىك تاچىبانا زۇيچۇنىڭ مەلۇماتىچە، 1911 ـ يىلى ئابدالدا 12 ـ 13 ئائىلە ئادەم قالغان. ئۇنىڭ يېزىشىغا ئاساسلانغاندا، ئابداللىقلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ لوپلۇق دەپ ئاتالغان. «چاقىلىقنىڭ خەرىتىلىك يۇرت تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، 1910 ـ يىلى چاقىلىقتا 712 ئائىلە، 4181 نوپۇس بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 2291، ئاياللار 1890 نەپەر ئىدى. 1909 ـ، 1910 ـ يىللىرى تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە ئۈچ ئائىلە رۇسىيەلىك بارلىقى يېزىلغان، بۇلار ئەنجانلىقلار بولۇپ يەتتە ئەر، ئۈچ ئايال ئىدى.

شيې بىن (1887 ـ 1948) مىلادىيە 1916 ـ، 1917 ـ يىللىرىدىكى چاقىلىق ھەققىدە يېزىشىچە، پۈتۈن ناھىيەنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 4298 نەپەر، 684 ئائىلە ئىدى. 1911 ـ يىللىرى بۇ يەردە 20 ئائىلىلىكتەك خەنزۇ بولسىمۇ، قاراسىپەچلەر ھەرىكىتىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلار ئازىيىپ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ مۇسۇلمان بولۇپ كەتكەن. بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاشقا تېگىشلىككى، شيې بىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ باج ئەمەلدارى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئالدى بىلەن كۆڭۈل بۆلىدىغىنى باج

تاپشۇرىدىغان ئاھالە ۋە باج سوممىسىدىن ئىبارەت. مۇناسىۋەتلىك يازمىلارغا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، ئەينى زاماندا باج تاپشۇرمايدىغان ئاھالىلەر بارلىقىدا شۇبھە يوق، ئۇندىن باشقا ئەينى دەۋردىكى ئامباللار بىر بۆلەك باج - سېلىق بىلەن ئۆزىنى بېقىشى، بېيىتىشى ھاجەت بولىدۇ، شۇ سەۋەبلىك باج تاپشۇرغۇچىلارنى، بەزى ئىگىلىكلەرنى يوشۇرىدىغانلىقى ئېنىق. يۇقىرىقى بايانىمىزنى شىيې بىنىڭ كۆنچى ناھىيەسى تەۋەسىدىكى چارۋا ماللارنىڭ سانىنىڭ ئاز مەلۇم قىلىنغانلىقىنى يازغانلىقىنى ئەسكە ئېلىش كۇپايە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى چاقىلىق ئاھالىسىنىڭ يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتتىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا تاغ ئارىسىدا مال باقىدىغان چارۋىچىلارنىڭ ۋە كۆل، دەريا بويلىرىدا تارقاق بېلىقچىلىق بىلەن ياشاۋاتقان لوپلۇقلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېنىقلانغانلىقى نامەلۇم ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىمىز.

1913 - يىلى چاقىلىقنىڭ ئامبىلى (知事) خۇ دىيەنخۇا قاراسىپەچىلەر يەنى گېلاۋخۇيچىلار ئىسيانىدا ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ۋاقىتتا چاقىلىقنىڭ پاسىلى شەرقتە ئۇلاق (بۇلاق؟)، جەنۇبتا قاراقۇرۇم تېغىدىكى بىلۇچاغ كۆلى ئارقىلىق شىزاڭ بىلەن، شىمالدا قۇملۇق ئارقىلىق لوپنور ناھىيەسى بىلەن، غەربتە ئەندىر دەرياسى ئارقىلىق كېرىيە بىلەن، شەرقىي شىمال تەرەپتە چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن پاسىللىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا 5900دىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە چەرچەنمۇ چاقىلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، چەرچەندە بەش ئائىلە خەنزۇ، 15 - 16 ئائىلە رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەر، 6 - 7 ئائىلە ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەر بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاقساقاللىرى بولغان.

ستەيىننىڭ يېزىشىغا ئاساسلانغاندا، 1914 - يىلى لوپلۇقلار يېڭى ئابدال يەنى يۇرتچاپقاننى تاشلاپ مۇرانغا ئاساسىي جەھەتتىن كۆچۈپ بولغان، شۇ يىللىرى يېڭىسۇدا 77 ئائىلە ئادەم ياشىغان. تىكەنلىك (ھازىرقى 34 - تۇەن)تە 150 ئائىلىدىن ئارتۇقراق ئادەم بولۇپ، تىكەنلىكتىكىلەرنىڭ تولىسى تۇرپاندىن كەلگەن.

1920 - يىلى 4 - ئايدا چاقىلىق ناھىيەسىدە ئومۇمىي 692 ئائىلە 3826 نوپۇس بار بولۇپ، ئەر 2096، ئايال 1730.

## 5. چاقىلىقنىڭ تارىختىكى مەمۇرىيەت ئۆزگىرىشى توغرىسىدا بايان

چاقىلىق رايونىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى تارىخى ھەققىدە پەقەت ئارخېئولوگىيەلا جاۋاب بېرەلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مەمۇرىيەتلىرى ھەققىدە جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. تارىخىي يازمىلاردا چاقىلىق تەۋەسى ھەققىدىكى بايانلار «تارىخىي خاتىرىلەر»دە كۆرۈلگەن، شۇندىن بۇيان، يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن بۇيانقى مەمۇرىيەت ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان بېرەلەيمىز. تارىخىي مەنبەلەردىن ئۇقۇشىمىزچە، چاقىلىق رايونىدا مىلادىيەدىن بۇرۇن ئىككى ئەل بولغان. بىرى دۇنياغا

مەشھۇر سىرلىق شەھەر كىرۇراننى مەركەز قىلغان كىرۇران ئېلى بىلەن نوپ ئېلى (婼羌国) تەڭ مەۋجۇت بولغان. ھازىرقى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كىرۇران ئېلى بىلەن نوپ ئېلى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ئىككىنچى ئەسىردىن بۇرۇنلا قۇرۇلغان ئەللەردۇر. ئەمما مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە بۇ ئەللەرنىڭ ھۇنلارغا بېقىندى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان خاتىرىلەر بار. كىرۇران ئېلى ھازىرقى چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونلىرىنى ۋە لوپنور ناھىيەسىنىڭ بىر قىسىم زېمىنلىرىنى ئىدارە قىلغان. ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرۇران، LK، قۇتۇم ۋە يىڭپەن خارابىلىرى، تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىنلىرى ھەمدە ھازىرقى مۇران خارابىسى قاتارلىق جايلار كىرگەن، بۇ دائىرىدە خېلى كۆپ شەھەرلەر بولغان. بەزى مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، شەھىرى كىتىك ۋە شەھىرى مەردەكلەرمۇ شۇ دەۋرلەردە مەۋجۇت ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ كىرۇران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇچۇرلار يوق.

نوپ ئېلىنىڭ كونكرېت ئورنى ھەققىدە بەزى قاراشلار مەۋجۇت، كۆپىنچە ھاللاردا ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ۋاششەھىرى كونا شەھىرى خارابىلىرىغىچە بولغان زېمىنلەرنى ئۆزىنىڭ ئىدارىسىغا ئالغان، يەنە بەزى قاراشلاردا ئۇنىڭ ئالتۇنتاغ ئىچىدە ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. كىرۇران ۋە نوپ ئەللىرىنىڭ تارىخىدا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، بۇ ئۆزگىرىش كىرۇران ئېلىنىڭ بېگى ئامگوكا خەن سۇلالىسى خەنجەرۋازى فۇ جيېزى باشچىلىقىدىكى گورۇپپىنىڭ قەستلىشىدە ئۆلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇتۇش خەن سۇلالىسىنىڭ يۆلىشىدە ھاكىمىيەت قۇرىدۇ. ئۇتۇشنىڭ بۆلۇنمە ھاكىمىيىتى چەرچەن بەگلىكى دەپ ئاتالغان ھەمدە ھازىرقى چاقىلىق بازىرى، مۇران بوستانلىقلىرىنى مەركەز قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن خەن سۇلالىسى مۇران كونا شەھىرىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلغان. مۇشۇ قېتىمدا ئېھتىمال نوپ ئېلى ئاغدۇرۇلۇپ ئورنىغا چەرچەن بەگلىكى چىققان بولۇشى مۇمكىن، شۇندىن باشلاپ چاقىلىق دىيارى كىرۇران ۋە چەرچەن بەگلىكىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان. بۇ خىل ھالەت ئىككى ئەسىردىن ئوشۇق داۋام قىلغان، بۇ جەرياندا ھۇنلار ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ تەھدىتى بۇ ھاكىمىيەتنى بولۇپمۇ كىرۇراننى ئىنتايىن قىيىن شارائىتقا چۈشۈرۈپ قويغان، كىچىككىنە بىر ئەل بۇ تەھدىت ئالدىدا قوش تەۋەلىك بىلدۇرۇپ، تېگىشلىكلىرىدىن بىرىنى ھۇنلارغا، بىرىنى خەن سۇلالىسىغا تۇرغاقلىققا ئېۋەتىشكە مەجبۇر بولغان. قايسىبىر دۆلەت ئۇلاردىن رازى بولمىسا، ئادەم ئېۋەتىپ بېگىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن ياكى تۇتۇپ كەتكەن، ھەر ئىككى تەرەپ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئايغاقچىلىق قىلىشقا، ئەلچىلىرىنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلىغان. مىلادىيە 2 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ چەرچەن بەگلىكى كۈچىيىشكە باشلىغان. تەدرىجىي ھالدا نوپ، كىرۇران، چالمادانا (سارمادان)، كادوتا، كىچىك پەرغانە، روڭلۇ، نىنا بەگلىكلىرىنى ئىشغال قىلىپ، تارىم ۋادىسىدىكى قۇدرەتلىك ئەلدىن بىرىگە ئايلانغان. چەرچەن ئېلىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى زېمىنى ھازىرقى چاقىلىق،

لوپنور، چەرچەن، نىيە ناھىيەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ خىل قۇدرەتلىك ھايات مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋام قىلغان. چەرچەن ئېلىنىڭ دۈشمىنى بولغان سۇپىسلار، ئۇدۇنلۇقلار ئۇلارغا داۋاملىق پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، بۇ بەگلىك ئاخىرقى ھېسابتا سۇپىسلارنىڭ تاجاۋۇزى، دۇنخۇاڭ تەرەپتىن كەلگەن ھۇنلاردىن قوتقۇ ئەنجۇلارنىڭ تاجاۋۇزلىرى بىلەن زەئىپلىشىپ خارابلاشقان. چەرچەن بەگلىكى نامى خەنزۇچە كىلاسسىك ماتېرىياللاردىلا كۆرۈلىدۇ، ئەمما ئۇلارغا بۇرۇنقى كىروراندۇر دەپ ئىزاھات بېرىلىپ تۇرغان. چەرچەن دېگەن ئاتالغۇ قارۇشتى پۈتۈكلىرىدە كۆرۈلمىگەن، لېكىن 8 ـ ئەسىرلەردىكى تۈبۈتچە يادىكارلىقلاردا كۆرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن خەلق ئارىسىدا كەڭ تۈردە ئومۇملىشىپ تەدرىجىي چالمادانا نامىنى سىقىپ چىقىرىپ، ھازىرقى چەرچەنگە نام بولۇپ ئومۇملاشقان.

كىروران ۋە چەرچەن بەگلىكلىرى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە تارىم ۋادىسىدا سىياسىي ئۆزگىرىشلەر كۆپ بولۇپ تۇردى، تاكى تۈبۈتلەرنىڭ 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چاقىلىق دىيارىنى ئىشغال قىلىپ ھاكىمىيىتىنى تىكلىگۈچە كۆپ ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر مەزگىل سەمەرقەنتلىك كاڭ يەندەننىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ئۇ بەلكىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ غۇر (胡) — ئاھالىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ بىر قېتىملىق گۈللىنىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. تاشبالىق (چاقىلىق بازىرى)، بوربالىق، ياڭىبالىق (ۋاششەھىرى)، قۇتۇم (مۇران)، سابىز (ئاياغقۇم كۆلى بويى) قاتارلىقلارنى قايتىدىن گۈللەندۈرگەن. 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇرلار تۈبۈتلەرنى قوغلاپ چىقارغان. 840 ـ يىلىدىن كېيىن 900 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ۋادىسىدىلا ئەمەس، ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدە ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن. بۇ چاغلاردا چاقىلىقنىڭ ئۇدۇن ئېلىگە ياكى قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىگە تەۋەلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا قارىغاندا، شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپلا قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان دېگەن پەرەزگە كېلىمىز. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلغان بولۇشى مۇمكىن، چىڭگىزخان قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلغان، قىزى ئالتۇن بىكۆنى ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىنگە خوتۇنلۇققا بەرگەن بولسىمۇ، 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى موڭغۇل سەردارنىڭ لوپ شەھىرىدە تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يازما پاكىت ۋاششەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغانلىقىغا قارىغاندا، موڭغۇللار سەركەردە ۋە ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىپ باشقۇرغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. ئەمما موڭغۇللارنىڭ بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇنغا بارمىغان، چۈنكى 15 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن بۇرۇن لوپ، كىتىك، مەردەك قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاياغلاشتۇرغان. ئەلۋەتتە، لوپلۇق ئاھالىلەردىن بىر قىسمى تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىنلىرىدا

داۋاملىق ياشاپ تۇرسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

16 - ئەسىرگە كەلگەندە يەكەننى ئاستانە قىلغان يەكەن خانلىقى (1514 - 1680) ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى دۇنخۇاڭغىچە يەتكۈزگەن، چاقىلىق ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان، لېكىن شەھەرلەر بولمىغان، بەلكى يەنىلا شۇ دەريا - ئېقىن بويلىرىدىكى لوپلۇقلارنى باشقۇرغان. يەكەن خانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ خوجىلارنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا، كېيىن جۇڭغارلارنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. جۇڭغارلارنىڭ بۇ يەردە مەمۇرىي ئورگانلار تۇرغۇزغان بولۇشى ناتايىن. چىڭ سۇلالىسى ئۆلكە تەسىس قىلغاندىن باشلاپ ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 1680 - يىلىدىن 1755 - يىلىغىچە داۋام قىلغان.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن دەسلەپتە جايلارغا ئامبان (ئامبال) قويىدى، ئامباللار شۇ يەرلىك ھاكىمبەگ ۋە بەگلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش بېجىردى. ۋاڭلار ۋە ھاكىمبەگلەر ئاساسەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىگىلىشىدە ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەنلەردىن قويۇلغان، مىسالەن: قومۇل ۋاڭلىرى، تۇرپان ۋاڭلىرى، كۇچار ۋاڭلىرى، ئىلى ھاكىمبەگلىرى... ۋاڭلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىر قىسمى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەن. ياقۇپبەگ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللاردا چاقىلىقتا توخسۇنبەگ بەگ بولغان، بۇ ۋاقىتتا چاقىلىق خوتەنگە يەنى نىياز ھېكىمبەگكە قارىغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئۆز ئىدارىسىغا ئالغاندىن كېيىن، تۇرپان لۈكچۈن ۋاڭلىرى چاقىلىق دىيارىنى باشقۇرىدىغان بولغان. تۇرپان ۋاڭلىرى لوپلۇقلارغا ئىككى بەگ قويغان، بىر بەگ قاراكۆللۈكلەرنى (شۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بىر بەگ قاراقوشۇنلۇقلارنى (كۆنچىقانبەگ ئاتا - بوۋىسىدىن قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ بېگى بولۇپ كەلگەن) باشقۇرۇپ كەلگەن. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تۇرپان لۈكچۈن ۋاڭلىقى تىكەنلىك (ھازىرقى دېھقانچىلىق 2 - شىسى 34 - تۈەن تۇرۇشلۇق جاي، لوپنۇر ناھىيەسى تەۋەسىدە)گە بەگ تۇرغۇزۇپ يەرلىك بەگلەرنى ئىدارە قىلغان.

بەگلىك تۈزۈمى 18 - ئەسىردە، يەنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ خانى دەۋرىدىن باشلىنىپ، 1884 - يىلى ئۆلكە تەسىس قىلغاندا ئەمەلدىن قالغان دېيىلىدىغان قاراشلارمۇ بار. چىڭ سۇلالىسى بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بەگلىك تۈزۈمىدىن پەرقلەندۈرگەن، جۈملىدىن ئەۋلادىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمىغان، ئەلۋەتتە ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن قومۇل ۋاڭلىرى، لۈكچۈن ۋاڭلىرى، كۇچار ۋاڭلىرى قاتارلىقلار يەنە بىر خىل مەنسەپ تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، لوپ رايونىدا چىڭ سۇلالىسى تۇرپان لۈكچۈن ۋاڭلىرىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا 5 - دەرىجىلىك بەگدىن ئۈچ كىشى، 6 - دەرىجىلىك بەگدىن يەتتە كىشىنى بەگلىككە قويغان. 1909 -، 1911 - يىللىرى تۈزۈلگەن ئىككى پارچە «چاقىلىقنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»دە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چاقىلىقتا قويغان ئامبان، ھاكىملىرى ھەققىدە

قىسقىچە مەلۇمات بولۇپ ئۆلار تۆۋەندىكىچە:

1884 - يىلى ئۆلكە قۇرۇلغاندا، چاقىلىق ناھىيەسى شىنپىڭ (ھازىرقى لوپنۇر) ناھىيەسىگە قارايدىغان يېرىم ناھىيە قىلىپ قويۇلغان. بۇ ۋاقىتلاردىكى ناھىيە ھۆكۈمدارى نائىب ئامبال (县丞) دەپ ئاتالغان. 1899 - يىلدىن 1901 - يىلغىچە جاڭ شۇئې نائىب ئامبال بولغان. 1901 - يىلدىن 1902 - يىلغىچە جو جېنرۇ نائىب ئامبال بولغان. 1902 - يىلدىن 1903 - يىلغىچە جاڭ شۇئې قايتىدىن نائىب ئامبال بولغان، بۇ چاغدا چاقىلىق ناھىيەسى بىلەن شىنپىڭ ناھىيەسى ئەينى ۋاقىتتىكى دۇرال يەنى ھازىرقى تىكەنلىكتە پاسىللانغان، پاسىل دۇرالنىڭ بەش كىلومېتىر شەرقىدە بولغان.

1903 - يىلى چاقىلىق ناھىيەسى (知县) تەسىس قىلىنغان، مەمۇرىي ئەمەلدار ئامبال (知县) دەپ ئاتالغان. بۇ قېتىم ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا، يۇرتنىڭ نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى 克里克دىن 婼羌غا ئۆزگەرتىلگەن، ئەلۋەتتە 女 يان بۆلەك 若 خېتىگە قوشۇپ يېزىلغان، بۇ يان بۆلەك 1959 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن شىنپىڭ ناھىيەسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، قاراشەھەر يامۇل مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولغان. ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا ئەسلىدە شىنپىڭدا ئامبال بولغان شيا خۇشەن 1905 - يىلغىچە ئامبال بولغان.

1905 - يىلدىن 1907 - يىلغىچە لىيۇ مو ئامبال بولغان. 1907 - يىلدىن 1908 - يىلغىچە يەتتە ئايدەك ئامبال بولغان جو يۈەن كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ساۋ داجى ئامبال بولغان. ساۋ داجى ئۈچ ئاي ھاكىم بولۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا رۇي شەن ئامبال بولغان.

1911 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان، گەرچە ھاكىمىيەتنىڭ نامى ئالماشسىمۇ سىياسىتى ئۆزگەرمىگەن، چاقىلىق خەلقى يەنىلا نامراتلىق، غەپلەت ۋە قاتتىق ئېزىش ئىلكىدە ياشىغان. 1912 - يىلى شۇ جەن ھاكىم بولغان، 10 - ئايدا ئۇ يۆتكىلىپ ئورنىغا خۇ دىيەنخۇا ھاكىم بولغان، شۇ يىلى ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلغان ھەمدە يېزا، كەنتلەر تەسىس قىلىنغان. 1913 - يىلى قاراشەھەر ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، چاقىلىق ناھىيەسى ئاقسۇ دوتەيلىككە بۆلۈپ بېرىلگەن. 1914 - يىلى قاراسپەچلەر يوقىتىلغان. شۇ يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چەرچەن (卡墙) چاقىلىقنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بېرىلگەن. شۇ يىلى 4 - ئايدا فەن زۇيو ھاكىم بولغان، 1915 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۇ ئۆلكىگە يۆتكىلىپ، ئورنىغا لى فامىلىلىك بىرەيلەن ھاكىم بولغان. 1915 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بېيجىڭدىن چەرچەن (卡墙)نى ناھىيە قىلىپ تەستىقلاپ ئۇقتۇرۇش چۈشكەن ھەمدە نامى 且末غا ئۆزگەرتىلگەن. 1917 - يىلى لياۋ جېنخۇڭ ھاكىم بولغان. 1919 - يىلى چېن رۇڭجاڭ ئۇنىڭ ئورنىغا مۇۋەققەت ھاكىم بولغان. 1920 - يىلى قاراشەھەر دوتەيلىكى تەسىس قىلىنىپ، چاقىلىق شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قاراشەھەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1928 - يىلى 知县 دەپ ئاتاش 县长 دەپ ئاتاشقا،

ناھىيەنى 县公署 دەپ ئاتاشتىن 县政府 دەپ ئاتاشقا ئۆزگەرتكەن. 1930 ـ يىلى قاراشەھەر دوتەيلىكى قاراشەھەر ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلىپ چاقىلىق داۋاملىق ھالدا قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

چاقىلىقنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن ھازىرغىچە بولغان مەمۇرىيەت ئۆزگىرىشلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرى توغرۇلۇق دەۋرىمىزدە يېزىلغان ماتېرىياللار خېلى بار، بەزى مەسىلىلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى چۆشەنچىلەر بىلەن خەنزۇچە ماتېرىياللار ئارىسىدا پەرق بار، ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. 1759 ـ يىلى چاقىلىققا 3 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىك تەسىس قىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بۇ بەلكىم لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ بۇ زېمىننى ئىدارە قىلغانلىقىغا قارىتىپ ئېيتىلغان بولسا كېرەك، چۈنكى شۇ يىللاردا قاراقوشۇن ۋە قاراكۆل ئىككى بەگلىك بولۇپ لۈكچۈن ۋاڭلىرىغا قارىغان، ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىكى ۋاڭ ـ گۇڭلار يەنى قومۇل ۋاڭلىرى، كۇچار ۋاڭلىرى، ئىلى ھاكىمبەگلىرى، لۈكچۈن ۋاڭلىرى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىلكىگە ئېلىشىدا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى تارتۇقلاپ، ئەنە شۇنداق ۋاڭ ـ گۇڭلۇق ئىنئام قىلىنىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلغان. 1898 ـ يىلى ياردەمچى ئامبال تەسىس قىلىپ تۇرغۇزۇلغان، شىنپىڭ يەنى كۆنچى ناھىيە ئامبىلىغا قارىغان، جاڭ شۇئېي نائىب ئامبال بولغان. 1903 ـ يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنىپ ناھىيە نامىنى بۇرۇنقىدەك چاقىلىق (卡克里克) دەپ ئاتاشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ 婼羌نى ناھىيە نامى قىلىپ بېكىتكەن، جاڭ شۇئېنىڭ ئورنىغا جو جېنرۇ مۇۋەققەت ئامبال بولغان. 1907 ـ يىلى ليۇ مونىڭ ئورنىغا جو يۈەن ئامبال بولغان، ئۇ 1908 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ساۋ داجى ئامبال بولغان، شۇ يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا رۇي شەن (ساقال ئامبال) ئامبال بولغان، 1909 ـ يىلى «چاقىلىقنىڭ خەرىتىلىك يۇرت تەزكىرىسى»نى تۈزگەن. 1910 ـ يىلى تەكشۈرۈش ئارقىلىق چاقىلىق بىلەن لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ پاسىلى بېكىتىلگەن بولۇپ يېڭىسۇنىڭ نېرىسىدىكى بەش دۆۋە پاسىل قىلىنغان (دۇرالغا بەش كىلومېتىر)، مۇشۇ يىلى رۇي شەننىڭ ئورنىغا چيەن رۇگۇڭ ئامبال بولغان. چيەن دارېن ئىنتايىن ۋەھشىي ئادەم بولۇپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ باقمىغان، ئەكسىچە كىچىككىنە بىرەر سەۋەن ئۆتكۈزگەن كىشىنى تاپسا نەچچە ئون قامچا ئۇرۇپ زىندانغا سولىغان، ئۇ كىشىنىڭ تۇغقانلىرى پارا بېرىپ، يۇرت چوڭلىرىنى كېپىللىككە سېلىپ ئاران بوشاتقان، پارا بېرىپ زىنداندىن ئاچىقىدىغان ئادەم بولمىسا زىنداندا ئۆلۈپ كەتكەن. ئۈچ ئايدىن كېيىن چيەن رۇگۇڭنىڭ ئورنىغا تاڭ گۇاڭشاۋ ئامبال بولغان. تاڭ گۇاڭشاۋ 1910 ـ يىلىدىن چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغىچە ئامبال بولغان بولۇپ «چاقىلىقنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»نى تۈزۈپ ئوردىغا يوللىغان، يۇقىرىقى ئىككى تەزكىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش.

1912 ـ يىلى خۇ ديەنخۇا كېلىپ ئىككى ئاي مۇۋەققەت ئامبال بولغان، 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خۇ ديەنخۇا رەسمىي ئامباللىققا تەيىنلەنگەن. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا 180

كىلوگىرام ئەپيۇن ئېلىپ ماڭغان قاراسىپەچلەر ئەزاسى لى تۇشۇننى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن. يۇقىرىقى ئىشتىن خەۋەر تاپقان قاراسىپەچلەر 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يامۇلنى قورشىۋالغان ۋە خۇ دىيەنخۇانى ئۆلتۈرگەن. 1913 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسى ئاقسۇ دوتەيلىكىگە ئايرىپ بېرىلگەن. خۇ دىيەنخۇا قاراسىپەچلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قاراسىپەچلەرنىڭ باشلىقى خې كەييۈەن ئۆزى ئامبال بولغان (1914 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سىتەيىن چاقىلىققا كەلگەندە ئامبال ئىدى). 1913 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىننىڭ چاقىلىق ۋە چەرچەندىكى قاراسىپەچلەرنى يوقىتىش قوشۇنى تۇڭ مىڭسەينىڭ باشچىلىقىدا قاراشەھەردىن يولغا چىققان. بۇ قوشۇننىڭ يولغا چىققانلىق خەۋىرىنى ئالغان ۋاڭشەھىرىلىك ئوسمان شاڭيو 40 ـ 50 نەپەر ئادەمنى ئېلىپ، چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 70 كىلومېتىردەك شىمالىدىكى قورغانغا كېلىپ كۈتۈۋالغان. 1914 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىن باشلاپ قاراسىپەچلەر بىلەن ياڭ زېڭشىن قوشۇنى ئارىسىدا سوقۇش باشلانغان. سوقۇشتا قاراسىپەچلەر مەغلۇپ بولۇپ خې كەييۈەن، لياۋ گوشىڭ قاتارلىقلارنىڭ بېشى كېسىلىپ ئۈرۈمچىگە يوللانغان ھەمدە ئاققوۋۇققا ئېسىلىپ سازايى قىلىنغان، 1914 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قاراسىپەچلەرنىڭ 48 ئادىمى چاقىلىقتا ئۆلتۈرۈلگەن. 1915 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى قاراسىپەچلەرنىڭ چەرچەن بىلەن كېرىيەنىڭ پاسىلى ئەتراپلىرىدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرگەن خۇ جۈندې، ما فۇلۇ... قاتارلىق بىر بۆلەك ئادەملىرىنىڭ يوقىتىلىشى بىلەن قاراسىپەچلەر يوقالغان. 1925 ـ يىلى جەن شىكۈي (ئۇ 1930 ـ يىلى كورلىغا يۆتكەلگەندە دوك يىڭجاڭ دېگەن بىرى باشلىق بولغان. جەن شىكۈي 1933 ـ يىلى كورلا خەلق قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن) چاقىلىقتىكى ئەسكەرلەرگە باشلىق بولغان، بىر قىسىم گەنسۇلۇقلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقىپ گۆرۈخانا، قاۋاقخانا، ئەپيۇنخانا... قاتارلىقلارنى ئاچقان. 1928 ـ يىللىرى ئەتراپىدا چاڭ فامىلىلىك بىرى ھاكىم بولغان. 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گاجىت بەكرى ھاكىم بولغان، 1935 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىلىق بولشېۋىك زۇنۇن ئىسلاموف ھاكىم بولغان ھەمدە 1942 ـ يىلىغىچە ۋەزىپە ئۆتەپ چاقىلىق خەلقى ئۇچۇن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن («چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»دە 1940 ـ يىلى ما شۈلو مۇۋەققەت ھاكىم بولغان، دەپ يېزىلغان)، 1936 ـ يىلى چاقىلىق 2 ـ دەرىجىلىك ناھىيە قىلىنىپ قاراشەھەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولغان.

1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گاجىت بەكرى چاقىلىق ناھىيەسىگە ھاكىم بولغان، بۇ ھاكىملىق خەلق قوزغىلاڭىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، خوجىنىياز ھاجى ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن چاقىلىققا ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن. 1940 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ۋاڭ ۋېنمىڭ ھاكىم بولغان. 1943 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جيا مېڭلىڭ مۇۋەققەت ھاكىم بولغان. 1944 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسىدە باۋجيا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بىر يېزا، سەككىز باۋ قۇرۇلغان (بۇلار مەركىزىي يېزا ۋە مۇران، تىكەنلىك،

ياقائۆستەڭ، ئۆتام، ئىگىز ئۆستەڭ، ئۇدۇلئۆستەڭ، يېڭىسۇلاردىن ئىبارەت. شياڭجاڭ، باۋجاڭلار ۋە مۇئاۋىنلىرى 16 كىشى، جياجاڭدىن 89 كىشى سايلاپ چىقىلغان). 1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن گومىنداڭنىڭ تىنچلىق كېلىشىمىدىكى شەرتلەر بويىچە سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، مەمتىمىن ياقۇپ ھاكىملىققا سايلاندى، ئۇ خەلق سايلىغان تۇنجى ھاكىم ئىدى. ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە چاقىلىققا ھاكىم بولۇپ تۇرغان. تۆۋەندىكى كىشىلەر جۇڭخۇا مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئامبال بولغان: شۇ چيەن 1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، خۇ ديەنخۇا 1912 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1913 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، خې كەييۈەن 1913 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1914 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە، ۋاڭ ۋېنجې 1914 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە، لوڭ شىلىن شۇ يىلى 3ـ، 4 ـ ئايلاردا، فەن زۇيۇ 1914 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1915 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە، لى شىن 1915 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1917 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە، لياۋ جىنخۇڭ 1917 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1918 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، چېن رۇڭجاڭ 1919 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ قاچانغىچە ئامبال بولغانلىقى نامەلۇم.

گاجىت بەكرى 1934 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە؛ ما شۇلو 1940 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە مۇۋەققەت ھاكىم، ۋاڭ ۋېنمىڭ 1940 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1943 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ھاكىم، جيا مىڭلىڭ 1943 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1944 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە مۇۋەققەت ھاكىم، جاڭ فۇجيۇ 1943 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە (مۇئاۋىن ھاكىم)، سى جىجۇڭ 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1946 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە، ئەمەتبەگ (خوتەنلىك بولۇپ مۇئاۋىن ھاكىم)، مامۇتخان (1945 ـ يىلى مۇئاۋىن ھاكىم بولغان)، شى ياۋجۇ 1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ھاكىم، شى زېسۇ 1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ھاكىم، مەمتىمىن ياقۇپ 1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ھاكىم، ئۆمەرجان ئىسمايىل 1949 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە مۇئاۋىن ھاكىم بولغان.

چاقىلىق ناھىيەسى تارىخىدا يۇقىرىدىكى ئامبال ـ ھاكىملار ئۆتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان بەگلەر ئۆتكەن، لېكىن بۇندىن بۇرۇنقى تارىخ ـ تەزكىرە كىتابلىرىدا ئۇلار ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان، جۈملىدىن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىككى پارچە يۇرت تەزكىرىسىدىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار يوق، شۇنداقتىمۇ خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان بەزى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، قىسمەن مەلۇماتلارنى قالدۇرۇشقا تىرىشتۇق. بىز كۆپ ھاللاردا ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى بەگلەر ۋە بايلارنى سەلبىي شەخس سۈپىتىدە تونۇيمىز، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇنداق يامان شەخسلەردىن ئەمەس، بەزىلىرى يۇرتنى قوغداش، گۈللەندۈرۈشتە خېلى زور تۆھپىلەرنى قوشقان. قۇربان غوجابەگنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، خەلقنىڭ جىسمانىي خەۋپسىزلىكى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان، ئەلۋەتتە بەگلەرنىڭ قامچىسىنى يېگەنلەرنىڭمۇ بولىدىغانلىقىدا

شەك يوق، لېكىن بىز ئۇلارنىڭ تۆھپىسى بىلەن سەۋەنلىرىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز لازىم.

توخسۇنبەگ بەدۆلەت دەۋرىدە چاقىلىقتا بەگ بولغان، 1870 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. قۇربان غوجابەگ 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا بەگ بولغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قۇربان غوجابەگدىن كېيىن كۇچالىق رازىبەگ دېگەن كىشى بىرقانچە ئاي بەگ بولغان، دېيىلگەن. مەلۇماتلاردا يەنە تۇرپانلىق تېيىپ ھاجى، خوتەن قاراقاشلىق گۇڭ خوجا ناسىرخان، كورلا تېكىچىلىك ئۆمەربەگ دېگەنلەر ئامبال بولغان، دېيىلگەن. خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرىدا چاقىلىقتا ئامبال، ھاكىم بولغانلارنىڭ تىزىملىكى، ۋاقتى ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچبىرى تىزىملىكتە يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنى ئامبال ياكى ھاكىم ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى بەگلەر ـــ شاڭيو دەپ قارايمىز. بۇلاردىن توخسۇنبەگ بىلەن قۇربان غوجابەگلەرنىڭ يۇرت سورىغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان. يۇرت بەگلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى چەكلىك، بۇلارمۇ مەرھۇم ئىبراھىم سەيدۇللانىڭ ئەسلىمىسىدىن ئېلىنغان. يەنە بەزى مەلۇماتلار قارىغاندا، قاراقاشلىق گۇڭ ـ خوجىلار ئەۋلادلىرىدىن بۇ تەرەپلەرگە بەگ بولغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇرلار بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق باشلىقىنىڭ ئالدىغا 1780 ـ يىلى خوتەندىن بارغان قاراقاشنىڭ چاقا كەنتلىك ھېزىم ئاخۇن مەنسەپكە ئېرىشىپ قايتىپ كەلگەن ۋە قاراقاشتىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنى باشقۇرغان، بوزيەر ئاچقۇزغان. شۇندىن باشلاپ تاكى 1948 ـ يىلىغىچە ئۇنىڭ ئالتە بوغۇن ـ ئەۋلادى مەنسەپ تۇتقان. ئۇلارنىڭ نەسەبى ھېزىم شاھ ئوغلى خۇش كېپەك، ئۇنىڭ ئوغلى مۇبارەك شاھ ھېكىم، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئەلىگۇڭ، ئۇنىڭ ئوغلى مۇساگۇڭ، مۇساگۇڭنىڭ ئوغۇللىرى ناسىرگۇڭ، ئەفرۇزگۇڭ، زاھىتگۇڭ، ئىمىن ئەلەم، مۇھەممەتخانگۇڭ. بۇلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە گۇڭلارمۇ ئۆتكەن. بۇلاردىن مۇساگۇڭ ياقۇپبەگ زامانىسىدا ياشىغان بولۇپ ئەمەلدارلىقى ئۇزۇلۇپ قالغان. ياقۇپبەگ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى سادىق ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان مۇساگۇڭ، ئىمىن ئەلەم قاتارلىقلارنى ئىزدەپ تاپقان ھەمدە ئۇلارغا گۇڭلۇق مەنسىپىنى بەرگەن. ناسىرگۇڭغا كېيىن ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنى بەرگەن①. خەلق ئارىسىدا ساقلانغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ناسىرگۇڭ 1880 ـ يىلىدىن 1895 ـ يىلىغىچە ھازىرقى كورلا، لوپنور، چەرچەن، چاقىلىق، شايار دائىرىسىنى بىر مەمۇرىي گەۋدە سۈپىتىدە باشقۇرغان، ئۇ ۋاقىتتا تۆڭلىك دەپ ئاتالغان. ناسىرگۇڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ھازىرقى لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى تىكەنلىك (دېھقانچىلىق 2 ـ شىسى 34 ـ تۇەن تۇرۇشلۇق جاي)دا

① موللانىيازخان ھاجىم: «قاراقاشتا ئۆتكەن گۇڭ ـ خوجىلارنىڭ تارىخى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (48)»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ئۆگىنىش كومىتېتى 2006 ـ يىلى تۈزگەن، ئۇيغۇرچە نەشرى، 191 ـ بەت.

بولۇپ ئەينى ۋاقىتتا دۆرال (دۆياڭ) دەپ ئاتالغان، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 蒲昌 دەپ يېزىلغان. ناسىرگوڭ ھەرقايسى يۇرتلارغا بەگلەرنى تەيىنلەپ باشقۇرغان[1]، ئۆزى لۇكچۇن ۋاڭىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ناسىرگوڭ چاقىلىقتىكى ۋاقتىدا سۇيدۇڭ يولى توسۇلۇپ قازا قىلغان ھەمدە تىكەنلىككە ئاپىرىپ چوڭ مازاردا يەرلىكتە قويۇلغان. ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن ئورنىغا تۇرپان پاقابۇلاق (قوشدۆڭ)لىق زاھىتبەگ دېگەن كىشى چىققان، ئۇنىڭ دۆرەمبەگ دېگەن ئوغلى ۋاڭشەھىرىدە تۇرغان (1965 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چەرچەندە قازا قىلغان)، ئۇنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىدىن ئوسمان، ياسىن، ئىمىن، خاسىيەتخان قاتارلىقلار چەرچەن ۋە چاقىلىقتا تاكى يېقىنغىچە ھايات ئىدى[2]. زاھىتبەگكە ئەگىشىپ تۇرپاندىن كەلگەن ھىدايەت[3] شاڭيو، ساتتار شاڭيو، سېيىت شاڭيو دېگەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى تۇرپان مەھەللىسىدە ياشىماقتا. ناسىرگوڭ ۋە ئۇنىڭ مەنسەپ دائىرىسى، باشقۇرغان رايونى قاتارلىقلارنى يازما مەنبەلەر ئاساسىدا تەھقىقلەش تولىمۇ زۆرۈر. يۇقىرىدا ئېيتىلغان دۆرال شەھىرى قەلئەسى 1893 ـ يىلدىن 1897 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تىكەنلىكتىكى «ئەسلى» دېگەن يەردە قۇرۇلغان، بۇ يەرنىڭ نوپۇسى كۆپ بولغاندا 9000غا يەتكەن، ئاز بولغان ۋاقىتلاردا 5000 ئەتراپىدا نوپۇس ياشىغان ۋە خاڭگوڭ مەھەللىسى، لاشىن مەھەللىسى، تۇرپان مەھەللىسى، كۆكئالا مەھەللىسى، ئويمانكۆل مەھەللىسى، يېڭىسۇ مەھەللىسى، غول مەھەللىسى، باش مەھەللىسى، بازار ئىچىدىن ئىبارەت بولغان.

شىنجاڭدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئۇلار شىنجاڭنى دەسلەپكى قېتىم قولغا كەلتۈرگەندىلا بىرقانچە خىل تەدبىرنى بەلگىلەپ ئىدارە قىلغان، ئۇلار ئالدى بىلەن ئىلىدا ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى قۇرۇپ شىنجاڭنى ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن ئىدارە قىلغان، ئىلى جياڭجۈنى مانجۇلاردىن ياكى ئىشەنچلىك موڭغۇللاردىن قويۇلغان. ئىلى جياڭجۈنىنىڭ قول ئاستىدا ئامبال، دوتەيلەر، مەسلىھەتچى ئامبال دېگەندەك مەنسەپلەر تەسىس قىلىنىپ يەرلىكتە ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزگەن. تۇرپان ۋە قومۇل رايونىدا موڭغۇل ۋە مانجۇلارغا يۈرگۈزگەن جولدۇ جاساق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ قومۇل ۋە لۇكچۇن ۋاڭلىرىنىڭ شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشتە كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى تارتۇقلىغان، ئۇلارغا ھۆرمەت ناملىرىنى ئاتا قىلغان. جاساق تۈزۈمىدە مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلىناتتى، ئۇلار شۇ يەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى بولۇپلا قالماستىن يەنە دىنىي داھىيلىق ھوقۇقىغىمۇ ئىگە

① يېڭىسۇدا ئىسلامبەگ، تىكەنلىكتە ئىمىنبەگ (ناسىرگوڭنىڭ چوڭ ئوغلى)، تۆمۈربەگ، ئەيسابەگ (ناسىرگوڭ-نىڭ نەۋرە ئۇكىسى)، ھامۇت ئەلەملەر بولغان، ناسىرگوڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى تىكەنلىكتە قازى بولغان. ياڭىكۆل، چارا، تايىزكۆل قاتارلىق جايلارنى ناسىرگوڭنىڭ كۈيۈ ئوغلى ئىبراھىمبەگ باشقۇرغان. چاقىلىقنى زاھىتبەگ باش-قۇرغان ھەمدە ناسىرگوڭنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

② ئابدۇۋەلى روزى: «چاقىلىق تارىخىدىن دېرەكلەر»، «بايىنغولىن تارىخ ماتېرىياللىرى (7)»، جۇڭگو خەلق سىيا-سىي مەسلىھەت كېڭىشى بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستلىق كومىتېتى تۈزگەن، 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە، 197 ـ بەت.

③ تۇرپان مەھەللىسىدىكى ئەخمەت ھىدايەت، ھەسەن ئەبەيدۇل دېگەنلەر ئەنە شۇ شاڭيولارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

بولاتتى. چىڭ سۇلالىسى جاساق قىلىپ بېرىلگەن زېمىندىكى ئاھالە بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلمايتتى. قومۇل، تۇرپان ۋاڭلىرىدىن باشقا يەنە ھاكىمبەگ ۋە بەگلەر بولغان، ھاكىمبەگلەر يۇرتنىڭ ھەممە ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى بولغان، ھاكىمبەگلەرنىڭ قول ئاستىدا دورغا، خەزىنىچى بەگ، مىراب بەگ، پاششاپ بەگ، مۇتىۋەللى بەگ، مىڭ بېگى، يۈز بېشى دېگەندەك مەنسەپلەر بولغان، بۇ بەگلەر بىر دەك كوماندىر، مەسلىھەتچى ئامباللارنىڭ چەكلىمىسىدە، ئۇلارنىڭ نازارەتچىلىكىدە بولاتتى، قورال ساقلىشىغا بولمايلا قالماستىن يەنە مەنسىپىگە ئەۋلادىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايتتى، بەگلەرنىڭ دەرىجىسى تۆۋەن بولۇپ 3 - دەرىجىدىن تۆۋەن ئىدى. موڭغۇل ۋە مانجۇلارغا، جاساق ئىگىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ بولمايتتى. چىيەنلۇڭ پادىشاھ دەۋرلىرىدە قوزغىلاڭ - توپىلاڭلار تىنچىتىلغاندىن كېيىن قومۇل، تۇرپان، يەكەن، كاشغەر قاتارلىق جايلاردا مۇسۇلمان ۋاڭلىرى قويۇلغان، ئۇلارغا ھۆرمەت ناملىرى ئاتا قىلىنغان، چىڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان. باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە ھاكىمبەگ تەسىس قىلىنىپ ئىلى جياڭجۇنى ۋە مەسلىھەتچى ۋەزىرلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بەگلىك مەنسىپى داۋاملىق يۈرگۈزۈلگەن، بەگلەر شۇ جاينىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى، جۇملىدىن باج، شەرئى مەھكىمە... ئىشلىرىنى باشقۇرغان، 17 بەگنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. 1884 - يىلى ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن ناھىيە، ۋىلايەت (داۋ)[①] تەسىس قىلىنىپ بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، لېكىن ئۇيغۇر ۋاڭلىرى داۋاملىق ساقلاپ قېلىنغان (لوپلۇقلار مۇشۇ ۋاقىتتىمۇ لۈكچۈن ۋاڭلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇش بىلەن بىرگە، چىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭمۇ باشقۇرۇشىدا بولغان بولسا كېرەك)، بۇ چاغدا چاقىلىق ئاقسۇ دوتەيلىكىگە قارايدى. كېيىن قاراشەھەر دوتەيلىكى تەسىس قىلىنغاندا، چاقىلىق قاراشەھەرنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بېرىلگەن[②]. 1903 - يىلى چاقىلىق ناھىيەسى تەسىس قىلىنغان. جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاقىلىق 3 - دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ ئايرىلغان. ناھىيە، ۋىلايەت تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈپ يېزا (باشلىقى شاڭيو، بەگ) تەسىس قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا يول قويغان بولسىمۇ تۈرلۈك ئۇسۇللاردا ئۇلارنى چەكلەيتتى، جۇملىدىن ئۇلارغا، يەنى پۈتكۈل ئۇيغۇرلار يۇرتى (回疆)

---

① خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 道 ، باشلىقى داۋتەي دېيىلگەن، بىز بۇ يەردە بۇنى ئۆلكە دەپ ئالماستىن ۋىلايەت دەپ ئالدۇق، چۈنكى جۇڭگو مەمۇرىيەتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىش تارىخىدىن قارايدىغان بولساق، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خانلىقتا بىۋاسىتە قارايدىغان مەمۇرىي بىرلىك بولۇپ ئۆلكىگە تەڭداش ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆلكىدىن تۆۋەن مەمۇرىي بىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ۋىلايەت دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

② قاراشەھەر بۇرۇن ئاقسۇ ۋىلايىتى (داۋ)غا قاراشلىق 焉耆府 ئىدى، 焉耆府نى قاراشەھەر مەھكىمىسى دەپ ئالغان ئىدۇق، كېيىن قاراشەھەرمۇ ۋىلايەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ئاقسۇ بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ۋىلايەت (داۋ) تەسىس قىلىنغان. 府 نامىمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە كەڭ قوللىنىلغان مەمۇرىي بىرلىك بولۇپ، چوڭ مەمۇرىي ئەمەلدار، ئاقسۆڭەكلەر تۇرىدىغان جايلارنى كۆرسەتكەن. بۇ مەمۇرىي بىرلىك ۋىلايەت (داۋ)دىن كىچىك ناھىيەدىن چوڭراق مەمۇرىي بىرلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئىشلىرىغا مەسئۇل ئۇيغۇر باشلىق قويۇلمىغان، بەگلەرنىڭ ئۆز يۇرتىدىن بولۇشىغىمۇ يول قويمىغان، ئۇلار بەگلەرنىمۇ 3 - 5 يىلدا ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر بەگلىرىنى چىڭ ئوردىسى مەنسەپكە تەيىنلىگەن، بۇ بەگلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئامبال - دارىنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. چىڭ سۇلالىسى يەنە خەلققە باشچىلىق قىلىپ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە خەۋپ پەيدا قىلىش ئېھتىماللىقى بولغان ئۇيغۇرلارنى چىڭ ئوردىسىغا تاۋاپقا كىرىشنى بۇيرۇپ، جۇڭنۇاڭلىق مەنسىپىنى بېرىپ ئۇزۇن مەزگىل تۇرغۇزۇپ قالغان①. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇقىرىقى تەدبىرلىرىگە ئاساسەن، چاقىلىقتا ئامبال بولغان دېيىلگەن رازىبەگ، ئۆمەربەگ، تېيىپ ھاجى... قاتارلىقلارنىڭ باشقا يۇرتتىن چاقىلىققا بەگلىككە كەلگەنلەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز، ئامباللار ئادەتتە مانجۇ، موڭغۇل ياكى ئاشۇ موڭغۇل - توڭغۇس تىل سىستېمىسىدىكىلەردىن ياكى خەنزۇلاردىن قويۇلۇپ ئۇيغۇرلاردىن قويۇلمىغان، شۇڭا يۇقىرىقىلار ئامبال ئەمەس، چىڭ ئوردىسى يۇرتىدىن ئايرىپ چاقىلىققا بەگلىككە تەيىنلەپ ئەۋەتكەن بەگلەردۇر. قۇربان غوجابەگ ۋە توخسۇنبەگلەرنىڭ بەگلىكى ئۇزۇن بولغان دىگۇچىلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەنسىپىدىن قالغاندىن كېيىنمۇ خەلق ئارىسىدا يەنىلا بەگ دەپ ئاتىلىۋەرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى چاقىلىق بايلىرىدىن بولۇپ، قول - چاكارلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال بولغاچقا، ھازىرقىلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى مەلۇماتلار «چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»دىن ئېلىنغان، ئۇنىڭدا زۇنۇن ئىسلاموف توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇر قالدۇرۇلمىغان، لېكىن خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ چاقىلىققا ھاكىم بولۇپ، چاقىلىقنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور ھەسسە قوشقانلىقى تەرىپلىنىپ كەلمەكتە.

## 6. چاقىلىقنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى زېمىن دائىرىسى توغرىسىدا

چاقىلىق مەملىكەت بويىچە يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ ناھىيە ھېسابلىنىدۇ. چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يەر مەيدانى چوڭ بولغانلىقتىن شىزاڭ ئاپتونوم رايونى، چىڭخەي ئۆلكىسى، گەنسۇ ئۆلكىسى، قومۇل ۋىلايىتى، تۇرپان ۋىلايىتى، لوپنور ناھىيەسى ۋە چەرچەن ناھىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ. 1992 - يىلى نەشر قىلىنغان «چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»دە ئومۇمىي يەر مەيدانى 202 مىڭ 298.78 كىۋادرات كىلومېتىر، دېيىلگەن. 2005 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى»دا ئومۇمىي يەر كۆلىمى 198 مىڭ 318 كىۋادرات كىلومېتىر، دېيىلگەن. چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يەر مەيدانى 1903 - يىلى چاقىلىق ناھىيەسى تەسىس

① چى چىڭشۇن: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى چوڭ تەدبىرلىرى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق خەنزۇچە 2 - سانى.

قىلىنغاندىن بۇيان ئاساسەن مۇقىم بولۇپ كەلگەن، چىڭخەي تەرەپ بىلەن بولغان پاسىلدا ئازراق ئۆزگىرىش بولغان. تۆۋەندە تۆرلۈك يازمىلارغا ئاساسلىنىپ، چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ مەمۇرىي پاسىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

1. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇپەتتىشى يۈەن داخۇانىڭ باشچىلىقىدا 1909 ـ يىلىدىن 1911ـ يىلىغىچە تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: 610 يول (305 كىلومېتىر) شەرقتىكى قوشلەڭزىدە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. 440 يول (220 كىلومېتىر) شىمالىدىكى بەشدۆۋە (ئەسلىدە ئاراتارىم دەرياسىنى پاسىل قىلغان، ئانچە مۇۋاپىق بولمىغانلىقى سېزىلىپ كېيىنكى يىلى بەشدۆۋە قىلىپ بېكىتىلگەن ــ نەقىل ئالغۇچى)دە كۆنچى ناھىيەسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبتا 615 يول (307.5 كىلومېتىر) يىراقلىقتىكى ئاراچىمەن تاغدا چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن، 695 يول (347.5 كىلومېتىر) غەربىي جەنۇبتىكى قوزۇققاقتى دېگەن يەردە كېرىيە ناھىيەسى بىلەن[1]، 640 يول (320 كىلومېتىر) شەرقىي شىمالىدىكى ئۆردەكيۆگەچتە كۆنچى ناھىيەسى بىلەن، 750 يول (375 كىلومېتىر) غەربىي شىمالىدىكى شاپتۇلكۆلدە كېرىيە ناھىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە 910 يول (455 كىلومېتىر)، جەنۇبتىن شىمالغا 850 يول (425 كىلومېتىر) كېلىدىغان مۇشۇ دائىرىدە 11 مەھەللە بار. بۇلار چاقىلىق (ناھىيە مەركىزى)، يېڭىسۇ (430 يول شىمالىدا)، مۇران (140 يول شەرقىدە)، تاتىراڭ (10 نەچچە يول غەربىدە)، ئابدال، چېگىلىك، لوپ، تۇزلۇق، چاينۇت، تۇغ (يۇقىرىقى مەھەللىلەر 100 نەچچە يول شىمالى ياكى شەرقىي شىمالىدا ـ نەقىلچى)، ۋاششەھىرى (180 يول غەربىدە ــ نەقىلچى)... لوپ كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ئىككى مەھەللە بار (70 يول شەرقىي شىمالىدا) بولۇپ 50 ـ 60 ئۆيلۈكتىن ئاھالە بار...»[2] دېيىلگەن. مۇشۇ كىتابنىڭ يول مۇساپىلەر تونۇشتۇرۇلغان قىسمىدا، دۇنخۇاڭدىن ياڭگۇەنگە 140 يول (70 كىلومېتىر)، يەنە 140 يول يۈرسە قۇلۇستاي، 180 يول يۈرسە ياۋئات بۇلىقى، يەنە 140 يول يۈرسە لوڭۋېيگۇ (دۇنخۇاڭ بىلەن چاقىلىقنىڭ پاسىلى مۇشۇ يەردە)، دېيىلگەن. بۇ ماتېرىيال ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەنلىكتىن ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ، ھازىر قولىمىزدا ساقلانغان نۇسخىسىدا خەرىتىسى بولمىغانلىقتىن يەنىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش قىيىن بولماقتا[3]. يۇقىرىدا كۆرۈلگەن

① 1914 ـ يىلى چەرچەندە ناھىيە تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كېرىيە ناھىيەسىگە تەۋە بولغاچقا، چاقىلىق ناھىيەسى كېرىيە ناھىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ، دېيىلگەن.

② گەنسۇ ئۆلكىلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ئىشخانىسى رەتلەپ نەشر قىلغان «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ جىلد 39 ـ بەت. 81 ـ جىلد «يوللار»نىڭ 3 ـ قىسمىدا دۇرال دېگەن ئۆتەڭنىڭ 30 يول (15 كىلومېتىر) شىمالىدا چاقىلىق بىلەن پاسىللىنىدىغانلىقى يېزىلغان.

③ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دائىرە خەرىتىلىرى» دېگەن نامدا 1912 ـ يىلى خەنكۇدا بېسىلغان، بۇ خەرىتىلەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2010 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلغان «شىنجاڭنىڭ يۇرت تەزكىرىلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شۇ خەرىتىلەرگە مۇراجىئەت قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەھەللىلەرنىڭ تەرەپلىرىنى كۆرسىتىشتە سەۋەنلىك كۆرۈلگەن بولسىمۇ، 1908 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسىگە ئامبال بولغان رۇي شەن تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «چاقىلىقنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن خەرىتىدىن بۇ يېتەرسىزلىكنى تولۇقلىيالايمىز.

1908 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسىگە ئامبال بولغان رۇي شەن يازغان «چاقىلىقنىڭ خەرىتىلىك يۇرت تەزكىرىسى»دە: «ناھىيە مەركىزى ئۆلكە مەركىزىنىڭ 2300 يول جەنۇبىدا، مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي (قاراشەھەر ياMۇلى ـــ نەقىلچى)نىڭ 1200 يولدىن ئارتۇقراق غەربىدە. پاسىلى شەرقتە گەنسۇ ئۆلكىسى دۇنخۇاڭ شەھىرىدىكى قوشلەڭزىگىچە 610 يول، غەربتە كېرىيەنىڭ چىڭگىللىككىچە 300 يول، جەنۇبتا كىچىك چىمەنتاغقىچە 410 يول، شىمالدا كۆنچى ناھىيەسىنىڭ دۇرالغىچە 480 يول. دائىرىسى شەرقتىن غەربكە 910 يول، جەنۇبتىن شىمالغا 890 يول، ناھىيەدە جەمئىي ئون ئۈچ مەھەللە بار. ناھىيە ياMۇلىغا يېقىنراقلىرى چاقىلىق، تۇرپان، چۆشكۈن مەھەللىرىدۇر. ناھىيەنىڭ شەرقىگە 180 يول جايدا ئابدال، 220 يول يەردە توغ، 240 يولدا مۇران مەھەللىرى بار. ناھىيەنىڭ 30 يول غەربىدە تاتىراڭ، 180 يول يىراقتا ۋاششەھىرى مەھەللىرى بار. ناھىيەنىڭ 120 يول شىمالىدا لوپ مەھەللىسى، 150 يول يىراقتا تۇزلۇق مەھەللىسى، 180 يول يىراقتا چاينۇت مەھەللىسى، 260 يول يىراقتا چىكە مەھەللىسى، 440 يول يىراقتا يېڭىسۇ مەھەللىسى بار... ناھىيەنىڭ جەنۇبىدا 410 يول كېلىدىغان يەردە چوڭ، ئارا، كىچىك چىمەنتاغ دېيىلىدىغان ئۈچ تاغ بار، كىچىك چىمەنتاغ چاقىلىق ناھىيەسىگە تەۋە. چوڭ ۋە ئارا چىمەنتاغ شىنجاڭنىڭ باشقۇرۇشىدا...»[①] دەپ يازغان. بۇ تەزكىرىگە بىر پارچە يۇرت خەرىتىسى كىرگۈزۈلگەن. بۇ خەرىتە چاقىلىق ناھىيەلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تەرىپىدىن ئىشلىنىپ 1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى»[②] ۋە 1992 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»[③] گە كىرگۈزۈلگەن. خەرىتىدە شەرق تەرەپتە قوشلەڭزە[④] دېگەن يەردە دۇنخۇاڭ بىلەن، قۇزۇق قاقتى ۋە چىڭگىللىك دېگەن يەرلەر ئارقىلىق كېرىيەگە قاراشلىق چەرچەن بىلەن، شىمالدا تارىم دەرياسىنىڭ شەرققە ئاققان بىر تارمىنىڭ شىمالى (بۇ دەريا يېڭىسۇ مەھەللىسىنىڭ شىمالىدا ـــ نەقىلچى) ئارقىلىق كۆنچى ناھىيەسى بىلەن پاسىللانغان. بۇ

---

① ② رۇي شەن: «چارقىلىقنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»، خۇ باڭجۇنىڭ «لوپنور ۋە تۇرغۇت تەتقىقاتى»غا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 178 ـ، 179 ـ بەتلەرگە ۋە «شىنجاڭنىڭ يۇرتلار تەزكىرىسى»گە قاراڭ.

③ چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسىنى تۈزۈش كومىتېتى تۈزگەن: «چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى سىزىلغان خەرىتە.

④ پاسىل ئەتراپلىرىدا كۆپرەك پائالىيەت قىلغان ئىسھاق ھاجىم ئوغلى مەتىمىننىڭ 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېفوندا خەۋەر بېرىشىچە، قوشلەڭزە دېگەن جاي ھازىرقى خەرىتىلەردىكى نەنخۇ (南湖) يېزىسىدا، 1950 ـ يىللاردىكى خەرىتىدىكى نەنخۇ ئەتراپىدىكى ئېقىننىڭ غەربىي قاسنىقىدا ئىكەن.

خەرىتىنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك يېرى شۇكى، خەرىتىدە ھەرقايسى مەھەللىلەرنىڭ جايلاشقان ئورنى كۆرسىتىلىپ قالماستىن، يولنىڭ يۆنىلىشى ھەم ئارىلىقىمۇ كۆرسىتىلگەن.

1909 ـ يىلى قاراشەھەر مەھكىمىسىنىڭ ئومۇمىي خەرىتىسى سىزىپ چىقىلغان، بۇ خەرىتە 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان «قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»[1] گە كىرگۈزۈلگەن. بۇ خەرىتىدە كۆرسىتىلىشىچە، چاقىلىق بىلەن دۇنخۇاڭنىڭ پاسىلى قوشلەڭزىنىڭمۇ شەرقىدە قىلىپ سىزىلغان، ئەمما يەر نامى يېزىلمىغان. قوشلەڭزە قاراداۋاننىڭ شىمالىدا ئىدى، پاسىل بەلگە تېشى (界牌، خەلق ئارىسىدىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا «داۋزا» دېگەن خەت بار تاش پاسىل بەلگىسى قىلىنغان) بولغان. بۇ خەرىتىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئاراچىمەنتاغنىڭ خېلى بىر قىسمى چاقىلىق ناھىيەسىگە تەۋە قىلىپ سىزىلغان. جەنۇب تەرىپى قوزۇقسىمان ھالەتتە خېلى يىراققا سوزۇلغان. شەرقىي شىمال تەرەپتە تۇرپان بىلەن قۇملۇقتا تۇتاشقان، يەر نامىلىرى يېزىلمىغان. غەربتە چىڭگىللىك دېگەن يەر ئارقىلىق كېرىيە ناھىيەسى بىلەن پاسىلداش. شىمال تەرەپتە قارادال بىلەن دۆرال ئارىسىدا غەربتىن شەرققە ئاققان تارىم دەريا ئېقىنىنىڭ شىمالىنى پاسىل قىلغان. مۇشۇ خەرىتىدىن قارىغاندا، چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى زېمىنى كەڭرەك، شىمال تەرىپى تارراق ئىكەنلىكى كۆرۈنىپ تۇرىدۇ. يەنە شۇ يىللاردا كۆنچى ناھىيەسىدىمۇ ناھىيە خەرىتىسى سىزىلغان، ئۇنىڭدا چاقىلىق بىلەن كۆنچىنىڭ پاسىلى ئاراتارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقى[2] تەرىپىدە سىزىلغان، بۇ دەريا تارىم دەرياسىنىڭ تارامى بولۇپ شەرققە ئېقىپ كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ئارغان ئەتراپلىرىدا يەنە تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئاراتارىم[3] دەرياسى قەيەرگە توغرا كېلىدۇ؟ شىي بىننىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، يىڭسۇ مەھەللىسىنىڭ 12 يول شىمالىدا بولۇپ «يىڭسۇدىن بۇ يەرگىچە مەھەللىلەر ئۈزۈلمەي جايلاشقان.»

2. بىر مەزگىل شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى بولغان تاۋ مونىڭ ئوغلى تاۋ باۋلىيەن (1862 ـ 1938) تەرىپىدىن 1891 ـ يىلى يېزىلغان «توشقان يىلىدىكى ئۈزۈن سەپەردىن خاتىرە» ناملىق كىتابىدا، شۇ ۋاقىتتىكى يول مۇساپىلەرمۇ بېرىلگەن. ئۈزۈنشو (غازكۆلمۇ دېيىلىدۇ، تاغنىڭ پەسلەپ بارغان قاپتىلىدا)دا «شىنجاڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ»، دېيىلگەن. ئۇ يەردىن شىمالغا بۇرۇلۇپ 215 يول يۇرسە يۇلغۇنلۇق ئۆتىڭى (تاغ ئارىسىدا، شەرق

① قاراشەھەر يەر نامىلىرى كومىتېتى تۈزۈپ نەشر قىلغان «قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى خەرىتىگە قاراڭ.

② لوپنور ناھىيە يەر نامىلىرى كومىتېتى تۈزۈپ نەشر قىلغان «لوپنور ناھىيەسىنىڭ يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى خەرىتىگە قاراڭ.

③ بۇ نام خەلق ئارىسىدا «توغرائېقىن» ياكى «توغرائېرىق» دەپمۇ ئاتالغان، ھازىرمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئورنى ھازىر لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى چۆچۈكبويىلىق (甘草场)قا توغرا كېلىدۇ، ھازىرقى چاقىلىق ـ لوپنور پاسىلىدىكى تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئازراق شىمالىدا.

تەرىپىدىن دۇنخۇاڭغا بارىدىغان يول بار). 145 يول غەربىي شىمالىدا قوشدۆڭ، 175 يول نېرىسىدا ئابدال (لوپنور كۆلىنىڭ[1] غەربىي جەنۇبى قىرغىقىدا، ئۇيغۇر ئاھالىسى بار)، ئابدالدىن شىمالغا 420 يول يۇرسە دۇرالغا بارىدۇ. بۇ يەرنىڭ 90 يول شەرقىي شىمالىدا كۆنچى دەرياسى بار. 620 يول نېرىسىدا ئۇجمەدەڭ بار. شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ 325 يول يۇرسە تۇرپانغا چىققىلى بولىدىغانلىقى، يېزىلغان. مۇشۇ كىتابتا يەنە قاشقوۋۇق (يۇمىنگۇەن)، ياڭگۇەندىن چاقىلىققا تۇتاشقان يوللارمۇ بايان قىلىنغان. دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي قوۋۇقىدىن چىقىپ غەربىي شىمالغا (چۆل بىلەن 70 يول) يۇرسە بۇلاق، 50 يول يۇرسە چوڭبۇلاق، 40 يولدا چوڭ چاسا شەھەر (دافاڭ پەنچېڭ، خەن دەۋرىدىكى قاشقوۋۇق بولۇپ ئاھالە قالمىغان)، 40 يولدا كىچىك چاسا شەھەر (شياۋفاڭ پەنچېڭ، ئاھالىسىز). ئۇ يەردىن غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ 70 يول يۇرسە قومۇشلۇق جىلغا، ئۇ يەردىن غەربكە 60 يول يۇرسە بەشتوغراق، بۇ يەردىن غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ دۆڭدىن ئۆتۈپ 60 يول يۇرسە يېڭىبۇلاق، يەنە غەربكە 70 يول يۇرسە تاتلىقبۇلاق[2]، يەنە 60 يول يۇرسە قۇمجىلغا — بۇ يەر دۇنخۇاڭنىڭ پاسىلى[3]، دېيىلگەن. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، دۇنخۇاڭدىن چىقىپ 520 يول (260 كىلومېتىر) يۇرسە چاقىلىق بىلەن دۇنخۇاڭ ئارىسىدىكى پاسىل قۇمجىلغا دېگەن يەرگە كەلگەن. مۇشۇ ئەسەردە يېزىلغان يول مۇساپىلەر بويىچە چاقىلىق (100 ئۆيلۈكتىن ئوشۇق ئۇيغۇر بار، ئايلانمىسى 15 يول كېلىدىغان شەھەر خارابىسى بار، دېيىلگەن)تىن چىقسا 100 يول يۇرسە تاتلىققۇدۇق، يەنە 100 يول يۇرسە ۋاششەھىرى (ئايلانمىسى ئۈچ يول كېلىدىغان شەھەر بار، دېيىلگەن)، يەنە 50 يول يۇرسە چاپانقالدى، 60 يول يۇرسە بۇگۇلۇك بولۇپ، كېرىيە بىلەن مۇشۇ يەردە پاسىللانغان. دېمەك، چاقىلىق بىلەن كېرىيەنىڭ پاسىلى چاقىلىقتىن چىقىپ 310 يول (155 كىلومېتىر) يەردىكى بۇگۇلۇك دېگەن يەردە بولغان، مۇشۇ يەردە چەرچەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ كېرىيە ناھىيەسى تەۋەسىگە كىرگەن[4].

3. يۇقىرىقى خاتىرىدىكى باياندىن قارىغاندا، چاقىلىق بىلەن كېرىيە ناھىيەسى

---

① بۇ كۆل ئەمەلىيەتتە «قاراقوشۇن كۆلى»نى كۆرسىتىدۇ.

② بۇ جاي قەدىمىي ئۆتەڭلەردىن بىرى بولۇپ زۇنۇن ئىسلاموف ھاكىم ۋاقتىدا قايتىدىن ئۆتەڭ قۇرۇلغان، ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 87°39′52.1″، شىمالىي پاراللېل 38°52′16.9″ قا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 885.9 مېتىر، 140 مېتىردەك شەرقىدە جەنۇبتىن شىمالغا ئاقىدىغان ئېقىن بار، ۋاششەھىرى يېزىسىنىڭ 37.5 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا، دۆلەت 315 ـ تاشيولىنىڭ بەش كىلومېتىردەك جەنۇبىدا.

③ ۋۇ تىڭشيې: «شىنجاڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە تولۇقلىما» (بۇ كىتاب 1922 ـ يىلى ئەتراپىدا تۈزۈلگەن، 1935 ـ يىلى تۇنجى رەت نەشر قىلىنغان)، 1 ـ جىلد، زېمىن، فاكسىمىل نۇسخا 15 ـ بەتتە چاقىلىقتىن چىقىپ 610 يول يۈرگەندە يېتىپ بارىدىغان قوشلەنزە (火石烂子)دە پاسىللىنىدىغانلىقى يېزىلغان. مۇشۇ ئەسەردە چاقىلىقتىن 410 يول جەنۇبقا يۇرسە كىچىك چىمەنتاغقا بارىدىغانلىقى، ئۇ يەردىن شەرققە 615 يول يۈرگەندە ئاندىن ئوتتۇرا چىمەنتاغدا چېگىخەي بىلەن تۇتىشىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. 1908 ـ يىلى سىزىلغان چاقىلىقنىڭ خەرىتىسىدىمۇ پاسىلنىڭ قوشلەڭزە دېگەن يەر ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

④ تاۋ باۋلىيەن: «توشقان يىلىدىكى ئۈزۈن سەپەردىن خاتىرە»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 255 ـ، 252 ـ بەتلەر.

ۋاشەھىرى كونا شەھىرىنىڭ 110 يول يەنى 55 كىلومېتىر غەربىدە تۇتاشقان[1]. 1908 ـ يىلىدىكى چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ خەرىتىسىدە[2] چاقىلىق بىلەن كېرىيەنىڭ پاسىلى چىڭگىللىكنىڭ سەل غەربىدە بولغان. شۇ يىللاردا سىزىلغان كېرىيە ناھىيەسىنىڭ خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن ئورۇنمۇ ئوخشاش.

4. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاقىلىق ئامبىلى رۇي شەن (1908 ـ يىلى ئۈچ ئاي ئامبال بولغان) «چاقىلىقنىڭ خەرىتىلىك يۇرت تەزكىرىسى»نى يازغان، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. 1910 ـ يىلى چاقىلىقتا ئامبال بولغان تاڭ گۇاڭشاۋ «چاقىلىقنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» دېگەن نامدا بىر تەزكىرە يازغان. ئۇنىڭدا، چاقىلىق 610 يول شەرقتىكى قوشلەڭزىدە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرى بىلەن، غەربتە 300 يول كېلىدىغان چىڭگىللىكتە[3] كېرىيە بىلەن، 410 يول جەنۇبتىكى چىمەنتاغدا چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن، 480 يول شىمالدىكى دۇرالنىڭ بۇياقىدا كۆنچى ناھىيەسى بىلەن پاسىللانغان. شۇ ۋاقىتتا جەنۇبتىن شىمالغا 890 يول (445 كىلومېتىر)، شەرقتىن غەربكە 910 يول (455 كىلومېتىر) زېمىنى بولغان[4] دەپ كۆرسەتكەن.

5. 1915 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى كۆنچى[5] ناھىيەسىنىڭ ئامبىلى جاڭ شىشۇ ياڭ زېڭشىنغا مەلۇماتنامە يوللاپ، تەكەنلىكتىكى ئەرنىڭ پاسىل ماجىراسى قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلغان، شۇ سەۋەبتىن ياڭ زېڭشىن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ئىلگىرىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆچۈرۈپ يوللاشقا يارلىق چۈشۈرگەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يوللىغاندىن كېيىن ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ياڭ زېڭشىن

---

① ۋۇ تىڭشىي: «شىنجاڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە تولۇقلىما»، 1 ـ جىلد، زېمىن، فاكسىمىل نۇسخا 15 ـ بەتتە چاقىلىق بىلەن چەرچەن ئارىسىدىكى پاسىلنى، چاقىلىقنىڭ 300 يول غەربىدىكى چىڭگىللىك، 690 يول كېلىدىغان غەربىي جەنۇبىدىكى قوزۇققاقتى، 750 يول غەربىي شىمالىدىكى شاپتۇللۇق قاتارلىق جايلاردا ئىكەنلىكى يېزىلغان.

② ③ ما داجيڭ قاتارلىقلار رەتلىگەن: «شىنجاڭنىڭ يۇرت تەزكىرىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 488 ـ ، 507 ـ بەتكە قاراڭ.

④ بۇ نام بەزى ماتېرىياللاردا 青格里克 ، بەزىسىدە 沁克里克 دەپ يېزىلغان، چىڭگىللىكمۇ ۋە چىگىلىكمۇ داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، مەن چىڭگىللىك بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدىم، بەزى كىشىلەرمۇ مۇشۇ خىل قاراشنى قوللىماقتا، چۈنكى شۇ ئەتراپتا چىڭگىل (كىچىك ۋاقتىمىزدا چىكەچىڭگۇل دەپ ئاتايتتۇق ۋە مېۋىسىنى يەيتتۇق) ئۆسىدىكەن. چىڭگىل بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ خەنزۇ تىلىدا 牛皮消 دېيىلىدۇ.

⑤ ئەسلىي ماتېرىيالدا 新平 دەپ يېزىلغان، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ناھىيە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «كۆنچى» دېيىلگىنى ئۈچۈن كېيىنكى نام لوپنور بىلەن ئەمەس، كۆنچى دېگەن تارىخىي نام بىلەن ئېلىندى. خەنزۇچە ماتېرىياللارنىڭ بەزىلىرىدە 新平غا شىنىغا دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. ۋۇ تىڭشىينىڭ «شىنجاڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدە قاراقۇمنى مەركەز قىلغان بۇ يۇرتنىڭ 1898 ـ يىلىدىن باشلاپ خەنزۇچە 新平 دەپ، 1903 ـ يىلىدىن باشلاپ 尉犁县 دەپ ئاتالغانلىقى، 1904 ـ يىلى ناھىيە مەركىزىنىڭ كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا، چۆللۈكنىڭ غەربىگە يۆتكەلگەنلىكى يېزىلغان. قاراڭ: ۋۇ تىڭشىي: «شىنجاڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە تولۇقلىما»، 1ـ جىلد، زېمىن، فاكسىمىل نۇسخا 14 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشر قىلغان «لوپنور ناھىيەسى تەزكىرىسى»نىڭ 36 ـ بېتىدە، «1960 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن لوپنور ناھىيەسىنىڭ ئۇيغۇرچىدىكى ‹كۆنچى› دېگەن نامىنى ‹لوپنور›غا ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىدى» دېيىلگەن.

پەرمان چىقارغان. پەرماندا «تىكەنلىك - يېڭىسۇ ئىككى مەھەللىسى ئەسلىدە ئاراتارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى پاسىل قىلغان ئىدى. تۇنجى قېتىم پاسىل ئايرىلغاندا، ھەيئەتلەر رۇ خۇنيەن، تاۋ جېنلار ھاۋا سوغۇق بولغانلىقتىن نەق مەيدانغا بېرىپ كۆزەتمەستىن، قاراشەھەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ سىزغان خەرىتىسىگە ئاساسەن پاسىل ئايرىغان. ئاراتارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ زادى قەيەر ئىكەنلىكىنى ئىككى مەھەللىدىكى ئاھالىلەر كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، شۇڭا ئىككى ئارىدىكى تارتىشما تۈگىمىگەن. ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 2 - يىلى[1] جاڭ ۋېنشېڭ ئىككى ناھىيەدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا شەخسەن ئۆزى نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، بەش چوڭ توپا دۆڭنى پاسىل قىلىپ بېكىتكەن، شۇندىن باشلاپ ئاراتارىم دەرياسىنى پاسىل قىلىش ئەمەلدىن قالغان، بۇ گوڭ ھەيئەتنىڭ كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن ئالدىراپ ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنىڭ بىرىنچى سەۋەبىدۇر. قاراشەھەر مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ چۈننىڭ ئېيتىشى بىلەن جاڭ ۋېنشېڭ چاقىلىق - كۆنچى پاسىلىغا بارغان ھەمدە پاسىلنى بېكىتكەن، ئارىلىقنى ئۈچ ئۈلۈشكە بۆلۈپ تىكەنلىككە ئىككى ئۈلۈشنى، يېڭىسۇلۇقلارغا بىر ئۈلۈشنى ئايرىغان، يېڭىسۇلۇقلارغا تەۋە بولغان بىر ئۈلۈش ئىچىدىكى بەش يول ئارىلىقنىمۇ تىكەنلىككە بۆلۈپ بېرىپ، بەش چوڭ توپا دۆڭ ياساپ پاسىل قىلغان، تەپسىلاتىنى خەرىتە بىلەن چۈشەندۈرۈپ دېلو تۇرغۇزۇپ يۇقىرىغا يوللىغان. چاقىلىق ئامبىلى تەڭسىزلىك ھېس قىلىسىمۇ تىكەنلىك ۋە يېڭىسۇ مەھەللىسىدىكىلەر باشقىچە پىكىردە بولمىغان، چاقىلىق ۋە كۆنچى ناھىيەسىدىكى ئەمەلدارلارمۇ ئېتىراپ قىلىپ مۆھۈرلىرىنى بېسىشقان. نەچچە يىل ئۆتۈپلا ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تىكەنلىك مەھەللىسىدىكىلەر پاسىلدىن ئۆتكەن ۋە جاڭ ھەيئەتنىڭ ئايرىشى ئادىل بولمىغان... دېگەندەك باھانىلەرنى كۆرسەتمەكتە. سوراپ باقسام، بەش دۆۋىنى پاسىل قىلسا گوڭ ھەيئەتكە نېمە پايدا؟ دېلو تۇرغۇزۇلغان تەپسىلىي ماتېرىيالنى گوڭ ھەيئەت ئۆزى ياساپ چىققانمۇ؟ بېجىرىلگەن بۇ دېلونى نە ۋەجىدىن بىكار قىلغۇدەكمىز؟ شۇڭا، بۇنى يەنە يېنىكلىك بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، مانا بۇ ئىككىنچى سەۋەبتۇر.... قاراشەھەر مەھكىمىسىنىڭ ئامبىلى جاڭ شى پاسىل ئىشىغا ئېتىبار بىلەن قارىمىغانلىقتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان، پاسىل ئايرىلغان ھۆججەتنى ناھىيەلەرگە يوللاپ بەرمىگەن، شۇڭا ناھىيەلەردىمۇ تەتبىقلىغۇدەك تەستىقىي ھۆججەت بولمىغان، شۇڭا تىكەنلىك مەھەللىسىنىڭ ئاھالىلىرى پاسىل ئايرىش ئىشى تەستىقلانمىدى دەپ قارىغانلىقتىن، بۈگۈنكى پاسىل ماجىراسى قايتىدىن كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە قاراشەھەر مەھكىمىسى ئەمەلدار ئەۋەتىپ پاسىل ئايرىغان ئىش شۈەنتۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 2 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تەستىقلىنىپ چۈشكەن[2]، ھازىر

① مىلادىيە 1910 - يىلى.
② مىلادىيە 1910 - يىلى 6 - ئاي .

ئارخىپتا بار، كۆچۈرۈلۈپ ئىككى ناھىيەگە پايدىلىنىشى ئۈچۈن يوللاپ بېرىلىدۇ. يۇقىرىقى تەستىق ھۆججەت بولغانلىقى يەنە قايتىدىن پاسىل ئايرىلمايدىغانلىقىنىڭ 3 ـ سەۋەبىدۇر. شۇ قېتىمقى پاسىل ئايرىش بۇرۇنلا ئومۇمىي تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن، ئومۇمىي تەزكىرىنىڭ قۇرۇلۇش قىسمى ئىچىدە، ئوقۇپ كۆرۈلسە بولىدۇ: چاقىلىق شىمالىغا 440 يول كېلىدىغان يەردىكى چوڭ بەش دۆۋە توپا بار يەردە كۆنچى ناھىيەسى بىلەن پاسىلداش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاراتارىمنىڭ پاسىل قىلىنغانلىقى، چاقىلىق ۋە كۆنچى ئاھالىلىرى دەريا سۈيى سەۋەبلىك ماجىرا قىلىدىغانلىقى، شۇەنتۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 2 ـ يىلى ھازىرقى پاسىلغا ئۆزگەرتىلگەنلىكى قاتارلىقلار ئىزاھلانغان. شۇ ۋاقىتتا ئايرىلىپ بېكىتىلمىگەن بولسا قانداقچە تەزكىرىگە پۈتۈلىدۇ؟ شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىگە ئاساسلانساق بولىدۇ، مانا بۇ پاسىلنى قايتا ئۆزگەرتمەسلىكىمىزنىڭ 4 ـ سەۋەبىدۇر. مانا مۇشۇنداق كۆپلىگەن ئاساسلار سەۋەبلىك چاقىلىق ۋە كۆنچى پاسىلى قايتىدىن ئۆزگەرتىلمەيدۇ. يېڭىسۇغا تەۋە 11 ئائىلە ئالدىنقى دېلو مىسالى ئىچىدە يېزىلغان، ئۇلار ئۆز ئورنىدا تېرىقچىلىق قىلماقتا، ئۇلارنىڭ باج ـ سېلىقى چاقىلىققا ئايرىلغان، لاشىن مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ كۆپى تىكەنلىككە ئايرىلغان، ئەينى ۋاقىتتا ئاقسۇ ۋىلايىتى مەنسەپدارلىرى ۋە ئىككى ناھىيەنىڭ ئامبىلى بىرلىكتە ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرۈپ كېلىشكەن، ئەگەر مۇشۇ دېلودىكى ئاھالىلەر ئەسلىدە چاقىلىققا تەۋە بولغان بولسا، داۋاملىق چاقىلىققا تەۋە بولسۇن، ئەسلىدە چاقىلىققا تەۋە بولمىغانلارنى كۆنچى ناھىيەسى چارە تېپىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بۇندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇۋەتمىسۇن... 4 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى.»[①] مانا بۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانى ياڭ زېڭشىننىڭ 1915 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى[②] چۈشۈرگەن ئۇقتۇرۇشى بولۇپ، ئىككى ناھىيە پاسىل ماجىراسىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال بولالايدۇ. چاقىلىق ۋە كۆنچى ناھىيەسى ئارىسىدىكى پاسىل ماجىراسى ئەمەلىيەتتە 1903 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسى تەسىس قىلىنغاندىلا باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، تۇنجى رەت خۇنيەن، تاۋ جېن قاتارلىقلار پاسىل ئايرىغاندا قىش بولغانلىقتىن نەق مەيدانغا بارماستىن خەرىتىگە قاراپ، ئاراتارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى پاسىل قىلغان،

① جاڭ داجۈن: «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، جۇڭگو تەيۋەن لەنشى نەشرىيات شىركىتى، 1970 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 881 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشر قىلغان «لوپنور ناھىيەسى تەزكىرىسى»نىڭ 26 ـ بېتىدە «ئۆلكىنىڭ سابىق باش مۇپەتتىشى ليەن كۈينىڭ تەستىقلىشى بىلەن يېڭىسۇ، شوردۆڭ، بەشدۆڭ قاتارلىق جايلار شىنپىڭ، چاقىلىق ناھىيەلىرىنىڭ پاسىلى قىلىپ بېكىتىلدى. قاراشەھەر ۋالىيسى جاڭ چۈننىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئەۋەتىلگەن جاڭ ۋېنشېڭ ئىككى ناھىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ پاسىلنى بېكىتتى» دېيىلگەن.

② ياڭ زېڭشىننىڭ «توۋا ـ ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان پۈتۈكلەر»دە يېزىلىشىچە، بۇ يارلىق جۇڭخۇا مىنگونىڭ 4 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشۈرۈلگەن، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار جاڭ داجۈننىڭ كىتابىدىكى بىلەن ئوخشاش. مانا بۇلاردىن قارىغاندا، جاڭ داجۈننىڭ بايانلىرى پۈتۈنلەي ياڭ زېڭشىننىڭ كىتابىدىن ئېلىنغاندەك قىلىدۇ. قاراڭ: ياڭ زېڭشىن: «توۋا ـ ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان پۈتۈكلەر»، جۇڭگو تەيۋەن ۋېنخەي نەشرىياتى، 1965 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2529 ـ بەتتىن 2533 ـ بەتكىچە بولغان بايانلار.

دەريانىڭ مەركىزىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى، دەريا ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدەك سەۋەبلەر بىرلە ئىككى ناھىيەگە تەۋە بولغان ئىككى مەھەللە ئارىسىدىكى ماجىرا تۈگىمىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر نۆۋەت پاسىل ئايرىشقا توغرا كەلگەن، 2 ـ قېتىم پاسىل ئايرىغان جاڭ ۋېنشېڭ نەق مەيدانغا بارغان ھەمدە ئىككى ناھىيەدىكى ئامباللارنى كېلىشتۈرۈپ چوڭ بەش دۆۋە توپا دۆۋىلەپ دۆڭ ياساپ، پاسىل قىلىپ بېكىتكەن (خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە ياغاچتىن پاسىل بەلگىسىمۇ قادالغان) ھەمدە ئارخىپ تۇرغۇزغان، بۇ قېتىمقى پاسىل ئايرىش ئىشىنى چىڭ سۇلالىسى 1910 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تەستىقلاپ ھۆججەت چۈشۈرگەن، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئومۇمىي تەزكىرە ناملانغان تەزكىرىگىمۇ پۈتۈلگەن، لېكىن قاراشەھەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋالىيسى ھۆججەتنى ئىككى ناھىيەگە چۈشۈرۈپ بەرمىگەن، مۇشۇ سەۋەبتىن پاسىل مەسىلىسىدە يوچۇق ئىزدىگەن ئامباللار پاسىل تېخى تەستىقلانمىدى دەپ قاراپ، ئازغىنە باج ـ سېلىقنى كۆزلەپ يەنە ماجىرا تۇغدۇرغان، شۇڭا بۇ ماجىرا ئۇلغىيىپ ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىنغا دەۋاغا بارغان. يۇقىرىدا كۆرگەن مەلۇماتلار نېگىزىدىن ئالغاندا، ئەمەلىيەتتە ياڭ زېڭشىننىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان، ئىشەنچلىك دەرىجىسى يۇقىرى مەنبەدۇر. كۆرگىنىمىزدەك، ياڭ زېڭشىن ئىككى ناھىيە ئارىسىدىكى پاسىل مەسىلىسىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چۈشۈرگەن تەستىق ھۆججىتىنى ئىناۋەتكە ئىگە قىلىپ، قايتىدىن پاسىل ئايرىشنى رەت قىلغان ھەمدە تەستىق ھۆججىتىنى چۈشۈرۈپ بېرىشنى يارلىق قىلغان. ۋۇ تىڭشيې يازغان «شىنجاڭنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە تولۇقلىما» ناملىق ئەسەردە چاقىلىق بىلەن كۆنچىنىڭ پاسىلى چاقىلىقنىڭ 440 يول شىمالىدىكى بەش توپا دۆۋىسى ئىكەنلىكى، 640 يول شەرقىي شىمالىدا ئالتەياغاچ (而得野古其) دېيىلىدىغان يەر ئىكەنلىكى يېزىلغان①.

6. گومىنداڭنىڭ باج ئەمەلدارى شيې بىن 1917 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسىدىن ئۆتكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ «شىنجاڭغا ساياھەت» ناملىق كىتابىدا شۇ ۋاقىتتىكى چاقىلىق ھەققىدە خېلى ياخشى مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. مۇشۇ كىتابتا چاقىلىق ناھىيەسى بىلەن كېرىيەنىڭ (چەرچەننىڭ) پاسىلى چېگىللىك بولۇپ بۇ يەردىكى يايلاقتا بۇرۇن چاقىلىقنىڭ چارۋىچىلىرى مال باققان، ھازىر چەرچەنگە ئايرىپ بېرىلگەن، چاقىلىق ئاھالىلىرىنىڭ بۇنىڭغا پىكرى بار ئىكەن، كەلگۈسىدە پاسىل ماجىراسى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، دەپ يازغان. مۇشۇ كىتابتا يەنە چېگىللىكتىن شەرققە 20 يول يۈرسە چاپانقالدى، يەنە 20 يول يۈرسە ئۆزۈنچاۋا، 25 يول يۈرسە بەل بولۇپ مۇشۇ يەردە چەرچەن بىلەن چاقىلىق تۇتىشىدۇ، مۇشۇ يەردە توغراقتا خەت ئويۇپ پاسىل بەلگىسى قىلىنغان، دەپ يېزىلغان. «چەرچەننىڭ پاسىل خەرىتىسى» دېگەن ئەسەردە، چەرچەننىڭ شەرقىي پاسىلى مىڭبۇلاق (تەلەپپۇزىدا ئۇلاق ئاڭلىنىدۇ ــ نەقىلچى) دېيىلگەن ھەمدە چەرچەن

① ۋۇ تىڭشيې: «شىنجاڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە تولۇقلىما»، 1 ـ جىلد، فاكسىمىل نۇسخا، 15 ـ بەت.

ناھىيەسى تەسىس قىلىنىشتىن بۇرۇن كېرىيە بىلەن چاقىلىقنىڭ پاسىلى چېگىلىك ئىدى، دەپ ئىزاھلانغان. ستەيىن «جۇڭگو ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە» ناملىق كىتابىدا: «يول بويىدىكى پەيلۇ دەپ ئاتالغان، يولدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە يول بەلگىسى (路牌) بار ئىكەن، يول بەلگىسىنىڭ خېتى بىر قوزۇقتا[1] ئىكەن، بۇ يەردە كىچىك بىر ئۆي بار، بۇ قوزۇق كېرىيە بىلەن چاقىلىقنىڭ پاسىل بەلگىسى ئىكەن» دەپ يازغان، بۇ بەلگىم 1906 - يىلىنى كۆرسىتىدىغان خاتىرىدۇر. 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن چەرچەندە تەكشۈرۈش (جىچا) ئىدارىسى قۇرۇلۇپ كېرىيەنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، 1913 - يىلى چاقىلىق ناھىيەسىگە بۆلۈپ بېرىلگەن. چاقىلىقتا ناھىيە تەسىس قىلىنىپ 11 يىلدىن كېيىن يەنى 1914 - يىلى چەرچەن ناھىيەسى تەسىس قىلىنغان. مۇشۇلاردىن قارىغاندا، چەرچەن كېرىيەگە قارىغان ۋاقىتتا پاسىلى چېگىلىكتە، چەرچەن ناھىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بەل دېگەن يەردە بولغان. شيې بىن كۆنچى ناھىيەسى بىلەن بولغان پاسىلى ھەققىدىمۇ خېلى ئېنىق مەلۇمات قالدۇرغان، مۇنداق دېيىلگەن: «يېڭىسۇدىن چىقىپ غەربىي شىمالغا يۈردۇق، ئوت - چۆپلۈك كۆل بولۇپ مەھەللىلەر ئۈزۈلمەيدىكەن. 12 يول يۈرۈپ ئاراتارىمغا كەلدۇق، بۇ تارىم دەرياسىنىڭ بىر تارامى بولۇپ شەرققە ئېقىپ كۆنچى دەرياسىغا قوشۇلىدىكەن... يەنە 30 يول يۈرسە پاسىل بەلگىسى بولۇپ چاقىلىق بىلەن كۆنچى ناھىيەسىنىڭ پاسىل يېرى ئىكەن، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە توپا دۆڭ بولۇپ ياغاچ بىلەن بەلگە قىلىنغان ئىكەن. بۇ يەردىن يەنە 28 يول يۈرۈپ دۇرالغا يېتىپ باردۇق...»[2] دېيىلگەن. مانا مۇشۇ ئۇچۇردىن قارىغاندا، كۆنچى ناھىيەسى بىلەن چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ پاسىلى ئىزچىل ھالدا دۇرال سېپىلىنىڭ 14 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى بەش دۆڭ (دۆۋە) بەلگە قىلىنغان، بۇ يەر ئاراتارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولغان. چاقىلىقنىڭ شەرقىي تەرەپلىرى، جۈملىدىن ماڭلاي ۋە باشقا تەرەپلىرىدىكى پاسىلى توغرىسىدا مەرھۇم تارىخچى ئابدۇۋەلى روزى مەخسۇس ماقالە يېزىپ تونۇشتۇرغان ئىدى، شۇڭا بۇ ھەقتە كۆپ توختالمىدۇق، بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئەنە شۇ ماقالىسىمۇ («چاقىلىق تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 - توپلام) مۇراجىئەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

7. شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى بولغان ياڭ زېڭشىننىڭ «توۋا - ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان پۈتۈكلەر»نىڭ 2 - توپلام 2 - كىتابىدا قاراسېپەچىلەرنىڭ چاقىلىق ئامبىلى خۇ دېيەنخۇانى ئۆلتۈرگەن ۋەقەلىكىنى بايان قىلىنغاندا، قاراشەھەردىكى چېرىكلەرنىڭ باشلىقى تۇڭ مىڭسەينىڭ چاقىلىققا بېرىپ دېلو بېجىرىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مىنگونىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 1913 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى

① ۋۇ تىڭشيې: «شىنجاڭنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە تولۇقلىما»، فاكسىمىل نەشرى، 4 - جىلد 2 - بۆلۈم 19 - بەت، 447 - بەتتە چاقىلىق ۋە چەرچەن پاسىلىدا توغراقتا خەت يېزىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

② شيې بىن: «شىنجاڭغا ساياھەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 187 -، 199 - بەتلەر.

تېلېگراممىسىدا چاقىلىق ناھىيەسىگە تەۋە يېڭىسۇ (叶密苏) دېگەن يەرده[1] دېگەن بايانمۇ بار، قاراشەھەرنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆلكە تۇتۇقىغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا يېڭىسۇنىڭ قەيەرگە تەۋە ئىكەنلىكى خاتا يوللاپ قېلىشى مۇمكىنچىلىكى يوق دېسەك خاتالاشمايمىز.

8. 1948 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى، «شىنجاڭ ئۆلكىسى چەرچەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرگەن ھەربىي ئىشلاردىكى مۇھىم جايلار تەزكىرىسىنىڭ چۈشەندۈرمىسى»دە «چەرچەن ناھىيەسى شەرقتە چاقىلىق ناھىيەسى بىلەن چاپانقالدىدا تۇتىشىدۇ (كونا يول بويىچە)، يەنە ئاقتازغا 45 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى شاپتۇلكۆلدە تۇتىشىدۇ (يېڭى تاشيول بويىچە)، ناھىيە مەركىزى بىلەن شاپتۇلكۆل ئارىسى 165 كىلومېتىر...»[2] دېيىلگەن. مانا مۇشۇ ماتېرىيالغا قارىغاندا، پاسىل يول لىنىيەسى بويىچە كۆرسىتىلىپ تۇرغان. يۇقىرىدا دېيىلگەن چاپانقالدى دېگەن جاي نامى ھازىرغىچە ساقلانغان بولۇپ شۇ ۋاقىتتىكى چەرچەن دەرياسىنى بويلىغان يول (چەرچەن، تاتىراڭ، چوڭكۆل، ئاقتاز، ياقاتوغراق، چاپانقالدى) لىنىيەسىدىكى بىر جاي. 1942 ـ يىلى چاقىلىق بىلەن چەرچەن ئارىسىدىكى تاشيول ياسالغان. بۇ يول چەرچەن دەرياسىنى بويلىماستىن ئارال، جاڭگالساي، بەشتوغراق ئارقىلىق ۋاششەھەرگە تۇتاشقان. شاپتۇلكۆل چاپانقالدىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى يايلاق بولۇپ شۇ كۆلنىڭ شەرقىي تەرىپى چاقىلىق ناھىيەسىگە تەۋە بولغان. 1940 ـ يىللاردىكى پاسىل ۋە يول لىنىيەسى ھەققىدە گومىنداڭ دەۋرىدە، يەنى 1944 ـ، 1948 ـ يىللىرى سىزىلغان خەرىتىلەر ھەم 1966 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلىرى توپلىمى»دىن كۆرۈش مۇمكىن.

9 يەر نامىلىرى تەتقىقاتچىسى، مەرھۇم نىياز كېرىمنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، چاقىلىق بازىرىدىن قوشلاشقىچە 120 يول، لايدۆڭگىچە 230 يول، يىلۋاچىمەنگىچە 370 يول، ماندارلىققىچە 430 يول، تۆمۈرلۈككىچە 575 يول، غازكۆل (شوركۆل دەپمۇ ئاتالغان) گىچە 630 يول، ئۇ يەردىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ 50 يول يۈرسە قابۇتۇبۇلاققا، ئۇ يەردىن ماڭلايغا 60 يول، غاشۇنغىچە 120 يول كېلىدۇ. چاقىلىقتىن چىمەنتاغ ئېغىزىغىچە 900 يول كېلىدۇ، بۇرۇنقى ۋاقىتتا چېگىخەي بىلەن شىنجاڭنىڭ پاسىلى مانا مۇشۇ چىمەنتاغ ئېغىزىدا ئىدى[3].

مەرھۇم تارىخچى ئابدۇۋەلى روزى «تۆمۈرلۈك، ئارال، چىغلىق، داۋزا، يۇرەكتاش، سېرىقساي، مۇزلۇق، قاراساتى، ماندالىق، قورامىلىق، گەنجىلىك، سۇلۇقساي، ئاتئىتقان،

---

① ياڭ زېڭشىن: «توۋا ـ ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان پۈتۈكلەر»نىڭ 2 ـ توپلام 2 ـ كىتاب. جۇڭگو تەيۋەن ۋېنخەي نەشرىياتى، 1965 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 453 ـ بەتكە قاراڭ.

② شياۋ خېنلى: «چەرچەننىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشى ۋە ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ناھىيە پاسىلىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى چەرچەن ناھىيەلىك كومىتېتى تۈزۈپ باستۇرغان: «چەرچەن تارىخ ماتېرىياللىرى (2)»، 2008 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

③ نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 249 ـ بەت.

قىزىلچاپ، ئىشەكپاتتى، قۇمتاغ (يۇشاشەن)، يىتىمبۇلاق ــ ئومۇمەن چوڭ چىمەن، ئارا چىمەن، كىچىك چىمەنتاغلىرى پۈتۈنلەي چاقىلىق پاسىلى ئىچىدە ئىكەنلىكىگە تارىخنى ئاختۇرۇپ پاكىت ئىزدەش هاجەتسىز... شىنجاڭ بىلەن چىڭخەي پاسىلى ‹داۋزا› (دەرۋازا) دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ پاسىلنىڭ شىمالى ‹قوچقار›، ئوتتۇرا قىسمى ‹داۋزا›، جەنۇبى ‹يۇرەكتاش› دەپ ئېنىق بىرلىككە كەلگەن. 1903 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن 1949 ـ يىلى شىنجاڭ ۋە چىڭخەي ئازاد بولغىچە، چاقىلىق ناھىيەسى بۇ يەرگە 14 نەپەر ئەمەلدار (شاڭيو) تەيىنلىگەن ياكى ئالماشتۇرغان، باجگىر ئەۋەتكەن...»[①] دەپ يازغان. مەرھۇمنىڭ بۇ ماقالىسى ناھايىتى ياخشى يېزىلغان، چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن بولغان پاسىل ئۆزگىرىشى، سەۋەب ۋە جەريانلىرى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ ماتېرىيال مەڭگۈ ساقلاشقا ئەرزىيدىغان تارىخىي مەنبە بولسىمۇ پاكىت سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان ھۆججەتلەرنىڭ ساقلانغان ئورنى ۋە نومۇرىنىڭ ئىزاھلانمىغانلىقى ئەپسۇسلىنارلىق بولغان، كۆپىنچە ماتېرىياللار خەلق ئېغىزىدىن توپلانغان بولغاچقا يازما پاكىتى يوق، باشقىلارغا پاكىت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلدۇرۇش قىيىن بولۇپ قالغان. مۇمكىن بولسا شۇ پاكىتلارنىڭ سۈرىتى بېرىلگەن بولسا، قايىل قىلىش كۈچى تېخىمۇ يۇقىرى بولاتتى.

چاقىلىق ناھىيەسىدە ئۆتكەن نامدار مائارىپچى، مەرھۇم ئىبراھىم سەيدۇللا چاقىلىقنىڭ پاسىلى توغرۇلۇق توختىلىپ، «شىمالدىن دۇرالىنىڭ يېنىدىكى بەشدۆۋە، شەرقىي تەرەپتىن خوجا چۈشكۈن (دۇنخۇاڭ بىلەن چاقىلىقنىڭ ئارىسىدا)، شەرقىي جەنۇبتا داۋزا، غەربىي تەرەپتىن ياقاتوغراق چاقىلىقنىڭ پاسىلى قىلىپ بېكىتىلىپ، شۇ چاغدىلا تاشقا خەت ئويۇپ كۆمۈۋەتكەن»[②] دەپ يازغان. ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدە پاسىل ئايرىش ساقال ئامبال دېگەن كىشىنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى ئىكەنلىكى يېزىلغان بولسىمۇ هازىرچە ئېنىق يىلىنى بېكىتىش قىيىن، ئەمما 1908 ـ يىلىدىن بۇرۇن 1902 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئىش بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا چاقىلىق ناھىيەسى تەسىس قىلىنغان 1903 ـ يىلىدىكى ئىش بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. «چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»نىڭ باش تۈزگۈچىسى لى شۋاڭچېڭ «چاقىلىقتىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى»دە 1910 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چاقىلىق بىلەن لوپنور پاسىلىنىڭ بەشدۆڭ قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى، پاسىلنىڭ چاقىلىق ناھىيە بازىرىغا 440 يول (220 كىلومېتىر) ئىكەنلىكىنى، قاراشەھەر مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ چۈننىڭ جاڭ ۋېنشېڭ ئىسىملىك بىرىنى مۇشۇ ئىشنى ھەل قىلىشقا

① ئابدۇۋەلى روزى: «1903 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى چىمەن رايونىغا نەزەر»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى چاقىلىق ناھىيەلىك كومىتېتى تۈزگەن «چاقىلىق تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 ـ توپلام، ئۇيغۇرچە، 150 ـ بەت.

② ئىبراھىم سەيدۇللا: «چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئامبال بولغان كىشىلەر»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (48)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 237 ـ بەت.

ئېۋەتكەنلىكىنى، جاڭ ۋېنشېڭنىڭ ئىككى ناھىيەنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن شۇ جايلاردا تەكشۈرۈپ بېكىتكەنلىكىنى يازغان[①]، بۇلار ئەمەلىيەتتە ساقلانغان ئارخىپ ـ ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىلغانلىقىدا شۈبھە يوق. ئۆزۈلمەس دەۋا بولۇپ قېلىۋاتقىنىغا بىر ئەسىر بولۇپ قالغان چاقىلىق ـ لوپنور پاسىل مەسىلىسىگە ياڭ زېڭشىنمۇ كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمىغان. شىڭ شىسەي زامانىدا ئۆلكىدە رەھبىرىي تارماقلاردا ئىشلىگەن جاڭ داجۈننىڭ ئارخىپ ـ ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىشىچە، ياڭ زېڭشىن چاقىلىق بىلەن كۆنچى ئارىسىدىكى پاسىلنى بېكىتكەندىن كېيىن تېزىمغا ئېلىپ تەزكىرىگە پۈتكۈزگەن، شۇ ۋاقىتتا چاقىلىقنىڭ شىمالىي پاسىلى ناھىيە بازىرىدىن 440 يول نېرىسىدىكى بەش دۆۋە توپا دۆڭ ئىكەنلىكى 1915 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بېكىتىلگەن[②]. ئومۇمەن ئالغاندا، چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ پاسىلى 1903 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئاساسەن ئۆزگەرمىگەن، شۇ ۋاقىتتىكى پاسىلى ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا ناھايىتى ياخشى ئۇچۇرلار ساقلانغان، ھەتتا خەرىتىلىرى بار. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئەينى ۋاقىتتىكى چېگرالارغا مەخسۇس بەلگىلەر قادالغان. خەلق ئارىسىدىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئۆلكىلىرى بىلەن بولغان پاسىلىدا «داۋزا» دېگەن خەت ئويۇلغان تاش بەلگە قىلىنغان، بەزى ۋاقىتلاردا «داۋزا» دېگەن تاشنىڭ مەقسەتلىك يۆتكەلگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. مەيلى قايسى تەرەپتە بولمىسۇن پاسىل بەلگىلىرى ئاساسەن يول بويلىرىغا ياسىلىپ (كۆنچى بىلەن چاقىلىق پاسىلى سۈنئىي بەش دۆۋە ياسىلىپ، ئۇنىڭغا ياغاچتىن بەلگە تىكلەنگەن. چىڭخەي بىلەن بولغان پاسىلغا «داۋزا»[③]

---

① جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى چاقىلىق ناھىيەلىك كومىتېتى: «چاقىلىق تارىخ ماتېرىياللىرى (1)»، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 62 ـ بەت.

② جاڭ داجۈن: «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، جۇڭگو تەيۋەن لەنشى نەشرىيات شىركىتى، 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 881 ـ بەت.

③ داۋزا دېگەن پاسىل تېشى يەنى چىڭخەي بىلەن چاقىلىق پاسىلىدىكى بۇ بەلگە تېشىنىڭ يۆتكەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەلىكنى چاقىلىق ناھىيەسىدە بىلمەيدىغانلار ناھايىتى ئاز بولۇشى مۇمكىن. ئىسھاق ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ قاتنىشىشىدا چىڭخەي تەرەپ بۇ تاشنى تۆگىگە ئارتىپ يۆتكىۋەتكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن بولغانلىقى ئېنىق، لېكىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن بولغانمۇ ياكى ئۆلكىنىڭ خاھىشى بىلەن بولغانمۇ، بۇنى ھازىرچە ئۇقمايمىز. ھازىر دۆلەت 315 ـ تاشيولىنى بويلاپ يەتتەبۇلاق (خۇاتۇگۇ)تىن دۇنخۇاڭ تەرەپكە يۈرسە 60 نەچچە كىلومېتىردا «داۋۇسى» (داۋزا) دېيىلىدىغان يول ئاسراش پونكىتى بار. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، داۋزا دېگەن ئورۇن مۇشۇ ئەتراپتا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بولۇشى مۇمكىن، يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ يۆتكەپ كېلىنگەن جايى بولۇشىمۇ مۇمكىن. 1972 ـ يىلى خەرىتە نەشرىياتى خەنزۇچە نەشر قىلغان «دۇنيا خەرىتىلىرى توپلىمى»نىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى» قىسمىدا بۇ جاينىڭ نامى 大乌斯 دەپ كۆرسىتىلگەن، بۇ جاي خەرىتىدىن قارىساق، ھازىرقى ماڭلاي بازىرىدىن ئۆتۈپ قۇمتاغ (يۇشاشەن)، ئۇندىن كېيىن داۋزا (大乌斯)، ئۇندىن كېيىن «ماڭلاي» (茫崖)غا يېتىپ بارىدۇ. 1960 ـ يىللىرى چاقىلىق ناھىيەسىگە تەۋە «ئارال (阿拉尔)» ۋە «كونا ماڭلاي» دېگەن جايلار دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، ئاھالە يۆتكەپ كېلىش ئۇسۇلىدا چىڭخەي تەۋەسىگە ئۆتۈپ قالغان، شۇ ۋاقىتتىكى خەرىتىلەردە چىڭخەي ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقانلىقتىن چىڭخەيگە تەۋە قىلىپ سىزىلىپ مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا ئاھالىلەر ئارىسىدا توقۇنۇشمۇ پەيدا قىلغان. چىڭخەي ۋە شىنجاڭ ئارىسىدىكى بۇ پاسىل مەسىلىسى مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كۆپ قېتىم كېڭەشىش ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتا «دۆلەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى» ئاچقان تاشپاختا كانىنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكى، بۇ كان رايونىنى چىڭخەي ئۆلكىسى ئەمەلىي باشقۇرۇپ تۇرغانلىقى قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەر ئاساسىدا، 2001 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا ھازىرقى پاسىل بېكىتىلگەن. 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، دۇنخۇاڭ ۋە يەتتەبۇلاق قاتارلىق جايلاردا خىزمەت قىلغان ئىسھاق ھاجىم ئوغلى مەمتىمىن بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزدە «داۋزا» دېيىلگەن جاينىڭ يەتتەبۇلاقنىڭ 40 كىلومېتىر دەك شەرقىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

دېگەن خەت ئويۇلغان تاش بەلگە قىلىنغان، چەرچەن بىلەن چاقىلىق پاسىلىغا توغراقتا خەت ئويۇپ بەلگە قىلىنغان)، ئۆتكەن ـ كۆچكەنلەرگە بارغان ـ كەلگەن جايىدىن بېشارەت بېرىش رولىنى ئويناش بىلەن بىرگە نازارەت قىلىشتىمۇ قولاي شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن①. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن پاسىللاردا قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئاساسىي جەھەتتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتىكى ئەھۋال بىلەن ئوخشىشىدۇ.

قىسقىچە خۇلاسە قىلغاندا، چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ پاسىلىدا ئۆزگىرىش بولغان يىللار ۋە ئەھۋالنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**1. شىمالىي پاسىلى:** 1903 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسى تەسىس قىلىنغاندا، چاقىلىق كۆنچى ناھىيەسىدىن ئايرىلغان، شۇڭا بۇ ناھىيەنىڭ دەسلەپكى پاسىل ئاساسى تۇرغۇزۇلغان، بۇ قېتىمقى پاسىل نەق مەيداننى كۆزىتىش ئارقىلىق ئايرىلماستىن قىش مەزگىلى دېگەننى باھانە قىلىپ قاراشەھەردە خەرىتىسىگە قاراپ ئايرىپ چىقىلغان. بۇ يىلدىكى پاسىللىرىنى «چاقىلىقنىڭ خەرىتىلىك يۇرت تەزكىرىسى»دىكى پاسىللىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. چاقىلىق ـ كۆنچى پاسىلى ئەينى ۋاقىتتا كونا يېڭىسۇنىڭ شىمالىدا، توغرائېقىن يەنى ئاراتارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقى بولغان. بۇ ۋاقىتتىكى ماتېرىياللاردا ئاراتارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسى دېيىلگەن، خەرىتىلەردە جۇملىدىن شۇ ۋاقىتتىكى چاقىلىق، كۆنچى ۋە قاراشەھەر خەرىتىلىرىدە مۇشۇ ئېقىننىڭ شىمالىي قىرغىقى ياكى ئېقىن پاسىل قىلىپ سىزىلغان. بۇ پاسىل دىلپار ۋە توغراقبۇلاقنىڭ سەل جەنۇبىدا بولغان. 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە تىكەنلىك ـ يېڭىسۇ ئارىسىدىكى پاسىل ماجىرالىرى (كونكرېت ئېيتقاندا يىغىلىدىغان باجنىڭ قايسى ناھىيەگە تەۋە بولۇشى سەۋەبىدىن) ئۈزۈلمىگەنلىكتىن، قاراشەھەردىن مەخسۇس ئەمەلدار كېلىپ، ئىككى ناھىيە ئامباللىرىنىڭ ھەمسەپەرلىكىدە نەق مەيدان كۆزىتىلىپ پاسىل ئايرىلغان②. دەريا ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ بەش توپا دۆڭ ياسالغان ھەمدە ئۇنىڭغا ياغاچتىن پاسىل بەلگىسى ياساپ قادالغان، بۇ قېتىمقى پاسىل توغرائېقىن③ يەنى ئاراتارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ شىي بىنىنىڭ 1917 ـ يىلىدىكى خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بەشدۆۋەدىن دۇرالغا 14 كىلومېتىر، يېڭىسۇغا 21 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېمەك، بەش دۆۋە نامىلانغان پاسىل كونا يېڭىسۇنىڭ 21 كىلومېتىر

① چەرچەن ناھىيەلىك يەر نامىلىرى كومىتېتى: «چەرچەن ناھىيەسىنىڭ يەر نامىلىرى تەزكىرىسى»، 1987 ـ يىلىدىكى خەنزۇچە نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن مىنگو دەۋرىدىكى ئىككى پارچە خەرىتىگە قاراڭ.

② 1910 ـ يىلى قاراشەھەر ۋالىيسى جاڭ چۈنىنىڭ ئېۋەتىشى بىلەن جاڭ ۋېنشيڭ نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرگەن، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بارغانلاردىن شىنپىڭ ناھىيەسىنىڭ ئامبىلى يى جيەنفەن، چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ ئامبىلى رۇي شەن قاتارلىقلار بار. رۇي شەن «چاقىلىقنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»نى يېزىپ چىققان، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ پاسىل توغرىسىدىكى بايانلىرى ئىشەنچلىك سانالدى. شىنپىڭ ناھىيەسىنىڭ خەرىتىسى 1907 ـ يىلى يېزىلغان «شىنپىڭ (كۆنچى)نىڭ يۇرت تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن بولغاچقا پاسىل دائىرىسىدە مەلۇم پەرقلەر بولۇشى مۇمكىن.

③ «توغرائېقىن» ياكى «توغرائېرىق» دېيىلگەن جاي ھازىرقى چاقىلىق پاسىل دەرۋازىسىنىڭ ئۈچ كىلومېتىردەك شىمالىدا، يەنى ھازىر «چۆچۈكبويىلىق» (گەنساۋچاڭ) دېگەن يەردە.

شىمالىدا بولۇپ بۇ ئارىدا پۈتۈنلەي چاقىلىقتا تەۋە مەھەللىلەر بولغان. 1914 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمى ياكى 1915 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا كۆنچىگە تەۋە ئەمەلدارلار يەنە بىر قېتىم پاسىل دەۋاسى قىلىپ شىنجاڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىنغا مەلۇمات يوللىغان. ياڭ زېڭشىن مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئاقسۇدىن ئالدۇرۇپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، پاسىلنى قايتا ئايرىش تەلىپىنى رەت قىلغان. 1952 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قاراشەھەر ۋالىيسى مۇھەممەت ئىسمايىل خىزمەت تەكشۈرۈپ چەرچەندىن چاقىلىققا كەلگەندە، شۇ ۋاقىتتىكى چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى غۇجائابلا رەھمان يېڭىسۇ چاقىلىققا بەك يىراق ئىكەن، ئىش بېجىرىشكە قولايسىز ئىكەن، تىكەنلىك رايونى① باشقۇرسا قانداق دېگەن ھەمدە «يېڭىسۇنى تىكەنلىككە قوشۇپ بېرىشكە قوشۇلىمەن» دەپ خەت يېزىپ شەخسىي تامغىسىنى بېسىپ بەرگەن. ۋالىي مۇھەممەت ئىسمايىل قاراشەھەرگە قايتىشىدا يېڭىسۇ ۋە تىكەنلىكتە يىغىن ئېچىپ يېڭىسۇنىڭ تىكەنلىك رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. شۇندىن باشلاپ لوپنور ناھىيەسى يېڭىسۇنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ كەلگەن. غۇجابلا رەھماننىڭ خېتى ئەمەلىيەتتە شەخسىي قىلمىش بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك خەلق ھاكىمىيىتى تەستىقلىمىغان. 1958 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە بولغان ئاھالە كۆچۈرۈشتە يېڭىسۇدىكى كۆپلىگەن ئاھالە شۇ ۋاقىتتىكى سىياسەت بويىچە لوپنور ناھىيەسىنىڭ تارىم يېزىسىغا كۆچكەن. 1980 ـ يىللاردىكى چاقىلىق ناھىيەسى بىلەن لوپنور ناھىيەسى ئارىسىدىكى يېڭىسۇ پاسىل مەسىلىسى داۋامىدا يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئايدىڭلىشىپ، 1910 ـ يىلىدىن بۇيانقى پاسىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. چاقىلىقنىڭ شىمالىي پاسىلى بايانىدا ئىزاھلاش ھاجەتكى، بىز پايدىلىنىۋاتقان بەزى خەرىتىلەر سەۋەنلىكتىن خالىي ئەمەس. مىسالەن، «شىنجاڭنىڭ يۇرت تەزكىرىلىرىنىڭ ئارگىنالى» ناملىق كىتابنىڭ 486 ـ بېتىگە كىرگۈزۈلگەن «كۆنچى ناھىيەسىنىڭ خەرىتىسى»دە يېڭىسۇ ئاراتارىمنىڭ شىمالىغا سىزىلغان، نەتىجىدە كۆززەك (كۆزلەك 柯子拉)، يېڭىسۇ (夜密苏)، دۆرال (都拉里)②،

① تىكەنلىكتە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ساتتار مۇتەللىپنىڭ ئەسلىشىچە، تىكەنلىك رايونىدىكى لاشىن مەھەللىسىدە 100 ئائىلىلىكتەك پىچان لۈكچۈنلۈك، تۇرپان مەھەللىسىدە 14 ئائىلە تۇرپانلىق بولغان. تىكەنلىك بازار ئىچىدە تۇرپانلىق ۋە پىچانلىقلار بولىسمۇ كۆپ قىسمىنى لوپلۇقلار تەشكىل قىلغان، تىكەنلىك رايونىدا 1950 ـ يىللىرى نەچچە يۈز ئائىلە ياشىغان.

② دۆرال لوپلۇقلار تەرىپىدىن «دۆياڭ» دەپمۇ ئاتالغان، بۇنىڭ شەھەر سېپىلى 1897 ـ يىلى پۈتكەن، بۇ جاينىڭ بۇرۇنقى نامى «ئەسلى» ئىدى. ئۇنىڭ دائىرىسى 97564 كىۋادرات مېتىر بولۇپ، سېپىلنىڭ شىمال ـ جەنۇب تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 328.5، شەرق ـ غەرب تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 297 مېتىر ئىدى، سېپىل ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 6.9 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر ئەتراپىدا، سېپىل ئۈستىدە ھەر 50 مېتىرغا بىردىن قوغدىنىش ئۆيى سېلىنغان. دەرۋازىسىنىڭ كەڭلىكى 8.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 8.5 مېتىر بولۇپ ياغاچتىن ياسالغان، قوش قاناتلىق ئىدى. سېپىل ئىچى تۆتكە بۆلۈنۈپ شىمال تەرىپىگە چېرىكلەر ۋە مەمۇرىيەت ئۆيلىرى ۋە ئىككى تەرىپىدە مۇھاپىزەتچىلەر، ئەمەلدارلارنىڭ تۇرالغۇلىرى جايلاشتۇرۇلغان. سېپىل سىرتىدا پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى، بازار جايلاشقان. سېپىل قورۇلۇشىغا 2000دەك ئادەم ئۈچ يىل ئىشلىگەن. 1911 ـ، 1912 ـ يىللىرى كەلكۈن تەسىرىدە دۆرالدىكى دەريا توسمىسى يار ئېلىپ كېتىپ، دۆرال ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى كۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن.

پىچان[1] (蒲昌城)، چاپقان (卡布坎)، ئاچچىقسۇ (阿奇克苏)، دىلپار مەھەللىلىرى غەربتىن شەرققە بىر سىزىق ئۈستىگە دېگۈدەك جايلىشىپ قالغان، لېكىن مۇشۇ كىتابنىڭ 292 ـ بېتىگە قىستۇرۇلغان «كۆنچى ناھىيەسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»نىڭ خەرىتىسىدە يېڭىسۇنىڭ ئورنى توغرا كۆرسىتىلگەن. «شىنجاڭنىڭ يۇرت تەزكىرىلىرى»گە كىرگۈزۈلگەن چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ خەرىتىسىدە كۈززەك مەھەللىسى چاقىلىق تەۋەسىدە قىلىپ سىزىلغان، بۇمۇ خاتا، ئەمما «چاقىلىقنىڭ خەرىتىلىك يۇرت تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن خەرىتىدە كۈززەك مەھەللىسى چاقىلىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن. «شىنجاڭنىڭ يۇرت تەزكىرىلىرى»نىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىنغان «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دائىرە خەرىتىسى»گە كىرگۈزۈلگەن خەرىتىلەر خېلىلا تەپسىلىي بولسىمۇ قىسمەن سەۋەنلىكتىن ساقلىنالمىغان، بۇ خەرىتىلەر 1909 ـ يىلى سىزىلغان، يۇقىرىقى خەرىتىلەرنى سېلىشتۇرۇشتىن قارىغاندا، بۇ خەرىتە ئەينى ۋاقىتتىكى ئامباللار يوللىغان خەرىتىلەر ئاساس قىلىنغان ھەمدە قىسمەن تولۇقلاش ئېلىپ بېرىلغان[2].

**2. غەربىي پاسىلى:** تاۋ باۋلىيەننىڭ يېزىشىچە، 1891 ـ يىلى ئەتراپىدا پاسىل «بۇغۇلۇق» دېگەن يەردە ئىدى، يەنى ۋاششەھىرىدىن 50 يول يۇرسە چاپانقالدى، يەنە 60 يول يۇرسە بۇغۇلۇق دېگەن يەر ئىدى، مانا مۇشۇ يەردە چەرچەن دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ھەمدە كېرىيە تەۋەسىگە كىرگەن[3]. 1903 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا، چاقىلىق كېرىيە ناھىيەسى بىلەن پاسىللانغان، شۇ ۋاقىتتىكى پاسىل ۋاششەھىرىنىڭ 55 كىلومېتىر غەربىدە ئىدى. 1903 ـ يىلى ئەتراپىدا پاسىل چىڭگىللىك، قۇزۇققاقتى، تورقۇم، قىشلاق دېگەن يەرلەرنىڭ غەرب تەرىپىدە بولغان، چىڭگىللىك ۋە قۇزۇققاقتى قاتارلىق جايلاردا پاسىل بەلگىسى بولغان. 1914 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەسلىدىن كېرىيە ناھىيەسىگە تەۋە بولۇپ كەلگەن چەرچەن چاقىلىق ناھىيەسىگە

---

① 蒲昌城 1892 ـ يىلى پۇتكۈزۈلگەن ۋە ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى لوپنور ۋە چاقىلىق تەۋەلىرىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي مەركىزى قىلىنغان. 1893 ـ يىلى نەپىقە ـ دالالەت جۇجۇقى مانا مۇشۇ يەردە تەسىس قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىردىكى 蒲昌 مۇشۇ يەردە دەپ قارالغانلىقتىن مۇشۇنداق ئاتالغان. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بىر مەزگىل لوپ كۆلىمۇ پىچان كۆلى دەپ ئاتالغان. پىچان شەھىرىنىڭ ئورنى تىكەنلىكنىڭ شەرقىي شىمالىدا، دۆرال ئۆتەڭنىڭ شەرقىدە ئىدى، كېيىن بۇ يەرنىڭ سېپىلىنى كەلكۈن ۋەيران قىلىۋەتكەن. 1899 ـ يىلى لوپنور ناھىيە شىنپىڭ يېزىسى قاراقۇم كەنتىنىڭ شىمالىدا ناھىيە يامۇلى قۇرۇلۇپ شىنپىڭ (新平) ناھىيەسى دەپ ئاتالغان، چاقىلىق نائىبلىقى تەسىس قىلىنىپ شىنپىڭنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1903 ـ يىلى چارقىلىقتا ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، شىنپىڭدىن ئايرىلىپ چىققان. 1913 ـ يىلى كۆنچى دەرياسى بويىغا يېڭىدىن ناھىيە يامۇلى سېلىنغان ھەمدە يۇنىەن ئۆلكىسىدىمۇ شىنپىڭ ئاتالغان ناھىيە بولغانلىقتىن، «خەننامە»دىكى 尉犁 نامى تېپىلىپ ناھىيەنىڭ نامى خەنزۇچە يۈلىشيەن دەپ ئاتالغان. ناھىيە يامۇلى كۆنچى دەرياسى بويىدا بولغانلىقتىن ئۇيغۇرلار داۋاملىق «كۆنچى» دەپ قوللىنىۋەرگەن. پىچان ناھىيەسىنىڭ لوكچۇندىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئاھالىلەر دۆرالنىڭ 8 ـ 10 كىلومېتىردەك جەنۇبىدا مەھەللە شەكىللەندۈرگەن، مەھەللە «لاشىن مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان.

② ما داجيۇڭ، خۇاڭ گوجېڭ، سۇ فېڭلەن رەتلىگەن: «شىنجاڭنىڭ يۇرت تەزكىرىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 292 ـ، 310 ـ، 484 ـ، 486 ـ، 488 ـ بەتلىرىدىكى خەرىتىلەرگە قاراڭ.

③ تاۋ باۋلىيەن: «توشقان يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 352 ـ بەت.

قوشۇۋېتىلگەن، بۇ ۋاقىتتىكى چاقىلىق بىلەن كېرىيەنىڭ پاسىلىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ماتېرىيال كەمچىل، بەلكىم ئەندىر دەرياسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان قامغاز دەرياسىدا پاسىللانغان بولسا كېرەك. 1915 - يىلى 2 - ئايدا چەرچەن ناھىيەسى تەسىس قىلىنغان، شۇ ۋاقىتتا كېرىيە - چەرچەن، چاقىلىق - چەرچەن ناھىيە پاسىلى قايتىدىن ئايرىلغان. چاقىلىق بىلەن چەرچەننىڭ پاسىلى ئاساسەن ئۆزگەرمىگەن، جۇملىدىن بۇرۇنقى چاقىلىق - كېرىيە پاسىلى ئاساس قىلىنغان دەپ قاراپ كەلگەن ئىدۇق، ئەمما شيې بىننىڭ 1917 - يىلىدىكى خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، چەرچەننىڭ پاسىلى ئەسلىدە مىڭبۇلاق دېگەن جايدىن ئۆتۈپ چىڭگىللىكتە ئىكەنلىكى، ئەسلىدە چاقىلىق چارۋىچىلىرى مال بېقىۋاتقان يايلاقنىڭ چەرچەن ناھىيەسى تەسىس قىلىنغاندا چەرچەنگە بۆلۈنگەنلىكى، چاقىلىق چارۋىچىلىرىنىڭ نارازى ئىكەنلىكى يېزىلغان. مۇشۇ خاتىرە بويىچە بولغاندا، 1915 - يىلى چەرچەن ناھىيەسى تەسىس قىلىنغاندا، پاسىل ئەسلىدىكى چىڭگىللىكتىن شەرققە سۈرۈلگەن، يەنى چىڭگىللىكتىن 20 يول يۇرسە چاپانقالىدىغا، ئۇ يەردىن 20 يول يۇرسە ئۇزۇنچاۋاغا، ئۇ يەردىن 25 يول يۇرسە ئاندىن پاسىل ھېسابلانغان بەل دېگەن يەرگە بارغىلى بولىدىغان بولغان[①]. بەل دېگەن بۇ ناھىيە پاسىلىغا توغراق ياغىچىغا پاسىل ئىكەنلىكى يېزىلغان، بۇ يەردىن ۋاششەھىرى كونا شەھىرىگە 35 يول، ئۇ يەردىن ۋاششەھىرىگە 13 يول بولۇپ ئارىلىقى 48 يول، يەنى 24 كىلومېتىر بولغان.

**3. شەرقىي پاسىلى (گەنسۇ - دۇنخۇاڭ تەرەپ):** گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرى بىلەن بولغان پاسىل چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ 1908 - يىلىدىكى يۇرت خەرىتىسىدە ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مۇشۇ خەرىتىدىن قارىغاندا، گەنسۇ بىلەن بولغان پاسىل قوشلەڭزىنىڭ شەرقىدە، ئاستىنتاغنىڭ شىمالىدىكى قاراداۋاننىڭ شەرقىدە، خوتۇننۇر[②] نىڭ شەرقىدە پاسىللانغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە، چاقىلىقتىن دۇنخۇاڭ بىلەن پاسىللىنىدىغان يەرگىچە 305 كىلومېتىر دېيىلگەن. تاۋ باۋلىيەننىڭ كىتابىدا يازغانلىرىغا قارايدىغان بولساق، دۇنخۇاڭدىن پاسىل قومۇشلۇق جىلغا (لۇۋېيگۇ)غىچە 260 كىلومېتىر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. چاقىلىق ئامبىلى رۇي شەننىڭ

---

① شيې بىن: «شىنجاڭغا ساياھەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 186 - بەت.

② 1908 - يىلىدىكى چاقىلىق خەرىتىسىدە 回通淖尔 دەپ يېزىلغان، بۇ نامدىكى 淖尔 موڭغۇل تىلىدىكى كۆل مەنىسىنى بېرىدىغان noor ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىشقا بولىدۇ. 回通 ئەمەلىيەتتە «خوتۇن» دېگەن نامنىڭ باشقىچە يېزىلىشى بولۇشى مۇمكىن، شۇنداق بولسا موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنى شەھەرلىك مەنىسىدە «خوتۇن» دەپ ئاتىغانلىقىنى ئەسلىگىنىمىزدە، بۇ نامنىڭ ئۇيغۇر كۆلى دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى، ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. چاخار موڭغۇللىرىنىڭ ئەۋلادى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى موڭغۇل تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى، ئۇيراتشۇناس دوكتور . M ئۇلەن 2013 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كورلا شەھىرىدىكى سۆھبىتىمىزدە، ئۇيراتلار ۋە موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارنى «خوتۇن» دەيدىغانلىقى، قالماق يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردىمۇ شۇنداق يېزىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، بۇ نۇقتىنى «ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخ ئىلمى» (ئىجتىمائىي پەن يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 2012 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابىدىمۇ كۆرسەتكەن.

يېزىشچە، چاقىلىقتىن پاسىل قوشلەڭزىگىچە 305 كىلومېتىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. بۇ بايانلار بىر ـ بىرىگە زىتتەك قىلىسمۇ ئۇنداق بولماستىن يول لىنىيەسىدىكى پەرقتىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. ھازىرقى يول لىنىيەسى بۇرۇنقى يول لىنىيەسى بىلەن ئاساسەن پاراللېل دېگۈدەك ياسالغان، ھازىرقى يول لىنىيەسى بويىچە بولغاندا چاقىلىقتىن يول ئايرىلىش ــ باشقورغانغىچە 196 كىلومېتىردەك كېلىدۇ، ئەگەر بۇ مۇساپىنى 200 كىلومېتىر ھېسابلىساق، باشقورغاندىن شەرققە يەنە 105 كىلومېتىر يۈرگەندە ئاندىن قوشلەڭزىگە، توغرىسى ئۇنىڭ شەرقىگە جايلاشقان پاسىلغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك مەسىلە كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا پاسىل قوشلەڭزە دېيىلگەن، ئەينى زاماندا قوشلەڭزە دەپ ئاتالغان جاي ئىككى بولۇشى مۇمكىن، يەنى پاسىل دېيىلىۋاتقان 火石镰子 قۇمتاغ قۇملۇقىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىراق، قاراداۋاننىڭ شىمالىدا (شەرقىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ) بولۇشى كونكرېت ئېيتقاندا سۇلې دەرياسىنىڭ ئاياغ ئۇچىدا، تۇخۇلۇ ئويمانلىقىدا بولۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا مۇندىن 100 يىللار بۇرۇنقى خەرىتىلەرگە ئۇدۇللىشىدۇ[1]. 1966 ـ يىلى ۋە 2005 ـ يىلى نەشر قىلىنغان خەرىتىلەردە كۆرۈلىدىغان قوشلەڭزە ھەرگىزمۇ بىز پاسىل دەۋاتقان قوشلەڭزە ئەمەس. ئەينى زامانلاردا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرىدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چاقىلىققىچە بولغان جايلارنى تۇتاشتۇرىدىغان بىرقانچە يول بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر مۇھىمى ئىككى بولۇپ بىرى جەنۇبىي كۆل[2] ئارقىلىق، يەنە بىرى غەربىي كۆل ئارقىلىق يۈرۈيدۇ. 1940 ـ يىللىرى ئەتراپىدا توپلىغان ئاخباراتلىرىغا ئاساسەن ياپونىيە تەرەپ تۈزگەن «(ياپونىيە) يېڭىدىن تۈزۈلگەن جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شىنجاڭ تومى»غا كىرگۈزۈلگەن مۇساپىدە، جەنۇبىي كۆل بىلەن ماڭىدىغان لىنىيەنىڭ تاغ بويلاپ ماڭىدىغانلىقى، ياز ۋە كۈزدىكى كارۋانلارنىڭ مۇشۇ يول بىلەن ماڭىدىغانلىقى، مۇساپىسىنىڭ 700 كىلومېتىر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئەگەر دۇنخۇاڭدىن چىقىپ غەربىي كۆل ئارقىلىق ماڭسا سۇلې دەرياسىنى بويلاپ تۇخۇلۇ ئويمانلىقىدىكى پاسىلدىن ئۆتۈپ قوشقۇدۇق، يانتاققۇدۇق، قۇمقۇدۇق، قوشلەڭزە، لاۋزا، دۆڭلۈك، پاختابۇلاق، مۇران، يانداشقاق ئارقىلىق چاقىلىققا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ لىنىيە قۇمتاغ قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتى بىلەن، ئەينى ۋاقىتتىكى چاتقاللىقلار ياكى جەنۇبىي ياقىسى بىلەن يۈرگەن. ئەگەر جەنۇبىي كۆل بىلەن يۈرسە قۇلۇستاي ئەتراپىدا پاسىلدىن

① 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، دۇنخۇاڭ ۋە يەتتەبۇلاق قاتارلىق جايلاردا خىزمەت قىلغان ئىسھاق ھاجىم ئوغلى مەتتىمىن بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزدە «قوشلەڭزە» دېيىلگەن جاينىڭ دۇنخۇاڭنىڭ 200 كىلومېتىردەك چاقىلىق تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى، ھازىر «شۇاڭچېڭزى»双城子 (بولۇشى مۇمكىن) دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، ھازىرقى خەرىتىلەردىكى تىنچلىق يېزىسى (和平乡)نىڭ ئازراق شەرقىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى. 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېفون بېرىپ، يۇقىرىقى جاينىڭ قوشيىڭپەن (双营盘) ئىكەنلىكىنى، قوشلەڭزىنىڭ نەنخۇ (ھازىر نەنخۇ يېزىسى)دىكى ئېقىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا ئىكەنلىكىنى يەتكۈزدى.

② «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلىرى توپلىمى»، 1966 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرىدىكى ««چاقىلىق ناھىيەسى» خەرىتىسىدە نەنخۇ، شىخۇ دەپ ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. 2005 ـ يىلىدىكى خەرىتىدە نەنخۇنىڭ ئورنى جايىدا بولسىمۇ شىخۇ باشقا بىر جايغا، يەنى دۆلەت 215 ـ تاشيولىغا سىزىلغان.

ئۆتۈپ تاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىنى بويلاپ ياپچانبۇلاق، شوركۆل، باشقورغان، يۇلغۇنلۇق ئارقىلىق دۆڭلۈكتىن ئۆتىدىغان بىر لىنىيە بىلەن قوشۇلغان، بۇ لىنىيە كۆپىنچە قۇملۇق ۋە تۇزلەڭلىكتىن يۇرگەنلىكتىن قىش ۋە ئەتىيازدا يۇرىدىغان كارۋانلار كۆپ بولغان، ئومۇمىي مۇساپىسى 755 كىلومېتىر[①]. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دىكى قومۇشلۇق جىلغاغىچە بولغان مۇساپە دۇنخۇاڭدىن پاسىلغىچە بولغان باشقا بىر لىنىيە بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقىلارغا قارىغاندا، چاقىلىق بىلەن گەنسۇنىڭ پاسىلى قوشلەڭزىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولغان، ئەينى ۋاقىتتا پاسىل ھېسابلانغان قوشلەڭزە تۇخۇلۇ ئويمانلىقىدا، قاراداۋاننىڭ شەرقىي تەرىپىنىڭ شىمالىدا بولۇپ دۇنخۇاڭ بىلەن ئارىلىقى كۆپ بولغاندىمۇ 200 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە بولۇشى مۇمكىن. قومۇشلۇق جىلغا، قۇم جىلغا دېگەن جايلار ئەنە شۇ پاسىل لىنىيەسىدىكى جاي ناملىرىدىن ئىبارەت. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى بولغان تاۋمۇنىڭ ئوغلى تاۋ باۋلىيەننىڭ 1891 ـ يىلى ئەتراپىدىكى ئەھۋاللاردىن قارايدىغان بولساق، دۇنخۇاڭ ـ (70 يول) ـ شىئېبۇ ـ (70) ـ جەنۇبىي كۆل ـ (70) تۇيمۇتۇ ـ (70) ـ قۇلۇستاي ـ (70) ماۋبېي ـ (30) ـ ئەنەنبېي ـ (80)ـ يېماچۇەن ـ (100) شېنگۇ ـ (40) ـ 龙尾沟 دېيىلگەن[②]. مانا بۇ پاسىل دېيىلگەن لۇڭۋېيگۇغىچە دۇنخۇاڭدىن 300 كىلومېتىر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغان 1884 ـ يىلىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى مەنبە قىلغاندا، ئاندىن ئېنىقلىنىشى مۇمكىن. يۇقىرىدا كۆرگەن ماتېرىيالدا پاسىل غەربكە 150 كىلومېتىردەك سۇرۇلۇپ كەتكەن. تاۋ باۋلىيەننىڭ يۇقىرىقى كىتابىدا يەنە دۇنخۇاڭ پاسىلىنى يول بويلاپ ماڭغاندا، دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي قوۋۇقىدىن چىقىپ داڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ چۆل ئىچىدە غەربىي شىمالغا 70 يول يۇرسە جيەنچۇەن (شوربۇلاق)، 50 يول يۇرسە داچۇەن (چوڭبۇلاق)، 40 يول يۇرسە چوڭ چاساشەھەر (دافاڭپەنچېڭ)، 40 يول يۇرسە شياۋفاڭپەنچېڭ، 30 يول يۇرسە غەربىي كۆل (شىخۇ)، 70 يول يۇرسە چىڭشۇيگۇ، غەربىي شىمالغا 70 يول يۇرسە لۇساۋگۇ، غەربكە 60 يول يۇرسە بەشتوغراق، غەربىي جەنۇبقا 60 يول يۇرسە يېڭىبۇلاق، غەربكە 70 يول يۇرسە تاتلىقبۇلاق، 60 يول يۇرسە قۇمئېقىن[③] دېيىلگەن. مۇشۇ كىتابتا دۇنخۇاڭ پاسىلى مانا مۇشۇ قۇمئېقىن يەنى شاگۇدا، دېيىلگەن. بۇ جاي شىخۇ يەنى غەربىي كۆلدىن غەربكە 195 كىلومېتىر يۇرگەندە پاسىلغا يېتىپ بارغان، بۇ جاي يەنىلا ئەنە شۇ تۇخۇلۇ ئويمانلىقى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، يەنە كېلىپ قۇمتاغ قۇملۇقىنىڭ شەرقىي ئۇچى بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇمئېقىن ناملانغان. بۇ جاي جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە نەشر قىلىنغان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خەنزۇچە رەڭلىك خەرىتىسىدە گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن ياۋئات

---

① يۇ ۋېيچېڭ، پەن شىمىڭ تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن: «(ياپونىيە) يېڭىدىن تۈزۈلگەن جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شىنجاڭ تومى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 121 ـ بەت.

② ③ تاۋ باۋلىيەن: «توشقان يىلىدىكى ئۈزۈن سەپەردىن خاتىرە»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 350 ـ، 351 ـ، 352 ـ بەتلەر.

بۇلىقىنىڭ (野马泉) غەربىدىراق، چاقالىق (察格雷格)نىڭ خېلىلا شەرقىدە بولغان.

**4. شەرقىي شىمالى پاسىلى (كۆكنۇر - چىڭخەي تەرەپ:** (1908 - يىلى سىزىلغان چاقىلىق خەرىتىسىدە چاقىلىق پاسىلى ئىچىدىكى جاي ناملىرىلا يېزىلغان، چىڭخەي تەۋەسىدىكى جاي نامىدىن ئارشاتبۇلاق، پاتقان دەرياسى ۋە ماچۇ دەرياسى دېگەن ناملارلا خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىقى خەرىتىگە قارىساق ئەڭ يىراق يېرى جەنۇبتا قۇمكۆل ۋە قىشلاقىنىڭمۇ جەنۇبىدا بولۇپ بىر ئېگىز تاغ چوققىسىدىن ئايرىلغان. يەنە باشتوقاي، ئوتتۇرا چىمەندىكى غاشۇن كۆلى (ئوتتۇرا چىمەنتاغىنىڭ جەنۇب تەرىپى)، كۆتەككۆللەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە بولغان. تاۋ باۋلىيەن كىتابىدا ئۇزۇنشو دېگەن يەردە شىنجاڭ پاسىلىغا كىرىدىغانلىقى، بۇ يەرنىڭ يەنە غازكۆل دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقىنى يازغان[①]. ئۇزۇنشو[②] يەنى غازكۆلدىن شىمالغا بۇرۇلۇپ 107.5 كىلومېتىر يۈرسە يۇلغۇنلۇق ئۆتەڭ[③] گە بارىدىغانلىقى، بۇ يەردىن غەربىي شىمالغا 72.5 كىلومېتىر يۈرسە قوشدۆڭ، 87.5 كىلومېتىر يۈرسە ئابدال، ئابدالدىن شىمالغا 210 كىلومېتىر يۈرسە دۇرالغا بارىدىغانلىقى، دۇرالدىن شەرقىي شىمالغا 45 كىلومېتىر يۈرسە كۆنچى دەرياسىغا بارىدىغانلىقى، ئۇ يەردىن 310 كىلومېتىر يۈرسە توقسۇننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۇجمە دەڭگە، ئۇ يەردىن شەرققە 162.5 كىلومېتىر يۈرسە تۇرپانغا چىققىلى بولىدىغانلىقىنى يازغان. تاۋ باۋلىيەننىڭ ئۇچۇرىدىن قارىغاندا، 1884 - يىلى ئۆلكە قۇرۇلغاندا شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ پاسىلى هازىرقى غازكۆل[④] (گاسخۇ دەيدىغان بولۇپ كەتتى، 1966 - يىلىدىكى خەرىتىدە غازكۆل دېيىلگەن) ۋە ئارال[⑤] قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ باج ئەمەلدارى شيې بىن «شىنجاڭغا ساياهەت» ناملىق كىتابىدا يول مۇساپىلەر بويىچە تونۇشتۇرۇپ، چاقىلىقتىن شەرقىي شىمالغا 100 يول يۈرسە مۇران، يەنە 100 يول يۈرسە ئاۋراز (بۇ يەردە ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتى بارلىقى ئەسكەرتىلگەن)، 100 يول يۈرسە تۆپەداۋان، 50 يول يۈرسە يىلۋاچىمەن، 60 يول يۈرسە غازكۆل (يەنە بىر نامى شوركۆل دېيىلگەن، ئەسلىدە ئۇزۇنشور بولۇشى كېرەك ئىدى — نەقىلچى)، ئۇ يەردىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ 60 يول يۈرسە قابدۇبۇلاق، 60 يول يۈرسە ماڭچى (ماڭلاي بولۇشى لازىم)، 60 يول يۈرسە غاشۇن، يەنە

---

① تاۋ باۋلىيەن: «توشقان يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 255 - بەت.

② «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلىرى توپلىمى»نىڭ «چاقىلىق» بېتى، 1966 - يىلىدىكى نەشرىدە يۇشاشەن (قۇمتاغ)نىڭ غەربىدە، ئارالنىڭ شەرقىدە «غازكۆل» بارلىقى كۆرسىتىلگەن. 2005 - يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلىرى توپلىمى»نىڭ «چاقىلىق» قىسمىدا يۇشاشەن (قۇمتاغ)نىڭ غەربىدە «گاس خۇرى كۆلى» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئىككى خەرىتىدە نام پەرقى بولسىمۇ بىر جاينى كۆرسىتىدۇ.

③ شۇ ۋاقىتتىكى يۇلغۇنلۇق ئۆتەڭ هازىرقى باشقورغان بولۇشى مۇمكىن، مۇشۇ يەردە يول ئىككى لىنىيەگە ئايرىلغان، بىر لىنىيە دۇنخۇاڭغا تۇتىشىدۇ.

④ مۇشۇ كۆلگە يېقىن جايدا تەسىس قىلىنغان يېزىنىڭ هازىرقى نامى 尕斯乡، 1966 - يىلىدىكى خەرىتىدە «غازكۆل» دېيىلگەن.

⑤ بۇ جاينىڭ هازىرقى نامى 阿拉尔.

100 يول يۇرسە چىمەنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىدا چىڭخەي بىلەن پاسىللىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن[1]. مۇشۇ تاغ ئېغىزىدىكى پاسىلدىن سايدام ئويمانلىقى ئارقىلىق 19 كۈن يۇرسە شىنىڭغا بارغىلى بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ پاسىلى بىۋاستە چاقىلىق تەۋەسى بولۇپ ياپچانبۇلاقنىڭ شەرقىدىكى خانئامبال[2] نىڭ شەرقىدىنىراق جەنۇبقا سوزۇلۇپ، ماڭلاي، غاشۇن قاتارلىق جايلارنى ھەتتا ئوتتۇمۇراننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا چىمەنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىدىكى ئۇلاكۆل (乌兰浣布山) تېغىغا قەدەر سوزۇلغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە نەشر قىلىنغان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خەنزۇچە رەڭلىك خەرىتىسىدە چىڭخەي بىلەن بولغان پاسىل ئاستىنتاغنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان غازكۆلنىڭ خېلىلا جەنۇبىدا، بايانقارا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدا، ئەسىر (لېسىر) تېغىنى بويلىغان ھالدا جايلاشقان. قۇمكۆل ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىدە موڭغۇل خانى مال بېقىۋاتقان يەرلەر بولۇپ شۇ يەرلەرمۇ چاقىلىققا تەۋە ئىدى. مانا مۇشۇلاردىن قارىغاندا، ئۆلكە قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىزچىل مۇقىم بولۇپ كەلگەن چىڭخەي، شىنجاڭ ئۆلكىلىرىنىڭ پاسىلى 1960 - يىللاردا ئاندىن ئۆزگەرگەن.

**5. شەرقىي شىمالى تەرەپ (تۇرپان تەرەپ):** چاقىلىق بىلەن تۇرپان ئارىسىدىكى پاسىلىنىڭمۇ ئەينى ۋاقىتتا بەلگىلىرى بولۇشىدا شۈبھە يوق، ئەمما ھازىر قولىمىزدا مۇناسىۋەتلىك يازما ئۇچۇر بولمىغانلىقتىن پىكىر بايان قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ 1908 - يىلىدىكى خەرىتىسىدە جاي ناملىرى يېزىلماستىن قۇملۇق ئىچىدىكى پاسىلىلا بەلگە قىلىنغان.

**6. جەنۇبىي (شىزاڭ) تەرەپ:** چىمەنتاغ ئېغىزىدىن غەربىي جەنۇبقا 120 يول يۇرگەندە باشتوقاي، 100 يول يۇرسە ھېلىلقاغان، 120 يول يۇرسە ۋاڭباقوشقان، 200 يول يۇرسە قۇمكۆلنىڭ جەنۇبىدىكى لېسىردابسۇن[3] تېغىغا يېتىدۇ، مانا بۇ يەر شىنجاڭ بىلەن شىزاڭنىڭ، يەنى چاقىلىقنىڭ پاسىلى ئىدى[4]، بۇ جايدىن، يەنى پاسىلدىن لخاساغا بىر ئايلىق مۇساپە ئىدى.

---

① شىپ بىن: «شىنجاڭغا ساياھەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 190 - بەت.

② خانئامبال دېگەن جاينىڭ نامى بەزى خەرىتىلەردە ئەنئەنىۋى دەپمۇ يېزىلغان، ھازىرقى خەرىتىدە كۆرۈلىدىغان «تىنچلىق يېزىسى» (和平乡)نىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. مەمتىمىن ئىسھاقنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ نام ئەسلىدە «خانىم ئامبال» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا موڭغۇل مەلىكىسى تىبەتكە تاۋابقا مېڭىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قاتتىق قار يېغىپ كېتىپ ئۈچ يىل تۇرۇپ قالغان ئىكەن، شۇ ۋەجىدىن يەرلىكلەر بۇ جاينى «خانىم ئامبال تۇرغان جاي» دەپ ئاتىغان، تەدرىجىي خانىمئامبال - خانئامبال بولۇپ ئۆزگەرگەن.

③ بۇرۇنقى خەرىتە ۋە خەنزۇچە كىتابلاردا 勒谢尔乌兰达布逊山 دەپ يېزىلغان، 1966 - يىلىدىكى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلىرى توپلىمى»دا «لېسىر» دېيىلگەن، بۇ جاي مالغۇنئېرىق دېگەن يەرنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. بۇ جاينىڭ ئەسلىي نامى «ئەسىرداۋان» بولۇپ بۇ يەردە «يىلپىز» (ئەسىر) كۆپ بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان، باشقىلارنىڭ تەلەپپۇزىدا خاتالىق كۆرۈلگەن.

④ شىپ بىن: «شىنجاڭغا ساياھەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 190 - بەت.

## 7. ئېكسپېدىتسىيەچىلەر دىيارىمىزدا

يىپەك يولى تارىختا سودا ۋە مەدەنىيەت يولى بولۇپ، شەرق ۋە غەربنىڭ مۇھىم ئالاقىلىنىيەسىلىك رولىنى ئويناپ كەلگەن، چاقىلىق يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقى ھەم بىخەتەرلىكى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان. يىپەك يولى ئۆز نۆۋىتىدە سەيياھ، تالىبۇل ئىلىم، دىپلومات، تىجارەتچى، يولۇچى ھەم قاراقچى، ئىستىلاچىلارنىڭ مەنزىلگاھىمۇ بولغان. شۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تۈركۈم قەلەم ساھىبلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى خاتىرىلەپ، مانا بۈگۈنكى كۈندە چاقىلىق دىيارىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي ھاياتىنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم ئاساس بولۇپ كەلمەكتە.

چاقىلىق دىيارى، يەنى كىروران ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئۇچۇر سىما چيەن تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ پەرغانە تەزكىرىسىدە كۆرۈلىدۇ، بۇ ئۇچۇرلار شۇ ۋاقىتتىكى خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇن ئىمپېرىيەسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن غەربىي يۇرتتىن ئىستىپاقداش ئىزدەپ، غەربكە ئېۋەتكەن ئەلچىسى جاڭ چيەندىن كەلگەن. بۇ مەلۇماتلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى كىروران ۋە لوپ كۆلى ھەققىدىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنىڭ ۋاستىچىسى بولۇپ قالدى. سىما چيەن جاڭ چيەننىڭ خەن پادىشاھىغا يوللىغان دوكلاتىدىن پايدىلىنىپ كىتابىنىڭ «پەرغانە تەزكىرىسى»نى يېزىپ قالدۇرغان.

بەن يۇڭ ۋە بەن گۇ، بۇ ئىككى شەخس كىروران ھەققىدە كەڭ ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى بىر تۇغقانلار. بەن يۇڭ غەربىي يۇرتقا كېلىپ خەن سۇلالىسىغا ۋاكالىتەن پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەمدە غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىدىن كىتاب يازغان، ئۇنىڭ كىتابى ئۆز نۆۋىتىدە تارىخچى بەن گۇنىڭ «خەننامە» ناملىق ئەسىرىنىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»نى يېزىشىدا ئىنتايىن مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولغان، بەن گۇ «خەننامە»نىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە قىسمىنى يازغان ۋاقىتىدا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئارخىپلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى بەن يۇڭنىڭ كىتابىدىن ئالغان.

بەن يۇڭ، بەن چاۋ، بەن گۇلار شىنجاڭ، جۈملىدىن چاقىلىق تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر جەمەت تارىخىي شەخسلەردۇر. بەن چاۋ مىلادىيە 32 ـ يىلىدىن 102 ـ يىلىغىچە ياشىغان. ئۇنىڭ ئاتىسى بەن بياۋ، ئاكىسى بەن گۇ، سىڭلىسى بەن جاۋلار «خەننامە»نى تۈزگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەن چاۋ تاكى 102 ـ يىلىغىچە 30 يىل غەربىي يۇرتتا تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان، ئۇ پايتەخت لوياڭغا قايتىپ بىر ئايدىن كېيىن ۋاپات بولغان. ئۇ خەن سۇلالىسىغا قايتقاندىن كېيىن قەشقەردە تۇغۇلغان ئوغلى بەن يۇڭ

غەربىي يۇرتتا قېلىپ، دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان، لېكىن بۇ ۋاقىتتا ئىشلار بەن چاۋ دەۋرىدىكىدەك ئوڭداق بەك ئېقىپ كەتمىگەن، ھەتتا خەن سۇلالىسى ئۆز ئەمەلدار ـ لەشكەرلىرىنى غەربىي يۇرتتىن قايتۇرۇپ چىقىشقىمۇ تەرەددۇتلەنگەن.

بەن يوڭ «غەربىي يۇرت ھەققىدە خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەر يېزىپ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىدىن مەلۇمات قالدۇرغان، بەن چاۋ ۋە بەن يوڭلارنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ھەققىدە يازغانلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى بولغان. سىما چيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر»، بەن گۇ قاتارلىقلارنىڭ «خەننامە»، فەن يې قاتارلىقلارنىڭ «كېيىنكى خەننامە» قاتارلىق كىتابلارغا كىرگۈزگەن مەلۇماتلار شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان مەڭگۈلۈك تەتقىقات ماتېرىيال بولۇپ قالغان، شۇندىن كېيىنكى تارىخ كىتابلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كىتابلاردىكى بايانلارنى ئىسپاتلاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلدى.

بەن چاۋ، بەن يوڭلاردىن كېيىن بۇ زېمىندىن نۇرغۇنلىغان سەپەرچىلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ھازىرچە پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ كېلىۋاتقىنى پىگىيالىق راھىب فاشيەن (337 ـ 422)نىڭ كىتابىدۇر. ئۇ غەربكە بۇددا دىنىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ماڭغىنىدا، مىلادىيە 400 ـ يىلى كىروراندىن ئۆتكەن، شۇ چاغدا چاقىلىق دىيارىدىكىلەر بىلەن بۇددا دىنى مەزھىپى ئوخشاشمىغان سەۋەبلىك قارشى ئېلىنمىسىمۇ، بىر ئايدىن ئوشۇق تۇرغان. ئۇنىڭ «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» دەپ ناملانغان بۇ كىتابىدا چاقىلىق دىيارىنى چەرچەن ئېلى دەپ ئاتىغان ۋە 4000دىن ئارتۇق ھىنايانا راھىبى بارلىقى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەنەتكەكچە تىل ـ يېزىق ئۆگىنىدىغانلىقىنى يازغان. راھىب فاشيەن كىچىكىدىن تارتىپ بۇددا دىنىنى ئۆگەنگەن، 20 يېشىدىلا دىنىي ئىلىمدە خېلى يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن، ئۇنىڭ يازغانلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى دىيارىمىزنىڭ دىنىي ئەھۋالى، يول ـ مۇساپە، تارىخىنى چۈشىنىشتە تولىمۇ قىممەتلىك، ئۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن، مىلادىيە 416 ـ يىلى «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» («فاشيەننىڭ تەرجىمىھالى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق ئەسىرىنى يازغان. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بەزى ئالىملار چەرچەن ئېلى كىروران شەھىرى خارابىسىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراش كىرورانىنىڭ ۋەيران بولغان دەۋرىگە گۇماندا بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ ئىزدىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ، كىرورانىنىڭ ۋەيران بولۇشى بۇ جايدىن تېپىلغان خەنزۇچە پۈتۈكلەرنىڭ يىل دەۋرىگە ئاساسەن چىقىرىلغان. فاشيەن دۇنخۇاڭدىن 17 كۈندە 1500 يول يول يۈرۈپ، چاقىلىق دىيارىغا كېلىپ بىر ئاي تۇرۇپ ئاندىن غەربىي شىمالغا يۈرۈپ 15 كۈندە ئاگنى (قاراشەھەر)گە بارغان. بۇ بايانلاردىن فاشيەننىڭ ماڭغان يۆنىلىشىنىڭ كىروراندىن ئۆتكەن دېگەن قارىشىنى ئىزدىنىپ كۆرۈش زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتمەكتە.

راھىب فاشيەندىن كېيىن، چاقىلىق دىيارىدىن ئۆتۈپ خاتىرە قالدۇرغانلار سۇڭ يۈن ۋە خۇي شېڭلاردۇر، بۇ ئىككىيلەن غەربىي يۇرتتىكى دۇنخۇاڭلىقلار بولۇپ، ھىندىستاندىن بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن 519 ـ يىلى ئەلچىلىككە چىققان. ئۇلار ئەلچىلىك داۋامىدىكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئاساسىدا «سۇڭ يۈننىڭ سەپەر خاتىرىسى»، «خۇي شېڭنىڭ سەپەر خاتىرىسى» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان، مىلادىيە 519 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا چاقىلىقتىن ئۆتكەن. ئۇلار تۇيغۇنلار يۇرتىدىن 3500 يول يۇل يۇرۇپ، چەرچەن شەھىرىگە (ھازىرقى چاقىلىق) كەلگەن، چەرچەن شەھىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بېگى بولسىمۇ تۇيغۇنلارغا قارام بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇ يەردە تۇيغۇنلارنىڭ سانغۇنى بارلىقىنى، غەربكە 1640 يول يۇل يۇرسە، ھازىرقى چەرچەن (左末) گە بارغىلى بولىدىغانلىقى، بۇ شەھەردە يۈز ئائىلە بارلىقىنى يازغان.

سۇڭ يۈن، خۇي شېڭلار چاقىلىق دىيارىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئۆتكەنلەرنىڭ مەشھۇرلىرىدىن شۈەنزاڭ (600 ـ 664) بولۇپ ھىندىستانغا بېرىپ بىلىم ئېلىش ۋە بۇددا نومى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ھىندىستانغا بېرىپ قايتىشىدا چاقىلىقتىن ئۆتكەن. ئۇ مۇشۇ سەپىرىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىدىن «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ (ئېغىز بايانىنى شاگىرتى خاتىرىلىگەن)، 646 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى لى شىمىنغا تەقدىم قىلغان. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن يەنە «مېھىر ـ شەپقەت ئىبادەتخانىسىدىكى سامستو ئاچارىنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابمۇ يېزىپ چىقىلغان. بۇ ئىككى كىتابتىكى غەربىي يۇرت ھەققىدىكى بايانلاردا چوڭ پەرق يوق. شۈەنزاڭنىڭ كىتابىدا سارمادان بالىقتىن (ھازىرقى چەرچەن) شەرقىي شىمالغا 1000 يولدىن ئارتۇق يول يۇرۇپ نوپ (纳缚波) قەدىمكى ئېلى يەنى كىرورانغا بارىدىغانلىقى يېزىلغان، بۇ بايانلاردا قەدىمكى مەنىسىدىكى 故 خېتىنىڭ قوللىنىشى بۇ قەدىم ماكانىنىڭ بىر قېتىملىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شۈەنزاڭنىڭ غەربكە ساياھىتىدىن كېيىن، بۇ زېمىندىن ئۆتۈپ خاتىرە يازغۇچى ئۇدۇن ئېلىگە ئەلچىلىككە ماڭغان، ئەمدىلا قۇرۇلۇپ ئىككى يىلدىن ئاشقان كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى گاۋ جۈخۇي. ئۇ 938 ـ يىلى دىيارىمىزدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ كىتابىدا شاجۇدىن چىقىپ چۈمۈللار دىيارىدىن ئۆتۈپ قۇتۇم شەھىرىگە بارىدىغانلىقى يېزىلغان. قۇتۇم نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە 大屯، 古屯، 七屯 ، 屯城 دېگەن خەتلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇ نام خاتىرىسى 982 ـ يىلى يېزىلغان پارسچە ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم»دە khatum دەپ، باشقا يادىكارلىقلاردا قېتىم، ھۇتىم دېگەندەك خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ 10 ـ ئەسىردە ھازىرقى مۇران بوستانلىقىنىڭ گۈللىنىپ تۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز، ئەمما ئارخېئولوگىيە بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ۋەيران بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن.

گاۋ جۇخۇينىڭ ئەلچىلىكىدىن كېيىن، ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ ئەلچىلىرى دۇنخۇاڭغا بارغان، ئۇلارنىڭ شۇ قېتىمقى سەپەر خاتىرىسى «تاڭخۇت ئېلىگە ساياھەت»مۇ ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان.

1276 ـ يىلى ۋېنىتسىيەلىك سەيياھ ماركوپولو قەشقەر، خوتەنلەر ئارقىلىق چاقىلىقتىن ئۆتۈپ شاجۇ تامام كەتكەن. ئۇنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى ئاساسىدا يېزىلغان «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابى شۇ ۋاقىتتىكى لوپ شەھىرى (ۋاششەھىرى كونا شەھەر خارابىسى)نىڭ ئەھۋاللىرى ھەمدە چاقىلىقنىڭ ئېكولوگىيەسىگە ئائىت ئۇچۇرلىرى تولىمۇ قىممەتلىك.

مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى لوپ، كىتىك، مەردەك قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن يىپەك يولىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتىدىغان تارمىقى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغانمۇ ـ قانداق، باشقا ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك، يەنە بىر سەۋەبى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى، قۇرۇقلۇق يىپەك يولىنىڭ خەتەرسىز بولماسلىقى سەۋەبلىك يىپەك يولى چۆلدەرەشكە باشلىغان. شۇنداقتىمۇ بىر قىسىم ئەلچى ياكى يولۇچىلار يەنىلا يىپەك يولى بىلەن ماڭغان بولسىمۇ، قومۇل تەرەپ بىلەن ماڭغانلار كۆپ بولغان. بەزىلەر يىپەك يولىنى بويلاپ ماڭغان ھەمدە سەپەر ھاسىلاتلىرىدىن خاتىرىلەر يازغان بولسىمۇ (بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ) ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ يۇرتىمىز ھەققىدە قانداق ئۇچۇرلارنى قالدۇرغانلىقى ھەققىدە خەۋىرىمىز يوق.

يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى سەئىدخان سېرىق ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن چاقىلىق ۋە چەرچەنگە ئىسلامنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتكەن، شۇ قېتىمقى ئۇچۇرلارنى ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر تارىخچى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلەپ قالدۇرغان. سەئىدىيە خانلىقى 1680 ـ يىلى يىمىرىلگەندىن كېيىن، تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە لوپ كۆلى رايونى ھەققىدە چەتئەللىكلەر مەلۇماتلىرىنىڭ ئۇلاردىن قانداق ئەمەلدارلىرىنىڭ ئوردىغا يوللىغان مەلۇماتنامىلىرى ۋە ئەسەرلىرىدىن خېلى ياخشى مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز. مىسالەن: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»، «غەربىي يۇرتتىكى دەريا ـ ئېقىنلار تەپسىراتى»...

19 ـ ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن غەرب ھاكىمىيەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن نۇرغۇن تەۋەككۇلچى، ئېكسپېدىتسىيەچىلەر شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ماكاننىڭ قوۋۇقلىرىنى چەكتى، ئۇلار مىللەتشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، زوئولوگىيە، جۇغراپىيە، ھاۋا رايى، ھەربىي ئىشلار، قاتناش يوللىرى... ۋە باشقا جەھەتلەردىن تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى توپلاپ ئېلان قىلدى. بۇ ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ مۇددىئا ـ مەقسەتلىرى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، قىسمەنلىرى ئەللىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ھەربىي ئاخبارات ۋە سىياسىي دەسمايە توپلاشنى مەقسەت قىلسا، قىسمەنلىرى ئىلىم ـ پەن ئۈچۈن كەلگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى تاكى 1935 ـ يىلىغىچە داۋام

قىلغان، بۇ ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى كىتاب، ماقالىلەرنى يېزىپ شىنجاڭنىڭ نامىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشىغا تۆھپە قوشتى، تەتقىقات ئىشلىرى راۋاجلاندى.

1876 ـ، 1877 ـ يىللىرى رۇسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى پىرژىۋالسكى (1839 ـ 1888) غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ چاقىلىق رايونىدا، قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپىدا لوپلۇقلار ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە جانلىقلارنىڭ ئەۋرىشكىسىنى يىغقان. 1886 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئېكسپېدىتسىيە قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ئىككى قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيەسى بىزنى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتتى، بولۇپمۇ يۇرتىمىزنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەھۋاللىرى ۋە لوپلۇقلارنىڭ ئادەتلىرى ھەققىدىكى بايانلىرى لوپلۇقلار ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئىككى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «لوپ كۆلىگە سەپەر» ناملىق كىتابى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى، ئۇنىڭ «ئىلى ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ لوپ كۆلىگىچە» ناملىق كىتابى لەنجوۋ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقچى، قىسقىچە مەزمۇنى يۇقىرىقى كىتابقىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

1885 ـ يىلىدىن 1887 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيەلىك كارېي ۋە دالگلىش تارىم دەرياسىنى بويلاپ قاراقوشۇن كۆلى ۋە چاقىلىقتا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

1889 ـ يىلى فىرانسىيەلىك گابرېل بونۋالوت بىلەن ئورلانىس قاتارلىقلار ئىلىدىن يولغا چىقىپ، تەڭرىتاغدىن ھالقىپ قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپىدا لوپلۇقلار ئارىسىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، لوپلۇقلار ئارىسىدىكى خەلق رىۋايەتلىرىنى توپلىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە خېلى كۆپ مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. ئۇنىڭ «جەزىرىنى جەسۇرانە كېزىش» ناملىق كىتابى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىندى.

1889 ـ، 1890 ـ يىللىرى رۇسىيەلىك گىروم گىمايلوف تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ۋە قاراقوشۇن كۆلى رايونىدا، ئالتۇنتاغدا ئېكسپېدىتسىيە قىلغان.

1892 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك لىتلادې ئەر ـ خوتۇن ساياھەت، ئېكسپېدىتسىيەگە چىققان بولۇپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئاياغ ئېقىنىغا، جۈملىدىن قاراقوشۇن كۆلى ئەتراپلىرىغىچە كەلگەن ۋە ياۋا تۆگە ئوۋلىغان.

1893 ـ يىلى رۇسىيەلىك ئالىم كوزلوف (1863 ـ 1935) كۆچار دەرياسىنى بويلاپ لوپ كۆلىنى ئىزدەپ ئېكسپېدىتسىيە قىلغان. ئۇ ئاتاقلىق ئېكسپېدىتسىيەچى پىرژىۋالسكىنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئۇستازى پىرژىۋالسكى بىلەن گېرمانىيەلىك ئالىم رىچخوفىن ئارىسىدىكى، لوپ كۆلىنىڭ ئورنى مەسىلىسىدىكى مۇنازىرە ۋە رىچخوفېننىڭ شاگىرتى دوكتور سېۋېن ھېدىن بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى مۇنازىرىگە يېڭى پاكىت بايقاپ خاتىمە بېرىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە، پىرژىۋالسكىنىڭ بايقىغىنى تارىختىكى لوپ كۆلى بولماستىن شەكىللەنگىنىگە 200 يىلدەك بولغان قاراقوشۇن كۆلى ئىدى، بۇ خاتا چۈشەنچە 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە

تارىختىكى كىروران لوپ كۆلىنىڭ بايقىلىشى بىلەن ئايدىڭلاشتى. كوزلوف لوپ كۆلى ھەققىدە مەخسۇس كىتاب يازدى.

1896 ـ يىلى سېۋېن ھېدىن (1865 ـ 1952) ئېكسپېدىتسىيەسىدە تارىم، كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. شۇنىدىن كېيىن 1899 ـ يىلى، 1900 ـ، 1901 ـ يىللىرى ۋە 1935 ـ، 1927 ـ يىلىغىچە كۆپ قېتىم ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىپ، تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا ئائىت ناھايىتى نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى. ئۆردەكنىڭ يول باشلىشى بىلەن قەدىمكى كىروران شەھىرى خارابىسىنى تاپقاندىن سىرت، لوپ كۆلىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىنى تاپتى ھەمدە كۆچمە كۆل نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىگە ئاساسەن، نۇرغۇن ئاممىباب ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇپ، دىيارىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھالىتىنى چۈشىنىشتە قىممەتلىك ئەمگەكلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ چاقىلىق ۋە تارىم ۋادىسى ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسەرلىرىدىن «قاچقۇن ما جۇڭيىڭ»، «يىپەك يولى»، «ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم»، «لوپ كۆلىنىڭ سىرىنى ئىزدەپ»، «ئاسىيا مەركىزىدىكى سەككىز يىللىق ئېكسپېدىتسىيە»، «كۆچمە كۆل» قاتارلىق بىر قاتار كىتابلىرى ئېلىمىزدە نەشر قىلىندى. بۇندىن باشقا يەنە «تارىمنىڭ سىرىنى ئىزدەپ» قاتارلىق بەزى كىتابلىرى تېخى نەشر قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن كونكرېت مەزمۇنىدىن خەۋەرسىزمىز. لوپ كۆلى رايونى، تارىم ۋە كۆنچى بويلىرى ھەققىدە چۈشەنچىلىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولىدىكەنمىز، دوكتورنىڭ يۇقىرىقى قىممەتلىك ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلماي ئامالىمىز يوق. سېۋېن ھېدىن شىجائەتلىك شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ تىلىدا «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئىبارە ناھايىتى كەمدىن كەم قوللىنىلىدۇ، ئۇ ئۆمۈر بويى ئېكسپېدىتسىيە ھەم تەتقىقات بىلەن بولۇپ تويمۇ قىلماي تەنھا ياشىغان، چاقىلىقتا ھاۋا رايى پونكىتى قۇرۇپ ھاۋا رايى مەلۇماتىنى توپلىغان.

1905 ـ يىلى ئامېرىكىلىق خانتىڭتون ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى چاقىلىق رايونىغا كېلىپ ھاۋارايىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ «ئاسىيانىڭ تومۇرى» ناملىق كىتابى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى.

1906 ـ يىلى مارك ئاۋرېل ستەيىن (1862 ـ 1943) چاقىلىق رايونىغا كېلىپ كىروران، چاقىلىق بازىرى، ۋاششەھىرى خارابىسى، مۇران خارابىسى، كىتىك قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ باردى. ئۇ ھاياتىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئارخېئولوگ. ئەسەرلىرى قەدىمكى دەۋردىكى دىيارىمىزنى چۈشىنىشىمىزدە ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىن سۈرەتلىك خاتىرە» قاتارلىق بىر قىسىم كىتابلىرى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئەسەرلىرىدە يۇرتىمىز ھەققىدە قىممەتلىك بايانلار بار. دۇنياغا مەشھۇر قاناتلىق پەرى سۈرىتىنى مۇران خارابىسىدىن تېپىپ دۇنيا

جامائەتچىلىككە نامايان قىلغان.

1909 - يىلى ياپونىيەلىك تاچىبانا زۈيچۇ ئەنگلىيەلىك ئىشلەمچىسى خۇبۇس بىلەن چاقىلىق رايونىغا كەلگەن ۋە بىر قىسىم يادىكارلىقنى قېزىپ، بەزىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن. بەزى مەلۇماتلاردا يېزىلىشىچە، ستەيىن قېزىپ توشۇپ كېتەلمەي ئەسلى جايىغا كۆمۈپ قويغان يادىكارلىقلارنىڭ بەزىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن، بەزىلىرىنى چېقىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. ئۇنىڭ «تاچىبانا زۈيچۇنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابى خەنزۇچە نەشر قىلىندى.

1910 - يىلى رۇسىيەلىك ئولدېنبۇرگ پېتېربۇرگدىن يولغا چىقىپ تەڭرىتاغدىن ھالقىپ قەشقەر، كۇچار، تۇرپان ۋە لوپ كۆلى رايونلىرىغىچە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

1914 - يىلى رۇسىيەلىك شەرقشۇناس س. ي. مالوف چاقىلىق رايونىدا تىل تەكشۈردى، ئۇ تىل تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى يېڭىسۇ، مۇران ۋە چاقىلىق بوستانلىقى قىلغان، 1957 - يىلى لوپلۇقلار دىيالېكتىغا بېغىشلانغان ئىلمىي ئەسىرى «لوپنور دىيالېكتى» فېرونزېدا (دۇشەنبە) نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭ كىتابى لوپلۇقلارنىڭ تىلى ۋە ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدە مۇھىم قوللانما بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدا تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ ئىككى ماتېرىيال چاقىلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

1914 - يىلى ستەيىن چاقىلىق رايونىدا بىر قىسىم قەبرىلەرنى قازغان، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ دوكلاتى 1928 - يىلى «ئاسىيانىڭ مەركىزىدە» دېگەن تېمىدا نەشر قىلىنغان.

1916 - يىلى شيې بىن شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ناھىيە - شەھەرلەرنى ئايلىنىپ چىققان ھەمدە «شىنجاڭغا ساياھەت» ناملىق قىممەتلىك كىتابىنى يېزىپ چىققان، بۇ كىتابىنىڭ چاقىلىققا ئائىت قىسمىدا ئەينى ۋاقىتتىكى چاقىلىقنىڭ نوپۇسى، ئىقتىسادى، كارۋان يوللىرى، ئېگىلىكى، كۆلىمى جەھەتلەردىن بىرنى ئىمنتايىن قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

1927 - يىلدىن 1935 - يىلىغىچە جۇڭگو بىلەن شۋېتسىيە بىرلىشىپ غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى سېۋېن ھېدىن، چېن زوڭچى، خۇاڭ ۋېنبى، بېرگمانلارنىڭ كىتاب - ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. سېۋېن ھېدىننىڭ «ئاسىيا مەركىزىدە سەككىز يىللىق ئېكسپېدىتسىيە»، بېرگماننىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، خۇاڭ ۋېنبىنىڭ «لوپ كۆلى ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە» قاتارلىق كىتابلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

1920 - يىللاردىن باشلاپ ئەينى دەۋر ھۆكۈمدارلىرى ئەجنەبىيلەرنىڭ

ئېكسپېدىتسىيە قىلىشىنى چەكلىدى، ئەمما بەزى ھۆكۈمدارلار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن يىغىپ ئەجنەبىيلەرگە سېتىپ ئۆز چۆنتىكىنى توملىدى، مەشھۇر لى بو پۇتۇكىنىمۇ شۇ ۋاقىتلاردا چاقىلىق ئامبىلىنىڭ تاچىبانا زۇيچۇغا ساتقانلىقى ھەققىدىكى پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئەجنەبىيلەرنىڭ قىدىرىپ تەكشۈرۈشلىرى شۇنىڭ بىلەن ئاساسەن ئاخىرلاشتى، ئەمما ئۇلارنىڭ تەتقىقاتلىرى ئارقىسىدا ئېلان قىلىنغان تەتقىقات ئەسەرلىرى، ئېكسپېدىتسىيە ـ ساياھەت خاتىرىلىرى ئەينى تارىخىي دەۋردىكى شىنجاڭ، جۈملىدىن چاقىلىق رايونىنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، سىياسىي، ئېكولوگىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىن چۈشىنىشىمىزدە ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئايلاندى. ناۋادا پۈتكۈل ماتېرىياللارنى يىغالايدىغان بولساق، يەكەن خانلىقى (1514 ـ 1680)دىن ھازىرغىچە بولغان چاقىلىق تارىخىنى خېلى مۇكەممەل يورۇتۇپ بېرىشكە ئىمكان يارىتىلغان بولاتتى.

قوشۇمچە:

# چاقىلىق ھەققىدىكى ئەسەرلەر ۋە ئاپتورلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش، ئېكسپېدىتسىيە، تەتقىقات ئىشلىرىغا 1870 - يىلىدىن ھېسابلىغاندا ئاز كەم 150 يىل بولدى، بۇ جەرياندا يېزىلغان كىتابلار نەچچە ئون پارچىدىن، ماقالىلەر نەچچە يۈز پارچىدىن ئاشتى. ناۋادا كىروران - لوپ تەتقىقاتىغا چېتىلىدىغان ماقالىلەردىن قوشۇپ ھېسابلايدىغان بولساق مىڭ پارچىدىن ئېشىشى مۇمكىن. ھازىر شىنجاڭدا يەرلىك مەدەنىيەتلەرنى قېزىش، ئەلغار مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. جايلاردا تۈرلۈك ئىلمىي جەمئىيەتلەر، تەتقىقات ئورۇنلىرى قۇرۇلدى، جۈملىدىن تۇرپاندا تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى («تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ناملىق خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ژۇرنال قەرەللىك نەشر قىلىنىدۇ)، كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى («كۇسەنشۇناسلىق»، «كۇسەن مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» دېيىلىدىغان مەجمۇئەلەردىن 10 پارچىدەك نەشر قىلىندى، ئۇندىن باشقا كۇچادا «كۇسەن مەدەنىيىتى» ناملىق ئۇيغۇرچە ژۇرنالمۇ چىقىرىلىدۇ)، قومۇلدا «قومۇل شەرقىي تەڭرىتاغ قەدىمكى ئىقۇرغول مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى» («شەرقىي تەڭرىتاغ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق مەجمۇئەسى قەرەلسىز نەشر قىلىنىۋاتىدۇ) بار، پىچان ناھىيەسىمۇ «تۇرپان - پىچان مەدەنىيەت خەزىنىسى» دېگەن نامدا ئوننەچچە پارچە كىتاب نەشر قىلىپ تارقاتتى. يۇقىرىقى تەتقىقات مۇئەسسەلىرىدىن بۇرۇن بايىنغولىن ئوبلاستىدا قۇرۇلغان شىنجاڭ كىروران تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ئىنتايىن سالماق، ئىنتايىن ئېغىر - بېسىق پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا، ھازىرغىچە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان «جەلپكار كىروران (兰缤纷楼)» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) ۋە «كىروران كۇلتۇرى تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلەردىن توپلام» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق ئىككى كىتابنى نەشر قىلدۇردى. 2012 - يىلى لوپنور ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك لوپنورلۇقلار مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان ۋە يىغىنغا تاپشۇرۇلغان ئىلمىي ماقالىلەردىن «سېھىرلىك ماكان — لوپنور» (ئۇيغۇرچە) ۋە «سېھىرلىك لوپ كۆلى» (خەنزۇچە) نامىدا توپلام تۈزۈلۈپ شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتىدىن نەشر قىلىندى، كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ ئەمەلىيەتتە كىروران تەتقىقاتى ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت. 2012 - يىلى چاقىلىق ناھىيەسىدە كىروران تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى، 2013 - يىلى شىنجاڭ

كىرورانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش ئورگىنى كورلا شەھىرىدىن چاقىلىق ناھىيەسىگە يۆتكەلدى ھەمدە چاقىلىقتىكى ئىلمىي جەمئىيەت كوللېكتىپ ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى. چاقىلىق ناھىيەسى ھەر يىلى بىر قېتىم كىروران مەدەنىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى ياكى لېكسىيەسى ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ (بۇنىڭغا 10 يىلدەك بولدى)، لېكىن 2010 - يىلى چاقىلىق ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىچكى قىسىمدا خەنزۇچە «سىرلىق كىروران — جەلپكار چاقىلىق» ناملىق توپلامنى نەشر قىلغاندىن باشقا، ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنىپ باقمىدى. مانا ھازىر 150 يىللىق تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، كىرورانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنى زورايتىش، كىروراننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى جۇغلاش ھەمدە سىپىرلاشتۇرۇپ ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇش، مەبلەغ ئاجرىتىپ مەجمۇئە ۋە ئىلمىي ژۇرنال ئىشلەش، تەدرىجىي تەتقىقات جەمئىيىتىنى تەتقىقات ئاكادېمىيەسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش زۆرۈرىيەتلىرى تۇغۇلماقتا. چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن كىرورانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش شارائىتى ۋە پۇرسىتى پىشىپ يېتىلمەكتە، كىرورانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى بېيىتقىلى، مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرغىلى، چاقىلىقنىڭ مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى شۆھرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ قىسقىچە تونۇشتۇرمىنى ھازىرلىدىم.

(1) چاقىلىق توغرىسىدا ئۇچۇر بار قەدىمكى ئەسەرلەر: چاقىلىق توغرىسىدىكى يازما ئۇچۇرلار بۇنىڭدىن 2100 يىللار بۇرۇنقى دەۋردىن باشلىنىدۇ، يەنى ئەڭ دەسلەپكى ئۇچۇر جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئاتىسى — سىما چيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەردىن باشلىنىدۇ. بۇ دەۋر چاقىلىقنىڭ يازما تارىخىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بەن گۇ (32 - 92) تەرىپىدىن يېزىلغان «خەننامە» ۋە فەن يې (398 - 446)، سىما بياۋ (؟- 306)لار تەرىپىدىن يېزىلغان «كېيىنكى خەننامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە، كىروران ۋە چەرچەن ئەللىرى توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچۇرلار ساقلانغان، بۇ ئەسەرلەر شۇ ئەللەرنىڭ سىياسىي تارىخىنى يورۇتىدىغان مەنبەلەردىن بولۇپ قالدى. چېن شۇ (233 - 297)، شېن يۇ (441 - 513) ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى فاڭ شۈەنلىڭ قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يازغان «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»، «جىننامە»، «سۇڭنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە كىروران ۋە چەرچەن بەگلىكلىرىنىڭ ئاخىرقى دەۋردىكى تارىخىنى يورۇتۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن. بۇددا دىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە مىلادىيەنىڭ ھارپىسىدا تارقالغاندىن كېيىن، بىر قىسىم راھىبلار ئەنەتكەك ئېلىگە بۇددا دىنىنى ئۆگەنگىلى، نوم ئالغىلى بارغان. ئۇلار يىپەك يولىنى بويلاپ ماڭغىنىدا، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى شۇنداقلا غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم بۇددا مەركەزلىرىدىن بولۇپ قالغان چاقىلىق تەۋەسىدىن ئۆتكەن ھەم بىر مەزگىل

تۇرغان، ئۇلارنىڭ خاتىرىلىرىدىمۇ شۇ ۋاقىتتىكى چاقىلىق رايونى توغرىسىدا خېلى مۇھىم ئۇچۇرلار ساقلانغان. بۇنىڭغا راھىب فاشيەن (337 ـ 422)نىڭ «فاشيەننىڭ تەرجىمىھالى» (راھىب 400 ـ يىلى چاقىلىقتا بىر ئاي تۇرغان، بۇ ئەسەر يەنە «بۇددا ئەللىرى توغرىسىدا خاتىرە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، دۇنخۇاڭلىق سۇڭ يۈن (519 ـ يىلى چاقىلىق تەۋەسىدىن ئۆتكەن)نىڭ «سۇڭ يۈننىڭ سەپەر خاتىرىسى»، شۈەنزاڭ (600 ـ 664)نىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ساياھەت خاتىرىسى» (راھىب 644 ـ يىلى چاقىلىق تەۋەسىدىن ئۆتكەن) قاتارلىقلار بار. جيا دەن (805 ـ يىلى قازا قىلغان) شۇ دەۋردىكى سەيياھلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا يازغان «جيا دەننىڭ تۆت ئايماق توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى»، ئۇدۇن بەگلىكىگە ئەلچىلىككە بارغان گاۋ جۈخۈي (940 ـ يىلى چاقىلىقتىن ئۆتكەن)نىڭ «گاۋجۈخۈينىڭ ئۇدۇنغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن. 982 ـ يىلى ئەتراپىدا ئافغانىستان تەۋەسىدە نامەلۇم ئەرەب ئاپتور تەرىپىدىن پارسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» (ئالەمنىڭ چېگرا ـ پاسىللىرى) ناملىق ئەسەر بۇرۇنقىلارنىڭ يازمىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ شەھىرى كاتاكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ئۇچۇرلىرى مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي دۇنياۋى مەشھۇر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە چاقىلىق ناھىيەسى توغرىسىدا بىۋاسىتە ئۇچۇر قالدۇرمىغان بولسىمۇ، يۇرتىمىزنىڭ تارىخىنى يورۇتۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ۋە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دىمۇ چاقىلىق ناھىيەسى توغرىسىدا پارچە ئۇچۇرلار ساقلانغان. ۋېنىتسىيەلىك داڭلىق سەيياھ ماركوپولو 1276 ـ يىلى چاقىلىقتىن ئۆتكەن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى داڭلىق شەھەر لوپ توغرىسىدا، شۇنداقلا چاقىلىق رايونى توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇر قالدۇرغان. 16 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە، تارىم ئويمانلىقى شەرقىي قىسمى توغرىسىدا، جۈملىدىن يۇرتىمىز توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بار. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مانجۇ، موڭغۇل، خەنزۇ ئەدىب، سەركەردىلەرنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ھەم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرىدىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇماتلار بار، بۇلارغا مانجۇ تەشرىپدار چىشىينىڭ «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىم» (1777 ـ يىلى كىتاب قىلىنغان)، 1760 ـ يىللىرى تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 1763 ـ يىلى بېكىتىلگەن «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى»، چى يۈنشىنىڭ «غەربىي يۇرت يەر ناملىرىغا شەرھى» (1807)، «غەربىي چېگرا بايانلىرى» (1807)، خې نىڭنىڭ «ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (1804)، دا سىڭچاۋنىڭ «قاراشەھەرنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى»، شۇ سۇڭنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ خاتىرىسى» (1821)، داۋۇت كورلاۋىينىڭ «تەزكىرەتۇل نىجاد» (1880 ـ يىللاردا يېزىلغان)، تاۋ باۋلىيەننىڭ «توشقان يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە»، موللا

مۇسا سايرامىينىڭ «تارىخى ھەممىدىيە» (1908)، يۈەن داخۋاننىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (1911)، شيې بىنىنىڭ «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى»... قاتارلىق ئەسەرلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن. يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ كۆپلىرى نەشر قىلىنىپ، بۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. كېيىنكى يىللاردا ئىجتىمائىي ھاجەتكە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزى 24 تارىختىكى غەربىي يۇرتقا ئائىت ئۇچۇرلارنى تاللاپ خەنزۇچە نەشر قىلغان بولسا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مۇناسىۋەتلىك ئالىملارنى تەشكىللەپ، ئەنە شۇ تاللانمىلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن « ‹چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى›دىكى شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تاللانمىلار»، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۈچ قامۇستىكى شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تاللانما» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدىن نەشر قىلىندى) قاتارلىق (15 توم) كىتابىمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۇرتىمىزغا ئائىت ئۇچۇرلار بار. 1908 ـ، 1909 ـ يىللىرى يېزىلغان ئىككى پارچە «چاقىلىقنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» شۇ ۋاقىتتىكى چاقىلىقنىڭ ئامباللىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مانا مۇشۇ ماتېرىياللارنى توپلاپ ئۆگىنىدىغان بولساق، چاقىلىق تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە قىسقىچە بولسىمۇ چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلالايمىز.

(2) چاقىلىقتىن تېپىلغان يازما ھۆججەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئېلان قىلىنىشى: چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىن قارۇشتى، خەنزۇ، سوغدى، بىراھمى، تۇبۇت، تۈرك ـ رۇنىك، چاغاتاي (ئۇيغۇر) يېزىقلىرىدا يېزىلغان خېلى كۆپ ھۆججەتلەر بايقالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قارۇشتى يېزىقىدىكى كىروران ئېلىگە ئائىت ھۆججەتلەر «نىيا ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن، بۇ ھۆججەتلەرنى ۋاڭ گۇاڭجى ئىنگلىز تىلىدىكى نەشرىدىن تەرجىمە قىلغان، پەقەت تەرجىمىسىلا بېرىلگەن. لىن مېيسۈن تۈزگەن «تەكلىماكاندىن تېپىلغان قەدىمكى ھۆججەتلەر ــ جۇڭگودىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر (دەسلەپكى توپلام)» ناملىق كىتاب مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، بۇ كىتابتا ھۆججەتلەرنىڭ ترانسكرىپسىيەسى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. ئارخېئولوگ، دوكتور ليۇ ۋېنسونىڭ «تەكلىماكاندىن تېپىلغان قەدىمكى ھۆججەتلەرگە شەرھىي ئارگىنال» ناملىق كىتابىنى جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2007 ـ يىلى نەشر قىلدى، بۇ كىتابتا ئالدىنقى كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى كىروران كۇلتۇرىنى يورۇتۇپ بەرگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا مەتبۇئاتلاردا (گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب، مەجمۇئەلەر) قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلىرىمىز توغرىسىدا خېلى كۆپ تەتقىقاتلار ۋە كېيىنچە تېپىلغان ھۆججەتلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، بۇلارنى جەملەپ

تويلام قىلىپ ئىشلەش خىزمىتى ئىشلەنمىدى. كىروران رايونىدىن تېپىلغان خەنزۇ يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرمۇ خېلى كۆپ، بۇلاردىن بىر قىسمى چيۇ لىڭ تۈزگەن «لوپنورغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تويلام» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى تەھرىراتى 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، لىن مېيسۈن تۈزۈپ شەرھلىگەن «كىروران ۋە نىيادىن تېپىلغان پۈتۈكلەر» (مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشرى، بۇ ئەسەر يەنە 1990 ـ يىلى لەنجوۋدا تۈزۈپ نەشر قىلىنغان «غەربىي شىمال ئارخېئولوگىيەسى يادىكارلىقلىرى»نىڭ 6 ـ تومىنىڭ 397 ـ، 525 ـ بەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن)، مېڭ فەنرېن تۈزگەن «كىروران ـ چەرچەن تارىشا پۈتۈكلىرىنىڭ يىل دەۋرى ئۈستىدە تەتقىقات» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلارغا كىرگۈزۈلدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ۋاششەھىرى كونا شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان يۈەن سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل سانغۇنىغا مۇناسىۋەتلىك، 1280 ـ يىللارغا تەئەللۇق ئۈچ پارچە ھۆججەتمۇ بار. بۇلاردىن باشقا چاقىلىق ناھىيەلىك ئارخىپ ئىدارىسىدە جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى ئارخىپلاردىمۇ مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئۇچۇرلار ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن.

تۈبۈتچە ھۆججەتلەر 1906 ـ يىلىدىن باشلاپ تېپىلغان، مۇتلەق كۆپ قىسمى مىران كونا شەھىرى خارابىسىدىن چىققان، بۇلار چاقىلىقنىڭ 8 ـ، 9 ـ ئەسىردىكى تارىخىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماتېرىياللاردىن خېلى كۆپ قىسمى ۋاڭ ياۋ ۋە چېن جيەنلەر تۈزگەن «تۈبۈتچە تارىشا پۈتۈكلەردىن ئومۇمىي تويلام» دېگەن نامدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىندى، بۇ كىتابتا تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ يېزىقىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، ترانسكرىپسىيەسى، تەرجىمىسى بېرىلگەن. ئەنگلىيەلىك ئالىم توماس (1886 ـ 1956) يازغان «دۇنخۇاڭ ۋە غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان قەدىمكى تۈبۈت يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ـ تارىخىي ھۆججەتلەر» ناملىق كىتابنىڭ تەرجىمىسى مىللەتلەر نەشرىياتىدىن 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىندى. بۇندىن باشقا ياپونىيەلىك ئالىم تاكۆچى شۆگوھېتونىڭ 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى تۈبۈتچە توختام پۈتۈكلىرى»، 1997 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ستەيىن يىغقان شىنجاڭدىن چىققان قەدىمكى تۈبۈتچە يازمىلار» قاتارلىق كىتابلىرىدا مىران كونا شەھىرىدىن تېپىلغان تۈبۈتچە يازمىلار توغرۇلۇق تەتقىقاتلىرى ھەمدە شۇ يازمىلارنىڭ تەرجىمىسى ئېلان قىلىنغان. تاكۆچى شۆگوھېتو مىران كونا شەھىرىدىن چىققان تۈبۈتچە پۈتۈكتىن 342 پارچىنى ئېلان قىلغان. ۋاڭ ياۋ ۋە چېن جيەنلەر ئەنگلىيەلىك ئالىم توماسنىڭ كىتابىنىڭ 2 ـ تومىدىكى ۋەسىقىلەرنى تەرجىمە قىلغان، تاكۆچى شۆگوھېتو توماسنىڭ كىتابىدا يوقلىرىدىن بىر قىسىم پارچىلىرىنى ئېلان قىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2014 ـ يىلى ياڭ مىڭ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن «ئەنگلىيەدە ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭدىن چىققان قەدىمكى تۈبۈتچە تاللانما ھۆججەتلەردىن تەرجىمە» ناملىق كىتابتا مىران كونا

شەھىرىدىن چىققان 304 پارچە ھۆججەتنىڭ تەرجىمىسى، ترانسكرىپسىيەسى ۋە فاكسىمىلى ئېلان قىلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا سانى كۆپ بولمىسىمۇ سوغد، بىراھمى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ئۇچۇرلار بار، ئەمما بۇ توغرىدا مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرىنى كۆرگىنىم يوق. مۇران كونا شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان ئۈچ پارچە تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى ھۆججەت تۈركىيەلىك ئالىم ھۈسەيىن نامىق ئورقۇننىڭ «ئەسكى تۈرك يازىتلارى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن، بۇ ھۆججەتنى دانىيەلىك ئالىم تومسون ئوقۇپ، يېشىپ ئېلان قىلغان، بۇ ھۆججەت تۈبۈتلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىن بالدۇرلۇقى ۋاقىتقا مەنسۇپلۇقى بىلەن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك، ئەپسۇسلىنارلىقى بۇ ھۆججەت قېزىۋېلىنغان ۋاقىتتا شامال چىقىۋاتقانلىقتىن مۇشۇ ئىككى پارچە (ئۈچ ھۆججەت) ساقلىنىپ قالغان، قالغان پارچىلىرى ئۇچۇپ كەتكەن.

چاقىلىق قايتا گۈللەنگەندىن كېيىن مۇشۇ يۇرتتا يېزىلغان، باشقا يۇرتتىن ئېلىپ كېلىنگەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت ۋە قول يازما ئەسەرلەرنىڭ بارلىقىدا شۈبھە بولمىسىمۇ بۇلار تېخىچە يىغىلغىنى ۋە تەتقىق قىلىنغىنى يوق. بۇلاردىن باشقا مىنگو (1912 ـ 1949) دەۋرىدە يېزىلغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئارخىپلار ناھىيەلىك ئارخىپ ئىدارىسىدە ۋە ج خ ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

(3) ئەدەبىي ئەسەرلەر: مىلادىيەنىڭ باشلىرىغا جۇملىدىن 3 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق كىروران ئېلى ۋەسىقىلىرىدىن شۇ دەۋردە ئەدەبىيات ۋە باشقا پەن ساھەلىرىگە كىرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇچۇرلار بار. ھازىرقى نەق پاكىتلىرىمىزغا ئاساسلانغان بولساق، چاقىلىقتا يېزىلغان ياكى چاقىلىققا مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر 1900 ـ يىللاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن، بولۇپمۇ 1980 ـ يىللىرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. 1980 ـ يىللاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرى شۇ ۋاقىتلاردا يۇرتىمىزدا ياشىغان ئىمىن ھاجىم تۆمۈرچى (ۋاششەھىرى)، ئىبراھىم سەيدۇللا، سۇلايمان مەمتىمىن، ئابدۇرەشىت خوجا، ياسىن زەيدۇن، مۇھەممەت روزى، تۇردى ھاشىم، سىدىق نايۇپ، سۇلايمان ئابدۇرەھىم، ئابدۇۋەلى روزى، قاسىم ئۆمەر، تۇرسۇنگۈل تۇردى، ئوسمان مۇسا سارام قاتارلىقلارنىڭ ھېكايە، نەسىر ۋە شېئىرلىرىدىن ئىبارەت. يىرىكرەك ئەسەرلەرنى تىلغا ئالساق، ياپونىيەنىڭ ھازىرقى زامان داڭلىق يازغۇچىسى يىنوئوئى ياساشىنىڭ «كىروران» ناملىق رومانىنى، سۇلايمان ئابدۇرەھىمنىڭ «گۆر ئاغزىدىن يانغانلار»، «كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە»، «ئۇنتۇلغان زېمىن» ناملىق تارىخىي رومانلىرىنى، مۆيدىن سايىتنىڭ «كىروراندىكى ئىزچىلار» رومانىنى، ئابدۇۋەلى روزىنىڭ «ئوقۇتقۇچى»، «ئالتۇنتاغ يالقۇنلىرى» رومانلىرىنى، شائىر ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروراننىڭ «كىروران» ناملىق داستانىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

(4) ئېغىز ئىجادىيەتلىرى: چاقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يىراق زامانلاردىن باشلاپ ئىجاد قىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغانلىرى ناھايىتى ئاز

بولغانلىقتىن، زامانىمىزغا يېتىپ كېلىپ ئىلان قىلىنغانلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ساياھەت»تە كىروران شەھىرىگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت خاتىرىلەنگەن بولسا، «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»دىمۇ تەكلىماكان توغرىسىدا ئاجايىپ رىۋايەت خاتىرىلەنگەن. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «تارىخى كاشغەر (چىڭگىزنامە)»، «مەۋلانا ئەرشىددىن ۋەلىي تەزكىرىسى»... قاتارلىق بىر قىسىم ئەسەرلەردە چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى كاتاك شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا 14 ـ ئەسىردىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ يۇرتىمىزغا ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ كەلگەن چەت ئەل ئالىملىرى خەلق ئارىسىدىن ئاڭلىغان رىۋايەتلەردىن بىر قىسمىنى خاتىرىلىگەن، بۇنىڭغا پىرژېۋالسكى، گابرىل بونۋالوت، تاچىبانا زۈيچو، ئاۋرېل ستەيىنلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن. تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا خاتىرىلىگەن ئېغىز ئىجادىيەتلىرى شۇ دەۋردىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى، غايە ـ ئىستەكلىرى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيەسى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبەلەردۇر. بۇنىڭغا 1914 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يېڭىسۇ، مۇران قاتارلىق جايلىرىدا تەكشۈرۈشتە بولغان ئاكادېمىك س. ي. مالوفنىڭ ئېلان قىلغان ماتېرىياللىرى، ئاكادېمىك ئەدھەم رەھىموۋىچ تېنىشېفنىڭ 1956 ـ يىلىدىكى تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا ئېرىشكەنلىرى ۋە ئېلان قىلغانلىرى، پىروفېسسور مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ 1960 ـ يىلىدىكى يېڭىسۇ ۋە مۇران قاتارلىق جايلاردا خاتىرىلىگەن ئېغىز ئىجادىيەتلىرى تولىمۇ قىممەتلىك. 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ يۈرگۈزۈلگەن ئۈچ توپلام ئىشلەش داۋامىدا ئېرىشىلگەن ئېغىز ئىجادىيەتلىرى كۆپ بولسىمۇ ئۇتۇقلارغا تەڭداش سەۋەنلىكلەرمۇ ساقلانغان، شۇنچە كۆپ ماتېرىياللار يىغىلسىمۇ تەجرىبىسىزلىك، ئادەم كۈچىنىڭ ئاز بولۇشى ۋە باشقا سەۋەبلەردىن، ئۈچ توپلام كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلەنمىگەن. ئۈچ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللار تولۇق بولمىغان، يەنى ۋاششەھىرى، يېڭىسۇ، مۇران ۋە تۆمۈرلۈكتىن توپلاش خىزمىتى يېتەرلىك بولمىغاندىن سىرت، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئېتىبار بېرىلمىگەن، ھەتتا ئەڭ زور سەۋەنلىك سۇيىتىدە تەكىتلەش مۇمكىنكى، ئېغىز ئىجادىيىتىگە تەۋە بولمىغان، شۇ ۋاقىتتا ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ئېھتىياجىدىن ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان يازمىلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئېغىز ئىجادىيىتىنى توپلاش خىزمىتى تولىمۇ كېچىكىپ ئىشلەنگەنلىكتىن نۇرغۇن ئىجادىيەتلەرمۇ يىغىۋېلىنماي قالغان.

(5) تىل تەكشۈرۈش ۋە تىل ماتېرىياللىرى: چاقىلىق ناھىيەسىدىكى ئاھالە تەركىبىدىن ئالغاندا، لوپلۇقلار، خوتەن كېرىيەلىكلەر ۋە تۇرپانلىقلارنى ئاساس قىلغان بولغانلىقتىن، بۇ يەردە شۇ جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇچرىشىشى، مەدەنىيەت ئالاقىسى نەتىجىسىدە مەيلى تىل، ئادەت، ئېغىز ئىجادىيەتلىرىدە بولسۇن سىڭىشىش يۈز بەرگەن. چاقىلىق ناھىيەسىدىكى تىل تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلمىغان، بولغانلىرىمۇ ئاساسەن لوپلۇقلارنىڭ ئېغىز تىلى ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ھالدا

يېڭىسۇ ۋە مۇران دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان. لوپلۇقلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا ئېكسپېدىتسىيەچىلەر خاتىرىلىگەن يەر ناملىرى، كىشى ئىسىملىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا بولىدۇ. بۇلار ئاساسەن تىلشۇناسلارنىڭ ئەمگىكى بولمىغاچقا پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ، لېكىن ئاساسىي مەنبە قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ جايدىكى تىل تەكشۈرۈش دەسلەپتە رۇسىيەلىك ئالىم، دوكتور س. ي. مالوف تەرىپىدىن 1914 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان، تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن ماتېرىياللىرى 1957 ـ يىلى قىرغىزىستاننىڭ فرونزىدا (دۈشەنبە) نەشر قىلىنغان «لوپنور دىيالېكتى» كىتابىدا، تىل ماتېرىياللىرى ھەم لۇغىتى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلىنغان. 1956 ـ يىلى تىل تەكشۈرۈشتە بولغان رۇسىيەلىك تاتار ئالىم ئەدھەم رېھىموۋىچ تېنىشىفنىڭ ماتېرىياللىرى، ئۇنىڭ 1984 ـ يىلى رۇسىيە پايتەختى موسكۋادىكى نايكا نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. شۇ قېتىمقى تىل تەكشۈرۈشكە قاتناشقان گاۋ شىجيې ئېرىشكەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدىكى تەتقىقاتلىرىنى «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ۋە دىيالېكت تەكشۈرۈش» (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) ناملىق كىتابىنىڭ 3 ـ بابىدا ئېلان قىلغان. ئاتاقلىق تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف لوپنور ۋە چاقىلىقتا 1960 ـ يىلى ئالتە ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا ئېرىشكەن ماتېرىياللىرىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئامان قالغان پارچىلىرىنى تولۇقى بىلەن شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى» ناملىق كىتابىدا تەتقىقاتى بىلەن بىرگە ئېلان قىلغان، بۇ كىتابتا خەلق ئېغىز ئىجادىيەتلىرىمۇ تىل ئالاھىدىلىكى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىپ بېرىلگەن. ئەر ـ خوتۇن تىلشۇناسلار ھاشىم تۇردى ۋە مېھراي ياقۇپلار لوپنور ۋە چاقىلىقتا 1980 ـ يىللىرىدا ئالتە ئايدىن ئارتۇقراق تىل تەكشۈرۈشتە بولغان، شۇ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تەتقىقات يۈرگۈزۈپ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور تەلەپپۇزى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىنى پۈتكۈزگەن، چوڭ ھەجىملىك بۇ كىتاب تەتقىقات ۋە سۆزلۈكتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 ـ يىلى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقلىرىدا ئىككى توم قىلىپ نەشر قىلغان. بۇندىن باشقا تۇراپ قاسىم يولچىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتشۇناسلىقى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى) ناملىق كىتابىدا لوپنور دىيالېكتى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان. دوكتور ئىسمائىل ئابدۇرېھىمنىڭ لوپنور ۋە چاقىلىق ناھىيەلىرىدىكى تىل تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «ئۇيغۇر تىلى لوپنور دىيالېكتىنىڭ تەسۋىرىي ئانالىزى» ناملىق كىتابى ۋە بۇ كىتابىنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى فىنلاندىيەنىڭ خېلسىنكى شەھىرىدە ئىنگلىز تىلىدا 2014 ـ يىلى نەشر قىلىپ تارقىتىلدى، بۇ كىتاب لوپنور دىيالېكتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىسى بولۇش بىلەن بىرگە، يېڭى تەتقىقات مېتودى قوللىنىلغان مۇھىم تەتقىقات نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ.

جاۋ شياڭرۇ ۋە جۇ جىنىڭ لوپنور دىيالېكتى توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىسى «چاقىلىق ناھىيەسى تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن. تەكىتلەش زۆرۈركى، چاقىلىق ئاھالىلىرىنىڭ تىل، شېۋە ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش يېڭىسۇ ۋە مۇراندىكى لوپلۇقلارنىڭ تىل ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش بىلەن بولغانلىقتىن، چاقىلىق ئاھالىلىرىنىڭ يەرلىك تىل ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا قىزىققۇچىلار پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسا، بۇ ئىمكانىيەتلەر پات يوقالغۇسى. تىل تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش يالغۇز تىل تەتقىقاتى ئۇچۇنلا بولماستىن يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى تارىختىكى جاي نامى ۋە ھازىرقى جاي نامىرىنى تەتقىق قىلىش كەڭ بوزلۇقتىن ئىبارەت، گەرچە 1990 ـ يىلى «چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ يەر نامىرى تەزكىرىسى» بېسىپ تارقىتىلغان بولسىمۇ، بۇ كىتابتا جاي نامىرى چۈشەندۈرمىسى خەلق ئېتىمولوگىيەسىدىن كەلگەن، ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىنمىغان، يەنە جاي نامىرىنى ترانسكرىپسىيە قىلىش جەھەتتىن نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانغاندىن باشقا، نۇرغۇن جاي نامىرى كىرگۈزۈلمىگەن. ئەمەلىيەتتە، سېۋىن ھېدىن ۋە ستەيىنلەرنىڭ خەرىتىلىرىنىمۇ كىرگۈزۈپ، تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرغان بولسا، مۇشۇ ساھەدە ئۈلگە ئالارلىق ئەمگەك بارلىققا كەلگەن بولاتتى.

(6) خەرىتىلەر: كارتوگرافىيە ساھەسىدە ئىشلەنگەن ئەمگەكلەر تېخىچە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايۋاتقان ساھەلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ساھەدە دىققەتكە سازاۋەر تۇنجى خەرىتە مەھمۇد كاشغەرىي 11 ـ ئەسىردە ئىشلەپ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»كە كىرگۈزگەن «دائىرە» ناملىق خەرىتىسىدىن ئىبارەت. بۇ خەرىتىدە گەرچە چاقىلىققا مۇناسىۋەتلىك جاي نامىرىنى ئۇچرىتالمىساقمۇ، «قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدىغان» تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنى چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە، شۇنداقلا شۇ خەرىتىدە بەلگە قويۇلۇپ تولدۇرۇلماي قالغان شەھەرلەر بەلكىم كاتاك ۋە لوپ (ۋاششەھەرى كونا شەھەرى) بولۇشى مۇمكىن. 982 ـ يىللىرى يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق ئەسەرنى، خەرىتىگە ئىشلەنگەن شەرھىي كىتابى دەپ پەرەز قىلغۇچىلار بولسىمۇ، تېخىچە خەرىتىسى بايقالغىنى يوق. 1759 ـ يىلىدىن بۇرۇن جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئىشلەنگەن خەرىتە ۋە بۇ خەرىتىنىڭ رېنارت تەرىپىدىن ياۋروپاغا تونۇشتۇرۇلغان خەرىتىسى شۇ دەۋرنىڭ مۇھىم خەرىتىسى بولۇپ، يۇرتىمىزنىڭ جۇغراپىيەسى ۋە يەر نامىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېزىلغان، رۇەن مىڭداۋ ۋە ليۇ جىڭشەن ئىزاھلاپ تەييارلىغان «غەربىي يۇرت جۇغراپىيەسىدىن رەسىملىك بايان» ناملىق كىتابمۇ ئەسلىدە خەرىتىگە ئىشلەنگەن شەرھىي ئەسەر بولۇشى مۇمكىن، لېكىن خەرىتىسى بايقالغىنى يوق، شۇنداقتىمۇ يۇقىرىقى ئەسەر شۇ دەۋردىكى باشقا خەرىتىلەرگە مۇھىم چۈشەندۈرمە بولالايدۇ. چىشىيىنىڭ 1777 ـ يىلى كىتاب قىلىنغان «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىم» ناملىق كىتابىغا ئىككى پارچە خەرىتە كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، چاقىلىق تەۋەسىدىكى جايلاردىن لوپ كۆلىلا ئىزاھلانغان. جى يۈن يازغان «خان

هۆزۇرىدا بېكىتىلگەن دەريا - ئېقىنلارنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا قىسقا بايان» ناملىق كىتابقا لوپ كۆلى رايونىنىڭ خەرىتىسى كىرگۈزۈلگەن. بۇلاردىن باشقا 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا مۇناسىۋەتلىك خەرىتىلەر «خان هۆزۇرىدا بېكىتىلگەن ‹غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى› » ۋە شۇ سوڭنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى دەريا - ئېقىنلار خاتىرىسى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، رايونىمىزغا كېلىدىغان ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ناھايىتى تەپسىلىي خەرىتىلەر ئىشلەنگەن، بۇلارغا رۇسىيەلىكلەردىن پىرژېۋالسكى، كوزلوف، بېفزوف قاتارلىقلار ئىشلىگەن خەرىتىلەرنى؛ ئەنگلىيەلىك ئاۋرېل ستەيىننىڭ ناھايىتى تەپسىلىي خەرىتىلىرىنى، شۋېتسىيەلىك سېۋېن ھېدىننىڭ خەرىتىلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. يۇقىرىقى خەرىتىلەر ئىچىدە سېۋېن ھېدىن ۋە ستەيىنلەرنىڭ خەرىتىلىرى ناھايىتى تەپسىلىيلىكى بىلەن تارىخىمىزدا ئىشلەنگەن ئەڭ مۇكەممەل ھەم مۇھىم خەرىتە ھېسابلىنىدۇ، بۇ خەرىتىلەر شۇ قەدەر تەپسىلىيكى، جاي نامىلىرىدىنلا نەچچە يۈزنى، ئۇلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن، تارىم دەرياسىنىڭ ھەرقايسى تارامىلىرى، لوپ كۆلى رايونى، قاراقوشۇن كۆلى رايونى، تۆمۈرلۈك، چاقىلىق دەرياسىنىڭ بېشى، ۋاششەھىرى رايونى ناھايىتى تەپسىلىي ئىشلەنگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 1908 - يىلى يېزىلغان «چاقىلىقنىڭ خەرىتىلىك يۇرت تەزكىرىسى»گە ناھايىتى ئاددىي خەرىتىمۇ كىرگۈزۈلگەن، بۇ خەرىتە چاقىلىقنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئاھالە نۇقتىلىرىنىڭ ئورنى، يول يۆنىلىشى، مۇساپىسى قاتارلىقلارنى ۋە پاسىللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى بىلەن تولىمۇ قىممەتلىك. «شىنجاڭدىكى يۇرتلارنىڭ تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەرگە يەنە ھەرقايسى مەمۇرىي جايلارنىڭ جۈملىدىن قاراشەھەر ۋىلايىتى، چاقىلىق ناھىيەسى، كۆنچى ناھىيەسى، كېرىيە ناھىيەسى قاتارلىق جايلارنىڭمۇ خېلى ياخشى خەرىتىلىرى كىرگۈزۈلگەن. مانا بۇ خەرىتىلەرمۇ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ ئۆگىنىلىشى كېرەككى، نەزەردىن ساقىت قىلىنىشقا بولمايدۇ.

(7) رەسىملەر: چاقىلىق ناھىيەسى قەدىمكى دەۋردە رەسساملىق ناھايىتى گۈللەنگەن قەدىمىي ماكانلاردىن بىرى. ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ كۆپرەك بىلىدىغىنى «قاناتلىق پەرى»نىڭ رەسىمىدىن ئىبارەت. «قاناتلىق پەرى»نىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توققۇز پارچە رەسىمى مىران كونا شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلىپ، گىرېك سەنئىتىنىڭ تەسىرىنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغانلىقى بىلەن تولىمۇ مەشھۇر بولدى. ئەمەلىيەتتە چاقىلىق رايونىدىن تېپىلغان رەسىملەر ئاز ئەمەس. پىروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن، قۇرۇق دەريا قىنىغا جايلاشقان «ئۇتۇغۇچخان شەھىرى» خارابىسىدىن بىر تۇركۇم رەسىملەرنى بايقىغان. كىروران شەھىرى خارابىسىدىكى قەبرىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ بىر تۈركۈم رەسىملەر بايقالغان. كىروران رايونىدىن بايقالغان قەبرىلەرنىڭ رەسىملىرىمۇ مۇھىم ماتېرىياللار

ھېسابلىنىدۇ. مۇران كونا شەھىرى خارابىسىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان تىتا قاتارلىق رەسساملارنىڭ ئىجادىيىتى شۇ دەۋر رەسساملىقىنى چۈشىنىشتىلا ئەمەس، يەنە شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، چىراي - تۇرقى، پىسخىكىسى، بوياقلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئەكس ئەتكەن ۋەقەلىك ھەم ئارقا كۆرۈنۈش قاتارلىق جەھەتلەردىن ناھايىتى مۇھىم مەنبەلەر ھېسابلىنىدۇ. مۇران كونا شەھىرى خارابىسى ئىبادەتخانىسىدىكى رەسىملەرنى ھازىر پەقەت سىتەيىننىڭ كىتابلىرىدىنلا كۆرۈش مۇمكىن.

(8) تەتقىقاتلار ۋە تەتقىقاتلارغا باھا: چاقىلىقنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە كۇلتۇرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار خېلى چوڭقۇرلاشتى، جۈملىدىن «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ئۈچ پادشاھلىق تەزكىرىسى» قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلىرى ھەمدە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا يۈرگۈزۈلگەن تەتقىقاتلار خېلى چوڭ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئاتاقلىق تارىخشۇناس سېن جوڭمىيەننىڭ «خەننامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسىدىكى جۇغراپىيەۋى بايانلارغا شەرھى» (جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1981 - يىلى نەشرى)، يۈ تەيشەننىڭ «شەرقىي ۋە غەربىي خەن، ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر تارىخلىرىدىكى غەربىي يۇرت تەزكىرىسى ھەققىدە تەتقىقات» (جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2003 - يىلى نەشرى) ۋە «شەرقىي ۋە غەربىي خەن، ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر تارىخلىرىدىكى غەربىي يۇرت تەزكىرىسىگە مۇھىم ئىزاھلار» قاتارلىق ئەسەرلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ياپونىيەلىك ئالىم ناكازاۋا كازوتوشىنىڭ «يىپەك يولى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» (تيەنجىن قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1980 - يىلى خەنزۇچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلغان) ناملىق كىتابىغىمۇ كىروران تارىخى، قارۇشتى يېزىقى توغرىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە تەتقىقاتلار كىرگۈزۈلگەن. پىروفېسسور خۇاڭ ۋېنبىننىڭ «لوپنور ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە» (بۇ كىتاب 1948 - يىلى نەشر قىلىنغاندىن بېرى قايتا بېسىلمىدى)، «جۇڭگو دالا ئارخېئولوگىيەسى توپلىمى. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، «غەربىي يۇرت تارىخ - جۇغراپىيەسىگە ئائىت ماقالىلەردىن توپلام»، «خۇاڭ ۋېنبىننىڭ تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيەگە ئائىت ماقالىلىرىدىن توپلام» (شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1981) قاتارلىق كىتابلىرىمۇ تولىمۇ قىممەتلىك. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئېكسپېدىتسىيە، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ نۇرغۇن ئەسەرلەر نەشر قىلىندى، بۇلاردىن سېۋېن ھېدىننىڭ «كۆچمە كۆل» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى خەنزۇچە، 2013 - يىلى ئۇيغۇرچە)، «ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997)، «تارىمنىڭ سىرىنى ئىزدەپ» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997)، «دەشتىنى كېسىپ ئۆتۈش» (جىلىن نەشرىيات گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، 2009)، «يىپەك يولى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 2014)، «ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2013)، «ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى

سەككىز يىللىق ئېكسپېدىتسىيە (1927 ـ 1935)»(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992)، «شىزاڭ ئېكسپېدىتسىيەسى» (خەنزۇچە تەرجىمە نامى «غەربىي قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. ئاۋرېل ستەيىننىڭ «ستەيىننىڭ غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىدىن خاتىرە» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010)، «كىرورانغا سەپەر» (گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى)، «قەدىمىي ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يوللىرىنى بويلاپ ــ ستەيىننىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى لېكسىيەلىرى» (گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008)، «ستەيىننىڭ جۇڭگودىكى 4 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسىگە يەشمە» (گەنسۇ مائارىپ نەشرىياتى، 2004)، «ستەيىننىڭ جۇڭگودىكى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى» (باھار شامىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 2004)، «نىيا خارابىسىنى تەكشۈرۈش» (گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرىدا چاقىلىق توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئۇچۇر، مەنبەلەر خاتىرىلەنگەن. پىرژېۋالسكىنىڭ «لوپ كۆلىگە سەپەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999)، گابرېل بونۋالوتنىڭ «جەزىرىنى جەسۇرانە كېزىش» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001)، «بېفزوفنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2013) قاتارلىق كىتابلىرىدا 1870 ـ يىلدىن 1900 ـ يىلغىچە بولغان لوپلۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن، يۇقىرىقى ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ لوپلۇقلار ئارىسىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقتى بىر يىلدىن ئاشىدۇ. شىۋېتسىيەلىك فولك بېرگماننىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى) ناملىق كىتابىدا ۋە «ئارخېئولوگىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى» قاتارلىق كىتابىدا 1934 ـ يىلىدىكى چاقىلىق (ۋاششەھىرى، مۇراننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)تىكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ۋە قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى ئىزدەش، قېزىش ئەھۋاللىرى ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. گېرمانىيەلىك ھېرماننىڭ «كىروران» ناملىق كىتابى 1940 ـ يىللىرى تەرجىمە قىلىنىپ، 2006 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن نەشر قىلىندى. تەتقىقاتچى مېڭ فەنرېننىڭ «كىرورانىنىڭ يېڭى تارىخى» (جۇڭگو نۇرلۇق گېزىتخانىسى، يېڭى زېلاندىيە هوللاند نەشرىيات چەكلىك شىركىتى، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي قىسمى ئاپتورنىڭ 2010 ـ يىلى لەنجوۋ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىگە ئائىت ماقالىلەردىن توپلام» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن)، لىن مېيسۇننىڭ «كىروران ــ ئەسىرلىك سىرنىڭ يېشىلىشى» (مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ نەشرىياتى، 1999)، خۇ سەننىڭ «قوچۇ ۋە كىرورانغا ئائىت تەتقىقات ماقالىلىرىدىن توپلام» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990)، شى

گوجىنىنىڭ «لوپ كۆلىنىڭ سىرى» (مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ نەشرىياتى، 1999)، ۋاڭ بىڭخۋا ۋە خۇ ۋېنكاڭلارنىڭ «لوپ كۆلى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000)، ياڭ لىيەنىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى لوپلۇق» (مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ نەشرىياتى، 1999)، خەن كاڭشىنىنىڭ «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىقى ئۈستىدە تەتقىقات» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993)، شىيا شۇنچېڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو لوپ كۆلى» (پەن نەشرىياتى، 2007)، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسى لوپ كۆلىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى تۈزگەن «سىرلىق لوپ كۆلى» (پەن نەشرىياتى، 1985)، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسى لوپ كۆلىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى تۈزگەن «لوپ كۆلىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات» (پەن نەشرىياتى، 1987)، جاۋ يۈەنجيې ۋە شىيا شۇنچېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ لوپ كۆلى رايونىدىكى يۇلغۇن دۆڭلىرى ۋە ئېكولوگىيە تەتقىقاتى» (پەن نەشرىياتى، 2011)... قاتارلىق كىتابلار چاقىلىق تارىخى ۋە كۇلتۇرى توغرىسىدىكى ماتېرىيال مەنبەلىرى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يەردە يەنە «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە سانلىرىدا چاقىلىق توغرۇلۇق خېلى كۆپ ماتېرىياللارنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز، مىسال قىلساق: ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ «شىنجاڭنىڭ سىپتا تاش قورال ئىزلىرى» (1993 ـ يىللىق 4 ـ سان)، خۇاڭ شياۋجياڭنىڭ «چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى» (1985 ـ يىللىق 1 ـ سان)، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ «كىروران ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېڭى نەتىجىلەر» (1987 ـ يىللىق 1 ـ سان)، كىروران مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ «لوپ كۆلى رايونىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە دوكلات» (1988 ـ يىللىق 3 ـ سان)، جاڭ پىڭنىڭ «چاقىلىق ناھىيەسىدىكى ‹تاشبالىق›نى قىدىرىپ تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ «چاقىلىق ناھىيەسىدىكى قەدىمكى كۇلتۇر ئىزنالىرىنى تەكشۈرۈش» ھەم «ئالتۇنتاغ سىپتا تاش قوراللىرى» (1990 ـ يىللىق 4 ـ سان)، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى بايىنغولىن ئوبلاستى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالى» (1993 ـ يىللىق 1 ـ سان)، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ «2002 ـ يىلىدىكى قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش دوكلاتى» (2003 ـ يىللىق 2 ـ سان)، يۇسۇفوۋنىڭ «لوپ كۆلى رايونىدىن چىققان قەدىمكى ئادەملەرنىڭ باش سۆڭەكلىرى» ۋە جېكىستوفىسكايانىڭ «قەدىمكى كىروران ئېلىدىكى ئادەملەرنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلىرى» (1992 ـ يىلى، قوشۇمچە سان)... دېگەنگەن ئوخشاش خېلى كۆپ ماتېرىياللار ئېلان قىلىنغان. مۇشۇ ژۇرنالنىڭ

نەشر قىلىنغاندىن 2014 - يىلىغىچە بولغان سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللار ۋە 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى بىلەن قوشۇپ توپلام قىلىنسا، كىرورانشۇناسلىق، چاقىلىقنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان مۇھىم مەنبەگە ئايلانغان بولاتتى.

قىسقىچە خۇلاسىلىسەك، چاقىلىق توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى 1870 - يىللىرىدىن باشلانغان دەپ قارىغاندىمۇ تەخمىنەن 150 يىل بولۇپ قالدى، بۇ جەرياندا ئېكسپېدىتسىيەچىلەر بارمىغان بۇلۇڭ - پۇچقاق قالمىدى، ئېكسپېدىتسىيەگە رۇسىيە، شۋېتسىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا، فىرانسىيە... قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن نۇرغۇن تەۋەككۈلچى، ئالىم، ئوفىتسېرلار قاتناشتى. ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئىچىدە ئارخېئولوگ (ستەيىن، فولك بېرگمان، خۇاڭ ۋېنبى)، تىلشۇناس (س . ي . مالوف، ئە. ر. تېنىشېف)، جۇغراپىيون (سېۋىن ھېدىن)، كىلىمات تەتقىقاتچىسى (خانتىڭتون)، ئوفىتسېر (پىرژېۋالسكى، كوزلوف، بېفزوف)، ئىنسانشۇناس... ھەر ساھەنىڭ ئادەملىرى بار. ئەمدى مەسىلىنىڭ ئۆزىگە قايتساق، مانا مۇشۇ 150 يىلدىن بۇيان ھەر ساھە ناھايىتى كۆپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، بولۇپمۇ 1956 - يىلى ۋە 1980 - يىلىدىن كېيىنكى تەكشۈرۈشلەرنىڭ كۆلىمى، سالمىقى ناھايىتى چوڭ بولدى، ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش، ھەرقايسى پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەمكارلىقى كۈچەيدى. شۇنداقتىمۇ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تەكشىسىز، يېتەرسىز بولدى. ئېيتايلۇق، كىروران رايونىدىكى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى قازغاندەك كۆلەملىك، كەڭ دائىرىلىك بولمىدى. قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدەك 2500 كىۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى كىچىككىنە بىر قەبرىستانلىقنى قېزىش خىزمىتى تۆت يىلغا سوزۇلۇش بىلەن بىرگە ئارخېئولوگلارنىڭ شۇ جايدا خىزمەت قىلغان ۋاقتىلا 10 ئايدىن ئاشقان، ئەمما كىروران رايونىدىن ئىبارەت دائىرىسى نەچچە يۈز كىۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى دائىرىدە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمىتى نەچچە ئايمۇ داۋام قىلمىغان. ناھىيەمىز كونا تاش قوراللار بايقالغان تۇرپانغا يېقىن، ئېكولوگىيەسى قەدىمدىن تۇرپاندىن ياخشى ئىدى، شۇنداقلا چاقىلىق ناھىيەسىدىنمۇ سېپتا تاش قورالار يەر يۈزىدىنلا تېرىۋېلىنغان ئەھۋالدا، كونا تاش قوراللىرىنى نىشان قىلغان ھالدا يەر قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەنمىدى، بۇنىڭ ئاساسي سەۋەبى دائىرىنىڭ كەڭلىكى، قۇملۇقلىقى ۋە يىراق چۆلگە جايلاشقانلىقىدىن بولسا كېرەك. ھازىرغىچە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر شۇنچە كۆپ بولدى، بۇندىن كېيىن ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەر تېخىمۇ كۆپ. تەتقىقاتلىرىمىزنى 21 - ئەسىرنى بۆلگۈچ قىلساق، يېڭى ئەسىر كىرگەندىن بۇيان يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلمەكتە. 1950 - يىلىدىن بۇرۇن ئاساسەن ئېكسپېدىتسىيە، تېپىلمىلارنى تەتقىق قىلىش، شەرھلەش بولغان ئىدى، ئالىملار كونا شەھەر خارابىلىرىنىڭ بايقىلىشىغا ئەگىشىپ، تارىخنى تەتقىق قىلىشنى مۇھىم ئىش تەرتىپى قىلغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئېكسپېدىتسىيە

خاتىرىلىرى، ئىلمىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. بۇلارغا يۇقىرىدا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۆتتۇق. 1956 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك تىل ۋە جەمئىيەت تەكشۈرۈش بولغان بولسا، 1978 ـ يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا بىر قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش زور داغدۇغا قوزغىدى. 1978 ـ يىلىدىكى قېزىشتا كىروران گۈزىلىنى بەلگە قىلغان ھالدا 3800 يىللار بۇرۇنقى مۇمىيا ھەم كۇلتۇر دۇنيا ئىلىم ساھەسىنىڭ قانچىكى دىققىتىنى تارتقان بولسا، 21 ـ ئەسىر كىرىپ ئۆزۈن ئۆتمەي قېزىلغان قۇم دەريا قەبرىستانلىقى نامايان قىلغان 4000 يىللار بۇرۇنقى مۇمىيالار ھەم كۇلتۇر دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى يەنە بىر قېتىم جەلپ قىلدى. مۇشۇ ئىككى قېتىملىق قېزىش ئېلىمىز ئارخېئولوگىيەسىنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىنى نامايان قىلىدىغان بەلگە خاراكتېرلىك خىزمەت بولۇپ قالدى. 21 ـ ئەسىردىن كېيىنكى قېزىش ۋە تەتقىقاتلارغا ھەرقايسى ئىلىم ساھەلىرىنىڭ قاتنىششى تېخىمۇ زور ئۈمىدلەرنى ئېلىپ كەلدى. يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى، سۇنئىي ھەمراھ ئورۇن بەلگىلەش تېخنىكىسى، ئىرسىي گېن تېخنىكىسى، يىل دەۋرىنى بېكىتىشتە قوللىنىلغان يېڭى تېخنىكىلار ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇرۇن قەدىمكى دەۋردىكى ھاۋا رايى ئۆزگىرىشىنى بېكىتىشتە پەرەزسىمان قاراشلار بايان قىلىناتتى، مەسىلەن: شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولغان دەۋرگە قاراپ بېكىتىلەتتى، ھازىر ئالىملار يەر قاتلاملىرىدىكى چۆكۈندە، تىنىما ماددىلارغا ئاساسەن بېكىتىدىغان بولدى، بۇ جەھەتتە جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ خىزمەتلىرى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولدى. لوپ كۆلى ۋە تارىما كۆلىدىن قېزىلغان قۇدۇقلار يىل دەۋرى بويىچە تەتقىق قىلىنىپ، لوپ كۆلى رايونىنىڭ ئون نەچچە مىڭ يىللىق كىلىمات ئۆزگىرىش تارىخىي تەسۋىرىنى بايان قىلدى. ھەتتا يۇلغۇن دۆڭلىرىمۇ تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى، يۇلغۇن دۆڭلىرى دەۋرلەردىكى يۇلغۇن چىمەنلىرى ۋە قۇم، توزانلاردىن ھاسىل بولغانلىقتىن، كاربون ـ 14 تېخنىكىسى، نۇر ئۆتكۈزۈپ قويۇپ بېرىش تېخنىكىسى ۋە باشقىلاردىن پايدىلىنىپ بىۋاسىتە يىل دەۋرىنى بېكىتسە، باشقا ئۇچۇرلار ئارقىلىق كىلىمات ئۆزگىرىشىنى بايان قىلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى تەتقىقات ئارقىلىق نامايان قىلىندى. ھازىر مانا مۇشۇنداق ئىلغار تېخنىكا ئارقىلىق لوپ رايونىدا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا ئىجتىمائىي ئىلىم ئىگىلىرى، ۋاقىت، سەرمايە زۆرۈر. كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى قەبرىستانلىقلارنى قازغاندا، تېپىلمىلارنىڭ يىل دەۋرىنى پەقەت كاربون ـ 14 تەجرىبىسىدىلا ئېنىقلىغىلى بولاتتى ھەم دەرەخ يىل ھالقىسى ئارقىلىق توغرىلىناتتى. مانا ھازىر كاربون ـ 14 تېزلەتكۈچ تېخنىكىسى، نۇر ئۆتكۈزۈپ قويۇپ بېرىش (OSL)، ئىرسىي گېن (DNA) تېخنىكىسى قوللىنىپ تېخىمۇ يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى يەكۈنلەرگە ئېرىشىلمەكتە. بۇ خىزمەتنى ئالدىنقى ئەسىردىكى ئىرقشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن گېن تەتقىقاتى بىرلەشتۈرۈپ، قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى، ھازىرقى كىملەر بىلەن قانداش تۇغقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىلدى. مەسىلەن ئالساق،

لوپلۇقلارنىڭ تۇرقى موڭغۇللارغا ئوخشايدۇ، ئۇلار موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى، كېيىن قالپىقى قىرغىزلار ئوخشايدۇ، قىرغىزلارنىڭ ئەۋلادى دېگەندەك قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغاندى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ئىلمى ۋە تېخنولوگىيەسى ئىنستىتۇتىدىكى پىروفېسسور مەھمۇد خالىقنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تاجىگۇل ئابلىكىم قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار لوپلۇقلاردىن قان ئەۋرىشكىسى ئېلىش ئارقىلىق، بۇلارنىڭ گېن جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. يەنە شۇ گېن تەتقىقاتى قەدىمكى قەبرەغول ۋە قۇم دەريا قەبرىستانلىقى مومىيالىرىنىڭ ئوخشاشلا ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە، شۇنداقلا غەربتىن كۆچۈپ كەلگەن بولسىمۇ ئىرقىي تىپى جەھەتتىن پەرقى بارلىقى، ئەسلىدىن بىر توپ ئەمەسلىكى ئېنىقلانغان. ئومۇمەن ئالغاندا، 21 - ئەسىردىن كېيىنكى تەتقىقاتلار كۆپ ساھەگە چېتىلىپ، كۆپ ساھەنىڭ ھەمكارلىقىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، تەتقىقات ئىنچىكىلەۋاتىدۇ، چوڭقۇرلاۋاتىدۇ، بۇلار كەڭ دائىرىگە، يۇقىرى تېخنىكىلىق تەتقىقاتقا، ئىلمىي سەۋىيەسى ۋە مېتودى ئىنچىكىلىك، چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئالىي ئىلىمگاھلاردىكى تەتقىقاتلار مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە بولماقتا. دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقانلار ئىچىدە كىروران ۋە لوپ تەتقىقاتىنى لىنىيە قىلغان تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلار كۆپەيمەكتە. مەسىلەن، ماھىرە ھاجىئەكبەر (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 1997 - يىلى)نىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى توغرىسىدا»، مۇكەررەم ئابدۇرۇسۇل (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2008 - يىلى)نىڭ «لوپنور قوشاقلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، زۆھرە ئابلىز (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2011 - يىلى) «لوپنور قوشاقلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، ئەلى ئەمەت (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2011 - يىلى)نىڭ «لوپنورنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى ئاھالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى توغرىسىدا تەتقىقات»، لى چۇنشياڭ (جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى، دوكتورلۇق، 2011 - يىلى)نىڭ «قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدىكى قۇرۇق جەسەتلەر ئۈستىدە مولېكۇلا گېنېتىكىسى بويىچە تەتقىقات»، مەمەتجان ئابدۇقادىر (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2008 - يىلى)نىڭ «قەدىمكى كىروراننىڭ بىلەن لوپلۇقلارنىڭ كۈلتۈرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، جۇ جىشياڭ (لەنجوۋ ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2010 - يىلى)نىڭ «مىران ئىبادەتخانىسىدىكى ‹قاناتلىق پەرى› تام رەسىمىنىڭ مەنبەسى — قەندىھار سەنئىتىنىڭ تارقىلىشىنى كۆزىتىش»، سىخاۋات (موڭغۇل، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2011 - يىلى)نىڭ «لوپلۇقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە دىيالېكتىدىكى موڭغۇل تىللىرىغا تەۋە سۆزلۈكلەر»، لەن يەن (لەنجوۋ ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2006 - يىلى)نىڭ «شىنجاڭ مىران خارابىسىدىكى تام رەسىملىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، جاڭ لى (شيەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2001 - يىلى)نىڭ «خەن - جىن دەۋرىدىكى كىروران بوستانلىقىنىڭ ئېكولوگىيە ئۆزگىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا

تەتقىقات»، لى چىڭ (غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى، دوكتورلۇق، 2003 ـ يىلى) «قەدىمكى كىروران ـ چەرچەن سەنئىتى تارىخى توغرىسىدا»، دەي ۋېي (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2005 ـ يىلى)نىڭ «خەن ـ جىن دەۋرىدىكى چەرچەن ئېلى قەبرىلىرى ۋە يىپەك يولى»، شۇ نا (غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2008 ـ يىلى)نىڭ «قەدىمكى چەرچەن ئېلىنىڭ ئاۋام بۇددىزمى ئۈستىدە تەتقىقات»، لى جيەنتىڭ (خۇادۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2008 ـ يىلى)نىڭ «كىروران قەغەز پۈتۈكلىرىدىكى خەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، ليۇ ۋېنسو (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، دوكتورلۇق، 2000 ـ يىلى)نىڭ «نىيا خارابىسىنىڭ شەكلەن تۈزۈلۈشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، دىلنۇر ئابدۇكېرىم (غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2007 ـ يىلى)نىڭ «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ لوپ خەلق ناخشىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، ئالىيە رەھمەت (غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2006 ـ يىلى)نىڭ «لوپلۇقلار دىيالېكتىنىڭ سۆزلۈكلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، ھەبىبۇللا قادىرى (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2007 ـ يىلى)نىڭ «ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ۋە لوپلۇقلار تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى»، ۋاڭ شياۋيى (خېبېي پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2008 ـ يىلى)نىڭ «جۇڭگو لوپ كۆلى رايونىدىكى يۇلغۇن دۆڭلىرىنىڭ δ 13C ئالاھىدىلىكى ۋە مۇھىت ئۆزگىرىشى ئۈستىدە تەتقىقات»، ئەمەتجان ئابلىمىت (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2007 ـ يىلى)نىڭ «لوپلۇقلارنىڭ ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، ھەبىبۇللا قادىرى (شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى، دوكتورلۇق)نىڭ «بېلىقچىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى: لوپلۇقلارنىڭ كۇلتۇر ئۆزگىرىشى ۋە مىللەت توپى ئېتىراپى»، ۋاڭ بىگاڭ (پايتەخت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2009 ـ يىلى)نىڭ «كىروران پۈتۈكلىرىدىن غەربىي جىن دەۋرىدىكى ئەلئىچى قول يازمىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە نەزەر»، فاڭ جيەنيۈەن (شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىرلىق، 2007 ـ يىلى، ياپونچە)نىڭ «كىروران» نامىغا تەبىر»... قاتارلىقلارنىلا مىسال تەرىقىسىدە كۆرسىتىمىز. كىروران ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا، مول تەتقىقات مەنبەسىگە ئىگە، جۇملىدىن قەدىمكى شەھەر ـ ئىزنالار، قەبرىستانلار، يازما ماتېرىياللار بار، مانا بۇ ماكان توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار باشلانغىلى 150 يىلدەك بولدى، تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆپ بولغان بولسىمۇ خاس تەتقىقات مەجمۇئەسى، تەتقىقات ئورگىنى بولمىغاچقا، نەتىجىلەر جۇغلىنىپ نامايان قىلىنمىدى. 21 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ئاساسلىقى ئەنئەنىۋى تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىق قىلىنغان بولسا، 21 ـ ئەسىردىن بۇيان ئەڭ يېڭى بولغان ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇللىرى قوللىنىلىپ ناھايىتى خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى (بۇلارنىڭ ئىچىدە جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى چېگرا رايون ئارخېئولوگىيەسى تەتقىقات مەركىزىدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ گېن تېخنىكىسى ئارقىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان

تەتقىقاتلىرى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك)، ئىلمىي تەتقىقات چوڭقۇرلۇققا، ئىنچىكىلىككە قاراپ يۈزلەندى. ناھىيەمىزدە كىروران تەتقىقات قوشۇنى يوق، پەقەت نەچچە ھەۋەسكارلا بار، ئەمما مۇشۇ خىل شارائىتتىمۇ بەزى مۇھىم ئىشلارنى قىلالىشىمىز مۇمكىن. بۇ ئىشلاردا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى چاقىلىق ناھىيەلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىدە ناھايىتى ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى، جۈملىدىن 2008 - يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان ئالتە يىل ئىچىدە ئۇيغۇرچە تۆت توپلام، خەنزۇچە ئۈچ توپلام كىتاب چىقىرىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بېيىتىشتىلا ئەمەس، بەلكى تارىخنى خاتىرىلەپ ئەۋلادلار ئۈچۈن قالدۇرۇش، ئىلمىي تەتقىقات ئۈچۈن ماتېرىيال مەنبەسى جۇغلاش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئېلىش جەھەتتە ئەمەلىي، ئۈلگە ئالارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات يۈرگۈزگەن، ئەسەر يازغان ئالىم، ئەدىب، ئېكسپېدىتسىيەچىلەر خېلى كۆپ، ئۇلار ئۆز ھاياتىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ تەتقىقات يۈرگۈزگەن ھەمدە ئەسەرلەر يېزىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرغان. تۆۋەندە چاقىلىق توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇئەللىپلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

## ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا

ئېتنوگراف ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا كورلىنىڭ كونا بازار دېگەن يېرىدە 1932 - يىلى تۇغۇلغان. 1943 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە، 1951 - يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1953 - يىلىدىن 1963 - يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، مائارىپ ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، 1976 - يىلىدىن ۋاپات بولغان 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1985 - يىلى لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى لوپلۇقلار ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، لوپلۇقلار ھاياتىدىن مۇھىم ئۇچۇر بېرىدىغان «لوپنور ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى»، «لوپنور ۋە لوپنور ئۇيغۇرلىرى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ھەمدە «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان.

## مىرسۇلتان ئوسمانوف

1929 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياركەنت شەھىرى ئاقكەنت يېزىسىدا خوتەن قاراقاشلىق ئازنىباقى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1932 - يىلى مومىسى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ شۇ يەردە ئوقۇغان ۋە 1943 -

يىلى ئىلى بىلىم يۇرتىنى پۈتكۈزگەن. غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىيىسىدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى ئورگىنىدا كاتىپ ۋە ئورگان ژۇرنىلىدا كوررېكتور بولۇپ ئىشلىگەن. 1951 - يىلى بېيجىڭغا بېرىپ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغان. مىرسۇلتان ئوسمانوف بىر يىلدىن ئارتۇق بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان ۋە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بەرگەن. ئۇ، ئەنە شۇ يىللاردىن باشلاپ ئانا تىلىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى باشلىغان. 1957 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ۋە 1965 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1965 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكەلگەن ۋە 1980 - يىلغىچە شۇ يەردە خىزمەت قىلغان. 1981 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە خىزمەت قىلغان. 1989 - يىلدىن باشلاپ 1992 - يىلى ئارامغا چىققۇچە (شۇندىن كېيىن تەكلىپ بىلەن بەش يىل مۇشۇ ئورۇندا ئىشلىگەن) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدا خىزمەت قىلغان.

ئالىم ئۆزىنىڭ ئانا تىل ئىشقى بىلەن يانغان ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن، 1955 - يىللىرىدىكى ئاشۇ جاپالىق شارائىت دەۋردىن باشلاپ، بۈۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ئىزىدىن مېڭىپ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى، يېزا - قىشلاقلىرىنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈشكە باشلىغان. ئۇ ئۇيغۇر تىلى بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن 1955 - يىلى قەشقەر شەھەر ئىچى، ئوپال يېزىسى، پەيزىۋات ناھىيەسىدە؛ 1956 -، 1957 - يىللىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما، قاراقاش، ئىلچى، لوپ، چىرا، نىيا، كېرىيە ناھىيەلىرىدە تىل تەكشۈرگەن. قېلىن تۆت خاتىرىگە يېزىلغان تىل تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. 1960 - يىلى 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە لوپنور ناھىيەسىنىڭ مىرسالى، كۆزلەك، تىكەنلىك يېزىلىرىدا، چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ مۇران يېزىسى ۋە يېڭىسۇدا تىل تەكشۈرگەن. 1959 -، 1960 - يىللىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز مەسىلىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا، تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسى ۋە ئۈرۈمچىدە تىل تەكشۈرگەن. 1965 - يىلى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتىنى تۈزۈشتە بەزى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن قەشقەرنىڭ شەھەر ئىچى ۋە خوتەن ئىلچىدا تىل تەكشۈرگەن. 1967 - يىلىدىكى قازاق تىلىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئىلى، ئالتاي رايونىدا يېتەكچى بولۇپ قاتناشقان، تىل ماتېرىياللىرىنى خاتىرىلىگەن. قازاق تىلىنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى ئەينى ۋاقىتتا، ئىلى ئوبلاستلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. 1981 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە خىزمەتكە چۈشكەن. 1980 - يىلى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى نەشرگە تەييارلاش مۇناسىۋىتى بىلەن، بەزى لېكسىكىلىق

مەسىلىلەرنى ئىنقىلاش ئۇچۇن ئاتۇش، قەشقەر كوناشەھەر ۋە يېڭىسار ناھىيەلىرىدە تەكشۈرۈشتە بولغان. 1982 ـ يىلى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرىنى ئىزدەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاتۇش، قەشقەر كوناشەھەر ۋە يېڭىسار ناھىيەلىرىدە تەكشۈرۈشتە بولغان ۋە پاكىتنى تېپىپ چىقىپ مەھمۇد كاشغەري مازىرىنىڭ ئېنىقلىنىشىغا تۆھپە قوشقان. 1986 ـ يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسۋىرىي گىراماتىكىسىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ھاۋالىسى ۋە ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ چېگراسىنى ئايرىشنى نۇقتا قىلىپ ئاتۇش، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، يوپۇرغا، مارالبېشى، كەلپىن، ئاقسۇ، كۇچا ناھىيەلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان تىل تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. 1986 ـ يىلى خوتەننىڭ لاڭرۇ كەنتىدە تىل تەكشۈرۈشتە بولغان. 1988 ـ يىلى پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار، لۈكچۈنلەردە تىل تەكشۈرگەن. 1989 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ پاخپۇ يېزىسىدا تىل تەكشۈرگەن. 1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە قومۇل ۋىلايىتىنىڭ تۆمۈرتى، ئاقتاش (داڭسىڭ) قاتارلىق جايلىرىدا تىل تەكشۈرۈش خىزمىتىگە كەسپىي يېتەكچى بولۇپ قاتناشقان. 1960 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا لېكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1983 ـ يىلى كاندىدات تەتقىقاتچى، 1987 ـ يىلى تەتقىقاتچى ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغان. 1987 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1983 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. 1988 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان. 1989 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەرنى باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 ـ يىلى «دۆلەت دەرىجىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» بولۇپ باھالىنىپ، ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان. 2005 ـ يىلى قەشقەردە ئېچىلغان «مەھمۇد كاشغەري تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا «دىۋانشۇناسلىقتىكى تۆھپىكار» شەرەپنامىسى بېرىلگەن. 2008 ـ يىلى 15 ـ دېكابىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەھمۇد كاشغەري تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا مەرھۇم ئالىم ئىمىن تۇرسۇن بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرى، تىلىمىز ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى ھۆرمىتى ئۈچۈن تون كىيدۈرۈلگەن. 2011 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى»دا «نەۋايىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى گەۋدىلىك تۆھپىسى ئۈچۈن» خەنزۇ تەرجىمان جاڭ خۇڭچاۋ بىلەن بىرلىكتە مۇكاپاتلانغان. 2013 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇن شىنجاڭ «مۇئەللىم» ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا شىركىتى تەرىپىدىن «ئۇستاز تىلشۇناس» بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 2014 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۈركىيەدە تارقىتىلغان «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى شەرەپ مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. پىروفېسسور مىرسۇلتان

ئوسمانوف ئۇيغۇر تىلى ئۇچۇن جان تەسەددۇق قىلىپ ئىشلىگەن بىر ئۆمۈرلۈك مېھنىتى خەلقئارادىكى تىلشۇناسلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ مۇشۇ مۇكاپاتقا نائىل بولغان.

ئالىم بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، تۈرك - رۇنىك يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - يېزىقلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە مۇشۇ يېزىقلاردىكى كىلاسسىك يازمىلارنى تەتقىق قىلغان. ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا تىل ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن خەنزۇ، پارس، قازاق، تۈرك تىللىرىدىن بىمالال پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. 1964 - يىلى تىلشۇناس نەسرۇللا يولبولدى بىلەن بىرلىشىپ يازغان ئۈچ قىسىملىق «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابى يېڭى يېزىقتا نەشر قىلىپ تارقىتىلغان. 1977 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىگە قاتناشقان ۋە ئىككى تومىنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن .

«ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان يېڭى يېزىق نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1984 -، 1988 -، 1997 - يىللىرى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز ۋە ئىملا لۇغىتى» (باش تۈزگۈچى)نى تۈزۈشكە قاتناشقان، بېكىتىش ۋە مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز ۋە ئىملا لۇغىتى» شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1991 - يىلى تىلشۇناس مەترېھىم سايىت بىلەن بىرلىشىپ تۈزگەن «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئۇ ئاساسلىق بولۇپ ئىشلىگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشى» ناملىق كىتاب 1991 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1988 -، 1989 - يىللىرى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى» دېگەن كىتابنى تۈزۈشكە قاتناشقان. 2002 - يىلىدىن باشلاپ 2006 - يىلىغىچە «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»نى تۈزۈش خىزمىتىنى ئىشلەشكە قاتناشقان، بۇ لۇغەت 2006 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. 2002 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى، ئالىم بۇ نۇسخىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە قاتناشتى. «دىۋانى گۇمنام» (گۇمنام ئەسەرلىرىدىن تۈزۈلگەن دىۋان)نى نەشرگە تەييارلاپ نەشر قىلدۇردى. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز سىناق ئېلىش پىروگىراممىسى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان، بۇ كىتاب 2003 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. تەكلىپ بىلەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «ھازىرقى زامان

ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»نىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن. بۇ لۇغەت 2007 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 1990 ـ يىلى ئالىمنىڭ «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى» ناملىق كىتابى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. بۇ كىتاب، 1990 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باهالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1997 ـ يىلى شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى. 1999 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە قىسقارتىلغان نۇسخىسىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇ كىتاب ئالىمنىڭ 1961 ـ يىلى لوپ رايوندا ئېلىپ بارغان ئالتە ئايلىق تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن قولىدا ساقلىنىپ قالغانلىرى ۋە كېيىنكى تەتقىقاتلىرىنى ئاساس قىلىپ يېزىپ چىققان ۋە لوپنور دىيالېكتىنىڭ پۈتۈن ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن، بۇ كىتاب لوپنور دىيالېكتىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى يورۇتۇشتا مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. 2006 ـ يىلى بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ئىلمىي ئەسەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭغا لوپنور دىيالېكتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مول تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئېغىز ئىجادىيىتى ئەسەرلىرى، خەلقئارا ترانسكرىپسىيەدە ئەسلىي تەلەپپۇزى بويىچە ئېلان قىلىنغان. بۇ كىتاب لوپنور دىيالېكتىنى چۈشىنىشتىلا ئەمەس لوپلۇقلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، بۇ ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق لوپلۇقلار ۋە لوپنور خەلقىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە. 2004 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئالىمنىڭ «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇ كىتاب ئالىمنىڭ 1956 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە بولغان تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىدىن ئۆزىدە ساقلىنىپ قالغانلىرىنى ئاساس، كېيىنكى تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن ماتېرىياللىرىنى قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىپ يېزىپ چىققان. 2008 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ قاتنىششىدا هازىرلانغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئاكادېمىك نۇسخىسىنى نەشر قىلدى. 2011 ـ يىلى نەۋايىنىڭ «چاھار دىۋان» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاكادېمىك نۇسخىسىنى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى، ئالىم «چاھار دىۋان»نىڭ «نەۋادىرۇش شەباب»نىڭ مەتىنىنى تۈرغۇزۇش ۋە ئەينى دەۋر يېزىقىدا خاتىرىلەش، لاتىنچە ترانسكرىپسىيەسى ۋە يەشمىسى (ئۈچ توم)نى ئىشلىگەن، ئۇنىدىن باشقا مۇشۇ بۈيۈك ئەسەرنىڭ «غەرەيىبۇس سىغەر»، «بەدايىئۇل ۋەسەت» ۋە «فەۋايىدۇل كىبەر»لەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۈچ خىل نۇسخىسىنىڭ تەھرىرلىكىنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىگەن. 2009 ـ يىلى «ئورقۇن سۆزلۈكلىرى»نى ئىشلەشكە قاتناشقان. 2012 ـ يىلى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقتا يېزىلغان ئىككى نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ، تولۇقلاپ، ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن نەشرگە تەييارلىغان، 2013 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدىن نەشر قىلىندى. 2011 ـ يىلى ئۇ تەييارلىغان «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ يېڭىدىن تېپىلغان غەزەللىرى» ناملىق كىتابىنى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى. 2014 ـ يىلى ئىلى ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنى ئەسلىي مەنبەلەرگە سېلىشتۇرۇپ تەييارلاش خىزمىتىنى تاماملىغان ۋە «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئىندېكسىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ تەتقىقاتى ۋە تىل تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا تەھقىقلەۋاتىدۇ.

## ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل

ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل 1951 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، 1970 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىگە خىزمەتكە چۈشكەن. ئۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ ئەمدىلا ئارخېئولوگىيە ئىلمى بىلەن ئۇچرىشىۋاتقان ۋاقىتتا، يەنى 1973 ـ، 1974 ـ يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان تۇرپان شەھىرىدىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىنى قېزىش خىزمىتىگە قاتناشقان. ياش ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل مۇشۇ قېتىمقى قېزىش داۋامىدا چوڭقۇرلاپ ئىلىم ئىگىلەش زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يەتكەن، تەشكىلمۇ ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەپ ئىقتىدارلىق ئارخېئولوگىيە خادىمى بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن، شىيەنشى ئۆلكىسىدىكى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتى ئارخېئولوگىيە كەسپىدە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇ مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا 1974 ـ يىلىدىن 1977 ـ يىلىغىچە ئارخېئولوگىيە كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەلۇم ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش تەجرىبىسى ۋە ئىلمىي بىلىمگە ئىگە بولغان ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل تاكى 1979 ـ يىلىغىچە شۇ مەكتەپتە ئېلىپ قېلىنىپ، «ئارخېئولوگىيە خىزمىتى قوللانمىسى»نى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلغان. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1979 ـ يىلىدىن 1986 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلغان. ئۇ، 1985 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1986 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە، 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى يېرىم يىل فىرانسىيەدە ئۆگىنىش، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان، فىرانسىيەدىكى بەزى تاش قورال ئۇقتىلىرىدىكى قېزىش، تەتقىقات ئىشلىرىغا قاتناشقان. 1970 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان بۇيانقى 44 يىل جەريانىدا شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيەسى ئۈچۈن كۆپ مېھنەت قىلغان، مانا 63 ياشقا كىرىپ قالغان ھازىرقى كۈندىمۇ، ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولماقتا. ئۇ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، باشلامچىلىقى بىلەن خىزمەتداشلىرى ۋە باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا

ئېرىشىپ كەلگەچكە، 1989 - يىلى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1997 - يىلىدىن باشلاپ بۇ ئورۇننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغان ھەم قانۇنىي ۋەكىلى بولغان. 2003 - يىلى بۇ ئورۇننىڭ باشلىقى بولغان. 2009 - يىلى 5 - ئايدا 2 - سەپكە چېكىنىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ پەخرىي باشلىقى بولغان. كەسپىي ئەمگەك ئۇتۇقلىرىغا ئاساسەن 1994 - يىلى كاندىدات تەتقىقاتچى، 2000 - يىلى تەتقىقاتچى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان ئىزچىل تۇردە 1 - سەپتە تۇرۇپ كونا خارابە ئىزلارنى ئىزدەپ تېپىش، قېزىش، تېپىلمىلارنى رەتلەش، قېزىش دوكلاتلىرىنى يېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ خىزمەتلەر ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ھەم مۇشەققەتلىك خىزمەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى قەدىمكى ئىز - خارابىلەر ئاساسەن قۇملۇق ياكى چۆل - جەزىرىلەر ئىچىدە بولۇپ، ئۇ جايغا بارىدىغان يول يوق، شەھەر بوستانلىقى ۋە سۇ مەنبەسىدىن كۆپ يىراق بولغانلىقتىن قېزىش خىزمىتى ناھايىتى جاپالىق بولاتتى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ يازلىقى پىژغىرىم ئىسسىق، ئەتىياز كۈنلىرى بورانلىق بولغاچقا، قەدىمكى خارابىلىكلەرنى ئىزدەش، قېزىش خىزمەتلىرى كۆپ ھاللاردا كۈز ۋە قىش مەزگىلىگە ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. شۇڭا ئارخېئولوگلار قەھرىتان قىشتا نەچچە ئاي چۆل - جەزىرىلەردە يۈرەتتى، شۇڭىمۇ بۇ ساھەدە ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلەشنى خالايدىغانلار كۆپ بولمايتتى. ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل بولسا جاپادىن قورقمايدىغان، ئارخېئولوگىيە كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىرادىلىك كىشىلەردىن بولغانلىقتىن، ئىزچىل مۇشۇ ساھەدە جاپا چېكىپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ قاتناشقان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلىرى سۆزىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرماقتا. تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىنى 1959 - يىلى شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ئارخېئولوگلىرى 2 - قېتىم قېزىپ تەكشۈرگەنىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە تەربىيەلەش سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل 1973 -، 1974 - يىللىرى تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىنى قېزىش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1979 - يىلىدىن 1986 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلغان ھەمدە لوپ كۆلى رايونىدىكى قەبرەغول قەبرىستانلىقىنى قېزىش خىزمىتىگە، شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە، بارىكۆل ناھىيەسىدىكى تاش قورال ئىزناسىنى قېزىش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1986 -، 1989 - يىللىرى لوپ كۆلى رايونىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە جۇڭگو - ياپونىيە ئىلمىي خادىملىرىنىڭ نىيە خارابىسىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1989 -، 1991 - يىللىرى تەكلىماكان بويلىرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقان.

1991 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە جۇڭگو ـ فىرانسىيە ئىلمىي خادىملىرى قاتناشقان كېرىيە دەريا ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمەتلىرىگە قاتناشقان ھەمدە كېرىيە دەريا ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارنىڭ گۈللىنىش، خاراب بولۇش سەۋەبلىرى، ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى، ئېكولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا تەتقىقات يۈرگۈزگەن. 2002 ـ، 2005 ـ يىللىرى لوپ كۆلى رايونىدىكى قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمىتىگە قاتناشقان ھەم رەھبەرلىك قىلغان. 2006 ـ، 2009 ـ يىللىرى جۇڭگو ـ ياپونىيە ھەمكارلىقىدىكى قۇم دەريا قەبرىستانلىقى رايونىنىڭ گىدرولوگىيەسى، ئۆسۈملۈك ئانالىزى تەتقىقاتى خىزمىتىگە قاتناشقان ھەم رەھبەرلىك قىلغان.

مانا مۇشۇ قىسقىچە ئىستاتىستىكىدىن كۆرگىنىمىزدەك، ئۇ، خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيانقى 40 نەچچە يىلدا 30 نەچچە ئارخېئولوگىيەلىك تۈرنىڭ دالا ئارخېئولوگىيەسىگە قاتناشقان ياكى رەھبەرلىك قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرىدىن 1973 ـ، 1974 ـ يىللىرىدىكى تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىنى قېزىشقا قاتناشقان، 1979 ـ يىلىدىكى كۆنچى دەرياسى ئاياغ ئېقىنىدىكى قەبرەغول قەبرىستانلىقىنى قېزىشقا قاتناشقان، 1979 ـ، 1989 ـ يىلىغىچە لوپ كۆلى رايونىغا سەككىز قېتىم كىرىپ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش، 1980 ـ، 1987 ـ، 1989 ـ يىللىرىدىكى نىيا خارابىسىنى ئۈچ قېتىملىق تەكشۈرۈشكە قاتناشقان، 1991 ـ، 1992 ـ يىللىرىدىكى فىرانسىيەدىكى دۆلەتلىك تەتقىقات مەركىزىدە تارىختىن بۇرۇنقى ئارخېئولوگىيە كەسپى بويىچە ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا يەنە 1995 ـ يىلى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە يارغول قەدىمكى شەھىرى غەربىي دەپسەڭدىكى كونا تاش قورال ئىزى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈلدى، 1991 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە فىرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، لوپ كۆلى رايونى ۋە كېرىيە دەريا ۋادىسىدا ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ مەسئۇللۇقىدا كۆپ قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئېلىمىز تەۋەسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىدا كۆپ قېتىم ۋە ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىت ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولغان ئالىم ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنى مىسالغا ئالساق، 2002 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى قېزىپ مۇشۇ رايون ئارخېئولوگىيەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 2007 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ياپونىيە يەر شارى فىزىكىسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ قەدىمكى ئېكولوگىيەسى تەتقىقات تۈرىگە رىياسەتچىلىك قىلماقتا. ئۇ ئۆزى قاتناشقان ۋە رەھبەرلىك قىلغان قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تۈرى 2004 ـ يىللىق مەملىكەت بويىچە 10 چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان ۋە 2006 ـ، 2007 ـ يىللىق دالا ئارخېئولوگىيەسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ

رەھبەرلىك قىلغان، قېزىشقا قاتناشقان تۈرلەردىن چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قۇم دەريا قەبرىستانلىقى، نىيا ناھىيەسىدىكى نىيا خارابىلىكى، لوپنور ناھىيەسىدىكى قاقشاللىق قەبرىستانلىقى، كۇچا ناھىيەسىدىكى تاشئۆي خارابىلىكى، بارىكۆل ناھىيەسىدىكى قېزىش قاتارلىق بەش تۈر ئەينى يىللاردا مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش تۈرىگە كىرگەن. ئۇ شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ئارخېئولوگىيەسى تۈرىدە ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلىقتىن، بىر نەچچە قېتىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەۋەسى بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىست، پارتىيە خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر خادىم بولۇپ باھالانغان. 1994 ـ يىلى «شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مۇكاپاتى»، 1995 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ «مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 1997 ـ يىلىدىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئالاھىدە تۆھپىكار مۇتەخەسسىسى»، 2006 ـ يىلى «مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، 2006 ـ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسى بولغان. 2009 ـ يىلىدىن بۇيان گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولماقتا. 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كورېيە، ياپونىيە ئىلمىي مەتبۇئاتلىرىدا ۋە «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»، «ئارخېئولوگىيە»، «ئاسارئەتىقە»، «چېگرا رايون ئارخېئولوگىيەسى تەتقىقاتى»، «جۇڭگو كۇلتۇر مىراسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، خارابىلىرىغا نەزەر»، «3 ـ قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخشۇناسلىق ئىلمى. ئارخېئولوگىيە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، «جۇڭگو لوپ كۆلى»، «قۇملۇقتىكى مەرۋايىت ــ تەكلىماكاننى ئايلىنىش»، «يىپەك يولى» قاتارلىق قامۇس، ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، مەجمۇئە، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان قېزىش دوكلاتلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى 300 مىڭ خەتتىن ئاشقان. يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بېرى بېيجىڭ، شاڭخەي، شياڭگاڭلاردا ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇشتا بولغان. ياپونىيە، كورېيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ھىندىستان، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىلمىي تەتقىقات ساھەلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن، شۇ ئەللەرگە بېرىپ ئىلمىي زىيارەتلەردە بولغان ھەمدە يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسى، خارابىلەرنى قوغداش مەسىلىلىرى بويىچە ئىلمىي دوكلات بەرگەن.

## ئادىل مۇھەممەت

تارىخشۇناس، نەشرىياتچى ئادىل مۇھەممەت 1967 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەكىت ناھىيەسىنىڭ يانتاق يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1986 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن

كېيىن مەكىت ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى، خەلق ھۆكۈمىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ساياھەت ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئوقۇش ـ تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا رەھبەر بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ دىيارىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە بېغىشلانغان، نەشر قىلىنغان كىتابلىرى 80 پارچىدىن ئاشىدۇ. «يىپەك يولى مەدەنىيىتىگە دائىر كىتابلار» (6 ـ كىتاب: «قەدىمكى كىروران»)، « شىنجاڭ كىچىك قامۇسى، مەجمۇئەسى» (27 كىتاب)، «قەشقەر مەجمۇئەسى» (30 كىتاب بولۇپ كۆپ قىسمىنى ئادىل ئەپەندى يازغان ياكى تۈزگەن)، «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار»، «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى» (3 توم)، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، «شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتى»... قاتارلىق كىتابلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

## ھاشىم تۇردى

پېشقەدەم تىلشۇناس ھاشىم تۇردى 1940 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1957 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە قەشقەر ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپىدە، 1960 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكولتېتىدا ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتشۇناسلىق ـ ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەپ ئارامغا چىققان. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈركچە، قازاقچە، قىرغىزچە، پارسچە، ئەرەبچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە يېزىقلارنى ئۆگىنىپ، ئوخشاشمىغان يېزىقلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ «شىنجاڭدىكى ئەينۇلارنىڭ تىلى» (جاۋ شياڭرۇ بىلەن بىرلىكتە)، «ئۇيغۇر ئېغىز تىلىدىكى ئۇزۇن ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار» (خانىمى مېھراي ياقۇپ بىلەن بىرلىكتە)، «بىر سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيەسىدىن كۆلتېكىن ئابىدىسىنىڭ يەشمىسىگە نەزەر»، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىقلىرى» (ئۇيغۇر يېزىقى قىسمىنى يازغان)، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى» (شىنجاڭدىكى تىللارنىڭ قوللىنىلىشى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوللىنىلىشى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى تىللارنىڭ قوللىنىشى ئەھۋالى تەكشۈرۈپ يېزىپ چىققان)، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتى» يۈرۈشلۈك كىتابىنىڭ «قاراقاش ئۇيغۇرلىرى» قىسمىنى تەتقىقاتچى رېن يىفېي بىلەن بىرلىكتە

تاماملىغان. خانىمى، تىلشۇناس مېھراي ياقۇپ ۋە سۇلٔ جېڭچۇنلەر بىلەن بىرلىكتە چوڭ ھەجىملىك كىتابى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور تەلەپپۇزى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرى، «ئەينۇ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» (جاۋ شياڭرۇ بىلەن بىرلىكتە) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

## مېھراي ياقۇپ

تىلشۇناس مېھراي ياقۇپ 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چۆچەك شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1954 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1960 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئۇرۇمچى شەھەرلىك قىزلار 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1960ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1962 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تەييارلىق بۆلۈمىدە خەنزۇچە ئۆگەنگەن، 1962 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1967 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن غۇلجا شەھىرىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. 1981 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان مىللەتلەر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆزۈندىن بۇيان تىلشۇناسلىق بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن بىرگە رۇس تىلى ۋە باشقا تۈركىي تىللارنى ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر ئېغىز تىلى بىلەن سىلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئۈچ قېتىم تىل تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىپ مەنبە ماتېرىياللارغا ئېرىشىپ تەتقىقات يۈرگۈزۈپ ياخشى باھالارغا ئېرىشكەن. «ئۇيغۇر تىلى لوپ تەلەپپۇزىدىكى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى توغرىسىدا ئانالىز»، «تۈركىي تىلىدىكى سان ‹بىر›نىڭ كېلىپ چىقىشى» (رۇسچىدىن تەرجىمە)، «ئۇيغۇر تىلى لوپ تەلەپپۇزىدىكى بەزى پېئىللارنىڭ تولۇقلىغۇچى بولۇشى»، «ئۇيغۇر ئېغىز تىلىدىكى ئاجىزلاشقان بەزى ئۆزۈك تاۋۇشلار»غا ئوخشاش نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر تەلەپپۇزى ئۈستىدە تەتقىقات» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور تەلەپپۇزى ئۈستىدە تەتقىقات» (ھاشىم تۇردى بىلەن لوپنور ناھىيەسى ۋە چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى تىل تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، ھاشىم تۇردى ۋە سۇلٔ جېڭچۇن بىلەن ھەمكارلىقتا يېزىلغان. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشرى) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

## مۆيدىن سايىت

شائىر، فولكلورشۇناس مۆيدىن سايىت 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كورلا شەھىرىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1950 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە قاراشەھەر دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان. 1956 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا، 1962 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە بايىنغولىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن. 1984 ـ يىلىدىن باشلاپ «بوستان» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1950 ـ يىللىرى باشلانغان، شۇندىن بېرى 500 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. 1500 پارچىدىن ئارتۇق خەلق قوشىقىنى توپلاپ بىر قىسمىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلغان. لوپلۇقلار ئارىسىدا نۇرغۇن قوشاق ۋە خەلق داستانلىرىنى توپلاپ ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، كىروراننى بايقىغۇچى ئۆردەككە بېغىشلانغان «كىروراندىكى ئىزچىلار» ناملىق تارىخىي رومانىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ «لوپنور ئەسلىمىلىرى»، «باشئەگمەس نەزملىرى»، «ھايات ئىزى» قاتارلىق بىرقانچە ئىجادىي كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. لوپلۇقلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەرنى توپلاپ، رەتلەپ ئېلان قىلغان، شۇلاردىن بىر قىسمى «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» ( 5 ـ كىتاب) ، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (15 ـ كىتاب)كە كىرگۈزۈلۈپ نەشر قىلىندى. غالىب بارات ئەرك بىلەن ھەمكارلىشىپ تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى (لوپنور قىسمى)» 2011 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

## مېيىڭ فەنرېن

مېيىڭ فەنرېن 1936 ـ يىلى 8 ـ ئايدا لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ يىشيەن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1963 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتى ئارخېئولوگىيە كەسپىنى پۈتكۈزگەندىن بۇيان جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە خىزمەت قىلىپ كەلگەن، كىرورانىنىڭ تارىخى ۋە كۇلتۇرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ كىرورانغا بېغىشلانغان «كىروراننىڭ يېڭى تارىخى» ناملىق كىتابى 1991 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. ئۇندىن باشقا «شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيەسى ۋە تارىخ ـ جۇغراپىيەسىگە ئائىت ماقالىلەردىن توپلام»، «كىروران ـ چەرچەن بەگلىكلىرى تارىشا پۈتۈكلىرىنىڭ يىل ـ دەۋرشۇناسلىق تەتقىقاتى»، «بەشبالىقنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيەسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «يىپەك يولى تارىخىدىن سۆز»، «بەشبالىق ئۇيغۇر ئىبادەتخانىسىنىڭ تام رەسىملىرى»... قاتارلىق كىتابلىرى ۋە مىڭئۆيلەردىكى تام رەسىملىرى، شىنجاڭنىڭ بۇددا كۇلتۇرى ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

## خۇاڭ ۋېنبى

ئاتاقلىق ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى (1893 ـ 1966) خۇبېيلىق، 1918 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن ھەمدە شۇ يەردە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1927 ـ ، 1935 ـ

يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان جوڭگو ـ شىۋېتسىيە غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەركىبىدە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرگە قاتناشقان ۋە بەزى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارغا ئېرىشكەن. 1930 ـ يىلىدىن باشلاپ غەربىي شىمال بىرلەشمە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا پىروفېسسور، جوڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا تەتقىقاتچى بولغان. 1957 ـ يىلى شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. ئۇنىڭ «لوپنور ئارخېئولوگىيەسى»، «تارىم ئارخېئولوگىيەسى»، «خۇاڭ ۋېنبىنىڭ تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيەگە ئائىت ماقالىلەر توپلىمى»، «غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيەسىگە ئائىت ماقالىلەر»... قاتارلىق كىتابلىرىدا چاقىلىقا ئائىت نۇرغۇن ئىلمىي بايانلار بار.

## پىرژېۋالسكى

نىكولاي مىخايلوۋىچ پىرژېۋالسكى رۇسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى، 1839 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئارمىيەگە قاتناشقان ھەمدە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن. 1867 ـ يىلى ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىنى باشلىغان ۋە «ئۇسسۇرى رايونى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان، شۇندىن باشلاپ «بۈيۈك ئېكسپېدىتسىيەچى» دەپ نام ئالغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا توققۇز يىل ئۈچ ئاي 27 كۈن ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ 31 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپە باسقان. 1870 ـ يىلىدىن 1873 ـ يىلىغىچە موڭغۇلىيەنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خەرىتىسىنى توغرا سىزىشقا شارائىت ھازىرلىغان. مۇشۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيەسى «موڭغۇلىيە ۋە تاڭغۇتلار دۆلىتى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان. 1876 ـ يىلىدىن 1877 ـ يىلىغىچە غۇلجا ئارقىلىق چاقىلىق رايونى ۋە ئالتۇنتاغ ئەتراپلىرىنى ئېكسپېدىتسىيە قىلغان ۋە «غۇلجىدىن تەڭرىتېغى ئارقىلىق لوپ كۆلىگە كىرىش» دېگەن كىتابىنى يازغان. 1879 ـ يىلىدىن 1880 ـ يىلىغىچە شىزاڭغا بېرىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلغان ۋە «زەيساندىن قومۇل ئارقىلىق تىبەت ھەم خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باشلىنىشىغىچە بېرىش» دېگەن ئەسىرىنى يازغان. 1883 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1885 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە خۇاڭخې ۋە چاڭجياڭ دەريالىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن بىرگە، چاقىلىق، چەرچەن، خوتەن رايونلىرىنى تەكشۈرگەن، شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن «چىياكتۇدىن خۇاڭخېنىڭ باشلىنىشىغىچە ــ تىبەتنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە لوپ كۆلى ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىدىكى يوللارنى كېسىپ ئۆتۈش» ناملىق كىتابىنى يازغان، ئۇنىڭ كىتابلىرى رۇس تىلىدىن چەت ئەل تىللىرىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. ئۇ ئېكسپېدىتسىيەلىرى داۋامىدا 5000 خىلدىن كۆپرەك ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى ۋە 8000 خىلغا يېقىن ھايۋانات ئەۋرىشكىسى يىغقان. 1888 ـ يىلى شىنجاڭ ۋە شىزاڭنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىسسىق كۆل بويىدا ۋاپات بولغان.

## كوزلوف

پېتىر كوزىمىچ كوزلوف (1863 ـ 1935) روسىيەلىك ئوفىتسېر، ئېكسپېدىتسىيەچى بولوپ پىرژىۋالسكىنىڭ شاگىرتى. پىرژىۋالسكى بىلەن 1882 ـ يىلى تونۇشقان ۋە ئۇنىڭ ئۇندىشى بىلەن پېتىربورگتىكى بىر ئالىي بىلىم يۇرتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1888 ـ يىلى پىرژىۋالسكىنىڭ ئېكسپېدىتسىيەسىگە قاتناشقان، پىرژىۋالسكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن قازا قىلغاندىن كېيىن، ئېكسپېدىتسىيەگە رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ، بىرقانچە قېتىم ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ 1935 ـ يىلى 71 يېشىدا قازا قىلغان. لوپ كۆلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي سوقۇشى پىرژىۋالسكى، كوزلوف ۋە گېرمانىيەلىك رىچخوفېن، سېۋېن ھېدىن ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە نۇرغۇن ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ سەۋەبكارى بولغان، «لوپ كۆلى» قاتارلىق كىتابلىرى بار.

## بونۋالوت

فىرانسىيەلىك ئاتاقلىق ئېكسپېدىتسىيەچى گابرىل بونۋالوت (1853 ـ 1933) (1880 ـ يىلىدىن 1882 ـ يىلىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېكسپېدىتسىيە قىلغان. 1886 ـ يىلىدىن 1887 ـ يىلىغىچە ئافغانىستان، ئۆزبېكىستاندىكى پەرغانە قاتارلىق بىر قىسىم يەرلەردە ئېكسپېدىتسىيە قىلغان. 1889 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1890 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە بولغان ئېكسپېدىتسىيەسىدە، لوپلۇقلار ئارىسىدىن تاكى خوتەن رايونلىرىغىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە مۇشۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيەسىدىن يازغان خاتىرىسى «جەزىرىنى جەسۇرانە كېزىش» (بۇ خەنزۇچە تەرجىمە نامى، ئەسلىي «پارىژدىن ۋىيېتنامنىڭ دۆڭجىڭ قولتۇقىغىچە» نامىدا 1892 ـ يىلى فىرانسۇزچە نەشر قىلىنغان) قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرى بار.

## سېۋېن ھېدىن

دوكتور سېۋېن ئاندىرس ھېدىن شىۋېتسىيەلىك ئاتاقلىق ئېكسپېدىتسىيەچى، 1865 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1885 ـ يىلى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان. ئۇ گېرمانىيەدە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، 1894 ـ يىلى پېتېربۇرگدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسىگە ئاتلىنىپ، 1895 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ، مارالبېشى ئارقىلىق تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىققان، شۇ ۋاقىتلاردا تەكلىماكان قۇملۇقى تىلسىملىق ماكان دەپ قارىلىپ، خەلق ئارىسىدا تەكلىماكان كىرسە چىققىلى بولمايدۇ، دەپ قارىلاتتى. ئۇ، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئارقىلىق ئاخىرى خوتەنگە يېتىپ بارغان.

شۇنىڭدىن باشلاپ خوتەن، كۇچا، قاراشەھەر، كورلا قاتارلىق جايلاردا، جۇملىدىن كۆنچى دەرياسى بويلىرىدا ئېكسپېدىتسىيە قىلغان. بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدا 550 پارچە خەرىتە سىزغان، 1897 ـ يىلى ستوكھولېمغا قايتقاندىن كېيىن «ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» ناملىق ئىككى توملۇق كىتاب يازغان، بۇ كىتاب 1898 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. 1899 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قەشقەرگە كېلىپ يەنە بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسىنى باشلاپ تارىم ئويمانلىقى جۇملىدىن تارىم دەرياسى بويلىرىنى ئېكسپېدىتسىيە قىلغان، 1900 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كىروران خارابىسىنى ئۆردەكنىڭ باشلىشىدا بايقىغان ۋە 1901 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاندىن كىرىپ تەكشۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان. 1901 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كەشمىرگە بېرىپ، 1902 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پامىر ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىندىلىرى ھەم ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ ستوكھولمغا قايتىپ تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، «1889 ـ، 1902 ـ يىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى» ناملىق سەككىز توملۇق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان ھەمدە 1904 ـ ۋە 1907 ـ يىللىرى نەشر قىلدۇرغان. 1906 ـ يىلى كەشمىر ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن ۋە شىزاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1927 ـ يىلدىن 1935 ـ يىلغىچە جۇڭگو ۋە شۋېتسىيە ئالىملىرى ھەمكارلىقىدا غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللىنىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت، تۇتقۇن قىلىنىش ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، 1935 ـ يىلى خىزمىتىنى تاماملىغان ھەمدە كېيىنكى يىلى ۋەتىنىگە قايتقان، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىشى ۋە ھەرقايسى پەن ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق 1937 ـ يىلدىن باشلاپ «دوكتور سېۋېن ھېدىننىڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ـ شۋېتسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى» دېگەن تېما ئاستىدا 55 توم قىلىپ نەشر قىلىنغان. ئۇ 1952 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «كۆچمە كۆل»، «ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىم»، «ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى سەككىز يىللىق ئېكسپېدىتسىيە»، «يىپەك يولى»، «قاچقۇن ما جۇڭيىڭ»، «لوپ كۆلىنىڭ سىرىنى ئىزدەپ»... قاتارلىق بىر قىسىم كىتابلىرى ئېلىمىزدە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىندى. ئۇ ئۆمرىدە 5000 پارچىدىن ئارتۇق رەسىم ۋە نۇرغۇن خەرىتە سىزغان.

## ئاۋرېل ستەيىن

ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ۋېنگرىيەلىك يەھۇدىي ئارخېئولوگ، دوكتور سېر مارك ئاۋرېل ستەيىن 1862 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بۇداپېشت شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1879 ـ يىلى ۋېيىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سانسكرىت تىلى بىلەن سېلىشتۇرما

تىلشۇناسلىق كەسپىنى ئوقۇغان. 1880 ـ يىلى لېيپزىگ شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، 1881 ـ يىلى تىيوبىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھىندىشۇناسلىق ۋە ئىرانشۇناسلىقتىن بىلىم ئاشۇرغان. 1883 ـ يىلى فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1898 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىدا ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈشكە ئاتلانغان. 1900 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كەشمىردىن يولغا چىقىپ پامىر، تاشقورغان، يەكەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1901 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نىيانىڭ ئەندىر قاتارلىق خارابىلىرىنى تەكشۈرۈپ بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشنى تاماملىغان. بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەسىدە نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ چىقىرىپ لوندونغا ئېلىپ كەتكەن. 1907 ـ يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى مۇشۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەنى ئاساس قىلىپ، «قەدىمكى خوتەن» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابىنى نەشر قىلغان. 1906 ـ يىلى كەشمىردىن يولغا چىقىپ، 1907 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە قەشقەر، خوتەن، كۇچا، تۇرپان، كىروران، دۇنخۇاڭلارغىچە بېرىپ تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغان. 1908 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مۇشۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئاساسىدا «غەربىي يۇرت» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرغان. 1913 ـ يىلىدىن 1916 ـ يىلىغىچە خوتەندىن كۇچاغىچە بولغان خارابىلەرنى تەكشۈرگەن. بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ 1928 ـ يىلى تۆت چوڭ كىتاب نەشر قىلدۇرغان، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئاسىيانىڭ مەركىزى»، «غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيەدىن خاتىرىلەر» تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، 1930 ـ يىللىرى شىنجاڭدا يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، نەنجىڭ دائىرىلىرىنىڭ رەت قىلىشى بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى قېزىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغان. 1943 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 82 يېشىدا كابۇلدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم كىتابلىرى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا نەشر قىلىندى.

## خانتىڭتون

ئامېرىكىلىق ئالىم، پىروفېسسور خانتىڭتون 1876 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تۇغۇلغان، 1897 ـ، 1901 ـ يىللىرىغىچە تۈركىيەدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1901 ـ يىلى ۋاشىڭتونغا قايتىپ بېرىپ كېيىنكى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1903 ـ، 1904 ـ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەگە قاتناشقان. 1905 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1906 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە تارىم ۋادىسىدا توققۇز ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ «ئاسىيانىڭ تومۇرى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭدا رايونىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۇچۇرلار ساقلانغان. ئۇنىڭ يەنە «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسىدىن خاتىرە» قاتارلىق كىتابلىرى بار.

## ياڭ لىەن

يازغۇچى ياڭ لىەن 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا لىياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ لىياۋياڭدا تۇغۇلغان. قومۇلدا قايتا تەربىيەنى تۈگەتكەندىن كېيىن، 1972 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ 1975 ـ يىلى ئوقۇشىنى تاماملىغان ھەمدە 1981 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋان كۆمۈر كېنىدا خىزمەت قىلغان. 1982 ـ يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. كۆپ قېتىم لوپ رايونىدا تەكشۈرۈش، كۆزىتىشتە بولغان. ئۇنىڭ «گۈەن يۈنشىنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئەڭ ئاخىرقى لوپلۇق»، «قۇملۇقتا تەنھا سەپەر»... قاتارلىق بىر تۈركۈم كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

## مۇ شۈنيىڭ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچىلاردىن بىرى بولغان مۇ شۈنيىڭ 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شاڭخەيدە تۇغۇلغان، 1960 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئارخېئولوگىيە كەسپىنى پۈتكۈزگەن. شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا خىزمەت قىلغان ۋە مۇشۇ ئورۇننىڭ باشلىقى بولغان، شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيەسىدە 39 يىل خىزمەت قىلغان، كۆپ قېتىم كىروراننى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. ئۇنىڭ «قەدىمكى سىرلىق شەھەر — كىروران»، «قەدىمكى كىروران ئېلى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ لوپ رايونىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلارغا قاتناشقان، ئارخېئولوگىيەگە ئائىت بىر قىسىم كىتاب ـ ماتېرىياللارنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان. 2011 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

## خۇ سەن

خۇ سەن 1936 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ خېچۇەن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1961 ـ يىلى سىچۇەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن، مەلۇم ۋاقىت شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا خىزمەت قىلغان، كېيىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ پىروفېسسور بولغان. خۇ سەن تۇرپان ۋە كىروران ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن ھەم ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. ئۇنىڭ «كىروران ۋە قوچۇغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەردىن توپلام»، «كىروراندىن تېپىلغان خەنزۇچە پۈتۈكلەر توپلىمى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان ۋە 100 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

## رىچخوفېن

رىچخوفېن (1833 ـ 1905) گېرمانىيەلىك ئاتاقلىق جۇغراپىيە ئالىمى، گېئولوگ. ئۇنىڭ بىرقانچە كىتابى بار، دۇنيادا تۇنجى بولۇپ «يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇنى قوللانغان. رۇس ئېكسپېدىتسىيەچى پىرژىۋالسكى ئوتتۇرىغا قويغان لوپ كۆلىنىڭ ئورنىدىن گۇمانلىنىپ، نۇرغۇنلىغان ئېكسپېدىتسىيە ۋە مۇلاھىزىلەرگە سەۋەب بولغان. ئالىم ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، پىرژىۋالسكى ئېيتقان لوپ كۆلى تارىختىكى لوپ كۆلى بولماستىن بەلكى قاراقوشۇن كۆلى ئىكەنلىكى تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولغان. رىچخوفېننىڭ نەزەرىيەسى لوپ رايونىدا نۇرغۇنلىغان ئېكسپېدىتسىيەنىڭ بولۇشىغا، نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان، مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچى دوكتور سېۋېن ھېدىن ئۇنى ئۇستازىم دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ «جۇڭگو» (ئۈچ توم) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

## مالوف

چاررۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە تەتقىقات، ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان شەرقشۇناس ئالىملاردىن بىرى ـــ دوكتور، ئاكادېمىك س. ي. مالوف (1880 ـــ 1957) 1904 ـ يىلى قازان ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن، 1909 ـ يىلى پېتىربورگ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتىدا ئەرەب، پارس، تۈرك تىلى كەسپىنى پۈتكۈزگەن. 1909 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلىغىچە رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىنسانشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا تەتقىقاتچى بولغان. بۇ ئارىلىقتا 1909 ـ 1911، 1913 ـ، 1915 ـ يىللىرىغىچە ئېلىمىزدە ئىككى قېتىم تۈركىي تىللار ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، جۇملىدىن گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار، قومۇللۇقلار، لوپلۇقلار ئارىسىدا تىل تەكشۈرگەن. 1916 ـ يىلى تۈركىي فىلولوگىيە ئىلمى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغان. 1917 ـ، 1922 ـ يىلىغىچە قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى ۋە قوشۇمچە قەدىمكى يۇلشۇناسلىق مۇزېيىنىڭ باشلىقى بولغان، 1929 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە تۈركولوگىيە تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولغان، 1935 ـ يىلى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1939 ـ يىلى سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئاكادېمىكلىقىغا سايلانغان. 1934 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلى ۋاپات بولغىچە سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقاتچى، پىروفېسسور بولغان. 1943 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە قازاقىستان پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە قازاقىستان دۆلەتلىك كىروف ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىللار بۆلۈمىدە مۇدىر بولغان. ئۇ تۈركىي تىللار ۋە ئۇيغۇر تىللىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ 170 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ئېلان

قىلغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش، تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە ياخشى ئەمگەكلەرنى قىلغان ئالىملاردىن سانىلىدۇ. ئۇ ئېلان قىلغان ئەسەرلەردىن ئاساسلىقى «ئالتۇن ياروق»، «جوڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى قوللىنىلىۋاتقان تۈركىي تىل دىيالېكتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئولدېنبورگ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى يىغقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە قول يازمىلار»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ماتېرىياللىرى»، «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى»، «تۈركلەرنىڭ يېنسەي يېزىقىدىكى يادىكارلىقلىرى (ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمە)»، «لوپ تىلى (مەتىن، تەرجىمە، سۆزلۈك)»، «سېرىق ئۇيغۇر تىلى (لېكسىكا ۋە گىراماتىكا)»، «موڭغۇلىيە ۋە قىرغىزىستاندىكى قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى (ترانسكرىپسىيە، تەرجىمە، سۆزلۈك)، «سېرىق ئۇيغۇر تىلى (ترانسكرىپسىيە، تەرجىمە)»... قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن .

## لى جياڭفېڭ

شىنجاڭ ھاۋا رايى تەتقىقات ئورنىدا شىنجاڭنىڭ تارىخى كىلىماتىيەلىك سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن پېشقەدەم مۇتەخەسسىس لى جياڭفېڭ بىر قىسىم قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان، «كىروران ۋە لوپ كۆلىنىڭ سىرى»، «شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى»، «شىنجاڭنىڭ كىلىمات يىل ھالقىلىرى، سۇ راي يىل ھالقىلىرى» قاتارلىق كىتابلىرى رايونىمىزنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىياللاردىن ھېسابلىنىدۇ.

## ۋاڭ بىڭخۇا

ۋاڭ بىڭخۇا 1935 ـ يىلى جياڭسۇنىڭ نەنتوڭدا تۇغۇلغان، 1960 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتى ئارخېئولوگىيە كەسپىنى پۈتكۈزگەن. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە 40 يىلدەك خىزمەت قىلغان پېشقەدەم ئارخېئولوگ. كىروران رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان كۆپ قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشقا قاتناشقان، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى قايتا بايقىغان. ئۇنىڭ رايونىمىز ئارخېئولوگىيەسىگە ئائىت نۇرغۇن ماقالە ۋە كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. «يىپەك يولى ئۈستىدە ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات»، «سېھىرلىك كىروران»، «قەدىمكى تۇرپان»، «ئېچىلىۋاتقان سىر — لوپ كۆلى»، «قەدىمكى تۇرپانغا زىيارەت»... قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

## لىن مېيسۇن

قارۇشتىشۇناس پىروفېسسور لىن مېيسۇن 1956 ـ يىلى گۇاڭدۇڭدا تۇغۇلغان. 1982 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ئارخېئولوگىيە كەسپىنى پۈتكۈزۈپ جۇڭگو

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنىدا ئىشلىگەن. 1994 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ، شۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقتا. ئۇنىڭ «كىروران ــ ئەسىرلىك سىرنىڭ يېشىلىشى»، «تەكلىماكاندىكى قەدىمكى ۋەسىقىلەر»، «غەربىي يۇرت كۇلتۇرى»، «خەن ـ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى»، «كىروران ـ نىيا يازما يادىكارلىقلىرى»... قاتارلىق 12 كىتابى نەشر قىلىنغان.

## ساگوچى تورو

ساگوچى تورو (1916 ــ 2006) ياپونىيەلىك شەرقشۇناس. ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى شەرق تارىخى فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ ياپونىيەدە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان، 1963 ـ يىلىلا ئۇنىڭ شىنجاڭغا بېغىشلانغان تۇنجى كىتابى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئۇستىدە تەتقىقات» ۋە «18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئۇستىدە تەتقىقات» قاتارلىق كىتابلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭ لوپلۇقلار ۋە سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقاتلىرىمۇ مۇشۇ كىتابلىرىدا ئەكس ئەتكەن.

## فولك بېرگمان

فولك بېرگمان شۋېتسىيەلىك ئارخېئولوگ. سېۋېن ھېدىن باشچىلىقىدىكى 1927 ـ، 1935 ـ يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەركىبىدە تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. ئۇنىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشر قىلىندى)، «ئارخېئولوگىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەدىن خاتىرە» قاتارلىق ئىككى كىتابى نەشر قىلىنغان، بۇ كىتابلىرىدا ئۇنىڭ شىنجاڭدا كۆرگەن، بىلگەنلىرى، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلىرى بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ چاقىلىق رايونىدىكى تەكشۈرۈشى مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەنلىكتىن چاقىلىقنىڭ تارىخى ۋە كۇلتۇرىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

## شى گوجېن

ئالىم شى گوجېن 1942 ـ يىلى جياڭسۇدا تۇغۇلغان، 1966 ـ يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيە كەسپىنى پۈتكۈزگەن. 1978 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ «لوپ كۆلىنىڭ كۆچۈش جەريانىدىكى ھالقىلىق كۆللەرنىڭ بايقىلىشى ۋە

مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر» دېگەن دىسسېرتاتسىيەسى بىلەن ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ يازغان شىنجاڭنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى، تارىخىي جۇغراپىيەسى توغرىسىدىكى ماقالىلەر ناھايىتى قىممەتلىك. «لوپ كۆلىنىڭ سىرى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان.

## ئوتانى

ياپونىيەلىك راھىب ئوتانى (1876 ــ 1948) 1902 ــ 1904 ـ، 1908 ــ 1909 ـ، 1910 ــ 1914 ـ يىللىرى ئۈچ قېتىم ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. شۇ تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە تەزكىرىسى» (1915 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، ئىككى قىسىم)، «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» (1937 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، ئىككى قىسىم) ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ كۇلتۇرى ۋە تارىخى تەتقىقاتى» (6 توم) قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابلار دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە كۇلتۇرىنى چۈشىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىدا تاچىبانا زۇيچۇ قاتارلىقلارمۇ بار. تاچىبانا زۇيچۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى «تاچىبانا زۇيچۇنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن نامدا خەنزۇچە نەشر قىلىندى.

## روبىروۋېسكى

فىشۇلېت ئىۋانوۋىچ روبىروۋېسكى (1856 ـ 1910) چاررۇسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى، پىرژېۋالسكى قازا قىلغاندىن كېيىن، 1893 ـ يىلىدىن 1895 ـ يىلغىچە تىبەت ۋە شىنجاڭدا ئېكسپېدىتسىيە قىلغان، بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شەھىرى كىتىك قاتارلىق جايلاردا ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. ئۇ تارتقان نۇرغۇن تارىخىي سۈرەتلەر ساقلانغان، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى، كىيىم ـ كېچەكلىكى ۋە ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

## يىنوئوئى ياساشى

يىنوئوئى ياساشى ياپونىيەنىڭ ھازىرقى زامان داڭلىق يازغۇچىسى. ئۇ 1907 ـ يىلى خوككايدو ئارىلىدا ھەربىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن تارتىپلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان. كىيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن «كۈندىلىك يېڭى خەۋەرلەر گېزىتى»دە 15 يىلدىن ئارتۇق مۇھەررىر ۋە مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1951 ـ يىلى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىش ئۈچۈن خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئاپتورنىڭ «تەيپىن كاھىشى»، «كىروران»، «دۇنخۇاڭ»، «كۆك بۆرە» قاتارلىق بىر تۈركۈم تارىخىي رومانلىرى بار.

## لى چىڭ

تارىخشۇناسلىق ئىلمى بويىچە دوكتور، پىروفېسسور لى چىڭ 1959 ـ يىلى جياڭسۇ ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «قەدىمكى كىروران ـ چەرچەن سەنئىتىدىن ئومۇمىي بايان» ناملىق زور ھەجىملىك كىتابى 2005 ـ يىلى جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن، «يىپەك يولىدىكى كىروراننىڭ سەنئىتى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2010 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

## ئەدھەم رېھىمووۋىچ تېنىشېف

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە تۈركشۇناسلىق ساھەسىدە زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن تاتار ئالىمى ئەدھەم رېھىمووۋىچ تېنىشېف (1921 ـ 2004) رۇسىيەنىڭ پېنزا شەھرىدە تۇغۇلغان، 1938 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ موسكۋا تۆمۈريول تىرانسپورتى ئىنستىتۇتىغا كىرىپ كۆۋرۈك ـ تونېل كەسپىدە ئوقۇغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان ھەمدە دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق شەرقشۇناسلىرىدىن مالوف، كونونوف، دېمىترىيېفلارنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلىغان. 1953 ـ يىلى كاندىدات دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا مۇيەسسەر بولغان، شۇ يىلى ئۇنىڭ « ‹ئالتۇن يارۇق›نىڭ گىرامماتىكىسى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان. 1956 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ بەلگىلىشى بىلەن ئېلىمىزگە كېلىپ، تىل تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقان ھەمدە 1957 ـ، 1958 ـ يىللىرى ئېلىمىز تەربىيەلەۋاتقان تۈركىي تىللار تەتقىقات خادىملىرىغا «تۈرك تىلى گىرامماتىكىسى»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا كىرىش»، «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. ئۇ غەربىي شىمالغا ئۈچ قېتىم كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۇيغۇر، يۇغۇر، سالار خەلقلىرىنىڭ تىلى، فولكلورى، ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى يىغقان، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. 1959 ـ يىلى موسكۋاغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئېلىمىزدە يىغقان ماتېرىياللارنى رەتلەپ «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»، «سالار تىلى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «سالار تىلىنىڭ ئۆزۈن سەھىپىلىك تىل

ماتېرىياللىرى»، «غەربىي يۇغۇر تىلىنىڭ قۇرۇلمىسى»... غا ئوخشاش ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغان. ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈركىي ـ موڭغۇل تىللىرى تەتقىقاتخانىسىنىڭ مۇدىرى، موسكۋا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىياشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈركىي تىل ـ ئەدەبىياتى بۆلۈمىنىڭ پىروفېسسورى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەدەبىيات ۋە تىلشۇناسلىق بۆلۈمى تىل تارىخى ۋە دىيالېكتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئۇ ھاياتىدا كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەرنى تەربىيەلىگەن، ئۇنىڭ تەربىيەلىشىدە بەشەيلەن دوكتورلۇق، 20 نەچچەيلەن كاندىدات دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. 1970 ـ يىللىرى تۆت توملۇق «تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي گىراماتىكىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» ناملىق ئەسەرنى ئۇنىڭ باشچىلىقىدا كوللېكتىپ يېزىپ چىققان. يەنە ئاكادېمىيەسىدىكى كەسىپداشلىرى ۋە ۋېنگرىيەلىك ئالىملار بىلەن ھەمكارلىشىپ، «تۈركىي تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىرى» ۋە باشقا ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ئىشلىگەن. 1956 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن 700 نەچچە خادىم، يەتتە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ 33 مىللەتنىڭ تىلىنى تەكشۈرگەن، شۇلارنىڭ ئىچىدە 6 ـ گۇرۇپپا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، يۇغۇر ۋە سالار تىللىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان. تىلشۇناس ئە. ر . تېنىشېفمۇ مۇشۇ گۇرۇپپا تەركىبىدە تىل تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ۋە شىنجاڭدىكى تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا ئېرىشكەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ 1963 ـ يىلى ئېلان قىلغان. شۇ قېتىم خاتىرىلىگەن ئۇيغۇرچە تېكىستلىرى 1984 ـ يىلى رۇسىيە نايكا نەشرىياتىدىن «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان. 1992 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئىلمىي زىيارەتتە بولغان تېنىشېف مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى مىللىي تىللار 2 ـ فاكۇلتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا «تۈركىي يېزىقلار توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «تۈركشۇناسلىقنىڭ ھازىرقى ھالىتى» دېگەن تېمىلاردا دوكلات بەرگەن ۋە ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان. چېن يىڭ تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا كىرىش» ناملىق كىتابى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ 1956 ـ يىلىدىكى تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا خاتىرىلىگەن تىل ماتېرىياللىرى ئىچىدە لوپلۇقلارغا ئائىت بىر قىسىم تېكىستلەر بولۇپ، بۇلار لوپلۇقلارنىڭ دىيالېكتىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، تارىخى، ئۆرپ ـ ئادىتى، پسىخىكىسى، ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە باشقا جەھەتلەردىنمۇ مۇھىم مەنبە ماتېرىياللار ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

## تاكۇچى شۇگوھىتو

ياپونىيەلىك تۈبۈتشۇناس تاكۇچى شۇگوھىتو 1951 - يىلى 7 - ئايدا تۇغۇلغان، 1975 - يىلى كىيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات بۆلۈمىنى پۈتكۈزگەن، 1984 - يىلى شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغان ۋە 1985 - يىلدىن باشلاپ ئاشۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ تۈبۈت يېزىقىدىكى نۇرغۇن يادىكارلىقنى تەتقىق قىلغان ۋە ئېلان قىلغان، مىران كونا شەھىرىدىن بايقالغان 300 نەچچە تارىشا پۈتۈك شۇلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدىن ئىبارەت.

# چاقىلىق تارىخىنىڭ يىلنامىسى

تاش قوراللار دەۋرى (بۇندىن 10 مىڭ يىللار ~ 6 مىڭ يىللار ئىلگىرى)

ئارخېئولوگلار چاقىلىق تەۋەسىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى لوپ كۆلى بويى، ئالتۇنتاغ ئېچىدىكى قوتازبۇلاق، قارادۆڭ قاتارلىق جايلاردىن بىر قىسىم تاش قوراللارنى يەر ئۈستىدىن تېپىپ چىقىپ، ئارخېئولوگىيەلىك مەدەنىيىتىنىڭ سىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان قىلدى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللار

هازىرقى كۇندە قۇم دەريا قەبرىستانلىقى دەپ ئاتالغان جايلاردا بىر تۈركۈم ئاھالىلەر ياشىغان، يۇقىرىقى قەبرىستانلىق ئەنە شۇ دەۋرنىڭ يالدامىسى، مۇشۇ قەبرىستانلىقتىن چىققان تېپىلمىلار مۇندىن 4000 يىللار بۇرۇنقى چاقىلىق رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى، ئېكولوگىيەسىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1800 - يىللار

لوپ كۆلگە يېقىن بولغان جايدىن يەنى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىن بىر قەبرىستانلىق بايقالغان، بۇ قەبرىستانلىق «قەبرەغول» دەپ ئاتالغان، بۇ قەبرىستانلىق بۇندىن 3800 يىللار بۇرۇنقى چاقىلىق ئاھالىلىرىنىڭ قەبرىگاھى بولۇپ، شۇ دەۋردىكى تارىخ ۋە كۇلتۇرنى كۆرسىتىپ بەردى. كۇنىمىزدە مەشھۇر بولغان «كىروران گۈزىلى» شۇ قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 176 - يىلى

كىروران ئېلى هۇن خانلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلانغان، بۇ ۋاقىئەلەر «تارىخىي خاتىرىلەر»دە يېزىلغان. شۇ خاتىرىدە يەنە كىروران شەھىرىمۇ تىلغا ئېلىنىپ لوپ كۆلىدىن ئىبارەت تۇزلۇق كۆل بويىدا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئۇچۇرلار كىروران ئېلىنىڭ مۇشۇ دەۋردىن بۇرۇن قۇرۇلغانلىقىنى ھەمدە كىروران شەھىرىنىڭ تارىخىنىڭمۇ شۇ يىللاردىن خېلىلا بۇرۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 108 - يىلى

خەن سۇلالىسىنىڭ جاۋ پونۇ باشچىلىقىدىكى 700 نەپچە چەۋەنداز كىرورانغا كېلىپ كىروران بېگىنى ئەسىر ئېلىپ كەتكەن.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 102 - يىلى

خەن سۇلالىسىنىڭ پەرغانە ئېلىگە يۈرۈش قىلغان ئېرشى سانغۇنى لى گۇاڭلى باشچىلىقىدىكى زور قوشۇنى لوپ كۆلى رايونىدىن ئۆتۈپ پەرغانىگە يۈرۈش قىلغان.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 101 ـ يىلى
كىروران ئېلى يېگى بىر تېكىننى خەن پادىشاھلىقىغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتكەن.
مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 99 ـ يىلى
خەن پادىشاھى ئەۋەتكەن قوشۇن كىروراندىن بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى ئېلىپ قۇس بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغان، مۇشۇ يىلى يەنە لى گۋاڭلى باشلىغان قوشۇن پەرغانىگە 2 ـ قېتىم يۈرۈش قىلغاندا كىروراندىن ئۆتكەن.
مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 92 ـ يىلى
كىروران بېگى قازا قىلغان، كىرورانلىقلار باشقىدىن يېڭى بەگ تىكلىگەن ھەمدە بىر تېكىننى خەن سۇلالىسىغا، يەنە بىر تېكىننى ھۇن خانلىقىغا تۇرغاقلىققا ئېۋەتكەن. بۇ بەگمۇ قازا تاپقاچقا ھۇنلار ئۆزىدە تۇرغاق بولغان تېكىننى كىرورانغا قايتۇرغان ۋە ئۇنىڭ بەگ بولۇشىنى قوللىغان.
مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلى
خەن سۇلالىسى خەنجەرۋاز فۇ جېيىزى باشچىلىقىدا ئادەم ئەۋەتىپ ھۇن تەرەپدارى بولغان ئامگوكانى خەنجەرلەپ ئۆلتۈرگەن ۋە ئىنىسى ئۇتۇشىنى بەگلىككە يۆلەپ تۇرغۇزغان. خەن سۇلالىسى تۇرغۇزغان بەگ كىرورانغا كىرىشكە پېتىنالماي ھازىرقى مۇران ياكى چاقىلىق بوستانلىقىنى مەركەز قىلىپ ئۆز بەگلىكىنى تىكلىگەن، بۇ بەگلىك شۇندىن باشلاپ خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللاردا چەرچەن(鄯善) بەگلىكى دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسى مۇران بوستانلىقىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ چەرچەن بەگلىكىنىڭ بۇ بېگىنى ھىمايە قىلغان.
مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 36 ـ يىلى
نوپ ئېلى (婼羌国)نىڭ بېگى چوقۇراي خەن پادىشاھىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن.
مىلادىيەنىڭ 46 ـ يىلى
چەرچەن ئېلىنىڭ بېگى بىلەن يەكەن بېگى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن، يەكەننىڭ بېگى لەشكەر تارتىپ چەرچەن ئېلىگە يۈرۈش قىلىپ 1000دىن ئوشۇق چەرچەنلىكنى قىرغىن قىلغان. چەرچەن بېگى ھۇنلارغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن.
مىلادىيەنىڭ 59 ـ يىلى
چەرچەن ئېلى كۇچىيىپ ئەندىر بەگلىكى، كادوتا بەگلىكى، روڭلۇ بەگلىكى، چالمادانا بەگلىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىدارىسىغا ئېلىپ، زېمىنىنى ھازىرقى نىيا ناھىيەسىگىچە كېڭەيتكەن.
مىلادىيەنىڭ 73 ـ يىلى
بەن چاۋ 36 ئادىمى بىلەن كىروراندىكى ھۇن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن.
مىلادىيە 94 ـ يىلى
بەن چاۋ كىروران، كۇسەن قاتارلىق ئەللەرنىڭ يەتتە تۈمەن ئەسكىرىنى باشلاپ بىر قىسىم ئەللەرنى ئەل قىلغان.

مىلادىيە 123 ـ يىلى
بەن يۇڭ 500دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ كېلىپ كىروراندا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربكە ماڭغان ئەلچىلىرىنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئەتكەن.
مىلادىيە 399 ـ يىلى
راھىب فاشيەن چاقىلىقتىن ئۆتكەن. ئۇ چاقىلىقتا 4000دىن ئوشۇق ھىنايانا راھىبى بار ئىكەن، دەپ يازغان.
مىلادىيە 420 ـ يىللاردىن بۇرۇنراق بەگرولۇڭ كىرورانغا بەگ بولغان.
مىلادىيە 442 ـ يىلى كىروران بېگى بەگرولۇڭ 4000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ ھازىرقى چەرچەنگە كۆچۈپ ھۇن ئەۋلادى ئەنجۇنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلەنگەن. بۇ ۋاقىئە چەرچەن بەگلىكىنىڭ ھالاكىتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغان.
مىلادىيە 452 ـ يىلى ئەتراپىدا تۇيغۇنلار كىروران ـ چەرچەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلغان، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 635 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان.
مىلادىيە 519 ـ يىلى راھىب سۇڭ يۈن قاتارلىقلار چاقىلىقتىن ئۆتكەن.
مىلادىيە 630 ـ يىلى بىر تۈركۈم كىروران (چەرچەن) ئاھالىسى قومۇلغا كۆچۈپ بېرىپ يۇرت بىنا قىلغان ھەمدە كونا يۇرتىنىڭ نامىدا لاپ دەپ ئاتىغان.
مىلادىيە 645 ـ يىلى راھىب شۈەنزاڭ چاقىلىق دىيارىدىن ئۆتكەن ۋە «نوپ» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يۇرتنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى خاتىرىلىگەن.
675 ـ يىلى سەمەرقەنتلىك كاڭ يەندىيەن بىر قىسىم ئاھالىگە باشچىلىق قىلىپ چاقىلىقنى قايتا گۈللەندۇرگەن، بەزى مەنبەلەردە توققۇز شەھەر بىنا قىلغان، دەپ خاتىرىلەنگەن.
8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا، يەنى تۇبۇتلار بۇ يەرنى ئىگىلەشتىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى بىرقانچە يازما يادىكارلىق مۇران كونا شەھىرىدىن تېپىلدى. مۇشۇ دەۋردە مۇران كونا شەھىرىدە تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.
8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چاقىلىق دىيارى تۇبۇتلەرنىڭ ھاكىمىيىتىگە كىرگەن. مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ خېلى مىقداردىكى تۇبۇتچە يادىكارلىق مۇران كونا شەھەر خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان.
851 ـ يىلى چاقىلىق دىيارى قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن، 855 ـ يىلىغا كەلگەندە تۇبۇتلار تارىم ۋادىسىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىلغان.
938 ـ يىلى گاۋ جۇخۇي چاقىلىق دىيارىدىن ئۆتكەن بولۇپ قىسقىچە مەلۇمات قالدۇرغان. بۇ چاغدا قۇتۇم (大屯) شەھىرى گۈللىنىپ تۇرغان، بۇ شەھەر ھازىرقى مۇران كونا شەھىرى ئىدى.
13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چاقىلىق رايونى موڭغۇللارنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان،

موڭغۇل سانغۇنى لوپ يەنى ھازىرقى ۋاششەھىرى خارابىسىدە تۇرغان.

1276 ـ يىلى ماركوپولو چاقىلىق دىيارىدىكى مەشھۇر شەھەر لوپتىن ئۆتكەن ۋە بۇ شەھەر ھەققىدە مول مەزمۇنلۇق بايان قالدۇرغان. مۇشۇ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈەن سۇلالىسى چاقىلىق دائىرىسىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر لوپ (罗卜) ۋە كىتىك (合怯)لەردە رابات تەسىس قىلغان.

14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى چاقىلىق دىيارىدىكى لوپ، كىتىك، مەردەك قاتارلىق شەھەرلەر ۋەيران بولغان. كىتىك شەھىرىنىڭ كونكرېت ۋەيران بولغان ۋاقتى 1335 ـ ~ 1343 ـ يىلغىچە.

1515 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى سەئىدخان قوشۇن ئېۋەتىپ، چاقىلىق ۋە چەرچەن دائىرىسىدە پاشايدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرغان. قوشۇنغا يولۇققانلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئىدى. شۇ يىللاردىن تاكى بۇ خانىدانلىق يىمىرىلگەن 1680 ـ يىلى چاقىلىق رايونى يەكەن خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1680 ـ يىلدىن 1759 ـ يىلغىچە چاقىلىق جۇڭغارلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

1723 ـ يىلى لوپلۇقلار ۋەكىل ئېۋەتىپ تۇرپاندىكى چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن.

1725 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىم بويىچە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن چېرىكلىرىنى چېكىندۈرگەن. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئالدىن تەۋەلىك بىلدۈرگەن تۇرپانلىقلارنىڭ خالىسا گۇاجۇ ۋە خېجۇلارغا كۆچۈپ تېرىقچىلىق قىلىشىنى، 1 ~ 2 يىلغىچە ياردەم بېرىلىدىغانلىقى، باج ـ سېلىق ئېلىنمايدىغانلىقى، لوپلۇقلارمۇ ئالدىن بەيئەت قىلغانلىقتىن شۇنداق مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى يارلىق قىلغان. شۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىغا ئالدىن بەيئەت قىلغانلار قۇربان باشچىلىقىدىكى توپ ئىدى. شۇ يىلى تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردىن توختى مامۇت باشچىلىقىدىكى 650 نەچچە ئائىلە كۆچىدىغان بولغان (بۇلار كېيىنكى يىلى سۇجۇ ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان)، لۇكچۇننى مەركەز قىلغان 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىمىن خوجىنىڭ باشچىلىقىدا كۆچكەن. مۇشۇ قېتىمقى كۆچۈشتە قۇربان باشچىلىقىدا ئاھالىنىڭ كۆچكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق، بەلكىم بىر تۈركۈم ئاھالە كۆچكەن بولسا كېرەك.

1725 ـ يىلى جۇڭغار سانغۇنى ئاراپدان قاراكۆل ۋە قاراقۇشۇن رايونىدىكى 1000دىن ئوشۇق ئاھالىنى تەسلىم قىلغان.

1758 ـ يىلى يازدا جۇڭغارلارنىڭ جوراس، ماقۇس قەبىلىلىرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى قوغلىغان ئارغۇن باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى لوپ رايونىغا كىرگەن، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئىلگىرى بۇ يەردە 2000 ئائىلىدىن كۆپ ئاھالە بولغان، ئەمما جۇڭغارلارنىڭ ئېغىر زۇلمى دەستىدىن بىر تۈركۈم ئاھالە قېچىپ كەتكەن.

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى چاقىلىق رايونىدا ھاكىمبەگ تەسىس قىلىپ چاقىلىق

رايوننى (كونكرېت ئېيتقاندا تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا ياشاۋاتقان لوپلۇق ئۇيغۇرلارنى باشقۇرغان، بۇ چاغدا ھازىرقى بوستانلىقتا ئادەم يوق ئىدى) باشقۇرغان.

1761 ـ يىلى كۈزنىڭ ئاخىرلىرى شۇ خېدى چىڭ سۇلالىسى خانىغا مەلۇمات يوللاپ، لوپلۇقلارنىڭ قاراقوشۇن ۋە قاراكۆل دەپ ئىككى قەبىلىگە بۆلۈنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ 183 ئائىلە ئىكەنلىكى ۋە ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنى تەيىنلەش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئۇلارنىڭ تۇرپاننىڭ باشقۇرۇشىدا، جۈملىدىن ۋاقتىنچە ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشىنى، ھەر يىلى قاسى پېيدىن 100 تال، توققۇز پارچە سوغۇر تېرىسى تاپشۇرۇشنى تەكلىپ قىلغان.

1797 ـ يىلى چاقىلىق رايوندا (لوپلۇقلار ئارىسىدا) يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ نۇرغۇن ئاھالە قىرىلىپ كەتكەن، بىر بۆلەك ئاھالە كۆچۈپ خوتەن لوپ ناھىيەسىگىچە، بىر قىسمى لوپنور ناھىيەسىدىكى بىر قىسىم زېمىنلارغىچە كەتكەن.

1820ـ ~ 1835 ـ يىللار ئەتراپىدا ھازىرقى چاقىلىق بوستانلىقىغا كېرىيە تەرەپتىن ئادەم كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغان، مانا بۇ چاقىلىقنىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

1864 ـ يىلىدىن كېيىن ياقۇپبەگنىڭ ئاتالمىش «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى»نىڭ تەركىبىگە كىرگەن چاقىلىق دىيارى تاكى چىڭ سۇلالىسى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى يوقاتقۇچە بەدۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، چاقىلىق دىيارى خوتەن ھاكىمبېگى نىياز ھېكىمبەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

1871 ـ يىلى كېپەكۋاي ئاتالغان كىشى ھەم ئوغلى ئائىلىسىنى ئېلىپ ھازىرقى ۋاششەھەرى بوستانلىقىغا كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغان.

1875 ـ يىلى چىڭخەي خۇيزۇلىرى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭ قىلغان، قوزغىلاڭ باستۇرۇلغانلىقتىن 130 مىڭ ئادەم ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن، شۇلاردىن 13 مىڭدەك كىشى ئەۋۋەل چاقىلىق تەۋەسىگە كىرگەن.

1876ـ ~ 1877 ـ يىللىرى ۋە 1885 ـ يىلى رۇسىيەلىك ئوفىتسېر پىرژېۋالسكى چاقىلىق رايونىدا، جۈملىدىن قاراقۇشۇن كۆلى، ئالتۇنتاغ ۋە چاقىلىق بازىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ ئەۋرىشكىسىنى يىغىپ كەتكەن.

1883 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش تەكلىپىنى تەستىقلىغان، 1884 ـ يىلى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلىنغان ھەمدە ليۇ جىنتاڭ باش مۇپەتتىشلىككە تەيىنلەنگەن. ئۆلكە قۇرۇلۇشى بىلەن ئىلى جياڭجۈنىنىڭ ئىدارە قىلىش تارىخى ئاياغلاشقان، ئىلى جياڭجۈنى شىمالدا چېگرا مۇداپىئەسىگە مەسئۇل قىلىپ ساقلاپ قېلىنغان. ئۆلكە دائىرىسىدە ۋىلايەت (داۋ)، ئايماق (جوۋ)، مەھكىمە (فۇ)، ناھىيە تەسىس قىلىنىپ ئۆلكە بىۋاستە باشقۇرغان. بەگلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

1884 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھازىر لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى

تىكەنلىك رايونىدا (ھازىر دېھقانچىلىق 2 - شىسى 34 - تۇەن تۇرۇشلۇق جاي) دۇرال (蒲昌) شەھىرىنى قۇرۇپ، چاقىلىق ۋە لوپنور تەۋەسىنى باشقۇرغان.

1885 - يىلى ئەنگلىيەلىك كەيرى باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى چاقىلىق رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

1889 - يىلى چىڭ سۇلالىسى چاقىلىقتا قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جۇجۇقى قۇرۇپ چاقىلىق ناھىيەسىنى باشقۇرغان.

1889 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئېۋەتكەن لىيۇ خېچىڭ قاتارلىق ئەمەلدارلار لوپ كۆلى رايونى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ «لوپ كۆلى رايونىنىڭ جەنۇبىي پاسىلىنىڭ خەرىتىسى»نى سىزىپ چىققان.

1889 - يىلى تۇرپان ۋە كېرىيە قاتارلىق جايلاردىن 300 ئائىلىدەك ئادەم چاقىلىققا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن.

1889 - ~ 1890 - يىللىرى فىرانسىيەلىك گابرېل بونۋالوت چاقىلىق رايونىدا ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىدە بولغان، لوپلۇقلار توغرۇلۇق قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان.

1890 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھازىرقى لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى «ياڭىكۆل»دە نەپىقە دالالەت جۇجۇقى قۇرۇپ لوپ رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان ۋە قاراشەھەر بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

1890 - يىللىرى ئەتراپىدا رۇسىيەلىك بېغزوف، فىرانسىيەلىك دۇتروي ئەترىتى لوپ كۆلى رايونىنى تەكشۈرگەن ۋە بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئېلىپ كەتكەن.

1893 - يىلى رۇسىيەلىك روبروۋېسكى چاقىلىق رايونىنىڭ جۇغراپىيەسىنى تەكشۈرگەن.

1895 - يىلى شىنىڭ خۇيزۇلىرى مۇران رايونىنى بۇلىغان، ھۆكۈمەت ئۇلارنى دۇرالغا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇلار كېيىن قاراشەھەرگە (ھازىرقى يۇڭنىڭ يېزىسى تەۋەسىگە) كۆچۈرۈلگەن.

1894 - يىلى شىۋېتسىيەلىك ئالىم، دوكتور سېۋىن ھېدىن لوپ كۆلى رايونىنى تەكشۈرگەن.

1897 - يىلى گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن لىيۇ سىفۇ باشچىلىقىدا قېچىپ چاقىلىقنىڭ يۇلغۇنلۇق قاتارلىق جايلىرىغا كىرگەن.

1898 - يىلى قاراشەھەرنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ ۋىلايەت (داۋ) تەسىس قىلىنغان ھەمدە ھازىرقى لوپنور ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قاراقۇم دېگەن جايدا شىنىپىڭ ناھىيەسى تەسىس قىلىنغان، چاقىلىق شىنىپىڭ ناھىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، چاقىلىقتا نائىب ئامبال تۇرغۇزۇلغان.

1899 - يىلى چاقىلىق ناھىيە نائىبلىقى (卡克里克县丞) تەسىس قىلىنغان ۋە

شىنپىڭ (هازىرقى لوپنور)نىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن. بۇ يىلى ناھىيە تەۋەسىدە 2635 نوپۇس بار ئىدى.

1900 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سېۋېن ھېدىن لوپ كۆلى رايونىنى ئېكسپېدىتسىيە قىلغان، ئۇنىڭ ئەترىتىدىكى ئۇيغۇر يىگىتى ئۆردەك تاسادىپىي پۇرسەتتە كىروران شەھىرى رايونىغا كىرىپ قالغان، مانا بۇ كىروران شەھىرىنىڭ بايقىلىشى ۋە تەكشۈرۈلۈشىنىڭ باشلانمىسى بولغان.

1901 ـ يىلى 30 ـ 40 ئائىلە چاقىلىقتىن ۋاششەھەرگە بېرىپ بوز يەر ئاچقان.

1901 ـ يىلى سېۋېن ھېدىن لوپ كۆلى بويىغا قايتىدىن كېلىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلغان ھەمدە كىروران قەلئەسى خارابىسىغا كىرىپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. دوكتور سېۋېن ھېدىن 1901 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ ھەپتىسى ھازىرقى تاغ ئېغىزى ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا يېقىن جايدا چاقىلىق دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئۆلچىگەن، ئېقىندا سېكۇنتىغا 318 كۇب فۇت سۇ ئاققان.

1901 ـ يىلى بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلار چىمەنتاغ رايونىغا كىرگەن، 1904 ـ يىلى قاراشەھەردىن بىر توغلۇق چېرىك كېلىپ ئۇلار بىلەن سوقۇشقان ھەمدە 1905 ـ يىلى كۇزدە ئۇلارنى كۆچۈرۈۋەتكەن.

1902 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۇنى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا كۆنچى (新平) ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى چاقىلىق نائىبلىقى (卡克里克县丞)نىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ 婼羌县 ناھىيەسى تەسىس قىلىش توغرۇلۇق مەلۇماتنامە سۇنۇلغان.

1903 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەگە ئۆزگەرتىلىپ قارا شەھەر مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ناھىيەنىڭ نامى 婼羌县 دەپ بېكىتىلگەن، بۇ ۋاقىتتا 13 مەھەللىدە ئاھالە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىدى. بۇ يىلى گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا ئىسيان قىلىپ مەغلۇپ بولغان خۇيزۇلار چاقىلىق رايونىغا كەلگەن، كېيىن قاراشەھەرگە كۆچۈرۈلگەن.

1903 ـ يىلى ھازىرقى تىكەنلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ ئورنىغا ناھىيەلىك يامۇل سېلىنغان، بۇ يامۇل 1933 ـ يىلىدىكى خەلق قوزغىلىڭىدا بۇزۇۋېتىلگەن.

1905 ـ يىلى تۆمۈرلۈكتىكى توختاخۇن شاڭيو قاتارلىقلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن كېڭىشىپ پاسىل ئايرىلغان ۋە «داۋزا» دېگەن خەت بار تاش بەلگە قىلىنغان. شۇ يىلى ئامېرىكىلىق خانتىڭتون باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيەچىلەر چاقىلىق دىيارىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

1905 ـ يىلى چاقىلىقتا يېڭىدىن ئېچىلغان بوز يەر 20294 مو (چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى 1 مو يەر ھازىرقى 0.92 موغا باراۋەر كېلىدۇ، شۇنداق بولغاندا ھازىرقى ھېساب بويىچە 18668.64 موغا توغرا كېلىدۇ) بولغان. 1909 ـ، 1910 ـ يىللىرى تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە مۇشۇ يىلى يۇقىرىقىدەك كۆپ يەر

ئېچىلغانلىقى، چاقىلىق ناھىيەسى (婼羌县) چاقىلىق نائىبلىقى (卡克里克县丞)دا 1902 ـ يىلى تەسىس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن باشقا جايىنىڭ سانلىق مەلۇماتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

1906 ـ يىلى دوكتور ئاۋرېل ستەيىن چاقىلىق، ۋاششەھىرى، مىران، كىروران قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ ئېلىپ كەتكەن.

1908 ـ يىلى ياپونىيەلىك تاچىبانا زۇيچۇ چاقىلىق رايونىدا ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىش ئېلىپ بارغان.

1908 ـ يىلى ئەتراپىدا چاقىلىقنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى مۇنداق: قاراچۇنىڭ ئوتتۇرا ئۆستىڭى (سۇغىرىلىدىغان يېرى 1300 مو)، قاراچۇنىڭ كۈنچىقىشتىكى ئۆستىڭى (1270 مو يەرنى سۇغىرىدۇ، تۆت ئېرىقى بار)، توقتوسۇننىڭ ئۆستىڭى (550 مو يەرنى سۇغىرىدۇ)، ياقائۆستەڭ (1521.5 مو يەرنى سۇغىرىدۇ)، ناسىر ئۆستەڭ (844 مو يەرنى سۇغىرىدۇ)، قاراچۇنىڭ كۈنپېتىشتىكى ئۆستىڭى (1532 مو يەرنى سۇغىرىدۇ، ئالتە ئېرىقى بار)، تاتىراڭ ئۆستىڭى (1765.5 مو يەرنى سۇغىرىدۇ)، مەمەت ئۆستىڭى (1325.7 مو يەرنى سۇغىرىدۇ)، ئىزافە ئۆستىڭى (425.2 مو يەرنى سۇغىرىدۇ)، يۇلغۇنئېرىق (813.3 مو يەرنى سۇغىرىدۇ)، تۇردى مىراپنىڭ ئۆستىڭى (884.5 مو يەرنى سۇغىرىدۇ)، قوۋان ئۆستىڭى (1572.3 مو يەرنى سۇغىرىدۇ)، ئەخمەت ئۆستىڭى (1931 مو يەرنى سۇغىرىدۇ). يۇقىرىقى ئۆستەڭلەر 1908 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئەنە شۇنچىلىكتىن يەرنى سۇغىرىغان بولسا، 1910 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپەيگەنلىكتىن ھەربىر ئۆستەڭ 1 ~ 2 مىڭ مودىن يەرنى سۇغۇرىدىغان بولغان. ۋاششەھىرى تەۋەسىدە يېڭىقىر ئۆستىڭى (888 مو يەرنى سۇغىرىغان)، ۋاششەھىرىنىڭ كۈنچىقىشتىكى ئۆستىڭى، ۋاششەھىرىنىڭ كۈنپېتىشتىكى ئۆستىڭى (1097.5 مو يەرنى سۇغارغان) بولغان، يۇقىرىقى ئىككى ئۆستەڭ بىر مەنبەدىن چېپىلغان بولغاچقا بىر ـ بىرىنىڭ سۇ مىقدارىغا تەسىر يەتكۈزۈپ تۇرغان، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككى ئۆستەڭ جەمئىي 2000 مودەك يەرنى سۇغارغان.

1908 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چاقىلىقتا ئاشلىق باھاسى مۇنداق بولغان: بۇغداينىڭ بىر دەنى بىر سەر ئۈچ مىسقال 5.2 سىنىت كۈمۈش، قوناقنىڭ بىر دەنى بىر سەر ئىككى يارماق 2.8 سىنىت كۈمۈش، ئارپىنىڭ بىر دەنى يەتتە مىسقال ئالتە يېرىم سىنىت بولغان، بۇ يەردىكى بىر دەن بېيجىڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دەنى (京石)نى كۆرسىتىدۇ.

1909 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جايلاردا خەت تونۇتۇش مەكتەپلىرى ئېچىلغان، شۇ قاتاردا چاقىلىقتا شۆتاڭ (学堂) ــ ئاددىي خەنزۇچە خەتلەرنى تونۇتۇش مەكتىپى قۇرۇلغان.

1909 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسى بازىرىدا 84 ئائىلە 281 كىشى، يېزىلىرىدا 628 ئائىلە 3900 كىشى بار ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە يەرلىكلەر 652 ئائىلە 4073 كىشى،

شىنجاڭ ئۆلكىسى دائىرىسىدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار 53 ئائىلە 93 كىشى، باشقا ئۆلكىدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار يەتتە ئائىلە 15 كىشى، مۇھاجىرلار بەش ئائىلە 18 كىشى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قوشىنىسى كۆنچى ناھىيەسى بازىرىدا 53 ئائىلە 149 كىشى، يېزىلىرىدا 731 ئائىلە 4517 كىشى، بازار ئەتراپىدا 53 ئائىلە 194 كىشى بولۇپ يەرلىكلەر 604 ئائىلە 4012 كىشى، شىنجاڭ ئۆلكىسى دائىرىسىدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار 218 ئائىلە 833 كىشى، باشقا ئۆلكىدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار 15 ئائىلە 16 كىشى ئىدى.

1909 ـ، 1910 ـ يىللىرى تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە سۇلۇق ـ سازلىق (泽) يەرلەرنىڭ كۆلىمىنىڭ 123 مىڭ كىۋادرات يول (540 مو يەر بىر كىۋادرات يولغا تەڭ)دىن ئاشىدىغانلىقى، تېرىقچىلىققا مۇۋاپىق تۇپراق (土宜) 210 مىڭ 100 كىۋادرات يولدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى يېزىلغان.

1910 ـ يىلى چاقىلىق بىلەن كۆنچى (لوپنور ـ شىنپىڭ) ناھىيەسىنىڭ پاسىلى ئايرىلغان. شۇ يىلى ئامېرىكىنىڭ خانتىڭتون باشچىلىقىدىكى ئەترىتى ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىش ئېلىپ بارغان.

1910 ـ يىلى ئەتراپىدا ۋاششەھەرىدە 51 ئائىلە دېھقان بار بولۇپ، تېرىلغۇ يېرى 1200 مودىن ئارتۇق ئىدى، 35 دەندىن ئارتۇق ئاشلىق بېجى يىغىلغان .

1912 ـ يىلى چاقىلىقتا 699 ئائىلە، 4175 كىشى ياشىغان. تېرىلغۇ يېرى 20774 مو، ئېلىنغان ھوسۇلدىن 462 دەن بىر كۇرە توققۇز مىسقال ئاشلىق بېجى يىغىلغان.

1913 ـ يىلى قاراشەھەر مەھكىمىسىنىڭ دەرىجىسى چۈشۈرۈلۈپ ناھىيە تەسىس قىلىنغانلىقتىن چاقىلىق ناھىيەسى ئاقسۇ ۋىلايىتى (داۋ)گە قارايدىغان بولغان.

1913 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قاراسىپەچلەردىن لى تۇشۇ قاتارلىقلار دۇنخۇاڭدىن يۆتكەپ كەلگەن 360 جىڭ ئەپيۇننى چاقىلىق ھاكىمى خۇ دىيەنخۇا مۇسادىرە قىلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. مۇشۇ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قاراسىپەچلەر قوزغىلىپ ھاكىم خۇ دىيەنخۇانى ئۆلتۈرگەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئادىمى خې كەيۋەننى ھاكىم قىلىپ تىكلىگەن.

1914 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە چاقىلىقتا زورلۇق قىلىۋاتقان قاراسىپەچلەر (گېلاۋخۇيچىلار) تۈڭ مىڭسەي باشچىلىقىدىكى ياڭ زېڭشىن قوشۇنى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان، قاراسىپەچلەرنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىدىن 48 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن.

1914 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چەرچەن چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەن.

1914 ـ يىلى چاقىلىقتا 13594 مو بۇغداي تېرىلغان بولۇپ 4077.12 دەن ھوسۇل ئالغان، 6 ـ 7 مىڭ مو قوناق تېرىلىپ 1800 دەن ھوسۇل ئېلىنغان، 2000 مو ئارپا تېرىلىپ 400 دەن ھوسۇل ئېلىنغان.

1914 ـ يىلى چاقىلىقتا 684 ئائىلە دېھقان بولۇپ تېرىلغۇ يېرى 24263.7 مو،

باغ ـ ئورمان 2851.3 مو ئىدى، بۇ ۋاقىتتا قوشنىسى كۆنچىدە 878 ئائىلە دېھقان بولۇپ 13890 مو تېرىلغۇ يېرى، 3882 مو باغ ـ ئورمان بار ئىدى.

1915 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چەرچەندە ناھىيە تەسىس قىلىنىپ چاقىلىقتىن ئايرىلغان ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ياڭ زېڭشىننىڭ يېزىشىچە، بۇرۇن كېرىيە ناھىيەسىگە تەۋە بولغان بۇ جاي كېيىن چاقىلىق ناھىيەسىگە تەۋە قىلىنغان. ئەمما چەرچەننىڭ كېرىيە بىلەن بولغان ئارىسى 12 ئۆتەڭ، 1400 يول ئىكەنلىكى، چاقىلىق بىلەن ئارىسى توققۇز ئۆتەڭ مىڭ يولدىن ئوشۇق ئىكەنلىكى، تېرىلغۇ يېرى ۋە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى، يىلدا 300 دەندىن ئارتۇق ئاشلىق بېجى يىغىلىدىغانلىقى، ئارىلىق يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرز ـ دات ئىشلىرىنىڭ قولايسىز بولغانلىقى سەۋەبلىك چەرچەن دېگەن يەردە 且末 ناھىيەسى تەسىس قىلىش دوكلات تېلېگراممىسى جۇڭخۇا مىنگونىڭ مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسىغا مىنگونىڭ 3 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يوللانغان.

1915 ـ يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 4 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى) شىنجاڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىن چاقىلىق ناھىيەسىگە تەۋە يېڭىسۇ مەھەللىسى بىلەن كۆنچى ناھىيەسىگە تەۋە تىكەنلىك ئاھالىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى پاسىل ماجىراسى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. يارلىقتا ئېيتىلىشىچە، ئىككى ناھىيە ئارىسىدىكى بەش چوڭ توپا دۆڭنى بەلگە قىلغان پاسىلنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقى، بۇرۇنقى نەق مەيدانغا بارماي بېكىتىلگەن ئاراتارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى پاسىل قىلىش ئىشىنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1910 ـ يىلى ئۆزگەرتىلىپ ئارخىپقا ئېلىنغانلىقى، تەزكىرىگە پۈتۈلگەنلىكى كۆرسىتىلگەن. مۇشۇ ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، 1910 ـ يىلدىن بۇيان چاقىلىق بىلەن لوپنور ناھىيەسى ئارىسىدىكى پاسىل يېڭىسۇنىڭ شىمالىدىكى بەش دۆۋە ئىكەنلىكى مەلۇم.

1917 ـ يىلى (مىنگونىڭ 6 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) ئامبال لياۋ جېنخۇڭ ئۆلكىگە دوكلات يوللاپ ۋاشىشەھەرى ۋە مۇراندا ئۆستەڭ قېزىپ بوز ئېچىپ تېرىلغۇنى كېڭەيتىش ھەم ئادەم كۆپەيتىش توغرۇلۇق دوكلات يوللىغان

1917 ـ يىلى ۋاشىشەھەرىدە ئېرىق چېپىش، بوز يەر ئېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن، چاقىلىقتىن بىر قىسىم ئادەملەر ۋاشىشەھەرىگە بېرىپ قاتناشقان.

1918 ـ يىلى (مىنگونىڭ 7 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى) ئامبال لياۋ جېنخۇڭ مۇراندا ئاشلىق ئامبىرى سېلىش، ئۆستەڭ چېپىپ تېرىلغۇ يەرنى كېڭەيتىش، قۇدۇق قېزىش توغرۇلۇق دوكلات يوللىغان.

1920 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قاراشەھەر ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان، چاقىلىق قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىلغان. مۇشۇ قېتىمدا خوتەن ۋە قاراشەھەر ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغانلىقتىن شىنجاڭدا ۋىلايەتلەر سەككىزگە يەتكەن.

1921 ـ يىلى تارىم دەرياسى ئېقىنى ئۆزگىرىپ كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ،

كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنى بىلەن تارىختىكى لوپ كۆلى يەنى كىروران لوپ كۆلىگە قۇيۇلغان. نەتىجىدە ئەسلىدىكى بەزى بوستانلىقلاردا ئۆزگىرىش بولۇپ ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

1925 ـ يىلى ئابدالدىكى ئاخىرقى لوپلۇقلار مۇرانغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

1927 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا جۇڭگو ـ شۋېتسىيە غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى چاقىلىقتا ھاۋا رايى پونكىتى قۇرۇپ ھاۋا رايىنى كۆزەتكەن.

1928 ـ يىلى چاقىلىقتا ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرى قۇرۇلغان.

1928 ـ يىلى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ نوپۇسىنى ئېنىقلىغان. شۇ قېتىمقى نوپۇس ئېنىقلاشتىن مەلۇم بولۇشىچە، چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە 2247 ئائىلە، 12462 نوپۇس ياشىغان. مۇشۇ يىلى قوشىنىسى چەرچەن ناھىيەسىدە 3358 ئائىلە، 17075 نوپۇس، كۆنچى ناھىيەسىدە 2646 ئائىلە 17946 نوپۇس بار ئىكەنلىكى مەلۇم.

1929 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلىغىچە چاقىلىق رەستىسىدە، چەرچەنگە بارىدىغان يولنىڭ بويىغا ئىمىن ھاجىم 25 مو كۆلەمدە مەسچىت سالدۇرغان.

1930 ـ يىلى جۇڭگو ـ شۋېتسىيە غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش بىرلەشمە ئەترىتىدىكى ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى چاقىلىق دىيارىغا كېلىپ لوپ كۆلى رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

1931 ـ يىلى يۇقىرىقى ئۆمەك تەركىبىدىكى چېن زۇڭچى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

1933 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىكى بۇتخانا، ئامبال خاتىرە سارىيى قورغانلاقچىلار تەرىپىدىن چېقىپ تاشلانغان.

1934 ـ يىلى يۇقىرىقى ئۆمەك تەركىبىدىكى سېۋېن ھېدىن باشلىغان بىر قىسىم كىشىلەر كېمە ئارقىلىق سۇ يولى بىلەن كىروران لوپ كۆلىگە بارغان، يەنە شۇ ئۆمەك تەركىبىدىكى شۋېتسىيەلىك ئارخېئولوگ بېرگمان ئۇيغۇر يول باشلىغۇچى ئۆردەكنىڭ يول باشلىشىدا لوپ رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە قۇم دەريا قەبرىستانلىقى قاتارلىق مۇھىم بايقاشلار بولغان.

1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇرپانلىق گاجىت بەكرى چاقىلىققا ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن.

1936 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى قىزلار مەكتىپى ۋە مەركىزىي مەكتەپ بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلغان.

1936 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. بۇ ئۇيۇشما مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئاۋامنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە سەمەرىلىك ئەمگەكلەرنى قىلغان.

1937 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا ھاكىم زۇنۇن ئىسلاموفنىڭ چاقىرىق قىلىشى بىلەن پۈتۈن ناھىيە ۋەكىللىرى (يېگىسۇ، ۋاششەھىرى،

مۇراندىنمۇ ۋەكىل كەلگەن) قورغان مەھەللىسىدىكى مەرپەتپەرۋەر زات ئىزىز ھاجىنىڭ قورۇسىغا يىغىلىپ مائارىپنى قوللاش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىئانە توپلاش پائالىيىتى بولغان. مۇشۇ قېتىمقى ئىئانە قىلىش پائالىيىتىدە 3000 قوي، 80 كالا، 32 تۆگە، 50 سەردىن ئارتۇق ئالتۇن (زىننەت بۇيۇملىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 10 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش ئىئانە يىغىلغان.

1937 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە بولغان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ئۈچ يىللىق پىلانلىق قۇرۇلۇشى داۋامىدا چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدە يەتتە غول ئۆستەڭ، 10 تارماق ئۆستەڭ بولۇپ سۇغىرىش كۆلىمى 28146 مو بولغان.

1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي دائىرىلىرى چاقىلىقتىن 18 كىشىنى تۇتۇپ كەتكەن، ئۇلار: ناسىر ھاجىم، قەلەم نىياز ھاجىم، ئىمىن ھاجىم، زەيدىن ئاخۇن، سۇلايمان ئاخۇن، قادىر ئىشانەم، مۇھەممەتشاھ ھاجىم، ئىسھاق ھاجىم، ھىدايەت شاڭيو، تۇرسۇن چۇجە، ئابدۇكېرەم ئەلەم، ئوسمان شاڭيو، ئاق پاشا، توختاخۇن تەتۇر تەلپەك، شاكىرجان...

1939 ـ يىلى قازاق چارۋىچىلاردىن 3500 كىشى چاقىلىقنىڭ تۆمۈرلۈك رايونىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. مۇشۇ يەردە مال بېقىۋاتقان ئۇيغۇر چارۋىچىلارنى يايلاقلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، بەزى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا تۆمۈرلۈك ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كونا چىمەن دېگەن مەنىدە «ئەسكى چىمەن» دەپ ئاتالغان.

1940 ـ يىلى باھاردا چاقىلىقتا چېچەك سەۋەبىدىن 500 نەچچە ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن.

1940 ـ يىلى ناھىيە تەۋەسىدە بېقىلىۋاتقان چارۋا 65 مىڭ 356 تۇياق ئىدى.

1942 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تىكەنلىك (دۇرال) ۋە يېڭىسۇ ئەتراپلىرىدا يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان. شۇ يىلى چاقىلىق ـ كورلا تاشيولىنى ياساش باشلانغان، 1942 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە بەش ئايلىق جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق كورلا ـ چاقىلىق تاشيولى ياساپ پۈتكۈزۈلگەن. بۇ يول قۇرۇلۇشىغا 7000دىن ئارتۇق ئادەم ئىشلىگەن. مۇشۇ يىلى چاقىلىقتىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن چىققان بىر ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى زۇنۇن ئىسلاموف ئۆلكىگە ئېۋەتىپ بەرگەن. مۇشۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى 200دىن ئارتۇق ئادەم تۈمەنپۇ ھاشاسىغا ئىشلىگەن.

1942 ـ يىلى چاقىلىقنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانى 1933.53 گېكتار ئىدى.

1943 ـ يىلى گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلغان، مۇشۇ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قۇرۇقلۇق قىسمى پىيادە ئەسكەرلەر 6 ـ يىڭى (باتالىيونى) چاقىلىققا كېلىپ ئورۇنلاشقان. مۇشۇ يىلى ياپونغا قارشى تۇرۇش ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى بولۇپ نۇرغۇن ئىئانە يىغىپ ئالدىنقى سەپكە ئېۋەتىلگەن. ياسىلىۋاتقان چاقىلىق ـ دۇنخۇاڭ تاشيولى 66 كىلومېتىر ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن توختىتىلغان.

1943 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 30749 مو بولۇپ مەھسۇلاتى 10797 دەن بولغان. مۇشۇ ۋاقىتتا قوشنىسى چەرچەننىڭ تېرىلغۇ يېرى 66838 مو، مەھسۇلاتى 17565 دەن؛ كۆنچىنىڭ تېرىلغۇ يېرى 27924 مو، مەھسۇلاتى 3224 دەن

ئەدى.

1943 ـ يىلىدىكى چاقىلىقنىڭ بۇغداي مەھسۇلاتى 5862 دەن بولغان. دانلىق زىرائەت مەھسۇلاتى تەخمىنەن 4280 دەن ئىكەنلىكى، 1944 ـ يىلى مول ھوسۇل ئېلىنىدىغانلىقى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى سانىدا خەۋەر قىلىنغان.

1944 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە قىلغان، شىنجاڭدىن يىغىلغان ئىئانىگە 144 ئايروپىلان سېتىۋېلىنغان، شۇلارنىڭ ئىچىدە قاراشەھەر ۋىلايىتى ئىئانىسىگە سېتىۋېلىنغان شىنجاڭ قاراشەھەر، شىنجاڭ كورلا، شىنجاڭ كۆنچى، چاقىلىق، چەرچەن؛ شىنجاڭ بۇگۇر، خوشۇت؛ شىنجاڭ خوتونسومۇل ناملىرىدا بەش ئايروپىلان ئىئانە قىلغان. مۇشۇ يىل چاقىلىق خەلقى ئات ئىئانىسى ئۈچۈن 7000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلغان.

1945 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ناھىيەلىك ۋاقىتلىق كېڭەش قۇرۇلغان. مەھەممەتتوختى داموللا كېڭەش رەئىسى، ناسىر ھاجى ئورۇنباسارى بولۇپ سايلانغان. كېڭەش ئەزالىرى: جالالىددىن، ئىسمايىل، ھاجىئاخۇن، مامۇت مۇھەممەت.

1945 ـ يىلى كېسەللىك ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ناھىيە تەۋەسىدە 18000 تۇياق چارۋا ئۆلۈپ قالغان.

1945 ـ يىلى جياڭ جيېشى چاقىلىقتىن ئىچكىرىگە بارىدىغان تاشيولنى ياساش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن، شۇڭا چاقىلىقتىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان 739 كىلومېتىرلىق تاشيول ياساپ پۈتكۈزۈلگەن.

1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ناھىيەلىك كېڭەش رەسمىي قۇرۇلغان. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا سايلام قىلىنىپ مۇھەممەتتوختى دامولla كېڭەش رەئىسى، ناسىر ھاجى ئورۇنباسارى بولغان. كېڭەش ئەزالىرى: جالالىددىن، ئىسمايىل، ھاجىئاخۇن، مامۇت مۇھەممەت. تولۇقلىنىدىغان (كاندىدات) كېڭەش ئەزاسى: ئەزىز ھاجى، ھەزى ئاخۇن بولغان.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گومىنداڭ دائىرىلىرى چاقىلىقتىن 100نەچچە زىيالىينى قاماققا ئېلىپ، خالىيەنجاڭ قىسمىلىرى تۇرۇشلۇق گازارمىغا 115 كۈن قامىغان. مۇئاۋىن ھاكىم مامۇتخان، نۇر بەختى، قۇتلۇق قاسىم، بارات قاتارلىقلارنى قاراشەھەردىكى ۋىلايەتلىك تۈرمىگە يۆتكەپ قامىغان. مۇھەممەت ئېلى ئىسىملىك ياقا يۇرتلۇق بىرەيلەننى ئۆلتۈرۈپ ئات ئېغىلى ئىچىگە كۆمۈۋەتكەن.

1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن چاقىلىق ناھىيەلىك كېڭەش قۇرۇلغان. چاقىلىق ناھىيەلىك كېڭەش ئەزالىرى شۇ ۋاقىتتىكى 5633 كىشى ۋە مىللەت قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، بەلگىلىمە بويىچە توققۇز نەپەر كېڭەش ئەزاسى سايلاپ چىقىلغان، بەلگىلىمە بويىچە بۇ توققۇز ئەزانىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلاردىن سايلانغان ھەمدە ئۆلكىلىك كېڭەشكە بىر نەپەر سايلاپ چىقىلغان. شۇ يىلى

12 ـ ئايدا ھەر ساھە ۋەكىللىرى قاتناشقان قۇرۇلتاي ئېچىلغان، قۇرۇلتايدا سادىق داموللا كېڭەش باشلىقى، ئابدۇراھمان قۇربانوف ئورۇنباسارلىققا سايلانغان، قالغان يەتتە نەپەر ھەيئەتمۇ ئۇيغۇرلاردىن سايلاپ چىقىلغان. ناھىيەلىك كېڭەشنىڭ ۋەزىپىسى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىقتىساد خامچوتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش، ئىسلاھات تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت. ناھىيەلىك كېڭەش ھەر ئايدا ئىككى قېتىمدىن يىغىن چاقىرىپ فۇنكسىيەسىنى ئارتقۇزغان.

1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن گومىنداڭ پىرقىسى ئارىسىدا تۈزۈلگەن تىنچلىق كېلىشىمى روھىغا بىنائەن، چاقىلىق ناھىيەسىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىلەت تاشلىشىدا ھاكىم سايلاپ چىقىلغان، شۇ قېتىمدا مەمتىمىن ياقۇپ ھاكىملىققا سايلانغان.

1948 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن باشلاپ ناھىيە خەلقى ئالۋاڭغا تۇتۇلۇپ، ناھىيە تەۋەسىدە ئۈچ يەرگە ھەربىي گازارما سېلىشقا باشلىغان.

1948 ـ يىلى ئۆمەرجان ئىسمايىل جۇڭخۇا مىنگو مەملىكەتلىك پىرقە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان.

1948 ـ يىلى باھاردا يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ بىر ئاي ئىچىدە 200دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ يۇرتنى سۇنۇقچىلىق قاپلىغان.

1949 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ بىر ئاي ئىچىدىلا 200دىن ئوشۇق ئاھالە ئۆلۈپ كەتكەن.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 2 ـ جۈن 5 ـ شى مۇستەقىل تۇەنى چاقىلىقتىن چەرچەنگە ئۆتكەن، مۇشۇ جۈننىڭ 6 ـ شىسىدىكى ئاتلىق تۇەننىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى دۇنخۇاڭ ئارقىلىق چاقىلىققا كىرىپ ئورۇنلاشقان.

1949 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 5039 ئىدى، پۈتۈن ناھىيەنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 1526.67 گېكتار، ئاشلىق تېرىلغان كۆلىمى 1277.13 گېكتار، مال چارۋىسى 22600 تۇياق ئىدى.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاش چاقىلىق خەلقىنىڭمۇ بەختىيار تۇرمۇشى باشلاندى.

# پايدىلانمىلار

سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ «24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى» تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

بەن گۇ: «خەننامە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

فەن يى، سىما بياۋ: «كېيىنكى خەننامە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

چېن شوۋ، فاڭ شۈەنلىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى جىننامە، سۇڭنامە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي ـــ ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرىنىڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخى رەشىدىي ـــ زەيلى»، «ئاقسۇ قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» مەجمۇئەسى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى» (ماقالە، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 2 ـ توپلام، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.)

مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشر توپلاملىرى.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىلىق كومىتېتى: «بايىنغولىن تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە توپلاملىرى.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى چاقىلىق ناھىيەلىك كومىتېتى: «چاقىلىق تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۇيغۇرچە 1 ~ 5 توپلام، خەنزۇچە 1 ~ 2 توپلام.

لىيۇ جىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

لىيۇ جىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 2 ـ قىسىم، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1 ـ 3)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

«شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە دائىر ماقالىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

جۇ چىڭباۋ: «غەربىي رايونغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

يۇنۇسجان ئېلى: «17 ـ ~ 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭغارلار بىلەن مۇناسىۋىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئادىل مۇھەممەت: «قەدىمكى كىروران»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

«مەۋلانا ئەرشىددىن ۋەلىي تەزكىرىسى»، ئاقسۇ «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» 2 ـ سان، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

شىريار: «مەۋلانا ئەرشىددىن تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، 1994 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

ماسامى هامادا: «شىنجاڭدا تەسنىف قىلىنغان تەزكىرىلەر»، ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

مولla مۇسا سايرامىي: «تارىخى ھەمىدىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

قۇربان غالى خالىدى: «تەۋارىخى خەمسەئى شەرقىي (1)»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، 1978 ـ يىلى شاپگراف باسمىسى.

ئادىل مۇھەممەت: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق جەۋھەرلىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

«لوپنور ناھىيەسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى ئۇيغۇرچە

نەشرى.
ئىمىن غازى: «ئەسلىمە» (قول يازما)
سايىت تۇردى: «ئەسلىمە» (قول يازما)
ئابدۇغېنى بۇللا: «ماقالىلەر» (قول يازما)
مۇھەممەت ئوسمان: «كۆرگەن - بىلگەنلىرىم» (ئۈن ماتېرىيال)

新疆社会科学院历史研究所编:《清实录新疆资料辑录》，新疆大学出版社，2003年汉文版。
甘肃省古籍文献整理编译中心编：《新疆图志》，2006年汉文版。
陈世明等编：《二十四史魏晋南北时期西域史料汇编》，新疆大学出版社，2007年版。
陈世明主编：《二十四史两汉时期西域史料校注》，新疆大学出版社，2003年版。
余太山著：《两汉魏晋南北朝正史西域传研究》，中华书局，2003年汉文版。
余太山撰：《两汉魏晋南北朝正史西域传要注》，中华书局，2005年汉文版。
马塞北主编：《清实录穆斯林资料辑录》，宁夏人民出版社，1988年汉文版。
徐松著：《西域水道记》，中华书局，2005年汉文版。
奥里尔.斯坦因著：《斯坦因西域考古记》，新疆人民出版社，2010年汉文版。
穆舜英、张平主编：《楼兰文化研究论集》，新疆人民出版社，1995年汉文版。
马达正等整理：《新疆乡土志稿》，新疆人民出版社，2010年汉文版。
《新疆通志.文物志》，新疆人民出版社，2007年汉文版。
赵元杰等编著：《新疆罗布泊红柳沙包与环境研究》，科学出版社，2011年汉文版。
夏训诚主编：《中国罗布泊》，科学出版社，2007年汉文版。
胡春宏等著：《塔里木河干流河道演变与整治》，科学出版社，2005年汉文版。
《罗布泊科学考察与研究》，科学出版社，1987年汉文版。
钟兴麒等校注：《西域图志校注》，新疆人民出版社，2002年汉文版。
《新疆维吾尔自治区博物馆论文集》，新疆大学出版社，2005年汉文版。
《西域历史文化宝藏探研》，新疆人民出版社，2009年汉文版。
F.W.托玛斯编著：《敦煌西域古藏文社会历史文献》，民族出版社，2003年汉文版。
王尧、陈践编著：《吐蕃简牍综录》，文物出版社，1986年汉文版。
杨铭著：《唐代吐蕃与西域诸族关系研究》，黑龙江教育出版社，2005年汉文版。
李青著：《古楼兰鄯善艺术综论》，中华书局，2005年汉文版。
李青著：《丝绸之路楼兰艺术研究》，新疆人民出版社，2010年汉文版。
《钦定西域同文志》，吉林出版集团有限责任公司，2005年汉文版。
志费尼著：《世界征服者史》，江苏教育出版社，2005年汉文版。
《中日共同尼雅遗迹学术调查报告书(一)》，1996年版。
《新疆历史文明集粹》，新疆美术摄影出版社，2009年汉文版。
《新疆文物古遗迹大观》，新疆美术摄影出版社，1999年汉文版。
苏北海著：《西域历史地理(2)》，新疆大学出版社，2000年汉文版。
刘义棠著：《维吾尔研究》，中国台湾正中书局，1978年汉文版。
孟凡人著：《楼兰新史》，光明日报社、新西兰霍兰出版有限公司，1990年汉文版。
马文华著：《新疆教育史稿》，新疆大学出版社，1998年汉文版。

中国少数民族教育史编委会编：《中国少数民族教育史(1)》，广东教育出版社、云南教育出版社、广西教育出版社，1998 年汉文版。
钟广生等著：《新疆志稿》，中国台湾成文出版社，1968 年汉文版。
包文汉整理：《清朝藩部要略稿本》，黑龙江教育出版社，1997 年汉文版。
长白七十一春园著：《西域闻见录》，味经堂梓。
长白春园著：《新疆地图风土考》，中国台湾成文出版社，1968 年汉文版。
杨曾新著：《补过斋文牍》，中国台湾文海出版社，1965 年汉文版。
阚仲韩著：《新疆大记补编》(影印本)。
谢彬著：《新疆游记》，新疆人民出版社，1990 年汉文版。
陶爆廉著：《辛卯侍行记》，甘肃人民出版社，2002 年汉文版。
于维诚等编译：《【日本】新修中国通志.新疆卷》，新疆大学出版社，1994 年汉文版。
焉耆回族自治县地名委员会：《焉耆回族自治县地名图志》，1987 年汉文版。
若羌县地名委员会：《若羌县地名图志》，1990 年汉文版。
【著者不明】《回疆志》，中国台湾成文出版社乾隆年间抄本，1968 年影印。
苗普生著：《伯克制度》，新疆人民出版社，1995 年汉文版。
丘陵辑：《罗布淖尔资料汇辑》，新疆文物杂志社，1991 年汉文版。
白振声主编：《新疆现代政治社会史略》，中国社会科学出版社，1992 年汉文版。
周泓著：《民国新疆社会研究》，新疆大学出版社，2001 年汉文版。
若羌县人民政府：《神秘楼兰缤纷若羌》，2010 年汉文版。
《巴音郭林蒙古自治州文物普查数据》，《新疆文物》，1993 年汉文第一期。
中国社会科学院疆考古研究中心编：《新疆石器时代与青铜时代》，文物出版社，2008 年汉文版。
韩建业：《新疆的青铜时代和早期铁器时代文化》，文物出版社，2007 年汉文版。
李进新：《新疆宗教演变史》，新疆人民出版社，2005 年汉文版。
且末县政协：《且末文史资料》，第一辑，1999 年汉文版。
且末县政协：《且末文史资料》，第二辑，2008 年汉文版。
且末县地名委员会编：《且末县地名图志》，1988 年汉文版。
麦高文著：《中亚古国史》，中华书局，2004 年汉文版。
林干著：《匈奴史》，内蒙古人民出版社，2007 年汉文版。
岑仲勉著：《汉书西域传地理校释》，中华书局，1981 年汉文版。
岑仲勉著：《突厥集史》，中华书局，1958 年汉文版。
岑仲勉著：《西突厥史料补阙及考证》，中华书局，1958 年汉文版。
马利清著：《原匈奴、匈奴历史与文化的考古学探索》，内蒙古大学出版社，2005 年汉文版。
薛宗正辑注：《突厥稀见史料辑成》，新疆人民出版社，2005 年汉文版。
沙畹著：《西突厥史料》，中华书局，2004 年汉文版。
陈序经著：《匈奴史稿》，中国人民大学出版社，2007 年汉文版。
吴玉贵著：《第二突厥汗国汉文史料编年辑考》，中华书局，2009 年汉文版。
张星烺编注：《中西交通史料汇编》(1-4)，中华书局，2003 年汉文版。
余英时著：《汉代贸易与扩张》，上海古籍出版社，2005 年汉文版。
长泽和俊著：《丝绸之路史研究》，天津古籍出版社，1990 年汉文版。
刘文锁著：《沙海古卷释稿》，中华书局，2007 年汉文版。
林梅村著：《沙海古卷》，文物出版社，1988 年汉文版。

尹伟先著：《维吾尔族与藏族历史关系研究》，甘肃文化出版社，1999 年。
李符桐著：《回鹘史》，文丰出版社，1963 年汉文版。
张大军著：《新疆风暴七十年》，中国台湾兰溪出版社，1980 年汉文版。
冯家昇等编：《维吾尔族史料简编》，民族出版社，1981 年汉文版。
王冀青著：《斯坦因第四次中国考古日记考释》，甘肃教育出版社，2004 年汉文版。
普尔热瓦尔斯基著：《走向罗布泊》，新疆人民出版社，1999 年汉文版。
陈慧生、陈超著：《民国新疆史》，新疆人民出版社，1999 年汉文版。
斯文赫定著：《罗布泊探秘》，新疆人民出版社，1997 年汉文版。
斯文赫定著：《中亚探险八年(1927-1935)》，新疆人民出版社，1992 年汉文版。
斯文赫定著：《游移的湖》，新疆人民出版社，2000 年汉文版。
贝格曼著：《新疆考古记》，新疆人民出版社，1997 年汉文版。
韩翔、王炳华、张临华主编：《尼雅考古资料》，新疆社会科学院，1988 年汉文版。
斯文赫定著：《西极探险(从叶尔羌到藏北》，新疆人民出版社，2003 年汉文版。
阿尔伯特.赫尔曼著：《楼兰》，新疆人民出版社，2006 年汉文版。
奥雷尔.斯坦因著：《路径楼兰》、《从罗布沙漠到敦煌》、《踏勘尼雅遗迹》，广西师范大学出版社，2000 年汉文版。
《西域史论丛》(1)(2)(3)，新疆人民出版社，1985 、1990 年汉文版。
韩康信著：《丝绸之路古代居民种族人类学研究》，新疆人民出版社，1993 年汉文版。
亨廷顿著：《亚洲的脉搏》，新疆人民出版社，2001 年汉文版。
郭物著：《新疆史前晚期社会的考古学研究》，上海古籍出版社，2011 年汉文版。
中国科学院新疆分院罗布泊综合科学考察队编：《神秘的罗布泊》科学出版社 1985 年汉文版。
林梅村著：《西域文明》，东方出版社，1995 年汉文版。
杨建新主编：《西域行记选注》，宁夏人民出版社，1987 年汉文版。
吉瑞超著：《吉瑞超西行记》，新疆人民出版社，1999 年汉文版。
王炳华著：《沧桑楼兰》，浙江文艺出版社，2002 年汉文版。
韩建华著：《国民党政府的新疆政策研究》，民族出版社，2002 年汉文版。
奥雷尔.斯坦因著：《斯坦因中国探险手记》，春风文艺出版社，2004 年汉文版。
斯文赫定著：《从紫禁城到楼兰》，吉林出版集团有限责任公司，2009 年汉文版。
王炳华、胡文康著：《罗布泊》，新疆人民出版社，2000 年汉文版。
胡邦铸著：《罗布淖尔与土尔扈特研究》，新疆人民出版社，2009 年汉文版。
奥雷尔.斯坦因著：《沿着古代中亚的道路》，广西师范大学出版社，2008 年汉文版。
孟凡人著：《新疆考古论集》，兰州大学出版社，2010 年汉文版。
王炳华著：《西域考古历史论集》，中国人民大学出版社，2008 年汉文版。
许建英、何汉民版译：《中亚佛教艺术》，新疆美术摄影出版社，1992 年汉文版。
马达正等主编：《西域考察与研究》，新疆人民出版社，1994 年汉文版。
新疆社会科学院考古研究所编：《新疆考古三十年》，新疆人民出版社，1983 年汉文版。
佐口 透著：《新疆民族史研究》，新疆人民出版社，1993 年汉文版。
杨廉著：《最后的罗布人》，中共中央党校出版社，1999 年汉文版。
高士杰：《维吾尔语方言与方言调查》，中央民族在学出版社，1994 年汉文版。

若羌县志编纂委员会编：《若羌县志》，新疆大学出版社，1992 年汉文版。
《中国民间歌曲集成.甘肃卷.裕固、东乡、保安、撒拉、土族分卷》，甘肃省民族音乐集成编辑办公室油印本，感谢真诚的好友，裕固族史学家、作家铁穆尔先生提供资料。
铁穆尔著：《裕固族尧熬尔千年史》，民族出版社，1999 年汉文版。
钟进文主编《中国裕固族研究集成》民族出版社 2002 年汉文版
王治来译注：《世界境域志》，新疆社会科学院中亚研究所，1983 年汉译征求意见稿、上海古籍出版社，2010 年汉文版。
米尔扎.马黑麻.海答尔著：《中亚蒙兀儿史—拉失德史》，新疆人民出版社，1985 年汉文版。
冯承钧译：《马可波罗行纪》，内蒙古人民出版社，2005 年汉文版。
马克.奥雷尔.斯坦因著：《沙埋和田废墟记》，新疆美术摄影出版社，1994 年汉文版。
纪昀著：《钦定河源纪略》，影印本。
帮瓦洛特著：《勇闯无人区》，新疆人民出版社，2001 年汉文版。
贝格曼著：《考古探险手记》，新疆人民出版社，2000 年汉文版。
祁韵士撰：《西陲要略》，中国台湾商务印书馆，1966 年汉文版。
黄盛璋著：《中外交通与交流史研究》，安徽教育出版社，2002 年汉文版。
阿西木、米海力、宋正纯著：《维吾尔语罗布话研究》，中央民族大学出版社，2000 年汉文版。
新疆大学等编：《干旱区新疆第四纪研究论文集》，新疆人民出版社，1985 年汉文版。
奚国金著：《罗布泊之谜》，中共中央党校出版社，1999 年汉文版。
许海生主编：《新疆古代民族文化论集》，新疆大学出版社，1990 年汉文版。
佐口 透著：《18—19 世纪新疆社会史研究》，新疆人民出版社 1983 年汉文版。
《巴音郭楞蒙古自治州志》，当代中国出版社，1994 年汉文版。
侯灿著：《高昌楼兰研究论集》，新疆人民出版社，1990 年汉文版。
《新疆历史词典》，新疆人民出版社，1994 年汉文版。
于维诚著：《新疆建制沿革与地名研究》，新疆人民出版社，1986 年汉文版。
穆舜英著：《神秘的楼兰》，新疆美术摄影出版社，1987 年汉文版。
程其畴著：《塔里木河研究》，河海大学出版社，1993 年汉文版。
黄文弼著:《罗布淖尔考古记》，国立北平研究院史学研究所，1948 年汉文版。
黄文弼著:《西北史地论丛》，上海人民出版社，1981 年汉文版。
李之勤编:《西域史地三种资料校注》，新疆人民出版社，2012 年汉文版。
王北辰著：《王北辰西北历史地理论文集》，学苑出版社，2000 年汉文版。